مۇھەممەد يۇسۇپ

# دىن ۋە ھايات
## (2000 سوئالغا جاۋاب)

ⓒ **محمد يوسف تورسون، ١٤٣٠هـ**

*فهرسة مكتبة الملك فهد الوطنية أثناء النشر*

تورسون، محمد يوسف
الدين والحياة في جواب ٢٠٠٠ سؤال... / محمد يوسف تورسون. ـ الرياض، ١٤٣٠هـ

..ص؛..سم

ردمك: ٢-٢٦٦٩-٠٠-٦٠٣-٩٧٨

(النص باللغة الايغورية)

١ـ الاسلام ٢ـ العقيدة الاسلامية ٣ـ التوحيد أ. العنوان
ديوي ٢١٠ ١٤٣٠/٣٥٣١

**رقم الايداع**: ١٤٣٠/٣٥٣١
**ردمك**: ٢-٢٦٦٩-٠٠-٦٠٣-٩٧٨

بۇ ئەسەرىمنى مېنى ۋە قېرىنداشلىرىمنى ياخشى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش يولىدا بارلىقىنى ئاتىغان ۋە پەرزەنت پىراقىدا يۈرىكى داغلىنىۋاتقان كۆيۈمچان ۋە پىداكار دادام مۇھەممەد تۇرسۇن ھاجىمغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمەن.

-ئاپتور

# الدين والحياة

في جواب ٢٠٠٠سؤال عن العقيدة والعبادة والأخلاق والسيرة والمعاملات والحلال والحرام والقرآن والسنة والعلوم الإسلامية ومعجزة القرآن والأماكن المقدسة والرد على الإلحاد والشبهات ونماذج عن الدولة الإسلامية والخلافة الإسلامية

تأليف: **محمد يوسف محمد تورسون**

**الطبعة الثانية**

**المنقحة المزيدة**

# دىن ۋە ھايات
# (2000سوئالغا جاۋاب)

ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەكلەر، مۇئامىلە، ھالال ـھارام، قۇرئان ۋە سۈننەت، ئىسلامىي ئىلىملەر، قۇرئان مۆجىزىسى، ئىسلامدىكى مۇقەددەس جايلار، شەك ـ شۈبھىلەرگە رەددىيە، ئاتېئىزم ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقى، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام خەلىپىلىكلىرى ھەققىدە

ئاپتورى

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ئىككىنچى قېتىملىق نەشرى

(تولۇقلانغان ۋە قايتا تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى)

# بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

بارچە مەدھىيە ۋە ئەڭ مۇكەممەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختايمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى "دىن ۋە ھايات (2000 سوئالغا جاۋاب)" ناملىق بۇ ئەسەر ئىلگىرى نەشر قىلىنغان "دىن ۋە ھايات (1600سوئالغا جاۋاب)" دېگەن ئەسەرنىڭ تولۇقلانغان ۋە قايتا تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى بولۇپ، بۇنىڭغا بىر قانچە يېڭى ماۋزۇلارنى كىرگۈزدۈم، قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ھەققىدىكى بايانلارنى، شۇنداقلا ئەخلاق بۆلۈمىنى تولۇقلىدىم.

كىتابىمىنىڭ بىرىنچى نەشرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە بۇ كىتاب ھەققىدىكى تەلەبنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى مېنى تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىشكە ۋە تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى يېزىشقا قىزىقتۇردى.

بۇ ئەسەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىگە ئامىباپ، چۈشىنىشلىك ھەم ئىخچام قىلىپ ھازىرلاندى. بۇ كىتاب سىزنىڭ ئىسلام دىنىنى ئەڭ قىسقا يول بىلەن ئەڭ توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك سىزنى دىن ۋە ھايات مەسىلىلىرى ھەققىدە كۆپلىگە قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كىتاب 13 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلىشى مۇنداق بولدى:

بىرىنچى بۆلۈم: ئېتىقاد

ئىككىنچى بۆلۈم: ئىبادەت

ئۈچىنچى بۆلۈم: ئەخلاق

تۆتىنچى بۆلۈم: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەكلەر

بەشىنچى بۆلۈم: مۇئامىلە

ئالتىنچى بۆلۈم: ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار
يەتتىنچى بۆلۈم: قۇرئان ۋە سۈننەت
سەككىزىنچى بۆلۈم: ئىسلامىي بىلىملەر
توققۇزىنچى بۆلۈم: قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى
ئونىنچى بۆلۈم: ئىسلامدىكى مۇقەددەس جايلار
ئون بىرىنچى بۆلۈم: ئاتېئىزم ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقى
ئون ئىككىنچى بۆلۈم: شەك-شۈبھىلەرگە رەددىيە
ئون ئۈچىنچى بۆلۈم: ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام خەلىپىلىكلىرى

كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بۆلۈملىرى ئاساسەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە مۇناسىپ شەكىلدە ھازىرلانغانلىقتىن، سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى ئىخچام بولۇپ، مەسىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى بېرىلمىدى ۋە تەپسىلاتلىرىغا كىرىلمىدى. ئەمما كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرى ئومۇمەن چوڭلارغا مۇناسىپرەك بولغانلىقتىن، جاۋابلار بىر ئاز كېڭەيتىپ بېرىلدى ۋە مەسىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى ئىمكان قەدەر تولۇق بېرىلدى.

فىقھى مەسىلىلەردە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبى ئاساس قىلىنىپ، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھەممە بىرلىككە كېلىنگەن ئىختىلاپسىز مەسىلىلىرى تاللاپ ئېلىندى. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ رەيى قانائەتلىك بولمىغان قىسمەن مەسىلىلەردە باشقا مەزھەبلەرنىڭ كۈچلۈك قاراشلىرى تاللاپ ئېلىندى.

ئىمان بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى بىرى- بىرىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان مۇستەھكەم باغلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، كىتابىمىدا، ئەخلاققا ئالاھىدە كەڭ ئورۇن بەردىم. ھەقىقىي دىندارلىقنىڭ ۋە تەلەبكە لايىق مۇسۇلمانلىقنىڭ پەقەت ساغلام ئېتىقاد ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئەخلاقنىڭ مەرتىبىسى ئىمان بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى، تەلەبكە لايىق قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ چوقۇم ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلالايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بەزى دىندارلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلار ئۇلار قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ نەپسىنى پاكلاش ۋە روھنى يۈكسەلدۈرۈش، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت مېۋىسىنى بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

چۈنكى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە باش كۆتۈرگەن ئەڭ چوڭ كىرىزىس دىيانەت بىلەن ئەخلاق ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلىيالماسلىق، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى كىشىلەرنىڭ شەكلىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئەخلاقىي تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئەدەب-ئەخلاق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىبادەت مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىدىن

ئىبارەت بولغان كىرىزىستۇر.

بۇ ئەسەرنى ھازىرلاش ئۈزۈن مۇددەتلىك قېيىن ۋە جاپالىق ئەمگەك بولدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمغا مەنپەئەتلىك، چۈشىنىشلىك ۋە تولۇق بىر ئەسەر بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم، ئەڭ ئىلغار ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپسىز پىكىرلەر بىلەن بېيىتتىم. دوستلىرىمنىڭ، كەسىپداشلىرىمنىڭ پىكىرلىرىنى ئالدىم ۋە ئاخىرقى نۇسخىنى ئۇلار كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇقىملاشتۇردۇم.

بۇ ئەسەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش ئىشىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، پاكىستان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا، شۇنداقلا مىسىر ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، يۇقىرىسى دوكتورلۇقتىن باشلاپ تۆۋىنى باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئالغان ياش ئالىملار ئۇستىگە ئالغان ئىدى.

دېمەكچىكى، بۇ ئەسەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن ئىسلام پرىنسىپىغا، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئوقۇرمەنلەرنى بۇ جەھەتتە خاتىرجەم قىلىشنى خالايمەن.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر ياش ئالىملارغا، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنى يېزىشىمدا ماڭا قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن دوستۇم ۋە ساۋاقدىشىم – ئەزھەرىي دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە بىر نۇسخىدىن بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جانابى ئاللاھتىن بۇ ئاددى ئەمگىكىمنى قوبۇل قىلىشنى سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ھىجرىيە1431-يىلى 6- ئاينىڭ21-كۈنى

مىلادىيە 2010-يىلى 6-ئاينىڭ4- كۈنى

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە ........ 9
دىن ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 47
ئىنسان ۋە دىن ........ 47
دىنىي ئاڭ ئىنسانلار بىلەن بىرگە يارىتىلغان ........ 48
ئاللاھنىڭ دىنى ئەزەلدىن بىردۇر ........ 48
دۇنيادا ھەق دىن بىردۇر ........ 49
ئاللاھنىڭ دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئورتاق دىن ........ 49
دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر ........ 50
ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىدىن باشقۇرىلىدۇ ........ 50
ئىلىم ـ پەن دىنىنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ ........ 51
ئىسلام دىنى ........ 51
ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 53
دىن ۋە دىنلارنىڭ تۈرلىرى ........ 53
ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ غايىسى ........ 55
ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ........ 55
ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 56
ئەخلاق، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھمىيىتى ........ 56
كەلىمە تەييىبە ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ........ 57
ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ........ 57
ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار ........ 58
ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ........ 61
ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ........ 61
ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ........ 62
ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ........ 63
ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر ........ 65
ئاللاھنى قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن تونۇش ........ 69
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ........ 86

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ..................... 87
ئاللاھنىڭ زاتىي سۈپەتلىرى ..................... 88
ئاللاھ تائالانى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ ..................... 90
روھىي ئالەملەر ..................... 91
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 92
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ..................... 92
پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى ..................... 93
جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ..................... 94
شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ..................... 95
ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 98
ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلار ..................... 98
ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ..................... 100
قۇرئان كەرىم ..................... 100
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 103
پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ..................... 103
پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى ..................... 104
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ..................... 105
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ..................... 106
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 109
قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى ..................... 109
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ..................... 111
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى ..................... 112
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى ..................... 113
ھىدايەت ۋە زالالەت ..................... 114
تەۋەككۇل ۋە ئۇنىڭ شەرتى ..................... 116
قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار ..................... 116
ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار ..................... 118
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 120
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككى ھەقىقەت ..................... 120
قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ..................... 121
قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ..................... 124
قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى ..................... 125
بەرزەخ ئالەمى ..................... 126
قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى ..................... 126

قىيامەت كۈندە بولىدىغان ئىشلار ........................................ 128
جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈكى........................................ 132
ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........................................ 137
ئىبادەت روھىنىڭ غىزاسىدۇر ........................................ 138
ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر........................................ 139
ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرى........................................ 139
ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپى ........................................ 140
ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللار ........................................ 140
ئىبادەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىشلار........................................ 141
ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى ........................................ 142
ئىبادەت قىلىش يوللىرى ........................................ 143
بالىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ........................................ 145
شەرىئەت ئىستىلاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى ........................................ 146
پەرز ........................................ 146
ۋاجىب ........................................ 147
سۈننەت........................................ 148
ھارام ........................................ 149
مەكرۇھ تەھرىمى........................................ 149
مەكرۇھ تەنزىھى........................................ 149
مۇباھ........................................ 150
مۇباھ ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتىشى........................................ 150
پاكىزلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر........................................ 152
پاكلىنىشقا بولىدىغان سۇلارنىڭ تۈرلىرى ........................................ 153
شۈبھىلىك سۇلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر ........................................ 154
ئىستىنجا ۋە ئىستىبرا ھەققىدىكى مەسىلىلەر........................................ 155
ھاجەتخانىغا كىرىش ۋە چىقىش ئەدەپلىرى ........................................ 156
نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە پاكلىنىش ئۇسۇلى........................................ 157
سپېرما ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر........................................ 159
سپېرما يۇقۇپ قالغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش مەسىلىسى........................................ 161
ھايۋانلارنىڭ سپېرمىسى ........................................ 161
تاھارەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر........................................ 162
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ۋە سۈننەتلىرى ........................................ 162
تاھارەت ئېلىشنىڭ قائىدە- تەرتىپى ........................................ 163
مىسۋاك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى........................................ 164

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار ........................................ 165
تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار ........................................ 165
ئاياق ياكى پايپاققا مەسھى قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................ 167
مەسھى قىلىش ئۇسۇلى ........................................ 168
مەسھىنىڭ مۇددىتى ........................................ 168
مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار ........................................ 168
مەسھىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ........................................ 169
ئاياللارغا خاس ھالەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھكاملىرى ........................ 170
ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالىتى ........................................ 170
ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى ........................................ 170
ئاياللارنىڭ ئۆزرۈرلۈك ھالىتى ........................................ 171
تاھارەتسىز ۋە جۇنۇپ كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار ........................ 171
غۇسلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 173
غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئىشلار ........................................ 173
غۇسلىنىڭ تۈرلىرى ........................................ 173
غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى ........................................ 174
غۇسلى قىلىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپى ........................................ 175
تەيەممۇم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 176
تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر ........................................ 176
تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ۋە سۈننەتلىرى ........................................ 177
تەيەممۇم قىلىشنىڭ قائىدە-تەرتىپى ........................................ 177
تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار ........................................ 178
ناماز ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ........................................ 179
نامازنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىسلامدىكى ئورنى ........................................ 179
نامازنىڭ تەلەپكە لايىق ئوقۇلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................ 180
ئەقلىنىڭ ئەمەللىرى ........................................ 180
قەلبىنىڭ ئەمەللىرى ........................................ 181
ھېسسى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى ........................................ 181
تاشقى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى ........................................ 181
«خۇشۇئ» نامازنىڭ جېنىدۇر ........................................ 182
«خۇشۇئ» نىڭ ھۆكمى ........................................ 182
«خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى ........................................ 183
«خۇشۇئ» غا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار ........................................ 185
ئىسلام دىنىدىكى نامازلارنىڭ تۈرلىرى ........................................ 188

بەش ۋاخ نامازنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى ........................ 189
نامازنىڭ شەرتلىرى ........................................................................ 191
بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ........................................................... 191
ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار .................................................. 192
ئەزان ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ............................................................. 194
ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى ............................................................. 195
تەكبىر ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ........................................................... 196
ئەۋرەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى .................................................... 198
ئەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگرىسى ....................................... 198
ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگرىسى ..................................... 198
ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرى . 198
ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى ............................ 199
ئايالنىڭ دىنداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى ................ 200
قىبلە ۋە نىيەت توغرۇلۇق مەسىلىلەر ................................................... 201
قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى.................................................... 201
نىيەت توغرۇلۇق مەسىلىلەر .............................................................. 202
بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرى ........................................................ 202
نامازنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى ................................................. 204
نامازنىڭ پەرزلىرى ........................................................................ 204
نامازنىڭ ۋاجىبلىرى ...................................................................... 205
نامازنىڭ سۈننەتلىرى...................................................................... 206
ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى.................................................... 209
بامدات نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ........................................................... 209
پېشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى............................................................. 213
ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ............................................................. 214
شام نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى................................................................. 214
خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ........................................................... 215
ۋىتىر نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى ...................................................... 215
نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار .................................................... 216
نامازدىكى مەكرۇھلار ۋە نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار.................................... 219
نامازغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................................ 223
نامازنى توختىتىش ياكى كېچىكتۈرۈشنى ۋاجىب ياكى جائىز قىلىدىغان ئىشلار ......... 223
نامازدا ئىككىلىنىپ قېلىش ............................................................... 224
سەجدە سەھۋى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ................................................. 225

سەجدە سەھۋى قىلىشنى ۋاجىب قىلىدىغان ئەھۋاللار ............................ 225
سەجدە سەھۋىنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى ............................................ 226
سەجدە سەھۋىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 226
سۈتر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر.......................................... 226
تىلاۋەت سەجدىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى .......................................... 228
تىلاۋەت سەجدىسىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر ................................ 228
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى ........................................ 228
تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .................................. 229
قازا نامازلارغا ئائىت مەسىلىلەر.................................................... 231
قازا نامازلارنى ئوقۇش تەرتىپى ....................................................... 231
قازاسى ئوقۇلىدىغان نامازلار........................................................... 232
نامازنىڭ كاپارىتى يوق.................................................................. 233
نامازلارنى جەمئىي قىلىپ ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...................... 234
قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەسىلىسى................................. 236
نامازنىڭ تۈرلىرى ......................................................................... 237
جامائەت نامىزى .......................................................................... 238
مەسجىدكە بېرىشنىڭ ئەدەبلىرى .................................................... 238
ئىماملىق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى........................................................ 239
ئىماغا ئەگىشىشنىڭ شەرتلىرى ...................................................... 241
جامائەت سېپى ۋە جامائەتكە ئۇلگۈرۈش مەسىلىسى ............................... 241
جامائەت بىلەن ئىمامنىڭ ئىشلىرى .................................................. 243
جۈمە نامىزى.............................................................................. 245
جۈمە نامىزى ۋە ئۇنى ئادا قىلىش قائىدىلىرى...................................... 245
جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى..................................... 246
خۇتبە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ....................................... 246
جۈمە كۈنىدىكى سۈننەت ئەمەللەر ................................................... 247
جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى .......................................... 248
يولۇچىلار نامىزى ........................................................................ 249
يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر ......................................................... 249
مۇقىمنىڭ يولۇچىلىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى............................. 250
يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى............................. 251
ئىككى ھېيت نامازلىرى................................................................. 252
ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى............................................................... 252
ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتى.............................................. 252

تەشرىق تەكبىرلىرى ........................................................ 253
ھېيت نامازلىرىغا بېرىشتىكى سۈننەت ئەمەللەر ....................... 253
تەراۋىھ نامىزى ............................................................. 255
تەراۋىھ نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ................................ 255
كېسەل كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيىتى..................................... 257
ئىما ـ ئىشارەت............................................................ 257
ئىستىسقا، كۇسۇف، خۇسۇف ۋە قورقۇنچ نامازلىرى ......................... 259
ئىستىسقا نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى ...................................... 259
كۇسۇف نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى.......................................... 259
قورقۇنچ نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى ....................................... 259
مۇستەھەب نامازلار ......................................................... 261
تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ................................................. 261
چاشگاھ نامىزى ........................................................... 261
تەھەججۇد (كېچە) نامىزى ................................................... 262
تاۋاپ نامىزى.............................................................. 262
نەپلە نامازلار............................................................. 264
تەۋبە نامىزى............................................................... 264
ئىستىخارە نامىزى .......................................................... 265
ھاجەت نامىزى.............................................................. 266
ئەۋۋابىين نامىزى .......................................................... 267
جىنازا نامىزى .............................................................. 268
نامىزى ئوقۇلمايدىغانلار ....................................................... 268
جىنازا نامىزى ئوقۇلۇشىنىڭ شەرتلىرى ....................................... 268
جىنازا نامىزىنىڭ پەرز ۋە ۋاجىبلىرى ........................................ 269
جىنازا نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئوقۇش كەيپىيتى ........................ 269
جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........................................ 270
سەكەراتقا چۈشكەن ئادەم ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار ........................ 270
مېيتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال قىلىدىغان ئىشلار ........................ 271
كېپەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى.................................................. 272
مېيتنى كېپەنلەش ئۇسۇلى.................................................... 273
مېيتنى دەپنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ قائىدىسى .................................. 273
قەبرە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ............................... 274
شېھىد ۋە ئۇنى يەرلەش ئۇسۇلى............................................. 276
زاكات ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى................................................ 277

زاكاتنىڭ مەنىسى ........................................................... 277
زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى.................................................. 277
زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى ....................................................... 278
زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى .............................................. 278
ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ماھىيىتى .............................................. 279
ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى ............................................. 280
ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى............................................... 280
زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى .................................................... 281
بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق نىجات تاپالمايدۇ...................................... 282
مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەمسۆيەرلىك بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ............................ 282
زاكات پەرز بولىدىغان كىشىلەر ۋە زاكات ئۆلچىمى .................................... 283
زاكات كېلىدىغان ماللار........................................................... 284
نەق پۇلنىڭ زاكىتى ............................................................. 284
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى........................................................ 284
چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى ......................................................... 284
ئاشلىق ۋە زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى.................................................... 285
يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى .................................................... 286
شىركەت ھەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى................................................. 286
زاكات كەلمەيدىغا نەرسىلەر ...................................................... 286
زاكات بېرىشنىڭ ۋاقتى .......................................................... 287
زاكات بېرىلىدىغانلار ............................................................ 287
زاكات بېرىلمەيدىغانلار........................................................... 288
زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار .......................................... 289
روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ....................................................... 293
روزا تۇتۇشى پەرز بولغانلار ....................................................... 293
روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار ........................................................ 293
روزىنىڭ كاپارىتى................................................................ 294
روزىنىڭ قازاسى.................................................................. 294
روزىنىڭ تۈرلىرى ................................................................ 295
رامىزان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلىقى ....................................................... 296
رامىزان ئېيىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلار .......................................... 297
روزا تۇتماسلىقتا رۇخسەت قىلىنغانلار .............................................. 297
روزىنىڭ فىدىيەسى ............................................................. 297
فىتىر سەدىقىسى (سەدەقايى پىترى) ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى............................ 299

فىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋاجىب بولغانلار ........ 299
فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش ۋاقتى ........ 299
فىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار ........ 299
ئېتىكاپ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ........ 301
ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرى ........ 301
روزىغا مۇناسىۋەتلىك سوئال-جاۋابلار ........ 302
ھەج ۋە ئۆمرە ........ 305
ھەج پەرز بولىدىغان كىشىلەر ........ 305
ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ........ 305
ھەجنىڭ تۈرلىرى ........ 306
ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى ........ 307
ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلار ........ 308
چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ جازاسى ۋە مىقدارى ........ 309
ئېھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار ........ 311
ھەج ۋە ئۆمرىدە ئاياللارغا خاس ئەھكاملار ........ 311
ھەج پائالىيىتىنىڭ تەرتىپى ........ 312
ئۆمرە ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ........ 315
قۇربانلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 316
قۇربانلىقنىڭ تۈرلىرى ........ 316
قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتى ........ 316
قۇربانلىقنىڭ گۆشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 317
ساۋاب ۋە گۇناھقا مۇناسىۋەتلىك سوئال-جاۋابلار ........ 319
ساۋابلىق ئىشلارنىڭ تۈرلىرى ........ 319
ساۋاب بولىدىغان ئىشلار ........ 320
گۇناھ ۋە گۇناھنىڭ تۈرلىرى ........ 321
گۇناھ سانالغان ئىشلار ........ 322
ئەخلاق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 325
ئەخلاق ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 326
ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ........ 326
ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك ........ 331
شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى ........ 336
ئىنسانلار جەمئىيىتى گۈزەل ئەخلاقلارغا ھەمىشە مۇھتاج ........ 341
نەپس ۋە روھ ........ 343
نەپس ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 343

نەپستە بولىدىغان تۆرتكىلەر ........ 345
نەپسىنىڭ تەلەپلىرى........ 346
روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 346
نەپسنى پاكلاشنىڭ چارىلىرى ........ 348
ئىچى گۆزەل بولمىغانلارنىڭ تاشقى گۆزەللىكى پايدىسىز........ 348
ئاللاھ تائالا قەلبتىكىلەرگە قارايدۇ ........ 349
كىشىلەرنى گۆزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىشنىڭ سىرى........ 351
بىراۋنىڭ ئەخلاقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان ئۇنىڭ ئائىلىسىدۇر ........ 352
ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلار ........ 357
بىرىنچى پرىنسىپ........ 357
ئىككىنچى پرىنسىپ ........ 357
ئۈچىنچى پرىنسىپ........ 358
خۇلق بىلەن ئەدەبنىڭ پەرقى........ 359
تاشقى قىياپەت ئىچكى گۆزەللىكنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ ........ 361
ھېكمەت، گۆزەل ئەخلاق ۋە ئەقىل ........ 362
ئەخلاقنىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىگە ئومۇملىقى ........ 364
ئەخلاقنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرى ........ 366
ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتتى ئېتىبارى بىلەن تۈرلىنىشى ........ 368
ھۆررىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى........ 371
ئىنساننىڭ قۇدرىتى چەكلىك........ 373
ھەق-ھوقۇقلار ........ 375
شەخسىي ھەق-ھوقۇقلار........ 375
كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەق-ھوقۇقلار ........ 375
ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى ........ 376
شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى........ 377
بىرىنچى ھەقىقەت ........ 377
ئىككىنچى ھەقىقەت ........ 378
ئۈچىنچى ھەقىقەت ........ 379
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىنىي چارىسى ........ 379
تەۋبە-ئىستىغفارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى ........ 380
تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق........ 383
تەبىئىي ئەخلاقمۇ بىر خىل ئەمەس ........ 384
ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆگىنىش قابىلىيىتى ........ 385
ئەخلاقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى تەربىيە........ 387

گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرى........ 389
بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ........ 396
دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز........ 396
ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز ........ 397
ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز........ 398
ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز........ 398
تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز ........ 399
گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى ........ 399
گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار........ 401
يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر........ 402
سۆيگۈ ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ........ 403
تەبىئەت سۆيگۈسى........ 407
ھەقىقەتنى سۆيۈش ........ 409
ئادالەت ........ 414
ئېھسان ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ........ 418
ئېھساننىڭ مەنىسى ........ 418
قىزلارغا ئېھسان قىلىش........ 422
رەھىم ـ شەپقەت........ 426
راستچىللىق........ 440
راستچىللىقنىڭ تۈرلىرى ........ 442
ئامانەت........ 446
كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كىچىك سانالغان چوڭ ئامانەتلەر ........ 449
ۋاپادارلىق........ 456
شەرم ـ ھايا ........ 465
سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق ........ 470
مەنىۋى بايلىق ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتتۇر ........ 473
ئەدەبلىك سۆزلەش گۈزەل ئەخلاقتۇر........ 475
مۇنازىرىلىشىشتىكى ئەدەب- ئەخلاق ........ 477
كەڭ قورساق بولۇش ........ 479
ئەپۇچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر ........ 481
ئىناقلىق........ 483
ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆمۈرنى قەدىرلىگەنلىكتۇر ........ 484
ئالىي ھىممەت ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئەھمىيىتى ........ 486
ھىممەتنى كۆتىرىشنىڭ چارىلىرى ........ 487

ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ........................................ 488
ئۇمىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى رولى........................................................ 489
پاكىزلىق.................................................................................. 491
ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىق ئادەتلىرى......................................................... 492
مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىت ئاسراش مەدەنىيىتى ........................................ 494
ئۇيغۇرلاردىكى مۇھىت ئاسراش مەدەنىيىتى ........................................ 494
ئىخلاس گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر ............................................... 496
كەمتەرلىك .............................................................................. 498
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆرنەكلەر............................ 499
پىداكارلىق ............................................................................. 502
مەردلىك ۋە بېخىللىق................................................................... 504
ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى...................................................... 509
كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ــ ئەخلاق قائىدىلىرى.............................. 511
سورۇن ۋە سورۇنداشلادا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ ــ ئەخلاقلار ..................... 513
داستىخاندىكى ئەدەپ ــ قائىدىلەر ....................................................... 515
ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ــ ئەخلاق قائىدىلىرى...................................... 516
چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەبلىرى ................................................. 518
ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەب ــ ئەخلاقلار.................................... 519
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەر.................................. 526
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ..................... 535
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ................. 536
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى ........ 536
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنى سۆيۈشنىڭ يولى................ 537
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش دىنىنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ يولى ....... 539
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلمەسلىكى چوڭ يېتەرسىزلىك.......... 539
ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت............................................................ 541
ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ..................................... 541
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بالىلىق دەۋرى ..................... 543
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە مەككە دەۋرى ....................... 546
ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىشى............................................................ 547
مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەششىستانغا قىلغان ھىجرىتى ...................................... 548
مۇشرىكلارنىڭ مۇھاسىرىسى ............................................................ 548
قايغۇلۇق يىل ........................................................................... 549

ئىسرا ـ مىراج .................................................. 549
ئەقەبە بەيئەتلىرى .................................................. 550
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى .................................................. 551
ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەدىنە دەۋرى .................................................. 553
مەسجىدى نەبەۋى .................................................. 553
تۇنجى ئىسلام دۆلىتى ۋە گىرەۋدانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى .................................................. 554
مەدىنە دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى .................................................. 554
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى .................................................. 556
ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ماۋزۇسىدىكى پرىنسىپى .................................................. 556
ئىسلام تارىخىدىكى چوڭ كۆلەملىك تۇنجى ئۇرۇش بەدىر ئۇرۇشى .................................................. 557
ئوھۇد ئۇرۇشى .................................................. 558
خەندەك ئۇرۇشى .................................................. 559
ھۇدەيبىيە كېلىشىمى .................................................. 559
ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى .................................................. 560
ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلىشى .................................................. 561
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى زىيارەت قىلىشى .................................................. 561
مۇئتە ئۇرۇشى .................................................. 561
مەككىنىڭ ئازات قىلىنىشى .................................................. 562
تەبۇك ئۇرۇشى .................................................. 563
ھۇنەين ئۇرۇشى .................................................. 564
ۋىدالىشىش ھەججى .................................................. 564
ۋىدا خۇتبىسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى .................................................. 564
ۋىدا خۇتبىسىدىن كېيىنلا چۈشكەن ئايەت .................................................. 565
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى .................................................. 566
خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ باشلىنىشى .................................................. 566
مۇئامىلە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە .................................................. 571
دىن ـ مۇئامىلىدۇر .................................................. 573
مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .................................................. 576
مۇئامىلە پرىنسىپى .................................................. 577
ئائىلە ھاياتىدىكى ئىسلام پرىنسىپلىرى .................................................. 578
ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى .................................................. 579
ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى .................................................. 581
ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلەر ھەققىدىكى ئىسلام پرىنسىپى .................................................. 583
ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرى .................................................. 584

ئەقىقە تويغۇزۇلۇق مەسىلىلەر ........................................ 588
ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ۋە خەتنە تويى ھەققىدىكى مەسىلىلەر.......................... 589
خەتنە تويى قىلىش مىللىي ۋە دىنىي ئېسىل ئادەتتۇر...................................... 591
ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قارىتا مۇئامىلىسى ........................................... 591
بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ........................................ 594
تۇغقانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى...................................................... 599
قوشنىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر........................................................ 600
قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى....................................................... 600
خىزمەتداشلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى.................................................. 601
دوستلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى ........................................................ 602
دوستلۇق تۈرلىرى............................................................................. 602
ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى ...................................................... 605
ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى...................................................... 608
ئېلىم ـ سېتىم مۇئامىلىلىرى.................................................................. 610
ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپى.............................................. 612
ئېلىپ- سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەر ........................................................ 613
جازانە ۋە ئۇنىڭ چەكلىنىش سەۋەبى......................................................... 613
سودا ـسېتىق ئىشلىرىدا ئىسلام پرىنسىپى................................................... 615
ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشنىڭ شەرتى ........................................................... 621
نېسى مۇئامىلىدە ئىسلام پرىنسىپى .......................................................... 622
مۇزارەبەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................... 622
مۇزارەبەت كېلىشىمىگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى ............................................ 622
مۇزارەبەت مۇئامىلىسىدە شېرىكلەرنى تاللاش پرىنسىپى .................................. 623
مۇزارەبەت مۇئامىلىسىدە چىققان زىياننىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى......................... 624
مۇزارەبەتتە پايدا نىسبىتىنىڭ بەلگىلىنىشى ................................................. 625
مۇزارەبەت شېرىكچىلىكىنىڭ شەرتلىرى .................................................... 626
پۇل ئىگىسىنىڭ بەزى شەرتلەرنى بەلگىلەش ھەققى ...................................... 626
پۇل ئىگىسى قويالمايدىغان شەرتلەر ....................................................... 627
مۇزارەبەت كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................................................ 627
مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىش مەسىلىسى........................................................... 628
سۇغۇرتا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر............................................... 630
تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ ھارام بولىشىنىڭ سەۋەبلىرى ................................... 630
سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ....................................................................... 631
سۇغۇرتىغا قاتنىششنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر ...................................... 632

ھەمكارلىق سۇغۇرتا ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى 633
ئىسلامىي سۇغۇرتا بىلەن تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ پەرقى 634
ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان بەزى مۇشكىلىلەرگە جاۋاب 636
جىھاد ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى 641
جىھادنىڭ پەرز ئەينىغا ئۆزگىرىشى 642
جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى 642
ئىسلامىي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى 643
“جىھاد” سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى 644
يولسىز ئۇرۇشلار جىھاد ئەمەس 645
غەنىمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر 646
تۇرمۇش قۇرۇش 647
ئائىلە قۇرۇش چوڭ نېمەت 647
ئائىلە قۇرۇش بىر مۆجىزە 647
ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى 648
تۇرمۇش قۇرغۇچىلارنىڭ بىر- بىرىنى تاللاش پرىنسىپى 648
مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى 649
ئىشق ۋە كۈنلەش 651
ئېپپەت-نومۇس ۋە ئۇنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئامىللار 653
ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش 655
ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى 656
نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار 658
مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئايالار 658
نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئايالار 658
ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئايالار 659
ئېمىلدەش بولۇشنىڭ شەرتلىرى 660
سۈتنى ئېمىش كەيپىيىتى 660
ئېمىش مىقدارى 660
ئېمىشنىڭ ۋاقتى 661
قۇدا - باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئايالار 662
مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئايالار 663
سۆز سالدۇرۇش ۋە نىشانلىنىش 664
نىكاھنى ئېلان قىلىش 665
نىكاھ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر 666
نىكاھ بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىشلار 670

مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى ........ 671
ئايالنىڭ كىيىنىشى ۋە سەپەر قىلىشىدىكى بەلگىلىمىلەر ........ 672
مەھرىمى يوق ئايالنىڭ سەپەرگە چىقىش مەسىلىسى ........ 673
ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەسىلىسى ........ 673
ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشى ........ 675
ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ........ 675
تالاق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 678
ئۈچ تالاق ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىشنىڭ هاراملىقى ........ 680
تالاق قىلىشنىڭ تۈرلىرى ........ 681
مەسنۇنى تالىقى ........ 681
ھوشىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى ........ 681
زورلانغۇچىنىڭ تالىقى ........ 682
قاتتىق غەزەپتىن ئەقلىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى ........ 682
غائىبنىڭ تالىقى ........ 683
ئايال ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ ........ 684
ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ كەتمەسلىكى لازىم ........ 684
شەرت بىلەن تالاق قىلىش ........ 684
مۇرتەدلىك بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى ........ 685
بەدەللىك تالاق(تالاقى خۇلئ) ........ 685
تالاقتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار ........ 687
(1) ئايالنىڭ قېپقالغان مەھرىنى بېرىش ........ 687
(2) نەپىقە ........ 687
(3) بالىلارنىڭ چىقىمى ........ 688
(4) بوۋاقلارنى ئېمىتكەنلىك ھەققى ........ 688
ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھەققى بار ........ 689
ئىددەت ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ........ 690
ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ........ 692
ۋەسىيەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 697
ۋەسىيەت قىلغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ........ 697
ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ساۋابى ۋە پايدىسى ........ 698
مىراس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 700
تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار ........ 700
مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى ........ 700
مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار ........ 701

مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ...... 701
قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرى ...... 702
بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشنىڭ ھېكمىتى ...... 704
قۇرئان كەرىمدە مىراس ئېلىشى بەلگىلەنگەنلەر ...... 706
مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار ...... 706
مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار ...... 707
مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان كىشى ...... 707
مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار ...... 707
مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار ...... 708
مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار ...... 709
ۋەقپ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...... 711
ۋەقپ قىلىشنىڭ شەرتى ...... 711
ۋەقپىنىڭ تۈرلىرى ...... 711
ۋەقپ قىلىشنىڭ پايدىسى ۋە پەزىلىتى ...... 712
رەنە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...... 714
رەنە مۇئامىلىسىگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى ...... 714
قەرز رەنىسىنىڭ شەرتى ...... 715
ھارام قىلىنغان رەنە ...... 716
ھەجر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...... 717
سالاھىيەتسىزلەرنى تەسەررۇپتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى ...... 717
تەسەررۇپى چەكلەنگەنلەرنىڭ ئىشلىرى ...... 718
گۇۋاھلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...... 719
گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈشنىڭ ھۆكمى ...... 719
يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭ گۇناھى ...... 719
گۇۋاھلىقنىڭ تۈرلىرى ...... 720
گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى ...... 721
گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى ...... 721
گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغانلار ...... 722
گۇۋاھلىقنىڭ دەرىجىلىرى ...... 722
قەسەم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...... 725
قەسەم قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى ...... 725
قەسەمنىڭ تۈرلىرى ...... 725
قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى ...... 726
قەسەمنى بۇزغانىنىڭ جازاسى ...... 727

قەسەمنىڭ كاپارىتى........................................................ 728
كاپارەت بېرىش تەرتىپى .................................................. 728
ھالال_ھارام ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ......................................... 731
ھالال ھارامدىن كۆپتۇر ...................................................... 731
ھالال نەرسىلەردىمۇ ھارام تېپىلىدۇ ................................................ 732
ھالال ـ ھارام ئىنساننىڭ تاقىتىگە يارىشا بەلگىلەنگەن ............................. 733
ھالال بىلەن ھارام ئېنىق.................................................................. 734
ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەر............................................ 735
ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس ............................... 736
ھالال_ھارام ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ......................................... 739
ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى.......................................................................... 739
يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ............................................................ 739
يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھارام............................................................... 739
ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش- ھەرىكەتلەردىكى ھالال ................................... 739
ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش- ھەرىكەتلەردىكى ھارام.......................................... 740
ھالال بىلەن ھارامنى بىلىشنىڭ ئەھمىيتى.................................................. 740
ھارامدىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ......................................................... 741
يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ھارام ................................................. 742
ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى........................................ 742
مال بۇغۇزلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ................................................ 743
بازارلاردىن سېتىۋېلىنغان تەييار يېمەكلىكلەر ھەققىدە ..................................... 745
ئاشخانىلارغا كىرگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ......................... 746
يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن يېيىش ھارام بولىدىغانلىرى........................................ 747
زىيانىنى تۇسۇش يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر ........................... 749
پاسكىنىلىقى يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر................................... 749
جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ھارام مىقدارى ................ 749
سۈيۈقلۇقلاردىن ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغانلىرى........................................ 750
ھاراق دورا بولالمايدۇ................................................................................ 751
ھايۋان ۋە قۇشلاردىن ھالال ۋە ھاراملار .................................................. 754
ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلاردىن يېيىش ھالال ۋە ھارام بولغانلىرى ................ 754
قۇشلاردىن يېيىش ھالال ۋە ھارام بولغانلىرى.............................................. 755
ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...................................................... 757
ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى ........................................................................ 757
ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىكى ھاراملار(چەكلەنگەن ئىشلار) ................................ 759

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ..................... 760
پال سېلىش ۋە غەيبتىن سۆزلەش ..................................... 764
ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلىش ..................................... 764
شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۇمار تۈرى ............................ 765
دەم سېلىش .......................................................... 767
ئائىلە ھاياتىدا چەكلەنگەن ئىشلار .................................... 768
قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق تاللاشتىكى ئەركىنلىكى ............... 769
مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىش مەسلىسى ............... 769
مۇسۇلمان قىزلارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى ........... 770
ھامىلە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسلىسى ................................ 771
قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش جىنايىتى ................................ 771
ھەيز ياكى نىپاسلىق ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە زىيىنى ........ 773
ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشنىڭ ھاراملىقى .......................... 774
ئەر- خوتۇنچىلىق سىرلىرىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكى.......................... 774
ھەيزدار ئايالنى تالاق قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى............................ 775
بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ........................... 776
نەسەبنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........................................ 777
ئاتىنىڭ بالىسىغا تېنىشى دۇرۇس........................................ 777
سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەسلىسى....................................... 778
بالىلارنىڭ ئاتىسىدىن تېنىشى دۇرۇس ئەمەس .............................. 779
ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ گۇناھى ۋە جازاسى .............................. 779
ئومۇمىي ھاياتتا چەكلەنگەن ھارام ئىشلار ................................. 781
كىيىنىش ۋە ياسىنىشتا چەكلەنگەن ئىشلار.................................. 782
تۇرمۇشتا قوللىنىش ھارام بولغان نەرسىلەر ............................... 782
ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس ..................... 783
ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشنىڭ گۇناھى ............................. 784
ئەر ـ ئايال ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا چەكلەنگەن ئىشلار ..................... 786
ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىش تۈرلىرى......................... 788
مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئۆگىنىشكە بولىدىغان ئىشلار ...................... 788
مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراشنىڭ چەكلىنىدىغان تەرەپلىرى ................. 788
قەبرىلەرنى قاتۇرۇش ................................................... 789
تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش.............................................. 789
ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمىنى خاتىرىلەش ................................... 790
يىل بېشى بايرىمى (مىلادىيە بايرىمى)نى قۇتلاش ............................ 790

سالامنى ئۆزگەرتىش ........................................................ 793
نەزىر ـ چىراغلارنى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈش ئادىتى ........................ 794
ئامىۋى سورۇنلاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممە بىر يەردە ئولتۇرۇشى .................. 794
تېلېفون زىلى ئۈچۈن دۇئا ياكى ئايەت ياكى ئەزاننى ئىشلىتىش ................... 795
ئىقتىسادىي مەسىلىلەردىكى ھارام ئىشلار ................................... 797
ھارامدىن پۇل تېپىش ........................................................ 797
جازانىخورلۇق قىلىش ........................................................ 797
يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ................................................... 798
زاكاتنى بەرمەسلىك .......................................................... 798
ئىسراپچىلىق ................................................................. 799
لاتارىيە بېلەتنى سېتىۋېلىش ................................................. 799
باشقا پەرزنى قايرىپ قويۇپ تەكرارا ھەج قىلىش ............................. 799
كىشلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدە چەكلەنگەن ئىشلار ......................... 801
مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلىش ............................. 801
مۇسۇلمانلارنى پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمچىلىقى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش ........ 801
مۇسۇلمان بولمىسمۇ تىنچلىقپەرۋەر كىشلەرنى چەتكە قېقىش ..................... 802
مۇسۇلمانلار يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك كىشلەر .................................. 803
ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكلەنگەن ئىشلار ................................ 804
ھايۋانلارنى قىيناشنىڭ جازاسى ............................................... 805
ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتا چەكلەنگەن ئىشلار ..................................... 806
ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاش مەسىلىسى .......................................... 808
ئاڭلاش ھارام بولىدىغان ناخشا- مۇزىكلار ..................................... 809
ئاڭلاشقا بولىدىغان ناخشا ـ مۇزىكلار ........................................ 809
ھالاللىقى ياكى ھاراملىقىغا ئېھتىمالى بولغان ناخشا-مۇزىكلار .................. 810
ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى ھالال دېگەن ئۆلىمالارنىڭ قويغان شەرتلىرى ............ 811
تېلېۋىزور كۆرۈش مەسىلىسى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ......................... 814
كۆرۈش كەسكىن ھارام بولىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى ........................ 814
كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان پروگراممىلار .................................... 815
تېلېۋىزورنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش چارىسى .................................... 816
كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈش ھەققىدە سوئال-جاۋابلار ........................... 817
ھالاللىق دائىرىسىگە كىرىدىغان كىنو-تىياتىرلار ................................. 817
كۆرۈش قەتئىي ھارام بولىدىغان كىنو-تىياتىرلار ................................. 818
ھەيكەلتاراشلىق ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقى .......................................... 819
ئۆي ياكى ئىش ئورۇنلىرىدا ھەيكەل بىلەن بېزەش ھارامدۇر ....................... 819

جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىش ياكى ساقلاش مەسىلىسى ..................... 821
ئىنسان ئورگانلىرىنى يۆتكەش مەسىلىسى........................................ 823
ئىختىيار ئىگىسى بولمىغان بىرى ئورگىنىنى باشقىسىغا بېرەلمەيدۇ .................. 823
ئورگان يۆتكەشتە دىن پەرقى يوق ............................................ 824
ئادەم ئورگىنىنى سېتىشقا بولمايدۇ ........................................... 824
ئورگان يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار......................... 825
پارىخورلۇق ۋە ئۇنىڭ گۇناھى ھەققىدە ........................................ 827
پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرى ................................ 827
سوۋغا- سالام بېرىشنىڭ ھەر قانداقى پارا ئەمەس.............................. 827
پارىنى مەقسەت قىلغان سوۋغا-سالام ھارامدۇر ................................ 828
پارا بېرىشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر........................................ 828
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ھەققىدە ......................... 830
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ جازاسى ............................................... 831
بىراۋغا قارا چاپلاشنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ جازىسى ........................... 831
يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئاقىۋىتى............................................ 832
غەيۋەت، ئۇنىڭ خەتىرى ۋە گۇناھى............................................ 833
خىيانەت ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى................................................... 834
خىيانەتنىڭ تۈرلىرى................................................................ 835
زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ جازىسى.......................................................... 836
يالغانچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى .................................................. 837
مۇسۇلمان يالغان سۆزلىمەيدۇ .................................................. 838
سۆزىدە تۇرماسلىق كېسەللى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ................................ 839
ئۆچلۈك، ئاداۋەت ساقلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى............................. 840
كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش رەزىللىك ...................................... 841
كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ گۇناھى ....................................... 842
كۆرەلمەسلىك مەنىۋى ئاغرىقتۇر............................................... 843
گەپ توشۇش ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ............................. 843
كىشىلەرگە لەقەم قويۇش ئەدەپسىزلىك ....................................... 844
ھاياسىزلىق-ئىمانسىزلىقتۇر..................................................... 845
گۇمانخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرى ...................................... 846
ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىللىكى ۋە ۋاپاسىزلىق تۈرلىرى ............................. 846
چېقىمچىلىق، ئۇنىڭ خەتەرلىرى ۋە جازاسى.................................... 847
ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ زىيىنى ۋە گۇناھى..................................... 848
ئىسراپخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ............................................... 849

زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغان ھالاكەتلىك گۇناھلار ........................ 850
تاماكا ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ھەققىدە ................................................ 851
تاماكا ۋە تاماكا چېكىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ......................... 851
تاماكا تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىلار ............................................ 851
تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى .................................. 852
تاماكا يامان يولغا مېڭىشنىڭ مۇقەددىمىسى ........................................ 852
تاماكىنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى .................................. 853
تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلىرى ........................................ 853
تاماكىنىڭ نەپەسلىنىش تۇرۇبىلىرىغا بولغان زىيىنى ................................ 854
تاماكىنىڭ ئۆپكىگە بولغان زىيىنى ..................................................... 854
تاماكىنىڭ ئاشقازانغا بولغان زىيىنى .................................................. 854
تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى ......................................... 855
تاماكىنىڭ خاراكتېرغا بولغان زىيىنى ................................................. 855
تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ..................... 855
دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تاماكىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ........................... 856
تاماكا چېكىش ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئەڭ پالاكەتلىك ئاپىتى .......................... 857
تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى ........................ 857
بالىلارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۇسۇلى ...................... 858
تاماكىنى تاشلاش چارىلىرى ۋە بەزى تەكلىپلەر ...................................... 859
ھاراق ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ھەققىدە ................................................... 863
ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھاراقتۇر ........................... 863
ھاراق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى .............................................. 863
ھاراقنىڭ زىيانلىرى كۆپ ............................................................... 864
زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيىنى ھەققىدە ......................................... 867
زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك زىيانلىرى .................................... 867
كىشىلەرنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ................ 868
زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى ................................... 869
قىمار ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى .......................................................... 870
قىماردىن تاپقان پۇل شەكسىز ھارامدۇر ............................................... 870
قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى ...................................... 870
زىنا ۋە ئۇنىڭ خەتىرى ................................................................ 872
زىنانىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى ............................................................. 872
زىنانىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس ................................................ 873
زىنادىن چوڭ ئىككى زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى ............................................. 875

لەۋاتىنىڭ جازاسى........................................................................ 875
سىھاقىنىڭ جازاسى ...................................................................... 876
ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ...................................................... 877
سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ............................ 877
ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ..................................... 878
ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى ............................................................. 879
سېھىر قىلىش ۋە قىلدۇرۇشنىڭ گۇناھى ھەققىدە ............................. 881
سېھىردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى ..................... 882
سېھىردىن شىپا تېپىشنىڭ چارىلىرى .............................................. 882
كۆزدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى........................ 884
قۇرئان كەرىم بىلەن ئىسلامىي دۇئالار مۆمىنلەر ئۈچۈن شىپادۇر.................. 884
كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى ........................................... 885
كۆز تەگكەندىن كېيىن شىپا تېپىش چارىلىرى...................................... 886
جىنايەت ۋە جازالارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر................................... 887
ئىسلامدا جازانى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرتلىرى ....................................... 887
ئىسلام جازا قانۇنىدا كەيپىيتى بېكىتىلگەن 5 چوڭ جازا ........................ 888
(1) قاتىللىقنىڭ جازاسى ................................................................ 888
(2) قاراقچىلىق، سويغۇنچىلىق ۋە رېكوتېرلىقنىڭ جازاسى......................... 889
(3) ئوغرىلىقنىڭ جازاسىنىڭ تۈرلىرى.................................................. 889
ئوغرىنى جازالاشنىڭ شەرتلىرى....................................................... 890
(4) زىنانىڭ جازاسى ...................................................................... 891
زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتلىرى........................................... 892
(5) تۆھمەتنىڭ (قاراچاپلاشنىڭ) جازاسى............................................. 892
كەچۈرۈم قىلىش جازالاشتىن ئەۋزەل ............................................... 893
زىنا بىلەن ئوغرىلىق جازاسىنىڭ ئېغىر بولۇشىنىڭ سەۋەبى ..................... 895
تەۋبە ـ ئىستىغفار ھەققىدە ............................................................ 897
ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ........................ 898
مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار........................................... 898
تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى....................................................... 899
تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ پايدىسى ....................................................... 899
ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر...................... 903
قۇرئان كەرىم ............................................................................ 903
قۇرئان كەرىمنىڭ تەرىپى()............................................................. 903
قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ................................................... 904

قۇرئاننىڭ ئىسىملىرى ........ 905

قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى ........ 906

قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ........ 907

قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈش جەريانى ........ 907

بىرىنچى سەۋەب: ........ 908

ئىككىنچى سەۋەب: ........ 909

ئۈچىنچى سەۋەب: ........ 909

تۆتىنچى سەۋەب: ........ 910

بەشىنچى سەۋەب: ........ 910

ئالتىنچى سەۋەب: ........ 911

يەتتىنچى سەۋەب: ........ 911

سەككىزىنچى سەۋەب: ........ 911

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىبى ........ 911

ئايەتنىڭ مەنىسى ........ 912

جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى ........ 913

ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 914

قۇرئان كەرىمنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى ........ 915

قۇرئان كەرىمنىڭ ساقلىنىشى() ........ 915

قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىش ۋە كۆپەيتىلىش باسقۇچى ........ 919

قۇرئان كەرىمنىڭ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى ........ 919

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى ........ 922

قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى ........ 924

«قۇرئان بېسىش ئاكادېمىيىسى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ........ 924

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى ........ 924

ئايەتلەرگە ئوقۇش قائىدىلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى ........ 925

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئوقۇش قائىدىلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى ........ 925

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى ........ 927

شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان پرىنسىپلار ........ 928

ئايەت ۋە سۈرىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 930

مەككە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 930

مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 930

ئايەت ۋە سۈرىلەر ھەققىدە ........ 931

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى ........ 932

سۈننەت ........ 937

سۈننەتنىڭ تەرىپى() ........................................ 937
قۇرئان، ھەدىس ۋە ھەدىس قۇدسىي ........................................ 941
ھەدىسلەرنى ئېنقلاش پرىنسىپلىرى ........................................ 943
ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى ........................................ 943
سەنەد ۋە مەتىن ........................................ 945
ھەدىسلەرنىڭ تۈرلىرى ........................................ 948
ھەدىسنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈنۈشى() ........................................ 948
ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش تەرەپتىن تۈرلىنىشى ........................................ 949
مەقبۇل ھەدىس ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........................................ 950
«سەھىھ» ھەدىس ........................................ 950
«سەھىھ» ھەدىسنىڭ شەرتلىرى ........................................ 950
ھەسەن ھەدىس ۋە مەردۇد ھەدىس ........................................ 951
يالغان ھەدىس ........................................ 952
سۈننەتنىڭ توپلىنىش باسقۇچلىرى ........................................ 954
سۈننەتنىڭ دەسلەپكى توپلىنىشى ........................................ 954
سۈننەتنى يېزىشقا بۇيرۇغان ھەدىسلەر ۋە توسقان ھەدىسلەر ........................................ 954
دەسلەپتە سۈننەتنى يېزىشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبى ........................................ 957
ساھابىلار زامانىدا يېزىلغان ھەدىس توپلاملىرى ........................................ 958
سۈننەتنىڭ ھىجرىيە 2-ئەسىردە رەسمى توپلىنىشى ........................................ 959
ھىجرىيە 3- ئەسىردىكى ھەدىس توپلاش دولقۇنى ........................................ 960
بىرىنچى ئۇسۇل: ........................................ 960
ئىككىنچى ئۇسۇل: ........................................ 961
سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى ئورنى ........................................ 962
سۈننەتكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ........................................ 963
سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوچۇقلىشى ........................................ 963
سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى() ........................................ 965
سۈننەت مۆجىزىلىرى ........................................ 966
سۈننەت مۆجىزىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسلۇبى ........................................ 966
ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر ........................................ 969
ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنىڭ بەزى مىساللىرى ........................................ 969
سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى ........................................ 973
سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى ........................................ 973
قۇرئانچىلارغا رەددىيە ........................................ 978
ھەدىسلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە ........................................ 980

ئىسلامىي ئىلىملەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 985
ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ........ 986
ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھنى تونۇشتۇر ........ 986
ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى ........ 987
ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ھەققىدە ........ 988
تەۋھىد ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 988
تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى ........ 988
بىدئەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 991
دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ........ 991
بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى ........ 992
بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقنىڭ نەتىجىلىرى ........ 994
كۇپرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 997
كۇپرىنىڭ تۈرلىرى ........ 997
ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 997
ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى ........ 999
نىفاق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 1002
ئېتىقادتىكى نىفاق ........ 1002
ئەمەلدىكى نىفاق ........ 1003
ھىدايەت ۋە زالالەت ........ 1005
ھىدايەتنىڭ مەنىسى ........ 1005
ھىدايەتنىڭ تۈرلىرى ........ 1005
زالالەتنىڭ مەنىسى ........ 1007
مۇرتەدلىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ........ 1008
مۇرتەد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ........ 1008
تەقۋالىق ۋە پاسىقلىق ........ 1010
تەقۋالىقنىڭ مەنىسى ........ 1010
تەقۋالىقنىڭ ئەھمىيىتى ........ 1010
پاسىقلىقنىڭ مەنىسى ........ 1011
زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنيالىق ........ 1012
زاھىدلىقنىڭ مەنىسى ........ 1012
ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق ........ 1013
زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ پەرقى ........ 1014
زاھىدلىقنىڭ پەزىلەتلىرى ........ 1015
دۇئا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........ 1016

دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................................ 1016
دۇئا سەۋەبتىن بىھاجەت قىلالمايدۇ ........................................ 1018
دۇئا تەقدىرنى بېكار قىلىۋېتەلمەيدۇ ........................................ 1019
دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە مۇھتاج ئەمەس ........................................ 1020
دۇئانىڭ ئەدەبلىرى ........................................ 1022
دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار ........................................ 1025
دۇئادىن بىھاجەت بولۇشقا بولمايدۇ ........................................ 1025
ۋەسىلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر ........................................ 1027
بۇيرۇلغان ۋەسىلە ........................................ 1027
مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلە ........................................ 1029
شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە ........................................ 1029
ئەخلاق ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 1031
ئەخلاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىشلار ........................................ 1031
مۇئامىلە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 1033
مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مەنبئى ۋە ئۆلچىمى ........................................ 1033
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ........ 1034
تارىخ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ پەرقى ........................ 1034
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 1034
شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە ........................................ 1036
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەققىدە ........................................ 1037
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە ........................................ 1037
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «دوستلار ۋە زامان» ناملىق شېئىرىدىن() ........................ 1038
«بۇردە»ناملىق مەشھۇر قەسىدىدىن پارچە ........................................ 1040
پەيغەمبەر مەدھىيىسى() ........................................ 1042
ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى ........................................ 1045
ئىجما ........................................ 1045
ئىجمانىڭ تۈرلىرى ........................................ 1046
مۇجتەھىد ۋە ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرى ........................................ 1046
كىشىلىك ئىجتىھاد بىلەن كوللېكتىپ ئىجتىھاد ........................................ 1048
قىياس ۋە قىياس قىلىش ئۇسۇلى ........................................ 1050
فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 1052
فىقھى ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە رەتلىنىشى ........................................ 1052
فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب ........................................ 1052
مەزھەب ھەققىدىكى مەسىلىلەر ........................................ 1053

مەزھەبنىڭ پەيدا بولىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ........................ 1053
ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەبلەر.......................................... 1054
بىزنىڭ ئېتىقادىي مەزھىبىمىز.......................................... 1055
ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر .................. 1057
ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرىۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر........... 1062
ھەنەفىي مەزھىبى ............................................................ 1062
ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى............................ 1063
ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار ................................ 1063
مالىكىي مەزھىبى............................................................ 1064
شافىئىي مەزھىبى............................................................ 1065
ھەنبەلىي مەزھىبى............................................................ 1066
شىئەلەردە دەۋر سۈرىۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر .............................. 1066
ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۆگەپ كەتكەن فىقھى مەزھەبلىرى ........................ 1067
بىزنىڭ فىقھى مەسىلىلىرىدىكى مەزھىبىمىز ........................................ 1068
مەزھەبكە ئەگىشىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................................ 1069
ئىسلام مەزھەبلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسى ........................................ 1069
مەزھەب چۈشەنچىسى............................................................ 1071
دۇنيادىكى دىنلار ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات.............................. 1072
ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەر............................................................ 1072
ئەڭ كۆپ خرىستىئان ياشايدىغان دۆلەتلەر ........................................ 1073
دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنىي پىرقىلەر............................................................ 1073
دۇنيادا ئادەم سانى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان دىن ........................................ 1074
كېلەچەك ئىسلامغا مەنسۇپ............................................................ 1074
ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن بەزىسى ........................ 1076
(1) «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»(رابطة العالم الإسلامي) ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات........ 1076
«ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ كۆلمى ۋە خىزمەت دائىرىسى.................. 1076
(2) «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»(منظمة المؤتمر الإسلامي)........................ 1076
«ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنىڭ مەقستى ........................................ 1077
«ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى ........................................ 1077
(3)«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»(جامعة الدول العربية) ۋە ئەرەب ئەللىرى ............ 1078
«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ دائىرىسى ........................................ 1078
ھازىرقى ئەرەب دۆلەتلىرى ............................................................ 1078
تەپسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەر ........................................ 1079
قۇرئان كەرىمنى ئەڭ دەسلەپ تەپسىر قىلغانلار ........................................ 1079

قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش يولى تاقىيامەتكىچە ئوچۇق ............................1079
ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مەشھۇر تەپسىرلەر ..........................................1081
يېقىنقى زامانلاردا يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر تەپسىرلەر ..................................1082
قەدىمقى تەپسىرلەر بىلەن ھازىرقى تەپسىرلەرنىڭ پەرقى ................................1083
ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر مۇپەسسىرلەر ............................................1083
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر ..............................1084
تەجۋىد ئىلمىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...............................................1085
تەجۋىد ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى ...........................................................1085
تەجۋىد قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ ھۆكۈمى ........................................1085
قىرائەت ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ............................................1087
قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىش ئۇسۇللىرى ...........................................1087
قىرائەت ئىلمى ......................................................................1087
قۇرئان ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ..............................................1089
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، پەزىلىتى ۋە ساۋابى ......................................1089
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى .................................................1091
قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى ...........................................................1092
ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .....................................1093
ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭ غايىسى .......................................................1093
ھەدىس توپلاملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ..........................................1095
سەھىھۇلبۇخارىي ....................................................................1095
سەھىھۇ مۇسلىم .....................................................................1095
سۇنەن تىرمىزى .....................................................................1096
سۇنەن ئىبنى ماجە ...................................................................1096
سۇنەن ئەبۇ داۋۇد ...................................................................1097
سۇنەن نەسائىي .....................................................................1097
قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ...................................1101
قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابىدۇر .....................................................1101
قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى .........................................................1103
قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسى ..................................................1103
(1) قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىكى .....................................................1103
قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغان .........................................1103
(2) قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇرلىقى ...................................1106
(3) قۇرئان كەرىم تېكىستلىرىدىكى سىلىقلىق ...........................................1108
(4) قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيتى ........................................................1109

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى ........................ 1111
بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى ........................ 1111
ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر ........................ 1117
ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر ........................ 1120
تۆتىنچى: ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر ........................ 1121
بەشىنچى: تىببىي دەلىللەر ........................ 1125
ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر ........................ 1127
قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى ........................ 1131
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ........................ 1132
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلىدۇ ........................ 1133
قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئالاھىدىلىكى ........................ 1135
قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا ........................ 1137
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە ........................ 1138
(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈش زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى ........................ 1138
(2) قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى ........................ 1139
(3) قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى ........................ 1140
مەككە مۇكەررەمە شەھىرى ۋە مەسجىدى ھەرەم ........................ 1145
مەككە مۇكەررەمە شەھىرى ........................ 1145
مەسجىدى ھەرەم ........................ 1146
مەسجىدى ھەرەمنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى ........................ 1146
ئىسلامدىن كېيىنكى مەسجىدى ھەرەم ........................ 1147
كەبە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ........................ 1148
كەبىنىڭ رېمونت قىلىنىش باسقۇچلىرى ........................ 1149
ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش قىسسىسى ........................ 1150
ھۇجرە قىسسىسى ........................ 1150
كەبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونت قىلىنىشى ........................ 1151
كەبىنىڭ ئىشىكى ........................ 1151
كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر خەتتات ........................ 1151
مۇلتەزەم ........................ 1152
ھۇجرە ........................ 1153
ھەتىم ........................ 1153
كەبىنىڭ يوپۇقى ........................ 1153
كەبىنىڭ يوپۇقىنىڭ خىراجىتى ........................ 1154
كەبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى ........................ 1154

كەبىنىڭ يوپۇقىنىڭ رەڭگى ۋەشەكلى ........................ 1155
كەبىنىڭ ھازىرقى يوپۇقى........................ 1155
مەقامۇ ئىبراھىم ........................ 1155
مەقامۇ ئىبراھىمدىكى گۈمبەزنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى ........................ 1156
زەمزەم سۈيى........................ 1156
زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى ۋە ئورنى........................ 1157
زەمزەم سۈيىنىڭ مۆجىزىسى ........................ 1158
تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزە........................ 1159
زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى ........................ 1159
قىبلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ........................ 1161
نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى ........................ 1162
ھەجەرۇلئەسۋەد ........................ 1163
ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىق ئەمەس........................ 1163
ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر ........................ 1164
ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كۈمۈش بىلەن قاپلىنىشى........................ 1164
رۇكنى يەمانى ........................ 1165
مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ھەققىدە مەلۇمات ........................ 1166
مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ........................ 1166
مەسجىدى نەبەۋى ........................ 1166
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى ........................ 1167
رەۋزە شەرىپ ........................ 1167
سۇففە ........................ 1168
ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋى........................ 1168
ھۇجرە شەرىپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ........................ 1169
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسگە قىلىنغان سۇيىقەستلەر........................ 1170
مەسجىدى ئەقسا ھەققىدە مەلۇمات ........................ 1172
يەر يۈزىدىكى ئىككىنچى مەسجىد........................ 1173
مەسجىدى ئەقسانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى........................ 1173
مەسجىدى ئەقساغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت ........................ 1175
ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالاھىدە ئۈچ مەسجىد ........................ 1176
ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان مەسجىد-ئاتۇش جامەسى........................ 1176
كالا تېرىسى پىلانى........................ 1176
ئەڭ مەشھۇر مەسجىد-قەشقەر ھېيتكار جامەسى........................ 1177
ئەڭ چوڭ مەسجىد-كېرىيە جامەسى........................ 1177

ئىسلام دۇنياسىدىكى بەزى مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى ........ 1179
بەيتۇل ھېكمەت ........ 1179
قەرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1180
ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي بىلىمگاھى ـ ئەزھەر بىلىم يۇرتى ........ 1180
نىزامىيە مەدرەسەسى ........ 1182
مەدرەسە مۇستەنسىرىيە ........ 1182
مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى دارۇلھەدىس بىلىمگاھى ........ 1183
دارۇلھەدىس بىلىمگاھىنىڭ دەرسلىكلىرى ........ 1183
دارۇلھەدىس بىلىمگاھىنىڭ سىنىپلىرى ........ 1184
ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1184
ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فاكۇلتېتلىرى ........ 1184
مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سەنۇسى ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1185
مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1185
ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىپلىرى ........ 1185
ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەمىنلىشى ........ 1185
مالايشىيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1186
ئىسلام ئاباد خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1186
ئىمان ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1186
ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سۇئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1187
ئامېرىكا ئوچۇق ئىلىم ئۆگىتىش ئۇنىۋېرسىتېتى ........ 1187
ئۇيغۇر دىيارىدىكى بەزى مەشھۇر ئىلىم يۇرتلىرى ........ 1188
خانلىق مەدرەسە ........ 1188
قەشقەر «ساچىيە» مەدرەسەسى ........ 1189
قەشقەر ساقىيە مەدرەسەسى ........ 1190
لۈكچۈن مەدرەسەسى ........ 1191
دامىكۇ پۇناق مەدرەسەسى ........ 1191
كېرىيە دۆڭ مەدرەسە ........ 1192
ھىجرىيە يىلنامىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........ 1193
ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ تاللىنىشى ........ 1193
ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىشى ........ 1194
ئاتېئىزم ۋە ئۇنىڭ سەپسەتىسى ........ 1199
ئاتېئىزم پەلسەپىسى قەدىمدە بولمىغان بىر ئېقىم ........ 1199
ئاتېئىزم نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار ........ 1201
دارۋىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 1202

تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە فىزىكا ئىلمى ........................ 1204
تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرى ........................................... 1205
ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىدىغان تەدرىجى تەرەققىيات ........................ 1208
ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر........................ 1211
ئاتېئىزمچىلارنى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن سەۋەبلەر........................ 1213
ئىسلام دۇنياسىدا ئاتېئىزم پەلسەپىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........................ 1214
ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي دەلىللەر ........................ 1218
ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى دەلىل-ئىسپاتقا مۇھتاج ئەمەس........................ 1218
ھەممىنى ئاللاھ ياراتقان ........................................... 1219
ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچى يوق........................................... 1221
ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان ........................................... 1223
ياۋروپالىق پەيلاسوپلارنىڭ ئاتېئىزمچىلارغا بەرگەن رەددىيەلىرى ........................ 1225
ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەر ........................ 1227
ئاللاھنى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ........................................... 1232
كۆرۈش ئىشىنىش ئۈچۈن شەرت ئەمەس ........................................... 1233
تەبىئەت........................................... 1236
يارىتىلىش دەلىلى ........................................... 1238
ئاجايىپ قانۇنىيەت ........................................... 1240
ئاسادىيپىلىق........................................... 1241
ۋىجدان ۋە دىن ........................................... 1242
يەرشارىلىشىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى........................................... 1244
يەرشارىلىشىش بىلەن ئالەمشۇمۇللۇقنىڭ پەرقى ........................................... 1245
يەرشارىلىشىش ئېقىمىغا ئىسلام ۋە خرىستىئان ئالىملىرىنىڭ قارشىلىقى ........................ 1247
سىكۇلارىزم ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ........................................... 1248
ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا جەمئىيىتى........................................... 1248
بىرىنچى: دىنىي ئېتىقاد ........................................... 1248
ئىككىنچى: ئىقتىسادىي تۈزۈم........................................... 1250
ئۈچىنچى: سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ........................................... 1251
چېركاۋلارنىڭ زۇلۇملىرىنىڭ نەتىجىسى........................................... 1251
Secularism ئاتالغۇسىنىڭ كېڭەيگەن مەنىسى........................................... 1252
Secularism ئېقىمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ........................................... 1253
مۇسۇلمانلارSecularism تۈزۈمگە مۇھتاج ئەمەس........................................... 1253
Secularism ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشىنىڭ سەۋەبى........................................... 1256
ھەق دىن ئىلىمگە قارشى ئەمەس ........................................... 1261

بەزى ئاتالمىش ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ساختىلىقى ........................ 1263
دۇنيادىكى ئۇرۇشلارغا دىن سەۋەب بولغان ئەمەس ........................ 1265
دىنغا تايانماستىن ھەممە نەرسىنى بىلگىلى بولمايدۇ ........................ 1266
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە ........................ 1268
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئايالى بولغانلىقى ........................ 1269
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىگەنلىكتۇر . 1271
ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىغان ........................ 1275
تېررورىزم ۋە ئىسلام ........................ 1279
سەلىب ئۇرۇشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىللىكىگە گۇۋاھتۇر ........................ 1284
مۇسۇلمانلار مۇستەملىكىچى بولمىغان ........................ 1286
ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى ........................ 1287
ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىدۇ ........................ 1288
مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىدىن ........................ 1291
ئىسلام دىنى ۋە ئايال ........................ 1293
ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم ئېلىشىنى پەرز قىلغان ........................ 1293
ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىشلىشىگە قارشى ئەمەس ........................ 1293
ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىغا قارشى ئەمەس ........................ 1294
ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................ 1299
ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتىنىڭ پەرقى ........................ 1299
مەدىنە ئىسلام دۆلىتىدە گەرۋدانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى كاپالەت قىلىنغان ........................ 1301
مەدىنە ۋەسىقىسى ۋە ئۇنىڭ جارىي قىلدۇرۇلۇشى ........................ 1302
ئىسلام دۆلىتى باشقا دىنلارغىمۇ يول قويغان ........................ 1303
ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ........................ 1305
دېموكراتىيە بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ........................ 1306
مۇسۇلمانلاردا سىياسىي ئىستىبدات دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ........................ 1308
تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۆرنەكلىرى ........................ 1309
ئەرەبلەرنى مىللەت قاتارىغا كۆتۈرگەن نەرسە ئىسلام دىنىدۇر ........................ 1309
ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى ........................ 1309
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆيگۈ بىلەن ئىتائەت قىلىنغان زات ئىدى ........................ 1310
ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر سۆيگۈسىدىن ئۆرنەكلەر ........................ 1312
ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇسسۇزلىقى ........................ 1312
ئەبۇ بەكرىنىڭ غەمكىنلىكى ........................ 1312
بىلالنىڭ ھەسرىتى ........................ 1313
سەۋبانىنىڭ سېغىنىشى ........................ 1314

سەۋادىنىڭ ئارمىنى ........................................................ 1314
مۇئازىنىڭ دەردى ............................................................ 1315
ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ............................................... 1315
رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جېنىم قۇربان............................................ 1316
سېغىنىپ تۇرالمىدىم ......................................................... 1316
غەربلىكلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقانلىرى .................. 1316
تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ..................................... 1320
ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى.......................................... 1321
كېڭەش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ...................................... 1324
تۇنجى ئىسلام دۆلىتىدىكى كېڭەش ........................................... 1324
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرى......................... 1325
كېڭەش قىلىشنىڭ ماۋزۇسى ................................................... 1325
ئىسلام خەلىپىلىكلىرى.......................................................... 1327
خۇلوفائۇرراشىدۇن دەۋرى..................................................... 1327
خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى.................................. 1330
ئەمەۋىيلەر دەۋرى ............................................................ 1330
ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى ........................................ 1331
ئابباسىيلار دەۋرى........................................................... 1331
ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى........................................ 1332
ئوسمانىيلار دەۋرى ........................................................... 1332
ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى ....................................... 1333

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئېتىقاد

## دىن ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى مۇئەييەن بىر مەقسەت ۋە مەلۇم بىر قانۇن ـ سىستېما بىلەن داۋام قىلماقتا. ئىنسانلارمۇ ئاللاھ ياراتقان بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ بىرى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمر- پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئۈچۈن ياراتقان. باشقا مەۋجۇداتلار بۇ قۇللۇق ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى يولىدا ئىنسانلارغا ياردەمچى ۋە خىزمەتچى سۈپىتىدە يارىتىلغان.

ئادەم ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى نەرسىدىن مۇرەككەپ بولغان بولۇپ، ماددىي تەرىپى ئۇنىڭ بەدىنى، مەنىۋى تەرىپى ئۇنىڭ روھىدۇر. ئاللاھ ئىنساننىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى ياراتتى ۋە ئۇلارنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. دۇنيادىكى بارلىق يېمەك ـ ئىچمەكلەر، كىيىم ـ كېچەكلەر، شىپالىق دورىلار، ئۆسۈملۈكلەر، مەدەنلەر، بايلىقلار، ھايۋانلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ غايە بىلەن يارىتىلدى.

ئىنساننىڭ مەنىۋى تەرىپى بولغان روھىنىڭمۇ ئېھتىياجلىرى بار بولۇپ، بۇ ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادقا بولغان ئېھتىياجى كېلىدۇ. ئىنساندىكى ئېتىقاد ئېھتىياجىنى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا دىنىي تۇيغۇنى ئاللاھ ياراتقان. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بۇ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئارقا- ئارقىدىن دىنلارنى ئەۋەتكەن. تۇنجى ئىنسان بولۇپ يارىتىلغان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولۇشى بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن تارقالغان ئىنسانلار زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن كۆپەيدى ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتقان بۇ ئىنسانلار توپلىمىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىپ، ئۇلار ئارقىلىق كىتابلارنى چۈشۈردى. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقىسى قۇرئان كەرىمدۇر.

### ئىنسان ۋە دىن

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ئەقىدىسى تەڭلا يارىتىلغان.

ئىنسانىيەت ئەقلى تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش يولىدا ئۆرلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھقا باشلايدىغان ئىلاھىي دەۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاكامۇللىشىش يولىغا كىرىپ كەلدى. ئىنسانلار بىر زامانلار، ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇپرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تىڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزگەن.
بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم [1].

## دىنىي ئاڭ ئىنسانلار بىلەن بىرگە يارىتىلغان

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە مەدەنىي مەخلۇقات بولغىنىدەك، ئۇ تۇغۇلۇشىدىن دىيانەتلىك مەخلۇقاتتۇر. دىنىي ئاڭ يارىتىلىشتىن بىرى ئىنسانلاردا بىرگە بولۇپ كەلگەن قەدىمىي مەسىلە بولۇپ، ھەر زامان ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. غەربلىك تارىخشۇناسلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: « ئەلۋەتتە، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيىتى ۋە تىياتىر ـ سەنئىتى بولمىغان ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلغان ۋە تېپىلىدۇ، بىراق دىيانىتى بولمىغان بىرمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلغىنى يوق» دېگەن ئىكەن. دىنى ئاڭنىڭ ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن كېيىن قالغانلىقىغا ھېچقانداق دەلىل يوق.[2] گەرچە ئىنسانلار مەلۇم ۋاقىت ھەق دىندىن ۋە توغرا ئەقىدىدىن ئايرىلىپ قېلىپ روھىي بوشلۇقتا قالغان بولسىمۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ئالدىدىكى قىسقىلا ۋاقىت ئىدى. چۈنكى دىن ئەزەلدىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتلىرىدە مەركەزلەشكەن، قەلبلىرىدە ئورۇن ئالغان بىر خىسلەتتۇر.

## ئاللاھنىڭ دىنى ئەزەلدىن بىردۇر

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنىپ كەلگەن دىنلارنىڭ ھەممىسى ـ مەيلى قانداق ئىسىملار بىلەن ئاتالمىسۇن ـ ئەسلىدە ۋە ماھىيىتىدە

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت
(2) دوكتور دىرازنىڭ «دىن» ناملىق ئەسىرى 75 ـ بەتكە قاراڭ.

بىر دىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى، ئۇخشاشمىغان ئانىلارنىڭ باللىرىمىز، دىنىمىز بىر، شەرىئەتلىرىمىز پەرقلىقتۇر»[1]. ھازىر دۇنيادا ئەسلىدىكى دىنغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرلا دىن بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدۇر.

## دۇنيادا ھەق دىن بىردۇر

ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي كىتابلارغا ئەگەشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت يوللىرىنى تاپقان بولدى. ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ۋە مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن بۇ دىن «ھەق دىن» دېيىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا بۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىرلا دىن ئىسلام دىنىدۇر.

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىننى ۋە بۇ دىننىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۈرلۈك خاتالىقلارغا ۋە ئازغۇنلۇقلارغا ئۇچراپ كەلدى. ئۇلار دەل يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلاردۇر. بۇ ئىككى دىن ئەسلىدە ئاللاھتىن كەلگەن ھەق دىن بولغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئۆز دىنلىرىنى قوغداپ قالالمىغان ۋە كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىشلەردىن ساقلاپ قالالمىغانلىق سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىنلىرى ئەسلى ئۆزگەرگەن خۇراپىي دىنلارغا ئايلىنىپ قالغان.

بەزى ئىنسانلار ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەق دىندىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ئېھتىياجلىرىنى قامداش يولىدا، ئۆزلىرى بىلگەنچە خالىغان دىنلارنى ئويدۇرۇپ چىققان ۋە خاتا ئېتىقادلار بىلەن ئۆمۈر سۈرۈشكە داۋام قىلغان. ئويدۇرۇپ چىقىلغان مۇنداق دىنلار باتىل دىنلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇددىزم دىنى، ھىندى دىني ۋە ئاتەشپەرەستلىك دىنى بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

## ئاللاھنىڭ دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئورتاق دىن

دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، ھەرقانداق بىر قەۋمگە ئاللاھ تائالا ئەلچى پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇلارنى ھەق دىنغا چاقىرغان. ئىنسانلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن «شەرق ئۆزى يالغۇزلا دىننىڭ بۆشۈكى» دەيدىغان سۆز خاتا سۆز بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق ۋە مىللەتچىلىكلەرگە سەۋەب بولۇپلا قالماستىن،

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

قۇرئـان كەرىمنىـڭ قانـداقلا بىـر ئـۇممەت بولمىسـۇن ئۇنىڭغـا پەيغەمـبەر كەلـگەن [1]، ئۆتكەن ھەربىر ئۇممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن [2] دېگەن خەۋەرلىرىگە زىت كېلىدۇ.

## دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر

ئىنسـانلار ئۆزلىرىنىـڭ كىشـىلىك ۋە ئىجتىمـائىي تۇرمۇشـىنى بىـخەتەر ئۆتكۈزۈشـى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرەر توغرا دىنغا ئىنتـايىن موھتاجـدۇر. چۈنكى يەر يۈزىـدە قانۇنغـا ھـۆرمەت قىلىـش، جەمئىـيەت ئامانلىقىنى سـاقلاش ۋە ئىنسـانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە دىنىنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلەيدىغان ئىككىنچى بىـر كۈچ يوق.

بۇنىڭدىكى سىر شۇكى: ئىنسان كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق يارىتىلغـان ئۇلـۇغ بىـر مەۋجـۇدات بولـۇش سـۈپىتى بىـلەن، ئۇنىـڭ ئىختىيـارى ئىـش - ھەرىكەتلىـرى كـۆز بىـلەن كـۆرگىلى، قـۇلاق بىـلەن ئـاڭلىغىلى ۋە قـول بىـلەن تـۇتقىلى بولمايـدىغان بىـر نەرسـىنىڭ باشقۇرۇشـى ئاسـتىدا بولـدۇ. ئـۇ بولسـىمۇ، ئىنسـاندىكى ئىنسانىي روھتۇر! ئۇ ”ۋىجدان ۋە ئەقىدە“ دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىدىن باشقۇرىلىدۇ

ئىنسـانلار تاشـقى دۇنياسـىدىنلا ئەمەس، بەلكـى ئاساسـلىقى ئىچكـى دۇنياسـىدىن - ۋىجدانىـدىن - باشـقۇرۇلمىغىچە جەمئىـيەت تەرتىپىنـى سـاقلىغىلى ۋە ھەق-ھوقـۇقلارنى قوغدىغىلى بولمايدۇ . كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھەقسىزلىككە يـول قويمايـدىغان، ئادالەتلىـك، پەزىلەتلىـك ۋە مەدەنىيەتلىـك بىـر جەمئىيەتنـى بەرپـا قىلىشتا، دۆلەت قانۇنلىرى ۋە ھۆكـۈمەت دائىرلىـرى يېتەرلىـك ئەمەس. چۈنكى جـازادىن، تۈرمىـدىن ۋە جەرىمانىـدىن قورقـۇپ ۋەزىـپە ئۆتەيـدىغانلار ۋە قورقـۇپ تـۇرۇپ، ھەق - ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىـدىغانلار، قانۇنىنـىڭ ئارغامچىسـىدىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن چىقىـش يـولى تاپقىچىلىـك شـۇنداق قىلىـدۇ. ئـۇلار قانۇنىنـىڭ كونترولـدىن چىققـان ھامـان، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھتىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ غەزىـپىگە يولۇقۇشـتىن قورققـان ۋە ئـۆز ۋىجـدانىنىڭ ئاۋازىغـا قـۇلاق سـالغان ھالـدا، ھەق - ھوقـۇقلارنى قوغدايـدىغانلار ۋە ھاياتلىقتىكى ئـۆز ۋەزىپىلىرىنـى ئـاللاھ رازىلىقـى ئۈچـۈن تولـۇق ئـادا قىلىدىغانلار، مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ۋاقىت ئاللاھنىـڭ

---

(1) فاتىر سۈرىسى 24 - ئايەت.

(2) يونۇس سۈرىسى -47 ئايەت

كونتروللىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىمانى بولغاچقا، ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بوزغۇنچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ - دە، ھەر ئىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي بۇرچلىرىنى ئادا قىلىشنى ئاۋۋالقى ئورۇندا قويىدۇ.

## ئىلىم - پەن دىنىنىڭ رولىنى ئۇينىيالمايدۇ

دىنىي تەربىيە بىلەن ئەخلاقنى كۈچەيتمەستىن، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا جەمئىيەتتە ئامانلىق، تۇرمۇشتا بەخت ۋە خاتىرجەملىك يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ ئويلاش ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى، ئىلىم - پەن ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ قىلغىلى بولغىنىدەك، بۇزغۇنچىلىقمۇ بولىدۇ. خۇددى ئىلىم - پەن سايىسىدا، دۇنيانى بىر ئاندا دىمار قىلىۋېتەلەيدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياسىغىلى بولغىنىدەك، تۇرمۇشتا كىشىلەرگە ئۇڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان پەن - تېخنىكا قۇراللىرىنى، قاتناش قۇراللىرىنى ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى ياراتقىلىمۇ بولىدۇ. زامانىمىز پەن تېخنىكىسى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىسىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىلىم - پەننى ئۆز يولىدا - ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن - قوللانماقچى بولساق، ئەخلاقىي تەرەپتىن ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر كۈزەتچىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئەقىدە ۋە ئىماندۇر. شۇڭا، «ئەخلاق بىلەن دىيانەتكە يۆلەنمىگەن ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خۇددى يېقىلغىلى ئاز قالغان بىناغا ئوخشايدۇ» دەپ توغرا ئېيتىلغان. دېمەك، دىنىنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى خۇددى يۈرەكنىڭ تەندىكى رولىغا ئوخشاشتۇر.

## ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى — ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى پىشىپ يېتىلگەن، ئىلىم - پەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان بىر ۋەزىيەتتە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىيارى، ياخشىلىقلارنىڭ ئۆلگىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ پۈتۈنلەنگەن ۋە ئەڭ كامالىغا يەتكەن ھالدا تا قىيامەتكىچىلىك يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىرلا توغرا دىنى بولۇپ تاللانغان ئىمتىيازى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىلغار بىر دىندۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن پەقەت ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولغان دىن

ئىســـــلام (دىنى)دۇر [1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى كېلىشى بىلەن ئىسلام دىنىدىن باشقا ساماۋىي (بۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن) دىنلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇڭا ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن تۇتقانلارنىڭ دىنلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تاتقۇچىدۇر [2].

بىز ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان ئېتىقاد ئېھتىياجىمىزنى ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەق دىن بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم. ساغلام ئىمانغا ئىگە بولىشىمىز ئۈچۈن ئۇلۇغ دىنىمىزنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى بۇ ساغلام ئېتىقادىمىز بىلەن بىرگە ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇنداشقا تىرىششىمىز لازىم.

دىنىمىزدىكى ئىمان ئاساسلىرىنى توغرا ۋە تولۇق ئۆگەنمىگەندە، ئىبادەتلەردىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالغىلى بولمايدۇ، ساۋابىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىمىزدىكى ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۆگىنىپ شۇ بويىچە ئەمەل قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 19 ـ ئايەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت

# ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

## دىن ۋە دىنلارنىڭ تۈرلىرى

1. سوئال: ئىنسانلار نەدىن پەيدا بولغان؟
جاۋاب: ئىنسانلار ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان.

2. سوئال: ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟
جاۋاب: ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن ھالدا ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغان.

3. سوئال: دىن دېگەن نېمە؟
جاۋاب: دىن ــ ئىنسانلارنى ئىختىيارىي ھالدا بەخت ـ سائادەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھىي قانۇن بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قىلغان ۋەھيىلىرىدە ئىپادىسىنى تاپقان.

4. سوئال: دىننىڭ مەنبەئى نېمە؟
جاۋاب: دىننىڭ مەنبەئى ئاللاھتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى دىنىي ئېتىقادقا ئېھتىياجلىق قىلىپ ياراتقان. ئاندىن ئىنسانلارنىڭ بۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دىننى چۈشۈرۈپ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگەتكەن.

5. سوئال: دۇنيادىكى دىنلار قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟
جاۋاب: دۇنيادىكى دىنلار «ھەق دىن»، «ئۆزگەرتىلگەن دىن» ۋە «باتىل دىن» دەپ 3 كە بۆلۈنىدۇ.

6. سوئال: ھەق دىن دېگەن نېمە ۋە ئۇ قايسى؟
جاۋاب: ھەق دىن- ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەلگەن ۋە ئەسلى ئۆزگەرمەستىن داۋام قىلغان دىن بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە دىن بىرلا ئىسلام دىنىدۇر.

7. سوئال: ئۆزگەرتىلگەن دىن دېگەن نېمە ۋە ئۇلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئۆزگەرتىلگەن دىن- ئەسلى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىنلاردۇر. يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىغا ئوخشاش.

8. سوئال: يەھۇدىي دىنى دېگەن قانداق دىن ۋە يەھۇدىيلار كىملەر؟
جاۋاب: يەھۇدىي دىنى- مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دىن

بولۇپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر يەھۇدىيلار دېيىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى يەھۇدىي دىنى ئەسلى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىندۇر.

9. سوئال: خرىستىئان دىنى دېگەن قانداق دىن ۋە خرىستىئانلار كىملەر؟

جاۋاب: خرىستىئان دىنى- ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دىن بولۇپ، ناسارا دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر خرىستىئان ياكى ناسارا دېيىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى خرىستىئان دىنى ئەسلى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىندۇر.

10. سوئال: باتىل دىنلار دېگەن قانداق ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: باتىل دىنلار- ئاللاھ تەرىپىدىن كەلمىگەن، پەقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دىنلاردۇر. مەسىلەن: بۇددا، ھىندى دىنلىرىغا ئوخشاش.

11. سوئال: ئېتىقاد جەھەتتىن ئىنسانلار قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلار ئېتىقاد جەھەتتىن مۆمىن، مۇناپىق، كاپىر ۋە مۇشرىك دەپ 4 كە بۆلۈنىدۇ.

12. سوئال: مۆمىن دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: مۆمىن ــ ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىدىغان، بۇ ئېتىقادىنى ئوچۇق ئېلان قىلغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ياشاشقا تىرىشىدىغان كىشىلەردۇر.

13. سوئال: مۇناپىق دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: مۇناپىقلار- ئىسلام دىنىغا كۆڭلىدىن ئىشەنمەيدىغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغان، ئىككى يۈزلۈك كىشىلەردۇر. مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچىلار بۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

14. سوئال: كاپىر دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: كاپىر ــ ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى ئوچۇق سۆزلەيدىغان ياكى ئىسلامدا ئىمان ئېيتىش كېرەك بولغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلاردۇر. مەسىلەن: دەھرىيلەر[1] ۋە زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

15. سوئال: مۇشرىك دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: ئېتىقادتا ياكى ئىبادەتلەردە باشقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىپ قۇشۇۋالغۇچىلاردۇر. مەسىلەن: بۇتلارغا، مازارلارغا، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا

(1) دەھرىيلەر- «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» دەيدىغانلاردۇر. (جاسىيە سۈرىسى24-ئايەت).

چوقۇنغۇچىلارغا ئوخشاش.

16. سوئال: بىزنىڭ دىنىمىز قايسى دىن؟

جاۋاب: بىزنىڭ دىنىمىز ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان ئىسلام دىنىدۇر.

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ غايىسى

17. سوئال: ئىسلام دىنى قانداق دىن؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەرىشتە جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋە ئەسلى ھېچ ئۆزگەرمەستىن، كەلگەن پېتى داۋام قىلىۋاتقان ھەق دىنىدۇر.

18. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ مەقستى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ مەقستى ۋە غايىسى ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرۈشتۇر.

19. سوئال: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال نېمىلەرگە بۇيرۇيدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئىمان، ئىبادەت ۋە ئەخلاققا بۇيرۇيدۇ.

20. سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىمان ـ ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تىل بىلەن سۆزلەشتۇر.

## ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

21. سوئال: ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى تۆۋەندىكى 6 ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت:

(1) ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

(2) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

(3) ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

(4) ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

(5) قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

(6) ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

22. سوئال: قانداق كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ؟

جاۋاب: ئىماننىڭ يۇقىرىدىكى 6 پرىنسىپىغا، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

## ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

23. سوئال: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەندىچىلىك ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداش ۋە ئۇنىڭ خالىغىنى بويىچە ياشاشتۇر.

24. سوئال: ئىبادەت نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئىبادەت ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئىش ــ ھەرىكەت، گەپ ــ سۆز ۋە توغرا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇش، ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج-ئۆمرە قىلىش، ئاتا ــ ئانىنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، توغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلاردىن كەمبەغەللەرنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش، راست سۆزلەش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك، راستچىل ۋە ھەققانىي بولۇش ۋە باشقىلار.

## ئەخلاق، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھمىيىتى

25. سوئال: ئەخلاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەخلاق - ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان قىلىقلاردۇر.

26. سوئال: ئەخلاق قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەخلاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، گۈزەل ئەخلاق، يەنە بىرى ناچار ئەخلاق.

27. سوئال: گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ تولۇقلانمىسى بولۇپ، ئەخلاقسىز كىشىنىڭ

ئىمانى كەمدۇر.

## كەلىمە تەييىبە ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

28. سوئال: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

جاۋاب: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا لاإله إلا الله محمد رسول الله ــ لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ دېگەن كەلىمە تەييىبەنى مەنىسىنى بىلىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، تىلى ئىقرار قىلىش بىلەن كىرىدۇ.

29. سوئال: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى دېگەنلىكتۇر.

30. سوئال: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن شاھادەت سۆزى نېمىنى تەقەززا قىلىدۇ؟

جاۋاب: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن شاھادەت سۆزى: بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەقىقىي ئىلاھىي مەبۇد يوق ئىكەنلىكىنى يۈرەكتىن تەسدىق قىلىپ ئېتىقاد قىلىش دېگەننى تەقەززا قىلىدۇ.

31. سوئال: «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت سۆزى نېمىنى تەقەززا قىلىدۇ؟

جاۋاب: «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت سۆزى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەنلىرىنى، بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەسدىق قىلىپ ئىشىنىش، بۇيرىغانلىرىنى ئىجرا قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئورۇنداش قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

32. سوئال: ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمايدۇ. باشقا دىنلارنى ۋە ئۇ دىنلارغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنى كەمسىتمەيدۇ، چەتكە قاقمايدۇ. باشقا دىندىكىلەرنىڭمۇ ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى كەمستمەسلىكىنى، چەتكە قاقماسلىقىنى كۈتىدۇ.

## ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى

33. سوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

جاۋاب: كائىناتتىكى شەيئىلەر ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلغان كىشى

كائىنـاتتىكى ھەرقانـداق نەرسـىنىڭ، ئۆزىـدىن باشقىسـى ئۈچـۈن يارىتىلغـانلىقى ۋە باشقىسـى ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى كۆرىـدۇ. مەسـىلەن: سـۇ يەر-زېمىننـى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆسـۈملۈكلەر ئىنسـانلار ۋە ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھايۋاناتلار ئىنسـانلارنىڭ مەنپەئىتـى ئۈچـۈن ئۆمۈر سۈرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلار ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى كـۆرىمىز. ئۇنـداقتا ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

ئىنساننىڭ پۈتۈن كائىناتتىكىلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ يارىتىلغانلىق ھـۆرمىتىگە مۇۋاپىق، ئەقىلـگە ئۇيغـۇن كېلىـدىغان بىردىنبىـر ئەڭ تـوغرا جـاۋاب شـۇكى، ئىنسـان ئـاللاھ ئۈچـۈن-ئـاللاھنى تونـۇش، ئۇنىڭغـا ئىبتىقـاد ۋە ئىبـادەت قىلىـش ۋە ئـۇ رازى بولىدىغان تەرىقىدە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن -يارىتىلغان. شۇ ۋەجىـدىن، كائىنـات ۋە ئۇنىڭدىكى بـارلىق مەۋجـۇداتلار پەقەت ئىنسـاننىڭ مەنپەئىتـى ئۈچـۈن يارىتىلغـان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن.

ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغـان نەرسىسـىنىڭ سـىرىنى، ئـونى نـېمە ئۈچـۈن ئىجـاد قىلغانلىقىنـىڭ سـەۋەبىنى ياخشـى بىلگەنـدەك، بـارلىق كائىناتنىـڭ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ ئىجادكارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا «ئىنسـان» دەپ ئاتالغـان بـۇ مەخلۇقـاتنى نـېمە ئۈچـۈن ياراتقانلىقىنىـڭ سـەۋەبىنى ئەلـۋەتتە ياخشـى بىلىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا ناھـايىتى ئىخچـام ھالـدا: ﴿جىنلارنـى ۋە ئىنسـانلارنى پەقەت ماڭـا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا يـاراتتىم﴾[1] يەنـى مېنىـڭ ئىسـتىگىنىم بـويىچە ۋە مەن رازى بولىدىغان شەكىلدە ياشىسۇن ئۈچۈن ياراتتىم دېگەن.

ئىنسـان ئەلـۋەتتە، كائىنـاتتىكى شـەيئىلەردىن ئۇلۇغـدۇر. بـۇلار قانـداقمۇ ئىنسـان ئۈچۈن ئىلاھ بولالىسۇن؟! شۇڭا ئىنساننىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتـۇز، ئـوت، كـالا ۋە باشـقا مەخلۇقاتلارغـا چوقۇنۇشـى ئۆزىنىـڭ ئىنسـانلىق ھـۆرمىتىنى ھـايۋانلىق دەرىجىسـىگە چۈشـۈرگەنلىكىدۇر. ئىنسـان ئۈچـۈن ئـاللاھ تائـالادىن باشقىسـى ئېتىقـاد ۋە ئىبـادەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

### ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار

34. سـوئال: ئىمـان ۋە ئىسـلامدىن چىقىـپ كېتىشـكە سـەۋەب بولىـدىغان ئـامىللار قايسىلار؟

(1) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

جاۋاب: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلىش.

(2)ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

(3)مۇناپىقلىق، يەنى ئىچىدە مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلىش.

(4) ئەمەل ـ ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

(5) كۇففارلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ۋە تۇتقان يوللىرىغا كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرۈش.

(6)باشقىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

(7)قۇرئان ۋە سەھىي ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش.

(8)مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلىش.

(9)مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كۇففارلار بىلەن بىرلىشىش.

(10) باشقا قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

(11)سېھرىگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش.

(12) ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش.

(13) ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىي ھەدىسلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولماسلىق ياكى شەرىئەتنى كەمسىتىش، يەنى ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشمايدۇ، دېيىش.

(14) داخان، پالچى ۋە رامچىلارنىڭ غەيبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى داخان، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ مۇھەممەتكە (يەنى ماڭا) كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[1].

(15) ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئاشكارا رەت قىلىش، يەنى ھەقىقەتكە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىش. شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسمۇ ھەقىقەتنى بىلەتتى ۋە ئاللاھنى ئېتىراپ قىلاتتى. بىراق ئىبلىس تەكەببۇرلۇقتىن ئاللاھنىڭ پەرمانىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىقى سەۋەبتىن، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈلۈك قوغلانغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: ''ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار'' دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ، كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾[1].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆپىنىڭ تۈرلىرىدىن قايسى بىرىنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلام ۋە ئىماندىن چىققان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئىمانىمىزدا مەھكەم قىلسۇن.. ئامىين!

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

# ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

35. سوئال: ئاللاھقا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن بار بولغان يالغۇز ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ كامالى سۈپەتلىرى بىلەن ھەمىشە سۈپەتلىنىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بارلىق ئەيىب ـ نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك.

## ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

36. سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

(2) ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى مۇتلەق پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىش. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئاللاھتىن بۆلەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر [1].

(3) ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ، بىرلا ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2].

(4) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئالىي ماقامىغا لايىق ھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار.

(1) ئەنئام سۈرىسى 102ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 163 ـ ئايەت

ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [1].

37. سوئال: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن مەقسەت نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن بولغان ئاساسلىق مەقسەت ـ ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئاللاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىپ، ئىنسان بولۇپ يارالغانلىق بۇرچىنى ئۆتەش ئارقىلىق، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

38. سوئال: ئاللاھ تائالانى قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككىگە قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، ئەقىل بىلەن ئىلىم، يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

39. سوئال: ئاللاھ تائالانى ئەقىل ۋە ئىلىم ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقىلنى ئالايلۇق: ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ـ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا بارا ـ بارا ئەقلىنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللارغا خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھنىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار [2].

---

(1) ئەئراق سۈرىسى 180 ـ ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىكى كۆزلىنىشتىن مەقسەت، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئاجايىب قۇدرەتلىرى ۋە كامالىغا يەتكەن سەنئەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇشتۇر.

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىلەرنى ئانائىلارىڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى [1].

ئاللاھ كائىناتتىكى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن ئىبرەت ئالمىغانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كوردۇر [2].

40. سوئال: قۇلاق، كۆز ۋە دىلنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ ئىنساندىكى قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ىكارغا يارىتىلمىغانلىقى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ [3].

دېمەك: قۇلاق، كۆز، قەلب قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمەتلىرى كۆپ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغانلىقىدىن، ئاللاھ بۇ ئەزالارنى قۇرئاندا بىر قانچە يەردە تەكرار بايان قىلغان. چۈنكى ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ كالامىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلايدۇ. كۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ. قەلبى بىلەن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئەزانى ئىشلىتىش پەقەت ئەقلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ئەقىل ئۆز يولىدا ئىشلىتىلگەندىلا، يۇقىرىقى ئۈچ ئەزامۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدۇ.

### ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

41. سوئال: ئەقىلنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى نېمە؟

---

(1) نەھل سۈرىسى 78 ـ ئايەت
(2) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت
(3) ئىسرا سۈرىسى 36 ـ ئايەت

جاۋاب: ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان «ئەقىل»نى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇندا، «ئەقىل ئىگىلىرى»نى 10 ئورۇندا ماختىغان. ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كائىناتتىكى تولۇقلۇق ئالامەتلەر بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرلىرىنى: چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى بايان قىلدۇق . ئەقىل ئىشلىتىپ چۈشەنمەمسىلەر؟ ۋە ئىبرەت ئېلىڭلار ئى ئەقىل ئىگىلىرى! دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن تۈگەتكەن. ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھقا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئەت ياكى قابىلىيەت يالغۇز ۋىجدانلا ئەمەس ياكى يالغۇز ئەقىللا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋىجدان بىلەن ئەقىلنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەقىل يالغۇز ئۆزىلا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنسان ئەقلى شۇنداقكى، ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن ياكى ئۆگەنمەستىن ئەڭ ئاۋۋال سەۋەبلەر قانۇنىغا (يەنى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىغا ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا) ئىشىنىدۇ. سەۋەبسىز بىرەر شەيئىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئىشەنمەيدۇ. ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن يىراق ياشىغان سەھرالىق بىر ئادەم ئاللاھ توغرىلىق سورالغىنىدا، سەۋەبلەر قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن:«قۇملۇقتىكى تۆگە ئىزى بۇ جايدىن تۆگىنىڭ ئۆتكەنلىكىگە، ئۇلاق ئىزلىرى بۇ جايدىن كارۋانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان، قتئەلەر ۋە تولۇقلۇق يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن ۋە دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان يەككە - يېگانە زات - ئاللاھقا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟»

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دىن ئىبارەت ئەقلىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز شۇنداق جەزم قىلىدۇكى، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ بىرەر پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بولغىنىدەك، ئالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر! چۈنكى ئۆزى يوق نەرسە بىرەر

نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ-دە!

ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىلارمۇ؟ [1] يولدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلنى يىراقتىن كۆزەتكەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ توختاش ئىشارەتلىرىدە توختاپ، تار كوچىلاردا بىرەر نەرسىگە ئورۇلۇپ بەرمەستىن، قائىدە بويىچە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم سالاھىيەتلىك بىر شوپۇرنىڭ بارلىقىنى جەزم قىلىدۇ. چۈنكى ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرسىز يۈرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بەلگىلەنگەن سىستېما بويىچە ئىنتىزامچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە پەسىللەرنىڭ بۇ توغرا ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى چوقۇم جەزم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

«ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئەگەر ئاللاھ مەۋجۇد بولمىغان بولسا ئىدى، يۇقىرىقىلارنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

«سەنئەتكارىسىز سەنئەت ۋە ئاپتورىسىز ئەسەر ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟!

## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر

42. سوئال: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

43. سوئال: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: «سەنئەت ـ سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدىنى ھەركىم ياخشى بىلىدۇ. بىز بۇ قائىدىنى

(1) تۇر سۈرىسى 35-36- ئايەتلەر

تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۇيۇمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋاھاكازالار....

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات - ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى..... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: بىز ئاپتوموبىل توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك تۆمۈرلەرگە ۋە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە كېسىدىغان ھۈنەرگە ئىگە ۋە ئۇنى چىرايلىق قۇراشتۇرۇپ ئاپتوموبىل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودىسىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھۈنەر ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇندىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ چىراقلىرىغىچە بولغان ھەر بىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودىسى، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئاددى بىر ئاپتوموبىل توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ ياراتقان شەيئىلىرىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىب ئىشلاردىن بىرەرسىنى بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت

سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سۆيىتىنى تونۇيالايمىز.

كائىناتتىكى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىشۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىك سۆپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغىنى، ھەتتا قۇرغاقچىلىقتىن ئىستىسقا (سۇ سوراش)نامىزى ئوقۇپ ئاللاھتىن سۇ تىلىگەنلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىنىدىن، ئۇنىڭ ھەر قانداق دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىق سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى خالىغانچە ھەرخىل گۈزەل شەكىللەردە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىك سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى خالىغانچە ھەرخىل گۈزەل شەكىللەردە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىك سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھاياتىمىزدا بىرەر ياكى كۆپ قېتىم ئۆلۈمنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ئامان قالغىنىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ئىكەنلىك سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھېچقانداق كېسەللىك تارتماستىن ياكى بىرەر ۋەقەگە ئۇچرىماستىن ياتقان يېرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىك سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھنىڭ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى، يامغۇر بىلەن قايتا ياشارتىپ تىرىلدۈرگىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىق سۆپىتىنى تونۇيالايمىز.

مۇندىن باشقا، كائىناتتىكى ھەر بىر مەخلۇقات ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئالىي سۆپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھقا ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن (ئۇنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە ئاللاھ زېمىندا تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان

قەۋم ئۇچۇن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن (كۆكتىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۇرۇشىدە ۋە شامالنى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئى مۇھەممەد! ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. كۇففارلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ [1].

44. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى تونۇغىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: تەپەككۇر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئاپتوموبىل توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، مەزكۇر ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلنى ياساپ چىقىشتىكى ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە بۇساھەدە يېتىشكەن ئىنژېنېر ئىكەنلىكىگە ئوخشىغان بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ بويى ئېگىزمۇ ياكى پاكارمۇ، ئۇ مەرتمۇ ياكى بېخىلمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ ۋە باشقا سۈپەتلىرىنى بىلەلمىگىنىمىزگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى سەنئەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بارچە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلەلمەيمىز.

45. سوئال: ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەنمۇ بىلەلمىگەن سۈپەتلىرىنى قانداق بىلىمىز؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: ئاللاھ تائالانىڭ جەمئىي 99 ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار [2].

ئاللاھنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ھەرقانداق ئادەم، ئاللاھنىڭ بارچە كامالەتلەرگە ئىگە، نەقەدەر كاتتا ۋە ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر
(2) ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت

**ئاللاھنى قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن تونۇش**

46. سوئال: ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندا بەش ھېسسىي ئەزا بولۇپ، كائىناتتىكى بەزى ماددىي شەيئىلەرنى شۇ ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىدۇ، مەسىلەن: ئىنسان كۆزى بىلەن شەيئىلەرنى كۆرۈپ بىلىدۇ، قولىقى بىلەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بىلىدۇ، قولى بىلەن شەيئىلەرنى تۇتۇپ بىلىدۇ، بۇرنى بىلەن ھىدىنى پۇراپ بىلىدۇ ۋە تىلى بىلەن تەمنى تېتىپ بىلىدۇ. ئىنسان بۇ بەش ھېسسىي ئەزاسى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق ئاڭلاپ بىلىدۇ. مەسىلەن: مەككىنى كۆرمىگەن كىشىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق مەككىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بارلىقىغا ھېچ شەك قىلمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ھېچ شەك قىلمايمىز.

ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى يوق دەپ ئىنكار قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. مەسىلەن: رادىئو دولقۇنلىرى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا بار، ئەمما رادىئو بولمىسا ئۇنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. توك سىمىدا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت لامپوچكىنى ئۇنىڭغا چاتقاندىلا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇنيادا ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلگىلى ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن شەيئىلەر بار. ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دۇنيادىكى ماددىي شەيئىلەرنىڭ پەقەت 3.5% نىلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە قالغان 96.5% نى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھاۋادىن ھەر ئاندا نەپەس ئېلىپ تۇرىمىز. لېكىن ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلەلمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسان ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق پەقەت بەزى ماددىي شەيئىلەرنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ زاتى ماددا ئەمەس.

شۇڭا، ئىنساننىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبتىن، ئۇ، ئاللاھنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق تونۇيدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر قۇرئان كەرىم ۋە سەھىي (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان، ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر.

47. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلغان نەرسە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى بىلىشىدۇر، ئىنسانلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونىغان چاغدىلا، ئۇلارنىڭ ئىمانى تولۇقلىنىدۇ، ئىبادەتلىرىنى توغرا يوسۇندا قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن [1]. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ئەسلەش بەندىنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ، ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەش بەندىنى قورقىتىدۇ. ئۇنىڭ نېمەتلەرنى تەنھا ئۆزى بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئەسلەش بەندىنى شۈكرى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

48. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار [2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ يۈزگە بىرى كەم- 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[3].

ھەدىستىكى **«سانىسا»** دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟

ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكىدەك 3خىل مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ:

(1) سانىنى سانىسا ۋە تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇسا دېگەنلىك بولۇپ، تىلى ۋە قەلبى بىلەن ئۇلارنى زىكىر قىلغاننى ئىپادىلەيدۇ.

(2) مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتسا ۋە ئېتىقاد قىلسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر كىشى: **الحكيم** «ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان بولىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىشلار ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. ياكى **العدل** «ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ-دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەققىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشكە داۋام قىلىدۇ.

(3) ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرىنچىسى: ئاللاھنى مەدھىيىلەش ۋە ئۇنى ياد ئېتىش. ئىككىنچىسى: ئاللاھتىن

---

(1) سۈرە مۇھەممەد، 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

(2) سۈرە ئەئراف، 180 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ھاجىتىنى سوراش قاتارلىقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ.

**ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى**

| ئىسىم | ئوقۇلىشى | مەنىسى |
|---|---|---|
| الله | ئاللاھ | بارچە مەۋجۇداتنىڭ يېگانە ئىگىسى، ئىبادەتكە ۋە بويسۇنۇشقا ھەقلىق بولغان ئىلاھىي مەبۇدنىڭ ئىسمى. |
| الرحمن | ئەررەھمان | ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ئۈچۈن رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە شامىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىشلىتىلمەيدىغان خاس ئىسىمدۇر. |
| الرحيم | ئەررەھىيم | مۆمىنلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرنى بۇ دۇنيادا ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئۇنىڭ رەھىم سۈپىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. |
| العفو | ئەل ئەفۇۋ | جازاغا ھەقلىق بولغانلاردىن خالىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى، خاتالىقىنى كەچۈرگۈچى، جازادىن ئەپۇ قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. |
| الغفور | ئەل غەفۇر | گۇناھ قىلغۇچىنى رەسۋا قىلماستىن، گۇناھىنى يۆگۈگۈچى ۋە جازادىن ئەپۇ قىلغۇچى ئاللاھتۇر. |
| الغفار | ئەل غەففار | ئاللاھنىڭ بەندىلەرنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسمى. |

| | | |
|---|---|---|
| **الرءوف** | ئەررەئۇف | رەھمەتنىڭ ۋە شەپقەتنىڭ كامالىتى بولغان سۈپەت بولۇپ، بۇ دۇنيادا پۈتۈن مەخلۇقات ئۈچۈن ئومۇم، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن خاس بولغان رەھمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم. |
| **الحَليم** | ئەل ھەلىيم | كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ گۇناھكارلارنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان، بەلكى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىۋەتكۈچى ئاللاھتۇر. |
| **التواب** | ئەتتەۋۋاب | خالىغان بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللاھتۇر. |
| **الستير** | ئەسسىتىر | بەندىلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى، خاتالىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئېچىپ، ئۇلارنى رەسۋا قىلماستىن، يۆگىگۈچى دېگەن مەنىدە. |
| **الغنِي** | ئەل غەنى | مۇتلەق تەڭداشسىز كامالەتكە ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، بەندىلىرىدىن ھېچبىرىگە مۇھتاج بولمىغان، پۈتۈن مەخلۇقات ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان ۋە ئۇنىڭ ئىنئامى ۋە ياردىمى ھېچقاچان توختاپ قالمايدىغان زات دېگەن مەنىدە. |
| **الكَريم** | ئەل كەرىم | ياخشىلىقى كۆپ، ئاتا-ئېھسانى مول، خالىغان بەندىسىگە سورىسۇن ياكى سورىمىسۇن، خالىغانچە بېرىدىغان زات. |
| **الأكْرم** | ئەل ئەكرەم | سېخىيلىقتا، ئاتا-ئېھسان قىلىشتا تەڭدىشى يوق، |

| | | |
|---|---|---|
| | | ياخشىلىق پەقەت ئۇنىڭ قولىدا بولغان، مۆمىنلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئىنئام قىلىدىغان، كاپىرلارنى ۋە ئاسىيلارنى كېچىكتۈرۈپ ئۆز ئادالىتى بىلەن جازالايدىغان زات. |
| الوهاب | ئەل ۋەھھاب | كۆپ بەرگۈچى، بەدەلسىز بەرگۈچى ۋە سورىمىسىمۇ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى زات. |
| الجَواد | ئەل جەۋۋاد | ھېسابسىز بەرگۈچى، بەندىلىرىگە پەزلى-ئېھسان قىلغۇچى، مۆمىنلەرگە تېخىمۇ كۆپ بەرگۈچى زات. |
| الودود | ئەل ۋەدۇد | ھەقىقىي مۆمىن بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارغا ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلارنى بېرىدىغان، ئۇلاردىن رازى بولىدىغان ۋە ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدىغان شەپقەتلىك زات. |
| المُعطي | ئەل مۇئتى | خالىغان بەندىسىگە ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن ھېسابسىز بەرگۈچى، مۆمىن بەندىلىرىگە تېخىمۇ كۆپ نېسىۋە بەرگۈچى، ھەر نەرسىنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتقۇچى زات. |
| الواسع | ئەل ۋاسىئ | ياخشىلىقى كۆپ، ئاتا-ئېھسانى سانسىز، پادىشاھلىقى، ئۇلۇغلىقى، مەغپىرىتى كەڭ، شەپقىتى چەكسىز زات. |
| المُحسِن | ئەلمۇھسىن | زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىسىملىرىدا كامالىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان، ھەر شەيئىگە ئاتا-ئېھساننى پۈتتۈۋەتكەن، بەندىلىرىگە ھەمىشە ياخشىلىق ئاتا قىلىدىغان زات. |
| الرازق | ئەررەززاق | پۈتۈن خەلققە رىزىق بەرگۈچى، مەخلۇقاتنى |

| | | |
|---|---|---|
| رىزقلاندۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان زات. | | |
| ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى ھەمىشە رىزىقلاندۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارغا سورىماستىن رىزىق بېرىدۇ، ھەتتا گۇناھكارلارغىمۇ، كۇپپارلارغىمۇ رىزىق بېرىدۇ. | ئەررازىق | الرزاق |
| ئىشلارنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا پىنھان قالمايدىغان، ياخشىلىقلارنى بەندىلىرىگە ئۇلار ھېس قىلمىغان شەكىلدە ھېسابسىز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان زات. | ئەللەتىپ | اللطيف |
| شەيئىلەرنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى خۇددى ئاشكارا تەرەپلىرىنى بىلگەندەك تولۇق بىلگۈچى، ئىلمى، مەلۇماتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى زات. | ئەل خەبىير | الخَبير |
| ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن، رەھمىتىدىن ۋە رىزقىدىن ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن خالىغانچە ئاچىدىغان ۋە بەندىلىرىنى تەمىنلەيدىغان زاتتۇر. | ئەل فەتتاھ | الفَتاح |
| ئىلمى شەيئىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، ئىچكى ۋە تاشقى پۈتۈن تەرەپلىرىنى تەپسىلى ۋە ئېنىق بىلگۈچى، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلەچەككە ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچى زاتتۇر. | ئەل ئەلىيم | العليم |
| بەندىلىرىگە ۋە جىمى مەخلۇقاتلىرىغا ئاتا-ئېھسان قىلىشتا قولى كەڭ، بەرگەنلىرىنى ھېچكىم ساناپ بولالمايدىغان، ۋەدىسىدە راستچىل، بەندىلىرىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە | ئەل بىررۇ | البر |

| | | |
|---|---|---|
| | | گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچى، ئۇلارغا يادەم قىلغۇچى ۋە قوغدىغۇچى زاتتۇر. |
| الحكيم | ئەل ھەكىيم | ھەر ئىشنى جايىدا قىلغۇچى، قىلغانلىرىدا ھېچقانداق ناقىسلىق ياكى زىيادىلىك بولمايدىغان زاتتۇر. |
| الحكم | ئەل ھەكەم | بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى، ھېچكىمگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدىغان، ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت مىزانى قىلىپ ئۇلۇغ قۇرئاننى چۈشۈرگەن زاتتۇر. |
| الشاكر | ئەل شاكىر | ئىتائەت قىلغۇچىلارنى ماختايدىغان ۋە شەنىنى كۆتۈرىدىغان، ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاب بېرىدىغان، نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تېخىمۇ زىيادە بېرىش بىلەن جاۋاب بېرىدىغان زاتتۇر. |
| الشكور | ئەل شەكۇر | بەندىلەرنىڭ ئاز ئەمەللىرى، ئۇنىڭ دەرگاھىدا كۆپ بولۇپ قوبۇل قىلىنىدىغان، مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ بېرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرلىرىگە ساۋاب بېرىدۇ ۋە ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. |
| الجميل | ئەل جەمىل | زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا گۈزەل، بارچە گۈزەللىكلەرنىڭ مەنبىئى بولغان زاتتۇر. |
| المجيد | ئەل مەجىيد | ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى مۇتلەق ئىپتىخار، ھۆرمەت، ئىززەت ۋە قەدىر-قىممەتكە سازاۋەر بولغان زاتتۇر. |
| الولي | ئەل ۋەلىي | مەخلۇقاتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، |

| | | |
|---|---|---|
| | | پادىشاھلىقىنى مۇكەممەل ئىدارە قىلغۇچى، مۆمىنلەرگە ياردەم ۋە نۇسرەت بەرگۈچى زاتتۇر. |
| الحَميد | ئەل ھەمىيد | زاتى، ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە پۈتۈن ئىشلىرى ماختالغۇچى، باياشاتلىق ۋە قىيىنچىلىق، قاتتىقلىق ۋە خۇشاللىق ھەممە ھالەتتە مەدھىيە ئوقۇلغۇچى، ماختاشقا، شۈكرى قىلىشقا ھەقىقىي ھەقلىق بولغۇچى زاتتۇر. |
| المَولى | ئەل مەۋلا | پەرۋىشچى، پادىشاھ، خوجايىن، مۆمىنلەرنى قوللىغۇچى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغۇچى زاتتۇر. |
| النصير | ئەننەسىير | ياردىمى بىلەن خالىغان بەندىسىنى قوللىغۇچى، ئۇ ياردەم بەرگەنلەرگە غالىپ كەلگۈچى بولمىغان ۋە ئۇ خار قىلغاننى ئىززەتلىك قىلغۇچى بولمىغان، ھەمىشە، ھەر ئىشتا، ھەممىگە غالىب كەلگۈچى زاتتۇر. |
| السميع | ئەسسەمىيئ | ھەر قانداق چاقىرىق، مۇناجاتلارنى، دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەر قانداق مەخپىي ۋە ئاشكارا ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تىلىگەنلىرىنى بەرگۈچى زاتتۇر. |
| البصير | ئەل بەسىير | يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئالەملەردىكى پۈتۈن شەيئىلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەر قانداق مەخپىي نەرسىنىمۇ-مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن- ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق كۆرگۈچى زاتتۇر. |
| الشهيد | ئەششەھىيد | بەندىلىرىنى كۈزەتكۈچى، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى، مۆمىنلەرنىڭ |

| | | |
|---|---|---|
| | | راستچىللىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى زاتتۇر. |
| **الرقيب** | ئەررەقىيب | بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن جىمى ئىشلىرىنى بىلىپ، گەپ- سۆزلىرىنى، ھەتتا يوشۇرۇن پاراڭلىرىنىمۇ ئاڭلاپ، ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، بىر لەھزىدە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ، بىلىپ، كۆزىتىپ ئۆلگۈرگۈچى زاتتۇر. |
| **الرفيق** | ئەررەفىيق | ئىشلىرىدا، بەلگىلىمىلىرىدە، تەقسىماتلىرىدا مېھرىبانلىقنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغۇچى، بەندىلىرىگە ھەمىشە مېھىر-شەپقەت بىلەن قارىغۇچى، بەندىلەرگە ئاسانلىقنى كۆزلەپ شەرىئەت تەكلىپلىرىنىمۇ تەدرىجىلىك بىلەن چۈشۈرگۈچى، ئۇلار تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى تەكلىپ قىلمايدىغان زاتتۇر. |
| **القريب** | ئەل قەرىيب | ئىلمى، قۇدرىتى ۋە شەپقىتى بىلەن پۈتۈن خەلقىگە ئۇلارنىڭ گۆرەن تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن، مۆمىنلەرگە ياردىمى، نۇسرىتى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن ھەمىشە يېقىن تۇرغۇچى زاتتۇر. |
| **المجيب** | ئەل مىجىيب | دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ۋە سورىغۇچىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى، ھېكمىتى ۋە ئىلمىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن خالىغانچە بەرگۈچى زاتتۇر. |
| **المقيت** | ئەل مۇقىيت | رىزقلارنى ۋە ئوزۇقلۇقلارنى ياراتقان، مەخلۇقاتلىرىغا ئۇلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلغان، بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ رىزقلىرىنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نوقسانسىز مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر. |

| | | |
|---|---|---|
| الحَسيب | ئەل ھەسىيب | : بەنـدىلىرىنىڭ دىـن ۋە دۇنيـالىق ئىشـلىرىنىڭ ھەممىســگە كۇپــايە قىلغــۇچى، مــۆمىنلەرگە ئالاھىدە ئىنئام قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى قوغدىغۇچى، بەنـدىلەرنىڭ دۇنيـادا قىلغانلىرىنـىڭ ھېسابىنى ئالغۇچى زاتتۇر. |
| المُؤمن | ئەل مۇئمىن | پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ راستچىللىقىغا گــۇۋاھ بولغـۇچى، تەسـتىقلىغۇچى، ياخشـى ئىـش قىلغانلارغـا قىيـامەت كۈنـدە زۇلـۇم قىلماسـتىن، كەم قىلماســتىن ئەجىرلىرىنــى تولــۇق بېرىشــكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى خـاتىرجەم قىلغـۇچى زاتتۇر. |
| المَنان | ئەل مەننان | ئاتـا-ئىھسـانى بەك كـۆپ، نېمەتلىـرى ناھـايىتى مــول، بەنـــدىلىرىگە ياخشـــىلىقلىرى ھېسابســـىز زاتتۇر. |
| الطيب | ئەتتەييىب | ھەر قانداق ئەيىـب ۋە نوقسـانلاردىن پـاك، پـاكىز، ساق ۋە تولۇق، كامالەتتە مۇتلەقلىق ئۇنىڭغا خاس بولغــان، بەنـــدىلىرىگە ئاتــا-ئىھســانلىرى كــۆپ بولغــان، پــاك بولمىغــان زاكــات ۋە ســەدىقىلەرنى قوبــۇل قىلمايــدىغان، ياخشــى نــيەت بــىلەن قىلىنمىغان ئەمەللەرنى رەت قىلىدىغان زاتتۇر. |
| الشافي | ئەششافىي | قەلــبلەرگە ۋە بەدەنــلەرگە شــىپالىق بەرگــۈچى زاتتـــۇر. كېســـەللەرنىڭ شـــىپالىق تېپىشـــى بەنــدىلەرنىڭ قولــدا ئەمەس، بەلكــى شــىپالىق ئاللاھتىندۇر. ئاللاھ ساقايتىشنى خالىغان كېسـەل ئۈچـــۈن داۋالـــىنىش يـــوللىرىنى ۋە پايـــدىلىق دورىلارنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ. |
| الحَفيظ | ئەل ھەفىيز | مـۆمىن بەنـدىلىرىنى ۋە ئۇلارنـىڭ ئەمەللىرىنـى |

| | | |
|---|---|---|
| | | قوغدىغۇچى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ساقلىغۇچى زاتتۇر. |
| **الوكيلُ** | ئەل ۋەكىيل | ئالەملەرنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، يارىتىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا يېگانە بولغۇچى، ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىتائەتمەن مۆمىنلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى، ئۇلارغا ھالال رىزق تېپىش، ئىبادەت ۋە پۈتۈن ھاياتلىق ئىشلىرىدا ياردەم بەرگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان شۈكۈرلىرى ئۈچۈن نېمىتىنى زىيادە قىلىپ بەرگۈچى زاتتۇر. |
| **الخَلاق** | ئەل خەللاق | ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىنىڭ كۆپلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىسىم. ئاللاھ ھەمىشە يارىتىپ تۇرىدۇ. ياراتقۇچىلىقى بىلەن ئەبەدى سۈپەتلىنىدۇ. |
| **الخَالق** | ئەل خالىق | ھەر نەرسىنى تەڭداشسىز ۋە ياردەمسىز ھالدا ئۆزى ياراتقۇچى زاتتۇر. |
| **البارئ** | ئەل بارىئ | ئۆزى تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەنلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى زاتتۇر. |
| **المصور** | ئەل مۇسەۋۋىر | ھەر بىر مەخلۇقاتنى ئۆزىنىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغان شەكىلدە شەكىللەندۈرگۈچى ۋە گۈزەل سۈرەتلەردە ياراتقۇچى زاتتۇر. |
| **الرب** | ئەررەب | مەخلۇقاتلىرىنى نېمەتلىرى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرى بىلەن پەرۋىش قىلغۇچى زات. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەن مۆمىن بەندىلىرىنى مەخسۇس تەربىيلەيدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ياراتقۇچى ۋە ئىگە بولغۇچى خوجايىندۇر. |

| | | |
|---|---|---|
| العظيم | ئەل ئەزىيم | زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىشلىرىدا مۇتلەق كامالەت ۋە مۇتلەق ئۇلۇغلۇققا ئىگە زات. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىلەرنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلىشى ۋە قەدىرلىشى پەرزدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۇلۇغلاش پەرزدۇر. |
| القاهر<br>القهار | ئەل قاھىر<br>ئەل قەھھار | مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، مەخلۇقاتلار ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا باش ئەگكۈچى زاتتۇر. بەندىلەرنى مۇتلەق بويسۇندۇرغۇچى كامالەتلىك زاتتۇر. |
| المهيمن | ئەل مۇھەيمىن | ھەر شەيئىنى ئىدارە قىلغۇچى ۋە ساقلىغۇچى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەر تەرىپىنى بىلگۈچى زاتتۇر. |
| العزيز | ئەل ئەزىز | ئىززەت ۋە قۇدرەت مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ھېچكىم ئۇنىڭغا غالىب كېلەلمەيدىغان، ھېچكىمگە ھېچ ئىشتا مۇھتاج بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئىزنىسىز ھېچ نەرسە ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان مىسلىسىز قۇدرەت ۋە كۈچ ئىگىسى بولغان زاتتۇر. |
| الجبار | ئەل جەببار | خالىغىنىنى قىلغۇچى، بەندىلىرىنى قەھرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتقۇچى، ھەر نەرسە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالدىدا باش ئەگكۈچى، ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغۇچى، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلغۇچى، پېقىرنى باي قىلغۇچى، ئاساننى قىيىن، قىيىننى ئاسان قىلغۇچى، كېسەللەرنى ساقايتقۇچى، يارىدارلارغا ھايات ئاتا قىلغۇچى زاتتۇر. |
| المتكبر | ئەل مۇتەكەببىر | ھەر قانداق ناقىسلىق ۋە يامانلىقتىن ئۈستۈن، بەندىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن يىراق، كاتتىلىق ۋە |

| | | |
|---|---|---|
| | | چونلۇق بىلەن ھەممىشە سۆيەتلەنگۈچى ئۇنىڭدىن بۇ كاتتىلىقنى تالاشقۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈچى زاتتۇر. |
| الكَبِير | ئەل كەبىير | زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا كاتتا ۋە ئۇلۇغ زات. ئاللاھتىن ئۇلۇغ ۋە كاتتا ھېچكىم يوق. ئاللاھتىن باشقا ھەممە ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىچىك ۋە ئاددى سانىلىدۇ. |
| الحَيِي | ئەل ھەيىيۇ | ئۆزىنىڭ كاتتا ماقامىغا لايىق ھالدا ھايا ئىگىسى بولغان زات. ئاللاھنىڭ ھاياسى سېخىيلىق ۋە پەزلى-ئېھساننى ۋە بۈيۈكلىكنى تەقەززا قىلىدىغان ھايادۇر. |
| الحَي | ئەل ھەي | ھەقىقىي مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئىگىسى، ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى بولمىغان ئەبەدىي ھاياتنىڭ ئىگىسى بولغان زات. دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن كەلگەن. ئاللاھ ھاياتلىقنىڭ يېگانە مەنبەئىدۇر. |
| القَيوم | ئەل قەييۇم | ئۆز زاتى بىلەن ھەممە ئىشنى ئىدارە قىلغۇچى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولغۇچى ۋە ئاسمانلار ھەم زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى يالغۇز ئىدارە قىلغۇچى، ھەممە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغۇچى زاتتۇر. |
| الوارِثُ | ئەل ۋارىس | پۈتۈن مەۋجۇدات يوقالغاندىن كېيىنمۇ داۋام قىلغۇچى زات. ھەممە نەرسە پانىيلىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. قولىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن بىزگە ئامانەت بولۇپ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايتىدۇ. |
| الديانُ | ئەددەييان | پۈتۈن مەۋجۇداتنى بويسۇندۇرغۇچى ۋە ئىدارە |

| | | |
|---|---|---|
| | | قىلغۇچى، بەندىلىرىنىڭ قىلغانلىرىغا مۇكاپات ۋە جازا بەرگۈچى، ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقىغا كۆپ ساۋاب بەرگۈچى، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرگۈچى ياكى قىلغانلىرىغا كۆرە جازالىغۇچى زاتتۇر. |
| المَلك | ئەل مەلىك | خەلقى ئۈستىدە مۇتلەق ھاكىمىيىتى بولغان، خالىغان ئىشقا بۇيرۇپ، خالىغان ئىشتىن توسىدىغان، ھەممىنى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ، ھەممىنى ئۆزى قىلىدىغان زاتتۇر. |
| المالك | ئەل مالىك | پادىشاھلىقى ئۆزىنىڭ ھەققى ۋە ئۆزىگىلا خاس بولغان، مەۋجۇداتنى ياراتقاندا يېنىدا ھېچكىم بولمىغان، بارچە مەخلۇقاتلار يوق قىلىنغان ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭ پادىشاھلىقى داۋام قىلىدىغان زاتتۇر. |
| المَليك | ئەل مەلىيك | مۇتلەق پادىشاھلىققا دالالەت قىلىدىغان ئىسىم بولۇپ، «الملك»(پادىشاھ) سۆزىدىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. |
| السبوح | ئەسسۇببۇھ | ھەر قانداق ئەيىب ۋە نۇقساندىن پۈتۈنلەي پاك زاتتۇر. بارلىق گۈزەل كامالىي سۈپەتلەر ئاللاھقىلا مەنسۇپ. |
| القُدوس | ئەل قۇددۇس | قايسى بىر تەرەپتىن بولمىسۇن، ھەر قانداق بىر ناقىسلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن پاكتۇر. چۈنكى ئاللاھ مۇتلەق كامالىي سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن يېگانە زاتتۇر. |
| السلام | ئەسسەلام | ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ھەر قانداق نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن خالى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق تىنچلىق ۋە |

| | | |
|---|---|---|
| | | سالامەتلىكلەرنىڭ مەنبەئى بولغان زاتتۇر. |
| **الحق** | ئەل ھەق | ئىلاھلىقتا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە، ھەق ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ مەبۇد بولمىغان زات. |
| **المبين** | ئەل مۇبىين | يېگانە ئىلاھلىقتا، ھېكمەتلىرىدە ۋە رەھمىتىدە ئوچۇق، ئېنىق ۋە ئاشكارا بولغان، بەندىلىرىگە ھەققە ئەگىشىشى ئۈچۈن ھەق يولنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگۈچى زات. |
| **القوي** | ئەل قەۋىي | تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ۋە مۇتلەق ئىختىيارنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان زات. |
| **المتين** | ئەل مەتىين | كۈچ ـقۇۋۋەتتە، قۇدرەتتە، ئەڭ مەھكەم، ھېچقانداق ئىشتا چارچاپ قالمايدىغان، چاپا تارتىپ قالمايدىغان زات. |
| **القادر** | ئەل قادىر | ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ئاسمان ۋە زېمىندە ھېچ نەرسە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرالمايدىغان ۋە خالىغان نەرسىنى ئۆز خاھىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان زات. |
| **القدير** | ئەل قەدىير | «القادر» سۈپىتىنىڭ ئەڭ كامالىي ئىپادىسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۇتلەق قۇدرەت ۋە كۈچ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. |
| **المقتدر** | ئەل مۇقتەدىر | ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە تەقدىر قىلغان ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشتە تەڭداشسىز ئىختىيار ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان سۈپەت. |
| **العلي** | ئەل ئەلىي | ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ، قەھرى كۈچىنىڭ، شەنىنىڭ |
| **الأعلى** | ئەل ئەئلا | |

| | | |
|---|---|---|
| | | ئۇستۇنلىكىنى ۋە ھەر نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قولىدا ۋە خاھىشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەت. ئاللاھقا ئۇستۇن كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. |
| المُتعالُ | ئەل مۇتەئال | ئۇلۇغلىقى ۋە قۇدرىتى ئالدىدا ھەر نەرسە خارلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدىغان، تەڭدىشى بولمىغان، بەلكى ھەر نەرسە ۋە ھەر قانداق مەخلۇقات ئۇنىڭ تەسەررۇپى، پادىشاھلىقى ۋە قەھرى ئاستىدا بولىدىغان زاتتۇر. |
| المُقدّم | ئەل مۇقەددىم | ھەر نەرسىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئورۇنداشتۇرىدىغان، ئىلمى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن خەلقلىرىدىن بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇستۇن ياكى ئىلگىرى قىلىدىغان زاتتۇر. |
| المُؤخر | ئەل مۇئەخخىر | بەزى نەرسىلەرنى تۆۋەن قىلىپ، خالىغانلىرىنى ئىلگىرى ياكى ئۇستۇن قىلىدىغان، خالىغان ئىشنى ئۆز خاھىشى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە كېچىكتۈرىدىغان، بەندىلىرىنى تەۋبە قىلسۇن دەپ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى ئازابلاشنى كېچىكتۈرىدىغان زاتتۇر. |
| المُسعر | ئەل مۇسەئئىر | شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى، ئورنىنى، دەرىجىسىنى ۋە تەسىرىنى خالىغانچە كۆتۈرىدىغان ياكى كەم قىلىدىغان، ھېكمىتىگە ئاساسەن بەزى نەرسىلەرنى باھالىق ۋە بەزىسىنى ئەرزان قىلىدىغان زاتتۇر. |
| القابِض | ئەل قابىز | روھلارنى قەبز قىلىدىغان، ھېكمىتى بويىچە بەزى بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ |

| | | |
|---|---|---|
| | | قۇدرىتىنى، كۈچىنى ۋە قابىلىيىتىنى، شۇنداقلا رىزقلىرىنى تار قىلىدىغان زاتتۇر. |
| الباسط | ئەل باسىت | رەھمىتى، شەپقىتى بىلەن بەزى بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى مول، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىدىغان، ئاندىن ھېكمىتى بويىچە ئۇلارنى سىنايدىغان، تەۋبە قىلغۇچىلارغا مەغپىرەت قولىنى سۇنىدىغان زاتتۇر. |
| الأول | ئەل ئەۋۋەل | ھېچ نەرسە يوق ۋاقىتتىمۇ بولغان، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ يارىتىشى ۋە ئىجاد قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان، ئۆزىنىڭ باشلىنىش تارىخى بولمىغان زاتتۇر. |
| الآخر | ئەل ئاخىر | ھەر نەرسە پانى بولغاندىمۇ داۋام قىلىدىغان، ھەممە نەرسە ئاخىرى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان، تۈگەنجىسى يوق مەڭگۈلۈك باقى زاتتۇر. |
| الظاهر | ئەززاھىر | ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئاشكارا بولغۇچى، قۇدرىتى نامايان بولۇپ تۇرغۇچى، ھەممىگە ھامىي ۋە ھەممىنى ئىدراك قىلغۇچى زاتتۇر. |
| الباطن | ئەل باتىن | كۆزلەردىن مەخپىي، بەندىلىرىگە ئەڭ ئىلمى، قۇدرىتى، ھېمايىسى ۋە قوغدىشى جەھەتتىن ئەڭ يېقىن زاتتۇر. |
| الوتر | ئەل ۋىتر | يەككە-يېگانە، شېرىكى يوق ياكى ياردەمچىسى ياكى بالىسى ياكى ئوخشىشى بولمىغان زاتتۇر. |
| السيد | ئەسسەييىد | مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى ۋە ياراتقۇچىسى |

| | | |
|---|---|---|
| بولغان زاتتۇر. | | |
| ھېچكىمگە مۇھتاج بولمىغان، خوجايىنلىقىدا، مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭدىشى بولمىغان، ھەممە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان، مەخلۇقاتلىرىنى رىزقلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلاردىن رىزق كۈتمەيدىغان يېگانە زاتتۇر. | ئەسسەمەد | الصمد |
| كامالەتتە يېگانە بولغان، ئوخشىشى بولمىغان، شېرىكى بولمىغان زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى بىر بىلىپ ئېتىقاد قىلىش، ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا قىلىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تەقەززاسى. ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش زۆرۈر بولغان تەڭداشسىز زات. | ئەل ۋاھىد<br>ئەل ئەھەد | الواحد<br>الأحد |
| ھەقىقىي مەبۇد بەرھەق، ئىبادەت قىلىشقا تولىمۇ ھەقلىق بولغان زاتتۇر. | ئەل ئىلاھ | الإله |

**ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق**

49. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكى ئىككى ئىشتا ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا ۋە ئۇنىڭدىكى سۈپەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر قانداق ئىسىم ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن: بىلگۈچى، ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى دېگەنگە ئوخشاش.

ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدىكى ئېسىل سۈپەتلەرنىلا ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن: ھېكمەت، ئىلىم، كۈرۈش، ئاڭلاش دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى ئۇنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى پەقەت ئۇنىڭ سۈپەتلىنىلا ئىپادىلەيدۇ.

(2) ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئىسىملىرىدىن كۆپ. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىسىملىرى تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ كېلىش، بېرىش، تۇرۇش دېگەنگە ئوخشىغان سۈپەتلىرىنى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىپ، كەلگۈچى، بارغۇچى، تۇرغۇچى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق ئىسىملىرى يوق.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ئىسىملىرى تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن: ﴿غەزەبلىنىش﴾ ئاللاھ تائالانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن بىرى. ئەمما ئۇنىڭدىن «غەزەبلەنگۈچى» دەپ ئىسىم تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ «غەزەب قىلغۇچى» دەيدىغان ئىسمى يوق.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ھەر بىرى ئۇنىڭ زاتىغا ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىكى بىر سۈپەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ﴿رەھمان﴾ ئىسمىنىڭ«رەھمەت» دېگەن سۈپەتنى، ﴿كۆرگۈچى﴾ دېگەن ئىسمىنىڭ «كۆرۈش» دېگەن سۈپەتنى، ﴿ئاڭلىغۇچى﴾ دېگەن ئىسمىنىڭ «ئاڭلاش» دېگەن سۈپەتنى ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

### ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

50. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى زاتىي سۈپەت، پېئىلىي سۈپەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

51. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ زاتىي سۈپەتلىرى قانداق سۈپەتلەر؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ زاتىي سۈپەتلىرى- ئەزەلدىن ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا بولغان، ھەمىشە شۇنداق داۋام قىلىدىغان، سابىت سۈپەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ھايات، ئىلىم، قۇدرەت قاتارلىق دائىمىي سۈپەتلىرىگە ئوخشاش.

52. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ پېئىلىي سۈپەتلىرى قانداق سۈپەتلەر؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ پېئىلىي سۈپەتلىرى- ئەسلى ئۆزگەرمەيدىغان، ئەمما نەتىجىسى ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان سۈپەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: يارىتىش، رىزىق بېرىش، كەچۈرۈش، جازالاش قاتارلىق يېڭىلىنىپ، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۈپەتلىرىگە ئوخشاش.

## ئاللاھنىڭ زاتىي سۈپەتلىرى•

53. سوئال: ئاللاھنىڭ زاتىي سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ زاتىي سۈپەتلىرى كۆپ. تۆۋەنـدە، ئۇلاردىن سەككىز سۈپەتنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

(1) حي (ھەمىشە تىرىك بولغۇچى)

(2) عالم (ھەممىنى بىلگۈچى)

(3) قادر (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان قادىر)

(4) مريد (ئىرادە قىلغۇچى)

(5) مكونٌ (ئىجاد قىلغۇچى)

(6) متكلم (سۆزلىگۈچى)

(7) سميع (ئاڭلىغۇچى)

(8) بصير (كۆرگۈچى)

54. سوئال: ئاللاھنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن تىرىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ تىرىكلىكى جان ۋە جىسىم بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر [1].

55. سوئال: ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ بىلىشى ئەقىل ۋە زىھىن بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [2].

56. سوئال: ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۇ، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا غالىب كېلەلمەيدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە

• مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ«ئەقائىد زۇرۇرىي»ناملىق ئەسەرىدىن.

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 29 ـ ئايەت

قادىردۇر[1].

57. سوئال: ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: ئاللاھ مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسى بولۇپ، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىسىز ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. «ئاللاھ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر»[2].

58. سوئال: ئاللاھنىڭ سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن سۆزلىگۈچى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھنىڭ سۆزلىشى تىل ۋە ئېغىز بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر. ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى[3].

59. سوئال: ئاللاھنىڭ ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىدۇر. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە ئىجاد قىلىشى بىلەن پەيدا بولغاندۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر[4].

60. سوئال: ئاللاھنىڭ ئاڭلىغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: ئاللاھ ھەر قانداق ئاۋازلارنى، دۇئالارنى ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپەتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[5].

61. سوئال: ئاللاھنىڭ كۆرگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[6].

---

(1) ھەدىد سۈرىسى 2 ـ ئايەت
(2) بۇرۇج سۈرىسى 16 ـ ئايەت
(3) نىسا سۈرىسى 164 ـ ئايەت
(4) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت
(5) مائىدە سۈرىسى 76 ـ ئايەت
(6) ئال ئىمران سۈرىسى15 ـ ئايەت

**ئاللاھ تائالانى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولامدۇ**

62. سوئال: ئاللا تائالانى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھ تائالانى دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىغا، مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ نى مەھشەرگاھ مەيدانىدا ۋە جەننەتتە كۆرىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈنده، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾[1].

(1) سۈرە قىيامەت، 22 ـــ 23 ـ ئايەتلەر

## روھىي ئالەملەر

63. سوئال: روھىي ئالەملەر دېگەن نېمىلەر؟

جاۋاب: روھىي ئالەملەر ـ ئىنسانلار ئىدراك قىلالمايدىغان يوشۇرۇن ئالەملەر دېمەكتۇر. كائىناتتىكى شەيئىلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىنساندىكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: ئادەم، ھايۋان، تاغ، دەريا، تېرىم، دەرەخ ۋە باشقا ھەر قانداق ماددىي شەيئىلەر، يەنە بىرى، ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار ۋە باشقىلار. بۇخىل شەيئىلەرنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇلار غەيبىي ئالەملەر ياكى روھىي ئالەملەر، دەپ ئاتىلىدۇ.

64. سوئال: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى قانداق بىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىنى كۆرمىگەن ئادەم ئامېرىكا دېگەن دۆلەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي شەك قىلمىغىنىدەك، مۇسۇلمانلار غەيبىي ئالەملەرنى ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن بىلەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسلارنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

## پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

65. سوئال: پەرىشتىلەر قانداق بەندىلەر؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر - روھىي ئالەملەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان ئالەمنىڭ بىرقىسمى. ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق يوقتۇر. پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارغا ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

66. سوئال: پەرىشتىلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرگە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقى ھەقتۇر، ئۇلار ھەممىسە ئاللاھنىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان ۋە گۇناھسىز بەندىلەردۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك.

### پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

67. سوئال: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش. چۈنكى، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

(2) جىبرىل، ئىسرافىل، مىكائىل ۋە ئەزرائىللارغا ئوخشاش بىزلەرگە ئىسىملىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرگە تەپسىلىي، ئىسىملىرى بىزلەرگە مەلۇم بولمىغان جىمى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

(3) جىبرىلغا ئوخشاش بىزگە سۈپەتلىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

(4) پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىغا ئىشىنىش. مەسىلەن: جىبرىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىش. ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئەجەلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش. مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارنى قوزغاش ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زېمىننىڭ ئاللاھ

خالىغان جايلىرىغا يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش. ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى، قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا، بىرىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلەش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئاخىرەت ئالىمى باشلانغان كۈندە، ئىككىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلەش بىلەن ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

68. سوئال: پەرىشتىلەر نېمىدىن يارىتىلغان؟

جاۋاب: ئىنسانلار تۇپراقتىن يارىتىلغان بولسا، پەرىشتىلەر«نۇر»(يەنى يورۇقلۇق) دىن يارىتىلغان.

## پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى

69. سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى - ئاللاھقا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلاردا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرىقىدىن چىقمايدۇ. نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ [1].

70. سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

جاۋاب: پەرىشتىلەردىن ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلارنى كېچە - كۈندۈزنىڭ بالايى - ئاپەتلىرى ۋە خەۋپ - خەتەرلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى قەبزى روھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئۆلگەنلەردىن سوراق - سوئال قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇرئان ئوقۇلغان، ئاللاھ ياد قىلىنغان ئورۇنلارغا ۋە مەسچىتلەرگە بېرىپ ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ھەمىشە ئاللاھقا سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن مەشغۇلدۇر. پەرىشتىلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: جىبرائىل، ئەزرائىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

71. سوئال: ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىشەنمەيدىغانلارغا نېمە دەيمىز؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى يوق، دەپ ئىنكار قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بۇ شەيئىلەرگە ئىنكار قىلماقچى

---

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت

بولسا، ئالدى بىلەن كۆڭۈل، جان، ئەقىل ۋە ۋىجدان قاتارلىقلارغىمۇ ئىنكار قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىمۇ ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدۇ، كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆڭۈل، جان، ئەقىل قاتارلىقلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كىشى يوق. ھالبۇكى دۇنيادا ھېچكىم تىرىك نەرسىدە جاننىڭ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ئادەمدە ئەقىل ۋە كۆڭۈلنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

72. سوئال: پەرىشتىلەر نەدە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زېمىندا يۈرۈپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىدا سەير قىلىدۇ.

## جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

73. سوئال: جىنلار قانداق مەخلۇقلار؟

جاۋاب: جىنلار ـ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش غەيبىي ئالەملەردىن بولۇپ، پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، جىنلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە جىنلارنىڭ بارلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

74. سوئال: جىنلار نېمىدىن يارىتىلغان؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر يورۇقلۇقتىن (نۇردىن) يارىتىلغان بولسا، جىنلار ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان. جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق [1].

75. سوئال: جىنلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: جىنلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاشتۇر، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان، ياخشى تەقۋالارمۇ، يامان، گۇناھكار، ئاسىيلارمۇ باردۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە جىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(1) ھىجر سۈرىسى 27 ـ ئايەت

بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ [1].

76. سوئال: جىنلارمۇ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى - يامان قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھنى رازى قىلغانلىرى ساۋابقا ئېرىشكىنىدەك، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىرى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاللاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [2] يەنى مېنىڭ ئىستىگىنىم بويىچە ۋە مەن رازى بولىدىغان شەكىلدە ياشىسۇن ئۈچۈن ياراتتىم.

77. سوئال: جىنلار غەيبنى بىلەمدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش غەيبلەرنى بىلمەيدۇ. چۈنكى غەيبلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن جىنلار ئىنسانلار كۆرمىگەن بەزى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ.

## شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

78. سوئال: شەيتانلار قانداق مەخلۇقلار؟

جاۋاب: شەيتانلار ـــ جىنلاردىن كېلىپ چىققان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىدۇر. شەيتانلار ھەمىشە ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. شەيتانلارمۇ جىنلارغا ئوخشاش جىسمسىز مەخلۇقات بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرىدۇ. شەيتانلار ھەرقانداق يوللار بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىدىن قىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن (يەنى يامانلىقلىرى ۋە ئازدۇرۇشلىرىدىن) ساقلىنىشقا ۋە ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشكە چاقىرىدۇ.

79. سوئال: ئىبلىس دېگەن كىم؟

(1) جىن سۈرىسى 14 ـ ئايەت
(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت

جاۋاب: ئىبلىس ـ شەيتانلارنىڭ ئاتىسى. ئۇ جىنلاردىن كېلىپ چىققان رەزىل مەخلۇقتۇر. ئىبلىس ـ ئەڭ ئەشەددى كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغىنىدىن كېيىن، ئىبلىسنى پۈتۈن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلسا، ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىدىن قوغلاپ، كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن قىلىۋېتىدۇ. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلارمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك دۈشمەن بولۇپ كەلمەكتە.

80. سوئال: شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى ـ پۈتۈنلەي يامانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، شەيتانلار ھەرخىل يوللار بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامانلىقنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ [1].

81. سوئال: شەيتانلار كىملەرنى ئازدۇرالايدۇ؟

جاۋاب: شەيتانلار ئاللاھنىڭ تائەتتىدىن يىراقلاشقان، ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولغۇچى، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلارنى شەيتانلار ھېچبىر يول بىلەن ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنىڭ بۇھەقتىكى ئىقرارىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئىبلىس ئېيتتىكى) ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن) [2].

---

(1) فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت

(2) ساد سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلاردۇر.

82. سوئال: ئاللاھ نېمە ئۈچۈن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشىغا يول قويغان؟

جاۋاب: بۇ دۇنيا ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى بولۇپ، يامانلىق بولمىسا ياخشىلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ جەننەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە دوزاخنىمۇ ياراتقان. چۈنكى دوزاخ بولمىسا جەننەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارنى بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا شەيتانلارنىمۇ ئەۋەتكەن ۋە شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش قابىلىيىتىنى بەرگەن. قەدىمدە ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرا يول ۋە ياخشىلىقنىڭ، ئىبلىس بولسا ئازغۇنلۇق ۋە يامانلىقنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئۆتكەن بولسا، ھازىر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر، يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆمىن زاتلار توغرا يول ۋە ياخشى ئىشلارغا، شەيتانلار ئازغۇنلۇق بىلەن يامان ئىشلارغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئۆمۈر سۈرمەكتە.

## ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

83. سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرى قانداق كىتابلار؟
جاۋاب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرى ــ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتابلاردۇر. ئۇلار ساماۋىي كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.
84. سوئال: ئاللاھ بۇ كىتابلارنى نېمە ئۈچۈن چۈشۈرگەن؟
جاۋاب: ئاللاھ بۇ كىتابلارنى ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرگەن.
85. سوئال: ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلاردا نېمىلەر يېزىلغان؟
جاۋاب: ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلاردا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى يالغۇز ئاللاھ ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق يوق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك مەسىلىلەر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، ھەرتۈرلۈك پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئاخىرەت ئالەمنىڭ خەۋەرلىرى، دۇئا ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇل ۋە سىستېمىلىرى، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇن، پرىنسىپلىرى قاتارلىقلار يېزىلغان.

### ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلار

86. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەنمۇ؟
جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاز قىسمىغا كىتاب چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچىسىگە ئاللاھتىن ۋەھىيلا كېلەتتى. ئۇلار ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ روھىنى ئۇممەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى.
87. سوئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
(1) تەۋرات (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن).
(2) زەبۇر (داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن).
(3) ئىنجىل (ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن).
(4) قۇرئان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن).

يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ بەزى پەيغەمبەرلەرگە ساماۋىي كىتابلار چۈشۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
ئادەم ئەلەيھىسسالامغا 10 بەتلىك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا 10 بەتلىك، شىش ئەلەيھىسسالامغا 50 بەتلىك، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا 30 بەتلىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن. بۇلار «سۇھۇف» دەپ ئاتىلىدۇ.

88. سوئال: بۇ كىتابلار ئاللاھتىن قانداق رەۋىشتە چۈشۈرۈلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن دىۋان قىلىنغان ھالدا، بىر يولى چۈشۈرۈلگەن بولسا، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەقەلەرنىڭ تەلىپىگە ۋە شارائىتلارنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا، ئاز - ئازدىن ئوقۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ۋەھيى يولى بىلەن تولۇق 23 يىل ئىچىدە تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغان قۇرئان كەرىمنى ئاللاھتىن چۈشكەن پېتى كەم - زىيادە قىلماستىن، بىرەر ھەرىپكە چاغلىق ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئىسلام ئۈممىتىگە ئەينەن يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك بۇرچىنى مۇكەممەل ئادا قىلغان.

89. سوئال: ۋەھيى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەھيى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىلھام دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە بىۋاسىتە ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆز قىلىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدا ياكى پەرىشتىدىن بولغان بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان﴾[1].

90. سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغانلىقى، ئۇلارنى يامان يوللاردىن توسۇپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش لازىم.

---

(1) شۇرا سۈرىسى 51 - ئايەت

**ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر**

91. سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋىي كىتابلارنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

(2) ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسمىلىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋىي كىتابلارغا تەپسىلىي؛ ئىسمىلىرى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

(3) قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان خەۋەرلىرىدىن قۇرئان كەرىم تەستىقلىغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تەستىق قىلىش.

(4) ساماۋىي كىتابلارنىڭ قۇرئان كەرىمدە كېلىپ، قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا باشقىچە ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويمىغان ۋە ئەمەلدىن قالدۇرمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش.

**قۇرئان كەرىم**

92. سوئال: قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. بۇنىڭغا پۈتۈن ئىسلام ئەھلى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى ھەق كىتاب (قۇرئان)نى چۈشۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا چۈشۈرگەن قۇرئان (ئەھكاملىرى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسىي خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن [1].

93. سوئال: مۆجىزە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۆجىزە - ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ

(1) مائىدە سۈرىسى 48 - ئايەت

ئەلچىلىرى ئىككەنلىكلىرىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت ئورنىدا ئاتا قىلغان، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان خارىقى ئادەت (ئادەتتىن تاشقىرى) ئىشلار دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىم تېكىستى، مەنىسى، بايان قىلىش ئۇسلۇبى، ئايەتلىرىنىڭ تەركىبلىنىشى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرى بويىچە، دۇنياغا دۇئىل ئېلان قىلىپ كەلگەن بىردىنبىر مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

94. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىدىن باشقا يەنە قانداق مۆجىزىسى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبى مۆجىزىسىدىن باشقىمۇ، ئىلمىي ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتەك سېھرىي مۆجىزىلىرى، كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

95. سوئال: قۇرئان كەرىم قانچە سۈرە ۋە قانچە ئايەتتىن تەركىب تاپقان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەت، 77439 سۆز ۋە 325743 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. قۇرئان كەرىم باراۋەر 30 پارىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارىسى ئىككى ھىزبىغا، ھەربىر ھىزبىسى تۆت روبئىغا بۆلۈنىدۇ. نەتىجىدە قۇرئان 30 پارا، 60 ھىزب، ۋە 240 روبئىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

96. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى كۆپتۇر، ئەمما بىز بۇيەردە قۇرئاننىڭ 7 ئالاھىدىلىكىنىلا بايان قىلساق شۇ يېتەرلىك دەپ ئويلايمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن دېگۈدەك ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىشلارغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى كىتابلىرى يوقالغان. مەسىلەن: يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خرىستىئانلار ئىنجىلنى قايتا يېزىپ چىققان.

ئاللاھ تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى تەۋرات بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىل ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان ۋە كېيىنچە يەر يۈزىدىن تامامەن يوقالغاندىن كېيىن، ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622 ـ يىلى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن تەرىپىدىن يېزىپ

چىقىلغانلىقى مەلۇم. ھازىرقى خرىستىئانلارنىڭ قولىدىكى«لۇقا ئىنجىلى»،«ماركۇس ئىنجىلى»،«مەتتا ئىنجىلى» ۋە «يۇھەننا ئىنجىلى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت ئىنجىل كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان 70 تىن كۆپرەك ئىنجىلدىن تاللىنىپ چىقىلغان ئىنجىللاردۇر. ئەمما قۇرئان كەرىم بولسا، ئۇنى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىشلاردىن ساقلاپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە كەم - زىيادە قىلىشلارغا ئۇچرىمىغان ھالدا، بىر خىل نۇسخىدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ساقلاشقا ۋە ئۆزى قىيامەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان: قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز [1].

(2) قۇرئان كەرىم ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ، ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە مەزكۇر كىتابلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلمەي قالغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچىدۇر.

(3) قۇرئان كەرىم ھېچقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا. ئەمما باشقا ساماۋىي كىتابلاردا بۇنداق ماسلىشىش يوق.

(4) قۇرئان كەرىم - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر دائىملىق مۆجىزىسىدۇر. باشقا ساماۋىي كىتابلار ئۆز زامانىسىدىمۇ مۆجىزە ئەمەس ئىدى.

(5) قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ئەمما باشقا ساماۋىي كىتابلار ئالىلىبۇرۇن ئۆزگەرتىلىپ بولغان.

(6) قۇرئان كەرىم - ئوقۇش ۋە يادلاشقا تولىمۇ ئوڭاي كىتابتۇر. ئۇ، تىلغا ئېغىر سۆز كەلمىلەردىن ئەلۋەتتە خالىيدۇر. باشقا ساماۋىي كىتابلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىمۇ ئۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. دىن ئادەملىرىدىن باشقىلار ئوقۇشنى بىلمەيتتى.

(7) قۇرئان كەرىم - ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدىغان، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر دەستۇردۇر. ئەمما باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەھكاملىرى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەمەل قىلىنمايدۇ. قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق بىر كىتابنى ئوقۇغانغا ساۋاب يېزىلمايدۇ. ئەمما ھەدىسلارنى ۋە ئىسلامىي كىتابلارنى ئوقۇپ ئەمەل قىلغانغا ساۋاب يېزىلىدۇ.

(1) ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت

# پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

97. سوئال: پەيغەمبەر دېگەن كىم؟
جاۋاب: پەيغەمبەر ـ ئالالاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.

98. سوئال: پەيغەمبەرلەر قانداق زاتلار؟
جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ـ ئالالاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، مەسۇم (گۇناھسىز) زاتلاردۇر.

99. سوئال: پەيغەمبەرلەر نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن؟
جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئالالاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى

100. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان، قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان.

101. سوئال: قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەر كىملەر؟
جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەر: ئادەم، ئىدرىس، نوھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئەليەسە، زۇلكىفل، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.
بۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت 5 پەيغەمبەر «ئۇلۇل ئەزم» يەنى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

102. سوئال: يۇقىرىقىلاردىن باشقىلارنىمۇ پەيغەمبەر دېيىشكە بولامدۇ؟
جاۋاب: يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەين قاتارلىق ئۈچ زاتنىڭ ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىسلاردا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇڭا قىسمەن ئالىملار يۇقىرىقى ئۈچ زاتنى پەيغەمبەرلەردىن سانىغان

بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئىسلام ئالىملىرى ئۇلارنى پەيغەمبەرلەردىن ئەمەس، بەلكى ياخشى، تەقۋا، ئىرادىلىك زاتلارنىڭ جۈملىسىدىن سانايدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان پەقەت بەزى ھەدىسلاردا ۋە تارىخ كىتابلىرىدا ئىسىملىرى بايان قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرى سۆزلەنگەن بەزى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار: شىش، يۇشەئ، خىزىر، بەشىر، دانىيال، ئىشموئىل، ئەرمىيا، ھەزقەل، جىرجىس، ھەبقوق ۋە ھەنزەله ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

103. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ) ئوتتۇرىسىدا يول تۇتماقچى بولغانلار، ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر. كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق [1]. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى

104. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بەرھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ئەھۋالىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئالامەتلىرى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىلىرىدۇر.

105. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى كىم ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ھەمدە ساماۋى دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تاماملىغۇچى، بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

(1) نىسا سۈرىسى 151 ـ 150 ـ ئايەت

106. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كېلەمدۇ؟
جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملانغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر﴾[1].

107. سوئال: پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرى ھەق ۋە راستتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە كەم-زىيادە قىلماستىن، ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئادا قىلغان ئۇلۇغ زاتلاردۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك.

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر**

108. سوئال: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟
جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىن ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾[2] دېگەن ئايىتى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەن، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىلا ئىنكار قىلغان تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلاردىن سانىغان.

(2) قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 45 ـ ئايەت

(2) شەئەرا سۈرىسى 105ـ ئايەت

ئارىسىدىكى نوھ ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە تەپسىلىي؛ قۇرئاندا كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

(3) پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئۇلاردىن سادىر بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ ئىسپاتلانغان ـ خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

(4) بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ [1].

**مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام**

109. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ـ بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز، ئىنسانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن ساماۋىي دىنلارنى تولۇقلىغان ۋە بۇ دىنلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەر بىر پەيغەمبەر بىر مەخسۇس مىللەت ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك بۈرچىنى زىممىسىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە رولى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە جىمى ساماۋىي دىن ئەھلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ۋە ھۆرمەت قىلىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلىق ۋە ھۆرمەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئورۇنغا كۆتىرىلگەن.

110. سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر مىڭلاپ بار. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ

(1) نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت

قولىدا مەيدانغا كەلگەن ھېسسىي ۋە مەنىۋى مۆجىزىلەر، غەيبتىن خەۋەر بېرىشى، باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا بېرىلگەن بېشارەتلەر، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىمۇ قايىل قىلغان ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىدىكى جانلىق پاكىتلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

111. سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە ـ قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم دائىمىي مۆجىزىدۇر.

112. سوئال: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش نېمە بىلەن بولىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماستىن، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمەستىن ئۇنى دوست تۇتىمەن، دېگەنلىك پەقەت قۇرۇق دەۋادىنلا ئىبارەت بولۇپ ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

113. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق دوست تۇتۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئاللاھتىن باشقا ھەممىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئىخلاس ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت قىلىش، ئۇنى چىن قەلبتىن سۆيۈش ئارقىلىق دوست تۇتۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىلەردىن بەك دوست تۇتۇپ، يۈرەكتىن سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ [(1)].

114. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئەڭ پەزىلەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. ئاللاھ بىزلەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى شەنىنى ئۇلۇغلايدۇ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ) پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەب قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار [(2)].

115. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ئۆگەتكەن مۇنۇ

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت

دۇرۇدتۇر: **اللهم صلّ على محمد، وعلى آل محمد، كما صليت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد. أللهم بارك على محمد وعلى آل محمد، كما باركت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم في العالمين إنك حميد مجيد** [1].

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغانىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەنىنى يۇقىرى قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن».

(1) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

# قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

116. سوئال: قەدەر(تەقدىر) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قەدەر- ئاللاھنىڭ كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانىداق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان بارلىق ياخشى - يامان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىپ شۇنداق يارىتىشى ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە بەلگىلىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [1] ۋە ئاسمان، زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەن [2] دېگەن سۆزلىرى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

117. سوئال: قازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ شۇ ئالدىنئالا ياراتقىنى ۋە بەلگىلىگىنىگە ئاساسەن، كائىناتتا بولىدىغان بارلىق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى، ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر بولىدىغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

## قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى

118. سوئال: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

(1) تەقدىر دېمەك باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارى بولمايدىغان بىرلا يول دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تەقدىر ئىنساننىڭ تاللىشىغا قاراپ بىر قانچە تارماقلىق يولغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى سىزگە نىسبەتەن قاراڭغۇلۇق كۆرۈنسىمۇ، ئالالاھ تائالاغا نىسبەتەن خۇددى خەرىتىگە ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەسىلەن: شەرق تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا يېتىپ بارىسىز. قۇرۇقلۇقتىن ماڭسىڭىز بىخەتەر يېتىپ بارىسىز، ھاۋادىن ماڭسىڭىز تېز يېتىپ بارىسىز، دېڭىز ئارقىلىق ماڭسىڭىز خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، دەپ

(1) قەمەر سۈرىسى 49- ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى 61- ئايەت

سىزنىپ كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا تەقدىرنى ئەنە شۇنداق بەلگىلىگەن. ئىنسانلار يول تاللاش ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قايسىبىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بولارنىڭ ھەممىسى خۇددى ۋىدىيو پلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ ساقلانغان ئارخىپقا ئوخشاشتۇر. سىز قايسىبىر يولنى تاللىماڭ ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللانماڭ سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىسىز. چۈنكى سىز تاللايدىغان يوللار، قىلىدىغان ئىشلار ۋە قوللىنىدىغان سەۋەبلەر، چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر خەرىتىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ۋە قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى سىزگە بېرىلگەن. مەسىلەن: سىزنىڭ قايسى شەھەردە ئولتۇراقلىشىشىڭىز، قايسى خىزمەتنى قىلىشىڭىز ، كىم بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىشىڭىز، كىملەر بىلەن دوست بولىشىڭىز قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزگە بېرىلگەن ئىختىيارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارىڭىزمۇ بار ئىدى. تەقدىردە سىز تاللىغان ۋە تاللىمىغان ئىختىيارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىلىرى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە مۇنداق بولاتتى، بۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە بۇنداق بولاتتى، ئەمما بۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش. مانا بۇ «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

(2) بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تەقدىر ئاللاھنىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن نەرسىگە بەندىلەرنى زورلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە - خاھىشنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەتنى بەرگەن. ئاللاھنىڭ بىرەر بەندىنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق بەلگىلىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش. چۈنكى ئىنساندا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە بار.

(3) ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ، يامان ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما ئىنسان يامانلىقنى خالاپ، ئۇنىڭغا بەل باغلىغاندا، ئاللاھ

تائـالا ئۇنىڭغـا يـول قويـىدۇ. بـۇ ئـاللاھ تائالانـىڭ يامـان ئىشـقا رازى بولغانلىقـىدىن ئەمەس، بەلكـى شـۇ ئىنسـاننىڭ شـۇ يامـانلىقنى قىلىـش ئىختىيارىنـىڭ بولغـانلىقى سـەۋەبتىندۇر. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: ئـاللاھ خالىغانـدىلا، ئانـدىن سـىلەر خالايسىلەر [1] دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر قىلماقچى بولغان ياخشى ـ يامـان قانداقلا بىر ئىشقا ئاللاھ تائالا يول قـويمىغىچە سـىلەر ئـۇنى ئەمەلـگە ئاشۇرالمايسـىلەر، دېگەنلىكتۇر.

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

119. سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتـۈرۈش تۆۋەنـدىكى تـۆت ھەقىقەتـكە ئىشـىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) كائىناتتا بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق پايدىلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن: يامغۇرنـىڭ يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسـۇل بېرىشـى، مېۋىلـىك دەرەخلەرنـىڭ مېـۋە بېرىشـى، شۇنداقلا دۇنيادا يـۈز بېرىـپ تۇرغـان ھەر قانـداق زىيـانلىق ھادىسـلەر، مەسـىلەن: يەر تەۋرەش، يوقۇملـۇق كېسـەل، قۇرغـاقچىلىق، سـۇ ئـاپىتى قاتارلىقلارنـىڭ ھەممىسـى ئاللاھنـىڭ تەقـدىرى ۋە قازاسـى بىـلەن بولىـدۇ. بـۇ ھادىسـىلەرنى ۋە ئۇلارنـىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسنى ئاللاھ ياراتقـان، دەپ ئىشـىنىش. ئـاللاھ بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيـدۇ: يەر يۈزىـدىكى پۈتـۈن ھادىسـىلەر ۋە ئـۆزۈڭلار ئۇچرىغـان مۇسـىبەتلەر بىـز ئـۇلارنى يارىتىشـتىن بـۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغـا يېزىلغـان، بـۇ (ئىـش) شۈبھىسـىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر [2].

(2) ئىنسـانلارغا يېتىـدىغان ھەر قانـداق ياخشـىلىقلار، مەسـىلەن: تىنچلىـق، ئامـانلىق، تەن سـاقلىقى، خاتىرجەملىـك، باياشـاتلىق ۋە ئۇنىڭـدىكى ھەر قانـداق بەختسـىزلىكلەر، مەسـىلەن: ئـۇرۇش، ئۆلـۈم، كېسـەللىك، دەرت، جاپـا ـ مۇشـەققەتلەر ھەممىسـى ئاللاھنـىڭ تەقـدىرى ۋە قازاسـى بىـلەن بولىـدۇ، بـۇلارنى ۋە بۇلارنـىڭ سـەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسـنى ئـاللاھ ئـۆزى ياراتقـان، دەپ ئىشـىنىش. ئـاللاھ بـۇ ھەقتـە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئـاللاھ ساڭا بـىرەر كـۈلپەت يەتكۈزسـە، ئـۇنى ئـاللاھتىن باشـقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بـىرەر ياخشـىلىق يەتكۈزسـە (ئـۇ چاغـدا

(1) تەكۋىر سۈرىسى 29- ئايەت
(2) ھەدىد سۈرىسى 22 ـ ئايەت

ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر [1].

(3) ئىنسانلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، يېيىش - ئىچىش ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرى پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئىشلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارغا ئۇلارنى قانداق يوسۇندا قىلىنىش ئىختىيارىنى ۋە قابىلىيىتىنى بەرگەن، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر [2].

(4) ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسىنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، بۇ ئىختىيارنى ئۇلارغا ئاللاھ بەرگەن، دەپ ئىشىنىش.

ئاللاھ ئەزەلدە ئىنسانلارنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ياخشى - يامان ھەر قانداق ئىشلىرىنى ئېنىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى شۇ بويىچە بولۇشقا بەلگىلىگەن ۋە ئىنسانلارنى خالىغانلىرىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادە بىلەن بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن. ئىنسانلار بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئۇلار بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ ياخشىلىقلارنى قىلىشقا تەرغىب قىلدى، يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۇرلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

### قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى

120. سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كېسەللىك، دەرت - ئەلەم، بالايىئاپەت، يوقسۇللۇق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى

(1) ئەنئام سۈرىسى 17 - ئايەت
(2) مۈلك سۈرىسى 15 - ئايەت

بىلەن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىش بىلەن بىرگە بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىش، ئاللاھقا ئۇلارنى كۆتۈرىۋېتىشنى سوراپ دۇئا قىلىش ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن) تارتقان جاپالارنىڭ بەدىلىگە ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىراق كىبلەچەككە ئائىت ئىشلارنى«ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ»، دەپ ئىشلىمەستىن، سەۋەب قىلماستىن«ئۆزمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرىۋېلىش ئىنسانلىقنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان تەييارتاپلىق ۋە ئىنسانلىق ھۆرمەتنىڭ ھېسابىغا ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر.

(2) ئىنسانلارغا يەتكەن كېسەللىك، ئاجىزلىق ۋە يوقسۇللۇقلارنى «ئاللاھنىڭ تەقدىرىغۇ»، دەپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنى ياراتقان بولسا، ئىنساندا ئەقىل بىلەن ئىرادىنىمۇ ياراتتى. ئىنساننىڭ ئاللاھ بەرگەن بۇ ئەقىل، ئىرادە بىلەن سەۋەب قىلىشىمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. «تەقدىر بىلەن كېسەل بولدۇمغۇ»، دەپ سەۋەب قىلماستىن ئۆلۈش ياكى «تەقدىر بىلەن ئوغرى بولۇپ قالدىمغۇ» دەپ ئوغرىلىق قىلىش ئېغىر گۇناھ ھەمدە ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر كېسەللىكنى ياكى دەرتنى ياراتقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شىپاسىنى ياراتقان. ئىنسان ئۆزىدىكى ئىرادە ۋە ئەقىل بىلەن سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شىپاسىنى تېپىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ يامانلىقنى ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە جازالىرىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى ۋە بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىش ياكى ئۇلاردىن يىنىش ئىختىيارىنىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بەردى.

121. سوئال: قازا ۋە قەدەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ھادىسە، ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەرقانداق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھ بەرگەن ئىختىيار بىلەن ئەركىندۇر. لېكىن ئاللاھ ياخشى ئىشلارغا رازىكى، يامان ئىشلارغا رازى ئەمەستۇر، دەپ ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك.

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

122. سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىلاھىي قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر بالا ـ قازا ياكى ئېغىر كۈلپەتلەر كەلسە ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خوشاللىقتىن ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئاللاھتىن دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بالا ـ قازا يەتكەندە سەۋر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ. ئىنسان مەغلۇبىيەتكە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئەزىمەتلەرنى يارىتىدۇ. بۇ قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىدىن بىر قىسمى. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى پايدىسى جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھايات كەچۈرۈشتۇر.

**ھىدايەت ۋە زالالەت**

123. سوئال: ھىدايەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھىدايەت ــ توغرا يول، يېتەكلەش دېگەنلىكتۇر.

124. سوئال: زالالەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زالالەت ـ ئازغۇنلۇق، توغرا يولدا بولماسلىق دېگەنلىكتۇر.

125. سوئال: بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىش راستىنلا ئاللاھتىنمۇ؟

جاۋاب: توغرا، بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋېتىش ئاللاھتىندۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىزنىسىز، بىراۋنى ھىدايەتكە باشلىيالمايدۇ ۋە ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ [1].

126. سوئال: ئاللاھ قانداق ئادەملەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ ۋە قانداق ئادەملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ؟

جاۋاب: توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىش(توغرا يولغا يېتەكلەش) بىلەن بىرگە ئۇكىشىگە توغرا يول تېپىشنىڭ ۋاستىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئۇبدان

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەت

بىلىدۇ [1]. ئاللاھ ھىدايەتنى خالىماي ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن كىشىگە ئازغۇنلۇقنى نەسىب قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [2].

چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش پەقەت ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. دۇنيادا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن زور ئۇتۇق يوقتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلمەستىن، ئارزۇ قىلىنماستىن ۋە سورالماستىن بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ [3].

127. سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. كىشىگە يەتكەن ياخشىلىق ـ يامانلىق، مۇسىبەت ـ خوشاللىق، پايدا ـ زىيانلارنىڭ ھەممىنى، شۇنداقلا بولۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. كېلەچەكتە بولىدىغان ھەر قانداق ئىشلارنىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماندىن. بىراق «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ» دەپ سەۋەب قىلماسلىق ئىماندىن ئەمەس، بەلكى چوڭ خاتالىقتۇر. گەرچە ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجەلى ۋە ياخشى ـ يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولسىمۇ، ئىنسان شۇ رىزقنى ھاسىل قىلىش، جېنىنى قوغداش ۋە ئۆزى ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇ، «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دەپ سەۋەبنى قولدىن بېرىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى سۇيىئىستېمال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى. ھەر كىشى سەۋەب قىلىپ ئىشلىگىنىگە يارىشا نەتىجە قازىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان

(1) نەجم سۈرىسى 30ـئايەت
(2) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەت
(3) رەئد سۈرىسى 27 ـ ئايەت

پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ [1].

**تەۋەككۈل ۋە ئۇنىڭ شەرتى**

128. سوئال: تەۋەككۈل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۈل سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەت تەلەب قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما ئۇنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ــ ئاللاھقا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىش دېمەكتۇر.

129. سوئال: تەۋەككۈل قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۈل قىلىشنىڭ شەرتى ـ تەۋەككۈل قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ئاۋۋال قولىدىن كېلىشى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە سەۋەبلەرنى قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئاللاھقا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: ئاددى بىر دېھقان ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشتا، ئالدى بىلەن يەرنى ھەيدەپ يۇمشىتىدۇ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئوغۇت ۋە ئۇرۇق چاچىدۇ، سۇنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدۇ، مۇندىن باشقا دېھقانچىلىقنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زىرائەتنىڭ سالامەت ئۈنۈپ چىقىشى ۋە مول ھوسۇل بېرىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇنى سالامەت ئۈندۈرۈپ مول ھوسۇل چىقىرىپ بېرىدۇ. خالىسا تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئاپەتلىرىگە ئەمر قىلىدۇ ـ دە، زىرائەتلەرنى بىر ئاندىلا نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىش سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا يۆلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەۋەبلەرگىلا چوقۇنۇپ كېتىپ ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىش توغرا بولمىغاندەك، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدىم دەپ سەۋەب قىلماسلىق تېخىمۇ توغرا بولمايدۇ. تەۋەككۈل پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار**

130. سوئال: توغرا يولغا ئەگەشمەسلىك ۋە يامان ئىشلانى تەقدىردىن كۆرۈش توغرىمۇ؟

جاۋاب: توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلىكنى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى تەقدىردىن كۆرۈش ھەقىقەتەن ئەقىلسىزلىق ۋە ئەيىنى ۋاقىتتا ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، بۇ كىتابلار بىلەن ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئېنىق

---
(1) نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت

بىلدۈردى ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىختىيارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى يول تاللاشتا ئەركىن ياراتتى. نەتىجىدە ھىدايەتنى زالالەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى يولىدا ئىشلەتكەن كىشىلەر ئاللاھ چاقىرغان توغرا يولغا ئەگەشتى. ئەمما ھىدايەتتىن زالالەتنى ئەۋزەل كۆرگەن كىشىلەر ھىدايەت يولىغا كىرىشنى خالىمىدى ياكى ئىزدەنمىدى، ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يوللىرىنى توغرا دەپ ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن بولدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك، ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟ [1].

ئاللاھ مۇشرىكلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى تەقدىردىن كۆرگەنلىكىگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلەر ”ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق “ دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر (تاكى بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشۈپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (سىنى مۇشرىكلەر ئىنكار قىلغاندەك) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى [2].

131. سوئال: ئاللاھنىڭ تەقدىردە يېزىپ بولغانلىقى شۇ ئىشقا زورلىغانلىقى بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن يېزىپ قويغانلىقى شۇ ئىشقا زورلىغانلىقى ئەمەس.

بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق بىر مۇئەللىم ئىمتىھان سوئاللىرىنى تەييارلاش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي سىنىپتا قالىدىغانلىرى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىنىپ كۆچىدىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ بىلىشىگە ئاساسەن ئايرىپ چىقىپ، شۇ بويىچە بىر قەغەزگە يېزىپ قويغان بولسا، كېيىن ئىمتىھان باشلىنىپ ئىمتىھان نەتىجىسى خۇددى مۇئەللىمنىڭ بىلگىنى ۋە يازغىنى بويىچە چىقسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىم يازغان قەغەزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر مۇئەللىم بىزنى ئۆتەلمەيدۇ دەپ يازمىغان بولسا ئىدى، بىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق» دەپ دەۋالىششى توغرىمۇ؟ ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ؟ ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاب چوقۇم مۇنداق بولىدۇ: «مۇئەللىمنىڭ يازغىنى سىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن

(1) بەلەد سۈرىسى 8 - 10 - ئايەتلەر

(2) ئەنئام سۈرىسى 148 - ئايەت

ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭلار توغرىسىدىكى ئۆز ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەمما سىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ تەييارلىق قىلمىغانلىقىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار!»

## ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار

132. سوئال: ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرنىڭ جۇملىسىدىن بەزى ئىشلار باركى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلار خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن، ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلالمىسۇن، بىۋاستە ئۆز خاھىشى بىلەنلا بېكىتىۋەتكەن. مەسىلەن: سىزنىڭ نەدە ۋە قاچان تۇغۇلىشىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كىملەر بولىشى، بويىڭىزنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولىشى، چىرايىڭىزنىڭ چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولىشى، ئەقلىڭىزنىڭ ئۆتكۈر ياكى كەم بولىشى، خاراكتېرىڭىزنىڭ قانداق بولىشى، ئۆمرىڭىزنىڭ قانچىلىك بولىشى قاتارلىق ئىشلار بەندىنىڭ ئىختىيارى سىرتىدىكى ئىشلار بولغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن جاۋابكار ئەمەس، ئەلۋەتتە.

133. سوئال: لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: لەۋھۇلمەھپۇز ـ ئاللاھ ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەن، كائىناتتا بولىدىغان ھەر قانداق ھادىسىلەر، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ھەر قانداق ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن چوڭ دەپتەر دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئاسمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە. قۇرئان كەرىممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ ساقلانغان ئىدى. بەلكى ئۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [1].

134. سوئال: بەندىلەرنىڭ ئىشلىرى قانداق خاتىرىلىنىدۇ؟

جاۋاب: بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھ تائالانىڭ مەخسۇس پەرىشتىلىرى تەرىپىدىن تەپسىلى ۋە ئېنىق يېزىپ، خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ.ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ [2]

ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز-ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر

---

(1) بۇرۇج سۈرىسى 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر

(2) ئىنفىتار سۈرىسى11-12-ئايەتلەر

سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ [1].
ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان بۇ ئۇچۇر دەۋرىدە، بۇرۇنقىلار ئەقلىگە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇشى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ كۆزىتىشى ھەم خاتىرىلەپ تۇرۇشى ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان كۆزىتىش ۋاسىتىسى - يىراقتىن كۆزىتىدىغان ئاپپاراتلار-دىنمۇ ئىلغار بىر ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇنى كېلەچەكتىكى ئىلىم-پەن تەرەققىياتى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن.

قۇرئان كەرىم ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىيىتىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىلاھىي دەستۇر بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان بايانلاردىن خالىيدۇر. شۇڭا ئۆتمۈشتىكىلەرگە ئۆتمۈشنىڭ ئەقلىيىتى ۋە سەۋىيىسى قوبۇل قىلالايدىغان، كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ بىلىم سەۋىيىسگە ۋە ئەقلىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بايانلار بىلەن خىتاب قىلغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسى ھەم پەن تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ چۈشىنىۋېلىشى ئۇچۇن ھەرساھە ئىلىملىرىدىن مەلۇم يىپ ئۇچلىرىنى بەرگەن.

(1) قاف سۈرىسى18-ئايەت

## قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

135. سوئال: قىيامەت كۈنى دېگەن قانداق كۈن؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنى ـ بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاھتىن باشقا ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسمىلىك يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر.

136. سوئال: قىيامەت كۈنىدە قانداق ئىشلار بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ. ھېساب مەيدانىدا ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. بۇ كۈندىكى ھېسابنى ئاللاھ ئۆزى بىۋاسىتە ئالىدۇ. ئاللاھ بۇ كۈندە زەررە چاغلىق ياخشىلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە زەررە چاغلىق يامانلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ.

137. سوئال: قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇ كۈندە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدىغانلىقى ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتتە، دوزاختا مەنسۇپ بولغانلار دوزاختا ئۆز ئورۇنلىرىنى تاپىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە بولىدىغان تىرىلىش، توپلىنىش، ھېساب بېرىش قاتارلىق ئىشلار ھەق ۋە راستتۇر، دەپ ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك.

### قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككى ھەقىقەت

138. سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى ئىككى ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان پۈتۈن ئىشلارغا، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

(2) قىيامەت قايىم بولغىچىلىك قەبرىدە بولىدىغان بەرزەخ ئالەمگە ئائىت ئىشلارنىڭ ـ مېيىتنىڭ قەبرىدە تىرىلىدىغانلىقى، سوراق ـ سوئال قىلىنىدىغانلىقى، قەبرىدە بەزى مېيىتلارنىڭ ئازاب تارتىدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ راھەت ۋە خاتىرجەملىكتە ئېرىشىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ـ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە

ئىمان كەلتۈرۈش.

139. سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرىنى تۆۋەندە 3 كە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

(1) ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ساۋابىنى كۆزلەپ تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا ئالدىراش. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتلەرگە ئېرىشىش.

(2) قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇلۇش. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان-زەخمەتلەردىن قوغداش.

(3) بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلىش يولىدا تارتقان جەۋر ـ جاپالار، يولۇققان ھەقسىزلىكلەر ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ بەدىلىگە، ئاخىرەتتە ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەملىك ھېس قىلىش.

## قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

140. سوئال: ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقىل (قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى)، ئەقىل ۋە ھېسسىي دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

(1) نەقلىي دەلىل

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. ئۇندىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم مەيدانغا چىقىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ كۈندە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

(2) ئەقلىي دەلىل

ئەقلىي دەلىللەر ئىككى يول بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

① ئـاللاھ تائـالا ئاسـمانلارنى، زېمىنىـى ۋە ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدىكى پۈتكـۈل مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان تەڭداشسىز ياراتقۇچىدۇر. مەخلۇقاتلارنى يـوق قىلىـش ۋە بار قىلىش ئاللاھقا ئاساندۇر. مەۋجـۇداتنى يـوقتىن بـار قىلىشقا قـادىر بولغـان زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن، قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلـۋەتتە قـادىردۇر. ئـاللاھ تائـالا مۇنــداق دەيــدۇ: مەخلۇقــاتنى دەســلەپتە (يــوقتىن) بــار قىلىــدىغان، ئانــدىن ئــۇنى (ئۆلگەنــدىن كېــيىن) تىرىلدۈرىــدىغان ئــاللاھ ئەنە شــۇدۇر، ئــۇ (يەنــى ئــۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر [1].

② زېمىن ئەسلىدە دەل ـ دەرەخ ۋە يېشىللىقلاردىن خالىي ئۆلۈك ھالىتىـدە بولىـدۇ. ئۇنىڭغـا يـامغۇر ياغقانـدىن كېيىن، قاقـاس زېمـىن تىرىلىـپ ئۇنىڭـدا تۈرلـۈك دەل ـ دەرەخلەر ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ئۆلۈك زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ئەلۋەتتە، ئۆلگەن جانلىقلارنىمۇ تىرىلدۈرۈپ ئەسلىدىكى ھـالىتىگە كەلتۈرۈشكە قادىردۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (بۇمۇ) ئاللاھنىـڭ (بىرلىكىنـى ۋە قودرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقـاس كۆرىسـەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىـدۇ، شۈبھىسـىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [2].

(3) ھېسسىي دەلىل

ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنـى بەنـدىلىرىگە مۇشـۇ دۇنيـادىلا كۆرسـەتكەن. بىـرلا سـۈرە بەقەرەدە ئۆلـۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشـكە ئاللاھنىـڭ قادىر ئىكەنلىكىگە 5 مىسال كۆرسىتىلگەن.

① مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى «بىز ئـاللاھنى ئاشـكارا ھالـدا كۆرمىسـەك ساڭا ئىشەنمەيمىز» دەپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتقاندا، ئـاللاھ ئـۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتىدىن تىرىلدۈرگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا خىتـاب قىلىـپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆز ۋاقتىدا "ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچـۇق كـۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىـز ئىشەنمەيمىز" دېدىڭلار. دە،(سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سـىلەرنى چاقمــاق ســوقتى، ئانــدىن كېــيىن ســىلەرنى شــۈكۈر قىلســۇن دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق [3].

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەت
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 39 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى 55 ـ 56 ـ ئايەت

② قاتىلى بىلىنمىگەن ئۆلۈك توغرۇلۇق ئىسرائىل ئەۋلادى جەڭگى - جېدەل قىلىشقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قاتىلنى تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارنى كالا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ. سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ [1].

③ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ۋەتىنىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قايتىدىن تىرىلدۈرگەن قەۋمنىڭ قىسسىسى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى "ئۆلۈڭلار" دېدى (ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن ئاللا ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ [2].

④ئۇزەير ئەلەيھىسسالام تام - ئۆگزىلىرى يېقىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان بەيتۇلمەقدىس شەھىرىدىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۇ "بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى ئاللاھ قانداق تىرىلدۈرەر؟" دەپ ئەجەبلەنگەندە ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ 100 يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرگەنلىكى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ياكى سەن تام - ئۆگزىلىرى يېقىلىپ ۋەيران بولغان شەھەردىن ئۆتكەن كىشىنى (ئۇزەيرنى) كورمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): "ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟" دېدى. ئاللاھ ئۇنى 100 يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قودرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: "(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟" دەپ سورىدى. ئۇ، "بىركۈن ياكى بىركۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم" دېدى. ئاللاھ ئېيتتى "ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك - ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئىشىكىڭگە قارىغىنكى (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن)، (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 73 - ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 243 - ئايەت

قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز. ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا) ئۇ، "مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم" دېدى [1].

⑤ ئاللاھتىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كورسىتىپ بېرىشىنى سورىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن" دېدى. ئاللاھ "(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ" دېدى، ئىبراھىم:" ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)" دېدى. ئاللاھ ئېيتتى "قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە تويلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ پەيلىرى بىلەن گۆشلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلىكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ. بىلگىنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر" [2].

يۇقىرىقى مىساللار ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە كۆرستىلگەن ھېسسىي ۋە ئەمەلىي مىساللاردۇر.

**قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى**

141. سوئال: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ئاللاھقىلا خاس ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ [3].

142. سوئال: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 259 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 260 ـ ئايەت
(3) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى: دىنىي ئىلىملەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ ئومۇملىششى، زىنا ۋە ھاراقنىڭ، ئۆسۈم مۇئامىلىسىنىڭ كۆپىيىشى، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىش باشقۇرىشى، يالاڭئۆتۈشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ ئەرلەرنىڭ ساندىن ئېشىپ كېتىشى ۋە باشقىلار.

(2) قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

① دەججالنىڭ چىقىشى

دەججال چىققاندىن كېيىن، ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ كېتىدۇ. دەججالنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئاللاھقا سىغىنىپ دەججالنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

② ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈششى

ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن چۈشۈپ،دەججالنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىدە ئىسلام شەرىئىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ.

③ قۇياشنىڭ كۈن پېتىشتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىيامەت قايىم بولىدۇ.

## قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى

143. سوئال: قەبرىدە مېيىتتىن نېمە دەپ سورىلىدۇ؟

جاۋاب: مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبرىدە مېيىتنىڭ يېنىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن "رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟" دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، يۇقىرىقى سوئاللارغا "رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام" دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئورنۇڭ ـ ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ ـ بۇ ئىدى. ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورنۇڭنى جەننەتكە بەلگىلىدى، دەپ جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىدۇ ۋە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە ھوزۇرلىنىدۇ.

مېيىت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئورنۇڭ مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭ دوزاخ بولىدۇ، دەپ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ. ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە ئازاب چېكىدۇ.

## بەرزەخ ئالەمى

144. سوئال: بەرزەخ ئالەمى دېگەن قايسى ئالەم؟

جاۋاب: بەرزەخ - بۇ دۇنيا ئالەمىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالەمگە يېتىپ بارغىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر بەرزەخ ئالەمدە بولىدۇ. بەرزەخ سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ - ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق ياكى توسما دېگەنلىكتۇر.

## قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى

145. سوئال: قەبرىنىڭ ئازابى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنىڭ ئازابى - كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكار كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قەبرىلەرگە كۆمۈلمەستىن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۇگەشكەن بولسۇن، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولمىسۇن، ئاللاھ ھەر ھالەتتە ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن جەسەتلىرىنى ئازابلاشقا قادىردۇر.

146. سوئال: قەبرىنىڭ نېمىتى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە راھىتى ھەقىقىي مۆمىنلەرگە بولىدۇ.

147. سوئال: قەبرىدىكى ئىشلارنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: بەزى ئازغۇن كىشىلەر قەبرىدە مېيىتنىڭ تىرىلىشىگە، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىگە - بۇنداق بولۇش رىئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، قەبرىدىكى مېيىتنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇ ئەسلىدىكى كۆمۈلگەن ھالىتىدە ياتقان، دېگەنگە ئوخشىغان ئەخمىقانە سۆزلىرى بىلەن - ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقلىي، ئەقلىي ۋە ھېس دەلىللىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

(1)نەقلىي دەلىللەر:

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كاپىرلار توغرۇلۇق:﴿ ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە قەبرە ئازابى بىلەن) جازالايمىز.

ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق قەبرە ئازابىنىڭ راستلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

سەھىھۇلبۇخارىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ بەزى باغلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋېتىپ ئىككى ئادەمنىڭ قەبرىلىرىدە ئازابلىنىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىككى قەبرىدىكى ئادەملەر ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سۈيدۈكتىن پاكلانمايدىغان ئادەم، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ يۈرىدىغان سۇخەنچى ئادەم ئىدى»[2] دېگەن. بۇ ماۋزۇدا كەلگەن مۇندىن باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپ.

(2)ھېسسىي دەلىللەر:

بەرزەخ ئالەمى بۇدۇنيا ئالەمدىن ئايرىم بىر ئالەم. ئىنسان مۇشۇ ئالەمدە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بولىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان تۇرسا، ئۇ باشقا بىر ئالەمدە بولىدىغان ئىشلارنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟!

ئاننىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاق تۇغۇلغىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، خوشاللىقىنى، دەرتلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىلەلمەيمىز. چۈنكى ئۇ باشقا بىر ئالەمدە، بىز باشقا بىر ئالەمدە ئەمەسمۇ؟!

گاھىدا ئادەم چۈشىدە، ئۆزىنىڭ كەڭرى بىر جايلاردا نېمەتلەردىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى تار بىر جايدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ۋە قورقۇنچىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كۆرگەن چۈشىدىن قورقىنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا ئۆزىنى بۇرۇنقىدەكلا ياتقان يېرىدە بەھوزۇر يېتىۋاتقان كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ.

(3) ئەقلىي دەلىللەر:

ئۇخلىغان كىشى چۈشىدە رېئاللىققا مۇۋاپىق ھەق چۈشلەرنىمۇ كۆرىدۇ. ھەتتا بەزى كىشىلەر چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز سۈرىتى بىلەن كۆرىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنى چۈشىدە كۆرگەنلىرىدىن بەكمۇ يىراق بىر جايدا ـ ئۆزىنىڭ ياتاق جايىدا ـ كۆرىدۇ. مۇنداق ئىشلار بۇ دۇنيادا رېئاللىقتا بولىۋاتقان تۇرسا، ئاخىرەت ئالەمدە قانداقمۇ بولمىسۇن!؟

قەبرىنىڭ ئازابى، نېمىتى، ئۇنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارلىششىنى مېيىتنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.

---

(1) تەۋبە سۈرىسى101-ئايەت

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

باشقىلار ئۇنى بىلەلمەيدۇ. خۇددى ئۇخلىغان كىشىنىڭ چۈشىدە تار بىر جايدا قىينىلىۋاتقانلىقى، ھەتتا قورقۇنچىدىن ناله - پەرياد قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ قوينىدا ياتقان جورىسىمۇ بىلمىگىنىدەك، ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى قەتئىي بىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گاھىدا ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلەتتى. ئەمما ساھابىلار ئۇنى بىلمەيتتى، پەقەت چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن، گاھىدا چېكىسىدىن ئاققان تەردىن ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

148. سوئال: ئۆلگەنلەرنىڭ جانلىرى نەدە قارار تاپىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ جانلىرى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدە نېمەتلىنىدۇ. شېھىدلاردىن بەزىلىرىنىڭ جانلىرى جەننەتلەردە ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ جانلىرى - ئۇلاردا باشقىلارنىڭ قەرزى ياكى ئامانىتى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك - جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىتىلىپ قويىلىدۇ. تەقۋادار، ياخشى زاتلارنىڭ جانلىرى جەننەتلەردە خۇشپۇراقلار ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ جانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ جانلىرى زېمىندىن كۆتىرىلمىگەن ھالىتى بىلەن قالىدۇ. كۇففارلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ جانلىرى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىن قېتىدىكى ھىدى ئىنتايىن سېسىق پۇرايدىغان قان ۋە يىرىڭ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ.

## قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار

149. سوئال: قىيامەت قانداق باشلىنىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت، كائىناتتا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ئاسماننىڭ يېرىلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئورۇلۇش نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ يوقىلىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشى، تاغلارنىڭ كۆكۈن تالقان بولۇپ، بىر دۆۋە قۇمغا ئايلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ.

150. سوئال: بەئىس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەئىس - قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلىگىنىدىن كېيىن (بىرىنچى قېتىملىق پۈۋلىشى بىلەن پۈتۈن خالايىق ئۆلىدۇ) پۈتۈن جانلىقلارنىڭ تىرىلىشى دېمەكتۇر.

151. سوئال: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش قانداق ھەيئەتتە بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ھەم تەن بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا ھەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. ئىنساننى دەسلەپتە يوق يەردىن بار قىلغان ئاللاھ مەيلى ئۇنىڭ جەسىدى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تىتىلىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

152. سوئال: ئىنسان قىيامەت كۈنىدە قايسى تەرىقە بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرىلىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت قايىم بولغان كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، خۇددى زىرائەتلەر يەرگە تىكىلگەن ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئىنساننىڭ تەركىبلىنىشىدىكى ئۇچ ئاساسلىق ماددىنىڭ بىرىنچىسى بولغان ئۇرۇقتىن ئىنسان ئۈنۈپ چىقىدۇ.

153. سوئال: ھەشىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەشىر ـ قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن قوزغۇلۇپ چىقىپ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ ھەشىر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز [1].

154. سوئال: مىزان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مىزان ـ قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى تارتىدىغان تارازى دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز. ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز [2].

155. سوئال: ھېساب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھېساب ـ بەندىلەرنى، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمەللىرى يېزىلغان كىتابنى ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىپ ئۆزلىرىگە ئوقۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم ئوقۇشنى بىلىدىغان ھالغا

(1) مەريەم سۈرىسى 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 47 ـ ئايەت

كەلتۈرىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خوشال قايتىدۇ. نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم "ۋاي" دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ) دوزاخقا كىرىدۇ [1].

156. سوئال: قىلمىشلارغا ئىقرار قىلدۇرۇش قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا مەۋقەئەسى ئېنىق بىردىن. چۈنكى ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالاش ئىلاھىي ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر بىر ئورگىنى ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ) [2]

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سوراق-سوئال قىلىش ئۇسۇلىدىن خەۋەر بەرگەن. دۇنيادىكى سوتچىلار جىنايەتچىنى سوتلىغاندا، جىنايەتچىنى ئۆزىنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى ئېغىز ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇپ يازدۇرۇش، گۇۋاھچىلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە بار ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىش ئارقىلىقمۇ يەنىلا كۆپ ھاللاردا ئادالەتنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى سوت مەھكىمىلىرى ناھەق، يالغان، ساختا، خاتا دېلولاردىن خالىي بولالمايدۇ.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ سوراق-سوئال قىلىشى (سوتلىشى) بۇلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا جىنايەتچىنىڭ پۈتۈن ئورگانلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۆز قىلمىشلىرىنى بايان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: بىز ئىنساننى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق [3] دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياراتقاندا، ئىنسان ئورگانلىرىنىمۇ ئەڭ چىرايلىق شەكىللەردە يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەخسۇس ئىقتىدار ۋە ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان. مەسىلەن: كۆزنىڭ ۋەزىپىسى كۆرۈش، قۇلاقنىڭ ۋەزىپىسى ئاڭلاش، بۇرۇننىڭ ۋەزىپىسى پۇراش، تىلنىڭ ۋەزىپىسى سۆزلەش، تەم ئېلىش ۋە تېتىش بولۇپ، سەزگۈ ئىقتىدارى تېرىگە بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا خالىغان ۋاقىتتا، بۇ ئورگانلارنى ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلالايدۇ. مەسىلەن: ئەمالارنىڭ كۆزى، گاسلارنىڭ قۇلىقى

---

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى 7 ـ 12 ـ ئايەتلەر
(2) ياسىن سۈرىسى 65-ئايەت
(3) تىن سۈرىسى4-ئايەت

بۇنىڭ مىسالى. چۈنكى بۇلارنىڭ كۆزى بار تۇرۇپ كۆرەلمەسلىكى، قولىقى بار تۇرۇپ ئاڭلىيالماسلىقى ئۇلاردىن كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى قولنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەشكە؛ پۇتنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ماڭغان يوللىرىنى سۆزلەشكە؛ كۆزنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەشكە؛ قۇلاقنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ تەندىكى ھەر بىر ئورگاننى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ؛ ياخشىلىقمۇ-يامانلىقمۇ بىر-بىرلەپ نەزەردىن ئۆتكۈزىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بايانى ۋە ئىقرارىغا، تارازىدىكى ئۆلچىمىگە قاراپ مۇتلەق ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

157. سوئال: ئىنساننىڭ ئورگانلىرى قانداق سۆزلەيدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى كۆرسەتتى [1]

بۇ ئايەتلەردە "يارىتىش" ۋە كۆرسىتىش"تىن ئىبارەت ئىككى مەسىلە نوقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنساننىڭ ماددىي ئورگانلىرىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئىقتىدارىنىمۇ ئاللاھ تائالا بەرگەن ۋە ئىشلەش يولىنى كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئىنسان تېنىدە ئەزەلدىن بار ھالەت ئەمەس. تىل سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما سۆزلەش ئەسلى تىلدا بار ئىقتىدار ئەمەس. چۈنكى تىل دېگەن بىر ماددا. ماددىدا خاھىش، ئىرادە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىقتىدارنى ئاللاھ ئاتا قىلغان. مەسىلەن: گاچىدا تىل بولسىمۇ سۆزلىيەلمىگەنگە ئوخشاش. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە ئىنساننىڭ تىلىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئورگانلىرىنى سۆزلىتىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. دۇنيا ھاياتىدا سۆزلەش ۋەزىپىسى ۋە ئىقتىدارىنى تىلغا، ئەمەس باشقا بىر ئورگانغا بېرىشكىمۇ قادىر ئىدى، ئەلۋەتتە.

158. سوئال: ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرسىمۇ ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ نامە-ئەمال كىتابىدا ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان پۈتۈن قىلغانلىرى تەپسىلى يېزىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلىش ۋە ئىنكارچىلارنىڭ تىللىرىنى باغلاش

(1) ئەئلا سۈرىسى 1-3-ئايەتلەر

ئۇچۇن ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلدۇرۇشنى خالايدۇ. چۈنكى دۇنيا هاياتىدا كۆرىۋاتىمىزكى، ئىنسان ئۆزىگە زىيانلىق بولغان ئىشلارغا ئاسانلىقچە ئىقرار قىلمايدۇ، قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، كۆپچىنىڭ يېتىشىچە قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا ۋە ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ.

159. سوئال: جازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جازا - بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئېلان قىلىنىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ [1].

160. سوئال: سىرات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىرات - دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، جىمى ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدىن قايتىپ شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتكە ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەھەننەم (يەنى دوزاخ) گە مەنسۇپ بولغانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دوزاخقا (يەنى دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى سىراتقا) بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى قۇتقۇزىمىز. زالىملارنى دوزاخقا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز [2].

## جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلىكى

161. سوئال: دوزاخ قانداق جاي؟

جاۋاب: دوزاخ - دەھشەتلىك ئوت قاينىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكارنىڭ بىر قىسمى بارىدىغان جايدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلار ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار [3].

162. سوئال: جەننەت قانداق جاي؟

(1) نۇر سۈرىسى 25 - ئايەت
(2) مەريەم سۈرىسى 71 - 72 - ئايەتلەر
(3) تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت

جاۋاب: جەننەت ـ بۇك ـ باراقستان بوستانلىق، گۈزەل باغچە بولۇپ، ئۇ، مۇسۇلمان تەقۋادار زاتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارار گاھىدۇر. ئاللاھ جەننەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن ـ يۇپقا ـ يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ. (ئۇلار تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىنىدۇ. شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئىچىلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا خىزمەتچىلەردىن ھەممە مېۋىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەب قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكى ئۆلۈمدىن باشقا جەننەتتە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدۇر. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر [1].

163. سوئال: جەننەت بىلەن دوزاخ مەڭگۈلۈكمۇ؟

جاۋاب: جەننەت بىلەن دوزاخ ھەر ئىككىلىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاخىرلىشىدىغان چېكى يوقتۇر. جەننەت بىلەن دوزاختا ئۆلۈم يوق. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. دوزاخقا كىرگەن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارمۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارلار دوزاختا گۇناھلىرىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمانلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلەردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ يامىنىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ [2].

(1) دۇخان 51 ـ 57 ـ ئايەتلەر

(2) بەييىنە سۈرىسى 6 ـ 8 ـ ئايەتلەر

## ئێککێنچی بۆلۈم

# ئىبادەت

## ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇيرىغان نەرسىسى ئىبادەتتۇر. ئىبادەت — ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى نامايان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن قىلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى يوقتىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك ئىگىسى — ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك تەبىئىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ زاماندىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلار بۇرۇنقىلىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان ھەق يوللىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن، بەزىلىرى ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قۇياش، ئاي، ئوت، سۇ قاتارلىق تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنغان بولسا، بەزىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇتلارنى، ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار ئاللاھ كۆرسەتكەن ئېتىقاد ۋە ئىبادەت سىستېمىلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئىنسانلار ھەق دىننى ئونتۇپ، كۇپرىلىققا يۈز تۇتقان ھەر بىر دەۋردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىنسانلار يەنە قايتىدىن بۇرۇنقى كۇپرىلىقىغا قايتىپ تۇرغان.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىسلام دىنىنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس، بۇزۇلماس ۋە مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەلگىلەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئاخىرقى دىنغا ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى تەقەززا قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى مەخلۇقلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقنىڭ ھالاكەتلىرىدىن ئۇزۇل-كېسىل ئازات قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان

ھەقىقەت نۇرىغا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ ئىسلام دىنىنى چۈشۈرگەن.

شۇنىڭدىن بېرى ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىلاھىي بىر مەشئەل بولۇپ چاقناپ كەلمەكتە. بۇ مەشئەل تاقىيامەتكىچە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

### ئىبادەت روھنىڭ غىزاسىدۇر

ئىنسان دېمەك - بىز تاشقىرىدىن كۆرىۋاتقاندەك — يەيدىغان، ئىچىدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان ماددىي جىسىملا ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شۇنداق قىممەتلىك بىر جەۋھەر بولۇپ، ئىنسان بۇ جەۋھەرنىڭ يۈزىسىدىن كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولۇشقا لايىق بولغان. بۇ جەۋھەر بولسىمۇ، ئىنساندىكى روھتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بۇ روھنىڭ مەنىۋى غىزاسى تولۇقلىنىدۇ.

دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچە ھايات بولۇپ، دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر ئىنسان مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەت ھاياتىغا قەدەم باسىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىپ، ئۇنى شۇنچە ھۆرمەتلىك قىلغاننىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنى تەلەب قىلدى.

ئىنسانلار ئاخىرەت ھاياتىغا بارغاندا، بۇ دۇنيادا قانداق ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ- ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن ھالدا ياشاپ، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرگە ئېرىشكىنىدەك، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈپ ئاللاھ تائالادىن ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق ھالدا، باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش ياشاپ ئۆمرىنى تۈگەتكەنلەر دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

# ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

164. سوئال: ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى — ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كەمتەرلىك ۋە ئەڭ سەمىمىي مۇھەببەت ھەم ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر.

165. سوئال: ئىبادەتنىڭ ئىمان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىمان ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئىمانسىز كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. ئىبادەت ئىماننىڭ نامايەندىسىدۇر. ئەمما دىنىمىزدا، ئىشىنىپ ئېتىقاد بۇيرۇلغان ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلمىغان، پەقەت ھورۇنلۇق ۋە باشقىمۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىبادەتلەرنى ئورۇندىمىغان ئادەم گۇناھكار بولسىمۇ، مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

## ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرى

166. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىبادەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىبادەتلەر بەش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىش (يەنى ئىماننى ئېلان قىلىش).

(2) ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

(3) مال - مۈلكى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە، ھەر يىلى بىر قېتىم زاكات ئايرىش.

(4) ھەر يىلى بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

(5) ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشى. مەلۇمكى يۇقىرىقىلار ئاساسلىق مەشھۇر ئىبادەتلەر بولۇپ، ئىبادەتلەر بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر.

167. سوئال: ئەمەل-ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟

جاۋاب: ئەمەل-ئىبادەت قىلىشتىن مەقسەت- ھەركىم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق

بـۇرچىنى ئـادا قىلىــش ئـارقىلىق ئـاللاھ تائالانــىڭ رازىلىقىغـا ئېرىشــىش ۋە ئـۆزىنى ئىبـادەتلەر سايىســدا ئىســلاھ قىلىــپ، ئېســىل پەزىلەتلــك ئىنســانلاردىن بولۇشــتۇر. چـۈنكى ئەمەل-ئىبـادەت ئـۆزى غـايە ئەمەس، بەلكــى ئىنســانلارنى ياخشــىلىقلارغا ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

168. سوئال: ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىش كېرەك؟

جـاۋاب: ئاللاھقـا ئـاللاھ ۋە ئۇنىــڭ پەيغەمبــرىگە ئىتـائەت قىلغـان ھالـدا، ئـاللاھ بۇيرىغـان ۋە مـۇھەممەد ئەلەيھىســسالام قىلغـان ھەم كۆرسـەتكەن بـويىچە ئىبـادەت قىلىـش كېـرەك. ئـاللاھ بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: ئـى مـۆمىنلەر! ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى (كۇپرى، نىفاق ۋە رىيـا بىـلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار [1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دەيـدۇ: «كىمكـى ئەمەلنـى بىزنىـڭ دىنىمىـزدا كۆرسـتىلگەن بـويىچە قىلمايـدىكەن، ئۇنىـڭ قىلغـان ئەمەللـرى بىكاردۇر»[2].

### ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپى

169. سوئال: قانداق قىلىنغان ئىبادەت قوبۇل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق بىر ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا قوبـۇل بولىشىنىڭ ئىككى ئاساسلىق شەرتى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەمەل ـ ئىبـادەتنى پەقەت ئـاللاھ تائالانــىڭ رازىلىقىغـا ئېرىشىشـتىن ئىبـارەت خالىس نىيەت بىلەنلا قىلىش. ئاللاھ تائـالا ئۈچـۈن قىلىنماسـتىن، باشـقا قانـداقلا بىـر غەرەز بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەل ـ ئىبادەت بىكاردۇر.

(2) ئەمەل - ئىبــادەتلەرنى ئــاللاھ ۋە ئۇنىــڭ پەيغەمبــرى كۆرسـەتكەن بـويىچە قىلىـش. قۇرئـان كەرىـم ۋە سـەھىھ ھەدىسـلاردا ئـۆگىتىلگەن ئۇسـۇل ۋە قائىـدىلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەت بىكاردۇر.

### ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللار

170. سوئال: ئىبادەت ئەسناسىدا تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جـاۋاب: ئىبـادەت ئەسناسـىدا تەلەب قىلىنــدىغان ئاساسـلىق ئىشـلار: ئىبـادەتنى ئاللاھقا چىن ئىخلاس بىـلەن يـۈزلەنگەن ھالـدا، ئاللاھقـا بولغـان چىـن مـۇھەببەت ۋە

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 33 - ئايەت

(2) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

سۆيگۈ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتۇپ، ئىھسان تەرىقىسىدە ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر.

171. سوئال: ئىھسان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىھسان - ھەر قانداق بىر ئىشنى يۇرەكتىن بېرىلىپ، قېتىرقىنىپ ئورۇنداش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى ئىھسان خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن تۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىھسان ـ خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كورمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1].

172. سوئال: ئىخلاس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىخلاس ـ ھەر قانداق بىر ئەمەل-ئىبادەتنى رىيا (كىشىلەرگە كۆرسىتىش) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، خۇددى "ساختا پۇل بانكىدا ئۆتمىگەنگە ئوخشاش، ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ".[2]

173. سوئال: نىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىيەت ـ دىلدىكى مەقسەت دېمەكتۇر. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[3].

## ئىبادەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىشلار

174. سوئال: ئىبادەت نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ياكى ئۇچۇق بۇيرىمىغان بولسىمۇ، قىلسا ئاللا تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار قىسقىچە، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج ـ ئۆمرە قىلىش، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى» ناملىق ئەسەرىدىن.
(3) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

توسۇش، هالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەش، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش، قوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، هايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، بالا - قازالارغا سەۋر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر.[1]

مۇندىن باشقا، نىيەتنىڭ -ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت- دۇرۇس بولىشى شەرتى بىلەن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئادەتتىكى دۇنيا ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ.

### ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى

175. سوئال: ئىسلام دىنىدا قانچە تۈرلۈك ئىبادەت بار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر جىسمانىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەم جىسمانىي ھەم ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر دەپ 3كە بۆلۈنىدۇ.

176. سوئال: جىسمانىي ئىبادەت دېگەن قايسى؟

جاۋاب: جىسمانىي ئىبادەتلەر تەنىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر بولۇپ، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش، هالال-رىزىق تېپىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش، ئاجىزلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش ۋە باشقىلار.

177. سوئال: ئىقتىسادىي ئىبادەت دېگەن قايسىلار؟

جاۋاب: ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر پۇل- مال سەرپ قىلىش بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەر بولۇپ، زاكات، سەدىقە بېرىش، فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىش، ئاللاھنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىش، پېقىرلارغا، يېتىملەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش ۋە باشقىلار.

178. سوئال: جىسمانىي ھەم ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: جىسمانىي ھەم ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەم تەنىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەر بولۇپ، ھەج، ئۆمرە قىلىش، بىلىم ئېلىش ۋە ياخشى ئىش قىلىش يولىدا پۇل خەرج قىلىپ سەپەر قىلىش ۋە

(1) شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»ناملىق ئەسىرى 2 ـ بەت

باشقىلار.

## ئىبادەت قىلىش يوللىرى

179. سوئال: ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە كەڭدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش

ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى، ئىنساننىڭ ئۆز زاتىدىكى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۆلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى تونۇش تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلغانلىقتۇر.

قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟ [(1)].

(2)قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش

قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، بالا ـ قازاغا سەبىر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر.

(3) تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش

تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھنى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش، زىكىر ـ تەسبىھ (ئاللاھنىڭ نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، دۇئا قىلىش، تەكبىر (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەش)، تەھلىل (ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى ھەم يوق ئىكەنلىكىنى)جاكارلاش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد

---

(1) زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار[1].

(4) تەن بىلەن ئىبادەت قىلىش

تەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ تەننىڭ ھەرىكىتى ياكى نەپسىنىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ۋازكېچىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا روزا تۇتقاندا نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ۋازكەچكەنگە، ناماز ئوقۇغاندا پۈتۈن بەدەننىڭ ئىشتىراك قىلغىنىغا ۋە ھەج قىلغاندا تەننىڭ يول ۋە ئىسسىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرگىنىگە ئوخشاش ئىبادەتلەردۇر.

(5) پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش

پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ زاكات، سەدىقە بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج ـ ئۆمرە ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش بىلەن بولىدىغان ئىبادەتتۇر.

(6) جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر)[2].

(7) ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ــ جىھاد، ھەج ــ ئۆمرە ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ: ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقۋا بەندىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەھسىل قىلىشقا) چىقمىدى[3] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[4].

180. سوئال: قانداق كىشىلەر ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان

(1) ئەھزاب سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

(3) تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

(4) دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ئىسلامدا ئىبادەت» ناملىق كىتابىدىن.

بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەرلا ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

181. سوئال: ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەت بولۇشنىڭ شەرتى 3 بولۇپ، ئۇلار:

(1) مۇسۇلمان بولۇش.

(2) ئەقلى جايىدا بولۇش.

(3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

## باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

182. سوئال: باللار قاچان بالاغەتكە يېتىدۇ ۋە ساۋاب ـ گۇناھلىرى قاچاندىن يېزىلىشقا باشلايدۇ؟

جاۋاب: قىزلار 9 ياش، ئوغۇللار 12 ياشتىن باشلاپ بالاغەتكە يېتىشكە قەدەم باسىدۇ. قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى 15 ياش بولۇپ، ئۇلار 15 ياشقا تولۇشتىن بۇرۇن ئۇلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كۆرۈلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش بۇرچى باشلىنىدۇ ۋە قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرى ئۈچۈن ساۋاب ۋە گۇناھلار يېزىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار 15 ياشقا توشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچبىرى كۆرۈلمىسە، ئۇلار 15 ياشقا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

183. سوئال: قىز ۋە ئوغۇللارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قىزلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇلاردىن نورمال ئاياللارغا ئوخشاش ئايلىق ئادەتنىڭ كېلىشكە باشلىشى (ھەيز كۆرۈشى)، ئوغۇللارنىڭ ئىھتىلام بولۇشى (سپېرمىنىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى)دۇر.

## شەرئەت ئىستىلاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى

184. سوئال: بىلىش زۆرۈر بولغان شەرئەت ئىستىلاھلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: ئىبادەتكە سالاھىيەتلىك بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان شەرئەت ئىستىلاھلىرى ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە 7 بولۇپ، ئۇلار: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ تەھرىمى، مەكرۇھ تەنزىھى ۋە مۇباھتۇر.

### پەرز

185. سوئال: پەرز دېگەن نېمە؟
جاۋاب: پەرز - ئۇنىڭ بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر (راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر توپ جامائەت تەرىپىدىن بىرخىل ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنىپ، شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان) ھەدىسلەرنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر.
مەسىلەن: قۇرئان كەرىمنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلارغا، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن نامازدا قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئەمەللەر.
186. سوئال: پەرزنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: پەرزنىڭ ھۆكمى: ئۇنى ئورۇنداش زۆرۈردۇر. ئورۇندىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ. ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن ئورۇندىمىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.
187. سوئال: پەرز قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: پەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، پەرز ئەيىن، يەنە بىرى، پەرز كىفايەدۇر.
188. سوئال: پەرز ئەين دېگەن نېمە؟
جاۋاب: پەرز ئەيىن — مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىر شەخسنىڭ بىۋاستە ئۆزى ئورۇندىشىغا بۇيرۇلغان پەرز دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، ھارام ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئوخشاش ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئەمەللەردۇر. پەرز ئەين دەپ ئاتالغان ئەمەللەر باشقىلارنىڭ ئورۇنداپ قويۇشى بىلەن ئادا تاپمايدۇ.

189. سوئال: پەرز كىفايە دېگەن نېمە؟
جاۋاب: پەرز كىفايە ـ ئومۇمي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. مەسىلەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، دىنىي ئىلىم ياكى پەن تېخنىكا ساھەلىرىدىن قايسىبىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەمەللەردۇر. پەرز كىفايە ئەمەللىرىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئورۇندىشى بىلەن ئورۇندىمىغانلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇ پەرزنى ئورۇنداش بۇرچى ئادا تاپىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىرسى بۇ پەرزنى ئورۇندىمىغان بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمان ئاممىسى گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەرك قىلىنغان بۇ پەرز ئۈچۈن ھەممىسى جاۋاپكارلىققا تارتىلىدۇ.

190. سوئال: پەرز كىفايە بولغان ئىشلار پەرز ئەينىغا ئايلىنامدۇ ؟
جاۋاب: پەرز كىفايە بولغان ئىشلار گاھىدا پەرز ئەينىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر مەھەللىدە ياكى بىرەر شەھەردە بىر كىشىدىن باشقا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، خەلقىقە ۋەز ــ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرىش شۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئادەتتە پەرز كىفايە بولۇپ، مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇشقا تاللانغانلار ئۈچۈن شۇ ساھەدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش پەرز ئەينىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىدىن بىرىگە دۈشمەن بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد سەپەرۋەرلىكىگە ئاتلىنىشى پەرز ئەينىغا ئايلىنىدۇ.

## ۋاجىب

191. سوئال: ۋاجىب دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ۋاجىب ـ بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، شۇ مەسىلىگە نىسبەتەن دالالىتى كەسكىن بولمىغان ئايەتلەر ۋە غەيرى مۇتەۋاتىر(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر ياكى ئىككى ساھابە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك، كەسكىن دەلىل ـ ئىسپاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان) ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: قۇربانلىق قىلىش، فىتىر سەدىقىسى، ھېيت نامازلىرى، ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار.

192. سوئال: ۋاجىبنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ۋاجىبنى ئورۇنداش خۇددى پەرزگە ئوخشاش زۆرۈردۇر. ۋاجىب ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەننىڭ گۇناھىدىن بىر دەرىجىدە تۆۋەن گۇناھكار بولىدۇ. ۋاجىبقا ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولمايدۇ، بەلكى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

**سۈننەت**

193. سوئال: سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت- پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېمەكتۇر.

سۈننەتنىڭ ئىسلام فىقھىدىكى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ۋە بىزنىمۇ قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان ئەمەللەر.

194. سوئال: سۈننەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: سۈننەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، تەكىتلىك سۈننەت، يەنە بىرى، تەكىتسىز سۈننەتتۇر.

195. سوئال: تەكىتلىك سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەكىتلىك سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئۈزۈلمىسىز قەتئىي تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەتتە مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشاش ئەمەللەردۇر. تەكىتلىك سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ كايىشىغا ئۇچراش خەۋپى بار.

196. سوئال: تەكىتسىز سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەكىتسىز سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنداشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، گاھىدا ئورۇندىغان، گاھىدا ئۈزۈلمىسىز تەرك ئەتكەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتسىز سۈننەت «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. تەكىتسىز سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## هارام

197. سوئال: هارام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: هارام ـ ئۇنىڭ قەتئىي تۇردە مەنئىي قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن شۈبھىسىز ۋە كەسكىن ھالدا ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن: زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۆسۈم يېيىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش گۇناھلار ۋە باشقىلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلىش (يەنى باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش)، باشقا بىرى نىكاھلانماقچى بولغان ئايالغا ئۇ ۋازكەچمەستىن نىكاھلىنىشقا قاتارلىق ھەقسىزلىكلەر ھارامدۇر.

198. سوئال: ھارامنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان كىشى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. تەۋبە قىلماي قايتمىسا دوزاخنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ھاراملارنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

## مەكرۇھ تەھرىمى

199. سوئال: مەكرۇھ تەھرىمى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ ـ ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، مەكرۇھ تەھرىمى مەنئىي قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەھرىمى ھارام تەرەپكە ئېھتىمالى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: تاھارەت ئالغاندا سۇنى ئىسراپ قىلىش ياكى نورمالدىن ئاز قوللىنىش، نامازدا تۇرغاندا كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ياكى ئۇياق ـ بۇياققا قاراش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار.

مەكرۇھ تەھرىمنى ئىشلىگەن كىشى ھارامنى ئىشلىگەندىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. مەكرۇھ تەھرىمنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولمايدۇ. بەلكى گۇناھكار بولىدۇ.

## مەكرۇھ تەنزىھى

200. سوئال: مەكرۇھ تەنزىھى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ تەنزىھى — مەنئىي قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەنزىھى ھالال تەرەپكە ئېھتىمالى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ئاممىۋى سورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ خام سامساق ۋە خام پىيازغا ئوخشاش ھىد ـ بۇيى

يېقىمسىز نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغىنىغا ئوخشاش ئىشلار. مەكرۇھ تەنزىھىنى ئىشلىگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

## مۇباھ

201. سوئال: مۇباھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇباھ - ئۇنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن: يېيىش - ئىچىش، ئولتۇرۇش - قوپۇشلارغا ئوخشاش ئىختىيارىي ئىشلار.

202. سوئال: مۇباھنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مۇباھ بولغان ئىشلارنى ئىشلەش ياكى تەرك ئېتىش بىلەن ھېچقانداق گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدۇ.

## مۇباھ ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتۈشى

203. سوئال: قانداق قىلغاندا مۇباھ ئىشلارنى ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەن ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ ۋە بۇ ئىشلارغا ئاللاھ تائالا - ئۆز پەزلىدىن - چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ.

204. سوئال: شەرىئەت ئىستىلاھلىرىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: يۇقىرىقى شەرىئەت ئىستىلاھلىرىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ھەر قانداق ئەمەل - ئىبادەتلەردىكى پەرز ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى سەۋەنلىك(ئۇنتۇپ قالغانلىق ياكى بىلمىگەنلىك) بىلەن تەرك قىلىنسا ياكى نۇقسان بىلەن قىلىنسا، شۇ ئەمەل - ئىبادەتلەر بۇزۇلغان بولىدۇ، ئۇنى قايتىدىن ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن: نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بولغان پائالىيەتلەردىن رۇكۇ ياكى سەجدىلەردىن

بىرەرسىنىڭ تەرك قىلىنىشى بىلەن نامازنىڭ ئىناۋەتسىز بولغىنىغا ئوخشاش.

(2) ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى ۋاجىب ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى تەرك قىلىنسا، بۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بۇزۇلمايدۇ، ئىناۋەتسىزمۇ بولمايدۇ. ئەمما ۋاجىبنى قەستەن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئىبادىتى بۇزۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشنى سەۋەنلىكتىن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىشى بىلەن نامىزى تولۇقلانغانغا ئوخشاش. ئەمما ۋاجىبنى قەستەن تەرك ئەتكەنلىكنىڭ مىسالى: نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بولغان ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ قەستەن تەرك قىلىنىشى بىلەن نامازلارنىڭ بۇزۇلغىنى ۋە ئىناۋەتسىز بولغىنىغا ئوخشاش.

(3) ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى سۈننەت نامىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسىنىڭ ياكى ھەممىسىنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنىشى بىلەن شۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بۇزۇلمايدۇ ۋە نۇقسان بىلەنمۇ سۈپەتلەنمەيدۇ.

مەسىلەن: نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بولغان ھەر رەكئەتنىڭ بېشىدا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ تەرك قىلىنىشى بىلەن نامازنىڭ نۇقسانلىق بىلەن سۈپەتلەنمىگىنىگە ئوخشاش.

(4) ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى مەكرۇھ دېگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى بىردىن كۆپىنى سادىر قىلىش بىلەن شۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇسلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

مەسىلەن: پەرز نامازلاردا بىرىنچى رەكئەتكە ئوقۇغان (فاتىھە سۈرىسىدىن باشقا) سۈرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزۈرسىز ھالدا، ئىككىنچى رەكئەتكە ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن نامازنىڭ سۈپىتىگە ۋە قوبۇل بولىشىغا قەتئىي تەسىر يەتمەيدۇ. چۈنكى«مەكرۇھ»نىڭ مەنىسى ـ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ـ ياقتۇرۇلمىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىبادەتنى بۇزمايدۇ، سۈپىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

(5) شەرت — بىرەر ئەمەلنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇشى شەرت قىلىنغان، ئەمما شۇ ئەمەلنىڭ ماھىيىتىدىن سانالمايدىغان نەرسە دېمەكتۇر. مەسىلەن: تاھارەت نامازنىڭ شەرتىدۇر. تاھارەت بولمىسا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. بىراق تاھارەت نامازنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

(6) جائىز — دۇرۇس يەنى قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇيدىغان جايدا نىجاسەت بولسا، ئۇنى تازىلاپ، ئەسىرنى يوقىتىش ئارقىلىق بۇ جايدا ناماز ئوقۇش جائىز دېگەنلىك «دۇرۇس» دېگەنلىكتۇر.

## پاكىزلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

205. سوئال: ئىسلام دىنىدا پاكىزلىقنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟
جاۋاب: ئىسلام دىنى پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، مۇسۇلمانلار 6- ئەسىردىكى چاغلاردىن بىرى تازىلىققا ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلقتۇر. چۈنكى مەنىۋىي كىرلاردىن تازىلىنىش ئىمانىنىڭ تەلەبلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، ھېسسىي پاكلىق بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنغان. ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
206. سوئال: پاكىزلىق قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: پاكىزلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، تاشقى پاكىزلىق، يەنە بىرى، ئىچكى پاكىزلىق.
207. سوئال: تاشقى پاكىزلىق دېگەن نېمە؟
جاۋاب: تاشقى پاكىزلىق دېگىنىمىز ـ بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ پاسكىنىلىق ۋە كىرلادىن پاكىز بولىشى دېمەكتۇر.
208. سوئال: ئىچكى پاكىزلىق دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ئىچكى پاكىزلىق دېگىنىمىز ـ نەپسىنىڭ ۋە قەلبىنىڭ يامان غەرەز ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن پاك بولىشى دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىككى پاكىزلىققا بۇيرۇيدۇ.
209. سوئال: تاشقى پاكىزلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟
جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىققا ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا بۇيرۇشىدا، ئىنسانىنىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە مەنىۋىيىتىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەقسەتلەر غايە قىلىنغان. سۇ بىلەن پاكلىنىش بەدەندىكى يېقىمسىز ھىدلارنى يوقىتىدۇ. پائالىيەتچانلىقنى ئاشۇرىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ھىممىتىنى، جوشقۇنلىقىنى يېڭىلايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارغا تازىلىقنى، پاكىزلىقنى پەرز قىلدى ۋە كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئۈچۈن پاكلىقنى شەرت قىلدى.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

210. سوئال: ئىچكى پاكىزلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ تاشقى ئەزالىرىنىڭ پاكىز بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ قەلبى بىلەن نەپسىدىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسىنىڭمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك، ئۆچلۈك-ئاداۋەت ۋە باشقا سەلبىي ئەخلاقلاردىن پاك - پاكىز بولغان ھالدا، بىر پۈتۈن پاكلىق ئىچىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىچكى ۋە تاشقى پاكلىقلارغا ئەمر قىلغان.

211. سوئال: پاسكىنىلىقلار ۋە كىرلاردىن نېمە بىلەن پاكلىنىش كېرەك؟

جاۋاب: ھەر قانداق كىر ۋە پاسكىنىلىقلاردىن سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكلىنىش كېرەك. چۈنكى پاكلىغۇچى ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇدۇر. سۇ ئەسلىدىكى ئۆز تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويۇشى بىلەنلا پاكلاش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

## پاكلىنىشقا بولىدىغان سۇلارنىڭ تۈرلىرى

212. سوئال: قانچە تۈرلۈك سۇ بار؟

جاۋاب: سۇ 4 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ھېچنەرسە ئارىلاشمىغان تەبىئىي سۇ. مۇنداق سۇ مۇتلەق پاكتۇر ۋە پاكلاش خاراكتېرىگە ئىگە سۇدۇر. ئەمما دەرەختىن ياكى مېۋىدىن چىقىرىلغان سۇ گەرچە پاكىز بولسىمۇ، ئۇنى تاھارەت ۋە باشقا پاكلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

(2) چېلەك، تۇڭ ۋە كوزىلارغا قاچىلانغان سۇلاردىن مۈشۈك ئىچىپ قويغان سۇ. مۇنداق سۇ پاكتۇر، بىراق تاھارەت ۋە باشقا پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر.

(3) مىقدارى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭغا پاسكىنا نەرسىلەر چۈشۈپ كەتكەن ياكى جانلىقلار چۈشۈپ ئۆلگەن تۇرغۇن سۇ. مۇنداق سۇنى تاھارەت ۋە باشقا پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

(4) پاكلىقى شۈبھىلىك بولغان سۇ بولۇپ، ئۇ ئېشەك ياكى خېچىر ئىچىپ قويغان سۇ. مۇنداق سۇنى مەجبۇر بولۇپ قالغان شارائىتنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

213. سوئال: پاكلاش ۋە پاكلىنىش ئۈچۈن قانداق سۇنى ئىشلىتىش كېرەك؟

جاۋاب: تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش ئارقىلىق پاكلىنىشقا ۋە كىيىملەرنى يۇيۇپ تازىلاشقا، شۇنداقلا ئىچىشكە بولىدىغان سۇلار تۆۋەندىكى يەتتە خىل سۇدۇر:

(1) يامغۇرسۈيى

(2) دېڭىز، دەريا، ئېرىق، ئۆستەڭ سۇلىرى

(3) قۇدۇق سۈيى
(4) بۇلاق سۈيى
(5) قار ۋە مۇزدىن ئېرىگەن سۇ
(6) كۆل سۈيى
(7) تۇرۇبىدىن كەلگەن پاكىز سۇ

يۇقىرىقى يەتتە خىل سۇنىڭ رەڭگى ياكى تەمى ياكى پۇرىقى ئۆزگەرمىگەن بولۇش شەرتى بىلەن، بۇ سۇلارنى پۈتۈن تازىلىقلار ۋە ئىچىش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەگەر سۇنىڭ تەمى ياكى رەڭگى ياكى ھىدى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## شۈبھىلىك سۇلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر

214. سوئال: باشقا پاكىز نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالغان سۇنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: سۇت ۋە زەپەگە ئوخشاش پاكىز نەرسىلەر ئارىلىشىپ قېلىش تۈپەيلى مەزكۇر ئۈچ خىل سۈپىتىدىن بىرەرسى ئۆزگىرىپ قالغان سۇنى ئىشلىتىشكە ۋە ئىچىشكە بولىدۇ. ئەمما ئارىلاشقان نەرسە سۇنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى سۇنىڭ ھەجمىدىن كۆپ بولغاندا، مۇنداق سۇنى پاكىزلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

215. سوئال: مىقدارى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھايۋانلار ئىچىپ قويغان تۇرغۇن سۇنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: مىقدارى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھايۋانلار ئىچىپ قويغان تۇرغۇن سۇلارنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئادەم ياكى ئاتقا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار ئىچىپ قويغان سۇ پاكتۇر. ئۇنى ئىچىش ياكى يۇيۇنۇش ياكى كىيىملەرنى يۇيۇپ تازىلاش قاتارلىق ئېھتىياجلار ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدۇ.

(2) ئىت ياكى چوشقا ياكى يىرتقۇچلار ئىچىپ قويغان سۇ نىجىستۇر. ئۇنى قوللىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

(3) مۈشۈك ياكى قويۇپ بېرىپ بېقىلغان توخۇ ياكى گۆش يەيدىغان ئۇچارلىقلار ئىچىپ قويغان سۇ پاكتۇر. بىراق باشقا سۇ بولغان يەردە، بۇنى ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر.

(4) ئېشەك ياكى خېچىر ئىچىپ قويغان سۇ پاكلىقى شۈبھىلىك سۇدۇر. باشقا سۇ تېپىلمىغان شارائىتلاردا، بۇ سۇنى تاھارەتكە قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق بۇ سۇ بىلەن ئالغان تاھارەتنىڭ ئۈستىگە تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇش لازىم كېلىدۇ.

216. سوئال: مىقدارى ئاز سۇ دېگەن قانداق سۇ؟
جاۋاب: سۇ مىقدارىنىڭ ئاز ياكى كۆپلىكى مۇنداق ئۆلچىنىدۇ: تۆت بۇرجەكلىك بىر كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى 46 سانتىمېتىردىن، تۆت تەرىپىنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاز دېگەندە 4 مېتىر، 6 سانتىمېتىردىن كەلمىسە ياكى كۆل يۇمىلاق بولۇپ، ئەتراپىنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى 24 مېتىر، 24 سانتىمېتىردىن كەم بولسا، مۇنداق سۇ «مىقدارى ئاز سۇ» دېيىلىدۇ. بۇنداق مىقدارى ئاز سۇغا چۈشكەن نىجاسەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن ياكى كۆرۈلمىسۇن، ئۇ پاسكىنا سۇدۇر.

## ئىستىنجا ۋە ئىستىبرا ھەققىدىكى مەسىلىلەر

217. سوئال: ئىستىنجا دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ئىستىنجا ـ تەرەت قىلىدىغان ئورگانلارنى يۇيۇپ تازىلاش دېمەكتۇر.

218. سوئال: ئىستىنجا قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: ئىستىنجا قىلىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
(1) ئىنساننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەت قىلىش ئورگىنىدىن چىققان نەرسىلەر بۇ ئىككى ئورگاندىن بەدەننىڭ باشقا جايلىرىغا تەگمىگەن بولسا، تەرەت ئورگىنىنى قەغەز، چالما ياكى تۇپراق بىلەن قۇرۇقداشقا كۇپايە قىلىپ سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش سۈننەتتۇر.
(2) ئىككى ئورگاندىن چىققان نەرسىلەر بىر تەڭگە مىقدارىدا بەدەننىڭ باشقا جايلىرىغا تەككەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ يەرنى قەغەز ياكى چالما بىلەن تازىلىغاندىن تاشقىرى، سۇ بىلەن يۇيۇپ ئىستىنجا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى پاكلاش ۋاجىبتۇر.
(3) بەدەنگە تەككەن پاسكىنىلىق بىر تەڭگە مىقدارىدىن كۆپرەك بولسا، بۇ ھالەتتە سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش پەرز بولىدۇ. ئىستىنجا قىلىشتا سول قول ئىشلىتىلىدۇ.

219. سوئال: تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىش شەرتمۇ؟
جاۋاب: كىچىك ۋە چوڭ تەرەت قىلغان ئادەم تاھارەت ئالماقچى بولغىنىدا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىستىنجا قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما ئۇخلىغانلىق ياكى يەل چىقارغانلىق ياكى تەرەت ئورگانلىرىدىن باشقا بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان، يىرىڭ چىققانلىق تۈپەيلى تاھارىتى سۇنغان كىشى ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىش لازىم ئەمەسلىكىدە پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئىستىنجا پەقەت ئىككى تەرەت ئورگىنىدىن چىققان پاسكىنىلىقلارنى پاكلاش ئۈچۈنلا بۇيرۇلغان.

220. سوئال: ئىستىنجا قىلغاندا قانداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىستىنجا قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇدۇر. سۇدىن ياخشى پاكلايدىغان ماددا يوقتۇر. سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، چالما، تاش، رەخت پارچىسى، قەغەز ۋە ئامالسىز قالغاندا ياغاچ ۋە ئوتۇن قاتارلىق ماددىلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولىدۇ. ئىستىنجا قىلماقچى بولغاندا، ئادەم كۆرمەيدىغان مەخسۇس جاينى تاللاپ، ئىستىنجانى شۇ يەردە قىلىش لازىم. ئەۋرەت جايلارنى كىشىلەرگە كۆرستىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش هارامدۇر.

221. سوئال: ئىستىنجا قىلغاندا قانداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

جاۋاب: خىش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئەينەك، هاك، ئىنسان ياكى هايۋانلار يەيدىغان تائام قاتارلىقلارنىڭ قايسىبىرىنى ئىستىنجا قىلىشتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

222. سوئال: گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ۋە كىتابلارنىڭ ۋاراقلىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەرەب هەرپى بىلەن يېزىلغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ۋاراقلىرىنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەرەب هەرپى بىلەن ئەمەس، بەلكى لاتىن، رۇس، خىتاي ۋە باشقا هەرپلەر بىلەن يېزىلغان، دىنىي بولمىغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولىدۇ.

223. سوئال: ئىستىبرا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىستىبرا ـ تاهارەت ئېلىشتىن ئاۋۋال جىنسىي ئورگاندىن كەلگەن سۈيدۈكنىڭ قالدۇقلىرىدىن تولۇق پاكلىنىش دېمەكتۇر. قايسى ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن سۈيدۈك تۇرۇبىسىدىن سىزىپ كېلىدىغان سۈيدۈك قالدۇقلىرىدىن تولۇق پاكلىنىش پەرزدۇر. سۈيدۈكنىڭ قالدۇقلىرىدىن تولۇق خالاس بولماي تۇرۇپ تاهارەتكە باشلاشقا بولمايدۇ.

## هاجەتخانىغا كىرىش ۋە چىقىش ئەدەپلىرى

224. سوئال: هاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: هاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) هاجەتخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال: «ئەئۇزۇ بىللاهى مىنەششەيتانىر رەجىيم (ئاللاهقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)» دېيىش، ئاندىن هاجەتخانىغا كىرىشتە: ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ــ چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

(2) ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئىشتاننىڭ پاچىقىنى تۈرۈش.

(3) ھاجەتخانىغا كىرىشتە پۇتىغا ئاياق كىيىپ كىرىش ۋە يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ياكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىش.

(4) ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندا سول تەرەپكە تايىنىپ ئولتۇرۇش ۋە ئېھتىياجسىز سۆزلىمەسلىك.

(5) ھاجەتخانىدا سول قولنى ئىشلىتىش.

(6) توسالغۇ بولمىغان جايدا، قىبلە تەرەپكە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ھاجەت قىلماسلىق.

(7) سۇغا، يول ئۈستىگە، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا ھاجەت قىلماسلىق. شۇنىڭدەك شامالغا قاراپ ھاجەت قىلماسلىق.

(8) ئۆزۈرسىز ئۆرە تۇرۇپ تەرەت قىلماسلىق.

(9) ھاجەتخانىدىن چىقىشتا ئوڭ پۇت بىلەن چىقىش.

(10) ھاجەتخانىدىن چىقىشتا: «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيان ـ زەخمەتنى يوق قىلغان ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

يۇقىرىقىلار ھاجەتخانىغا كىرىش ۋە چىقىشنىڭ ئەدەبلىرى بولۇپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش سۈننەت ۋە ئەدەپتۇر. ئەمما بۇلارغا رىئايە قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

## نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە پاكلىنىش ئۇسۇلى

225. سوئال: نىجاسەت (پاسكىنىلىق) قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: نىجاسەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئېغىر نىجاسەت، يەنە بىرى، يېنىك نىجاسەتتۇر.

226. سوئال: ئېغىر نىجاسەتلەر دېگەن قايسىلار؟

جاۋاب: ئېغىر نىجاسەتلەر: قان، يىرىڭ، ھارام بولغان مالنىڭ گۆشى ۋە تېرىسى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى، ئىتنىڭ، چوشقىنىڭ ۋە يىرتقۇچلارنىڭ تەرىتى ۋە شالۇكلىرى، توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلارنىڭ ماياقلىرى ۋە ئىنساننىڭ بەدىنىدىن چىقىشى بىلەن تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەر، مەسىلەن: كىچىك ـ چوڭ تەرەت، قان، يىرىڭ، مەزى (جىنسىي ھەۋەس قوزغالغاندا ئېتىلماي

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

چىقىـدىغان، سـپېرمىغا ئوخشـاپ كېتىـدىغان سۇ)، ۋەدى (گاھـىدا كىچىـك تەرەتـتىن كېيىن چىقىدىغان دۇغا، ئاق سۇ) قاتارلىقلار.

227. سوئال: يېنىك نىجاسەتلەر دېگەن قايسىلار؟

جـاۋاب: يېنىـك نىجاسـەتلەر: ئـات ۋە ئۇنىڭغـا ئوخشـاش گۆشـى يېيىلـىدىغان ھايۋانلارنىڭ مايىقلىرى، سۈيدۈكلىرى، ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقلىرى قاتارلىقلاردۇر.

228. سوئال: نامازدا قانچىلىك نىجاسەت كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

جـاۋاب: ئېغىـر نىجاسـەتلەردىن بىـر تەڭـگە مىقـدارى (3.17 گـرام)غـا، يېنىـك نىجاسـەتلەردىن كىيىمنىـڭ يـاكى بەدەننىـڭ تـۆتتىن بىـرىگە يەتمىگىنـى كەچـۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئورۇندىكى كەچۈرۈم قىلىنىشنىڭ مەنىسى شۇكى، نامـاز ئوقۇغـان كىشـى بەدىنـى يـاكى كىيىمـىدىكى يـۇقىرىقى مىقـداردىن ئـاز نىجاسـەتنى كـۆرمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ نىجاسەتلەر بىلەن ئوقۇغان نامىزى ئادا تاپقـان بولـىدۇ. ئەگەر نامـاز ئوقۇغـان كىشـى يـۇقىرىقى مىقـداردىن ئـاز نىجاسـەت بولسىمۇ، ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزۈرسىز ھالدا ئۇنىڭدىن تازىلانماستىن ناماز ئوقۇغـان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس. نىجاسەتلەردىن پاكلىنىپ نامازنى قايتا ئوقۇشـى لازىم كېلىدۇ.

229. سوئال: نىجاسەتلەرنى قانداق تازىلاش كېرەك؟

جاۋاب: نىجاسەتلەرنى تازىلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) قـان، يىرىـڭ ۋە چـوڭ تەرەتـكە ئوخشـاش كـۆرگىلى بولـىدىغان نىجاسـەتلەر بىلەن پاسكىنا بولغـان نەرسـىلەر نىجاسەتنىڭ ئـۆزىنى سـۇ بىـلەن يۇيـۇپ يـوقىتىش ئـارقىلىق پاكلىنىـدۇ. يۇيۇلغانـدىن كېيىنمـۇ ئۇنىـڭ ئەسـىرىنىڭ قېلىشـى ئۇنىـڭ پاكلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. مەسىلەن: قانغا بويالغان كىيىمنى يۇيۇپ تازىلىغانـدىن كېيىن، قاننىڭ ئەسـىرىدىن قالغـان سـېرىق رەڭ كىيىمـدىن يوقالمىغـان بولسـىمۇ، ئـۇ كىيىم پاسكىنا دېيىلمەيدۇ، بەلكى پاكتۇر.

(2) سـۈيدۈك ۋە باشـقىلارغا ئوخشـاش قـۇرۇپ قالسـا كـۆرگىلى بولمايـدىغان نىجاسەتلەر بىلەن نىجىس بولغان نەرسـىلەر ئـاز دېگەنـدە ئـۈچ قېـتىم يۇيـۇش ۋە ھەر قېتىم يۇغاندا ئۇنى سىقىش بىلەن پاكلىنىدۇ.

(3) قانـداقلا بىـر نىجاسـەت بىـلەن پاسـكىنا بولغـان زېمىنـدىن نىجاسـەتنىڭ ئەسىرىنى يوقىتىش بىلەن بۇ زېمىن پاك بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. بىراق ئۇ جايدا تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

(4) قانداقلا بىر نىجاسەت بولمىسۇن، ئـۇ ئـۆز ئەسـلىدىن ئۆزگىرىشـى بىـلەن پـاك بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھايۋانلارنىـڭ سـۈيدۈكلىرىنىڭ قـۇرۇپ تۇزغـا ئايلانغىنىغـا،

ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ چوڭ تەرەتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش بىلەن كۈلگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش. تۇز بىلەن كۈل پاك ماددىلاردۇر.

(5) ئىت ۋە چوشقىنىڭ نىجاسەتلىرى بىر قېتىم تۇپراق بىلەن، ئالتە قېتىم سۇ بىلەن جەمئىي يەتتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق پاكلىنىدۇ. بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بىلەن سابىت بولغان. چۈنكى تۇپراق تەركىبىدە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە ماددا بار بولغانلىقتىن، قاچىنى تۇپراق بىلەن بىر قېتىم سۈرتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتنىڭ شالۇسىدىن يۇققان مىكروبلار ئۆلىدۇ. سۇ بىلەن يەنە ئالتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق قاچىدا مىكروبنىڭ ئەسىرى قالمىغان بولىدۇ. چوشقىمۇ شۇنداق.

(6) ئائىسىنىڭ سۈتى بىلەنلا غىزالىنىدىغان، تېخى تاماق يېگۈچى بولمىغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى يۇقۇپ قالغان كىيىمنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكۈش بىلەن كىيىم پاك بولىدۇ. ئەمما قىز بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى يۇققان كىيىم سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىقلا پاك بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ تەرىتى تېگىپ قالغان نەرسىلەر پەقەت سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىقلا پاكلىنىدۇ.

## سپېرما ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

230. سوئال: سپېرما (مەنى) پاكىزىمۇ ياكى پاسكىنىمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى سپېرمىنىڭ پاكىزلىقى ياكى پاسكىنىلىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپقا چۈشۈپ ئۈچ مەزھەبكە بۆلۈنگەن.

بىرىنچى مەزھەب: ئىنسانىنىڭ سپېرمىسىنى پاكىز، بىراق يىرگىنىشلىك نەرسىدۇر. دېگۈچىلەر ساھابىلاردىن ئائىشە[1]، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر[2]، مەزھەب پېشىۋالىرىدىن ئىمام شافىئىي، ئىسھاق، داۋۇد، ئىبنى مۇنزىر قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار سپېرما پاسكىنا ئەمەس، پەقەت ئادەم يىرگىنىدىغان بەلغەم ۋە تۈكۈرۈككە ئوخشاشلا نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمگە يۇقۇپ قالغان سپېرمىنى ئۇۋۇلاپ ئەسەرىنى

(1) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە ئەڭ كاتتا ئالىمە، ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىمۇ كۆپلىگەن دىنىي مەسىلىلەردە، ھەزرىتى ئائىشەگە مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى.

(2) ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر-ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى بولۇپ، ساھابىلارنىڭ ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان كاتتا ئۆلىماسى، ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولغان ۋە ئۇنىڭ ئالىم بولىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس دۇئاسىنى ئالغان زات.

يوق قىلاتتىم، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇيتتى»[1] دېگەن ھەدىسى بىلەن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىپىرما يۇقۇپ قالغان كىيىم توغرۇلۇق سورىلىۋىدى، "ئۇ پەقەت بەلغەم ۋە تۈكۈرۈكنىڭ ئورنىدىكى نەرسە. ئۇنى ياغلىق ياكى لاتا بىلەن ئېيتىۋەتسەڭ بولىدۇ" دېدى»[2] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىغان. شۇڭا بۇ مەزھەبكە كۆرە، سىپىرما ھۆللۈك ھالىتىدە يۇيۇلىدۇ، قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوق قىلىۋەتسە بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمگە يۇققان سىپىرما ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوق قىلىش بىلەن، ھۆل ھالىتىدە بولسا يۇيۇش بىلەن تازىلايتتىم»[3] دېگەن.

ئىككىنچى مەزھەب: ئىنساننىڭ سىپىرمىسى خۇددى سۈيدۈككە ئوخشاشلا پاسكىنا نەرسە، ئۇنى ھۆل ۋە قۇرۇق قانداقلا ھالەتتە بولسۇن، سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلاش لازىم كېلىدۇ، دېگۈچىلەر بولۇپ، مەزھەب پېشىۋالىرىدىن ئىمام مالىك، ئەۋزائىي، سەۋرىي قاتارلىق ئالىملاردۇر. بۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمگە يۇققان سىپىرمىنى يۇياتتى»[4] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىغان. بۇ ھەدىس سىپىرمىنى پاسكىنا دېيىشكە دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بەلغەمگە ئوخشىغان پاسكىنا ئەمەس نەرسىلەر يۇقۇپ قالغان ياكى مېۋىنىڭ سۈيى تۆكۈلۈپ كەتكەن كىيىمنىمۇ يۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەتتە كىيىم كىرلىشىپ قالسىمۇ يۇيۇپ تۇرىمىز. بىر نەرسىنى يۇغانلىق ئۇنىڭ پاسكىنىلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى مەزھەب: ئىنساننىڭ سىپىرمىسى پاسكىنا، بىراق ئۇنى قۇرۇپ قالغان بولسا ئۇۋۇلاپ ئۇنىڭ كىيىمدىكى ئەسىرىنى يوق قىلىۋەتسە، كىيىم پاك بولىدىغان نەرسە دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى سىپىرمىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، سىپىرمىنى ئىچىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(3) دار قۇتنىي ۋە بەززاز رىۋايىتى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

**سىيىرما يۇقۇپ قالغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش مەسىلىسى**

231. سوئال: سىيىرما يۇقۇپ قالغان كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىختىلاپلاشقان:

(1) كىيىم پاكى بەدەنگە يۇقۇپ قالغان سىيىرمىنى يۇيۇۋېتىش ئەۋزەل. ئەمما يۇيۇۋەتمىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۇنتۇپ قالغان پاكى ئېسىدە بار تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ شافىئىي، مالىكىي، زاھىرىي مەزھەبلىرىنىڭ رەيى.

(2) سىيىرما ھۆل ھالىتىدە يۇيۇلىدۇ، ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا ئۇۋۇلاپ ئەسەرى يوق قىلىنىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىنىڭ بەزى ئۆلىمالىرىنىڭ رەيى.

(3) سىيىرما يۇقۇپ قالغان كىيىم پاكى بەدەننى مەيلى قۇرۇپ قالغان بولسۇن، مەيلى ھۆل بولسۇن، سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش پەرزدۇر. پاكىزلىماستىن ئوقۇلغان نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم كېلىدۇ. بۇ مالىكىي مەزھەبىنىڭ رەيى.

بۇ مەسىلىدە، شافىئى، مالىكىي ۋە زاھىرىي مەزھەبلىرىنىڭ رەيىنى ھازىرقى زامانىنىڭ كۆپ ساندىكى ئۆلىمالىرى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ.

**ھايۋانلارنىڭ سىيىرمىسى**

ھايۋانلارنىڭ سىيىرمىسىنىڭ پاكىزلىقى ياكى پاسكىنىلىقى توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۈچ مەزھەبكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىمام نەۋەۋىي بۇنى مۇنداق بايان قىلغان:

(1) ئىت بىلەن چوشقىدىن باشقا پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ سىيىرمىسى پاكىزدۇر. بۇ ئادەمنىڭ سىيىرمىسىگە ۋە تۇخۇمغا قىياس قىلغان ھۆكۈم.

(2) جىمى ھايۋانلارنىڭ سىيىرمىسى پاسكىنا.

(3) گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ سىيىرمىسى پاكىز، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ سىيىرمىسى پاسكىنىدۇر[1].

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ«ئەل مەجمۇئ»ناملىق ئەسەرىدىن.

## تاھارەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

232. سوئال: تاھارەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: تاھارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.
(1) ناماز ئوقۇش، قۇرئاندىن سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغاندا سەجدە قىلىش، قۇرئاننى تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش پەرزدۇر.
(2) كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ۋاجىبتۇر.
(3) تاھارەت بىلەن يېتىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش سۈننەتتۇر.

### تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ۋە سۈننەتلىرى

233. سوئال: تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قانچە؟
جاۋاب: تاھارەتنىڭ پەرزلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) يۈزنىڭ چاچ ئۈنگەن يېرىدىن باشلاپ زاڭىقىنىڭ ئاستىغىچە ۋە ئىككى قۇلاقنىڭ يۇمشاقلىرىغىچە بولغان جايلىرىنى يۇيۇش.
(2) ئىككى قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
(3) ئىككى پۇتنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
(4) باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش (سۇ بىلەن سىلاش).

234. سوئال: تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى قانچە؟
جاۋاب: تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىش.
(2) تاھارەتنى«بىسمىللاھ» بىلەن باشلاش.
(3) ئىككى قولنى بىلەكلىرىگىچە يۇيۇش.
(4) چىشلارنى مىسۋاك بىلەن، مىسۋاك بولمىسا بارماق بىلەن تازىلاش.
(5) ئېغىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاش.
(6) بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ تازىلاش.
(7) بارماقلارنىڭ ئارىسىنى سۇ بىلەن سىلاپ يۇيۇش.
(8)ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش.
(9) ئىككى قۇلاققا مەسھى قىلىش.
(10) تاھارەتنى تەرتىپ بىلەن ئېلىش.
(11) ئەزالارنى يۇيۇشتا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش. مەسىلەن: ئاۋۋال ئوڭ قولنى

ئاندىن سول قولنى يۇغانغا ئوخشاش.

(12) گەدەنگە مەسھى قىلىش.

(13) ساقىلى بار كىشىنىڭ ساقىلىنىڭ ئارىلىرىنى سۇ بىلەن سىلىشى.

(14) ھەر ئەزانى يۇيۇشتا ئۇۋۇلاپ پاكىز يۇيۇش.

(15) باشنىڭ ھەممىنى بىر قېتىم مەسھى قىلىش.

(16) تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى يۇيۇشتا ئارقا ــ ئارقىدىن يۇيۇش.

(17) روزا تۇتمىغان ۋاقىتلاردا، ئېغىزغا سۇ ئالغاندا، سۇنى گالغا يەتكۈزۈپ غارغار قىلىش، بۇرۇنغا سۇ ئالغاندا، سۇنى دىماققا يەتكۈزۈپ مەزمەزە قىلىش. ئەمما روزا تۇتقان ۋاقىتلاردا سۇنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۇنى ئېغىز بىلەن بۇرۇنغا دىققەت بىلەن ئېلىش.

235. سوئال: تاھارەتتىكى مەكرۇھلار قايسىلار؟

جاۋاب: تاھارەت ئېلىشتا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) سۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىش.

(2) سۇنى نورمالدىن ئاز قوللىنىش.

(3) سۇ بىلەن يۈزگە ئۇرۇش.

(4) تاھارەت ئېلىۋاتقاندا دۇنيالىق سۆزلەرنى دېيىشىش.

(5) تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئۆزۈرسىز باشقىلاردىن تاھارەتكە ياردەم سوراش.

(6) بىر قېتىم قىلىدىغان مەسھىنى يېڭى سۇ بىلەن بىر قېتىمدىن ئارتۇق قىلىش.

## تاھارەت ئېلىشنىڭ قائىدە- تەرتىبى

236. سوئال: تاھارەتنى قانداق ئېلىش كېرەك؟

جاۋاب: تاھارەتنى تۆۋەندىكىدەك ئېلىش كېرەك:

(1) كۆڭلىمىزدە تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىمىز.

(2) ئىمكانىيەت بولسا، ئېگىزرەك جايدا قىبلىگە قاراپ ئولتۇرىمىز.

(3) بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم دەيمىز.

(4) قولىمىزنى ئۈچ قېتىم پاكىز يۇيىمىز. قوللارنى يۇغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ پاكىز يۇيىمىز.

(5) ئوڭ قولىمىز بىلەن ئېغىزىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقايمىز. مىسۋاك بولسا ئۇنىڭ بىلەن، مىسۋاك بولمىسا بارمىقىمىز بىلەن چىشلىرىمىزنى تازىلايمىز.

(6) بۇرنىمىزغا ئۈچ قېتىم ئوڭ قولىمىز بىلەن سۇ ئېلىپ، سول قولىمىز بىلەن تازىلايمىز.

(7) يۈزىمىزنى پىشانىمىزنىڭ چاچ ئۈنۈپ تۇختىغان يېرىدىن زاڭاقنىڭ ئاستىغىچە ۋە ئوڭ قۇلاقنىڭ يۇمشىقىدىن سول قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە ھەممىنى تولۇق ۋە پاكىز ئۈچ قېتىم يۇيىمىز. (ساقىلى بار كىشى ساقىلىنىڭ ئارىلىرىنى سۇ بىلەن سىلاپ چىقىدۇ).

(8) ئاۋۋال سول قولىمىز بىلەن ئوڭ قولىمىزنى، كېيىن ئوڭ قولىمىز بىلەن سول قولىمىزنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز.

(9) ئوڭ قولىمىزنىڭ ئالقىنىنى قايتا ھۆل قىلىپ، بېشىمىزنىڭ تۆتتىن بىرىنى باكى ھەممىسىنى سلايمىز.

(10) ئىككى قولىمىزنىڭ بىگىز ياكى كىچىك بارماقلىرى بىلەن ئىككى قولىقىمىزنىڭ ئىچىنى، باش بارماقلىرى بىلەن ئىككى قولىقىمىزنىڭ ئارقىسىنى سلايمىز.

(11) ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول پۇتىمىزنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز.

## مىسۋاك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

237. سوئال: مىسۋاك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مىسۋاك ـ «سالۋادورا پېرسىكا» دەپ ئاتىلىدىغان «ئىراك» دەرىخىنىڭ ياش نوتىسىدىن كېسىپ ئېلىنىدىغان ھۆل ياغاچ دېمەكتۇر. بۇ ياغاچتىن بىر غېرىچ مىقداردا كېسىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى 1 ياكى 2 سانتىمېتىر ئۇچلاپ سۇغا چىلاپ يۇمشىتىش ئارقىلىق قوللىنىلىدۇ. مىسۋاك سۇدا يۇمشىغاندىن كېيىن خۇددى چىش چوتكىسىدەك پۇرشىلىق ھالغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋسىيە قىلغان مىسۋاك دەل بۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ دەرەخ شەرقىي ئافرىقىدىن، ھىندىستانغىچە بولغان مەملىكەتلەردە يېتىشىدۇ.

238. سوئال: مىسۋاكنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: تولۇق ۋە توغرا سۆزلەشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان چىشلارنى ئاسراش ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئېغىزدا چىشلار تولۇق بولمىغاندا پىسخولوگىيىلىك سەلبىياتلارمۇ كۆرۈلىدۇ. چىشلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى چىشلارنىڭ ئارىلىقىدا تاماقنىڭ قالدۇقلىرىدىن تۇپلانغان باكتېرىيەلەردۇر. ئېغىز، چىش ۋە چىشلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۆشلەرنى باكتېرىيەلەردىن ساقلاش ئۈچۈن چىش چوتكىسىنى قوللىنىش ئەھمىيەتلىكتۇر. بىراق چىش چوتكىسى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان چىش پاستىلىرى (ياگولار) نورمالدىن ئارتۇق تەملىك بولغاچقا، ئۇ، ئېغىزنىڭ تەمىنى بۇزىدۇ. ئەمما مىسۋاك ئۆزىنىڭ نورمال پۇرىقى ۋە ياخشى تەمى

بىلەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىبىغىزنىڭ تەمىنى بۇزمايدۇ. شۇڭا چىش چوتكىسىدىن مىسۋاكنىڭ ئەھمىيىتى كۆپتۇر.

## تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار

239. سوئال: تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: تاھارەت تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن بۇزۇلىدۇ:

(1) ئىنساننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەت ئورگىنىدىن سۈيدۈك، چوڭ تەرەت، يەل، سپېرما، ۋەدى، مەزى ۋە باشقىلارنىڭ چىقىشى.

(2) بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان، يىرىڭ ۋە سېرىق سۇنىڭ ئېقىشى. (سېرىق سۇ ئاغرىق سەۋەبىدىن ئاققان بولسا تاھارەت بۇزۇلىدۇ، ئەگەر ئاغرىماستىن ئاققان بولسا سۇنمايدۇ).

(3) ئېغىز توشقىچە قۇسۇش.

(4) ئېغىزدىن قان چىقىشى (ئەمما تۈكرۈكتىن ئاز بولسا ياكى تۈكرۈكنىڭ رەڭگى قىزارمىسا زىيىنى يوق).

(5) ھوشىدىن كېتىش.

(6) مەس بولۇش.

(7) ئەر ــ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئورگانلىرىنىڭ ئارىدا توساق بولماستىن بىر ــ بىرىگە تېگىشى.

(8) ئۇخلاش. (ئەمما نامازدا ئۆرە تۇرغاندا ئېگىلمەستىن، ئولتۇرغاندا بىر يەرگە يۆلەنمەستىن مۈگدەش تاھارەتنى بۇزمايدۇ).

(9) نامازدا قاھقاھلاپ كۈلۈش.

## تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار

240. سوئال: تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان چىقىپ، ئاقماستىن ئۆز ئورنىدا توختاپ قالغان بولسا؛

(2) بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن گۆش ئاجراپ چۈشكەن بولسىمۇ، قان چىقمىغان بولسا؛

(3) بەدەندىكى يارىدىن قۇرۇت چىققان بولسا؛

(4) ئېغىز تولمىغان مىقداردا قۇسقان بولسا؛

(5) ھەر قانداق بىر ئايالنى شەھۋەتسىز تۇتقان بولسا؛

(6) جىنسىي ئورگاننى ھېسسىياتنى قوزغىمىغان دەرىجىدە تۇتقان بولسا؛

(7) ئۆرە ياكى ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان بولسا تاھارەت بۇزۇلمايدۇ.

241. سوئال: تاھارەتتە شەككە چۈشۈپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: تاھارەت ئالغانلىقى ئېسىدە بار، ئەمما ئۇنىڭ بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلمىغانلىقىدا ئىككىلىنىپ شەككە چۈشۈپ قالغان ئادەم تاھارىتىنى بار دەپ ھېسابقا ئالىدۇ. بىراق تاھارىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئېسىدە بار، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن تاھارەت ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالغان ئادەم تاھارىتى يوق ھېسابلىنىدۇ. بۇ « شەك ئىشەنچنى يوق قىلالمايدۇ» دېگەن قائىدىگە ئاساسلانغان ھۆكۈمدۇر.

## ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

242. سوئال: ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىش — تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا تاھارەت بىلەن كىيىلگەن، سالاھىيەتلىك ئاياقلارنىڭ ئۈستىنى ھۆل قول بىلەن سىلاش دېگەنلىكتۇر.

243. سوئال: ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىشنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاياق ياكى پايپاقنى كامىل تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كىيىلگەن بولۇشى.

(2) ئاياق ياكى پايپاقنىڭ پاكىز بولۇشى.

(3) مەسهى قىلغۇچىنىڭ جۇنۇپ بولماسلىقى، يەنى غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغان كىشىنىڭ مەسهى قىلىشى جائىز ئەمەس. غۇسلى قىلىپ ئايىغىنى ياكى پايپىقىنى پاكلىق ئۈستىگە كىيگەن بولسا، ئاندىن ئۇنىڭغا مەسهى قىلسا بولىدۇ.

(4) مەسهىنىڭ مۇددىتىگە رىئايە قىلىش.[1]

---

(١) پايپاققا مەسهى قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلىرى بىلەن سابىت بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن باشلاپ، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە مۇجتەھىد ئۆلىمالار قىلغان بىر ئىش. مۇغىرە ئىبنى شەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاياققا گاھىدا پايپاققا مەسهى قىلاتتى» ( ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان، بەيهەقىي، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ئەبۇ شەيبە قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار ھەدىس توپلاملىرىدا رىۋايەت قىلغان «سەھىھ» ھەدىس).

پايپاققا مەسهى قىلىشنىڭ جائىزلىقى ١٣ ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنىپ كېلىنگەن ۋە يېقىن فىقهىشۇناس ئالىم جائىز سانىغان كۆچلۈك مەسىلىدۇر. ھازىرقى زاماننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرى ئىبنى باز، ئىبنى جىبرىن، مۇھەممەد ئىبنى مۇنەججىد سالىھ ئىبنى فەۋزان، يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي قاتارلىق ئۆلىمالار بۇنى قوللايدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرگە ھەر ئىشتا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېهرىباندۇر. خۇسۇسەن ھازىرقى زاماندا كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ئوڭايلىقلارغا مۇھتاج. شۇڭا مەيلى ئىبادەتتە، مەيلى باشقا مەسىلىلەردە بولسۇن، گۇناھلا بولمىسا ئوڭاي بولغاننى قىلىش ياخشى. بىر ھەدىستە:« پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگىنىدە گۇناھلا بولمىسا ئوڭاي بولغاننى تاللايتتى»دەپ كەلگەن.(ئەللامە ئالبانىي«سەھىھ»دېگەن ھەدىس.)

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: « پايپاققا مەسهى قىلىش مۇتلەق جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاياققىمۇ ۋە پايپاققىمۇ مەسهى قىلغان. بۇ ھەقتە ھەدىس كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، قىياس ئۇنىڭ جائىزلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. پايپاقنىڭ تېرىدىن تىكىلگەن ياكى رەختتىن ۋە ياكى يۇڭدىن توقۇلغان بولۇشىنىڭ پەرقى يوق.» (ئەللامە يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى).

پايپاقلارغا مەسهى قىلىشتا پايپاقلار نىپىز ياكى قېلىن دەپ ئايرىلمايدۇ. ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىش ئەر-ئايال ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن جائىزدۇر.

## مەسهى قىلىش ئۇسۇلى

244. سوئال: مەسهىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاياق ياكى پايپاققا مەسهى قىلىشتا، قوللارنى ھۆل قىلىپ، ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئوڭ پۇتنىڭ، سول قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول پۇتنىڭ ئۇچلىرىدىن باشلاپ پۇتلارنىڭ ئايرىلىدىغان بېغىشلىرىغىچە بىر قېتىم سىلىنىدۇ.

## مەسهىنىڭ مۇددىتى

245. سوئال: مەسهىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

جاۋاب: مەسهىنىڭ مۇددىتى يولۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ كېچە - كۈندۈز، مۇقىملار ئۈچۈن بىر كېچە ــ كۈندۈزدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، يولۇچىلار ئاياقلىرىنى تاھارەت ئۈستىگە كىيگەندىن كېيىن، شۇ تاھارىتى بۇزۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز (72 سائەت)، مۇقىملار بىر كېچە كۈندۈز (24 سائەت) ئاياقلىرىنى يەشمەستىن، ئۈستىگە مەسهى قىلىدۇ.

## مەسهىنى بۇزىدىغان ئامىللار

246. سوئال: مەسهىنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: مەسهىنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

(1) تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار مەسهىنىمۇ بۇزىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاھارەت ئېلىپ، ئاياقلارنىڭ ئۈستىگە قايتا مەسهى قىلىنىدۇ.

---

ئىمام كاسانى مۇنداق دېگەن:« ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەزەم پايپاققا مەسهى قىلىسنى جائىز كۆرمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ بىلەن ئىمام مۇھەممەد ۋە زۇپەرلەر پايپاققا مەسهى قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا چىڭ تۇراتتى. ئىمام ئەزەم ئۆرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز رەيىدىن يېنىپ شاگىرتلىرىنىڭ رەيىگە قايتقان.»

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىن فىقھشۇناسلارنىڭ ئاياققا مەسهى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوشۇقلارنى يېپىپ تۇرىدىغان بولىشى، يىرتىق بولماسلىقى شەرت دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن:« فىقھشۇناسلار قويغان بۇ شەرتلەرنىڭ قۇرئان ياكى سۈننەتتىن دەلىلى يوق. سۈننەتتە پايپاقلارغا مەسهى قىلىشنىڭ جائىزلىقى شەرتسىز كەلگەن ئىكەن، بىزمۇ ئۇنى شەرتسىز قوبۇل قىلىمىز. مۇتلەق كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا شەرتلەرنى قويۇش ئۈچۈن قۇرئان ياكى سۈننەتتىن دەلىل بولىشى كېرەك. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يىرتىق ئاياقلارغىمۇ مەسهى قىلىش جائىزدۇر.

(2) پۇتلارنىڭ بىرەرسى ياكى ئىككىلىسىنىڭ ئاياق ياكى پايپاقلاردىن چىقىپ كېتىشى ياكى چىقىرىلىشى. پۇتلارنىڭ ئازراق قىسمى چىقىپ كېتىشى بىلەنمۇ مەسھى بۇزۇلىدۇ.

(3) مەسھى مۇددىتىنىڭ تۈگىشى.

(4) ئاياق ياكى پايپاقلارنىڭ ئىچىدە پۇتلارنىڭ بىرەرسى ياكى ئىككىلىسى سۇ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ھۆل بولۇپ كېتىشى.

يۇقىرىقى 2 ـ 3 ـ 4 ـ ھاللاردا پۇتلار تاھارەت ئارقىلىق يۇيۇلغاندىن كېيىن ئاياق ياكى پايپاق قايتا كىيىلىدۇ.

**مەسھىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار**

247. سوئال: تېڭىقنىڭ ئۈستىگە قانداق مەسھى قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: يارا، سۇنۇق ۋە چىقىقلارنىڭ ئۈستىگە تېڭىلغان تېڭىقلارنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئاستىنى يۇيۇش ياكى ھۆل قىلىش زىيانلىق بولغان ھاللاردا، تېڭىقنىڭ ئۈستىنى ھۆللەنگەن قول بىلەن بىر قېتىم سىلاش يۇيۇشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئاز دېگەندە 3 بارماق بىلەن بىر قېتىم سىلاش شەرتتۇر.

تېڭىقلارنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھىنىڭ مۇددىتى يوقتۇر. يەنى تېڭىلغان ئورگان ساقايغانغا قەدەر باشتا قىلغان بىر قېتىملىق مەسھى يېتەرلىكتۇر. تېڭىقلارغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تاھارەتلىك بولغان ھالدا تېڭىلغان بولىشى شەرت ئەمەس. شۇنداقلا، تېڭىقنى ئالماشتۇرۇش بىلەنمۇ، مەسھىنى يېڭىلاش لازىم كەلمەيدۇ.

248. سوئال: ئۆزۈرلۈك كىشىلەر قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: توختىماستىن بۇرنى قانايدىغان ياكى تەرىتى توختىمايدىغان ياكى كۆزىدىن يا قۇلىقىدىن سېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئۆزۈرلۈك كىشىلەر دېيىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى بۇ ئۆزۈرلەر ئىبادەتتىن چەكلىيەلمەيدۇ. بەلكى بۇ ھالەتلەردىمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيالايدۇ. پەقەت ئۇلار، بىر ۋاخ ناماز ئۈچۈن ئالغان تاھارەت بىلەن يەنە بىر ۋاخ نامازنى ئوقۇيالمايدۇ. بەلكى ھەر بىر ۋاخ ناماز ئۈچۈن ئايرىم تاھارەت ئېلىشى لازىم.

## ئاياللارغا خاس ھالەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھكاملىرى

249. سوئال: ئاياللارغا خاس قانچە ھالەت بار؟

جاۋاب: ئاياللاردا ئۆزلىرىگە خاس ئۈچ ھالەت بار بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئايلىق ھالىتى (ھەيزدارلىق ھالىتى).

(2) تۇغۇتلۇق ھالىتى (نىفاسلىق ھالىتى).

(3) ئۆزرۈرلۈك ھالىتى (مۇستەھازىلىك ھالىتى).

### ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالىتى

250. سوئال: ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالىتى - ئايلىق ئادەتنىڭ قېنىنى كۆرۈش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ، كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى نورمالدىكى ئايلىق ئادىتى بويىچە بالا ياتقۇلىرىدىن ئايلىق قېنىنىڭ كېلىشى دېيىلىدۇ.

251. سوئال: ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادىتىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

جاۋاب: ئاياللاردىكى ئايلىق ئادەت مۇددىتىنىڭ ئېزى ئۈچ كۈن، كۆپى 10 كۈن، نورمال مۇددىتى بەش كۈن بىلەن يەتتە كۈن ئارىسىدا بولىدۇ.

### ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى

252. سوئال: ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى - تۇغۇتتىن كېيىن، تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانغىچىلىك بولغان مەزگىل دېيىلىدۇ.

253. سوئال: ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىتى تۇغۇتنىڭ قېنىنىڭ توگىشى بىلەن تاماملىنىدۇ. قاننىڭ توگەش مۇددىتىنىڭ ئېزى بىرقانچە مىنۇت، كۆپى 40 كۈندۇر. قىرىق كۈندىن ئېشىپ كەتكىنى ئۆزرۈرلۈك ھالىتى ھېسابلىنىدۇ.

254. سوئال: ئاياللار ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتتىن كېيىنكى قېنىدىن پاكلىنىپ بولمىغان ۋاقىتلىرىدا قانداق ئىشلارنى قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئايلىق ئادەتنىڭ ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانمىغان مۇددەت ئىچىدىكى ئاياللار ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ناماز ئوقۇش.

(2) روزا تۇتۇش.
(3) قۇرئاننى تۇتۇش ۋە ئوقۇش. (ئەگەر قاپچۇقى بىلەن تۇتسا بولىدۇ).
(4) مەسجىدكە كىرىش.
(5) تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش.
(6) ئېتىكاپ قىلىش.
(7) كەبىنى تاۋاپ قىلىش.
(8) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش.
ئاياللار قانلىرىدىن پاكلانغاندىن كېيىنلا غۇسلى قىلىشى ۋاجىبتۇر.

255. سوئال: ئاياللار يۇقىرىقى ھالەتلىرىدە قىلالمىغان ئىبادەتلىرىنى قانداق قىلىدۇ؟
جاۋاب: ئاياللار يۇقىرىقى ھالەتلەر سەۋەبلىك ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ئەمما تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى

256. سوئال: ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى - ئايلىق ئادەت كۆرۈش مۇددىتى ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ئۈچ كۈندىن ئاز ياكى ئون كۈندىن كۆپ، تۇغۇتلۇق مۇددىتى ئىچىدىكىلەردىن قىرىق كۈندىن كۆپ، قىزلاردىن توققۇز ياشقا تولۇشتىن بۇرۇن ۋە ئادەت كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن چوڭ ئاياللاردىن (ئۇلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىدىن) قان كېلىشى ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالىتى دېيىلىدۇ.

257. سوئال: ئۆزۈرلۈك ھالىتىدىكى ئاياللار ئىبادەتلەرنى قىلالامدۇ؟
جاۋاب: ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھالىتىدىكى ئاياللار ئىبادەتلەرنى قىلالايدۇ. ھەتتا قان توختىماي ئېقىپ تۇرسىمۇ، ھەر بىر ناماز ئۈچۈن ئالاھىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تاھارىتى سۇنغان بولىدۇ. ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھالەتلىرىدىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ.

## تاھارەتسىز ۋە جۇنۇپ كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار

258. سوئال: تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) ناماز ئوقۇش.
(2)قۇرئاننى تۇتۇش.
(3) كەبىنى تاۋاپ قىلىش.

259. سوئال: جۇنۇپ كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: جۇنۇب(غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغان كىشى) ئۈچۈن، تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان يۇقىرىقى ئۈچ ئىش بىلەن بىرلىكتە، تۆۋەندىكى ئىككى ئىش مەنئى قىلىندۇ:

(4) قۇرئاننى يادىسىغا بولسىمۇ ئوقۇش. جۇنۇپ كىشىنىڭ بىرەر ئايەتنىمۇ يادىسىغا ياكى قاراپ ئوقۇشى قەتئىي مەنئى قىلىندۇ.

(5) مەسجىدكە كىرىش ۋە ئۇنىڭدا ئېتىكاپ قىلىش. جۇنۇپ كىشىنىڭ قايسىبىر سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، مەسجىدكە كىرىشى ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشى مەنئى قىلىندۇ.

# غۇسلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

260. سوئال: غۇسلى دېگەن نېمە؟
جاۋاب: غۇسلى ـ پاكلىنىش نىيىتى بىلەن پۈتۈن بەدەننى پاكىز يۇيۇش ئارقىلىق ئومۇمىي چوڭ تازىلىق قىلىش دېمەكتۇر.

## غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئىشلار

261. سوئال: غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:
(1) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش. (گەرچە سپېرما چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن غۇسلى قىلىش پەرزدۇر).
(2) قايسىبىر سەۋەب بىلەن سپېرمىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى.
(3) ئۇيقۇدا قانداقلا بىر كەيپىيات بىلەن بولمىسۇن، سپېرمىنىڭ چىقىشى.
(4) تۇغۇت ۋە ئايلىق ئادەتنىڭ قانلىرىنىڭ توختىشى.
(5) مەسىلىكتىن، ھۇشسىزلىقتىن ئەسلىگە كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىدە سپېرما جىنسىدىن بىر ھۆللۈكنى بايقىشى.

## غۇسلىنىڭ تۈرلىرى

262. سوئال: غۇسلى قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: غۇسلى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى: پەرز بولغان غۇسلى، يەنە بىرى، سۈننەت بولغان غۇسلى، ئۈچىنچىسى مۇستەھەب بولغان غۇسلىدۇر.
263. سوئال: پەرز بولغان غۇسلى قايسى؟
جاۋاب: غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرەرسى يۈز بەرگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىش پەرزدۇر.
264. سوئال: سۈننەت بولغان غۇسلى قايسىلار؟
جاۋاب: تۆۋەندىكى تۆت ئىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش سۈننەتتۇر.
(1) جۈمە نامىزىغا بېرىش ئۈچۈن. (سۈننەت بولغان يۇيۇنۇشنىڭ ۋاقتى: جۈمە كۈنى ئەتىگەندىن جۈمەنىڭ ۋاقتىغىچە بولىدۇ).
(2) ھېيت نامازلىرىغا بېرىش ئۈچۈن.
(3) ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلاش ئۈچۈن.

(4) ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئەرەپاتتا ئىمكانىيەت بولسا، قۇياش كۆلۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىشى سۈننەتتۇر.

265. سوئال: مۇستەھەب بولغان غۇسلى قايسىلار؟

جاۋاب: مۇستەھەب (تەكىتسىز سۈننەت)بولغان غۇسلى تۆۋەندىكىلەر:

(1) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە كىرىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش.

(3) ئىمكانىيەت بولسا، مۇزدەلىفەدىمۇ غۇسلى قىلىش.

(4) مېيىتنى يۇغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

(5) قان ئالدۇرغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

(6) قەدىر كېچىسىنى ئۇچراتقاندا غۇسلى قىلىش.

(7) ھۇشىدىن كېتىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

(8) ساراڭلىقتىن ئويغانغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

(9) مەسلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

(10) سەبى قىز ـ ئوغۇللار ئادەت (ھەيز) كۆرمەستىن ياكى ئېھتىلام[1] بولماستىن 15 ياشقا كىرسە، ئۇلارنى بالاغەتكە يەتتى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غۇسلى قىلىشى مۇستەھەبتۇر. (ئەمما قىزلار ئادەت كۆرگەن، ئوغۇللار ئېھتىلام بولغاندا، ئۇلارنىڭ غۇسلى قىلىشى پەرزدۇر).

(11)كاپىر كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىشى.

## غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى

266. سوئال: غۇسلىنىڭ پەرزى قانچە؟

جاۋاب: غۇسلىنىڭ پەرزى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئېغىزغا سۇ ئېلىپ تولۇق چايقاش.

(2) بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلاش.

(3) پۈتۈن بەدەننى پاكىز يۇيۇش.

(1) ئېھتىلام ـ ئەر ـ ئاياللاردىن ئىختىيارسىز ھالدا سپېرمىنىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى دېگەنلىك بولۇپ، كۆپىنچە، ئۇخلاۋاتقاندا چۈش كۆرۈش ئارقىلىق، گاھىدا چۈش كۆرمەستىنمۇ يۈز بېرىدۇ. گاھىدا ئويغاق ۋاقىتتىمۇ قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئېھتىلام ــ كىچىك ئوغۇل ـ قىزلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئېھتىلام بولغان كىشى ئۈچۈن غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ. كىشى ئەگەر چۈشىدە ئېھتىلام بولغىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىن كېيىن، كىيىمىدە ياكى ئەۋرەت جايلىرىدا مەنىنىڭ ئەسىرىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىش لازىم كەلمەيدۇ.

267. سوئال: غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار:
(1) غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلىش.
(2) بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم دېيىش.
(3) ئىككى قولنى بېغىشىغىچە يۇيۇش.
(4) بەدەندە سىپىرما ياكى نىجاسەت بولسا ئۇنى غۇسلىدىن ئاۋۋال يۇيۇپ تازىلاش.
(5) جىنسىي ئەزانى يۇيۇش.
(6) نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش.
(7) پۈتۈن بەدەننى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

## غۇسلى قىلىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپى

268. سوئال: غۇسلى قىلىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپى قانداق؟
جاۋاب: غۇسلى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە قىلىنىدۇ:
(1) ئاۋۋال غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلىپ،《بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم》 دەيمىز.
(2) ئىككى قولىمىزنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن جىنسىي ئەزانى يۇيىمىز، ئاندىن بەدەندە سىپىرمىنىڭ قالدۇقى ياكى نىجاسەتلەر بولسا، ئۇنى تازىلايمىز.
(3) ئاندىن خۇددى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىمىز. (ئەگەر يۇيۇنغان يەر سۇ توپلاشقان يەر بولسا، ئىككى پۇتىمىزنى يۇيۇشنى كېچىكتۈرۈپ، غۇسلىنىڭ ئاخىرىدا چەتكە چىقىپ تۇرۇپ يۇيىمىز).
(4) تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بېشىمىزغا ئاندىن ئوڭ ۋە سول مۈرىلىرىمىزگە ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم سۇ قويۇپ، ھەر قېتىم سۇ قۇيغاندا بەدەننىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيىمىز. بەدەندە يىڭنىنىڭ ئۇچى چاغلىق قۇرۇق يەر قالماسلىقى شەرت. بۇنىڭ بىلەن غۇسلىنى تاماملىغان بولىمىز.
غۇسلى قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە سۇنى يەتكۈزۈشى شەرتتۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى يېشىشى شەرت ئەمەس. پەقەت چاچنىڭ ئاستىغا سۇ يەتكۈزۈشى يېتەرلىكتۇر. ئۆرۈلگەن چاچنى ھۆل قىلىشىمۇ بولىدۇ.
ئاقىدىغان سۇ ياكى چوڭ كۆلگە ياكى دېڭىز-دەريالارغا شۇڭغۇش غۇسلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

## تەيەممۇم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

269. سوئال: تەيەممۇم دېگەن نېمە؟
جاۋاب: تەيەممۇم — سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا ياكى غۇسلى قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، قوللارنى پاكىز تۇپراققا ئۇرۇپ مەلۇم ئەزالارنى سىلاش ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىش دېمەكتۇر.

### تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر

270. سوئال: تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر قايسىلار؟
جاۋاب: تۆۋەندىكى ھاللاردا تاھارەت ياكى غۇسلى قىلىشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىنىدۇ:
(1) تاھارەت ياكى غۇسلى ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ تېپىلمىسا؛
(2) سۇ تېپىلغاندىمۇ:
① سۇ بار جايدا ھالاكەت بولسا؛
② سۇ ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مىل (1848مېتىر) يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇنى ھاسىل قىلىش راستىنلا قىيىنغا توختىسا ياكى مۇمكىن بولمىسا؛
③ سۇ قوللىنىش بىلەن كېسەل بولۇش ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىششى ياكى ساقىيىشنىڭ كېچىكىشىدىن قورقۇلسا؛
④ مەۋجۇد سۇ تاھارەت ياكى غۇسلى ئۈچۈن قوللىنىلسا ئۆزىنىڭ ياكى ھايۋانلىرىنىڭ سۇسىز قېلىشىدىن قورقۇلسا؛
⑤ يول ئۈستىدە بولۇپ قاتتىق سوغۇق سەۋەبلىك سوغۇق سۇنى ئىشلىتىشتىن قورقۇلسا؛
⑥ تاھارەت ئالاي دېسە، جىنازا ۋە ھېيت نامازلىرىغا ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە؛ (چۈنكى بۇ نامازلارغا ئۈلگۈرەلمىسە قايتا ئوقۇيالمايدۇ. ئەمما جۈمە نامىزىغا تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىسە، ئۇنىڭ ئورنىغا پېشىن نامىزى ئوقۇغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مېيىتنىڭ ئېگىلىرى بىلەن ئىمام ئۈچۈنمۇ تەيەممۇم قىلىش جائىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىنازا نامىزىنى كېچىكتۈرۈش ھوقۇقى بار).
يۇقىرىقى ھاللارنىڭ قايسىبىرىگە دۇچ كەلگەندە، تەيەممۇم قىلىش تاھارەت بىلەن غۇسلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. تاھارەتسىز قىلىشقا بولمايدىغان ئىبادەتلەرنىڭ

ھەممىسىنى تەيەممۇم بىلەن قىلىشقا بولىدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ۋە سۈننەتلىرى

271. سوئال: تەيەممۇمنىڭ پەرزى قانچە؟

جاۋاب: تەيەممۇمنىڭ پەرزى تۆت بولۇپ، ئۇلار:

(1) تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن تۇپراق، قۇم، شېغىل ۋە تاشقا ئوخشىغان پاك نەرسە تېپىش.

(2) تەيەممۇم قىلىشنى نىيەت قىلىش (يەنى كۆڭلىدە مەقسەت قىلىش).

(3) ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن يۈزنى بىر قېتىم سىلاش.

(4) ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئىككى قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم سىلاش.

272. سوئال: تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى قانچە؟

جاۋاب: تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار:

(1)«بىسمىللاھ»نى تولۇق ئوقۇش.

(2) ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرغاندا، بارماقلارنى ئېچىپ تۇرۇپ ئۇرۇش.

(3) تۇپراققا ئۇرۇلغان ئىككى ئالقاننى ئالدى ۋە كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تۇپراققا سۈرتۈش.

(4) تۇپراققا ئۇرۇلغان ئىككى ئالقاننى يۈزگە ئاپىرىشتىن ئاۋۋال قوللارنى قېقىش ياكى سىلكىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ ئەسىرىنى يوقىتىش. بۇ يۈزنى كىرلەتمەسلىك ئۈچۈندۇر. ئەمما قولنى باشقا بىر نەرسە بىلەن سۈرتىۋېتىشكە بولمايدۇ

(5) تەيەممۇم تاماملانغانغا قەدەر، باشقا مەشغۇلاتلار بىلەن تەيەممۇمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك.

(6) تەرتىپكە رىئايە قىلىش.

## تەيەممۇم قىلىشنىڭ قائىدە-تەرتىپى

273. سوئال: تەيەممۇمنىڭ قائىدىسى قانداق؟

جاۋاب: تەيەممۇم قىلىشنىڭ قائىدىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەيەممۇم قىلىشنى نىيەت قىلىمىز.

(2)«بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىيم» دەيمىز.

(3) ئالقانلىرىمىزنى پاكىز ياكى تۇپراق جىنسىدىن بولغان پاكىز نەرسىلەرگە سۈرتىمىز بۇ سۈرتۈشتە، ئالقانلارنى ئاۋۋال ئالدىغا، ئاندىن كەينىگە

ماڭدۇرىمىز.

(4) ئاندىن تۇپراققا سۈرتۈلگەن ئالقانلارنى سىلكىۋېتىمىز.

(5) ئالقانلىرىمىز بىلەن يۈزىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى سىلايمىز.

(6) ئالقــانلىرىمىزنى يەنە تۇپراققــا ئــۇرۇپ، يۇقىرىقــدەك ســۈرتكەندىن كېــيىن قوللىرىمىزنى بارماقلىرىمىزنىڭ ئۇچلىرىدىن باشلاپ، جەينەكلىرىمىز بىلەن قوشۇپ سىلايمىز. قوللاردا ياكى يۈزدە سىلانمىغان ئازراقمۇ جاي قالماسلىقى شەرت.

## تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار

274. سوئال: تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئامىللار تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ.

(2)سۇنىڭ تېپىلىشى.

(3)سۇنى قوللىنىشقا توسالغۇ بولغان ئۆزرىنىڭ يوقلىشى.

يۇقىرىقى ھاللارنىڭ قايسىبىرىدە تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ.

# ناماز ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

## نامازنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىسلامدىكى ئورنى

275. سوئال: ناماز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ناماز- ئەقىل، قەلب ۋە تەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان مەخسۇس مۇناجاتتۇر.

276. سوئال: ناماز قانداق ئىبادەت؟

جاۋاب: ناماز ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ مۇھىم ئىبادەت ۋە ئىسلام دىنىنىڭ 5چوڭ ئاساسلىق پەرزىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ 5چوڭ ئاساسلىق پەرزنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكاتنى ئادا قىلىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەتتۇر»[1].

277. سوئال: بەش ۋاخ ناماز قاچان پەرز قىلىنغان؟

جاۋاب: بەش ۋاخ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن 3 يىل ئىلگىرى مەككىدە پەرز قىلىنغان[2].

278. سوئال: نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى نېمە؟

جاۋاب: ئىماندىن كېيىنلا مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئاۋۋال بۇيرۇلغان ئىبادەت نامازدۇر. ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە ئۇلۇغلىقىغا يېتەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئىبادەت يوقتۇر. بۇ مۇنداق:

(1) ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى نامازدۇر»[3].

(2) ناماز قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان بىردىنبىر ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارغا دىنىدا ئەڭ ئاۋۋال پەرز

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

(2) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەل ئۇسەيمىنىنىڭ«پەتىۋالار»ناملىق ئەسەرىدىن.

(3) تىرمىزى رىۋايىتى

قىلىنغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر»[1].

(3) ناماز - دىن يوقالمايدىكەن قەتئىي يوقالمايدىغان ئىبادەتتۇر. چۈنكى ناماز دىنىنىڭ شۇئارىدۇر.

(4) ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا، سەكەراتتا تۇرۇپ «نامازنى تەرك ئەتمەڭلار! نامازنى تەرك ئەتمەڭلار!»[2] دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

(5) نامازنىڭ پەرز بولغانلىق قىسسىسىمۇ، نامازنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىگە ئايرىم دەلىلدۇر. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەتلەر زېمىندا پەرز قىلىنغان بولسا، بەش ۋاق ناماز ئىسرا - مىراج كېچىسى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئاسماندا پەرز قىلغان.

### نامازنىڭ تەلەبكە لايىق ئوقۇلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

279. سوئال: قانداق قىلغاندا نامازنى تەلەبكە لايىق ئوقۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا تەلەپ قىلىنغان ناماز ئەقىل بىلەن قەلب پەرۋاسىز ھالدا تىل ۋە تەنىنىڭ ھەرىكىتى بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان رەسمىيەت ئەمەس. بەلكى تەلەبكە لايىق، ھەقىقىي ناماز ـ ئۇنىڭدا ئەقىل، قەلب ۋە پۈتۈن ھېسسىي ۋە غەيرى ھېسسىي ئەزالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت بولغان ئۆز نېسۋىسىنى ئالالىغان نامازدۇر.

نامازدا ئەقىل، قەلب، ھېسسىي ۋە غەيرى ھېسسىي ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا بىرگە ئىشتىراك قىلىدۇ.

### ئەقىلنىڭ ئەمەللىرى

(1) نامازدا ئەقىل ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، پۈتۈن خىيالىنى يىغىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئويلاپ تۇرىدۇ.

(2) نامازدا ئەقىل بارلىق ھىممىتى ۋە كۈچىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى بۇ ئۇلۇغ مۇلاقاتقا بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

(3) نامازدا ئەقىل ئاللاھتىن باشقا ھەممىدىن ئايرىلغان ھالدا كەمتەرلىك بىلەن تۇرىدۇ.

(4) نامازدا ئەقىل دۇنيالىق پىكىر-خىياللاردىن قەتئىي ئايرىلغان ھالدا، بىر ئاللاھقىلا قاراپ تۇرغاندەك ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئەيمىنىپ تۇرىدۇ.

### قەلبنىڭ ئەمەللىرى

(1)نامازدا قەلب ئاللاھقىلا بېغىشلانغان ھالدا، ئۇنىڭ بىلەنلا بولىدۇ.

(2) نامازدا قەلب ئاللاھ تائالانىڭ ھەيبىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا تۇرىدۇ.

(3) نامازدا قەلب ئاللاھ تائالاغا يېلىنىش ۋە يالۋۇرۇش بىلەن تۇرىدۇ.

(4) نامازدا قەلب ئاللاھ بىلەن بىۋاستە مۇلاقاتتا بولۇپ تۇرىدۇ.

### ھېسسى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى

(1) نامازدا تىل ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرىدۇ.

(2) نامازدا كۆز پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى يىغىپ، سەجدە قىلىدىغان يەرگە تىكىلىپ دىققەت بىلەن تۇرىدۇ.

(3) نامازدا قۇلاقلار نامازدىكى قىرائەتتىن باشقا بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاشتىن گاس بولغان ھالدا تۇرىدۇ.

(4) نامازدا ئىككى قول ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئالى ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكنى ئىپادىلىگەن ھالدا كىندىكىنىڭ ئۈستىدە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

### تاشقى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى

(1) نامازدا ئىككى پۇت، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر قانداق پەرمانىغا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ھالدا تۈپتۈز ۋە راۋۇرۇس تۇرىدۇ.

(2) نامازدا باش ئاللاھ تائالاغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا كەمتەرلىكتىن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن رۇكۇدا ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۆۋەنگە ئېگىلىدۇ. ئاندىن سەجدىدە يەرگە قويۇلۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇلچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

(3) نامازدا يۈز ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋى مۇلاقاتىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. سەجدىدە بولسا، ئاللاھ تائالانى ئەڭ كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاش ۋە ھەقىقىي قۇلچىلىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ھۆرمەتلىك يۈز ئالتە ئەزا بىلەن بىرلىكتە يەرگە قويۇلىدۇ.

(4) نامازدا رۇكۇ قىلغاندا بەل ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېگىلىدۇ. باشقا ئەزالارمۇ يۇقىرىقىلارغا ئىشتىراك قىلىدۇ.

## «خۇشۇئ» نامازنىڭ جېنىدۇر

280. سوئال: «خۇشۇئ» دېگەن نېمە؟

جاۋاب: «خۇشۇئ»- نامازدا تۇرغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيبىتىدىن ئەيمەنگەن، كۆڭۈلنى ناماز بىلەنلا مەشغۇل قىلغان ۋە پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىنى ئاللاھ تائالاغىلا بېغىشلىغان ھالدا، كەمتەرلىك ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

«خۇشۇئ»نىڭ ئورنى قەلب، ئۇنىڭ مېۋىسى ئىنسان ئورگانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ بارچە ئورگانلىرى قەلبكە ئەگىشىدۇ. نامازدا بىراۋنىڭ كۆڭلى غەپلەتتە قېلىش، دۇنيالىق پىكىر ـ خىياللارغا چۆكۈش ۋە شەيتان ۋەسۋەسىلىرى تۈپەيلى ئۇنىڭ«خۇشۇئ»سى بۇزۇلغان ۋاقتىدا، پۈتۈن ئورگانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلىۋاتقان قۇلچىلىقىمۇ بۇزۇلىدۇ. چۈنكى قەلب قوماندان، باشقا ئورگانلار ئەسكەرلەردۇر. قوماندىنى سالاھىيەتلىك بولمىغان ئەسكەرلەرنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغىنىدەك، قەلب سالاھىيەتتىن قالغاندا، باشقا ئورگانلارنىڭ سالاھىيىتىمۇ يوقىلىدۇ.

### «خۇشۇئ» نىڭ ھۆكمى

281. سوئال: «خۇشۇئ» نىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: شۈبھىسىزكى نامازنى «خۇشۇئ» بىلەن ئوقۇش پەرزدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە[1] ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيبىتىدىن ئەيمىنىپ («خۇشۇئ»بىلەن) تۇرغۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر ئىشتۇر [2] دېگەن سۆزىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، نامازدا «خۇشۇئ» نىڭ پەرز

(1) ئىبنى تەيمىيە- ھىجرىيىنىڭ 661-يىلى (1262م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىدئەت ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلغان، كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. تەقۋالىقتىمۇ تونۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ " بۇ دۇنيادا بىر جەننەت بار، ئۇنىڭغا كىرەلمىگەن ئادەم ئاخىرەتتىكى جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ زىكرىدۇر" دېگەن سۆزى شۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان. ھىجرىيىنىڭ 728-يىلى (1327م) 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) بەقەرە سۈرىسى 45 ـ ئايەت

ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

282. سوئال: نېمە ئۈچۈن نامازدا «خۇشۇئ» پەرز؟

جاۋاب: چۈنكى «خۇشۇئ» نامازنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغان ناماز ئۆلۈك نامازدۇر. چۈنكى ھەركىمنىڭ نامازدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى پەقەت ئۇنىڭدا ئەقلى ھوشيار، قەلبى ئويغاق تۇرغان قىسمى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نامىزىڭدىن پەقەت نېمە دېگەن ۋە نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلا ساڭا ئائىتتۇر»[1] دېگەن.

ناماز ئوقۇغانغا بېرىلىدىغان ساۋابمۇ «خۇشۇئ»غا قاراپ بولىدۇ. ناماز ئوقۇغانلارنىڭ بەزىسى تولۇق ساۋابقا ئېرىشسە، بەزىسى يېرىم ساۋابقا ۋە بەزىسى يېرىمىدىنمۇ ئاز ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەمما نامازدا نېمە ئوقۇلغان ۋە نېمە ئىش قىلىنغانلىقىنىمۇ بىلمەستىن ئۇنىڭغا كىرگەن پېتى چىققان كىشى ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە ناماز ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان ساۋاب يا ئوندىن بىرى، يا توققۇزدىن بىرى، يا سەككىزدىن بىرى، يا يەتتىدىن بىرى، يا ئالتىدىن بىرى، يا بەشتىن بىرى، يا تۆتتىن بىرى، يا ئۈچتىن بىرى، يا يېرىمىدۇر»[2].

## «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى

283. سوئال: «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چارىسى نامازدا تۇرىۋاتقان كىشى ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى، خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

(2) نامازدىكى رۇكۇ ۋە سەجدىلەر ئارىسىدىكى يۆتكىلىشلەرنى ئالدىرىماستىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىش، ھەر بىر يۆتكىلىشتە ئورگانلار ئۆز ئورنىغا تولۇق كېلىپ بولغىچىلىك ئارام ئېلىش.«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نامازدىكى ھەر بىر يۆتكىلىشتە) ھەر بىر سۆڭەك ئۆز ئورنىغا كېلىپ بولغىچىلىك ئارام ئالاتتى»[3].

---

(1) ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموعة الفتاوى»ناملىق ئەسىرى 22 - توم 612 - بەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(3) فەتھۇلبارىي 2 - توم 308 - بەت

نامازنى ئالدىراپ ئوقۇغان كىشىنىڭ «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى نامازدىكى تېزلىك«خۇشۇئ»غا پۇرسەت بەرمەيدۇ.

(3) نامازنى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامىزىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە مۇنداق دېگەن: «نامىزىڭدا ئۆلۈمنى ياد ئەتكىن، چۈنكى نامىزىدا ئۆلۈمنى ياد ئەتكەن كىشى نامىزىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ. نامىزىڭنى خۇددى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامىزىنى ئوقۇۋاتقان كىشىدەك ئوقۇغىن»[1].

تەبىئىيكى، ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامازنى ئوقۇغان ئادەم بۇ نامازنى چوقۇم ۋايىغا يەتكەن «خۇشۇئ» بىلەن ئوقۇيدۇ.

(4) نامازدا ئوقۇلغان قىرائەت، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش. چۈنكى قۇرئان كەرىم مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن ئىلاھىي كىتاب. ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغانلار نامازدا ئوقۇلىۋاتقان قىرائەتكە«مەن ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىۋاتىمەن، ئۇ ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ» دېگەن ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن قۇلاق سالسا يېتەرلىكتۇر. ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىمۇ، ئۆزى ئوقۇغانلىرىنى شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

284. سوئال: قۇرئان كەرىمنى قانداق ئاڭلاش كېرەك؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى مۇنۇ ئايەتتە سۈپەتلەنگەن مۆمىنلەرگە ئوخشاش ئاڭلاش كېرەك: پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر [2].

(5) نامازدا ئوقۇلغان قۇرئاننى ئايەت ـ ئايەت ئوقۇش. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. ھەر بىر ئايەتنىڭ بېشىدا توختاش سۈننەتتۇر. گەرچە ئالدىنقى ئايەتنىڭ مەنىسى كېيىنكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا توختاش ئەۋزەلدۇر. ھەر بىر ئايەتتىن كېيىن توختاپ ئوقۇش «خۇشۇئ»نىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

(6) قۇرئاننى ھەر بىر ھەرپىنى دانە ـ دانە چىقىرىپ تەرتىل بىلەن ئوقۇش.«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەتنى ھەرپ ـھەرپ تەپسىر قىلغاندەك ئوچۇق

(1) شەيخ ئەلبانىنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دىن 1421 ـ ھەدىس

(2) ئەنفال سۈرىسى 2 ـ ئايەت

ئوقۇيتتى»[1].

(7) نامازدا ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن تۇرۇش. ئاددىسى، نامازدا تۇرغان ئادەم فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغاندا، "ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىۋاتىمەن"، دېگەن ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئوقۇيدىكەن، چوقۇم«خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلالايدۇ ۋە تىلىگەنلىرىگە ئېرىشىدۇ.

## «خۇشۇئ» غا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار

285. سوئال: «خۇشۇئ»نىڭ يوقىلىشىغا ياكى ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: «خۇشۇئ»نىڭ يوقىلىشىغا ياكى ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) يانفونلارنى ئېپىۋەتمەستىن نامازغا تۇرۇش «خۇشۇئ»نى بۇزىدۇ. خۇسۇسەن، يانفونلارنىڭ مۇزىكىلىق ئاۋازى ئەلۋەتتە دىققەتنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە، نامازدىكى«خۇشۇئ» نى يوق قىلىدۇ. شۇڭا مەيلى مەسجىدتە، مەيلى ئۆز ئۆيىدە، مەيلى جامائەت بىلەن، مەيلى ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەم نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن يېنىدىكى يانفوننى ئېپىۋېتىشى نامازنىڭ «خۇشۇئ»بىلەن ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

يانفونلارنى ئېپىۋەتمەستىن نامازغا تۇرۇش نامازنىڭ ۋە مەسجىدنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىق بولىدۇ. خۇسۇسەن مەسجىدكە يانفوننى ئېپىۋەتمەستىن كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جامائەتنىڭ«خۇشۇئ»نى بۇزغان ۋە مەسجىد ئەھلىگە ئازار بەرگەن بولىدۇ. نەتىجىدە، گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە ئازار قىلىش ھارام بولغان يەردە، كىشىلەرنىڭ نامازدىكى«خۇشۇئ»نى بۇزۇش قاتمۇ قات ھارامدۇر. ھارامنى ئىشلىگۈچىلەر ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقۇچىلاردۇر.

(2) ناماز ئوقۇيدىغان جايدىكى دىققەتنى تارتىدىغان نەرسىلەر «خۇشۇئ» نى بۇزىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، نەقىشلەنگەن جاينامازلاردا ـ ھەتتا كەبىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن جاينامازلاردىمۇ ـ ناماز ئوقۇش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ناماز جاينامازدىكى نەقىشلەر ۋە سۈرەتلەر دىققەتنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە، «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

قىلىندۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە نەقىشلەنگەن پەردە بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئېلىۋېتىڭ، ئۇنىڭ نەقىشلىرى نامىزىمدا كۆزۈمگە چېلىقىپلا تۇردى»[1] دېگەن.

شۇنداقلا، ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان جايلاردا، بازارلاردا، رەستىدە، كىشىلەر پاراڭلىشىۋاتقان سورۇنلاردا ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولۇۋاتقان ئورۇنلاردا ناماز ئوقۇش ياخشى ئەمەس.

(3) نەقىشلەنگەن ياكى سۈرەت چۈشۈرۈلگەن ياكى خەت يېزىلغان كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش «خۇشۇئ» نى بۇزىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزىقچىلار بىلەن نەقىش قىلىنغان بىر كىيىمنى كىيىپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، "بۇ كىيىمنى ئەبۇ جەھم ئىبنى ھۇزەيفە دېگەن كىشىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار ۋە ماڭا ساددا كىيىم ئېلىپ كېلىڭلار، بۇ كىيىمدىكى سىزىقچىلار نامازدا دىققىتىمنى بۇزدى" دەپ بۇيرىدى»[2].

نەقىشلەنگەن كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش ياخشى بولمىغان يەردە، سۈرەتلىك كىيىملەر بىلەن، خۇسۇسەن جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەس.

(4) تائام ھازىر بولغان ۋاقىتتا نامازغا تۇرۇش «خۇشۇئ»نى بۇزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تائام ھازىرلانغان ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش يوق»[3] دېگەنلىكى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ھازىرلانغان تائامدىن تۇرۇپ كېتىپ نامازغا تۇرغاندا، كۆڭۈل تىنجىمايدۇ. كۆڭلى تائامدا بولۇپ قالغان ئادەم نامازدا «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلالمايدۇ.

(5) تەرەتنى قىستاپ قالغاندا نامازغا تۇرۇش«خۇشۇئ»نى بۇزىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنى تېزرەك بوشىتىپ راھەتلىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ نامىزىنى«خۇشۇئ»بىلەن ئادا قىلالىسۇن؟! شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەتنى قىستاپ قالغان كىشىنىڭ ئۆزىنى بوشاتماستىن نامازغا تۇرۇشىنى مەنئى قىلغان. «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىغا باراي دەپ تۇرغىنىدا ناماز باشلىنىپ كەتسە، ئىشنى ھاجەتخانىدىن باشلىسۇن»[4].

(6) نامازدا مۈگدەش«خۇشۇئ» نى بۇزىدۇ. نامازنى مۈگدەپ ئوقۇغان كىشىنىڭ

(1) بۇخارىي رىۋايىتى
(2) مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(4) مۇسلىم ۋەتىرمىزى رىۋايىتى

«خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلالىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇگدەك باسقان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشىنى مەنئى قىلىپ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى نامازدا ئۈيقۇ بېسىۋالسا، (نامازنى توختىتىپ) ئۇخلىسۇن، نامازنى نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىدەك ھالغا كەلگەندە ئوقۇسۇن»[1] دېگەن.

بۇ ھەدىس پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە نەپلە قاتارلىق ھەر قانداق نامازغا شاملدۇر. بىراق پەرز نامازلارنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر.

(7) نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان جاينى سۈرتۈش ياكى تازىلاش ياكى تۈزلەش بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇش «خۇشۇئ»نى بۇزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان يېرىنى تۈزلەۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر زادى قىلمىساڭ بولمىسا بىرلا قېتىم قىلغىن»[2] دېگەن.

نامازدا يۈز ۋە پېشانىنى سۈرتۈشمۇ«خۇشۇئ»نى بۇزىدىغان ئامىللاردىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا سۇ ياكى تۇپراققا سەجدە قىلغىنىدىمۇ پېشانىسىنى تازىلاش ئۈچۈن سىلىمىغان. چۈنكى نامازدىكى«خۇشۇئ»بۇنداق قىلىشنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

(8) نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش«خۇشۇئ»نى بۇزىدۇ. چۈنكى كۆزنىڭ ھەرىكىتى قەلبنى مەشغۇل قىلىدۇ. قەلب مەشغۇل بولغاندا نامازدىكى «خۇشۇئ» يوقىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە نامىزىدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىماستىن تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىرەر تەرەپكە بۇرۇلىشى بىلەنلا ئاللاھ تائالا ئۇنى نەزەرىدىن ساقىت قىلىدۇ»[3].

نامازدا بۇرۇلۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، قەلب بىلەن بۇرۇلۇش، يەنە بىرى كۆز بىلەن بۇرۇلۇشتۇر. قەلب بىلەن بۇرۇلۇش - كۆڭۈلنى نامازنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىشتۇر. كۆز بىلەن بۇرۇلۇش - ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتۇر. ھەر ئىككى تۈرلۈك بۇرۇلۇش مەنئى قىلىنغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىكى بۇرۇلۇشتىن سورالغىنىدا: «ئۇ ئوغرىلىق بولۇپ، شەيتاننىڭ بىراۋنىڭ نامىزىنى ئوغۇرلىغىنىدۇر»[4] دېگەن.

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى،»سەھىھ«دەپ باھالانغان ھەدىس

(4) بۇخارىي رىۋايىتى

## ئىسلام دىنىدىكى نامازلارنىڭ تۈرلىرى

286. سوئال: ئىسلامدا قانچە تۈرلۈك ناماز بار؟
جاۋاب: ئىسلامدا 5 تۈرلۈك ناماز بار. ئۇلار:
(1) پەرز نامازلار.
(2) ۋاجىب نامازلار.
(3) سۈننەت نامازلار
(4) مۇستەھەب نامازلار.
(5) نەپلە نامازلار.
287. سوئال: پەرز نامازلار قايسى نامازلار؟
جاۋاب: پەرز نامازلار تۆۋەندىكىلەردۇ ر:
(1) كۈنلۈك بەش ۋاخ ناماز.
(2) جىنازا نامىزى.
(3) ئەرلەر ئۈچۈن جۈمە نامىزى.(ئاياللارنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇشلىرى پەرز ئەمەس، ئەگەر ئوقۇسا ساۋاب بولىدۇ ۋە شۇكۈننىڭ پېشىن نامىزى ئۇلاردىن ساقىت بولىدۇ).
288. سوئال: ۋاجىب نامازلار قايسىلار؟
جاۋاب: ۋاجىب نامازلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) ۋىتىر نامىزى.
(2) ئىككى ھېيت نامازلىرى.
(3) ئوقۇشنى (نەزرە قىلىپ) ئاتىۋەتكەن نامازلار.
289. سوئال: سۈننەت نامازلار قايسىلار؟
جاۋاب: سۈننەت نامازلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى.
(2) تەراۋىھ نامىزى.
(3) مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان (تەھىيەتۇل مەسجىد) نامىزى.
290. سوئال: مۇستەھەب نامازلار قايسىلار؟
جاۋاب: مۇستەھەب نامازلار مۇنۇلار:
(1) چاشگاھ نامىزى.
(2) تەھەججۇد(كېچە) نامىزى.

(3) تاۋاپ نامىزى.

291. سوئال: نەپلە نامازلار قايسىلار؟

جاۋاب: نەپلە نامازلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) تەۋبە نامىزى

(2) ئىستىخارە نامىزى

(3) هاجەت نامىزى

(4) ئەۋۋابىين نامىزى

**بەش ۋاخ نامازنىڭ هۆكمى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناهى**

292. سوئال: بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ هۆكمى نېمە؟

جاۋاب: هەرقانداق بالىغ، ئاقىل بولغان مۇسۇلمان كىشىگە كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز ئەيندۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۈبهىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بەندىلەرگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى، كىمكى بەش ۋاخ نامازنى ئەهمىيەتسىز ساناپ، ئۇلارنى زايا قىلىۋەتمەستىن، تولۇق ئادا قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ئەهدىسى باردۇر. كىمكى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلمايدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىگە ئەهدىسى يوقتۇر، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا گۇناهىنى ئەپۇ قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[2].

293. سوئال: نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: نامازلارنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن تەرك ئېتىشنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ هەققىگە ئىشلەنگەن ئەڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىدە، نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىدا شەك - شۈبهە يوقتۇر. بۇ مەسىلىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا هېچبىر ئىختىلاپ يوق. نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ هۆكمى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى

---

(1) نىسا سۈرىسى 103 ـ ئايەت

(2) نەسائىي رىۋايىتى

ئېتىراپ قىلمىغانلىق يۈزىسىدىن نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر بولۇپ، مۇنداقلار شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (شۈبھىسىز)ھەدىسلەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

(2) نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكى ئىككى خىل كىشىلەردۇر: بىرىنچىسى، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ھالىدا، ئادەمزات بارمايدىغان يىراق چۆللەردە، تاغلاردا ۋە ئورمانلىقلاردا ياشىغانلىقىدىن، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوراپ ئۆگىنىش ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان بىرەر ئالىمنىڭمۇ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى تۈپەيلى ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەر.

يەنە بىرى، ئىسلام دىنىنى ئەمدىلا قوبۇل قىلغان بولۇپ، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى ئۆگىنىپ بولغىچىلىك ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇيالمىغان كىشىلەر. يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقتىكى ئۆزرىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلاردىن نامازنى تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ(ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق [1].

بىراق ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرىدە، دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا ياشىغان بولمىسۇن نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بىرەر مۇسۇلماننىڭ تېپىلىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە.

(3) نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نامازغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقتىكى ھېچقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەت

# نامازنىڭ شەرتلىرى

294. سوئال: نامازنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: نامازنىڭ شەرتلىرى 6 بولۇپ، ئۇلار:
(1) ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ ۋە كىيىمنىڭ پاك ـ پاكىز بولىشى.
(2) تاھارەت ئېلىش (غۇسلى بىلەن تەيەممۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).
(3) ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.
(4) ئەۋرەت جايلارنى يۆگەش.
(5) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.
(6) نىيەت.
نامازنىڭ 1-ۋە2-شەرتلىرى بولغان پاكلىق بىلەن تاھارەتنىڭ بايانى يۇقىرىدا ئۆتتى. تۆۋەندە نامازنىڭ قالغان شەرتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى**

295. سوئال: بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟
جاۋاب: بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى: تاڭنىڭ ئاقىرىشى بىلەن باشلىنىپ، قۇياش چىققانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.
296. سوئال: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟
جاۋاب: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى- قۇياش كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەندىن باشلاپ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بىر ياكى ئىككى ھەسسىسىگە قەدەر ئۇزارغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ. (ئالدىنقىسى ئىمام ئەزەمگە كۆرە، ئىككىنچىسى ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدلەرگە كۆرەدۇر).
297. سوئال: ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟
جاۋاب: ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.
298. سوئال: شام نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟
جاۋاب: شام نامىزىنىڭ ۋاقتى- قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقان يەردىكى قىزىللىق (ياكى ئاقلىق) يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.
299. سوئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟
جاۋاب: خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى- شام نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ،

ئىككىنچى تاڭ ئاقارغانغا (بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغا) قەدەر داۋام قىلىدۇ.

300. سوئال: بىسوئال: ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان كىرىدۇ؟

جاۋاب: ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى ـ خۇپتەندىن كېيىن باشلىنىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ.

301. سوئال: جۈمە نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: جۈمە نامىزى جۈمە كۈنلۈكتە پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ.

302. سوئال: ئىككى ھېيت نامازلىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى ھېيت نامازلىرى روزى ۋە قۇربان ھېيتلىرىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدە كۈن چىقىپ 45 مىنۇت ئۆتكەندىن كېين ئوقۇلىدۇ.

303. سوئال: ناماز ۋاقتىنى بىلەلمىگەن ئادەم قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ھاۋانىڭ بۇلۇتلۇق بولىشى ياكى قاراڭغۇ ئۆيدە مەھبۇس بولۇپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش شارائىتلاردا باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ يوللىرى كېسىلگەن، يېنىدا ۋاقتىنى بىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ بولمىغانلىقى، ياكى ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغان سائەتنىڭ بولمىغانلىقى ۋە ئەزاننىڭ ئاڭلانماسلىقى سەۋەبىدىن نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلەلمىگەن كىشى ئىجتىھاد قىلىدۇ، (يەنى ئۆز قانائىتىگە تايىنىپ ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ). ئەگەر مۇنداق كىشى بىر ئاز سەۋر قىلىپ كۈتۈپ باققاندىمۇ، ناماز ۋاقتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ۋاقىت بەلگىلەپ ناماز ئوقۇشى ۋاجىپتۇر.

## ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار

304. سوئال: ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار قايسىلار؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار بەش بولۇپ، قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىت ئۈچ ۋە نەپلە ناماز ئوقۇشقا مۇناسىپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىت ئىككىدۇر.

(1) قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار:

① قۇياش چىقىۋاتقاندا، ئۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر.

② كۈن قىيام بولغان (يەنى قۇياش ئاسماننىڭ چىپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن) ۋاقىتتىن، كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەنگە قەدەر.

③ قۇياش سارغايغان ۋاقىتتىن، قۇياش پاتقانغا قەدەر.

ئەمما ھازىر قىلىنىپ بولغان جىنازا نامىزىنى، شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى، تاۋاپنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىنى، تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئوقۇش ۋە شۇ ۋاقىتتا ئوقۇلغان سەجدە ئايىتىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش جائىزدۇر.

(2) نەپلە ناماز ئوقۇشقا مۇناسىپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار:

① بامدات نامىزىدىن كېيىن، قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر.

② ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، قۇياش پاتقانغا قەدەر.

بۇ ئىككى ۋاقىتتا قانداقلا بىر نەپلە ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ. بىراق ئوقۇسا مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ.

## ئەزان ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

305. سوئال: ئەزان دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ئەزان - ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش دېگەنلىكتۇر.
306. سوئال: ئەزان قاچاندىن بېرى يولغا قويۇلغان؟
جاۋاب: ئەزان ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى(622م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە بۇيرۇلغان.
307. سوئال: ئەزان قايسى نامازلار ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ؟
جاۋاب: بەش ۋاخ ناماز بىلەن جۈمە نامىزىنى ئەرلەرنىڭ جامائەت بولۇپ ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر. ھېيت ۋە جىنازا نامازلىرى ۋە باشقا پەرز بولمىغان نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇشقا ھاجەت يوقتۇر. ئەزان ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر. ئەمما ئاياللار قايسىبىر ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇمايدۇ. مەيلى ئادا (ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن، مەيلى قازا (ۋاقتىدا ئوقۇيالماي ۋاقتى چىققاندىن كېيىن ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن ، مەيلى سەپەر ئۈستىدە ياكى ياكى ئۆز يۇرتىدا بولسۇن ھەر قانداق شارائىتتا، پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش سۈننەتتۇر.
308. سوئال: ئەزاننىڭ تېكىستى قايسى؟
جاۋاب: ئەزاننىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىلەر:

| | |
|---|---|
| **الله أكبر الله أكبر** | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. |
| **الله أكبر الله أكبر** | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. |
| **أشهد أنْ لا إله إلا الله** | ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ. |
| **أشهد أنْ لا إله إلا الله** | ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ. |
| **أشهد أن محمداً رسولُ اللهِ** | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ. |
| **أشهد أن محمداً رسولُ اللهِ** | ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ. |
| **حي على الصلاة** | ھەييە ئەلەسسالاھ. |
| **حي على الصلاة** | ھەييە ئەلەسسالاھ. |
| **حي على الفَلاح** | ھەييە ئەلەلفەلاھ. |
| **حي على الفَلاح** | ھەييە ئەلەلفەلاھ. |

**الله أكبر الله أكبر** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**لا إله إلا الله** لائىلاھە ئىللەللاھ.

يـۇقىرىقىلار بامـدات نامىزىـدىن باشـقا پۈتـۈن پەرز نامازلارنىـڭ ۋاقىتلىـرى ئۈچـۈن ئوقۇلىدىغان ئەزاننىڭ تېكىستى. ئەمما بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۈچۈن **حـي علـى الفلاح** يەنى (ناماز ئارقىلىق نىجات تېپىشقا ئالـدىراڭلار) دېـگەن جۈملـدىن كېـيىن ۋە ئاخىرقى **الله أكبر** يەنى (ئاللاھ ھەممـدىن چوڭـدۇر) دېـگەن جۈملـدىن ئـاۋۋال **الصلاةُ خير من النوم، الصلاةُ خير من النوم** يەنـى (نامـاز ئۇيقـۇدىن ياخشـى) دېـگەن جۈملىلەر ئوقۇلىدۇ.

### ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى

309. سوئال: ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەزاننىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.

(2) ئەزاننىڭ ئەرەب تىلىدا ئوقۇلۇشى.

(3) ئەزاننىڭ ئۈنلۈك ئوقۇلىشى.

(4) ئەزان تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر مۇئەززىن تەرىپىدىن ئوقۇلۇشى.

(5) مۇئەززىننىڭ مۇسۇلمان، ئەر، ئاقىل، بالىغ بولۇشى.

(6) ئەزاندا ئوقۇلـىدىغان تېكىستلەرنىڭ تەرتىبلىرىگە رىئايە قىلىـش ۋە ئارقـا ـ ئارقىدىن ئوقۇش.

310. سوئال: ئەزان ئوقۇلىۋاتقاندا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ مۇئەززىنىنىـڭ ئېيتقـانلىرىنى قايتىلىشـى يەنـى مـۇئەززىن ئېيتقـان ئەزان تېكىسـتىنىڭ ھەممىسـىنى مـۇئەززىن ئوقۇغانغـا ئوخشـاش شەكىلدە قايتىلاپ ئوقۇشـى، پەقەت **حي على الصلاة ، حي على الفَـلاح** دېگەنـدە، **لاحولَ ولاقُـوةَ الا بِـالله** يەنـى (ئاللاھنىـڭ يـاردىمى بولمىسـا قـولىمىز ھـېچ ئىـش كەلمەيدۇ)، دەپ ئىككى قېتىم قايتىلىشى مۇستەھەپتۇر.

311. سوئال: ئەزاندىن كېيىن قايسى دۇئا ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: **اللهم رب هٰذه الدعوة التامة والصلاة القائمة آت محمداً الوسيلةَ والفَضـيلةَ، وابعثْه مقاماً محموداً الـذي وعدتَـه** تەرجىمىسـى: «ئـى مۇشـۇ ئۇلـۇغ چاقىرىقنىـڭ ۋە

ئوقۇلـــدىغان نامازنـــىڭ ئىگىســـى ئـــاللاھ! پەيغەمبىرىمىـــز ھەزرىتـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ جەننەتتىكـى دەرىجىسـىنى يـۇقىرى قىلغىـن ۋە ئـۇنى سـەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[1].

## تەكبىر ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

312. سوئال: تەكبىر دېگەن نېمە؟

جـاۋاب: تەكبىـر ـ ئەزانـدىن كېـيىن، پەرز نامـازلارنى ئوقـۇش ئالدىـدا، نامازنـىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر.

313. سوئال: تەكبىرنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: تەكبىرنـىڭ ھـۆكمى ئەزاننـىڭ ھـۆكمىگە ئوخشاشـتۇر. يەنـى پەرز نامـازلار ئۆچۈن، مەيلى ئادا بولسۇن، مەيلى قازا بولسۇن، مەيلى يـول ئۈسـتىدە بولسـۇن، مەيلـى ئۆز يۇرتىدا بولسۇن پۈتۈن ھاللاردا ئەرلەرنىڭ تەكبىر ئوقۇشى سۈننەتتۇر. تەكبىرنـىڭ ئەزانغا ئوخشمايدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەزان پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئـادا قىلىـش ئۈچـۈن ئوقۇلـىدۇ. تەكبىـر بولسا، جامائەت بىلەن ئوقۇلسۇن ياكى يـالغۇز ئوقۇلسـۇن پۈتـۈن پەرز نامـازلار ئۈچـۈن ئوقۇلىدۇ.

(2) تەكبىر، ئۇنىڭ ھەرپلىرى بىلىنىدىغان رەۋىشتە تېز ئوقۇلىدۇ. تەكبىر ئېيتقـان كىشى ئىككى سۆزنى بىرلا نەپەس بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالـدا، كېيىنكـى سـۆزنى بىـر ئاۋاز بىلەن ئوقۇيدۇ.

(3) تەكبىرنـى، ئەزاننـىڭ ئەكسـىچە، مۇنارىـدا ۋە مۇنارىغـا ئوخشـاش ئېگىـز جايـدا ياكى مېكروفوندا ئوقۇش شەرت ئەمەس.

314. سوئال: تەكبىرنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەكبىرنىڭ شەرتلىرى ئەزاننىڭ شەرتلىرىنىڭ ئەينىسىدۇر.

315. سوئال: تەكبىرنىڭ تېكستى قايسى ؟

جاۋاب: تەكبىرنىڭ تېكستى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| **الله أكبر الله أكبر** | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. |
| **الله أكبر الله أكبر** | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. |
| **أشهد أنْ لا إله إلا الله** | ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ. |

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

| | |
|---|---|
| **أشهد أنْ لا إله إلا الله** | ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ. |
| **أشهد أن محمداً رسولُ اللهِ** | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ. |
| **أشهد أن محمداً رسولُ اللهِ** | ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ. |
| **حي على الصلاة** | ھەييە ئەلەسسالاھ. |
| **حي على الصلاة** | ھەييە ئەلەسسالاھ. |
| **حي على الفَلاح** | ھەييە ئەلەلفەلاھ. |
| **حي على الفَلاح** | ھەييە ئەلەلفەلاھ. |
| **قَد قامت الصلاةُ** | قەد قامەتىسسالاھ، |
| **قَد قامت الصلاةُ** | قەد قامەتىسسالاھ، |
| **اللهُ أكْبر اللهُ أكْبر** | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. |
| **لا إله إلا اللهُ** | لائىلاھە ئىللەللاھ. |

# ئەۋرەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى

316. سوئال: ئەۋرەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەۋرەت - ئىنسانىنىڭ ئېچىلىپ قالسا ئەيىب بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن ھايا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى دېمەكتۇر. نامازنى ئوقۇغاندا، ئەۋرەت ئەزالارنى يۆگەش نامازنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

## ئەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگرىسى

317. سوئال: ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەرنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغان ئەزاسى ئۇنىڭ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئەزالىرى ئەۋرەت ئەمەس. ئەرلەرنىڭ مەيلى نامازدا، مەيلى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى يېپىپ يۈرىشى پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقى ئەۋرەتتۇر»[1].

## ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگرىسى

318. سوئال: ئايالنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئايالنىڭ ئەۋرىتى 3خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئايالنىڭ يات ئەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرى، ئىككىنچىسى، ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى ئۈچىنچىسى، ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرىدۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئايالار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرى

ئايالنىڭ يات ئەرلەر، مۇسۇلمان ئەمەس ئايالار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان دىيانەت ۋە ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئايالار ئالدىدا يۈزى، ئىككى ئالقىنى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر.

(1) دارىقۇتنى، بەيھەقىي رىۋايىتى

چۈنكى مۇسۇلمان يات ئەرنىڭ، مۇسۇلمان ئەمەس ئەر ياكى ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرىنى كۆرۈشى توغرا ئەمەس. ھەتتا دىيانەت ۋە ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالالمىغان بەزى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ دىندار ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى كۆرۈشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە سۈپەتلەپ بېرىشى ياكى ھازىرقى پەن-تېخنىكا ئەسرىدە ئۇنىڭ يات ئەرلەر ئۈچۈن ئەۋرەت سانالغان جايلىرىنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە تارقىتىش ئېھتىمالى كۆپ. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ ئىپپەت، نومۇسىنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇنداق ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئەۋرەت جايلىرىنى ئاچماسلىقى لازىم.

ئەمما ئايالنىڭ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ياكى دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن بەزى جايلىرىنى ئېچىشى رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدا: «زۆرۈرىيەت مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا يول قويىدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ بار.

## ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى

«ئايالنىڭ مەھرەملىرى (نىكاھى باغلانمايدىغان تۇغقانلىرى) ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى ئۇنىڭ قورسىقى، دۈمبىسى، ئىككى ئۇياتلىق ئورگىنى، ئىككى تىزى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا جايلىرى ئەۋرەت سانالمايدۇ. ئۇلارغا بىلەكلىرىنى، پۇتلىرىنى، كۆكسىنى، بويۇنلىرىنى ۋە چېچىنى ئاچسا گۇناھ بولمايدۇ»[1]. ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدىكى ئەۋرەت جايلىرى نۇر سۈرىسىنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە ئېنىق بايان قىلىنغان: مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن،

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ نۇتقىدىن. دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى ـ 1926-يىلى مىسىرنىڭ غەربىيە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، قەدىمىي ئىلىم يۇرتى ئەزھەردە ئوقۇپ يېتىشكەن ئىسلاھاتچى ئالىم. مىسىردىكى " ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن" جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك 1949-1954- ۋە 1961- يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، 1961- يىلى قاتار دۆلىتىگە بېرىپ، شۇجاينىڭ نوپۇسىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ جايدا ئىسلام ئىنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1977-يىلى قاتار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى تالانتى بىلەن "ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى"، "پادىشاھ فەيسەل مۇكاپاتى"، "مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى" ۋە بۇرۇناي سۇلتانى تەرىپىدىن مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. ھازىر ئۇ "دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالار ئىتتىپاقى"نىڭ رەئىسى، "ياۋروپا تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭەشى"نىڭ رەئىسى، "مىسىر ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، "ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى"تەركىبىدىكى" ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، "قاتار ئىسلام بانكىسى"نىڭ كۆزىتىش كومىتېتى ئەزاسى، "ئافرىقا ئىسلامىي دەۋەت تەشكىلاتى"نىڭ ئەزاسى، كۇۋەيت دۆلىتى "زاكات ئىشلىرى كومىتېتى"نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، "ئىسلام ئونلايىن" تور بېكىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە.

ئەۋرەتلىرىنــى ياپســۇن، كۆرۈنــۈپ تۇرىــدىغان قىســمىدىن باشــقا زىننەتلىرىنــى ئاشكارىلىمىســۇن، لېچەكلىــرى بىــلەن كــۆكرەكلىرىنى ياپســۇن، (ئــادەتتە كۆرۈنــۈپ تۇرىــدىغان قىســمىدىن باشــقا) زىننەتلىرىنــى ئەرلىرىــدىن، ئاتىلىرىــدىن، يــا قېــيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشـلىرىدىن، يا قېرىنداشـلىرىنىڭ ئوغۇللىرىــدىن، يــا ھەمشــىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىــدىن، يــا دىنــداش ئايــاللاردىن، يــا قــول ئاســتىدىكى چــۆرىلەردىن، يــا خوتۇنلارغــا ئېھتىيــاجى يــوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شـەھۋىتى يـوقلار) دىـن، يـا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (بـالاغەتكە يەتمىـگەن) بـاللاردىن باشـقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلـدۈرۈش ئۈچـۈن ئايـاغلىرىنى يەرگە ئۇرمىســۇن، ئــى مــۆمىنلەر! بەخــتكە ئېرىشىشــىڭلار ئۈچــۈن ھەممىڭــلار ئاللاھقــا تەۋبە قىلىڭلار [1].

ئومـۇمەن قىلىــپ ئېيتقانــدا، ئايــال ئۆزىنىــڭ مەھرەملىــرى ئالدىــدا نورمالــدا ئــۆي ئىچىدە ئېچىپ يۈرسە ئەيىبكە بۇيرۇلمايدىغان جايلىرىنى ئېچىپ يۈرسە بولىدۇ[2].

### ئايالنىڭ دىنداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان جايلىرى

ئايالنىــڭ مۇسـۇلمان يــات ئايــاللار ئالدىــدا ئەۋرەت ســانالغان جــايلىرى ئۆزىنىــڭ مەھرەملىــرى ئالدىــدا ئەۋرەت ســانالغان جايلىرىنىــڭ ئۆزىــدۇر. چــۈنكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىسلامىي ئـادەت مۇشـۇ بولۇپ، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا، ئۆي ئىچىدە ۋە مۇسۇلمان ئاياللارنىــڭ ئارىسىدا بېشىنى، بويـۇنلىرىنى، پـۇت ۋە قـوللىرىنى، شـۇنداقلا ئېچىــپ يۈرســە ئــادەتتە ئەيىب سانالمايدىغان جايلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرىشى جائىزدۇر[3].

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەممىشە كەڭ، ئازادە ۋە ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىشـى، يـۈزى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىغا ئوخشىغا ئادەتتە ئوچـۇق تۇرىـدىغان ئەزالىرىـدىن باشـقا جايلىرىنى يېپىپ يۈرۈشى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

ئەمما تېخى ئادەت كۆرۈش يېشىغا يەتمىگەن نارىسىدە قىزلارنىڭ نامـازدا بولسـۇن، ياكى نامـاز سـىرتىدىكى نورمـال ۋاقىـتلاردا بولسـۇن، بەزى ئەۋرەت ئەزالـىرى ئېچىلىـپ قالسىمۇ، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ ۋە ئوقۇغان نامازلىرىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

---

(1) نۇر سۈرىسى30-31-ئايەتلەر

(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ پەتىۋالىرىدىن.

(3) سەئۇدى ئەرەبىستانى پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدىن.

# قىبلە ۋە نىيەت توغرۇلۇق مەسىلىلەر

319. سوئال: قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟
جاۋاب: قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ــ نامازدا يۈزىنى ۋە پۈتـۈن ۋۇجـۇدىنى مەسـجىدى ھەرەمدىكى كەبە تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.
320. سوئال: قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟
جـاۋاب: كېسـەللىك، ئـورۇش مەيدانـىدا بولغـانلىق، دۈشـمەندىن ئېھتىيـات قىلغانلىق، قاتناش قورالىرىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىق سەۋەبلەردىن قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغان شارائىتلاردا، پىيادە بولسۇن ياكى قاتنـاش قورالىرىـدا بولسۇن، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتقا قاراپ، ئىمكـان قەدەر قـىبلىگە، قـىبلىگە يۈزلىنىشـكە ئىمكانىيەت بولمىسا قايسىبىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ[1].
321. سوئال: قىبلىنى تاپالمىغان چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟
جاۋاب: سەپەر ئۈستىدە قـاراڭغۇلۇق يـاكى ھاۋانـىڭ بۇلۇتلـۇق بولغـانلىقى سـەۋەبى بىلەن قىبلە تەرىپىنى بىلەلمىگەن كىشى قىبلىنـى سـوراپ بىلىشـكە ئـادەم تاپالمىغـان ياكى كومپاسقا ئوخشاش تەرەپلەرنـى كۆرسـەتكۈچ سايمانلىرىمۇ بولمىغـان شـارائىتتا، قىبلىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ ئۆز قانائەتىگە كۆرە قـىبلە تەرەپنـى بەلگىـلەپ نامـاز ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

## قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى

322. سوئال: قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى قايسى؟
جـاۋاب: نامـاز ئوقۇغانـدا، كۆكسـىنى ۋە يـۈزىنى قـىبلە تەرەپـكە قاراتقـان كىشـى، ئەلۋەتتە قەلبىنىمۇ، دۇنياۋى غەرەزلەردىن، نەپسىي ھەۋەسلەردىن ئازات قىلغان ھالـدا، ئـاللاھ تائالانــىڭ ھوزۇرىغـا يۈزلەندۈرۈشــى ۋە ئەقلىنــى، پىكرىنــى، شـۇنداقلا پۈتــۈن ۋۇجـۇدىنى ئـۆزى مۇناجـات قىلمـاقچى بولغـان ئىگىسـى ئـاللاھ تائالاغـا بېغىشلىشـى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرىدىندۇر.
323. سوئال: نامازدا نېمە ئۈچۈن كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش كېرەك؟
جاۋاب: نامازدا كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش ۋە ھەج، ئۆمرە ئادا قىلغاندا، كەبىنىـڭ

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 17 ـ بەت

ئەتراپىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشتىكى مەقسەت كەبىگە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن [1] دەپ بۇيرىغان ئەمرىگە بىنائەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن كەبە تەرەپكە قارايمىز ۋە ھەج، ئۆمرىنى كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن قىلىمىز. ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ئەمرنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن: ئۇلار بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللا)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن [2] دېگەنگە ئوخشىغان ئايەتلەرنى چۈشۈرگەن.

## نىيەت توغرۇلۇق مەسىلىلەر

324. سوئال: نىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىيەت - قەلبتىكى مەقسەت دېمەكتۇر. نامازنىڭ نىيىتى — ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنى كۆڭۈلگە پۈتۈش دېگەنلىك بولۇپ، نىيەتنىڭ ئورنى قەلب بولغاچقا، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈتۈشى شەرتتۇر. نىيەتنى تىل بىلەن سۆزلەش شەرت ئەمەس. ئەمما تىل بىلەنمۇ سۆزلىسە بولىۋېرىدۇ.

325. سوئال: نىيەتنىڭ ۋاقتى قاچان؟

جاۋاب: نامازدىكى نىيەتنىڭ ۋاقتى - نامازغا باشلاش تەكبىرىنى ئالغان ۋاقتتۇر. نىيەتنى نىيەت بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىغان ئىش يۈز بەرمەسلىك شەرتى بىلەن تەكبىرنىڭ ئالدىدا قىلسىمۇ بولىدۇ.

## بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرى

326. سوئال: رەكئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رەكئەت — نامازغا باشلاپ، قىيام، قىرائەت، رۇكۇ ۋە ئىككى سەجدىنى تاماملىغۇچىلىك بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى رەكئەت دېيىلىدۇ.

327. سوئال: بامدات نامىزى قانچە رەكئەت ۋە تەرتىپى قانداق؟

جاۋاب: بامدات نامىزى 2 رەكئەت سۈننەت، 2 رەكئەت پەرز بولۇپ، ھەممىسى 4 رەكئەتتۇر. ئاۋۋال ئىككى رەكئەت سۈننەت، كېيىن ئىككى رەكئەت پەرز ئوقۇلىدۇ.

328. سوئال: پېشىن نامىزى قانچە رەكئەت ۋە تەرتىپى قانداق؟

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 144- ئايەت

(2) قۇرەيش سۈرىسى 3- ئايەت

جاۋاب: پېشىن نامىزى 4 رەكئەت ئالدىنقى سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز ۋە 2 رەكئەت كېيىنكى سۈننەت بولۇپ، جەمى 10 رەكئەتتۇر. ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت، كېيىن تۆت رەكئەت پەرز، ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

329. سوئال: ئەسىر نامىزى قانچە رەكئەت ۋە تەرتىبى قانداق؟

جاۋاب: ئەسىر نامىزى ئالدىدا 4 رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، ئاندىن 4 رەكئەت پەرز بولۇپ، جەمى 8 رەكئەتتۇر. ئاۋۋال تۆت رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، كېيىن تۆت رەكئەت پەرز ئوقۇلىدۇ. (تەكىتسىز سۈننەت ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە قىلغان ۋە بەزىدە قىلمىغان ئىشلار دېگەنلىكتۇر).

330. سوئال: شام نامىزى قانچە رەكئەت ۋە تەرتىبى قانداق؟

جاۋاب: شام نامىزى 3 رەكئەت پەرز، 2 رەكئەت سۈننەت بولۇپ، جەمى 5 رەكئەتتۇر. ئاۋۋال ئۈچ رەكئەت پەرز، كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

331. سوئال: خۇپتەن نامىزى قانچە رەكئەت ۋە تەرتىبى قانداق؟

جاۋاب: خۇپتەن نامىزى 4 رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، 4 رەكئەت پەرز ۋە 2 رەكئەت سۈننەتتۇر. ئاۋۋال تۆت رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

332. سوئال: ۋىتىر نامىزى قانچە رەكئەت ۋە قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ۋىتىر نامىزى 3 رەكئەت بولۇپ، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ياكى ئايرىم ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن ئايرىم بىر نامازدۇر.

333. سوئال: بەش ۋاخ نامازلارنىڭ پەرزلىرىنىلا ئوقۇش كۇپايە قىلامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەش ۋاخ ناماز پەقەت ئۇلارنىڭ پەرزلىرىدۇر. بۇ پەرزلەرنى بارلىق شەرتلىرىگە ۋە جىمى قائىدە ـ تەرتىبلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا، كامىل ئادا قىلغان كىشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلغان بولىدۇ. سۈننەتلەرنى ئوقۇمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ ۋە گۇناھكارمۇ بولمايدۇ.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈننەتلەرنى ھەمىشە ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، ئۆزلۈكسىز تەرك ئەتمىگەن. چۈنكى ئىنسان بەرىبىر كەمچىلىكلەردىن، خاتالىقلاردىن ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم نامازلىرىنى ئاللاھ تائالا تەلەب قىلغان رەۋىشتە تولۇق ئادا قىلدىم دەپ ئېيتالمايدۇ. شۇڭا بەش ۋاخ نامازنى سۈننەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىقمىز. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى پەرزلەردىكى كەمچىلىكلەر ۋە نوقسانلارنى تولۇقلايدۇ ھەمدە ئايرىم ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

## نامازنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى

### نامازنىڭ پەرزلىرى

334. سوئال: نامازنىڭ پەرزلىرى قانچە؟

جاۋاب: نامازنىڭ پەرزلىرى 6 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) تەكبىر تەھرىمە (نامازنى باشلاش تەكبىرى) .

(2) قىيام (نامازدا ئۆرە تۇرۇش).

(3) قىرائەت (نامازدا قۇرئان سۈرىلىرىدىن ئوقۇش) .

(4) رۇكۇ (قولنى تىزغا قويۇپ يەرگە ئېگىلىش) .

(5) سەجدە (نامازدا پېشانىنى يەرگە قويۇش) .

(6) قەئدە ئاخىر(نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇش) .

335. سوئال: تەكبىر تەھرىمە قانداق ئېيتىلىدۇ؟

جاۋاب: تەكبىر تەھرىمە - «اللّٰه أَكْبَـرْ» (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ ئەرەب تىلى بىلەن ئېيتىلىدۇ. ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ تەكبىرنى ئۆزى ئىشتىكۈچىلىك ئاۋازدا ئېيتىشى يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئىمام بولغان كىشىنىڭ جامائەت ئىشتىكۈچىلىك ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىشى كېرەك.

336. سوئال: قانداق نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش شەرت قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق ناماز ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇلىدۇ. پەرز ياكى ۋاجىب نامازلارنى، سۈننەت نامازلاردىن بامداتنىڭ سۈننىتىنى (ئالاھىدە مۇھىم سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش پەرزدۇر. سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش پەرز ئەمەس. ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى يېتىدىغان تۇرۇپمۇ بۇ نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بىراق ساۋابى كەمرەك بولىدۇ. شۇڭا تېنى ساق كىشىنىڭ ھەر قانداق بىر نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىنى ئەۋزەل.

337. سوئال: ھەر قانداق بىر نامازدا قۇرئان ئوقۇش پەرزمۇ؟

جاۋاب: ھەرقانداق بىر نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر. سۈننەت، ۋاجىب ۋە نەپلە نامازلارنىڭ پۈتۈن رەكئەتلىرىدە، ئىككى رەكئەتلىك پەرز نامازلارنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ۋە ئىككى رەكئەتتىن كۆپ پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن قۇرئان كەرىمدىن بىرەر سۈرە ياكى بىر قانچە ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ «قىرائەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

338. سوئال: قىرائەتنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟
جاۋاب: قىرائەتنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى، قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت ياكى ئۇزۇن ئايەتلەردىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەتكە تەڭ كېلىدىغان بىر ئايەت ئوقۇشتۇر. بۇنىڭدىن ئاز قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. كۆپ ئوقۇشنىڭ چېكى يوق.
339. سوئال: رۇكۇ قانداق قىلىنىدۇ؟
جاۋاب: رۇكۇ ـ باش بىلەن دۈمبىنى ئىككى قول تىزلارغا ئازادە يەتكىچىلىك ئېگىش دېگەنلىك بولۇپ، رۇكۇدا بويۇن بىلەن دۈمبە تەكشى ھالدا باراۋەر بولۇشى شەرتتۇر. ئىككى قولنىڭ بارماقلىرى ئېچىلغان ھالدا تىزلارنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. رۇكۇدا ئەرلەر جەينەكلىرىنى قورسىقىغا تەككۈزمەيدۇ. ئەمما ئاياللار جەينەكلىرىنى قورسىقىغا چاپلاپ تۇرىدۇ.
340. سوئال: سەجدە قانداق قىلىنىدۇ؟
جاۋاب: سەجدە ـ پېشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتتىن ئىبارەت يەتتە ئەزانى يەرگە تەكشى قويۇش بىلەن قىلىنىدۇ.
341. سوئال: نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟
جاۋاب: نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشنىڭ پەرز بولغان مىقدارى «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىتتۇر. ئۇنىڭدىن ئارتۇقى سۈننەت. ئەمما «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

**نامازنىڭ ۋاجىبلىرى**

342. سوئال: نامازنىڭ ۋاجىبلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: نامازنىڭ ۋاجىبلىرى تۆۋەندىكىلەر:
(1) نامازنى باشلىغاندا «اللّٰه اَكْبَرْ (ئاللاھۇ ئەكبەر)» دېگەن تەكبىرنى ئېيتىش.
(2) پەرز نامازلارنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ رەكئەتلىرىدىن باشقا پۈتۈن نامازلاردا، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن، بىر سۈرە ئوقۇش ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇش.
(3) سەجدىدە، بۇرۇن بىلەن پېشانىنى باراۋەر يەرگە تەككۈزۈش.
(4) ئىككى سەجدىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش.
(5) ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىن ئولتۇرۇش.
(6) ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشىدا «ئەتتەھىياتۇ» نى ئوقۇپ بولۇپلا كېچىكمەستىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇش.

(7) نامازدىكى پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىبلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ھەر بىر پائالىيەتنى ئالدىرىماستىن قىلىش.

(8) ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ۋە نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا «ئەتتەھىياتۇ» نى ئوقۇش.

(9) ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇش ئالدىدا تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇش.

(10) نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش.

(11) جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن: بامدات، جۈمە، ھېيت، تەراۋىھ، ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە؛ شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، مەيلى ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن ئىمامنىڭ قىرائەتنى (فاتىھە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈرىنى) ئاشكارا، ئاۋازلىق ئوقۇشى.

(12)جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىدا ئىمامنىڭ قىرائەتنى مەخپى ئوقۇشى.

(13) قىرائەتتە فاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرىدىن ئاۋۋال ئوقۇش.

(14) ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ قىرائىتى مەخپى ئوقۇلىدىغان پېشىن، ئەسىر، ۋىتىر، بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى ۋە نەپلە نامازلاردا قىرائەتنى مەخپى ئوقۇشى، ئەمما بامداتنىڭ پەرزى، شام ۋە خۇپتەننىڭ پەرزلىرىگە ئوخشاش قىرائىتى ئاشكارا ئوقۇلىدىغان نامازلاردا — مەيلى ئۇ ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن - قىرائەتنى مەخپى ئوقۇش ياكى ئاشكارا ئوقۇش ئىختىيارى بويىچە ئىش كۆرۈشى. (ئەمما ئاشكارا ئوقۇش ئەۋزەلدۇر).

(15) سەجدە سەھۋى قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى تېپىلغاندا سەجدە سەھۋى قىلىش.

(16) جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردا جامائەتنىڭ ئىمامنىڭ قىرائىتىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىشى.

(17) ھېيت نامازلىرىنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.

**نامازنىڭ سۈننەتلىرى**

343. سوئال: نامازنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: نامازنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) نامازغا باشلىغاندا، ۋىتىر نامىزىنىڭ قۇنۇتىنى ئوقۇشقا باشلىغاندا ۋە ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ قوللىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقىغا

قەدەر، ئاياللارنىڭ قوللىرىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈشى.

(2) ھەر نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىنىڭ باشلىنىشىدا مەخپىي ھالدا، سانا (**سبحانك اللهم** - سۇبھانەكەللاھۇممە...)نى ئوقۇش.

(3) فاتىھە سۈرىسىدىن ئاۋۋال **أعوذ بالله من الشيطان الرجيم** (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم) ۋە **بسم الله الرحمن الرّحيم** بىلەن (بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىيم) نى ئېيتىش.

(4) فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەخپىي ياكى ئاشكارا «ئامىين» دېيىش.

(5) قىيامدا (ئۆرە) تۇرغاندا ئەرلەرنىڭ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا (ياكى كۆكسىدە) تۇتۇشى، ئاياللار قوللىرىنى كۆكسىدە تۇتۇشى.

(6) نامازدا ئۆرە تۇرغاندا، ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقىنى ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت بارماق ئازادە سىغقۇدەك ئوچۇق تۇتۇش.

(7) رۇكۇدىن تۇرغاندا، «**سمع اللهُ لمن حمدهُ**»(سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ)» ۋە «**ربنا ولك الحَمـد**» (رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ)» دېيىش.

(8) رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە بېرىش، بىرىنچى سەجدىدىن تۇرۇش، ئىككىنچى سەجدىگە بېرىش، يەنە سەجدىدىن تۇرۇش قاتارلىق يۆتكىلىشلەرنىڭ ھەممىسىدە، «**اللهُ أكبر** (ئاللاھۇ ئەكبەر)» دەپ تەكبىر ئېيتىش.

(9) رۇكۇدا«**سبحانَ ربي العظيم**» (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم)»نى، سەجدىدە «**سبحان ربي الاعلى**» (سۇبھانە رەببىيەل ئەلا)»نى ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىمدىن دېيىش.

(10) رۇكۇدا قوللارنىڭ بارماقلىرىنى ئاچقان ھالدا تىزلارنى تۇتۇپ،(ئەرلەر بېلىنى تۈز قىلىپ) تۇرۇش.

(11) سەجدىگە بېرىشتا ئاۋۋال تىزلارنى، ئاندىن قوللارنى، ئاندىن پېشانىنى يەرگە قويۇش، سەجدىدىن تۇرۇشتا بۇ تەرتىپنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈش.

(12) نامازدىكى ئولتۇرۇشتا، ئەرلەرنىڭ سول پۇتلىرىنى ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئولتۇرغان ۋە ئوڭ پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ تىكلىگەن، ئاياللارنىڭ سول ۋە ئوڭ پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ ئۆزى يەرگە ئولتۇرغان ھالدا، قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇرۇشى.

(13) نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، «ئەتتەھىياتۇ» دىن كېيىن «ئاللاھۇممەسەللى ئەلا، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا» دۇرۇدلىرىنى ۋە «رەببەنا» دۇئاسىنى

ئوقۇش.

(14) سالام بېرىشتە ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە باشنى سىلىق چۆرىگەن هالدا: «السلام عليكم ورحمـةُ الله»(ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەهمەتۇللاھ)» دېيىش.

(15) تەشەهھۇد ئوقۇغاندا، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىبلىگە ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرۇش.

# ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى

## بامدات نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

344. سوئال: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: نامازنىڭ شەرتلىرىنى هازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، تاھارەت بىلەن پاكىز يەرگە بارىمىز. ئەگەر يەرنىڭ پاكىز بولماسلىق ئېهتىمالى بولسا، جايناماز ئىشلىتىمىز. جاينامازنىڭ يۆنىلىشىنى قىبلىگە قارىتىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا تۈپتۈز ئۆرە تۇرۇپ ئىچىمىزدە «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىمىز ۋە «**اللّهُ أكْبر**»(ئاللاھۇ ئەكبەر)» دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككى قولىمىزنى ئىككى قۇلاقنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىمىز. ئالقانلارنى قىبلىگە قارىتىمىز. (ئاياللار تەكبىردە ئىككى قولنى ئىككى مۈرىسىگىچە كۆتۈرىدۇ. ئالقانلىرىنى ئەرلەرگە ئوخشاش قىبلىگە قارىتىدۇ).

تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن قوللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ كىندىكىمىزنىڭ ئاستىغا قويۇپ قول باغلاپ تۇرىمىز، يەنى ئوڭ قولىمىزنىڭ ئالقىنىنى سول قولىمىزنىڭ ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىمىزنىڭ باش ۋە چىمىلتاق بارماقلىرى بىلەن سول قولىمىزنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ تۇرىمىز. (ئاياللار قىيامدا تۇرغاندا، قوللىرىنى كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرىدۇ. ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. كۆزلىرىنى سەجدىگاھقا قارىتىپ، پۇتلىرىنى ھەم جۈپلەشتۈرىدۇ، تىزلىرى تىك تۇرىدۇ).

ئەر ۋە ئايال ھەرقانداق كىشى قىيامدا تۇرغاندا كۆزلەر سەجدىگاھقا قاراپ تۇرىدۇ، ئوڭ ـ سولغا ياكى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا كۆزلەرنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقى ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت بارماق ئازادە سىغقۇدەك كەڭلىكتە، ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. تىزلارنى ئەگمەستىن تىك تۇتۇپ تۇرىمىز، باش گەۋدە ئوڭ ـ سولغا تەۋرەنمەستىن ئازراق ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

تەكبىر ئېيتىپ قول باغلىغاندىن كېيىن، مۇنۇ سانانى ئوقۇيمىز: «**سبحانك اللـهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا اله غيرك**» (سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇك»، ئاندىن **أعوذ بالله من الشيطان الرجيم** (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم) ۋە **بسـم الله الـرحمن الـرّحيم**

(بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم)دەيمىز.

ئاندىن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيمىز.

فاتىھە سۈرىسى: **الحمد لله رب العالمين • الرحمن الرحيم • مالك يوم الدين • إياك نعبد وإياك نستعين • اهدنا الصراط المستقيم • صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم ولا الضالين** ئوقۇلىشى: «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين. ئەررەھمانىر رەھىيم. مالىكى يەۋمىددىين. ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىين. ئىھدىنەس ـ سىراتەل مۇستەقىيم، سىراتەللەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززاللىين»ئامىين!

فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر سۈرە ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيمىز، مەسىلەن: مائۇن سۈرىسى: **أرأيت الذي يكذب بالدين • فذلك الذي يدع اليتيم • ولا يحض على طعام المسكين • فويل للمصلين • الذين هم عن صلاتهم ساهون • الذين هم يراؤون • ويمنعون الماعون** ئوقۇلىشى: «ئەرە ئەيتەللەزى يۇكەززىبۇ بىددىين. فەزالىكەللەزى يەدۇئئۇل يەتىيم. ۋەلا يەھۇززۇ ئەلا تەئامىل مىسكىين. فەۋەيلۇن لىلمۇسەللىين. ئەللەزىينە ھۇم ئەن سالاتىھىم ساھۇۇن. ئەللەزىينە ھۇم يۇرائۇۇن. ۋەيەمنەئۇنەل مائۇۇن».

ئۇنىڭدىن كېيىن«**الله أكبر**» (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىمىز. رۇكۇدا ئىككى قولىمىزنىڭ بارماقلىرىنى ئاچقان ھالدا، ئىككى تىزىمىزنى تۇتۇپ باش بىلەن بەل قىسمىنى ئوخشاش تەكشىلىكتە تۈز ئىگىمىز.

ئايال‌لار يېرىم ئېگىلىدۇ. قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىدە تۈز تۇتىدۇ. بارماقلىرىنى ئاچمايدۇ.

رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «**سبحان ربي العظيم**» (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم) دەيمىز.

رۇكۇدىن تۇرۇشتا«**سمع الله لمن حمده**» (سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ) دەپ تۇرىمىز. رۇكۇدىن تۇرۇپ ئۆرە بولغاندىن كېيىن، قوللىرىمىزنى يان تەرەپلىرىمىزگە قويۇپ بەرگەن ھالدا، تۈز تۇرۇپ «**ربنا ولك الحمد**» (رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ) دەيمىز ۋە بىر ئاز تۇرىمىز.

ئاندىن «**الله أكبر**»(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ سەجدىگە بارىمىز. سەجدە قىلىشتا ئاۋۋال تىزلىرىمىزنى، ئاندىن قوللىرىمىزنى، ئاندىن پىشانىمىزنى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇرنىمىزنى يەرگە تەككۈزىمىز. پېشانە ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرىسىغا

توغرىلىنىدۇ. جەينەكلەر يەرگە تەگمەيدۇ، ئىككى يوتا قورسىقىمىزغا تەككۈزۈلمەيدۇ. ئىككى پۇتىمىزنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەشتۈرۈپ تۇرىمىز. قول ۋە پۇت بارماقلىرىمىز قىبلىگە قارىتىلىدۇ. (ئاياللار پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە يانتۇ قىلىپ ياتقۇزىدۇ. جەينەكلىرىنى بىقىنىغا، تىزلىرىنى قورساقلىرىغا چاپلاپ تۇرىدۇ).

سەجدە ئەسناسىدا، ئۈچ قېتىم «**سبحان ربي الاعلى**» (سۇبهانە رەببىيەل ئەلا) دەيمىز ۋە «**الله اكبر** (ئاللاهۇ ئەكبەر)» دەپ باشنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىمىز. سەجدىدىن تۇرۇشتا ئاۋۋال يۈز، ئاندىن قوللار، ئاندىن تىزلار كۆتۈرىلىدۇ. ئىككى سەجدە ئوتتۇرىسىدىكى ئولتۇرۇشتا ئەڭ ئاز دېگەندە«**سُبْحان** الله» (سۇبهانەللاھ) دېگۈچىلىك ۋاقىت ئولتۇرىمىز (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارىدا«**رب اغْفِرْلي، رب اغْفِرْلي**» (رەببىغفىرلى، رەببىغفىرلى)دەپ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيتتى). ئاندىن قايتا «**الله اكبر**» (ئاللاهۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر بىلەن يەنە سەجدىگە بارىمىز. سەجدىدە يەنە ئۈچ قېتىم «**سبحان ربي الاعلى**»(سۇبهانە رەببىيەل ئەلا) دەيمىز.

ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن يەنە «**الله اكبر**» (ئاللاهۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئۆرە تۇرىمىز ۋە ئىككىنچى رەكئەتكە باشلايمىز. ئىككىنچى رەكئەتتە﴿بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم﴾نى ئوقۇيمىز. ئاندىن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقوپ بولۇپ،«ئامىين» دەيمىز. ئاندىن قۇرئاندىن خالىغان سۈرىدىن بىر ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيمىز. مەسىلەن: كەۋسەر سۈرىسى **إنا أعطيناك الكوثر. فصل لربك وانحر. إن شانئك هو الأبتر** ئوقۇلىشى: «ئىننا ئەئتەينا كەلكەۋسەر. فەسەللى لىرەببىكە ۋەنهەر. ئىننە شانىئەكە هۇۋەل ئەبتەر».

ئاندىن خۇددى بىرىنچى رەكئەتتە قىلغىنىمىزغا ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تاماملاپ بولۇپ، «**الله اكبر**» (ئاللاهۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇرىمىز.

نامازدا ئولتۇرغاندا، ئەرلەر ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر ئوڭ پۇتىنى تىك تۇتىدۇ، سول پوتىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئولتۇرىدۇ. ئىككى قولنى بارماقلىرىنى ئەركىن ئاچقان هالدا ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ۋە كۆزىنى قۇچىقىغا قارىتىدۇ. (ئاياللار ئىككى پۇتىنى ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇپ، ياقالچىقىنى بېسىپ ئولتۇرىدۇ. قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قارىتىدۇ.

ئولتۇرغاندا ئاۋۋال تەھىيات«ئەتتەھىياتۇ» دۇئاسى ئوقۇلىدۇ.

تەھىيات دۇئاسى:

**التحيات للّه والصلوات والطيبات، السلام عليك أيها النبي ورحمةُ اللهِ وبركاته، السلام علينا وعلى عباد اللهِ الصالحين أشهد أنْ لا إله إلاّ اللّهُ، وأشهد أن محمداً عبده ورسولُه** .

ئوقۇلىشى: «ئەتتەھىياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەيىيباتۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىس ـ سالىھىين. ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ».

تەرجىمىسى: «مەدھىيىلەر ۋە سالاملار ئاللاھقا بولسۇن، ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئەي ئۇلۇغ پەيغەمبەر! بىز(نامازغا ھازىر بولغان بارلىق جامائەت ۋە پەرىشتىلەر)گە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ ئاللاھنىڭ ئاپىيىتى ۋە ئامانلىقى بولغاي. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن گۇۋاھلىق بېرىمەن».

ئاندىن كېيىن، «ئاللاھۇمما سەللى ۋە بارىك رەببەنا»لار ئوقۇلىدۇ.

ئاللاھۇمما سەللى ئەلا دۇرۇتى:

**اللهم صل على محمد وعلى آل محمد، كما صليت على إبراهيم وعلى آل إبـراهيم إنك حميد مجيد** .

ئوقۇلىشى: «ئەللاھۇمما سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن».

ئاللاھۇمما بارىك ئەلا دۇرۇتى:

**اللهم بارك على محمد وعلى آل محمد، كما باركت على إبراهيم وعلى آل إبـراهيم إنك حميد مجيد** .

ئوقۇلىشى: «ئاللاھۇمما بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد».

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن».

رەببەنا دۇئاسى:

**ربنا آتنا في الدنيا حسنةً وفي الآخرة حسنةً وقنا عذاب النار** .

ئوقۇلىشى: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئەزابەننار».

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

يۇقىرىقىلار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باشنى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە سىلىق چۆرۈپ «**السلام عليكم ورحمـةُ الله**» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ) دەيمىز، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە سىلىق چۆرۈپ «**السلام عليكم ورحمةُ الله**» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمە تۇللاھ) دەپ سالام بېرىمىز. بۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغان بولىمىز.

345. سوئال: بامدات نامىزىنىڭ پەرزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلىشىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشىغا ئوخشاشتۇر. پەقەت نىيەت پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى سۈننەتكە سۈننەت، پەرزگە پەرز دەپ نىيەت قىلىش كېرەك. يەنە بىر پەرقى شۇكى، بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇش ئالدىدا ئەرلەر ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. (ئاياللارغا كېرەك ئەمەس). بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## پېشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

346. سوئال: پېشىننىڭ ئاۋۋالقى سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال پېشىننىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇپ ئولتۇرىمىز. ئولتۇرغاندا، «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇيمىز، ئاندىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەرنىمۇ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتكە ئوخشاش شەكىلدە ئوقۇپ بولۇپ، ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇشتا «تەھىيات، سەللى، بارىك ۋە رەببەنا»لارنى تولۇق ئوقۇيمىز. ئاندىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىمىز.

347. سوئال: پېشىننىڭ پەرزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن پېشىننىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز ۋە «**الله أكـبر** (ئاللاھۇ ئەكبەر)» دەپ نامازغا باشلايمىز. دەسلەپكى ئىككى

رەكئەت خۇددى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرىمىز. ئولتۇرۇشتا، «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇيمىز ۋە ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەردە پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن سۈرە ئوقۇمايمىز. تۆتىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ «تەھىيات، سەللى، بارىك ۋە رەببەنا» لارنى ئوقۇيمىز ۋە ئىككى تەرەپكە سالام بېرىمىز.

348. سوئال: پېشىننىڭ ئاخىرقى سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال پېشىننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇيمىز.

## ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

349. سوئال: ئەسىر نامىزىنىڭ تەكىتسىز سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال ئەسىر نامىزىنىڭ تەكىتسىز سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بۇ سۈننەتنى خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

350. سوئال: ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن، ئۇنى خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

## شام نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

351. سوئال: شام نامىزىنىڭ پەرزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، شام نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. شام نامىزىنىڭ پەرزى ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئۇ، بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرىلىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتا، «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇپ ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنىلا ئوقۇيمىز، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ «تەھىيات، سەللى، بارىك ۋە رەببەنا»لارنى ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىمىز.

352. سوئال: شام نامىزىنىڭ سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال شام نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى نىيەت

قىلىمىز، ئاندىن ئۈنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇيمىز.

### خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

353. سوئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى، خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇغانغا ئوخشاش ئوقۇيمىز.

354. سوئال: خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

### ۋىتىر نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى

355. سوئال: ۋىتىر نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: ۋىتىر نامىزى ــ تاق ناماز دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاخشىمى ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكئەتلىك نامازدۇر. ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىبتۇر. ئۇ، خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى ئادەتتە جامائەت بولماي يالغۇز ھالدا ئوقۇلىدۇ. رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزىنى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا جامائەت بولۇپ ئوقۇش سۈننەت ئەمەس. ئەمما جامائەت بولۇپ ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ.

356. سوئال: ۋىتىر نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاۋۋال ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇشتا «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى رەكئەتتە بىسمىللاھنى تولۇق ئوقۇپ، سۈرە فاتىھە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ بولۇپ، قوللارنى ئىككى يانغا قويۇپ بەرگەن ھالدا، «**اَللّٰهُ اَكْبَر**» (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولىمىزنى قولاق ئېگىزلىكىدە يۇقىرى كۆتۈرىمىز. ئاندىن قوللارنى قايتىدىن كىندىك ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ،«قۇنۇت» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز.

قۇنۇت دۇئاسى:

**اَللهم انا نستعينك ونستغفرك ونؤمن بِك و نتوكلُ عليك ونثْنِي عليك اَلْخير نشـكُرك ولاَ نكْفُرك ونخلع من يفْجرك. اَللهم إياك نعبد ولك نصلي ونسجد وإليك نسـعى ونحفـد**

**ونرجو رحمتك ونخشى عذابك ان عذابك بالكفار ملحق .**

ئوقۇلىشى: «ئاللاھۇممە ئىننا نەستەئىينۇكە ۋە نەستەغفىرۇكە ۋە نۇئمىنۇ بىكە ۋە نەتەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋە نۇسنى ئەلەيكەل خەيرە، نەشكۇرۇكە ۋەلا نەكفۇرۇكە ۋە نەخلەئۇ مەن يەفجۇرۇكە. ئاللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە لەكە نۇسەللى ۋە نەسجۇدۇ ۋە ئىلەيكە نەسئا ۋە نەھفىدۇ نەرجۇ رەھمەتەكە ۋە نەخشا ئەزابەكە، ئىننە ئەزابەكە بىل كۇففارى مۇلھىق».

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ياردەم سورايمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز، سېنى ياخشى تەرىپلەر بىلەن مەدھىيىلەيمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، ناشۈكۈرلۈك قىلمايمىز ۋە ساڭا ئاسىيلىق قىلغاندىن يۈز ئۆرۈيمىز. ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كۇففارلارغا يەتكۈچىدۇر».

### نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار

357. سوئال: نامازدىن كېيىن قانداق دۇئالارنى ئوقۇش ياخشى؟

جاۋاب: نامازدىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئالارنى ئوقۇش سۈننەتتۇر:

**أستغفرالله أستغفرالله أستغفرالله، اللهم أنت السلام، و منك السلام، تباركت يا ذا الجلال والإكرام** تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق زادى سېنىڭدىن. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى - كەرەم ئىگىسى بولغان ئاللاھ سەن ھەقىقەتەن كاتتىلارنىڭ كاتتىسىسەن»(1).

**لاإله إلا اللهُ وحده لاشريك له، اللهم لامانع لما أعطيت، ولامعطي لما منعت، ولاينفع ذا الجد منك الجد** تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسىۋالغۇچى يوق ۋە سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»(2).

**لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد، وهو علىٰ كل شيءٍ قدير،**

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان

**لاحولَ ولا قوةَ إلا بالله، لا نعبد إلا إياه، له النِّعمة، وله الفضلُ والثناءُ الحسن، لا إله إلا الله مخلصين له الدين، ولو كره الكافرونَ .**

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ تائالادىندۇر. بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ۋە پەزلى ـ كەرەم ئىگىسىدۇر، ئۇ ئەڭ ئېسىل مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا لايىقتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىمىز»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە، «بۇ دۇئانى ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇغان كىشىنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[2].

**اللهم أعنا على ذكرك وشكرك وحسن عبادتك .**

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە سېنى ياد ئېتىش، ساڭا شۈكۈر قىلىش ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەدەت بەرگىن».

**سبحانَ اللهِ ، الحمد لله ، الله أكبر**

ئوقۇلىشى: «سۇبھانەللاھ،ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر (33قېتىمدىن)»[3]

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر».

**بسم الله الرحمـٰن الرحيم، قُلْ هو الله أحد . الله الصمد . لم يلد ولم يولد . ولم يكن له كفواً أحد .**

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»[4].

**بسم الله الرحمـٰن الرحيم، قُلْ أعوذُ برب الفَلَق . من شر ما خلق . ومن شر غاسق إذا وقب . ومن شر النفاثات في العقد. ومن شر حاسد إذا حسد .**

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(4) ئىخلاس سۈرىسى

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، "مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن"دېگىن»[1].

**بِسم الله لرحمـٰنِ لرحيمِ، قُلْ أعوذُ بِرب الناسِ . ملك الناسِ . إلٰه الناسِ . من شـر الوسواسِ الخناسِ . الذي يوسوِس في صدورِ الناسِ . من الْجِنة و الناسِ .**

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، "ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن"دېگىن»[2].

**اللهُ لاَ إِلٰـه إِلا هو الْحي الْقَيوم لاَ تأخذُه سنةٌ ولاَ نوم له ما في السماوات ومـا فـي الأَرضِ من ذَا الذي يشفَع عنده إِلا بِإِذْنِه يعلَم ما بين أَيديهم وما خلْفَهم ولاَ يحيطُونَ بِشـيءٍ من علْمه إِلا بِما شاء وسع كُرسيه السماوات والأَرض ولاَ يؤوده حفْظُهمـا وهـو الْعلـي الْعظيم .**

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (دۇنيادىكى)، كەينىدىكى (ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مەلۇماتى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىبىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[3]. يۇقىرىقى سۈرىلەر ھەر نامازدىن كېيىن بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

---

(1) فەلەق سۈرىسى

(2) ناس سۈرىسى

(3) بەقەرە سۈرىسى 255- ئايەت

**لا إلـٰـه إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد، يحيي ويميت بيده الخيـر وهو علىٰ كُل شيءٍ قدير .**

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاللاھ ئۆلتۈرىدۇ، تىرىلدۈرىدۇ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[1]. بامدات ۋە شام نامازلىرىدىن كېيىن 10 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

**اللّهم إني أسألك علماً نافعاً، ورزقاً طيباً، وعملاً متقبلاً .**

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، ھالال رىزىق ۋە دەرگاھىڭدا قوبۇل بولىدىغان ئەمەلگە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[2].

يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. بىراق بۇلارنى ئوقۇش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. بەلكى مۇستەھەبتۇر. دۇئالار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ تىلەكلىرىنى ئاللاھ تائالادىن سورايمىز.

## نامازدىكى مەكرۇھلار ۋە نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

358. سوئال: نامازدىكى مەكرۇھلار قايسىلار؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن بىرەرسى سادىر بولسا ناماز مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپقان بولىدۇ.

(1) ۋاجىب دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇنى باشقا سۈرىدىن كېيىن ئوقۇش ياكى مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئۈنلۈك ئوقۇغانغا ئوخشاش.

(2) سۈننەت دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى ھەممىسىنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: سانا ئوقۇشنى ياكى رۇكۇ ۋە سەجدىلەردىكى تەسبىھلەرنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش.

(3) نامازدا ئۆرە تۇرغاندا بىر يەرگە يۆلىنىۋېلىش، ئوڭ ـ سولغا تەۋرىنىش ۋە قەستەن بىر نەرسىنى پۇراش.

(4) نامازدا ئۆزۈرسىز بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرۇش ۋە ئىنسان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش.

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

(5) رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى توخۇ دان چوقۇغاندەك ئالدىراپ قىلىش.

(6) نامازدا ئۆزۈرسىز كېرىلىش.

(7) ئىراۋ سالام قىلسا، قول ياكى باش ئىشارىتى بىلەن قايتۇرۇش (ئەگەر سۆز بىلەن قايتۇرسا ناماز بۇزۇلىدۇ). ئەمما جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدا ئىمام قىرائەتتە خاتالاشسا لوقما سېلىش جائىزدۇر.

(8) نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياكى ئوڭ ـ سولغا ياكى ئاسمانغا قاراش ۋە سالامدىن بۇرۇن باش - كۆزنى سۈرتۈش.

(9) باشقىلارنىڭ يېنىغا كىيىپ چىققىلى بولمايدىغان ناچار كىيىملەرنى كىيىپ نامازغا تۇرۇش.

(10) رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە ئۆتۈشتە تەكبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەرتىپ بويىچە ئېيتماسلىق.

(11) نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان يەردىكى شېغىل ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش بىلەن بىر قېتىمدىن ئارتۇق مەشغۇل بولۇش.

(12) پاكىزلىقى شۈبھىلىك جايلاردا، چىركاۋلاردا، بۇتخانىلاردا، مۇنچىلاردا، ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان يوللاردا ناماز ئوقۇش.

(13) پەرز نامازلاردا (باشقا سۈرىلەرنىمۇ بىلىدىغان كىشىنىڭ) بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرىسىنى ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ قايتا ئوقۇشى ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلىشى. مەسىلەن: بىرىنچى رەكئەتكە«ئىخلاس» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتكە«لەھەب» سۈرىسىنى ئوقۇغانغا ئوخشاش. تەرتىپ بۇنىڭ ئەكسىدۇر.

(14) جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازلاردا، ئالدىنقى سەپتە بوش ئورۇن بولسىمۇ، ئارقا سەپتە تۇرۇش.

(15) يېنىۋاتقان ئوتقا ياكى جانلىقلارنىڭ رەسىمگە ياكى قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇش.

(16) تەرىتى قىستاپ قالغان ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش.

(17) نامازدا تۇرۇپ بارماقلارنى قاراسلىتىش، چىۋىنلەرنى ئۈركۈتۈش بىلەن مەشغۇل بولۇش. ئەمما يىلان ـ چايان ۋە ھەر قانداق زىيانلىق ھاشارەتلەرنى نامازدا تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جائىزدۇر.

(18) ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغىنىدىن ئۇزۇن سۈرە ئوقۇش.

(19)رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە ئوقۇلىدىغان تەسبىھلەرنى قول بىلەن ساناش ۋە ھازىر بولغان تائامنى قويۇپ نامازغا تۇرۇش. چۈنكى مۇنداق قىلىش«خۇشۇئ»غا توسالغۇ

بولىدۇ.

(20) سەجدىدە پېشانىنى يەرگە تەككۈزمەستىن سەللە ياكى دوپپا ياكى قولاقچىنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىش.

**مۇلاھىزە:** مەكرۇھ ـ ياقتۇرۇلمىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىبادەتلەر بۇزۇلمايدۇ. ئىبادەتنىڭ سۈپىتىگىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مەكرۇھ سانالغان ئىشلارنى قىلمىغان ياخشى.

359. سوئال: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەر:

(1) نامازدا قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن سۆزلەش.

(2) نامازدا ئۆزىگە ئاڭلانغىدەك ئاۋازدا كۈلۈش. ئەمما نامازدا باشقىلار ئاڭلىغىدەك قاھقاھلاپ كۈلۈش بىلەن ناماز ۋە تاھارەت ھەر ئىككىلىسى بۇزۇلىدۇ.

(3) نامازدا ئاھ - ئۇھ، ۋاي - ۋۇي دېيىش.

(4)نامازدا دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئاۋازلىق ھالدا يىغلاش.

(5) نامازدا تۇرۇپ ھەرقانداق بىر سوئالغا ياكى چاقىرغۇچىغا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىش.

(6) نامازدا كۆكسىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە چۆرۈش.

(7)نامازدا باشقىلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئېلىش.

(8) نامازدا قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن بىر نەرسە يېيىش ۋە ئىچىش، سېغىز(پوپۇرتاڭ)چايناش. ئەمما چىشلارنىڭ ئارىلىقىدا قالغان تاماق قالدۇقلىرىدىن نوقۇت مىقدارىدىن كىچىك نەرسىنى يۇتۇپ سېلىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

(9) ئۆزرىسىز ھالدا گالنى قىرىش. ئەمما ئىختىيارسىز ياكى ئېھتىياج (ئىمامنىڭ خاتالىقىنى ئەسكەرتىش ياكى ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش) يۈزىسىدىن گالنى قىرىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

(10) نامازدا ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بىر يەرلىرىنى قاشلاش ياكى تاتىلاش ياكى سىلاش.

(11) ھەر قانداق بىر ئاغرىق ئۈچۈن ئاۋاز بىلەن ئاھ تارتىش.

(12) نامازدا قايسىبىر سەۋەب بىلەن تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇشى.

(13) نامازدا كىچىك ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش. ئەمما بىر قول بىلەن كىيىمنى تۈزەش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

(14) سەجدىدە ئىككى پۇتىنىڭ بىراقلا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى.

(15) ئەرنىڭ يالغۇز يات ئايال بىلەن بىللە تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭغا ئىمام بولۇپ ناماز

ئوقۇشى. ئەمما ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىغا ياكى نىكاھى ئۇنىڭغا باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر[1].

(16) قەستەن ھالدا بىرەر پائالىيەتنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىش. مەسىلەن: ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ ياكى سەجدىگە ئۆتكەنگە ئوخشاش. ئەمما سەھۋەنلىكتىن قىلىپ سېلىپ دەرھال قايتىپ ئىمامغا ئەگەشسە ناماز بۇزۇلمايدۇ.

(17) نامازدا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندەك دۇئا قىلىش.

(18) بىراۋنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش مەقسىتى بىلەن قۇرئاندىن بىرەر ئايەت ئوقۇش.

(19) نامازدا ئەۋرەت جايلارنىڭ مەنئى قىلىنىدىغان دەرىجىدە ئېچىلىپ قېلىشى.

(20) نامازدا ئايەتلەرنى مەنىسى بۇزۇلىدىغان دەرىجىدە خاتا ئوقۇش.

(21) نامازدا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش.

(22) ئاياللارنىڭ ناماز ئۈستىدە ئايلىق ئادىتىنىڭ كېلىشى.

(23) تەيەممۇم بىلەن نامازغا تۇرغان كىشىنىڭ، نامازدا تۇرۇپ سۇنى كۆرۈشى، ئاياقلىرىغا مەسھى قىلغان كىشىنىڭ مەسھى مۇددىتى تۈگىشى.

(24) نامازدا پەرز دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: سەجدىنى ياكى رۇكۇنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش.

(1) ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئايالىغا ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئەمما يالغۇز ئەرنىڭ يالغۇز يات ئايال بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشى ھارامدۇر». «islamqa.com الإسلام سؤال وجواب»

شۇنىڭدەك، قائىدە ئاياللارنىڭ نامازدا ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا ئايرىم سەپ تۈزۈپ تۇرۇشىدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەنەفى مەزھەبدە، ئايال كىشى ئەرلەر سېپىدە ناماز ئوقۇغاندا، ئۇ ئايالنىڭ ئىككى يېنىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى جەمى ئۈچ ئەرنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ (مەيلى ئۇ ئىمام بولۇپ ئوقۇغان بولسۇن، مەيلى جامائەت سۈپىتىدە ئوقۇغان بولسۇن) ياكى شۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلمايدۇ، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇستۇر». بۇنىڭغا بىنائەن، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ئەرلەرنىڭ ئاياللار سېپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىنى جائىز دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئاياللارنىڭ ئەرلەر سېپىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا ھېچبىرىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. مەسىلەن: مەسجىدى ھەرەمدە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. بۇنى ئۆلىمالار دۇرۇس سانايدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي (631-876ھ/ 1255-1300م) دىمەشقنىڭ «نەۋا» دېگەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، فىقھى، ھەدىس ئىلىملىرىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، ئۆز زامانىسىدا پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئۇستازى سانىلاتتى. «رىيادۇسسالىھىن (ياخشىلارنىڭ باغچىسى)»، «قىرىق ھەدىسنىڭ شەرھى» ناملىق ئەسەرلىرى ئاۋام خەلق ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىدىن سانىلىدۇ.

# نامازغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

## نامازنى توختىتىش ياكى كېچىكتۈرۈشنى ۋاجىب ياكى جائىز قىلىدىغان ئىشلار

360. سوئال: نامازنى توختىتىش ياكى كەيىنگە سۈرۈشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: نامازنى توختىتىش ياكى كەيىنگە سۈرۈشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر مۇنۇلار:

(1) بىرەر زالىمنىڭ ياكى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش، سۇغا چۆكۈپ كېتىش، بوغۇلۇپ قېلىش، ئوت ئىچىدە قېلىش تۈپەيلى ھالاكەتلىك ئەھۋالدا قىلىپ ياردەم سورىغانلارغا ياردەم بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا نامازنى دەرھال توختىتىش ۋاجىبتۇر.

(2) ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەرسى جىددىي ياردەمگە ئېھتىياج بولۇپ چاقىرغان بولسا، پەرز نامازدا تۇرغان بولسىمۇ ئۇنى توختىتىش ۋاجىبتۇر.

ئەمما ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن چاقىرغان بولسا، پەرز نامازدىن باشقا نامازلارنى توختىتىشقا بولىدۇ.

(3) بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياكى بېشىغا بىرەر ھادىسە كېلىشىدىن قورققان ئاتا ـ ئانىنىڭمۇ نامازنى توختىتىشى ياكى كەيىنگە سۈرۈشى ۋاجىبتۇر.

(4) يىرتقۇچلارنىڭ ماللارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر ئەمانىنىڭ قۇدۇققا ياكى تامدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق تەخمىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نامازنى توختىتىشى ۋاجىبتۇر.

ئەمما ھالاكەت ئېھتىمالى كۈچلۈك بولمىسا، نامازنى توختىتىش ۋاجىب ئەمەس، بەلكى جائىز بولىدۇ، يەنى خالىسا توختىتىدۇ، خالىسا توختاتمايدۇ.

361. سوئال: نامازنى توختىتىش ياكى كەيىنگە سۈرۈشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: نامازنى توختىتىش ياكى كەيىنگە سۈرۈشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) مال ـ مۈلكىنىڭ ئوغۇرلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىنىڭ (گەرچە مال باشقىلارنىڭ بولسىمۇ) نامازنى توختىتىشى جائىزدۇر.

(2) ئوغرىدىن، قاراقچىدىن، كەلكۈندىن قورققان يولوچىنىڭ ناماز ۋاقتىنى

كەينىگە سۈرىشى جائىزدۇر.

(3) قازىنى قايناپ تېشىپ كېتىشىدىن ياكى تاماقنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئايال كىشىنىڭ نامازنى توختىتىشى جائىزدۇر.

(4) قېچىپ كېتىۋاتقان هايۋاننى تۇتۇۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن نامازنى توختىتىش جائىزدۇر.

(5) نامازدا تەرىتى قىستاپ قالغان كىشىنىڭ، يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتىدىن ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنى توختىتىشى جائىزدۇر.

(6) نەپلى نامازلارنى ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىدىن بىرەرسىنىڭ قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن چاقىرىشى بىلەن ئۇنى توختىتىشى جائىزدۇر.

(7) ئوغرى ياكى قاراقچىنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلغان مۇساپىرنىڭ نامىزىنى توختىتىشى جائىزدۇر.

## نامازدا ئىككىلىنىپ قېلىش

362. سوئال: نامازنى قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: نامازنى قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي، ئىككىلىنىپ قالغان كىشى ئەگەر بۇ ھالەت ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم ياكى قىسمەن يۈز بەرگەن بولسا، نامازنى قايتىدىن ئوقۇشى كېرەك. مۇبادا، بۇ ھالەت ئۇ كىشى ئۈچۈن كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ياكى ئۇ ھەمىشە شۇنداق ناماز رەكئەتلىرىدە خاتالىشىدىغان كىشى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا كۆڭلىدە قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىغا كۈچلۈك تەخمىن قىلالىسا شۇ رەكئەت ھېسابقا ئېلىنىدۇ ۋە نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىدۇ.

363. سوئال: قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى كۆڭلىدىمۇ تەخمىن قىلالمىسا نېمە قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى كۆڭلىدىمۇ بەلگىلىيەلمىسە، ئازنى ھېسابقا ئالىدۇ. مەسىلەن: تۆت رەكئەتلىك نامازدا، بىر رەكئەت ئوقۇدىمۇ ياكى ئىككى رەكئەت ئوقۇدىمۇ، بۇنى بىلەلمىسە، ئوقۇغىنىنى بىر رەكئەت دەپ ھېسابلاپ، يەنە ئۈچ رەكئەت ئوقۇشى لازىم. ئىككى رەكئەت ئوقۇدىمۇ ياكى ئۈچ رەكئەتمۇ بىلەلمىسە، ئوقۇغىنىنى ئىككى رەكئەت دەپ ھېسابلاپ، يەنە ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ ۋە نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىدۇ.

# سەجدە سەھۋى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

364. سوئال: سەجدە سەھۋى دېگەن نېمە؟
جاۋاب: سەجدە سەھۋى ـ نامازدا يۈز بەرگەن خاتالىقنى يۇيۇش ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان ئىككى سەجدىدۇر.

## سەجدە سەھۋى قىلىشنى ۋاجىب قىلىدىغان ئەھۋاللار

365. سوئال: قايسى ۋاقىتتا سەجدە سەھۋى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟
جاۋاب: تۆۋەندىكى ئىشلاردا سەجدە سەھۋى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ:
(1) نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرۈپ قويۇش. مەسىلەن: نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماستىن سەھۋەنلىكتىن يەنە بىر رەكئەت ئۈچۈن تۇرۇپ كەتكەنگە ئوخشاش. چۈنكى نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇش نامازنىڭ پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماي يەنە بىر رەكئەتكە تۇرۇپ كەتكەن كىشى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئولتۇرسا، پەرز بولغان بۇ ئولتۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر شۇ رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلسە، ئولتۇرماي شۇ رەكئەتكە يەنە بىر رەكئەتنى قوشۇپ ئوقۇپ نامازنى تاماملايدۇ. بۇ ئارتۇق ئىككى رەكئەت ناماز نەپلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە سەجدە سەھۋى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.
(2) نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرەرسىنى سەھۋەنلىكتىن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: نامازدا فاتىھە سۈرىسى ئوقۇشنى سەھۋەنلىكتىن تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش.
(3) نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرۈش. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرىدىن كېيىن ئوقۇغانغا ئوخشاش. ۋاجىپ فاتىھەنى باشقا سۈرىدىن ئاۋۋال ئوقۇش.
(4) ئىمامنىڭ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىدىغان يەردە مەخپىي، مەخپىي قىرائەت قىلىدىغان يەردە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشمۇ سەجدە سەھۋىنى كېرەك قىلىدۇ.

366. سوئال: نامازدىكى ھەر بىر خاتالىق ئۈچۈن سەجدە سەھۋى كېلەمدۇ؟
جاۋاب: بىر نامازدا بىر قانچە قېتىم سەجدە سەھۋىنى كېرەك قىلىدىغان خاتالىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى ئۈچۈن بىر قېتىملا سەجدە سەھۋى قىلىش يېتەرلىكتۇر.

**سەجدە سەھۋىنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى**

367. سوئال: سەجدە سەھۋى قانداق قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا«ئەتتەھىياتۇ» دۇئاسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىپ بولۇپ، ئادەتتىكىدەك ئىككى قېتىم سەجدە قىلىنىدۇ، ئاندىن ئولتۇرۇپ،«ئەتتەھىياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى، بارىك، رەببەنا»لارنى ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىدۇ.

**سەجدە سەھۋىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر**

368. سوئال: سەجدە سەھۋى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھاللار قايسىلار؟

جاۋاب: سەجدە سەھۋى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھاللار تۆۋەندىكىلەر:

(1) سەجدە سەھۋى قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىش. مەسىلەن: نامازدا سەجدە سەھۋىنى كېرەك قىلىدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشى نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلسە، ئۇنىڭدىن سەجدە سەھۋى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئوقۇغان نامىزى نوقسانسىز دۇرۇس بولىدۇ.

(2) بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سەجدە سەھۋىنى قىلىشتىن بۇرۇن قۇياشنىڭ چىقىپ قېلىشى.

(3) ئەسىر نامىزىنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سەجدە سەھۋى قىلىشتىن بۇرۇن كۈننىڭ قىزىرىشى. چۈنكى كۈن چىقىۋاتقان ۋە قىزارغان ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇلمايدۇ. شۇڭا سەجدىمۇ نامازنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولغاچقا بۇ ۋاقىتلاردا سەجدە سەھۋىمۇ قىلىنمايدۇ. نامازدىكى خاتالىقلارمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. قىلالمىغان سەجدە سەھۋىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.

(4) سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن نامازغا داۋام قىلىشقا توسقۇن بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى. مەسىلەن: تاھارەت سۇنغانغا ئوخشاش.

369. سوئال: نامازدا تاھارەت بۇزۇلسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: نامازدا تاھارەت بۇزۇلسا سۆزلەشمەستىن، يەپ ـ ئىچمەستىن ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تاھارەت ئېلىپ نامازنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن قالغان قىسمىنى تولۇقلىسا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەڭ ياخشىسى نامازنى قايتىدىن ئوقۇشتۇر.

**سۈتىر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر**

370. سوئال: سۈترە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۆترە ـ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرگە قارشى قويۇلغان توساق دېمەكتۇر.

371. سوئال: نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش گۇناھمۇ؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش نامازنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرگە كايىپ مۇنداق دېگەن: «ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كۆرە قىرىق (يىل) ساقلاپ تۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولاتتى»[1]. ئەمما مەسجىدى ھەرەم زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بۇ مەسىلىدىن مۇستەسنا.

372. سوئال: ئالدىغا سۆترە قويماي ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئالدىغا سۆترە قويماي ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ سەجدە قىلىدىغان يېرىدىن باشلاپ ئۈچ گەز مىقدارى (بىر يېرىم مېتىر) يىراقتىن ئۆتۈشكە بولىدىغانلىقىغا ئىسلام ئۆلىمالىرى پەتىۋا بەرگەن.

373. سوئال: سۆترە قانچىلىك بولىدۇ؟

جاۋاب: سۆترە ئەڭ كەم دېگەندە بىر گەز(47 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە بولۇشى لازىم. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئادەم ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان يەرلەردە، نامازنى دەرەخنىڭ ياكى مومىننىڭ ئارقىسىدا ئوقۇش ياكى ئالدىغا خادا ياكى تاياق تىكىلەش ۋە ياكى ئورۇندۇق قويۇش لازىم. ئەگەر يەر قاتتىق بولۇپ خادىنى ياكى تاياقنى قاداش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇش، تىكلىگىدەك خادا ياكى ھاسا تېپىلمىسا ئالدىغا بىر سىزىق سىزىپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن مەقسەت نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «سىلەر ئوچۇق جايلاردا ناماز ئوقۇغاندا بىرەر ئوقىا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئالدىڭلارغا (سۆترە قىلىپ) قويۇڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ھاكىم رىۋايىتى

## تىلاۋەت سەجدىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

374. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تىلاۋەت سەجدىسى - سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ياكى ئاڭلاش نىيىتى بىلەن بولمىسىمۇ ئىشتىپ قالغان سەۋەبتىن قىلىنىدىغان سەجدە دېيەلەتۇر. بۇ ھالالاردا تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىبتۇر.

### تىلاۋەت سەجدىسىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر

375. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: تىلاۋەت سەجدىسىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

(1) سەجدە ئايىتىنى ئوقۇش. (مەيلى نامازدا بولسۇن، مەيلى ناماز سىرتىدا بولسۇن، مەيلى ئۆزى پاك بولۇپ، ئوقۇغانلىرىنى ئۆزى ئاڭلىمىغان بولسۇن، ھەر ھالەتتە سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىگە تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ).

(2) سەجدە ئايىتىنى ئاڭلاش ياكى ئىختىيارسىز ئىشتىپ قېلىش. قانداقلا سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى ئىشتكەن كىشى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىبتۇر.

(3) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشى. گەرچە جامائەت ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى تولۇق ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئىمام سەجدە قىلغان ھامان جامائەتنىڭمۇ ئىمام بىلەن بىرلىكتە سەجدە قىلىشى ۋاجىبتۇر.

### تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى

376. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى قانداق قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: «الله اكبر» (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ، نامازدىكى سەجدىگە ئوخشاش باش يەرگە قويۇلىدۇ. ئەمما قوللار كۆتۈرۈلمەيدۇ. سەجدىدە ئادەتتە نامازنىڭ سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان «**سبحان ربي الأعلى** (سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا)» ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ. سەجدىدىن تۇرۇش ئۈچۈن يەنە تەكبىر ئېيتىلىدۇ.

377. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى قاچان؟

جاۋاب: سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان كىشى نامازدا بولسا دەرھال تەكبىر ئېيتقان ھالدا، بىر قېتىملا سەجدە قىلىدۇ، يەنە تەكبىر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، نامازنى كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر نامازنىڭ سىرتىدا بولسا ئۇنى دەرھال قىلىش

زۆرۈر ئەمەس. بەلكى ئالدىرىماستىن، تاھارىتى بولمىسا تاھارەت ئالغاندا قىلىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ سەجدىنى ئۇنتۇپ قالسا قازاسى كەلمەيدۇ.

### تىلاۋەت سەجدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

378. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى سالاھىيەتلىك قىلىدىغان شەرتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشىنىڭ ۋاجىب بولىشى ئۈچۈن سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنسان بولۇشى، ئويغاق ۋە ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا بولغان بىرى بولىشى شەرتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، شاتۇتىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان سەجدە ئايىتى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

379. سوئال: رادىئو ۋە تېلېۋىزورلاردىن سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان ئادەمگە سەجدە قىلىش ۋاجىب بولامدۇ؟

جاۋاب: سەجدە ئايىتىنى رادىئو ياكى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغان كىشى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىب ئەمەس.

380. سوئال: تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن تاھارەت ۋە قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ۋاقتىدا قىلىش شەرتمۇ؟

جاۋاب: تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ۋە قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ئەلۋەتتە شەرت قىلىنىدۇ. تىلاۋەت سەجدىسى بار ئايەتنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغاندا، تاھارەت بولسا سەجدىنى ۋاقتىدا قىلغان ياخشى. ئەگەر تاھارەت بولمىسا، كېيىن تاھارەت ئالغاندا قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

381. سوئال: سەجدە ئايىتىنىڭ تەكرارلىنىشى كۆپ قېتىم سەجدە قىلىشنى لازىم قىلامدۇ؟

جاۋاب: سەجدە ئايىتىدىن بىرىنى بىر ئورۇندا تۇرۇپ كۆپ قېتىم تەكرار ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن بىر قېتىملا سەجدە قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر شۇ سەجدە ئايىتىنى بىرقانچە ئورۇندا ئوقۇغان كىشىگە قانچە قېتىم ئوقۇغان بولسا شۇنچە قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىبتۇر.

382. سوئال: سەجدە ئايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ 14 سۈرىسىدە سەجدە ئايىتى بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئەئراف سۈرىسى 206 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
(4) ئىسرا سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

(5) مەريەم سۈرىسى 58 - ئايەت.
(6) ھەج سۈرىسى 18 - ئايەت.
(7) فۇرقان سۈرىسى 60 - ئايەت.
(8) نەمل سۈرىسى 24 - ئايەت.
(9) سەجدە سۈرىسى 16 - ئايەت.
(10) ساد سۈرىسى 24 - ئايەت.
(11) فۇسسىلەت سۈرىسى 37 - ئايەت.
(12) نەجم سۈرىسى 62 - ئايەت.
(13) ئىنشىقاق سۈرىسى 13 - ئايەت.
(14) ئەلەق سۈرىسى 19 - ئايەت.

## قازا نامازلارغا ئائىت مەسىلىلەر

383. سوئال: قازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قازا ـ بەلگىلەنگەن ۋاقتى چىقىپ كەتكەن ئىبادەتلەرنى كېيىن ئورۇنداش دېمەكتۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر. ئۆزۈرسىز تۇرۇپ نامازلارنى ۋاقتىدىن كەينىگە سۈرۈش گۇناھتۇر.

384. سوئال: نامازلارنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئۆزۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇيقۇ ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى ئويغانغان ياكى ئېسىگە ئالغان هامان ئوقۇسا قازا قىلغانلىقىنىڭ (كېچىكتۈرگەنلىكىنىڭ) گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيقۇ ۋە ئۇنتۇش ئۆزۈرلىرى شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنغان ئۆزۈرلەردۇر. ئەمما نامازنى قەستەن (يەنى، هورۇنلۇق، دۇنيا ھەلەكچىلىكى، ناماز ۋاقتىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك سەۋەبىدىن) قازا قىلىپ ئوقۇغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. بىراق ئوقۇغان نامىزى ئادا تاپقان بولىدۇ.

385. سوئال: نامازنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئۆزۈرلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئائىلىق ئادىتىنى كۆرىۋاتقان (ھەيزدار) ۋە تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولالمىغان (نىفاسدار) ئاياللاردىن ناماز كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. كېيىن قازاسىنىمۇ ئوقۇمايدۇ. شۇنداقلا، ئەمدىلا مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۇچۇنمۇ بۇرۇن كاپىرلىق ھالىتىدە ئوقۇمىغان نامازلارنىڭ قازاسى يۈكلەنمەيدۇ.

386. سوئال: قازا نامازلار قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: قازا نامازلار مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، مەيلى مۇقىم (ئۆز يۇرتىدا) بولسۇن، قازاغا قالدۇرۇلغان ۋاقتىتىكى ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: سەپەر ئۈستىدە ئوقۇماي قازا قىلغان نامازلارنى مۇقىم ھالىتىدە ئوقۇماقچى بولغان كىشى بۇ نامازلارنى سەپەردىكى ئۇسۇلى بويىچە قەسىر قىلىپ(قىسقارتىپ)، تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر مۇقىم ھالىتىدە قازا قىلغان نامازلارنى سەپەردە ئوقۇماقچى بولغاندا تۆت رەكئەت قىلىپ تولۇق ئوقۇيدۇ.

### قازا نامازلارنى ئوقۇش تەرتىپى

387. سوئال: قازا نامازلارنى ئوقۇشنىڭ تەرتىپى نېمە؟

جاۋاب: قازا نامازلارنى ئوقۇشتا، قازانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ناماز ئارىسىدىكى تەرتىپكە

رىئايە قىلىنىدۇ. يەنى، ئاۋۋال ئۈستىمىزدىكى قازا نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىراۋ بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قازاسىنى پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇماقچى بولسا، ئاۋۋال بامداتنىڭ قازاسىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن، پېشىن نامىزىنى ئوقۇشى كېرەك (يەنى ۋاجىبتۇر).

388. سوئال: قازا نامازلارنى ئوقۇش تەرتىپى قايسى ھاللاردا ئەمەلدىن قالىدۇ؟

جاۋاب: تەرتىپ تۆۋەندىكى ئۈچ ھالدا ئەمەلدىن قالىدۇ:

(1) قازا قىلىنغان نامازلارنىڭ سانى (ۋىتىردىن باشقا) ئالتە ۋاخقا يېتىپ قالغان بولسا، يەنى بىر كۈنلۈك بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسى يەنە ئەتىنىڭ بىر ۋاخ نامىزى بولۇپ، جەمى ئالتە ۋاخ ناماز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ناماز قازا بولغان بولسا، تەرتىپ ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇ نامازلارنى قاچان خالىسا شۇ ۋاقىتتا ئوقۇپ ئادا قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

(2) ۋاقىتنىڭ تارلىقى يەنى شۇ ۋاقىتتىكى نامازنىڭ ۋاقتى قازا نامازلار بىلەن شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا تار كەلسە، قازا نامازنى ئوقۇماستىن، ئاۋۋال شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. قازا نامىزنى خالىسا، شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنىدىن كېيىن ياكى باشقا بىر ۋاقىتتا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولۇپ قېلىپ پېشىندىن ئاۋۋال قازا نامازلارنى ئوقۇپ ئاندىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا ۋاقىت يېتىشمىگەنلىكتىن، نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ ئوقۇماقچى بولغان پېشىن نامىزىنىمۇ قازا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تەرتىپكە رىئايە قىلماستىن، ئاۋۋال پېشىن ئاندىن قازا نامازلىرى ئوقۇلىدۇ.

(3) ئۇنتۇش يەنى شۇ ۋاقىتتىكى نامازنى ئوقۇيدىغان چاغدا ئۈستىمىزدە قازا ناماز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، ئاۋۋال قازانى ئادا قىلماستىن شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان بولساق ناماز دۇرۇستتۇر. تەرتىپ ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ.

## قازاسى ئوقۇلىدىغان نامازلار

389. سوئال: قايسى نامازلارنىڭ قازاسى ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىرى، ۋىتىر نامىزى ۋە بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسى (ئەگەر پەرزى بىلەن بىرگە قازا بولغان بولسا ۋە پېشىن ۋاقتىغىچە ئوقۇماقچى بولسا) ئوقۇلىدۇ. ئەمما، جۈمە، ھېيت، جىنازا نامازلىرى ۋە بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ قازاسى ئوقۇلمايدۇ. قازا بولغان نامازلارنى ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلاردىن باشقا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ قايسىبىر ۋاقىتلىرىدا ئوقۇشقا بولىدۇ.

390. سوئال: ناماز ئوقۇيالماي ئۆلگەن كىشىنىڭ قايسى ھاللەتتىكى نامازلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: كېسەل كىشى ياتقان يېرىدە بېشى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ بولسىمۇ ناماز ئوقۇشتىن ئاجىز قالغانلىق تۈپەيلى ناماز ئوقۇيالماستىن ۋاپات بولغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىغان شۇ ھالەتتىكى نامازلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇساپىر ياكى كېسەل كىشى رامىزاندا روزا تۇتمىغان بولۇپ، مۇساپىر يۇرتىغا قايتىشتىن، كېسەل ساقىيىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن روزا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى سەۋەبتىن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى روزا تۇتالماستىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى تۇتىۋەتسە ياكى ئۇنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن نورمال دەرىجىدىكى بىر ۋاخ تائام مىقدارىدا يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىۋەتسە بولىدۇ.

## نامازنىڭ كاپارىتى يوق

391. سوئال: ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟

جاۋاب: بىراۋ ھايات ۋاقتىدا قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۆزى ئوقۇمىغان نامازلارغا كاپارەت (فىدىيە)بېرىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئوقۇپ قويۇشى بىلەنمۇ ئادا تاپمايدۇ. ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبلىرىنىڭ كېيىنكى ئۆلىمالىرىدىن، خۇسۇسەن ماۋارائۇننەھر ئۆلىمالىرىدىن بەزىلەر نامازنى روزىغا قىياس قىلىپ، تۇتالمىغان روزا ئۈچۈنمۇ كاپارەت بېرىش دۇرۇس بولغان ئىكەن، ئوقۇيالمىغان نامازلار ئۈچۈنمۇ كاپارەت (فىدىيە) بەرسە بولىدۇ، دەپ چىقارغان پەتىۋا بولۇپ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى روزىغا كاپارەت بېرىش مەسىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ھۆكۈم، ئەمما نامازنىڭ كاپارىتى ھەققىدە قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىستە دەلىل يوق.

## نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

392. سوئال: نامازلارنى جەمئى قىلىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى نامازنى ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقتىدا بىرلەشتۈرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇش «جەمئى تەقدىم»، ئىككى نامازنى كېيىنكىسىنىڭ ۋاقتىدا بىرلەشتۈرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇش «جەمئى تەخىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

393. سوئال: قايسى ۋاقىتلاردا نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى شارائىتلاردا نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ:

(1)هاجىلارنىڭ «ئەرەفات» تا ئەسىر بىلەن پېشىن نامازلىرىنى پېشىن ۋاقتىدا، «مۇزدەلىفە»دە شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى خۇپتەن ۋاقتىدا جەمئى قىلىپ ئوقۇشى جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈننەتتۇر.

(2) يولۇچىلار نامازلارنىڭ قازا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە بىرىنچى نامازنىڭ ۋاقتىنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ، ئاۋۋال بىرىنچىسىنى ئاندىن ئىككىنچىسىنى بىر ۋاقىتتا جەمئى تەقدىم قىلىپ ياكى ئىككىنچى نامازنىڭ ۋاقتىدا ئىككى نامازنى جەمئى تەخىر قىلىپ ئوقۇسا بولىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققىنىدا نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغان. تەبۇك غازىتى بولغان كۈنىدە، پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغان»[(1)].

(3) كېسەل سەۋەبى بىلەن نامازلارنى جەمئى قىلمىسا مۇشەققەت تارتىپ قېلىشى ئېنىق بولغان كىشىلەر ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ.«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى خەۋپسىز ۋە يامغۇرسىز ۋاقىتلاردىمۇ جەمئى قىلىپ ئوقۇغان»[(2)].

(4) ئۆزرۈلۈك (ھەمىشە قېنى ئېقىپ تۇرىدىغان) ئاياللار ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ. «سۇھەيل قىزى سەھلە بىلەن جەھش قىزى زەينەب ئىككىسىنىڭ ئۆزرۈلۈك ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پېشىنىنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە، ئەسىرنىڭ ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا، بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇشقا ئەمر قىلغان»[(3)].

---

(1) سەھىھ مۇسلىم 5 ـ توم 176 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم 5 ـ توم 178 ـ بەت.

(3) نەۋەۋىينىڭ «سەھىھ مۇسلىم شەرھى»5 ـ توم 214 ـ بەت.

(5) بالا ئېمىتىدىغان ئايال ئۇچۇن بوۋىقىنىڭ تەرەتلىرىدىن كىيىمنى ھەمىشە يۇيۇپ بولۇش قىيىن بولغانلىقتىن، ـ ئالدىنقى نامازنىڭ ۋاقتىنى ئاخىرقى ۋاقتىغىچىلىك كېچىكتۈرۈپ، ئىككىنچى نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ـ ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشنى ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى دۇرۇس سانايدۇ[1].

(6) سۈيدۈكى توختىمايدىغان ئۆزۈرلۈك كىشى ھەر نامازغا ئايرىم تاھارەت ئېلىشقا ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇشى جائىز سانالغان. مۇندىن باشقا قاتتىق سوغۇق ياكى قاتتىق يامغۇرلۇق كۈنلەردە نامازلارنى جەمئى قىلىش جائىز كۆرۈلگەن. بىراق بۇنىڭ شەرتى: ئەگەر جەمئى قىلمىسا مۇشەققەت تارتىپ قالسا ياكى تەن ساقلىقىغا زىيان يېتىدىغان شارائىتتا بولسا جەمئى قىلىشقا بولىدۇ.

(1) مركز الفتوى باشراف الدكتور عبد الله فقيه islamway.com

## قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەسىلىسى

394. سوئال: قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە بولغاندا نامازنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟

جاۋاب: پاراخوت، كېمە، ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوموبىل قاتارلىق قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدە سەپەر قىلغاندا، ئۆزۈرسىز تۇرۇپمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش جائىزدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

(1) پاراخوتتا يۈرگەندە، نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئادەتتىكىدەك ئوقۇش كېرەك. چۈنكى پاراخوتتا باش قېيىش ياكى يىقىلىپ كېتىش خەۋپى بولمايدۇ. چۈنكى پاراخۇت ئۆيگە ئوخشاشتۇر.

(2) كېمىدە يۈرگەندە كېمە كىچىك بولۇپ، ئۆرە تۇرسا بېشى قېيىش ياكى يىقىلىش ئېھتىمالى بولسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىزدۇر. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ھەر قانداق نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

(3) ئايروپىلاندا يۈرگەندە، ئورۇندۇقتىن چىقىپ بوش جايلاردا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا (بوش ئورۇن تېپىلمىغانلىقتىن) ئىمكانىيەت بولمىغان ياكى ئۆرە تۇرسا بېشى قايىدىغان شارائىتلاردا، ئولتۇرۇپ ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش جائىزدۇر.

(4) ماشىنىدا يۈرگەندە، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ھەقىقەتەن ئىمكانسىز بولغانلىقتىن، ئەگەر نامازنى كېچىكتۈرسە ئۇنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان شارائىتلاردا، ئولتۇرۇپ، ئىما- ئىشارەت بىلەن ماشىنىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ناماز ئوقۇش جائىزدۇر.

(5) پەرز، ۋاجىپ، تەكىتلىك سۈننەت بولغان نامازلاردىن باشقا نەپلىگە ئوخشاش نامازلارنى ئۆزۈرسىز ھالدىمۇ، قايسىبىر ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ئوقۇش جائىزدۇر. بىراق ساۋاب جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ.

# نامازنىڭ تۈرلىرى

395. سوئال: ئىسلامدا قانچە تۈرلۈك ناماز بار؟
جاۋاب: ئىسلامدىكى نامازلار تۆۋەندىكىچە:
- جامائەت نامىزى (بەش ۋاخ نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلىشىنى دېمەكچى)
- جۈمە نامىزى
- يولۇچى نامىزى
- ھېيت نامازلىرى
- تەراۋىھ نامىزى
- كېسەل نامىزى
- سۇ تىلەش نامىزى
- كۇسۇف نامىزى
- خەۋپ نامىزى
- تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى
- چاشگاھ نامىزى
- تەھەججۇد نامىزى
- تاۋاپ نامىزى
- تەۋبە نامىزى
- ئىستىخارە نامىزى
- ھاجەت نامىزى
- ئەۋۋابىين نامىزى
- جىنازا نامىزى

# جامائەت نامىزى

396. سوئال: جامائەت نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: جامائەت نامىزى ـ پەرز، ۋاجىب ۋە تەراۋىھ نامازلىرىنى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

397. سوئال: جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن تەكىتلىك سۈننەتتۇر. جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان.

398. سوئال: ئاياللارنىڭمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشى جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولىمۇ ياخشىدۇر. ئۇلارمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ئەرلەرنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ تۇنجى مۇئەللىملىرى بولغان ئانىلار مەسجىدلەردە ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، بالىلىرىنى ئىسلامىي ئاڭدا ياخشى تەربىيىلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## مەسجىدكە بېرىشنىڭ ئەدەبلىرى

399. سوئال: مەسجىدكە بېرىشنىڭ ئەدەپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كېلىشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە «ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن»[1] دەپ دۇئا قىلىش بىلەن كىرىش.

(2) مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇتى بىلەن چىقىش.

(3) مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئولتۇرماستىن ئىككى رەكئەت (تەھىييەتۇل مەسجىد) نامىزى ئوقۇش. (قايسىبىر مەقسەت بىلەن كىرگەن كىشىمۇ ئوقۇيدۇ).

(4) ساۋابىنىڭ كۆپرەك بولىشى ئۈچۈن مەسجىدكە سالماق قەدەم بىلەن بېرىش. چۈنكى مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن ئالغان ھەر بىر قەدەمگە ئايرىم ساۋاب يېزىلىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(5) جامائەت بىلەن ناماز باشلانغىچلىك قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇش.

(6) ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلاش.

(7) نامازدا تۇرغاندا سەپنى تۈزەش، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش. نامازدا سەپنى تۈزەش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

(8) نامازغا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش. ئىسلام دىنى گۈزەللىك ۋە پاكىزىلىق دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرنى ھەمىشە مەدەنىيەتلىك ۋە پاكىز بولۇشقا چاقىرىدۇ. خۇسۇسەن، مەسجىدكە بارغاندا كىيىملەرنى تۈزەپ، ئالاھىدە گۈزەل يارىشىملىق ھالدا بېرىش ساۋابتۇر.

(9) مەسجىدتىن چىقىشتا «ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»[1] دەپ دۇئا قىلىش بىلەن چىقىش.

## ئىماملىق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

400. سوئال: ئىمام دېگەن كىم؟

جاۋاب: ئىمام ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارغا نامازنى باشلاپ ئوقۇپ بېرىدىغان كىشى دېمەكتۇر.

401. سوئال: ئىماملىقنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىماملىقنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمام بولغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى.

(2) بالىغ (12 ياشتىن يۇقىرى) بولىشى.

(3) ئاقىل (ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا) بولىشى.

(4) ئەر بولىشى.

(5) قۇرئان سۈرىلىرىنى يادا ۋە توغرا ئوقۇشنى بىلىدىغان بولىشى.

(6) ئۆزرىلىك (كۆپ بۇرنى قانايدىغان ياكى سۈيدۈكنى تۇتالمايدىغان) بولماسلىقى شەرتتۇر.

402. سوئال: ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئىمام بولىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئىمام بولىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن كۈنىمىزگە قەدەر بىردەك چەكلىنىپ كەلگەن ئىش

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بولـۇپ، هــازىرقى زامانىــڭ كاتتــا ئۆلىمالىرىــدىن دوكتــور يۇســۇپ ئەل قــارداۋىي ئاياللارنــڭ ئەرلەرگە ئىمـام بولالماسـلىقىنىڭ ئىسـلام ئۆلىمالىرىنىــڭ ئىجمـا (بــردەك ئىتتىپاققا كېلىشى) بىلەن كەسكىنلەشكەن مەسىلە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

403. سوئال: ئاياللار مەخسۇس ئاياللار جامائىتىگە ئىمام بولسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ مەخسۇس ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان ئايـال جامـائىتىگە ئىمـام بولىشــى دۇرۇســتۇر. ھەتتــا ئاياللارنــڭ جامـائەت بولـۇپ نامـاز ئوقۇشــى مۇســتەھەب (ساۋابلىق ئىـش) تـىن سـانىلىدۇ. ئاياللارغـا ئىمـام بولـۇپ نامـاز ئوقۇغـان ئايـال ئىمـام سـەپنىڭ ئالـدىغا چىقماسـتىن، بىرىنچـى سـەپنىكى ئاياللارنــڭ ئوتتۇرىســدا تۇرىــدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىـدىن ئائىشـە ۋە ئۇممـۇ سـەلەمە، شـۇنداقلا بەزى ساھابى ئاياللارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن.

404. سوئال: ئىمامىلىققا ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىلەر كىملەر؟

جـاۋاب: جامائەتنىــڭ ھەممىســى يـاكى كـۆپ قىسـمى ئىمامىلىقنىــڭ شـەرتلىرىگە توشقان بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيىدە بولـۇپ قالغانـدا، ئالـدى بىـلەن دىنىـي مەســىلىلەرنى، خۇسۇســەن نامـاز ئەھكـاملىرىنى باشـقىلاردىن ياخشــى بىلىــدىغىنى، ئۇنىڭــدىن قالســا قۇرئانــدىن كــۆپرەك يـادا بىلىــدىغان ۋە ئەڭ چىرايلىــق ھەم تــوغرا قىــرائەت قىلالايــدىغىنى، ئۇنىڭــدىن قالسا ئەڭ تەقـۋادار بـولغىنى، ئانــدىن ئەخلاقــى گۈزەل بولغىنى، ئاندىن يېشى چوڭراق بولغىنى، ئىمامىلىققا تاللىنىدۇ.

405. سوئال: مەسجىدنىڭ ئىمامىلىقىغا ھەقلىق كىشى كىم؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر مەسجىدنىڭ ئىمامى شۇ مەسجىدتە ئىمامىلىققا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر. پەقەت دۆلەت مۇپتىسى ياكى شەھەرنىڭ چوڭ قازىسى بار يەردە، بـۇلاردىن باشـقىلار ئىمـام بولالمايـدۇ. مـۇپتى يـاكى قازىـدىن باشـقا قايسـىبىر مۇسـۇلمان دىنىـي ئەمەلــدار يــاكى ئۆلىمــا مەســجىدنىڭ رەســمىي ئىمامىنىــڭ ئالــدىغا ئۆتــۈپ نامــاز ئوقۇيالمايدۇ. پەقەت رەسمىي ئىمام رۇخسەت بەرگەندىلا ئوقۇيالايدۇ. چـۈنكى رەسـمىي ئىمام ئۆز مەسجىدىدە ئىمامىلىققا ئۇلاردىن ھەقلىق، ئەلۋەتتە.

406. سوئال: پىكىر ئېقىمى باشقىچە بولغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىش دۇرۇسمۇ؟

جـاۋاب: ئىسـلام ئۇممىتىــدىن بولغـان ھەر خىـل مەزھەپ، ھەرخىـل جامـائەت ۋە ھەرخىـل تـائىپە كىشـىلىرىنى ئۇلارنــڭ ئىسـلام شـەرئىتى رەت قىلىـدىغان بىـدئەت (دىنىدىن سـانالمايدىغان ئىشلار) نـى سـادىر قىلغـانلىقى يـاكى كۇپرىلىـق دائىرىسـىگە كىرمەيدىغان دەرىجىدىكى پىكىر ئېقىمى سەۋەبلىك چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.[1]

(1) ئىسلام فىقھى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى 2 ـ توم 187 ـ بەت

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆزى پاسىق ياكى بىدئەت ئىش قىلىدىغان بولسىمۇ، خۇسۇسەن جامائەت قوللىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. بۇ ئىماملىقتا ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك بىر كىشى چىقمىغاندا شۇنداق بولىدۇ.

### ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ شەرتلىرى

407. سوئال: ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ (ئىقتىدا قىلىشنىڭ) شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىش. ئىمامغا ئىقتىدا قىلماقچى بولغان كىشى نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن ھەم ئۆز نامىزىغا ھەم ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا نىيەت قىلىشى لازىم. مەسىلەن: «شۇ ۋاقىتنىڭ پەرزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىمامغا ئىقتىدا قىلدىم» دېگەننى كۆڭلىگە پۈككەنگە ئوخشاش.

(2) ئىمام بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئاياللار سېپى بولماسلىقى.

(3) جامائەت ئىمامنىڭ ئارقىسىدا بولىشى، ئارىلىقتا بوشلۇق قالدۇرۇلىشى كېرەك.

(4) ئىمام بىلەن جامائەت ئەينى نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇشى.

(5) جامائەت ئىمامنى كۆرەلىشى ياكى ھېچبولمىغاندا ئاۋازىنى ئاڭلىيالىشى.

(6) ئىمام بىر بىنادا، جامائەت باشقا بىر بىنادا بولماسلىقى لازىم.

(7) ئىمام بىلەن جامائەتنىڭ ئارىسىدا قېيىق ئۆتەلىگىدەك ئۆستەڭ ياكى ھارۋا ماڭالىغىدەك يول بولماسلىقى.

(8) جامائەت بىر كىشىدىن كۆپ بولغاندا، ئىمامنىڭ جامائەتتىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مېتىر ئالدىدا تۇرۇشى، ئەگەر ئىمامدىن باشقا جامائەت بىرلا كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئوشۇقى ئىمامنىڭ ئوشۇقىدىن ئارقىدا تۇرۇشى شەرتتۇر.

408. سوئال: ئىقتىدا قىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەرنىڭ ئايالغا ياكى كىچىك بالىغا، ئۆزۈرسىز كىشىنىڭ ئۆزۈرلۈك كىشىگە، ئالىم ياكى قارىينىڭ ناماز ئەھكاملىرىنى بىلمەيدىغان بىرىگە ئىقتىدا قىلىشى جائىز ئەمەس.

### جامائەت سېپى ۋە جامائەتكە ئۈلگۈرۈش مەسىلىسى

409. سوئال: جامائەت سېپىنىڭ تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىمامدىن كېيىن ئاۋۋالقى سەپتە ئەرلەر، ئاندىن كېيىنكى سەپتە باللار، ئاندىن خۇنسالار(ئىككى جىنسلىقلار)، ئەڭ ئاخىرىدا ئاياللار سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى جائىز ئەمەس.

410. سوئال: ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جـاۋاب: جامـائەت بىـلەن نامـاز ئوقۇغانـدا ئالـدىنقى سـەپتە تۇرۇشـقا تىرىشـىش مۇستەھەب ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ.

411. سوئال: سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرغان كىشىنىڭ نامىزى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغـان كىشـىنىڭ نـامىزىنى مەكرۇھلـۇق بىـلەن ئـادا تاپىـدۇ. ئىمكـان قەدەر يـالغۇز تۇرماسـتىن ئالـدىغا ئۆتىۋېلىشـى لازىـم. ئالدىـدىن ئـورۇن بولمىغانـدا بىرىنـى يېنىغـا تارتىـپ كېلىـپ بىـرگە تۇرسىمۇ بولىدۇ[1].

412. سوئال: جامائەت بولۇشنىڭ ئەڭ ئاز سانى قانچە؟

جاۋاب: جامائەتنىڭ ئەڭ ئاز سانى ئىككى بولـۇپ، بىـرى ئىمـام يەنە بىـرى ئىمامغـا ئىقتىدا قىلغان كىشىدۇر. يەنى باشقا كۆپ جامائەت بولمىغان يەردە، ئىككى ئادەمنىـڭ بىرى يەنە بىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا، ئـۇلار جامـائەت بىـلەن نامـاز ئوقۇغاننىـڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

413. سوئال: ئۆز ئالدىغا پەرز نامـاز ئوقۇۋاتقـان بىـر كىشـى بـار جايـدا، شـۇ پەرز نامـازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش باشلانسا، ئۇ كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۆزى يالغۇز نامازغا باشلاپ تېخى سەجدە قىلمىغان بولسا، نامازنى بـۇزۇپ، ھامان جامائەتكە قوشۇلىدۇ. ئەگەر بىر قېتىم سەجدە قىلىنغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا قاراش كېرەك، ئوقۇۋاتقـان نـامىزى بامـدات يـاكى شـام نـامىزى بولسـا نـامىزىنى بۇزىـدۇ ــ دە، ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر بۇ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتى ئۈچـۈن سـەجدىگە بـاش قويغان بولسا، نامـاز توختىتىلمايـدۇ، تاماملىنىـدۇ. چـۈنكى بامـدات نامىزىـدىن كېيىـن نەپلە ناماز ئوقۇشـقا بولمىغىنىـدەك، ئـۈچ رەكئەتلىـك نامـاز نەپلە قىلىـپ ئوقۇلمايـدۇ. ئەگەر ئوقۇۋاتقان ناماز پېشىن يـاكى ئەسـىر نامىزىغـا ئوخشـاش تـۆت رەكئەتلىـك پەرز نامـاز بولسـا، ئوقۇلغـان بىـر رەكـئەتكە يەنە بىـر رەكـئەت قوشـۇپ ئىككـى رەكئەتنـى تاماملاپ«تەھىييـات»نـىلا ئوقـۇپ سـالام بېرىـدۇ ۋە ھامـان ئىمامغـا ئەگىشـىدۇ. ئـۆزى يالغۇز ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزى نەپلە ناماز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

414. سوئال: بامدات نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشـى قانـداق قىلىدۇ؟

(1) بۇ ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبلىرىنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ھەنبەلىي مەزھەبىگە كۆرە، سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. مالىكىي مەزھەبىگە كۆرە، مۇنداق كىشىنىڭ نامىزى دۇرۇس. بىراق يېنىغا بىرىنى تارتىپ ئەكەلمەيدۇ.

جاۋاب: جامائەتكە ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە دەرھال بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇيدۇ. سۈننەتنى ئوقۇشتا خالىسا ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن«سانا»، «ئەئۇزۇ بىللا» ۋە «بىسمىللاھ»لارنى ئوقۇمايلا يالغۇز فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەردە ئوقۇلىدىغان تەسبىھلەر(سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم ۋە سۇبھانە رەببىيەل ئەلا)نى بىر قېتىمدىنلا ئېيتىدۇ. سالامدىن كېيىنلا دەرھال ئىمامغا ماسلىشىدۇ.

ئەگەر جامائەتكە ئۈلگۈرىدىغانلىقىغا زادى كۆزى يەتمىسە سۈننەتنى باشلىماستىنلا ئىمامغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى سۈننەت ئوقۇشتىن چوڭ. ئوقۇيالمىغان بۇ سۈننەتنىڭ قازاسىنى كېيىن كۈن چىقىپ بولغاندا ئوقۇۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇيالمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

415. سوئال: قانداق كىشى جامائەتكە يېتىشكەن بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىمام بىرىنچى سالامنى بېرىشتىن بۇرۇن جامائەتكە يېتىشىپ نامازغا قۇشۇلغان كىشى-گەرچە باشتىن ئىمام بىلەن بىرگە بولالمىغان بولسىمۇ- جامائەتكە ئۈلگۈرگەن ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

416. سوئال: قانداق كىشى رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن نامازغا باشلاپ رۇكۇغا ئۈلگۈرەلىگەن ئادەم شۇ رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ. بۇ كىشىدىن شۇ رەكئەتنىڭ قىرائىتى ساقىت بولىدۇ.

## جامائەت بىلەن ئىمامنىڭ ئىشلىرى

417. سوئال: قايسى ئىشلارنى ئىمام قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىلەرنى ئىمام قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ:

(1) تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە ئىمام قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ رۇكۇ قىلسا، جامائەتمۇ ئوقۇماستىن رۇكۇ قىلىدۇ.

(2) ئىمام سەجدە سەھۋى قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ.

(3) ئىمام تىلاۋەت سەجدىسى قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ.

(4) ئىمام ھېيت نامازلىرىنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتمىسا جامائەتمۇ ئېيتمايدۇ.

(5) ئىمام تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرمىسا، جامائەتمۇ ئولتۇرمايدۇ.

418. سوئال: قايسى ئىشلارنى ئىمام قىلسا جامائەت قىلمايدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىلەرنى ئىمام قىلسا جامائەت قىلمايدۇ:

(1) ئىمام جىنازا نامازلىرىدا تۆتتىن ئارتۇق تەكبىر ئېيتسا جامائەت ئېيتمايدۇ.

(2) ئىمام ھېيت نامازلىرىنىڭ قىيامىدا تۇرۇشىدا، بىر رەكئەتتە ئۈچتىن ئارتۇق تەكبىر ئېيتسا جامائەت ئېيتمايدۇ.

(3) ئىمام خاتالاشقانلىقتىن نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە ئولتۇرماستىن يەنە بىر رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە جامائەت تۇرمايدۇ. بەلكى ئىمامنى كۈتىدۇ. ئەگەر ئىمام جامائەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بىلىپ ئولتۇرسا بۇ ناماز دۇرۇستۇر. ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر ئىمام شۇ تۇرغىنىچە قايتماستىن، بۇ ئارتۇق رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغان بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەستىن ئۆز ئالدىغا سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئىمام خاتالاشقاندا جامائەتمۇ ئىمام بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئارتۇق رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىمام بىلەن جامائەت ھەممىسىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. نامازنى قايتا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(4) ئىمام ئىككىدىن ئارتۇق سەجدە قىلسا جامائەت قىلمايدۇ.

419. سوئال: قايسى ئىشلارنى ئىمام قىلمىسىمۇ جامائەت قىلىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىلەرنى ئىمام قىلمىسىمۇ جامائەت قىلىدۇ:

(1) نامازغا باشلاش تەكبىرلىرىدە قوللارنى كۆتۈرۈش.

(2) «سانا» ئوقۇش.

(3) رۇكۇغا ئېگىلىشتە تەكبىر ئېيتىش.

(4) سەجدىلەرگە بارغاندا ۋە ئۇنىڭدىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىش.

(5) رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە تەسبىھ ئېيتىش.

(6) ئىمام (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە) دېمىسىمۇ، جامائەت (رەببەنا ۋە لەكەلھەمدۇ) دېيىش.

(7) «ئەتتەھىياتۇ» دۇئاسىنى باشقا دۇرۇد ۋە دۇئالار بىلەن تولۇق ئوقۇش.

(8) نامازدىن كېيىن سالام بېرىش.

(9) قۇربان ھېيتنىڭ تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.

# جۇمە نامىزى

## جۇمە نامىزى ۋە ئۇنى ئادا قىلىش قائىدىلىرى

420. سوئال: جۇمە نامىزى قانداق ناماز؟

جاۋاب: جۇمە نامىزى ـ ھەپتىنىڭ جۇمە كۈنىدە پېشىن ۋاقتىدا جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان ناماز بولۇپ، كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ ئوقۇلىدىغان ناماز بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن«جۇمە» ئەسلىسى «جۇمۇئە» يەنى (توپلىنىش، جەم بولۇش) دەپ ئاتالغان.

421. سوئال: جۇمە نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: جۇمە نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇش پەرز ئەيىندۇر. ئۇنى كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن ئادا قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

422. سوئال: جۇمە نامىزى پەرز بولىدىغان كىشىلەر كىملەر؟

جاۋاب: جۇمە نامىزى تۆۋەندىكى 7 شەرت ھازىر بولغان كىشىگە پەرزدۇر:

(1) ئەر بولۇش. ئاياللارغا جۇمە نامىزى پەرز ئەمەس. ئەمما ئوقۇسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇلاردىن شۇ كۈنىنىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ.

(2) ھۆر بولۇش. ئەسىر ياكى سولاقتا بولغانلارغا جۇمە پەرز ئەمەس.

(3) سەپەر ئۈستىدە بولماسلىق. يولۇچىلارغا جۇمە پەرز ئەمەس.

(4) ئەما (كور) بولماسلىق. كورلارغا جۇمە پەرز ئەمەس.

(5) مېيىپ بولماسلىق. جىسمانىي مېيىپ كىشىلەرگە جۇمە پەرز ئەمەس.

(6) كېسەل بولماسلىق. ماڭالمايدىغان ئېغىر بىمارلارغا جۇمە پەرز ئەمەس.

(7) كۆڭۈلدە دۈشمەن ۋەھىمىسى بولماسلىق. جۇمەگە بارسا ھاياتى تەھدىتكە ئۇچراش ئېھتىمالى بار كىشىلەرگە جۇمە پەرز ئەمەس.

جۇمە نامىزى ئوقۇغان كىشىلەردىن شۇكۈنىنىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ.

423. سوئال: جۇمە نامىزىنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: جۇمە نامىزىنىڭ پەرزى ئىككى بولۇپ، بىرى، جۇمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، ئىككىنچىسى، نامازدىن بۇرۇن خۇتبە (ئىككى خۇتبە) ئوقۇلۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

**جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

424. سوئال: جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئورگاننىڭ جۈمە ئوقۇش شەرتىگە توشقان مەسجىدلەردە جۈمە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان بولىشى.
(2) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جاينىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا يېتەرلىك ساندا، بەلگىلىك جامائەتكە ئىگە بولغان شەھەر، يېزا ياكى مەھەللە بولىشى. ئاھالىسىدىن جۈمە ئوقۇش سالاھىيىتىگە توشقان ئەرلىرى ئەڭ چوڭ مەسجىدىگە سىغمايدىغان يېزا ياكى مەھەللە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا سالاھىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.
(3) جۈمەنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىشى. جۈمە نامىزى پېشىن ۋاقتىدىلا ئوقۇلىدۇ. پېشىن ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن جۈمەنىڭمۇ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. جۈمە ۋاقتىدا ئوقۇلمىسا، ئۇنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ.
(4) جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇلىشى. خوتبە ئوقۇلمىغان جۈمە ئادا تاپمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر جۈمەنىمۇ خوتبىسىز ئوقۇمىغان.
(5) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جاينىڭ ھەممە كىشىگە كىرىش رۇخسەت قىلىنغان ئوچۇق جاي بولىشى. چۈنكى جۈمە ئوقۇلىدىغان جاي خالىغان ئادەم كىرەلەيدىغان، ھەممىگە ئوچۇق جاي بولمىسا، بۇ يەردىكى توپلىنىش ئاشكارا ۋە ئەركىن توپلىنىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئاشكارا ۋە ئەركىن توپلىنالمايدىغان جايدا جۈمە ئوقۇلمايدۇ.
(6) جامائەت. ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشىنىڭ جامائەت بولۇپ ھازىر بولىشى شەرتتۇر. بۇ ئۈچ كىشى (جۈمە ئوقۇشى پەرز بولمىغان) مۇساپىر ياكى كېسەللەردىن بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ[1].

**خۇتبە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر**

425. سوئال: خۇتبە دېگەن نېمە؟
جاۋاب: خۇتبە - ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش ۋە جامائەتكە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش دېمەكتۇر.
426. سوئال: خۇتبىنى ئەرەبچە ئوقۇش شەرتمۇ؟

(1) الدر المختار1 - توم 747 ـ 761 -بەتلەر، فتح القدير 1 - توم 408 - 416 - بەتلەر، اللباب شرح الكتاب 62 - بەت.

جاۋاب: خۇتبىنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇش شەرت ئەمەس. ئۇنى ئەرەبچە ئوقۇشقا بولغىنىدەك، ھەر مىللەت ئۆز تىلىدا ئوقۇسا ياخشى. ھەمدۇسانا (ئاللاھنى مەدھىيىلەش) بىلەن دۇرۇد(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلىدىغان دۇئا) ئىككىسىنى ئەرەب تىلىدا ئېيتىسمۇ، خۇتبىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جامائەتنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. جامائەتنىڭ خۇتبىنى ئاڭلىشى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر پەرزدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، خۇتبىگە ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىنىڭمۇ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

**جۈمە كۈنىدىكى سۈننەت ئەمەللەر**

427. سوئال: جۈمە كۈنىدە ياكى جۈمە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: جۈمە كۈنىدە ياكى جۈمە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) جۈمە نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلىش، ئۆزىگە ھەم كىيىملىرىگە خۇشبۇيلارنى چېچىش ۋە چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش.

(2) جۈمە كۈنلۈكتە جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن تۆت ياكى ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇش.

(3) جۈمە كۈنلۈكتە كەھف سۈرىسىنى ئوقۇش.

(4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپلەپ دۇرۇد ئېيتىش.

428. سوئال: جۈمە كۈنىدە ھارام بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: جۈمە كۈنىدە قىلىش ھارام بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) جۈمە نامىزىنى ئوقۇش شەرتىگە توشقان شەھەر، يېزا ۋە مەھەللىدە پېشىن نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇش. (چۈنكى مۇنداق قىلىش جۈمە كۈنىدىكى جۈمە ئوقۇش ئۈچۈن توپلىنىشتىن ئىبارەت ئىسلامىي ئەنئەنىگە قارشى ھەرىكەت سانىلىدۇ).

(2) جۈمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقىتىدا سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش.

(3) مەسجىدتە بىراۋنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋېتىپ ئۆزى ئولتۇرۇش. چۈنكى مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر بىر ـ بىرىدىن ئىلىم، مەنسەپ، مەرتىۋە، بايلىق ۋە باشقا تەرەپلەردىن قانچىلىك پەرقلىق بولۇپ كەتسۇن، ھەممىسى بۇ جايدا ئوخشاشتۇر.

(4) مەسجىدتە ئىمامدىن باشقىلارنىڭ جامائەتنىڭ مۇرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى بىر هارام ئىشنى سادىر قىلغانلىقتۇر. ئەمما ئالدىدا بوش ئورۇن بولسا، باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەستىن، ئەدەپ بىلەن بارسا بولىدۇ.

## جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

429. سوئال: جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى قانداق؟

جاۋاب: جۈمەنىڭ پەرزى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىدىن مۇھىم ۋە ئۇلۇغ هېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ باشقا پەرز نامازلاردىن بىرەرسىنى تەرك ئەتكەنلىكنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ۋە قاتتىق بولىدىغانلىقى تەبىئىيدۇر. چۈنكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك چوڭ قۇرۇلتىيى ئورنىدا تۇرىدىغان، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدىغان، ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدىغان، غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: « ئۆزۈرسىز تۇرۇپ ئۈچ جۈمەنى ئارقا-ئارقىدىن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ هىدايەتتىن بۇرىۋېتىدۇ»[1] دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

# يولۇچىلار نامىزى

430. سوئال: يولۇچى نامىزى دېگەن قايسى ناماز؟
جاۋاب: يولۇچى نامىزى ـ سەپەر ئۈستىدە بولغانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازلارنىڭ پەرزلىرىنى قەسىر قىلىپ (4 رەكئەتنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ) ئوقۇشى دېگەنلىكتۇر.

431. سوئال: شەرئەتتە قانداق كىشى يولۇچى ھېسابلىنىدۇ؟
جاۋاب: شەرئەتتە يولۇچىلىق بەلگىلىك بىر مۇساپىگە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. 15 كۈندىن ئاز تۇرۇش نىيىتى بىلەن 85 كىلومېتىرلىق بىر مۇساپىنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان كىشى يۇرتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ يولۇچى ھېسابلىنىدۇ. 85 كىلومېتىرلىق بۇ مۇساپىنى مەيلى ئايروپىلان بىلەن، مەيلى پويىز بىلەن، مەيلى باشقا قاتناش قوراللىرى بىلەن، مەيلى پىيادە باسسۇن، ھەرھالەتتە بۇ سەپەر يولۇچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

### يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر

432. سوئال: يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر قايسىلار؟
جاۋاب: يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) يولۇچىلار تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى قەسىر قىلىپ (ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ) ئوقۇيدۇ. ئەمما ئىككى رەكئەتلىك ۋە ئۈچ رەكئەتلىك پەرزلەر قىسقارتىلمايدۇ، بەلكى تولۇق ئوقۇلىدۇ. يولۇچىلار ۋىتىر نامىزىدىن ۋە بامداتنىڭ سۈننىتىدىن باشقا سۈننەتلەرنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

(2) ۋاقىت تار كەلسە، يولۇچىلارنىڭ سۈننەت نامازلارنى ئوقۇماسلىقىمۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن ئوڭايلىقلاردىندۇر.

(3)يولۇچىلار ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ. («نامازلارنى جەمئى قىلىش» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلى سۆزلەندى).

(4) يولۇچىلار تاھارەت بىلەن كىيىلگەن (مەسھى قىلىشقا سالاھىيەتلىك) ئاياقلارنىڭ ئۈستىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەسھى قىلسا بولىدۇ. («ئاياقلارغا مەسھى قىلىش» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلي سۆزلەندى).

(5) يولۇچىلار رامىزاندا خالىسا روزا تۇتىدۇ، خالىسا تۇتمايدۇ. يولۇچىلىقى تاماملانغاندىن كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەمما رامىزاندا قىينىلىپ قالمىسا تۇتقىنى

ئەۋزەلدۇر.

(6) يولۇچىلىق مۇددىتى — كىشى ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ تاكى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئۆز يۇرتىغا ياكى تۇغۇلغان يۇرتى بولمىسىمۇ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەردىكى ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ يولۇچىلىق مۇددىتى تۈگىگەن بولىدۇ ۋە نامازلارنى قەسر قىلماستىن تولۇق ئوقۇشقا باشلايدۇ.

(7) سەپەردە نامازنى قازا قىلغان كىشى يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇنى سەپەردىكى بويىچە قەسر قىلىپ ئوقۇيدۇ. مۇقىملىق ھالىتىدە قازا قىلغان نامازلارنى سەپەردە ئادا قىلماقچى بولسا تولۇق ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك، ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇرتتىن تۇغۇلغان يۇرتىدىكى ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان كىشىمۇ نامازلارنى قەسر قىلماستىن تولۇق ئوقۇيدۇ.

(8) يولۇچى مۇقىم (يولۇچى بولمىغان) ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا، تۆت رەكئەتنى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئارتۇق ئوقۇغان كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز نەپلە نامىزى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

(9) يولۇچى مۇقىملارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، نامازغا تۇرۇشتىن ئاۋۋال جامائەتلەرگە ئۆزىنىڭ يولۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ياكى سالامدىن كېيىن«مەن يولۇچىمەن، نامىزىڭلارنى تولۇقلاڭلار» دەپ قويۇشى ياخشىدۇر. يولۇچى ئىمام ئىككى رەكئەتتىن كېيىن سالام بەرگەندە، جامائەت سالام بەرمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قالغان ئىككى رەكئەتنى ئۆز ـ ئالدىغا تاماملاپ ئاندىن سالام بېرىدۇ.

(10) يولۇچى بىرەر ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن، سەپەرگە ئاتلىنىپ، بۇ نامازنى يول ئۈستىدە ئوقۇماقچى بولسا، قەسر قىلماستىن، تۆت رەكئەت قىلىپ تولۇق ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ ناماز ئۇنىڭ مۇقىملىق ھالىتىدە ئۇنىڭ زىممىسىگە تۆت رەكئەت بولۇپ تەيىنلىنىپ بولغان بولىدۇ.

**مۇقىمنىڭ يولۇچىلىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى**

433. سوئال: مۇقىمنىڭ يولۇچىلىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مۇقىم تۆۋەندىكى شارائىتلاردا يولۇچىلىق ھۆكمىگە كىرىپ نامازلارنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ:

(1) سەپەر قىلىشقا بەل باغلاپ يولغا چىقىش. سەپەر مەيلى ئىبادەت ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ساياھەت ياكى تىجارەت ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى گۇناھ ئىشلەش

ئۇچۇن بولسۇن پەرقى يوق.

(2) يولغا چىقىپ مەھەللىسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىدىن ئايرىلىشى. يولغا چىقماستىن، سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشى يولغا چىقمىغىچە شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان يولۇچى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.

(3) سەپەر مۇساپىسىنىڭ 85 كىلومېتىردىن كەم بولماسلىقى شەرتتۇر[1].

## يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى

434. سوئال: يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىپ نامازلارنى قەسر قىلماستىن تولۇق ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) يولۇچىنىڭ بارغان يېرىدە تۇرۇشى.

(2) يولۇچىنىڭ بارغان يېرىدە 15 كۈندىن كۆپرەك تۇرۇشنى نىيەت قىلىشى. يولۇچى بارغان يېرىدە 15كۈندىن كۆپ تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈتۈشى بىلەنلا مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىدۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نامازلارنى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئەمما 15 كۈن تۇرۇش بىرلا شەھەرگە مەخسۇس بولماستىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ شەھەرلەردە تۇرىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مۇقىم ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىن 15 كۈنلۈك سەپەرنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان يولۇچى بۇ 15 كۈننىڭ يېرىمىنى خوتەندە، قالغان يېرىمىنى قەشقەردە ئۆتكۈزمەكچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ، مۇقىم ئەمەس، بەلكى يولۇچى ھېسابلىنىدۇ.

(3) تۇرماقچى بولغان يېرىنىڭ مۇقىم بولۇپ، تۇرۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىراۋ سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۆيىدىن چىقىپ، مەھەللىسىنىڭ قاتناش بېكەتلىرىنىڭ بىرىدە ياكى يول ئۈستىدىكى بېكەتلەردە قاتناش كۈتۈپ ياكى باشقا ئېھتىياجلىرى سەۋەبلىك ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ تۇرۇشى يولۇچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، كۈتۈش جەريانىدا ۋاقتى كىرگەن نامازلارنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ[2].

(1) الدر المختار1 ـ 723 ـ بەت، مراقي الفلاح 71 ـ بەت.

(2) تحفة الفقهاً 52 ـ بەت.

# ئىككى ھېيت نامازلىرى

435. سوئال: ھېيت نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: ھېيت سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: قايتىش، قايتىلاش ۋە بىر-بىرىنى يوقلاش دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا ــ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ھەر يىلى خوشاللىقنى قايتىلاپ بېرىشى دېمەكتۇر. بىر يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىككى ھېيت بولۇپ، بىرى روزا ھېيتى، يەنە بىرى قۇربان ھېيتىدۇر. ھەر ئىككى ھېيتتا ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

436. سوئال: ئىككى ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى پەرز بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىبتۇر.

## ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى

437. سوئال: ھېيت نامازلىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ھېيت نامازلىرى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى كۈن تولۇق چىقىپ تەخمىنەن 30 مىنۇتتىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. كۈن تولۇق چىقىپ بولماستىن ئوقۇلغان ھېيت نامىزى ئادا تاپمايدۇ، بەلكى ئۇ نەپلە نامىزى ھېسابلىنىدۇ. ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى پېشىننىڭ ئالدىنقى ۋاقتىلىرىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلىدۇ. خۇتبىنى ئاڭلاش سۈننەتتۇر. ھېيت نامازلىرى جاملاردا ياكى چوڭ مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ. كىچىك مەسجىدلەردە ئوقۇش مەكرۇھتۇر[1].

## ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى

438. سوئال: ھېيت نامازلىرى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككى رەكئەتتىن ئىبارەت ھېيت نامازلىرىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سانا **سبحانك اللهم** (سۇبھانەكەللاھۇممە)دىن كېيىن، ئىمام جاراڭلىق ئاۋازدا ئۈچ قېتىم **الله أكبر** (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ھەر بىر تەكبىردە قوللىرىنى قۇلاقلىرىغا كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە تەكبىردىن كېيىن

(1) مراقي الفلاح 90 ـ بەت، الدر المختار 1ـ توم 779 ـ بەت.

قوللىرىنى ئىككى يان تەرىپىگە چۈشۈرىدۇ. پەقەت ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن قوللار يان تەرەپكە چۈشۈرۈلمەستىن، كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ. ئاندىن ئىمام فاتىھە سۈرىسى يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ تەكبىر بىلەن رۇكۇئغا ئېگىلگەندە، جامائەتمۇ بىرگە رۇكۇ قىلىدۇ ۋە بىرگە سەجدىلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇشىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە ئىمام قىرائەت (فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە)نى ئوقۇپ بولۇپ، رۇكۇئغا ئېگىلىشتىن ئاۋۋال يەنە ئۈچ قېتىم الله أكبر (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئۈچ تەكبىرنى خۇددى ئالدىنقى رەكئەتتىكىدەك ئېيتىدۇ. ھەر قېتىمدا قوللار قۇلاقلارغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئىككى يان تەرەپكە چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئىمام يەنە بىر تەكبىر بىلەن رۇكۇئغا ئېگىلىدۇ. جامائەتمۇ بىرلىكتە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تاماملاپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ. جامائەتمۇ بىرگە سالام بېرىدۇ ۋە نامازدىن چىقىدۇ.

### تەشرىق تەكبىرلىرى

439. سوئال: تەشرىق تەكبىرلىرى دېگەن قانداق تەكبىر؟

جاۋاب: تەشرىق تەكبىرلىرى مۇنۇ تەكبىرلەردۇر:

**الله أكبر، الله أكبر، لا إله إلا الله، والله أكبر، الله أكبر ولله الحمد**

ئوقۇلۇشى: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ».

440. سوئال: تەشرىق تەكبىرلىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: تەشرىق تەكبىرلىرى- قۇربان ھېيتنىڭ ئەرەفە (ھاجىلار ئەرەفاتتا بولغان، ئەتە ھېيت دېگەن) كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4 - كۈنى ئەسىر نامىزىغىچىلىك جەمى 23 ۋاخ نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان تەكبىرلەردۇر. بۇ تەكبىرلەرنى ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ ئەرلەر ئۈچۈن ۋاجىبتۇر. تەشرىق تەكبىرلىرىنى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن، مەيلى يالغۇز بولسۇن، مەيلى جامائەت بىلەن بولسۇن، مەيلى يولۇچى بولسۇن، مەيلى مۇقىم بولسۇن، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئوقۇشى ۋاجىبتۇر.

### ھېيت نامازلىرىغا بېرىشتىكى سۈننەت ئەمەللەر

441. سوئال: ھېيت نامازلىرىغا بېرىشتا سۈننەت بولغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ھېيت نامازلىرىغا بېرىشتا سۈننەت بولغان ئىشلار مۇنۇلار:

(1) روزا ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە يېيىش.
(2) قۇربان ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن يېمەسلىك.
(3) ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا يۇيۇنۇپ، ئېسىل كىيىنىپ بېرىش.
(4) ھەر ئىككى ھېيتتا سەدىقىنى كۆپ بېرىش.
(5) ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا بېرىشتا، يولدا تەكبىر ئېيتىپ بېرىش.

442. سوئال: تەشرىق تەكبىرلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەشرىق تەكبىرلىرى ـ قۇربان ھېيتنىڭ ئەرفە (ئەتە ھېيت دېگەن) كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنى ئەسىر نامىزىغىچىلىك جەمى 23 ۋاخ نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان تەكبىرلەردۇر. بۇ تەكبىرلەرنى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن، مەيلى يالغۇز بولسۇن، مەيلى جامائەت بىلەن بولسۇن، مەيلى يولۇچى بولسۇن، مەيلى مۇقىم بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ ئەرلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ۋاجىبتۇر.

443. سوئال: تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمگە ئۇنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ[1].

(1) تحفة الفقهاء 60 ـ بەت

# تەراۋىھ نامىزى

444. سوئال: تەراۋىھ نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزى - رامىزان ئېيىدا ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان مەخسۇس نامازدۇر.
445. سوئال: تەراۋىھ نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئاخشاملىرى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. خۇپتەندىن بۇرۇن ئوقۇلسا تەراۋىھ ھېسابلانمايدۇ.
446. سوئال: تەراۋىھ نامىزى قانچە رەكئەت؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزىنى 20 رەكئەت ئوقۇش ئەۋزەل. ئەمما 8 رەكئەت ئوقۇسىمۇ ئادا تاپىدۇ.
447. سوئال: تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر.
448. سوئال: تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش شەرتمۇ؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئەۋزەل. ئەمما يالغۇز ئوقۇسىمۇ ئادا تاپىدۇ. ئەمما بۇ نامازنى بىر مەھەللىدە ھېچكىم جامائەت بولۇپ ئوقۇمىسا، شۇ مەھەللە جامائەتلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى تەراۋىھ نامىزىنى رامىزاندا جامائەت بولۇپ ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر.[1]

## تەراۋىھ نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

449. سوئال: تەراۋىھ نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزىنى ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ، تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. تەراۋىھ نامىزىنى ئىككى رەكئەتلىكتىن قىلىپ ئوقۇماقچى بولغاندا، ئۇ خۇددى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇلىدۇ. تەراۋىھ نامىزىنى تۆت رەكئەتلىكتىن قىلىپ ئوقۇماقچى بولغاندا، ئۇ خۇددى خۇپتەن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇلىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى تۆت رەكئەتنىڭ ھەممىسىدە قىرائەت(فاتىھە بىلەن ئايەتلەر) ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ.

---

(1) التسهيل الضروري لمسائل القدوري 87- بەت

450. سوئال: رامىزاندىكى تەراۋىھ نامىزى جەريانىدا قۇرئاننى خەتمە قىلىش شەرتمۇ؟
جاۋاب: بىر ئايلىق تەراۋىھ نامىزىدا قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىش شەرت ئەمەس، ئەمما مۇنداق قىلىش ساۋابى كۆپ بولغان بەكمۇ ئەھمىيەتلىك سۈننەت ئەمەللىرىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈشكە باشلىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رامىزان ئېيىدا قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن ئىنتايىن كۆپ مەشغۇل بولغان. تەراۋىھ نامىزىنى جامائەتنى زېرىكتۈرمەيدىغان يېنىكرەك ئوقۇش ياخشىدۇر.
451. سوئال: رامىزاندا تەراۋىھ نامىزى ئوقۇيالمىغان ياكى كەم ئوقۇغان كىشىگە ئۇنىڭ قازاسى كېلەمدۇ؟
جاۋاب: تەراۋىھ نامىزىنى رامىزاندا ئوقۇيالمىغان كىشىگە ئۇنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سۈننەت ئەمەل. سۈننەتنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.
452. سوئال: بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام بولىشى دۇرۇسمۇ؟
جاۋاب: بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام بولۇشى توغرۇلۇق ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشقان. بەزىسى دۇرۇس ئەمەس دېگەن قاراشتا بولسا، كۆپ سانلىقى دۇرۇسلىقىنى سۆزلىگەن. دۇرۇس دېگۈچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)غا ئىمام بولۇپ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. ئەمما پەرز نامازلاردا بالاغەتكە يەتمىگەن باللارنىڭ ئىمام بولۇشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىدە ئىسلام فىقھشۇناسلىرى بىرلىككە كەلگەن[1].

(1) الجوهرة النيرة شرح القدوري 1- توم 99-بەت

# كېسەل كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيىتى

453. سوئال: كېسەل كىشى نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

جاۋاب: كېسەل كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئۆرە تۇرالمىسا ئولتۇرۇپ، ئولتۇرالمىسا ياتقان يېرىدە ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

454. سوئال: ئۆرە تۇرالمايدىغان بىمار نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

جاۋاب: ئۆرە تۇرالمايدىغان ياكى ئۆرە تۇرسا، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئېنىق بولغان بىمار ئولتۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى نورمال كەيپىيىتى بويىچە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالىغان بولسىمۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بىمار ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ئولتۇرۇپ ئوقۇلغان نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بىمار رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى ئىما - ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن ياستۇق ياكى ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى سەجدە يەرگە قىلىنىدۇ. يەرگە سەجدە قىلالمىسا ئىما-ئىشارەت بىلەن قىلىنىدۇ.

455. سوئال: ئولتۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمىگەن بىمار قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئولتۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ئوڭدىسىغا يېتىپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغان بىمار ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتىدۇ، مۇمكىنچىلىك بولسا ئىككى پۇتىنى قىبلىگە ئۇزارتماسلىقى ئۈچۈن ئىككى تىزى ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئاسمانغا قارىماستىن قىبلىگە قارىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا ئېگىزرەك ياستۇق قويۇلىدۇ. ئەمما يېنىچە يېتىپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغان بىمار ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ، قىبلىگە قاراپ ياتىدۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرگە بېشى بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما يېنىچە يېتىپ ئوقۇغاندىن ئوڭدىسىغا يېتىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر[1].

## ئىما - ئىشارەت

456. سوئال: ئىما - ئىشارەت دېگەن نېمە؟

(1) فتح القدير 1 - توم 375 - بەت

جاۋاب: ئىما - ئىشارەت — نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە ئىشارەت ئۈچۈن كۆچىنىڭ يېتىشىچە باشنى ئېگىش دېمەكتۇر. ئەگەر بىمار بېشى بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ئاجىز كەلسە نامازنى ئوقۇمايدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ كەچۈرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە: ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1] دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار»[2] دېگەن.

(1) تەغابۇن سۈرىسى14-ئايەت

(2) بۇخارىي رىۋايىتى

# ئىستىسقا، كۇسۇپ، خۇسۇپ ۋە قورقۇنچ نامازلىرى

## ئىستىسقا نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى

457. سوئال: ئىستىسقا نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: ئىستىسقا - ئېھتىياج تۇيۇلغاندا مەخسۇس ناماز، خۇتبە ۋە دۇئالار ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە يامغۇر تىلەش دېمەكتۇر.

458. سوئال: ئىستىسقا نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئىستىسقا نامىزىدا ئەزاننىڭ ئورنىغا: «**الصلاة جامعة**- ئەسسەلاتۇ جامىئەتۇن» يەنى: (توپلىنىپ ناماز ئوقۇلىدۇ) دەپ، كىشىلەر نامازغا چاقىرىلىدۇ. ئاندىن ئەزان ياكى تەكبىر ئېيتماستىن خۇددى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش قىرائەتنى قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمام ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبىدە ئاللاھ تائالادىن يامغۇر سوراپ دۇئا قىلىنىدۇ.

## كۇسۇپ نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى

459. سوئال: كۇسۇپ ۋە خۇسۇپ نامازلىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كۇسۇپ - كۈننىڭ تۇتۇلۇشى، خۇسۇپ- ئاينىڭ تۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. كۈن تۇتۇلغاندا، ئاللاھتىن گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى سوراپ خۇددى جۈمە ياكى ھېيت نامازلىرىغا ئوخشاش جامائەت بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەتتۇر. ئەمما ئاي تۇتۇلغان ۋاقىتتا، جامائەت بولۇپ مەسجىدتە ياكى ھەركىم ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئالدىغا خۇددى نەپلە نامازلارغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت خۇسۇپ نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر.

## قورقۇنچ نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى

460. سوئال: قورقۇنچ نامىزى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قورقۇنچ نامىزى- دۈشمەن ياكى يىرتقۇچلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەھىمىسى ئېنىق بولغان شارائىتلاردا پەرز نامازلارنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئايرىم كەيپىيات بىلەن ئوقۇش دېمەكتۇر.

461. سوئال: قورقۇنچ نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىياتىنى

بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿: «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى»[1].

قورقۇنچ نامىزىدا، ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى ئىش جائىزدۇر:

(1) ئۇرۇش ئەسناسىدا مۇجاھىدلارنىڭ پەرز نامازلارنى يۇقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئوقۇشى جائىزدۇر.

(2) شىددەتلىك قورقۇنچ تۈپەيلى، مۇجاھىدلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ نامازلارنى ئۆزلىرى تۇرغان يېرىدە، يالغۇز ئۆز ئالدىغا ئوقۇشى جائىزدۇر. شۇنداقلا قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە بولۇپ، نامازنى تولۇق كەيپىيىتى بىلەن ئوقۇش قىيىن بولغاندا، قاتناش ئۈستىدە تۇرغان پېتى ئىما - ئىشارەت بىلەن ئوقۇشى جائىزدۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلەنگەن تەرىپى قىبلىگە توغرا كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن پەرق يوقتۇر. يەنى قاتناش قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا شۇ تەرەپ ئۇلارنىڭ قىبلىسى بولۇپ بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى 102 - ئايەت.

# مۇستەھەب نامازلار

462. سوئال: مۇستەھەب نامازلار قانداق نامازلار ۋە ئۇلار قايسىلار؟
جاۋاب: مۇستەھەب نامازلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئوقۇغان ياكى باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا يول قويغان، تەكىتلىك سۈننەت دەرىجىسىگە يەتمىگەن نامازلار بولۇپ، تەكىتسىز سۈننەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
(1) تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى
(2) چاشگاھ نامىزى
(3) تەھەججۇد نامىزى
(4) تاۋاپ نامىزى

## تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى

463. سوئال: تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟
جاۋاب: تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى - مەسجىدكە سالام بېرىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، قانداقلا بىر ۋاقىتتا، قايسىبىر مەقسەت بىلەن مەسجىدكە كىرگەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ (ناماز ئوقۇش مەنئىي قىلىنغان ۋاقىتلارنىڭ سىرتىدىكى قايسىبىر ۋاقىتتا) ئىككى رەكئەت «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مەسجىدكە كىرگىنىڭلاردا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرماڭلار»[1].

## چاشگاھ نامىزى

464. سوئال: چاشگاھ نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟
جاۋاب: چاشگاھ - قۇياش تولۇق چىقىپ بولغاندىن باشلاپ پېشىن ۋاقتىغا 45 مىنۇت قالغىچىلىك بولغان ۋاقىتلار دېمەكتۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاشگاھ نامىزىنى گاھىدا سەككىز رەكئەت، گاھىدا ئالتە رەكئەت، گاھىدا تۆت رەكئەت ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

---

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## تەھەججۇد (كېچە) نامىزى

465. سوئال: تەھەججۇد (كېچە) نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: تەھەججۇد - كېچىدە ئاللاھ تائالانىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئورۇندا كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان ئىختىيارىي ماناز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەرز نامازلاردىن قالسا تەھەججۇد نامىزىنىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە نامىزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە: «كېچە نامىزىنى چىڭ تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ ياخشىلارنىڭ ئادىتى، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدىغان ئەمەلدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

466. سوئال: تەھەججۇد نامىزى قانچە رەكئەت ۋە قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئېزى ئىككى رەكئەت، كۆپىنىڭ چېكى يوق. ھەر بىر ئىككى رەكئەتتە ياكى تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

467. سوئال: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى قايسى؟

جاۋاب: تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. بۇ ۋاقىت دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىشى ۋە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىتلاردۇر.

## تاۋاپ نامىزى

468. سوئال: تاۋاپ نامىزى دېگەن قايسى ناماز؟

جاۋاب: كەبىنى تاۋاپ قىلغان كىشىلەر تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت ناماز بولۇپ، ئۇنى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ[2] ئارقىسىغا كېلىپ تۇرۇپ ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

469. سوئال: تاۋاپ نامىزىنى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇش شەرتمۇ؟

جاۋاب: تاۋاپ نامىزىنى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇش ئەۋزەل

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) مەقامۇ ئىبراھىم ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغاندا، ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان تاش بولۇپ، ئورنى كەبىنىڭ شەرق شىمال تەرىپىدىكى نەپىس شىشىنىڭ ئىچىدە.

(3) ئىمام تىرمىزى ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

بولىسمۇ، ئۇنى مەسجىد ھەرەمنىڭ قايسىبىر يېرىدە ئوقۇشقا بولىدۇ. خۇسۇسەن ھەج كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش ئادەم كۆپ، ھەرەم قىستىلاڭغۇ ۋاقىتلاردا، بۇ نامازنى باشقا ئازادە جايدا ئوقۇش ياخشىدۇر.

## نەپلە نامازلار

470. سوئال: نەپلە دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: نەپلە لۇغەتتە ـ زىيادە دېمەكتۇر. شەرىئەت ئىستىلاھىدا پەرز، ۋاجىب ياكى سۈننەت بولمىغان، ئەمما دىنىمىزدا يولغا قويۇلغان، ئىختىيارىي ئەمەل ـ ئىبادەت دېمەكتۇر. نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

471. سوئال: نەپلە نامازلىرى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: نەپلە نامازلىرىنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ (ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلارنىڭ سىرتىدا) قايسىبىر ۋاقىتلىرىدا ئوقۇشقا بولىدۇ.

472. سوئال: نەپلە نامازلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: نەپلە نامازلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) تەۋبە نامىزى

(2) ئىستىخارە نامىزى

(3) ھاجەت نامىزى

(4) ئەۋۋابىين نامىزى

### تەۋبە نامىزى

473. سوئال: تەۋبە نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: تەۋبە نامىزى ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەب قىلىپ ئوقۇلىدىغان ناماز بولۇپ، بۇ نامازنىڭ بۇيرۇلغانلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئىككى ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم سورايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

474. سوئال: تەۋبە نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: تەۋبە نامىزى ئومۇمەن، گۇناھ سادىر قىلغاندىن ياكى بۇ نامازنى ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندىن كېيىنلا ھامان ئوقۇلىدۇ. گۇناھ قىلغان كىشى دەرھال تەۋبە قىلىشى لازىم. تەۋبىدىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى ۋە

(1) مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم م. ئالبانىينىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دىن

گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا ۋاستە بولىدۇ.

### ئىستىخارە نامىزى

475. سوئال: ئىستىخارە نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: ئىستىخارە ـ ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سوراش دېمەكتۇر. بىرەر ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇپ ـ بولماسلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالادىن مەنىۋى بىشارەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىستىخارە قىلىشنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «سىلەر بىرەر ئىشقا ئاتلانماقچى بولغاندا، ئىككى رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇپ بولۇپ، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇڭلار **اللهم إني أستخيرك بعلمك وأستقدرك بقدرتك وأسألك من فضلك العظيم فإنك تقدر ولا أقدر وتعلم ولا أعلم وأنت علام الغيوب اللهم إنْ كنت تعلم هذا الأمر خيرا لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري و عاجله وآجله فاقدره لي ويسره لي ثم بارك لي فيه اللهـمَّ إنْ كنت تعلم أنه شر لي في ديني ومعاشي وعاقبة أمري عاجله وآجله فاصرفه عني واصرفني عنه واقدر لي الخير حيثُ كانَ ثم رضني به** .

تەرجىمىسى: "ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن ياخشىلىق سورايمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ بۇ ئىش (ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نەسىپ قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن». ئاندىن ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىڭلارنى سوراڭلار"»[1].

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

بۇ ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بىرەر ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇپ - بولماسلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەنىۋي ئىشارەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئىككى رەكئەت ئىستىخارە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئىستىخارە نامىزى خۇددى بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇلىدۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سورايدۇ.

476. سوئال: ئىستىخارە قىلغان كىشى مەنىۋى بىشارەتنى قانداق ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئىستىخارە قىلغان كىشىنىڭ چۈشىدە بىر نەرسە كۆرۈشى شەرت ئەمەس. پەقەت ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن، كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشقا تەۋەككۈل قىلىشتا زىيان يوق.

### ھاجەت نامىزى

477. سوئال: ھاجەت نامىزى دېگەن قانداق ناماز؟

جاۋاب: دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجى بولغان كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، نامازدىن كېيىن ئاللا تائالاغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىدۇ. ئاندىن ھاجەت دۇئاسىنى (ياكى ئۆزى بىلىدىغان دۇئالارنى) ئوقۇپ بولۇپ، ھاجىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئاللاھتىن سورايدۇ.

478. سوئال: ھاجەت نامىزىدا قايسى دۇئانى ئوقۇش ئەۋزەل؟

جاۋاب: ھاجەت نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش ئەۋزەل: **لا إله إلاّ الله الْحليم الكريم، سبحانَ الله رب العرش العظيم، والْحمد لله رب العالمين . أسألُك موجِبات رحمتك وعزائم مغفرتك والْعصمةَ من كُل ذَنبٍ والْغنيمةَ من كُل بِر والسلامةَ من كُل اثْم ، اَللهم لاتدع لَنا ذَنباً الا غَفّرته ولاَ هماً الا فَرجته ولاَ حاَجةً هي لَك رضاً الا قَرجتها يا أرحم الراحمين .**

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر. ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەر قانداق گۇناھتىن ساقلىشىڭنى، پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىشىڭنى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بارلىق قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن ۋە

سىنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشىم ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ھەر قانداق ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرگىن. ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئالللاھ!».

## ئەۋۋابىين نامىزى

479. سوئال: ئەۋۋابىين نامىزى دېگەن قايسى ناماز؟

جاۋاب: ئەۋۋابىين ـ ئالللاھ تائالا تەرەپكە تەۋبە بىلەن قايتقۇچىلار دېگەنلىكتۇر. ئەۋۋابىين نامىزى شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. سانى ئالتە رەكئەت بولۇپ، ئالتە رەكئەتتە بىرلا سالام بېرىپ ياكى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىردىن سالام بېرىپمۇ ئوقۇش مۇمكىن.

# جىنازا نامىزى

480. سوئال: جىنازا نامىزى قانداق ناماز؟
جاۋاب: جىنازا نامىزى ئۆلگەن مۇسۇلمان كىشىنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا خاراكتېرلىك نامازدۇر.
481. سوئال: جىنازا نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: مۇسۇلمان مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇش مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈچۈن مېيىتنىڭ ھەققى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز كىفايىدۇر.
482. سوئال: جىنازىنىڭ نامىزىنىڭ ئىماملىقىغا ھەقلىق كىشىلەر كىملەر؟
جاۋاب: مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىنى شۇ شەھەردىكى چوڭ جامىينىڭ ئىمامى (خاتىبى) ئوقۇيدۇ. ئۇ بولمىغاندا، شۇ مەھەللىدىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى ئوقۇيدۇ. ئىمام كەلمىسە مېيىتنىڭ ئىگىلىرى يەنى ئاتىسى ياكى ئوغلى ياكى تاغىلىرىدىن بىرەرسى ئىمام بولۇپ جىنازا نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

## نامىزى ئوقۇلمايدىغانلار

483. سوئال: قانداق كىشىلەرنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ؟
جاۋاب: كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ، جىنايەت ئۈستىدە ئۆلگەن قاراقچىلارنىڭ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتلىك ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىش يولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ، ئاتا - ئانىسىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

## جىنازا نامىزى ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى

484. سوئال: جىنازا نامىزى ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: جىنازا نامىزىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:
(1) مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولىشى،
(2) مېيىتنىڭ تىرىك تۇغۇلغان بولىشى. ئۆلۈك تۇغۇلغان ياكى ۋاقتى كۈنى توشۇشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.
(3) مېيىتنىڭ يۇيۇپ تازىلانغان ۋە كېپەنگە ئېلىنغان بولىشى،
(4) مېيىتنىڭ قىبلە تەرەپتە جامائەت ئالدىدا ھازىر قىلىنىشى،
(5) مېيىتنىڭ جەسىدىنىڭ تولۇق ھازىر قىلىنىشى ياكى جەسەدىنىڭ كۆپرەك قىسمى، ھېچ بولمىغاندا بېشى بىلەن يېرىم بەدىنى ھازىر قىلىنىشى،

(6) مېيىتنىڭ قاتناش قوراللىرى ياكى كىشلەرنىڭ مۈرىسىدە بولماسلىقى، بەلكى يەرگە قويۇلىشى شەرتتۇر.

## جىنازا نامىزىنىڭ پەرز ۋە ۋاجىبلىرى

485. سوئال: جىنازا نامىزىنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: جىنازا نامىزىنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار:

(1) تەكبىرلەرنى ئېيتىش(يەنى تۆت تەكبىر ئېيتىش). تۆت تەكبىرنىڭ ھەر بىرى بىر رەكئەت نامازنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

(2) قىيام (ئۆرە تۇرۇش).

## جىنازا نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئوقۇش كەيپىيتى

486. سوئال: جىنازا نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: جىنازا نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى مۇنۇلار:

(1) مېيىت مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئىمامنىڭ ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇدۇللىنىپ تۇرىشى،

(2) بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن سانا **سبحانك اللهم** ... (سۇبھانەكەللاھۇممە...) نى ئوقۇش.

(3) ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا **اللهم صل على ...** **اللهم بارك على**.. (ئاللاھۇممە سەللى ئەلا.. ئاللاھۇممە ۋە بارىك ئەلا...) دەپ دۇرۇد ئوقۇش.

(4) ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن، مېيىتقا ۋە پۈتۈن مۆمىنلەرگە دۇئا قىلىپ بولۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش بىلەن نامازدىن چىقىش.

487. سوئال: جىنازا نامىزىنىڭ نىيىتى قانداق قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئەر جىنازىسىنىڭ نىيىتى: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا» دەپ قىلىنىدۇ.

ئايال جىنازىسىنىڭ نىيىتى: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ مەرھۇمەنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا» دەپ قىلىنىدۇ.

ئوغۇل بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ سەبىينىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا» دەپ قىلىنىدۇ.

قىز بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ سەبىيەنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا» دەپ قىلىنىدۇ.

### جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

488. سوئال: جىنازا نامىزىدا قايسى دۇئالار ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: جىنازا نامىزى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر دۇئانى ئوقۇش شەرت ئەمەس. ھەركىم ئۆز تىلىدا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە دۇئا قىلسا بولىدۇ. جىنازا نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان تۆۋەندىكى دۇئالاردىن قايسىبىرىنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر:

(1) **اللهم اغْفر له وارحمه وعافه. واعف عنه. وأكْرم نزله. ووسع مدخله. واغْسِلْه بالماءِ والثلج والبرد، ونقه من الخطايا كما نقيت الثوب الأبيض من الدنس. وأبدله داراً خيراً من داره. وأهلاً خيراً من أهله وزوجاً خيراً من زوجِه. وأدخلْه الجنةَ وأعذْه من عذَابِ القَبْر ومن عذَابِ النار** .

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭغا ئامانلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭ قارارگاھىنى ياخشى قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك، ئۇنى سۇ، قار ۋە مۇز بىلەن يۇيۇپ، خاتالىقلىرىدىن پاكلىغىن. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئۆيىدىن ياخشىراق قارار گاھ، ئائىلىسىدىن ياخشىراق ئائىلە ۋە جورىسىدىن ياخشىراق جور ئاتا قىلغىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنى قەبىر ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

(2) **اللهم اغْفر لحينا وميتنا، وشاهدنا وغَائِبِنا، وصغيرنا وكَبيرنا، وذَكَرِنا وأنثَانا، اللهم من أحيينه منا فَأحيه على الإسلامِ ، ومن توفينه منا فَتوفه على الإيمان** .

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزگە، ئۆلۈكلىرىمىزگە، بۇ نامازغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن يۇتۇن دىنداشلىرىمىزغا، كىچىكلىرىمىزگە، چوڭلىرىمىزغا، ئەرلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنىكى ھايات قالدۇرساڭ ئۇنى ئىسلام بىلەن ياشاتقىن، بىزدىن كىمنىكى ۋاپات قىلدۇرساڭ ئۇنى ئىمان بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن».

489. سوئال: جىنازا نامىزى نەدە ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: جىنازا نامىزى كەڭرى مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ. جىنازا نامىزىنى مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

### سەكەراتتا چۈشكەن ئادەم ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار

490. سوئال: ئۆلۈمنىڭ ھەقىقتى نىمە؟

جاۋاب: ئۆلۈم ـ جاننىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى بولۇپ، ئۇ پانىي ئالەم بىلەن باقىي

ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆۋرۈك. بۇدۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر. بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ھېساب بېرىشى ئاسان بولىدۇ. شۇنداقلا، جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن بولىدۇ. ئەمما ھاياتىنى كۇپرى، زالالەت ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغۇچىلاردۇر.

491. سوئال: بىراۋنىڭ سەكەراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى قانداق بىلىنىدۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ سەكەراتقا چۈشكەنلىكى ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ بوشىشىپ سوزۇلۇشى، پۇتىنىڭ مۇزلىشى، دىمىقىنىڭ قىسىلىپ گەپ ـ سۆزىنىڭ تىترىشى ۋە ئىككى چېكىسىنىڭ قورۇلۇپ قېلىشىدىن بىلىنىدۇ.

492. سوئال: سەكەراتقا چۈشكەن كىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: سەكەراتقا چۈشكەن كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىشلار مۇنۇلار:

(1) سەكەراتقا چۈشكەن كىشىنى ئوڭ يېنىغا ياتقۇزۇش ۋە قىبلىگە قارىتىش.

(2) سەكەراتقا چۈشكەن كىشىنگە «لا إله الا الله محمد رسول الله» (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسىدۇر) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىش (يەنى ئۆگىتىش، ئېيتقۇزۇش). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەكەراتتىكى كىشىلىرىڭلارغا " لااله الاالله " دېگەن كەلىمىنى تەلقىن قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ئاخىرقى سۆزى "لااله الاالله " بولغان كىشى جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ»[2] دەپ كەلگەن. ئەمما ھاياتىدا ئىمان ئېيتمىغان ئادەمنىڭ سەكەراتقا چۈشكەندە ئېيتقان ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. بۇ خۇددى پىرئەۋننىڭ ئىمانىغا ئوخشاش رەت قىلىنىدۇ.

## مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال قىلىدىغان ئىشلار

493. سوئال: مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال قىلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال ئالدىراپ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

(1) مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلەش.

(2) ئۇنىڭ قەرزلىرى بولسا تۆلەش.

(3) ۋەسىيەتلىرى بولسا ئورۇنداش.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. تەلقىن قىلىش-پەس ئاۋازدا شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇش دېگەن مەنىدە.

(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

494. سوئال: مېيىتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مېيىتنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرى، شۇنداقلا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى ئۈستىدە 4 ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىش مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈچۈن پەرزدۇر. ئۇلار:

(1) مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇش.

(2) مېيىتنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈش.

(3) جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش.

(4) مېيىتنى دەپنە قىلىش.

495. سوئال: مېيىتنى كىم يۇيۇدۇ؟

جاۋاب: مېيىتنى يۇيۇشتا، ھەر جىنس ئۆز جىنسىنى، يەنى ئەر مېيىتنى ئەر كىشى، ئايال مېيىتنى ئايال كىشى يۇيىدۇ. ھەتتا بىرەر ئەر مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بىر ئايال كىشى بىلەن باشقا دىندىكى بىر ئەر كىشىدىن باشقا ھېچكىم بولمىغاندا، ئەر مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن باشقا دىندىكى ئەركىشى مۇسۇلمان ئايال كىشىدىن ھەقلىقتۇر.

## كېپەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى

496. سوئال: كېپەن دېگەن نېمە ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: كېپەن ـ ئۆلگەن كىشىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كىيگۈزىلىدىغان مەخسۇس ئۆلۈم كىيىمىدۇر.

ئەر مېيىتنىڭ كېپىنى «ئىزار»، «قەمىس»ۋە «لىفافە» دىن ئىبارەت ئۈچ پارچىدىن تەركىب تاپىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنىڭ تەرىپلىرى ۋە ئۆلچىمى:

(1) «ئىزار» مېيىتنىڭ چوققىسىدىن تارتىپ ئىككى پۇتىغا يەتكىچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى ئىشتان دېمەكتۇر.

(2) «قەمىس» مېيىتنىڭ بوينىدىن ئىككى پۇتىغا يەتكىچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى كۆڭلەك دېمەكتۇر.

(3) «لىفافە» مېيىتنىڭ بېشى بىلەن ئىككى پۇتنى تولۇق يۆگەپ تۇرغىچىلىك مىقداردا ئۇزۇن ۋە كەڭ يۆگەنچە دېمەكتۇر. «ئىزار» بىلەن«قەمىس» كە يانچۇق ياكى تۈگمە بېكىتىلمەيدۇ.

ئايال مېيىتنىڭ كېپىنى 5 پارچىدىن تەركىب بولىدۇ. ئۇلار: «ئىزار»، «قەمىس»، «ياغلىق»، «خىرقە» ۋە «لىفافە» دىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ تەرىپلىرى ۋە ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

ئايال مېيىتقا كىيدۈرۈلىدىغان «ئىزار» بىلەن «قەمىس» ۋە ئايال مېيىتنى يۆرگەيدىغان «لىفافە»نىڭ ئۆلچىمى ئەر مېيىتنىڭ «ئىزار»ى بىلەن «قەمىس»ى ۋە «لىفافە»سىگە ئوخشاش بولىدۇ.

«ياغلىق» ئايال مېيىتنىڭ يۈزى بىلەن بېشىنى يۆگەپ تۇرالايدىغان ئۆلچەمدىكى كەڭرەك ياغلىقتۇر.

«خىرقە» ئايال مېيىتنىڭ كۆكسىنىڭ يۇقىرسىدىن كىندىكىنىڭ ئاستىغىچە بولغان ئورگىنىغا كىيدۈرۈلىدىغان ئۇزۇن ۋە كەڭرەك خالتىدۇر.

## مېيىتنى كېپەنلەش ئۇسۇلى

497. سوئال: كېپەنلەش ئۇسۇلى قانداق؟

جاۋاب: ئەر مېيىتنى كېپەنلەشتە، ئاۋۋال «لىفافە» يېيىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىزار» سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا«قەمىس»كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئاستىغا سېلىنغان«ئىزار»بىلەن يۆگىلىدۇ. يۆگەش مېيىتنىڭ سول يېنىدىن باشلىنىپ ئوڭ يېنىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن«لىفافە» بىلەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلاپ ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچلىرىغىچە تولۇق يۆگىلىدۇ.«لىفافە»مېيىتنىڭ باش تەرىپى بىلەن ئاياق تەرىپىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. جەسەدنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورقۇلسا كېپەننىڭ ئۈستىدىن باغلاپ قويسا بولىدۇ. مېيىتنىڭ بېشىغا سەللە ئوراش مەكرۇھ سانىلىدۇ.

ئايال مېيىتنى كېپەنلەشتە، ئاۋۋال «لىفافە» يېيىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىزار» سېلىنىدۇ، ئاندىن ئايال مېيىت بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا «قەمىس» كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن بېشىغا «ياغلىق» تېڭىلىدۇ، ئاندىن «خىرقە» كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كۆكسىگە كىيگۈزۈلىدۇ، چېچى ئىككى بوغۇم قىلىپ ئۆرۈلگەن ھالدا كۆكسىگە (كۆڭلەك ئۈستىگە) قويۇلىدۇ، ئاندىن «ئىزار» بىلەن يۆگىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن «لىفافە» بىلەن يۆگىلىدۇ.

## مېيىتنى دەپنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ قائىدىسى

498. سوئال: مېيىتنى دەپنە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مېيىتنى دەپنە قىلىش پەرز كىفايىدۇر. ئادەم بالىسىنى دەپنە قىلىش ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن بىر دىنىي يوسۇندۇر.

499. سوئال: مېيىتنى دەپنە قىلىشتا كېچىكتۈرۈشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: مېيىتنى جان ئۈزگىنىدىن كېيىنلا دەرھال يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىشقا ئالدىراش پەزىلەتلىك ئىشتۇر. ئۇنى كېچىكتۈرۈش ياخشى ئەمەس.

500. سوئال: قەبرىنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنى نورمال بويلۇق ئادەمنىڭ كۆكسىگە كەلگىچىلىك چوڭقۇرلۇقتا، مېيىتنىڭ باش ئايىغى ئازادە تۇرغىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا ۋە مېيىتنىڭ بويىنىڭ يېرىمىغىچىلىك كەڭلىكتە كولاش كۇپايىدۇر. بۇنىڭ بىلەن پەرز ئادا بولىدۇ. بۇ مىقداردىن تېخىمۇ چوڭقۇرراق، ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك كولاش ئەۋزەلدۇر.

501. سوئال: مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى قانداق؟

جاۋاب: جىنازا قەبرىنىڭ قىبلە تەرىپىدە قويۇلىدۇ. مېيىتنى لەھەدكە (قەبرىنىڭ ئىچىگە) ئېلىپ كىرىشتە قىبلە تەرەپتىن ئېلىپ كىرىلىدۇ. مېيىت لەھەدكە كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلغان ھالدا يۈزى بىلەن كۆكسى قىبلىگە قارىتىلىدۇ ۋە كېپەننى باغلىغان يىپلار يېشىۋېتىلىدۇ. مېيىتنىڭ ئوڭدىسىغا يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە خام قىشلاردىن ياكى تۇپراقتىن يۆلەك قويۇلىدۇ. ئايال مېيىتنى لەھەدكە ئېلىپ كىرىشتە ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى مەھرەم (نىكاھى باغلانمايدىغان) تۇغقانلىرىدىن بىرى كۆتۈرىدۇ.

**قەبرە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر**

502. سوئال: قەبرە قانچىلىك كۆتۈرۈلىدۇ؟

جاۋاب: قەبرە پەقەت بىر غېرىچ (تەخمىنەن22.5 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە كۆتۈرىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە تونۇپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈندۇر.

503. سوئال: مېيىتنى قەبرىسىدىن يۆتكەشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقا مازارغا يۆتكەش جائىز ئەمەس. ئىسلام پېشۋالىرى بۇ مەسىلىگە بىردەك ھارام دەپ قارايدۇ. ئەگەر دەپنە قىلىنغان جاي باشقىلارنىڭ تەييارلاپ قويغان يەرلىكى بولغان بولسا ياكى ھەقسىز ئېلىۋېلىنغان يەر بولسا، بۇ ھالەتتە ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ھەققىنى تۆلەپ، ئۇنى رازى قىلىدۇ. مېيىت قەبرىدىن چىقىرىلمايدۇ.

504. سوئال: قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتى قانداق ساقلىنىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) قەبرە ئۈستىدە ناماز ئوقۇماسلىق، ئۇخلىماسلىق، تەرەت قىلماسلىق، ياتماسلىق

ۋە ئارام ئېلىش نىيىتى بىلەن ئولتۇرماسلىق.

(2) مېيىتنىڭ سۆڭەكلىرى تېخى چىرىپ كەتمىگەن ھالەتتە بولسا قەبرىنى ئاچماسلىق.

(3) مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۆتكىمەسلىك.

(4) بىر قەبرىگە بىردىن ئارتۇق ئادەمنى دەپنە قىلماسلىق. ئەمما ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تېپىلغان چاغلاردىلا مۇنداق قىلىشقا بولىدۇ.

(5) قەبرىستانلىقلارغا بېرىپ ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش، پەرزەنت تىلەش، بەرىكەت تىلەش، كېسەللەرگە شىپالىق تىلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماسلىق. مۇنداق قىلغان ئادەم ئىماندىن ئاجرايدۇ.

505. سوئال: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن مۇستەھەب ئىكەنلىكىدە پۈتۈن مەزھەپلەر بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىدە مەزھەپلەر ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي مەزھىبى (بىزنىڭ مەزھىبىمىز)گە كۆرە، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇستەھەبتۇر.

506. سوئال: قەبرىلەرنى قانداق زىيارەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش ياخشىدۇر: **السلام علىٰ أهل الديار من المؤمنين والمسلمين ويرحم الله المستقْدمين منا والمستأخرين. وإنا إنْ شاءَ الله، بكم للاحقُون أسألُ الله لنا ولكُم العافيــةَ** تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بۇ جايدا ياتقان مۆمىن مۇسۇلمانلارغا بولسۇن. بىزدىن ۋاپات بولغانلار ۋە ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ رەھىم قىلغاي. بىزمۇ ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا ئەلبەتتە سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئاللاھ تائالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن»[1].

507. سوئال: مېيىتقا ئاتالغان ساۋابلار ئۇلارغا يېتەمدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان ئوقۇپ، سەدىقە بېرىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېيىتقا ئاتاش، مېيىتنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش ۋە ۋاكالەت بىلەن قىلغىلى بولىدىغان زاكاتقا ئوخشاش ئىقتىسادىي ئىبادەتلەرنى، ھەجگە ئوخشاش ھەم ئىقتىسادىي ھەم جىسمانىي ئىبادەتلەرنى مۇسۇلمان مېيىت ئۈچۈن ئورۇنداپ قويۇش جائىزدۇر. بۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابى مېيىتقا يېتىدۇ.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

**شېھىد ۋە ئۇنى يەرلەش ئۇسۇلى**

508. سوئال: شېھىد دېگەن كىم؟

جاۋاب: شېھىد - ئاللاھ يولىدا غازات قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى دېمەكتۇر. شۇنداقلا، قاراقچىلار ياكى بولاڭچىلار ياكى ئوغرىلار تەرىپىدىن كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۆز ئۆيىدە قانداقلا بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەممۇ شېھىد ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شەھىدلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىسى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈشتۇر.

509. سوئال: شېھىدلار قانداق دەپنە قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: شېھىد بولغان كىشى يۇيۇلماستىن، قانلىرى سۈرتۈلمەستىن ئۆز كىيىمگە ئوراپ تۇرۇپ نامىزى ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ پېتى دەپنە قىلىنىدۇ.

# زاكات ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

## زاكاتنىڭ مەنىسى

510. سوئال: زاكات سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: زاكات ــ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. زاكاتنىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: مەخسۇس شەرتلەرگە ئاساسەن، مۇئەييەن مىقداردىكى مالنى ھەقلىق بولغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

511. سوئال: زاكات قاچان پەرز بولغان؟

جاۋاب: زاكات پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ 18- ئايدىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى (623م) شەۋۋال (قەمەرىيە 10- ئاي)دا، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە پەرز قىلىنغان.

## زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

512. سوئال: زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدا قانداق ئورنى بار؟

جاۋاب: زاكات- ئىسلام دىنىدىكى 5چوڭ پەرزنىڭ بىرى ۋە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەت بولۇپ، ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ بىرىنچى پەرز ناماز بىلەن ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك پەرزدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە زاكات ھەمىشە ناماز بىلەن بىرگە بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا قولىدا بار مۇسۇلمانلارنى زاكات پەرزىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ: نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى (ئۆز جايىغا بېرىپ) ئادا قىلىڭلار [1]دېگەن.

ئاللاھ تائالا بەرگەن پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولغىنىدەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن پۇل- مالدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 43- ئايەت

قىلىدۇ﴾[1].

## زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى

513. سوئال: زاكات بېرىشنىڭ قانداق پەزىلىتى بار؟
جاۋاب: پۇل-مال ئىگىلىرىنىڭ قولىدىكى پۇل-مالنىڭ زاكىتى جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئاللاھ بەرگەن ھەققىدۇر. شۇڭا زاكات بەرگەن كىشىنىڭ ئېھتىياج ئىگىلىرىگە زاكات بەرگەنلىكى ئۈچۈن مىننەت قىلىشى ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرگەن بولىدۇ.
ئاللاھ تائالا زاكاتلىرىنى تولۇق ئادا قىلغۇچىلارنى ھەرگىز مۇكاپاتسىز قويمايدۇ. پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىر تىيىن پۇلى ئۈچۈن 700 تىيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىلىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋەدە قىلغان. بۇلار ياردەمنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتى بەس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان، ۋە (خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ﴾[2].

## زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى

514. سوئال: زاكات نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىنغان ؟
جاۋاب: پېقىرلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر نوقساندۇر. پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش پاراۋانلىققا، باراۋەرلىككە ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرزىگە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن- بىر چارىسى مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا زاكاتنى پەرز قىلىپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پېقىرلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا بۇ مۇقەددەس پەرزنى بەلگىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان.
«زاكات- بىر- بىرى بىلەن ياردەملىشىدىغان، بىر- بىرىنى سۆيىدىغان، ئادالەتلىك، شەپقەتلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئەڭ ئالدىنقى ئامىلىدۇر.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 3- ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى262-ئايەت

چـۈنكى، زاكــات بايلارنــىڭ ۋاسىتىســى بىــلەن جەمئىيەتتىكــى پېقىرلارنــىڭ ھــالى ياخشــىلانغانلىقى ســەۋەبى بىــلەن پېقىرلارنــىڭ كۆڭۈللىرىــدىكى بايلارغــا قارىتــا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك تۇيغۇلىرىنى يېڭىــپ بــايلار بىــلەن پېقىــرلار ئوتتۇرىســىدا ئۆزئــارا سۆيگۈ ۋە ھەمكــارلىقنى پەيــدا قىلىــش ۋە دىنىــي قېرىنداشــلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەختلىك ھايات سۈرۈشىگە كېپىللىك قىلىــدىغان بىــر ئېسىل ئىبادەتتۇر»[1].

قۇرئــان كەرىــم بىــزگە راپاھىيەتلىــك، پــاراۋانلىق بىــر ئېســىل جەمئىيەتنــى بەرپــا قىلىــش يولىــدا ئىشــلەپچىقىرىش ۋە تەقســىم قىلىشــنىڭ ئەڭ يۈكســەك ســەۋىيىدىكى مەدەنىـــي ھەم ئىلمىـــي پرىنســـىپلىرىنى ئـــۆگەتكەن. جەمئىيەتتىكـــى ئىقتىســـادىي مۇشــكىلاتلارنى ھەل قىلىشــتا قۇرئــان پرىنســىپلىرى يەر يۈزىــدىكى ئەڭ مــۇكەممەل پرىنســىپلار ھېســابلىنىدۇ. چــۈنكى ئىســلام دىنىنىــڭ ئىقتىســاد پرىنســىپى شەخســي مۈلۈكچىلىــك بىـــلەن كوللېكتـــىپ مۈلـــۈكچىلىكى ئوتتۇرىســـىدا ئەڭ ئادالەتلىـــك ۋە مۇناسىپ يولنى تۇتقان.

## ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ماھىيىتى

515. سوئال: ئىسلام نەزەرىدە پۇل-مالنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

جــاۋاب: ئىســلام نەزەرىــدە، ئىنســانلار قانچىلىــك كــۆپ پــۇل- مــال ئىگىســى بولــۇپ كەتسۇن ۋە بۇلارنى قانچىلىك جاپا بىلەن ئىشلەپ تاپقان بولسۇن، ئۇلار قوللىرىــدىكى مال- مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇلار بۇ پۇل- مــاللارنى تەســەررۇپ قىلغۇچى ۋە كىللەر، بەس. چۈنكى مال- مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىسى ۋە ئاتا قىلغۇچىسى ئـــاللاھ تائـــالادۇر! قۇرئـــان كەرىـــم بـــۇ ھەقىقەتنـــى جاكـــارلاپ مۇنـــداق دېـــگەن:

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شــەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. [2].

ئاللاھ تائالا مال- دۇنيانى ئىنسانلارغا ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى ئۇلارغــا ئېھســان ۋە ئىنئــام قىلىــش؛ يەنە بىــرى، ئــۇلارنى بــۇ مــال- دۇنيــا بىــلەن ســىناش يۈزىســىدىن بېرىــدۇ. مــال- دۇنيــا كىشــىلەرنىڭ ئىقتىــدارى ۋە كــۈچ- قــۇۋۋىتىگە كــۆرە كېلىدىغان نەرســە ئەمەس، بەلكــى ئــۇ ئــاللاھ تائالانىــڭ ئاتــا- ئېھســانىدۇر. ئوخشــاش ئىقتىــدارغا، ئوخشــاش دىپلومغــا ئىــگە بولــۇپ، ئوخشــاش ئىشــتا ئىشــلەيدىغان ئىككــى

(1) «موسوعة اقصاد الإسلامي» 23- بەت. ئا.مۇنئىم جامال.
(2) تاھا سۈرىسى 6- ئايەت

ئادەمنىڭ بىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ باي قىلىدىغانلىقى يەنە بىرىنى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ياكى پېقىر قىلىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر.

### ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى

516. سوئال: ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پېقىرلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى جىددى بىر يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىق، باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە پۇل-مالنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىكى 3كە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

(1) پۇل- مالنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە بۇيرۇلغان يوللار بىلەن ئۆستۈرۈش.

(2) پۇل- مالنى ئېھتىياجغا قاراپ ئىسراپ قىلماستىن، ھەددىدىن ئاز قىسىۋالماستىن، نورمال ھالدا سەرپ قىلىش.

(3) پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىش ۋە سەدىقە، ياردەم، خەير-ئېھسانغا ئوخشاش ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرى بىلەن ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش.

### ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى

517. سوئال: ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قانداق قىممىتى بار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىشلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئىشلىگەننىڭ شەنىنى، قەدىر- قىممىتىنى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن يېگانە دىندۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقئارالىق رىقابەتكە دادىل كىرىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى يولىدا ئىشلەشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەرسىسىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ [1] دەپ كۆرسەتكەن.

خەلقىمىزدىمۇ: «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېيىدىغان ھېكمەت بار. ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالال رىزىق تېپىش

(1) نەجم سۈرىسى 39- ئايەت

يولىدا ئىشلەش جىھادتۇر»[1] دېگەن.

بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ياكى ئاخىرەتلىكنى دەپ دۇنيالىقنى تەرك ئەتكەن كىشى سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەمەس. ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك. چۈنكى دۇنيا ئاخىرەت يولىدىكى بىر قونالغۇدۇر. ئىشلەڭلار، كىشىلەرگە يۈك بولىۋالماڭلار»[2].

«قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىشلەشنىڭ ئىسلام نەزەرىدە قانچىلىك قەدىر-قىممەتكە ئىگە ئىبادەت ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. قۇرئان كەرىمدە «ئىشلەش» دېگەن ئىبارە 359 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىشلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىشلەشكە قادىر بولغانلار ئۈچۈن ئىشلەشنى پەرز قىلدى. دېمەك، ئىشلەش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە«ئەمەل (يەنى ئىشلەش)»نى ئىمانغا يانداشتۇرۇپ بايان قىلغان»[3].

## زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى

518. سوئال: زاكات بەرمەسلىكنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: پۇل- مال ياخشى ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولغاندەك، پۇل- مالغا مۇناسىۋەتلىك ھەق- ھوقۇقلارنى تونۇمىغانلىق ۋە ئادا قىلمىغانلىق ياكى پۇل-مالنى ئىسراپ قىلغانلىق سەۋەبتىن، گاھىدا پۇل-مال كىشىلەرگە بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مال- دۇنيانى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشكە ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرىغان. ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (ئاللاھنىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە) ياخشىلىق قىلغىن[4]، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنىڭ) پۇل- ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇئەييەن ھەق(يەنى زاكات) باردۇر[5].

(1) سۇيۇتى رىۋايىتى
(2) دەيلەمي رىۋايىتى
(3) «مشكلة الفقر» يۇسۇف ئەل قەرداۋىي 26- بەت
(4) قەسەس سۈرىسى 77- ئايەت
(5) مەئارىج سۈرىسى 24- 25- ئايەتلەر

ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمنىـڭ كـۆپلىگەن ئايەتلىرىـدە زاكـاتنى ئـادا قىلىشـنىڭ زۆرۈرلىكىنـى تەكـىتلىگەن ۋە زاكـاتنى بەرمىگۈچىلەرنىـڭ ئـاخىرەتتە قـاتتىق ئـازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئـاللاھ ئـۆز پەزلىـدىن بەرگەن نەرسـىلەرگە (يەنـى پـۇل- مالغـا) بېخىللىـق قىلىـدىغانلار بېخىللىقنـى ئـۆزلىرى ئۈچـۈن پايـدىلىق دەپ گۇمـان قىلمىسـۇن، ئەمەلىيەتـتە، بـۇ ئـۇلار ئۈچـۈن زىيـانلىقتۇر. ئۇلارنىـڭ بېخىللىـق قىلغـان نەرسىسـى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ [1].

**بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق نىجات تاپالمايدۇ**

بېخىللىقتـا ئـادەتلەنگەن خەلـق مـال - دۇنياسـىغا بېخىللىـق قىلغـانلىقتىن، جېنىـدىن، نومۇسـىدىن، ھەتتـا ۋەتىنىـدىن ئايرىلىـپ قالىـدۇ. چـۈنكى ئـادەتتىكى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە پۇل- مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىـپ كەلگەن بىـر خەلقنىـڭ ۋەتەنـنى قوغداش يولىـدا پـۇل - مـال سـەرپ قىلىشـى مـۇمكىن ئەمەس، ۋەتەننى ئۈچۈن پۇل - مېلىغـا بېخىللىـق قىلغانلارنىـڭ ئۇنىـڭ يولىـدا جېنىنـى بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ- تارىخنىڭ يەكۈنى.

**مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەمسۆيەرلىك بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ**

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ۋە قەد كۆتۈرۈپ دۇنيا بىـلەن پۈتۈنلىشىشـىدىكى ئاساسـلىق ئامـىل شـۇ مىلـلەت خەلقىنىـڭ ئۆزئـارا قېرىنداشـلارچە مېھرىبـانلىقى، بىـر - بىرىنـى يـۆلەپ قىيىـنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشـى ۋە خالىسـانە ياردەملىشىشى بولسا كېرەك. ئۆز ئارا ياردەملەشمىگەن، بىر - بىرىنـى قىيىـنچىلىقلاردىن قۇتقۇزمىغـان بىـر مىللەتنـى باشـقىلارنىڭ يـاردەم قىلىـپ يۆلىشـى ۋە موھتـاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشـى مـۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بـايلىرىمىز زاكـاتلىرىنى تولـۇق ئـادا قىلىـپ، يوقسۇللارغا خالىسانە ياردەم قىلىدىغان، ئوقۇيالمىغـان بـالىلىرىنى ئوقۇتـۇپ، ھەرخىـل ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرىدىغان بولسا ئىدى، بىـز ئەلـۋەتتە بەختلىـك بىـر مىللەت بولار ئىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئاتـا قىلغـان پـۇل- مالىنىـڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال- دۇنيـالىرى ئىككـى كۆزىنىـڭ ئۈستىدە قورقۇنۇشلۇق قـارا مېڭـى بولغـان ھەيۋەتلىـك بىـر ئىلانغـا ئايلىنىـپ كېلىـپ،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 180- ئايەت

ئۆشنىڭ بويىنغا يۆگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا:"مەن سېنىڭ دۇنيادا يىغقان مال- دۇنيايىڭ" دەيدۇ»[1].

## زاكات پەرز بولىدىغان كىشىلەر ۋە زاكات ئۆلچىمى

519. سوئال: قانداق كىشىلەرگە زاكات پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: زاكات تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشقان كىشىلەرگە پەرز بولىدۇ:

(1) مۇسۇلمان بولۇشى.

(2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى.

(3) ئەقىل- ھوشى جايىدا بولۇشى.

(4) پۇل ـ مېلى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتكەن بولىشى.

(5) پۇل- مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشۇشى.

(6) قەرزدار بولماسلىقى. (ئەگەر ئۆزىنىڭ زاكات كەلگۈدەك پۇلى-مېلى بار تۇرۇپ، تىجارەت قىلىش مەقسىتىدە قەرز ئالغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقى بولغان پۇلدىن زاكات بېرىدۇ).

520. سوئال: پۇل ـ مالنىڭ زاكات مىقدارىغا يېتىش ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: پۇل ـ مالنىڭ زاكات بېرىش مىقدارىغا يېتىش ئۆلچىمى 85 گرامما ئالتۇن ياكى ئۇنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىدۇر، يەنى بىراۋ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن تاشقىرى ئەڭ ئاز دېگەندە 85 گراما ئالتۇن كەلگىدەك پۇل ـ مالغا ئىگە بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ زاكات ئايرىشى پەرزدۇر.

(1) بۇخارى رىۋايىتى

# زاكات كېلىدىغان ماللار

521. سوئال: زاكات كېلىدىغان ماللار قايسىلار؟
جاۋاب: زاكات كېلىدىغان ماللار تۆۋەندىكىلەر:
(1) نەق پۇل
(2) تىجارەت ماللىرى
(3) ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار
(4) چارۋا ماللىرى
(5) يەر ئاستى بايلىقلىرى
(6) دېڭىز بايلىقلىرى
(7) شىركەت ھەسسىدارلىقى.

### نەق پۇلنىڭ زاكىتى

522. سوئال: نەق پۇلدىن قانچىلىك زاكات بېرىلىدۇ؟
جاۋاب: ئالتۇن، كۈمۈش، يۈەن، تەڭگە، سوم، رىيال، دوللار ۋە باشقىمۇ خەلق پۇللىرىنىڭ زاكات مىقدارى 2.5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت)تۇر. يەنى نورمال ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 21 ئېيارلىق ئالتۇندىن 85 گىرامما ئالتۇن ياكى 595 گىرامما كۈمۈشى ياكى بۇنىڭ قىممىتىدە نەق پۇلى بولغان كىشىنىڭ قولىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيسىدىن % 2.5 نى زاكاتقا بېرىشى پەرزدۇر.

### تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

523. سوئال: تىجارەت ماللىرى دېگەن قانداق مال؟
جاۋاب: تىجارەت ماللىرى- تىجارەت ۋە باشقىمۇ ھالال، يوللۇق ھالدا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىغان ماللار دېمەكتۇر.

524. سوئال: تىجارەت ماللىرىدىن قانچىلىك زاكات بېرىلىدۇ؟
جاۋاب: تىجارەت ماللىرىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن 2.5% ى زاكاتقا بېرىلىدۇ.

### چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى

525. سوئال: چارۋا ماللىرى قايسى ماللار؟

جاۋاب: چاۋار ماللىرىدىن تۆگە، ئات، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق گۆشى يېيىلىدىغان هايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

526. سوئال: چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىشىنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى 3 شەرت بىلەن چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىدۇ.

(1) يىلنىڭ هەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلارغا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشى.

(2) ئىگىسىنىڭ مۈلكىگە ئۆتكىنىگە تولۇق بىر يىل توشقان بولۇشى.

(3) زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى.

527. سوئال: تۆگىنىڭ زاكات ئۆلچىمى ۋە مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: سانى بەشكە يەتمىگەن تۆگىگە زاكات كەلمەيدۇ. تۆگىنىڭ سانى بەشكە يەتكەندە، ئۇنىڭدىن بىر قوي، ئونغا يەتكەندە ئىككى قوي زاكات بېرىلىدۇ. بەشتىن يىگىرمىگىچە هەر بىر بەش تۆگە ئۈچۈن بىردىن قوي زاكات بېرىلىدۇ. تۆگىنىڭ سانى 25 تىن ئاشقاندىن كېيىن ئەهۋال باشقىچە بولىدۇ.

528. سوئال: كالىنىڭ زاكات ئۆلچىمى ۋە مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: كالا سانى 30 غا يەتمىگىچىلىك زاكات كەلمەيدۇ. كالا سانى 30غا يەتسە، ئۇلاردىن 2 ياشلىق كالىدىن بىر كالا زاكات بېرىلىدۇ.

529. سوئال: قوينىڭ زاكات ئۆلچىمى مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: سانى40قا يەتمىگەن قويلارغا زاكات كەلمەيدۇ. قويلار سانى 40 قا يەتسە، ئۇلاردىن بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ. 40 تىن 120 گىچىلىك ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ.

530. سوئال: ئۆيدە بېقىلغان ياكى بوداپ سېتىش ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇنداق چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى نەق پۇل هېسابىدا بېرىلىدۇ. يەنى ماللارنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن %2.5 ى زاكاتقا بېرىلىدۇ.

## ئاشلىق ۋە زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى

531. سوئال: ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلاردىن قانداق زاكات بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار يامغۇر سۈيى بىلەنلا سۇغۇرۇلۇپ يېتىشكەن بولسا، ئۇنىڭدىن %10ى، ئەگەر ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭدىن %5ى، ئەگەر هەم يامغۇر سۈيى، هەم ئادەم كۈچى هەر ئىككىلىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭدىن %7.5ى زاكات بېرىلىدۇ.

**يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى**

532. سوئال: يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن قانچىلىك زاكات بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ياقۇت، مارجان، قاشتېشى، مەرۋايىت ۋە قىممەتلىك تاش ۋە نېفىتكە ئوخشىغان يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن ـ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىدىكى جايدىن تېپىلمىغان بولۇشى شەرتى بىلەن ـ 20%ى (بەشتىن بىرى) زاكات بېرىلىدۇ.

533. سوئال: ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردىن تېپىلغان يەر ئاستى بايلىقىنىڭ زاكات مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: بىراۋ ئۆز ھويلىسىدىن ياكى ئۆزىگە ئائىت بولغان جايدىن بايلىق تاپقان ياكى قازغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھامان زاكات بېرىش كېرەك ئەمەس. چۈنكى زېمىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن چىققان بايلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بايلىققا ئىگە بولغىنىدىن تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، نەق پۇل زاكىتىنىڭ مىقدارى بويىچە، 2.5% نى زاكاتقا بېرىدۇ.

534. سوئال: دېڭىز بايلىقلىرىدىن قانچىلىك زاكات بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: دېڭىزدىن بېلىق ۋە باشقىلارغا ئوخشاش دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ سېتىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر بۇ كەسىپ بىلەن تاپقان پۇللىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە، ئۇنىڭدىن 2.5% نى زاكات بېرىدۇ.

**شىركەت ھەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى**

535. سوئال: شىركەت ھەسسىدارلىقىدىن قانچىلىك زاكات بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر شىركەتكە ھەسسىدار بولۇپ ئۇنىڭغا پاي سالغان كىشىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نەق پۇلىنىڭ ھېسابى بويىچە 2.5% زاكات بېرىشى پەرزدۇر.

**زاكات كەلمەيدىغا نەرسىلەر**

536. سوئال: زاكات كەلمەيدىغان نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ:

(1) كىشىنىڭ ئۆزى ياكى باللىرى ئولتۇرىۋاتقان ئۆيلىرى.

(2) ئۆزى ياكى باللىرى ئىشلىتىۋاتقان ئۆي ئەشيالىرى.

(3) كىيىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەر.

(4) ئائىلىنىڭ يېيىش ئۈچۈن تopلىغان ئوزۇقلىرى.

(5) ئۆزى ياكى بالىلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئاپتوموبىللار.

(6) كىشىنىڭ ئۆز كەسپى ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان سايمانلىرى، ئەشيالىرى، ۋە ماتېرىياللىرى.

(7) زىنەت ئۈچۈن ۋە ئاياللارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن تۇتۇلغان ھەر قانداق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما نەق پۇل ئورنىدا ساقلانغان ئالتۇن، كۈمۈشكە، قاشتېشىغا ۋە شۇنداقلا پۇلغا يارايدىغان، ئېھتىياج سىرتىدىكى ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىگە زاكات كېلىدۇ.

## زاكات بېرىشنىڭ ۋاقتى

537. سوئال: زاكات قاچان بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئائىلىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتكەن پۇل- مالغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل تولۇشى بىلەن ئۇنىڭ زاكىتىنى كېچىكتۈرمەستىن ھامان ئادا قىلىشى پەرزدۇر.

## زاكات بېرىلىدىغانلار

538. سوئال: زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: زاكات تۆۋەندىكى 8 تۈرلۈك شەخسنىڭ قايسىبىرىگە بېرىش بىلەن ئادا تاپىدۇ:

(1) پېقىرلارغا،

(2) مىسكىنلەر (ھېچ نەرسىسى يوق كىشىلەر)گە،

(3) قەرزدارلارغا،

(4) ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلارغا ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارغا،

(5) يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلارغا،

(6) زاكات توپلاشقا مەسئۇل بولغان زاكات خادىملىرىغا،

(7) قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن،

(8) كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى بىلەن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھازىرقى زاماندا قۇل بولمىغانلىقى ۋە كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا ھاجەت قالمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ئىككى تۈرلۈك شەخس زاكات ئالىدىغانلار قاتارىدىن سانالمايدۇ.

## زاكات بېرىلمەيدىغانلار

539. سوئال: زاكات كىملەرگە بېرىلمەيدۇ؟

جاۋاب: زاكات تۆۋەندىكى 5 خىل شەخسكە بېرىلمەيدۇ:

(1) بايلارغا،

(2) كۇففارلارغا،

(3) زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىلىرىغا، بوۋا، مومىلىرىغا،

(4) زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە، چەۋرىلىرىگە،

(5) زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسىغا بېرىلمەيدۇ. يەنى ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالىنىڭ ئېرىگە زاكات بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. بەرگەندىمۇ ئادا تاپمايدۇ.

540. سوئال: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى ئالغۇچىغا«بۇ- زاكات» دەپ ئېيتىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى ئالغۇچىغا«بۇ- زاكات» دەپ بىلدۈرۈشى شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھەدىيە ياكى ياردەم نامى بىلەن ئاتاپ بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ.

541. سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: زاكاتنى بېرىشتە راستىنلا ئېھتىياجلىق بولغانلارنى تېپىپ بېرىش زۆرۈردۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە زاكات بېرىشكە بۇيرىغان ئايەتتىكى **وآتوا الزكـاة** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈن تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە: «زاكاتنى بېرىڭلار» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «زاكاتنى ھەقلىق بولغانلارغا تەككۈزۈڭلار» دېگەنلىكتۇر. ئەمما زاكات بەرگۈچى زاكىتىنى ھەقلىق كىشىلەرگە تەككۈزۈش يولىدا كۈچ سەرپ قىلغاندىن كېيىن، بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، زاكات ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقسا، زاكاتنى بەرگۈچىنىڭ ئۇنى بەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن بۇ زاكىتى ئادا تاپىدۇ.

## زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار

542. سوئال: قەرزنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: بىراۋ باشقا بىرىگە قەرز بېرىپ تۇرغان بولۇپ، قەرزنى ئالغۇچىنىڭ پېقىرلىقى سەۋەبلىك ئۇنى تۆلىيەلمىگەن بولسا، بۇ قەرزنى قەرز ئىگىسى شۇ كىشىگە زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىۋەتسە بولىدۇ، زاكات ئادا تاپىدۇ. لېكىن بۇ ئىشتا، قەرز ئالغان كىشىنىڭ قەرزنىڭ زاكاتقا ئايلانغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشى شەرتتۇر.

543. سوئال: بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن كىچىك باللارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا-ئانىسى پېقىر بولغان كىچىك باللارغا ئۇلار بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن بولسىمۇ زاكات بېرىش جائىزدۇر.

544. سوئال: بايلىقى بار يېتىمگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: يېتىم بالا ئەگەر باي بولسا، ئۇنىڭغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

545. سوئال: بىر ياكى ئىككى يىللىق زاكاتنى ئالدىن بېرىش جائىزمۇ؟

جاۋاب: بىر ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتىن سانىلىپ ئۇنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ.

546. سوئال: بانكىنىڭ چەكلىرى ۋە كارتىشكىلىرى (كارتۇچكىلىرى)گىمۇ نەق پۇلغا ئوخشاش زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: بانكىدىن نەق پۇلنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن چەكلەر ۋە كارتىشكىلارغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ زاكىتى خەلق پۇلىدىن بېرىلىدۇ.

547. سوئال: بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمى ھارام پۇل. مۇنداق ھارام پۇلنى ئۆزى ئىشلىتىشكە ھالال بولمىغان يەردە، ئۇنى باشقىلارغا زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بانكىنىڭ ئۆسۈمى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ھارام. ئۇنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنى زاكات ياكى سەدىقە ئورنىدا ئەمەس، پەقەت ھارامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پېقىرلارغا بەرسە، ئۇنى ئالغۇچىلارغا ھالال بولىدۇ، بەرگۈچىمۇ ھارامدىن قۇتۇلغان بولىدۇ.

548. سوئال: زاكات ئۈچۈن ئايرىغان پۇل ئۇنى بېرىشتىن بۇرۇن، قايسىبىر سەۋەب

بىلەن ھالاك بولۇپ كەتكەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇ ھالەتتە زاكات قايتا بېرىلىدۇ. چۈنكى بېرىدىغان زاكاتنى ئايرىغانلىق زاكاتنى ئادا قىلغانغا ياتمايدۇ. زاكات پەقەت ئۇنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

549. سوئال: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ، پەرزەنتلىرى ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ياكى پايدىلىنالمىغان سەۋەبتىن پېقىرلىقتا قالغان بولسا، بۇ پەرزەنتلەرگە زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

550. سوئال: باللىرى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا قالغان ئاتا ياكى ئانىغا زاكات بېرىش جائىزمۇ؟

جاۋاب: باللىرى باي بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياردىمگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

551. سوئال: زاكات ئالغۇچىنىڭ تەقۋا، دىيانەتلىك كىشىلەردىن بولىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولغان كىشىگە زاكات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ زاكات ئالغان پۇلنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا زاكات بېرىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلىش گۇناھقا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ.

552. سوئال: تاپقان پۇلنى قىمارغا ياكى ھاراققا خەجلەيدىغان كىشىنىڭ ئائىلىسىگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: تاپقان پۇلنى قىمارغا ياكى ھاراققا خەجلەيدىغان كىشىنىڭ ئائىلىسى ئەگەر پېقىر بولسا، پەرزەنتلىرى مۇھتاجلىقتا قالغان بولسا، زاكاتنى باللارنىڭ ئاتىسىغا ئەمەس، ئانىسىغا بېرىش ياكى نەق پۇل بەرمەستىن، زاكات بەرمەكچى بولغان پۇلغا ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسە كېرەكلىرىنى ئېلىپ بېرىشكە بولىدۇ.

553. سوئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى كۆپتۇر. سەدىقە، ياردەم، سىلە- رەھىم، خەير-ئېھسان ۋە باشقىمۇ ئاتالغۇلار ئاستىدا بۇيرۇلغان ياردەم ۋاستىلىرى ئۇنىڭ مىسالىدۇر.

554. سوئال: تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بۇ ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنىمۇ؟

جاۋاب: تىجارەت ماللىرىدىن زاكات بەرگۈچى ماللىرىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىش

ياكى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بېرىش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر. مەسىلەن: ئۇن، ماي، گۈرۈچ، شىكەر، تۇز ۋە باشقىمۇ يېمەكلىك ماددىلىرىنى، كىيىم- كېچەك، رەخت- ماتېرىيال قاتارلىق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىشتىن ساتىدىغان كىشى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇلارغا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بەزىسىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى بۇلارنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارغا ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى بېرىشتۇر.

555. سوئال: قانداق تۇغقانلارغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاتا- ئانىسىغا، بوۋا- مومىلىرىغا، باللىرىغا، نەۋرىلىرىگە، چەۋرىلىرىگە، ئەر- خوتۇنلار بىر- بىرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارغا بېرىلگەن زاكات قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلاردىن باشقا، قېرىنداشلىرىغا، تاغا ئاكا، تاغا ئاچىلىرىغا ۋە باشقىمۇ تۇغقانلىرىغا- ئەگەر ئۇلار پېقىر بولسا ــ زاكات بېرىش جائىزدۇر. ئۆزىنىڭ پېقىر تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىش ھەم زاكات ھەم سىلە ــ رەھىم ھېسابلىنىپ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «پېقىرلارغا بېرىلگەن زاكاتتا زاكاتنىڭ ساۋابى بولىدۇ، پېقىر تۇغقانلارغا بېرىلگەن زاكاتتا ھەم زاكاتنىڭ ھەم سىلە- رەھىمنىڭ ساۋابى باردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

556. سوئال: زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولىشىغا يېتەرلىك شەرتلىرى تولۇقلىنىپ بولغان مالنىڭ زاكىتىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش جائىزمۇ؟

جاۋاب: زاكاتنىڭ پەرز بولىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولغانغا ھىجرىيە ھېسابىدا تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ھامان ئۇنى ئادا قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى، خۇددى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن ھامان نامازنى ئادا قىلىش پەرز بولغانىدەك، زاكاتنىمۇ شەرتلىرى تولۇقلىنىپ ئادا قىلىش ۋاقتى كەلگەن ھامان كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىش پەرزدۇر. زاكاتنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلەپ: «سېنىڭ پۇل- مېلىڭغا زاكات پەرز بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى ھامان ئادا قىلمىساڭ، ھارام ھالالنى ھالاك قىلىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ھەدىستىكى«ھارام» دىن مەقسەت، ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەققى بولغان ۋە مال ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ بولالمىغان زاكات،«ھالال» دىن مەقسەت، مال

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) بۇخارىي رىۋايىتى

ئىگىسىنىڭ زاكاتىنىڭ سىرتىدىكى پۇل- مېلىدۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «مالغا ئارىلاشقان زاكات ئۇ مالنى ھالاك قىلماي قالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

# روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

557. سوئال: روزا دېگەن نېمە؟
جاۋاب: روزا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ ئۆزىنى بىر نەرسىدىن توسۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسىي ئالاقىدىن ئۆزىنى توسۇش دېگەنلىكتۇر.
558. سوئال: روزا قانداق ئىبادەت؟
جاۋاب: رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ئىسلامدىكى 5 چوڭ ئاساسلىق پەرزدىن بىرى ۋە تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەتتۇر.
559. سوئال: رامىزان روزىسى قاچان پەرز بولغان؟
جاۋاب: رامىزان روزىسى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە پەرز قىلىنغان[1].

## روزا تۇتۇشى پەرز بولغانلار

560. سوئال: روزا كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟
جاۋاب: يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ ۋە روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

## روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار

561. سوئال: روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
جاۋاب: روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار روزىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە قازا ۋە كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار، يەنە بىرى روزىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە قازانىلا لازىم قىلىدىغان ئامىللار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
562. سوئال: روزىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە قازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە قەستەن جىنسىي مۇناسىۋەت

(1) ئىمام نەۋەۋىنىڭ«مەجمۇئە»ناملىق ئەسەرى،6-توم250-بەتتىن

ئۆتكۈزۈشى، يېيىشى، ئىچىشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزىدۇ ۋە قازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدۇ.

## روزىنىڭ كاپارىتى

563. سوئال: كاپارەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كاپارەت- ماددىي جازا دېگەنلىكتۇر.

564. سوئال: كاپارەت قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: 1كۈن قازا، 60 كۈن كاپارەت بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن 61 كۈن روزا تۇتۇش، ئۇنى قىلالمىسا، يوقسۇللاردىن 60 كىشىگە بىر ۋاخ تاماق بېرىش ياكى 60 كىشىنىڭ ھەر بىرىگە رامىزاندىكى فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدا پۇل بېرىش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

## روزىنىڭ قازاسى

565. سوئال: قازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قازا- ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان ئىبادەتلەرنى باشقا بىر ۋاقىتتا ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

566. سوئال: روزىنى بۇزۇپ قازاسىلا كېلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: روزىنى بۇزۇپ قازاسىلا كېلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) قۇم، تۇپراق ۋە كۆپ مىقداردىكى تۇزغا ئوخشاش ئادەتتە يېيىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى.

(2) قەستەن قۇسۇش. ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

(3) ئىپتارنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى گۇمان قىلىپ، ئېغىزىنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئېچىۋېتىش ياكى تاڭ يورۇمىدى دېگەن گۇمان بىلەن تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ يېيىشكە داۋام قىلىش.

(4) ئۆزىدىن قەستەن سپېرما چىقىرىش.

(5) باشقا بىرىنىڭ زورلىشى بىلەن روزىسىنى بۇزۇش.

(6) بۇرۇنغا ۋە قۇلاققا دورا تېمىتىش. تومۇرغا قۇۋۋەت ئوكۇللىرى سالدۇرۇش. (ئەمما داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىگە سېلىنغان نورمال ئوكۇللار روزىنى بۇزمايدۇ).

(7) ئىختىيارسىز ھالدا گالدىن قار، يامغۇر ياكى سۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى.

567. سوئال: روزىدا ئىسسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ـ ئىچىپ قويسا روزا بۇزۇلامدۇ؟
جاۋاب: روزا تۇتقان كىشى ئىسىدە يوق ھالدا بىرنەرسە يەپ سالسا ياكى ئىچىپ سالسا، ئىسىگە كەلگەن ھامان توختىتىۋالسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما بۇزۇلدى دېگەن ئېتىقاد بىلەن يېيىشكە داۋام قىلسا بۇزۇلىدۇ.

**روزىنىڭ تۈرلىرى**

568. سوئال: دىنىمىزدا قانچە تۈرلۈك روزا بار؟
جاۋاب: دىنىمىزدا 6 تۈرلۈك روزا بولۇپ، ئۇلار: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، ھارام، مەكرۇھ ۋە نەپلە روزىلاردۇر.
569. سوئال: پەرز روزىلار قايسىلار؟
جاۋاب: پەرز روزىلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى.
(2) كاپارەتنىڭ روزىسى.
(3) رامىزاندا تۇتالمىغان روزىلارنىڭ قازاسى.
570. سوئال: ۋاجىب روزىلار قايسىلار؟
جاۋاب: ۋاجىب روزىلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) تۇتۇپ بۇزىۋەتكەن سۈننەت ياكى مۇستەھەب روزىلارنىڭ قازاسى.
(2) تۇتىمەن دەپ ئاتىۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۈستىگە يۈكلەنگەن روزا.
571. سوئال: سۈننەت بولغان روزىلار قايسىلار؟
جاۋاب: سۈننەت بولغان روزىلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) قەمەرىيە ئايلىرىدىن مۇھەررەم (1ـ) ئاينىڭ 9ـ ۋە 10 ـ كۈنلىرى ياكى 10ـ ۋە 11ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش،
(2) ھەج پايالىيىتىدە بولمىغانلارنىڭ ئەرەپات كۈنى بىر كۈن روزا تۇتۇشى سۈننەتتۇر.
(3) شەۋۋال ئايدىن 6 كۈن روزا تۇتۇش.
572. سوئال: مۇستەھەب روزىلار قايسىلار؟
جاۋاب: مۇستەھەب روزىلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە،
(2) قەمەرىيە ئايلىرىدىن ھەر ئاينىڭ 13ـ14ـ15ـ كۈنلىرىدە،
(4) شەبان ئېيىدا خالىغانچە روزا تۇتۇش مۇستەھەبتۇر.
573. سوئال: قايسى كۈنلەردە روزا تۇتۇش ھارام بولىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى كۈنلەردە روزا تۇتۇش ھارام بولىدۇ:
(1) روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى،
(2) قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن 4- كۈنگىچىلىك بولغان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش ھارامدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بايرام كۈنلىرىدە روزا تۇتماستىن ھېيت قىلىشلىرى بۇيرۇلغان.

574. سوئال: قايسى كۈنلەردە روزا تۇتۇش مەكرۇھ بولىدۇ؟
جاۋاب: تۆۋەندىكى كۈنلەردە روزا تۇتۇش مەكرۇھ بولىدۇ:
(1) نەپلە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ جۈمە كۈنىنىلا ئايرىپ بۇ كۈندە روزا تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. جۈمە كۈندە روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا پەيشەنبىنى ياكى شەنبىنى قوشۇپ تۇتۇشى لازىم.
(2) ئاشۇرا كۈندە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ، ئاشۇرا كۈننى يالغۇز تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. سۈننەت ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشتۇر. (مەكرۇھ ئىبادەتنى بۇزمايدۇ).

575. سوئال: ئاشۇرا كۈنى دېگەن قايسى كۈن؟
جاۋاب: ئاشۇرا كۈنى قەمەرىيە ئايلىرىدىن مۇھەررەم (1- ئاي) نىڭ 10- كۈنىدۇر.

576. سوئال: نەپلە روزىلار قايسى ۋاقىتلاردا تۇتۇلىدۇ؟
جاۋاب: نەپلە (ئىختىيارىي) روزىلارنى تۇتۇشنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرى يوق. روزا تۇتۇش ھارام ۋە مەكرۇھ بولغان كۈنلەرنىڭ سىرتىدا، يىلنىڭ قايسى بىر كۈنلىرىدە نەپلە روزىلارنى تۇتۇشقا بولىدۇ.

### رامىزان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلىقى

577. سوئال: رامىزان ئېيى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇلۇغ ئاي؟
جاۋاب: رامىزان ئېيى نۇرغۇنلىغان پەزىلەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى سەۋەبلىك پۈتۈن ئايلاردىن ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاينىڭ ئۇلۇغلىقى مۇنۇ سەۋەبلەردىن:
(1) رامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشكە باشلىغان ئايدۇر.
(2) رامىزان ئېيى قەدىر كېچىسى بىلەن شەرەپلەنگەن.
(3) رامىزان ئېيى مۇكاپات ئېيىدۇر.
(4) رامىزان ئېيى بەرىكەت ئېيىدۇر.
(5) رامىزان ئېيى نىجاتلىق ئېيىدۇر.
(6) رامىزان ئېيى جەننەتنى قازىنىش ئېيىدۇر.

(7) رامىزان ئېيى دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئايدۇر.
(8) رامىزان ئېيىدا قىلىنغان ئۆمرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قىلىنغان ھەجگە تەڭدۇر.

## رامىزان ئېيىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلار

578. سوئال: رامىزاندىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كۈنلەر قايسىلار؟
جاۋاب: رامىزاندىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كۈنلەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى بولۇپ، مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بولغان قەدىر كېچىسى بۇ كۈنلەردە تېپىلىدۇ.

## روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغانلار

579. سوئال: رامىزان روزىسى كىملەردىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟
جاۋاب: رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان شەخسلەر مۇنۇلار:
(1) ئېغىر ئاياق ياكى بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزىگە ياكى بوۋىقىغا زىيان يېتىدىغان بولسا.
(2) روزىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر كېسەللەر.
(3) ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتالمايدىغان كىشىلەر.
(4) مۇساپىرلار.
(5) ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر.
(6) باشقىسى تەرەپتىن ئەگەر روزا تۇتسا جېنىغا دەخلى ـ تەرۇز يېتىدىغان شەكىلدە تەھدىدكە ئۇچرىغانلار.

## روزىنىڭ فىدىيەسى

580. سوئال: رامىزاندا روزا تۇتمىغانلار قانداق قىلىدۇ؟
جاۋاب: ئېغىر ئاياق ياكى بالا ئېمىتكەنلىك ياكى كېسەللىك ياكى مۇساپىرلىق ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا بولغانلىق ياكى تەھدىدكە ئۇچرىغانلىق سەۋەبلىك رامىزاندا روزا تۇتالمىغانلار باشقا ۋاقىتلاردا بىر كۈنگە بىر كۈندىن قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەمما ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن زادى روزا تۇتالمايدىغانلار تۇتالمىغان روزىلىرى ئۈچۈن فىدىيە بېرىدۇ.
581. سوئال: فىدىيە دېگەن نېمە ۋە مىقدارى قانچىلىك؟
جاۋاب: فىدىيە ـ قىلالمىغان ئىبادەت بەدىلىگە پېقىرلارغا بېرىلىدىغان سەدىقە. ياشىنىپ قالغانلىق ياكى كېسەللىك تۈپەيلى رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغانلار تۇتالمىغان روزىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىر تويغۇدەك تاماق بېرىدۇ.

582. سوئال: تۇتالمىغان روزىسى قالغان هالدا ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن فىدىيە بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: مۇنداق كىشىنىڭ تۇتالمىغان هەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىر تويغۇدەك مىقداردا سەدىقە بەرسە بولىدۇ.

583. سوئال: كېسەللىك ياكى سەپەردە بولغانلىق سەۋەبتىن روزا تۇتالماستىن ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: كېسەللىك ياكى سەپەردە بولغانلىق سەۋەبتىن تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ بولغىچىلىك ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش ياكى فىدىيە بېرىشمۇ لازىم كەلمەيدۇ. ئەگەر باشقا سەۋەبلەر بىلەن رامىزاننىڭ بەزى كۈنلىرىدە روزا تۇتمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ بولغىچىلىك ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ۋارىسلىرىغا فىدىيە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ قالدۇرغان مىراسىدىن ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ بولماسلىق شەرتى بىلەن، ئۇنىڭ تۇتالمىغان هەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىر تويغۇدەك مىقداردا فىدىيە بېرىدۇ.

# فىتىر سەدىقىسى (سەدەقايى پىترى) ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

584. سوئال: فىتىر سەدىقىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى (ياكى سەدىقايى فىترى) رامىزان روزىسى ۋە ھېيت خوشاللىقى سەۋەبى بىلەن پېقىرلارغا بېرىش بەلگىلەنگەن سەدىقە بولۇپ، خۇددى نامازنىڭ نۇقسانلىرىنى سەجدە سەھۋى تولۇقلىغاندەك، فىتىر سەدىقىسىمۇ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش جەريانىدىكى نۇقسانلارنى تولۇقلايدۇ.

## فىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋاجىب بولغانلار

585. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى كىملەر بېرىدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق بولسۇن، مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر. مۇسۇلمان ئادەم بۇ سەدىقىنى ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ كاپالىتىدىكى ئائىلە ئەزالىرى، ئاتا ــ ئانىسى قاتارلىق ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بېرىدۇ.

## فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش ۋاقتى

586. سوئال: فىتىر سەدىقىسى قاچان بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگىنى تاڭ ئېتىشى بىلەن ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بېرىش ئەۋزەل. ھېيت كۈنلىرى ئىچىدە بەرسىمۇ ياكى رامىزان ئىچىدە بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

587. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى يېرىم سا (1) (بىر كىلو 625گىرام) بۇغدايىنىڭ ئۆزى ياكى خەلق پۇلىدىكى قىممىتىدۇر.

## فىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار

588. سوئال: فىتىر سەدىقىسى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى زاكات ئېلىشى دۇرۇس بولغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

589. سوئال: فىتىر سەدىقىسىنى بەرمىگەن كىشىنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟

---

(1) سا ــ قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، بىر سا 3 كىلو 250 گىرامغا تەڭ.

جاۋاب: فىتىر سەدىقىسى روزىدىن ئايرىم بىر ئىبادەت بولۇپ، فىتىر سەدىقىسى بەرمىگەن كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇس، بىراق فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلمىغىچە بۇ سەدىقە ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولۇپ قالىدۇ. تۇتقان روزىسىغا دەخلى يەتمەيدۇ.

# ئىتىكاپ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

590. سوئال: ئىتىكاپ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىتىكاپ- ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن روزا تۇتقان ھالەتتە مەسچىتتە ئولتۇرۇش دېمەكتۇر.

591. سوئال: ئىتىكاپ قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئىتىكاپ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى سۈننەت، يەنە بىرى ۋاجىب بولغان ئىتىكاپتۇر.

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئىتىكاپ سۈننەت بولغان ئىتىكاپتۇر.

(2) ئىتىكاپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئاتىۋەتكەن سەۋەبتىن ۋاجىب بولىدىغان ئىتىكاپتۇر.

592. سوئال: ئىتىكاپ قاچان قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: قايسىبىر ۋاقىتتا ئىتىكاپ قىلىش سۈننەتتۇر. رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىتىكاپ قىلىش تەكىتلىك سۈننەت بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھېچ تەرك ئەتمىگەن.

## ئىتىكاپنىڭ شەرتلىرى

593. سوئال: ئىتىكاپنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىتىكاپنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىتىكاپنى نىيەت قىلىش.

(2) مەسچىتتە ئولتۇرۇش.

(3) ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشى.

(4) ئۆزرۈسىز مەسجىدتىن چىقماسلىق.

## روزىغا مۇناسىۋەتلىك سوئال-جاۋابلار

594. سوئال: رامىزان روزىسىنىڭ ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ نىيىتىنى ئېغىز بىلەن ئېيتىش شەرتمۇ؟

جاۋاب: قانداقلا بىر ئىبادەت ئۈچۈن نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدە نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر.

595. سوئال: ئىنتايىن ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ روزا بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ، ھەتتا بىرەر دانە نوقۇت ياكى بىرتامچە يامغۇرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنمۇ روزا بۇزۇلىدۇ.

596. سوئال: روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىغا چىۋىن ياكى چاڭ-توزان كىرىپ كەتسە روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىغا چىۋىن ياكى چاڭ-توزان كىرىپ كېتىپ، ھەتتا گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئۇششاق تاش ياكى كىچىك چالما چاغلىق نەرسىلەرنى يۇتۇپ سالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر كۈنلۈك قازا لازىم كېلىدۇ.

597. سوئال: روزا تۇتىۋاتقان كۈنلەردە ئۆزىگە ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتىۋاتقان كۈنلەردە ئۆزىگە ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

598. سوئال: رامىزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزدە ئىختىيارسىز ھالدا ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ. ئېتىكاردىن بۇرۇن غۇسلى قىلسىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

599. سوئال: رامىزان روزىسىنى تۇتۇش كۈنىنىڭ دۆلەت تەرەپتىن بەلگىلىنىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتۇش كۈنىنىڭ دۆلەت تەرەپتىن بەلگىلىنىشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئاينى كۆرگەن كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى پەرزدۇر.

600. سوئال: رامىزان كۈندۈزدە قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزدە قايسىبىر سەۋەب بىلەن قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ

روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

601. سوئال: ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتنىڭ قىنىدىن پاكلىنىپ بولمىغان ئاياللار روزا تۇتسا قوبۇل بولامدۇ؟

جاۋاب: ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى جائىز ئەمەس. تۇتقان تەقدىردىمۇ ھېسابلانمايدۇ.

602. سوئال: رامىزان كۈندۈزدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئاياللارنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: رامىزان كۈندۈزدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئۇلار كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

603. سوئال: سەھەرلىك يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپ قالسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: سەھەرلىك يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان بولسا ھامان يېيىشنى توختىتىپ نىيەت قىلىش كېرەك. تۇتقان روزا دۇرۇستۇر.

604. سوئال: جىنابەت بىلەن روزا تۇتۇش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: جىنابەت (يەنى غۇسلىنى كېرەك قىلىدىغان ھالەت) تىن پاك بولۇش ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرت، ئەمما روزا تۇتۇش ئۈچۈن شەرت ئەمەس. شۇڭا جىنابەت بىلەن روزا تۇتۇش دۇرۇستۇر.

605. سوئال: روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەل قانداق كېسەل؟

جاۋاب: روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەلنىڭ ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىغان يېنىك كېسەللەردىن بولماستىن، بەلكى روزا تۇتسا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان ئېغىر كېسەللەردىن بولۇشى شەرتتۇر.

606. سوئال: كاپارەت قايسى تۈردىكى روزىنى بۇزغانغا كېلىدۇ؟

جاۋاب: كاپارەت پەقەت رامىزاننىڭ روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ئۈچۈنلا لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت روزىسىنى، قازا ۋە نەپلى روزىلارنى بۇزغانغا كاپارەت لازىم كەلمەيدۇ.

607. سوئال: نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، ئۇنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتۇش كېرەكمۇ؟

جاۋاب: سۈننەت ياكى نەپلى روزىلارنى تۇتۇپ، قايسىبىر سەۋەب بىلەن بۇزىۋەتكەن كىشى ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، قازا لازىم كېلىدۇ. ئەمما باشقا ئۈچ مەزھەبكە كۆرە، بۇ روزىلار ئىختىيارى روزىلار بولغانلىقتىن قازا لازىم كەلمەيدۇ.

ئۈچ مەزھەبنىڭ رەيى كۈچلۈكتۇر.

608. سوئال: ئۆزىنىڭ تۈكۈرۈكىنى يۇتۇش بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئۆز تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

609. سوئال: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

610. سوئال: قايسى ئورگانغا دورا قۇيۇش بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئېغىزىغا، بۇرنىغا ۋە قۇلىقىغا دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭدەك ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىغا دورا قويۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

# هەج ۋە ئۆمرە

611. سوئال: هەج قانداق ئىبادەت؟
جاۋاب: هەج ــ بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان كەبىنى)زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەككىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا ئادا قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ھەم جىسمانى ئىبادەت بولۇپ، قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ئادا قىلىشى پەرزدۇر.

612. سوئال: هەج قاچان پەرز بولغان؟
جاۋاب: هەجنىڭ پەرز قىلىنغان يىلى توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار. ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش هەج هىجرىيىنىڭ 9-يىلى پەرز قىلىنغان دېگەن قاراشتۇر.

## هەج پەرز بولىدىغان كىشىلەر

613. سوئال: هەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: بىراۋغا هەجنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) مۇسۇلمان بولۇش،
(2) ئەقىل ــ هۇشى جايىدا بولۇش،
(3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش،
(4) هەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

614. سوئال: هەج قىلىشقا قادىر بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟
جاۋاب: بىراۋنىڭ هەج قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئۇنىڭغا هەج پەرزنىڭ يۈكلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ هەج چىقىملىرىغا، هەجگە بېرىپ كەلگۈچە ئۆيىدە قالغان بالا ــ چاقىلىرىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشى، تېنىنىڭ ساق بولىشى، هەج يولىنىڭ خاتىرجەم ۋە ئوچۇق بولىشى، ئۆزى هەم مال ــ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بولىشى ۋە قەرزدار بولماسلىقى شەرتتۇر!

## هەجگە بېرىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

615. سوئال: هەجگە بېرىشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: هەج ياكى ئۆمرە سەپىرىگە ئاتلانماقچى بولغانلار تۆۋەندىكىلەرنى قىلىدۇ:
(1) هەج ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئىبادەتلەر بىلەن پەقەت ئاللاھ

تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت ۋە غايە قىلىشى.

(2) بالا ـ چاقىلىرىغا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىش، ئاللاھ تائالا بۇيرىغانلارنى تولۇق ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىشى.

(3) ئۈستىدە قەرز بولسا تۆلەش، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن رازىلىششى، باشقىلاردىن ئېلىشى بولسا بالا ـ چاقىلىرىغا يېزىپ ۋە گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قالدۇرۇشى، ۋەسىيەتلىرى بولسا قىلىۋېلىشى.

(4) ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش، ھەج قوللانمىسىدىن بىرنى پۈتۈن سەپىرى بويىچە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشى.

(5) ھەرەمگە بېرىپ كەلگۈچىلىك بارلىق چىقىملار ئۈچۈن ھالال پۇل ئىشلىتىشى.

(6) پۈتۈن سەپىرى ئىچىدە تازىلىققا، پاكىزلىققا زور ئەھمىيەت بېرىشى.

(7) ھەج سەپىرى جەريانىدا، تەقۋالىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن ئۈلگە ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇش.

### ھەجنىڭ تۈرلىرى

616. سوئال: ھەجنىڭ تۈرلىرى قانچە؟

جاۋاب: ھەج ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار ھەج ئىفراد، ھەج تەمەتتۇ ۋە ھەج قىراندۇر.

617. سوئال: ھەج ئىفراد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەج ئىفراد - يەككە ھەج دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلماستىن، پەقەت ھەجنىلا نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش بىلەن قىلىنىدىغان ھەجدۇر.

618. سوئال: ھەج تەمەتتۇ دېگەن نېمە؟

جاۋاجب: ھەج تەمەتتۇ - بەھرىمەن ھەج دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەج ئايلىرىدا ھەج بىلەن ئۆمرە ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېھرام باغلاش بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ھەجدۇر.

619. سوئال: ھەج قىران دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەج قىران دېگەن - ئۇلانما ھەج دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەج بىلەن ئۆمرە ئىككىسىنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلغان ھالدا ئېھرام باغلاپ، باغلىغان شۇ ئېھرام بىلەن ئاۋۋال ئۆمرە، ئاندىن ھەج پائالىيەتلىرى ئادا قىلىنىدىغان ھەجدۇر.

**ئەسكەرتىش**: ھەج ئىفراد قىلغۇچىلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب ئەمەس، ئەمما

ھەج تەمەتتۇ ياكى ھەج قىران قىلغۇچىلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىبتۇر.

**ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى**

620. سوئال: ھەجنىڭ پەرزلىرى قانچە؟

جاۋاب: ھەجنىڭ پەرزلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلاش.

(2) ئەرەفاتتا تۇرۇش.

(3) كەبىنى 7قېتىم تاۋاپ قىلىش (بۇ تاۋاپ «تاۋاپ ئىفادە» دەپ ئاتىلىدۇ).

**ئەسكەرتىش:** پەرز ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسىنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنىشى بىلەن قىلغان ھەج بىكار بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ھەجنى يەنە بىر يىلى قايتىدىن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

621. سوئال: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى 7 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) «مىقات» (ئىھرام باغلاشقا بەلگىلەنگەن ئورۇن) تىن ئىھرام باغلاپ كېلىش.

(2) سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش (مېڭىش). سافادىن مەرۋىگە بىر قېتىم بېرىش بىر سەئى، مەرۋىدىن سافاغا بېرىش يەنە بىر سەئى ھېسابلىنىدۇ.

(3) مۇزدەلىفەدە ئاز ۋاقىت بولسىمۇ تۇرۇش. (ئەمما بىر كېچە قونۇش سۈننەت).

(4) شەيتانغا تاش ئېتىش.

(5) باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىش.

(6) قۇربانلىق قىلىش.

(7)ھەرەمدىن ئايرىلىش ئالدىدا ۋىدا تاۋىپىنى قىلىش.

**ئەسكەرتىش:** ۋاجىب ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنسا ھەج بۇزۇلمايدۇ. بىراق بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەستىن ھەممىسنى مەككىدە كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش، ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمىسە ھەج كۈنلىرىدە (ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن) ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمى 10 كۈن روزا تۇتۇش بىلەن نوقسان تولۇقلىنىدۇ.

622. سوئال: ھەجنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ھەجنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىھرام باغلاشتىن ئاۋۋال يۇيۇنۇش.

(2) ئىھراملىق ئۈچۈن ئىككى پارچە ئاق، يېڭى ياكى يۇيۇلغان پاكىز ماتېرىيال

ئىشلىتىش.

(3) ئېھرام باغلاپ بولۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

(4)- ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن «لەببەيكە» دۇئاسىنى ئېيتىش.

(5) مەككىگە يېتىپ كەلگەن ھامان كەبىنى تاۋاب قىلىش.

(6) زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11 ـ 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرى مىنادا قونۇش.

**مۇلاھىزە:** يۇقىرىقى ئۈچ كۈندە مىنادا كېچىنىڭ يېرىمىگىچىلىك بولسىمۇ قونۇش ھەنەفىي مەزھىپىدە تەكىتلىك سۈننەتتۇر. ئەمما شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدە ۋاجىبتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، مىنادا قونمىغان كىشىگە بىر قوي قان كېلىدۇ. ئۇنى بۇغۇزلاپ مەككىنىڭ يوقسۇللىرىغا تارقىتىپ بېرىش بەلگىلىنىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ھەجنىڭ سۈننەتلىرى ھەجنىڭ كامالىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىشلار بولۇپ، سۈننەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئەمما سۈننەت دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى ھەممىسىنى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك ئېتىش بىلەن ھەجنىڭ ئادا تېپىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

### ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلار

623. سوئال: ئېھرام باغلىغان كىشى ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلار مۇنۇلار:

(1) ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن چاچ ياكى قولتۇق تۈكلىرىنى ياكى تىرناقلىرىنى ئېلىش. ئەمما ئىختىيارسىز چۈشۈپ كەتسە ياكى ئېسىدە يوق ئېلىپ تاشلىسا ھېچ ۋەقەسى يوق.

(2) بەدىنىگە ياكى ئېھرامغا (ئاياللار كىيىملىرىگە) ھەر قانداق ئەتىر ۋە خوشپۇراقلىق نەرسىلەرنى چېچىش ياكى سۈرتۈش.

(3) ئەرلەرنىڭ كىيىم شەكلىدە تىكىلگەن نەرسىلەرنى كىيىشى، ئەر ـ ئايال ھەر قانداق كىشىنىڭ قوللىرىغا پەلەي كىيىۋېلىشى.

(4) نىكاھلىنىش ياكى باشقىلارنىڭ نىكاھىنى قىلىش.

(5) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش.

(6) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن ھەر قانداق بىر جانلىقنى ئۆلتۈرۈش. ئەمما ئىلان ـ چايان، سېرىق چاشقان، قارغا، چىشلەيدىغان غالجىر ئىت، چۈسا، پاشا، قوڭغۇز ۋە كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان ھەر قانداق ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرنى ئېھرام ئىچىدە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ.

(7) باشقىلار بىلەن جېدەللىشىش، ئۇرۇشۇش، تىللىشىش ۋە ھەرقانداق بىر

گۇناھنى سادىر قىلىش.

(8) ئەرلەرنىڭ بېشىنى ، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆگىۋېلىشى. (ئەمما ئاياللار يات ئەرلەر بار جايدىن ئۆتكەندە، ئۇلاردىن جامالىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن يۈزىنى يۆگىۋالسا بولىدۇ. بۇ چەكلەنگەن ئىشلار قاتارىغا كىرمەيدۇ).

## چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ جازاسى ۋە مىقدارى

624. سوئال: ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغان كىشى نېمە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق 3 تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئېھرامدا چەكلەنگەن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشى ئۇنى بىلمىگەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى زورلانغانلىقتىن سادىر قىلغان بولسا، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، گۇناھ بولمايدۇ، جازامۇ كەلمەيدۇ.

(2) ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىنى ئېھتىياج يۈزىسىدىن بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، گۇناھكار بولمايدۇ، ئەمما جازا كېلىدۇ.

(3) ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىنى ئۆزرىسىز ۋە ئېھتىياجسىز تۇرۇپ سادىر قىلغان بولسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە جازا كېلىدۇ.

625. سوئال: جازا مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟

جاۋاب: جازا مىقدارى مۇنداق 3 تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلارنى سادىر قىلغانلىقنىڭ جازاسى

چاچ ياكى قولتۇقنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىش، تىرناق ئېلىش، خۇشبۇي قوللىنىش، قوللىرىغا پەلەي كىيىش، ئەرلەرنىڭ تىكىلگەن نەرسە كىيىشى، بېشىنى يۆگىشى، ئاياللارنىڭ سەۋەبسىز يۈزىنى يۆگىۋېلىشى ۋە ئەر ـ ئايالنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىششى قاتارلىق ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل جازانىڭ بىرىنى تاللايدۇ:

① ئارقا ـ ئارقىدىن ياكى ئارا بېرىپ ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.

② ئالتە پېقىرنى بىر قېتىم غىزالاندۇرۇش.

③ بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ گۆشىدىن ئۆزى يېمەستىن مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىش. (بۇ خىل جازا «دەم» دەپ ئاتىلىدۇ).

(2) ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەننىڭ جازاسى

ئېھرامدىن چىقماي تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ قىلغان

ھەججىسى بۇزۇلىدۇ. ئۇنى كېيىنكى يىللاردا قايتا قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمما ئېھرامدىن چىقىپ بولغان بولسىمۇ، پەرز تاۋاپ بىلەن سەئى قىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ھەججىسى بۇزۇلمايدۇ، پەقەت قۇربانلىققا يارايدىغان ماللاردىن بىرەر قوي ياكى بىرەر ئۆچكە قۇربانلىق قىلىش ياكى ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمئى 10 كۈن روزا تۇتۇش بىلەن ھەججىسى تولۇقلىنىدۇ.

(3) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن بىرەر جانلىقنى ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ئۆلتۈرگەن نەرسىسى چارۋا ماللىرىغا ئوخشاش قىممىتىنى باھالىغىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، جازاسى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش بىلەن ئادا تاپىدۇ:

① ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىگە چۇشلۇق بىرەر مال (مەسىلەن، بىر كىيىكنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا بىر قوي، تۆگە قۇشىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا بىر كالا) ئېلىپ قۇربانلىق قىلىپ ھەرەمدىكى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش.

② ياكى ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىگە تائام ئېلىپ مەككىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەر بىرىگە يېرىم«سا» (1625 گرام) دىن تارقىتىپ بېرىش ياكى قىممىتىنى بېرىش.

③ ياكى ھەر بىر پېقىرغا بېرىدىغان تائامنىڭ ئورنىغا بىر كۈندىن ھېسابلاپ روزا تۇتۇش.

ئىككىنچىسى، ئۆلتۈرگەن نەرسە چېكەتكىگە ئوخشاش ئوخشىشىنى تاپقىلى بولمايدىغان جانلىق بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ:

① ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ ئۇنىڭغا تائام (ياكى بۇغداي) ئېلىپ مەككىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەر بىرىگە يېرىم«سا» دىن تارقىتىپ بېرىش ياكى قىممىتىنى بېرىش.

② ياكى ھەر بىر پېقىرغا بېرىدىغان تائام ئورنىغا بىر كۈندىن روزا تۇتۇش.

**ئەسكەرتىش:** جانلىقنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەيلى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن بولسۇن، مەيلى ئېسىدە يوق ياكى بىلمەستىن ئۆلتۈرگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى تۆلەيدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنمۇ شۇنداق.

### ئېھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار

626. سوئال: ئېھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئېھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) يۇيۇنۇش.
(2) ئېھرامنى ئالماشتۇرۇش ياكى يۇيۇش.
(3) پۇراقسىز سۇرمە تارتىش.
(4) قولغا سائەت سېلىش،
(5) بەلگە كەمەر ياكى ھەميان (تىكىلگەن بولسىمۇ) تاقاش.
(6) قولغا ئۈزۈك سېلىش.
(7) باشنى ياكى بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىنى قاشلاش، تاتىلاش، ئۇۋۇلاش.
(8) خۇشپۇراقسىز نورمال سوۋۇنلارنى ئىشلىتىش.

### ھەج ۋە ئۆمرىدە ئاياللارغا خاس ئەھكاملار

627. سوئال: ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشتا ئاياللارغا خاس ئەھكاملار قايسىلار؟
جاۋاب: ئاياللارغا خاس ئەھكاملار تۆۋەندىكى ئىشلاردۇر:
(1) ئاياللار ھەج سەپىرىدە ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقىنىنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا ئېھتىياجلىقتۇر.
(2) ئاياللار ئېھرام باغلىغاندا ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە، تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ.
(3) ئاياللار تاۋاپ ۋە سەئى قىلىش ئىشلىرىدا بىر خىل ماڭىدۇ (ئەرلەرگە ئوخشاش تاۋاپنىڭ ئالدىنقى ئۈچىدە تېزرەك ماڭمايدۇ ۋە سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى يېشىل چىراق ئارىسىدا يۈگۈرمەيدۇ.)
(4) ئاياللار ئېھرامدىن چىققاندا بېشىنى چۈشۈرمەيدۇ. بەلكى ھەر بىر چېچىنىڭ ئۇچىدىن ئاز بىر مىقدارنى كېسىدۇ.
(5) ئاياللار «لەببەيكە»نى ئاۋازلىق ئوقۇمايدۇ.
(6) ئاياللار ھەجرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا خالىغان ۋاقىتتا بارمايدۇ. پەقەت ئەرلەردىن خالىي بولغان مەخسۇس ۋاقىتلاردىلا بارسا بولىدۇ.
(7) ئاياللار ئېھرام باغلىغاندا ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە بېشىنى يۆگەيدۇ.
(8) ئادەت كۆرۈش(ھەيز) ياكى بوشىنىش ئاياللارنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن توسقۇن بولالمايدۇ.

## ھەج پائالىيىتىنىڭ تەرتىپى

628. سوئال: ھەج پائالىيىتى قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ھەج پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) زۇلھەججىنىڭ 8 كۈنى (تەرۋىيە كۈنى) تۇرغان يېرىمىزدىن ئېھرام باغلايمىز (ئېھرام باغلاشنى 9 ـ كۈنى ئەرەفە (ئەرەفاتتا بولىدىغان)كۈنگىچە كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇنداق قىلىش سۈننەتكە خىلاپ ئىش). ئېھرام باغلاشتىن ئاۋۋال غۇسلى قىلىمىز ۋە ئىمكانىيەت بولسا بەدىنىمىزگە خۇشبۇي بۇيۇملاردىن چاچىمىز. ئاندىن «ئى ئاللاھ! ھەج قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولدۇم» دەپ نىيەت قىلىپ، ئېھراملىقنى كىيىمىز.

(2) ئاندىن مىناغا چىقىمىز. مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيمىز. پەقەت پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىنى قەسرى (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت) قىلىپ ئوقۇيمىز. ئەمما شام ئەسلىدىكىسى بويىچە ئۈچ رەكئەت قىلىپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۈچ رەكئەتلىك ناماز قەسرى قىلىنمايدۇ.

(3) زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن، ئەرەفاتقا قاراپ يۈرىمىز. ئەرەفاتقا يېتىپ بارغاندا، ئەرەفات چېگرىسىنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ بولغان ياكى بولمىغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئەرەفاتنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىدا تۇرغان كىشىنىڭ قىلغان ھەججىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشى ئەرەفاتتا تۇرغان بولمايدۇ.

(4) ئەرەفاتتا قۇرئان ئوقۇش، دۇئا، تەكبىر(ئاللاھنى ئۇلۇغلاش)، تەسبىھ (ئاللاھنى پاك دەپ تەرىپلەش)، تەھلىل (ئاللاھنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش) ۋە ئىستىغفار (گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراش) قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىمىز.

(5) ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى پېشىن ۋاقتىدا ئىككى رەكئەتتىن قىلىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جامائەت بولۇپ، ئارقا ــ ئارقىدىن بىر ۋاقىتتا ئوقۇيمىز.

(6) قۇياش پاتقاندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن، يۈگۈرمەستىن تەلبىيە ئوقۇغان ھالدا مۇزدەلىفەگە قاراپ يول ئالىمىز. يولدا يۈرگەندە باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان، ئۇلارنى قىستاپ قويىدىغان، پۇتلىرىغا دەسسەپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت. ئىبادەت باشقىلارغا ئازار بېرىش بىلەن

قىلىنمايدۇ.

(7) مۇزدەلىفەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جامائەت بولۇپ، ئارقا ــ ئارقىدىن بىر ۋاقىتتا ئوقۇيمىز. خۇپتەن قەسرى قىلىنىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ئەمما شام تولۇق ئوقۇلىدۇ.

(8) مۇزدەلىفەدە بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ تۇرۇش بىلەن ۋاجىب ئادا بولىدۇ. بىراق ئەتىسى قۇياش تولۇق چىقىپ بولغىچىلىك مۇزدەلىفەدە قونۇش سۈننەتتۇر. بۇ بىر كېچىلىك قونۇش جەريانىدا دۇئا ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىمىز. شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى مۇزدەلىفەدىن يىغىشقا بولغاندەك قايسىبىر جايدىن يىغىشمۇ جائىزدۇر. ئاجىز، ياشانغان ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ مۇزدەلىفەدە كېچىنىڭ يېرىمىغا قەدەر قونۇپ كېتىپ قېلىشىغا رۇخسەت باردۇر

(9) زۇلھەججىنىڭ 10 ــ كۈنى (ھېيت كۈنى) قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىناغا تەلبىيە ئوقۇغان ھالدا يولغا چىقىمىز. مىناغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ شەيتان ئۈچۈن نىشانە قىلىنغان جايغا بېرىپ، تەلبىيەنى توختىتىمىز ۋە شەيتانغا يەتتە تال تاش ئاتىمىز. ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا اَللهُ أَكْبَـر (ئاللاھۇ ئەكبەر)دەپ تەكبىر ئېيتىمىز.

(10) شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، قۇربانلىق قىلىمىز. قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۆزىمىزمۇ يېسەك بولىدۇ. قالغانلىرىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىمىز.

(11) قۇربانلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چېچىمىزنى چۈشۈرىمىز ياكى قىسقارتىمىز. چاچنى چۈشۈرۈش قىسقارتىشتىن ئەۋزەلدۇر. ئەمما ئاياللار ھەر بىر چېچىنىڭ ئۇچىدىن بىر سانتىمېتىر مىقداردا كېسىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ ئادەتتىكى كىيىملىرىمىزنى كىيىمىز. ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئېھرام ئىچىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممىسىنى قىلىشقا بولىدۇ.

(12) ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، مەككىگە قاراپ يول ئالىمىز. مەسجىدى ھەرەمگە يېتىپ كەلگەندە كەبىنى تاۋاپ قىلىمىز. (بۇ تاۋاپ «تاۋاپ ئىفادە ــ پەرز تاۋاپ» دەپ ئاتىلىدۇ). تاۋاپتىن كېيىن، ئىمكانىيە بولسا «مەقامۇ ئىبراھىم»نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز. ئەگەر ھەرەم قىستىلاڭغۇ بولسا بۇ نامازنى ھەرەمنىڭ قايسىبىر يېرىدە تۇرۇپ ئوقۇساق بولىدۇ. بەلكى مۇنداق قىلىش ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئازارغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەلدۇر. ئاندىن سافا بىلەن مەرۋەنى سەئى قىلىمىز. («ھەج تەمەتتۇئ» قىلغانلار ياكى «تاۋاق قۇدۇم» (ھەرەمگە قەدەم بېسىش تاۋىپى)نى

قىلمىغانلارنىڭ سەئىنى شۇ كۈنى (يەنى ھېيتنىڭ 1 - كۈنى) ۋاقتىدا قىلىشى لازىم. ئەمما «ھەج قىران»ياكى «ھەج ئىفراد» قىلغانلارنىڭ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش ئىشنى كېيىنكى كۈنلەرگىچە كېچىكتۈرۈشى جائىزدۇر).

(13) ھەرەمدە تاۋاپ بىلەن سەئىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى مىناغا قايتىمىز ۋە مىنادا زۇلھەججىنىڭ 11 ـ 12 - ۋە 13 - كېچىلىرى قونىمىز (بۇ كۈنلەر «تەشرىق كۈنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ). ئىشى ئالدىراش بولغانلار ئىككى كېچە قونۇپلا (12 - كۈنى كۈن پېتىشتىن ئاۋۋال) قايتىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما مىنادا ئۈچ كېچە قونۇش ئەۋزەلدۇر.

(14) مىنادا ئۈچ كۈن قونۇش جەريانىدا پىشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىنى قەسرى قىلىپ ئۆز ۋاقتلىرىدا ئوقۇيمىز. ھەر كۈنى ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە يەتتە تالدىن تاش ئاتىمىز. بۇ كۈنلەردىكى تاش ئېتىش كىچىك شەيتاندىن باشلىنىپ چوڭ شەيتاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە تاش ئېتىشتا الله أكْبر دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيتانغا تاش ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمكانىيەت بولسا قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلىپ، قولىمىزنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ تۇرىمىز. ئەمما چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقاندا، ھەر بىر تاش بىلەن تەكبىر ئېيتىپ توختىماستىن قايتىپ كېتىمىز.

## ئۆمرە ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

629. سوئال: ئۆمرە قانداق ئىبادەت؟

جاۋاب: ئۆمرە ـ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۆمرە قىلىش سۈننەتتۇر. ئۆمرەنى يىلنىڭ قايسىبىر ئايلىرى ۋە كۈنلىرىدە قىلىشقا بولىدۇ.

630. سوئال: ئۆمرە قانداق قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئۆمرە تۆۋەندىكىدەك قىلىنىدۇ:

(1) ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش.

(2) كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش.

(3) سافا بىلەن مەرۋەنى يەتتە قېتىم سەئى قىلىش.

(4) ئاخىرىدا چاچنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىش.

## قۇربانلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

### قۇربانلىقنىڭ تۈرلىرى

631. سوئال: دىنىمىزدا قانچە تۈرلۈك قۇربانلىق بار؟

جاۋاب: دىنىمىزدا 6 تۈرلۈك قۇربانلىق بار، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) ھاجىلارنىڭ ھەج پائالىيىتى ئىچىدە قىلىدىغان قۇربانلىقى بولۇپ، «ئۇدھىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل قۇربانلىق ھاجىلاردىن ھەج تەمەتتۇ ياكى ھەج قىران قىلغانلارغا ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما ھەج ئىفراد قىلغۇچىلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب ئەمەس.

(2) ھەج ياكى ئۆمرە قىلغانلارنىڭ ئېھرام ئىچىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى سەۋەبلىك بەلگىلىنىدىغان قۇربانلىق بولۇپ،«دەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە قولىدا بار كىشىلەر قىلىدىغان قۇربانلىق.

(4) ئاللاھ يولىدا ئاتىۋەتكەن قۇربانلىق بولۇپ، ئۇنى ئورۇنداش ۋاجىبتۇر.

(5) يېڭى تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن كېسىلىدىغان قۇربانلىق بولۇپ، «ئەقىقە» دەپ ئاتىلىدۇ.(ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلاپ پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش ياكى ئۇلارغا زىياپەت بېرىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان)[1].

(6) ساۋاب تېپىش نىيىتى بىلەن كېسىلىدىغان نەپلە (ئىختىيارىي) قۇربانلىق.

### قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتى

632. سوئال: قۇربانلىق قىلىدىغان ماللار قايسىلار؟

جاۋاب: قۇربانلىق قىلىدىغان ماللار: قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگە.

633. سوئال: قۇربانلىق ماللارنىڭ ياش ۋە سۈپەت ئۆلچىمى قانداق؟

جاۋاب: قۇربانلىق ماللارنىڭ ياش ۋە سۈپەت ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

(1) قويدىن 6 ئايلىقتىن چوڭ بولغىنى.

(2) ئۆچكىدىن بىر ياشتىن چوڭ بولغىنى.

(3) كالىدىن ئىككى ياشتىن ئاشقىنى.

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دېيىلگەن ھەدىس.

(4) تۆگىدىن بەش ياشتىن ئاشقىنى.

634. سوئال: قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋانلار قانچە كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ ؟

جاۋاب: بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بىر ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. بىر كالا ياكى بىر تۆگە 7 ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. (يەنى 7كىشى بىرلىشىپ بىر تۆگە ياكى بىر كالا قۇربانلىق قىلسا، ئۇلار قۇربانلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ).

635. سوئال: قۇربانلىققا يارىمايدىغان ئۆزۈرلۈك ماللار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۆزىدىكى ئەيىب ـ نوقسانلار سەۋەبلىك قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدىغان ماللار تۆۋەندىكىلەر:

(1) كېسەل ياكى يوقۇملانغان ھايۋان. (چۈنكى مۇنداق ھايۋاننىڭ گۆشى ئىنساننىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك قۇربانلىققا يارىمايدۇ).

(2) بىر ياكى ئىككىلى كۆزى كور بولغان ھايۋان.

(3) قولاق ياكى قۇيرۇقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كېسىۋېتىلگەن ھايۋان.

(4) ئۆرە تۇرالمايدىغان ھالەتتىكى توكۇر ھايۋان.

(5) قولاقسىز ياكى قۇيرۇقسىز تۇغۇلغان ھايۋان.

(6) چىشلىرىنىڭ كۆپرەكى چۈشۈپ كەتكەن ھايۋان.

(7) قاتتىق ئورۇق ھايۋان.

(8) مۈڭگۈزلىرىدىن بىرى ياكى ئىككىلىسى تۆۋىدىن كېسىلگەن ھايۋان.

636. سوئال: قانداق ئۆزۈرلۈك ھايۋانلار قۇربانلىققا يارايدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىدەك ئۆزۈرلىرى بار ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئاقساپ ماڭسىمۇ ئۆزى ساق بولغان ھايۋان.

(2) تۇغۇلۇشتىن مۈڭگۈزسىز بولغان ياكى مۈڭگۈزىنىڭ ئازراق قىسمى سۇنغان ھايۋان.

(3) قولاقلىرى تېشىلگەن ھايۋان.

(4) چىشلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ قىسمى ساق بولغان ھايۋان.

(5) پىچىۋېتىلگەن ھايۋان.

### قۇربانلىقنىڭ گۆشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

637. سوئال: قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: قۇربانلىقنىڭ گۆشى مۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

(1) ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئېھرامدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى سەۋەبلىك ئۈنىڭغا يۈكلەنگەن قۇربانلىق(دەم)نىڭ گۆشىدىن ئۆزى ۋە

ئائىلىسىدىكىلەر يېمەستىن، ھەممىسىنى مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىش.

(2) ئــاللاھ يولــدا قۇربــانلىق قىلىشــنى ئاتىۋەتكەنلىــك ســەۋەبتىن قىلىنغــان قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىســدىكىلەرنىڭ يېــيىش مەسىلىسىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى يېيىشكە بولىدۇ دېسە، بەزىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ پېقىـرلارنىڭلا ھەققى دېـگەن. يېيىشـنى توسـقۇچىلارنىڭ رەيـى پېقىرلارنـىڭ مەنپەئەتـى ئۈچـۈن پايـدىلىق ۋە ئېهتىيـاتلىق ھۆكـۈم. ئەممـا يېسـە بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ رەيىدە كەڭچىلىك كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا قۇربانلىق قىلغـۇچى ئەگەر پېقىر بولسا قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېسە بولىدۇ.

(3) قۇربــان ھېيتتىكــى قۇربــانلىق، ھاجىلارنــىڭ ھەج پائــالىيىتى جەريانـــدا قىلىدىغان قۇربانلىقى (ئۇدھىيە)، ئەقىقە ۋە ئىختىيارىي قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىنى 3 كە بۆلۈپ، بىر بۆلۈكىنى پېقىرلارغا سەدىقە ئورنىدا تارقىتىـپ بېـرىش، يەنە بىـر بۆلـۈكىنى تونۇشلار، قوشـنىلار ۋە دوسـتلارغا ـ گەرچە ئـۇلار بـاي بولسـىمۇ ـ ھەدىـيە قىلىـش، ئۈچىنچى بۆلۈكىنى ئائىلىسىدە يېيىش تەۋسىيە قىلىنىـدۇ. ئەگەر قۇربـانلىق قىلغـان ئادەم كەمبەغەل بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسـى بـاي بولسـا، قۇربـانلىق قىلغـان مېلىنىڭ گۆشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئائىلىسىدە يېسىمۇ بولىدۇ.

## ساۋاب ۋە گۇناھقا مۇناسىۋەتلىك سوئال-جاۋابلار

638. سوئال: ساۋاب دېگەن نېمە؟
جاۋاب: ساۋاب ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تارتۇق»، «ئىنئام» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام شەرىئىتىدە ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىشلارنى قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتىدۇر.
639. سوئال: ئىسلام دىنىدا ساۋاب چۈشەنچىسى قانداق؟
جاۋاب: ئىسلام دىنىدا ساۋاب چۈشەنچىسى قىسقىچە مۇنداق: ئاللاھ تائالانى تونۇپ، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدا غايە قىلىنغان ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىش بۇرچىنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانلىق شەنىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرۈشكە ئوخشاش ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىشلار ساۋابلىق ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
640. سوئال: ساۋاب بولىدىغان ئىشلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟
جاۋاب: ساۋاب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنىڭ مۇكاپاتى دۇنيادا ھۇزۇرلۇق ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىششتۇر.

### ساۋابلىق ئىشلارنىڭ تۈرلىرى

641. سوئال: ئىسلام دىنىدا ساۋاب دېيىلگەن ئىشلارنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: دىنىمىزدا ساۋاب دېيىلگەن ئىشلارنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەر:
(1) ئىمان ئېيتىپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىسلام ئەقىدىلىرىگە يۈرەكتىن ئىشىنىش.
(2) دىنىمىزدا بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب ئەمەللىرىنى تولۇق ئورۇنداش.
(3) پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداش.
(4) ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.
(5) ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىش ۋە ھەر ئىشتا ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇش.
642. سوئال: ساۋابى ئەڭ كۆپ ۋە ئۇلۇغ ئەمەل قايسى؟
جاۋاب: ساۋابى ئەڭ كۆپ ، ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەل تەۋھىد بولۇپ، تەۋھىد پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر.«تەۋھىد» سىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل بولمايدۇ.
643. سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئېتىقاد قىلىش ۋە پۈتـۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر.

## ساۋاب بولىدىغان ئىشلار

644. سوئال: ئىسلام دىنىدا ساۋاب بولىدىغان ئىشلار قىسقىچە قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىـدا ساۋاب سانىلىدىغان ئىشلارنىڭ مۇھىمرەكلىرى قىسقىچە مۇنۇلار:

(1) ساغلام ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا ئىگە بولۇش.

(2) كۈندە بەش ۋاخ نامازنى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئادا قىلىش.

(3) رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش.

(4) پۇل ــ مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىش.

(5) قۇدرىتى يەتسە ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش.

(6) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئورۇنداش، ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىش.

(7) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش.

(8) ھەر كىشىگە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىش.

(9) قۇرئـان كەرىمنــى ساۋابنى كـۆزلەپ، تەجۋىـد قائىــدىلىرىگە رىئـايە قىلىــپ ئوقۇش.

(10) ئـاللاھ بەرگەن نـېمەتلەرگە شـۈكۈر قىلىــش ۋە ئۇنىــڭ شۈكرانىســىنى ئـادا قىلىش.

(11) بېشىغا كەلگەن بالا ــ قازا ۋە مۇسىبەتلەر ئۈچۈن سەۋر قىلىپ ئـاللاھتىن ساۋاب كۈتۈش.

(12) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىدىن ئۈمىت قىلىش بىلەن ياشاش.

(13) ئاللاھنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىش، پۈتـۈن ئىشلىرىنى ئـاللاھ رازىلىقـى ئۈچـۈن قىلىش.

(14) گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.

(15) قەلبىــدە بىراۋغـا ئۆچلـۈك، دۈشـمەنلىك، كۆرەلمەسـلىككە ئوخشـىغان ناچـار ئىللەتلەرگە ئورۇن بەرمەسلىك.

(16) ئاتا ــ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىـلەن قىلىـش، ئـۇرۇق ــ توغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرىنى ئايىماسلىق.

(17) قوشنىلارغا، خىزمەتداشلارغا، دوستلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش، ئۇلارنى زىيانغا

ئۇچراتماسلىق.

(18) دىن ۋە ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ۋە بۇنداق ئىشلارغا ياردەم بېرىش.

(19) دىن ۋە دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە بىلىم ئېلىش، كىتاب ئوقۇش.

(20) ئۆزى ئۆگەنگەن تونغرا ۋە پايدىلىق بىلىملەرنى تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈش.

(21) چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئاسراش.

(22) دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىش.

(23) ئۆلۈمنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ھەر زامان تەييارلىق كۆرۈش.

### گۇناھ ۋە گۇناھنىڭ تۈرلىرى

645. سوئال: گۇناھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: گۇناھ ــ ئاللاھ مەنئىي قىلغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ھاراق ئىچىش، يالغان سۆزلەشكە ئوخشاش.

646. سوئال: ئىسلام دىنىدا گۇناھ چۈشەنچىسى قانداق؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا گۇناھ چۈشەنچىسى قىسقىچە مۇنداق: ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىگە مۇناسىپ كەلمىگەن، ئىنسانلىق شەنىگە لايىق كەلمىگەن ۋە ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلار گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

647. سوئال: ئىسلام دىنىدا گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈرلىرى قىسقىچە قايىسلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ. قىسقىچە ئېيتقاندا مۇنۇلار:

(1) ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە ئىشەنمەسلىك ياكى شەك كەلتۈرۈش.

(2) پەرز ۋە ۋاجىب ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش.

(3) ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ھارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش.

(4) ئىسلامىي ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ناچار قىلىقلارغا ئادەتلىنىش.

648. سوئال: ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ چوڭ گۇناھ ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

649. سوئال: شېرىك دېگەن نېمە؟
جاۋاب: شېرىك - ئېتىقاد، ئەمەل - ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھقا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن ياكى مازاردىكىلەردىن بىر نەرسە سورىغانغا ئوخشاش. شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

## گۇناھ سانالغان ئىشلار

650. سوئال: ئىسلام دىنىدا گۇناھ سانالغان ئىشلار قىسقىچە قايسىلار؟
جاۋاب: ئىسلام دىنىدا گۇناھ سانالغان ئىشلار قىسقىچە مۇنۇلار:
(1) ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە خاتا پىكىر ۋە ئازغۇن ئېقىملارنى قوبۇل قىلىش.
(2) پەرز ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىش.
(3) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش.
(4) ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، تۇغقانلار ئارا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش.
(5) زىنا قىلىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، ئاق چېكىش.
(6) يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، بىراۋغا قارا چاپلاش، كىشىلەرگە ھاقارەت قىلىش ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش.
(7) ھارام يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىگە قول ئۇزىتىش، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش، ئوغۇرلۇق قىلىش، پارا يېيىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ئىنسانلارغا ياكى ھايۋانلارغا ئازار بېرىش.
(8) سېھىر قىلىش ياكى قىلدۇرۇش، پال سېلىش ياكى سالدۇرۇش، خۇراپاتلارغا ئىشىنىش.
(9) ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈش.
(10) كۆڭۈلنى يامان تۇيغۇ ۋە يامان پىكىرلەر بىلەن تولدۇرۇش.
(11) دىنغا، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلىش.
(12) ئىسلامىي ئەنئەنىلەرنى ۋە ئىسلامىي كىيىنىشلەرنى چەتكە قېقىش ياكى مەسخىرە قىلىش.
(13) ھاياسىز فىلىملەر ۋە سۈرەتلىك ژۇرناللارغا قاراش، ئەخلاقنى بۇزىدىغان ناخشا، مۇزىكىلارنى ئاڭلاش، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش.
(14) ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش.
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەت ئىستىلاھى بويىچە ئېيتقاندا«ھارام» دۇر. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلىش چوڭ گۇناھتۇر.

ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئەخلاق

# ئەخلاق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى باردۇر. ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەرىپى بەدەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ ئەسىرى بولغان گۈزەل خۇيلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلارنى ئەخلاق دەيمىز.

ئەخلاق ئىمان بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان مۇھىم تەلەب. ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق ئەمەل ۋە بەزى ئىبادەتلەردىنمۇ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەلچىلەر ئۇمىگى ئۇنىڭدىن:" قانداق ئادەمنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان ئادەمنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچۇنمۇ ئەڭ يېقىملىق ئادەم ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئىچىڭلاردىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەڭ ئەخلاقلىق بولغانلىرىڭلار مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلىنىسىلەر»[2].

ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپقان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسى قىلىنغان ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلىقنى تولۇقلاش ئارقىلىق قايتىدىن قەد كۆتىرىشكە نەقەدەر زور ئېھتىياجلىق بولىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ياكى چۆكىشى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا باغلىق ئىش.

مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

**إنما الأمم الأخلاق مابقيت    فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا**

تەرجىمىسى:

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر
ئايرىلغانلار ئەخلاقتىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

ئەخلاق ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

## ئەخلاق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

651. سوئال: ئەخلاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەخلاق ـ ئىنسانىنىڭ روھىدا يەرلىشىپ ئادەت ھالىغا كەلگەن قىلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، گەپ - سۆزى، ئىدىيىسى، مىجەز - خۇلقى، مۇئامىلە، مۇناسىۋىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان.

ئەخلاق ـــ كىشىلىك تۇرمۇشتا چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇمىيلىقى، رولى، تەسىرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق گۈزەل ئەخلاق(ياكى ياخشى ئەخلاق) ۋە يامان ئەخلاق(ياكى ناچار ئەخلاق)دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

652. سوئال: گۈزەل ئەخلاق دېگەن قايسى؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاق ـ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەخلاقلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقمۇ دېيىلىدۇ.

ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇلار: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ - ۋاپالىق، ئىمان - ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەبىي جاسارەتلىك، سېخى، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەققەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

653. سوئال: يامان ئەخلاق دېگەن قايسى؟

جاۋاب: يامان ئەخلاق- ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغان قىلىقلاردۇر.

يامان ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلار: يامان ئەخلاق- يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارنى ئازارلاش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەگەرلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

654. سوئال: ئىسلام دىنىدا ئەخلاق چۈشەنچىسى قانداق؟

جاۋاب: دىنىمىزنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى ۋە ئىنسانلارنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار ئەخلاق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ پايدىلىق ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ.

ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيىسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ. ئەخلاق رەھمەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەڭ ياخشى ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

655. سوئال: ئەخلاق بىلەن رەھمەتنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: **وما أرسلناك إلا رحمةً للعالمين** يەنى «بىز سېنى ئالەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»[1] دېگەن. بۇ ئايەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپلا ئەۋەتىلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك مۇددىئاسىنى ئوچۇقلاپ: «مەن پەقەت گۈزەل

(1) ئەنبىيا سۈرىسى107-ئايەت.

ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن. يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىس ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

656. سوئال: ئۇنداقتا بۇ ئايەت بىلەن ھەدىس ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بار؟

جاۋاب: قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ.... بىر لەھزە مەن بىلەن بىرگە تەپەككۇر قىلىڭ.. ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، خىيانەتچىلىك، بىر ـ بىرىگە ئىشەنچسىزلىك، شەپقەتسىزلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر دەۋر سۈرگەن بىر جەمئىيەتتە رەھمەتنى تاپقىلى بولامدۇ؟

بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئالدايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان بىر ئائىلىدە رەھمەتنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

شۇڭا كەسكىن ئېيتالايمىزكى، «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن ھەدىس بىلەن بىز سېنى ئالەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى روياپقا چىقىرىدىغان ھالقىلىق مۇناسىۋەتتۇر. چۈنكى ئەخلاق بولماستىن رەھمەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

657. سوئال: ئۇنداقتا، رەھمەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: رەھمەت سۆزى لۇغەتتە كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، شەپقەت، رەھىمدىللىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. رەھمەت سۆزىنى مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ئابدۇلقاھىر جۇرجانىي: «باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈش» دەپ تەرىپلىگەن[2]. ئىسلاھاتچى ئالىم ئىبنى قەييىم جەۋزىي: «جاپا تارتسىمۇ، كۆڭلى خالىمىسىمۇ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدىغان سۈپەت» دەپ تەرىپلىگەن[3].

658. سوئال: ئەخلاق ئىبادەتتىنمۇ مۇھىممۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

(2) تىلشۇناس ئالىم ئابدۇلقاھىر جۇرجانىي. قەدىمدە ئىران، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ خۇراسان مەملىكىتى بىلەن كاسپى دېڭىزى بويىدىكى تەبەرىستان رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جۇرجان دېگەن شەھەردە دۇنياغا كېلىپ ھىجرىيىنىڭ 471- يىلى (1078م) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تەپسىرشۇناسلىق ئىلمى، ئەرەب ئەدەبىياتى، شېئىر، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس، بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئەتلىرى بويىچە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلىرى مەۋجۇت.

(3) ئىبنى قەييىم جەۋزى ـ ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 691- يىلى (1292م) دەمەشقتا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەدە ئوقۇغان. تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىدە توشقان ئالىم. ئۇنىڭ فىقھشۇناسلىقتا قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار. ھىجرىيىنىڭ 751-يىلى (1349م) دەمەشقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

جاۋاب: شەكسىزكى، ئەخلاق كۆپلىگەن ئىبادەتلەردىن مۇھىم. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مېۋىسى پەقەت ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەندىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىبادەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدىن پەرقى بولماي قالىدۇ.

ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ئىبادەتتىنمۇ ساۋابلىق ئەمەل ئىكەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويۇپ: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[1] دېگەن.

659. سوئال: ئىبادەتلەرنىڭ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولى نېمە؟

جاۋاب: دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن: ئىبادەتلەرنىڭ بېشى بولغان ناماز ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **إن الصلاة تنهى عن الفحشاء والمنكر** يەنى «ھەقىقەتەن ناماز قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ»[2] دەيدۇ.

مەلۇمكى، قەبىھ ئىشلار بىلەن گۇناھلار ناچار ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. تەلەپكە لايىق ھالدا، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز يامان ئەخلاقلاردىن چوقۇم توسىدۇ ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەن: «مەن نامازنى پەقەت مېنىڭ ئۇلۇغلىقىم ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان، بەندىلىرىمگە يامانلىق قىلمىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتكە داۋام قىلمىغان، كۈندۈزلىرى مېنى ياد ئەتكەن، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا، تۇللارغا ۋە خاپىلىق تارتىپ قالغانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان كىشىدىنلا قوبۇل قىلىمەن»[3].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىزنىڭ نامىزىڭىز سىزنى ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك قىلالمىسا، سىز ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولىسىز.

زاكاتنىڭ غايىسى ۋە مېۋىسىدىن مەقسەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۆزىنى زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىشكە ئادەتلەندۈرگەن ئادەم يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە شەپقەت قىلىشنى، شۇنداقلا سېخىيلىقنى ئۆگىنىدۇ.

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 45ـ ئايەت.

(3) زۇبەيدى رىۋايىتى.

زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: **خذْ من أموالهم صدقةً تطهرهم وتزكيهم بهـا** يەنى «ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلاش ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىرقىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىن»[1].

ئايەتتىكى ياخشىلىقلىرىنى دېگەن ئىبارە، زاكاتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سېخىيلىق ۋە مەردلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقمۇ زاكات كۆپەيتىپ بېرىدىغان ياخشىلىقلاردىن بىرىدۇر.

گۈزەل ئەخلاقتا چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىراۋغا ئوچۇق چىراي ئېچىشىڭدا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[2] دېگەنلىكى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

روزىنىڭ بۇيرۇلىشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: **يا أيها الذين آمنوا كُتب عليكُم الصيام كما كُتب على الذين من قبلكُم لعلكُـم تتقُـونَ** يەنى «ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»[3].

ئايەتتىكى گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن دېگەن ئىبارە، روزىنىڭ ئىنساننى گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەجنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: **الحج أشهر معلومات فمن فرض فيهن الحج فلا رفثَ ولا فُسوق ولا جِدالَ في الحج وما تفْعلوا من خير يعلمه الله وتزودوا فإن خير الزاد التقْوى واتقُون يـا أولـي الألبـاب** يەنى «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) ئوزۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋادارلىقتۇر»[4]

ئايەتتىكى: گۇناھ قىلىش ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ دېگەن ئىبارە بىلەن ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋالىقتۇر دېگەن ئىبارە ھەج ئىبادىتىنىڭ كىشىلەرنى

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 183- ئايەت.
(4) بەقەرە سۈرىسى 197- ئايەت.

گۇناھلاردىن، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولغان تەقۋالىق دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقى ۋە باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلار يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئورۇندىغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا پايدىسى بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك**

660. سوئال: ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي ئەھۋالى قانداق بولماقتا؟

جاۋاب: ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىققا ئېرىشسە، ئىبادەت ئارقىلىق روھىي گۈزەللىككە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشىدۇ. بەزى كىشىلەر مەسجىدتە ناھايىتى ئەخلاقلىق، ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتە، ئائىلىسىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقا ئىنسان...

ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق چوڭ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار مەۋجۇد:

بىرى، ئەخلاقى ناچار، ئەمما ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدىغانلار،

يەنە بىرى، ئەخلاقى ياخشى، ئەمما ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇندىمايدىغانلار ياكى ھېچ ئورۇندىمايدىغانلار.

جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن بىرىنى ئالدايدۇ، يەنە بىرىگە ئازار قىلىدۇ.

بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلامدىن ئەمەس![1]

سۇ بىلەن ئوت بىرلىشەلمىگەندەك، تەلەپكە لايىق ئورۇندالغان ئىبادەت بىلەن يامان ئەخلاق بىرلىشەلمەيدۇ.

661. سوئال: ئىبادەت بىلەن ئەخلاققا قويۇلغان تەلەپ بىر خىلمۇ؟

جاۋاب: دىنىمىزنىڭ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا قويغان تەلىپى بىلەن ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشقا قويغان تەلىپى ۋە چاقىرىقى بىردۇر. يەنى ئىسلام نەزەرىدە ئەخلاق بىلەن ئىبادەت ئىككىسى بىردۇر. قۇرئان كەرىم ۋە

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ«مۆمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسەرىدىن.

ھەدىسلەردە بۇنىڭ مىساللىرىنى كۆپ كۆرگىلى بولىدۇ. راستىنلا بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان جىمى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەردە، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئىبادىتىنى ماختالغان. مەسىلەن: مۇمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

**قد أفلح المؤمنونَ.الذين هم في صلاتهم خاشعونَ** يەنى «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۆمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر». بۇ ئىبادەت.

**والذين هم عن اللغو معرضونَ** يەنى «ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر».بۇ ئەخلاق.

**والذين هم للزكاة فاعلونَ** يەنى «ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر». بۇ ئىبادەت.

**والذين هم لفروجهم حافظون.إلا على أزواجهم أو ماملكت أيمانهم فإنهم غير ملومين. فمن ابتغى وراء ذلك فأولئك هم العادونَ** يەنى «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

**والذين هم لأماناتهم وعهدهم راعونَ** يەنى «ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

**والذين هم على صلواتهم يحافظونَ** يەنى «نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەلەپكە لايىق) ئادا قىلغۇچىلاردۇر»[1]. بۇ ئىبادەت.

دېمەك، دىنىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ھەر ئىككىسىدۇر.

662. سوئال: مۆمىنلەرنى ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە نېمە؟

جاۋاب شەكسىزكى، مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسىگە لايىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرگەن نەرسە گۈزەل ئەخلاق بىلەن سەممىي ئىبادەتتۇر. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. مەسىلەن: فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

(1) مۇمىنۇن سۈرىسى1-9-ئايەتلەر.

**وعباد الرحمن الذين يمشونَ على الأرض هونا وإذا خـاطبهم الجـاهلُونَ قـالُوا سـلاما** يەنى «مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى، زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتـۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆز قىلسا، ئۇلارغا،"سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز" دەيدۇ(ۋە ئۇز يولىغا داۋام قىلىدۇ)» بۇ ئەخلاق.

**والذين يبيتونَ لربهم سجدا وقيامـا** يەنى «ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە (ئۇزۇن- ئۇزۇن) قىيامدا تۇرۇپ(ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ». بۇ ئىبادەت.

**والذين يقُولُونَ ربنا اصرف عنا عذَاب جهنم إن عذَابها كانَ غَراما.إنها ساءت مسـتقرا ومقامـا**

يەنى «ئۇلار"پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى يىراق قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەققەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەققەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر». بۇ ئىبادەت.

**والذين إذَا أنفقُوا لم يسرفُوا ولم يقْتروا وكانَ بـين ذَلـك قوامـا** يەنى «ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ»[1]. مانا بۇ ئەخلاق.

663. سوئال: قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[2] دېگەن.

ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولماسلىقىنىڭ ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتماسلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى يامان ئەخلاقلاردۇر!

664. سوئال: ئىش-ھەرىكەتنىڭ گۈزەل بولىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

---

(1) فۇرقان سۈرىسى63-67-ئايەتلەر.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: ئىش-ھەرىكەتنىڭ گۈزەل بولىشى ئۇچۇن نەپسنى پاكلاش ۋە روھنى يۈكسەلتىش ئارقىلىق ئىشنى ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى تۈزەلمەستىن، تاشقى ھەرىكىتىنىڭ تۈزەلگەنلىكى ئىشقا يارىمايدۇ. مۇنداق ئىنسان ياسالمىلىقتىن خالى بولالمىغانلىقتىن، ئىسلامي گۈزەل ئەخلاقنى ھاسىل قىلالمايدۇ.

ئىنسان روھىي دۇنياسىنى گۈزەل ئەدەپ ــ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىگەندىلا جەمئىيەتتە ئىش ــ ھەرىكىتى گۈزەل، سۆز ــ ئىپادىسى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولالايدۇ. ئىپپەت ــ ھايالىق، گۈزەل غايىلىك، قايتماس ئىرادىلىك، چىدام ــ غەيرەتلىك، سەۋر ــ تاقەتلىك، تىرىشچان، سەممىي ــ ساداقەتلىك، كەمتەر، ئىشچان، ئەپۇچان، مۇلايىم، ئېغىر ــ بېسىق، روھىي دۇنياسى مۇكەممەل ئادەم بولالايدۇ. ئەكسىچە، ئەدەپ ــ ئەخلاق تەربىيىسىگە سەل قارالسا ياكى تاشقى كۆرۈنۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىلسە، گۈزەللىك سەتلىككە، ياخشىلىق يامانلىققا ئايلىنىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەخلاقسىز ئادەم يامان ئىش، يامان خۇي، يامان ئىللەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مۇنداقلار ئىش ــ ھەرىكىتى ئەسكى، سۆزلىرى قوپال، بىھايا، پەسكەش، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، رەھىمسىز، ساختىپەز، ۋاپاسىز، يالغانچى، ئالدامچى، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، مەنمەنچى، چېقىمچى، بېخىل، جېدەلخور.... قاتارلىق يامان قىلىقلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى بارچە دىنلار ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدا بولسا، گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامالىتى ۋە ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

665. سوئال: ئىنسانلارنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان ئەمەل قايسى؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان ئەمەل گۈزەل ئەخلاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن ياخشى ئەخلاقتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى

(1) ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشكە كاپالەت قىلالايمەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تەقۋالىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەدىستە ئىنسانلارنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە ئىبادەت دېيىلگەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاق دېيىلگەن!

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزالى[2] «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمان كىشىنى پەسىلىكتىن ساقلىغۇچى ۋە ئۇلۇغلۇققا قوزغاتقۇچى كۈچتۇر. ئۆزلىرىنى دىندارلاردىن سانايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاپ قويغىنى بىلەن تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىدىن پايدا ئالالمايدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلەللاھ! بىر ئايال بار، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدىكەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن. ئۇ ئادەم يەنە: «يەنە بىر ئايال بار، نامازا، روزىسى ئاز، سەدىقىنمۇ ئاز بېرىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمەيدىكەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[3] دېگەن. بۇ جاۋابتا ئېسىل ئەخلاقنىڭ قىممىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «گۈزەل ئەخلاق خۇددى سۇ قىرونى ئېرىتكەندەك خاتالىقلارنى ئېرىتىدۇ. ناچار ئەخلاق سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك ھەممىنى بۇزىدۇ»[4] دەپ كۆرستىلگەن».

666. سوئال: ئەخلاق بىلەن ئىماننىڭ دەرىجىسى قانداق؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەزالى 1917-يىلى مىسىرنىڭ بۇھەيرە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مىسىرنىڭ ئالىي دىنىي ماقاملىرىدا ۋە قەدىمىي ئىلىم يۇرتى ئەزھەرنىڭ دەۋەت ئىشلىرى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان، مەككىدىكى "ئۇممۇلقۇرا" ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئالجىرىيىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر قانچە يىل ئۇستازلىق قىلغان. مىسىردىكى"ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن" جامائىتىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بولغان، بۇ سەۋەبتىن ئىككى قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيە ماۋزۇلىرىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يازغان، 1996-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد شەھرىدە چاقىرىلغان ئىسلام قۇرۇلتىيىدا سۆزلەۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، مەدىنىدىكى ‹بەقى› قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(4) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.

تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر كۈنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئادەم مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن"يارەسۇلەللاھ! ئۇ قانداق ئادەم" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «قوشنىسى ئۇنىڭ ئازارچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ! بالكونغا يايغان كىرنىڭ سۈيىنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىلىرىغا ياكى يولغا ئېقتىپ كىشىلەرگە ئازار قىلىدىغانلار بىلەن ماشىنىسىنى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توختىتىۋېلىپ ئۆيى بىئارام قىلىدىغان ياكى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يۇندا ياكى ئەخلەتلەرنى تۆكىدىغان، ئۆيىگە كىرىپ، چىقىش جەريانىدا قوشنىلىرىنى راھەتسىز قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئىمانىمىز كامىل دەپ ئېيتالامدۇ؟ 14ئەخلاقسىزلىقنىڭ پالاكىتى نېمە؟

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك چوڭقۇرلىشىپ، يامانلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇددى ئادەم كىيىمىدىن ئايرىلغاندەكلا دىن - دىيانەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىنچىكىلاپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەر قانداق ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەلبە ياكى مەغلۇبىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

667. سوئال: ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيتى نېمە؟

جاۋاب: ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيىسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ.

### شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى

668. سوئال: شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جاۋاب: شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئەخلاق پرىنسىپلىرى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ پرىنسىپلىرى بىر. بەلكى شەرىئەتنى بىر يۈرۈش ئەخلاقتىن ئىبارەت بىرلا ماۋزۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشقا تۈرتكە بولىدىغان نەرسە ئەخلاقتۇر.

669. سوئال: ئېتىقادنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىسلام ئېتىقادى ھەققەتتە ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، سۈپەتلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋىي(ئاللاھ چۈشۈرگەن) كىتابلارغا، غەيبلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى باردۇر.

ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە باش ئېگىش ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇپ، بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە يەنىلا ئەخلاقتۇر. چۈنكى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش گۈزەل ئەخلاق بولسا، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش رەزىل ئەخلاقتۇر. ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ نەپسىي خاھىشنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ ھەقىقەتنى رەت قىلىش ۋە ئۇنى يامان كۆرۈشتۇر. ھەقىقەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغان ئادەمنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى ھەقىقەتكە باش ئېگىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش، ھەق ئىگىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئەلىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەپسىي خاھىشىنى ئەقلىگە ھاكىم قىلىۋالغانلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەق ئىگىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئەرسىدا كەڭ تارقالغان باتىل ئېتىقادلار ئەخلاقىي بۇلغىنىشلاردىن كېلىپ چىققان خۇراپاتلار بولۇپ، بۇلغانمىغان ساپ ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى بۇنداق باتىل ئېتىقادلارنى ئەلۋەتتە رەت قىلىدۇ.

670. سوئال: ئىبادەتنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاپ، توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى، ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىزدەشنى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىتائەتچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىتائەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بىرىگە ئىتائەت قىلىش ئەخلاقىي بۇرچ بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى ھەقىقەتنى سۆيۈش ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن

ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى ئىتائەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بىرىنىڭ ئىتائەت قىلىنىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر.

ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ھەققەت ئۆزىنىڭ زىتىغا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغان ئادەمنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا ئىلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ھەققى بولغان قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشمۇ گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بۇ نىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە ياخشىلىق قىلغاننىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت پەزىلەتتۇر. ئاللاھ تائالا نېمەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىش بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ھەقلىقتۇر. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى ئادا قىلغانىدەك، ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنىمۇ مۇكاپاتسىز قويمايدۇ. مۇندا قىلىش ۋاپادارلىقتىن سانىلىدۇ. ۋاپادارلىق بولسا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆزى.

671. سوئال: پۇل-مال مۇئامىلىسىنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: پۇل-مال مۇئامىلىسى توغرىلىق ۋە ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇئامىلە بولۇپ، توغرىلىق بىلەن ئادالەتنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانىلىدۇ. توغرىلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلانغان ئادەم پۇل-مال مۇئامىلىسى ۋە قانداقلا بىر مۇئامىلىدە چوقۇم ئىسلام پرىنسىپى بىلەن ئىش كۆرىدۇ. «دىن-مۇئامىلىدۇر» دېگەن سۆزمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىيتىلغان بولۇشى كېرەك.

ئەمما توغرىلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغانلار باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش، ھەقسىزلىق قىلىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش قاتارلىق يامانلىقلارنى قىلىدۇ. چۈنكى ھەقسىزلىق بىلەن زۇلۇم ھەقىقەت ئۆزىنىڭ نەپسىي خاھىشىغا زىت كەلگەن ۋاقىتدا، ئۇنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي قىڭغىرلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان نەرسە.

672. سوئال: ئائىلە ھاياتىدىكى ئەھكاملار بىلەن ئەخلاقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئائىلە ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىسلامىي ئەھكاملار ۋە قائىدە-پرىنسىپلار ئەخلاق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، ئەخلاق بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسلىق يۆلەنچۈكىدۇر. مەسىلەن: ئائىلە نىزامى، شەخسلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا

ھەمكارلىق، بىر-بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر-بىرىگە يول قويۇش، بىر-بىرىنى كەچۈرۈش، ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە يارتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن ئادالەت بىلەن بۆلۈشۈش، ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، مىراسنى ھەققانىي تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشتىن ئاخىر گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەنلا توغرا يۆنىلىشكە قاراپ يول ئالىدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۆلەتنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. ئۆي ئىچىدە پەقەت ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي پرىنسىپلارلا ئىشقا يارايدۇ. يېمەك-ئىچمەك ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا كىيىنىش ئىشلىرىمۇ بۇ ماۋزۇغا قوشۇلىدۇ.

673. سوئال: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئەخلاق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر بىر شەخسنىڭ ھاياتىكى دىنىي ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى، ئائىلە ئەزالىرىغا، قوشنىلىرىغا، يۇرت-جامائىتىگە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ۋە ۋەزىپىسىنى چىن كۆڭلىدىن قېتىرقىنىپ ئادا قىلىش ئىشى كىشىدىكى ھەقىقەتنى سۆيۈش، باشقىلارغا يول قويۇش، كەچۈرۈش، ئومۇمنىڭ مەپەئەتى ئۈچۈن ئۆز نەپسىنىڭ تەلەپلىرىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

674. سوئال: ئەھدە- مىساق، كېلىشىم ئىشلىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئەھدە- مىساق، كېلىشىم ۋە ۋەدىلىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق مۇئامىلىلەرنى بىراۋنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماستىن ھەققانىي ھالدا ئېلىپ بېرىش پەقەت گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ئۆز ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، ئۆزى ئېتىقاد قىلغۇاتقان دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

675. سوئال: ئىسلامىي قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئىسلامىي قائىدە-يوسۇنلار ئىنساننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىدە، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل توغرىلىق، ھەققانىيلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكنى گەۋدە قىلغان روھىي گۈزەللىكتۇر. ئۇنىڭدا باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ياخشى ۋە توغرا مۇئامىلە

قىلىش، ئۇلارنى راھەتسىز قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلەيدىغان ھەر قانداق گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەم بولغان بولىدۇ.

بۇ قائىدە-يوسۇنلار پەقەت گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالغان كىشىلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار دۆلەتنىڭ جازا قانۇنى بىلەن قورقۇتۇپ قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلارنى ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆز كونتروللى ئاستىغا ئالىدىغان ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەنلا قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## ئىنسانلار جەمئىيىتى گۈزەل ئەخلاقلارغا ھەمىشە مۇھتاج

676. سوئال: ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتى قانچىلىك؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاق ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر جەمئىيەت ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەخلاق بۇزۇلغان ھامان كىرىزىسلار باش كۆتىرىدىغانلىقىدا شەك يوق.

شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتلەردىن بىرى شۇكى، دۇنيادا ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان قانداقلا بىر جەمئىيەت بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەزالىرى گۈزەل ئەخلاققا باغلانماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىپ، بىر-بىرىگە يول قويۇپ ۋە بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بەختلىك ھالدا ھايات كەچۈرىشى ۋە راۋاج تېپىشى مۇمكىن ئەمەس!

مۇنداق قىلماستىنمۇ راۋاج تاپقان ئىنسانلار جەمئىيىتى بار دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ئۇ پەقەت ماددىي مەنپەئەتلەر بىلەن باغلانغان ھەمكارلىقتۇر، بەس. مۇنداق بىر جەمئىيەت ئەزالىرىدا ماددىي مەنپەئەت باغلىنىشىدىن باشقا ئۇلۇغۋار پەزىلەتلەر بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم كىرىزىسقا يۈز تۇتىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئەڭ ئاددى تەلەپ ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئىشەنچ ۋە بۇ ئىشەنچنى يەردە قويمايدىغان ئەمىنلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر.

راستچىللىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ھۆكۈم سۈرمىگەن بىر جەمئىيەتتە كىشىلەردە ھەق-ھوقۇقلارنىڭ قوغدىلىشىغا، ئىلىم-پەن، مائارىپ ۋە يېڭىلىق خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنچ بولامدۇ؟

ئىشەنچتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىق، مۇقىملىق، خاتىرجەملىكنىڭ مەسىللىرىنى تاپقىلى بولامدۇ؟

ئارىسىدا بىرلىك، ئىناقلىق، ئۆزئارا سۆيگۈ-مۇھەببەت بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ پارلاق كېلەچەك قۇرالىسۇن؟

ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش يولىدا دۈشمەنلەرگە ۋە زالىملارغا قارشى شۇجائەت، قورقماس ئىرادە بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلسۇن؟

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نەپسىي ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدىغان، قۇربان بېرىشنى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىنسان قانداقمۇ ئىنسانىي كامالەتلەرگە يېتەلىسۇن؟

تەجرىبىلەر، تارىخىي ۋەقەلىكلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشتىن بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ ئەخلاق- پەزىلەتتىكى يۈكسىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. قانداقلا بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن يېقىلىشى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن يېقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولىدۇ.

# نەپس ۋە روھ

## نەپس ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

677. سوئال: نەپس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەپس سۆزى قۇرئان كەرىمدە ئىنسانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شەيئىلەر ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ تەسىرى ئىنسانىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆپلىگە ئىنسانىي سۈپەتلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئېگىدۇ.

نەپسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسانلارغا ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما نەپسىنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنسانىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

678. سوئال: نەپسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئۆزىنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىستەكلىرىگە قاندۇرىدىغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىش، قىزىقىش، تەلەپ قىلىش، راھەت ۋە جاپانى ھېس قىلىش، شادلىنىش ۋە غەمكىن بولۇش، سۆيۈش ۋە نەپرەتلىنىش، ياقتۇرۇش ۋە يامان كۆرۈش، تەسىرلىك سۆزلەردىن ھېسسىياتقا كېلىش قاتارلىق ۋىجدانىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سانىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ياكى ئېزىش، ئۆزىنى پاكلاش ياكى بۇلغاش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ نەپستە بولۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنبەلىرى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن خالىغانلىرىنى قىلىش قابىلىيىتى نەپستە باردۇر.

نەپس ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئىشلەشكە قادىر بولۇپ، قىلغانلىرىنى بىلىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئېگىدۇ. شۇڭا نەپسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىشلار ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى سۈپەتلىرىدىن سانالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپس قىلغانلىرىدىن ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، ياخشى قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان.

679. سوئال: نەپسىنىڭ مەسئۇلىيىتى قايسى دەرىجىدە بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇكاپات بىلەن جازا مەسئۇلىيەتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەسئۇلىيەت بولمىغان ئىشتا مۇكاپات ياكى جازا دېگەنلەر بولمايدۇ. شۇڭا نەپس يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مالامەتكە، ياخشى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مەدھىيىگە لايىق بولىدۇ.

نەپس قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن مەسئۇل بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ قىيامەت كۈنىدە بۇدۇنيادا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىنىپ يېزىلغان ھالەتتە كۆرىدۇ.

ئادالەتنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرى جازالاشتىن ئاۋۋال ھېساب ئېلىش بولغىنىدەك، ھېساب ئېلىشنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى ھېساب بەرگۈچىگە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھەققىنى بېرىشتۇر. شۇڭا قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدا، ھەر بىر نەپس ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ھەر ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، ھەر ئادەم قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدىغان كۈننى ئەسلىگىن دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ[1].

ھەر نەپس ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىشلىگەنلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنىدە: ئۇنىڭغا: «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ يېتەرلىك» دېيىلىدۇ[2].

نەپستە ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنبەلىرى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى ۋە بۇلارنىڭ قايسىسىنى قىلىشقا يېتەرلىك تۇرتكە بولغان ئىكەن، ئۇ ياخشى قىلغان ئىشلىرىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىش، يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن بىئارام بولۇپ، ئۆزىگە مالامەت قىلىش خۇسۇسىيىتى باردۇر. چۈنكى نەپس قانداقلا بىر يامانلىقنى ئىشلەشكە يۈزلەنگىنىدە، ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىنى، ھەۋەسلىرىنى ۋە شەھۋەتلىرىنى تېزرەك قاندۇرۇش ۋە بۇ لەززەتلەر بىلەن ۋاقتلىق ھۇزۇرلىنىش تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولىدۇ. نەپس قانداقلا بىر ياخشىلىقنى قىلىشقا يۈزلەنگىنىدە، ئۆزىدىكى ئىجابىي تۈرتكىلەر ـ ۋىجداننىڭ ئاۋازىغا قۇلاق بېرىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق جەننەتنى قازىنىش قىزىقارلىقى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولىدۇ.

ۋىجدان نەپسنى ھەمىشە ياخشىلىققا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما نەپس ئۇنىڭغا قۇلاق بېرىش ياكى ئۇنى رەت قىلىش ئىشىدا ئىختىيار ئىگىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن نەپس ئۆز قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ.

---

(1) نەھل سۈرىسى111-ئايەت

(2) ئىسرا سۈرىسى14-ئايەت

**نەپستە بولىدىغان تۈرتكىلەر**

680. سوئال: نەپستە بولىدىغان تۈرتكىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئاساسلانغان چۈشەنچىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ھەر قانداق بىر نەپستە ئۈچ خىل تۈرتكە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى نەپسنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما نەپس بۇ ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر. بۇ ئۈچ خىل تۈرتكىنىڭ بىرى، ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى، ئىككىنچىسى تۆۋەنلىك تۈرتكىسى، ئۈچىنچىسى ئوتتۇرھاللىق تۈرتكىسىدۇر.

681. سوئال: نەپسنىڭ ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەپسنىڭ ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى ــ ئۇنى ياخشىلىققا چاقىرىپ تۇرىدىغان، پەزىلەتلەرنى ھېس قىلىدىغان، يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە مالامەت قىلىدىغان، ياخشى قىلغان ئىشلىرى سەۋەبلىك سۆيۈنىدىغان رەببانىي تەرەپىنىڭ تۈرتكىسىدۇر.

682. سوئال: نەپسنىڭ تۆۋەن ھىممەت تۈرتكىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەپسنىڭ ھىممەت تۈرتكىسى ــ ئۇنى يامان ئىشلارغا چاقىرىپ تۇرىدىغان، گۇناھ-مەسىيەتلەرنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۆزىنى قايىل قىلىدىغان، ھەقىقەتتىن شەكلىنىش، توغرا يولدىن ئادىشىش قاتارلىق ئازغۇنلارغا تەشەببۇس قىلىدىغان شەيتانىي تەرەپىنىڭ تۈرتكىسىدۇر.

683. سوئال: نەپسنىڭ ئوتتۇرھاللىق تۈرتكىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەپسنىڭ ئوتتۇرھاللىق تۈرتكىسى - ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئوتتۇرھاللىق تۈرتكىسىدۇر.

ئىنسان نەپسى رەببانىي تەرىپىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق بېرىپ، يۇقىرى تەرەپكە ئۆرلىگىنىدە، ئۇ «ئارام تاپقۇچى نەپس» قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىمۇ رازى قىلغان نەپسكە ئايلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ئى ئارام تاپقۇچى نەپس! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى بەندىلىرىم) قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن. [1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) فەجر سۈرىسى 27-30-ئايەتلەر

ئەگەر ئــۇ شـــەيتانىي تەرەپنىـــڭ ۋەسۋەســـلىرىگە، قىزىقتۇرۇشـــلىرىغا ۋە تەشەببۇسلىرىغا ئەگىشىدىغا ن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ «بىئارام نەپس» قاتارىدىن ئـورۇن ئېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە نـادامەت چەككـۈچى ۋە ئـۆزىگە مالامەت قىلغۇچى نەپس بولۇپ قالىدۇ-دە، قىيامەت كۈنى هەر بىر نەپسـىنىڭ قىلغـان ياخشـى ئىشـلىرى، يامـان ئىشـلىرى ئۆزىنىـڭ ئالدىـدا ئايـان بولىـدۇ، (ئـۇلار يامـان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ [1].

## نەپسنىڭ تەلەبلىرى

684. سوئال: نەپسنىڭ تەلەبلىرىنىڭ هەممىسى سۆكۈلىدىغان دەرىجىدىمۇ؟

جـاۋاب: نەپسـنىڭ تەلەبلىرىنـڭ هەممىسـى سـۆكۈلىدىغان دەرىجىـدە ئەمەس. چـۈنكى نەپسـنىڭ يوللـۇق تەلەبلىـرى ۋە يولسـىز تەلەپلىـرى بـار. نەپسـنىڭ يوللـۇق تەلەبلىرى- ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان-زەخمەتـكە ئۇچراتمىغـان ئاساسـتا، قائىـدە-يوسۇن بويىچە، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

نەپسـنىڭ يولسـىز تەلەبلىـرى- ئـۆزىنى يـاكى باشـقىلارنى زىيـان-زەخمەتـلەرگە ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىـۋى ھەۋەسـلىرىنى قائىـدە-يوسـۇنغا يـات بىر شەكىلدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

685. سوئال: روھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: روهنىڭ ماهىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنـداق دېـگەن: ئـۇلار سـەندىن روهنـىڭ مـاهىيىتى هەققىدە سورىشىدۇ. ‹‹روهنىڭ ماهىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ›› دېگىن[2].

686. سوئال: روهنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ماهىيىتىنى نېمە؟

جاۋاب: روهنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدنى هەرىكەتلەنـدۈرۈش بولـۇپ، هۇجەيرىلەردىن تەركىپ بولغان بو مـاددىي ۋۇجۇدتـا روهنـىڭ بولىشـى هـۇجەيرىلەنى هەرىكەتچان، ئۆسىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىدىغان قىلىش رولىنى ئوينايـدۇ. چـۈنكى روھ ئـــاللاھ تائـــالا يەر يۈزىـــدىكى جانلىقلارغـــا تـــارقىتىۋەتكەن ئېنېـــرگىيە بولـــۇپ،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 30-ئايەت

(2) ئىسرا سۈرىسى85-ئايەت

ھۇجەيرىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش، كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ھۇجەيرە ئۆلگەن ھامان ئۇنىڭدىكى روھمۇ تۈگىشىدۇ.

روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. روھنى ئۆزىنى كۆرگىلى ياكى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھاۋا دولقۇنلىرىغا ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ۋۇجۇدتىكى ھۇجەيرىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە روھتۇر.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىمۇ بىراۋنىڭ بىردىنلا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى «روھلىنىپ كەتتى» دەيمىز. ۋەز-نەسىھەت ياكى تەسىرلىك شېئىر ياكى سۆزنى ئاڭلاپ ياكى كىتاب ئوقۇپ تەسىرلەنگەن كىشىنى«روھى ئۇرغۇپ ئالدى» دەيمىز. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى روھنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، روھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا موتورغا ئوخشىسا، نەپس رولغا ئوخشايدۇ. نەپس ۋۇجۇدنى ئۇنىڭدىكى روھ بىلەن بىرگە يا ئامانلىققا ياكى ھالاكەتكە باشلاپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە نەپسنى يامانلىققا باشلىغۇچى دەپ سۈپەتلىگەن. نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا [1].

(1) يۇسۇف سۈرىسى53-ئايەت

## نەپسنى پاكلاشنىڭ چارىلىرى

687. سوئال: نەپسنى پاكلاشتىن دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: نەپسنى پاكلاش دېگەن نەپس ئىشتىها قىلىدىغان ۋە ھەۋەس قىلىدىغان بارچە گۇناھ-مەسىيەتلەر، ھارام ۋە يامان قىلىقلاردىن ئۇنى يىراق تۇتۇش، شەيتاننىڭ ئۇنى كىرلىتىشىدىن ساقلاپ، ئۇنى ئۆز كونترولىدا تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان نەپسى پاكلانغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ۋە يۈرۈش- تۇرۇشلىرى توغرىلىق، ھەققانىيلىققا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ.

قاچانكى، ئىنسان نەپسىدە بۇ پاكلىنىش ئەمەلگە ئاشىدىكەن، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەر بىخ ئۇرغان بولىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياخشىلىقلار قاينىمىغا ئايلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ نەپسى پاكلانغان، تەبىئىتى تۈزەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدا شەك يوق.

### ئىچى گۈزەل بولمىغانلارنىڭ تاشقى گۈزەللىكى پايدىسىز

688. سوئال: ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟

جاۋاب: ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشنى نەپسنى پاكلاشتىن باشلاش كېرەك. چۈنكى ئىسلاھنى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا (زاھىرى تەرىپىگىلا) قاراتقاندا بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، «تېشى پارلاق، ئىچى بىكار»نەرسە بولۇپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش تۈۋرۈكسىز ئۆي سالغانغا ئوخشايدۇ. ئاساسى مەھكەم بولمىغان ھەر قانداق بىنا يىقىلىشقا مەھكۇمدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنىشى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر ئىچ دۇنياسى خاراب بولسىمۇ، تاشقى كۆرۈنىشىنى پەدەزلەپ خۇددى ئېسىل-پەزىلەتلىك كىشىلەردەك قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى تۈزەلگەندىلا تاشقى تەرىپى تۈزىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب تۇرۇپ، ياسالمىلىق بىلەن تاشقى كۆرۈنىشىنى ناھايىتى ياخشى ۋە چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلار مۇناپىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئەخلاقىي كۆرۈنىشى تەبىئىي بولمىغان بىر خىل ياسالمىلىقتىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر.

### ئاللاھ تائالا قەلبتىكىلەرگە قارايدۇ

689. سوئال: "ئاللاھ قەلبتىكىلەرگە قارايدۇ" دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرى ئالدى بىلەن قەلبتىكىلەرگە چۈشىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تالانىڭ ئەمەللەرنى كۆزىتىشى ئىنساننىڭ نىيىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىدىن (ئىچكى ئەمەللىرىدىن) باشلايدۇ. چۈنكى تاشقى ئەمەللەر ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر كۆڭلىدىن بولمىسىمۇ ياسالمىلىق بىلەن ئۆزىنى دۇرۇس كۆرسىتىپ كىشىلەرنى قايىل قىلالايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى ھەرگىز قايىل قىلالمايدۇ ۋە ئالدىيالمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەققى- تۇرۇقىڭلارغا ۋە شەكلىڭلەرگە قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ»[1] مۇنداق دېگەن دېگەن.

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەمەللەرنىڭ ساۋاب تەرەپتىن بولىدىغان قىممىتى بۇ ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ نىيەتلىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسگە ئېرىشىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنىڭ ئورنى قەلب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ: «"تەقۋالىق مانا بۇ يەردە" دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشارەت قىلغان»[3].

690. سوئال: كىشىلەرنىڭ «دىن قەلبىمىزدە» دېگەن دەۋا توغرىمۇ؟

جاۋاب: بۇ سۆز بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئېيتىپ كەلگەن بىمەنە سۆزىدۇر. مەلۇمكى، دىن ـ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىدە مەسىلىلىرى قەلبتە بولسىمۇ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، مۇئامىلاتلار ۋە باشقا ئەمەللەر قەلب بىلەن بەدەننىڭ بىردەك ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىقكى، دىن ـ ئەقىدە بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى دىن ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«دىن قەلبىمىزدە» دېگۈچىلەرنىڭ بۇ دەۋاسى راست بولىدىغان بولسا، قەلبتىكى دىننىڭ ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ تاشقى پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتكەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ، تۈزۈلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ، بۇزۇلىدىكەن، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ، قەلبتۇر»[1].

بۇھەدىسنىڭ مەنىسىگە كۆرە، قەلبى تۈزۈك بولغان كىشىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىمۇ تۈزۈك، قەلبى بۇزۇق كىشىنىڭ ئىشلىرىمۇ بۇزۇق بولىدۇ. بىراۋنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ۋە قىلىقلىرىدىكى ئىسىللىك ياكى ناچارلىق ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىسىللىكى ياكى ناچارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقتا تەشەببۇس قىلىشنىڭ سىرى

691. سوئال: گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئىبادەت ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ پايدىسى چوڭ؟

جاۋاب: شۈبھىسىزكى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ پايدىسى ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتىكى مېۋىلىرى كۆپلىگەن ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىدىن ۋە پايدىسىدىن چوڭدۇر. چۈنكى ئىبادەتلەرنى سالاھىيەتلىك قىلىدىغان نەرسە ئەخلاق!

ناچار ئەخلاقلاردىن ساقلىنىش كۆپلىگەن ئاشكارا گۇناھ-مەسىيەتلەردىن ساقلىنىشتىن مۇھىمدۇر. چۈنكى كۆپىنچە گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ زىيىنى كۆپ ھاللاردا بۇ گۇناھلارنى ئىشلىگۈچىلەرگىلا بولىدۇ. ئەمما ناچار ئەخلاقنىڭ زىيىنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە ئومۇم خەلققە قەدەر يېتىپ بارىدۇ[1].

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىكى قىممىتى زىكىر، ئىستىغفار ۋە نۇرغۇنلىغان زاھىرى ئىبادەتلەرنىڭ قىممىتىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرىدۇر.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاقتا ئالاھىدە زور قىممەت ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە گۈزەل ئەخلاقتا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىنى كۆرىمىز. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ئۆگەتكەنلىرى ناھايىتى كۆپ.

692. سوئال: نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ئىمان ئەخلاق دېيىلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئىمان ئەڭ ئەۋزەل ئىمان بولىدۇ؟ دەپ سورالغىنىدا: «گۈزەل ئەخلاق!»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ئۇ: «ئىمانى ئەڭ ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر»[3] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسلەردە، ئىماندا كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشنى گۈزەل ئەخلاق دەرىجىلىرىدىكى يۈكسىلىشكە باغلىغان. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان ھەقىقىي ئىماننىڭ تۈرتكىلىرى بىردۇر. چۈنكى، ئەخلاقى ئەڭ

(1) ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىنىڭ«الأخلاق الإسلامية»ناملىق ئەسەرىدىن ئېلىندى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(3) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ياخشى بولغان ئادەم ئىماندا ئەڭ سادىق، نىيىتىدە ئەڭ خالىس، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىنسانلارغا قارىتىلغان مۇئامىلىسىدە ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولىدۇ.

ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن سەممىي قىلىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا سەممىي ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى بەندىلەر تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇز ھەققىدۇر.

كىشىلەرگە توغرا ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى باشقىلارنىڭ ماددىي ۋە ئەدەبىي ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن چۈشەنگىنىمىزدىن كېيىن،«ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى» ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

### بىراۋنىڭ ئەخلاقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان ئۇنىڭ ئائىلىسىدۇر

693. سوئال: ئائىلە نېمە ئۈچۈن ئەخلاق مىزانى دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان تارازىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئائىلە ھاياتىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى بولغانلاردۇر»[1] دېگەن سۆزى ئىنساننىڭ ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆلچەيدىغان ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئەڭ توغرا مىزاندۇر.

چۈنكى، بەزى ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئەخلاقلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. بولۇپمۇ يېڭىدىن تونۇشقان كىشىلىرىگە مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئۆزىنى ئەخلاقلىق ۋە ياخشى قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە شۇنداق قىلالىشى، ھەتتا ئۆمۈر بويى شۇنداق ياسالما ئەخلاق بىلەن ئىش كۆرىشى ناتايىن.

ئىنساننىڭ ئىچكى يۈزىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئېنىق ۋە روشەن كۆرىۋېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئائىلە ھاياتىدۇر. ئائىلىدە نورمالدا ئەر كۈچلۈك، ئايال ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىدە ئايالدىن ئەرنى سەۋرچانلىقتىن چىقىرىدىغان، كەڭ قورساقلىقتىن يىراق قىلىۋېتىدىغان، راستچىللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان بەزى قىلىقلار ۋە ھەرىكەتلەر سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى تۇرمۇشتا كىشىلەر ھەر كۈنى بىر خىل ئۆتمەيدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئېسىل

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بىر خىل ساقلاپ قالالىغان ئەر راستىنلا ئەڭ ئەخلاقلىق ئەردۇر!

694. سوئال: قىيامەت كۈنى تارازىدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ھەممىدىن كېلىدىغانلىقى راستمۇ؟

جاۋاب: شۈبھىسىزكى، گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپى بەلگىلىگەن زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپى توسقان يامانلىقلارنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشتۇر. چۈنكى ئالدىنقىسى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بولسا، كېيىنكىسى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىگە تېنىش ۋە ھەققەتنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت رەزىل ئەخلاقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى مۆمىن كىشىنىڭ مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە قىيامەت كۈنى مۆمىن ئادەمنىڭ ئەمەللىرى تارتىلىدىغان ئادالەت تارازىسىدا، ئەڭ سالماق كېلىدىغان، ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئېيتقان قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ ھەدىسنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇلار: ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى تولۇق ئورۇنداش تۇرسا، قانداقمۇ قىيامەت كۈنى مۆمىن ئادەمنىڭ مىزانىدا ئەڭ سالماق كېلىدىغان ئەمەل ئىمان بولماي، ئەخلاق بولسۇن؟ دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن.

لېكىن بۇ ھەيرانلىق ئىمان بىلەن ئىبادەتنىڭ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرى بەلگىلىگەن زۆرۈرىيەتلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ.

695. سوئال: گۈزەل ئەخلاقنىڭ ساۋابى ئىبادەتتىن چوڭمۇ؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاقنىڭ ساۋابى نەپلى ئىبادەتلەردىن، ھەتتا بەزى ئۇلۇغ ئىبادەتلەردىنمۇ چوڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»[2].

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا، گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدىغان كىشىلەر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا گۈزەل ئەخلاقنى تەقەززا قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ھالىتى ئۇلارنى داۋام قىلىۋاتقان ئىبادەتلەر ساھەسىگە ئېلىپ كىرىدۇ. چۈنكى شۇ لەھزىلەردە ئاچچىقىنى يىغىپ، سەۋرچانلىقنى ئاشۇرۇپ، نەپسى ھەۋىسىنى يېڭىپ، ئىنتىقام ئېلىش پەيلىدىن يېنىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرۈش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى ھەقىقەتەن كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقان ئابىدنىڭ ئىبادىتىگە تەڭلىشىدۇ، گاھىدا ئېشىپ چۈشىدۇ.

يەنە كېلىپ، بىراۋنىڭ كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئىبادەتكە مەھكەم بولغانلىقى كاتتا ساۋابلىق ئەمەل بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ پايدىسى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئىبادىتىدىن باشقىلارغا پايدا يەتمەيدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئومۇم خەلققە مەنپەئەتلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۇ كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ھەممە بىردەك بەھرىمەن بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقى ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىپ، ئۇ ئادەم ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۆمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ» دېگەن.

696. سوئال: ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىق ـ گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ ـ سېنى بىئارام قىلغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياقتۇرۇلمىغان ئىشتۇر»[1] دېگەن.

ھەدىستىكى «ياخشىلىق» پۈتۈن ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىخچام سۆز بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «گۈزەل ئەخلاق» دەپ تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، گۈزەل ئەخلاق بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئىسىمدۇر.

ئەمما گۇناھنىڭ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياقتۇرۇلمايدىغان بولۇشى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ۋىجداننىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، ئىنساندىكى بۇزۇلمىغان ۋىجدان پەزىلەتلەرنى ھېس قىلغاندەك، گۇناھلارنىمۇ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ھېس قىلىدۇ، پەزىلەتلىك ياخشى ئىشلارنى قىلغىنىدا راھەتلىنىدۇ، يامان ئىش قىلغىنىدا ئوڭايسىزلىنىدۇ. ئىنسان گۇناھ- مەسىيەت ئىشلىگىنىدە ئۆزىدە بىئاراملىق ھېس قىلغان چېغىدا، ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار كۆرۈپ قالغىنىدا، ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ساپ تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بۇ يامان ئىشنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ئۇنى ئەيىبكە بۇيرىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا قىلغان يامان ئىشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن بۇ ئۆلچەم تەبىئىتى ساپ، ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئىنتايىن توغرا ۋە بەكمۇ نازۇك ئۆلچەمدۇر.

697. سوئال: ئۇچ چوڭ ئەخلاق قائىدىسىنى بەلگىلىگەن ھەدىس قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەدىلا بولمىغىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلغىن، يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن، ئىنسانلارنى ياراتقان زات گۈزەل ئەخلاقلىقتۇر»[1] دېگەن.

بۇ ھەدىس ئەمەل قىلغان كىشىنى ئىنسانىي كامالەتلەرگە يۈكسەلتىدىغان ئەڭ چوڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىسى ۋە باشقا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەققىدە تەلىمات بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ بېشى ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، كېچە، كۈندۈز، نەدىلا بولمىسۇن تەقۋادارلىق ئىچىدە بولۇشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، ھەتتا كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئادەم نەدىلا بولمىسۇن ۋە قانداقلا بىر ئىشنى قىلمىسۇن تەقۋالىقنى كۆز ئالدىدىن ئايرىماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، مەسجىدتە تەقۋادار، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا ئالدامچى، ئۆيدە دىن بىلەن كارى يوق يۈرىدىغانلار ساختىپەزلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ بىرىنچى قائىدە.

ئىككىنچى قائىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن» دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، توغرا يولغا قايتىش ۋە گۇناھ-مەسىيەت ئىشلەش بىلەن نەپسىنى تۆۋەنلەتكەندىن كېيىن ئۇنى پاكلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلاھىي كۆرسەتمە بار. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى سەۋەبلىك گۇناھ- مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇزۇلمىغان ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق بېرىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى، يامانلىقلىرىنى يوققا

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

چىقىرالايدۇ.

بۇ قائىدە ئاللاھ تائالانىڭ  شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [1] دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان.

ئۈچىنچى قائىدە، پەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسانلارنى ياراتقان زات گۈزەل ئەخلاقلىقتۇر» دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق پرىنسىپىنى بەلگىلىگەن چوڭ قائىدە. ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلىقى ئىنسانلارنىڭمۇ بىر-بىرىگە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن گۈزەل ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

(1) هۇد سۈرىسى114-ئايەت

# ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلار

698. سوئال: گۈزەل ئەخلاق بىلەن ناچار ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلار قايسى؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاق بىلەن ناچار ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچتۇر:

**بىرىنچى پرىنسىپ**

ئىنساننى باشقىلاردىكى بىلىم-قابىلىيەت، ئەخلاق-پەزىلەت، بايلىق، تەلەي قاتارلىق قانداقلا بىر ئارتۇقچىلىقنى -گەرچە ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ- ئېتىراپ قىلىشقا ئۆزلىكىدىن ئىتتەرگەن تۇغما ياكى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر تۇرتكە گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپتۇر.

بۇ پرىنسىپنىڭ ئەكسى رەزىل ئەخلاق تۈرلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنساننى باشقىلاردىكى بىلىم-قابىلىيەت، ئەخلاق-پەزىلەت، تەقۋالىق، تەلەي قاتارلىق قانداقلا بىر ئارتۇقچىلىقنى شەخسىيەتچىلىك، كۆرەلمەسلىك، كۆڭلى تارلىقتىن ئىبارەت نەپسىي خاھىش سەۋەبلىك ئېتىراپ قىلماسلىققا ئىتتىرگەن ھەرقانداق بىر تۈرتكە ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن بىر تۈرتكىدۇر.

**ئىككىنچى پرىنسىپ**

ئىنساننى ئۆستىدىكى ھەق- ھوقۇقلارنى تولۇق ئادا قىلىشقا ياكى ئۆزىنىڭ بىلىمى، كۈچى، پۇل-مېلى، جەمئىيەتتىكى ئورنى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئۆزلىكىدىن ئىتتەرگەن تۇغما ياكى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر تۈرتكە گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپتۇر.

بۇ پرىنسىپنىڭ ئەكسى رەزىل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنساننى باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا ياكى ئۆزىدىن ھېچقاندا بىر چىقىم ياكى كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلاردىمۇ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ياكى ئىختىيارىي ۋە بىرەر مەنپەئەت كۆزلىمىگەن ھالدا، بىراۋنى زىياندىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشتىن ۋازكېچىشكە ئىتتەرگەن تۇغما ياكى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر تۈرتكە ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن بىر تۈرتكىدۇر.

## ئۈچىنچى پرىنسىپ

ئىنسانىنى باشقىلارنىڭ قوللىرىدىكىسىگە كۆز قىزارتماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا قارشى چىقماستىن، ئۆزىگە بېرىلگەنلەرگە قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈشكە ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلىدىغان تۇغما ياكى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر تۈرتكە گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن بىر پرىنسىپتۇر.

بۇ پرىنسىپنىڭ ئەكسى رەزىل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنسانىنى باشقىلارنىڭ ئىگە بولغانلىرىغا كۆز قىزارتىش، كۆرەلمەسلىك قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا قارشى چىقىشقا ئىنتىلىدىغان تۇغما ياكى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ھەرقانداق بىر تۈرتكە ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن بىر تۈرتكىدۇر[1].

---

(1) ئابدۇراھمان ھەبەننەكەنىڭ «الأخلاق الإسلامية» ناملىق ئەسەرىدىن.

# خۇلق بىلەن ئەدەبنىڭ پەرقى

699. سوئال: خۇلق بىلەن ئەخلاقنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق ئەمر خالىد خۇلق بىلەن ئەدەبنىڭ پەرقىنى مۇنداق ئوچۇقلىغان: «خۇلق- ئىنساننىڭ ئىچ دۇنياسىدا مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان ئىچكى تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان ئىشلار ھېچقانداق تەكەللۇپ ياكى تەييارلىق تەلەپ قىلماستىن، ھەتتا ئويلاشقىمۇ ھاجەت بولماستىن تەبىئىي ھالدا چىقىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچ دۇنياسىدىن سادىر بولغان ئىشلاردىن ئەقىل ۋە دىننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ ياخشى ۋە چىرايلىق سانالغانلىرى گۈزەل خۇلق (ياكى ئەخلاق)، ئەكسىچە بولغىنى يامان خۇلق دەپ ئاتىلىدۇ»[1].

ئەمما ئىسلام ئەخلاقى ـ قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنى مەنبە قىلغان ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ھەرقانداق ياخشى ئىش-پائالىيەت ۋە چىرايلىق گەپ سۆزدىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە ئەخلاق بابىدا ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۈلگىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى: سەن ھەقىقەت ئەڭ بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن [2] دەپ ماختىغان.

ئەدەب- ئىنساننى ئېسىل خىسلەتلەر ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بېزەپ، ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق، ئۇنى تۈرلۈك خاتالىقلارغا ۋە يامانلىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن قوغداش رولىغا ئىگە.

خەلقىمىزمۇ ئەل-جامائەتنىڭ نەزەرىدە ئەيىبلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشىنى «ئەدەبلىك ئادەم» دېگەندەك، جامائەتنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىنى«ئەدەبسىز ئادەم» دەيدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەخلاق بىلەن ئەدەبنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكىدەك ئوچۇقلاش مۇمكىن:

(1) ئەدەب ئاساسەن تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ۋە نەپسنى ياخشى ئىشلارغا

(1) ئەمر خالىدنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ماقالىسىدىن
(2) ياسىن سۈرىسى 4-ئايەت

چېنىقتۇرۇش بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەرسە. ئەمما خۇلق كۆپىنچە ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىدىغان، تەربىيە بىلەن ئۆزگەرىدىغان نەرسە.

(2) تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەدەبنى يېتىشتۈرۈشتىكى تەسىرى ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشكە نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ.

(3) ئەدەب قارىتىلغان تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەمما ئېسىل خۇلق ھەممىلا جايدا ۋە ھەر قانداق كىشىگە بىر خىل بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاتا-ئانىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەب، بالىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەبكە ئوخشىمىغاندەك، ئۇستازلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەب ساۋاقداشلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەبكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ئايرىم ئورنى بار. ئەمما گۈزەل ئەخلاق ھەممە كىشىگە ۋە ھەممىلا جايدا بىر خىل بولۇشنى تەلەب قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، كەمتەر، راستچىل، ۋاپادار ، مېھرى-شەپقەتلىك، سېخىي-مەرد بولۇش قاتارلىق ئىشلار مەيلى ئاتا-ئانىغا بولسۇن، مەيلى بالىلارغا بولسۇن، مەيلى ئۇستازلارغا بولسۇن، مەيلى ساۋاقداشلارغا بولسۇن، مەيلى باشقا ھەر قانداق بىر ئىنسانغا بولسۇن، ھەمىشە بىر خىل بولۇشنى تەلەب قىلىدۇ.

(4) ئەدەب كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن بولسىمۇ، شۇ جەمئىيەت خەلقىنىڭ ئەدەب ۋە قائىدىلىرىدىن چەتنەپ كېتىشنى خالىمايدۇ-دە، چىن كۆڭلىدىن بولمىسىمۇ ئەدەبلىك بولىدۇ.

ئەمما خۇلق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇستەھكەم تۈزۈلمە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان ئىشلار كۆپىنچە ئىختىيارسىز سادىر بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

## تاشقى قىياپەت ئىچكى گۈزەللىكنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ

700. سوئال: ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەمدۇ؟

جاۋاب: ئادەمنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي كۆرۈنىشى ئۇنىڭدىكى سابىت خۇلقنى ئىپادىلىمەيدۇ، يەنى تاشقى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكىلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەمدىكى بەزى ئەخلاقىي كۆرۈنۈشلەر كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭ ئىچ دۇنياسىدىكى سابىت خۇلقنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان قايسىبىر غەرەز بىلەن بەزى ئەخلاقىي قىلىقلارنى خۇددى شۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىي ئەخلاقىدەكلا ئوخشىتىپ قىلالايدۇ. بۇ گاھىدا رىيا (كۆرسەتمىچىلىك)، گاھىدا نىفاق(مۇناپىقلىق) تۈرىگە كىرىدۇ. ياكى مۇنداق قىلىقنى بەزى كىشىلەر نەپسىنى ياخشى ئەخلاقلارغا كۆندۈرۈش نىيىتى بىلەن قىلىشىمۇ مۇمكىن.

خۇلق دېگەن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدىغان تەبىئىي ياكى ئۆگىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىچكى قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى ئىنساننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا كۆرۈنىدۇ. لېكىن مۇنداق كۆرۈنۈشنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەينىكى ياكى بىردىنبىر دەللىي دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان مەشىق قىلىش بىلەن ئۆزىدە بولمىغان ئەخلاقنى يېتىشتۈرەلىگەندەك، يالغاندىنمۇ ئۆزىنى ئەخلاقلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: ئىنتايىن بېخىل بىر ئىنسان بىرەر غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ناھايىتى سېخىي قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. مال-دۇنياسىنى ئايىماي تۆكەلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇلقى يەنىلا شۇ بېخىللىقى بىلەن داۋام قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى خۇلقى بېخىللىق ئەمەسمۇ؟!

مەسىلەن: بىر يىگىت بىر قىزنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىچكى يۈزىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتە ياخشى كۆرسىتىشى مۇمكىن. قىزلارمۇ شۇنداق. ئەمما قىزنى رەسمىي ئۆزىگە قارىتىپ بولغاندىن ياكى تويدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساختىلىقى بىر-بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ.

مۇنداق ئادەم سېخىيلىقنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا نەپسىنى بويسۇندۇرۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلەنمىگىچە ئۇنىڭ خۇلقىدىكى بېخىللىق شۇ بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

## ھېكمەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەقىل

701. سوئال: ھېكمەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: ھېكمەت- يۈرۈش-تۇرۇشنى ساغلام ئەقىل ۋە توغرا دىننىڭ تەقەززاسىغا قارىتىپ توغرىلاش، باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش دېگەنلىكتۇر.

ھېكمەت مۇنداق ئىككى ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) توغرىلىقتىن چەتنەپ كېتىشتىن توسۇش

(2) توغرىلىققا يېتەكلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىتتىرىش.

توسۇش ۋە يېتەكلەشنىڭ مەنبئى ساغلام ئەقىل بىلەن توغرا دىندۇر. بۇ ئىككى مەنبەنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئەقىلنىڭ نەپسى ھەۋەسلەرنىڭ تەسرى ئاستىدا قېلىشتىن ياكى ھەرقانداق بىر نۇقساندىن ساغلام بولىشى، ئالغان دىنى تەلىماتىنىڭ، دىنى چۈشەنچىنىڭ ساغلام ھەم توغرا بولىشى شەرتتۇر.

ئەقىل بىلەن دىن بۇ شەرتكە توشقان ۋاقىتتا ھېكمەتنىڭ مەنبئى بولالايدۇ.

ھېكمەت ئىنساننىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. مەيلى ئەخلاقىي تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى قائىدە-يوسۇن تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئىبادەت تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئۆرپ-ئادەت تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى نەپسىنىڭ تەبىئىي تەلەبلىرىنى ئورۇنداش تەرەپتىن بولسۇن ھەممىسىدە ھېكمەتلىك ئىش كۆرۈش تەلەب قىلىنىدۇ.

شۇڭا ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلىش، رەزىل ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن يىراق بولۇش ھېكمەتلىك ئىش قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھېكمەت ھەممىگە شامىل چوڭ بىر ماۋزۇ بولۇپ، ئىنساننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى ھېكمەتلىك ئىشلار ھېكمەتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

702. سوئال: ھېكمەت بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: ئەقىلنى بەزىلەر "مۇھىت، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىشتۇر" دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئادەتتە ھېكمەت بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن ساغلام ئەقىلغا ھاجەت بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئەقىل تېپىلغان يەردە ھېكمەت تېپىلمايدۇ. شۇڭا مۇھىت، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىش ئەقىل

ۋە ھېكمەت بىلەن بولغىنىدەك، بەزى ھاللاردا ھېكمەت بولماستىن ئەقىل بىلەنلا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلارمۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان مۇھىت، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن بۇنداق بىر مۇناپىقلىق ئەقلىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ھېكمەتتىن مەھرۇمدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئەقىل باشقا نەرسە، ھېكمەت باشقا نەرسە. لېكىن ئەقىل بەزىدە ھېكمەتنىڭ يوللىرىنى تونۇشنىڭ ۋاستىسى ياكى ماددىسى بولالايدۇ.

شۇڭا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھېكمەت ناھايىتى زور ماختالغان. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ «ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى» ۋە«ھېكمەت ئىگىسى» ئىكەنلىكى ھەققىدە 90دىن كۆپرەك ئايەت كەلگەن. مۇندىن باشقا ھېكمەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا تەلىم بېرىشتىكى رەببانىيلىقىنىڭ ئۇنىۋانى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم....»[1].

ئاللاھ ئۇمىملەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتاب (قۇرئان)نى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى[2].

(1) زۇخرۇف سۈرىسى63-ئايەت

(2) جۇمۇئە سۈرىسى 2-ئايەت

## ئەخلاقنىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىگە ئومۇملىقى

ئەخلاق ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەپەككۇر ئەخلاقى، ئېتىقاد ئەخلاقى، قەلب ئەخلاقى، نەپس ئەخلاقى ۋە يۈرۈش-تۇرۇش ئەخلاقى قاتارلىقلاردۇر.

703. سوئال: تەپەككۇر ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پىكىر-تەپەككۇرنى ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان ئىلىم-مەرىپەت، پەن- مەدەنىيەت، تەجرىبە-ساۋاق، كېلەچەك ئۈمىدى ۋە ھەرقانداق ئىجابىي ماۋزۇلارغا بېغىشلاپ، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ھەسرەت-نادامەت، قايغۇ-پىغان، غەزەب، ئاچچىق قاتارلىقلارنىڭ ئوتلىرىنى ياندۇرىدىغان، ھارام ئىشلارغا ئادەمنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق تەپەككۇر ۋە خىياللاردىن يىراق بولۇش تەپەككۇر ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى پىكىر-تەپەككۇردىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

704. سوئال: ئېتىقاد ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سەپسەتىلەرگە، ئىلىم يولى بىلەن ئىسپاتلانمىغان گۇمانلارغا، ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە، ئىسلام ئېتىقادىغا يات ئېقىملارغا، تەقلىدچىلىككە قەلبتىن ئورۇن بەرمەستىن، قەلبنى مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن تولدۇرۇش ئېتىقاد ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى ئېتىقادتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

705. سوئال: قەلبنىڭ ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەقىقەتنى ۋە ياخشىلىقنى سۆيۈش، باتىلنى، يامانلىقنى يامان كۆرۈش، شۇجائەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار تۇيغۇلارنى ساقلىماسلىق ۋە باشقىلار قەلبنىڭ ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى قەلبتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

706. سوئال: نەپسنىڭ ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىپپەت، سەۋرچانلىق، ھىممەت، ئالىي تىلەك، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ۋە باشقىلار نەپسنىڭ ئەخلاقىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەكسى نەپستىكى رەزىللىكتۇر.

707. سوئال: يۈرۈش-تۇرۇش ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدىكى يۈرۈش- تۇرۇشلاردا، ئىش-

ھەرىكەتلەردە، گەپ-سۆزدە ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىچ يۈزىنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەش يۈرۈش-تۇرۇشتىكى گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىچ دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، ياسالمىلىق قىلىش يۈرۈش-تۇرۇشتىكى رەزىل ئەخلاقتۇر.

## ئەخلاقنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرى

708. سوئال: ئەخلاق شەخس ۋە جەمئىيەت ئېتىبارى بىلەن نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: دىن ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئەخلاقمۇ ئىنساننىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي دىيانەت بولغان يەردە چوقۇم ئەخلاقمۇ بولىدۇ. ئەخلاق بىلەن دىن بىر-بىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ.

709. سوئال: ئىنساننىڭ شەخسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ شەخسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار - پايدىسى ياكى زىيىنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا بولىدىغان ئەخلاقىي تەرەپلىرى بولۇپ، ئۇلار: قانائەت، رازىمەنلىك، ئىنتىزامچانلىق، ھەر ئىشتا قېتىرقىنىش، چىن ئىرادە، ئۈمىدۋارلىق، تىرىشچانلىق، راستچىللىق ۋە باشقىلاردۇر.

710. سوئال: ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار- پايدىسى ياكى زىيىنى ئومۇمغا بولىدىغان ئەخلاقىي تەرەپلىرى بولۇپ، ئۇلار: راستچىللىق، ئىشەنچلىك بولۇش، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك، باشقىلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەر ئالدىدا سەۋرچان بولۇش، ئىپپەت-نومۇسلۇق بولۇش، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق، شۇجائەت ۋە باشقىلاردۇر.

711. سوئال: ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپىنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپىنىڭ ئۆلچىمىنى بىر جۈملە سۆز بىلەن چۈشەندۈرگەندە، ئىنساننىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق مۇئامىلە كۆرۈشنى كۆتسە ۋە ئارزۇ قىلسا، باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

ئۆزى يامانلىق قىلىپ قويغان ياكى بىلىپ-بىلمەي رەنجىتىپ قويغان بىرىدىن ئۆزىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى كۆتكەن ئادەم باشقىلارنىمۇ ئەپۇ قىلسۇن!

باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچلىك بولىشىنى كۆتكەن ئادەمنىڭ باشقىلارغىمۇ ئىشەنچلىك بولىشى شەرت!

باشقىلارنىڭ راست سۆزلىشىنى ياقتۇرغان ئادەم ئۆزى راستچىل بولسۇن، باشقىلارغا ھېچ يالغان سۆزلىمىسۇن!

باشقىلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ياقتۇرغان ئادەم ئۆزىمۇ باشقىلارغا قارىتا ئىپپەتلىك بولۇشى لازىم.

خوتۇن-قىزلىرىنىڭ، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى مۇقەددەس بىلگەن ئادەم باشقىلارنىڭمۇ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئار-نومۇسىنى مۇقەددەس بىلىشى، ئۇلارنىڭ نومۇسىنى ئاياق-ئاستى قىلىشتىن، ئىپپىتىگە داغ تەككۈزۈشتىن ھەزەر قىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى خالىغان ئادەم ئىمان بىلەن ئۆلسۇن، بىراۋ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياقتۇرسا، ئۇلارغىمۇ شۇنداق كەلسۇن»[1].

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتتى ئېتىبارى بىلەن تۈرلىنىشى

712. سوئال: ئەخلاق قارىتىلغان تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ئەخلاق قارىتىلغان تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك 4 تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان ئەخلاق.

(2) ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاق.

(3) ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئەخلاق.

(4) ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاق.

713. سوئال: ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان ئەخلاق قايسى؟

جاۋاب: ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان گۈزەل ئەخلاق ئىنسانغا كۆپلىگەن ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلەيدىغان ئەڭ شەرەپلىك ۋە تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئەخلاقتۇر.

مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماندا راستچىل بولۇش، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىدا، جىمى سۈپەتلىرىدە، بارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆڭۈلدىن ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، بۇيرىغانلىرىنى سەممىيلىك بىلەن ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن قەتئىي يېنىش، ئۇنىڭغا بارچە ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى بېغىشلاش، ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇنى ھەمىشە ياد ئېتىش ۋە باشقىلار.

714. سوئال: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار: ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىش، بۇيرىغانلىرىنى قىلماسلىق، توسقانلىرىدىن يانماسلىق، ئازابىدىن قورقماسلىق، رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، ئۇنى ياد ئەتمەسلىك قاتارلىق كۇپرىلىق ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەردۇر.

715. سوئال: ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاق قايسى؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان گۈزەل ئەخلاق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە تەلەپ قىلىنىغان ئەخلاقلار بولۇپ، ئۇلار: راستچىل،

ئىشەنچلىك، ئىپپەتلىك، ئادالەتلىك، كەچۈرۈمچان، مەرد، سېخىي، ھەققانىي بولۇش، مۇئامىلىدە ھەققانىي بولۇش، ۋەزىپىنى قېتىرقىنىپ ئورۇنداش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مەنپەئەتتىن باشقىلار بەھرىمەن بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدۇر.

716. سوئال: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار: يالغان سۆز، خىيانەت، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، بېخىللىق، يامان مۇئامىلە، ۋەزىپىنى ئادا قىلماسلىق، ياخشىلىق بەدىلىگە تۈزكورلۇق قىلىش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق زىيىنى باشقىلارغا يېتىپ بارىدىغان بارلىق يامان قىلىقلاردۇر.

717. سوئال: ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئەخلاق قايسى؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئەخلاق ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقلار بولۇپ، مۇسىبەتكە، بالا-قازاغا ۋە قايتۇرغىلى بولمايدىغان ھەر قانداق قولدىن بېرىشلەرگە سەۋر قىلىش، تەرتىپ-ئىنتىزاملىق بولۇش، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش، ئەدەبىي جاسارەتلىك بولۇش، تىرىشچانلىق، ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ۋە ئىنسان ئۆز-ئۆزىنى ياخشى ئىدارە قىلىشتا كېرەكلىك بولغان ھەر قانداق چارىلەر بۇ تۈردىكى ئەخلاقنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

718. سوئال: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك يامان ئەخلاقلار: قايتۇرغىلى بولمايدىغان زىيان-زەخمەتلەر ئۈچۈن ۋايسىراپ ئۆزىنى بىھۇدە بىئارام قىلىش، ھورۇنلۇق، كەلسە-كەلمەس ئاچچىقلىنىش، ئىنتىزامسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، قورقۇنچاقلىق ۋە ئۆزىگە زىيانلىق بولغان ھەر قانداق ئىشلاردۇر.

719. سوئال: ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاقى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاقى ھايۋانلارغا ۋە باشقا جانلىقلارغا قارىتىلغان ئەخلاقى بولۇپ، ئۇلار: ھايۋانلارغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش، ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، قىينىماسلىق، ئاچ قويماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىمۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش جان ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىغان ھالدا مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئەكسىچە، ھايۋانلارنى قىيناش، ئاچ قويۇش، بىر-بىرى بىلەن

سوقۇشـتۇرۇش، ئـوق ئېـتىش مەشـقلىرىدە ئـۇلارنى قارىغـا ئـېلىش، بىھـۇدە ئۆلتـۈرۈش قاتارلىقلار يامان ئەخلاق نەمۇنىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىـر ھەدىسـتە: «بىـر ئايال بىر مۈشۈكنى نان ياكى سۇ بەرمەستىن ياكى يەردىن بىر نەرسە تېپىـپ يېيىشـى ئۈچۈن قويۇپ بەرمەستىن، سولاپ قويۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى تـۈپەيلى دوزىخـى بولـۇپ كەتتـى»[1] دېـيىش ئـارقىلىق ھايۋانلارغـا شەپقەتسـىزلىك قىلىشـنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلغان.

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

# ھۆررىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك-چېگرىسى

720. سوئال: ئىنساندا چەكسىز ھۆررىيەت بولامدۇ؟

جاۋاب: دۇنيادا مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن چەكسىز ھۆررىيەت دېيدىغان نەرسە مەۋجۇد ئەمەس. مۇنداق بىر ھۆررىيەت بار دەپ گۇمان قىلغانلار راستىنلا ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانلىرى رېئاللىققا تامامەن زىت كېلىدۇ. چۈنكى بىراۋدا چەكسىز ھۆررىيەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ نىمىنى خالىسا ھېچقانداق بىر چەكلىمىسىز، توسالغۇسىز، خالىغان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان مۇتلەق قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى شەرت. ھالبۇكى، ئىنسان مەيلى پادىشاھ بولۇپ كەتسۇن، مەيلى مىليونېر بولۇپ كەتسۇن، ئۆزى خالىغان ئىشلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، چەكلىمىلەرگە ۋە توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى توسالغۇسىز ۋە چەكلىمىسىز ھالدا، خالىغان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەقەت بىرلا ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، چەكسىز ھۆررىيەت ۋە مۇتلەق ئىختىيار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياراتقۇچى ۋە يوق قىلغۇچى، ھايات بەرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى قىلالايدۇ. چۈنكى كائىنات، ئۇنىڭدىكى بارلىق سەۋەبلەر ۋە مۇتلەق كۈچ-قۇدرەت ئۇنىڭ قولىدا.

ئىنسان ئۈچۈن بۇ قۇدرەت نەدە بولسۇن؟ ئىنساننىڭ خالىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن مۇسابىقىلەردە بىرىنچى بولۇپ چىقىشنى خالايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىنىدا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھۆررىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئېگىز جايدىن يېقىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەم شۇ لەھزىلەردە ئۆزىدە خۇددى قۇشلاردەك ئۇچۇش قۇدرىتى بولۇپ، ئۆلۈمدىن ساق قېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا نەدە بولسۇن بۇنداق قۇدرەت؟ نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ بايلاردىن بولۇشنى ئارمان قىلىدۇ. لېكىن ھەممىسى شۇنداق بولالامدۇ؟

بىزدە قۇشلاردەك ئۇچۇش، لەھەڭدەك سۇ ئۈزۈش ۋە پەرىشتىلەردەك ئاسمانغا ئۆرلەش ھۆررىيىتى بارمۇ؟ بىزگە كەلگەن ئۆلۈمنى توسۇپ قالىدىغان ھۆررىيەت بىزدە بارمۇ؟

ئەگەر ئىنسانىدا مۇتلەق ھۆررىيەت بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئارمان قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەغلۇب بولىدۇ؟

چىشىدىن تىرنىقىغىچە ئەڭ قىرغۇچى ۋە ئەڭ زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان ئىسرائىلىيە جوھوتلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، پەلەستىنىدىكى نوپۇس سانى ئاز، يەر مەيدانى كىچىك، خەلقى نامرات، دۈشمەنگە ئاتىدىغان تاشتىن باشقا قۇرالى بولمىغان كىچىككىنە غەززە شەھىرىنى نېمە ئۈچۈن بويسۇندۇرالمىدى؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى غەززە شەھىرىگە قويۇلغان ئامبارگو غەززە خەلقىنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرىۋەتكەن. غەززە ئاھالىسى يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، كىيگىلى يوق، داۋالىنىش ئۈچۈن يا دورا يوق يا پۇل يوق، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرال تېخىمۇ يوق، شۇنداق پۈتۈنلەي يوقلۇق ئىچىدە، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ۋەزىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ نامراتلىقىدا ھايات كەچۈرمەكتە.

ئىسرائىلىيە بولسا، پۇقرالىرىغىچە قۇراللانغان، ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەر، پەلەستىنگە قوشنا بولغان دۆلەتلەر رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ھالدا ئىسرائىلىيىنى قوللىغان، ھەتتا پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيتى بىلەن كۆپلىگە پەلەستىن تەشكىلاتلىرىمۇ غەززىدىكى ھاماس ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئىسرائىلىيىگە يانداشقان، غەززىگە قوشنا دۆلەتلەر غەززە ئاھالىسىغا ياردەم قولىنى سوزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، يىراق دۆلەتلەردىن كەلگەن دورا-دەرمەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق ئىنسانىي ياردەملەرنىمۇ غەززىگە كىرىشتىن توسىۋاتقان.

بۇگۈنكى كۈندە، بۇ ۋەزىيەتتە ئىسرائىلىيە ئۈچۈن ھاياتىدا تېپىلمايدىغان شۇنداق چوڭ بىر پۇرسەت بار تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن غەززىنى بويسۇندۇرالمىدى؟ ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئەڭ ۋەھشىي ھۇجۇملىرىنى كېچە-كۈندۈز داۋام قىلدۇرۇپ تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن كىچىك بىر پارتىزان شەكلىدىكى ھاماسنى يوق قىلالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىسرائىلىيە ئەڭ زامانىۋى قۇراللىرى بىلەن تۇرۇپ ھاماسنىڭ قولدا ياسالغان ئاددى قۇراللىرى ئالدىدا يېڭىلدى؟

ئامېرىكا دۇنيادا شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولغانلىقى ئۈستىگە، باشقا دۆلەتلەردىن قوشۇلغان ئىتتىپاقداش كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن 9يىلدىن بىرى كۈچ-قۇدرەت ۋە زامانىۋى ئەسلىھەلەردە ئۆزلىرىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئاجىز ئەلقائىدە ۋە تالىبان مىلىتانلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ؟ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش كۈچىنىڭ مەقسىتى ئافغانىستاننى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تىنجىتىش ئەمەسمىدى؟

9 يىلدىن بىرى دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆر ئىرادىسىنى نېمە ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتىدۇ؟

چۈنكى، چەكسىز ھۆررىيەت ۋە مۇتلەق ئىختىيار ئېگىسى بولغان ئاللاھ تائالا خالىمىدى! ئاللاھ تائالا خالىمىغان ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ خاھىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

﴿ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەر خالىيالمايسىلەر﴾[1] يەنى سىلەر كۆزلىگەن مەقسىتىڭلارنى ئاللاھ تائالا يول قويمىغىچە ئەمەلگە ئاشۇرالمايسىلەر. ھازىرقى ئىراق ۋەزىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

## ئىنساننىڭ قۇدرىتى چەكلىك

721. سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا چەكسىز ھۆررىيەت بېرىلمىگەن؟

جاۋاب: ئەگەر ئىنسانلارغا نېمىنى خالىسا قىلالايدىغان مۇتلەق ئىختىيار ۋە چەكسىز ھۆررىيەت بېرىلگەن بولسا ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان بارلىق خاھىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولاتتى-دە، دۇنيانىڭ ئىنتىزامى جىددىي ھالدا بۇزۇلغان، بەلكى ئىنسانىيەت نەسلى ئاللىبۇرۇن يەر يۈزىدىن تۈگەپ كەتكەن بولار ئىدى. ئاتوم بومبىسىنى ياسىغانلار بىر ئاندىلا دۇنيانى يوق قىلىۋەتكەن، مۇستەملىكىچىلەر قول ئاستىدىكى مەھكۇم مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋېتىپ باش ئاغرىقىدىن خالاس بولغىسى بولار ئىدى.

ئاتوم بومبىسىغا ۋە ئەڭ زامانىۋى، قىرغۇچ قۇراللارغا ئىگە ئىسرائىلىيىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ۋە يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ بىئارام قىلىۋاتقان پەلەستىنلىكلەرنى بىر كېچىدىلا پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ مەڭگۈ خاتىرجەم بولغۇسى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! لېكىن قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇتلەق ئىختىيار ۋە چەكسىز ھۆررىيەتكە ئىگە ئەمەستە.

دۇنيادا ھەركىم ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى دەۋاسى بىلەن كۆڭلىگە كەچكەنلەرنىڭ ، خالىغانلىرىنىڭ ۋە ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا ئاجىزلارنىڭ ياشاشتىن ھېچ نېسىۋىسى بولمىغان بولاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئىختىيارنى ۋە چەكسىز ھۆررىيەتنى ھېچكىمگە بەرمىگەن.

ئىنساننىڭ ھۆررىيەتتىن بولغان ھەققى ئەنە شۇنداق كۆپلىگە ھەق-ھوقۇقلارغا، قانۇن-پرىنسىپلارغا زىت كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ ئىنساننىڭ شەخسىي ھەق-ھوقۇقلىرى، ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەق-ھوقۇقىمۇ بار.

---

(1) تەكۋىر سۈرىسى 19-ئايەت

شۇڭا ئىنساننىڭ قۇدرىتى ھەرقانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسۇن، پۈتۈن-شەرت-شارائىتلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولغان بولسۇن، يەنىلا ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆررىيىتى ـ مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن- تەبىئىي ھالدا چەكلىكتۇر.

بۇ ھەق-ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە ھەق-ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئادالەتلىك تەقسىم قىلىش يولى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# هەق-ھوقۇقلار

## شەخسىي ھەق-ھوقۇقلار

722. سوئال: ئىنساننىڭ شەخسىي ھەق- ھوقۇقلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ شەخسىي ھەق- ھوقۇقلىرى- ئوقۇپ بىلىم-مەرىپەت ئېلىش ھوقۇقى، ئۆزىگە يوللۇق ھالدا بەخت ئىزدەش ھوقۇقى، زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ھوقۇقى، ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەردىن ۋە رىزىقلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش ھوقۇقى، ھالال قىلىنغان لەززەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەق-ھوقۇقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان يوللۇق ھەق-ھوقۇقلاردۇر.

ئەمما ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشى ئۇنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. مەسىلەن: ئىنساندا ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى دەۋاسى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ياكى نەپسىي ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ئۆزىنى كېسەل قىلىش ياكى پىكىر-تاقىتىنى، ئەقىل كۈچىنى ئۆزىگە ياكى ئىنسانىيەتكە پايدىسى بولمايدىغان بىھۇدە نەرسىلەر بىلەن زايە قىلىۋېتىشى ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ۋە كىشىلىك ھۆررىيىتى ئىچىدە بولسىمۇ، بۇلار شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ۋە يول قويمىغان ھۆررىيەتتۇر.

شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا، ئار-نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەققى يوق!

## كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەق-ھوقۇقلار

723. سوئال: كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەق-ھوقۇقلار قايسىلار؟

جاۋاب: كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەق-ھوقۇقلار كۆپ بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا دەخلى-تەئەررۇز قىلماسلىقى، شەخسنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەققانىي ئېلىپ بېرىشى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ ھەققىنى قۇربان قىلماسلىقى ۋە باشقىلاردۇر.

ئىنساننىڭ شەخسىي ھۆررىيەت دەۋاسى بىلەن بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ھەققى بارمۇ؟ ئۆزىنىڭ نەپسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان

يەتكۈزۈش ياكى بىرىگە باسقۇنچىلىق قىلىش ھەققى بارمۇ؟ ياكى تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىۋېلىش ياكى ئوغۇرلاش ھەققى بارمۇ؟

دېمەك، ئىنساننىڭ شەخسىي ھۆررىيىتى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. ھەتتا بىراۋ بىرەر يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىنسانلار توپلانغان جايغا بېرىش ھۆررىيىتى چەكلىنىدۇ. بۇ باشقىلارغا كېسەل يۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈندۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى

724. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىشى، يەر يۈزىدە خالىس ئىبادەت قىلىنىشى، ئۇلۇغلىنىشى، سۆيۈلۈشى، ياد قىلىنىشى ۋە ھەر ئىشتا ئىتائەت قىلىنىشىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى بەرمىگەنلەر ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. ھەر ئىككىسى ئىنساننىڭ شەخسىي ھوررىيىتىدىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك بىر ھەقسىزلىق، ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتۇش يەنە بىر ھەقسىزلىكتۇر. ئىنساندا ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشنى قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالاغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەر نەرسە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قويۇلغان ئامانەتتۇر.

## شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

725. سوئال: شەيتانىنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى تەسىرى قايسى دەرىجىدە بولىدۇ؟

جاۋاب: شەيتان ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. شەيتانغا ئەگەشكەن ئىنسان خاتالىقلارنى، گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ۋە بارچە يامانلىقلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قىلغانلىرىدىن پەقەت ئۆزىلا جاۋابكار بولىدۇ، شەيتانغا بۇلاردىن ھېچ نەرسىنى يۈكلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئازدۇرغان شەيتان بولسىمۇ، گۇناھنى ئىشلىگەن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر.

726. سوئال: شەيتان ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام مەنبەلىرىدە شەيتان ھەققىدە كۆپلىگەن ھەقىقەتلەر بار. ئۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى ھەقىقەت**

شەيتان ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پەقەت شەيتانغا ئەگىشىپ، ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى شەيتانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ) [1]

شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. [2]

سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى)

---

(1) ھىجر سۈرىسى42-ئايەت

(2) ئىسرا سۈرىسى65-ئايەت

بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ[1].

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا شەيتانغا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە يامان ئىشلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقا قۇدرەت بەرمىگەن. شەيتانلارنىڭ كۈچى پەقەت ئىختىيارى ھالدا تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن رەھبەر ئورنىدا تۇتقانلارغىلا يېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن شەيتان قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق بايان قىلىدۇ ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ: ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىلەر بىلەن دوزىخىلەر ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ.[2]

## ئىككىنچى ھەقىقەت

شەيتاننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ۋەزىپىسى پەقەت ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن كۆپرەكىگە شەيتاننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئىنسان شەيتاننىڭ ئۇنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ۋەسۋەسە سالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئىنسان ئۆز- ئۆزىنى بىر باھانىلەر بىلەن قاندۇرىدۇ-دە، شەيتان قىزىقتۇرغان گۇناھقا يۈزلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى

(1) نەھل سۈرىسى98-99-100-ئايەتلەر

(2) ئىبراھىم سۈرىسى22-ئايەت

(ئاللاھ) قا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن [1].

توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى [2].

شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ تەدبىر قوللانسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ تەدبىرى ئاجىزدۇر.

شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر [3].

## ئۈچىنچى ھەقىقەت

ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن شەيتاننى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بەلگىلىگەن.[4]

## شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىنىي چارىسى

727. سوئال: شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىنىي چارىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر). تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ [5].

---

(1) ناس سۈرىسى

(2) مۇھەممەد سۈرىسى25ـئايەت

(3) نىسا سۈرىسى76ـئايەت

(4) ئابدۇراھمان ھەبەننەكەنىڭ«الأخلاق الإسلامية»ناملىق ئەسەرىدىن پايدىلىنىلدى.

(5) ئەئراف سۈرىسى200ـ201ـئايەتلەر

## تەۋبە-ئىستىغفارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى

728. سوئال: تەۋبە-ئىستىغفارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى نېمە؟

جاۋاب: تەۋبە-ئىستىغفار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

تارىخلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زەئىپلەشكەن ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، دۆلەتكە قارشى ئىسيانلار باش كۆتىرىشكە باشلىغان. دۆلەت بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۈرمىلەردىكى جىنايەتچىلەرنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىسياننى باستۇرغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ جىنايەتچىلەر ئىسيان كۆتىرىپ چىققاندا دۆلەت ئۇلارنى باستۇرۇشتىن ئامالسىز قالغان. چۈنكى جىنايەتچىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇش چوڭ خاتالىق ئىدى. بۇ خاتالىق كېيىن ئۆزىدىنمۇ چوڭ ۋە ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان خاتالىقلارنى تۇغدۇرغان.

ئۆز خاتالىقنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئىشلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ.

دېمەك، تەۋبە-ئىستىغفار ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەت قىلىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلگەن بىر مەسۇم پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلىمامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟

چۈنكى تەۋبە-ئىستىغفار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغا، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۈرەككەب خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

729. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچىلىك كۆپ تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ياخشى ئىشقا ئادەتلەندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تا قىيامەتكىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، ھەر قانداق ئادەم بىلىپ-بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئىشلەپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئىشلىگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. چۈنكى مەغرۇرلۇق ئىبلىسنى ئىماندىن چىقارغان گۇناھتۇر. دېمەك، گۇناھسىز ئادەم يوق دۇنيادا!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئىشلەيدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەدىسنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غفور (كەچۈرگۈچى» ۋە غفار (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى)

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزهار قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.

ئاللاھ تائالا گۇناھكار بەندىلىرىگە خۇشخەۋەر بېرىپ: ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئۇ پۈتۈن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ [1] دېگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر بىلەن ئايەت بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىدىن، ھېچكىمنىڭ قىلغان تەۋبىسى بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە تەۋبىنىڭ ئاخىرى مەغپىرەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) زۇمەر سۈرىسى 53-54-ئايەتلەر

# تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق

ئەخلاق تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

730. سوئال: تەبىئىي ئەخلاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەبىئىي ئەخلاق- يارىتىلىشتىن بىرى ئىنساندا بولۇپ كەلگەن تەبىئىي(تۇغما) ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەبىئىي ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىنلا ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ، ئۇلار ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۆزلىكىدىن تەبىئىي ھالدا رىئايە قىلىدىغان كىلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق- يارىتىلىش تەبىئىتىدە بولمىسىمۇ، كېيىنچە ئۆگىنىپ تەربىيە يولى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەلىم-تەربىيىنىڭ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياكى ھاياتلىقتىن ئالغان تەجرىبىلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئۆگىنىلگەن ياكى يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن بىراۋنىڭ ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەخلاقنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي مايىللىق خاھىشى بولىشى شەرتتۇر. بۇ خۇددى قانداقلا بىر ماھارەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەبىئىي مايىللىق تەلەپ قىلىنغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئىنساندا بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي مايىللىق ۋە قابىلىيەت بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئادەمدە شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي مايىللىق بولمىسا، ئۇنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئورگانلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغان ئورگان مەشق قىلىش بىلەن شۇ ماھارەتنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن: قول خەت يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ۋە باشقىمۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قولنى كۆندۈرۈش ۋە مەشق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېرەكلىك ماھارەتلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولغانغا، قۇلاقتا مەشق قىلىش بىلەن ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى مەشق بىلەن ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە تەبىئىي تەييارلىق، ئىنتىلىش ياكى قابىلىيەت بولمىغان ئادەم ئۆگىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقا

چارىلەر بىلەنمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى تولۇق يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

**تەبىئىي ئەخلاقمۇ بىر خىل ئەمەس**

731. سوئال: تەبىئىي ئەخلاق بىر خىل بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشتىكى مىجەز-خۇلقتىن بولغان نېسىۋىسى بىر خىل بولمىغان. بۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت. ئىنسانلار تۇغما قابىلىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ كۈچلۈك-ئاجىزلىق، ئېگىزلىك-پاكارلىق، سېمىزلىك -ئورۇقلۇق، ساقلىق-كېسەللىك، چىرايلىق-كۆرۈمسىزلىك جەھەتلەردە پەرقلىق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە غەيرى ئەخلاقىي تەبىئەتلىرىمۇ بىر خىل بولمىغان.

مەسىلەن: كۆرىۋاتىمىزكى، بەزى ئىنسانلاردىكى تەبىئىي قورقۇنچ خىسلىتى باشقىلاردىكىسىدىن پەرقلىق، بەزىلەردىكى تەمەگەرلىك باشقىلاردىكىدىن قاتتىق بولغان. بەزى كىشىلەر تېز ئاچچىقلىنىدىغان بولسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ۋە ئاچچىقنى مەلۇم قىلمايدىغان كېلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي پەرقلەرنى تېخى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان كىچىك باللاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا رىزقىڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك ئەخلاقىڭلارنىمۇ تەقسىم قىلغان»[1].

732. سوئال: ئىنسان تەبىئىتىدىكى پەرقلەر قايسى دەرىجىدە بولغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان تەبىئىتىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار خۇددى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئۆگەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئىنسانلارنى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەرگە ئوخشاتقان. بۇ ئىنتايىن توغرا ئوخشىتىش بولۇپ، مەدەنلەرمۇ يۇقىرىسى ئالماس، تۆۋىنى كۆمۈرگە ئوخشاش قىممەتتە ۋە شەكىل ھەم خۇسۇسىيەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ يارىتىلىش تەبىئىتىدە، مىجەز، خۇلقىدا ۋە باشقا كۆپلىگەن جەھەتلەردە، خۇددى مەدەنلەرگە ئوخشاش پەرقلىقتۇر.

ئەمدى ھەدىستىكى«جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئۆگەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر» دېگەن جۈملىگە كەلسەك، بۇ جۈملە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆلچەمنى

---

(1) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۆتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، تەبىئىتىدە ياخشىلىق بولغانلارنىڭ قانداقلا بىر مۇھىت ۋە قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ياشىمىسۇن، شۇ ياخشىلىقنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىدى.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت ئەھلىدىن ئەخلاقى ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ، شۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشىنى ۋە شۇلار ئارقىلىق كۈچلىنىشنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«ئى ئاللاھ! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەمر ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جەھىل) ئىككىسىنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك بولسا، شۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالايدىغان باسقۇچقا ئۆتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

## ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆگىنىش قابىلىيىتى

733. سوئال: ئىنساندىكى ئەخلاقنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟

جاۋاب: ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەبىئىي مايىللىق ۋە قابىلىيەت بولغان ھەر قانداق ئەقىللىق ئىنسان ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىقلا كۆرسىتىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۈزەل ئەخلاقلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن: تىز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ئىغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بەل باغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم ئىغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ.

ئەڭ ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئادەممۇ ئەگەر ئۇنىڭدا سېخىيلىققا ئادەتلىنىش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت ۋە تەبىئىي تەييارلىق بولۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلىنىش ئۈچۈن چىن ئىرادە تىكلىسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم سېخىيلىققا ئادەتلىنىدۇ ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ. مۇنداق بىر شەخسىيەتچى ئادەم بىردىنلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىش دەرىجىسىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇ باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق-ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان سېخىيلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. باشقا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىدە تەبىئىي قابىلىيەت بولۇش شەرتى بىلەن ھاسىل قىلىش يولىدا تىرىشقان ھەر قانداق ئادەم چوقۇم ئۇنى ھاسىل قىلالايدۇ.

بۇ ئىنساننىڭ قولىدىكى ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى تەربىيە بىلەن ئىسلاھ قىلىش، ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىنسان

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ھاسىل قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جاۋابكاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان تۇرۇپ ھاسىل قىلمىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جازاغا لايىق بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشماستىن، ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتسە، قىيامەت كۈنى بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ[1].

(1) ئابدۇراھمان ھەبەنىكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» ناملىق ئەسەرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

## ئەخلاقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى تەربىيە

734. سوئال: ئەخلاقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى قايسى؟

جاۋاب: ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەلىم-تەربىيە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى تەربىيە بىلەن مەشق ئادەملەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئوخشاش كۆندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. مەسىلەن: سىرك ئويۇنى كۆرسىتىدىغانلار تەبىئىتى ۋەھشىيلىك بىلەن تولغان شىرنى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانغا ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئىنسانلارغا چېقىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئىنسانلار دېلفىن (يۇنۇس بېلىقى)نى مەشق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىچىك بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن قورقماستىن بىرگە تاماشا قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇستەھكەم ئەخلاق ئۆزگەرمەيدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەتنى چۈشۈرگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى، ۋەز-نەسىھەت قىلغانىنىڭ پايدىسى بولمىغان بولاتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى مەنىسىز قالغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئادالىتىدىن ئىنساننى پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشلار ئۈچۈنلا جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، ئۆزىدىكى ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئىشلاردىن ئىنساننى مەسئۇل تۇتمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا پاكار ئادەمنى ئۇنىڭ پاكارلىقى، ئېگىز بويلۇق ئادەمنى ئۇنىڭ ئېگىز بويلىقى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتمىغىنىغا ئوخشاش. شۇڭا ئىنساننىڭ جاۋابكارلىقى ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىش قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار دائىرىسىدىلا بولىدۇ[2].

ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىش يولىدا تارتقان مۇشەققەتلىرىگە ساۋاب بەرگەندەك، ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى يامانلىق پاتقاقلىرىغا ئىتتىرگەن كىشىنى جازالايدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئىسلام پرىنسىپى مۇنداق: نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم مەقسىتىگە

---

(1) زارىيات سۈرىسى55-ئايەت

(2) ئەمر خالىدنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ماقالىسىدىن.

يىتىدۇ، ئۇنى گۇناھقا پاتۇرغان ئادەم زىيان تارتىدۇ [1].

ھەر قانــداق بىــر قەۋم ئــۆزىنى ئۆزگەرتمىگــۈچە ئــاللاھ ئۇلارنىــڭ ئەھــۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ [2].

(1) شەمس سۈرىسى10-ئايەت

(2) رەئد سۈرىسى11-ئايەت

# گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرى

735. سوئال: گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋە ئۈنۈملۈك چارىسى تەربىيە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا ئىسلام دىنى ئەخلاق تەربىيىسىگە ئالاھىدە زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەخلاق تەربىيىسى ئىمان تەربىيىسى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىمان بىلەن ئەخلاقنى تۇرغۇزۇش يولىغا ئاتىغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتى بىر خىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىرىگە مۇناسىپ كەلگەن تەربىيە چارىسى يەنە بىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەربىيىسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەربىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان.

كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدە ئىسلام ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان تەربىيە چارىلىرى: ئەمەلىي مەشىق، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئۈلگە، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمى قاتارلىقلاردۇر.

736. سوئال: ئەمەلىي مەشىق ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: نەپسنى ئىشتىھا قىلغان ۋە ھەۋەس قىلغان ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇنى شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا چېنىقتۇرۇش گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئېسىل-پەزىلەتلەرگە ئادەتلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق مەشقلەر دەسلەپتە ئىنسانغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ، كېيىنچە ئۇنى قىيىن كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ئارقىلىق بەدەننى كۈچلەندۈرگەنگە ئوخشاش ئىش.

ئىنساندا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيە دېيىلگەن نەرسە مەۋجۇد. ئەگەر ئىنساننىڭ ئەخلاقىي قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىنمايدىغان بولسا ئىدى، ئىنسان ھاياتىدا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى.

ئەمما ئىلاھىي تەلىماتلار بىلەن رېئاللىقتىكى تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان تەربىيە مېتودلىرى ئىنسان تەبىئىتىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى

ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. تەربىيچىلەر، ئۇستازلار ۋە مۇئەللىملەر بۇ مىتودغا ئاساسلانغان ھالدا، يېڭى نەسىللەرنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن سەۋر سەۋرچانلىقتا ئادەتلىنىش بىلەن بولىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ بىھاجەت قىلىدۇ، سەۋرچانلىقنى مەشق قىلغان كىشىنى سەۋرچان قىلىدۇ»[1] دەپ كەلگەن.

نەپسنى يېڭىش، ئۇنىڭ ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىش ۋە كۆڭلى خالىمىسىمۇ ئۆزىنى ياخشى ئىشقا ۋە ئېسىل پەزىلەتكە زورلاشتىن ئىبارەت جاپالىق مەشق بىلەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئۆزىدە ئېغىر بېسىقلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش يولىدا دەسلەپتە قىيىنچىلىق تارتىسىمۇ، ئەمەلىي مەشىقتا داۋام قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئېغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ. باشقا ئەخلاق تۈرلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

737. سوئال: پەزىلەتلىك جەمئىيەت دېگەن قانداق جەمئىيەت؟

جاۋاب: پەزىلەتلىك جەمئىيەت- ئىنسانىي خىسلەتلەرنى، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان، ياخشى قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ياقتۇرىدىغان، يامان ئادەت ۋە يامان قىلىقلارنى، شۇنداقلا ناچار ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدىغان ئىنسانلار توپلىمىدىن تەركىپ بولغان جامائەتچىلىكتۇر.

پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرئان كەرىمدىكى: سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر [2] دېگەن ئايەتتە ماختالغان ئىنسانلار ياشايدىغان جەمئىيەتتۇر.

738. سوئال: ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە ياشاش بىلەن ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە چۆكۈپ شۇ جەمئىيەت ئىنسانلىرى بىلەن بىرگە ياشاش ئارقىلىق شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق- پەزىلەتلىرىنى، ياخشى ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 110-ئايەت

ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ياخشى ياقتۇرغاننى ياقتۇرىدىغان، ئۇلار يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدىكى ئەخلاق- پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

تىلىدا راستچىللىق، ئادىتىدە ۋاپادارلىق، مۇئامىلىسىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆلگىلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم ئۇچۇن بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. كۆڭلى خالىمىسىمۇ بۇ ئادەتلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۇ شۇ جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: بېخىل ئىنساندىن بىرى ئەخلاق-پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سېخىيلىقىدىن مەلۇم مىقدارنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرەلەيدۇ.

قورقۇنچاق بىرى قورقۇشنى بىلمەيدىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەن ياشاش ئارقىلىق ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

ئەكسىچە، ئەخلاق-پەزىلەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ جەمئىيەتنىڭ يامان ئادەتلىرى ۋە ناچار ئەخلاقلىرىنى بىلىپ- بىلمەي قوبۇل قىلغانلىقتىن گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

739. سوئال: ياخشى ئۆلگە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ياخشى ئۆلگە ـ ئەخلاق- پەزىلەت ئۇچۇن ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدىغان ئەمەلىي ئۆلگە دېمەكتۇر. بۇنداق ئۆلگە گاھ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدىغان ھېسسىي ئۆلگە بولغىنىدەك، گاھ ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ۋە سۈرىتىنى تارىخلاردىن، قىسسىلەردىن ئوقۇش ئارقىلىق زېھنىلەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان مەنىۋى ئۆلگە بولىدۇ.

ياخشى ئۆلگە شەخسلەر ئۈچۈن ئۆلگىلىك شەخسلەردىن، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۆلگىلىك جامائەت ۋە توپلۇملاردىن تەسىرات ئېلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

740. سوئال: ياخشى ئۆلگە ئارقىلىق ئەخلاقنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ياخشى ئۆلگىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە تەسىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنىڭ سىرى مۇنداق:

(1) ياخشى ئۆلگە ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئالىي مەرتىبىنى

ئىگىلەيدۇ. بۇنداق بىر مەرتىبە ئادەتتە ئومۇم خەلقنىڭ سۆيگۈسىگە، تەقدىرلىشىگە، ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا ۋە قىزىقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر ئۈلگە يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن نېسۋىسى بولمىغانلار ئارىسىدا ئۈلگىلىك كىشىلەرنى تەقلىد قىلىش روھىنى ئويغىتىدۇ-دە، ئۇلار ئەخلاق-پەزىلەتتە ئۈلگىلىك كىشىلەرنى شەكلىي جەھەتتە بولسىمۇ دوراشقا ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئوخشىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مەلۇم مۇددەت شۇنداق داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، تەقلىد قىلغۇچىلار تەقلىد قىلىنغۇچىلاردىكى ئەخلاق، پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە يەرلەشتۈرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا قاراپ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئىنسان قانداقلا بىر ئىشنى مەلۇم مۇددەت تەقلىد قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

(2) كامالەت دەرىجىلىرىدە ئۈزلۈكسىز يۈكسەلگەن بىرەر ئۈلگە ئەقلى ئويغاق كىشىنىڭ قەلبىدە، ئۇنى سۆيۈش، قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش تەسىرىنى قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا كامالەتلەرگە يۈكسىلىش روھىنى ئويغىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىققا مايىللىق بولۇپ، كامالەت مەرتىبىلىرىگە ئۆرلەش ئىقتىدارى بولسا، ئۆزىگە نىسبەتەن ئۈلگە سانالغان كىشىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى تولۇماستىن تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە تىرىشچانلىقىغا قاراپ كامالەت مەرتىبىلىرىدىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ.

(3) ياخشى ئۈلگە ئادەتتە ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ۋە ئەڭ ياخشى ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن كىشى بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى ھاسىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىك قانائىتىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشقا قىزىقىدىغانلار ئىككىلەنمەستىن بۇ يولغا قەدەم قويىدۇ-دە، بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا قاراپ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن نېسىۋە ئالىدۇ. رېئاللىقتا كۆرىۋاتىمىزكى، تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلالمىغانلىقتىن، بەزى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ شۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى سىناپ بېقىش مەقسىتى بىلەن بۇ ئىشلارغا ئاتلىنىپ، ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ.

بۇ غەلىبىگە ئىنساندىكى باشقىلارنى دوراشقا بولغان تەبىئىي مايىللىق ۋە دوراش قابىلىيىتى ئالاھىدە ياردەم قىلىدۇ.

741. سوئال: ئىسلام دىنىدا ياخشى ئۈلگىنىڭ ئورنى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ياخشى ئۈلگىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كامالەت دەرىجىلىرىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋاستىلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەخلاق- پەزىلەتتە يۈكسىلىشمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى "ئەڭ ياخشى ئۈلگە" قىلىپ كۆرسەتكەن. سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر[1].

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن چوڭ تەلىمات بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، گەپ-سۆزلىرىدە ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى كىشىلەر ۋە كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

ئۆز زامانىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھايات قايناملىرىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە روھىي ۋە بەدىنىي بىلەن تىرىك ئۈلگە بولۇپ ئۆتكەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىنى خاتىرىلىگەن ئۆلمەس ئەسەرلەر نەسىلدىن نەسىلگە يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە، تا ھازىرغىچە پۈتۈن ئىسلام مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئەسىردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھايات قايناملىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تولۇق ئۈلگە قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۆتكەن 14 ئەسىردىن كۆپرەك تارىختىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۈلگە قىلىپ كەلگەن بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار توپلىمى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. گەرچە ئۇلار ھازىرقى زاماندا ئازلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، قىممەت جەھەتتە يۇقىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ھەر زامان مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشقا داۋام قىلىدۇ. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ»[2].

يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر زامان بىر تائىپە كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇشقا داۋام قىلىدۇ، ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار ۋە

(1) ئەھزاب سۈرىسى21-ئايەت

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئـۇلارنى نائۇمىـد قويغـۇچىلار ئۇلارغـا زىيـان يەتكۈزەلمەيـدۇ. بـۇ ئـىش تاقىيـامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ»[1].

دېـمەك، ھەقىقـىي مۇسـۇلمانلىقتا ۋەكىللىـك قىلالايـدىغان بىـر بۆلـۈك چىـن مۇسۇلمانلار تا قىيامەتكىچە ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئىسپاتلاپ ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولـۇپ تۇرىدۇ.

742. سوئال: جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئەخلاقنى قانداق يېتىشتۈرۈش مۇمكىن؟

جـاۋاب: ئىنسـانلارنىڭ ئەخلاقنـى ئىسـلاھ قىلىـش يولـدا، ئىسـلام تەربىيىسـى قوللانغـان چـارە-تەدبىرلەرنـىڭ بىـرى مۇسـۇلمانلار توپلىمىنىـڭ شەخسـلەرنى گـۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرگە زورلايدىغان مەنىۋى بېسىمىدۇر. چۈنكى ھەر قانـداق بىر ئىنسـانلار جەمئىيىتـىدە شـۇ جەمئـىيەت ئەزالـىرى بولغـان شەخسـلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مەنىۋى نوپۇز ۋە مەلۇم دەرىجىدە بېسىم بولىدۇ.

743. سوئال: جەمئىيەتتىكى مەنىۋى نوپۇز ياكى بېسىمنىڭ مەنبەئى نېمە؟

جـاۋاب: ھەر قانـداق بىـر جەمئـىيەت ئـىگە بولغـان مەنـىۋى نوپـۇز ۋە بېسـىمنىڭ مەنبەئـى شـۇ جەمئىيەتتىكـى شەخسـلەرنىڭ جەمئىيـتىگە بولغـان ئېھتىيـاجى ۋە جەمئىيىتىدىن كۈتىدىغان ماددى ھەم مەنىۋى مەنپەئەتلىرىدۇر.

چـۈنكى ئىنسـان باشـقىلار بىـلەن ئارىلىشـىپ ئۆمـۈر سـۈرىدىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، مەلۇم ئىنسانلار تـوپلىمى ئىچىـدە ھايات كەچۈرۈش ئـارقىلىقلا نورمـال ھايـات كەچۈرەلەيـدۇ. ئىنسـاننىڭ جەمئـيەت بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋىتى ئۇنىـڭ جەمئـيەتكە بولغـان ئېھتىياجىـدىن مەيـدانغا كەلـگەن تەبىئـىي مۇناسىۋەتتۇر. قانـداقلا بىـر نەرسـىگە بولغـان ئېھتىيـاج ئېھتىيـاج ئىگىلىرىنـى ئـۆزىگە قارىتىـدىغانلىقى، ھەتتـا ئـۆزىگە قـۇل قىلىۋالـىدىغانلىقى بىـز رېئاللىقتـا كۆرۈۋاتقـان ھەقىقەتلەرنـىڭ بىرىـدۇر. ئەھـۋال بۇنـداق ئـىكەن، ئېھتىيـاج ئىگىسـى بولغـان ئـادەم جەمئىيەتتىكـى كىشـىلەرنى قايىـل قىلمىغـىچە ۋە ئـۇلارنى رازى قىلمىغـىچە، جەمئىيىتىـدىن كـۈتكەنلىرىنى ئالالمايـدىغانلىقىنى بىلگەنلىكـى ئۈچـۈن جەمئىيىتـىدە ئېتىبارلىق كىشىلەردىن بولۇش، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى قايىـل قىلىـش ئـارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش يولىدا مەجبۇرىي ھالدا، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ماسلىشىدۇ، ئـۇلار ياقتۇرىـدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئـۇلار يامـان كۆرىـدىغان قىلىقلاردىـن يىـراق تۇرۇشـقا تىرىشـىدۇ. شـۇنداق قىلىپ ئۇ مۇسۇلمانلار توپلىمى ياقتۇرىدىغان گـۈزەل ئەخـلاق ۋە ئېسـىل پەزىلەتلەرنـى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئاستا-ئاستا ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ.

744. سوئال: شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەنىۋى ئېھتىياجى نېمە؟

جاۋاب: ئىنساننى جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ بىرى ئىنساندىكى قەدىر-قىممەت ئېھتىياجىدۇر. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا، ھەتتا ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش قىزىقارلىقى بىلەن چىن قەلبىدىن بولمىسىمۇ ياخشى ئىشلارنى ئۆزلىكىدىن قىلىشقا، ئۆزلىرىنى گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلەندۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن نەپسىي ھەۋەسلىرىدىن، شەخسىي غەرەزلىرىدىن، ھەتتا بەزى زۆرۈر مەنپەئەتلىرىدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مۇنداق ئىنسانلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەتنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى نوپۇزى ۋە بېسىمى يۈزىسىدىن قىلىدۇ. گەرچە مۇنداق شەكىلۋازلىق قىلىش ئىنسانىي ۋە ئىسلامىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، باشقىلاردىن ئۇيۇلۇپ بولسىمۇ يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرگەن ئادەم ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئاستا-ئاستا بۇ ياخشى ئادەتنى ئەخلاققا ئايلاندۇرالايدۇ، يەنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىش، يامان ۋە ناچار قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇش ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كېيىنچە، بۇنداق ئادەم گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشنى بىرەر مەنپەئەتكە باغلىماستىنمۇ داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ[1].

---

(1) ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» ناملىق ئەسەرىدىن ئاللاپ ئېلىندى.

## بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز

745. سوئال: ئەخلاقىي بۇرچىمىز قانچە تۈرلۈك بولىدۇ ۋە ئۇلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئەخلاقىي بۇرچىمىز 6 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە[*]:
(1) دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(2) ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(3) ئائىلىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(4) ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(5) ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(6) تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز.

### دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

746. سوئال: دىنىمىزغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز قايسىلار؟
جاۋاب: دىنىمىزغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز 4 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:
(1) دىنىي پرىنسىپلارغا قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(2) ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(3) پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.
(4) قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بۇرچىمىز.

747. سوئال: دىنىي پرىنسىپلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز قايسىلار؟
جاۋاب: ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي پرىنسىپلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ئىخچاملىغاندا مۇنداق: دىن مەسىلىلىرىنى توغرا رەۋىشتە ئۆگىنىش، دىنىنىڭ پۈتۈن بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىغا رىئايە قىلىپ ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۈلگىلىك بىر مۇسۇلمان بولۇش.

748. سوئال: ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟
جاۋاب: ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپىنى قەلبىمىزگە يەرلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ

(*) Temel Din bilgisi ناملىق تۈركچە ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بىر بەندىسى بولۇشقا تىرىشىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

749. سوئال: پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىش، ئۇنى ئۆزىمىزگە پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا رەھبەر قىلىش، دىنىمىزنى ئۇنىڭ چۈشەنگىنىدەك ۋە ئۇ ياشىغاندەك ياشىتىشقا تىرىشىش، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش، ئۇنىڭغا دۇرۇت ۋە دۇئالارنى يوللاش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممىتى بولۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

750. سوئال: قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسىمىزدىن چىقارماسلىق بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ھەمىشە تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ، كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

751. سوئال: ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قانچىگە بۆلۈنىدۇ ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز تېنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز ۋە روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

752. سوئال: تېنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: تېنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: تېنىمىزنىڭ بىزگە ئاللاھتىن بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى پاكىز تۇتۇشىمىز، جىسمىمىزنى پاك ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشىمىز، ئىبادەتلىرىمىزنى تولۇق ئورۇندىشىمىز، تېنىمىزنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇنى پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز ۋە قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر ئورگاننىڭ بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرىمىزغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

753. سوئال: روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: روھىمىزنى ئىسلامىي ئېتىقاد، ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن بېزەش بىلەن بىرگە خاتا ئېتىقاد، يامان ئەخلاق ۋە يامان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ روھىمىزدا ئورۇن ئېلىشىدىن ساقلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

## ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

754. سوئال: ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، ئىنسانلارنىڭ تۇنجى مەكتىپىدۇر. شۇڭا ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەخت ــ سائادىتى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئائىلىدىكى ئاتا ــ ئانىغا ۋە باشقا چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئىش ــ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا»، «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم

ئەر- ئايال ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارىسىدا سۆيگۈ بىلەن ھۆرمەتنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن تۇتۇشىمىز، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھالال كەسىپ ۋە توغرا يوللار بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز، بالىلارغا پۈتۈن ئىشلاردا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلامي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە ياخشى تەربىيە قىلىشىمىز، بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەممىگە ئوخشاش، ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

## ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

755. سوئال: ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: ھەر قانداق خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل ــ مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتىلغان ئەڭ ئاددى بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر.

756. سوئال: پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. ئىنسانلار ئىنسانلىق تەرەپتىن ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا ھېچبىر ئىنساننى ۋە ھېچبىر مىللەتنى تۆۋەن كۆرمەسلىك ۋە كەمسىتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن سانىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز ۋە

مەدەنىيىتىمىزنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە باشقىلار بىلەنمۇ چىقىشىپ ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ تىل، رەڭ، ئىرق، دىن ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، چەتكە قاقمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلماقچى بولغانلارغا جىددىي قارشى تۇرىدۇ.

## تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

757. سوئال: تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھ ياراتقان جانلىق ـ جانسىز ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىز ئىنسانلار ئۈچۈن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئالاھىدە ۋەزىپىسى ۋە پايدىسى بار. بىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىزگە قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ ھېچبىر نەرسىنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس. شۇڭا مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكلەرنى ۋە يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتلەرنى بىلىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تىرىشىشىمىز، ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلارنىڭ پايدىسىنى كۆرگىنىمىزدە ئاللاھقا شۈكۈر ئادا قىلىشىمىز ۋە ئاللاھ تەبىئەتتە بېكىتكەن تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماسلىقىمىز لازىم.

تەبىئەت ـ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان. ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچى تەبىئەتتىن يوللۇق ھالدا پايدىلىنىش، ئۇنى بۇلغىنىشتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

## گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى

758. سوئال: گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان قانداق بولىدۇ ؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ.

(2) ئاللاھ بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

(3) ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ.

(4) ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

(5) ھەركىمگە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

(6) پەيغەمبىرىمىزنى سۆيىدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

(7) قۇرئـان كەرىمنـى تـىلاۋەت قىلـىش بىـلەن كـۆپ مەشـغۇل بولـىدۇ، ئۇنىـڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ.

(8) ۋۇجـۇدىنى پـاكىز ۋە هـالال نەرسـىلەر بىـلەن ئوزۇقلاندۇرىـدۇ. يـېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە هارام ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

(9) روهىنى گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرىـدۇ. قەلبىـدىن بـۇزۇق خىيـال ۋە يامـان غەرەزلەرگە ئورۇن بەرمەيدۇ.

(10) ئاتا ــ ئانىسىغا ئەڭ ئالىي ئېهتىرام بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئـۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن هەزەر قىلىدۇ.

(11) ئائىلە چوڭلىرىغا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا، قوشـنىلىرىغا ۋە دوسـتلىرىغا ياخشـى مۇئامىلە قىلىدۇ.

(12) بالىلىرىغا ۋە جورىسىگە ئەڭ ئېسىل مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلانىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلارنىــڭ سـائادىتى ئۈچـۈن تىرىشــىدۇ، بالىلىرىنىــڭ يامـان ئـادەتلەرگە كۆنـۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(13) مۇسۇلمانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك سۆيىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتىـدۇ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىدۇ.

(14) خەلقىنىــڭ ۋە ۋەتىنىنىــڭ مەنپەئەتىنـى ئۆزىنىـڭ شەخسـىي مەنپەئەتىـدىن ئۈستۈن بىلىدۇ.

(15) ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا ۋە مەيدانىدا مۇستەهكەم تۇرىدۇ. باشقا دىـن ئەهلىـگە ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا هۆرمەت قىلىدۇ.

(16) پۈتــۈن ئىنســانىيەتكە ۋە هەر قانــداق بىــر جــان ئىگىســىگە مېهــرى ــ شەپقەتلىك بولىدۇ.

(17) تەبىئەتنى ئاسرايدۇ، مۇهىت تازىلىقىغا ئەهمىيەت بېرىدۇ.

(18) دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتلىكى ئۈچـۈن پايـدىلىق بولغـان ئىلىملەرنـى ئۆگەنلەشـتىن زېرىكمەيدۇ.

(19) هەر ئىشتا راست سۆزلۈك، سەممىي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق بولىدۇ.

(20) دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. ئائىلىسـىنىڭ ئېهتىيـاجلىرىنى قامـداش يولىـدا هـېچ ئۆلمەيدىغانـدەك ئىشـلەيدۇ، ئەممـا ئـاخىرەتلىكى ئۈچۈنمـۇ ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ.

**گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار**

759. سوئال: گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟

جاۋاب: گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان تۆۋەندىكىلەرنى قىلمايدۇ:

(1) ئىسلام ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان پىكىر ــ ئېقىملارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

(2) ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتمەيدۇ، گۇناھ ــ مەسىيەت ئىشلىمەيدۇ.

(3) جەمئىيەتتىكــى ئەخلاقســىز كىشــىلەرگە ئەگەشــمەيدۇ، ئۇلارغــا نەســىھەت قىلىشنىمۇ ئونۇتمايدۇ.

(4) يالغــان ســۆزلىمەيدۇ، ســاختىپەزلىك قىلمايــدۇ، غەيــۋەت قىلمايــدۇ، تــۆھمەت قىلمايدۇ.

(5) ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ.

(6) بىراۋغــا ئۆچمەنلىــك، دۈشــمەنلىك، كۆرەلمەســلىك قىلمايــدۇ، كىشــىلەرنى مەسخىرە قىلمايدۇ.

(7) ئاتا ــ ئانىسىنى قاخشاتمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قاتتىق قول بولمايدۇ.

(8) ھورۇن، تىرىكتاب، بېخىل، نامەرد، ئۇياتسىز بولمايدۇ، تۇزكور بولمايدۇ.

(9) پۇرسەتپەرەس، ھېيلىگەر، ئالدامچى، ئوتتۇغۇيرۇق، چېقىمچى بولمايدۇ.

(10) ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلمايدۇ.

760. سوئال: ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ ؟

جاۋاب: ئەخلاقنى ئــۆزگەرتىش تامــامەن مــۇمكىن. تەربىــيە بىــلەن يامــان ۋە ناچــار ئەخلاقلارنى گۈزەل ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تەربىيەنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟!

پەيغەمبىرىمــىز ھەزرىتــى مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن: «ئىلــىم ئۆگىنىش بىــلەن، ئەخلاق ئەخلاقلىنىش بىــلەن، سەۋر سەۋرچانلىق بىــلەن ھاسىل بولىــدۇ»[1]. خــۇددى ئادەمنىــڭ بــوۋاق ۋاقتىــدىكى نــاقىس ۋە يېتەرسىــز بەدىنــى ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئاستا-ئاستا تاكامۇللاشقىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەخلاقىمۇ گــۈزەل ئەخلاقلارنــى ئــۆگىنىش ۋە ئــۆزىگە يەرلەشــتۈرۈش يولىــدا تىرىشــىش ئــارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

**يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر**

761. سوئال: ئەخلاق ئۈگىنىشتە ئەڭ ياخشى ئۈلگە كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ياخشى ئىشلاردا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇپ:

سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە- رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر [1] دېگەن.

مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان پۈتۈن ئىشلاردا، ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغان بىرلا شەخستۇر!

ئۇنداقتا، بىز ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇشقا مۇھتاجمىز. چۈنكى ئۆزىنى تونۇماستىن، ئۇنى ئۈلگە قىلغىلى بولمايدۇ.

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى21-ئايەت

## سۆيگۈ ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

762. سوئال: سۆيگۈ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۆيگۈ ــ ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ زىننىتى ۋە بەختنىڭ كاپالىتىدۇر. سۆيگۈنىڭ قىممىتىنى تونۇغانلار «دۇنيادا سۆيگۈ ئومۇملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار نە ئادالەتكە، نە قانۇنغا موھتاج بولمىغان بولاتتى» دېگەن ئىكەن قەدىمدە. ئۇلۇغ ئالىم جالالىددىن رۇمىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سۆيگۈ ــ ئاچچىقنى تاتلىققا، توپراقنى ئالتۇنغا، كىرنى ساپلىققا، كېسەلنى ساقلىققا، تۈرمىنى بوستانغا، غەزەپنى شەپقەتكە ئايلاندۇرىدىغان، تۆمۈرنى ئېرىتىدىغان، تاشنى يۇمشىتىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئابى ھايات بېغىشلايدىغان بىر مۆجىزىدۇر»[1].

763. سوئال: سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ چوڭى قايسى؟

جاۋاب: سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. چۈنكى سۆيگۈ-مۇھەببەت كۆپىنچە قارشى تەرەپنىڭ سۆيگۈسى ياكى ئۇنىڭدىكى قايىل قىلارلىق سۈپەتلەر ياكى ئۇنىڭدىن كۆرگەن زور ياخشىلىقلار تۈرتكىسى بىلەن قەلبكە ئورنايدىغان نەرسە.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادا سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن بار. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر. ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەقلى بار ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئانا قارنىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ، ياشاپ

(1) ئۇلۇغ ئەدىب، شائىر، فىقھشۇناس ئالىم، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر «مەۋلىۋى» تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي ھىجرىيە 604-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىنىڭ 6-كۈنى (مىلادىيە 1207-سىنتەبىرنىڭ 30-كۈنى) ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ خۇراسان ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەلخ دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ئائىلىسى خارزم شاھى بىلەن قودا بولغان. مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ئۈچ يېشىدا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە باغدادقا كەلگەن، كېيىنچە، مەككە، شام، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى تۈركىيىنىڭ كونيا شەھرىدە مۇقىملاشقان ۋە سەلجۇقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى نەتىجىسىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ جايدا بولغان.

1273-يىلى كونيادا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ چوڭ زىيارەت گاھى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپلىقتىكى مۇرىدلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بار. تۈركىيىدە كۆپ تەپىلىدۇ. ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان بولۇپ، ھازىرقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. جالالىددىن رۇمىينىڭ نامى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ بىر قۇرۇلتايدا دۇنياغا داڭلىق شائىرلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئــۆلگىنىگە قەدەر قانـــداق پەرۋىـــش قىلىـــدىغانلىقىنى، خەتەرلەردىـــن قانـــداق ساقلايدىغانلىقىنى ئەلـۋەتتە چۈشـىنىدۇ. شـۇڭا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام قۇچىقىـدا بالىسى بار بىر ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ساھابىلىرىدىن: «بۇ ئايـالنى بالىسـىنى ئوتقـا تاشلاشـقا رازى بولىـدۇ، دېسـەم ئىشىنەمسـىلەر؟ دەپ سـورىغاندا، سـاھابىلەر، بـۇ ئايـال ھەرگىز بالىسـىنى ئوتقا تاشلاشـقا رازى بولـۇپ تۇرالمايـدۇ، دەيـدۇ. ئانـدىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارغـا: «بىلىڭلاركـى، ئـاللاھ بەنـدىلىرىگە مۇشـۇ ئايالنىـڭ بالىسـىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر»[1] دېگەن.

ئاللاھ تائالانىـڭ ئىنسـانلارنى ئىككـى ئالەملىـك بەخـت-سائادەت يولىغـا باشـلاش ئۈچـۈن ئۇلارغـا شـەپقەت پەيغەمبىـرى بولغـان ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ئەۋەتكەنلىكـى ۋە ھـــدايەت مەنبىئـى بولغـان قۇرئـان كەرىمنـى چۈشـۈرگەنلىكى، گۇناھكارلارنىـڭ تەۋبە قىلىـپ، ئـۆزلىرىنى ئىسـلاھ قىلىۋېلىشـىغا پۇرسـەت بېرىـپ، ئـۇلارنى ھامـان جازالىمايـدىغانلىقى ۋە تەۋبىنىـڭ ئىشـىكىنى تـا قىيـامەتكىچە ئوچـۇق قويغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

سـۆيۈش ئۈچـۈن قايىـل قىلارلىـق سـۈپەتلەردىن سـۆز ئاچساقمۇ، ئـاللاھ تائـالا پۈتـۈن سۈپەتلىرىدە، ئىش-پائالىيەتلىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل يېگـانە زات. پۈتـۈن گۈزەللىكلەر، مۇكەممەللىكلەر ۋە جىمى ياخشىلىقلارنىڭ مەنبىئى ئاللاھ تائالادۇر.

سۆيۈش ئۈچۈن تۆرتكە بولىدىغان ياخشىلىقتىن سۆز ئاچقاندىمۇ، ئاللاھ تائـالا ئەڭ مـۇكەممەل سـۆيگۈگە لايىـق يېگـانە زاتتـۇر. ئىنسـان خـاراكتېرى ئۇنىڭغـا ياخشـىلىق قىلغانغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشنى تەبىئىي بۇرچ، دەپ بىلىدۇ. دۇنيادا قايسى بىرىنىڭ ياخشىلىقى ئىنساننى يوقتىن بـار قىلىـپ، ئەڭ چىرايلىـق شـەكىلدە ياراتقـان، ئۇنىڭغـا ئەقىـل - ئىـدراك ئاتـا قىلىـپ، بـارچە مەخلۇقـاتلاردىن ھۆرمەتلىـك ھەم قۇدرەتلىـك قىلغـان ۋە ئـۇنى كائىناتنىـڭ خوجـايىنى قىلىـپ بەلگىـلەپ، ھەممىنـى ئۇنىڭغـا بويسـۇندۇرۇپ بەرگەن كەرەملىـك، شـەپقەتلىك ئاللاھنىـڭ ياخشـىلىقلىرىغا يېتەلىسۇن؟!

764. سوئال: ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتى قانداق؟

جـــاۋاب: ئـــاللاھ سۆيگۈســـى ئىمانىنـــڭ ئەڭ ئاساســـلىق تەركىبـــى، ھەقىقـــي مۆمىنلىكنىڭ ئىپادىسى، ئىبادەتلەرنىـڭ ئەڭ كاتتىسـى، سـۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ ئېسـىلى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «مـۆمىنلەر

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئـــاللاھنى ھەممـــەدىن ئـــارتۇق دوســـت تۇتقـــۇچىلاردۇر»[1] دېـــگەن. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ نەرسە بولىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى؛ ئىككىنچىسى، بىراۋنى دوست تۇتسا ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوست تۇتىدىغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلىقتىن كېيىن كاپىر بولۇشنى، خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرىدىغان بولۇشى»[2].

چۈنكى، ئاللاھ تائالا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ يېگانە مەنبەئى. دۇنيادىكى پۈتۈن سۆيگۈلەر ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز سۆيگىسىدىن بىر تامچە بولغان ھالدا، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن. قەلبلەرگە سۆيگۈ ئوتىنى سالغۇچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

765. سوئال: ئاللاھ سۆيگىسى نېمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش، پۈتۈن ھايات قايناملىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى دەستۇر قىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

766. سوئال: پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق سۆيگۈ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر سۆيگۈسى ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسا ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ بولۇپ، ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىننى ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ پارلاق نۇرىغا باشلاپ چىققان ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كىم بولسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

767. سوئال: پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر سۆيگۈسى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنى مەنىدە ئۈلگە قىلىش

---

(1) بەقەرە سۈرىسى165 ـ ئايەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

768. سوئال: ۋەتەن سۆيگۈسى قانداق سۆيگۈ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ـ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغانىدەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

769. سوئال: ۋىجدانلىق ئىنسان ئۆز ۋەتىنىنى قانداق سۆيىدۇ؟

جاۋاب: ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۈرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىز تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى بۇ، بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟

770. سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى قانداق بولۇشى كېرەك؟

جاۋاب: ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى

سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر»[1] دېگەن.

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەڭگى، تىلى، ئىرقى، دىنى ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى نەزىرىدە، پۈتۈن ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەمدىن، ئادەم تۇپراقتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ئالامەتلەردۇر. «ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلەرنى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلەر باردۇر»[2].

### تەبىئەت سۆيگۈسى

771. سوئال: تەبىئەت سۆيگۈسى دېگەن قانداق سۆيگۈ؟

جاۋاب: تەبىئەت — ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداش دىنىمىزدا گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. تەبىئەت بىز ئىنسانلاردەك تۇزكور ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆز تىللىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى سۆزلەيدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقتىن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر»[3].

تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانى تونۇيدۇ. بۇ كىتابتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەت كامالى، گۈزەل سەنئەتلىرى، نېمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى يېزىلغان. مۇسۇلمان كىشى تەبىئەتنى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىلىم - ھېكمىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشى ئاشىدۇ، ئىمانى كۈچلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) رۇم سۈرىسى.

(3) ئىسرا سۈرىسى 44 - ئايەت.

كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرىگە قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرماقتا.

# ھەقىقەتنى سۆيۈش

772. سوئال: ھەممە ئادەم ھەقىقەتنى سۆيەلەمدۇ؟

جاۋاب: ھەممە ئادەم ھەقىقەتنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما بەزىلەر ھەقىقەتنى ئېغىزىدىلا سۆيسە، بەزىلىرى يۈرىكىدىلا سۆيىدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن سۆيىدىغانلار ئاز.

مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئېغىزدا سۆيگەنلىك ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ھەقىقەتنى كۆڭۈلدە سۆيگەنلىكمۇ ئىشقا يارىمايدۇ. بەلكى ھەقىقەتنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چىن قەلبىدىن سۆيۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ھەقىقەتنى ئېغىزىمىزدا سۆيگىنىمىزدەك، ئەمەلىيىتىمىزدىمۇ سۆيەلىگەن بولساق ھالىمىز باشقىچە بولغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە.

773. سوئال: ھەقىقەتنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاق سانىلامدۇ؟

جاۋاب: شەكسىزكى، «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق بارچە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ باش تاجىسى ۋە جەۋھىرىدۇر. چۈنكى، ھەقىقەتنى سۆيۈش ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن ۋازكېچىش ئىنساندىكى ئەڭ ئېسىل خۇلق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغۋار پەزىلەتلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلار مەيدانغا كەلگەندەك، باتىلنى سۆيۈش ۋە باتىلنى مۇداپىئە قىلىش ئىنساندىكى ئەڭ رەزىل خۇلق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان رەزىللىكلەر ۋە يامان قىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، «ھەقىقەتنى سۆيۈش» ئومۇمىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر. ئۇنىڭدىن بارچە گۈزەللىكلەر ۋە ياخشىلىقلار تۇرلىنىپ چىقىدۇ.

774. سوئال: «ھەقىقەتنى سۆيۈش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، راستچىللىق، ئادالەت، ۋاپادارلىق، ئىشەنچلىك بولۇش، سەمىمىيلىك، ۋەدىسىدە تۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلار تۇرلىنىپ چىقىدۇ. ھەقىقەت يولىدا ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىدۇر.

775. سوئال: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن چەتنەپ قېلىشنىڭ زىيىنى نېمە؟

جاۋاب: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىشتىن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ھەقسىزلىق، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق، سۆزىدە

تۇرماسلىق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىل قىلىقلار تۇغۇلىدۇ.

776. سوئال: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن چەتنەپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

جاۋاب: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، نەپسىنىڭ ھەر قانداق ھەۋەسلىرىگە بويسۇنۇش بولسا، بەزىسى كۆڭۈلنىڭ پەسلىكى، باشقىلارنى يامان كۆرۈش خاھىشى ۋە شەيتانغا ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

777. سوئال: «ھەقىقەتنى سۆيۈش»كە چاقىرىدىغان ئايەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە كىشىلەرنى «ھەقىقەتنى سۆيۈش»كە چاقىرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەڭ چوڭ ھەقىقەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ھەقىقەت ۋە ھەقىقەتنى سۆيۈش ئۇنىڭ پۈتۈن بايانلىرىغا ئىچۈرۈلگەن. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ مىسالى:

بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقنى، كۇپرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1].

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزۈپ، كۇپرى بىلەن گۇناھ-مەسىيەتنى يامان كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، ئىمان-ئەڭ چوڭ ھەقىقەت بولغان ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىماننى سۆيۈش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ۋە ھەقىقەتنى باتىلغا ئۇستۇن قىلغانلىقنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ھەقتىن كەلگەن ھەقىقەتلەردۇر. ھەقىقەتنى سۆيۈش باتىلنى يامان كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. كۇپرى بىلەن گۇناھ-مەسىيەت باتىل بولغانلىقتىن، ھەقىقەتنى سۆيگەن مۆمىنلەرنىڭ ئۇلارنى يامان كۆرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى قەلبتە ئىككى زىت نەرسە بىرلەشمەيدۇ.

مۆمىنلەر ھەقىقەتنى سۆيۈپ، ئۇنى ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن، شەھۋەتلىرىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتىپ، توغرا يولغا

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 7-8-ئايەتلەر

ھىدايەت تاپقان.

ئەمما كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي ھەۋەسلىرىگە، شەھۋەتلىرىگە زىت كەلگەن ھەقىقەتنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىغا كاپىر بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان. ھەقىقەتنى يامان كۆرگەنلەرنىڭ ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلار بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلغۇچىلارنىمۇ يامان كۆرىدىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن باتىلنى سۆيىدىغانلىقى ۋە ھىدايەتكە ئەگىششتىن مەنئى قىلىدىغانلىقى ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا سەمۇد قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (يەنى ئازغۇنلۇق) نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى. ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى قۇتقۇزدۇق [1].

ئايەتتىن مەلۇمكى، سەمۇد قەۋمى مەنىۋى كورلۇقتىن ئىبارەت كۇپرىنى ھىدايەتتىن ئىبارەت ئىماندىن ئارتۇق كۆرگەن. چۈنكى كۇپرىلىق باتىلنى سۆيگەنلىك، ھىدايەت ھەقىقەتكە ئېرىشەلمىگەنلىك، ھىدايەت ھەقىقەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقتۇر.

778. سوئال: بەزى مۆمىنلەرمۇ بەزى ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرەمدۇ؟

جاۋاب: ئىماننى سۆيۈپ، كۇپرىنى يامان كۆرىدىغان مۆمىنلەردىن بەزى كىشىلەرمۇ گاھىدا ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي خاھىشلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرىدۇ ۋە نەپسىي ئاۋارىگەرچىلىكى سەۋەبلىك كۇپرىدىن تۆۋەن بەزى باتىللارنىمۇ سۆيىدۇ. بۇ ھازىرقى زاماندىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئەھۋالى.

779. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىنمۇ ھەقىقەتنى سۆيىدىغانلار بارمۇ؟

جاۋاب: كۇپرىنى سۆيۈپ، ئىماننى يامان كۆرىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن بەزى كىشىلەرمۇ ئۇلاردىكى ئىنسانىي خىسلەت ۋە قىسمەن ساغلام تەبىئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىماندىن باشقا بەزى ھەقىقەتلەرنى سۆيىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئىچىدىن بەزىبىر كىشىلەر باركى، ئىنساپ، ئادالەت، راستچىللىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئىنتىزامچانلىق جەھەتلەردە، زامانىمىزدا مۇسۇلمان ئاتىلىپ قالغان كۆپ ساندىكى ئىنسانلاردىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. بىز كۆرىۋاتقان رېئاللىقمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى نىسبىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ. بەزى مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلارنى ئۇلاردىكى نەپسىي خاھىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى17-18-ئايەتلەر

كەلگەن باتىلغا بولغان نىسبىي مايىللىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولغاندەك، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن بەزىسىنىڭ ئەخلاقىدىكى گۈزەللىكلەرنى ئۇلاردىكى ئىنسانىي ھېس ۋە قىسمەن ساغلام تەبىئەتنىڭ تەسىرى بىلەن ھەقىقەتكە بولغان نىسبىي مايىللىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

780. سوئال: «ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ھەقىقەت گەرچە ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، نەپسىي خاھىشىنى يېڭىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش راستىنلا ئالىي پەزىلەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.چۈنكى ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرىدىن، ياخشىلىقنىڭ چاقىرىقلىرىغا قۇلاق بېرىش خىسلىتىدىن مەھرۇم قالغان ئادەم ھەقىقەت ئۆزىگە ئېنىق ئايان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگمەيدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم پەزىلەتتىن مەھرۇم.

781 . سوئال: ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ دەرىجىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دۇنيادا ئەڭ كەچۈرۈلمەس تۇزكورلۇق ۋە ئەڭ رەزىل ئەخلاق بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماسلىقىدۇر. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ خەسىسلىك ۋە ئەڭ ئەخلاقسىزلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىشتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن يېگانە پەيغەمبەر. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇ ئېلىپ كەلگەن رەھمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكتۇر.

بۇنىڭدىنمۇ بەك خەسىسلىك ۋە ئەڭ قەبىھ ئەدەپسىزلىك ئۆزىنى يوقتىن ياراتقان رەببىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ھايات بەرگۈچى ۋە ئۇنى ئالغۇچى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلىقنىڭ جازاسىنى بەرگۈچى يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ يامان تۇزكورلۇق بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم ئەڭ چوڭ، تەڭداشسىز بىر ھەقىقەتنى رەت قىلغان بولىدۇ. مۇنداقلاردىن ئىنسانىي خىسلەت ياكى ئەخلاقنىڭ ئەسەرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلا رەزىللىكلەر پاتقاقلىقىغا بېشىغىچە پاتقانلاردۇر.

ئەقىل -ھوشى جايىدا، گەپ-سۆزلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرى نورمال بىر ئادەمنى «ساراڭ» دەپ سۈپەتلىگەن بىرىنى ئوپئوچۇق يالغان سۆزلىدى، دەيمىز. چۈنكى ئۇ ئوپئوچۇق بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بولىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكى خۇددى نۇرلۇق قۇياشتەك ھەممىگە روشەن،

ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ھەقىقەتەن چوڭ ھەقسىزلىك ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئىشلەنگەن كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

شۇڭا ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىقتۇر. شۇنىڭدەك، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى، ئىلىم ئەھلىنىڭ بىلىمىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم قالغان بەختسىزلەرنىڭ ئىشىدۇر.

## ئادالەت

782. سوئال: ئادالەتنىڭ مەنىسى نېمە؟
جاۋاب: ئادالەت- ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كەم-زىيادە قىلماستىن بېرىشتۇر. ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دىنىي، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر.

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئادالەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەت تەقەززا قىلغان نەرسىنى يۈرگۈزۈشتۇر. دېمەك، ئادالەت بىلەت ھەقىقەتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئىنتايىن زىچ باغلىنىشتۇر. شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئادالەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ بىرگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئاللاھ كىتاب (يەنى قۇرئان) نى ھەق بىلەن چۈشۈردى ۋە ئادالەتنى چۈشۈردى. سەن نېمە بىلىسەن؟ قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن [(1)].

بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق... [(2)].

783. سوئال: ھەقىقەتنى سۆيۈش بىلەن ئادالەتنى سۆيۈشنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟
جاۋاب: ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ئادالەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئادالەت ئۆزى ئېتىراپ قىلغان شۇ ھەقىقەتنى رويابقا چىقىرىدىغان نەرسە. ئادالەتنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكىدە شەك بار.

784. سوئال: ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئادەم باشقۇرۇشتا ئادالەتلىك بولۇش

مەسئۇللۇق مەيلى خاس بولسۇن، مەيلى ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ھەر

---

(1) شۇرا سۈرىسى17-ئايەت

(2) ھەدىد سۈرىسى25-ئايەت

بىرىدە ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئادالەت پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەب قىلىنىدۇ. ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتتە ھەق ئىگىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، ھەقلىق بولمىغانلارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشىغا يول قويماسلىق ۋە ئاممىغا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ يۈكسىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش، ئىش تەقسىماتىدا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر.

(2) دەۋا ئىشلىرىدا ئادالەتلىك بولۇش

دەۋا ئىشلىرىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئادالەت پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى، قايسىبىر تەرەپكە يان باسماسلىقى، ياكى ھەقسىز زىيانغا ئۇچراتماسلىقى، ئادالەتپەرۋەرلىككە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى قاتارلىقلاردۇر.

ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۇلاردىن ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى قارشى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۇلارنى چىرايلىقچە ياراشتۇرۇپ قويۇش بىلەن بولىدۇ. گۇناھكار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭغا يېتەرلىك جازاسىنى بېرىش بىلەن بولىدۇ.

(3) گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇش

گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇش دېگەن گۇۋاھچىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن ئەينەن كۆرگەن ياكى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئېنىق ئاڭلىغان ئىشلارغا راستچىللىق بىلەن ئەينەن گۇۋاھلىق بېرىشى دېگەنلىكتۇر. گۇۋاھلىقنى توغرا ئادا قىلىش گۈزەل ئەخلاقتىن بولسا، گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ يامان رەزىللىكتۇر. شۇنىڭدەك گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇشمۇ چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى توسۇۋالغانلىق بولۇپ، چوڭ ھەقسىزلىكنى سادىر قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. الله قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر [1].

ئەمما يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىپ بىراۋنى قارىلاش ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئېغىر، كەچۈرۈلمەس گۇناھ سانالغان «بۆھتانۇل ئەزىم» (ئەڭ چوڭ بۆھتان)دۇر.

(4) خاتىرىلەپ يازغاندا ئادالەتلىك بولۇش

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق-ھوقۇقلارنى يازغان كاتىپ

(1) بەقەرە سۈرىسى283-ئايەت

ئۇنىڭغا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن توغرا يېزىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئەكسىچە ئىش كۆرۈش ئەخلاقىي رەزىللىك ۋە ھەق-ھوقۇقلارنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتۇر.

(5) ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشى

ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشى دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى، مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بويىچە تولۇق ۋە ئادالەتلىك ھالدا ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

(6) بالىلارغا ئادالەتلىك بولۇش

بالىلارغا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك بالىلار ئوتتۇرىسىدا مېھرى-مۇھەببەتتە، مۇئامىلىدە، تەربىيىدە، ئوقۇتۇشتا، ئىشقا بۇيرۇشتا، بىر نەرسە بېرىشتە ۋە ئاتا-ئانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈشى دېگەنلىكتۇر.

(7) تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش

تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك تارازىدا تارتقاندا ياكى قانداقلا بىر ئۆلچەك بىلەن ئۆلچىگەندە ئالدامچىلىقتىن تامامەن خالىي بولغان ھالدا، راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئالغاندا تولۇق تارتىپ ئېلىپ، ساتقاندا كەم تارتىپ بەرگۈچىلەرنى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگۈچىلەر دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلىش بىلەن تەھدىت ياغدۇرغان. (ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ . ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ [1].

(8) نەسەبتە ئادالەتلىك بولۇش

نەسەبتىكى ئادالەتتىن مەقسەت بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ نەسەبىگە مەنسۇپ بولۇشى دېگەنلىكتۇر. ئەكسىچە، بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن تېنىپ، ئۆزىنى بېقىۋالغان ئۆگەي دادىسىنىڭ نەسەبىگە مەنسۇپ قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر. مۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك بولغانلىقى ئۈستىگە چوڭ ھەقسىزلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھەر كىمنى ئۆز ئاتىسىغا مەنسۇپ بولۇشنى بۇيرىغان.

سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان)

---

(1) مۇتەففىفىين سۈرىسى 1-6-ئايەتلەر

باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۇز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر [1].

(9) كىشىلەرنى ياراشتۇرۇشتا ئادالەتلىك بولۇش

بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىككى پىرقە مۇسۇلمانلارنى، بىر-بىرى بىلەن خۇسۇمەتلىشىپ قالغان كىشىلەرنى، ئارىسى بۇزۇلغان دوستلارنى، ئائىلىسىنى بۇزۇش ئالدىدا تۇرغان ئەر-خوتۇننى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئادالەت پرىنسىپلىرى بويىچە ياراشتۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان پۈتۈن ئىشلاردا، ھەق-ھوقۇق مەسىلىلىرىدە ئادالەت پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كىشىلەرنى ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا چاقىرغان ئەمىرلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئېيتقىن: «ئاللاھ چۈشۈرگەن (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇم [2].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئادالەتلىك بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [3].

(1) ئەھزاب سۈرىسى4-5-ئايەتلەر
(2) شۇرا سۈرىسى 15-ئايەت
(3) مائىدە سۈرىسى8-ئايەت

# ئېھسان ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

## ئېھساننىڭ مەنىسى

785. سوئال: ئېھسان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېھسان ـ دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىبىسى بولۇپ، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: **الـذي أحسن كُل شيءٍ خلقه** يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتتى»[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى ''ئېھسان'' سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ''ئىتقان'' يەنى قېتىرقىنىش، مۇكەممەل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەنمۇ ئەخلاقتىن سانالامدۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، ئېھسان گۈزەل ئەخلاقلار ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى سانىلىدۇ.

چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقى ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش ــ ئىبادەت، مۇئامىلە، گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قېتىرقىنىپ، بېرىلىپ، پۇختا ۋە ياخشى قىلىش ـــ ئىسلام ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ»[2] دېگەن.

786. سوئال: ئېھساننىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ئېھسان ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن يوقاپ كېتىشكە باشلىغان، ئىسلام دۇنياسىدا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان بىر مۇھىم ئەخلاقتۇر. بۇ شۇنچە ئەھمىيەتلىك بىر ئەخلاق بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلاردىن، ھەتتا دىيانەتلىك سانالغان كىشىلەردىنمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. ئەپسۇسلىنارلىقكى، ئېھساندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلار پايدىلىنالمىغان بىلەن غەرب دۇنياسى بۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا غەلىبە قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىنسان سۈرىتىدە

(1) سەجدە سۈرىسى7-ئايەت.

(2) تەبەرانىي رىۋايىتى.

كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام بىلەن ئىمان ھەققىدە سورىغاندىن كېيىنلا ئېھسان ھەققىدە سورىغان. چۈنكى، ئېھسان ئىماننىڭ تەقەززاسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئېھساننى ھەر نەرسىگە پۈتىۋەتكەن»[1]. دېمەك، بىز چوڭ-كىچىك، ئاددى-مۇرەككەپ ھەرقانداق ئىشتا ئېھسان بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز.

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماستىن، ئۇنى شەكلىي ئىبادەتلىرىمىزگىلا قىسقارتىپ قويۇپ، ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي ۋە چوڭقۇر مەنىسىدىن غەپلەتتە قېلىپ، دىنىمىزنىڭ روھىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن ئىستىگەنلىرىدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالغانمىز.

ھىدايەت، ئىمان، ئىنساپ بىز مۇسۇلمانلاردا بار، رەھىم-شەپقەت بىز مۇسۇلمانلاردا بار، دۇنيانىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى يەنىلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىدىن چىقىدۇ، پەن-تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش ۋە باشقىلارغا يېقىنماستىن ھۆر، قۇدرەتلىك، باياشات ھايات كەچۈرۈشنىڭ پۈتۈن ئامىللىرى بىز مۇسۇلمانلاردا بار. پەقەت بىزدە كەم بولغىنى ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەش، راستچىللىق، سەممىيلىك، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئىنتىزامچانلىق، ئىناقلىق، تىرىشچانلىق، ئۆزگە ئىشنىش، ئەدەبىي جاسارەت قاتارلىق مۇھىم ئەخلاقلاردۇر!

غەرب دۇنياسى پەن-تېخنىكا ياكى ئىلىم-مەرىپەت دېگەنلەرنى بىلمىگەن چاغلاردا بىز مۇسۇلمانلار دۇنيا خەلقىنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ھازىرقى ئىلىم-پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى سالغۇچىلار ئىبنى سىنا، فارابىي، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى رۇشدى، خارەزمى قاتارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىدى. ھەتتا دۇنيانىڭ خەرىتىسىنى تۇنجى قېتىم سىزغان كىشى مەھمۇد قەشقىرى ئىدى.

ئەمما بىز ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، شەخسىيەتچىلىك بىزدە باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىلىم-پەن، تەرەققىيات ۋە كەشپىيات نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىمىز مەنىۋى قاششاقلىق بىلەن ھەر تەرەپتىن نامراتلىققا مۇپتىلا بولدۇق.

ھازىرقى كۈندە ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر دەپ سانالغان ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەش، راست سۆزلەش، سەممىيلىك قاتارلىق ئىنسانىي

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەخلاقلار بار. دېمەك، ئۇلاردا بىزدىكى شەكلىي ئەخلاقلار بولمىسىمۇ، بىر قىسىم ئىنسانىي ئەخلاقلار بار.

خەلقىمىزدىمۇ «قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن ئادەم راۋاج تاپىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. بىز قايسىبىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىۋاتىمىز؟ شەكلىي ئىبادەتلىرىمىز ۋە ياسالما ئەخلاقىمىزدىن باشقا قايسىبىر ئەھۋالىمىزنى ئىسلاھ قىلالىدۇق؟

بۇ ئورۇندا «يالغان» ناملىق مۇنۇ شېئىرىمنى كەلتۈرۈشنى خالايمەن:

گەر يانمىسا، مەسلەك ئۈچۈن يۈرىكىڭدە بىر ئاتەش
بىرەر ئۇتۇق قازىنىمەن دېگەنلىرىڭ يالغان.
دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىڭدا، قېتىرقىنىش يوق ئىكەن،
ئىخلاسىم بار، ئەقىدەم چىن، دېگەنلىرىڭ يالغان.

ئىخلاس، ئېھسان ھەم ئەقىدە، لاپلار بىلەن بولماس،
ئەمەل قىلماي، مۇسۇلمانىم دېگەنلىرىڭ يالغان.
ئۆلچەم ئەمەس تەقۋالىققا شۇ زاھىرى ئىبادەت،
ناماز بىلەن ئېھسان قىلدىم دېگەنلىرىڭ يالغان.

قىياپىتىڭ تەقۋا، مۆمىن، ئەمما ئىچىڭ خارابىكەن،
سەن ئۆزۈڭنى ياخشى ساناپ يۈرگەنلىرىڭ يالغان.
تۇرسا نەپسىڭ ساڭا ھاكىم، كەسپىڭ پۇرسەت پەرەسكەن،
گۈزەل ئەخلاق تونلىرىغا كىرگەنلىرىڭ يالغان.

قىلغان ئىشىڭ يېرىم-ياتا، سەن ئۇنىڭغا رازىكەن،
يېگەن لوقمام پاك-ھالال دەپ، يۈرگەنلىرىڭ يالغان.
ئادەم ئوغلى ئۆگىنىدۇ، تا قەبرىگە كىرگىچە،
مەن ھەممىدە بەركامال دەپ، يۈرگەنلىرىڭ يالغان.

بۇ زاماندا ئىسلام ئەھلى بۇ كېسەلگە مۇپتىلا،

تەقدىرىم شۇ نە قىلارمەن دېگەنلىرىڭ يالغان.
چەتكە ئالما سەن ئۆزۈڭنى ئەي بىچارە قەلەمكەش،
بۇ كېسەلدىن مۇستەسنامەن دېگەنلىرىڭ يالغان.

787. سوئال: ئىبادەتتە ئېھسان قانداق بولىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئىبادەت بىلەن ئېھسان ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىبادەتنى قېتىرقىنىپ، ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە، تولۇق ئادا قىلىش ئېھساندۇر. شۇڭا جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېھسان دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئېھسان ــ خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇ، ئىبادەتتىكى ئېھسان.

ئىنسان ناماز، زاكات ۋە روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىنى ئېھسان تەرىقىسىدە قېتىرقىنىپ قىلىدىغان بولسا، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەتىجە قازىنالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قۇلچىلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىشنى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئادەم پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

788. سوئال: ئاتا-ئانىغا قانداق ئېھسان قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **وقضى ربك ألا تعبدوا إلا إياه وبالوالدين إحسـانا** يەنــى «ئــاللاھ ئۇنــىڭ ئــۆزىگىلا ئىبــادەت قىلىشــىڭلارنى ۋە ئاتــا-ئانىغــا ئېھســان قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى»[2] دېيدۇ.

بۇ ئايەتتىكى: ئاتا- ئانىغا ئېھسان قىلىش تىن ئىبارەت بىر جۈملە سۆز كۆپلىگەن مەنىلەرنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا بۇ بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق بىزنى ئاتا- ئانىمىزغا ئېھسان قىلىشنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىگە باشلايدۇ. ئۇلارغا ئېھسان قىلىش ئۇلارغا ھەر ۋاقىت تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن باشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن، سىلىق ۋە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش، پەس ئاۋازدا ئەدەبلىك سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى، دىن ۋە دۇنيالىق قانداقلا بىر خىزمىتى ئۈچۈن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشقىچە بولغان بىر يۈرۈش پەرزەنت بۇرچلىرىنى

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 23-ئايەت.

مۇكەممەل دەرىجىدە، قېتىرقىنىپ ئادا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا- ئانىنىڭ خىزمىتىنى يۇرەكتىن قېتىرقىنىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىش ھەر قانداق پەرزەنت ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەتتىن كېيىنلا بۇيرىغان پەرزى ئاتا- ئانىغا ئېھسان قىلىشتۇر.

«ئېھسان» سۆزى ياخشىلىق قىلىش دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، پېقىرلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەندەك ئىختىيارىي خەير- ئېھسان ۋە سەدىقىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاتا- ئانىغا قارىتىلغان ئېھسان سۆزى بۇ مەنىلەردە كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاتا- ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش بالىلار ئۈستىدىكى مۇقەددەس بۇرچتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىختىيارى ھالدا قىلىپ قويىدىغان خىزمەت ياكى خەير -ئېھسان ئەمەس. ئاتا- ئانىسى ئالدىدىكى بۇ مۇقەددەس بۇرچىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

### قىزلارغا ئېھسان قىلىش

789. سوئال: قىزلارغا ئېھسان قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: قىزلارغا ئېھسان قىلىش ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان مەنپەئەتلەرنى كەلتۈرۈشتە قېتىرقىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارنى تەربىيىلەشتە، بېقىشتا، قاتارغا قوشۇشتا قېتىرقىنىپ ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنىڭ ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارغا ئېھسان قىلىدىكەن، ئۇ كىشى بۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

790. سوئال: قىزلارغا ۋە ھەمشىرىلەرگە قانداق ئېھسان قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: تەبىئىيكى، ئېھسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىش بىلەن قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەرزەنتلىرىگە، خۇسۇسەن، سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېھساننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

قاچانلا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇراتتى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ھازىرقى

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

زاماندا قانچىلىك ئاتا قىزلىرىغا شۇنچىلىك مېھرىبانلىقنى ۋە ھۆرمەتنى كۆرستەلەيدۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مەسجىدنىڭ ئىمامى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالىي قوماندىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەم خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ ھۆرمەت- ئېھتىرامغا سازاۋەر بولغان كاتتا بىر پەيغەمبەر شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئالدىغا كىرگەن قىزىغا ئالاھىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەن ۋە باغرىغا باسقان يەردە، ئادەتتىكى ئىنسانلار قانداق بولىشى كېرەك؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ كەمتەرلىكى ئالدىدا بەزىبىر دىندار قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ، موللا ئاتالغانلارنىڭ، ھاجى - ھەرەم بولغانلارنىڭ ۋە ئاز- تولا مەنسەپكە ياكى بايلىققا ئېرىشىپ غادايغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماسلىقنى، ئائىلىسىنى لاگىرغا ئوخشاش قىلىۋېلىشىنى نېمە دېگىلى بولسۇن؟

791. سوئال: سالام بېرىشتىكى ئېھسان قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **وإذا حييتم بتحية فحيوا بأحسن منها أو ردوها** يەنى «سىلەرگە بىراۋ سالام قىلسا، سىلەر ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل سالام قىلىڭلار ياكى سالامنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار»[1].

مەلۇمكى، مۇكەممەل سالام قىلىش ‘‘ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم’’ دېگەن كىشىگە، ‘‘ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن) دېيىش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش ‘‘ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام’’ دېيىشتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا، بىر - بىرىگە سالام بېرىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئېھساندۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار باشقىلارغا ئوخشاش‘‘ياخشىمۇسىز؟’’ دەپ ھال سوراپ قويماستىن، ئۇچراشقان كىشىسىگە ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئەھۋال سوراش بارمۇ دۇنيادا؟

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت -سائادىتى ئۈچۈن يېتەرلىك خەزىنىلەر بار. ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى بۇ ئۇلۇغۋار خەزىنىلەرنى بىلىپ پايدىلىنىشىغا باغلىق ئىش.

792. سوئال: جېدەل ۋە مۇنازىرىدە ئېھسان قانداق بولىشى كېرەك؟

جاۋاب: بۇ ماۋزۇدىمۇ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشنى چەتتە قالدۇرمىغان ۋە مۇنداق دېگەن: **وجادلهم بالتي هي أحسن** يەنى «ئۇلار بىلەن ئەڭ

(1) نىسا سۈرىسى86-ئايەت.

چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن»[1].

سىزگە بىراۋ ياقمايدىغان بىر گەپنى قىلسا، «بۇ نېمىدىگەن تېتىقسىز سۆز» دەيسىز. ئەگەر ئەدەپلىكرەك بولسىڭىز «مەن بۇ سۆزگە قوشۇلمايمەن» دەيسىز. لېكىن ھەر ئىككى جاۋابتا ئىھسان ئەمەلگە ئاشمىغان. ئەگەر سىز "سىزمۇ مېنىڭ كۆز قارىشمنى ئاڭلاپ باققان بولسىڭىز" دېسىڭىز ھەممىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنەيلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەسلەپ ئىسلامنى تەشۋىق قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭ بىرىدە، مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان پەس تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى ئىسلام دەۋىتىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەپ، بۇ يولدا ئەگەر بايلىق خالىسا، پۈتۈن مەككىنىڭ بايلىقىنى يىغىپ بېرىشنى، مەنسەپ تىلىسە، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋېلىشنى، ئەگەر ئەقلىدىن ئازغان بولسا، ئەڭ ئۇستا دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنى داۋالىتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ، سۆز ئارىلىقىدا: «سۆزلە ئەبۇ ۋەلىد[2]، ئاڭلاۋاتىمەن» دەيدۇ. ئۇتبەنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ ئەبۇل ۋەلىد؟» دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ جاۋابىنى چىرايلىقچە بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئېسىل ئەخلاقى ئىنسانلارغا ئەڭ ئەدەبلىك رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلىنى ۋە مۇنازىرە ئەخلاقىنى ئۆگىتىدۇ. ھازىرقى يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلىرىنىڭ كۆپلىرىدە بولمىغان، بەزىلىرىدە بولغاندىمۇ تېخى يېتىلىپ تولۇقلانمىغان گۈزەل ئەخلاقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجلىق ئۆلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدا تولۇقى بىلەن بار ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن موھتاج.

قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ، تولۇق ئاڭلاشنىڭ ئۆزى ئىھسان قاتارىغا كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر.

793. سوئال: گەپ - سۆزدە ئىھسان قىلىش دېگەن نېمە؟

---

(1) نەھل سۈرىسى125-ئايەت.

(2) ئەبۇل ۋەلىد ـ ۋەلىدنىڭ دادىسى دېگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر-بىرىنى "پالانىنىڭ دادىسى" دەپ چوڭ بالىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىشىدۇ.

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **وقُل لعبادي يقُولُوا التي هي أحسن** يەنى «مېنىڭ بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسۇن»[1] دەيدۇ.

ھەر قانداق يەردە ئالقىشلىنىدىغان، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدىغان، تاشتەك قاتتىق يۈرەكلەرنىمۇ ئېرىتىدىغان، قاتتىقلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان سېھىرلىك نەرسە چىرايلىق سۆزدۇر!

794. سوئال: ئېھسان يەنە قايسى ئىشلاردا تەلەپ قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئېھسان ھەممە ئىشتا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشلىرىنى ئەستايىدىل قىلىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قېتىرقىنىپ ئورۇندىشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنى كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلىشى، سودىگەرلەرنىڭ ۋە دۇكاندارلارنىڭ خېرىدارلارغا سەمىمىي بولۇشى، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە مۇئەللىملىرىگە ساداقەتمەن بولۇشى، ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالنىڭ ئېرىگە سادىق ۋە راستچىل بولۇشى، دوستنىڭ دوستقا سەمىمىي بولۇشى قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى ئېھساندىن سانىلىدۇ.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

## رەھىم ـ شەپقەت

795. سوئال: رەھىم-شەپقەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رەھىم ـ شەپقەت ھەممىمىز ياخشى بىلىدىغان، قولاقلارغا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بىر سۆز. رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مەنىسى ھەممىگە شۇنچىلىك ئېنىق تونۇشلۇق بولسىمۇ، رەھىم ـ شەپقەت ئارىمىزدا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئەخلاقا ئايلىنىپ قالدى. بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەمەلىي ھاياتىمىزدا ئىجرا قىلىشتۇر.

796. سوئال: ئىنسانىيەتنىڭ رەھىم-شەپقەتكە ئېھتىياجىلىقمۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بۇ ئەخلاققا نەقەدەر زور ئېھتىياجلىق بولىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. رەھىم ـ شەپقەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن جىنايەتلەر كۆپەيدى، ئاتوم بومبىلار ئىنسانىيەت ھاياتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئۇزىنى كۆرسىتىدىغان، بىر لەھزە ئىچىدە مىليونلارچە ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ھالغا كەلدى.

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە زور ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنى تىلەيدۇ. بىز مۇسۇلمانلارمۇ ھەمىشە، ھەر نامىزىمىزدا ۋە دۇئالىرىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى سوراپ كېلىۋاتىمىز. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، بىز ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە موھتاج بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايمىز؟

ھالبۇكى: «ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن پەقەت رەھىم ـ شەپقەتلىك بولغانلىرىغىلا رەھىم قىلىدۇ»[1] ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ناھايىتى تولۇق ۋە شامىل دەرىجىدە ئىپادىلەپ: «رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا رەھىم شەپقىتىنى بېغىشلايدۇ. يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات (ئاللاھ تائالا)

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ»[1] دېگەن.

797. سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولى نېمە؟

جاۋاب: دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا يولى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشتۇر. بۇ ھەدىستىكى «يەر يۈزىدىكىلەرگە» دېگەن سۆز مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس ياكى ئىنسانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچار قۇش ۋە ھەرقانداق جان ئىگىسىگە رەھىم شەپقەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

798. سوئال: رەھىم-شەپقەت نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: رەھىم-شەپقەت ئاتا ـ ئانىلارغا، بالىلارغا، ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە، ئۇرۇق -تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، قول ئاستىدىكىلەرگە، ھايۋانلارغا كامالىغا يەتكەن سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىنتايىن كۆيۈمچانلىق، ۋاپىغا يەتكەن مېھرىبانلىق بىلەن سىلىق ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

799. سوئال: ئاتا- ئانىلارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ئۇلارنى قانداقلا بىر رەۋىشتە بولمىسۇن، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى يۆلىكىنى يەتكۈزۈلۈش، كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىدا بولۇش، خوشاللىقلىرىنى بىرگە تەنتەنە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىپ، ئۇلارنى زار ـ زار يىغلاتقانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداپ قويۇپ يىگىتلەر بىلەن خۇپيانە مۇناسىۋەت قۇرغان قىزلار ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ياخشى ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟ ئۆيگە كىرگەندە ياكى چىققاندا ئىشىكنى ئاتا ـ ئانىسىنى چۆچۈتىۋاتىدىغان شەكىلدە قاتتىق ئاچىدىغان ياكى ياپىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىسىغا سۆز قىلغاندا ئاۋازىنى ئۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

(1) تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئاتا ـ ئانىسىنى ھەر دائىم زىيارەت قىلىپ يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرماستىن، تېلېفون ئارقىلىقلا ھال سوراپ قويىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەپتىلەپ، ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ كۆرمەيدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا، سوۋغا ـ سالاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىغا موھتاج. ئاتا ـ ئانىلارنى بۇ نېمەتتىن نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىمىز؟

شەكسىزكى، مۇنداق قىلىدىغانلار ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى بەخىسىزلەردۇر!

800. سوئال: ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ئۇلارنى باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماستىن، قىلدى ـ قىلمىدى دەپ ھېساپلاشماستىن، ئىززىتىدى دەپ ئاغرىنماستىن، ياخشى ـ يامان دەپ پەرقلەندۈرمەستىن، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى قىلىش، قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىرىغا ماددىي ياردەم قىلىش، قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن ھازىر بولۇش، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم تەشرىپ قىلىش، مۇسىبەتلىك ۋە غەمكىنلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ يېنىدا بىللە بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تەلەب قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلغان: «مەن رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللاھمەن. سىلە ـ رەھىمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىسمىمدىن بولغان‹رەھىم› ئىسمىنى بەردىم. سىلە ـ رەھىم قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلارغا مەنمۇ رەھىم ـ شەپقىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، ئۇنى ئۈزۈپ قويغانلارغا مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۈزۈپ قويىمەن»[1].

801. سوئال: بالىلارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن رەھىم ـ شەپقەت تۈرلىرىدە ئىنسانىيەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، بالىلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشتىمۇ ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەقرەئ ئىبنى ھابىس دېگەن كىشى بىلەن ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى كېلىدۇ.

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بۇ ئىشقا ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەپ: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئەجەبلىنىپ: «رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغانلار رەھىم ـ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان رەھىم ـ شەپقىتى شۇنچىلىك چوڭ ۋە كۈچلۈك ئىدىكى، ھەتتا نامازنى باشلاپ، ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، «ئانىلىرى بىلەن مەسجىدكە كەلگەن كىچىك بالىلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، نامازنى قىسقا ئوقۇدۇم»[2] دېيىتتى. بۇ بىر تەرەپتىن بالىلارغا ئىچ ئاغرىتىش يەنە بىر تەرەپتىن ئانىلارنىمۇ مەسجىدلەرگە ھازىر بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نەۋرىلىرىنى سۆيۈپ باغرىغا بېسىۋاتقاندا، سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى، ساھابىلەردىن: «سىلەردە بالىلارنى سۆيۈش ئادىتى بارمۇ؟» دەپ سوراپ قالىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە ئېچىنىپ: «ئاللاھ سېنىڭ قەلبىڭدىن رەھىم ـ شەپقەتنى تارتىۋالغان تۇرسا، مەن ئەمدى نېمە قىلالايمەن»[3] دەيدۇ.

بالىلارنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ باقىدىغانلىق ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىققا ياتمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى كېلەچەكتە ئەلگە پايدىلىق ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش يولىدا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ ئەقلىغا چۈشۈپ تۇرۇپ مۇشكىللىرىنى بىرگە ھەل قىلىش، ئۇلارنى ئۇرماستىن، خورلىماستىن ياخشى ۋە ئۈلگىلىك مۇئامىلە قىلىش رەھىم ـ شەپقەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بالىلىرىغا قاتتىق قوللۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قولاق سالماسلىق، پىكىرلىرىنى ئاڭلىماسلىق، كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىك، باغرىغا بېسىپ، پىشانىسىگە سۆيۈپ كۆڭلىنى ئالماسلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش سەلبىي مۇئامىلىلەر رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغانلارنىڭ قىلىقىدۇر.

802. سوئال: ئاياللارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئەڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك زات ئىدى.

---

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاياللىرىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، دەردلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايتتى. پىكىرلىرىنى ئاڭلايتتى، ھەتتا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىمۇ ئاياللىرى بىلەن كېڭەشەتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللىرىغا رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ: «مۆمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»[2] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار سەپەرگە چىققانلىرىدا، ئاياللارنى تۆگىلەر كۆتۈرىدىغان مەپىلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول بويى تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭغانلارغا: «بۇ نازۇك شىشىلەرنى سىلىق ئېلىپ مېڭىڭلار»[3] دەپ تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى نازۇك شىشىلەرگە ئوخشاتقان. ھەقىقەتەن ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇكلۇقتا خۇددى شىشىگە ئوخشايدۇ، ئاياللار ئومۇمەن ھېسسىياتچان بولغانلىقتىن تېز رەنجىپ قالىدۇ ۋە تېز ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارغا ئىنتايىن سىلىق مۇئامىلە قىلىشتىن باشقىسى ئىشقا يارىمايدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىدە ۋە ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئەڭ

---

(1) مەككە ئازات بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىپ، مەككە يېقىنىدىكى «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككىلىك كۇپپارلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان ۋە مەككىگە كىرىشىگە يول قويمىغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ بۇ يىل مەدىنىگە قايتىپ كېتىپ، كېلىدىغان يىلى ئۆمرىگە كېلىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش.... قاتارلىقلار ئىشلاردا ئىتتىپاقلاشقان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلماستىن مەدىنىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە بوغۇزلاشقا بۇيرىغاندا، مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرەلمىگەنلىكلىرىگە ھەسرەتلىنىپ، ماللىرىنى بوغۇزلاش ئەمرىنى دەرھال ئورۇندىماستىن تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، پىكرىنى سورىغاندا، ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلماي ئاۋۋال ئۆزى قۇربانلىق مېلىنى بوغۇزلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاشقا كىرىشىدۇ، بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلاپ چىقىدۇ.

(2) ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايىتى.

(3) بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە: «ئايالالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ تەكىتلىگەن.
803. سوئال: قىزلارغا قانداق رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟
جاۋاب: قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇش،«قىز بالا ئوقۇپ نېمە بولاتتى» دەپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىش، ئۆگەي ئانىسىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئېزىش، ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالماي، نازۇك كۆڭلىگە ئازار قىلىش قاتارلىق ناچار ئىشلارنى قىلىدىغان ئاتىلار قەلبلىرىدىن رەھىم ـ شەپقەت سۇغۇرۇپ ئېلىنغان بەختسىز كىشىلەردۇر. مۇنداقلار قانچىلىك تەقۋا سۈرەتلىك مۇسۇلمان بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك چوڭ ئالىم ـ ئۆلىما ياكى قارى ـ قۇرئان، ھاجى ـ ھەرەم بولۇپ كەتسۇن، بەربىر كۆڭلىدە رەھىم ـ شەپقەت بولمىغان ئىكەن، مۇنداقلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن.
قىزلارنىڭ سەبىيلەرچە پاك ھېسسىياتىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، ئۇلارغا يالغاندىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغانلار ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئورنىدا قويسۇن! ئۇلارنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئىپپىتى ۋە نومۇسى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، شۇ قىزلارنىڭمۇ ئىپپەت ـ نومۇسى شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇر. بىراۋنىڭ نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن تەڭ.
ساددا قىزلارنى ئالداپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زالىم لوبەنلەرنىڭ ئويۇن ـ كۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يېقىلغۇ قىلىپ بېرىۋاتقان ۋىجدانسىز ئىپلاسلار ئاللاھ تائالادىن قورقمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ جىنايەتنىڭ بەدىلىنى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرى ياكى ئاچا ـ سىڭىللىرى تۆلەيدىغان بىر كۈننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلسۇن!
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نازۇك شىشىلەر» دەپ سۈپەتلىگەن بۇ شىشىدەك نازۇك يۈرەكلەرنى خىيانەت پىچىقى بىلەن تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈشتىن، شىشىدەك نازۇك كۆڭۈللەرنى بىر ئۆمۈر ھەسرەت ـ نادامەتكە قويۇشتىن ھەزەر قىلسۇن! بۇ جىنايەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن ياكى كېيىنچە، ئۆز قىزلىرىدىن بىرەرسىگە يېنىپ قېلىشىدىن قورقسۇن!
مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «قىل» ۋە«قىلما» دېگەن ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرسىمۇ، «قۇل ھەققى»نى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگىنى يوق. ئىنسانلارغا قىلىنغان قانداقلا بىر زۇلۇم، ھەقسىزلىق ۋە يامانلىقنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ھايات مۇساپىسىدىكى تەجرىبىلەر بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

804. سوئال: ئائىلىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە قانداق رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ يېتەرلىك تەۋسىيىلەرنى قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قول ئاستىڭلاردىكىلەر سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر، ئالالھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، نېمە يېسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە كىيسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇ كىيگەنلىرىڭلاردىن كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارغا بۇيرىغىنىڭلاردا، ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار»[1].

بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تەۋسىيە! قايسى دىن ۋە قايسى قانۇندا بۇنداق باراۋەرلىكنى تاپالايسىز؟ قانداق باي ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئۆزى كىيگەن ئالىي توننى ياكى قىممەتلىك كاستيۇم - بۇرۇلكىلارنى كىيگۈزىدۇ؟ قايسى باي ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىدۇ — كىيگۈزىدۇ ۋە يېگۈزىدۇ!

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ساھابىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ بارلىق ساھابىلەر ۋە ئىسلامنىڭ كېيىنكى ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرىنى شۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى دەپ تونۇيتتى ۋە ئۇلارغا ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى قارا تەنلىك زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سانىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى «زەيد ئىبنى مۇھەممەد» دەپ ئاتىغانلىقى ۋە زەيدنىڭ مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا تونۇلغانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

805. سوئال: ھايۋانلارغا قانداق رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. سىرتقا چىققىنىدا، ئۇسسۇزلۇقتىن تىلى ساڭگىلاپ، تۇپراقنى يەۋاتقان بىر ئىتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادەم ئۆز - ئۆزىگە ‹بۇ ئىت ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ› دېدى - دە، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتىكىگە سۇ تولدۇرۇپ، چىشى بىلەن قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىنى چىشلەپ قۇدۇقتىن چىقىپ، ھېلىقى ئىتنى سۇغاردى. ئاللاھ

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تائـالا ئۇنــڭ بــۇ ئىشـىغا خۇرسـەن بولـۇپ، ئۇنــڭ بــارچە گۇنــاھلىرىنى مەغپىــرەت قىلىۋەتتى»[1].

سىز ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ كوچىدا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرگەن بىرەر ئىتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدىڭىزمۇ؟ ياكى سىزگە تەلمۈرۈپ كەلگەن بىچارە ئىتنى ‹پاسكىنا ھايۋان› دەپ يۈتكىز بىلەن تېپىۋېتىپ كېتىپ قالدىڭىزمۇ؟

ئـاللاھ تائـالا ئۆزلىرىنىـڭ خىزمەتچىسـى قىلىــپ يارىتىــپ بەرگەن ۋە ئۇلارغـا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بىچارە ھـايۋانلارنى ئۆزلىرىنىـڭ تاماشاسـىنى قىزىتىش ئۈچۈن قۇربــان قىلىــپ، ئىتلارنــى تالاشــتۇرۇش، قوچقــارلارنى ئۈسۈشــتۈرۈش، خــورازلارنى چوقۇشــتۇرۇش، قۇشــلارنى ئــوق ئېــتىش مەشــقلىرىدە قارىغــا ئــېلىش قاتــارلىق شەپقەتسىزلىكلەرنى قىلغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى بىرەر قۇشقاچ چاغلىق بىر جانلىقنى بىھۇدە ئۆلتۈرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سورىقىنى قىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى بىلمەمدۇ؟!

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام سـاھابىلىرىنى ھايۋانلارغـا رەھىـم ـ شـەپقەت قىلىشـقا تەشەببۇس قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇلارغا بىر مۈشۈك سەۋەبلىك دوزىخى بولۇپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى نان ياكى سۇ بەرمەستىن ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دوزىخى بولۇپ كەتكەن»[3].

قەستەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى نان ۋە سۇ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن بىر مۈشۈكنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بىر مۇسۇلمان ئايال دوزاختا كىرگەن يەردە، ھايۋانلارنىڭ قىينىلىشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش ۋە تاماشانى قىزىتىش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ ھايۋانلارنى قىينايدىغانلارنىڭ، ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى قانداق بولار؟!

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «كىمكـى بىـر قۇشـقاچقا چـاغلىق بىـر جـانلىقنى بوغۇزلىغانــدىمۇ، ئۇنىڭغـا رەھىـم ـ شـەپقەتلىك بولىــدىكەن، ئــاللاھ تائــالا ئۇنىڭغـا قىيامەت كۈنىدە رەھىم ـ شەپقەتنى چوقۇم كۆرسىتىدۇ»[4] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆلتۈرۈپ يېيىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن ھايۋاننى بوغۇزلاشتىمۇ، ئۇنىڭغا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى ۋە تابەرانى رىۋايىتى.

رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىر ئادەمنىڭ بىر قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا، بىر قوينى ئۆلتۈرگىلى سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «ھەي سېنى! مالنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ئۇنى ئۆلۈمگە سىلىق ئېلىپ بار، پىچاقنى مالنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمە، ئۇنى ئىتتىكلىتىپ ئاندىن بوغۇزلا» دەپ كايىغان.

ئاللاھ تائالا خىزمىتىمىزگە سېلىپ يوللۇق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن شۇ ھايۋانلارنىڭ جېنى بىزنىڭكىگە ئوخشاشلا جان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ جېنى ئاغرىيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ دەرىجىدىكى تاش يۈرەك ئىنسانلارنىڭ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالىشى ناتايىن! چۈنكى جەننەت رەھمەتتۇر. ئۇ پەقەت رەھىم - شەپقەتلىك بولغانلارنىلا قوبۇل قىلالايدۇ!

جەننەتكە ئىبادەتنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ شەپقىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەنلا كىرگىلى بولىدۇ!

806. سوئال: رەھىم - شەپقەت پۈتۈن ئىشلاردا تەلەپ قىلىنامدۇ؟

جاۋاب: رەھىم - شەپقەت بىلەن سىلىقلىق مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى جىمى ھەرىكەتلىرىدە — ئىبادەتلىرى، دەم ئېلىشى، مۇئامىلىسى، ئولتۇرۇپ - قوپۇشى، شۇنداقلا بارلىق ئىشلىرىدا — بولمىسا بولمايدىغان نەرسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلىقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

807. سوئال: ئاسىي - گۇناھكار كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش كېرەكمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئىلتىپات قىلدى»[2] دېيىش ئارقىلىق بىزنى ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىزغا، كىشىلەرنى گۇناھ - مەسىيەتلىرى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلماسلىقىمىزغا، ئۇلارغا نەپرەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىقىمىزغا ۋە ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، يامان يولدىن قايتۇرىشىمىزغا چاقىرىدۇ.

گۇناھ قىلمايدىغان، خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق دۇنيادا. ھەر قانداق ئادەم گۇناھ قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ. ئەمما مۇھىم بولغىنى ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، توغرا يولغا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) نىسا سۈرىسى 94-ئايەت.

قايتىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىز مۇسۇلمانلاردا ھازىرلا مەسجىدتىن چىقىپ، ھەتتا تاھارەت بىلەن تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىغانلارنى، ئادەم ئالدايدىغانلارنى ۋە كىشىلەرگە قوپال سۆز ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلارنى ئۇنچىۋالا ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان، ئەمما بىراۋنى قىسمەن شەخسىي گۇناھ بىلەن ياكى ئازراق ئەيىب بىلەن ئۇچرىتىپ قالغىنىدا، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ كېتىدىغان كەيپىيات بار. ئاللاھ تائالا گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى يامان كورىدۇ، مۇسۇلمان ئادەممۇ گۇناھنى مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن، ھەممىسىنى يامان كۆرىشى لازىم. لېكىن ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقان بەندىدىن يالغان ئېيتىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان بەندىنى بەكرەك يامان كۆرىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقنىڭ گۇناھى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى كەچۈرىۋېتىدۇ. ئەمما باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقنىڭ گۇناھى ئۇنداق ئاسان كەچۈرۈلمەيدۇ. زىيانغا ئۇچرىتىلغۇچى شەخس ئۇنى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قۇل ھەققى ئەمەسمۇ؟!

808. سوئال: ئېزىلگەنلەرگە قانداق رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئېزىلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ھەركىمنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە پەرزدۇر. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ھەققانىي دەۋالىرىنى يۈرگۈزۈش، پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمىغاندا، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن بۇ دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر بىر ـ بىرىنى سۆيۈش، بىر ـ بىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا، قايسىبىر ئورگىنى ئاغرىسا، پۈتۈن ئورگانلار ئىسسىداش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاق بولىدىغان بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ»[2].

809. سوئال: كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەش ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقمۇ؟

جاۋاب: گۇناھكارلارنى ئىنسانلار ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇپ، يىگەنەپ ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىق بولۇپ گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاچىدىغانلار، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىغا يايىدىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولغۇچى ئەخلاقسىز مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «مۆمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۇبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى يېپىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى يېپىدۇ»[2] دېگەن.

ئەمما كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يېپىش ۋە ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇش ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن گۇناھلار دائىرىسىدىلا بولىدۇ. ئەمما گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى يوشۇرۇپ قويۇش، جىنايەتكارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا، ناھەقچىلىككە جىم تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوغرىنىڭ ئوغرىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمىگەن ئىشچىنىڭ ياكى كادىرنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇش، ئىمتىھاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆچۈرۈشىگە يول قويۇش قاتارلىق ئىشلار قىلمىشتا ئۇلارغا شېرىك بولغانلىق سانىلىدۇ.

810. سوئال: ئادەم ئۆز ــ ئۆزىگە قانداق رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشى كېرەك؟

جاۋاب: ئادەم باشقىلارغا رەھىم - شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالسا بولامدۇ؟ ئادەم ئۆزىگە قانداق رەھىم - شەپقەت قىلىدۇ؟

ئادەم ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش، ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، زىنا قىلماسلىق بىلەن، ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرويىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ناشايان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش بىلەن ئۆزىگە رەھىم - شەپقەت قىلغان بولىدۇ.

811. سوئال: پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قانداق رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش ھەرگىز قىيىن ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاسان. ئىنسانلار قايسى دىنغا، قايسى ئىرققا، قايسى رەڭگە ۋە قايسى دۆلەتكە تەۋە بولۇشىدىن

(1) نۇر سۈرىسى 19-ئايەت.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قەتئىينەزەر ئۇلارغا ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن ئادالەتلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىش، ھەركىمگە تەبەسسۇم بىلەن قەلبىنى ئېچىش، پېقىرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، مەيلى ماددىي جەھەتتىن، مەيلى مەنىۋى جەھەتتىن كۆچىنىڭ يەتكىنىچە ياردەم قولىنى سۇنۇش، يېتىملارنى سۆيۈش، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرىۋېتىش، تونىمايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن رەھىم ـ شەپقەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

لەززەتلىك تائاملار بىلەن غىزالىنىۋاتقان ۋاقتىلىرىڭىزنىڭ بىرەرسىدە، قوشنىلىرىڭىزدىن بەزى بىچارىلەرنىڭ يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، يوقلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارغا بىرەر قاچا تاماق بەرگىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئاتىسى يوق، ئائىلىسى كەمبەغەل بىر يېتىم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىرىپ، بىر قۇر كىيىم كىيگۈزۈپ قويغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئانىسى يوق، دادىسى سىرتتا ئىشلەپ ئۆيىنىڭ كەملىرىنى تولۇقلاش يولىدا يۈرگەنلىكتىن، ھالىغا يېتەلمىگەن، بىراۋ بىلەن بىر سائەت مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا زار ـ زار بولىۋاتقان، كۆڭلى دەردلىك بىرەر يېتىم بالىنى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ، باش ـ كۆزىنى سىلاپ، ئىسسىق بىر قاچا تاماق يېگۈزۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بەش مىنۇت مۇڭداشقىنىڭىزنى، دەرتلىرىگە قولاق سالغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

بىرەر قېتىم بولسىمۇ، كوچىدا ياكى يولدا بىر ناتونۇش ئادەم بىرەر تاغار يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ قويۇشىڭىز ئۈچۈن سىزدىن ياردەم سورىغاندا، ئىشىم ئالدىراش دېمەستىن دەرھال يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر ناتونۇشنى ماشىنىڭىزغا ياكى ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرغۇزۇپ بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ماشىنىسى بۇزۇلۇپ يولدا قالغان بىرى ئۈچۈن ئالدىراش ئىشىڭىز بولسىمۇ توختاپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

گېزىت ـ ژۇرناللاردا ياكى تېلېۋىزوردا ياكى ئىنتېرنېت تورلىرىدا، جىددىي ماددىي ياردەمگە موھتاج بولىۋاتقانلار توغرۇلۇق بېرىلگەن ئېلانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، بىرەر قېتىم شۇلارغا ئاز بولسىمۇ ياردەم پۇلى ئەۋەتكىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئەگەر يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ جاۋابى «ھەئە» بولسا، سىز رەھىم ـ شەپقەتلىك ئادەمسىز، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىزنى قورشايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر جاۋابىڭىز «ياق» بولسا، سىز تاش يۈرەك ئادەمسىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنسىز، كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشكە زور ئېھتىياجلىق ئىكەنسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە باشقىلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «كىم بىرەر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرەر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىم بىرەر يوقسۇلغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يۆگىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدۇ، بەندە بۇرادىرىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ»[1].

خۇلاسە كالام، رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش قىيىن ئەمەس، مۇشكىلە ۋاقتىنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدە ياكى قول ئىلكىدە بولمىغانلىقىدا ياكى رەھىم - شەپقەت قىلىشنى بىلمىگەنلىكتە ئەمەس، بەلكى ئاساسلىق مۇشكىلە قەلبلەردىن رەھىم - شەپقەتنىڭ سۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدە، يۈرەكلەرنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىدا!

كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش جەريانىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۈرىدىكى «ئەررەھمانىر رەھىم» (يەنى ناھايىتى مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىك) دېگەن سۈپىتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كۈندە، 33 قېتىم تەكرارلاپ تۇرۇپمۇ يۈرىكى يۇمشىمىغان مۇسۇلماننى نېمە دېگىلى بولسۇن؟!

812. سوئال: ئىلىم - پەننى ئىشلىتىشتە قانداق رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئىلىم - پەن ئۈچۈنمۇ رەھىم - شەپقەت كېتەمدۇ؟ دەپ ھەيران قالغانلىقىڭىز ئېنىق. ئەمما رەھىم - شەپقەتنى چىقىش يولى قىلمىغان ئىلىم - پەننىڭ بالايىئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە، ماڭا قوشۇلىسىز.

ھازىرقى دۇنيانىڭ ھالىغا قارايدىغان بولساق، كۈندىن - كۈنگە ئىلىم - پەن ئىلگىرلىگەنسېرى رەھىم - شەپقەت ئازىيىۋاتماقتا. ئىلىم - پەن ئېلىپ كەلگەن ئاتوم بومبىلىرى ۋە راكېتالار بىلەن مىليونلىغان ئىنسان ئۆلمەكتە.

813. سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىلىم - پەننىڭ ئىلگىرلىشى بىلەن رەھىم - شەپقەت ئازلاپ كېتىدۇ؟

جاۋاب: چۈنكى رەھىم - شەپقەت بىلەن ئەخلاقلانمىغان ھەر قانداق ئىلىم - پەن

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

بالايىئاپەت ۋە كىرىزىستۇر! شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئىلىم ھەققىدىكى پۈتۈن بايانلىرىدا رەھىم ـ شەپقەتنىمۇ بايان قىلغان. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن رەھىم ـ شەپقەت يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلمىگەن ئىلىم ھەققىدىكى بىر بايانىمۇ تاپالمايسىز.

«ئۇلار ‹پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ› دەيدۇ»[1].

«ئۇ ئىككىسى بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ رەھمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى ئۇچراتتى»[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر[3].

(1) غافىر سۈرىسى7-ئايەت.

(2) كەھف سۈرىسى65-ئايەت.

(3) مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق ئەمر خالىدنىڭ«عقيدة المؤمن»ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

## راستچىللىق

814. سوئال: راستچىللىق قانداق خۇلق؟
جاۋاب: راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۆمىنلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتى بولغاندەك، يالغانچىلىق مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1].

815. سوئال: راستچىللىقنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى نېمە؟
جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتنى كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەزايىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە ھارامدىن يىغىڭلار»[2].

816. سوئال: راست سۆز بىلەن يالغان سۆزنىڭ ئالامىتى نەمە؟
جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راستچىللىق خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق بىئاراملىقتۇر»[3] دېگەن. چۈنكى ئىنسان راست سۆزلىگەندە خاتىرجەملىك ۋە بىر خىل راھەت ھېس قىلىدۇ، تەشۋىشلەنمەيدۇ ھەمدە راست سۆزلەشتە ھېچقانچە تەسلىك ياكى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايدۇ، ئىككىلەنمەيدۇ، دۇدۇقلىمايدۇ.
ئەمما ئىنسان يالغان سۆزلەشتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا چېكىسىدىن تەر ئاقىدۇ، چىرايى تەبىئىي بولمايدۇ، سۆزلىرى ئانچە قاملاشمايدۇ، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن تەشۋىشلىنىدۇ.
ھەرقانچە سۆزگە ئۇستا ۋە يالغاننى قاملاشتۇرۇشقا ماھىر كاززاپلارمۇ بەرىبىر بىلىنىپ قالىدۇ ۋە بىر كۈنى رەسۋا بولماي قالمايدۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆزمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك.

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

يـۇقىرىقى ھەدىـس پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۆجىزىلىـك سـۆزلىرىدىن بولـۇپ، ھاياتلىق مۇساپىلىرى بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىنـى ئىسـپاتلاپ كەلمەكـتە. چـۈنكى بـۇ سـۆز مەيلى كۇپپار، مەيلى مۇسۇلمان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەزىرىدە ھەق سۆزدۇر.

817. سوئال: يالغانچىلىقنىڭ خىيانەت تۈرى قايسى؟

جـاۋاب: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېـگەن: «ئەڭ چـوڭ خىيـانەت سـېنى راستچىل دەپ بىلىدىغان بىرىگە يالغان ئېيتىپ ئۇنى ئىشەندۈرىشىڭدۇر»[1].

سـىزگە يۈرىكـىدىن ئىشـىنىدىغان، سـىزنىڭ قانـداقلا بـىر سـۆزىڭىزنىڭ راسـتلىقىدىن قىلچە شەكلەنمەيدىغان دوستىڭىزغا يالغان سۆزلىشىڭىز، ئۇنىڭ سـىزگە بولغـان چـىن ئىشەنچىسىگە ۋە دوستلۇقىنىڭ ھېسابىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن توغرا ـ ھە!

818. سوئال: يالغانچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ خەتىرى قايسى؟

جاۋاب: يالغانچىلىق ئـادەمنى ئىمانـدىن چىقىرىـدىغان يامـان خۇلقتـۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامدىن: «مـۆمىن ئـادەم قورقۇنچـاق بولامـدۇ؟» دەپ سـورالغىنىدا، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن، يەنە «مۆمىن ئادەم بېخىل بولامـدۇ» دەپ سـورالغانـدىمۇ، «ھەئە» دەپ جـاۋاب بەرگەن. ئانـدىن «مـۆمىن ئـادەم يالغـانچى بولامـدۇ» دەپ سـورالغىنىدا، «ياق» دەپ جاۋاب بەرگـەن[2].

چـۈنكى بىراۋنىـڭ قورقۇنچـاقلىقى يـاكى بېخىللىقىنىـڭ زىيىنـى كـۆپىنچە ئـۆزىگە بولــدۇ. ئەممــا بىراۋنىــڭ يالغانچىلىقىنىــڭ زىيىنــى كــۆپىنچە باشــقىلارغا بولــدۇ. يالغانچىلىق ئىنسانلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىـدۇ. شــۇڭا ئۇنىــڭ گۇنــاھىمۇ ئېغىــر، جازاســى قــاتتىق بولــدۇ. يالغانچىنىــڭ ھەقىقىــي مەنىـدىكى مـۆمىنلەردىن بولالمايـدىغانلىقى يالغانچىلىقنىـڭ گۇناھىنىـڭ چـوڭلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

819. سوئال: ھەقىقىي راستچىللىق قايسى؟

جـاۋاب: ھىجـرىيە ئـۈچىنچى ئەسـىرنىڭ ئۆلىمالىرىـدىن جۇنەيـد مۇنـداق دېـگەن ئىـكەن: «ھەقىقىـي راسـتچىللىق يالغانـدىن باشـقا نەرسـە سـېنى قۇتۇلدۇرالمايـدىغان شـارائىتتا راسـت سۆزلىشـىڭدۇر». راسـتچىللىقنىڭ ئىنسـاننى ھەمىشـە قۇتقۇزغـۇچى ئىكەنلىكىدە شەك يـوق. «راسـت سـۆزلىگەن نىجـات تاپىـدۇ» دېـگەن مەشـھۇر سـۆزمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

---

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام مالىك رىۋايىتى.

قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئادەمنىڭمۇ راست سۆزلىشى تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئاددى ئىشلار ئۈچۈن، ھەتتا يالغان ئېيتمىسىمۇ ھېچقانداق زىيان بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتقانلارنى نېمە دېگىلى بولسۇن؟!

820. سوئال: راستچىللىقتا ئادەتلىنىشنىڭ يولى نېمە؟

جاۋاب: شەكسىزكى، ئادەم ئۆزىدە راستچىللىقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشى (يەنى ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەنلىرى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورقىشى)، ئاندىن راستچىل، تەقۋادار، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپىشى لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بولۇڭلار»**[1] دېيىش ئارقىلىق راستچىللىقنىڭ تەقۋالىق ئىكەنلىكى ۋە راستچىللار بىلەن بولۇشنىڭ تەقۋالىقتا يېتىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلىغان.

## راستچىللىقنىڭ تۈرلىرى

821. سوئال: نىيەتتىكى راستچىللىق قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: نىيەتتىكى راستچىللىق ــ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش ئارقىلىق ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ ۋە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ ياخشى نىيەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، ياخشى نىيەت ئادەتنى ئىبادەتكە ئۆرۈيدىغان سېھىرلىك خىسلەتتۇر. «ياخشى ئۆگىنىش قىلىپ، ياخشى ئوقۇپ دىنىمغا، ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك ئادەم بولىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن دەرس مۇزاكىرە قىلغان ئوقۇغۇچى، «باي بولۇپ ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجىنى ھالالدىن قامدايمەن»، «خەير ـ ئېھسان ۋە سەدىقىلىرىم بىلەن ئاللاھنىڭ يوقسۇل بەندىلىرىنىڭ بېشىنى سىلايمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئىشلىگەن تىجارەتچى، «ئىشىمنى قېتىرقىنىپ راۋاجلىق قىلىش ئارقىلىق ھالالدىن تاپقانلىرىمنى ئائىلەمگە سەرپ قىلىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەن، «ۋەزىپەمنى قېتىرقىنىپ، توغرا يوسۇندا ۋە ھەققانىي ئىشلەش ئارقىلىق ئالغان مائاشىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھەم ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئىشلىگەن كادىر ياكى ئىشچى، «تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق ھارام

(1) تەۋبە سۈرىسى 119-ئايەت.

ئىشلاردىن ساقلىنىمەن ۋە دىيانەتلىق بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئۆيلەنگەن قىز ـ يىگىت ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

822. سوئال: سۆزدىكى راستچىللىق قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە «ئى ئاللاھ! ماڭا راستچىل تىل ئاتا قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلاتتى. بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان، ھەتتا كۇففارلارمۇ ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئەستىقلىغان بىر پەيغەمبەر بۇ دۇئانى ئوقۇغان يەردە، بىز كىچە ـ كۈندۈز بۇ دۇئانى ئوقۇپ ئاللاھتىن بىزنى راستچىل بەندىلەردىن قىلىشىنى تىلەشكە قانچىلىك مۇھتاج بولىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمسىز؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىدلار بىلەن بىرگە بولىدۇ»[2]. بۇ ھەدىس ھۈنەرۋەن، ئىشچى ـ خىزمەتچى، دېھقان، چارۋىچى قاتارلىق رىزىق يولىدا يۈرگەن ھەرقانداق كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، راستچىللار قانداق ئىش بىلەن ياكى قانداق جايدا ئىشلىگەن بولمىسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىشارەت بەرگەن راستچىل تىجارەتچىگە قوشۇلىدۇ. چۈنكى راستچىللىق ھەرقانداق جايدا، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردە تەلەپ قىلىنىدۇ.

823. سوئال: ئەمەلدىكى راستچىللىق قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار»[3].

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ساھابىلەردىن ئۇمەير ئىبنى ھەمام بەدر غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «يا رەسۇلەللاھ! ئەگەر مەن ئاشۇ دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم، راستىنلا جەننەتكە كىرىمەنمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىسەن» دەپ جاۋاب بېرىپ، ساھابىلىرگە: «تۇرۇڭلار كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن جىھاد قىلىڭلار» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇمەير «پاھ، پاھ» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ: «ئەي ئۇمەير ساڭا نېمە بولدى» دەپ سورايدۇ، ئۇمەير: «يارەسۇلەللاھ! مەن راستىنلا جەننەت ئەھلى بولالامدىمەن؟»

---

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئەھزاب سۈرىسى 23-ئايەت.

دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن زادى جەننەت ئەھلىدىنسەن»[1] دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇمەير «مەن بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا پەقەت مۇشۇ خورملا قالدى» دېگىنىچە قولىدىكى يەۋاتقان خورمىنى تاشلايدۇ ۋە ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ كېتىدۇ، ئاخىرى شېھىدلىق شەربىتىنى ئىچىشكە نائىل بولىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت چۈشىدۇ.

بۇ ھەدىس ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىش مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ۋە ياخشى نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش يەنى ئىشلەش شەرت ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلىغان.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئى ئاللاھ! ماڭا پەيغەمبىرىڭنىڭ مۇشۇ شەھىرىدە شېھىدلىقنى نەسىب ئەتكىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. ھالبۇكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ئىسلام شەھىرى بولغانلىقتىن، ئۇ شەھەردە جىھاد بولمايتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 23 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادى 644 يىلى 3 - نويابىر) ئەبۇ لۇئلۇئ ئىسىملىك ئىرانلىق بىر مەجۇسىي تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن شېھىد قىلىنغان.

824. سوئال: راستچىللىقنىڭ مەرتىبىسى قانداق مەرتىبە؟

جاۋاب: راستچىللىق مەرتىبىسى پەيغەمبەرلىك مەرتىبىسىدىن كېيىنلا كېلىدىغان ئەڭ شەرەپلىك مەرتىبىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«**كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار**»**[2] دەيدۇ. ئايەتتە ئاۋۋال پەيغەمبەرلەر، ئاندىن كېيىنلا راستچىللار بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، راستچىللىق پەيغەمبەرلىك بىلەن شېھىدلىق ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىبىدۇر.

825. سوئال: قايسى ۋاقىتتا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەتتە يالغان ئېيتىشقا بولىدىغانلىقنى قارارلاشتۇرغان:

(1) ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. دۈشمەننى ئازدۇرۇش، خاتا مەلۇمات بېرىش، تاكتىكا قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇرۇش دېگەن تاكتىكىدۇر» دېگەن.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) نىسا سۈرىسى 69-ئايەت.

(2) بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرى يەنە بىرىنى سۆككەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە «سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلدى» دەپ يالغان ئېيتقانغا ئوخشاش.

(3) ئايالىغا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما ئايالغا يالغان ئېيتىش شۇ ئايالغا پايدىلىق بولغان ئىشلار دائىرىسى ئىچىدىلا بولىدۇ. مەسىلەن: «سىز دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئايالسىز» دېگەنگە ئوخشاش. ئايالىمغا يالغان ئېيتتىم دەپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشقا، ئالداشقا، كۆزىنى بوياشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش چەكلەنگەن هارام ئىشلاردىن سانىلىدۇ[1].

(1) مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشهۇر ناتىق ئەمر خالىدنىڭ«عقيدة المؤمن»ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

## ئامانەت

826. سوئال: ئامانەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئامانەت ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئاساسلىق ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئامانەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئامانەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلمىگەنلىك ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئامانەتكە نىسبىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ «مەن ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمەن، ماڭا قويۇلغان ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئامانەتنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئامانەتنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى تۈرى بەس. ئامانەت سۆزى ئامانەت قويۇلغان پۇل - مال ۋە تاۋارغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەرنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، مەنىۋى قىممەتلەرنى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان چوڭ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **يا أيها الذين آمنوا لا تخونوا الله والرسول وتخونوا أماناتكم وأنتم تعلمون** يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئامانەتنىڭ ئەكسى خىيانەتتۇر.

827. سوئال: ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ـ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئەگەشمەسلىك، بۇيرۇغانلىرىنى ئادا قىلماسلىق ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئەتمەسلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرى گەردىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر ئامانەتلەردۇر.

828. سوئال: پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ۋە ئىجرا قىلماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى ياشىتىش ۋە ھايات قايناملىرىدا ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن سانىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدە ئامانەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى زامانىمىزغىچە مۇشۇ يول بىلەن يېتىپ كەلگەن.

(1) ئەنفال سۈرىسى27-ئايەت.

829. سوئال: ئامانەتنىڭ يوقىلىشىنىڭ خەتەرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىس ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. شەرم ـ ھايادىن نېسىۋىسى بولمىغانلاردىن خىيانەت، شەپقەتسىزلىك ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىمانسىزلىق قاتارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى سادىر بولماقتا. چۈنكى ئىنساندىكى شەرم ـ ھايا ئۇنىڭ كىيىمگە ئوخشاش بولۇپ، ھاياسى يوقالغان ئادەم خۇددى يالىڭاچ قالغانغا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئامانەتنى ساقلىيالمايدىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ»[2] دېگەن سۆزى بۇ ماۋزۇنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بەرمەكتە.

830. سوئال: ئامانەتلىك بولۇشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: ئامانەتنى ئادا قىلىش ساۋابلىق ئىش بولۇپ، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش ۋاخ ناماز، جۈمەدىن جۈمەگىچە بولغان ئارىلىق، ئامانەتنى ئادا قىلىش گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن كاپارەتتۇر»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتنى كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەزايىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە ھارامدىن يىغىڭلار»[4].

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

831. سوئال: ئامانەت پارچىلىنامدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرغىن، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ خىيانەت قىلما»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئامانەت پارچىلانمايدۇ، يەنى بەزى كىشىلەرگە ۋاپا قىلىپ، بەزى كىشىلەرگە خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بىرسىگىمۇ خىيانەت قىلىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىراۋدا سىزنىڭ 500 يۈەن نەق پۇل قەرزىڭىز بولۇپ، ئۇنى ئالالماي تۇرغان پەيتىڭىزدە، باشقا بىرى ھېلىقى قەرزدار كىشىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى تاپىلاپ سىزگە مىڭ يۈەن نەق پۇلنى تاپشۇرغان بولسا، سىزنىڭ بۇ مىڭ يۈەندىن 500 يۈەن پۇلىڭىزنى ئېلىۋېلىشىڭىز خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سىز مۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزگە ئىشىنىپ ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە پۇلنىڭ ئىگىسىگە خىيانەت قىلغان بولىسىز. قەرزداردىن قەرزىڭىزنى ئېلىشنىڭ يوللۇق ئۇسۇلى ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەرزىڭىزنى سوراشتۇر.

ئامانەت ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ۋە نازۇك نەرسە، شۇڭلاشقا ئۇلار ئامانەتنى ساقلىغانلار ۋە ۋاقتىدا تاپشۇرغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

832. سوئال: ئامانەتنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تارقالغان مەشھۇر ئامانەت تۈرى پۇل - مال ئامانىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولى بىلەن زىيان يەتكۈزۈشتىن سالامەت بولالىغان كىشىدۇر، مۆمىن ئىنسانلار قېنى ۋە مال - مۈلكىگە ئۇنىڭدىن زىيان يېتىشىدىن ئامان بولالىغان كىشىدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، ھەقىقىي مۆمىن ئادەم كىشىلەر مال - مۈلكىنى ۋە ھەر قانداق نەرسىسىنى ئۇنىڭدا ئامانەت قويۇشقا خاتىرجەم بولالىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۆمىن كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان ياكى كۆپ زىكىر ئېيتىپ، كۆپ يىغلايدىغان كىشى دېگىنى يوق. تەبىئىيكى، كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، كۆپ زىكىر ئېيتىش زامانىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر قىلالمايۋاتقان ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردۇر. ئەمما بۇ ئىبادەتلەر يەنىلا شۇ كىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاق بولسا، ھەم شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەم ئۇمۇم خەلق ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پايدىسى ئۇنى ئورۇندىغان كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىبادەتتىن، پايدىسى باشقىلارغا ئومۇم بولىدىغان ئىبادەت ئورۇنداش تەرەپتىن ئەھمىيەتلىك، ساۋاب جەھەتتىنمۇ چوڭدۇر.

## كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كىچىك سانالغان چوڭ ئامانەتلەر *

833. سوئال: كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كىچىك سانالغان چوڭ ئامانەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئادەتتە كىشىلەر پۇل مۇئامىلىلىرىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىشنى مۇھىم بىر مەجبۇرىيەت دەپ تونۇيدۇ، كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزەرلىرىدىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئامانەتلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن: سىز بىرەر دوستىڭىزدىن بىرەر كىتاب ياكى بىرەر ئۆيئالغۇ ياكى سىن ئالغۇ لېنتىسىگە چاغلىق نەرسىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماددىي قىممىتىنى ئاددى سانىغانلىقتىن، ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتى قەرەلىدە ياپشۇرمىسىڭىز، ياكى قوشنىڭىزدىن بىرەر تال يىڭنىگە چاغلىق نەرسىنى ئۆتنە ئېلىپ، ئۇنى كىچىك سانىغانلىقتىن قوشنىڭىزغا قايتۇرمىسىڭىز، سىز ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

بىراۋ سىزگە بىر ئامانەت سۆزنى تاپشۇرۇپ، بۇ سۆزنى پالانىغا يەتكۈزۈپ قويىشىڭىزنى سورىغان بولسا، بۇ سۆزنى شۇ كىشىگە يەتكۈزمىسىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

بىراۋنىڭ ئۆي ئىچىگە رۇخسەتسىز قاراش ياكى دەرىزىسىدىن ياكى ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراش ياكى بىراۋ ئىشىكنى ئاچقاندا، سىزنى كىرىڭ دېمىگىچە ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈش چوڭ ئەدەبسىزلىك ۋە ئېغىر خىيانەتتۇر.

834. سوئال: ئىلىم ـ سىنتىم ئىشلىرىدىكى ئامانەت قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىدلار بىلەن بىرگە بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزى ئىلىم ـ سىنتىم ئىشلىرىنى بىجىرىشتىكى ئامانەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى راستچىللىق بار يەردە ئامانەتمۇ بولىدۇ. مالنىڭ ئەيىبىنى ئېنىق ئېيتىپ ساتقان ئادەم ئامانەتنى ئادا قىلغىنىدەك، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئالغۇچىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ياكى تاۋارغا

* مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق ئەمر خالىدنىڭ«عقيدة المؤمن»ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(1) ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ساختا ماركىلارنى چاپلاپ ساتقان ئادەم خېرىدارلارغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

835. سوئال: ئىشلىگەن ئىشتىكى ئامانەت قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بىر دوختۇرنىڭ يەنە باشقا بىر دوختۇرغا ياخشىچاق بولۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ھاجەت بولمىغان كېسەلنى بۇيرۇپ بېرىشى ياكى دوختۇرخانىغا كۆپ كىرىم كىرگۈزۈپ بېرىپ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئادەتتە بىر ئاغرىق بىلەن يېنىغا كەلگەن كېسەلنى ئادەتتە ھاجەت بولمايدىغان ئانالىزلارنى ئىشلىشقا بۇيرىشى، رېمونتچىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئازراق رېمونتى ئۈچۈن ئاپتوموبىل ئىگىسىنى ئالماشتۇرمىسىمۇ بولىدىغان زاپچاسلارنى ئىشلىشقا بۇيرىشى، ئىشچىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغا ئىشنى قولىنىڭ ئۈچىدىلا قىلىپ قويۇپ ھەق ئېلىشى، كادىرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماستىن سائەتكە قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشى، ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىمەستىن كۆز بويىشى ياكى ئىمتىھاندا كۆچۈرىشى، ئاتىنىڭ باللىرىنى ئەدەپ - ئەخلاق، ئىمان - ئىنساپ ئىچىدە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقى، مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇپ ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى زايا قىلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ چوڭ خىيانەتچىلىكتۇر. بۇ ئىشلار كۆرۈنۈشتە بەكمۇ ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بىلەن گۇناھى بەك ئېغىردۇر. چۈنكى مۇنداقلار خائىنلاردۇر!

836. سوئال: سىر ساقلاشتىكى ئامانەت قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىراۋ سۆز قىلىۋېتىپ ئەتراپقا قارىۋەتسە، بۇ سۆز ئامانەتتۇر»[1] دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋېتىپ، بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقان ئۈچىنچى شەخس بار ياكى يوقلىقىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرى ئوڭ ۋە سولغا قارىۋەتسە، بۇ سۆز باشقىلار ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغان سىر بولۇپ، ئامانەت سۆزگە ئايلىنىدۇ. ئۇنى ساقلاش ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە ئامانەت بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇنى «بۇ سىر، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ» دېيىش ھاجەتسىز.

837. سوئال: ئەڭ چوڭ خىيانەت قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ خىيانەت ئۆزىنىڭ ئايالىنى سۆزگە سېلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرىنى سىرتقا يايغان ئەرنىڭ خىيانىتىدۇر»[2] دەپ

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆرسەتكەن.

دۇنيادا شۇنداق رەزىل ۋە پەس ئىنسانلار باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ ھەمىشە پۇرسەتپەرەستلىك بىلەن جان باقىدۇ. مۇنداقلار ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ۋە يۈز ـ ئابرويىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. مۇنداق ئىنسانلار ئىنسان تۈرىنىڭ ھايۋان دەرىجىسىدىكى رەزىللىرى بولۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئادەمنى سېتىۋېتىشتىن ئىككىلەنمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات شېرىكى ۋە قويندىكى ئايالىنىڭمۇ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بەزىبىر ئەيىبلىرىنى، خاتالىقلىرىنى خەلقى ئالەمگە يېيىپ، ئۆزىنى ۋە ئايالىنى رەسۋا قىلىشتىن قورقۇپ قالمايدۇ. مۇنداقلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پەسكەشلىكىدىن ئۇلارغا نەزەر سالماستىن ۋە گەپ ـ سۆز قىلماستىن دوزاخقا تاشلايدىغان نومۇسسىزلاردۇر.

838. سوئال: ئايالنىڭ ئامانىتى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كۆپ كىشىلەر ئايالنى نىكاھلاپ ئالغاندىن كېيىن، ئايالنى خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلدەك خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ئۆز مۈلكى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئايال ئەرنىڭ مۈلكى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر!

ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش بىلەن بۇ ئايال ئالغۇچى ئەرنىڭ گەردىنىدە ئامانەتكە ئايلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى بۇ ئەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتنىڭ جاۋابكارلىقىدىن سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى: **وأخذْنَ منكُم ميثاقًا غليظًا** يەنى «ئاياللار سىلەردىن مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا..»[1] دېگەن ئايەتتە بۇ ئامانەتنى «مۇستەھكەم ئەھدە» دەپ ئاتىغان. مەلۇمكى، ئايالنىڭ ئېرىدىن ئالغان مۇستەھكەم ئەھدىسى نىكاھلىنىش ئالدىدا، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك شېرىك بولۇش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا نىكاھتىن باشقا ھېچقانداق ئەھدىنى «مۇستەھكەم ئەھدە» دەپ سۈپەتلىگەن ئەمەس. مانا بۇ، ئەر ـ ئاياللىق رىشتىسىنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. شۇنداق مۇقەددەس بىر رىشتىگە خىيانەت قىلىش ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ خىيانەت. ئۇنىڭ گۇناھىمۇ ئەلۋەتتە ئېغىردۇر.

839. سوئال: بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئامانەت قايسى؟

جاۋاب: بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدىكى ئامانەت ئۇلارغا

---

(1) نىسا سۈرىسى 21-ئايەت.

خىيانەت قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ رۇخستىسىز ئۆيىدىن پۇل - مال ياكى ئاددى بىر نەرسىنىمۇ ئالماسلىقىدۇر. گەرچە ئالغان نەرسىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئاز مىقداردىكى نەرسە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخستىسىز ئېلىشى خىيانەت ھەمدە تەدرىجى ھالدا كۆپرەك ئېلىپ چوڭراق خىيانەت قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رۇخستىسىز ھالدا، يىگىتلەر بىلەن پەش تارتىشىپ يۈرۈشى، مەخپى جايلاردا ئۇچرىشىشى ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە قارشى قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر. قىز ئەگەر ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا تەرەققىي قىلىپ بارسا، خىيانەت دەرىجىسىمۇ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا يەرگە قاراتقانلىق جىنايىتى ئايرىم بىر خىيانەتتۇر.

شۇنداقلا يىگىتلەرنىڭمۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن مەخپى ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشى خىيانەت بولغانلىقى سىرتىدا، كىشىلەرنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا ۋە يۈز - ئابرويىغا قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر. قىيامەت كۈنى بۇنداق خىيانەتلەرنىڭ سورىقى ئەلۋەتتە بولىدۇ، جازاسى ئېغىر بولىدۇ.

840. سوئال: ئامانەت يەنە نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى سىزدە ئامانەت بولۇپ، ئۇلارنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: جان سىزدە ئامانەت ئۇنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

تېنىڭىزنىڭ ساقلىقى سىزدە ئامانەت. ئۇنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز.

ئەقىل سىزدە ئامانەت. ئەقىلنى كەتكۈزىدىغان ئىچىملىكلەرنى ياكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

تىلىڭىز سىزدە ئامانەت. ئۇنى غەيۋەت - شىكايەتلەر ئۈچۈن قوللانسىڭىز، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز. چۈنكى تىلنى ئاللاھ تائالا ياخشى سۆز قىلىش ئۈچۈن ياراتقان.

بالىلىرىڭىز سىزدە ئەڭ چوڭ ئامانەت. ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمەستىن ئۆز ھالىغا قويۇۋەتسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز. بالىلارنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ، كۆيۈنۈپ باققىنىڭىز ھېساب ئەمەس. چۈنكى ئىت، مۈشۈكلەرمۇ بالىلىرىنى باقىدۇ ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈپ باغرىغا باسىدۇ.

بىلىمىڭىز سىزدە ئامانەت. ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزنى دىنغا، خەلققە ۋە ۋەتەنگە پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن قوللانمىسىڭىز، بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

كەسپىڭىز ياكى خىزمىتىڭىز سىزدە ئامانەت. ئۇنى قېتىرقىنىپ قىلمىسىڭىز، كۆز بويامچىلىق قىلسىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

مەنسىپىڭىز سىزدە ئامانەت. مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن قوللانسىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

پۇل ـ مېلىڭىز سىزدە ئامانەت. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مالنى ھارام يوللارغا قوللانسىڭىز ياكى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىسىڭىز ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز.

دېمەك، ئاللاھ تائالا سىزگە ئاتا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سىزدە ئامانەت.

ئاللاھ تائالا بۇ نېمەتلەردىن چوقۇم سوراق ـ سوئال قىلىدۇ، قانداق ئىشلەتكەنلىكتىن ھېساب ئالىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى **ثم لتسألن يومئذ عن النعيم** يەنى «ئاندىن دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن سوراق ـ سوئال قىلىنىسىلەر»[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل ـ مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن»[2].

841. سوئال: دىننى يەتكۈزۈشتىكى ئامانەت قايسى؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنسانلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭغا چاقىرىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. خۇسۇسەن ئۆلىمالار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باش تارتىپ ئالالمايدىغان مۇھىم مەجبۇرىيەتتۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىدىن مەسئۇلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ كىشىلەرگە يەتكۈزۈڭلار»[3] دەپ بۇيرىغان. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىلگىرىكى ساماۋىي(ئاللاھتىن كەلگەن) دىنلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تولۇق مەنىدە ئىپادىسىنى تاپالمىغان، پەقەت ئىسلام ئۈممىتىدە تولۇقى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىردىنبىر خىسلىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) خىسلىتىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: **كُنتم خير أمة أخرجت للناس تأمرونَ بالمعروف وتنهونَ عن المنكر وتؤمنونَ باللّــه** يەنى

(1) تەكاسۇر سۈرىسى 8ـ ئايەت.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

«ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[1].

كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇنىڭغا يېتەكلەش، ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن چوڭ ئامانەتتۇر.

842. سوئال: مۇسۇلمانلار بۇ دىنىي ئامانەتنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟

جاۋاب: ۋسۇلمانلار كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن يېتەكلەيدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بولىدۇ. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ئېغىز بىلەنلا بولىدۇ، دېگۈچىلەر خاتالاشقانلاردۇر! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشتا نۇتۇق سۆزلەش، تەبلىغ قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان دىننى ئەمەلىي ھاياتتا تولۇقى بىلەن ياشاتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك قىلغان 23 يىللىق شانلىق ھاياتى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قانداقلا بىر ئىشقا بۇيرىسا، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلارنى قانداقلا بىر ئىشتىن توسسا، ئاۋۋال ئۆزى ئۇنىڭدىن قول يىغاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: «ئى مۇھەممەد! ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە جىمى ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[2] دەپ بۇيرىغان ئۇلۇغۋار پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرەتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقىلارغا نامازدا باشلامچى بولۇشقا بۇيرۇشى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلاردا شۇنداق باشلامچى بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئايەت يەنە، پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشتە كىشىلەرگە باشلامچى بولۇشى لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى بۇ ئۇسۇل بىلەن تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ھەرخىل مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگىچە يېيىپ تارقىلىشى ۋە ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئەمەلىيەتچانلىقى، سۆزى بىلەن

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 110-ئايەت.

(2) تاھا سۈرىسى 132-ئايەت.

ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولغانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدە كەڭ ئورۇن ئېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان سودا كارۋانلىرىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىمۇ شۇنداق بولغان. سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق ھەققىدىكى قىسسە بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

# ۋاپادارلىق

843. سوئال: ۋاپادارلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نۇرغۇن كىشىلەر «ۋاپادارلىق» دېگەن سۆزنى ۋەدىسىگە تۇرۇش، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە شۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش دېگەن ئاددى مەنىسىدىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ۋاپادارلىقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭ، دائىرىسى كەڭ، ئەلۋەتتە.

844. سوئال: ۋاپادارلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى 6 ئىشتا ۋاپادارلىق جىددىي ھالدا تەلەب قىلىنىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش.

(3) ئىنسانلارغا مۇئامىلە ئىشلىرىدا ۋاپادار بولۇش.

(4) سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش.

(5) ھايات مۇساپىسىدە سىز تونۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپادار بولۇش.

(6) ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش.

845. سوئال: ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: مەن ئاللاھ تائالاغا بىرەر ئىشتا ۋەدە قىلمىغان تۇرسام، نېمىگە ۋاپادارلىق قىلىمەن؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدار ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشنىڭ تەبىئىي بۇرچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. قۇرئان كەرىمدە: **وما بكم من نعمة فمن الله** يەنى «سىلەردىكى قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھتىندۇر»[1] دەيدۇ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ... "يۈرىكىمنىڭ پارىسى، جېنىم بالام" دەپ باغرىغا باسقان، بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلغان، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىپ ھازىرلاپ بەرگەن، ھەممىنى ئۇنىڭغا بەدەلسىز بەرگەن ئاتا ـ ئانىسىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن ياكى ئۇلارنى تۆۋەن كۆرگەن بىر ئىنسانغا قانداق باھا بېرىسىز؟ خەلقى ئالەم ئۇنى نېمە دەيدۇ؟

---

(1) نەھل سۈرىسى53-ئايەت.

ئەلۋەتتە، ئۇنداق بىرىنى ئىنسان دېيىشكە ئاغزىڭىز بارمايدۇ، شۇنداقمۇ؟!

ئـاللاھ تائالانـىڭ سـىزگە ئاتـا قىلغـان ياخشـىلىقلىرى، ئىنئـاملىرى ۋە بەرگەن نېمەتلىـرى ئاتـا ـ ئانىڭىزنـىڭ قىلغانلىرىـدىن كـۆپ ئەمەسـمۇ؟ سـىزنى چىرايلىـق شەكىلدە ھۆرمەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتتى، پـۇت، قـولىڭىزنى سـاق قىلـدى، تۈرلـۈك نـازۇنېمەتلەر بىـلەن سـىزنى ئوزۇقلانـدۇردى ئەمەسـمۇ؟ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئەمەس، سىلەردىن تـۆۋەنلەرگە قـاراڭلار. بـۇ ئـاللاھ تائالانـىڭ نېمەتلىرىنـى تونۇشـۇڭلار ئۈچـۈن ياخشـىدۇر»[1] دېـگەن. ئـاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى تونۇشىڭىز ئۈچـۈن بـۇ ھەدىـس ئەڭ ياخشى ئۆلچەم بولالايدۇ.

سـىزدىن تـۆۋەن ئادەملەرنـىڭ ھالىغـا قـارىگىنىڭىزدا، ئاللاھنـىڭ سـىزنى ئـۇلاردىن قانـداق ئـارتۇق قىلغـانلىقىنى، قانـداق ھۆرمەتلـىك قىلغـانلىقىنى، لەززەتلـىك رىـزىقلار بىــلەن ســىزنى قانــداق ئوزۇقلانــدۇرغانلىقىنى ۋە ســىزگە ئۇلارغــا بەرمىگەنلەرنــى بەرگەنلىكىنى كۆرىسىز.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىمىزگە موھتاجمۇ؟ ئـاللاھ تائـالا بىـزگە موھتاج ئەمەس، شۇنداقلا بىزنىڭ شۈكرىمىزگە، مىننەتدالىقىمىزغا ۋە ھېچ نەرسىمىزگە موھتاج ئەمەس. شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ شۈكرىسى بىلەن ئـاللاھ تائالاغـا پايـدا بولـۇپ كەتمەيدۇ، تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنـىڭ تۇزكـورلىقى بىـلەن ئۇنىڭغـا زىيـان يەتمەيـدۇ. پايـدا ـ زىيـان پەقەت ئـۆزىمىز ئۈچۈنـدۇر. ئەممـا ئـاللاھ تائـالا شـۈكۈر قىلگۇچىلارغـا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ، تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: شۈكۈر قىلساڭلار تېخىمۇ كـۆپ بېـرىمەن، تۇزكـورلـۇق قىلساڭلار....

846. سوئال: ئۇنداقتا ئاللاھ تائالاغا قانداق ۋاپادارلىق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا بولغان ۋاپادارلىق مۇنۇ ئۈچ ئىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىش.

(2) ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىش.

(3) بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش.

بۇ ئۈچ ئىشنى تولۇق ئادا قىلسىڭىز سىز ئاللاھقا ۋاپادار بەندە بولغان بولىسىز.

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا مۇنـداق دېـگەن: ﴿ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىـڭ سـىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنـى يـاد ئېـتىڭلار، ماڭـا بەرگەن (ئىمـان ئېيـتىش، تـائەت ـ

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئىبادەت قىلىش، بۇيرىغانلىرىمنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىمدىن يېنىش بىلەن ماڭا بويسۇنۇش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار﴾[1].

847. سوئال: دۇنيادا ۋاپادارلىق ئۆلگىسى كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق كەمچىلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، ھەر قانداق بىر گۇناھتىن پاك بىر زات تۇرۇپ، كېچىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ نامازدا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلەللاھ! سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھىڭىز ئەپۇ قىلىنغان تۇرسا، نېمانچە ئۆزىڭىزنى قىينايسىز؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمامدىمەن»[2] دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

سىز دۇنيادا سىزگە ياخشىلىق قىلغان بىرىنىڭ شۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان يەردە، سىزگە سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك رەببىڭىزنىڭ شۇ ياخشىلىقلىرىغا ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشامسىز؟ ھەمدە، سىزنىڭ رەببىڭىز سىزنىڭ بۇ ۋاپادارلىقىڭىزنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ ئەمەسمۇ؟!

848. سوئال: ھازىرقى مۇسۇلمانلار ۋاپادارلىق ئۆلگىلىرىمۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى مۇسۇلمانلار مەيلى ۋاپادارلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەيلى راستچىللىق جەھەتتە بولسۇن، مەيلى باشقا ئەخلاقلاردا بولسۇن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقتا ئۈلگە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەخلاق ئۆلگىسى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ قالغان. شۇڭا بىزنىڭ ئىباتلىرىمىز رىياكارلىقتىن، ئەخلاقىمىز ياسالمىلىقتىن قۇتۇلالمىغان.

شۇ سەۋەبتىن بىز مۇسۇلمانلار خارلىقنى ئىززەت بەدىلىگە، نىفاقنى ئىمان بەدىلىگە، شەخسىيەتچىلىكنى پىداكارلىق بەدىلىگە، ئىناقسىزلىقنى بىرلىك بەدىلىگە، رىياكارلىقنى ئىخلاس بەدىلىگە، هورۇنلۇقنى تىرىشچانلىق بەدىلىگە سېتىۋالغان ۋە قولىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ قولىدىكىسىگە چۆمچىيىپ قالغان بىچارىلەرمىز.

849. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ۋاپادار بولىمىز؟ ھالبۇكى، ساھابىلەر

---

(1) بەقەرە سۈرىسى40-ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاپادار ئىدى. ئەمدى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىمايۋاتىمىز، ئۇنىڭغا قانداق ۋە نېمە ئىشتا ۋاپادار بولالايمىز؟ دېگەن سوئال ئەقلىڭىزگە كېلىدۇ.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بىر جۈملە سۆز بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئۈلگە قىلىشتۇر.

850. سوئال: ئىنسانلارغا قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار شەرتلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەمدۇر! ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئەھدىنى بۇزۇش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بىر ئادەمدە كامىل مۇسۇلمانلىق بىلەن مۇناپىقلىق ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى غالىپ كەلسە، شۇ تەرەپ بېسىپ چۈشىدۇ ۋە ئۇ ئادەم شۇ تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى: **وأوفوا بالعهد إن العهد كان مسؤولا** يەنى «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر»[2] دەپ بۇيرىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھدىسىنى بۇزىدىغان، ۋەدىسىگە تۇرمايدىغانلارنىڭ ئىمانى كامىل ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەمدە دىيانەت يوق»[3] دېگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەھۋالى ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلمىغىچە تۈزەلمەيدۇ. ئىسلام بىر پۈتۈن ھايات نىزامى بولۇپ، ئۇ پارچىلانمايدۇ.

ھۆنەرۋەن ياكى رېمونتچى بىراۋغا پالانى كۈنى كېلىڭ ئىشىڭىز ھازىر بولىدۇ، دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئەمما دېگەن كۈندە كەلگىنىدە، بۇ كاززاپ ھۆنەرۋەن ياكى رېمونتچى ھېچقانداق خىجىللىق ھېس قىلماستىن ياكى ئۆزۈرمۇ ئېيتماستىن، يوق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر كۈنى كېلىشىنى ئېيتىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بىر ناچار ئادەت.

---

(1) بۇخارى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
(2) ئىسرا سۈرىسى34ـ ئايەت.
(3) ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايىتى.

بىز مۇشۇ ھالىتىمىز ۋە مۇشۇ ناچار ئەخلاقىمىز بىلەن تۇرۇپ قانداقمۇ «ئاللاھ بىزگە ياردەم بەرمەمدۇ؟ تۇرمۇشىمىزنى غەربلىكلەرنىڭكىدەك پاراۋان قىلىپ بەرمەمدۇ؟ ئاللاھ مۆمىنلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟» دېيەلەيمىز؟

غەربلىكلەردە بىر - بىرىنى ئالداش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، يالغان سۆزلەش يوق! ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە تولۇقى بىلەن بار. ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ھەقلىق بولۇشتىن قانچىلىك يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىزنى ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟!

851. سوئال: قەرز ئىشلىرىدىكى ۋاپا بۇرچى قايسى؟

جاۋاب: زامانىمىزدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان ۋاپاسىزلىقنىڭ بىرى قەرز مۇئامىلىسىدە ۋاپاسىزلىق قىلىشتۇر. بىراۋغا ھاجىتى چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن بىر يۈەن چاغلىق قەرز ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدىغان، ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ يۈرۈپ، قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۆۋەنچىلىك بىلەن نەچچە قېتىم تازىم قىلىپ، ئۆزىنى يالغاندىن ۋاپادار كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھاجىتىنى راۋا قىلىۋالغاندىن كېيىن، تەتۈر قارىۋالىدىغان، قەرزنى سورىسا يالغان ۋەدىلەرى ۋە يوق ئۆزرۈلىرى بىلەن قەرز ئىگىسىنى قايىل قىلىپ، قەرزىنى ئارقىغا سۆرەيدىغان نامەردلەرنى ھەر جايدا كۆرۈۋاتىمىز.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان ‹قىل›، ‹قىلما› دېگەن ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى خالىسا ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى بىلەن، خالىسا تەۋبىسىز كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تولىمۇ كەچۈرۈمچان ۋە بەندىلىرىگە مېھرىبان زاتتۇر. ئەمما قۇل ھەققى يەنى ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشى، مال - مۈلكىنى يەۋېلىشى ۋە ھەر قانداق بىر زىيانغا ئۇچرىتىشى قاتارلىق گۇناھلىرىدىن ئاللاھ تائالا ئۆتمەيدۇ. پەقەت ھەق ئىگىسى رازى بولغاندىلا، ئاندىن ئاللاھ تائالا رازى بولىدۇ. شېھىدلارنىڭ سوراق - سوئالسىز ھالدا، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت. ئەمما بىراۋنىڭ ھەققىنى تۆلىيەلمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن شېھىد جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شېھىدنىڭ قەرزدىن باشقا پۈتۈن گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى قەرز ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە توسقۇن بولىدۇ. شۇڭا ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بىراۋغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. ھەتتا ئاللاھ

(1) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

يولىدا جىھادقا ھازىر بولغان مۇسۇلمانلار جىھادقا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا «كىمدە بىراۋنىڭ ھەققى ياكى قەرزى بولسا قايتىپ كەتسۇن!» دەپ ئېلان قىلىناتتى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قانداقلا بىر جىنازا ئېلىپ كېلىنسە: «بۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر قەرزى بولمىسا نامىزىنى چۈشۈرەتتى. قەرزى بولسا ئۇنىڭ نامىزىنى ئۆزى ئوقۇماستىن، ساھابىلارغا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى شۇ كىشىگە شاپائەتتۇر. ئۇنىڭ ساپائىتى مەقبۇل. ئەمما قەرزدار كىشى بولسا گەردىنىدىكى قەرزىگە گۆرۈ قويۇلغاندۇر، تاكى گەردىنىدىكى قەرزىنى ئادا قىلمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[1].

852. سوئال: ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقمۇ ۋاپاسىزلىقمۇ؟

جاۋاب: ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئاددى سانىلىپ كەلگەن چوڭ مەسىلىدۇر. ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق، ۋەدىلەشكەن سائەتتە ھازىر بولماسلىق، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلىش ئەڭ يامان ۋاپاسىزلىقتۇر. بۇ تۈردىكى ۋاپاسىزلىقتىن ھەممىمىز نېسىۋىمىزنى ئالماقتىمىز. بۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مۈشكىلىسىدۇر.

بىكار تەلەپلەردىن باشقا ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىك بىر نەرسە. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.

سائەت ئونغا ۋەدە قىلغان ئادەمنى سائەت ئون بىر ياكى ئون ئىككىلەردە ئاران تاپقانغا خوش بولىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھاياسىزلىقلىرىنى دوراشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتەك ياخشى ئادەتلىرىنى ۋە ۋاقىتنى ئالتۇن بىلىپ ئۇنى زايا قىلماستىن پايدىلىنىدىغان روھىنى دورىسا بولمامدۇ؟!

ۋاقىت ھايات، ۋاقىت نەق پۇل، ۋاقىت ئىلىم، ۋاقىت سالامەتلىك، ۋاقىت پەن - تېخنىكا، ۋاقىت قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر

---

(1) ئۇلۇغ ئالىم مەرھۇم سابىت داموللامنىڭ«شېرىن كالام»ناملىق ئەسەرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستانبۇلدا2007-يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسى99-بېتىدىن ئېلىندى.

مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

853. سوئال: سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: مەيلى چوڭ، مەيلى ئاددى قانداقلا بىر ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ئېيتىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا ئىھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى تەرك ئەتكەن ئادەم نېمەتكە كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ»[2].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ شۈكۈر قىلىدىغان كىشى كىشىلەرنىڭ ئىھسانىغا رەھمەت ئېيتىدىغان كىشىدۇر» يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر»[3] دەپ كەلگەن.

854. سوئال: ئاتا - ئانىغا قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: شەكسىزكى، دۇنيادا ۋاپادارلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق، ھەققى بىزدە ئەڭ كۆپ بولغان كىشىلەر ئاتا - ئانىلاردۇر. ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ ھەقلىرىنى قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىپ ئۇلارغا ۋاپا بولغان ۋاپا بۇرچىمىزنى ئورۇنداشقا بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم؟ دەپ سورىغان سوئالىغا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن، ھەر قېتىم سورىغان سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىم يەنە قايتا

---

(1) تەبەرانى رىۋايىتى.

(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سۆرىغىنىدا: «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا ـ ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىق ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. بۇ ۋاپا بۇرچى ئۇلار هاياتتىن كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ بالىلىرىنىڭ گەردەنلىرىدە قالىدۇ.

855. سوئال: هايات مۇساپىسىدە تونۇغان كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: هاياتلىق سەپىرىدە تونۇغان، بىللە بولغان، بىرگە ياشىغان بارلىق كىشىلەرگە ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. باللىق چاغلىرىڭىزدا بىرگە ئويناپ ئۆسكەن دوستلىرىڭىزغا، مەكتەپ هاياتىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ساۋاقداشلىرىڭىزغا، قوشنىلىرىڭىزغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، تونۇش ـ بىلىشلىرىڭىزگە ۋاپادار بولۇپ، ئۇلارنى ئونۇتماسلىقىڭىز، قولىڭىزدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى ئايىماي قىلىشىڭىز سىز ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

856. سوئال: ئادەم جورىسىغا قانداق ۋاپادار بولىشى كېرەك؟

جاۋاب: هايات مۇساپىسىدىكى شېرىكىڭىز بولغان، خوشاللىق ـ غەمكىن، راهەت ـ جاپالىق كۈنلىرىڭىزدە سىزگە هەمراھ بولغان جورىڭىزغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىڭىز ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ۋاپا قىلىشقا ئەڭ هەقلىق بولغان كىشىڭىز جورىڭىزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاياللارنى هۆرمەتلەش، ئۇلارغا سىلىق ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەملىشىش، دەرتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈش، ئۇلارنى ئۇرماسلىق، ئازارلىماسلىق، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى ۋە ئۇلگىلىك دوستلىرىنى زىيارەت قىلىشتىن توسماسلىق قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ئاياللارغا ۋاپادارلىق قىلغانلىقتۇر.

857. سوئال: ۋەدىگە قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئىنسان كېلىشىم تۈزسە كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بېرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ساختىلىقتىن ئاگاهلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: «ئەهدىگە

(1) بۇخارى، مۇسلىم، ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى.

ۋاپا قىلىشلار (قىيامەت كۈنىدە) ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر» دەپ كەلگەن.

ئادەمنىڭ گېپىدە تۇرۇشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، گېپىدىن يېنىۋالمايدۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلىمايدۇ، دەپ تونۇلىشى ئۇنىڭ ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقىنىڭ نىشانىسىدۇر.

858. سوئال: پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قانداق ۋاپادار بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگىدىن قەتئىينەزەر ئومۇم بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت دېگەن پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە، ئادەمنىڭ بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇشى توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك توغرا ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر. ئىنسانلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىش، ياكى مۇسۇلمانلارغا سىلىق بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قوپال بولۇش توغرا ئەمەس.

859. سوئال: ۋاپادارلىق يەنە نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: اپادارلىق دېگەن ماۋزۇ ئىنتايىن چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋەتەننىڭ غېمىنى يېيىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ تۇرۇش، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، پەرزەنتلەرنى ياخشى بېقىش، جورىسىغا سادىق بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ[1].

(1) مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق ئەمر خالىدنىڭ«عقيدة المؤمن»ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# شەرم ـ هايا

860. سوئال: شەرم ــ هايا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەرم ـ هايا ــ رەزىل ۋە قەبىھ ئىشلار ئالدىدا كۆڭۈلنىڭ سىقىلىپ، ئۇنى قىلىشتىن تارتىنىشى دېگەنلىكتۇر. هايالىق ئادەم ئەخلاقسىزلىقلارنى ۋە قانداقلا بىر رەزىل ئىشنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئىنسانلار ئالدىدا ۋە ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

861. سوئال: شەرم-هايانىڭ هاياتىمىزدىكى ئەهمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: شەرم ـ هايا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەهمىيەتلىكى بولۇپ، هازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەڭ زور ئېهتىياجلىق بولغان نەرسىدۇر. شەرم ـ هايا خۇددى مېۋىنىڭ پوستىغا، ئادەمنىڭ كىيىمگە ئوخشايدۇ، پوستى سويۇۋېتىلگەن مېۋە تېزلا بۇزۇلغاندەك، كىيىمسىز قالغان ئادەمنىڭ ئۇيياتلىق جايلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك، شەرم ـ هايادىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ پاتقىقىغا پاتىدۇ.

چۈنكى، شەرمـ هايا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، هەر قانداق هەق ئىگىسىنىڭ هەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. شەرم ـ هايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىماننىڭ پوستى شەرم ــ هايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم ــ هايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانىي خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم ــ هايا بىلەن نومۇسچانلىق هەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر ــ قىممىتىنى بېيىتىپ هۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكتۇر.

862. سوئال: هايانىڭ يوقىلىشىدىن قانداق پالاكەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى هالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن هايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن هايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ هەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ هەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەهىم ـ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەهىم

- شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىس قەلبتىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بۇ باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماڭىدىغانلىقىنى بىرگە ئىنچىكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ ھايا چۆمبىلى يىرتىلسا، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلىنىشلەردىن تەپتارتىپ قالمايدۇ. مۇنداقلار كىشىلەرگە ئازار قىلىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ۋە قوشنىلىرىغا يېرىكلىك قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئادەمگە ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئابرويىنى تۆكۈشتىن خىجىل بولۇپ قالمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان ياكى سودىدا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!

863. سوئال: ھايانىڭ ئەسلى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئەرەب تىلىدىكى «ھايا» سۆزى «ھايات» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى ھايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. ھايا قىلغان ئادەمنىڭ ھاياسى ئىچكى ھايات قايىنىمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، ھاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە ھايانى قوزغايدىغان ھېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم - ھايانىڭ يوقىلىشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

864. سوئال: ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: نۇرغۇن كىشىلەر ھايا قىلىش بىلەن خىجىل بولۇشنى بىر مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما ھەقىقەتتە ھايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

پسخولوگىيە ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدىغان نەرسە. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما شەرم ـ ھايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەمدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتىدۇ.

خىجالەتتىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ھايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى ھايالىق ئادەم ئىززىتىنى بىلىپ رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا

865. سوئال: ھايا بىلەن ئىمان مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسقا ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يەنە بىر ھەدىستە: «ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاخچىسى ھايادۇر»[2] دەپ كەلگەن.

شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ئەلىشىر ناۋايى: «ھاياسىزدا ۋاپا يوق، ۋاپاسىزدا ئىمان يوق» دېگەن ئىكەن.

866. سوئال: ھايا دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى قايسى؟

جاۋاب: شەرم ـ ھايا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىشتۇر. گۇناھ ـ مەسىيەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كۆز ئالدىدا يامان ئىش قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ ـ دە، نەدە بولمىسۇن يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ.

867. سوئال: شەرم ــ ھايا بىلەن مېھرى ــ مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: شەرم ھايا بىلەن مېھرى ــ مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، شەرم ــ

(1) ھاكىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

هاياسىز مېھرى ــ مۇھەببەتنى، مېھرى ــ مۇھەببەتسىز شەرم ــ ھايانىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مېھرى ــ مۇھەببەت شەرم ــ ھايا دەرىخىنىڭ رەڭدار چاقناپ تۇرىدىغان خۇشبۇي، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان مېۋىسىدۇر.

ئەڭ پەسكەش ئادەملەر نومۇس، ھايا ئېڭى يوق كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەرگە ھەممىلا پەردە نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. شەرم ــ ھايا بىلەن نومۇسنى يوقاتقان كىشىنى ئۆلۈك دەپ سانىسا بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىرلا كەتكەن ئۇيات، نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۇيات، نومۇسنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم. شائىر تاگور: «گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار» دېگەن ئىكەن. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەڭدار دېسە نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئادەم خىجىل بولغاندا، ھايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان ۋە ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

868. سوئال: ھايا ۋە نومۇسچانلىق نېمەتمۇ؟

جاۋاب: ھايا ۋە نومۇسچانلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان چوڭ نېمەت. شەرم ــ ھايا بىلەن نومۇس پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ يۈرىكى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر. شەرم ــ ھايا بىلەن نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە، ئۇ ئەڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاق ئۇستازى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى بىلەن كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك. شۇڭا ھايۋانلاردا مۇنداق تۇيغۇ بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ئىسىملىك ساھابە: «رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بېرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى سۈزۈك ۋە نېپىز ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالىيجاناپ، ھايالىق بولغانلىقتىن كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى» دېگەن.

دېمەك، قىز ــ ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم ــ ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر. ھەتتا ھاياتتىنمۇ قىممەتلىكتۇر. نومۇسنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر. خۇددى ئۈيغۇر دىيارىدىكى نۇزۇگۇم ۋە يەتتە قىزلىرىمدەك نومۇس ئابىدىلىرى تارىختىن بويان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن

يادلىنىپ كەلمەكتە.

869. سوئال: شەرم۔ هايانىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆلچىمى نىمە؟

جاۋاب: بىر ئادەمدىكى شەرم ـ هايا بىزگە شۇئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يۇرۇتۇپ بېرىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى ياكى تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى هايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان ـ قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

870. سوئال: شەرم۔هايا بىلەن ئامانەت بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: هايانىڭ يوقىلىشى ئىشەنچ ـ ئامانەتنىڭ يوقىلىشىدۇر. كىمكى هايانى يوقىتىدىكەن، ئۇ ئامانەتنى يەنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم جەمئىيەتتە قىممەتسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش يولىدا يۈگۈرىدىغان ياۋايىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىدىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئىللەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە ئەقلى قېلىن پەردىلەر بىلەن پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئازدۇرىدىغان، تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نەپسى ھەۋەسلەردىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقلىرى ۋە بەزى يامانلىقلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن تەپ تارتىش هايانىڭ ئۆزىدۇر.

## سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق

871. سوئال: سەۋرنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: سەۋر ـ كۆڭۈل ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەقىلنىڭ ۋە شەرىئەتنىڭ نىداسىغا قۇلاق بېرىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ئازار، كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا، مۇسىبەتلەرگە ۋە بالايىئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىق دېگەنلىكتۇر. سەۋرنىڭ مۇكاپاتىمۇ چوڭدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾.[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

872. سوئال: سەۋرچانلىقنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: ھەقىقىي سەۋر ئىنساننى گۇناھ، مەسىيەتلەردىن توسىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقى سەۋر ۋە چىدامغا ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تېت ـ تېت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. سەۋر كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

873. سوئال: سەۋرچانلىقنىڭ قانداق سېھرى كۈچى بار؟

جاۋاب: ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىقنىڭ سايىسىدا قايرىپ قويالايدۇ ۋە يولىغا داۋام قىلىدۇ. ئۆرۈكنى پىششىتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن

(1) نەھل سۈرىسى16 ـ ئايەت.

ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ھامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋارلىق، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

874. سوئال: سەۋرچانلىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش ھەر قانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. سەۋر بىلەن چىدام ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ روھى ۋە نەپسىي خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر ھەدىستە: «ھېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق»[1] دېيىلگەن. چۈنكى سەۋرچانلىق بىلەن چىدام ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

875. سوئال: سەۋرنىڭ قانداق چوڭ ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۆلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقتتا، بۇ سىناق ۋە كۆلپەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىداملىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾[2] دەپ كۆرسىتىلگەن.

چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قىيىن. شۇڭا چىداملىق بولۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇش كېرەك.

---

(1) ئۇسۇلى خەمسەدە رىۋايەت قىلىنغان.

(2) زۇمەر سۈرىسى10-ئايەت.

876. سوئال: ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىققا ياتامدۇ؟

جاۋاب: نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەستىن، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى سەۋردىن سانايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

---

(1) بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

(2) بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەت.

# مەنىۋى بايلىق ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتتۇر

بەختكە ئېرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى، مەيلى ساددا پىكىرلىك ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى يېتىشكەن مۇتەپەككۇر، ئالىم بولسۇن ھامان بەختكە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا بەخت ئۈچۈن ئاھ ئۇرسا، گادايلار غەرىبانە كۆلبىلىرىدە بەخت ئىزدەپ چوت سوقىدۇ ۋە ئەڭ شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋىيىتى ساغلام، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە جاپا ـ مۇشەققەت ئىزدىمەيدۇ، ئۆز بەختسىزلىكىگە رازى بولمايدۇ. بىراق ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، بۇ چوت سوقۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان بەخت زادى قەيەردە؟ ھەقىقىي بەخت زادى نېمىدە؟ بەختنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟

877. سوئال: بەخت-سائادەت بالا ـ چاقىدىمۇ ؟

جاۋاب: بالىلار ھاياتلىقتىكى گۆھەرلەر. خۇددى ئەجدادلار «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك، بالىلارسىز تۇرمۇشتا سائادەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا بەخت-سائادەت بالىلاردا دېيەلمەيمىز. چۈنكى رېئاللىقتا كۆرىۋاتىمىزكى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق بىلەن ھەقلىق يوسۇندا جاۋاب قايتۇرۇش ئورنىغا، ئۇلارنى تۈزكورلارچە قاقشاتقان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس.
بالىلار بىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن بېرىلگەن نېمەت بولغىنىدەك، بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. سىناقلاردىن ھەممىلا ئادەم ئۆتۈپ چىقالمايدۇ.

878. سوئال: بەخت-سائادەت پەن ـ تېخنىكىدىمۇ؟

جاۋاب: بىزگە يىراقنى يېقىن، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ بېرىپ تۇرمۇشىمىزغا ھېسابسىز قولايلىقلارنى بەخش ئەتكەن پەن ـ تېخنىكىمۇ بىزنى بەختلىك قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان پەيلاسوپى روسسېل «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن كۈرەشتە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى. بىراق ئۆز-ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلالمىدى. بۇ كۈرەشتە پەن ـ تېخنىكا ئەسقاتمىدى» دەپ يازىدۇ.

879. سوئال: ئۇنداقتا بەخت-سائادەت نەدە؟

جاۋاب: بەخت دېگەن مەنىۋىياتقا تەئەللۇق ئۇقۇم. شۇڭا ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، تارازا بىلەن تارتىپ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى بايلىق كانلىرىدىن ياكى ئوردا

خەزىنىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بەخت شۇنداق نەرسىكى، ئىنسان ئۇنى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھېس قىلىپ تەڭداشسىز لەززەتكە نائىل بولالايدۇ. ئۇ قەلبنىڭ ئارامى، ۋىجداننىڭ راھىتى، كۆڭۈلنىڭ روشەنلىكىدۇر. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىرنىقىنىڭ ئۇچلىرىغىچە ئازادىلىك بولىدۇ. بەخت ئىنسان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، ئۇ سىرتتىن ئىمپورت قىلىنمايدۇ. ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئاتا قىلالمايدۇ.

ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن كىشىلەر باشلىرىغا ھەر قانداق بالا يې ـ قازا، دىشۋارچىلىق كەلسىمۇ پەسەنت قىلمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى مۇشەققەتلىرى بىلەن كۆتۈۋالسىمۇ، ئۇلار ھاياتلىقتا مەردانە ھالدا كۈلۈمسىرەيدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

## ئەدەبلىك سۆزلەش گۈزەل ئەخلاقتۇر

880. سوئال: گەپ-سۆزدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر، ئىدىيە، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش قورالى. بىر شەخسنىڭ سۆزلەش سەنئىتى شۇ شەخسنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سۆزلەش ماھارىتى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ھۈنەر - سەنئەتتىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە چوڭ سەنئەت.

ئىسلام دىنى تىلدىن ئىبارەت بۇ قورالنى قانداق جايلارغا ئىشلىتىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئۆگەتكەن. قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر، پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە بۇيرىغان كىشىلەر(نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]. ياخشى سۆز قىلىش ۋە تىلنى ھەمىشە شۇنداق ياخشى سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدىن بىر پارچىدۇر. چۈنكى كۆڭۈلدىكى ياخشى ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئېسىل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

881. سوئال: ياخشى سۆز قىلىشمۇ ئىبادەتمۇ؟

جاۋاب: بىشىلەرگە سىلىق ۋە ياخشى سۆز قىلىشتا ئەلۋەتتە ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئالغان ئەھدىدىمۇ چىرايلىق سۆز قىلىشنى شەرت قىلغان. ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا - ئانىغا، ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۇقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق﴾[2].

بۇ ئايەتتە كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئالدىدا كەلگەن.

882. سوئال: سىلىق ۋە ئەدەبلىك سۆز قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆزلەش كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى

(1) نىسا سۈرىسى114-ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 83-ئايەت.

قازىنىشــىنىڭ يــولى. شــۇڭا قۇرئــان كەرىــم پەيغەمبىرىمىــز ھەزرىتــى مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ: ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى﴾(1) دېگەن. ئەمەلىيەتتە، قوپال ۋە يامان سۆز ئۆزىگە نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك تېپىشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ. «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن ھېكمەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تىلنى ئاللاھ تائالا ياخشى يولغا قوللىنىشقا ۋە ياخشى سۆز قىلىشقا ياراتقان. ياخشى سۆز ھەر جايدا ئالقىشقا لايىق بولىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى سۆزنىڭ قىممىتى يۇقىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.﴾(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»(3) دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە :«چىرايلىق سۆزدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»(4) دېگەن.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 159- ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 35 - ئايەت.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# مۇنازىرىلىشىشتىكى ئەدەب- ئەخلاق

883. سوئال: ئىنسانلار ئۈچۈن مۇنازىرىنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە بىر-بىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا ھەمىشە مۇھتاج بولىدىغان مەۋجۇدات بولغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆز قاراشلىرى، تەپەككۇر قىلىش تەرزى، شۇنداقلا چۈشىنىش سەۋىيىسى بىر خىل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلار ۋە قارىمۇقارشى پىكىرلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مۇشكىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ئورتاق بىر پىكىرگە كېلىشتۇر. سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىكتۇر.

884. سوئال: مۇنازىرىلىشىشتا قانداق ئەدەب- قائىدىلەر بار؟

جاۋاب: دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەب- ئەخلاقى بولغىنىدەك، مۇنازىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ-ئەخلاقى باردۇر. مۇنازىرىنىڭ غەلىبىلىك نەتىجىگە ئېرىششى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى قىممەتكە ئىگە بولىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى مۇنازىرە ئەدەپ-ئەخلاقىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:: **وجـادلهم بـالتي هـي أحسـن** يەنى «ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن»[1].

غەلىبىلىك مۇنازىرە ھەر ئىككى تەرەپتە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى تولۇق بولغان مۇنازىرىدۇر. مۇنازىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەدەپ-ئەخلاقى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

(1) مۇنازىرىلىشىشنىڭ شەرتلىرى

(2) مۇنازىرە ئەسناسىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار

(3) مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلاقلار.

885. سوئال: مۇنازىرىلىشىشنىڭ شەرتلىرى قايسلار؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ نىيىتىنىڭ توغرا بولۇشى شەرت. نىيەتنىڭ توغرا بولىشىدىن مەقسەت ھەقىقەت ۋە توغرىلىق قايسى تەرەپتە بولسا ئۇنى

---

(1) نەھل سۈرىسى125-ئايەت

قوبۇل قىلىپ كۆچلەندۈرۈشنى نىيەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەكسىچە، مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىنى ئىزھار قىلىش ياكى قارشى تەرەپنى قانداقلا بىر يول بىلەن چۈشۈرۈش، ئۆزىنىڭ پىكرى گەرچە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش نىيىتى بىلەن مۇنازىرىگە كىرىش مۇنازىرىدىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە بەرمەيدۇ. مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ مۇنازىرىلىشىدىن ماۋزۇ ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ راستچىل بولۇشى، دەۋاسىدا ۋە كەلتۈرگەن دەلىل-پاكىتلىرىدا سەمىمى، توغرا بولۇشى، كۆچلەندۈرمەكچى مەسىلىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە ھەقلىقىغا ئۆزى ئىشىنىدىغان بولۇشى ۋە سەۋرچان بولۇشى ئاچچىقلاپ قالماسلىقى تەلەب قىلىنىدۇ.

886. سوئال: مۇنازىرە ئەسنانىسىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار قايىسلار؟

جاۋاب: مۇنازىرە ئەسناسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ-ئەخلاقلارنىڭ بېشىدا تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپسىز مەنبەگە ئىتتىپاقلىشىش مەسىلىسى كېلىدۇ. بۇ دېگەنلىك مۇنازىرىنى باشلاشتىن ئاۋۋال، ئىختىلاپلاشقاندا مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن تەرەپلەر ئۆز ئارىسىدىكى ئەسلى مەنبەگە كېلىشىۋېلىش لازىم. ئەسلى مەنبە مۇنازىرە ماۋزۇسىنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ يا ئەقلىي قائىدىلەر ياكى نەقلىي مەنبەلەر بولىدۇ. ئاندىن مۇنازىرىنى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىلەردىن باشلاش لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مۇنازىرىدە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئاڭلاش، دىققەتنى شەخسنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى كۆز قاراشقا قارىتىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، مۇنازىرە ئەسناسىدا سىلىق سۆزلۈك بولۇش قاتارلىقلار مۇنازىرىدە بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.
بۇ ماۋزۇدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

887. سوئال: مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلاقلار قايىسلار؟

جاۋاب: مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، مۇنازىرە پايدىسىز قالىدۇ. شۇڭا مۇنازىرىدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئەدەپ-ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر: ئۇلاردىن بىرى، ھەقىقەت ئاچچىق بولسىمۇ ئۇ قايسى تەرەپتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قوبۇل قىلىش، قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىش، مۇنازىرىدە يېڭىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىك، يېڭىلگەن بولسا رەنجىپ قالماسلىق، مۇنازىرىدىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

# كەڭ قورساق بولۇش

888. سوئال: كەڭ قورساق بولۇش دېگەن قانداق خۇلق؟

جاۋاب: قەلبنىڭ كۆرەلمەسلىكتىن، ئاداۋەتتىن، دۈشمەنلىكتىن، ئۆچمەنلىكتىن ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەردىن ساغلام بولۇشى ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلاردۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى پاك، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ، باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ، ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. «بىر - بىرىڭلار بىلەن ئادەۋەت قىلىشماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، ئۆچمەنلىك قىلىشماڭلار، بىر - بىرىڭلارنى تەرك ئەتمەڭلار، ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر دىنى قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى توغرا ئەمەس»[1].

889. سوئال: مۇسۇلمان ئادەم قانداق بولىشى كېرەك؟

جاۋاب: ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتكە غەمكىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىغا خۇشال بولىدۇ، ئۇلارغا كەلگەن ئامەتلەرگە قىزغانمايدۇ، ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلگىلىك بەندىلىرى قىلغان، قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۇنۇ دۇئانى قىلىدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، بەندىلىرىڭگە مېھرىبانسەن﴾[2].

890. سوئال: ئىچى تارلىق دېگەن قانداق خۇلق؟

جاۋاب: ئىچى تارلىق ۋە كۆرەلمەسلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بويىچە، «كېسەللىك» تۇر. خۇددى مېكروبلار بەدەننى كاردىن چىقارغىنىدەك، ھەسەت ھەسەت قىلغۇچىنىڭ روھىنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ، چىرىتىدۇ. ھەسەت ھەسەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى پارچە زىيىنى ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەم روھىي جەھەتتىن ھەمىشە بىئاراملىقتا ئۆتىدۇ، كېيىنچە، بۇ بىئاراملىق ئۇنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ —

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ھەشر سۈرىسى 10 - ئايەت.

دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى مەنىۋى كېسەللىك ماددىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرى شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىدۇ.

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

اصبِرْ علـى كيـد الحُسـو          د فَـإنَّ صـبْرك قاتلُـه
النـارُ تأكُـلُ نفسـها          انْ لَـمْ تجِـدْ مـا تأكُلُـه

تەرجىمىسى:

سەۋىر قىلغىن ھەسەت قىلسا، سەۋرىڭ ئۇنى ئۆلتۈرەر،
تۈگىگەندە يېقىلغۇ، ئۇتمۇ ئۆزىن كۆيدۈرەر.

بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، ئۆزىدىن باشقىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئۆزلىرىدىن چىققان ئىقتدارلىق كىشىلەرنى قوللىمايدىغان مىللەت يېتەكچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بېشىغا كەلگەن كاۋلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداقلارنىڭ قۇربانىمىز.

# ئەپۇچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

891. سوئال: ئىنسانلارنىڭ ئەپۇچانلىقتىكى مەرتىبىسى قانداق؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىتتىكلىك، ئېغىر - بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق خىسلەتلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋىتى بار.

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولىدۇ. ئەپۇچان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ.

892. سوئال: غەزەبنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

جاۋاب: غەزەب ئادەم ئەۋلادى قەلبىدە يانغان چوغدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گۈرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈرۈپ كەتكەنلىكى غەزەبنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى بولۇپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئورنىدىن قوزغالماسلىق، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىشتۇر. غەزەبنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم خۇدىنى بىلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر غەزەبلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تىرىكىپ يۈرىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناپ تىللايدۇ، قارغايدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانى گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدىغان قىلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مۆمىن ئادەم كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ھاياسىزلىق قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ. ئادەتتە ئىشىك ئېچىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

تىللايدۇ، قولىدا تۇرمىغان سايماننى سۇندۇرۇپ قويىدۇ، ئۈركىگەن ھايۋاننى قارغايدۇ. غەزەبنىڭ زىيىنى تولا، ئاقىۋىتى خەتەرلىك. شۇڭا غەزىپى قوزغالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىنسان باتۇر ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن «سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچكىم ئۇنى يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «غەزەبلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر»[1] دەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، غەزىپىنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئېغىزىغا قانچە ئىگە بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ كىشىلەر ۋە ئاللاھ نەزەرىدىكى ھۆرمىتى يۇقىرى بولىدۇ[2].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئۇلۇغ ئۇستاز مۇھەممەد غېزالىينىڭ «خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئىناقلىق

893. سوئال: ئىناقلىقنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەر بىلەن، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمىشە ئىناق ۋە ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان: ﴿ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار ۋە ئايرىلماڭلار﴾[1] دەپ تەلىم بېرىدۇ. دۇنيادا كىشىلەرنى بىرلىككە، ئىناقلىققا چاقىرمايدىغان بىرەر دىن ياكى پەلسەپە تېپىلمايدۇ. ھەر كىم «بىرلىك كۈچ، ئىناقلىقتىن قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزمۇ: «بىرلەشكەن ئۇزار، ئايرىلغان تۇزار» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۆتمۈشلەردە بىز بىرلىكتە، ئىناقلىقتا باشقىلارغا ئۈلگە ياراتقان خەلقمىز. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر» يەنى «ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن» دەپ ئاتالغان ئىكەنمىز. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇ نامغا لايىق بولماي تۇرماقتا.

894. سوئال: بىزگە ئۈلگە بولىدىغان ئىناقلىق ئابىدىلىرى كىملەر؟

جاۋاب: ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن خەزرەج، ئەۋس دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يىللار، ھەتتا ئەسىرلەر بويى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشكەن مەدىنىلىكلەرنىڭ ۋەھيىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ قالىداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە يەرشارىدىكى بارچە مىللەتلەر ئۈچۈن ئىناقلىقتا ئۈلگە بولغانلىقى تارىخ قەتئىي ئۇنۇتمايدىغان مەشھۇر بىر ۋەقەلىكتۇر. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزئارا بىرلەشكەندىن باشقا، مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلار بىلەن خۇددى نەسەبتىكى قېرىنداشلاردەك ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تەڭدىن بۆلۈشىدۇ، ھەتتا كۆپ ئاياللىرى بولغانلار مەككىدىن كەلگەن بويتاق مۇھاجىرلارغا ئاياللىرىدىن ئاجرىشىپ، ئىددەتلىرىنى توشقۇزۇپ ئۆيلەندۈرۈپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار شۇنداق بىرلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىششى نەتىجىسىدە، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپ، ئاخىرى ئۈچ قىتئەنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولغان.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 103-ئايەت

## ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆمۈرنى قەدىرلىگەنلىكتۇر

895. سوئال: ۋاقىتنىڭ قىممىتى نېمە؟

جاۋاب: قولدىن كەتكەن كۆپ نەرسىلەر نەرسىلەر قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن ئېچىنىشقا بولىدىكى، ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

896. سوئال: ئەقىللىق كىشىلەر ۋاقىتنى قانداق قەدىرلەيدۇ؟

جاۋاب: ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ھەر نەرسىسىدۇر. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسان تىنىمسىز ھالدا ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. يەلەكنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى ئۇزۇن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر تاڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولىۋاتقاندەك سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىق ئەمەسمۇ؟!

897. سوئال: مۇسۇلمانلار ۋاقىتنى قانداق قەدىرلىشى كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى ئۇ كېسىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل-مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن»[2].

قىسقىسى، كۆزلەر ۋاقىتنىڭ چەكلىك تەسىرىنى يۈزەكى كۆرۈشتىلا كۆرىدۇ. ئەمما

---

(1) بۇخارى رىۋاسيىتى
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئاخىرى ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىنسانلىق بۇرچىنى جايىدا ئورۇنداپ ، نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر.

## ئالىي ھىممەت ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئەھمىيىتى

898. سوئال: ھىممەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى نىمە؟

جاۋاب: ھەرقانداق بىر مەقسەت ياكى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھىممەتلىك بولۇش شەرت. ھىممەت سۆزى بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھىممەت ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ھىممەت ئۇستۇنلۇك ياكى تۆۋەنلىك بىلەن تەرىپلىنىدۇ. كىشىلەر ھىممەت جەھەتتە بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ھىممىتى ئالىي بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھىممىتى تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەنلىكتىن ئەڭ ئاددى دەرىجىلەرگىچە چۈشۈپ قالىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پەقەت تىلى بىلەنلا ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلاردا شۇ غايىلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھىممەت بولمايدۇ. مۇنداقلا مەغرۇرلاردۇر.

**وما نيل المطالب بالتمني ولكن يؤخذ الدنيا غلاباً**

تەرجىمىسى:

ئەمەلسىز ئارزۇ بىلەنلا غايىگە يېتىلمەس،
ۋەلېكىن دۇنيامۇ مېھنەتسىز كەلمەس.

899. سوئال: قانداق قىلغاندا ئالىي ھىممەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئالىي ھىممەتلىك ۋە غايىلىك بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى كۈرەش، تىرىشچانلىق، قىلماقچى بولغان ئىشقا چىن ئىخلاس باغلاش، تارىخلاردا نەتىجە ياراتقان ئۇلگىلىك كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىش، ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، كۆڭۈلۈك ئىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش، تاكامۇللۇققا قاراپ ھارماستىن ئىلگىرىلەش، ھىممەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىنى كۈتمەيدۇ ۋە بۈگۈننى غەنىمەت بىلىدۇ، ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەرتلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق ئالتۇن دەپ بىلىدۇ، ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.

900. سوئال: ھىممەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى نىمە؟

جاۋاب: ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر كۆز يەتمىگەن

مەنــزىللەرگە ئۆزلىرىــدىكى ئــالىي ھىممەتنىــڭ شــاراپىتى بىــلەن يەتكەنلىــگە تــارىخ گۇۋاھتۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق. ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىش شۇ غايىنى ئۆزلىرىگە نىشان قىلغان زەنجىرسىمان بىرقانچە ئەۋلادقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇغايىنى يىگىرمە ئەسىردىن ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالىدى.

## ھىممەتنى كۆتۈرۈشنىڭ چارىلىرى

901. سوئال: ھىممەتنى كۆتۈرۈشنىڭ چارىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كىشىلەرنىڭ ئالىي ھىممەتلىك بولۇشى شەرىئەت ۋە ئەقىل ھەر ئىككى تەرەپتىن تەلەپ قىلىنىدىغان بىر ئىش. تۆۋەندىكىلەر ھىممەتنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

(1) كۆرەش ۋە تىرىشچانلىق.

ھاياتلىق ئىمان ۋە كۆرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، كۆرەش قىلماستىن نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. «بىز ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»[1].

(2) چىن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۆلىنىش ۋە يېلىنىش. ئالىي ھىممەتمۇ بىر كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ سورالماستىن بېرىلمەيدۇ.

(3) ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق نوقتىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

(4) كاتتىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىش.

(5) ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش.

(6) كۆڭۈلدىكى ئىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش.

(7) ھىممەتنى كۆتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن رىقابەتلىشىش.

(8) تاكامۇللۇققا قاراپ ھارماستىن ئىلگىرىلەش.

---

(1) ئەنكەبۇت 69- ئايەت

(9) ھەممەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇش.

**ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى**

902. سوئال: ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىگە باقمايدۇ ۋە بۈگۈننىلا ئويلايدۇ.

(2) ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

(3) كىشىلەرگە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇمۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

(4) قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ئالىي ھىممەتلىك بولىدۇ.

(5) ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەرتلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق ئالتۇن دەپ بىلىدۇ.

(6) ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.

# ئۈمىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى رولى

ئۈمىد ـ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ئىشتا، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئەڭ ئاۋۋال خورلۇقنى ئەزىزلىققا، پېقىرلىقنى بايلىققا، ئاجىزلىقنى قۇدرەتكە، قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا، قۇللۇقنى ھۆرلۈككە ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك، چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قولدىشىدۇر. ئىمان بولغان قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. تارىخلار گۇۋاھكى، ئۈمىد كىشىلەرنى كۆز يەتمىگەن ئارمانلارغا ئېرىشتۈرگەن.

903. سوئال: ئۈمىدنىڭ ھاياتىمىزدىكى رولى نېمە؟

جاۋاب: ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى، كەشپىياتلارنىڭ ئېچىلىشى، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاسارەتتىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ئۈچۈنمۇ ئۈمىدنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەگەر ئالىملار ۋە كەشپىياتچىلار ئۆز زامانلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە كۆپايە قىلىپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئىزدەنمىگەن ۋە ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغان، مەجھۇللار يېشىلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە يېڭىلىقلار ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى. ئىنسانلار زامانىمىزدىكىدەك، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بولار ئىدى.

904. سوئال: ئۈمىدسىزلىكنىڭ زىيىنى نېمە؟

جاۋاب: خۇددى ئۈمىد ئىماننىڭ قولدىشى بولغىنىدەك، ئۈمىدسىزلىك كۇپرىلىقنىڭ جورىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىزمۇ: «ئۈمىدسىز ـــ شەيتان» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۈمىدسىزلىك بىلەن، كۇپرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن سەۋەبچىدۇر. ئۈمىدسىزلىك كۇپرىلىقنى كەلتۈرىدۇ، كۇپرىلىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ»[1] دەيدۇ.

905. سوئال: ئۈمىدنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى مىساللىرى قايسىلار؟

---

(1) يۇسۇف سۈرىسى87ـ ئايەت

جاۋاب: بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان مىساللار كۆپ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا قازىنىش ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، ئۇ، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب، دەپتەر، قەلەم، مەكتەب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچە قىلسىمۇ بەرىبىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قىلىنغان نەسىھەت، تەربىيە، مۇناسىپ مۇھىت، ئالاھىدە خۇسۇسى دەرسلەر ۋە باشقىلارنىڭ ھېچبىرى كار قىلمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە بولغان ئۈمىدى قايتىدىن تۇغۇلغاندىلا، دەرسكە كىرىشەلەيدۇ. شىپا تېپىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كېسەلمۇ شۇنداقتۇر.

شۇنىڭدەك، ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشتىن ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقتىدا، يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زۇلمەت كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا سەۋەبلەر تۈگىگەن، چارە قالمىغان، ئۆزى بولسا تۈگەشكەن بولۇپ ھېس قىلىنىدۇ.

# پاكىزلىق

906. سوئال: ئىسلام دىنى پاكىزلىق ۋە تازىلىققا قانداق ئەھمىيەت بەرگەن؟

جاۋاب: پاكىزلىق ۋە تازىلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1]، دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار 6ـ ئەسىردىن بىرى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ھەر ۋاقىت تازىلىق قىلىپ، پاكىز، ئېسىل، خۇشپۇراق يۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

907. سوئال: پاكىزلىق ۋە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرۇشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، روھى، دىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر باردۇر. قىسقىسى، بەدىنىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەندىكى يىقىمسىز ھىدلار يوقىلىدۇ، ۋۇجۇدنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچانلىقى ئاشقان ئادەم مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى روھلۇق، جوشقۇنلۇق بىلەن كامىل ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا پاكىزلىق تەرەپتىن باغلىنىش بولۇپ، بەدەن كىرلەشكەن ۋاقىتتا روھ چۈشكۈنلىشىدۇ، بەدەن پاكىز، تازە بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ.

908. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تازىلىققا قانداق ئەھمىيەت بەرگەن؟

جاۋاب: ئەرەبىستاندا ھازىرمۇ سۇ قىس، بۇجايىنىڭ مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىغا قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبىستاننىڭ سۇ قىس، قورغاقچىلىق چۆللىرىدە، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قوللارنى يۇيۇشقا، كۈندە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، قول ـ پۇتلارنى، يۈزنى، گاھ پۇتۇن بەدەننى يۇيۇشقا، جۈمە، ھېيت ۋە مېيت نامازلىرىغا، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە، توي ـ تۆكۈنلەرگە ۋە نەزىر ـ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

چىراغلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشپۇراق بۇيۇملىرىنى ئۆزىگە، كىيىمگە چېچىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۆگەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر مەدەنىيەتلىك ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

### ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىق ئادەتلىرى

909. سوئال: ئۇيغۇرلاردا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش قايسى دەرىجىدە؟

جاۋاب: بىز ئۇيغۇرلاردا:" تەن ساقلىق ــزور بايلىق، ساغلام تەندە ساپ ئەقىل" دەيدىغان ئەقلىيەت سۆزلەر بار. بۇ سۆز جەۋھەرلىرىنىڭ بىباھا قىممىتى ۋە ئىلمىي ئاساسىي بار. چۈنكى تەن ساغلام بولغاندىلا ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغىلى بولىدۇ. پاكلىق ۋە پاكىزلىققا ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىش ــساغلام بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تازىلىققا رىئايە قىلىشنى ئادەت قىلغاندىلا ساغلام، زېرەك، چېچەن ۋە قاۋۇل بولغىلى بولىدۇ.

910. سوئال: بىر مىللەت ئۈچۈن تازىلىق پاكىزلىقنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ــ بىرمىللەتنىڭ ساپاسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىسىل پەزىلىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسىدۇر. مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تازىلىق ئادىتىنى ئەڭ ئاۋۋال يېتىلدۈرگەن خەلقتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم:﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

911. سوئال: ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزلىق تەرەپتىن ئۆزگىچىلىكى قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتلىك مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك بارچە گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان خەلق. ئۇلارنىڭ باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار مۇھىت تازىلىقىغا، جۈملىدىن ھويلا-ئارام، مەسچىت، ساراي، ئۆي-ماكانلارنىڭ تازىلىقىغا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئانا ۋەتەنىدىكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلاردا بۇ ئادەتنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار مۇھىت تازىلىقىنى مىللىي ئەنئەنە ۋە دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا «كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى ۋە سايىدايدىغان ئورۇنلىرىنى پاسكىنا قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان بۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى222-ئايەت

ئىككى قىلىقتىن ساقلىنىڭلار» دەپ تەلىم بەرگەن.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئورمان ئۆستۈرۈپ، باغۋاران بىنا قىلىپ، گۈل-گىياھ تېرىپ مۇھىتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەلقىمىزدىمۇ" بىغى يوقنىڭ نېنى يوق"دەيدىغان ماقال بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بىر مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى هايۋانلار يېسە ئۇ كىشى ئۇچۇن سەدىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەن.

ئۈچىنچىدىن، هويلا ئاراملارغا سۇ سېپىپ پاكىز سۈپۈرۈش ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ هەر كۈنلۈك سەهەر تۇرۇپ پۈتتۈرىدىغان بىرىنچى ئىشى. ئۇيغۇرلار ئەتىگەنلىك نامازدىن پارىغ بولغاندا، باللارنى تۇرغۇزۇپ، كىيىندۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى پاك پاكىز تازىلاپ بولۇپ، ئاندىن ناشتا قىلىدۇ. ئەخلەتنى، يۇندىنى هەرگىز يول بويلىرىغا، سۇ قانالىرىغا تۆكمەيدۇ. شۇنداقلا يولدىكى توسقۇنلارنى ئېلىۋېتىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىقلارنى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ بىلىدۇ. زىرائەتلەرنى، گۈل-گىياهلارنى نابۇت قىلمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇرلار شەخسىي تازىلىققا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىدۇ. ناماز مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى بولۇپ، پاكلىق، پاكىزلىق ۋە تاهارەت بولمىسا ناماز قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار شەخسىي تازىلىقنى قانداق شارائىتتا بولمىسۇن هەر دائىم ئۆز ۋاقتىدا سائىتىدە مۇنتىزىم ئورۇندايدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىكى بۇخىل مۇنتىزىم شەخسىي تازىلىقنى باشقا هېچقانداق بىر مىللەتتە كۆرگىلى بولمايدۇ.

بەشىنچىدىن، ئومۇمىي ئۇيغۇرلار يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاهىدە زور ئەهمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار يېمەك-ئىچمەكتىكى هالال-هارام مەسىلىسىگە ناهايىتى بەك ئەهمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار هالال ئوزۇقلۇقلارنى يېيىشكە ۋە هارامنى يېمەسلىككە بۇيرۇلغان. ئۇيغۇرلاردىن دىنى ئىنتايىن سۇس، هەتتا كوممۇنىست بولۇپ كەتكەنلىرىنىڭمۇ چوشقا گۆشىنى يېمەسلىكى بۇنىڭ مىسالى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىگە ئايلاندۇرىۋەتكەن بىر خەلق.

## مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىت ئاسراش مەدەنىيىتى

912. سوئال: ئىسلام دىنى مۇھىت ئاسراشقا قانداق ئەھمىيەت بەرگەن؟
جاۋاب: ئىسلام دىنى مۇھىتنى ئاسراش ۋە تەبىئەتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا ئەڭ زور ئەھمىيەت بەرگەن بىر ئۇلۇغ دىن. بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن تەلىماتلىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھىتنى ئاسرايتتى، تەبىئەتنى سۆيەتتى. ئىسلام قوشۇنلىرىنى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىش ئالدىدا ھەمىشە ئۇلارغا، دەل-دەرەخلەرنى كەسمەسلىككە، ئۇسۇملۇكلەرنى يۇلماسلىققا ۋە زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى.
مۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغانلارنى مەككىنىڭ دەل-دەرەخلىرىنى سۇندۇرۇشتىن، گۈل-گىياھلىرىنى ئۈزۈشتىن ۋە ھەر قانداق بىر ئۇسۇملۇكنى يۇلۇشتىن مەنئى قىلىنغانلىقىنىمۇ مۇھىت ئاسراشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.
913. سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتكە قارىتا بۇرچى قايسى؟
جاۋاب: تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچى تەبىئەتتىن يوللۇق ھالدا پايدىلىنىش، ئۇنى بۇلغىنىشتىن، كىرلىنىشتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

### ئۇيغۇرلاردىكى مۇھىت ئاسراش مەدەنىيىتى

914. سوئال: ئۇيغۇرلاردا مۇھىت ئاسراش قايسى دەرىجىدە بولغان؟
جاۋاب: ئۇيغۇرلار قەدىمقى چاغلاردىن باشلاپ مۇھىتنى ئاسراش ۋە تازىلىققا رىئايە قىلىشتا دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا بولۇپ كەلگەن بىر مىللەت. ئۇلار تەبىئەت قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ياپ-يېشىل، باغۇ-بوستانلىق ۋە بەكمۇ چىرايلىق بولغاچقا، تارىختىن بىرى ھەركىمنىڭ زوقىنى قوزغاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى بار بولغان ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان«ياش نوتا كۆچەتنى كەسسە ياكى ئۇششتىۋەتسە، شۇ ئادەم ياش ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە خەلق تەمسىلىنى پاساھەتلىك ئىلمىي يەكۈن دېيىشكە بولىدۇ.

915. سوئال: مۇھىتنى ئاسراش ساۋابلىق ئىشمۇ؟

جاۋاب: دىنىمىزدا تەبىئەتنى بۇلغاش، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇش، دەرەخ ـ ئورمانلارنى نابۇت قىلىش گۇناھ ھېسابلانغىنىدەك، دەرەخ تىكىش، مۇھىتنى يېشىللىقلار بىلەن زىننەتلەش ساۋابلىق ئەمەلدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قانداقلا بىر كىشى بىرەر دەرەخ تىكسە، ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار ياكى ئۇچار قۇشلار ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېسە، ئۇنى تىككەن كىشىگە سەدىقىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

## ئىخلاس گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر

916. سوئال: ئىخلاسنىڭ ھەقىقىتى نىمە؟

جاۋاب: ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىخلاس توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندا، نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي، مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بىراۋنىڭ ئىخلاسنى قازانماق ھەقىقەتەن مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل - ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

917. سوئال: ئىخلاس ھەممە ئىشتا تەلەب قىلىنامدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇشتا، روزا تۇتۇشتا، زاكات بېرىشتە، ھەج قىلىشتا، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش لازىم. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەممىمىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي خالىس مۇھەببەتكە ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ، چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بالىلىرىدىن بىرەر مۇكاپات ياكى سوۋغا - سالام تەمە قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

918. سوئال: ئىبادەتلەردىكى ئىخلاسنىڭ رولى نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى

كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. زادى ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلولاپ ھەتتا تونىنلاپ، ئالتۇن گراملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

## كەمتەرلىك

919. سوئال: كەمتەرلىك دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: كەمتەرلىك ــ ھەقىقەت قانداقلا بىر كىشى تەرىپىدە بولسا، چوڭلۇق قىلماي ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە كەمتەرلىك، مېھرى - مۇھەببەت ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. كەمتەرلىكنىڭ ئەكسى كىبىر (ئۆزىنى چوڭ ساناش)تۇر.

بۇ تەرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىبىر ــ ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جۈملىلىك ئىخچام سۆز بىلەن ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ مەنىنى ئىپادىلەشتۈرۈپ بەرگەن.

920. سوئال: ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: ئۆزىنىڭ نەزىرىدە، يۈز - ئابرۇيدا ياكى بايلىقتا ياكى مەنسەپتە ياكى ھۆرمەتتە ياكى نەسەبتە تۆۋەن سانالغان ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ھەق سۆزىنى ياكى ئۇنىڭدىكى ھەققانىي تەرەپلەرنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر.

921. سوئال: كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: پېقىرلارنىڭ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۆزىنى ئۇلارغا تەڭ قىلمىغانلىقتىن غادىيىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۇلارغا سۆز قىلىشتىن قىسىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خوش ياقمىغان قىياپەتتە ئاڭلاش ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە سالام قىلماسلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي ھەققىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇلارنى ئازارلىغانلىق ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقانلىقتۇر.

ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان، ھەتتا دىنسىزلارمۇ رەت قىلالمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم سۆيۈملۈك ھەقلىق بولمايدۇ، بىر كۈنى ئۇ چوقۇم خار بولماي قالمايدۇ!

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ھەر زامان چۆكتۈرۈپ، كەمتەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ شەنىنى ھەر زامان كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۆزىنى يەر يۈزىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان پىرئەۋن، بايلىقىغا ئىشىنىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان قارۇن، مەنسىپىگە ئىشىنىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققان ئەبۇ جەھىل قاتارلىق زالىملارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ھوقۇقتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۇنى تالاشقانلار ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازابلار بىلەن جازالىنىپ كەلمەكتە.

922. سوئال: ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ ئەڭ چوڭ خەتىرى قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «چوڭلۇق بىلەن ئىززەت مېنىڭ كىيىملىرىم. بۇ ئىككىسىنى مەندىن تالاشقانلارنى چوقۇم جازالايمەن»[2].

قۇرئان كەرىم لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى بايان قىلغان. لۇقمان ھەكىم مۇنداق دېگەن: ﴿كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىكتىن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[3].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆرنەكلەر

ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھايات شېرىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[4] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى بىلىدىغان ساھابىلەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى تەرەپ قولىنى تارتمىغىچە، ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەيتتى، بىراۋغا سالام قىلسا تەبەسسۇم بىلەن تولۇق سالام قىلاتتى، قارشى تەرەپ يۈزىنى چۆرۈمىگىچە، يۈزىنى

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) لۇقمان سۈرىسى18ـ ئايەت.
(4) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

باشقا ياققا چۆرۈمەيتتى، قانداقلا بىر ئولتۇرۇشلاردا، ھەرگىز تۆرگە چىقمايتتى، بەلكى قەيەردە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى، ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى، پېقىرلارنى يوقلاپ، ھال - ئەھۋالنى سوراپ تۇراتتى، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى»[1].

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش ئالدىدا تارتىنغانلىقتىن، تەمتىرەپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تەمتىرىمە! مەن پادىشاھ ئەمەسمەن، پەقەت مەككىدە قۇرۇتۇلغان گۆشنى يەپ ھايات كەچۈرىدىغان بىر ئايالنىڭ بالىسىمەن»[2] دېگەن.

بىراۋ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كىرگىنىدە، سىزنىڭ ئاز - تولا مەنسىپىڭىز ياكى ئىلمىڭىز ياكى خەلقنىڭ نەزىرىدىكى يۈز - ئابرويىڭىز سەۋەبلىك سىزدىن تارتىنىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا «مەن ئاددىي بىر دېھقاننىڭ بالىسىمەن» ياكى «ئاددى بىر ھۈنەرۋەننىڭ ياكى ئاددى بىر ئىشچىنىڭ بالىسىمەن» دەپ ئېيتىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەمتەرلىكنى ئۆگىنىشىڭلار!

923. سوئال: چىرايلىق كىيىنىش ئۆزىنى چوڭ سانىغانلىق بولامدۇ؟

جاۋاب: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «يا رەسۇلەللاھ! مەن كىيىمىمنىڭ چىرايلىق، ئايىغىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. بۇ كىبىردىن سانىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن.

924. سوئال: ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان كىيىنىش قايسى؟

جاۋاب: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياقتۇرمايدىغان كىيىنىش تەكەببۇرلۇقنىڭ كىيىمى بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان كىيىملەردۇر. ئەرەبلەردە، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلار كىيىمنى ناھايىتى ئۇزۇن كىيىدىغان بولۇپ، يەرگە تېگىپ تۇراتتى. ئىسلام شەرىئىتىدە، شىمنى ئوشۇقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

925. سوئال: كەمتەرلىكنىڭ چېكى بارمۇ؟

جاۋاب: ئادەم كەمتەرلىك قىلىدىم دەپ ئۆزىنى كىشىلەرگە خور كۆرسىتىش،

---

(1) مۆمىننىڭ ئەخلاقى 65-بەت.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

كىيىمنى، چاچ - ساقلىنى تۈزەپ، پاكىز، چىرايلىق يۈرۈشىنىڭ ئورنىغا پاسكىنا ۋە كىر كىيىملەر بىلەن يۈرۈش، قولىدا بار تۇرۇپ چىرايلىق كىيىنمەسلىك ھەرگىزمۇ كەمتەرلىكتىن سانالمايدۇ. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ بىر چەك - چېگرىسى بولغىنىدەك، كەمتەرلىكنىڭمۇ چەك - چېگرىسى بار. ئۆزىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن كەمتەرلىك سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا، ئۇ كىشى يا كەمتەرلىكنى تەرك ئېتىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ياكى كەمتەرلىكنى ئاشۇرۇۋېتىپ ئۆزىنى خور ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا يول تۇتىدۇ. ھەر ئىككى ھالەت سۆيۈلمەيدۇ. شۇڭا كەمتەرلىك ئۆزىنىڭ چەك - چېگرىسى ئىچىدە بولۇشى لازىم.

## پىداكارلىق

926. سوئال: پىداكارلىقنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەھمىيىتى نىمە؟

جاۋاب: دۇنيادا، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزىلا پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە مال - دۇنيا يىغىشنى كۆزلەيدۇ. ئىنسانلار تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلمەستىن، مۇشۇ تەبىئىتى بويىچە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋىجدانىغا ھاكىم بولغان، ئەقلى نەپسى ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغان، ئېلىشنى بىلىدىغان، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ھەر ئىشتا پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئازراق پىداكارلىق قىلىشنىمۇ ياقتۇرمايدىغان، ھەمىشە «مەن، مەن» دەيدىغان، «بىز» دېمەيدىغان، ھېچبىر زامان «ۋەتىنىم، خەلقىم» دېيىشنى بىلمەيدىغان بېخىل، شەخسىيەتچى ئىنسانلار بىلەن تولغان بولاتتى. ئىلىم - پەن مەيدانىغا كەلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى.

شۇڭا ساماۋىي دىنلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى، ئەخلاق ۋە سۇلۇكلىرىدىكى قىڭغىرلىقلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىشنى بىلىدىغان، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياشايدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىم دەپ تونۇيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنى ئېلىپ كەلگەن.

927. سوئال: مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشىدا پىداكارلىقنىڭ رولى نىمە؟

جاۋاب: جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە دۇنيا بىلەن پۇتلىشىپ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى يولىدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ پىداكارلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر مىللەت قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان، بارلىقىنى خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتايدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن كېچەلەيدىغان، مال - دۇنياسىنى پىدا قىلالايدىغان، زۆرۈر كەلسە جېنىنى بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، ئىرادىلىك، پىداكار شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا موھتاجدۇر.

928. سوئال: پىداكار شەخسلەر نەدە يېتىشىپ چىقىدۇ؟

جاۋاب: بۇنداق ئالىيجاناب، پىداكار شەخسلەرنى ھازىر نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ؟ بۇنداق شەخسلەرنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرغان «ئىمان» ناملىق ئالىي مەكتەپتىن تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىمان ئۆز ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناپ شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە ھازىرمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا قادىردۇر. ئىمان ئەنە ئاشۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن مۆمىن كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا سەرپ قىلغان مال ـ دۇنياسىغا، ئەقىل ـ پاراستىگە، جاپا ـ مۇشەققىتىگە، ئىلىم ـ ماھارىتىگە ۋە مۇندىن باشقا ئاللاھ يولىدا ئاتىغان ھەر نەرسىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ بىرگە 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. قۇرئان كەرىم ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىكىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100دىن دان تۈتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ كۆپ بېرىدۇ﴾[1].

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 261ـ ئايەت.

## مەردلىك ۋە بېخىللىق

929. سوئال: مەردلىك بىلەن بېخىللىق قانداق خۇلق؟

جاۋاب: دۇنيادا مەردلىك بىلەن سېخىلىقنى ماختىمايدىغان بىرەر مىللەت، بىرەر دىن ۋە بىرەر پەلسەپە بولمىسا كېرەك. مەردلىك بىلەن سېخىلىق ماختاشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق بىلەن نامەردلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان ناچار خۇلۇقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بېخىللىق بىلەن نامەردلىك سۆكۈلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، ئۇ دوزاخقا تاشلانغاندا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾[1].

ئەمما مەردلىك بىلەن سېخىلىققا كەلسەك، قۇرئان كەرىم بۇ گۈزەل ئەخلاقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ بىردىنبىر سۈپىتى بولغان ھالدا، قۇرئاننىڭ بېشىدىلا ماختايدۇ: ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ..﴾[2].

930. سوئال: دۇنيادا سېخىيلىق ئابىدىسى كىم؟

جاۋاب: ئەرەبلەردە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتكەن ھاتەم تائى دېگەن بىر ئادەم مەردلىك ۋە سېخىلىقنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شائىرلاردىن باشلاپ تاھازىرغىچە ھەرقانداق بىر شائىر شېئىرلىرىدا ھاتەمنى سېخىلىق بىلەن مەردلىكنىڭ ئابىدىسى قىلىپ ماختايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ھېكايە، چۆچەكلەردىمۇ ھاتەم مەردلىك بىلەن سېخىلىقنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇلغان.

931. سوئال: دۇنيادا بېخىللىق ئۈلگىسى كىم؟

جاۋاب: ھاتەمنىڭ ئەكسىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قارۇن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، قارۇن بېخىللىق بىلەن نامەردلىكنىڭ بىردىنبىر ئوبرازى بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى بارلىق ساماۋىي دىنلاردا ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە قارۇن

---

(1) لەيل سۈرىسى 8 ـ12 ـ ئايەتلىرى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ئوبرازى لەنەتكار بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىپتىلىشىلارغا ئاساسلانغاندا، قارۇن ئىنتايىن چوڭ باي ئىكەن، ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى 40 تۆگە ئاران كۆتۈرىدىكەن. قۇرئان كەرىم بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەتكىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: ‹كۆرەڭلەپ كەتمە، كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ئاللاھ زادى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئونۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ئاللاھ (نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، (بېخىللىق قىلىپ) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى زادى ياقتۇرمايدۇ› قارۇن: ‹مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم› دېدى﴾[1].

ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، قارۇن مال ـ دۇنياسىدىن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە چىقىم قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ مال ـ دۇنيالىرى بىلەن بىرگە يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ. ﴿قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسۇۋالالايدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى﴾[2].

بۇ باشقا ساماۋى دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان مەشھۇر ھادىسىدۇر.

932. سوئال: بايلىق بىلەن مەڭگۈلۈك نام ـ نىشانە تىكلىگىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: دۇنيادا تونىنلاپ ئالتۇن ۋە مىليارتلاپ دوللەر يىغقان مىلياردىرلارنىڭ نام ـ نىشانىسى قالماستىن، ئازراق بايلىقى بولسىمۇ شۇ بايلىقىدىن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېھىياجلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلغان جان كۆيەرلەرنىڭ نام ـ شۆھرىتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئېلىپ، تىللاردا مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە.

دۇنيادا ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نام ـ نىشانىسىنىڭ ياخشى ئاتاق بىلەن قېلىشىنى، خۇددى ھاتەمدەك، مەردلىك بىلەن سېخىلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تىللىرىدا ماختىنىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىمۇ شان ـ شەرەپلىك بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك، دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ نام ـ

(1) قەسەس سۈرىسى 76 ـ 77 ـ 78 ـ ئايەتلەر.

(2) قەسەس سۈرىسى 81 ـ ئايەت.

نىشانىسىنىڭ قارۇندەك بېخىللىقتا ۋە نامەردلىككە مىسال بولۇپ قېلىشىنى ۋە خەلقنىڭ ئېغىزىدا لەنەتكار بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ.

933. سوئال: مەرد بايلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى نېمە؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ ـ مەرد بايلارنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ، دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆتۈرۈلۈشىدىمۇ شۇ دۆلەتتىكى بايلار ئالاھىدە سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بايلىرىڭلار بېخىللىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، سىلەرگە يەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. مۇندىن باشقا، دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە كەشپىياتلار ئەڭ ئاۋۋال بايلارنىڭ قوللىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن سېخىلەرچە ياردەم قىلىشى سايىسىدا ئۆز مېۋىلىرىنى بېرىپ كەلمەكتە. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتلەرگە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇ ئىلىمنى ئېلىش ۋە بېرىش ئىشلىرى ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىقتۇر. كۆپ ھاللاردا بىلىم بىلەن بايلىق بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇل ـ مېلى بىلەن جەمئىيەتكە، مىللەتكە خىزمەت قىلىدۇ.

934. سوئال: ئاللاھ بايلىقنى نېمە مەقسەت بىلەن بېرىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بىرەر ئادەمگە بايلىق ئاتا قىلسا ئۇنى ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن؛ يەنە بىرى، ئۇنى سىناش يەنى بۇ بايلىقنى ئۆز يولىدا قوللىنامدۇ ياكى بېخىللىق قىلىپ بېسىپ ياتامدۇ، دەپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە: ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر﴾[1] دەيدۇ. مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىپ: ﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: ‹پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەردىن سەرپ قىلىڭلار﴾[2] دەپ بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەمەلگە چىقىشىغا ۋەسىلە بولىدىغان مال ـ دۇنيانىڭ، ئۇنى ئۆز يولىدا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ياخشى ئادەم ئۈچۈن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتلەرنىڭ ۋاستىسى بولىدىغانلىقىنى ئىخچاملا مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئادەمنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا نېمىدېگەن

---

(1) ئەنفال سۈرىسى28-ئايەت

(2) مۇنافىقۇن سۈرىسى10-ئايەت

ياخشى».

935. سوئال: بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق مال ـ دۇنياسىغا بېخىللىق قىلغانلىقتىن، جېنىدىن، نومۇسىدىن، ھەتتا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن بىر خەلقنىڭ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ۋەتىنى ئۈچۈن پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ ئۇنىڭ يولىدا جېنىنى بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ـ تارىخنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تارىخنىڭ يەكۈنى.

936. سوئال: بېخىللارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ ئاتالا بېخىللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئىخچام بايان قىلىپ: ﴿كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ﴾[1] دېگەن. بۇ ھەقىقەت ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلام تارىخلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان باغداتنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىسلام خەلىپىسى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ يولدىن ئېزىپ چىرىكلەشكەن باغدات پادىشاھىنى تىرىك تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئېرىتىپ ئاغزىغا قۇيۇپ ئازاپلاش بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا چىڭگىزخان جاۋاب بېرىپ: «بۇ پادىشاھ شۇنچە كۆپ ئالتۇننى ئوردىسىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلاپ ياتماستىن، ئۇنى سەرپ قىلىپ ئەسكەر كۈچى تەييارلاپ بىزگە قارشى تۇرغان بولسا، بەلكى مەملىكىتىنى ساقلاپ قالغان بولار ئىدى. سىلەرنىڭ بېخىللىقىڭلار سەۋەبىدىن ئاللاھ مېنى سىلەرگە جازا ئورنىدا ئەۋەتتى» دەپتۇ.

937. سوئال: بېخىللىقنىڭ زىيىنى كىمگە بولىدۇ؟

جاۋاب: تارىخنىڭ يۇقىرىقى ئاچچىق ساۋاقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ بېخىللىق قىلغۇچىلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾[2] دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەزەلدىن تىرىشچانلىقتا، مەرد ۋە سېخىلىقتا ئۈلگىلىك بىر مىللەتمىز. بىزدىكى سېخىلىق، پىداكارلىق، مېھماندوستلۇق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشش روھىدىن ئىبارەت ئىسلامىي ئەخلاقىمىز ۋە

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەت.

(2) ئال ئىمران سۈرىسى180 ـ ئايەت

مىللىي ئەنئەنىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئاجىزلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقتىن، ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ بىغەم، ھېسسىياتسىز ياشايدىغان بولۇپ قالغانمىز. بۇرۇن ھاتەملەرنى تۇغقان ئۇيغۇر ئانىلىرى، ئەمدىلىكتە قارۇنلارنىلا تۇغمىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

# ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى

938. سوئال: مۇسۇلمانلاردىكى سالاملىشىش قانداق ئەنئەنە؟

جاۋاب: ئىنسانلاردا ئىككى كىشى ئۆز ئار ئۇچراشقىنىدا بىر ـ بىرىگە سالام بېرىش ئادىتى ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىلەردىن بولۇپ، سالاملىشىش بىز ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئەخلاق ۋە دىنىي قائىدە ـيوسۇن قاتارىدىن سانىلىدۇ. سالاملىشىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنى داۋام قىلدۇرۇش ۋە كۆڭۈللەرنى جەلپ قىلىشتا ئەڭ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر ئىشتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن سالاملىشىش ئادىتى ئۇلار بارلىققا كەلگەندىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلاردىكى ئۆز ئارا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مولدۇر.

939. سوئال: ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: بىز ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىش بەزىدە قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ. دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلار ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ. قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنى كۆكرەككە قويىدۇ. بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقىنى، چىن دىلىدىن ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر ئوڭ قولىنى بېرىپ كۆرۈشۈپ، سول قولىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ. بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋە سالاملاشقۇچىلارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

940. سوئال: سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى قانداق؟

جاۋاب: سالامنى ئاۋۋال باشلاش سۈننەت بولسا، ئۇنى قايتۇرۇش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئايەتتىكى، تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يەنى (ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ سالام بەرگەن كىشىگە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ يەنى (ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەنلىك: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام يەنى (سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتۇر.

سالام بەرگۈچى گەرچە يالغۇز بىرلا كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالىمنى قايتۇرۇشتا «ئەلەيكۇم»يەنى (سىلەرگە...)دېيىلىدۇ. چۈنكى قارشى تەرەپ «كۆپچىلىك»نىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە بىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

941. سوئال: مۇسۇلمانلاردا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىككى كىشى ئۇچراشقىنىدا بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشى دۇنيادا ھەركىم ياقتۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى 6 بولۇپ، ئۇلار: ئۇچراشقاندا سالام بېرىش، چاقىرسا بېرىش، نەسىھەت سورىسا نەسىھەت قىلىش، تۈشكۈرسە «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۆلۈپ كەتسە نامىزىغا بېرىش»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە بىر - بىرىڭلارنى سۆيىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاراڭلاردا سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[2].

942. سوئال: سالام بېرىشنىڭ تەرتىبى قانداق؟

جاۋاب: سالام بېرىشتە كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئازسانلىق كۆپ سانلىققا ۋە قاتناش ئۇستىدىكىلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىدۇ. شۇندىقلا سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ يەردىكىلەرگە، ئەرلەر ئاياللارغا، ئېرى ئايالىغا، مېھمان ساھىبخانغا سالام بېرىدۇ.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

## كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

943. سوئال: كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟
جاۋاب: كېسەللەرنى يوقلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاقىلارنىڭ قويۇقلىشىشىغا، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل. كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىش، يېتىملەرنىڭ باشلىرىنى سىلاشتەك ساۋابلىق ۋە ياخشى ئىشتۇر. بىر ھەدىستە: «ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار»[1] دەپ كەلگەن.
بېرە مۇسۇلمان كېسەلنى يوقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىدۇر.
944. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس كىسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقمۇ؟
جاۋاب: باشقا دىندا بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە يار ـ بۇرادەرلەردىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارنى باشقا دىندا دەپ قاراپ تاشلىۋەتمەستىن يوقلاش ياخشى ئىش بولۇپ سانىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي دىنىدىكى بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدە مۇسۇلمان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى، يەنە بىرى قوشنىدارلىق ھەققىدۇر. باشقا دىندىكى قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر ھەق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قوشنىدارلىق ھەققىدۇر. قوشنىدارلىق ھەققى ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭ ھەق بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىش مۇھىمدۇر. باشقا دىندا بولغان كېسەل قوشنىنى يوقلاشمۇ قوشنا ھەققىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ساۋابلىق ئىشتۇر.
945. سوئال: كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگەن ئادەم كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا كۆپ ئولتۇرماسلىقى، تولا گەپ سوراپ بىئارام قىلماسلىقى ۋە قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سورىماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن كېسەل بولغۇچىنىڭ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقنى سورايدۇ. كېسەل بولغۇچى كېسەلنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار: «پالانى ئادەم مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەندەك ئازاپلىق سۆزلەرنى كېسەلنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا روھىي ئازاب بولىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا، كېسەل ئادەمنىڭ يېنىدا مۇسىبەتلىك خەۋەرلەرنى ۋە ئېچىنىشلىق، پاجىئەلىك خەۋەرلەرنى ئېيتماسلىق لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدۇ.

## سورۇن ۋە سورۇنداشلادا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ ــ ئەخلاقلار

946. سوئال: ئامىۋى سورۇنلاردىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆزئارا بىر ــ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەم توپلىشىپ ياشاشقا موھتاج بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزگە سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ ــ ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ مۇجادىلە سۈرىسىدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: ‹ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار› دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى)كېڭەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن) ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار› دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار﴾[1] دەپ كەلگەن.

947. سوئال: ئامىۋى سورۇنلارغا بېرىشتىكى ئەدەب-ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: سورۇنغا كەلگەن كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىكى بىلىمى يۇقىرى كىشىلەرنى ۋە تالانت ئىگىلىرىنى ئاۋۋال سورۇنغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە كىرىشى لازىم. سورۇنغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىشى، سورۇنغا كىرگەنلەر سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىشى، سورۇنغا كىرگەن ئادەم ئىلىم ــ مەرىپەت جەھەتتە ئارتۇق، ياش جەھەتتە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سورۇنغا ئىگىلىرى كىرىپ ئولتۇرغان كىشى بىلەن ئورۇن تالىشىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋەتمەسلىكى لازىم.

شۇنداقلا سورۇنغا كىرگەن كىشىنىڭ يېقىن ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ ئولتۇرىشى توغرا ئەمەس. سورۇنغا كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ياشانغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن، سورۇنداشلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىشىگە بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى چوڭ ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانلارغا تۇرماسلىق كېرەك.

948. سوئال: سورۇندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

---

(1) مۇجادەلە سۈرىسى

سورۇنداشلارنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، قەيەردە بىكار ئورۇن تېپىلسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى لازىم. مەيلى سورۇنغا كەلگەن بولسۇن، مەيلى مەسجىدكە كەلگەن بولسۇن، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى توغرا ئەمەس. شۇنداقلا سورۇنغا كەلگەن ئادەم سورۇنداشلارنى قىستاپ ئولتۇرماسلىقى ۋە كەڭ ـ كەڭرى ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە راھەت بېغىشلىشى لازىم.

چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم. ناۋادا سورۇنغا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر ئادەم ئەگىشىپ بىللە بارغان بولسا، ئۇ كىشىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىش ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت. چۈنكى چاقىرىلمىغان مېھمان رۇخسەتسىز سورۇنغا كىرگەندە، ساھىبخان ياكى شۇ كىشى ئۈچۈن ئۇڭايسىزلىق تۇغۇلىشى ياكى سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇڭا چاقىرىلمىغان ئادەم مۇتلەق ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن سورۇنغا كىرمەسلىكى كېرەك. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشى ئىش.

949. سوئال: سورۇن ئىچىدىكى ئەدەب-ئەخلاقلار قايسىلار؟

جاۋاب: دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە يوسۇنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولغاندەك، سورۇننىڭمۇ مەلۇم قائىدە ـ تەرتىبلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىرى باردۇر. ئۈچ ئادەم بولسا، ئىككىسى بىرىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىشىشى ياكى ئۇ بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلىشىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. شۇنداقلا سورۇندا ئولتۇرغان ئادەم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقى، غەيۋەت قىلغانلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىم. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئۇلارغا سالامەتچىلىك تىلەپ قايتىشى مۇھىم ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. سورۇندىن چىققان مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى بىز ئۇيغۇرلاردا ئايرىم بىر ئەخلاقىي قائىدىدۇر.

# داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

950. سوئال: غىزالىنىشتىكى ئىسلام كۆرسەتمىسى قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تېخى كىچىك بالا ئىدىم. داستىخاندا ئولتۇرسام قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا: ‹ئەي ئوغۇل! تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن باشلاپ يېگىن› دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇنداق بولۇپ كەلدى». بۇ ھەدىس داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئۈچۈن بىردىنبىر دەستۇردۇر.

951. سوئال: غىزالىنىشنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىمام غەزالى «ئىهيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ داستىخاندا ئولتۇرۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ھەققىدىكى بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازغان: «غىزالىنىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىخچاملاشقا بولىدۇ: تاماقنى يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش، تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، تاماققا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزاتماسلىق، تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، تاماقنى بەك تېز يېمەستىن، ئالدىرىماي، يۇمشاق چايناپ يېيىش، تاماقنى ئېغىزغا ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىۋەرمەستىن، ئېغىزدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ، ئالدىرىماستىن ئېلىش، تاماقنى بەك كۆپ يېمەسلىك، مېهمانلارنى تاماققا كۆپ زورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر».

## ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

952. سوئال: ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىپ، ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىشى، رۇخسەت قىلىنمىسا قايتىپ كېتىشى لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەلىم بەرگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «رۇخسەت ئۈچ قېتىم سورىلىدۇ. رۇخسەت بېرىلسە كىرىڭ. ئەگەر رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىڭ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىشىكتىن كىرىشتە ئاۋۋال چوڭلار، بىلىم ئەھلىلىرى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە ياشلار كىرگىنى ياخشى. بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە، ئاۋۋال ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ھامان كىچىكمەستىن ئەڭ گۈزەل ۋە ئېسىل ئىبارىلەر بىلەن ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سورىشى زۆرۈردۇر.

953. سوئال: ئۆيگە كىرىشتە ئەدەپسىزلىك سانىلىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: گەرچە بىراۋنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا خەۋەر بېرىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئىشىكنى قاقماستىن ياكى ئالدىراپ سالام بەرمەستىن كىرىش، ئىشىكنى سىلىق قاقماستىن ئۆي ئىگىسىنى ۋە قوشنىلىرىنى راھەتسىز قىلىدىغان شەكىلدە قاتتىق قېقىش ياكى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قېقىش ئەدەپسىزلىكتۇر. شۇنداقلا بىراۋنىڭ، قوشنىلارنىڭ، بالىلارنىڭ تاقاقلىق تۇرغان ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىدىن ماراپ قاراش بەكمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر

(1) نۇر سۈرىسى 27ـ 29ـ ئايەتلەر.

ئەلەيهىسسالام مۇنداقلارغا ئاچچىقلىنىپ: «بىراۋنىڭ ئۆيگە ئىشىكتىن ياكى تۆشۈكتىن رۇخسەتسىز ماراپ قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ سۆككەن. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەم ئەدەپسىزلىك ھەم باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە قىلىنغان ئېغىر خىيانەتتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ باللىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سورىماستىن خالىغانچە كىرمەسلىكى، باللارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياتىقىغا مەيلى كۈندۈزى، مەيلى ئاخشاملىرى ئىشىكنى سىلىق چېكىپ رۇخسەت ئالماستىن كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىپپەت ـ ھايانىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا، ئارىسىدىكى ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىشتە ئەلۋەتتە ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىشى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەبلىرى

954. سوئال: چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەك نېمىدىن بولىدۇ؟

جاۋاب: تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەك چوڭ ــ كىچىك ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىمۇ تەبىئىي ھالەتتە ئىختىيارسىزلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئالامەتتۇر. زۇكامدىن بولمىغان چۈشكۈرۈك سالامەتلىكنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېسەللىك پەيدا بولغاندا ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىك ئىممۇنىتېت كۈچى بىلەن كېسەل بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىپ ئاخىرى ئىممۇنىتېت كۈچى غالىب كەلگەندە كېسەل پارتلايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بەدەن خۇددى زېمىن تەۋرىگەندەك تەۋرەش ئارقىلىق چۈشكۈرۈك ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چۈشكۈرۈك بەدەننىڭ يەڭگىللەپ قالغانلىقىدىن، بۇرۇندىكى نەپەسنى توسۇۋالىدىغان توسقۇنلۇقنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

ئەمما ئەسنەك قورساقنىڭ تويۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋە كۆپ يېگەنلىكتىن بولىدۇ. ئۇ كىشىنى ھورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان ۋە كۆپ ئۇخلىتىدىغان بىر ھالەت.

955. سوئال: چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاللاھ چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ. بىراۋ چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى) دېسە، ئۇنى ئاڭلىغان ئادەم يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن) دېيىشكە تېگىشلىك. ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ. ئەسنەك كەلگەندە مۇمكىن قەدەر ئۇنى قايتۇرغىن، ئەسنىگەن كىشى «ھا..». دېسە شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ».

چۈشكۈرمەكچى بولغاندا ھامان ئۆزىنىڭ قولى ياكى قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز، بۇرنىنى توسۇپ ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىشقا تىرىشىش، ئەسنەك كەلگەندە قولى بىلەن ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ مۇمكىن قەدەر ئۇنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، باشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ چۈشكۈرمەسلىك قاتارلىقلارمۇ چۈشكۈرۈكنىڭ ئەدەبلىرىدىن سانىلىدۇ. بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرسە يۈزىنى قولى ياكى كىيىمى بىلەن ياپاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى تۆۋەن قىلاتتى» دېيىلگەن. شۇنداقلا باشقا دىندىكى بىر كىشى چۈشكۈرۈپ «ئاللاھقا شۈكرى» دېسە، سەن ئۇنى باشقا دىندىكى ئادەمسەن، دەپ چەتكە قاقماستىن، ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىزنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن» دەپ تىلەكتە بولۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

## ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەب ـ ئەخلاقلار

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغان ئائىلىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيىگىزگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، ئىشىكنى قولىڭىز بىلەن سىلىق يېپىڭ. ھەرگىز ئۇنى قاتتىق ياپماڭ ياكى ئۇنى ئۆزلىكىدىن قاتتىق يېپىلىشىغا قويۇپ بەرمەڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سىز مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يۇمشاقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(2) ئۆيىگىزگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۆيدىكىلەرگە ـ مەيلى ئۇلار چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ـــ سالام بېرىشنى ئۇنۇتماڭ. مۇسۇلمانىنىڭ سالىمى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ شوئارى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنۋانىدۇر. بۇنداق ئېسىل بىر سالامنى قويۇپ «خەيرلىك ئەتىگەن» ياكى «ياخشىمۇسىز» لارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ سۆزلىرىنى دورىماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي سالام بېرىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ خىزمەتچىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەلىم بېرىپ: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرگىنىڭدە، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەرگىن. مۇنداق قىلىش سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلىرىڭ ئۈچۈن بەرىكەتلىك ئىشتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(3)ئۆيىگىزگە كىرگىنىڭىزدە، ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چۆچۈتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياق تېۋىشىڭىز بىلەن ياكى گېلىڭىزنى قىرىش بىلەن ئۇلارغا سىزنىڭ كىرگىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ كىرىڭ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېچىدە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىشتىن ۋە ئەھلىمىزگە تۇيۇقسىز كىرىشتىن توسقان»[3].

(4) ئۆيىگىزدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كىرمەكچى بولسىڭىز ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىڭ، ھەرگىز ئۇسۇپ كىرمەڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئانامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سورامدىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە رۇخسەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: «يا رەسۇلەللاھ! مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىۋاتىمەنغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق بولساڭمۇ رۇخسەت سورىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. بۇ ئادەم يەنە: «يا رەسۇلەللاھ! مەن ھەمىشە ئانام بىلەن بىللىغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرامسەن؟» دەيدۇ، بۇ ئادەم: «ياق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاناڭدىن رۇخسەت سورىغىن»[1] دەيدۇ.

(5) بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىڭىزدا، سىرتتا ئىشىكنى قېقىۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگىچىلىك دەرىجىدە يۇمشاق ۋە سىلىق قېقىڭ. ھەرگىز ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىنى چۆچۈتىۋېتىدىغان قوپاللىقنى قىلماڭ. بىر كۈنى بىر ئايال ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىپ، ئەدەپسىزلىك قىلغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: «بۇ ساقچىلارنىڭ ئىشىك قېقىشى بولدى» دېگەن ئىكەن.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن تىرناقلىرىنى ئىشلىتىپ قاقاتتى.

بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ھەر بىر قېقىش ئارىلىقىدا، ئۆي ئىگىسىگە نامازدا بولسا، ئۇنىڭدىن بىكار بولغىچىلىك، تاھارەت ئۇستىدە بولسا، ئاغزىدىكى لۇقمىسىنى ئالدىرىماستىن يۇتىۋالغۇچىلىك پۇرسەت بېرىش كېرەك.

ئىشىكنى قېقىش ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئىشىك ئېچىلمىسا قايتىپ كېتىش كېرەك»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(6) بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋالماستىن، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى،

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىشىككە يۈزىنى قىلىپ تۇرمايتتى»[1]. ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىش، ئىشىكتىن كىرگىچە ئاياغلارنى قېقىپ، سۈرتۈپ، تازىلاپ كىرىش، ئۆينىڭ ئىچىگە پاياندازا سېلىنغان بولسا ئۇنىڭغا ئاياغنى چىقىرىپ كىرىش لازىم.

(7) بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئۆي ئىگىسىنىڭ «كىم» دېگەن سوئالىغا،«مەن» دەپ جاۋاب بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتىش لازىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىم» دەپ سورىغان سوئالىغا «مەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە: ‹مەن، مەن؟› دەپ ئىشىكنى ئاچتى»[2].

(8) بىراۋنى ئالدىن خەۋەر بەرمەستىن زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، قايسىبىر ئۆزرىسى سەۋەبلىك سىزنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىزدىن ئۆزرە سورىسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالماستىن قايتىپ كېتىشىڭىز لازىم. ئەگەر زىيارىتىڭىزنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئالدىن خەۋەر قىلالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىشىڭىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە: ﴿ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[3] دەيدۇ.

(9)بىراۋ سىزنى ئۆيىگە باشلىغاندا، ئۆينىڭ ھەر تەرىپىگە سىنچىلاپ بېقىشتىن، ئۆيدىكىلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن، شۇنداقلا ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە قاراشتىن ھەزەر قىلىڭ. مۇنداق قىلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەيىب ئىشتۇر. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە بېشىنى تاراۋاتاتتى، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سىرتتىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «سېنىڭ مۇنداق قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئىككى كۆزۈڭنى ئويىۋالغان بولاتتىم، ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن مەقسەت پەقەت كۆزنى (قاراشقا تېگىشلىك بولمىغان يەرگە قاراشتىن)ساقلاش ئۈچۈندۇر»[4] دېگەن.

(10) بىراۋنى زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، ئۆيگە سىلىق كىرىڭ، ئاياقلىرىڭىزنى سىلىق سېلىپ، مەخسۇس جايدا رەتلىك قويۇڭ، ئاياقلارنى سېلىش ۋە كىيىش تەرتىپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئاياقلىرىڭلارنى كىيمەكچى

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) نۇر سۈرىسى28ـ ئايەت.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بولغىنىڭلاردا ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار، ئاياقلارنى سېلىشتا ئىشنى ئاۋۋال سول تەرەپتىن باشلاڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(11) ساھىبخان بىلەن ئولتۇرىدىغان ئورنىڭىز توغرىسىدا تارتىشماڭ. ساھىبخان قەيەرگە تەكلىپ قىلسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ. كۆپ تەكەللۇپ قىلماڭ. «مېھمان قويىدىن ياۋاش بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. بەلكى ساھىبخانىنىڭ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان جاي سىز ۋە ساھىبخان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە مۇناسىپ جاي بولۇشى مۇمكىن.

ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىڭىزدا، خۇددى تەكشۈرۈشكە كەلگەن كىشىدەك ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ قاراپ يۈرمەڭ، يېپىق نەرسىنى ئاچماڭ، سىزنى باشلىمىغان ھۇجرىلىرىغا كىرمەڭ.

(12) بىراۋنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ كۈن ۋە مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاش كېرەك. زىيارەت قىلغاندا، بەك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ساھىبخانىنى زېرىكتۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بىراۋنى تاماق ۋاقتىدا، ئۇخلايدىغان ۋاقتىدا ۋە دەم ئالىدىغان سائىتىدە زىيارەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

(13) قانداقلا بىر جايغا كىرگىنىڭىزدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە سالام قىلىپ كىرىڭ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئىشنى سورۇننىڭ چوڭىدىن باشلاڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «ئاۋۋال چوڭىدىن باشلاڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(14) بىرەر سورۇنغا كەلگىنىڭىزدە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرىۋالماڭ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىۋالماڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

(15) ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرىۋاتقان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماڭ. بۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشمىسۇن»[4] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئەگەر ئۇلار تۆت كىشى بولسىچۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ئۇ ۋاقىتتا ھېچ ۋەقەسى يوق»[5] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ يەردىكى مەنئى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(4) ئىمام مالىك ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(5) ئالدىنقى مەنبەدىن.

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى كىشىنى قارىتىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماي قالمايدۇ.

(16) بىر يەرگە كىرىش ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىلىدۇ. ئەگەر قايسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسىڭىز، ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە يول قويۇڭ. بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتىمۇ ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوڭنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(17) ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەممىدىن ئەدەبلىك بولۇڭ. چۈنكى ئۇلار ئەڭ ئەدەبلىك ۋە ئەڭ ياخشى، سىلىق مۇئامىلىگە ھەقلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق كىشىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىمدا: «داداڭ»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يول يۈرگەندە ھەگىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماڭ، تائامغا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتماڭ، ئۇلار ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال سىز ئولتۇرماڭ، ئۇلار سۆزلەشتىن ئاۋۋال سىز سۆز قىلماڭ.

(18) مەسچىتكە ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا ياكى بىرەر مېھماننى كۈتىۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ، چاچ ـ ساقىلىڭىزنى تاراپ، خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ چىقىڭ. يېقىمسىز ھىدىڭىز بىلەن باشقىلارنى راھەتسىز قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنى تۈزەپ چىقىڭلار. چۈنكى ئاللاھ گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[3] دېگەن.

(19) سىز بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىشنى بىلىڭ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماڭ، ئۇنىڭغا ئېغىرلىق سالماڭ، ئۇنى ئاسراشنى بىلىڭ. ئاتىلىرىمىز: «ئۆزىنى سورىغان خانىنىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان.

شۇنىڭدەك، سىزگە بىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىڭ. بۇ يېمەك - ئىچمەكتە ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىپ ئىسراپ قىلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا نورماللىقنى ساقلاڭ، ئەمما ھەۋەس - ئىكرامدا قانچىلىك ئاشۇرالىسڭىز شۇنچىلىك ئاشۇرۇپ قىلىڭ. چۈنكى بۇ سىزدىن ئۇچۇق كۆڭۈل ۋە تەبەسسۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش.

(20) تۇغقانلىرىڭىزدىن ياكى دوستلىرىڭىزدىن ياكى قوشنىلىرىڭىزدىن ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزدىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى زىيارەت قىلغان تۇنجى كىشى سىز بولۇشقا تىرىشىڭ. بىلىڭكى، بۇ چوڭ ساۋابلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلايدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا بۇ رەھمەت ئۇنى تېخىمۇ تولۇق قورشايدۇ»[1] دېگەن. كېسەل يوقلاشتا ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشنىمۇ ئۇنۇتماڭ. كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرىۋالماڭ، كۆپ سۆزگە سالماڭ، كۆڭلى بۇزۇلىدىغان سۆز ۋە خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتماڭ. ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان شۇم خەۋەرنى ئېيتماقچى بولغاندا، ئۇنى مۇقەددىمىسىز ھالدا، توساتتىن ئېيتماڭ.

(21) مېھماندارچىلىقلاردا ياكى قايسىبىر سورۇندا يېقىنلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا، ئاۋازىڭىزنى ئوتتۇرھال قىلىڭ. ئاۋازىڭىزنى ئېھتىياجغا قاراپ چىقىرىڭ. قاتتىق سۆزلەپ باشقىلارنى راھەتسىز قىلماڭ. قۇرئان كەرىم لۇقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئاۋازىڭنى پەسەيت قىلغىن﴾[2].

(22) كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىنىڭىزدە، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاسرىشىڭىز لازىم. بىراۋ سىزگە سۆزلەۋاتقاندا، سۆزلىگۈچىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇپ تىڭشاڭ، ئۇياق - بۇياققا قاراشتىن ۋە كۆزىڭىزنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سۆزلىگۈچىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. لۇقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئوغلۇم! سەن چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك چىرايلىق ئاڭلاشنىمۇ ئۆگەنگىن» دېگەن ئىكەن. سۆزلىگۈچىگە پۈتۈن دىققىتىنى بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلاش چىرايلىق ئاڭلاشقا كىرىدۇ. ھەتتا ئۇ سىز بىلىدىغان بىر مەسىلىنى سىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىدا، سىز بۇ مەسىلىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا چاندۇرماستىن، سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭىز لازىم. مانا بۇ، ئىسلام ئەخلاقىدۇر. ئەمما مۇنازىرە قىلىشىش،

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

(2) لۇقمان سۈرىسى 19-ئايەت.

ئۆگىنىش قىلىش بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ، ئۇنىڭدا تارتىنىش بولىدۇ.

(23) سۆھبەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇكى، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىدىن سىز چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال قىلىشنى ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنى بېرىڭ.

شۇنىڭدەك، سۆھبەتتە ياكى قايسىبىر سورۇندا باشقىلار بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى قايسىبىر مەسىلىدىن سورالسا، سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماڭ. ئەگەر سىزنىڭ رەيىڭىزنى سورىسا ياكى سوئالنى سىزدىن سورىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئەمما يامان ئەخلاقلار ئاللاھ تائالا قىلىشنى ھارام قىلغان ئىشلارغا مەركەزلىشىدۇ. كىتابىمىنىڭ «ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» دېگەن بۆلۈمىدە سۆزلىنىدۇ[1].

---

(1) بۇ ماۋزۇ ئەللامە ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غەددەنىڭ«من أدب الإسلام»ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەر

956. سوئال: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟
جاۋاب: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىم ئىدى. چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىم ئۆگەتكەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان زات. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا، ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا، بارچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقىسى ئىدى. ئۇ گۈزەل ئەخلاق جەھەتتىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىخارلىق ئۈلگىسىگە ئايلانغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق ئىش - ئىزلىرىدا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردا تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ:

(1) ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقى
(2) ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى
(3) مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى
(4) ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى
(5) بالىلارغا قارىتا ئەخلاقى
(6) دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى
(7) ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى
(8) ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى
(9) مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقى
(10) سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى

957. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇغان، ئۇنى ھەقىقى مەنىدە قەدىرلىگەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان بەندىچىلىك بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن زات ئىدى. ئۇ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلايتتى، ھەمىشە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدلىنىش ۋە غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىشتىن ئىبارەت تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايتتى. پۈتۈن ھاياتىنى ۋە دۇنيالىقتىكى قىممەتلىك ھەر نەرسىسنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتاشتا ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى.

ئاللاھتىن كەلگەن خوشاللىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم ــ قايغۇ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سەۋر تىلەيتتى. ئاللاھ ئاتا قىلغان قىسمەتكە كۆڭلىدىن رازى بولاتتى. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرۇپ، كېچىلىرى ئاللاھقا ناماز ئوقۇپ قىيامدا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن، پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى.

958. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەت، كەڭچىلىك، كەچۈرۈم، ئازادىلىك ۋە ھۆرلۈكنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىق قىلغان زاتتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەنلىكىدىن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە تىرىشاتتى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دۈشمەنلىرىمۇ بىردەك سۆزلەيتتى.

959. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مېھرى ــ شەپقەتلىك، ئەڭ كۆيۈمچان زات ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ: «سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقتا ئىگىسەن»[1] دېگەن.

قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان گۈزەل ئەخلاقىنى ماختاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى [2].

960. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى قانداق

(1) نۇن سۈرىسى 4ـ ئايەت

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 159ـ ئايەت

ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۆلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[1] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەتنىڭ رەئىسى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ رەھبىرى، ئەسكەرلەرنىڭ قوماندىنى، مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىقى قاتارلىق ئېغىر يۈكلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى جايىدا ۋە تولۇق ئورۇندىغانىنىڭ سىرتىدا، ئائىلىسى ئېھتىياجلىق بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ خوشاللىقى ۋە دەرتلىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇرچىنىمۇ ھېچ ئۇنتۇپ قالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى قەدىر-قىممىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشەتتى، ئۇلارغا ئېغىرلىق سالمايتتى، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى ياماپ، بەزىدە ئۆزى يۇيۇپ كىيەتتى، يېمەك-ئىچمەكلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزى تەييارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆيدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىدى، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى يامايتتى، ماللىرىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە بىر قېتىم "رەسۇلۇللاھ ئۆيدە نېمە ئىش قىلاتتى؟" دەپ سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆيدە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بولاتتى، ناماز ۋاقتى كەلگەن ھامان مەسجىدكە چىقىپ كېتەتتى»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى
(4) ئىمام بۇخارى رىۋاسىيتى

ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ئالدىدا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىمىز نەدە؟ "ئەر كىشى تاماق ئەتسە بولمايدۇ"، "ئەر كىشى كىر يۇيۇسا بولمايدۇ" ۋە "ئەر كىشى بالا باقسا بولمايدۇ" دېگەنلەرنى كىم ئېيتىپتۇ؟ بىز پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشەمدۇق ياكى ئىسلام ئەخلاقىغا يات كېلىدىغان ناچار ئادەتلىرىمىزگىمۇ؟!

قولىدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ياكى ئوچاق بېشىغا كەلگەن ئەرنى ئەيىبلەيدىغان ناچار ئادەتنىڭ ھازىرمۇ بەزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

961. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيىسىگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولاتتى. بالىلارنى ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بالىلارنىڭ قىينىلىپ قېلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمايتتى. ھەمىشە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايتتى. بەزىدە بالىلارنىڭ ئەقلىگە ماسلىشىپ ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى. بالىلارمۇ بۇ ئۈلگىلىك پەيغەمبەرنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەك سۆيەتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تىلەيتتى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "يارەسۇلەللاھ! سىز بالىلارنى سۆيىدىكەنسىز، مېنىڭ ئون بالام بار، ھازىرغىچە بىرىنىمۇ سۆيۈپ باققىنىم يوق" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئېچىنىپ: «كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ»[1] دېگەن.

962. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرىگىمۇ ناھايىتى مېھرى- شەپقەتلىك زات بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە ئېگە ئىدى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ چاقىرغان دىنىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، راستچىللىقىنى ۋە ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مېھرى ـ شەپقەت، رەھىمدىللىق، ئادالەت ۋە باشقىمۇ بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

ئۇنى كىچىكىدىن «مۇھەممەدۇل ئەمىين» يەنى (ئىشەنچلىك ۋە راستچىل مۇھەممەد) دەپ ئاتىغانلىقى، مەككىلىكلەر ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا دۈشمەن بولۇپ تۇرۇپ، پۇل-مال ۋە ھەر قانداق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويغانلىقى

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشى قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازات بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى ـ شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىگەننىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھەببار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرىۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ئەرەبلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

963. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ياكى دۈشمەنلەر بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە يول يورۇق بېرىپ: «سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ تەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار» دەپ جېكىلەيتتى.

964. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقىتى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ شامىل ئىدى. نان، سۇ بەرمەستىن باغلاپ قويغانلىقى تۈپەيلى ئۆلگەن بىر مۈشۈك سەۋەبلىك بىر مۆمىنە ئايالنىڭ دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر بوزۇق

ئايالنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر ئىتنى ئۆتكىنى سىلىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ سۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن جەننەتتە بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بارلىق جان ئىگىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بىر ھايۋاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىق تۈپەيلى بىر مۆمىنە ئايالنىڭ دوزاخقا، يەنە بىر ھايۋاننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قويغان بىر بۇزۇق ئايالنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن جەننەتكە لايىق بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددىيغىنە قىسسە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىزگە شەپقەتنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قانچىلىك كاتتا ئورنى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

ئۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندىمۇ ئۇلارغا رەھىم شەپقەت كۆرسىتىشنى بۇيرىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھمەتنى پۈتتۈەتكەن. مال بوغۇزلىغاندا، مالنى قىينىماستىن ياخشى بوغۇزلاڭلار». بىر ئادەمنىڭ پىچاقنى قوينىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «پىچاقنى مالغا كۆرسەتمە! ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟» دەپ كايىغان.

965. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقىي قانداق ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇھىت تازىلىقىنى ۋە تەبىئەت ساپلىقىنى ساقلاشقا ئەڭ زور ئەھمىيەت بەرگەن زات بولۇپ، «پاكىزلىق ـ ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن پرىنسىپىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۆي ئىچىنى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ۋە بەدەننى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرىغان، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، كەبىنى تاۋاب قىلىشقا ئوخشىغان ئىبادەتلەرنى تاھارەتتىن ئىبارەت پاكىزلىق بىلەن ئورۇنداشقا، كۆپچىلىك توپلىشىدىغان ئورۇنلارغا يۇيۇنۇپ، خۇشبۇيلارنى سۈرتۈپ بېرىشقا ئەمر قىلغان ئىدى.

مۇندىن باشقا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ مەككىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى، ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى كېسىشتىن ۋە يۇلۇشتىن مەنئى قىلغانلىقى، ئۇرۇش ئەسناسىدا ئەسكەرلەرنىڭ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىقىنى، دەل - دەرەخلەرنى كەسمەسلىكىنى ۋە ئوت قويماسلىقىنى قاتتىق جېكىلىگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئەتنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئاسراشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

966. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئالىي پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئادەم قايتا سۆھبەتلىششنى ئارمان قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تويمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭ سۆزىنى كەسمەيتتى ۋە بۇنداق قىلىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلەتتى. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ھېچ ۋاقىت يۈزىنى باشقا تەرەپكە چۆرىمەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ھەرگىزمۇ ئاچچىقلاپ قالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كىچىك پېئىل ۋە تولىمۇ كەمتەر زات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ـ باشقا مىللەتلەر كاتتىلىرىغا ئورنىدىن تۇرغاندەك ـ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى. ئولتۇرغاندا ئادەتتىكى كىشىلەردەك قەيەردىن ئورۇن تەگسە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئاجىزلارنى ۋە كەمبەغەللەرنى خور كۆرمەيتتى، ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى.

تۆتىنچى بۆلۈم

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئۈرنەكلەر

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يەر يۈزىگە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بەختلىك ھايات كەچۈرۈشى ۋە كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىمۇ ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېرىشىپ، سائادەتمەنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى بولغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىمۇ كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان ھەق دىن ئىدى.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار بىر زامانلار ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇپرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزدى. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم [1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى، ئىش ئىزلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭۈلدىن مۇھەببەت باغلاپ، سەممىي سۆيۈش «مەن مۇسۇلمانمەن» دېگەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئالدىنقى پەرزلەرنىڭ بىرى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئېيتىخارلىق ئۈلگىسى، ئۇنىڭ ھاياتى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئوبراز، ئىسلام دىنىنىڭ رەھبىرى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسى، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت

ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر پارچىسى، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئىماننىڭ تەقەززاسى

ئىماننىڭ ئاساسى«لاالـه الاالله محمـد رسـول الله» يەنـى (ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچ مەبـۇد بەرھەق يوق، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ئاللاھنـىڭ بەندىسـى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىـدۇر) دېـگەن تەۋھىـد كەلىمىسـىنىڭ مەزمۇنىغـا چىـن يـۈرەكتىن ئىشىنىشـتۇر. شۈبھىسـىزكى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا ئىمــان ئېيــتىش دېگەنلىــك ئۇنىــڭ ئاللاھنىــڭ بەرھەق پەيغەمبىـرى ئىكەنلىكىنـى يـۈرەكتىن تەسـتىقلاپ، ئۇنىـڭ گـۈزەل ئەدەپ- ئەخلاقلىرىنـى، ئېسىل پەزىلىتىنى، باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىـڭ ئۇنىڭغـا ئاتا قىلغان كامىل نېمەتلىرىنى، باشقىلارغا قەتئىي قىياس قىلغىلى بولمايدىغان تالانت ۋە پاراسـەتلىرىنى بىلىشـنى تەلەپ قىلىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى

ئـاللاھ تائـالا مۇسـۇلمانلارغا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامغا ئەگىششـنى پەرز قىلـدى ۋە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامغا ئەگىششـنى ئاللاھنـىڭ سۆيگۈسـىگە ئېرىششـىنىڭ شـەرتى قىلــىپ بېكىتتــى. شـۇڭا ئـاللاھ تائـالانى سـۆيىدىغانلىقنى دەۋا قىلىـدىغان ھەرقانـداق ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا ھەقىقـي رەۋىشـتە ئەگىششـى شـەرت. ئـاللاھ تائـالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: "ئەگەر ئاللاھنى سۆيسەڭلار ماڭا ئەگىشـڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى سۆيىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ" [1].

ئەگىشــىش - پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئەمــر- پەرمانلىرىغــا ئەمەل قىلغاننىــڭ سـىرتىدا، ھاياتىمىزنىـڭ بـارلىق ساھەلىرىدە ئۇنىـڭ يولىـدىن مېڭىش، ئۇنىـڭ قىلغـان ئىشـلىرىنى قىلىـش، ئۇنىـڭ سـۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىـش، سـۆزىمىزدە، ئىـش - ھەرىكەتلىرىمــىزدە ئــۇنى ئــۆزىمىزگە ئــۈلگە قىلىــش بىــلەن بولىــدۇ. بــۇ پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىشـلىرىنى، سـۆزلىرىنى ۋە بـارلىق ئەھـۋالىنى ئۆگىنىشـنى، ئۇنىـڭ خىسلەتلىرىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ۋە ئادەتلىرىنى بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

---

(1) ئالى ئىمران سۈرىسى:31- ئايەت

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۆز، ئىش ۋە ئەدەپ- ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئەگ ئاددى ئىشلاردىمۇ رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئولتۇرۇش- قوپۇش، مېڭىش- تۇرۇش، سۆزلەش ۋە سۈكۈت قىلىش قاتارلىق بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. ھەتتا ئۇلار دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ياقتۇرمىغان نەرسىنى يامان كۆرەتتى. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر كۈنى بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنى تاماققا چاقىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ساھىبخان ئۇنىڭ ئالدىغا ئارپا نېنى بىلەن كاۋا تۇغرالغان شورپا قويىدى. بۇ داستىخاندا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپرەك كاۋا يېگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇنىدىن بېرى كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغان بولدۇم»[1]. بۇ مىسال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشقا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. ئىسلام تارىخىدا بۇنداق مىساللار ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ. شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك تۇغۇلغان كۈنىدىن تاكى ۋاپاتىغىچە بولغان چوڭ- كىچىك بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى بىرمۇبىر رىۋايەت قىلىنىپ، يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىككىنچى بىر شەخسنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىر پەرز، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە بارلىق ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىش يەنە بىر پەرزدۇر. چۈنكى«پەرز ئۇنىڭسىز ئادا بولمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ پەرزدۇر». خۇددى ناماز ئۈچۈن تاھارەت پەرز بولغاندەك.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ئۇنى سۆيۈشنىڭ يولى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرقانچە سۆيۈملۈك نەرسىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ سۆيۈشكە بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيمىگەنلەرنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خاتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭلار، (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان

(1) ئىمام تىرمىزى

تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ" [1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز جانلىرىدىنمۇ چارىدۇر [2].

مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ، سۆيۈلگەن كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى ۋە ھەممە تەرەپلىرىنى ئېنىق بىلىش بىلەن بولىدۇ. مەھبۇبى ھەققىدە مەلۇماتى ئاز كىشىنىڭ مۇھەببىتىمۇ يۈزەكى مۇھەببەت بولۇپ، چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالمايدۇ. كىشى بىراۋنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك بولغانلىقى ياكى شۇجائەتلىك، قەھرىمان بولغانلىقى ياكى ياۋاش-يۇمشاق بولغانلىقى ياكى كەمتەر بولغانلىقى ياكى بىلىملىك ئالىم بولغانلىقى ياكى كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان سالىھ بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان زات-ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە سۆيمەسلىكنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟!

مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، پاك كۆڭلىنى قانچىلىك كۆپ بىلسە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى، سۆيگۈسى، ئىخلاسى شۇنچىلىك كۈچلىنىدۇ ۋە قەلبى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۈچلۈك باغلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى كۆپ ياد ئېتىپ ئۇنى تونىغانسىرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىپ، تۆۋەندىكى ھەدىستە ئېيتىلغان ھەقىقى سۆيگۈ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتا- ئانىسىدىن، بالا- چاقىسىدىن ۋە باشقا بارلىق كىشىلەردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆمىن بولالمايدۇ»[3].

دېمەك، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئىماننىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ، سەل قاراشقا بولىدىغان ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. بۇ مۇھەببەتنىڭ ھەقىقەتكە چىقىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارلىق تەرەپلىرى بىلەن بىلىش لازىم. شۇڭا پەيغەرمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

---

(1) تەۋبە سۈرىسى: 24- ئايەت
(2) ئەھزاب سۈرىسى6- ئايەت
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش دىننى مۇداپىئە قىلىشنىڭ يولى

زامانىمىزدا دىن دۈشمەنلىرى ئۆز تەرەپتارلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇسۇلمان ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تەشۋىشكە سېلىپ، ھەقىقەتنى بورملاپ ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى ئاجىزلىشىپ، ھەر خىل يات پىكىرلەرنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرمەكتە. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇشى ۋە باشقىلارغا تونۇتۇشىنى پەرز قىلىدۇ. مۇسۇلمان ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىكىنى، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان- ھىدايەتنىڭ نۇرىغا، ئىنساننى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىپ، ئەقلىنى ۋە ئېتىقادىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىسلامنىڭ داغدام يولىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تارتقان جاپا- مۇشەققەتلىرىنى، بۇ يولدا بېشىغا كەلگەن مىسلىسىز ئازاب -ئوقۇبەتلەرگە قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن دۇنيالىقتىن پۈتۈنلەي ۋازكەچكەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىگە قارشى يېڭىلمەس جاسارەت ۋە شۇجائەتنى، غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ كەلمەيدىغان ئىشلاردا ئۆزىگە كەلگەن ئەزىيەتلەرگە ھەرگىزمۇ ئاچچىقلانمايدىغانلىقىنى، ئاجىزلارغا، كەمبەغەللەرگە، كىچىك باللارغا ۋە ئاياللارغا چەكسىز مېھرىبانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ئىنتايىن موھتاج. چۈنكى بۇ مەلۇماتلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تونۇغان ياشلار دۈشمەنلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىغۋالىرى، پىتنە- پاساتلىرى ۋە شەك- شۈبھىلىرى ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەستىن دىنىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلمەسلىكى چوڭ يېتەرسىزلىك

«ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ (ئاللاھتىن باشقا بەرھەق ئىلاھ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن)» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دىلىدىن تەستىقلاپ، "مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن" دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش- ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىش- ئىزلىرى بىلەن بېزىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

ئۇممەت بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ بېشىنى ئۆستۈن كۆتۈرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە ئۇممەت بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، خۇددى ئەھمەد يەسەۋىدەك «بۇ دۆلەت (شان-شەرەپ) بىزگە يەتمەسمۇ، بىزنى مۇھەممەد ئۇممىتى قىلدى ئەمەسمۇ» دەيدىغان قانائەتكە كېلەلەيدۇ.

لېكىن مۇسۇلمانلار ئامىسى بۇ ھەقىقەتلەردىن پۈتۈنلەي يىراق. دۇنيادا بىر يېرىم ملياردقا يېقىن مۇسۇلمان بارلىقى مەلۇم. لېكىن ئەشۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قانچە پىرسەنتى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلىدۇ؟ قانچە پىرسەنتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۇممەت ئۈچۈن تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ سوئالنى بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمىزدىن سورىساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. قىسقىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھوللىۋۇد كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ، ياۋرۇپا توپچىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىر- بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە ئوغلى بار ئىدى؟ دەپ سورىسا، تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت.

تۈركلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستافا كامال ئاتاتۈركنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىش-ئىزلىرىنى، پاكىستانلىق ئۆسمۈرلەر پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى قائىد ئەزەمنىڭ ھاياتىنى، ھىندىستانلىقلارنىڭ بالىلىرى گەندىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى توختاپ قالماستىن يادىسىغا ئېيتىپ بېرەلىگەن يەردە، كائىناتنىڭ پەخرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۆلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمىسە بۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟!

ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ياخشى تونۇمىغانلىقىدىن كۆرۈش مۇبالىغە قىلغانلىق بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ دىننى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى تەلەپكە لايىق ھالدا ياشىتىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن يولباشچىسىنى تونۇمىغان ئادەم بۇ دىننىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيدۇ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىننىڭ خاراكتېرىنى بىلمىگەن ئادەم ئۇنى تۇرمۇشىدا ياشىتالمايدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە كېپىللىك قىلغان دىننى تۇرمۇشىدا ياشىتالمىغان ئادەمنىڭ بۇ دىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ، بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق.

# ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت

967. سوئال: ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەب جەمئىيىتى قانداق ئىدى؟
جاۋاب: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەب جەمئىيىتى قەبىلە سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان بىر جەمئىيەت بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ سۆزى ئۆتىدىغان، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ـ جېدەللەر بولۇپ تۇرىدىغان، ئادالەتتىن يىراق، ئاياللار كەمسىتىلىدىغان بىر جەمئىيەت ئىدى.

## ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى

968. سوئال: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى قانداق ئىدى؟
جاۋاب: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغۇچىلار
(2) مۇشرىكلەر
(3) يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار
(4) يەھۇدىيلار
(5) خرىستىئانلار
969. سوئال: ئاللاھقىلا ئىبادە قىلىدىغان ئەرەبلەر قايسىلار ئىدى؟
جاۋاب: ئەرەبلەر ئەسلىدە ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ھەق دىنىدا ئىدى. كېيىنچە زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ھەق دىندىن ئايرىلىپ قېلىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە شېرىكى يوقلۇقىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇتلارغا چوقۇنمايتتى ۋە ئىبادەتلەرنى ئۆزلىرى بىلگەنچە قىلاتتى. بۇلار «ھەنىفىيلەر» دەپ ئاتىلاتتى.
970. سوئال: مۇشرىك ئەرەبلەر قايسىلار ئىدى؟
جاۋاب: مۇشرىك ئەرەبلەر بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنشىنى دەۋا قىلىدىغان بۇتپەرەسلەر بولۇپ، كەبىنى ئۇلۇغلاش، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش، ھاجىلارغا خىزمەت قىلىشقا ئوخشىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن قالغان بەزى ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغىنىدىن باشقا پۈتۈنلەي يولدىن چىققان ئازغۇنلار ئىدى.
971. سوئال: يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلار قايسى ئەرەبلەر ئىدى؟

جاۋاب: يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى دىنىدىن چىقىپ، يۇلتۇزلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلار ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ھەر خىل خۇراپات ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشايتتى.

972. سوئال: جاھىلىيەت دەۋرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جاھىلىيەت دەۋرى ــ ئىلىم ۋە ئەقىلدىن يىراق، ئىلاھىي تەلىماتلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان خۇراپات ئىچىدىكى ۋاقىتلار دېگەنلىكتۇر.

973. سوئال: بۇت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بۇت ــ تاش، تۇپراق ۋە ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەردىن، ھەتتا يەيدىغان تائاملاردىن ئىنسانلار ياساپ چىققان ھەيكەللەردۇر.

974. سوئال: مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىشىنەمدۇ؟

جاۋاب: مۇشرىكلەر ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان، پەقەت بۇتلارنى ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەشتە ۋاستە قىلىۋالغان ۋە ئىبادەتلەردە ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلاردۇر.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە باللىق دەۋرى

975. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاچان دۇنياغا كەلگەن؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل، فىل يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئايىنىڭ 9 ـ كۈنى (يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، 12 ـ كۈنى) دۈشەنبە كۈنلۈكتە، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئائىلىسى بولغان ھاشىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

976. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ قايسى قەبىلىسىدىن ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان، ئەڭ كۈچلۈك ئەرەب قەبىلىسى ـ قۇرەيش قەبىلىسىدىن كەلگەن.

977. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىلىرى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتى ئامىنە، دادىسىنىڭ ئېتى ئابدۇللا ئىدى.

978. سوئال: پەيغەمبىرىمىزگە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسمنى كىم قويغان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «مۇھەممەد» دېگەن ئىسمنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب قويغان.

979. سوئال: مۇھەممەد دېگەن ئىسمنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: مۇھەممەد ـ مەدھىيەگە ۋە ماختاشقا سازاۋەر كىشى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبلەردە ئۇنىڭدىن بۇرۇن قويۇلۇپ باقمىغان بىر ئىسىم ئىدى.

980. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى قاچان ۋاپات بولغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

981. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈت ئانىسى كىم ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈت ئانىسىنىڭ ئېتى ھەلىمە دېگەن ئايال ئىدى.

982. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن سۈت ئانىغا بېرىلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋردە، مەككىدە تۇغۇلغان بوۋاقلار مەككىنىڭ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىسسىق ھاۋاسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ساغلام ئۆسۈشى، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە ياخشى تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈن مۇھىتى ساپ

جـايلاردا ياشـايدىغان ئـائىلىلەرگە ھەق تـۆلەش ئـارقىلىق ئېمىتىشـكە بېرىلەتتـى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ قاتاردا سۈت ئانىغا بېرىلگەن ئىدى.

983. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئانىسىنىڭ يېنىدا قانچە يىل تۇردى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئانىسى ھەلىمەنىـڭ يېنىـدا 4 يېشـىغا قەدەر تۇرغان ئىدى.

984. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى قاچان ۋاپات بولغان؟

جـاۋاب: مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئانىسـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام 6 ياشـقا كىــرگەن ۋاقتىــدا، ئانــا ـ بــالا ئىككىســى مەدىنىــدىكى تۇغقــانلىرىنى ۋە دادىســى ئابدۇللانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىـپ، مەدىنىـدىن قايتىشـىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن «ئەبۋائ»[1] دېگەن جايغا كەلگەندە ۋاپات بولغان.

985. ســوئال: پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ئانىســىنىڭ ۋاپاتىــدىن كېــيىن كىمنىــڭ تەربىيىسىدە تۇرغان؟

جــاۋاب: مــۇھەممەد ئەلەيھىسســالام ئانىســىنىڭ ۋاپاتىــدىن كېــيىن بوۋىســى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەربىسىدە بولغان.

986. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋىسىدىن قانچە ياشتا ئايرىلغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئـۇ 8 ياشـقا كىـرگەن ۋاقتىـدا ۋاپـات بولغان.

987. ســوئال: مـۇھەممەد ئەلەيھىسســالام بوۋىســدىن كېـيىن كىمنىــڭ تەربىيىســگە تاپشۇرۇلغان؟

جـاۋاب: مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام بوۋىسـىنىڭ ۋاپاتىـدىن كېيىن تاغىسـى ئەبـۇ تالىبنىڭ پەرۋىشىگە تاپشۇرۇلغان.

988. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا قانداق بىـر ئىنسـان ئىدى؟

جــاۋاب: مــۇھەممەد ئەلەيھىسســالام بــالىلىق چاغلىرىــدىنلا گــۈزەل ئەخلاقــى، راســتچىللىقى، ئىشــەنچلىكلىكى بىــلەن تونۇلغــان ۋە ھەممىنىــڭ ھــۆرمىتىگە ھەم سۆيگىسىگە سازاۋەر بولغان زات ئىدى.

989. سوئال: مەككىلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نېمە دەپ ئاتايتتى؟

جاۋاب: مەككىلىكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گــۈزەل ئەخلاقىغــا قايىــل ئىــدى. ئــۇلار مــۇھەممەد ئەلەيھىسســالامنى «راســتچىل

(1) ئەبۋائ ـ مەدىنە بىلەن مەككە ئوتتۇرىسىدىكى جاينىڭ نامى

مۇھەممەد»، «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتايتتى.

990. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىگىتلىك ۋاقتىدا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىگىتلىك ۋاقتىدا، ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى بېقىش بىلەن كېيىنچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

991. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانچە ياشتا ۋە كىمگە ئۆيلەنگەن؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن.

992. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە پەرزەنتى بولغان ۋە ئۇلار كىملەر؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 4 قىز، 3 ئوغۇل جەمى 7 پەرزەنتى بولۇپ، ئۇلار ياش تەرتىپى بويىچە: زەينەب، قاسىم، رۇقىيە، ئۇممۇكۇلسۇم، فاتىمە، ئابدۇللا ۋە ئىبراھىملاردۇر. ئىبراھىمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان. ئىبراھىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىق مارىيە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان.

993. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى قانچە يىل ئۆمۈر كۆرگەن؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

(1) زەينەب مىلادىيىنىڭ599-يىلى مەككىدە دۇنياغا كېلىپ، 630-يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە31 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) قاسىم زەينەبتىن كېيىن تۇغۇلۇپ تېخى يېشىغا توشماستىن ۋاپات بولغان.

(3) رۇقىيە 600-يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا مەككىدە دۇنياغا كېلىپ، 624- يىلى 24 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(4) ئۇممۇ كۇلسۇم 603-يىلى مەككىدە دۇنياغا كېلىپ، 630-يىلى28 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(5) فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 604-يىلى مەككىدە دۇنياغا كېلىپ، 632-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 6 ئاي كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ 3- كۈنى29 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(6) ئابدۇللا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كېيىن تۇغۇلۇپ تېخى يېشىغا توشماستىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

(7) ئىبراھىم 629-يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، 631-يىلى 3 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە مەككە دەۋرى

994. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك قاچان ۋە نەدە بېرىلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيە 610- يىلى مەككىنىڭ نۇر تېغىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھيىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

995. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندە ئۇ قانچە ياشتا ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەندە ئۇ 40 يېشىدا ئىدى.

996. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى كىم بىلدۈرگەن؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتە بىلدۈرگەن.

997. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىغا نېمە ئۈچۈن چىققان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىن باشلاپ قەۋمىنىڭ بۇزۇق ئېتىقاد ۋە خاتا چۈشەنچىلىرىگە، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنىشىغا قارشى ئىدى. جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن ئېچىناتتى. يېشى قىرىققا يېقىنلىششى بىلەن بىر قانچە كۈنلۈك يېمەك ــ ئىچمىكىنى ئېلىۋېلىپ، مەككىنىڭ نۇر تېغىدىكى ھىرا غارىغا بېرىپ، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە قۇدرىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى، ئاللاھقا ئۆزى بىلگەنچە ئىبادەت قىلىشنى ئادەت قىلغان ئىدى.

998. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ قانچە يىل ياشىغان ۋە بۇ جەرياندا نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ 23 يىل ياشىغان. ئۇ مەككىدە ئاۋۋال ئۈچ يىل يوشۇرۇن، كېيىن 10 يىل ئاشكارا، جەمى 13 يىل ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەۋر - زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەككىنى تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا يەنە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە تولۇق 10 يىل ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بارغان.

999. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى چۈشكەن ئايەتلەر قايسىلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئەمرى نېمە ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى چۈشكەن ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن 5 ئايەت ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئەمرى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە بۇيرۇش ئىدى. شۇڭا تۇنجى ۋەھيى«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغان.

1000. سوئال: تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغانلار كىملەر ئىدى؟

جاۋاب: تۇنجى قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان شەخس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى خەدىجە، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ئەبۇ بەكرى، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى، خىزمەتچىسى زەيد قاتارلىق 4 كىشى ئىدى.

## ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىشى

1001. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى دەسلەپتە قانداق تەشۋىق قىلدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى دەسلەپتە 3 يىل يوشۇرۇن ھالدا تەشۋىق قىلىپ ئۇنى تارقىتىشقا تىرىشتى.

1002. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى قاچاندىن بېرى ئاشكارا تەشۋىق قىلىشقا ئۆتتى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنىڭ ھىجىر سۈرىسىدىن 94- ئايىتى چۈشۈپ، ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن! دەپ ئەمر قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى ئوچۇق ــ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىغان.

1003. سوئال: مەككىلىك مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟

جاۋاب: مەككىلىك مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقتى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىدى.

1004. سوئال: مەككىلىك مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە تۇنجى مۇسۇلمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟

جاۋاب: مەككىلىك مۇشرىكلەر تۇنجى مۇسۇلمانلارنى ھەر تۈرلۈك قىيىن قىستاقلارغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامدىن يېنىشقا زورلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا قولىدىن كەلگەن ھاقارەت ۋە دۈشمەنلىكلەرنى قىلدى.

**مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغان قىلغان ھىجرىتى**

1005. سوئال: مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان؟

جاۋاب: مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەۋر ــ زۇلۇملىرى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي قىيناشلىرى سەۋەبلىك، تۇنجى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ساقلاش يولىدا ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىيوپىيە) زېمىنىغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1006. سوئال: مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا تۇنجى قېتىم قاچان ۋە قانچە كىشى ھىجرەت قىلغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ھەبەشىستان زېمىنىغا تۇنجى قېتىم 615- يىلى، 4 ئايال، 11 ئەر بولۇپ، جەمى 15 كىشى ھىجرەت قىلغان ئىدى.

1007. سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستان زېمىنىغا ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرىتى قاچان بولغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ھەبەشىستان زېمىنىغا ئىككىنچى قېتىم 616- يىلى، 13 ئايال، 77 ئەر بولۇپ، جەمى 90 كىشى ھىجرەت قىلغان.

**مۇشرىكلارنىڭ مۇھاسىرىسى**

1008. سوئال: مۇشرىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى نېمە ئۈچۈن مۇھاسىرىگە ئالغان؟

جاۋاب: مۇشرىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، بۇتپەرەسلىككە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇھاسىرە (ئىمبارگو) قىلغان.

1009. سوئال: مۇھاسىرە دېگەن نېمە ۋە مۇشرىكلەر مۇھاسىرىدە نېمە قىلدى؟

جاۋاب: مۇھاسىرە ــ ئەتراپىنى قورشاش دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇشرىكلەر مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مەككىنىڭ«شىئبە ئەلى» دېگەن يېرىدە 3 يىل قامىۋېلىپ، مەككىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن پۈتۈن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بىر نەرسە سېتىشى، ئېلىشى، قودا ــ باجىلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇشى، ھەتتا سۆزلىشىشىنى چەكلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا جايلاردىن ئاشلىق، يېمەك ــ ئىچمەك ۋە كېيىم ــ كېچەك قاتارلىق ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى كەلتۈرۈش يوللىرىنى توسىۋالدى.

## قايغۇلۇق يىل

1010. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئەڭ قايغۇلۇق يىل قايسى ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئەڭ قايغۇلۇق يىل 620- يىلى بولۇپ، بۇ يىلدا ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغداپ، ئۇنىڭ تاشقى مۇداپىئە كۈچى ھېسابلىنىدىغان تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇنىڭغا ھەمىشە تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ كۈچىگە كۈچ قېتىپ كەلگەن ۋە ئىچكى مۇداپىئە كۈچى ھېسابلانغان ۋاپادار ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن ۋاپات بولىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كىشىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرغان ئىدى. شۇڭا بۇ يىل ئىسلام تارىخىدا «قايغۇلۇق يىل» دەپ ئاتالغان.

## ئىسرا ــ مىراج

1011. سوئال: ئىسرا ــ مىراج دېگەن نېمە؟ ئۇ قاچان بولغان؟

جاۋاب: ئىسرا ــ كېچىدە سەپەر قىلىش، مىراج ــ ئۆرلەش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرىدۇر. ئىسرا بىلەن مىراج 620- يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 27- كۈنى بولغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن تەسەللى قىلىش ئۈچۈن بولغان.

1012. سوئال: ئىسرا ــ مىراج مۆجىزىسى قانداق بولغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى، قەمەرىيە ئايلىرىدىن 27- رەجەب كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كېلىنگەن، ئاندىن ئۇ جايدىن يۇقىرى ئۇپۇۇقلارغا ئۆرلەپ يەتتىنچى ئاسمانغا قەدەر چىققان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي سىر ــ ئەسرارلىرىدىن ئاجايىب ئىشلارنى كۆرگەن.

1013. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىراجدا نېمىلەر بىلدۈرۈلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىراجدا تۆۋەندىكىلەر بىلدۈرۈلگەن:

(1) مۇسۇلمانلارغا كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ پەرز بولغانلىقى،

(2) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن مۇسۇلماننىڭ (گۇناھى بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولۇپ، ئاخىرى چوقۇم) جەننەتكە كىرىدىغانلىقى،

(3) بەقەرە سۈرىسىنىڭ (آمن الرسولُ بِما أُنزِلَ إِلَيْه مِنْ ربه والْمُؤْمن ـ ونَ) دىن (الْكَـ افرين) غىچە بولغان ئاخىرقى 2 ئايىتى بىلدۈرۈلگەن ئىدى.

1014. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا ــ مىراجدىن باشقا مۆجىزىلىرى

قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى:

(1) مۇشرىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كۆرۈنگەنلىكى،

(2) بوران ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقى،

(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ئەسناسىدا ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم قىلغانلىقى،

(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققانلىقى،

(5) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ياغاچنىڭ يىغلىغانلىقى،

(6) ئاز تاماقنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆپ كىشىنى تويغۇزغانلىقى،

(7) قەتادە ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ كاردىن چىققان بىر كۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلاپ قويىشى بىلەن شىپا تاپقانلىقى ۋە باشقىلار.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدىغان مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر!

**ئەقەبە بەيئەتلىرى**

1015. سوئال: ئەقەبە بەيئەتلىرى دېگەن نېمە ۋە قاچان بولغان؟

جاۋاب: ئەقەبە ــ مەككىدىكى بىر جاينىڭ نامى. ئەقەبە بەيئەتلىرى ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىلىك يېڭى مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداش ھەققىدە ئالغان ۋەدىسى دېگەنلىك بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشكەن ئىدى.

1016. سوئال: بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى قاچان بولغان ۋە قانچە كىشى قاتناشقان؟

جاۋاب: بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى مىلادىيە 621- يىلى ئىيۇن ئېيىدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا 12 كىشى ئىشتىراك قىلغان ئىدى.

1017. سوئال: ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى قاچان بولغان ۋە قانچە كىشى قاتناشقان؟

جاۋاب: ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى مىلادىيە 622- يىلى ئىيۇل ئېيىدا بولغان،

ئۈنىڭغا 72 كىشى ئىشتىراك قىلغان.

1018. سوئال: ئەقەبە بەيئەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام تارىخىدا ئەقەبە بەيئەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى زور بولغان. بىرىنچىدىن ئىسلام دىنىنىڭ مەدىنىدە تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئىككىنچىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە يەرلىشىپ مۇشرىكلەرنىڭ بېسىملىرىدىن ئازات بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن ئىدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى**

1019. سوئال: ھىجرەت دېگەن نېمە ۋە قاچان بولغان؟

جاۋاب: ھىجرەت ــ دىنىي مەقسەتلەر بىلەن كۆچۈش قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇسۇلمانلار مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك بېسىملىرى سەۋەبلىك 622- يىلى ھەممە نەرسىسىنى مەككىدە تەرك ئېتىپ، ئاللاھ يولىدا مەدىنە شەھىرىگە تۇنجى ھىجرىتىنى باشلىۋەتكەن.

1020. سوئال: مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان؟

جاۋاب: مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىش ئارقىلىق بۇ يېڭى دىنغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن قەبىلە باشلىقلىرى بىرلىشىپ، ھەر بىر قەبىلىدىن بىردىن ئادەم چىقىرىشنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر بىرى بىردىن نەيزە سانجىش بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پىلانىنى بىتچىت قىلىپ، پەيغەمبىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

1021. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قاچان ۋە كىم بىلەن ھىجرەت قىلغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن 622- يىلى 13- ئاۋغۇست كۈنى مەككىدىن ئايرىلىپ، 622- يىلى 23- سىنتەبىر كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئىككىسى مەدىنە شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ تارىخ كېيىنچە ئىسلام كالىندارىغا ئايلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەن يىلى ھىجرىيەنىڭ 1- يىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1022. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان؟

جاۋاب: مەككە شىمالىدىكى مەدىنىگە بارىدىغان يولنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەلبەتتە قاماللايدىغانلىقىنى بىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ يەمەن تەرەپكە كېتىدىغان جەنۇب تەرىپىگە قاراپ يولغا چىقىپ، تەخمىنەن 10 كىلومېتىر يول

يۇرگەندىن كېيىن «سەۋر تېغى» دىكى سەۋر غارىغا يوشۇرۇنىدۇ. ئىزلاپ كەلگەن مەككە كۈچلىرى ئۇلارنى تاپالماستىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مەدىنىگە سالامەت يېتىپ بارىدۇ.

1023. سوئال: ھىجرەتنىڭ ئىسلام تارىخىدا ئەھمىيتى نېمە؟

جاۋاب: ھىجرەتنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۇچۇن كەلتۈرگەن ئىجابىي نەتىجىلىرى ئىنتايىن زوردۇر. قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىبادەتلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئورۇنداش، ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى ۋە مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلدى.

## ئىسلام دەۋتىنىڭ مەدىنە دەۋرى

1024. سوئال: مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار مەككىدىن كەلگەنلەرنى قانداق قارشى ئالدى؟

جاۋاب: مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى ئەڭ ئالى ئىھتىرام بىلەن قارشى ئالغاندىن تاشقىرى، ھەر بىرى مەككىلىك مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى «قېرىنداشىم» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆي ـ جاي ۋە نەرسە كېرەكلىرىنى تەڭدىن بۆلۈشتى.

1025. سوئال: مۇھاجىر ۋە ئەنسار دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: مۇھاجىر ـ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار، ئەنسار ـ مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

1026. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە تۇنجى قىلغان ئىشى قايسى بولغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئىشى مەسجىد سېلىش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆز قولى بىلەن سالغان بۇ مەسجىد «مەسجىدى نەبەۋى ـ پەيغەمبەر مەسجىدى» دەپ ئاتالدى ۋە ئىككى ھەرەمنىڭ ئىككىنچىسى، مۇقەددەس ئۈچ چوڭ مەسجىدنىڭ بىرى بولۇپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە[1].

### مەسجىدى نەبەۋى

1027. سوئال: مەسجىدى نەبەۋىينىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: مەسجىدى نەبەۋىينىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىلەر:

(1) مەسجىدى نەبەۋىي مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئەركىن ئىبادەتگاھى ئىدى.

(2) مەسجىدى نەبەۋىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى ئىدى.

(3) مەسجىدى نەبەۋىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارارگاھى ئىدى.

(4) مەسجىدى نەبەۋىي ئىلىم ـ ئىرپان تارقىتىش ئورنى ئىدى.

(5) مەسجىدى نەبەۋىي ئىسلام دەۋتىنىڭ مەركىزى ئىدى.

---

(1) ئىككى ھەرەمنىڭ بىرىنچىسى مەسجىدى ھەرەم، ئىككىنچىسى مەسجىدى نەبەۋى بولۇپ، ئىسلامدىكى ئۈچ مۇقەددەس مەسجىدنىڭ بىرىنچىسى مەسجىد ھەرەم، ئىككىنچىسى مەسجىدى نەبەۋى، ئۈچىنچىسى پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقسادۇر.

(6) مەسجىدى نەبەۋىي ھەر قانداق بىر مەسىلىدە قارار چىقىرىش ئورگىنى ئىدى.

(7) مەسجىدى نەبەۋىي نىكاھ ۋە باشقىمۇ دىنىي مۇراسىملارنى ئېلىپ بېرىش ئورنى ئىدى.

(8) مەسجىدى نەبەۋىي مۇساپىرلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ پاناھگاھى ئىدى.

(9) مەسجىدى نەبەۋىيىدىكى «سۇففە» دېگەن جاي ئەينى ۋاقىتتا بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوخشاش بىلىم تەھسىل قىلىش ئورنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ سۇففىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ۋە ئۆگەنگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يادلاش ۋە يېزىپ قالدۇرۇش يولى بىلەن ساقلاپ، كېيىنكىلەرگە ئۆز ئەينى يەتكۈزگەن.

1028. سوئال: ئىسلام تارىخىدا تۇنجى ئەزاننى كىم ۋە نەدە ئوقۇغان؟

جاۋاب: ئىسلام تارىخىدا تۇنجى ئەزاننى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدى نەبەۋىيدە ئوقۇغان.

## تۇنجى ئىسلام دۆلىتى ۋە گرەژدانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

1029. سوئال: مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا تۇنجى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىك ئەرەبلەر ئۈچۈن 52 ماددىلىق «مەدىنە ۋەسىقىسى» ناملىق باياناتنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى بارلىق گراجدانلارنىڭ، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە چىقىشىش بىلەن ياشىشى، سىرتقى دۈشمەنلەردىن مەدىنە دۆلىتىنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىش مەجبۇرىيىتى قاتارلىق پرىنسىپلارنى بەلگىلىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «كىشىلىك ھوقۇق» باياننامىسىنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىپ، ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلاش ئىدى.

## مەدىنە دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1030. سوئال: مەدىنە دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ تاكى ۋاپات بولغىنىغا قەدەر مەدىنە دەۋرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىجابىي نەتىجىلەرنىڭ

مۇھىملىرى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەر:
(1) مۇسۇلمانلار مەدىنىدە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.
(2) ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت تەھكاملىرى ۋە ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرى مەدىنە دەۋرىدە بارلىققا كەلدى.
(3) ئىسلام دىنى مەدىنىدە پۈتۈنلەندى، قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولىشىمۇ مەدىنىدە تاماملاندى.
(4) مۇسۇلمانلار ئۇلارنى يوق قىلماقچى بولغان كۈچلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلىدى ۋە ئىسلام دەۋتىنىڭ يولىنى ئاچتى.
(5) مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھەر تەرەپتىن ئۈستۈنلۈككە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ئېرىشكەن.
(6) مەدىنە دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزلىكىدىن توپ-توپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن.
(7) ئىسلامنىڭ مەدىنە دەۋرىدە، ئەتراپتىكى ئەرەب ئەمەس، مىللەتلەرگىمۇ ئىسلام دەۋتى يېتىپ بارغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى

### ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ماۋزۇسىدىكى پرىنسىپى

1031. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ماۋزۇسىدىكى پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ھەممىدىن بۇرۇن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ يولدا ئۇچرىغان توقۇنۇشلارنى ئەڭ ئاۋۋال تىنچلىق، سۆھبەت ياكى سۈلھى يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. بۇ چارىلەر كارغا كەلمىگەندە، ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە تاللايدۇ. پەقەت تىنچلىق بىلەن خاتىرجەملىك تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئاياق ئاستى قىلىنغاندا ياكى ئۇلار ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ۋە ياكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئىسلام دەۋىتىنى ئىنسانلار ئارىسىدا قانات يايدۇرۇش ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان چاغدا مۇسۇلمانلار ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىگە ئۆتىدۇ. مۇنداق ئۇرۇش ئىسلام دىنىدا «جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇمكى، جىھاد ئەڭ كاتتا ئىبادەتتىن سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنى شۇنچىلىك كۈچلۈك تۇرسىمۇ، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن "ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى" دىكى ناھەق شەرتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى، كېيىن مەككىنى بىر ئادەمنىڭمۇ قېنىنى ئېقىتماستىن تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغانلىقى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمەقدىس شەھرىنى بېسىۋالغان ياۋروپالىق خرىستىئان ئاققۇنلىرىغا ئۇرۇش ئاچماستىن، ئىمبارگو قىلىش چارىسىنى تاللاش ئارقىلىق شەھەرنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغانلىقى، كېيىنچە سالاھىددىن ئەييۇبىينىڭمۇ بۇ شەھەرنى شۇ يول بىلەن قايتا ئازاد قىلغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن ئۇرۇشخومار ئەمەسلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى ئۇرۇش قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1032. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوق قىلماقچى بولغانلارغا

قارشى مۇداپىئەلىنىش يۈنىلىشىدە ئىلىپ بېرىلغانلىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بارلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنە شەھىرى ئەتراپىدا بولغانلىقىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز تەۋەلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقى ۋە زوراۋر كەلگەندە ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىنلا ئۇرۇشۇشنى قارار قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

## ئىسلام تارىخىدىكى چوڭ كۆلەملىك تۇنجى ئۇرۇش بەدىر ئۇرۇشى

1033. سوئال: ئىسلام تارىخىدىكى چوڭ كۆلەملىك تۇنجى ئۇرۇش قايسى ۋە نىمە ئۈچۈن يۈز بەرگەن؟

جاۋاب: ئىسلام تارىخىدا چوڭ كۆلەملىك ۋە ھەل قىلغۇچ تۇنجى ئۇرۇش بەدىر ئۇرۇشى بولۇپ، مەككىلىك مۇسۇلمانلار مەككىدە ئائىلىلىرى، ئۆي ـ ماكانلىرى ۋە ھەر نەرسىسىنى تەرك ئېتىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مەككىلىك مۇشرىكلەر ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۈتۈن نەرسىلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ، ئۆيلىرىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالىدۇ.

مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلەرنىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن كۆپ قېتىم تەلەب قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلمىگىچە ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش رۇخسىتى بېرىلمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ زۇمەر سۈرىسىنىڭ: ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر [1] دېگەن ئايىتى چۈشۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ. بۇ بەدىر ئۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.

1034. سوئال: بەدىر ئۇرۇشى قاچان ۋە نەدە بولغان؟

جاۋاب: بەدىر ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 2ـ يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17ـ كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان بەدىر دېگەن جايدا بولغان. بەدىر ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قاراشلىق بىر ناھىيىدۇر.

1035. سوئال: بەدىر ئۇرۇشىغا قانچە كىشى قاتناشقان ۋە غەلىبە قايسى تەرەپكە بولغان؟

---

(1) ھەج سۈرىسى 39ـئايەت

جاۋاب: بەدىر ئۇرۇشىغا قېتىلغان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 314 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاران ئىككى كىشى ئاتلىق، قالغانلىرى پىيادە ئىدى. ئەمما مەككىلىك مۇشرىك ئەسكەلەرنىڭ سانى 1300 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاتلىقلارنىڭ سانى 100دىن كۆپرەك ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن 14 كىشى شېھىد بولغان. مۇشرىكلەردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 70 ى ئەسىرگە ئېلىنغان. غەلىبە مۇسۇلمانلار تەرىپىگە بولغان.

1036. سوئال: بەدىر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ غەلىبىسى نېمە؟

جاۋاب: بەدىر ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم غەلىبىسى مۇشرىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى بولدى.

1037. سوئال: مۇسۇلمانلار ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىك كۈچلىرىگە ئەڭ ئېسىل ئىنسانى مۇئامىلىدە بولدى. ئەسىرلەردىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەر بىرىنى مۇسۇلمانلاردىن 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويۇشى بەدىلىگە قويۇپ بېرىش، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلاردىن مەلۇم مىقداردا فىدىيە (ماددىي تۆلەم) ئېلىپ قويۇپ بېرىش سىياستىنى قوللاندى.

**ئۇھۇد ئۇرۇشى**

1038. سوئال: ئۇھۇد ئۇرۇشى قاچان، نەدە ۋە نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جاۋاب: ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625- يىلى 23-مارت) مەدىنەمۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا يېڭىلگەنلىكىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىگە بېسىپ كېلىشى سەۋەبلىك بولغان.

1039. سوئال: ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قانچە كىشى قاتناشقان ۋە غەلىبە قايسى تەرەپكە بولغان؟

جاۋاب: ئۇھۇد ئۇرۇشىغا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدىن 700 كىشى، مۇشرىك كۈچلىرىدىن 3000كىشى قاتناشقان ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى ئىككى يۆنىلىش بىلەن بولغان بولۇپ، بىرىنچى يۆنىلىشتە مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئىككىنچى يۆنىلىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇداپىئەنى قەتئىي بوشاتماسلىقنى بۇيرىغان ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا مۇشرىكلەرنى چېكىندۈرگەن. بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزە بىلەن بىرلىكتە 70 مۇسۇلمان ئەسكىرى شېھىد بولغان، مۇشرىكلەردىن 22 كىشى

ئۆلتۈرۈلگەن.

**خەندەك ئۇرۇشى**

1040. سوئال: خەندەك ئۇرۇشى قاچان ۋە نەدە بولغان؟

جاۋاب: خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ5-يىلى شەۋۋال ئايدا (627م) مەدىنە يېقىنىدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان.

1041. سوئال: خەندەك ئۇرۇشى نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جاۋاب: مەككە ۋە ھىجاز رايونىدىكى بارچە مۇشرىك كۈچلىرى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، 10،000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارنى يوقۇتۇش ۋە ئىسلام دىنىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقى سەۋەبلىك بولغان. بۇ ئۇرۇش بىرلەشكەن زور كۈچلەرنىڭ ئەسكەر تارتىپ كەلگەن ھۇجۇمى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تارىخي مەنبەلەردە«غەزۋەتۇل ئەھزاب ـ بىرلەشمە كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

1042. سوئال: بۇ ئۇرۇش نېمە ئۈچۈن «خەندەك ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان؟

جاۋاب: بۇ ئۇرۇشتا ئىران ئەسلىلىك سەلمان فارسىي ئىسىملىك بىر ساھابە مەدىنىگە بېسىپ كەلمەكچى بولغان دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەلماننىڭ بۇ پىكرى قوبۇل قىلىنىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا چوڭقۇر بىر خەندەك قېزىلغان. خەندەكنىڭ بىرلەشكەن دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ مەدىنە شەھىرىگە كىرىشىنى توساپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىش پىلانىنىڭ بىتچىت بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئۇرۇش «خەندەك ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان.

1043. سوئال: خەندەك ئۇرۇشى قانچىلىك داۋام قىلغان ۋە غەلبە قايسى تەرەپكە بولغان؟

جاۋاب: خەندەك ئۇرۇشى 27 كۈن داۋام قىلغان. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن چىققان چوڭ بىر بوران دۈشمەن تەرەپنىڭ مەنىۋىيىتىنى چۈشۈرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىرلەشمە كۈچ چېكىنگەن ۋە مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىدىن ئامان قالغان.

**ھۇدەيبىيە كېلىشىمى**

1044. سوئال: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جاۋاب: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ھىجرىيەنىڭ 6- يىلى 11- ئايدا (628م) بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ئانا يۇرتى بولغان مەككىگە بېرىپ كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، مەككىگە يېقىن «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئازلىدىنى توسۇشى سەۋەبلىك ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولغان كېلىشىمدۇر.

## ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى

1045. سوئال: ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەر ئىدى؟

جاۋاب: ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كېتىپ، كېلىدىغان يىلى قورالسىز ھالدا، مەككىگە كىرىشى ۋە ئۈچ كۈن مۇددەت ئىچىدە زىيارىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىشى.

(2) مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 10 يىل مۇددەتلىك ئۇرۇش توختىتىلىشى.

(3) ئەرەب قەبىلىلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلار مۇسۇلمانلار تەرەپكە، قۇرەيشلەر باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلارنىڭ مۇشرىكلەر تەرەپكە قوشۇلۇش ئەركىنلىكى بولۇشى. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىبىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان قانداقلا بىر قەبىلىنىڭ شۇ پىرقىدىن سانىلىشى ۋە ئۇ قەبىلىگە قارىتىلغان قانداقلا بىر دۈشمەنلىك ياكى زىيانكەشلىكنىڭ ئۇ قەبىلە ئىتتىپاقداش بولغان پىرقىغا قارىتىلغان دۈشمەنلىك ھېسابلىنىدىغانلىقى.

(4) مەككىلىكلەردىن مەدىنىگە قېچىپ بارغانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشى، مەدىنىدىن مەككىگە قېچىپ كەلگەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك.

1046. سوئال: مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئادالەتسىز شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىختىيارىي ھالدا بويسۇندۇرۇپ بولغان ۋە پەۋقۇلئاددە قۇدرەت تاپقان ۋە مەككىلىكلەرنى يېڭىشىدا ھېچقانداق شەك قالمىغان تۇرۇپ، بۇ كېلىشىم شەرتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ناھەق ۋە ئادالەتسىز بولغىنىغا قارىماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ بۇ ھەقسىز شەرتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە نۇۋۋەتتىكى سەپىرىدە

مەككىگە كىرەلمەستىن مەدىنىگە قايتىپ كەتكەن.

### ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلىشى

1047. سوئال: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى كىملەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان؟

جاۋاب: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەككىلىك مۇشرىكلەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان. قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەكىر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى مۇشرىكلەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان.

1048. سوئال: خەيبەر ئۇرۇشى قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جاۋاب: خەيبەر ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 7- يىلى (628م) بولغان. ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى شۇكى، خەيبەر رايونى يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەلئەسى بولۇپ، يەھۇدىيلار مەككىلىك مۇشرىكلەر بىلەن ئاستىرتتىن بىرلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىشنى پىلانلىغانلىق سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش قارارىنى ئېلىپ خەيبەر ئۇرۇشىنى باشلىغان. غەلىبە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا بولۇپ خەيبەر رايونى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىنغان.

### پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كەبىنى زىيارەت قىلىشى

1049. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھىجرەتتىن كېيىن كەبىنى تۇنجى قېتىم قاچان زىيارەت قىلغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار ھىجرەت سەۋەبى بىلەن مەككىدىن ئۇزاق بىر ئايرىلىشتىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى (630م) تۇنجى قېتىم كەبىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

### مۇئتە ئۇرۇشى

1050. سوئال: مۇئتە ئۇرۇشى قاچان ۋە نەدە بولغان؟

جاۋاب: مۇئتە ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 8- يىلى (629م) ئاۋغۇست ئېيىدا، بىزىنتىيە ئىمپېراتورلىقىغا قارام بۇرسا ئەمەلدارىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى سەۋەبلىك بولغان ئۇرۇشتۇر. چۈنكى ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇ ئەلچى مەنسۇپ بولغان تەرەپكە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقنىڭ بىر ئىشارىتى ئىدى.

1051. سوئال: مۇئتە ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلغان ئەسكەر سانى قانچە ۋە غەلىبە كىملەرگە مەنسۇپ بولغان ئىدى؟

جاۋاب: مۇئتە ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 3000، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى رىملىقلاردىن 100 مىڭ، خرىستىئان ئەرەبلەردىن 100 مىڭ، جەمئى 200 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىدىن 66 ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالىغان ۋە تاكتىكىلىق ھالدا چېكىنىپ سالامەت قايتقان.

## مەككىنىڭ ئازات قىلىنىشى

1052. سوئال: مەككە قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن ئازات قىلىنغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار مەككىنى ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 20-كۈنى (630م) ئازات قىلىپ، مەدىنىدىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە ئەسكەر تارتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى بۇزغانلىقى ئىدى.

1053. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ئازات بولغان كۈنى قىلغان تۇنجى ئىشى قايسى ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ئازات بولغان كۈنى تۇنجى قىلغان ئىشى كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنى چىقىپ تاشلاپ، كەبىنى پاكىزلاش بولدى. كەبىگە مەككىدىكى ھەر قەبىلە ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلىرىنى تىزىۋالغان بولۇپ، جەمئى 360 بۇت بار ئىدى.

1054. سوئال: مەككە ئازات بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىلغان ئىشى قايسى؟

جاۋاب: مەككە ئازات بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىلغان ئىشى خۇتبە ئوقۇش ۋە مەككىلىك ئۇرۇشچى كۈچلەرنى كەچۈرۈش بولغان ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە فەتھى بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقى ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى قانداق ئېچىنىشلىق ئالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت مېھرى ـ شەپقىتى، كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، كەچۈرۈمچانلىقى قاتارلىق ئەڭ

ئـالىي خىسـلىتى ۋە گـۈزەل ئەخلاقـى بىـلەن ھەممىـگە بىـردەك تونۇلغـان ئۇلـۇغ بىـر ئادەمزاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچنىڭ ئىچىدە ئۈمىدلىرىنى ئـۈزمىگەن ھالدا تۇرۇشاتتى. شـۇ ۋاقىتتـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارغـا خىتـاب قىلىـپ: «ئـى قـۇرەش جامائەسـى! مىنـى سـىلەرنى قانـداق قىلىـدۇ دەپ ئويلايسـلەر؟» دەيـدۇ. ئـۇلار ھەممىسـى بىـر ئېغىـزدىن چىققانــدەكلا «ياخشــىلىقنى كــۈتىمىز. قېرىندىشــىمىز ۋە قېرىندىشـىمىزنىڭ ئـوغلى بولغـان زات كەرەملىكتـۇر» دېيىشـىدۇ. ئانـدىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسســالام مۇنـــداق دەيـــدۇ: «مەنمـــۇ خـــۇددى يۈســـۈپ ئەلەيھىســـسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئېيتقان  بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر  دېگەن سۆزنى ئېيتىمەن. تـارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دەيدۇ.

1055. سوئال: مەككە ئازات بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى قىلغان ئىشى قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مەكـكە ئـازات بولغـان كـۈنى ئـۈچىنچى قىلغـان ئىشـى كەبىنىـڭ ئـاچقۇچىنى ئىگىسـىگە تاپشـۇرۇپ بېـرىش بولغـان ئىـدى. كەبىنىـڭ ئاچقۇچى تارىختىن بىرى ئوسمان ئىبنى تەلھە دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىنىڭ قولىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئازات بولغان كۈنى كەبىنىڭ ئىچىگە كىـرىش ئۈچۈن ئاچقۇچنى ئۇنىڭدىن سوراپ ئېلىـپ، كەبىنـى بـۇتلاردىن تـازىلاپ بولغانـدىن كېيىن، ئاچقۇچنى يەنە ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ قولىغا تۇتقۇزغـان ۋە «بـۇ ئـاچقۇچنى مەڭگۈلۈك ئـالغىنكى، سىـنىڭدىن بـۇنى ھـېچكىم تارتىـپ ئالمايـدۇ، سەندىن تارتىـپ ئالماقچى بولغان ئادەم زالىمدۇر» دېگەن. كەبىنىڭ ئاچقۇچى شۇ 14 ئەسىرلىك ئـۇزۇن تارىختىن بىرى ھازىرمۇ ئوسمان ئىبنى تەلـھە ئائىلىسىنىڭ قولـىدا بولـۇپ كەلمەكـتە. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھۆكـۈمەت خـادىملىرى كەبىنىـڭ ئىشـىكىنى ئېچىشـقا تـوغرا كەلگەنـدە، ئـاچقۇچنى شـۇ ئائىلـىدىن سـوراپ ئالـىدۇ ۋە يەنە شـۇ ئـائىلىگە قـايتۇرۇپ بېرىدۇ.

## تەبۇك ئۇرۇشى

1056. سوئال: تەبۇك ئۇرۇشى قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جـاۋاب: تەبـۇك ئۇرۇشـى ھىجرىيىنىـڭ 9-يىلـى رەجەب ئېيىـدا (630م) بىـزىنتىيە ئىمپېراتورلىقى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە ھۇجـۇم قىلىـپ ئىسلام دىنىنـى يـوق قىلىشـقا ئۇرۇنىشى سەۋەبلىك ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغـان ئۇرۇشـتۇر. تەبـۇك ئۇرۇشـىغا 30 مىـڭ ئىسـلام ئەسـكىرى ئىشـتىراك قىلغـان بولسـىمۇ، بىـزىنتىيە قوشـۇنلىرى ئـۇرۇش

مەيدانىغا كەلمىگەنلىك سەۋەبلىك غەلىبە مۇسۇلمانلارنىڭ بولغان ۋە تەبۇك رايونى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تىنچلىق بىلەن ئۆتكەن.

## ھۇنەيىن ئۇرۇشى

1057. سوئال: ھۇنەيىن ئۇرۇشى قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن بولغان؟

جاۋاب: ھۇنەيىن ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى شەۋۋال ئېيىدا (630 م) بولغان. بۇ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرگىنىگە دەل 19 كۈن بولغان ۋاقىت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلغان بولسىمۇ، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت خام خىيالدىن ۋاز كەچمىگەن ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەرەبلەرنىڭ ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ سەقىف، جۇشەم سەئىد ئىبنى بەكرى ئايماقلىرى كۆپ ساندا ئەسكەر توپلاپ مۇسۇلمانلارغا قارشى رەسمىي تۈردە ئۇرۇش ئېلان قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ھۇنەيىن ئۇرۇشى يۈز بەرگەن.

1058. سوئال: ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

جاۋاب: ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 12 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 10 مىڭى مەككىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن كەلگەن ئىسلام قوشۇنى، 2 مىڭى مەككىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى.

1059. سوئال: ھۇنەيىن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى قايسى تەرەپكە بولغان؟

جاۋاب: ھۇنەيىن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلار تەرەپكە بولغان.

## ۋىدالىشىش ھەججى

1060. سوئال: ھەججەتۇلۋەدا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەججەتۇلۋەدا - ۋىدالىشىش ھەججى دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئادا قىلغان ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن خوشلاشقان تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەجدۇر. ۋىدالىشىش ھەججى ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى (632م) بولغان.

## ۋىدا خۇتبىسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

1061. سوئال: ۋىدالىشىش ھەججىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان خۇتبىنىڭ ئىسمى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلغان كۈنى ئەرەفاتتا

120مىڭ كىشىگە مەشھۇر«ۋىدا خۇتبىسى»نى سۆزلىگەن.

1062. سوئال: ۋىدا خۇتبىسىنىڭ مەزمۇنى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋەدا خۇتبىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

(1) ئىنسانلارنىڭ جانلىرى، ماللىرى، نومۇسلىرى، ياشاش ھوقۇقى، ئەركىنلىكى مۇقەددەستۇر. بۇلارنى ئاياق ئاستى قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

(2) جاھىلىيەتنىڭ بارلىق خۇراپاتلىرى، قان دەۋاسى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(3) ئۆسۈم يېيىش ۋە ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

(4) ئاياللارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئوخشاشتۇر. ئاياللار ئەرلەرگە ۋە ئەرلەر ئاياللارغا قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىشى لازىم.

(5) ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان بىلەن پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشى قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدۇ.

(6) مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك سىنىپ پەرقى ۋە ئايرىمچىلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(7) ھەركىم قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئادالەتلىك ئىش كۆرۈشى لازىم.

(8) باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە قول ئۇزىتىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

(9) ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى خورلىماسلىق ۋە ئاسراش ھەر بىر شەخسنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

## ۋىدا خۇتبىسىدىن كېيىنلا چۈشكەن ئايەت

1063. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خۇتبىسىدىن كېيىن چۈشكەن ئايەت قايسى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋىدا خۇتبىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمدىن ئاللاھ تائالانىڭ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم.سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1] دېگەن ئايىتى چۈشكەن.

(1) مائىدە سۈرىسى3-ئايەت

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

1064. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى قاچان باشلانغان ۋە قانداق كېسەل ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى 632- يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 29- كۈنى باشلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەگكەن كېسەل قىزىتما كېسىلى ئىدى.

1065. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاچان ۋە نەدە ۋاپات بولغان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 632 - يىلى، ھىجرىيەنىڭ 11 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئاينىڭ 12 - كۈنى دۈشەنبە كۈنلۈكتە 63 يېشىدا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

1066. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنازا نامىزى قانداق ئوقۇلغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنازا نامىزى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، يالغۇزدىن ئوقۇلغان يەنى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر- بىرلەپ كىرىپ، ھەر بىرى يالغۇزدىن جىنازا نامىزى ئوقۇپ چىقىپ كەتكەن.

1067. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەدە دەپنە قىلىنغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، مەسجىدى نەبەۋىينىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ شۇ ئورۇندا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

1068. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا كىم باش بولدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن باشلىق قىلىپ سايلىدى ۋە ئۇنى خەلىپە (ئورۇنباسار)دەپ ئاتىدى.

1069. سوئال: خۇلەفائۇرراشىدۇن دەپ ئاتالغان خەلىپىلەر كىملەر؟

جاۋاب: خۇلەفائۇرراشىدۇن ــ توغرا يولـدا ھەققـانىي يۇرگـۈچى خەلىـپىلەر دېـگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلار:

(1) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق.

(2) ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب.

(3) ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئاففان.

(4) ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

بەشنچی بۆلۆم

# مۇئامله

# مۇئامىلە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بىراۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە، چىراي شەكلىگە ياكى ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ئەمەس، پەقەت مۇئامىلىسىگە قاراپ باھا بەرگىلى بولىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشقا، شۇنداقلا بارلىق مۇئامىلىلەردە توغرا، ئادالەتلىك، ھەققانىي بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىناقلىقى، خاتىرجەم ھالدا بەختلىك ھايات كەچۈرۈشى شۇ جەمئىيەتتە ياخشى مۇئامىلىنىڭ ئومۇملىشىشىغا باغلىقتۇر. ۋەزىپىسىنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن ئورۇنداش، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە ئۆز ئارا بىر- بىرىگە كۆيۈنۈش قاتارلىق ياخشى ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى مۇئامىلىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قەدىمدىن بىرى تەكرارلاپ كەلگەن «دىن ـ مۇئامىلىدۇر» دېگەن سۆزىگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئىسلام دىنىدا ياخشى مۇئامىلىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇنىڭغا ئاساسەن دىيەلەيمىزكى، دىيانەت ياكى دىندارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلاپ قويۇش بىلەنلا ئەمەس، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەخلاق ۋە باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. زامانىمىزدا، تاشقى قىياپىتىدە دىيانەتلىك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى بۇزۇق كىشىلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن: ئىسلامنىڭ تاشقى ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، بەش ۋاخ نامىزىنى تەرك قىلمايدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ئەڭ دىندار كۆرۈنىدىغان، ئەمما باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە، كۆرۈنگىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، جورىسىغا ۋە باللىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە چوڭچىلىق قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارنى جاق تويغۇزىدىغان، كىشىلەرنى ئالدايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان، باغرى قاتتىق، ئىستىلى بۇزۇق ئادەملەر بار. مۇنداقلار ئۆزلىرىنى دىندار ۋە ئەخلاقلىق دەپ سانىسىمۇ ئىسلام دىنى ئۇلارنى ئۇنداق سانىمايدۇ.

باشقىلارغا يامان مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە سۆيگۈسىگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر. قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ:

ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى [1] دېگەن. يامان مۇئامىلىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىنى زېدىلەيدىغان، كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، ئاچچىقنى باسالماي چېچىلىش، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق، ئائىلىسىدىكىلەرگە قوپاللىق قىلىش، خىزمەتداشلىرىنى، قوشنىلىرىنى ۋە ئارىلاشقان كىشىلىرىنى رەنجىتىش، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلىش ۋە يالغان سۆزلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى يامان مۇئامىلە تۈرىگە كىرىدۇ. باغرى يۇمشاق، توغرا مۇئامىلىلىك ئادەمنى كىشىلەر سۆيىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقۇسى ۋە مۇئامىلە قىلغۇسى كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر [2].

زامانىمىزدا پەن-تېخنىكا ئىلىملىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن دۇنيا كىچىك بىر مەھەللىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلماقتا. بۇ ئەھۋال ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىرگە باشقا جەمئىيەت ئىنسانلىرى بىلەنمۇ ئىناق، ياخشى ئۆتۈشكە بولغان زور ئېھتىياجنى ھېس قىلدۇرماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات سۈرۈشتىن باشقا يەنە بىر پەرز باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى بۇ ئۇلۇغ دىنغا دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ پەرز ئىسلام ئىستېمالىدا «ئەمرۇ مەرۇپ ـ ۋەز ـ نەسىھەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ پەرزنى بىزگە يادلاندۇرۇپ: (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر [3] دېگەن.

ئەمدى بۇ پەرزنى مۇسۇلمانلار نېمە بىلەن ئورۇندايدۇ ؟

تەبىئىيكى، ئېغىزى ئارقىلىق دەۋەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئەمەلىيىتى ۋە مۇئامىلىسى بىلەن ئورۇندايدۇ. ھازىرقى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 159- ئايەت
(2) تەۋبە سۈرىسى 128- ئايەت
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 110- ئايەت

قىلىش يولىدا مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلغانلىرىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى، سۆزى باشقا، ئەمەلىيىتى باشقا بولغانلىقى ئىدى. شەكسىزكى، كىشىلەرنى ئىمان ـ ئىسلامغا، ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ئىسلامنى ئەمەلىي ھاياتىمىزدا ياشىتىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلامنى ھاياتىمىزدا ياشىتىشنىڭ يولى مۇئامىلىدىن باشلىنىدۇ. ئۇلۇغ يولباشچىمىز ۋە ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، ئەۋزەللىكلىنى ئۆز تۇرمۇشىدا ياشىتىپ كۆرسىتىشتە ۋايىغا يەتكۈزگەن زات ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋىتى چارەك ئەسىرگە يەتمىگەن ئاز بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئورۇن ئالغان.

## دىن ـ مۇئامىلىدۇر

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىردىن مۇئامىلىدۇر. مەسىلەن: ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ناماز ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئىنسانىنىڭ باشقىلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىق تەرەپكە يۈكسەلدۈرىدىغان بىر مۇئامىلە نوقتىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ» [1] دېگەن سۆزىدىكى «يامان ئىشلار» يامان مۇئامىلە ۋە ناچار ئەخلاقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مۇندىن باشقا ناماز ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ياردەم سورايدىغان ئەخلاقىي يۆلەنچۈكىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار» [2] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى چوڭ ئىبادەت بولغان زاكات بايلاردىن ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپلا قالماستىن، ئىنساننى بېخىللىق، پەخسىلىق كىرلىرىدىن پاكلاپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي دۇنياسىنى بېيىتىدىغان، ئاللاھ ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشىلايدىغان بىر مۇئامىلە خاراكتېرلىق ئىبادەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «ئۇلارنى (بېخىللىق كىرلىرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاكلىشىڭ ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتىشىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىن» [3] دەپ بۇيرىغان.

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 45- ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 153- ئايەت

(3) تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت

ئۈچىنچى چوڭ ئىبادەت بولغان روزا نەپسنى ئىستەكلىرىدىن توسۇلۇشقا كۆندۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە تەقۋالىققا ئادەتلەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەخلاقىي ئىبادەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئاللاھ ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىسىدۇر. چۈنكى نەپسنى يىغىپ ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى كىشىدە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش روھىنى ئويغىتىدۇ. ئاللاھ تائالا: ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىپ تەقۋالىق دائىرىسىگە كىرىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغىنىدەك سىلەرگە (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [1] دېگەن سۆزىدە روزا تۇتۇش ئارقىلىق «تەقۋالىق» ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تەقۋالىق ـ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن يامان ئەخلاق، يامان مۇئامىلە ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ھەقىقىي مەنىدىكى تەقۋالىق ياخشى مۇئامىلىلىك بولۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

تۆتىنچى چوڭ ئىبادەت بولغان ھەج ئىنسانلار بىلەن قانداق ئۆتۈش، قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگىتىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىق ئىبادەتتۇر. ئادەتتە ھەج پائالىيىتى نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن توپلىنىپ ئورۇندىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا ئاچچىقلىنىش، قوپاللىق قىلىش، گۇناھ ئىشلەش ۋە ئايرىمچىلىق قىلىش چەكلىنىدۇ. شۇڭا ھاجىلار باي- گاداي، رەئىس ـ پۇقرا، رەڭ، تىل ۋە ئىرق پەرقلىرىنى يوقىتىپ يوق قىلغان ھالدا، ھەممىسى بىرخىل ئاق ئېھرامغا يۆگىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«كىمكى جېدەل ـ ماجرا قىلماستىن، گۇناھ ئىشلىمەستىن ھەج قىلىدىكەن، ئۇ ئانىسىدىن ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاقتەك گۇناھتىن پاك بولىدۇ» [2] دېگەن مۇبارەك ھەدىسىمۇ ھەج ئىبادىتىنىڭ تەربىيىلىنىش پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھاجىنىڭ شۇ پاكلىقنى ساقلىيالىشى ئۇنىڭ ھەج پائالىيىتىدە ئالغان تەربىيىسىنى داۋام قىلدۇرۇشىغا باغلىق.

ئەپسۇس بىلەن شۇنى ئېيتىمىزكى، يۇقىرىقى ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەر ئەشۇ ئاساسلىق غايىسىنى ۋە نىشان قىلىنغان مەقسەتلىرىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، بۇ ئىبادەتلەر خۇددى جانسىز بەدەنلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقتىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسالمىغان، تەقۋالىقنى بەرپا قىلالمىغان، مۇئامىلىدە دۇرۇس بولۇش ئەخلاقىنى تىكلىيەلمىگەن. قىسقىسى بۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتىكى مۇددىئا ئەمەلگە ئاشمىغان.

(1) بەقەرە سۈرىسى 183- ئايەت
(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىبادەتلەر غايە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنى تەقۋالىق، گۈزەل ئەخلاق، ياخشى مۇئامىلە، ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ۋاستىلاردۇر.

مۇندىن باشقا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھاياتلىقتا ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان پۈتۈن ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن مەخسۇس مۇئامىلە قائىدىسى باردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس، توغرا ۋە ئادالەتلىك بولۇشى تەلەب قىلىنىدۇ.

## مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1070. سوئال: مۇسۇلمان ئادەم كىملەرگە قارىتا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەم ھەممىگە ئىسلامىي ئەخلاق دائىرىسىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، تەپسىلىي قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىلەر:

1. ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
2. ئائىلىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش
3. ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش
4. تۇغقانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
5. قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
6. خىزمەتداشلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
7. دوستلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش
8. جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
9. ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
10. مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
11. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.
12. ھايۋانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.

# مۇئامىلە پرىنسىپى

1071. سوئال: ئىنسان ئۆزىگە قارىتا قانداق ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك؟

جاۋاب: ئىنسان ئەڭ ئاۋۋال ئۆز- ئۆزىگە توغرا بولۇشى، ئۆزىنى ئالدىماسلىقى، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى، ئۆزىنىڭ روھىغا، دىنىغا، ئەخلاقىغا ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى لازىم. بۇ دېگەنلىك ئۆزىگە ھەر ئىشتا توغرا ۋە قائىدە ــ يوسۇنلۇق بولۇش تەلىپىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىقى، ئۆزى ئۈچۈن خالىمىغان زىيان ــ زەخمەتلەرنى باشقىلارغا كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشى، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، قىمار ئويناشقا ئوخشىغان ئۆزىگە بىۋاسىتە زىيانلىق بولغان ئىشلارنى قىلماسلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەيىبكار بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ناشايان ئىشلاردىن ساقلىنىشى، ھەر ۋاقىت ئۆز ــ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئەقىل، ۋىجدان ۋە شەرىئەتنىڭ مىزانىغا سېلىپ تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. «قىيامەت كۈنى سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن ئاۋۋال سىلەر ئۆز ــ ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار»[1] دېگەن كۆرسەتمىمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىچە قىلىش ئۆزىنى ئالدىغانلىق ۋە ئۆزىگە قارىتا ياخشى مۇئامىلىدە بولمىغانلىقتۇر.

(1) ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۆزى

## ئائىلە ھاياتىدىكى ئىسلام پرىنسىپلىرى

1072. سوئال: ئىنسان ئائىلىسىدىكىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك؟
جاۋاب: بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە قارىتا مۇئامىلىسى ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغىنىڭلاردۇر» دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە ياكى سىرتتىكىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۇنى ياخشى ياكى يامان دەپ باھالىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى ئىنسان سىرتتىكىلەرگە ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش نىيىتى بىلەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە قىلىدىغان مۇئامىلىسى ئەڭ تەبىئىي مۇئامىلە بولۇپ، شۇ ئادەمگە قويۇلغان دىئاگنوزدۇر.
بىراۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ئۇنىڭ جورىسى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
1073. سوئال: ئىنسان ئۆزىنىڭ جورىسىگە قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك؟
جاۋاب: ئىسلام قانۇنىدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە ھەر بىرىنىڭ ئۇستىدىكى قارشى تەرەپنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ئۇنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىشلىرىنى توغرا يولغا سالىدىغان بىرەر مەسئۇلغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، ئائىلىمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىگە مەسئۇللۇق قىلىدىغان بىرەر مەسئۇلنىڭ شۇ ئائىلىدە بولۇشىغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىقتۇر. تەبىئىيكى، بۇ مەسئۇللۇققا ئەر كىشىلەر ئايال كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇناسىپراقتۇر. چۈنكى، ئەر كىشىلەر ئومۇمەن جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك، سوغۇققان بولغاچقا، ئۇلار ئائىلە ئىشلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن باشقۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلىپ: ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر [1] دېگەن.

(1) نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى ۋە ئائىلىنى ھىمايە قىلىپ، ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىگە ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. قىسمەن ئاياللار بۇ ماۋزۇدا بەزى ئەرلەردىن قابىلىيەتلىك بولسىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ ئائىلىنى باشقۇرۇش ئىشىدا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئەرلىرىنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارغا بويسۇنۇشى زۆرۈر. بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى خوجايىن، ئاياللىرىنى بولسا، خىزمەتچى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى ھەدەپ خورلايدىغان، ئۇرۇپ تىللايدىغان ئەرلەر ھەقىقەتەن، نادان ھەم ئاڭسىز كىشىلەردۇر.

تۇرمۇش پەقەت ئەر ــ ئايال ئىككىسىنىڭ بىر ــ بىرىنى چۈشىنىشى ۋە بىر-بىرىگە يول قويۇشى بىلەن داۋام قىلىدۇ. چۈنكى ئەر- خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ بەختلىك ھالدا داۋام قىلىشى ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تونۇشىغا باغلىق، ئۇنىڭ سائادىتى ئەر خوتۇن - ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىگە ۋە سەمىمىي مۇئامىلىسىگە باغلىقتۇر. ئەر ــ ئايال ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىنى ھىمايە قىلىپ قوغدىشى، بىر- بىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشى ۋە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى ساقلىشى بەختلىك ئائىلىنىڭ كاپالىتىدۇر.

**ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى**

1074. سوئال: ئەركىشىنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەركىشىنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) ئەرنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، ئۇنى ئاسرىشى، پۈتۈن مۇھەببىتىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى.

(2) ئايالىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىغا، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغان چاغلاردىكى بەزى يېقىمسىز مۇئامىلىسىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى، دەردىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىشى.

(3) ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، ئايالىغا بولغان سۆيگۈسىنى ھەر ۋاقىت ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى.

(4) ئايالىنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن ۋە تەمەلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىشتا غورۇرلۇق بولۇشى. ئايالىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنى قەدىرلىشى، ئائىلىنىڭ بوزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن غەپلەتتە قالماسلىقى. لېكىن

ئايالنى كۆنلىدىم دەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جاسۇسلۇق قىلماسلىقى، بەتنىيەتلىك بىلەن ئايالنى ئاساسسىز قارىلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كىشىلەرنى يامان گۇمان قىلىشتىن مەنئى قىلغان.

(5) ئايالنى ئىمكان قەدەر ئاتا - ئانىلاردىن ئايرىم ئۆيدە تۇرغۇزۇشى، ئۆينىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى، ئايالغا قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ پۈتۈن يۈكلىرىنى يۈكلىۋالماسلىقى.

(6) ئايالنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەھرىنى ۋە باشقىمۇ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى.

(7) ئايالغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى ـ ناماز، روزا، زىكىر، دۇئا ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىشى ھەم ۋاقتىدا ئورۇندىشىغا ئۈندىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشى.

(8) ئايالى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۇرماستىن نەسىھەت قىلىپ يولغا كىرگۈزۈشى، ئىمكان قەدەر ئايالنى ئۇرماسلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىنى ئۇرمايدىغانلاردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئايال ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە ۋە ئەڭ قاتتىق جازا ۋاقىتلىق ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلماسلىقتۇر.

(9) ئايالى ناۋادا تۇغۇشنى ئارزۇ قىلسا ياكى يامان غەرەز بىلەن ئەمەس، بەلكى يوللۇق ئۆزرىسى تۈپەيلى تۇغماسلىقنى تاللىسا، ئۇنى تۇغۇشقا زورلىماستىن، ئۆزئارا كېڭىشىش بىلەن ئىش كۆرۈش.

(10) ئايالنى ياكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ياكى تۇغقانلىرىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى، ھاقارەتلىمەسلىكى، مەسخىرە قىلماسلىقى.

(11) ئايالغا بالىلارنى بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىشى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللىرىغا ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشەتتى.

(12) بىردىن ئارتۇق ئايالى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك ئىش كۆرۈشى.

(13) ئايالى بىلەن ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئازار بەرمەستىن، ئەيىبنى ئاچماستىن چىرايلىقچە ئاجرىشىشى، ئىلگىرى بەرگەنلىرىنى ۋە تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلماسلىقى.

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

يـۇقىرىقىلار ئەر كىشـىنىڭ ئۇسـتىدىكى ئايالىغـا ئۆتەشـكە تېگىشـلىك بولغـان ھەقلەرنىــڭ ھەممىســى ئەمەس، بەلكــى مۇھىملىرىــدىن بىــر قىســمىدۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ۋىدالىشــش ھەججىــدە ســۆزلىگەن خۇتبىســىدا مۇســۇلمان ئەرلەرگە ئاياللارنى ئاسراش توغرۇلۇق ناھايىتى مۇھىم ۋە تەسىرلىك ۋەسىيەتلەرنى قىلغان.

## ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى

1075. سوئال: ئايالنىڭ ئېرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۆتەيدىغان ھەقلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئايالنىڭ ئېرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۆتەيدىغان ھەقلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئېرىنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ۋە جىمى تۇغقانلىرىنىڭ ھەققىدىن ۋە مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى.

(2) ئايلىق ئادەت ۋە تۇغۇتلۇق ۋاقىتلىرىدىن باشقا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىمكان قەدەر ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى. ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئومۇمەن، مۇشۇ سەۋەبتىن بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ باشقا ئاياللارغا بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ رىغبىتىگە ماسلاشماي ئۇنى رەنجىتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

(3) ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ئۆيىدىن بىر نەرسە بەرمەسلىكى. ئەمما يېمەك - ئىچمەكتىن باشقىلارغا سەدىقە بەرسە بولىدۇ.

(4) ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى، ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئەر - ئايال ھەر قانداق كىشى بىلەن ئارىلاشماسلىقى.

(5) ئاللاھ بەرگەن رىزىققا قانائەتلىك بولۇشى، قاتتىقچىلىق كۈنلىرىدە ئېرىدىن شىكايەت قىلماسلىقى، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھنى ئۇنۇتماسلىقى، ئېرىنىڭ مېھنىتىنى ھەر ۋاقىت قەدىرلىشى. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئېرىغا ھەمىشە: "ھارام كەسىپتىن ساقلانغىن، بىز تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز، ئەمما دوزاخ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز" دەيدىغان خوتۇندۇر.

(6) ئېرىدىن باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن زىننەتلەنمەسلىكى، باشقىلارغا يۈز، قوللىرى ۋە پۇتلىرىدىن باشقا ئەۋرەت ئەزالىرىنى نامايان قىلماسلىقى، قىسقا، نېپىز كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىشى. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى ساقلىشى. ئەر ـ خوتۇنلۇق سىرلىرىنى سىرتقا يايغۇچىلارغا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغان ۋە ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھېچ سۆز قىلماستىن، شەپقەت نەزەرى بىلەنمۇ قارىماستىن جازالايدىغانلار قاتارىدىن سانىغان.

(7) ئېرىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئېرى بولمىغان جايلاردا پاراڭلاشماسلىقى، ئېرى يوق ۋاقىتتا كەلگەن يالغۇز، ئەر مېھماننى يالغۇز قارشى ئالماسلىقى. ئۆزى يالغوز بولسا، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلماسلىقى.

(8) ئېرىگە ھۆسىن ـ جامالى، بايلىقى ۋە مەنسىپى بىلەن پەخىرلىنىپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى، يەنى ئايال ئېرىدىن بىرقەدەر ئارتوق جامالغا، بايلىققا، مەنسەپكە ياكى ئېسىل نەسەبكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ چوڭچىلىق قىلماسلىقى.

(9) پەرزەنتلىرىگە مېھرىبان بولۇشى، ئۇلارنى ئۇرۇپ، تىللىماستىن ياخشى تەربىيىلىشى، ئېرىگە تىل ئۇزارتماسلىقى.

(10) ئۆي ئىچىنى پاكىز، رەتلىك تۇتۇشى، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشى.

(11) ئايال كىشى قېيىن ئانىسى ۋە قېيىن ئاتىسىنى ھۆرمەتلىشى، ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ياخشى دۇئالىرىنى ئېلىشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى ئۇمۇ شۇلارغا قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى كېيىنچە كېلىن ياكى كىئوغۇللىرىدىن كۆرىدۇ. ياخشى ئايالLارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئائىلىلەر گۈللىنىدۇ، ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى تاپىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر ئەرباب‌لارمۇ ئەنە شۇنداق ياخشى ئانىلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىشىپ ئۆسكەن كۆچەتلەردۇر.

## ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتلەر ھەققىدىكى ئىسلام پرىنسىپى

1076. سوئال: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك ئامانەتلەردۇر. ئاتا ـ ئانىلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىدىن سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ جاۋابكارلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار [1].

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىمان، ئىسلامنى ئۆگىتىپ، ياخشى ـ يامانىنى بىلدۈرۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىپ بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىقىلارنى ئاللاھ بۇيرىغان بويىچە ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغا باللار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«ھەرقانداق بالا ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھازىر بولغان تەبىئەتتە بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[2] دېگەن. دېمەك، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىشىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلار بالىلىرىنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، دىن-دىيانەتلىك قىلىپ ياخشى تەربىيىلەپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر بالىلىرىنى ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا ـ ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايە قىلغان كىشى قانداق جاۋابكالىققا تارتىلسا، پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچىكىنى زايە قىلىۋەتكەن ئاتا ـ ئانىلارمۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق جاۋابكارلىققا

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى

تارتىلىدۇ. چۈنكى پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئامانەتلىرىدۇر.

**ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرى**

(1) باللارغا ئاتا ــ ئانا بولىدىغانلارنىڭ ياخشى تاللىنىشى

بۇ ماۋزۇ ئاتىلار بىلەن ئانىلارغا ئوخشاشلا قارىتىلغان بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ دىيانەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە ئىسىل - پەزىلەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاتا بولغۇچىنىڭ كېلەچەكتە باللىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغان ئايالنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى زۆرۈر بولغىنىدەك، ئانا بولغۇچىنىڭمۇ كېلەچەكتە باللىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان ئەرنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا ياخشى تاللىشى زۆرۈردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرگە قارىتىپ: «كىشىلەر ئاياللارنى تۆت نەرسىگە قاراپ تاللايدۇ: ئۇلارنىڭ ھۆسىن ــ جامالىغا، بايلىقىغا، نەسەبىگە ۋە دىيانىتىگە. سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى تاللىغىن. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ زىيان تارتىپ قالىسەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسى ئارقىلىق دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق، ياخشى نەسىل يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ نەسىلگە ئانا بولغۇچى ئايالنى دىيانەتنى ئاساس قىلغان ھالدا، ياخشى تاللاپ، ئىلغاشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلغان. ئىسىللىك، ياخشىلىق پەقەت دىيانەت بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. بىراۋنىڭ دىيانىتى بولماستىن، قانچىلىك ئىسىل، شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى-شەرىئەت ئىستېمالىدا- ياخش دېگىلى بولمايدۇ.

ئاياللارمۇ كېلەچەكتىكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان جورىسىنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى مىزان قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزنىڭ ئائىلىسىگە: «ئەخلاقى بىلەن دىيانىتى سىلەرنى رازى قىلىدىغان قانداقلا بىر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى دەر ھال ئۆيلەندۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزۇقچىلىقنى تېرىغان بولىسىلەر»[2] دېيىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ جور تاللىشىدىكى ئىسلامىي پرىنسىپنى بايان قىلىپ بەرگەن.

(2) باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش

باللارغا گۈزەل - چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش ئائىلىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

تېگىشلىك ئىشتۇر. ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كامىل بىر دىن بولغانلىقتىن، بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانلارغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشنى ئۇنتۇمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرگە چىرايلىق، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش ھەققىدە: «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئىسمىڭلار بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا بالىلىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ھەمىشە گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى، يېقىمسىز ئىسىملارنى گۈزەل، يېقىملىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ قوياتتى.

(3) بوۋاقلارنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش.

ئەقىقە- بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەن چاغدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن يوقسۇللارنى تائاملاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىقتۇر. يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ چېچىنى تولۇق چۈشۈرۈش سۈننەت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر. ئەمما قىز بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشنىڭ سۈننەتلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپ بار. شۇنداقتىمۇ چۈشۈرۈشنىڭ بوۋاق ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلىمەكتە.

(4) ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. يەھۇدىي دىنىدىكىلەر— گەرچە ئەسلىدىكى يەھۇدىي دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ــ ھازىرمۇ ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما خرىستىئانلار، - گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇھەقتە تەۋسىيەلىرى بولغان بولسىمۇ- بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي كەلمەكتە.

(5) بالىلارنى بېقىش

ئاتىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتلەرنى بېقىش پەرزدۇر. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن چىقىش پەقەت ئاتىنىڭ ئۈستىگىلا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئاتا بولغان كىشى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا نەپىقە (چىقىم) قىلىش ئارقىلىق ئائىلىسىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئائىلىنىڭ نەفەقىسى سىلە - رەھىم قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ياخشىلىقلاردىن چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە نەفەقىسىنىڭ ــ ئادا قىلىنىشتا ــ

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئالـدىنقى ئورۇنـدا تۇرىـدىغانلىقى ھەققـدە مۇنـداق دەيـدۇ: «ياخشـىلىقنى ئـاۋۋال ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بالا مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن، ماڭا ئـاش ـ نـان بەرگىـن! دەيدۇ»[1].

بالىلىرىنى ياخشى باقماي، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايە قىلىۋەتكەن ئاتا ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى بالىلارنىـڭ ھـال ـ ئەھۋالـدىن خەۋەر ئالمـاي، ئـۇلارنى ئـۆز ھاللىرىغـا تاشـلىۋېتىش ئەڭ ئېغىـر گۇنـاھى كەبىـرىلەردىن سـانىلىدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار ھەققىدە مۇنـداق دەيـدۇ: «بىراۋنىـڭ گۇناھكـار بولۇشـى ئۈچـۈن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماي، زايە قىلىۋېتىشى يېتەرلىكتۇر»[2].

(6) بالىلارنى تەربىيىلەش

ئاللاھ ئىنسانىيەتنى، ئۆزىنىڭ يەرشارىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرەققـي قىلدۇرۇشـتىن ئىبـارەت بولغـان ئۇلۇغـۋار ئىرادىسـىنى ئەمەلـگە ئاشـۇرۇش ئىشـىدا ئۆزىـدىن خەلىـپە (ئـورۇن باسـار) قىلىـپ يـاراتتى. دۇنيانىـڭ گۈللىنىشـى ۋە جەمئىيەتنىـڭ تەرەققىيـاتى پەقەت ئىنسـانلار بىـلەن بولىـدۇ. ئىنسـانلار پۈتـۈن كائىناتنىـڭ خوجـايىنى. شـۇنداق ئەھمىيەتلىـك ئىنسـان نەسلىنىڭ ئەسىرلەر بـويى داۋاملىشىپ كېلىشى پەقەت بىر ئەر، بىر ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاساستىن قۇرۇلغـان ئائىلىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە. ئـائىلە ھەرقانـداق ئىنسـاننىڭ ئىپتىـدائى مەكتىبـى بولـۇپ، بـۇ مەكتەبنىـڭ مەسئۇل مـۇئەللىملىرى ئاتـا بىـلەن ئانـا ئىككىسىدۇر. ئىنساننىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايـدىلىق بولـۇپ يېتىلىـپ چىقىشـى، پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇنجى قېتىم ئالغان تەلىم ـ تەربىيىسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئـائىلە تەربىيىسـى ئىنسـان ھاياتىـدا ئىنتـايىن مـۇھىم ئـورۇن تۇتىـدۇ. بـالىلارنى كىچىكىـدىن ئىمـان، ئىسـلام ئۆگىتىـپ ۋە ياخشـى ـ يامـاننى بىلـدۈرۈپ، راسـت سۆزلەيدىغان ۋە توغرا ئىش قىلىدىغان قىلىـپ تەربىـيىلەپ چىقىـش ئاتـا ـ ئانىلارنىـڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بـالىلار بـالاغەت ياشـلىرىغا يېتىشـى بىـلەن ئـۇلار ھەرخىـل ئويـۇن ـ تاماشـالار ۋە كۆڭـۈل ئېچىشـلار ئـارقىلىق بوشـلۇقلىرىنى تولدۇرۇشـقا تىرىشـىدۇ. بـۇ دەۋر ئاتـا ـ ئانىلارنىـڭ پەرزەنتلىـرىگە ئەڭ دىقـقەت قىلىشـى زۆرۈر بولغـان ئەھمىيەتلىـك بىـر دەۋردۇر. بـالىلارنى بـۇ ياشـلىرىدا، تەن ساغلاملىقىغا پايـدىلىق بولغـان پـاكىز، تەن ـ تەربىــيە ۋە باشــقىمۇ ئىجــابىي پائــالىيەتلەر بىــلەن مەشـغۇل قىلمىغانــدا، ئــۇلار

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز يامان دوستلاردىن يىراقلاشتۇرۇشى ۋە بالىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئەڭ زىيانلىق بولغان تاماكا، ھاراق، زىنا - پاھىشە قاتارلىق يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى قەتئىي چەكلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا بارلىق يامان ئادەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن تامامەن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددى بىرەر يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھۇشيار بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر. قىسقىسى، ئاتا — ئانىلار بالىلارنى ئېتىقادىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

(7) بالىلارنى ئوقۇتۇش

بالىلارنى قايسى پەنلەردە بولمىسۇن، ئوقۇتۇش ياكى ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ كەسىپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگىتىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىندۇر.

بالىلارغا دىنىي بىلىملەردىن ئالدى بىلەن ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ياخشىلىق - يامانلىقنى ، ھارام - ھالالنى، ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى، ئىسلامىي ئەدەب - ئەخلاقلارنى ۋە باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئەيندۇر.

ئەمما بالىلارنى دىنىي ئىلىملەردە بولامدۇ، ياكى پەن بىلىملىرىدە — دوختۇرلۇق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە ، فىزىكا ، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، پەلسەپە ۋە باشقىلار قاتارلىق پەنلەرنىڭ قايسىبىرىدە ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش پەرز كۇپايە بولۇپ سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالۋۇالقى چاقىرىقى بولغان ۋە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن "ئوقۇش، ئۆگىنىش" بۇيرۇقى، دىنىي ئىلىملەرگىلا ياكى مەخسۇس بىرەر پەنگىلا قارىتىلغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ ، كائىناتنىڭ ئىگىسىنى تونۇتىدىغان، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

(8) باللارنىڭ تويلىرىنى قىلىش

ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئوغۇللارنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى يەردىن ئۆيلەپ قويۇش، قىزلارنىمۇ دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى يەرلەرگە ياتلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ياكى باللارنىڭ بەزىبىر تەنتەكلىكىدىن نارازى بولغانلىقنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەر قانداق ئاتا - ئانا ئىسلام نەزەرىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. قىز - ئوغۇللارنىڭ توي ئىشلىرىنى بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئىجرا قىلىش شۇنچىلىك كۆپ ياخشىدۇر. چۈنكى قىز - ئوغۇللار تۇرمۇش قورۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى يامان ئىشلارغا بېرىلىشتىن تىزگىنلەپ قالالايدۇ. ھەمدە ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قەدرىگە بۇرۇنراق يېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنەتلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

**ئەقىقە توغرۇلۇق مەسىلىلەر**

1077. سوئال: ئەقىقە قىلىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ئەقىقە قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇملىششى زۆرۈر بولغان تەكىتلىك سۈننەت ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەقىقە قىلىشتا ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ. ئەقىقە ئۈچۈن بوغۇزلىنىدىغان قوينىڭ قۇربانلىققا يارايدىغان قويدىن بولىشى شەرتتۇر. ئەقىقىنى بوۋاق تۇغۇلۇپ 7 كۈندىن كېيىن قىلىش ئەۋزەل سانالغان.

1078. سوئال: ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىر قوي، قىز بالا ئۈچۈن ئىككى قوي بوغۇزلاش شەرتمۇ؟

جاۋاب: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىر قوي، قىز بالا ئۈچۈن ئىككى قوي بوغۇزلاشقا بۇيرىغان»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئوغۇللار ئۈچۈن ئىككى قوي بوغۇزلاش سۈننەت. ئەمما ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن كىشىلەر بىر قوي بوغۇزلىسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە: ﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار[2]﴾ دەپ بۇيرىغان.

1079. سوئال: قوي بوغۇزلىماستىن گۆش ئېلىپ تارقاتسا بولامدۇ؟

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دېيىلگەن ھەدىس.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 16-ئايەت.

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قوي بوغۇلاش ئىبادەت بولۇپ، خۇددى ھاجىلار ھەج جەريانىدا قۇربانلىق قىلغىنىغا ئوخشاش ئەقىقە قىلىشتىمۇ مال بوغۇزلاپ، قان ئېقىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىراۋ ئەقىقە قىلىشتا، قوي ئېلىپ بوغۇزلايدىغان پۇلغا تەييار گۆش ئېلىپ، ئۇنى يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ تارقىتىپ بەرسە، سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئەلۋەتتە تاپىدۇ. ئەمما بۇ ئەقىقە قىلغانغا ياتمايدۇ.

1080. سوئال: بوۋاقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى نېمە؟

جاۋاب: ھەرقانداق ھاياتلىق ئىگىسىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشى ۋە ساقلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى كېرەك. ئوزۇقلارمۇ ئۆز تەركىبلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بوۋاقلارنىڭ ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ پايدىلىق ئوزۇقى سۈتتۇر. سۈتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى ساغلام ئانىنىڭ سۈتى بولۇپ، ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەڭ ئاز دېگەندە 24 سائەت ئانا سۈتىنى ئەمدۈرۈش ئۇنىڭ تەن ساقلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى تىببىي يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبلىرى بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ياسالغان سۈت تۈرلىرىنىڭ تەركىبلىرىدە تېپىلمايدۇ. شۇڭا بوۋاقلارنى ئۇلار ئالتە ئايلىق بولغىچىلىك پەقەت ئانا سۈتى بىلەنلا ئوزۇقلاندۇرۇش تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنماقتا.

## ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ۋە خەتنە توي ھەققىدىكى مەسىلىلەر

1081. سوئال: ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئادىتى قاچان پەيدا بولغان؟

جاۋاب: ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3500- يىللارغا ئائىت بابىل مەدەنىيىتى قولىيازمىلىرىدا ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2200- يىللاردا مىسىردا ئۆتكەن ئانخ ئامۇن قەبرىسىدىن تېپىلغان قولىيازمىلاردا ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشتىن ئاۋۋال خەتنە قىلىنىدىغان ئورگاننى مەخسۇس دورىلار بىلەن مەست قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ رەسمىي دىنىي تۈسكە كىرگەن بىر ئادەت.

1082. سوئال: ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش ئىش ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەزەلدىنكى ئادىتىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار: ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش،

قولتۇقلارنىڭ تۈكىنى تازىلاش، تىرناقلارنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىشتۇر»[1]. ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش مەسىلىسىدە ئىسلام مەزھەبلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پەرزدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىدە سۈننەتتۇر.

1083. سوئال: خەتنە قاچان قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئەرەب مەملىكەتلىرىدە بالا تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ خەتنىسىنى قىلىۋېتىش ئادىتى بار. بەزىدە بالا تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن خەتنىسىنى قىلىدۇ. ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولمىسا بۇنىڭدىن كېچىكتۈرۈۋېتىمەيدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تونۇلغان مەشھۇر مېدىتسىنا ئالىمى دوكتور مۇھەممەد ئەلى بار مۇنداق دەپ يازغان: «تىببىي تەتقىقاتلار ئوغۇللارنى كىچىك يېشىدىلا خەتنە قىلىشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. باللارنى تۇغۇلغىنىغا 40 كۈن تولماستىن خەتنە قىلىش تىببىي جەھەتتىن ياخشىراق»[2].

ئەمما ئۇيغۇرلار ۋە شۇنداقلا بارچە تۈركىي خەلقلەر ئوغۇل باللىرىنىڭ خەتنىسىنى باللار6-7 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن قىلىدۇ.

1084. سوئال: خەتنە قىلىشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ئەيدىز كېسىلىدىن ساقلىنىشنىڭ بىر چارىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يەنە ئافرىقا مەملىكەتلىرىدە ئېلىپ بارغان تىببىي تەتقىقات نەتىجىسىدە، خەتنە قىلىنغانلارنىڭ HIV ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ خەتنە قىلىنمىغانلارنىڭكىدىن 50% تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. 2006-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي ئافرىقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بۇرۇنقىسىنى تەكىتلىگەن.

تىببىي مۇتەخەسسىسلەردىن دوكتور ھېلبىرگ مۇنداق دەپ يازغان: «تىببىي تەتقىقاتلار جىنسىي ئورگانىدا بولىدىغان راكنىڭ خەتنە قىلىنغانلاردا ئىنتايىن ئاز كۆرىلىدىغانلىقىنى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلاردا مۇنداق راكنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوغۇل باللىرىنى كىچىك يېشىدىلا خەتنە قىلىدۇ».

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) دوكتۇر مۇھەممەد ئەلى بارنىڭ«قۇرئان كەرىم ۋە تىببىي تەرەققىيات» ناملىق ئەسەرىدىن.

**خەتنە توي قىلىش مىللىي ۋە دىنىي ئىپسىل ئادەتتۇر**

1085. سوئال: خەتنە تويى قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: خەتنە توي قىلىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئىپسىل ئەنئەنىلىرىدىن بولۇپ، دىنىمىزدا بۇيرۇلغان بىر ئەمەلنى ئادا قىلغانلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتكە شۈكۈر ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ. خەتنە توي خەتنىسى قىلىنغان باللار ئۈچۈن زور خوشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خەتنە تويى بولغان كۈن ئۇلار ئۈچۈن راستىنلا بايرام بولىدۇ. دوستلىرى، تۇغقانلىرى ئۇنى مۇبارەكلەپ ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

ئاتا-ئانىلارمۇ بايرام خوشاللىقىنى ياشايدۇ، ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ، قازان ئېسىپ بۇ خوشاللىقنى تەنتەنە قىلىدۇ. باللارنىڭ خەتنە تويىنى قىلىش دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنە بولۇپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈردۇر. باللارنىڭ خەتنە تويىنى قىلىش ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ شاملارنى ياققاندىن نەچچە ھەسسە ياخشى ۋە ئېپسىل پائالىيەتتۇر. ئەكسىچە، تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ بايرام قىلىش بىزنىڭ نەدىنىي، نە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن ئەمەس.

**ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىغا قارىتا مۇئامىلىسى**

1086. سوئال: ئاتا ـ ئانىلار باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىلار باللارغا تۆۋەندىكىدەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك:

(1) باللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

باللارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا ئىتائەت قىلىشى ۋە سۆزىگە كىرىشى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، مېھرى - مۇھەببىتىنى ۋە شەپقىتىنى بېغىشلىشى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىشى كېرەك. باللارغا ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئاچچىقلىماسلىق، ئۇلارغا كەمچىلىكلىرىنى تونۇتۇشتا، مۇناسىپ ئورۇندا بىرگە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئاندىن كەمچىلىكلىرىنى سىلىق، مەنتىقلىق ئۇسۇلدا ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن توغرا نەسىھەت قىلىش، تەربىيە كۆرگەن ئاتا - ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىقتۇر.

(2) باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش

باللار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش كېرەك. بىرىنى - بىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شەپقەت ئىزھار قىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنى رەنجىتمەسلىك لازىم. باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىق ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىغىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە كەلمەيدۇ. بۇ،

ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھ سانىلىدىغان يامان ئىشتۇر. نۇئمان ئىبنى بەشىر بالىلىرىدىن بىرسىگە ئالاھىدە بىر نەرسە بەرمەكچى بولۇپ، بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:“ سېنىڭ باشقا بالىلىرىڭمۇ بارمۇ؟” دەپ سورايدۇ. نۇئمان جاۋاپ بېرىپ“ ھەئە، باشقا بالىلىرىممۇ بار” دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يەنە “ باشقا بالىلىرىڭغىمۇ بەردىڭمۇ؟” دەپ سورىغاندا نۇئمان “ ياق” دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “ مەن بۇنداق ھەقسىزلىككە گۇۋاھ بولمايمەن» دەپ ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئومۇم قىلىپ: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار»[1] دەيدۇ. ئادالەت مال ـ دۇنيادىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇئامىلىلەردە تەلەب قىلىنىدۇ.

(3) بالىلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلماسلىق (يەنى ئۇلارنى قارغىماسلىق)

ھەمىشە بالىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى تىلەپ ياخشى دۇئا قىلىش لازىم. ئۇلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە يامان ئىشتۇر. بولۇپمۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئاز ـ تولا نادانلىقلىرىغا ئاچچىقلانغانلىقتىن ئۆزلىرىنى تۇتالماي، ئېغىزلىرىنى قويۇۋېتىشكە ئالدىرايدۇ ـ بالىلىرىغا بەددۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ سۆكىدۇ. بۇ ئىسلام نەزەرىدە خاتا ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزۈڭلارنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ نېمە سورالسا بېرىدىغان بىر سائىتى بار، سىلەرنىڭ بەددۇئايىڭلار شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالمىسۇن»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(4) بالىلارنى ئەپۇ قىلىش

بالىلارنىڭ تەنتەكلىكىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارغا تامامى مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىق ۋە كەڭ قورساقلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلارغا رەھىم قىلمىغانلارغا رەھىم قىلىنمايدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

(5) بالىلارغا كەلسە ـ كەلمەس ئاچچىقلانماسلىق

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(3) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

باللارغا تولا ئاچچىقلىنىش ھەرگىز ئىجابى نەتىجە كەلتۈرمەيدۇ. باللارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە بولۇمسىز قىلىقلىرىغا ئاچچىقلىنىشنىڭ ئورنىغا، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ سىلىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا توغرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىقتۇر. ئۇلۇغىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باللارغا قەتئىي ئاچچىقلانمايتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە 10 يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ماڭا بىرەر قېتىممۇ ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلمەيمەن. خاتا قىلغان ئىشلىرىمغا "نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ" دەپ باققان ئەمەس. ئائىلىسىدىكىلەر تاپا قىلسا، " بولدى قىلىڭلار، تەقدىردە پۈتۈلگىنى بولىدۇ "دەيتتى»[1].

(6) باللارغا ئەمەلىي نەسىھەت قىلىش

باللارغا ئەمەلىي نەسىھەت قىلىش دېگەن ئۆزى قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى ۋە ياخشى پەزىلەتلەرنى ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىش ئەمەس، بەلكى باللارغا ئۈگەتمەكچى بولغانلارنى ئۆزى ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداق قىلىنغان تەربىيەلا ئۈنۈملۈك نەتىجە بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئېلان قىلىشقا بۇيرىغان سۆزىدە: ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئورۇنداشتا چىدامىلىق بولغىن [2] دېگەن. چۈنكى ئۆزى قىلمىغان ئىشنى باشقىلارغا بۇيرۇشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

(7) باللارنىڭ ئەقلىگە چۈشۈپ تۇرۇپ سۆھبەتلىشىش

باللار بىلەن يۈزمۇ- يۈز تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ھالدا سۆزلىشىش، سۆھبەتلىشىش، پىكىرلىرىنى ئاڭلاش، تەلەپلىرى بولسا ئورۇنداش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئەكسىچە، باللارنى ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ۋە ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارغا زورلاش ئۇلارنىڭ ئىسيانكارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. باللارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا "سەن چۈشەنمەيسەنغۇ" دەپ سەل قارىماستىن، قايىل قىلارلىق ئۇسۇلدا توغرا ھەم چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىش لازىم.

(8) باللارغا قىسسەلەرنى ئېيتىپ بېرىش

قىسسەلەر، ھېكايىلەر ۋە تېپىشماقلار باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىش، قابىلىيىتىنى ئۆيغىتىش، سەزگۈ ئورگانلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش

(1) دارمىي رىۋايىتى
(2) تاھا سۈرىسى 132- ئايەت

ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىق روھىنى كەشىپ قىلىش تەربىيە ئۇسۇلىدىكى ئاساسلىق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. باللارنىڭ قايسى پەنگە ۋە قانداق نەرسىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆزلىرى قىزىققان پەنگە ۋە قابىلىيىتى تەلەپ قىلغان شۇ ئىشقا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان پەنگە ياكى كەسىپكە زورلاش ياخشى نەتىجە كەلتۈرمەيدۇ.

**باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى**

1087. سوئال: ئاتا ـ ئانىغا قارىتا مۇئامىلە قانداق بولىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىغا قارىتا مۇئامىلە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، قېتىرقىنىپ خىزمەتلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا جۈملە سۆزگە قىسقىرىدۇ. ئاتا - ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، دېگەن بۇ بىرجۈملە سۆز ــ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەمىنلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئاسراش، كۆڭۈللىرىنى شاد قىلىش، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدىكى ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئەجىرلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرىنى ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى رەنجىتمەسلىك، قاتارلىق كۆپلىگەن ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا باللارنى ئاتا - ئانىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈملە سۆزگە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: وقَضى ربك ألا تعْبدواْ إلا إياه وبِالْوالدين إحْسانًا إما يبْلُغن عندك الْكبر أحدهما أوْ كلاهما فَلا تقُل لهما أُف ولا تنهرْهما وقُل لهمـا قَـوْلاً كَرِيمًـا . واخْفضْ لهما جناح الذل من الرحْمة وقُل رب ارْحمْهما كما ربياني صغيرًا. ربكُمْ أعْلَم بِما في نفُوسكُمْ إن تكُونواْ صالحين فَإنه كَانَ للأوابِين غفُورًا يەنى: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ئېھسان (ياخشى مۇئامىلە ۋە قېتىرقىنىپ خىزمەت) قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن، (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدىن تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا -

ئانــاڭلارنى قاخشــاتقۇچى بولمســاڭلار، ئــاللاھ تائــالا ســىلەرنىڭ خاتــالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن، تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [1].

بۇ ئايەتلەر بالىلار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، يەنـى ئـۇلار مەيلـى بـاي بولسـۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلـى كۆڭـۈللىرى خـاتىرجەم بولسـۇن، مەيلـى غەم - قـايغۇ ئىچىدە بولسۇن، ھەر ھالەتتە، ئاتـا - ئانىلارغـا ياخشىلىق قىلىشـى، ئىخلاس بىـلەن خىـزمەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا قۇرئان كەرىـم، بەزى ۋاقىـتلاردا بالىلارنىـڭ ئاچچىقـىدىن ئـۆزلىرىنى تۇتالمىغـان ھـالەتلەردىمۇ ئۇلارغـا مـالاللىقنى بىلدۈرىـدىغان ئاددى سۆزلەرنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خوسۇسەن، ئاتـا - ئـانىلار ياشـىنىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ كـۆڭلى ئـىنچىكە، گەپ كۆتىرەلمەيـدىغان بولـۇپ قالغاچقـا، ئۇلارغـا ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئالاھىدە تەۋسـىيە قىلـىدۇ. ئۇنىڭـدىن كېيىن، بالىلار ئاتا - ئانىلارغا قوللىرىدىن كېلىدىغان پۈتـۈن خىزمەتلەرنـى قىلغانلىقىنىـڭ سىرتىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا مەرھەمەت ۋە رەھمەت تىلەشنى تەۋسىيە قىلىـدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى پۈتۈن ئويلىغانلىرىنى بىلىـدىغانلىقىنى ۋە ئاتــا - ئانىســىغا بولغــان ســەمىمى ئىخلاســى ۋە مــۇھەببىتىگە قــاراپ مۇكاپــات بېرىدىغانلىقىنى، گۇناھلىرىنى مەغپىـرەت قىلىـدىغانلىقىنى بايـان قىلىـش بىـلەن بـۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

يـۇقىرىقى ئـايەتلەردىكى إِحْسـانًا دېـگەن سـۆز «ياخشـىلىق قىلىش»، «مـۇكەممەل ئورۇنداش»،«جان، دىل بىلەن ئىشلەش» دېگەن مەنىلەرنـى ئىپادىلەيـدۇ. قۇرئـان كەرىمـدىكى **الذي أحسـن كُـل شـيءٍ خلقَـه** يەنـى «ئـاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل يـاراتتى»[2] دېـگەن ئـايەت بـۇ مەنىنـى ئىپادىلەيـدۇ. ئىھسـان (يەنـى ھەر ئىشـنى ياخشىلىق قىلىش) ئىسـلام دىنىـدىكى ئـۈچ چـوڭ مەرتىۋىنىـڭ بىـرى بولـۇپ، بىرىنچىسى ئىمان، ئىككىنچىسى ئىسلام، ئۈچىنچىسى ئىھساندۇر. پەرىشتە جىبرىـل مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامدىن سـوئال سـورىغان مەشـھۇر ھەدىسـتە، ئۇنىـڭ ئـاۋۋال ئىسلامنى، ئاندىن ئىماننى، ئاندىن ئىھساننى سورىغانلىقى بايان قىلىنغان[3].

دېـمەك، مـۇكەممەل ئورۇنـداش، ياخشىلىق قىلىـش دېـگەن مەنىـدە كەلـگەن ۋە

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 - 25 - ئايەتلەر

(2) سەجدە سۈرىسى7-ئايەت.

(3) ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىـر ھەدىسـتە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام جىبرىلنىـڭ سـوئالىغا جـاۋاب بېرىـپ: «ئىھسـان ـــ خـۇددى ئـاللاھنى كـۆرۈپ تۇرىۋاتقانـدەك ئىبـادەت قىلىشـىڭدۇر، گەرچە سـەن ئـاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسى بولغان «ئېھسان»نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددى مەنىدە چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا-ئانىغا ئېھسان قىلىش پەرزدۇر. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى  دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

شۇڭا ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان ھەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە يادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا بۇنداق بىر قەرز ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

مەسىلەن: سىز بىرسىگە بەدەلسىز ھالدا بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۆتۈنمىسىز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما سىز ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىزمىتىنىڭ ياكى ياخشىلىقىنىڭ يۈزىسىدىن بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىز، بەلكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىز. ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. بۇ خالىسانە ياردەم ياكى ھەير-ئېھسان تەرىقىسىدىكى بىر ياخشىلىق ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلىپ: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا»[1]،«ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىلارنىڭ رازىلىقىدا، ئاللاھنىڭ غەزىپى ئاتىلارنىڭ غەزىپىدە»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىسلار شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، بىراۋ قانچىلىك تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ كەتسۇن، قانچە قېتىم ھاجى ـ ھەرەم بولغان بولسۇن ۋە قانچىلىغان بىچارىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىپ،

(1) ئىبنى ماجە، نەسائىي ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان«سەھىھ» ھەدىس

(2) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس

ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولسۇن، دىن ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغان بولسۇن، ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسىنى قاخشاتقان ئىكەن، مۇنداق كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا لايىق بولالمايدۇ، نەتىجىدە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىشنى ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھ قاتارىدىن سانىغان.

1088. سوئال: ئاتا ـ ئانىلار توغرۇلۇق يەنە قانداق تەۋسىيەلەر بار؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىلار توغرۇلۇق تەۋسىيەلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئىخچاملىنىدۇ:

(1) ئاتا ـ ئانىغا ھەر ۋاقىت ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىش.

(2) ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش.

(3) ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش، ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا غەزەب بىلەن قارىماسلىق،بەلكى ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

(4) ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماسلىق.

(5) ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ھەمىشە دۇئالىرىنى ئېلىپ تۇرۇش.

(6) ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئاۋۋال ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش.

(7) ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھەر ۋاقىت «خوش ئاتا ـ خوش ئانا» دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇش.

(8) ئۇلارنىڭ دوست ـ يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماسلىق.

(9) ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى بولسا، سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.

(10) ئۇلارغا سۆز قىلغاندا، ئاۋازىنى كۆتىرىپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەپ بىلەن قولاق سېلىپ ئاڭلاش.

(11) ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە سىرتتىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.

(12) ئۇلارنىڭ روخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىق، ئەگەر ئالدىراش يۈزىسىدىن كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ھامان كەچۈرۈم سوراش.

(13) ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە خوسۇسەن، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئىزنىسىز كىرمەسلىك.

(14) ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە، قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش، زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ، ئۇلارنى مېھمانلىرى ئالدىدا يالغۇز تەرك ئەتمەسلىك.

(15) ئـۇلار بىــلەن بىــرگە تامــاق يېگەنــدە، ئـۇلاردىن بـۇرۇن داسـتىخانغا قــول ئۇزاتماسلىق.

(16) ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

(17) ئايالىنى ۋە بالىلىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىك.

(18) بىـرگە يـول يۈرگەنــدە، ئۇلارنىــڭ ئالدىــدا يۈرمەسـلىك، بىـرگە ئولتۇرغانــدا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماسلىق.

(19) ئۆزى قانچىلىك چوڭ مەنسەپلىك كىشى بولسىمۇ، ياكى كاتتا ئالىم بولسـىمۇ، ئاتـا ـ ئانىسـىغا مەنسـۇپ بولۇشـتىن تەكەببۇرلـۇق قىلماسـلىق، ئـۇلار ئالدىـدا ھەمىشـە كەمتەر بولۇش.

(20) ئۇلارغـا مـاددىي ياردەمـدىن بېخىللىـق قىلماسـلىق، ئـۇلار ئۈچـۈن ئـۆزلىرىنى ئۇنۇتۇش.

(21) ئۇلارنىڭ مېھنەتلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىـپ تـۇرۇش ، ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

(22) ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاسراش.

(23) ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن قوبۇل قىلىش.

(24) ئۇلارنىــڭ خۇشـاللىقلىرىنى تەبـرىكلەپ بىــرگە خۇشـال بولـۇش، ئۇلارنىــڭ مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش.

(25) ئۇلارنىــڭ يۈزـ خاتىرىسـى ئۈچـۈن، ئـۇلار ياخشـى كۆرىــدىغان پەرزەنتلىرىنــى ياخشى كۆرۈش.

(26) ئايالى ئۇلار بىـلەن جېدەللىشـىپ قالغانـدا، ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ئـادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.

(27) ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىـڭ قەبرىلىرىنـى زىيـارەت قىلىپ تۇرۇش. ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش.

(28) ئۇلارنىڭ ھەققىدە سەدىقىلەرنى قىلىپ تۇرۇش.

(29) ئاتا ـ ئانا ھايات بولسۇن، مەيلـى ۋاپـات بولـۇپ كەتـكەن بولسـۇن، ئۇلارنىـڭ ھەققىــدە، «**رب اغفــرلي ولوالــدي**» يەنــى (ئـى ئـاللاھ تائـالا ! مېنــى ۋە ئاتــا ـ ئانــامنى كەچۈرگىن) دەپ ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇرۇش.

(30) ھەرقانداق كىشى ئاتـا ـ ئانىسـىغا قىلغـان مۇئامىلىسـىنىڭ ئوخشىشـىنى ئـۆز بالىلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ. يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانلارنى ئۇلارنىـڭ بـالىلىرىمۇ قاخشىتىدۇ، ئاتـا ـ ئانىسـىنى رازى قىلغـانلارنى ئۇلارنىـڭ بـالىلىرىمۇ رازى قىلىـدۇ. بـۇ «ئـالەم ئـۆتنە ئـالەم» دۇر. بـۇ، جەمئىيىتىمىـزدە ۋە ئـۇزۇن يىللىـق تـارىخىمىزدا كـۆپ

تەجرىبە قىلىنىپ، ھەركىمنىڭ نەزەرىدە رىئاللىققا ئايلانغان بىر ھەقىقەت.

**تۇغقانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى**

1089. سوئال: تۇغقانلارغا قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: تۇغقانلارغا قارىتا مۇئامىلە ئۇلارغا سىلە - رەھىم قىلىش، ھال - ئەھۋاللىرىنى سوراش، زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرۇش، چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئېھتىياجلىق ھالدا قالسا ماددىي ياردەم بېرىش، مەسلىھەت سورىسا يول كۆرسىتىش ۋە تۇغقانلىق ھەققىرىنى ئادا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1090. سوئال: سىلە- رەھىم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىلە رەھىم - ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىشىش ئارقىلىق ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىناق شەكىلدە داۋام ئېتىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇق - تۇغقانغا، مىسكىنگە (يوقسۇلغا) ، ئىبنى سەبىلگە (يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرگە) خەير - ساخاۋەتتىن ھەققىنى بەرگىن [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى - ئابرۇيىنىڭ مەڭگۇ قېلىشىنى ياقتۇرىدىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سىلە - رەھىم قىلسۇن»[2].

ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: ماددىي جەھەتتىن سىلە - رەھىم قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بىرەرسى ماددىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا پۇل - مال ياردەم قىلىش، قەرزدار بولسا، قەرزىنى ئۆزۈشكە ياردەم قىلىش، كېسەل بولسا داۋالىتىش ۋە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۈچى بىلەن ياردەم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن سىلە - رەھىم قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇرۇق - تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈش، خوشاللىقلىرىنى بىرگە تەنتەنە قىلىش

(1) ئىسرا سۈرىسى 26 - ئايەت

(2) ھاكىم رىۋايىتى

قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىلە - رەھىم قىلىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، سۆز بىلەن، قۇرۇق سالام بىلەن ياكى ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ قوللىرىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ.

## قوشنىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر

1091. سوئال: قوشنىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، قوشنىدارلىقنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ چوڭ. قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ كاپىر قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بولۇپ، بۇ بولسىمۇ قوشنىدارلىق ھەققى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بولۇپ: ئۇنىڭ بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك تۆت ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، قوشنىدارلىق ھەققى؛ تۆتىنچىسى يېقىن قوشنىلىق ھەققىدۇر. يېقىن قوشنا يىراق قوشنىسىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. دەرھال ياردىمىگە ئۈلگۈرىدىغان، باشقىلارغىمۇ ياخشى تەرىپىگىزنى قىلىپ بېرىدىغان ۋە سىزنى يالغۇز قىلمايدىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزنىڭ يېقىن قوشنىڭىزدۇر. شۇڭا قوشنىدارلىقنىڭ سىرتىدا، يېقىن قوشنا بولغانلىقنىڭ ھەققى ئالاھىدە ئايرىم بىر ھەق بولۇپ بېكىتىلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ «يىراقتىكى تۇغقىنىڭدىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى» دەپ بېكار ئېيتمىغان.

## قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى

1092. سوئال: قوشنىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: قوشنىلارغا قىلىدىغان مۇئامىلە ئۇلارغا توغرا ۋە راستچىل، سەمىمىي بولۇش، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى قىلىش، ئازار بەرمەسلىك، زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ھەر ۋاقىت ياردىمگە ئۈلگۈرۈش، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا

ياردەم قىلىش، مۇسىبەتلىرىدە يالغۇز تاشلىۋەتمەسلىك، خوشاللىقلىرىنى بىرگە تەنتەنە قىلىش، باشقىلارغا ياخشى تەرىپىنى قىلىش، ئابرويىنى ۋە ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى قوغداش، يامانلىقلىرىنى كەچۈرۈش، ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش، بالىلار ئوتتۇرىسىدا چىققان جېدەللەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئىناقلىقنى ساقلاش، گەپ توشۇغۇچىلار ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۇلارنى قارىلىماسلىق، ئۇلارغا قارشى ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى ساقلىماسلىق، قوشنىلارغا تۆھمەت قىلماسلىق، ھەر ئۇچراشقاندا قىزغىن سالام بىلەن قارشى ئېلىش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «جىبرىئىل ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى توغرۇلۇق تولىمۇ كۆپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا قوشنىلارنى مىراسىغىمۇ شېرىك قىلىپ قويامدىغاندۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم»[1] دېگەن.

## خىزمەتداشلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى

1093. سوئال: خىزمەتداشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: كادىرنىڭ بىرگە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرى، دۇكانچىنىڭ دۇكان قوشنىلىرى، ئوقۇغۇچىنىڭ ساۋاقداشلىرى، دېھقاننىڭ يەر قوشنىلىرى، ھۈنەرۋەننىڭ سەبداشلىرى ئۇنىڭ ھەر كۈنى بىرگە بولىدىغان، خوشاللىق ــ دەرتلىك كۈنلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزىدىغان، دەرھال ياردىمىگە ئۈلگۈرىدىغان ۋە ئۇنى يالغۇز قويماي دەرتلىرىگە دەرمان بولىدىغان كىشىلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلار بىلەن ياخشى، ئىناق ۋە سەممىي ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئامەت كەلگەندە ئۇلارغا چوڭلۇق قىلماسلىقى، زىيان تارتقاندا ئۇلاردىن كۆرمەسلىكى، ئۇلارنى ھەمىشە ئوتلۇق سالام بىلەن قارشى ئېلىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەم قولىنى سونۇشى، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقى، زىيانغا ئۇچراتماسلىقى، يامان كۆرمەسلىكى، ئۇلارغا كەلگەن ئامەتلەرگە كۆز قىزارتماسلىقى، ئارىدا چۈشىنىشمەسلىك يۈز بەرسە، يۈزمۇ ــ يۈز ئولتۇرۇپ چىرايلىق سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشى، ئائىلىلەرنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ مۇناسىۋەتنى بۇزماسلىقى، چېقىمچىلار ۋە گەپ توشۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىقلاپ كۆرمەي تۇرۇپ ئۇلاردىن ئاغرىنماسلىقى، ئاللاھ قوشقان بۇ ھەمراھلىقنى ئاخىرىغىچە ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇش يولىدا قولىدىن كەلگەننى قىلىشى ۋە باشقىلار.

(1) بۇخارى رىۋايىتى

**دوستلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى**

1094. سوئال: دوستلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ دوستى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى ۋە ئەڭ ئىشەنچ قىلىدىغان بىرسىدۇر. ئىنسانلار ئادەتتە ئائىلىسىدىن ياكى باشقىلاردىن رەنجىگەندە، بېشىغا كۆڭۈل چۈشكەندە دوستلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلاردىن تەسەللى ھاسىل قىلىشقا ۋە قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەشكە تىرىشىدۇ. مۇندىن باشقا ھەقىقىي سەمىمىي دوست ئادەمنىڭ قايغۇلۇق ۋە خوشاللىق كۈنلىرىدە يېنىدا بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دوستلارغا سەمىمىي ساداقەتلىك، توغرا ۋە راستچىل بولۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ قەدىرلىنىشىنى خالىغان ئادەم دوستلىرىنى قەدىرلىشى لازىم. دوستلىرىغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىدىغان، مەنپەئەت يەتسە دوست، مەنپەئەت يەتمىگەندە رەقىبىگە ئايلىنىدىغان، دوستىنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە ياكى ياردىمىگە مۇھتاج بولغىنىدا ئۇنىڭدىن قاچىدىغان ئادەم دوستلۇق نامىغا خىيانەت قىلىدىغان، مەنپەئەت دوستىدۇر.

**دوستلۇق تۈرلىرى**

1095. سوئال: دۇنيادا نەچچە تۈرلۈك دوست بار؟

جاۋاب: دۇنيادا مۇنداق ئۈچ خىل دوست بولىدۇ: بىرى، سەمىمىي ساداقەتلىك دوست، يەنە بىرى مەنپەئەت قوغلايدىغان دوست، ئۈچىنچىسى يامان دوستتۇر.

1096. سوئال: سەمىمىي ساداقەتلىك دوست قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: سەمىمىي ساداقەتلىك دوست دوستلاشقان كىشىسىنى جېنىدىن بەك سۆيىدىغان، ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتى، ئۇنىڭ زىيان تارتىشىنى ئۆزىنىڭ زىيىنى دەپ تونۇيدىغان، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە ئۇنى تەرك ئەتمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، ۋاپادار دوستتۇر. مۇنداق دوست جاننى پىدا قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. مۇنداق بىر مۇقەددەس دوستلۇققا خىيانەت قىلىش تولىمۇ رەزىللىكتۇر. بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ دوستلىقى ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىق چېغىدىن بېرىكى قەدىناس دوستى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى كېلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تۇنجى بولۇپ تەستىقلىغان ۋە قوللىغان بىرىنچى شەخس بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىندى. ئۇ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ۋە يۈز ـ ئابرويىنى قۇربان قىلغان ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلغانىنىڭ سىرتىدا،

ئائىلىسىنى مەككىدە تەرك ئەتكەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۆلۈم يۇراپ تۇرىدىغان خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلاندى. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنمۇ، پۈتۈن قىيىنچىلىقلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قانىتى بولۇپ ھەمىشە ئۇنىڭ يېنىدا بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئورۇنباسارى (خەلىپىسى) بولۇپ، ئۇنىڭ يولىغا ۋە ئىرادىسىگە بەجانىدىل ۋارىسلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. مانا بۇ، سەمىمىي ساداقەتلىك دوستلۇقنىڭ بىردىنبىر ئۆلگىسىدۇر.

1097. سوئال: مەنپەئەت قوغلايدىغان دوست قانداق دوست؟

جاۋاب: مەنپەئەت قوغلايدىغان دوست ماھىيەتتە دوست ئەمەس، بەلكى مەنپەئەتپەرەس، ئالدامچى، پۇرسەتپەرەس، رەزىل ئادەمدۇر. مۇنداقلار ئەڭ خەتەرلىك مەخلۇقلار بولۇپ، ھەمىشە كىشىلەرنى ئارقىسىدىن ئۇرىدۇ، يەنى كۆتۈلمىگەن يەردىن ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ، ھەتتا دوستلاشقان كىشىسىنى دۈشمەنلىرىگە ئۇچۇق ئايلا سېتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناپىقلارنى ۋە ئادىمىي شەيتانلارنى دوست تۇتماسلىقنى قاتتىق تەكىتلىگەن. مەنپەئەت ئۈچۈن دوست بولغانلار قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۇناپىقلارنىڭ ۋە شەيتانىنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىقتا، ساختىپەزلىكتە، ساداقەتسىزلىكتە ۋە ئىككى يۈزلۈكتە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر. بىراۋنى مەنپەئەت يۈزىسىدىن دوست تۇتۇش بەكمۇ رەزىللىك ۋە ئالا كۆڭۈللۈكتۇر. مەنپەئەتپەرەسلەرنى دوست تۇتقان ئادەممۇ ئەخمەق ۋە زىيانكار ئادەمدۇر. چۈنكى مۇنداقلارنى دوست تۇتقان ئادەم ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا ئىشىنىپ ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىدۇ-دە، بۇ يالغان دوستلۇق ئاخىرى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېيتقان سىرلىرى ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. زادى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق ئەمەلىيەتتە دوستلۇق ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق پايدىلىنىش مۇناسىۋىتىدۇر.

شۇڭا ھەركىم دوستلارنى تاللاشتا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ روھىنى مىزان قىلىپ، ھېسسىياتقا بېرىلمەستىن ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ ساداسىغا قولاق سالغان ھالدا ئىش كۆرىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بىر ئادەمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، دوستلۇققا يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى سىناپ كۆرۈش كېرەك. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر گۇۋاھچىدىن" سەن گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان كىشىنى تونۇمسەن؟" دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى" ھەئە، تونۇيمەن"

دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭدىن:" سەن ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن قوشنىمۇ؟" دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى:" ياق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر يەنە ئۇنىڭدىن:" سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ باققانمۇ؟" دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى يەنە:" ياق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر يەنە ئۇنىڭدىن:" سەن ئۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلىسى قىلىپ باققانمۇ؟" دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى يەنە:" ياق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە ئۆمەر:" يوقال! سەن ئۇنى تونۇمايدىكەنسەن" دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى رەت قىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي بىراۋنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ باھا بېرىشكە بولمايدىغانلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ سەجدىدە كۆز ياش تۆككىنىگە قارىما، بەلكى ھالا- ھارام ئىشلىرىدىكى ئەھۋالىغا قارا !»

1098. سوئال: يامان دوست دېگەن قانداق دوست؟

جاۋاب: يامان دوست ئادەمنى يامان ئادەت، ناچار ئەخلاق ۋە تۈرلۈك رەزىل قىلمىشلارغا باشلاپ كىرىپ، ھەر خىل بالا - قازالارغا دۇچار قىلىدىغان ئادىمىي شەيتاندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە مۆمىنلەرنى ئادىمىي شەيتانلارنى دوست تۇتماسلىققا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغانىنىڭ سىرتىدا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە جىمى مۇسۇلمانلارنى ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇش بىلەن تاماملىغان. "ئاللاھقا سېغىنىپ، ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن" دېگىن [(1)].

ھەممىگە مەلۇمكى، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ پاجىئەلەر بىلەن ئاياقلاشقان تۇيىاق يوللارغا كىرىپ كېتىشى، ئاتا ــ ئانىسىنى زار ــ زار يىغلىتىپ تۈرلۈك رەزىللىك يوللىرىدا نابۇت بولۇپ تۈگىشىپ كېتىشى، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە چوڭ بولۇپ تۇرۇپ مۇسۇلمانچىلىقتىن، ئەدەپ ئەخلاقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمىغان، رەڭلىك ئولتۇرۇشلار، ھارام قىلمىشلار ۋە ئادىمىيلىكتىن چىققان رەزىل ئىشلار بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىۋاتقانلىقى قاتارلىق پاجىئەلەرگە بىر تەرەپتىن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يامان دوستلار يەنى ئادىمىي شەيتانلار سەۋەب بولماقتا!

شۇڭا ئائىلە تەربىيىسى ناچار، ئەخلاقى يامان، دىيانىتى سۇس كىشىلەر دوست

(1) ناس سۈرىسى ئاخىرقى ئايەت

بولۇشقا ھەرگىز ئەرزىمەيدۇ. مۇنداقلارغا ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا ۋەز نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ يامان ئادەتلىرىنى تاشلاپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان، ئىسلام پەرزلىرىنى ئادا قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرسە، ئۇلار بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇپ ياخشى ئىشلارغا داۋام قىلىش لازىم. چۈنكى بىرەر ئادەمنى ياخشى يولغا كىرگۈزۈشنىڭ ساۋابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بىلەن«دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىدىن چوڭ» دۇر. ئەگەر دەۋەتنى قوبۇل قىلمىسا ياكى باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىشقا داۋام قىلسا، مۇنداقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۈمىت قالمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن دوست بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىق، مۇئامىلە قىلىشماسلىق، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى قۇرماسلىق لازىم. شۇنداقلا باللارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىغان، ئەدەب ـ ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالالمىغان باللارغا ئارىلىشىشىغا ۋە دوست بولۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىق لازىم. چۈنكى دىيانەتتى ۋە ئەخلاقى بولمىغان ئادەملەردىن ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز بالايى ـ ئاپەتلەرنى كۈتۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىنتايىن ئېسىل بىر تەبىر بىلەن ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسىز ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. كۆرەك باسقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ كىيىمىڭىزنى كۆيدۇرۇپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز»[1]. ئەجدادلىرىمىزمۇ «قازاننىڭ قېشىغا بارماڭ قاراسى يۇقار، ياماننىڭ قېشىغا بارماڭ بالاسى (يۇقار)»[2] دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

## ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى

1099. سوئال: جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: جەمئىيەتتىكى پۈتۈن كىشىلەرگە دۇرۇسلۇق، توغرىلىق ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئىللىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

چۈنكى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچىلار ئىنسانلار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى، خاتىرجەملىكى شۇ ئىنسانلارغا باغلىقتۇر. قىسقىسى، ئىنسانلار تۈزۈلسە جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، ئىنسانلار بۇزۇلسا جەمئىيەتمۇ بۇزۇلىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار بايدىن گادايغىچە، رەئىستىن پۇقراغىچە، زىيالىيدىن ساۋاتسىزغىچە، موللىدىن ئاۋامغىچە ھەممىسى ھۆرمەتتە، ھەق ـ ھوقۇقتا، ياخشى مۇئامىلە كۆرۈشكە ھەقلىق بولۇشتا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر تەقۋا بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىنسانلىق ئېتىبارى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەردۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، جەمئىيەتتىكى پۈتۈن ئىنسانلارغا دۇرۇس، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش لازىم. مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئالدىمايدۇ، يامان كۆرمەيدۇ، زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. مەيلى ئېلىم ـ سېتىم مۇئامىلىسىدە بولسۇن، مەيلى باشقا ھەر قانداق بىر مۇئامىلىدە بولسۇن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ، ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ ۋە ھەر كىشىگە كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتىدۇ.

1100. سوئال: ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى شەخسىي مۇناسىۋەتتىن ھالقىغان، تەقۋالىق، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە چېكىگە يەتكەن مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان ئەڭ مۇستەھكەم بىر مۇناسىۋەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېمىرىلمەس بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇنى تەكىتلەپ: مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر[1] دەپ ئېلان قىلغان.

مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئىللىق، ئادالەتلىك ۋە كامالىي مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇقەددەس بىر رىشتى بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە، ئۇنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئۆزىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغىنىغا ئوخشاش بىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەر نەرسىسىنى خۇددى ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىغاندىلا مۇسۇلمان قېرىنداشلىقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالايدۇ. بىر ھەدىستە: «مۆمىنلەر ئۆز ئارا دوستلۇقتا، مېھرىبانلىقتا ۋە ھېسداشلىقتا بىرەر ئورگىنى ئاغرىسا باشقا ئورگانلىرىمۇ

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 10- ئايەت

ئىسمىداش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدىغان بىر تەنگە ئوخشاشتۇر»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلار بىر گەۋدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلماڭلار، بىر- بىرىڭلارنى ئالدىماڭلار، بىر- بىرىڭلارنى يامان كۆرمەڭلار، بىر- بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار. ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خورلىمايدۇ. تەقۋالىق قەلبتە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خور كۆرگەن ئادەمدىنمۇ يامان ئادەم يوق. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشى، پۇل ـ مېلىنى تارتىۋېلىشى ۋە نومۇسىنى تۆكۈشى قەتئىي ھارامدۇر»[2].

1101. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشى، ئادالەتلىك ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان. باشقا دىندىكى كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كەمسىتىش، ئۇلارنى چەتكە قېقىش ۋە خور كۆرۈشكە بولمايدۇ. بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىدە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەقسىزلىق قىلماستىن، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن قولدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: باشقا دىندىكىلەردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ[3].

ئەمما مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى، دىنىي سەۋەبتىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنى ياقتۇرماسلىقى ۋە ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى قۇرماسلىقى لازىم. بۇ پرىنسىپنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلغان: ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا ياردەملەشكەنلەرنى دوست

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) مۇمتەھىنە سۈرىسى 8- ئايەت

تۇتۇشـۇڭلاردىن سـىلەرنى توسـىدۇ. كىمكـى ئـۇلارنى دوسـت تۇتـىدىكەن، ئـۇلار زالىملاردۇر [1].

شـۇنداقلا، ئىسـلام دىنىنـى يـاكى ئىسـلام پەيغەمبىرىنـى يـاكى قۇرئـان كەرىمنـى مەسخىرە قىلغۇچىلارغـا مۇسـۇلمانلارنىڭ قارشـى تۇرۇشـى ۋە ۋاقتىـدا رەددىـيە بېرىشـى دىنىي مەسئۇلىيەتتۇر.

1102. سوئال: پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئىنسانلىقتا ئـۆز ئـارا قېرىنداشـلاردۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن ئىبارەت بىـر ئاتـا ۋە بىر ئانىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىـرق، دىـن ۋە مەدەنىـيەت پەرقلىـرى ئۇلارنـىڭ ئىنسـانىي قېرىنداشـلىقىغا تەسـىر يەتكۈزەلمەيـدۇ. ئىنسـانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك قىلىـپ يارىتىلغـان ئۇلـۇغ مەخلۇقـاتتۇر. مۇسۇلمان ئادەم قانداقلا بىر كىشىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭ ئىنسـانلىقىنى ئاساسـلىق ئورۇندا قويۇشى لازىم. ئىنسان قايسى مىللەتتىن ۋە قايسى دۆلەتتىن بولسـۇن، رەڭگـى ـ چىرايى قانداق شەكىلدە بولسۇن، بەرىبىر ئاللاھ ئەزىـز ياراتقـان ئىنسـاندۇر! بۇنـداق بولغان ئىكەن، ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىـن، ئىـرق، رەڭ ۋە تىـل پەرقلىـرى سـەۋەبلىك ئۇلارغا باشقىچە قاراش، ئۇلارنى ئالـداش، مۇئامىلـدە بىـر ـ بىرىـدىن پەرقلەنـدۈرۈش قەتئىي توغرا ئەمەس. گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان ئادەم پۈتـۈن ئىنسـانلارنى سـۆيىدۇ، ئۇلارغا قەلبىنى ئاچىدۇ، ھەر ۋاقىت ئۇلارغا ئىللىق ۋە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىدۇ.

**ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى**

1103. سوئال: ھايۋانلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچـۈن يارىتىـپ بەرگەن بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلغـان ھالـدا، ھايۋانلارغـا رەھىمـدىللىق ۋە رەھىــم ـ شــەپقەت بىــلەن مۇئــامىلە قىلىــپ، ئــۇلاردىن يوللــۇق پايدىلىنىشقا بۇيرۇلغان. مۇسۇلمان ئادەم ھايۋاننى خورلىمايدۇ، ئۇرمايدۇ، ئاچ قويمايـدۇ ۋە قىينىمايدۇ.

ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) ھايۋانلارغا ئۇلار كۆتىرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتماسلىق.

(2) ھايۋانلارنى ئاچ ياكى سۇسىز قويماستىن ياخشى بېقىش.

---

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 9- ئايەت

(3) ھايۋانلارغا كېسەل يەتسە ياكى بىرەر ئورگىنى سۇنسا ۋاقتىدا داۋالىتىش.

(4) ھايۋانلارنى ئۇرۇپ قىيناشتىن يىراق تۇرۇش. چۈنكى ئاللاھ تائالا تىلى يوق ھايۋاننىڭ نالىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلىغۇچىدۇر.

(5) ھايۋانلارنى ئوت بىلەن ئازابلاشتىن، داغلاشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى ئوت بىلەن ئازابلىغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن لەنەت ئېيتقان[1].

(6) ھايۋانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئورگانلىرىنى كەسمەسلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

(7) ھايۋانلارنى ئوق ئېتىش مەشقلىرىدە قارىغا ئالماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى قارىغا ئېلىشتىن مەنئىي قىلغان[2].

(8) ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتىمۇ رەھىم ــ شەپقەتلىك بولۇش، پىچاقنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ۋە قىيىنماستىن جېنىنى چىقىرىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە رەھىم ــ شەپقەت قىلىشنى پۈتتۈۋەتكەن. مال بوغۇزلىغاندا ياخشى بوغۇزلاڭلار، پىچاقنى ئىتتىك قىلىڭلار ۋە مالنىڭ جېنىنى قىيىنماستىن چىقىرىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

(9) ھايۋانلارنى بىر- بىرى بىلەن سوقۇشتۇرماسلىق. مەسىلەن: ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز چوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق ئويۇنلار ھارامدۇر. ئۇنى قىلغۇچىلار ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى قىينىغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ گۇناھتىن تەۋبە قىلمىغانلارنى چوقۇم جازالايدۇ.

ئۇچار قۇشلارغىمۇ ناھايىتى سىلىق ۋە رەھىم ــ شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىمكى بىرەر قۇشقاچنى بوغۇزلاشتىمۇ رەھىم شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ رەھىم ــ شەپقىتىنى كۆرسىتىدۇ»[4] دېگەن.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" ھايۋاننى داغلىغان ئادەمگە ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(4) بۇخارى ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى

## ئېلىم ـ سېتىم مۇئامىلىلىرى

1104. سوئال: قانداق نەرسىلەرنى ئېلىش ۋە سېتىشقا بولىدۇ؟
جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ تەن ساقلىقىغا ياكى ئەخلاقىغا زىيانلىق بولمىغان، ئىسلام دىنىدا چەكلەنمىگەن، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە سەۋەب بولمايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئېلىش ياكى سېتىشقا بولىدۇ. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ، ھارام قىلىنغانلىقىغا ئائىت دىنىي دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىش مۇتلەق جائىزدۇر. پەقەت بۇلاردىن ئايەت ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر ئارقىلىق ھارام ئىكەنلىكى كەسكىنلەشكەنلىرىنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ ـ سېتىش ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پرىنسىپنى مۇنداق ئوچۇقلىغان: «ئاللاھ قۇرئاندا ھالال قىلغىنى ھالال، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر. ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم بېرىلمىگەن نەرسىلەر ئاللاھنىڭ كەچۈرىمىدۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كەچۈرىمىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ»[1].

1105. سوئال: قانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىشقا بولمايدۇ؟
جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان، ئىسلام دىنىدا ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغان ياكى بىرەر گۇناھ ئىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ياكى گۇناھ ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىش ياكى سېتىش، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. بۇ شەرىئەت ئىستېمالىدا ھارام دېيىلىدۇ. مەسىلەن: چوشقا، ئۆزى ئۆلگەن مال، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر ۋە چېكىملىكلەر، ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر، بۇت ـ ھەيكەل، كرېست بەلگىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىش ياكى سېتىش ھارامدۇر. چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىش ئەشۇ گۇناھ ئىشلارنى ۋە ھارام نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلغانلىق ياكى ئۇلارنى كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگەنلىك بولۇپ گۇناھقا شېرىك بولغانلىقتۇر. ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىش ياكى سېتىشتىن چەكلىنىش بولسا ئۇ نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغانلىق بولىدۇ. يۇقىرىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىش گۇناھ، ئۇنىڭ پۇلى

(1) ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس

ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قانداقلا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان»[1].

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

## ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپى

ھەممىگە مەلۇمكى، سودا-سېتىق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. چۈنكى ئىنسانلار شەخسىي ۋە ئائىلە ئېھتىياجلىرىنى سېتىۋېلىشقا، كارخانىلار ۋە شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ سودا-سېتىق پرىنسىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرۈشكە زور ئېھتىياجلىقتۇر.

1106. سوئال: ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپى قايسى؟

جاۋاب: ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپى قىسقىچە تۆۋەندىكىچە:

1. ھارام نەرسىلەرنى ئالماسلىق ۋە ساتماسلىق.
2. گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئالماسلىق ۋە ساتماسلىق
3. سودىدا راستچىل، سەممىي بولۇش، كىشىلەرنى ئالدىماسلىق.
4. مىقدارى ياكى سۈپىتى نامەلۇم نەرسىلەرنى ساتماسلىق.
5. جازانە قىلماسلىق(ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق).
6. مونوپولىيىچىلىق قىلماسلىق.
7. تارازىدا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرمەسلىك.
8. ئوغرىلىغان ۋە بولانغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىق.
9. سودىدا ناتوغرا كېلىشىم ۋە ناتوغرا شەرتلەرنى قوللانماسلىق.
10. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلغۇچىلىك سودىنى بۇزۇشقا ھوقۇقلۇق.
11. شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغاندا شېرىكلەرنىڭ ئۆزئارا سەممىي ۋە راستچىل بولىشى.
12. سودىدا ئادىل رىقابەتلىشىش.
13. ئۆزىدە يوق نەرسىنى ساتماسلىق.
14. ساتىدىغان مالغا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك.
15. ئىشچىنىڭ ۋە كىراكەشنىڭ ھەققىنى ۋاقتىدا بېرىش.
16. نېسىي مۇئامىلە قىلىشقاندا، تاپشۇرىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق قىلىپ ھۆججەتلىشىش.

## ئېلىپ- سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەر

1107. سوئال: هاراملىقى سەۋەبلىك ئېلىپ ـ سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: هاراملىقى سەۋەبلىك ئېلىش ياكى سېتىپ تىجارەت قىلىش چەكلەنگەن نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) چوشقا، ئۇنىڭ گۆشى، تېرىسى، گۆشى يېيىلمەيدىغان هايۋانلارنىڭ گۆشى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى، زەھەرلەنگەن ياكى يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان مالنىڭ گۆشى،

(2) هاراقتىن باشلاپ پۈتۈنچە مەست قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىچىملىكلەرنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى،

(3) ئاق چېكىملىك، ئەپيۇن، نەشە، تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىك تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى،

(4) ھەيكەل، كرېست ۋە ھەر قانداق بىر باتىل دىنىنىڭ دىنىي بەلگىلىرىنىڭ ھەممە تۈرى ئېلىپ- سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر.

1108. سوئال: گۇناھقا سەۋەب بولىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئېلىپ ـ سېتىش مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئۆزى هالال بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن هارام ياكى گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان شەيئىلەرنى ئۇنىڭدىن هارامغا ياكى ئىنسانلارنى گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئورۇنلارغا بىلىپ تۇرۇپ سېتىش گۇناھتا ئۇلار بىلەن شېرىك بولغانلىقتۇر. مەسىلەن: ئۈزۈم ئۆزى هالال مېۋە بولسىمۇ، ئۇنى هاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا سېتىش هارامدۇر. چۈنكى بۇ گۇناھ ئىشقا ھەمكارلاشقانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۈزۈمنى هاراق ياسايدىغانلارغا سېتىش ئۈچۈن مول هوسۇل ۋاقتىدا ساقلاپ ياتىدىكەن، ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئوتىغا تۇتقان بولىدۇ»[1].

### جازانە ۋە ئۇنىڭ چەكلىنىش سەۋەبى

1109. سوئال: جازانە دېگەن نېمە؟

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى

جاۋاب: جازانە پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىسى «رىبا» يەنى ئارتۇق، زىيادە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىستىلاھىدا باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەدەلسىز ئېلىۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەت كۆرىدىغان سودا يولى بىلەن پۇل تېپىشقا يول قويغان بولسىمۇ، كىشىلەردىن بەدەلسىز پايدا كۆرۈشنى قەتئىي ھارام قىلغان. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا [1].

جازانە (يەنى ئۆسۈم) بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك ئېغىر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارغا لەنەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئۆسۈم يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىغا ۋە ئۇنى يازغۇچىغا لەنەت قىلدى»[2].

جازانە خۇددى ئوتقا ئوخشاش ئەتراپقا تۇتىشىدىغان شۇنداق خەتەرلىك بىر گۇناھ بولۇپ، جازانىنىڭ گۇناھى ئۆسۈم يېگۈچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆسۈمنى بەرگۈچىمۇ ئوخشاشلا گۇناھكار بولغانىنىڭ سىرتىدا، جازانە مۇئامىلىسىگە ئارىلاشقان ۋە ياردەملەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ گۇناھقا شېرىك بولىدۇ.

1110. سوئال: جازانە مۇئامىلىسىنى چەكلىگەنلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى جازانە مۇئامىلىسىنى قاتتىق چەكلەشتە پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرى جازانە مۇئامىلىسىنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ بىر قانچە سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) جازانە باشقىلارنىڭ مېلىنى بەدەلسىز ئېلىۋېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

(2) جازانىغا تايىنىش كىشىلەرنى ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشتىن توسۇپ، ئىشلىمەستىن ئۇنىدۇرۇپ يېيىشنى ياقتۇرىدىغان تەييارتاپلاردىن قىلىپ قويىدۇ.

(3) جازانە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قەرز بېرىشىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش روھىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت كۆرمىسە ياردەم قىلمايدىغان مەنپەئەتپەرەسلەردىن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىيلار رىۋايەت قىلغان

(4) كۆپىنچە ھاللاردا قەرز بەرگۈچى باي، قەرز ئالغۇچى كەمبەغەل بولىدۇ. جازانە مۇئامىلىسىگە يول قويۇش جەمئىيەتتىكى رەھىمسىز بايلارنىڭ نامراتلارنى ئېزىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ.

**سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئىسلام پرىنسىپى**

1111. سوئال: سودىدا راستچىل بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: سودىدا راستچىل بولۇش دېگەن ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقتىن يىراق بولۇپ، سەممىي بولۇش دېگەنلىكتۇر. سودىدا يالغان سۆزلەش قاتتىق گۇناھ بولۇپ، يالغان بىلەن تاپقان پۇل شەكسىز ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ پاك كەسىپ شۇنداق سودىگەرلەرنىڭ كەسىپىدۇركى، ئۇلار سۆزدە يالغان ئېيتمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كەمسىتمەيدۇ، نەرسە ساتقاندا ئۇنى كۆپتۈرۈپ داڭلىمايدۇ، ئۆز ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە قولى قىسقا ئادەمدە ئېلىشى بولسا، ئۇنى قىستىمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

1112. سوئال: مىقدارى ياكى سۈپىتى نامەلۇم نەرسىلەرنى سېتىشنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: سېتىلغان تاۋار مىقدارىنىڭ ياكى سۈپىتىنىڭ نامەلۇم بولۇشى ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەلگە ياكى بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ئالداپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى نامەلۇم تاۋارنى سېتىشنى چەكلىۋەتكەن.[2] مەسىلەن: توك مېۋىنى ساتقاندا، دەرھال ئۈزۈۋېلىشنى شەرت قىلىپ ساتقاندىلا دۇرۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئېتىزدىكى بۇغداينى سېتىش ئۇنىڭ باشقى ئاقىرىپ، ئاپەت مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇش شەرتى بىلەنلا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما مېۋىنى پىشقاندا ئۈزۈۋېلىش، بۇغداينى باشقى ئاقىرىپ بولغىچە سېتىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش كۆپ ھاللاردا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا جېدەلگە سەۋەب بولىدۇ. ھوسۇل چىقمىسا ئالغۇچى " مەن ھوسۇل ئالالمىدىم، پۇلۇمنى قايتۇرغىن" دېسە، ساتقۇچى" مەن سېتىپ بولغان، سودا پۈتۈپ بولغان، زىيان ئۆزۈڭگە ھېساب" دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا جېدەل چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى پىشمىغان مېۋىنى ساتماقچى بولغان بىر

(1) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى

(2) «سەھىھۇلمۇسلىم»گە قاراڭ

ئادەمگە: «ناۋادا ھوسۇل بەرمەي قالسا، نېمىگە ئاساسەن ئۇنىڭ پۇلىنى ئالىسەن؟»[1] دەپ كايىغان.

شۇ سەۋەبتىن، ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى، ئاسماندىكى قۇشنى، سۇدىكى بېلىقنى، پىشمىغان مېۋىنى پىشقاندا تاپشۇرۇۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىش ۋە ھەر قانداق نامەلۇم ياكى تېخى ئىلكىگە كىرمىگەن نەرسىنى سېتىش چەكلەنگەن[2].

1113. سوئال: مونوپولىچىلىقنى چەكلەشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى سودا ـ سېتىقتا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، تەمەخورلۇقى ۋە پۇرسەتپەرەسلىكى تۈپەيلى خەلقنىڭ ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە قاتارلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ۋە كۈندىلىك ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى مونوپول قىلىۋېلىش خاھىشىغا يول قويمىغان ۋە مونوپولچىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسابىغا ئۆزلىرىنى بېيىتىشقا ئۇرۇنۇشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئۇلارنى قاتتىق تەلەپپۇزدا ئەيىبلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولچىلىقنى قاتتىق چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قىرىق كۈن مونوپول قىلىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھتىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولىيىچىنىڭ پىسخىكىسى ۋە خۇنۇك شەخسىيەتچىلىكىنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: «مونوپولىيىچى نېمىدېگەن ئوسال ئادەم ـ ھە، ئۇ باھا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىسا قايغۇرىدۇ، قىممەتچىلىك خەۋىرىنى ئاڭلىسا خوش بولىدۇ.[4]»

1114. سوئال: تارازىدا ۋە ئۆلچەمدە كەم بېرىشنىڭ گۇناھى قانداق؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئەڭ سەسكىنىدىغان ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى تارازىدا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىشتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىدە، تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرمەسلىك، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، كىشىلەرنى ئالدىماسلىق ھەققىدىكى كەسكىن ئەمرلەر بايان قىلىنغان. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار.[5]، سىلەر باشقىلارغا ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا

---

(1) ئىمام بۇخارىي ۋە باشقىلار رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(4) زەرىن ھەدىس توپلىمىدا بايان قىلغان
(5) ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت

تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار [1].

ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى تەھدىت قىلىپ قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە كەم بېرىدۇ، ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ. [2] بۇ ئايەتلەردە، تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەر ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار قاتارىدىن سانالغان. تەبىئىيكى، ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.

1115. سوئال:ئوغرىلانغان ۋە بولانغان نەرسىنى سېتىۋېلىش نېمە ئۈچۈن چەكلەنگەن؟

جاۋاب: قانداقلا بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئوغرىلانغان ياكى بۇلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋېلىش بۇلاڭچىلارنىڭ ياكى ئوغرىلارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىك ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولىدۇ. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ جىنايەتكە قارشى تۇرۇش، ئۇنى پاش قىلىش، ئوغرىلانغان مالنى ئىگىسىگە ياكى ھۆكۈمەت ساقچىخانىسىغا مەلۇم قىلىش بۇرچى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن مەنئى قىلسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن مەنئى قىلسۇن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبى بىلەن نارازىلىق بىلدۈرسۇن. بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىدۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمان ئادەم ئوغرىنى پاش قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ھەقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوغرىلىققا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئوغرىلانغان ياكى بولانغان نەرسىلەرنى نەرقىنىڭ ئەرزانلىقىغا ئالدىنىپ سېتىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىگىسى رازى بولمىغان نەرسە ئۇنى ئالغۇچىغا راۋاج قىلمايدۇ ھەمدە سېتىۋالغۇچىسىنى گۇناھقا شېرىك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوغرىلانغان نەرسىنى، ئۇنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھىغا ۋە ئار ــ نومۇسىغا شېرىك بولغان بولىدۇ»[4].

ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشى ئوغرىلانغان ياكى بولانغان نەرسىنىڭ ھاراملىق سۈپىتىنى

(1) ئىسرا سۈرىسى 35 ـ ئايەت
(2) مۇتەففىفىين سۈرىسى 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر
(3) ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(4) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى

ھالاللىقىغا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنداقلا كونىراش بىلەنمۇ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ھەققىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

تېپىۋېلىنغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماستىن، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ياردەم قىلىش لازىم. بۇ ئىنسانىلىقنىڭ، مۇھىمى مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئاددى تەلەبلىرىدىن بىرىدۇر.

1116. سوئال: بۇزۇق ياكى ناتوغرا شەرت قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئېلىم ـ سېتىمدىكى بۇزۇق ياكى ناتوغرا شەرتلەر ھەرخىل بولۇپ، مۇنداق بۇزۇق شەرتلەر ۋە بۇزۇق كېلىشىملەر سودىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا توسقۇن بولىدۇ. بۇ شەرتلەر ساتقۇچىنىڭ ئالغۇچىغا «ساڭا بۇنى ساتسام سەن ماڭا مۇنداق نەرسىنى سېتىپ بېرىسەن ياكى قەرز بېرىپ تۇرىسەن» دېگەنگە ياكى «بۇنى پالانى رازى بولسا ساتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش شەرت قوشقىنىغا ياكى سودىنى كېلەچەكتە ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقى ئېنىق بولمىغان بىرەر شەرتكە باغلىغىنىغا ئوخشاش. بۇنداق سودا دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بۇنداق شەرتلەرنى قوشقان ساتقۇچى ئۆزىنىڭ سودىدىن يېنىۋېلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ قويغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىغان ھەر قانداق شەرت- مەيلى يۈز شەرت بولۇپ كەتسۇن- بەرىبىر باتىلدۇر»[1].

1117. سوئال: ساتىدىغان مالغا ساختىلىق ئىشلىتىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ساتىدىغان مالغا ساختىلىق ئىشلىتىش دېگەن مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ناچار مالنى ياخشى كۆرسىتىپ سېتىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەيىبى بار نەرسىنىڭ ئەيىبىنى تولۇق دېمەي ساتقان كىشى ھەمىشە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرمۇ لەنەت ياغدۇرىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تاغار ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاشلىقنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپ بېقىۋىدى، بارماقلىرى ھۆلگە تەگدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" ھەي ئاشلىق ئىگىسى! ماۋۇ نېمە؟ " دەپ سورىۋىدى، ئاشلىق ئىگىسى:" ئۇ ئاشلىققا يامغۇر چۈشۈپ قاپتىكەن"دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:" ئۇ يامغۇردا قالغان ئاشلىقنى كىشىلەر كۆرگىدەك تۆپىگە ئېلىپ قويساڭ بولماسمىدى؟

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

كىمكى باشقىلارنى ئالدايدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس" دېدى»[1].

1118. سوئال: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىنى قايسى ئەھۋالدا بۇزالايدۇ؟

جاۋاب: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگۈچە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە بىزگە تەلىمات بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگۈچە، ھەر ئىككىيلەننىڭ يېنىۋېلىش ئىختىيارى بار، ناۋادا ئۇلار راستچىل بولۇپ مالدا ئەيىب بولسا، بۇ ئەيىبتىن خەۋەردار قىلسا، ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ناۋادا يالغان ئېيتىپ مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، سودىسىنىڭ بەرىكىتى يوق قىلىنىدۇ»[2].

شۇنداقلا، ساتقۇچى مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ ساتقان بولسا، ئالغۇچى سودىلاشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالغۇچى ئۇنى ئىشلەتمىگەن بولۇش شەرتى بىلەن سودىنى بۇزۇپ، مالنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھوقۇقلۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى (بازارغا ئەكىلىشتىن بۇرۇن قوزىسىنى ئەمگىلى قويماي) يېلىنى ئېسىلدۇرۇلگەن قوينى سېتىۋالغان بولسا، ئۇنى ئەكىلىپ سېغىپ باقسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ سۈتىگە رازى بولسا قولىدا ساقلاپ قالسۇن، ئەگەر رازى بولمىسا، ئۇ قوينى بىر سا (3كىلو 250 گرام) خورما بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن»[3].

بۇ ھەدىستىن مالغا ساختىلىق ئىشلىتىپ سېتىشنىڭ ھارامىلىقى، ساختىلىق ئىشلىتىلگەن مالنى سېتىۋالغان كىشىنىڭ سودىلاشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى بارلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

1119. سوئال: شېرىك تىجارەتتىكى سەممىيەتنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغاندا شېرىكلەرنىڭ بىر- بىرىگە سەممىي ۋە راستچىل بولۇشى بۇ خىل تىجارەتنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. راستچىل، سەممىيەتلىك شېرىكلەرنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئىككى شېرىك بىر-بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا مەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولىمەن (ئۇلارنى زىيان - زەخمەت ۋە خەتەرلەردىن ھىمايە قىلىمەن)، بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلغان ھامان مەن

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىمەن»[1]

شېرىك تىجارەت قىلىۋاتقانلار ۋە باشقىلارنىڭ پاي قاتقان دەسمايىسى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقانلار يالغان چىقىم كۆرسىتىش، سېتىۋالغان ماللارنىڭ سوممىسىنى ئاشۇرۇپ ھېساب كۆرسىتىش، ساتقان ماللارنىڭ پۇلىنى تۆۋەن مەلۇم قىلىپ كەم ئۆتكۈزۈش قاتارلىق يوللار بىلەن خىيانەت قىلىش بەرىكەتنى ۋە پايدىنى يوق قىلىشتىن تاشقىرى قەتئىي ھارامدۇر. مۇنداق تاپقان پۇلمۇ ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن.

1120. سوئال: سودىدا ئادىل رىقابەتلىشىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: سودىدا ئادىل رىقابەتلىشىش دېگەن باشقىلارنىڭ سودىسىغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىق، ئۇلارنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىق دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچكىم بىراۋنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلمىسۇن، شەھەرلىك يېزىلىقنىڭ مېلىنى مەن سېتىپ بېرىمەن دەپ ئارىلىشىۋېلىپ (باشقىلار بىلەن ئەركىن سودا قىلىشىغا) توسقۇنلۇق قىلمىسۇن، (ئالغۇچىلار يوق نەرسىگە قىممەت باھا قويۇپ) باشقىلارنى قىممەت سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار. بىراۋ سودىدا قويۇلغان باھادىن ئاشۇرۇپ باھا قويمىسۇن (يەنى سېتىۋالماقچى بولغان ئادەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق تەلەپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن)»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بىرسىدىن مال سېتىۋالماقچى بولۋاتقان كىشىنى شەرتلەپ:" مەن ئۇنىڭدىن ئەرزان بېرىمەن" ياكى " مېنىڭ مېلىم ئۇنىڭكىدىن ياخشى" دەپ تارتىپ كېتىدىغان ياكى ساتماقچى بولغان كىشىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۆزى ئالىدىغان، بازار باھاسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە باھانى ئۆرلىتىپ ساتىدىغان، يېزىدىن كىرگەن ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بېرىمەن دېگەن باھانە بىلەن ئېلىۋېلىپ، بازار تۈگىگەندە ئۆزى شۇ كۈنلۈك باھادىن ئەرزان باھادا ئېلىۋالىدىغان قىلىقلار مۇسۇلمان ئادەمگە ياراشمايدىغان، ئۇچىغا چىققان رەزىللىك ۋە ھارامخورلۇقتۇر.

1121. سوئال: ئۆزىدە يوق نەرسىنى سېتىشنى چەكلەشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: ئۆزىدە يوق ياكى تېخى ئىلكىگە كىرمىگەن نەرسىنى مەندە بار دەپ يالغان

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) نەسائىي رىۋايىتى

سۆزلەپ سودىدا كېلىشكەندىن كېيىن، باشقىلاردىن ئەكىلىپ بېرىدىغان ئىشلار ئالدامچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كۆپ ھاللاردا خېرىدارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ياكى ئۇنى مالدىن مەھرۇم قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئىلكىدە يوق نەرسىنى مەندە بار دەپ يالغان ئېيتىپ سودىلىشىشتىن قورقمىغان ئادەم باشقىلاردىن ئېلىپ كەلگەن مالنى خېرىدارغا بازار باھاسىدىن ئاشۇرۇپ سېتىشتىنمۇ قورقمايدۇ. مۇبادا مالنى تاپالمىسا، خېرىدارنى باشقىلار بىلەن قىلىشىدىغان تەييار سودىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق سودا ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى شۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: «ئۆزۈڭدە يوق نەرسىنى ساتما»[1] دېگەن.

1122. سوئال: ھارام بولىدىغان زاكالەت سودىسى قايسى؟

جاۋاب: سودا ئەگەر بولماي قالسا، ئالدىن بېرىلگەن پۇل ساتقۇچىغا قالىدىغان زاكالەت سودىسى ھارام قىلىنغان سودىدۇر. چۈنكى بۇ باشقىلارنىڭ مېلىنى بەدەلسىز يەۋېلىش بولۇپ، ئىسلام دىنىدا باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەدەلسىز يەۋېلىشنى تەقەززا قىلىدىغان بارلىق مۇئامىلىلەر قەتئىي ھارامدۇر. ئابدۇللا ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سودا بۇزۇلۇپ كەتسە ئالدىن بېرىلگەن پۇل ساتقۇچىغا قالىدىغان) زاكالەت سودىسىدىن توسقان»[2]

## ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشنىڭ شەرتى

1123. سوئال: ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ئادەم ياللاپ ئىشلىتىشنىڭ شەرتى ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى كېچىكتۈرمەستىن دەل ۋاقتىدا تولۇق بېرىشتۇر. ئىشچى، كىراكەش، مال سېتىپ بەرگۈچى قاتارلىقلارنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياللاپ ئىشلەتكەن ئادىمىڭلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭلار»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى " ئۈچ خىل ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم ھېسابلىنىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، مېنىڭ نامىمنى ئاتاپ قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىپ ۋەدىسگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم، ئىككىنچىسى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلنى يېگەن ئادەم، ئۈچىنچىسى بىر ئادەمنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بەرمىگەن ئادەم"»[1]

### نېسى مۇئامىلىدە ئىسلام پرىنسىپى

1124. سوئال: نېسى مۇئامىلە قىلىشقاندا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: نېسى مۇئامىلە قىلىشقاندا، تاپشۇرىدىغان ۋاقتىنى (يىل، ئاي، كۈن تارىخىنى يېزىپ) ئېنىق قىلىپ ھۆججەتلىشىش زۆرۈر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار. ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ــ زىيادە قىلماستىن) ئادىللىق بىلەن يازسۇن [2].

## مۇزارەبەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1125. سوئال: مۇزارەبەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇزارەبەت ـ پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ چىققان پايدىنى ئۆزئارا مەلۇم پىرسەنت بويىچە ئۈلىشىش مەقسىتىدە پۇل ئىگىسى چىقارغان پۇلنى كۈچ ئىگىسى چىقارغان كۈچ بىلەن ئايلاندۇرۇشقا كېلىشىشتىن ئىبارەت[3].

### مۇزارەبەت كېلىشىمگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى

1126. سوئال: مۇزارەبەت كېلىشىمگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ھەر خىل ئىقتىداردا ياراتقان، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولسا بەزىسى دۆت ۋە تەدبىرسىز، بەزىسى كۈچلۈك بولسا بەزىسى ئاجىز، بەزىسى باي بولسا بەزىسى نامرات، بەزىسى تىجارەت قىلالايدىغان بولسا بەزىسى قىلالمايدىغان، بەزىسىدە پۇل بولغىنى بىلەن ئۇنى قانداق ئاۋۇتۇشنى بىلمەيدۇ، يەنە بەزىلەر پۇل بولسا ئاۋۇتۇشنى بىلگىنى بىلەن ئۇلاردا پۇل بولمايدۇ، بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بەزى كىشىلەردە پۇل

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) بەقەرە سۈرىسى 282- ئايەت
(3) دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللانىڭ «مۇزارەبەت»ناملىق ماقالىسىدىن.

بولىسمۇ كۈچ يوق، ياكى ۋاقىت يوق، ياكى ئەقىل يوق، ياكى تەن سالامەتلىك يوق، ياكى تەجرىبە يوق بولغانلىقتىن قولىدىكى پۇلنى پايدىلىق بىر تىجارەتتە ئايلاندۇرالماي قالىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە كۈچ بار، ۋاقىتمۇ بار، ئەقىلمۇ بار، تەن سالامەتلىكمۇ بار، تەجرىبىمۇ بار، بازار ئەھۋالى ۋە تىجارەتتىن خەۋىرىمۇ بار، تىجارەت قىلسا پايدا ئېلىشقا كۆزى يېتىدىغان بولىدۇ، بىراق بۇلاردا يېتەرلىك پۇل، سەرمايە يوق.

ئىسلام شەرىئىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشنى چەكلەيدۇ، مۇزارەبەت شىركىتى ئارقىلىق پۇلنى ئايلاندۇرۇش جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنى ئازايتىدۇ، مۇھتاج كىشىگە سەرمايە تەييارلاپ ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، پۇلنى يوقىتىۋەتمەي ئاۋۇتىدۇ، ئىقتىساد ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدۇ.

پۇلنى بېسىپ يېتىپ ئىشقا سېلىپ ئاۋۇتمىغان تەقدىردە بۇ پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ كېتىدۇ، پۇلنى ئىشقا سالماي بېسىپ ياتىدىغانلار پۇلنىڭ بۇنداق قوراپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ-دە زاكات بېرىشتىن باش تارتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا قالىدۇ، چۈنكى بۇلار پۇلنى بېسىپ يېتىۋېلىش ئارقىلىق چوڭ ئىككى جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ، بىرىنچىسى پۇلنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەنلىك، ئىككىنچىسى پۇلنى ئىشقا سالماي رولىنى جارى قىلدۇرمىغانلىق.

يەنە بىر تەرەپتىن پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز پۇلنى ئاۋۇتۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم يېتىم-يېسىرنىڭ مال-مۈلكىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا تىجارەت قىلسۇن، زاكات ئۇنى قۇرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تاشلاپ قويمىسۇن»[1].

## مۇزارەبەت مۇئامىلىسىدە شېرىكلەرنى تاللاش پرىنسىپى

1127. سوئال: مۇزارەبەت مۇئامىلىسىدە قانداق ئادەملەرنى تاللاش كېرەك؟

جاۋاب: مۇزارەبەت كېلىشىمىگە قەدەم قويغاندا ئىشەنچلىك، مۇئامىلىسى دۇرۇس، راستچىل، ئاللاھتىن قورقىدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشىلەرنى تاللاش ئىنتايىن زۆرۈر، چۈنكى مۇزارەبەت كېلىشىمى پۈتۈنلەي ئامانەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر شېرىكچىلىك. خىيانەت قىلمايدىغان، يالغان ئېيتمايدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى

ئادەمگىلا ئىشىنىپ پۇلنى تۇتقۇزغىلى بولىدۇ. چۈنكى، كۈچ ئىگىسى ئەگەر ياخشى تاللانماستىن، پۇل ئاللاھتىن قورقمايدىغان بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ «پايدا چىقمىدى» ياكى «زىيان چىقتى» دېگەنگە ئوخشاش باھانىلىرى بىلەن پۇل ئىگىسىنى ئالداپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا ئىشەنچسىز ياكى راستچىللىقىدا شەك بار كىشىلەرگە پۇل تۇتقۇزماسلىق لازىم.

ئادەملەرنىڭ ئامانەتكە ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى ئۇلارنىڭ تەقۋا سۈرىتىدە كۆرۈنىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىپ كۆرۈش بىلەن بىلىنىدۇ.

## مۇزارەبەت مۇئامىلىسىدە چىققان زىياننىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

1128. سوئال: مۇزارەبەت كېلىشىمىدە زىيان چىقسا ئۇنى كىم كۆتىرىدۇ؟

جاۋاب: مۇزارەبەت كېلىشىمىدە ھەر ئىككىلا تەرەپ پايدىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ، پايدا چىقسا ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن بويىچە مەلۇم ئۈلۈش ياكى پىرسەنت بويىچە تەقسىم قىلىپ ئالىدۇ، ئەگەر دەسمايىدىن زىيان چىقسا چىققان زىيان بۇرۇن تاپقان پايدىدىن چىقىرىلىدۇ. ناۋادا تارتقان زىيان چىققان پايدىنى يەپ كېتىپ پايدىدىن ئېشىپ چۈشسە ياكى تېخى ھېچ پايدا ئالمىغان بولسا، ئېشىپ چۈشكەن زىيان دەسمايىگە بولىدۇ، يەنى پۇل ئىگىسىگە بولىدۇ. بۇنىڭدا پۇل ئىگىسى پۇلىدىن بىر قىسمىنى، كۈچ ئىگىسى بولغان شېرىكىمۇ ئاقتۇرغان تەرىنى ۋە سەرپ قىلغان ۋاقتىنى زىيان تارتقان بولىدۇ[1].

1129. سوئال: قايسى ئەھۋالدا چىققان زىياننى كۈچ ئىگىسىلا تۆلەيدۇ؟

جاۋاب: كۈچ ئىگىسى پەۋقۇلئاددە بىپەرۋالىق قىلىپ زىيان چىقىشقا سەۋەبچى بولغاندا، ياكى مالنى ئوبدان ساقلىماي ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان ياكى پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن باشقا بىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بەرگەنلىكى يۈزىسىدىن دەسمايىدىن زىيان چىققان تەقدىردە، چىققان زىياننى پەقەت كۈچ ئىگىسى ئۆزىلا تارتىدۇ، بۇنىڭدا پۈتۈنلەي ئامانەت (راستچىللىق) ھۆكمى ئىجرا

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» ناملىق ئەسىرى 351- بەت. ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىدىن ئىبنى رۇشد، ئىبنى قۇدامە، ئىبنى ئابىدىن، ئىبنى ھەزم قاتارلىقلار مۇزارەبەتتە چىققان زىياننى پەقەت پۇل ئىگىسى تارتىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ھەمدە زىياننىڭ بىر قىسمىنى كۈچ ئىگىسى تارتىدۇ، دەپ شەرت قىلىپ كېلىشىم تۈزگەن مۇزارەبەت شېرىكچىلىكى بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجمائىغا (بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىغا) زىت بولغانلىقى ئۈچۈن توغرا بولمايدىغانلىقىنىمۇ جاكارلىغان.

قىلىنىدۇ[1].

1130. سوئال: مۇزارەبەتتە مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىشنى شەرت قىلىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: پۇل ئىگىسى بىلەن كۆچ ئىگىسىدىن ئىبارەت ئىككى شېرىكنىڭ قايسىبىرىگە، پايدا مىقدارى قانچىلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر مۇئەييەن مىقداردا پۇل ئېلىش بەلگىلەنسە مەسىلەن: پۇل ئىگىسى مىڭ يۈەن ئالىدۇ، كۆچ ئىگىسى بەش يۈز يۈەن ئالىدۇ دەپ كېلىشىم تۈزۈشسە، بۇنداق مۇزارەبەت كېلىشىمى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ نامەلۇم پايدا ئۈستىدىكى ئىنتىپاقتۇر. ناۋادا پايدا چىقمىسا ياكى پايدا مىڭ يۈەندىن ئاز چىقسا، يا كۆچ ئىگىسى يېنىدىن، ياكى پۇل ئىگىسى دەسمىدىن تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئادالەتسىزلىكتۇر.

شۇنداقلا پۇل ئىگىسى پايدا چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن كۆچ ئىگىسىدىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىشنى (مەسىلەن: مىڭ يۈەن ئېلىشنى) شەرت قىلىپ، پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزسا، بۇ مۇئامىلە ھالاللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ناۋادا پايدا چىقمىسا ياكى چىققان پايدا مىڭ يۈەنگە يەتمىسە، كېلىشىم بويىچە كۆچ ئىگىسى ئۆز يېنىدىن مىڭ يۈەننى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس.

## مۇزارەبەتتە پايدا نىسبىتىنىڭ بەلگىلىنىشى

1131. سوئال: مۇزارەبەتتە ئىككى تەرەپ ئالىدىغان پايدا نىسبىتى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟

جاۋاب: مۇزارەبەت كېلىشىمىدە ئىككى تەرەپ ئالىدىغان پايدا نىسبىتى قارىسىغا بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى كۆچ چىقارغۇچىنىڭ بازاردا ئىشلەپ ئالالايدىغان مۇقىم ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان مىقدارغا يېقىن ھالدا مۆلچەر قىلىنىپ بەلگىلىنىدۇ، بۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا تەۋەككۇلچىلىك قىلىش بەدىلى قېتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئالىدىغان پايدىسى خەتەرگە تەۋەككۇلچىلىك قىلىدىغان ئېھتىماللىق پايدا، ئۇنىڭ مۇزارەبەت كېلىشىمىدىن زىيان تارتىشى ياكى پەقەت پايدا ئالالماسلىق ئېھتىمالىمۇ باردۇر، دېمەك ئۇنىڭ ئىش ھەققى مۇقىم بەلگىلەنگەن كاپالەتلىك ئىش ھەققى ئەمەس، تۈزۈلگەن مۇزارەبەت كېلىشىمىمۇ ئادەتتە ھەم نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن ئېتىقاندا كۆچ ئىگىسى ئۆزى قوبۇل قىلىدىغان مەلۇم دەرىجىدە ئېھتىماللىقى بولغان مۇۋاپىق پايدىنى كۆزلىگەندىلا ئاندىن پۈتىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ پايدا ئۇنىڭ بازاردا ئالىدىغان مۇقىم ئىش ھەققىدىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانغا لايىق دەرىجىدە ئارتۇق بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇ ئەلۋەتتە بازاردا ئىشلەپ خەتىرى يوق

(1) islamweb.org «پەتىۋا بانكىسى».

مۇقىم پايدىنى ئېلىشنى تاللىغان بولاتتى.

### مۇزارەبەت شېرىكچىلىكىنىڭ شەرتلىرى

1132. سوئال: مۇزارەبەت شېرىكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مۇزارەبەت شېرىكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) تىجارەت قىلىشقا تاپشۇرۇلىدىغان پۇل نەق ۋە تەييار پۇل بولۇشى كېرەك. نەق پۇل بولماي مال ياكى باشقا تاۋاردەك نەرسىلەر بولسا ياكى قەرز بولسا توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: "بۇ مىلىڭ مېتىر رەختنى سىزگە مۇزارەبەت تىجارىتىگە بېرەي، بۇنىڭدا تىجارەت قىلىپ پايدىسىنى تەڭ ئۈلىشەيلى" دېسە مۇزارەبەت توغرا بولمايدۇ.

(2) مۇزارەبەت شېرىكچىلىكى ئۈچۈن بەرگەن پۇل مىقدارى ئېنىق مەلۇم بولۇشى شەرت.

(3) پايدا پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا پىرسەنت ياكى ئۈلۈشلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنىشى شەرت. مەسىلەن: پۇل ئىگىسى چىققان پايدىدىن 40 پىرسەنت، كۈچ ئىگىسى 60 پىرسەنت ياكى پۇل ئىگىسى 75 پىرسەنت، كۈچ ئىگىسى 25 پىرسەنت، ياكى پۇل ئىگىسى تۆتتىن بىر قىسمىنى، كۈچ ئىگىسى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى دېگەنگە ئوخشاش.

(4) پۇل ئىگىسى مۇزارەبەت شېرىكچىلىكىدىكى تىجارەت قىلىدىغان پۇلنى كۈچ چىقىرىدىغان كىشىگە تاپشۇرىشى كېرەك. چۈنكى تاپشۇرمىغان تەقدىردە ئۇنىڭدا تىجارەت قىلالماي قالىدۇ. يەنە پۇل ئىگىسى كۈچ ئىگىسى قىلىدىغان تىجارەتكە تەڭ ئارىلىششىنى شەرت قىلغان بولسىمۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزەرىدە مۇزارەبەت كېلىشىمى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ، پۇلنى تولۇق تاپشۇرماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۈچ ئىگىسى تولۇق ئەركىنلىكى بىلەن ھەرىكەت قىلالماي قالىدۇ.

(5) كېيىنچە جېدەلگە سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئالىدىغان پايدا مىقدارىنى ئېنىق بەلگىلىشى كېرەك. ئۈلىشىدىغان پايدا مىقدارىنى ئېنىق بەلگىلىمەيلا: "پايدىسىغا ئىككەيلەن شېرىكمىز" دەپ پۈتۈشكەن بولسىمۇ، بۇ مۇزارەبەت كېلىشىمى توغرا بولاۋېرىدۇ، ئىككى تەرەپ پايدىنى تەڭدىن ئۈلىشىدۇ، چۈنكى شېرىكچىلىك باراۋەرلىكنى تەقەززا قىلىدۇ.

### پۇل ئىگىسىنىڭ بەزى شەرتلەرنى بەلگىلەش ھەققى

1133. سوئال: پۇل ئىگىسىنىڭ بەزى شەرتلەرنى بەلگىلەش ھەققى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. مەسىلەن: پۇل ئىگىسى پۇلنى مەلۇم بىر تىجارەتتە ياكى مەلۇم

بىرەر شەھەر ياكى بىرەر دۆلەتتە ئىشلىتىشنى شەرت قىلسا، پۇلنى ئىشلەتكۈچى شېرىكنىڭ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئىختىيارى بار. ئەگە قوبۇل قىلغان بولسا بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىشى شەرت. بۇ شەرتكە ئەمەل قىلمىغان شارائىتتا، ئەگەر زىيان چىقسا، زىياننى كۆچ ئىگىسى تۆلەيدۇ.

ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلنى قانداق تىجارەتتە ياكى قايسى جايدا ئىشلىتىشنى شەرت قىلماستىن ئىشلەتكۈچىگە مۇتلەق تەسەررۇپ ئەركىنلىكىنى بەرگەن بولسا، ئىشلەتكۈچى پۇلنى خالىغان ئىشقا ۋە خالىغان جايدا ئىشلىتىشتە ھۆردۇر.

## پۇل ئىگىسى قويالمايدىغان شەرتلەر

1134. سوئال: پۇل ئىگىسى قانداق شەرتلەرنى قويالمايدۇ؟

جاۋاب: پۇل ئىگىسى تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى قويالمايدۇ:

(1) پۇل ئىگىسىنىڭ مۇزارەبەتتە زىيان چىقسا ئۇنىڭغا ئۆزى ئىگە بولماسلىقنى شەرت قىلسا كېلىشىم بۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق شەرت قويۇلغان مۇزارەبەت توغرا بولمايدۇ.

(2) پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسى بولغان شېرىك بىلەن ئۆزىنىڭمۇ بىرگە ئىشلىشىنى شەرت قىلىشى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا مۇزارەبەت ئۆز مەنىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

1135. سوئال: پۇلنى ئىشلەتكۈچى شېرىك ئۇنى يەنە بىر ئىشلەتكۈچىگە بېرەلەمدۇ؟

جاۋاب: پۇلنىڭ ئىگىسى قوشۇلماستىن ئىشلەتكۈچى پۇلنى باشقا بىر ئىشلەتكۈچىگە بېرەلمەيدۇ. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى بولغان شېرىك ئۇنى ئىشلەتكۈچى شېرىككە " پۇلنى قانداق تەسەررۇپ قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدە بولىدۇ" دېگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن باشقا بىرىگە بېرەلەيدۇ.

## مۇزارەبەت كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلۇشى

1136. سوئال: مۇزارەبەت كېلىشىمى قانداق سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇلىدۇ؟

جاۋاب: مۇزارەبەت كېلىشىمى ئىككى شېرىكتىن قايسىبىرىنىڭ شېرىكلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇش تەكلىپىنى قويۇشى ياكى ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇزۇلىدۇ. پۇل ئىگىسى بولغان شېرىك ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى شېرىكلىكنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسا يەنە داۋام قىلىدۇ[1].

(1) islamweb.org ۋە islamawazi.net تور بېكىتى «پەتىۋا بانكىسى» دىن.

## مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىش مەسىلىسى

1137. سوئال: مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىش- بىر نەرسىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتكە بۆلۈپ ئېلىش شەرتى بىلەن سېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەبچىدە«تقسيط»(تەقسىت) دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق سېتىش پۇلنى مۇقىم توختىتىپ سېتىش شەرتى بىلەن ساتقۇچى ۋە ئالغۇچىغا مۇتلەق ھالال بولۇپ، پۇلى مۇددەتكە بۆلۈپ ئاز-ئازدىن تاپشۇرۇلىدىغان مۇنداق سودىدا ساتقۇچىنىڭ مال باھاسىنى نەق سېتىش باھاسىدىن ئۆستۈرۈپ، «بۇ مالنىڭ نەق سېتىش باھاسى مۇنچىلىك، ئەمما پۇلنى بۆلۈپ تۆلەش باھاسى مۇنچىلىك» دەپ سېتىشىمۇ دۇرۇس ۋە ھالالدۇر. «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»غا تەۋە «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى»نىڭ قارارىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «پۇلى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇلىدىغان سودىدا مال باھاسىنى نەق سېتىش باھاسىدىن ئۆستۈرۈپ سېتىش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، سېتىلىدىغان نەرسىنىڭ نەق سېتىش باھاسى بىلەن مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىش باھاسىنى ئېنىق ئېيتىپ سېتىشمۇ جائىزدۇر. بۇ تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەنلا جائىزدۇر:

(1) ئالغۇچىنىڭ نەق پۇلغا سېتىۋېلىش ياكى پۇلنى بۆلۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىختىيارنىڭ بىرىنى تاللاپ، ساتقۇچى بىلەن ئىتتىپاققا كېلىشى ۋە بۆلۈپ تۆلەيدىغان پۇلنى پىرسەنتكە باغلىماستىن، مىقدارىنى مۇئەييەن قىلىپ توختىتىش شەرتتۇر. ئەگەر سېتىلغان نەرسە نەق بىلەن بۆلۈپ تۆلەش ئوتتۇرىسىدا قېپقالغان بولسا ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرەرسى رازى بولماستىن سودا پۈتكەن بولسا، مۇنداق سودا جائىز ئەمەس.

(2) پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەشكە ئىتتىپاقلاشقان سودا پۈتكەندىن كېيىن، تاۋارنىڭ ئالغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى شەرتتۇر. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، ساتقۇچى قولىدا يوق نەرسىنى ساتقان بولىدۇ، بۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قولۇڭدا يوق نەرسىنى ساتما»[1]دەپ ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان»[2].

---

(1) ئەبۇداۋۇد، نەسائى، تىرمىزى رىۋايىتى

(2) مجمع الفقه الإسلامي في دورته السابعة بجدة من ٧-١٢ذو القعدة ١٤١٢هـ- الموافق ٩-١٤مايو ١٩٩٢م قرار رقم ٧/٢/٦٥ بشـأن البيـع بالتقسيط.

مۇنداق سودىدا ساتقۇچىنىڭ بۆلۈپ ئالىدىغان پۇلنى كاپالەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئالغۇچىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرەگە ئېلىپ تۇرۇشى جائىزدۇر.

(3) ئالغۇچى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغان پۇلنى ۋاقتى قەرەلىدە تۆلەشتىن كېچىكتۈرۈپ قويغان شارائىتتا، ئۇنىڭ ئارتۇق پۇل تۆلىشىنى شەرت قىلماسلىقى شەرتتۇر. ئەگەر ئالغۇچى قەرزنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقى بەدىلىگە ئايرىم پۇل تۆلىشى ياكى پىرسەنت قوشۇلىشى شەرت قىلىنسا، مۇنداق سودا جازانە سودىسى بولۇپ قالىدۇ. جازانىنىڭ ھاراملىقى ئېنىق.

1138.سوئال: تاۋارنى بانكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋېلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر بانكا ساتقۇچىغا سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلنى بېرىۋېتىپ، ئۇنى ئالغۇچىدىن مۇددەتكە بۆلۈپ پىرسەنتى بىلەن ئالماقچى بولسا، مۇنداق سودا جازانىنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بانكا ئۆسۈمگە قەرز بېرىپ تۇرغان بولىدۇ[1].

(١) الأمانة العامة لهيئة كبار العلماء ، فتوى رقم ٢١٢٨٦ وتاريخ ١٤٢١/١/١٨هـ. الإسلام سؤال وجواب

## سۇغۇرتا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1139. سوئال: سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قوشۇلۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم چۈشكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامانلاردا، ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە، ھەتتا مەشھۇر مەزھەب پېشىۋالىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ، مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرگەن دەۋرلەردە، سۇغۇرتا دېيىلىدىغان مۇئامىلە ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى. شۇڭا قەدىمقى ئىسلامىي كىتابلاردا ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان سۇغۇرتىغا ئائىت ھۆكۈملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھازىر دۇنيادا ھايات سۇغۇرتىسى، ھادىسە ـ ئاپەتلەر سۇغۇرتىسى، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى، ماشىنا سۇغۇرتىسى، دېگەنگە ئوخشاش كۆپلىگەن سۇغۇرتىلار مەۋجۇد. ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ يېڭى مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ۋە ھالال ياكى ھاراملىق ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن جىددىي ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇلار سۇغۇرتىنى «تىجارىي سۇغۇرتا» ۋە «ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى» دەپ ئىككىگە ئايرىدى. پايدىنى كۆزلىمەستىن پەقەت ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان سۇغۇرتىلارنى «ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى»، پۇل تېپىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەر قانداق سۇغۇرتىنى «تىجارىي سۇغۇرتا» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملىشىۋاتقان پۈتۈن سۇغۇرتا تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىن پۇل تېپىشنى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ھەمكەرلىقنى مەقسەت قىلغان ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدىن باشقىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ خىلدىكى سۇغۇرتىلارغا قاتنىشىشنىڭمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (ئەڭ ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا، كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خۇددى قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسلاردا ئوچۇق ھۆكۈمى بولمىغان تاماكا بىلەن ئاق زەھەرنى پالاكەتى ۋە زىيىنى سەۋەبلىك ھارام دەپ بېكىتكەنگە ئوخشاش ئىجتىھادىي ھۆكۈمدۇر.

### تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ ھارام بولىشىنىڭ سەۋەبلىرى

1140. سوئال: تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ ھارام بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ ھارام بولىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

(1) تىجارىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭدا جازانىخورلۇقنىڭ چەكلەنگەن ھەر ئىككى تۈرى تېپىلىدۇ.

(2) تىجارىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش قىمار ئوينىغانغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇ مەلۇم بولمىغان بىر پايدا ئۈچۈن پۇل تىكىش جەھەتتىن قىمارنىڭ ئۆزىدۇر. ئاللاھ قىمارنى ھارام قىلغان.

(3) تىجارىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نامەلۇم نەرسىنى ئېلىپ- ساتقانغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامەلۇم نەرسىنى سېتىشتىن توسقان ۋە ئۇنى «غەرەر» دەپ ئاتىغان.

(4) تىجارىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئۆزىنىڭ ھەققىنى يېگۈزگەنلىكتۇر[1].

**سالامەتلىك سۇغۇرتىسى**

1141. سوئال: سالامەتلىك سۇغۇرتىسى دېگەن قانداق سۇغۇرتا؟

جاۋاب: سالامەتلىك سۇغۇرتىسى –بىراۋ كېسەل بولغاندا داۋالىتىش بەدىلىگە سۇغۇرتا شىركىتىگە ئايلىق پۇل تۆلەش دېگەنلىكتۇر.

1142. سوئال: سالامەتلىك سۇغۇرتىسىغا قاتنىششقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان مەملىكەتلەردە، پايدا كۆرۈش مەقسىتى بىلەن شىركەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان سالامەتلىك سۇغۇرتىسىغا قاتنىششقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇمۇ قىمارغا ئوخشاش نامەلۇم پايدىغا پۇل تۆلىگەنلىكتۇر. مۇبادا سۇغۇرتىغا قوشۇلغاندىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا كۆپ پۇل كېتىدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالىنىشقا مۇھتاج بولغاندا، ئۇن يىلدا تۆلەيدىغان سۇغۇرتا پۇلىغا بىر قېتىمدا داۋالانسا، بۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك بولامدۇ؟ ياكى يىللارچە سۇغۇرتىغا پۇل تۆلىگەن بولسىمۇ كېسەل بولمىغانلىقتىن سۇغۇرتا شىركىتى ھېچ چىقىم قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئالغان سۇغۇرتا پۇلى قانداق ھالال بولسۇن؟ شۇڭا ئىسلامدا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن نامەلۇم نەرسىنى سېتىش ھارام قىلىنغان.[2]

1143. سوئال: ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزۈلمەيدىغان مەملىكەتلەردە سۇغۇرتىغا قاتنىششقا بولامدۇ؟

جاۋاب: دوكتۇر يۈسۈپ قەرداۋى[3] باشچىلىقىدىكى "ياۋرۇپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات

---

(1) شەيخ ئىنبى جىبرىن پەتىۋالىرىدىن

(2) islamawazi.net تور بېكىتى «پەتىۋا بانكىسى» دىن

(3) دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى ـ 1926-يىلى مىسىرنىڭ غەربىيە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، قەدىمىي ئىلىم يۇرتى ئەزھەردە ئوقۇپ يېتىشكەن ئىسلاھاتچى ئالىم. مىسىردىكى " ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن" جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك 1949-1954- ۋە 1961- يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ

كېڭىشى" غەرب ئەللىرىدە، ئىككى ئامېرىكىدا، ئاۋۇستىرالىيىدە ۋە خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقلا بىر سۇغۇرتىغا قاتنىشىشنى زۆرۈرىيەت ياكى جىددى ئېھتىياج دېگەن ئېتىبار بىلەن دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن[1].

بۇنىڭغا بىنائەن، مەيلى ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزۈلىدىغان مەملىكەتلەردە بولسۇن، مەيلى ئىككى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيىگە ئوخشىغان خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردە بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش خەلقى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزۈلمەيدىغان مەملىكەتلەردە بولسۇن، ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن خەلققە خالىسا خىزمەت قىلىش يۈزىسىدىن قۇرۇلغان سۇغۇرتىلارغا قاتنىششقا بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق سۇغۇرتىلارغا كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئىختىيارسىز ھالدا قاتنىششقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

## سۇغۇرتىغا قاتنىششنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەبلەر

1144. سوئال: ئىسلام ئەللىرىدە قانداق ئەھۋاللار ئاستىدا سۇغۇرتا شىركىتىگە قاتنىششقا بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئەللىرىدە، مەيلى كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولسۇن، مەيلى ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولسۇن، ئىجتىمائىي ياردەم سۈپىتىدە، پايدىنى كۆزلىمەستىن قۇرۇلغان ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدىن باشقا سۇغۇرتىلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر[2].

ئەمما تۆۋەندىكى ھاللاردا سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاتنىششقا بولىدۇ:

(1) بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا

---

ئۈچ قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، 1961- يىلى قاتار دۆلىتىگە بېرىپ، شۇجايىنىڭ نوپۇسىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ جايدا ئىسلام ئېنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1977-يىلى قاتار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى تالانتى بىلەن "ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى"، "پادىشاھ فەيسەل مۇكاپاتى"، "مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى" ۋە بۇرۇناي سۇلتانى تەرىپىدىن مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. ھازىر ئۇ "دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالار ئىتتىپاقى"نىڭ رەئىسى، "ياۋروپا تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭەشى"نىڭ رەئىسى، "مىسىر ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، "ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى"تەركىبىدىكى" ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، "قاتار ئىسلام بانكىسى"نىڭ كۆزىتىش كومىتېتى ئەزاسى، "ئافرىقا ئىسلامىي دەۋەت تەشكىلاتى"نىڭ ئەزاسى، كۇۋەيت دۆلىتى "زاكات ئىشلىرى كومىتېتى"نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، "ئىسلام ئونلاين" تور بېكىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە.

(1) islamawazi.net تور بېكىتى «پەتىۋا بانكىسى» دىن.

(2) islamawazi.net تور بېكىتى «پەتىۋا بانكىسى» دىن

داۋالىنىشقا كۆپچى يەتمىگەندەك ياكى ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىپ قالغىدەك ئەھۋال يۈز بېرىش ئېھتىمالى كۆپلۈك بولسا، ئۇ چاغدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، سۇغۇرتا شىركىتىگە قاتناشسا بولىدۇ. ئەمما مال - مۈلۈكى تولۇق بولۇپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلىرى كېسەل بولۇپ قالسا داۋالىنىشقا كۆپچى يېتىپ تۇرۇپ، سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاتنىشىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئەسلىدە سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاتنىشىش هارام. هارام ئىشلارغا پەقەت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا يول قويۇلىدۇ[1].

(2) داۋالىنىش ھەققى كۆپلىگەن خەلق ئاممىسىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولۇپ، تەلەب قىلىنغان چىقىمنى ھەل قىلىش قىيىنغا چۈشىدىغان ئەھۋال بولسا، سۇغۇرتا شىركىتىگە قاتناشسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھاياتنى قوغداش شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر. ئەمما بىراۋنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشمىسىمۇ داۋالىنىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇنىڭ سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئادەمدە زۆرۈرىيەت تېپىلمايدۇ.

## ھەمكارلىق سۇغۇرتا ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

1145. سوئال: ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى ـ بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئىئانە تەرىقىسىدە مەلۇم مىقداردىن پۇل تۆلەشكە كېلىشىشى بىلەن قۇرۇلىدىغان مۇئەسسەسە بولۇپ، بۇ مۇئەسسەسەگە ئەزا بولغانلاردىن زىيان ـ زەخمەتلەرگە يولۇققانلارنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.[2]

1146. سوئال: ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى تۆۋەندىكى ئىككى شەرتكە توشقان بولىدۇ:

(1) سۇغۇرتىغا ئىشتىراك قىلماقچى بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ مەلۇم مىقدار پۇلنى ئىئانە شەكلىدە سۇغۇرتىغا بېرىشى، توپلانغان ياكى شەرئى (قانۇنلۇق) يوللار بىلەن ئۆستۈرۈلگەن پۇللاردىن ئەزالاردىن ھادىسىگە ئۇچرىغان ياكى زىيانغا

(1) بۇ سۆز ئىسلامدىكى «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا يۆلەنگەن بولۇشى ئېھتىمال.

(2) سەئۇدى ئەرەبىستانى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە مەسجىد ھەرەمنىڭ ئىمامى سالىھ ئىبنى ھۇمەيدنىڭ ماقالىسىدىن.

ئۇچرىغانلارنىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى مۇھتاجلارنىڭ، جىددىي قوتقۇزۇشقا ھاجەت بولغانلارنىڭ پايدىلىنىشىنى مەقسەت قىلىشى.

(2) سۇغۇرتىغا ئەزا بولغۇچىلارنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىق ياكى قايسىبىر سەۋەب يۈزىسىدىن بەرگەن پۇلىدىن مەلۇم مىقدارنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلماسلىقى لازىم. ناۋادا ئەزالاردىن بىرەرسى ھادىسىگە ياكى ئىقتىسادىي بۇھرانغا ئۇچرىسا، توپلانغان پۇلدىن ئۇنىڭ ئۇچرىغان زىيىنىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالىغۇدەك مىقدار بېرىلىدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

بەزى ئىسلام ئەللىرىدە «ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرى» دەپ ئاتالغان جەمئىيەتلەر بۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. بۇنداق جەمئىيەتلەردە ھەر كىشى ئىئانە تەرىقىسىدە ئايلىق بەدەل تۆلەيدۇ. ئەمما تۆلىگەن بەدەللىرىنى قايسىبىر سەۋەب بىلەن قايتۇرۇپ ئالمايدۇ ياكى ھادىسىگە ئۇچرىسا قايتۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ تارتقان زىيىنى تۆلەپ بېرىلىدۇ، بەس.

يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئىسلامىي سۇغۇرتا ھازىرقى سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە ھېچبىر تەرەپتىن ئوخشىمايدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، خۇسۇسەن ياۋروپا ئەللىرىدە دەۋر سۈرۈۋاتقان بارلىق سۇغۇرتا شىركەتلىرى پايدىنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىدىغان «تىجارىي» مۇئەسسەسەلەر بولۇپ، ئىسلامىي سۇغۇرتا تۈزۈمىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىسلامىي سۇغۇرتىنىڭ غايىسى پايدا ئېلىش ئەمەس، بەلكى خالىسانە خىزمەت قىلىش ۋە ئۆزىمۇ شۇ قاتاردا بۇ خىزمەتتىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### ئىسلامىي سۇغۇرتا بىلەن تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ پەرقى

1147. سوئال: ئىسلامىي سۇغۇرتا بىلەن تىجارىي سۇغۇرتىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەرقلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي سۇغۇرتا بىلەن تىجارىي سۇغۇرتىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدا سۇغۇرتا شىركىتى ئۆزى ئۈچۈن پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەيدۇ. بەلكى چىققان پايدىنى ئەزالارغا ئۇلارنىڭ قوشقان پۇلىنىڭ نىسبىتىگە قاراپ بۆلۈپ بېرىدۇ ئەمما تىجارىي سۇغۇرتا شىركەتلىرى پايدا ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ ۋە ئىشلەيدۇ.

(2) ئىسلامى ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنىڭ غايىسى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا

ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسا، تىجارىي سۇغۇرتىلارنىڭ غايىسى ئەزالىرىنىڭ ھېسابىغا پايدا تېپىشنى غايە قىلىدۇ.

(3) ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتا شىركىتىدە ئەزالار شۇ شىركەتنىڭ شېرىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. شىركەتنىڭ قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق تاپقان پايدىسىغا شېرىك بولۇپ، نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. ئەمما تىجارىي سۇغۇرتا شىركەتلىرىدە ئەزالار شېرىك ھېسابلانمايدۇ. نەتىجىسىدە، شىركەتنىڭ پايدىسىغا ئارىلىشالمايدۇ.

(4) ئىسلامىي سۇغۇرتا شىركىتىدە پۇل پۈتۈن ئەزالارنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تىجارىي شىركەتلىرىدە پۇل پەقەت شىركەتنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ.

(5) ئىسلامىي سۇغۇرتىغا ئىشتىراك قىلغۇچىلار جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ۋە خەيرىيەتنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، بەرگەنلىرىنى بەدەلسىز بېرىدۇ. ئەمما تىجارىي سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە سۇغۇرتا قىلىش خۇددى قىمارغا ئوخشاشلا بىر ئىش. سۇغۇرتا قىلغۇچىلاردىن بەزىلەر تۆلىگەن پۇلىنىڭ پايدىسىنى ھېچ كۆرەلمىسە، بەزىلەر تۆلىگىنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق پايدىلىنىدۇ. مانا بۇ ئادالەتسىزلىك بولۇپ. ئىسلام دىنىي قايسى شارائىتتا ۋە قايسى يول بىلەن بولمىسۇن ئادالەتسىزلىك قىلىشقا يول بەرمەيدۇ. بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم پايدا ـ زىيانغا رازى بولۇپ قاتنىشىدۇ، مۇبادا سۇغۇرتىدىن ھېچ پايدىلىنالمىسىمۇ رازى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!» دېمىزكى، ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلغانلارمۇ ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ قىلىدۇ، زىنا قىلغانلارمۇ رازى بولۇشۇپ قىلىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ قىلىقلاردىن رازى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟! چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇنى كۆزلەيدۇ.

(6) ئىسلامىي ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىدا پۇل ـ مال شەرئى (قانۇنلۇق) يوللار ئارقىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەمما تىجارىي سۇغۇرتىلاردا پۇل ـ مال ئۆسۈم مۇئامىلىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆستۈرۈلىدۇ[1].

---

(1) مىسىرلىق ئالىم ھۈسەيىن شەھاتەنىڭ islamonline. net تور بېكىتىدە ئېلان قىلغان بۇ ھەقتىكى ماقالىسىدىن ئىخچاملاپ ئېلىندى.

## ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان بەزى مۇشكىلاتلارغا جاۋاب

1148. سوئال: ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ۋەيران قىلغانلىق بولۇپ، ئۆسۈمگە قەرز ئېلىپ، ئاخىرى ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر. ئۆينى ساتقانلار ياكى بانكا ئۆينىڭ پۇلىنى ئالغۇچىدىن بىرقانچىگە بۆلۈپ ئالىدىغان ۋە ھەر بىر قېتىم ئالىدىغان پۇلغا مەلۇم پىرسەنت ئۆسۈم قوشۇپ ئالىدىغان بولسا، بۇ سودا ھارامدۇر، چۈنكى بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزى.

ئەمما ئۆينى ساتقانلار ئۇنى ساتقاندا باھاسىغا ئۆسۈم قوشماي پۇلىنى بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ ساتسا، بىرەر قېتىملىق پۇل كېچىكىپ قالغاندا كېچىككەنگە ئۆسۈم بېكىتمىسە بۇ سودا جائىز بولىدۇ، بۇنىڭدا ساتقۇچى بانكا بولسۇن ياكى باشقا شەخس بولسۇن ئوخشاش.

«ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى»دىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىككى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيىگە ئوخشاش خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بانكىدىن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىپ بىرلا ئۆي سېتىۋېلىشىنىڭ جائىزلىقىغا پەتىۋا بەرگەن.[1] چۈنكى ئۇ دۆلەتلەردە ئۆي-جاينىڭ قىممەتلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆيگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشتىن باشقا يولى يوق.

1149. سوئال: پايچېكى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: پايچېكى ــ شىركەتنىڭ ئومۇمىي دەسمايىسىدىن چەكلىك بىر قىسمى بولۇپ، شىركەتكە ھەسسىدار بولۇپ پاي سالغان كىشىلەرنىڭ نېسىۋىلىرى دېمەكتۇر.

پايچېكى ماددىي تاۋارنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىدىكى ئومۇمىي ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىغا بېرىلگەن رۇخسەت دائىرىسىگە كىرىدۇ، لېكىن بۇنداق پايچېكى سودىسى تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلسا توغرا بولىدۇ:

(1) پاي تەۋە بولغان شىركەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد شىركەت بولۇپ، ھالال ساھەدە شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى، قۇرۇق قەغەزدىلا قۇرۇلغان مەۋھۇم ياكى قۇرۇلۇش ئاستىدا تۇرغان شىركەت بولماسلىقى شەرت.

(1) «ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى»نىڭ 4/2 نومۇرلۇق پەتىۋاسى

(2) پاي چېكى سودىسى قىلىنغان شىركەت جازانە ۋە ئوۋسۇم بىلەن ياكى ھاراق، چوشقا گۆشى، تاماكا سېتىشقا ئوخشاش ھارام تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەردىن بولماسلىقى شەرت.

(3) پايچېكى سودىسى قىلغاندا نەق ۋە نېسى بولسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بىر پۇلنى ئۆز جىنسىغا (يەنى يۈەننى يۈەنگە، دوللارنى دوللارغا) ئايلاندۇرۇش ئەھۋاللىرىغا ئۇدۇل كەلگەندە نەقمۇ نەق بولىشى شەرت.

(4) پايچېكى سېتىش ياكى ئېلىش بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولغان شېرىكەتنىڭ پايچەكلەرنى جازانە قىلىدىغان بانكىدا قويىدىغان شېرىكەتلەردىن بولماسلىقى شەرت. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا پاي چېكىدىن چىققان پايدا جازانىنىڭ ھارام مېلىغا ئارىلىشىپ قالىدۇ[1].

كۇۋەيتنىڭ پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى خەيرىيەت، زىرائەتچىلىك، بانكا، سۇغۇرتا ۋە نېفىت شېرىكەتلىرىگە پاي سېلىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورالغان سوئالغا: «ئەگەر مۇشۇ شېرىكەتلەر جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان شېرىكەتلەردىن بولسا، ئۇلارغا پاي سېلىش ياكى سېتىش بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولسا ئۇلارغا پاي سېلىش ياكى پايچېكى سېتىش ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش جائىزدۇر». دەپ جاۋاب بەرگەن.

1150. سوئال: قاشتېشى سودىسى قىلىش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: قاشتېشى يەر بايلىقلىرىنىڭ بىر تۈرى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر. قاشتېشىدىن ئىبارەت يەر بايلىقىنى كولاش ۋە ستېش ھالال ياكى ھارام دېيىدىغانغا ھېچقانداق دەلىل يوق. شەرىئەتتە ھاراملىقى بەلگىلەنمىگەن ھەرقانداق نەرسە ئەسلى ئېتىبارى بىلەن ھالالدۇر. ئۇنداقتا قاشتېشى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھالالدۇر.

قاشتېشىنى تۈرلۈك مەقسەتلەردە ئىشلەتكىلى بولىدۇ، كاپىرلار قاشتېشى ئۈستىگە رەسىم سىزسۇن ياكى گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى قىلىپ ئىشلەپ چىقارسۇن، مەيلى ھەيكەللەرنى ياسىسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق. چۈنكى بۇ نەرسە ئەسلىدە ھالال، قانداق ئىستىمال قىلىش شۇ ئىشلەتكۈچىنىڭ مەسىلىسى.

1151. سوئال: ياچىڭ قويۇش توغرىمۇ؟

جاۋاب: ياچىڭ" دېگەن سۆز تىلىمىزدا «زاكالەت» دەپ ئاتىلىدۇ، زاكالەت

[1] islamawazi.net تور بېكىتى «پەتىۋا بانكىسى» دىن

سودىسىنى بەزى ئالىملار جائىز دەپ قارىمىغان بولسىمۇ، كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ نەزەرىدە جائىزدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار شەرتلىرىگە تۇرىدۇ، شۇڭا زاكالەت بىلەن مۇئامىلە قىلساق بولىدۇ.

زاكالەتتىن مەقسەت: مەلۇم بىر ئىشقا كېلىشىم قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلغان بىر تەرەپ كېيىن كېلىشىمدىن يېنىۋالسا، يەنە بىر تەرەپكە بولىدىغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قارشى تەرەپتىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: تاۋارنى ئالىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن شۇ كىشىگە قاراپ ساقلاپ باشقا بىر كىشىگە ساتماي تۇرسا سېتىش پۇرستى كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ياكى ئۇ تاۋارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ باھاسى چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. كىشىلەرگە مۇنداق زىيان سېلىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ.

1152. سوئال: زاكالەت بەرگەب كىشى سودىدىن يېنىۋالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەم بىرسىدىن زاكالەت ئالسا، كېيىن ئۇ كىشى كېلىشىمدىن يانغان تەقدىردە، بازار باھاسىدا ئۆزگىرىش بولماي مال ئىگىسىگە ھېچقانداق زىيان بولمايدىغان بولسا، زاكالەت پۇلنى تۇتۇپ قالماي قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم، ياكى ئازغىنە زىيانغا ئۇچرىغان بولسا زىيانغا لايىق مىقدارنى تۇتۇپ قالسا بولىدۇ. زاكالەتكە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىيان بولغان شارائىتتا، پەقەت زاكالەتنىلا تۇتۇپ قالسا بولىدۇ.

1153. سوئال: زاكالەت ئالغان كىشى سودىدىن يېنىۋالسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: زاكالەت ئېلىپ تۇرۇپ سودىدىن يېنىۋالغان ئادەم زاكالەتكە يەنە بىر ھەسسە قېتىپ قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. چۈنكى ئۇ زاكالەت ئېلىپ تۇرۇپ سودىدىن يېنىۋېلىشتا كۆپىنچە ھاللاردا مالنى باشقىلارغا قىممەترەك سېتىشنى مەقسەت قىلغان ۋە زاكالەت بەرگۈچىنى ئەخمەق قىلغان، ھەتتا بەزى ھاللاردا زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ زاكالەتكە يەنە بىر ھەسسە قوشۇپ قايتۇرۇشى ۋە زاكالەت ئىگىسىدىن چىرايلىقچە ئۆزۈر سورىشى لازىم. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تەرەپتىن ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش، ئۆرپىمىزدە قانداق مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن بولسا شۇ بويىچە ئىش كۆرسەك جائىز بولىدۇ.

1154. سوئال: ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى جازانىنى يېگۈچى ۋە يېگۈزگۈچىگە، شۇنداقلا جازانىغا ئارىلاشقانلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلدى، جازانە بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇردى، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكە تەرغىب قىلدى ۋە بىراۋغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنىڭ كاتتا ساۋابلىق ئىش

ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بىر ئادەم ھەقىقىي زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن قەرز ئېلىپ تۇرۇشقا مۇھتاج بولۇپ قېلىپ، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەمنى تاپالمىسا، ئۇ چاغدا ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۆسۈمگە قەرز ئالغاننىڭ گۇناھى قەرز ئالغۇچىغا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈمگە قەرز بەرگۈچىگە بولىدۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەقىقىي زۆرۈرىيەت بولۇشى كېرەك، ھەقىقىي زۆرۈرىيەت دېگەن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان- يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەككە ئوخشاش نەرسىلەردۇر، يەنى شۇ نەرسىلەر بولمىسا ئادەم ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

(2) ئۆسۈمگە ئالىدىغان قەرزنى ھاجەت مىقدارى ئېلىش، ھاجەتتىن تاشقىرى ئالماسلىق، يەنى 100يۈەن يېتىدىغان بولسا 500يۈەن ئالماسلىق.

(3) ئۇ ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشتىن ئىلگىرى مۇمكىن بولىدىغان بارلىق يوللارنى ئىزدىنىشى لازىم، بۇ شارائىتتا جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشتىن باشقا يول تاپالمىسا، ئۇ چاغدا ئاللاھ كەچۈرىدۇ.

(4) بۇ ئىشنى قىلغاندا قەلبىدىن يامان كۆرۈپ تۇرۇپ قىلىش لازىم. چۈنكى جازانە مۇئامىلىسى كەسكىن ھارامدۇر.

1155. سوئال: بانكىنىڭ ئۆسۈمنى خەجلەش ھالالمۇ؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمنى خەجلەش قەتئىي ھارام ۋە ھارامنى بىلىپ تۇرۇپ يېگەنلىكتۇر. ئۆسۈم يېيىشنىڭ گۇناھى ئادەتتىكى گۇناھلاردىن ئاللاھ ئالدىدا چوڭ ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

1156. سوئال: ئۇنداقتا بانكىنىڭ ئۆسۈمنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: دىيارىمىزدا ئىسلامىي بانكىلار ياكى ئىسلامىي ئىقتىساد تۈزۈمىدىكى ئىقتىساد ئۇيۇشمىلىرى ياكى ئىسلامىي تىجارەت بىرلەشمىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پۇلنى بانكىدىن باشقا ئورۇندا ساقلاش ئىمكانىيىتى يوق. بۇ سەۋەبتىن پۇل ماللىرىمىزنى بانكىدا قويساق دۇرۇس بولىدۇ. بانكىدىن قەرز ئالساق ئۆسۈم پۇلى تۆلەيمىز، پۇل قويساق مۇئەييەن نىسبەتتە ئۆسۈم پۇلى بېرىدۇ. بانكا بەرگەن ئۆسۈم پۇلنى ئالايلى دېسەك ھارام يېيىشتىن قورقىمىز، ئالمايلى دېسەك، پۇل بىكاردىن بانكىدا قېلىپ قالىدۇ، ھېچكىم پايدىلىنالمايدۇ. بەلكى جازانىغا ياردەم قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بانكا ئۆسۈم پۇلى دەپ بەرگەن پۇلنى بانكىدا تاشلاپ چىقىپ كەتمەي ئېلىپ، ئۇ پۇلنى مۇھتاجلارغا، خۇسۇسەن يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە قىلساق ياكى

خەيرىيەت پونىدى جەمئىيەتلىرىدىن بىرەرسىگە بەرسەك بولىدۇ[1]. بۇنىڭ بىلەن ھارامدىن قۇتۇلغان بولىمىز.

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق ئەسىرى 605- بەت

# جىهاد ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

1157. سوئال: جىهادنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: "جىهاد" سۆزى ئەرەب تىلىدىكى "جهد" سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىش»، «ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» دېگەنلىكتۇر. تىرىشىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىككى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تىرىشچانلىقنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەققانىي ئۇرۇشلاردا (ئىسلامىي جىهادلاردا) تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

1158. سوئال: ھەر ئىككى مەنىدىكى جىهادنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: جىهادنىڭ بىرىنچى قاتلام مەنىسىدىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش «چوڭ جىهاد» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەخسنىڭ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، روھنى يۇكسەلدۈرۈشى ۋە تۈرلۈك گۇناھلاردىن، ئەخلاقسىزلىقلاردىن، خۇسۇسەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، گۇمانخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە ئۆچمەنلىكلەرگە ئوخشىغان يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولۇپ نەپسىنى پاكلىشى، قەلبىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت، مېھرى-شەپقەت، ئادالەتپەرۋەرلىك، ياردەمسۆيەرلىكلەرگە ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە، ئىلتىپاتىغا ۋە رازىلىقىغا لايىق بولۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

جىهادنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىسىدىكى ھەققانىي ئۇرۇش «كىچىك جىهاد» دەپ ئاتىلىپ، ھەققانىي ئۇرۇشنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ «كىچىك جىهاد»، نەپسىنى پاكلاپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ«چوڭ جىهاد» دەپ ئاتالغانلىقىغا ھەيران قالغۇچىلار بولسا، ئۇلارغا دەيمىزكى، ئادەم ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسىي شەيتانىنىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىنى يەڭمەي تۇرۇپ، قان تۆكۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتالمايدۇ.

1159. سوئال: جىھادنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش پەرز كىفايە دۇر.[1] جىھاد بەزى شارائىتلاردا خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاشلا پەرز ئەين[2] بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

## جىھادنىڭ پەرز ئەينغا ئۆزگىرىشى

1160. سوئال: جىھاد قىلىش قايسى ۋاقىتلاردا پەرز ئەين بولىدۇ؟

جاۋاب: جىھاد تۆۋەندىكى 3 شارائىتتا پەرز ئەينگە ئۆزگىرىدۇ:

(1) جىھادقا تەيىنلىنىپ مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

(2) مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان رايون ياكى دۆلەتكە دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

(3) دۆلەت تەرىپىدىن مەلۇم شەخسلەر جىھادقا چىقىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، چىقىشقا بەلگىلەنگەن شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

## جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى

1161. سوئال: جىھاد قىلىش نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا جىھادنىڭ بۇيرۇلغانلىق سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك 3 مەقسەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

(1) زۇلۇمغا ۋە ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش.

(2) باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ھەق-ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش.

(3) ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى»[3].

---

(1) پەرز كىفايە ـ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇندىشى بىلەن باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز.

(2) پەرز ئەين ـ ھەربىر كىشى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

(3) ھەج سۈرىسى 39- ئايەت

## ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى

1162. سوئال: ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي جىھادنىڭ پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچماسلىق. بۇ پىرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنىداق بايان قىلغان: سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇزچىلارنى ئاللاھ راستىنلا ياقتۇرمايدۇ [1].

(2) تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىشتە ئاشۇرىۋەتمەسلىك. بۇ پىرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان: بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار [2].

(3) دۈشمەنلەرنىڭ تىنچلىققا مايىل ئىكەنلىكى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى توختىتىدىغانلىقى بىلىنگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن تىنچلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش. قۇرئان كەرىم بۇ پىرىنسىپنى مۇنداق بايان قىلغان: ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن [3].

(4) ئۇرۇش قىلمىغانلارغا چېقىلماسلىق. كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ [4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە تەلىمات بېرىپ: سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ تەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار [5] دەپ جېكىلەيتتى.

(5) يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇش، ئىمكانقەدەر ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش. سىلەر كەچۈرسەڭلار،(كەچۈرگەن ئادەم) تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر [6].

(6)يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بەرمەستىن، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 190- ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 194- ئايەت
(3) ئەنفال سۈرىسى 61. ئايەت
(4) مۇمتەھىنە سۈرىسى 8- ئايەت
(5) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(6) بەقەرە سۈرىسى 237-ئايەت

جاۋاب بېرىش ئارقىلىق دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش. ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن،(شۇنداق قىلساڭ)سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [1].

مۇشۇنداق پولاتتەك ئىنتىزام ۋە قەتئىي پرىنسىپلاردىن ھالقىپ، ئىسلام نامىدىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىسلامىي جامائەتلەر ياكى تەشكىلاتلار بار دېيىلسە، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قەتئىي مەسئۇل ئەمەس! بۇلارنى ئىسلام دىنىغا چېتىش ئوپئوچۇق ھەقسىزلىقتۇر.

### "جىھاد" سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى

1163. سوئال: قۇرئان كەرىمدە "جىھاد" قانداق مەنىلەردە كەلگەن؟

جاۋاب: ئەرەب تىلىدىكى «الجهاد» سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل مەنىدە كەلگەن:

(1) ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ [2].

(2) ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش. قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن [3].

(3) ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنداش يولىدا) جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر [4].

1164. سوئال: جىھادنىڭ يەنە باشقا مەنىلىرىمۇ بارمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا جىھادنىڭ مەنىسى ۋە دائىرىسى كەڭ بولۇپ، جىھاد ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ياخشى ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بىلەن بولغىنىدەك، قەلەم بىلەن، تىل بىلەن ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەتتا جىھاد قۇرئان بىلەنمۇ بولىدۇ. قۇرئان بىلەن بولغان جىھاد قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرىنى باشقىلارغا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 34- ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 95-ئايەت
(3) فۇرقان سۈرىسى 52-ئايەت
(4) ئەنكەبۇت سۈرىسى 52-ئايەت

تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

قورال بىلەن جىھاد قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بويىچە«قىتال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تاجاۋۇزچىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ [1] .

ئىسلام دىنىدا قوراللىق جىھاد تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قاراردۇر.

ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان جىھادنىڭ شەرتلىرىمۇ ئىنتايىن چىڭدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي ۋە دىنىي بۇرچى ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچمىغانلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق، ئاياللار، باللار ۋە ياشانغانلارغا تەگمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ مال– مۈلكىنى، ئۆي – جايلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر.

## يولسىز ئۇرۇشلار جىھاد ئەمەس

ئىسلام دىنى مال – دۇنياغا ئېرىشىش يولىدا، ئىرقىي دەۋا ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ياكى دىنغا كىرىشكە زورلاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. كىشىلەر ئىسلام دىنىغا پەقەت ئۆز ئىختىيارى بىلەنلا كىرىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىمنىڭ زورلاش ھوقۇقى يوق. ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلامسەن؟ [2].

(1) بەقەرە سۈرىسى 190-ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى 99-ئايەت

## غەنىمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1165. سوئال: غەنىمەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: غەنىمەت- ئۇرۇشتا دۈشمەنلەرنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئولجا ئالغان پۇل- مال، قورال – ياراق ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسىدۇر.

1166. سوئال: غەنىمەت قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: غەنىمەتنىڭ بەشتىن تۆتى غەنىمەتنى قولغا كەلتۈرگەن ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. قالغان بىر ى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجىغا، يېتىملەرگە، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا سەرپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، غەنىمەتنى قانداق تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئېيلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر [1].

ئايەتتىكى، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش – ئەقرىبالىرىغا دېگەن ئۈچ ئۈلۈش ھازىرقى زاماندا، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە قويۇلىدۇ.

---

(1) ئەنفال سۈرىسى 41. ئايەت

# تۇرمۇش قۇرۇش

## ئائىلە قۇرۇش چوڭ نېمەت

ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى ۋە بۈيۈك رەھمىتىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، (ئەر ـ خوتۇن) ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى، چەكسىز رەھمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئائىلە مېھىر- مۇھەببەت ۋە شەپقەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. پەقەت بەزىلەرنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدىن رەھىم-شەپقەت بىلەن مېھىر-مۇھەببەت سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، جەننەت بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئائىلە دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

## ئائىلە قۇرۇش بىر مۆجىزە

تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئائىلىنى تەسىس قىلىش چوڭ بىر مۆجىزە. چۈنكى بىر-بىرى بىلەن ياشاپ باقمىغان، بىرگە ئۆسمىگەن، ھەتتا بىر-بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە تونۇمايدىغان، بىرى ئەر، يەنە بىرى ئايالدىن ئىبارەت يات ئىككى ئىنسان بىر-بىرىگە ئۆيلىنىپ بىرگە تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق دۇنيادا بىر-بىرىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئامراق ۋە سەممىي ھايات شېرىكلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار شۇنداق شېرىكلەرگە ئايلىنىدۇكى، مۇھەببىتىنى، بەخت- سائادىتىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە بارلىق نەرسىسىنى بىر-بىرىگە ئاتاپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

ئۆيلىنىش مۆجىزىسى ئىككى يات مىللەت كىشىلىرىنىمۇ بىر ياستۇقتا باش قويغۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تەنگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۆيلىنىشتىن باشقا قايسى سەۋەب ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە مۇنداق يېقىن قىلالايدۇ؟!

---

(1) رۇم سۈرىسى21-ئايەت

### ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى

1167. سوئال: ئۆيلىنىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئۆيلىنىش ـ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تۇرمۇش قۇرۇشقا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن «ئۆيلىنىش ـ مېنىڭ سۈننىتىم (يولۇم) دۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس»[1].

### تۇرمۇش قۇرغۇچىلارنىڭ بىر- بىرىنى تاللاش پرىنسىپى

1168. سوئال: تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئەر قانداق ئايالنى تاللىشى كېرەك؟

جاۋاب: تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئەر ھاياتلىقتىكى شېرىكى ۋە كېلىچەكتە بالىلىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغان ئايالنى دىيانەتنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا تاللىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ جورىسىنى قانداق تاللىشى ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىشىلەر ئاياللارنى تۆت نەرسىگە قاراپ تاللايدۇ: ئۇلارنىڭ بايلىقىغا، چىرايىغا، نەسەبىگە ۋە دىيانىتىگە. سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى تاللىغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ چوقۇم زىيان تارتىسەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەدىستە، كىشىلەرنىڭ بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئاياللاردىن تەلەب قىلىشىدا ئومۇم بولغان تۆت خىل سۈپەتنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، دىيانەتنى ئاۋۋال تاللاپ، ئۇنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئايالنىڭ دىيانىتىدىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا ياكى گۈزەللىكىگە ياكى نەسەبىگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئابرويىغا بېرىلىپلا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ پالاكىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ئابرويىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ خورلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پېقىرلىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ نەسەبىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پەقەت پەسلىكتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئايالنى، كۆزىنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ دىيانىتىنى دەپ ئالىدىكەن، ئاللاھ ھەر ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) بۇخارىي رىۋايىتى

قىلىدۇ»[1].

1169. سوئال: تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئايال قانداق ئەرنى تاللىشى كېرەك؟

جاۋاب: تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئايال ئۆزىنىڭ ھايات شېرىكى ۋە كېلەچەكتە پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان ئادەمنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا تاللىشى كېرەك. ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەر - ئۆزىنىڭدا پۈتۈن ئىنسانلىق پەزىلەتلەر ۋە ئەرلىك خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن، ھاياتلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، دىيانەتلىك، راستچىل ئەركىشىدۇر.

دىيانەتتىن ۋە گۈزەل ئەخلاقلاردىن يىراق بولغان ئەر ياخشى ئەر سانالمايدۇ.

ياتلىق بولماقچى بولغان قىز - چوكانلار ئەگەر تۇرمۇشتا بەختلىك بولاي دېسە، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەرنى تاللىشى، شۇنىڭدەك دىيانەتسىز ئەرلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە، مال دۇنياسىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا، ئالىي مەنسىپىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىخچاملىغان ۋە ئۇنى دىن بىلەن ئېسىل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى جەۋھەرگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا: «دىنى بىلەن ئەخلاقى سىلەرنى قايىل قىلىدىغان، قانداقلا بىر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى دەرھال ئۆيلەندۈرۈڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزۇقچىلىقنى تېرىغان بولىسىلەر» دېگەن ئىبارىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ تەكىتلىگەن[2].

چۈنكى دىيانەتلىك ئادەم ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق ـ ھوقۇقلارنى ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى بىلىدۇ ۋە جايىدا، تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئايالىنى ھۆرمەتلەيدۇ، خورلىمايدۇ. ئاياللارغا زۇلۇم قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

## مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1170. سوئال: مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇھەببەت ـ قەلبنىڭ مەھبۇبى تەرەپكە بولغان مايىللىقى دېمەكتۇر. مۇھەببەت پەقەت قەلبتە بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ھاياتى پەقەت ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چىن مۇھەببىتى بولغاندىلا داۋام قىلالايدۇ ۋە بەختلىك ۋە سائادەتتىن بولغان نېسىۋىسىنى ئالالايدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ھاياتتا ئورتاق

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى
(2) تىرمىزى رىۋايىتى

مۇھەببەت ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك نەرسىدۇر. پاك مۇھەببەت كىشىلەر ئۈنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان پاكىز، ئېسىل بىر ئەنئەنىدۇر.

1171. سوئال: دۇنيادا قانچە تۈرلۈك مۇھەببەت بار؟

جاۋاب: ھازىر دۇنيادا سەممىي مۇھەببەت ۋە ساختا مۇھەببەت دەپ ئىككى تۈرلۈك مۇھەببەت ئاتالغۇسى بار.

1172. سوئال: سەممىي مۇھەببەت دېگەن قايسى؟

جاۋاب: سەممىي مۇھەببەت ــ چىن ساداقەت بىلەن باغلانغان پاك مۇھەببەتتۇر. پاك بەختلىك تۇرمۇشنىڭ كېپىلى، ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە سائادەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر. پاك مۇھەببەت ــ قەلبنى گۈللەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى مەھبۇب ئۈچۈن نىكاھتىن ياخشى نەرسە يوق»[1] دېگەن.

كىشى بىرسىگە كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. بەلكى مۇھەببەتنى يامان يولغا قوللىنىپ، يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئىختىيارسىز قەلبىگە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەمما سەۋەبلەر ئارقىلىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. سەۋەبلەر قايسى دېگەندە، ئۇلار: ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسىگە، ئۈنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش نىيىتى بىلەن تىكىلىپ قاراش، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە زورىغا پاراڭلىشىش قاتارلىق ئىشلاردۇر.

كۆڭۈلگە كەلسە-كەلمەس بىرىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ھەزەر قىلىش زۆرۈردۇر. بۇنداق قىلمىغاندا، ئىنسان بىھۇدە ئازاب چېكىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار سۆيگەنلىرىنىڭ ۋە ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

1173. سوئال: ساختا مۇھەببەت دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ساختا مۇھەببەت ــ قارشى تەرەپتىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش ئۈچۈن ساختىلىق بىلەن باغلانغان يولسىز ئالاقىدۇر. مۇنداقلارنىڭ قىلغانلىرى سەممىي مۇھەببەتنىڭ ھېسابىغا ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر. كۆنىمىزدە، مۇھەببەت سۆزىنىڭ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قولاقلىرىغا چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى، مۇھەببەت دېسە، ئۇنى گوياكى بىر گۇناھ ئىش دەپ ھېسابلاپ، ئۈنىڭدىن نەپرەتلىنىشى پەقەت مۇھەببەت سۆزىنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىنىپ، يولسىزلۇقلارغا

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

قوللىنىلغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى. چۈنكى زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئەرلەر مۇھەببەت شۇئارى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان يات ئاياللار بىلەن، بەزى ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېرى بولمىغان يات ئەرلەر بىلەن يولسىز ئالاقە قىلىشىدۇ ــ ئۇلار بىلەن بىرگە تىياتىرغا بېرىشىدۇ، بىرگە تانسا ئوينايدۇ، ھاراق ـ شاراپ سورۇنلىرىغا بىرگە بېرىشىدۇ، بەزىلەر ئىش ئورۇنلىرىدا خىزمەت باھانىسى بىلەن يات ئاياللار بىلەن يولسىز ئالاقە باغلىشىدۇ، يۇقىرىقى يولسىز مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى پاھىشە ئىشلارنى قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق مۇھەببەت دېگەن شۇنداق رەزىل قىلىق ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقتىن مۇھەببەت سۆزىدىن نەپرەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

شۇڭا دېمىزكى، ئەڭ غەلىبىلىك مۇھەببەت تويدىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر. ئەمما تېخى ئۆيلەنمەستىن ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەت گارانتىسىز(كاپالەتسىز) مۇھەببەت بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەت كۆپ ھاللاردا قىز ـ ئوغۇل ھەر ئىككىسىگە پۇشايمان ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى ئارمانلىرىغا ئېرىشەلىسىمۇ، كۆپ قىسمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھاياتىنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەلبىگە بىرسىنىڭ ئىشقىنى سېلىپ قويىدىغان پۈتۈن ئامىللاردىن ۋە سەۋەبلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى كۆڭۈل دېگەن ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن، ئۇنى خالىغان يەرگە بېرىپ قويماسلىق لازىم. ئۇنىڭ پالاكىتىدىن قۇتۇلۇش ئىنتايىن قىيىندۇر.

## ئىشق ۋە كۆنلەش

1174. سوئال: ئىشق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىشق ـ قەلبنىڭ مەشۇق تەرەپكە بولغان چوڭقۇر مايىللىقى بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئىشقمۇ ــ مۇھەببەتكە ئوخشاش ــ ئېپپەت بىلەنمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىسە يولسىزلىق بىلەنمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى تۇتىۋالالىغان ئېپپەتلىك ئاشىق ئەگەر مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتسە، شېھىدلەر قاتارىدا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئىسلام مەنبەلىرىدە سۆزلىنىدۇ.

1175. سوئال: كۆنلەش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كۆنلەش ـ بىراۋنىڭ ئۆز ھەققىگە باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن قىزغىنىشى دېمەكتۇر. بۇ مەنىدىكى كۆنلەش مۇھەببەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن سانىلىدۇ.

چۈنكى ئادەم ئۆزى سۆيمىگەن بىرىنى كۈنلىمەيدۇ. كۈنلەش ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن بىنورمال ئالاقە باغلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇستىگە باشقا خوتۇن ئېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، يامان كۆرىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما ھەممە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ شارائىتى تولۇق بولغان ھالدا، ئىسلامنىڭ كۆرسەتكەن ئادالەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇنلۇق خوتۇن ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئېرىدىن سۆزىنى تەلەپ قىلىش ھەققى بولمايدۇ. پەقەت ئايال ياتلىق بولۇش ئالدىدا، ئېرىنىڭ ئۇستىگە باشقا خوتۇن ئالماسلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ خېتىنى تەلەپ قىلىش ھەققى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەققى قوغدىلىدۇ.

ئەر كىشىمۇ ئايالىنىڭ ئىككىنچى بىر شەخس بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئەركىشىنىڭ ئايالىنى يات ئەرلەر بىلەن بىنورمال ئارىلىشىشتىن، يولسىز مۇناسىۋەت باغلاشتىن مەنئىي قىلىشى، ھەتتا ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ يامان نىيەت بىلەن سۆز قىلىشىدىن قىزغىنىشى ئىسلام شەرىئىتىدە تەلەپ قىلىنغان زۆرۈرىيەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇن - قىزلىرىنى يات ئەرلەر بىلەن يولسىز ئارىلىشىشتىن توسمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسلىرىنى قوغدىمايدىغان ئادەمنى "دەييۇس" دەپ ئاتىغان. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ھاراقتىن باش ئالالمايدىغان ئادەم. يەنە بىرى ، ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم. يەنە بىرى، دەييۇس ئادەم»[1].

1176. سوئال: كۈنلەشنىڭ پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئۆزىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك تەمەلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارغا يولسىز ئارىلىشىشتىن توسۇش ئىسلام دىنى نەزەرىدە ۋە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزدە گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ساپ تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ۋىجدانلىق ئىنسانلاردا ئىپپەت ـ نومۇس ۋە خوتۇن - قىزلىرىنى يوللۇق ھالدا كۈنلەش خىسلىتى بولىدۇ.

ئەمما ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ھۆكمىنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، ئاياللىرىنى كۈنلەشتە سەل قارىسا، بەزىلەر دىنىي سۆيئىستېمال قىلىپ، كۈنلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاياللىرىغا ئاساسسىز تۆھمەت قىلىدىغان، ھەمىشە ئۇلاردىن يامان گۇمان قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن جاسۇسلۇق قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەر

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئىككىلىسى توغرا ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ نورمال بولغىنى ياخشى بولغانـدەك، كۆنلەشـمۇ ئۆز چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئاياللارنى كۆنلەش دېگەننى كۆپىنچە كىشـىلەر ئايـاللاردىن ھەمىشـە شـەكلىنىش، يامـان گۇمـان قىلـىش ۋە ئۇلارنىـڭ ئارقىسـىدىن جاسۇسـلۇق قىلـىش دەپ چۈشەنسـە كېرەك، شۇڭا ئۇلار ھەدەپ ئاياللىرىنى ئاساسسىز ھالـدا، قارىلاشـقا ئالدىرايـدۇ. مۇنـداق كۆنلەش مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەنـدىكى ھەدىسـتە كۆنلەشـنىڭ چەك ـ چېگرىسـىنى بايـان قىلـىدۇ: «كۆنلەشـتىن ئـاللاھ ياقتۇرىـدىغان كۆنلەشمۇ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆنلەشمۇ بار، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان كـۆنلەش ـ ئـۆز ئەھلىنــى ياخشــى مۇھــاپىزەت قىلىــپ، ئــۇلاردىن ئاساســىز ھالــدا، يامــان گۇمــان قىلماسلىق؛ ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆنلەش بولسا، ئۆز ئەھلىنـى ياخشـى مۇھـاپىزەت قىلماستىن، ئۇلارنى دەلىلسىز قارىلاشتۇر»[1].

## ئىپپەت ـ نومۇس ۋە ئۇنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئامىللار

1177. سوئال: ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەت نەرسە نېمە؟

جاۋاب: ئىنسانىنىڭ دۇنيـادا ئەڭ شـەرەپلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىـك نەرسىسـى ئۇنىـڭ ئار ـ نومۇسىدۇر. بەلكى ئىنسانىنىڭ نومۇسى ئۇنىڭ دىنىنىـڭ ئاساسـلىق پارچىسـىدۇر. نومۇسـىنى سـاقلاش دىنىنىـڭ ئەڭ ئالـدىنقى تەلىپـى ۋە ئىمانىنىـڭ كۆرۈنەرلىـك ئالامەتلىرىـدىن بىرىـدۇر. بـۇ مەسـىلىدە پۈتـۈن دىنلار ئىتتىپـاقتۇر. ئـار ـ نومۇسـتىن ئايرىلىپ قېلىش ئۆلگەن بىلەن باراۋەردۇر.

ھەر كىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نومۇسى ۋە ئىپپىتى شۇنچىلىك مۇقەددەس بولغـان يەردە، باشـقىلارنىڭمۇ نومۇسـى ۋە ئىپپىتىمـۇ شـۇنچىلىك مۇقەددەسـتۇر، ئۆزىنىـڭ نومۇسـىنى قوغداش يولىدا غۇرۇرلۇق بولغان كىشى، ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭمۇ ئىپپەت، نومۇسلىرىنى قوغدىشى، دۈشـمەنلىك ۋە خىيـانەتلەر بىـلەن ئۇلارنىـڭ ئـار ـ نومۇسـىنى ئايـاق ئاسـتى قىلىشتىن ھەزەر قىلىشى كېرەك.

1178. سوئال: ئىپپەت ۋە نومۇسنىڭ ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جــاۋاب: ئىپــپەت ۋە نومۇســنىڭ ئاجىزلىشىــىغا ســەۋەب بولىــدىغان ئــامىللار تۆۋەندىكى بوشلۇقلاردىن كېلىپ چىقىدۇ:

(1) ئـائىلە مەسـئۇلىنىڭ ئـۆز ئەھلىنـى مۇھـاپىزەت قىلىـش ۋە يامـان نىيەتلىـك كىشىلەرنىڭ تەمەلىرىدىن قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

(2) مۇسۇلمان خانىم ــ قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراپ، ئوچۇق، نېپىز ۋە قىسقا كىيىنىشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇش ھەم سۆزلەشلىرىدىكى بىنورمال نازاكىتىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەر تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار»[1].

بۇ ئايەت ئاياللارنى يات ئەرلەر بار يەردە نېپىزلىكتىن بەدەنلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، قىسقىلىقتىن تىزىدىن ئاشمايدىغان، تارلىقتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

گۆھەر نەچچە قات تۇگۈنلەر ئىچىدە ساقلانغانلىقى ۋە ھەركىشىنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتكە سازاۋەر نەرسىدۇر. ئايال كىشىمۇ ئوزۇن، ئازادە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن يۈرسە، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى ئاشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ.

قىسقىسى، ئۆزىنى خۇددى گۆھەرگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە قىلىش ياكى ئەرزىمەس ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئايالنىڭ قولىدا.

(3) ئەر - ئايال جىنسلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى.

(4) ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنىڭ يوقلىقى ياكى كەملىكى. بىر ئائىلىدە ھەقىقىي دىنىي تەربىيە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان مەھەللە، يۇرت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئومۇم بولىدۇ. ئائىلىدە دىنىي تەربىيىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن قىز - يىگىتلەر ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە نومۇسىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

1179. سوئال: ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەتمۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس. بىراق ئاياللارنىڭ قايسىبىر نامازغا ئەزان ئېيتىشى، ئەرلەرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىشى جائىز ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئەدەپ ــ ئەخلاق ئىچىدە يات ئەرلەرگىمۇ نورمال سۆزلەرنى سۆزلىشى، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى بېجىرىشى، ئۇلاردىن ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشى، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىشى جائىزدۇر. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ جورىسىگە ۋە مەھرەملىرىگە ئەدەپلىك ناخشا - شېئىر ۋە

(1) ئەھزاب سۈرىسى 33 - ئايەت

قۇشاقلارنى ئېيتىپ بېرىشى جائىزدۇر. ئەمما بۇگۈنكى كۈندىكى رادىئو دولقۇنلىرى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بېرىلىۋاتقان ناخشىلار ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى كىرلىتىدىغان، كۆڭلىنى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى بىلەن مەشغۇل قىلىدىغان ۋە مېڭىسىنى ھەرخىل يامان خىياللار بىلەن تولدۇرىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلارغا بېرىلمەسلىك كېرەك.

## ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش

1180. سوئال: ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئېھتىياج تۇپەيلى مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ بىردىن تۆتكىچە ئايالنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ئىش كۆرۈش شەرتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشى جائىزدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلساڭلار بولىدۇ»[1].

بۇ ئايەت، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانىيىتى تولۇق بولۇپ، كۆپ خوتۇنلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئىشەنچىسى بار كىشىلەرنىڭ بىردىن تۆتكىچە خوتۇننى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىنىڭ جائىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرەلىشىدىن ئاجىز كېلىدىغان كىشى ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1181. سوئال: نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان؟

جاۋاب: شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېچبىرى ھېكمەتلەردىن ۋە ئېسىل غايىلەردىن خالىي ئەمەس. ئەركىشىگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس چىقىپ قېلىپ، ئۆزى بولسا پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ياكى ئايالى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن ئۇنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ باشقا بىر ئايال كىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ.

(2) كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە

---

(1) نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت

مەنىــۋى ئېھتىياجلىرىــدىن چىقىــدۇ. جەمئىيەتتىكــى تــۇل ئايــاللارمۇ تۇرمۇشــتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

(3) ئــۆيلىنىش ئــائىلىلەر ۋە قەبىلىــلەر ئوتتۇرىســىدا تۇغقــانلىق رىشتىســىنى بەرپــا قىلىــدۇ. يــات ئــائىلىلەر ئارىســىدا تۇغقــانلىقنى كەلتــۈرۈپ چىقىــپ، كىشــىلەر ئوتتۇرىســىدىكى يېقىنلىــق ۋە تۇغقــانچىلىق مۇناســىۋەتلىرى كۈچلىنىــدۇ. مانــا بــۇ ــــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن ئارتۇق ئاياللارنى نىكاھىدا ساقلىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ ئېسىل ئەخلاق بىلەن ئىزگۈ نىيەت ھازىر نەدە ۋە كىمدە بولسۇن؟!

كىشىلەردە ئەخلاق سۇسلاشقان، ئىمان ئاجىزلاشقان ۋە ئىنساپ ئازىيىپ كەتكەن ھازىرقى زاماندا كۆپ خوتۇن ئالىمەن دېگۈچىلەرنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرى ئۈچۈنلا ئالسا كېرەك.

(4) بەزى ۋاقىتلاردا دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئۇرۇش سەۋەبلىك ئەرلەر كۆپ ئۆلۈپ كېتىــپ، ئاياللارنىــڭ ســانى ئەرلەرنىڭكىــدىن كــۆپ بولــۇپ قالىــدىغان ئەھۋاللارمــۇ كۆرۈلىــدۇ. بــۇ خــۇددى ئىككىنچــى دۇنيــا ئۇرۇشــىدىن كېــيىن گېرمانىيىــدە يــۈز بەرگەنــدەك. بۇنــداق ئەھۋالــدا، شــارائىتى ياخشــى بولغــان ئەرلەرنىــڭ بىــر تەرەپــتىن جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى شارائىت تەقەززا قىلغان ئىشلار قاتارىدىن بولــۇپ قالىــدۇ. ئىســلام دىنــى ئىنســانلارنىڭ باشــلىرىغا كېلىــدىغانلارنى ئالــدىن بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئەڭ توغرا ئىش قىلىدىغان ئۇلۇغ ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەن بىر دىن بولغانلىقتىن ئىنسانلارنىڭ بۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىغىمۇ چارە تېپىپ بەرگەن.

**ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى**

1182. سوئال: تويىدىن بۇرۇن قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى زۆرۈرمۇ؟

جاۋاب: بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئوغۇل - قىزلار بىر - بىرىنى كۆرۈشى لازىم. بەزى ئەرەب مەملىكەتلىرىدە، ئوغۇلنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزنى كۆرۈشىنى راۋا كۆرمەيدىغان ئىنسانلار بار. بۇ شۇ رايونلاردىكى تەقلىدىي ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەمما ئىسلام دىنى بۇ ئادەتنى رەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «بىرىڭلار ئۆيلەنمەكچى بولغىنىدا، ئالماقچى بولغان

ئايالنى ئىمكان قەدەر كۆرسۇن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام شەرىئىتىدە رۇخسەت قىلىنغان قاراش ۋە كۆرۈش ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى بىلەن چەكلىنىدۇ. يەنى ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشى ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا تىكىلىپ قارىسا بولىدۇ. چۈنكى، يۈزىگە قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىككى قولىغا قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئىككىسى ئۇچراشماقچى بولغاندا يالغۇز ئۇچراشماسلىقى، بەلكى قىزنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن بىرەرسى بۇلار بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك. ئەمما توي قىلىشتىن بۇرۇن قىز ـ ئوغۇل ئىككىسىنىڭ يالغۇز ئۇچرىشىشىغا ۋە بىر يەردە ئىككىسى يالغۇز قېلىشىغا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ كېيىنكى پۇشايماننىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

(1) ئەھمەد رىۋايىتى
(2) بۇخارىي رىۋايىتى

# نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

1183. سوئال: نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار قانداق ئاياللار؟
جاۋاب: نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار، يەنە بىرى مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللاردۇر.

## مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

1184. سوئال: مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار قايسىلار؟
جاۋاب: مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:
(1) نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان.
(2) ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار.
(3) قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

## نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

1185. سوئال: نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار قانداق ئاياللار؟
جاۋاب: نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكىچە:
(1) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىلىرى ۋە چوڭ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(2) ئۆيلەنگۈچىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئۆز قىزلىرى، ئوغۇل ــ قىزلىرىنىڭ قىزلىرى ۋە ئۇنىڭ نەۋرە، چەۋرە قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(3) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان ياكى ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(4) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(5) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھاممىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ئايال

قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(6) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان ياكى ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(7) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئانا، بىر ئاتىدىن بولغان ياكى ئاتا ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان ھەمشىرىلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىڭلارنى ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى [1].

**ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار**

1186. سوئال: ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار قانداق ئاياللار؟

جاۋاب: يۇقىرىقى نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان يەتتە خىل ئايالدىن باشقا، ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەنمۇ بەزى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قانداقلا بالا بىر ئايالنى ئەمگەندىن كېيىن، بۇ ئايال ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسى، ئۇنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ئەمگۈچىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەمگۈچىنىڭ يۇقىرىقى سۈت قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلىنىشى خۇددى نەسەبتىكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلانغىنىغا ئوخشاش ھارامدۇر. شۇڭا ئۇ بۇلار بىلەن نىكاھلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە سۈت ئانىلىرىڭلار ۋە ئېمىلدەش ھەمشىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى [2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېمىتىش سەۋەبلىك نىكاھلىنىشى ھارام بولغانلار نەسەب سەۋەبلىك نىكاھلىنىش ھارام بولغانلارغا ئوخشاشتۇر»[3] دېگەن.

(1) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئىمىلدەش بولۇشنىڭ شەرتلىرى

1187. سوئال: ئىمىلدەش بولۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: ئىمىلدەشلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مەسىلىسى ئىمىش كەيپىيتى، ئىمىش مىقدارى ۋە ئىمىش ۋاقتى قاتارلىق تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

## سۈتنى ئىمىش كەيپىيتى

بوۋاقنىڭ سۈتنى ئىمىش كەيپىيتى، يەنى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سۈت قايسى يول بىلەن كىرگەن بولىشى مەسىلىسىدە، ئىمام ئىبنى ھەزم، ئىمام لەيس ئىبنى سەئد قاتاتلىق ئۆلىمالارنىڭ «بالىنىڭ سۈتنى ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەن بولىشى شەرت» دېيدىغان رەيى ئەڭ ئورۇنلۇق ۋە توغرا كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بالىنىڭ ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمەس، سېغىپ قويغان قاچىدىن ياكى ئۇنى ئېمىۋاتقان بوۋاقنىڭ ئاغزىدىن ئىچىۋالغان سۈت بىلەن ئىمىلدەشلىك بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئايال سۈتىنى تاماققا ياكى سۈغا ياكى نانغا ياكى قانداقلا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىرەر بوۋاققا يېگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىمىلدەشلىك بولمايدۇ. ئىمىلدەشلىك ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن سۈتنى ئېمىتكۈچىنىڭ ئەمچىكىدىن بىۋاستە ئەمگەن بولىشى شەرت.

## ئىمىش مىقدارى

شافىئىي، ھەنبەلىي مەزھەبلىرى، ئىبنى ھەزم، داۋۇد زاھىرىي قاتارلىق ئۆلىمالار ئەمگۈچى بوۋاق ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن بەش قېتىم تويۇپ ئەمگەن بولىشى شەرت، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ مەسىلە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ«ئىمىلدەشلىك بەش قېتىم تويۇپ ئىمىش بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بىلەن بەلگىلەنگەن. ھەتتا ئىمام مۇسلىم ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى قۇرئان ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنىڭ تىلاۋىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ھۆكمى قالغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى ئەمگۈچى بالا ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ بالىسىغا، بۇ ئايالنىڭ بالىلىرى ئەمگۈچى بالىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئەمگەن بۇ سۈتنىڭ ئۇنىڭ جىسمىغا رەسمىي تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈشىدە تەسىرى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

بولىشى شەرت. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بىر ياكى ئىككى يۇتۇم سۈت ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:« بىر ياكى ئىككى قېتىم ئېمىش بىلەن ئېمىلدەشلىك بولمايدۇ.»([1])

ھەنەفىي ۋە باشقا مەزھەبلەرنىڭ «ئېمىلدەشلىك بىر ياكى ئىككى ئېمىش بىلەنلا بولىدۇ»دېگەن رەيى ئەمەل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

## ئېمىشنىڭ ۋاقتى

ئېمىلدەشلىك ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئەمگۈچىنىڭ سۈتنى ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمگەن بولىشى شەرت. ئۆلىمالار بۇنىڭ ۋاقتىنى ئىككى يىل دەپ بېكىتكەن. ﴿ ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾ ([2]) دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئېمىتىشىنىڭ ئەڭ كۆپ مىقدارى ئىككى يىلدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن (ئەمگەن سۈت بىلەن) ئېمىلدەشلىك بولمايدۇ»([3]) دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە « ئېمىلدەشلىك ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۈچەي تولغىچە ئېمىش بىلەنلا بولىدۇ»([4]) دېگەن.

## ئېمىلدەشلىكنىڭ دائىرىسى

ئەمگۈچىنىڭ ئۆزى ۋە باللىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بۇ ئېمىلدەشلىك بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ بوۋاق ۋاقتىدا ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىر ئايالنىڭ سۈتىنى ئاز دېگەندە بەش قېتىم تويغۇچە ئەمگەن بولسا، بۇ كىشى شۇ ئايالنىڭ سۈت بالىسى ۋە بۇ ئايالنىڭ باللىرى بۇ كىشىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇ كىشى ئۇ ئايالغا ياكى ئۇنىڭ باللىرىغا ياكى نەۋرىلىرىگە مەڭگۈلۈك ئۆيلىنەلمەيدۇ. ئەمگۈچىنىڭ ئەر ياكى ئايال بولىشىدا پەرق يوق.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) بەقەرە سۈرىسى233-ئايەت
(3) ئەبۇداۋۇد تىيالىسي رىۋايىتى
(4) تىرمىزى رىۋايىتى

ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئېمىلدەشلىك تەرەپتىن بولغان سۈت قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنالايدۇ. چۈنكى ئېمىلدەشلىك سۈتنى ئەمگەن كىشى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئېمىتكۈچى ئايال بىلەن ئەمگۈچىنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى، تاغىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ ئېمىلدەشلىك تەرەپتىن مۇناسىۋىتى يوقتۇر. يەنى ئۇلار بۇ ئايالغا نىكاھلىنالايدۇ.

دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرىدە مۇندا دەپ يازغان:« جىمى ئىسلام ئۈممىتى ئەمگۈچى مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈتىنى بەلگىلەنگەن (ئايالنىڭ ئەمچىكىدىن ئەمگەن بولىشى، ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمگەن بولىشى ۋە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تويغۇچە ئەمگەن بولىشى قاتارلىق) شەرتى، مىقدارى، كەيپىيىتى بويىچە ئەمگەندىن كېيىن، ئەمگۈچىنىڭ ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسىغا، ئېمىتكۈچى ئايالنىڭ ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا، ئەمگۈچىنىڭ ئېمىتكۈچى ئايالنى نىكاھىغا مەڭگۈلۈك ئالالمايدىغانلىقىغا، نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى ئېمىتكۈچى ئايال بىلەن ئەمگۈچىنىڭ بالىلىرى ۋە ئەمگۈچى بىلەن ئېمىتكۈچىنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئىتتىپاقلاشقان.»[1]

### قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار

1188. سوئال: قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار قانداق ئاياللار؟

جاۋاب: ئۇلار تۆۋەندىكى تۆت خىل ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى ۋە بوۋىلىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار [2] يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن، بۇ ئايال ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋە پۇتۇن پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ھارام بولىدۇ. ئۇلاردىن ھېچبىرى بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالالمايدۇ.

(2) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. بۇ ھەقتە ئاللاھ

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»3- توم،325-بەت.
(2) نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت

تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ باللىرىڭلارنىـڭ ئايـاللىرىنى ئېلىشـىڭلار سـىلەرگە ھـارام قىلىندى ﴾.[1] يەنى بىراۋنىڭ مەلـۇم بىـر ئايالغـا نىكاھلىنىشـى بىـلەن بـۇ ئايـال ئۇنىـڭ دادىسـىغا ۋە يۇقىـرى بوۋىلىرىغـا ھـارام بولىـدۇ. ئۇلارنىـڭ ھېچبىـرى بـۇ ئايـال بىـلەن نىكاھلىنالمايدۇ.

(3) ئۆيلەنگۈچىنىڭ (قولىدىكى) ئايالىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇ ئايالىنىڭ چوڭ ئـانىلىرى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ قېيىن ئانـاڭلارنى ئېلىشـىڭلار سـىلەرگە ھـارام قىلىندى ﴾.[2] يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن بۇ ئايالىنىڭ ئانىسى ۋە چوڭ ئانىلىرى ئۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ.

(4) ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئايالىنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قىزلىرى. ئـاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ سـىلەرگە سـىلەر بىـر يەردە بولغـان ئاياللىرىڭلارنىـڭ (باشـقا ئەردىن بولغان) قىزلىرىنى ئـېلىش ھـارام قىلىنـدى. ئەگەر سـىلەر ئۇلارنىـڭ ئـانىلىرى بىـلەن بىـر تۆشـەكتە بولمىغـان بولسـاڭلار، بۇچاغـدا ئـۇلارنى ئالسـاڭلار ھـېچ گۇنـاھ يوق ﴾.[3] يەنى مەلۇم بىر ئايالغـا نىكاھلىنىـپ ئۇنىڭغـا جىنسـىي تەرەپـتىن يېقىنچىلىـق قىلغان كىشى ئۇچۇن ئۇ ئايالىنىڭ قىزلىرى ۋە يۇقىرى نەۋرىلىرى ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئايالغا نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغـا يېقىنچىلىـق قىلمىغـان بولسـا (يەنـى يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا) بـۇ چاغـدا، ئـۇ ئايالىنـىڭ قىزلىـرى ئـۇ كىشىگە ھالالدۇر.

### مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

1189. سوئال: مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار قانداق ئاياللار؟

جاۋاب: مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئۈچ قىسـىم بولـۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيلەنگۈچىنىـڭ (قولىـدىكى) ئايالىنىـڭ ھەمشـىرىلىرى ۋە ئـۇ ئايالىنـىڭ ئاتـا تەرەپتىن ياكى ئانا تەرەپتىن بولغـان تاغـا ئـاچىلىرى. ئـاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيدۇ: ﴿ سىلەرگە ئىككى ھەمشـىرىنى بىـرلا ۋاقىتتـا نىكـاھىڭلاردا ساقلىشـىڭلار ھـارام قىلىندى ﴾[4].

---

(1) نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت
(3) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت
(4) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئايال كىشى ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىلىرى بىلەن نىكاھتا بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ»[1]. يەنى، بىراۋ ئايالدىن ئاجراشماي تۇرۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ھەمشىرىلىرى بىلەن ياكى تاغا ئاچىلىرى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ. بەلكى ئايالدىن ئاجراشقاندىن كېيىنلا يۇقىرىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنالايدۇ.

(2) باشقىسىنىڭ ئىددىتىدە بولغان ئاياللار. باشقا بىر ئەرنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان ئايال شۇ ئەرنىڭ زىممىسىدا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئاجراشقان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىددىتى ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن، ئۇلارنىڭ شۇ ئىددىتى توشمىغىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرۇنتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەر گە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر. لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار. پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾[2]

(3) ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئاياللار يەنى ئېھرام مۇددىتى ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئېھرام مۇددىتى تۈگەپ، ئۇلار ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ.

### سۆز سالدۇرۇش ۋە نىشانلىنىش

1190. سوئال: سۆز سالدۇرۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۆز سالدۇرۇش ــ يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە، ئۇلاردىن ئوغلىغا قىزىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتىشى دېمەكتۇر. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي شانلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرىدۇر. سۆز سالدۇرۇش يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بولغىنىدەك، بەزى ھاللاردا، قىز تەرەپتىن يىگىت تەرەپكىمۇ بولىدۇ. بۇ بەزى ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، ئەيىب سانىلىدىغان ئىش ئەمەس.

1191. سوئال: نىشانلىنىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىشانلىنىش ـ «چاي ئۇچۇرۇپ قويۇش» ياكى «بارىكاللا قىلىش» دەپمۇ

---

(1) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 235 ـ ئايەت

ئاتىلىدۇ. بۇ قىز تەرەپنىڭ يىگىت تەرەپنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تويىنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى بىر - بىرىگە ئۆيلەپ قويۇشقا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، يىگىت بىلەن قىز تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن نىشانىنى بىر - بىرىگە قاراتقان بولىدۇ. «گۈل قويۇش» نامى بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە سوۋغا ــ سالام تەقدىم قىلىشىمۇ، ئۆلارنىڭ بىر - بىرىگە نىشانلانغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. چاي ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ ئۇ قىزغا خېرىدار بولىشى ۋە توي تەكلىپىنى قويۇشى قەتئىي ھارامدۇر.

نىشانلىق دەۋرى ئىنتايىن مۇھىم بىر دەۋر بولۇپ، بەختلىك ۋە مەڭگۈلۈك ئائىلە قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان يىگىت - قىز ئۈچۈن بىر - بىرىنى تونۇش، بىرى - بىرىنىڭ دىيانىتىنى، ئەخلاقىنى ۋە بىلىشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپلىرىنى ياخشى ئىگىلەش دەۋرىدۇر. بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن بىرەر جايدا يالغۇز ئۇچرىشىشى دىنىمىزغا ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزگە خىلاپتۇر. نۇرغۇنلىغان گۈزەل قىزلارنىڭ "سىناشتۇق" شۇئارى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكلىرىنى نابۇت قىلىپ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەپ قالغانلىقى ، يىگىتلىرىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈستىگە، ئاتا - ئانىسىغا نومۇس ۋە شەرمەندىلىك ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە باشقىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ ئەخلاق دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقماقتا.

## نىكاھنى ئېلان قىلىش

1192. سوئال: نىكاھنى ئېلان قىلىش زۆرۈرمۇ؟

جاۋاب: نىكاھنى ئەل- جامائەتكە ئېلان قىلىپ بىلدۈرۈش ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. قانۇنلۇق ھالال نىكاھنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ھەرخىل سۆز- چۆچەكلەر ۋە پىتنە ئىغۋالاردىن ساقلانغىلى بولغانىدەك، جەمئىيەتتە ئۇنى زىنا ھارام ئىشلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى زىنا-ھارام ئىشلار ئادەتتە يوشۇرۇن قىلىنىدۇ. ئەمما نىكاھ ھەمىشە ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

قىسقىسى، نىكاھنى ئېلان قىلىش نىكاھى ئېلان قىلىنمىغان ئەر-خوتۇننىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئارقىسىدىن سۆز-چۆچەك تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرمەكچى بولغانلارغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈنمۇ ياخشى. ئەمما نىكاھنى مەسجىدلەر قىلىش تەشەببۇس قىلىنمىغان ياخشى ئىشتۇر.

1193. سوئال: تويدا ناخشا ئېيتىش ۋە مۇزىكا چېلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا ھەرقانداق بىر خوشاللىق كۈنلەردە، ئەدەب ـ ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھالدا، مەزمۇنى پاكىز، ئېسىل ناخشىلارنى ئېيتىش، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىش جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىشتىن توسمىغان. ئەمما كىشىلەرنى يامان ھەۋەسلەرگە ئۈندەيدىغان، ئەخلاقىغا زىيانلىق مەزمۇندىكى ناخشىلارنى ئېيتىش جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ يەقەت ئايال جىنسلىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى دۇرۇس. ئەمما ئاياللارنىڭ ئەر جىنسلىرى بار جايلاردا ئۇسسۇل ئوينىشى ھارامدۇر ۋە قەتئىي دۇرۇس ئەمەس.

1194. سوئال: تويدا قىزلارنىڭ توي كۆڭلىكى كىيىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر قىزلارنىڭ توي كىيىمى كىيىشىنى باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى دوراپ ئۇلارغا ئۆزىنى ئوخشىتىۋالغانلىق بولىدۇ، دېگەن ئاساس بىلەن توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر، توي كۆڭلىكى خىرىستىئانلارنىڭ ئادىتى بولسىمۇ، دىنىي ئادەت ئەمەس، ھەم كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار دىيارىدا كەڭ تارقالغان بولغاچقا، خىرىستىئانلارغىلا خاس ئادەت بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن. شۇڭا توي كۆڭلىكى كىگۈچىسىنىڭ ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى يۆگەپ تۇرىدىغان، نېپىز ئەمەس، تېنىنى نامايان قىلمايدىغان بولۇشى ۋە ئۇنى يات ئەرلەرنىڭ ئالدىغا گىرىم قىلغان ھالدا چىقماسلىقى شەرتى بىلەن كىيىشى دۇرۇستۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئابدۇللا ئىبنى باز ۋە كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىبنى ئۇسەيمىن، سالىھ ئىبنى فەۋزان قاتارلىقلارمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

## نىكاھ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1195. سوئال: ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ـ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە كېلىشىشى نەتىجىسىدە نىكاھلىنىشى دېمەكتۇر. نىكاھلىنىشتا ۋاقىتنى ئېنىق سۆزلىمىسىمۇ، كۆڭلىدە ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ نىكاھىمۇ مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن

ۋاقىتلىق نىكاھ سانىلىدۇ. چۈنكى ”ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر“ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كۆپىنچە قارشى تەرەپنى ئالداش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشقا شۇنداق پۈتۈشكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق نىكاھ دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش زىنا قىلغانلىقتۇر. نىكاھتا مەڭگۈلۈكنى نىيەت قىلىش شەرت بولۇپ، مەڭگۈلۈك ئەر- خوتۇن بولۇش نىيەت قىلىنمىغان نىكاھ باغلانمايدۇ.

ئەمما مەڭگۈلۈك نىكاھنى نىيەت قىلىپ كېيىن تۇرمۇش نورمال ھالدا داۋام قىلالمىغانلىق سەۋەبتىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئۇكىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولغان ياخشى نىيىتىگە زىيىنى يوق. ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىدە، مۇجاھىدلار غازاتلاردا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. چۈنكى، بۇ مەسىلە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقىتلىرىدا بىر مەزگىل يول قويۇلۇپ كېيىنچە، خەيبەر غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسكىن جاكارلىشى بىلەن ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئەي خالايىق! مەن سىلەرگە ئاياللاردىن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش بىلەن پايدىلىنىشنى (زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك ۋاقىتلىق) يولغا قويغان ئىدىم. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچە ھارام قىلدى»[1].

مەلۇمكى، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كىشىلەرنىڭ سائادەتلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش نەسلىنى زايا قىلىدۇ، ئەر - ئايال بىر - بىرىنى جىنسىي ھەۋەس ئۈچۈنلا كىرالىغان بولىدۇ. بۇ ئىش خۇسۇسەن ئاياللارنى ھاقارەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىر ئىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنىشى ئەقلىنىڭمۇ تەلىپىدۇر.

1196. سوئال: نىكاھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىكاھ — ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىدە بەختلىك بىر ئائىلىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ باغلىنىشىدۇر.

1197. سوئال: نىكاھنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: نىكاھنىڭ ئىسلام نەزەرىدە، قانۇنلۇق ھالدا دۇرۇس باغلىنىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ رازىلىقى

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھلانماقچى بولغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ رىغبىتى ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقى شەرتتۇر. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھېچكىمنى ئۆزى خالىمىغان بىرسى بىلەن نىكاھلىنىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇش قورۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە جۈر تاللاشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «چوكان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشتا ئاتا - ئانىسىدىن ھەقلىقتۇر. قىزنىڭ رايى سورىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ماقۇل كۆرگەنلىكىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(2) گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھ ئوقۇلغان ئورۇندا ئادالەتلىك، راستچىللىقىغا ئىشىنىلىدىغان ئىككى مۇسۇلمان ئەر گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشى شەرتتۇر. ئىككى ئەر گۇۋاھچى تولۇق تېپىلمىغان شارائىتتا، بىر ئەر، ئىككى ئايال بىرلىكتە گۇۋاھلىققا ھازىر بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ تۈرلۈك مۇئامىلىلەردە ئىككى ئايال گۇۋاھچى بىر ئەر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. گۇۋاھچىلار ھازىر بولمىغان نىكاھ نىكاھ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتلىك ، دىيانەتلىك) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار [2].

(3) شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەبلىرىدە، نىكاھلانماقچى بولغان قىزنىڭ (شۇنداقلا چوكاننىڭ) ئىگىلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش نىكاھنىڭ شەرتلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قىزنىڭ ئىگىلىرى مۇۋاپىق كەلمىگەن نىكاھ باغلانمايدۇ»[3] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىدە، قىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئۆزى قارار قىلالىغۇدەك ياشتا بولۇپ، ئۆزىگە مۇناسىپ بىرىگە ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇنىڭ نىكاھى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ماقۇللۇقى شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوكان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىدا ئىگىلىرىدىن ھەقلىقتۇر»، «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار»[4]دېگەن

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بەقەرە سۈرىسى 282 - ئايەت

(3) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىس، ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ھىببان بۇ (ھەدىسنى «سەھىھ»ھەدىسلەر قاتارىدىن سانىغان.

(4)بۇخارى رىۋايىتى

ھەدىسلىرى قىزلارنى مەيلى ئۇلار ھېچ ياتلىق بولمىغان بولسۇن، مەيلى ياتلىق بولۇپ قايتىپ كەلگەن چوكان بولسۇن، ئۇلارنى ئىختىيارسىز ياتلىق قىلماسلىقنى ۋە ئۇلار قوشۇلمىغان ۋە تۇرمۇش قۇرۇشقا رازى بولمىغان بىرىگە ئاتا-ئانىسىنىڭ زورلاپ ياتلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەبلىرىنىڭ قىز-چوكانلارنىڭ ياتلىق بولىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسى ياكى باشقا ئىگىلىرى قوشۇلىشى نىكاھنىڭ باغلىنىشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى دەپ قارار قىلغانلىقى ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماستىن يامان يەرگە كېلىن بولۇپ چۈشۈپ قېلىپ پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى ئاتا-ئانىلارنىڭ تاللىغىنى ۋە قوشۇلغىنى كۆپ ھاللاردا توغرا چىقىدۇ. ئانا-ئانىلار باللار بىلمىگەنلەرنى بىلىدۇ ۋە باللىرىنى كىملەرگە ئۆيلەندۈرۈشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا ئاتا-ئانىلارنىڭ رازىلىقىنى ۋە ماقۇللىقىنى ئالماستىن قىزلارنىڭ ئۆز بېشىغا ئىش كۆرمىگىنى ياخشى. جەمئىيەتتە كۆرىۋاتىمىزكى، جەمئىيەتنى، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىپ بولالمىغان سەبى قىزلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئالداپ ئېلىپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا تاشلىۋېتىدىغان ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدىكى جېنىنەتتىن دوزاخقا ئېلىپ بېرىپ خورلايدىغان ئالدامچى ئەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ھەقتىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىدە، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى، بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتىدىغان، ياخشى كۈنلەردە، يامان كۈنلەردە، راھەتتە، جاپادا بىرگە بولىدىغان ئۆمۈرلۈك ھايات يولدىشىنى ئۆزلىرىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى كۆرىۋاتىمىزكى، بەزى ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىغا ياكى بايلارغا ياكى مەنسەبدارلارغا زورلاپ بېرىدۇ. ئۇلار قىزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئويلاپ شۇنداق قىلىدۇ. بۇ قىزلار بەختلىك بولامدۇ ياكى تەلەيسىز بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

ھەر ئىككى مەزھەبنىڭ ئورۇنلۇق تەرەپلىرى بار. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ئىككىسىگە ئەمەل قىلغان ھالدا، پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

1198. سوئال: نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى قايسى؟

جاۋاب: نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى - ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز ئىبارىلەردۇر. ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەر كىشىمۇ ئۇنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئايال كىشىنىڭ قوبۇل

قىلغانلىقىنى ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئەركىشى ئۇنى زىممىسىغا ئالغانلىقىنى ئۆزى بىۋاستە بىلدۈرىدۇ. نىكاھنىڭ ئىبارىلىرى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى (يەنى ئالدىم ، تەگدىم دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار) بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، تەلەپ بىلەن قوبۇل (ئالدىم، تەگدىم دېگەن سۆز) بىر ئورۇندا بولۇشى، ئىككى سۆزنىڭ (ئوتتۇرىدا كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ) ئارىسىغا باشقا گەپلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم.

## نىكاھ بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىشلار

1199. سوئال: نىكاھ سەۋەبى بىلەن بەلگىلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: نىكاھ سەۋەبى بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسە بەلگىلىنىدۇ:

(1) مەھرى

(2) نەپىقە

(3) مىراس

1200. سوئال: مەھرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەھرى ـ نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ھەق (پۇل) دېمەكتۇر. مەھرى بېرىشنى ئەر ـ ئايال ئىككىسى تويدىن بۇرۇن شەرت قىلغان بولسۇن، ياكى شەرت قىلمىغان بولسۇن ھەر ھالەتتە ئەر كىشىنىڭ ئۇنى نىكاھتىن كېيىنلا ئايالىغا نەق ياكى يېرىمىنى نەق، يېرىمىنى نېسى بېرىشى لازىم.

1201. سوئال: مەھرىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

جاۋاب: مەھرى مىقدارىنىڭ ئاز ياكى كۆپلىكىنىڭ چېكى يوق. مەھرى پەقەت ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بولىدۇ. تويدىن بۇرۇن ئەر تەرەپ بىلەن ئايال تەرەپ ئۆزئارا پۈتۈشكەن مەھرى مىقدارى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئايالغا مەھرى بېرىشنى پۈتۈشمىگەن بولسا، ياكى پۈتۈشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ مىقدارىنى تەيىنلىمىگەن بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئەر كىشى ئايالغا شۇ شەھەردە ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى ئۆلچىمى بويىچە مەھرى بېرىدۇ. چۈنكى مەھرى ــ ئايالنىڭ نىكاھ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن تەبىئىي ھەققىدۇر. مەھرى مىقدارىنىڭ ئاددى، يېنىك بولغىنى ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەۋسىيىسىمۇ مەھرىنى ئېغىر قىلىۋېتىپ تويىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويماسلىقتۇر. مەھرى ـ پۇل ـ مال بېرىش بىلەن ئادا تاپقىنىدەك، مەنىۋى مەنپەئەت بىلەنمۇ ئادا تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ساھابىنى ئۇ كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئايالىغا بېرىدىغان مەھرى بەدىلىگە، ئايالغا

قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىشنى شەرت قىلىپ ئۆيلەندۇرگەن.

1202. سوئال: نەپىقە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نەپىقە ـ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ھەر قانداق ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى دېمەكتۇر. ئەر كىشى ئەگەر ئايالىنىڭ يۇقىرىقى چىقىملىرىغا بېخىللىق قىلىپ ئۇنى جايىدا ئادا قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئايالى ئۇنىڭ ئىقتىسادىدىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك مىقدارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەستىن ئالسىمۇ، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئېرىنىڭ زىممىسىدىدۇر.

1203. سوئال: مىراس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مىراس ـ بىراۋ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مال ــ دۇنياسى ۋە باشقىمۇ ماددىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يۆتكىلىشى دېمەكتۇر. قانداقلا بىر كىشى بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىدىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

مىراس ـ بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنىدۇ. يەنى ئەر ـ ئاياللاردىن قايسىسى بۇرۇن ۋاپات بولسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالىدۇ. ھەتتا نىكاھلىنىپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماستىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكىسى قۇرئان كەرىمدە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ئۇنىڭ مىراسىدىن ئالىدۇ.

## مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى

1204. سوئال: مەھرەم دېگەن كىملەر؟

جاۋاب: مەھرەم ــ مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى دېمەكتۇر.

نامەھرەم ــ مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۆزىنىڭ جورىسى ئەمەس ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى يات كىشىلەردۇر.

ئايالنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئەر تۇغقانلىرى بولۇپ، شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، قېيىن ئاتىسى، ئۆگەي دادىسى، قىزلىرىنىڭ ئەرلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار قاتارلىقلاردۇر.

ئەرنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدۇر.

**ئايالنىڭ كىيىنىشى ۋە سەپەر قىلىشىدىكى بەلگىلىمىلەر**

1205. سوئال: مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىنىشى قانداق بولۇشى كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ باشلىرىغا رومال ئارتىپ، چاچلىرىنى، بويۇنلىرىدىكى ۋە قۇلاقلىرىدىكى زىننەتلىرىنى يېپىپ، ئۇزۇن ۋە ئازادە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشى مۇسۇلمانلىقنىڭ شۇئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجاناپلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت ـ ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ دەلىلىدۇر. رومال ئارتىش مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ھەر تۈرلۈك رەزىللىكلەردىن، پەسكەشلىكلەردىن قوغدىغاندەك، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت ئىچىدە تېخىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك ھەم كۆركەملىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

1206. سوئال: ئايالنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا چىقىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەكمۇ؟

جاۋاب: بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئايالنىڭ ئۆيىدىن چىقىشى ئۈچۈن ھەممە ھاللاردا ئېرىدىن رۇخسەت سورىشى كېرەك ئەمەس. مەسىلەن: خىزمەت، مەكتەپ، باللارنىڭ ئىشى ياكى سىرتتىن ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشتا ئېرىدىن رۇخسەت سوراش شەرت ئەمەس، ئېرىنىڭ رۇخسىتىنىمۇ كۈتمەيدۇ.

(2) ئايال ئەگەر ئېرى تونۇمايدىغان بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلىش ياكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقماقچى بولسا، ئېرىنىڭ رۇخستى ئېلىشى شەرت بولىدۇ، ئېرى رۇخسەت قىلمىسا چىقماسلىقى لازىم.

(3) ئايال بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ياكى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە سەپەر قىلماقچى بولسا، گەرچە ئايروپىلان بىلەن شۇ كۈنى يېتىپ بارىدىغان بولسىمۇ ئېرىنىڭ رۇخستى ئېلىپ، ئىشەنچلىك ھەمراھلار بىلەن بارسا بولىدۇ. ئەمما يولدا توختاپ مېھمانخانىلاردا قونۇپ قالىدىغان ياكى 3كۈندىن كۆپ ۋاقىتتا بېرىپ بولىدىغان ئۇزۇن سەپەرگە ئېرىنىڭ رۇخستىسىز چىقالمايدۇ.

1207. سوئال: ئايال مەھرەمسىز سەپەرگە چىقالامدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئېرى ياكى ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرىدىن ئىبارەت مەھرەملىرىدىن بىرەرسى يېنىدا بولماستىن يالغۇز سەپەرگە چىقىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىنى بايان قىلىپ: «ئايالنىڭ ئۈچ كۈنلۈكتىن يىراق سەپەرگە

مەھرەمسىز چىقىشى ھارامدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇنىڭغا بىنائەن: ھەنەفىي، ھەنبەلىي مەزھەبلىرى «ئايال ئۈچ كۈنلۈكتىن يىراق سەپەرگە مەھرەمسىز چىقمايدۇ» دەيدۇ. شافىئىي، مالىكىي مەزھەبلىرى «ئايال ئىشەنچلىك ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەھرەمسىز سەپەرگە چىقسا بولىدۇ»، دەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ئاياللارنى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشتىن توسۇشتىكى مەقسەت يولدىكى ئامانسىزلىقلار ئىدى. زامان تەرەققىي قىلىپ خاتىرجەملىك ئومۇملاشتى. شۇڭا ھازىر ئايال ئىشەنچلىك ئاياللار گۇرۇپپىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەھرەمسىز ھالدىمۇ سەپەرگە چىقسا بولىدۇ، دەپ قارار قىلغان[2].

## مەھرىمى يوق ئايالنىڭ سەپەرگە چىقىش مەسىلىسى

1208. سوئال: مەھرىمى يوق ئايال سەپەرگە چىقماقچى بولسا قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئېرى ياكى مەھرەم بولالايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولمىغان ئايال ئىشەنچلىك ئەر ـ ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن مۇسۇلمان گۇرۇپپىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەج، ئۆمرە، سودا ـ سېتىق، ساياھەت قاتارلىق يوللۇق سەپەرلەرگە مەھرەمسىز چىقسا بولىدۇ.[3]

## ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەسىلىسى

1209. سوئال: ئايالنىڭ يات ئەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق بىر يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكى سابىت ئەمەس. دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي يات ئايال بىلەن يات ئەرنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەسىلىسىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قەدىمدە ۋە ھازىردا ھېچقانداق بىر ئۆلىما ئىختىلاپلاشمايدىغان ۋە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇلار مۇنداق:

(1) ئەر ياكى ئايال قايسىبىرى تەرەپتىن جىنسىي لەززەت ئېلىش مەقسىتىدە شەھۋەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئەر، ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ھارامدۇر. شۇنىڭدەك، "يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر"دەيدىغان ئومۇمىي قائىدىگە ئاساسەن، يامان نىيەت بايقالغان ياكى كۆرۈشكۈچىنىڭ كەيپىياتىدىن شەھۋانىيلىق مەلۇم بولغان ھاللاردا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆشۈش قەتئىي ھارامدۇر.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) «ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى» نىڭ پەتىۋاسى

(3) islamonline.net

ھەتتا ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەھرەم تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىنى تۇتۇشى ھالال ئىشلاردىن بولسىمۇ، بۇ تۇتۇش ئۇنىڭ شەھۋىتىنى ئۆرلىتىدىغان ئەھۋالدا ھاراملىق دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ[1]. خۇسۇسەن، ئايالنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى ياكى ئاتىسىنىڭ ئايالى ياكى ئوغلىنىڭ ئايالى ياكى ئۆزىنىڭ قېيىن ئانىسى ۋە ياكى ئېمىلدەش ئاچا- سىڭىللىرى گەرچە ئەرنىڭ مەھرەملىرىدىن سانالسىمۇ، ئۇلارغا قارىتا شەھۋەت بىلەن قارايدىغان ئەرلەرمۇ بار.

(2) ئەرنىڭ ھەۋىسى قوزغالمايدىغان ياشنىپ قالغان ئايال بىلەن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشۈش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكۈچى ياشنىپ قالغان بوۋايلاردىن بولسا، ئۇنىڭ قانداقلا بىر ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى جائىزدۇر. ھەر ئىككى ھالەتتە، پىتنە-پاسات يۈز بەرمەسلىكىدىن، شەھۋەت قوزغالماسلىقىدىن خاتىرجەم بولۇش شەرتتۇر»[2].

دېمەك، يات ئەر بىلەن يات ئايالنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى شەھۋەتتىن خالى بولۇش ۋە پىتنىدىن ئامان بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرت بىلەن جائىزدۇر. بىراق مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئايال بىلەن ياكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇزىتىلسا، قولىنى بېرىپ كۆرۈشسە بولىدۇ[3].

(1) ئەل ئىختىيار لىتەئلىل ئەلمۇختار 4-توم، 155-بەت

(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرى،2-توم،292-بەت.

(3) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرى،2-توم،302-بەت.

# ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشى

## ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

1210. سوئال: ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: نەتىجىلەرنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى مۇقەددىمىلەرگە ۋە شۇ غەلىبىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان سەۋەبلەردىن ساقلىنىشقا باغلىق بولغىنىدەك، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشمۇ، يەنە شۇ مۇقەددىمىلەرگە دىققەت قىلمىغانلىق ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىدىن ساقلانمىغانلىقتىن بولىدۇ. ئاغرىق - سىلاقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىش زۆرۈر بولغانىدەك، ئائىلە ھاياتىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بەختسىزلىكلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى بەختلىك ھالدا، ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئائىلە ھاياتىدا ئەر- خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇقەددىمىلەردىن ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان بەزى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بەزى ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش

نامەھرەملەردىن كۆزنى ساقلاش مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن زۆرۈر ۋە يامان نەتىجىلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر. مانا بۇ، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرىغان: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى،(نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن. لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾[1].

(2) ئاياللارنىڭ كىيىنىشىدىكى بىنورماللىق

(1) نۇر سۈرىسى 30 - 31 - ئايەتلەر

ئاياللارنىڭ يات ئەرلەر بار جايلاردا نېپىز، قىسقا ۋە تار كىيىملەرنى كىيىشى ۋە ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنى ئېچىپ يۈرۈشى ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىگە ئەلۋەتتە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(3) يات ئەر بىلەن يالغۇز قېلىش

مەيلى ئەر بولسۇن ، مەيلى ئايال بولسۇن، قايسىبىرىنىڭ قارشى جىنستىكى يات بىرى بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

(4) ئەر- ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىشى.

ئەر -ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىنورمال ئالاقە باغلىشى ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىغا ئەلۋەتتە يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئائىلىدىكى مۇھەببەتنىڭ نەپرەتكە ئايلىنىشى، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى، بالىلارنىڭ يېتىم بولۇشى قاتارلىق ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

(5) ياتلار بىلەن چاقچاقلىشىش

مەيلى ئەر، مەيلى ئايال ھەر قانداق بىرسىنىڭ قارشى جىنستىكى يات بىرسى بىلەن چاقچاقلىشىشى، مېھماندارچىلىقلاردا، ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ۋە باشقىمۇ ئەر - ئاياللار توپلاشقان ئورۇنلاردا ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشى ياكى چاقچاقلىشىشى بەكمۇ ئەيىب ئىش. ئايال كىشى ئۆچۈن كەمسۆزلىكتىن ياخشى خۇلق يوق.

(6) تانسا ۋە باشقا ئويۇن - تاماشىلارغا بېرىش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ تانسىخانىغا، قاۋاقخانىغا ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەر قانداق بىر سورۇنغا بېرىشى توغرا ئەمەس. ئىسلام نەزەرىدە ھارامدۇر. بۇنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە يەتكۈزىدىغان زىيىنى چوڭدۇر. ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە تانسىغا بېرىشى تېخىمۇ ئېغىر قاباھەت. ئايالنى تانسىغا ئېلىپ بارغان ئەر گۇناھكار ئەردۇر. ئايالنى تانسىغا ئەۋەتىپ قويۇپ ئۆزى خاتىرجەم ئولتۇرغان ئەر غۇرۇرسىز ۋە ۋىجدانسىز ئەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئەل-جامائەتنىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدۇ.

(7) ئاياللارنىڭ شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىشى

ئايالنىڭ ئۆزى يالغۇز شەھەردىن شەھەرگە سەپەر قىلىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىشى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە دەخلى يەتكۈزمەي قالمايدۇ. غەيرى نورمال ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى يالغۇز سەپەرگە چىققان ئايال كۆپىنچە قۇرۇق سۆز ۋە

تۆھمەتلەرگە قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ ئىشلار ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان ئامىللاردۇر.

(8) ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى يېيىش

ئەر - خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى سىرتقا يېيىش مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە مۇنداق قىلىش ئەر- خوتۇنلۇقنىڭ مۇقەددەس رىشتىسىگە قارشى ئىشلەنگەن ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە چوڭ خىيانەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يامان كىشى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى سىرتقا يايغان كىشىدۇر»[1].

1211. سوئال: ئائىلىنى بۇزىدىغان ئېغىر گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ ئېغىر گۇناھ زىنادۇر! زىنا - كۇپرىدىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى. زىنا - شەرەپلىك ئائىلىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى يەرگە ئۇرىدىغان، شۇجائەتلىك ئەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان، ئائىلىنى پارچىلايدىغان، بالىلارنى يېتىم قىلىدىغان بىر رەزىل قىلىقتۇر. (يۇقىرىقى ماۋزۇلار «ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ).

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

## تالاق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1212. سوئال: تالاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تالاق - ئەرنىڭ ئايالىدىن ۋازكەچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېلان قىلىشى دېمەكتۇر. تالاق ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ھېچ ئۈمىد قالمىغان، ياخشى ئۆتۈشكە ئامال بولمىغاندا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ يېڭىدىن ھايات باشلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر» [1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

1213. سوئال: تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئەر كىشى ئايالىنى تالاق قىلىشتا تۆۋەندىكى ئىككى ئىشقا رىئايە قىلىشى لازىم:

(1) ئايالىنى ئۇنىڭ ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋاقتىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايالىنى تالاق قىلىشنى خالىغان كىشى ئۇنى ئايلىق ئادەت ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن پاكلانغاندىن كېيىن، پاكلىق ھالىتىدە ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماستىن تالاق قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

(2) ئايالىنى تالاق قىلىشتا، بىردىن ئارتۇق تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايالىنى بىردىن ئارتۇق(ئىككى ياكى ئۈچ) تالاق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

1214. سوئال: تالاقنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تالاق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق رەجئى، يەنە بىرى، تالاق بائىنىدۇر.

1215. سوئال: تالاق رەجئى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تالاق رەجئى ـ ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا، ئېرى ئۇنى قايتا نىكاھ ئوقۇشقا ھاجەت بولماستىن قايتۇرىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق دېگەن

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئۇقۇمنى بىرىدۇ.

تالاق رەجئى تالاق لەۋزىلىرى بىلەن بىر قېتىم قىلىنغان تالاق بولۇپ، ئۇنىڭدا تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىشقا ھاجەت يوق. يەنى تالاق لەۋزىلىرى بىلەن: «مەن سېنى قويۇپ بەردىم» ياكى «بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق» دېيىش بىلەنلا ئايالى تالاق بولىدۇ. تالاق قىلغۇچى راستىنلا تالاق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسۇن ياكى چاقچاق قىلغان بولسۇن ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تالاق دېگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئايالى ئۇنىڭدىن تالاق بولىدۇ.

تالاق رەجئى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشمىغىچە ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنى بۇنداق ئايال تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ بولغانغا قەدەر ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئېرى خالىسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغىچىلىك مۇددەت ئىچىدە، ئۇنى ئۆزىگە قايتا نىكاھ قىلماستىنلا قايتۇرىۋالالايدۇ. «رەجئى» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى، قايتۇرۇش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

1216. سوئال: تالاق بائىن دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تالاق بائىن ــ قايتىشقا بولمايدىغان، رەسمى ئايرىلىش تالىقى دېمەكتۇر. تالاق بائىن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق بائىن سۇغرا، يەنە بىرى تالاق بائىن كۇبرادۇر.

1217. سوئال: تالاق بائىن سۇغرا دېگەن قانداق تالاق؟

جاۋاب: تالاق بائىن سۇغرا ـ كىنايە لەۋزى بىلەن بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىش دېمەكتۇر. كىنايە لەۋزى بىلەن تالاق قىلىشتىن مەقسەت، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىغا "ئۆيۈڭگە كەت" ياكى "كۆزۈمدىن يوقال" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىش دېمەكتۇر. ئەر كىشى ئەگەر ئايالىنى تالاق قىلىش مەقسىتى بىلەن يۇقىرىقى كىنايە لەۋزىلىرىنى قىلسا، شۇ ھامان ئايالى تالاق بولىدۇ. ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، يېڭىدىن نىكاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى يۇقىرىقى كىنايە سۆزلىرىنى چاقچاق قىلىپ ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش مەقسىتىدە، تالاقنى نىيەت قىلمىغان ھالدا، سۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى تالاق سانالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ بولىدۇ.

1218. سوئال: تالاق بائىن كۇبرا دېگەن قانداق تالاق؟

جاۋاب: تالاق بائىن كۇبرا ــ بىرلا ۋاقىتتا ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىش ياكى بىردىن تالاق قىلىپ، ئۈچ قېتىمغا يېتىشى دېمەكتۇر.

ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭ نىكاھىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى

يېڭىدىن نىكاھ قىلىش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت، ئۈچ تالاق بولغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئۇنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، يېڭىدىن نىكاھ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇ خوتۇننى (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا ، (خوتۇن) باشقا ئەرگە (ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇس نىيىتى بىلەن) تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى (قايسىبىر سەۋەب بىلەن) تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ) بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ [1].

بۇ ئايەتكە بىنائەن، ئۈچ تالاق بولغان ئايالنى ئېرىگە ھالال قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنى باشقا بىر ئەرگە ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويۇش قەتئىي ھارام بولۇپ، زىنانىڭ ئۆزىدۇر. بەزى يامان نىيەتلىك ئادەملەر بۇ خىل زىنانى " ھىيلە شەرئىي" دېگەن سەت بىر ئاتالغۇ بىلەن ئاتىۋالغان. شەرىئەتكە قانداقمۇ ھىيلە ئىشلەتكىلى بولسۇن؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پاسكىنا قىلىقنى قاتتىق سۆكۈپ: «ئايالنى ئېرىگە ھالال قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئايالنى ئالغانغا ۋە ئېلىپ بەرگەنگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!»[2] دېگەن.

## ئۈچ تالاق ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىشنىڭ ھاراملىقى

1219. سوئال: بىر لەۋز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق ئۈچكە ھېسابمۇ ياكى بىرگىمۇ؟

جاۋاب: بىر لەۋزى بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش - ئەرنىڭ ئايالغا بىر ئورۇندا، بىر سۆز بىلەنلا " ئۈچ تالاق" دېيىشى بولۇپ، ئۇ بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ[3].

---

(1) بەقەرە سۈرىسى

(2) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق ھەسابلىناتتى. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئويۇنچاق ئورنىدا كۆرۈپ، ئاياللىرىنى ھە دەپ ئۈچ تالاق قىلىۋېتىش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقتىن، بۇ سەلبىي ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن، خەلىپە ئۆمەر مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن " بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساپ قىلىشقا ئىجما قىلىشقان. مەشھۇر تۆت مەزھەپ - ھەنەفىي، شافىئى، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەپلىرىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجما بويىچە "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساب قىلغان. ئەمما شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى ھۆكۈمگە قايتۇرۇپ، "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق"نى بىر تالاققا ھېساب قىلىشنى تاللىغان. ھازىر دۇنيادىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ

## تالاق قىلىشنىڭ تۈرلىرى

### مەسنىڭ تالىقى

1220. سوئال: مەس ھالەتتىكى تالاق چۈشەمدۇ؟

جاۋاب: بۇ مەسىلە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ماۋزۇسى بولغان مەسىلە. ھازىرقى زاماندا ئەڭ ئىشەنچلىك گۇرۇپ قارارى ئىسلام فىقھى مەجمەسى تەرىپىدىن چىققان بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملار توپلىنىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرى مۇنداق قارار قىلغان:

(1) بىلمەي مەس قىلىدىغان بىر نەرسە يەپ سېلىپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(2) زورلۇق ياكى ئەھۋالدا مەسىلەن داۋالانغاندا، ئاچ قالغاندا مەس قىلىدىغان بىر نەرسە يەپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(3) مەس قىلىدىغان بىر نەرسىنى باشقىلار زورلاپ يىگۈزسە، يەپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(4) ھالال بىر نەرسە ئىستىمال قىلىپ مەس بولۇپ قېلىپ مەس ھالىتىدە تالاق دېسە ئايالى تالاق بولمايدۇ.

(5) ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن ھاراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ھارام بىر نەرسە ئىستىمال قىلىپ مەس بولۇپ، لېكىن مەسلىكى ئېغىر بولماي ئەقلى-ھوشىنى تولۇق يوقاتمىغان، گەپنى ئۇقىدىغان ئەھۋالدا بولسا، بۇ ئەھۋالدا قىلغان تالىقى ھېساب بولىدۇ.

(6) يۇقىرى ئاشۇ ئەھۋالدا قاتتىق ئېغىر مەس بولۇپ، ئەقلى-ھوشىنى تولۇق يوقۇتۇپ قويۇپ تالاق قىلسا، ئاشۇ قۇرۇلتايدىكى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى تالاق چۈشمەيدۇ، دەپ قارىغان، قالغانلار چۈشىدۇ، دەپ قارىغان.[1]

### ھوشىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى

1221. سوئال: ھوشىنى يوقاتقان ئادەمنىڭ شۇ ھالەتتىكى تالىقى چۈشەمدۇ؟

---

سانىلىقى بۇ قاراشنى قوللايدۇ.

(1) ھىندىستان ئۆلىمالىرى ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسىنىڭ پەتىۋاسى. Islamonlane.netدىن نەقىل ئېلىندى.

جاۋاب: قالايمىقان سۆزلەيدىغان، نېمە داۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە ئايالىنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ بۇ تالىقى چۈشمەيدۇ.

مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ «پەتىۋا ھەيئىتى» تەرىپىدىن 1920-يىلى13-ئىيۇن كۈنى چىقىرىلغان 242-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا، ئەقلىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىدىن نېمە دېگەن ۋە نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغان ھالدا، ئايالىنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ تالىقى چۈشمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

## زورلانغۇچىنىڭ تالىقى

1222. سوئال: زورلانغۇنچىنىڭ مەجبۇرلىغان ھالەتتىكى تالىقى چۈشەمدۇ؟

جاۋاب: ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايالىنى تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغۇچىنىڭ تالىقى چۈشىدۇ، ئەمما شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئۇنىڭ تالىقى تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلغان ھالەتتە چۈشمەيدۇ.

(1) مەجبۇرلىغۇچى مەجبۇرلانغۇچىنى ئۆلتۈرۈش، يارىلاندۇرۇش، ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىگە سولىتىۋېتىش ياكى چوڭ مىقداردا پۇل- مېلىغا زىيان ئۇرۇش ياكى نامىنى بۇلغىۋېتىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانغا راستىنلا ئېغىر كېلىدىغان تۈرلۈك ئېغىر ئەزىيەت يەتكۈزۈشنى تەھدىت سالغان بولىشى.

(2) مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قىلىمەن دېگەن تەھدىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچكە ۋە ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان بىرى بولىشى.

بۇنداق ئەھۋالدا، مەجبۇرلانغۇچىنىڭ قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ.(1)

## قاتتىق غەزەبتىن ئەقلىنى يوقاتقۇچىنىڭ تالىقى

1223. سوئال: غەزەبتىن ئەقلىنى يوقاتقان كىشىنىڭ تالىقى چۈشەمدۇ؟

جاۋاب: غەزەب بىر خىل بولمايدۇ. غەزەب تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئەقلىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ خۇددى ساراڭدەك بولۇپ قېلىش. بىراۋ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، غەزەبكە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە ئايالىنى تالاق قىلغان كىشىنىڭ بۇ تالىقى چۈشمەيدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاق.

---

(1) مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ «پەتىۋا ھەيئىتى» تەرىپىدىن 1981-يىلى چىقىرىلغان 1213-نومىرلىق پەتىۋاسىدا، ئايالىنى تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغۇچىنىڭ تالىقىنىڭ چۈشمەيدىغانلىقى كۆچلەندۈرۈلگەن ۋە مىسىرنىڭ 1929-يىلى تۈزۈلگەن«ئائىلە قانۇنى»نىڭ5-ماددىسىدىمۇ شۇنداق كەلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

(2) ئەقلىنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئەر-ئايال ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشۇش، تىللىشىش، ھاقارەت قىلىشىش قاتارلىقلار سەۋەبلىك، ئەر ئۆزىنى تۇتالماستىن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ مەسىلە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ماۋزۇسى بولۇپ، بۇ ھالەتتە قىلىنغان تالاق چۈشمەيدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ رەيى كۈچلۈك سانىلىدۇ.

(3) غەزەپتىن ئەقلىنى يوقاتمىغان، بەلكى دېگەنلىرىنى ئويلاپ ۋە بىلىپ دەيدىغان ھالەتتىكى قاتتىق ئاچچىق بىلەن قىلىنغان تالاق ئەلۋەتتە چۈشىدۇ. چۈنكى تالاق قىلىش دېگەن ئادەتتە مەلۇم دەرىجىدە غەزەپ ياكى بىنورماللىقتىن خالىي بولمايدۇ[1].

## غائىبنىڭ تالىقى

1224. سوئال: ئېرى يوقاپ كەتكەن ئايال قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئېراۋ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتسە ياكى ئۈچ يىللىقتىن كۆپ مۇددەتلىك تۈرمىگە قامىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئېرى غايىپ بولغان ياكى تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقىتتىن بىر يىل كېيىنلا ئۇنىڭدىن ئاجرىلىش ھەققىدە مەھكىمىگە ئەرز سۇنۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئايالىنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىدا (ھامىلدار بولسا تۇغۇپ بولغىچە، ھامىلدار بولمىسا ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلىنىپ بولغىچە)، ئېرى قايتىپ كەلسە ياكى تۈرمىدىن چىقسا ئايالىنى نىكاھسىزلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ.

ئەگەر ئېرىنىڭ يوقاپ كېتىشى بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن بولغان بولسا ۋە كەتكەن يېرى ئېنىق بولسا، مەسىلەن: ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كېتىپ قېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايالى ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە ئەرز سۇنالمايدۇ. مەھكىمىمۇ ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا، مۇنداق كىشىنىڭ كەتكەن يېرى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن تالىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئايرىلالمايدۇ. مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ مەھكىمە شەرئىيلىرىمۇ مۇشۇنداق ئىش كۆرمەكتە.

---

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازنىڭ پەتىۋاسى.
Islamweb.net «پەتىۋا ھەيئىتىنىڭ» 201-يىلى14-ئىيۇل كۈنىدىكى 1496-نومۇرلۇق پەتىۋاسى.

**ئايال ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ**

كـۈنىمىزدە، ئالاقىلىشـىش قوراللىرىمۇ تەرەققىـي قىلـدى. شـۇڭا ئايـال خەت ئـارقىلىق ياكى تېلېفون ئارقىلىق يـاكى ئادرېسـىنى بىلمىسـە باشـقىلارنىڭ ۋاسىتىسـى ئـارقىلىق ئېرى بىلەن خەۋەرلىشەلەيدۇ. ئەگەر ئېرى تىز كەلمەيدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭـدىن تالىقىنى سـورايدۇ. رۇخسـەت خېتىنـى بەرسـە، ئۇنىـڭ نىكاھىـدىن چىققـان بولىـدۇ ۋە ياتلىق بولالايدۇ. ئەرلـىرى ئىچكـىرىگە يـاكى چەتـئەللەرگە تىجـارەت قىلغىلـى كېتىـپ قېلىپ، قايتىپ كەلمىگەن ئاياللارمۇ شۇنداق خەۋەرلىششى كېرەك. ئـۇلاردىن خېتىنـى ئالماي تۇرۇپ توي قىلماسلىقى كېرەك.

**ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ كەتمەسلىكى لازىم**

ئەرلەرمۇ ئاياللىرىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تاشلاپ قويـۇپ كېتىـپ قالماسـلىقى لازىـم. تىجارەت قىلىش ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ياكى خىزمەت سـەۋەبى بىـلەن يىراقلارغـا كېتىـپ قالغانـدا، ئايـاللىرىنى ئـايلاپ تاشلىـۋەمەسـلىكى ۋە ئىمكانىيىتىنىـڭ يېتىشـىچە كۆرۈپ تۇرۇشى لازىم. ئايالىنى، بالىلىرىنى قىيىنچىلىقتـا قويماسـلىقى ئۈچـۈن ئـۇلارنى بـارلىق چىقىملىرىنـى ھـازىرلاپ بېرىشـى پەرزدۇر. چـۈنكى ئەر ئـۆلمىگەن مـۇددەتچە ئايالىنىڭ چىقىملىرىنى قىلىشتىن باش تارتالمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئابـدۇرراھمان ئىبنى جىبىـرىن ئېـرى سـەپەرگە كېتىـپ قالسـا، ئۇنىـڭ ئۆيـدىكى ئىقتىسـادىنى ئايـالى سورىماستىن خىراجەت قىلسا بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىـپ مۇنـداق دېـگەن: «ئېرى كېتىپ قېلىپ ئايالى ۋە بالىلىرى پۇلغا ھاجەت بولـۇپ قالغـان شـارائىتتا، ئايـال ئېرىنىڭ مەيلى ئۆيدە ساقلىغان پۇلـدىن بولسـۇن، مەيلـى بانكىـدا قويغـان پۇلـدىن بولسۇن، ھاجىتىگە يېتەرلىكىنى ئېلىپ خەرج قىلسا بولىـدۇ. چـۈنكى ئەرنىـڭ ئايالىغـا ۋە بالىلىرىغا چىقىـم قىلىشـى پەرزدۇر. ئـاللاھ تائـالا مۇنـدا دېـگەن:﴿ ئـاتىلار ئـانىلارنى قائىـدە بـويىچە يـېمەك ـ ئىچـمەك ۋە كـىيىم ـ كـېچەك بىـلەن تەمىـنلەپ تۇرۇشـى كېرەك.﴾([1])

**شەرت بىلەن تالاق قىلىش**

1225. سوئال: شەرت بىلەن تالاق قىلىش دېگەن قانداق تالاق؟

جاۋاب: شەرت بىلەن تالاق قىلىش ـ تالاق ئىشـىنى قانـداقلا بىـر شـەرتكە بـاغلاش

---

(1) بەقەرە سۈرىسى233-ئايەت

دېگەنلىك بولۇپ، مەسىلەن: ئەرنىڭ ئايالىغا «ئەگەر سەن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ، تالاق بولىسەن، ياكى پالانى كەلسە، تالاق بولىسەن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇنداق تالاق ــ ئەگەر ئېرى راستىنلا تالاقنى نىيەت قىلىپ شۇنداق شەرتنى قىلغان بولسا ــ شەرتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن تەڭلا چۈشىدۇ، يەنى ئايال كىشى، ئېرى ئېيتقان شەرت ئەمەلگە ئاشقان ھامان ئۇنىڭدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

### مۇرتەدلىك بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى

1226. سوئال: مۇرتەدلىك بىلەن نىكاھ بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: مۇرتەد ـ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ، كاپىر بولغان كىشى دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھقا، ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىگە، ياكى قۇرئان كەرىم ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلار بىلەن بەلگىلەنگەن ئەقىدە ۋە ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغان ئادەم مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ مۇرتەد بولغان بولىدۇ. ئەر ياكى ئايال ئىككىسىنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلىدۇ. مۇرتەد بولغان كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئايالىنى قايتا نىكاھ بىلەن قايتۇرالايدۇ. مۇرتەد بولغان ئايال كىشىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

### بەدەللىك تالاق(تالاقى خۇلئ)

1227. سوئال: بەدەللىك تالاق دېگەن قانداق تالاق؟

جاۋاب: بەدەللىك تالاق ـ ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ قايسىبىر تەرىپىنى ياقتۇرمىغانلىق ياكى ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىك سەۋەبلىك ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئېرىگە بەرگەننىڭ بەدىلىگە مەلۇم مىقداردا پۇل-مال بېرىشى دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئۆزۈڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ(ئەر ـ خوتۇنغا) ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ﴾ [1].

ئايالدىن ئالسا ھالال بولىدىغان مىقدار ئەرنىڭ نىكاھتا بەرگەن مەھرىدىن

(1) بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت

ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. ئايالدىن بۇنىڭدىن كۆپ مال-دۇنيا تەلەپ قىلغان ئەر هارامخور ئەردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇندا دېگەن:﴿ سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەهرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار﴾[1].

ئاياللار تالاق خېتىنى تەلەپ قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى مال - دۇنيا بېرىشكە قىستاش هوقۇقى يوق. بۇنداق قىلغان كىشى قاتتىق گۇناهكار بولىدۇ. ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزى خالاپ مال - دۇنياسىدىن بىر نەرسە بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئەمما ئايالنى سۆزىنى بەرمەستىن، مال - دۇنيا بېرىشكە قىستاش بەكمۇ نامەرتلىكتۇر. بۇنداق ئالغان مال - دۇنيا شەكسىز هارامدۇر. بۇنى ۋىجدانلىق كىشىلەر قىلمايدۇ.

(1) نىسا سۈرىسى19-ئايەت

## تالاقتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار

1228. سوئال: تالاقتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار قايسى؟

جاۋاب: تالاقتىن كېيىن ئەرنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىش بەلگىلەنگەن:

**(1) ئايالنىڭ قېپقالغان مەھرىنى بېرىش**

ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشى بولغاندا نىكاھتا ئايالغا بېرىش ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن مەھرىنى تېخى بەرمىگەن بولسا ياكى يېرىمىنى بېرىپ يېرىمىنى بەرمىگەن بولسا، تالاقتىن كېيىنلا ئۇنى ئايالغا تولۇق بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىش ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنىڭ بىرىدۇر.

**(2) نەپىقە**

تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەتتىن چىقىپ پاكلانغانغا، ئېغىر ئاياق بولسا بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر ئۇنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە قانداق تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشىغان بولسا، شۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن كەم قىلماستىن، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، دوختۇرغا كۆرۈنۈش چىقىمى، قاتناش چىقىمى دېگەنگە ئوخشاش كېرەكلىك چىقىملارنىڭ ھەممىنى تەل قىلىپ، تولۇق قامداپ بېرىش ئەرنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. بۇ«نەپىقە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە:﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾ دېگەن[1].

(1) بەقەرە سۈرىسى241- ئايەت. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن سالىھ ئىبنى فەۋزان قاتارلىق ئۆلىمالار ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچۈن ئېرىنىڭ نەپىقە بېرىشى پەرز ئەمەس چۈنكى ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، قەيس فاتىمە ئىسىملىك بىر ئايالنى ئېرى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا نەپىقە قىلىشى لازىم ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئېرىڭىزنىڭ سىزگە نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.
ئەمما دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي قۇرئان كەرىمنىڭ يۇقىرىقى ئايىتىنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، «مەيلى ئۈچ تالاق بىلەن مەيلى بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان بولسۇن، ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ھەر قانداق ئايال ئىددەتتىن چىقىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ تۇرارا جايىنى ۋە پۈتۈن چىقىملىرىنى ئېرىنىڭ تەل قىلىپ بېرىشى

ئەر بۇ ھەقنى ئادا قىلىشتىن قەتئىي باش تارتالمايدۇ. بۇ ھەقنى ئادا قىلىش جەريانىدا نوقسانلىق سادىر قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئايالىنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

### (3) بالىلارنىڭ چىقىمى

قايسى تۇردىكى تالاق بىلەن بولمىسۇن، تالاق بولۇپ ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال ئەگەر ئېغىر ئاياق بولسا، ئۇنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ چىقىمىنى ئېقىتىش ئادەت بويىچە، كەم قىلماستىن بېرىپ ئادا قىلىش، ھالىدىن ھەمىشە خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش، ئايال ياتلىق بولغانغا قەدەر، بالىسى يۈزىسىدىن ئايالىنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش دادا بولغۇچىنىڭ ئۈستىگە قەرزدۇر. ﴿ ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك، كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك﴾[1].

### (4) بوۋاقلارنى ئېمىتكەنلىك ھەققى

ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال شۇ ئېرىدىن بولغان بالىسىنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن بالىنىڭ دادىسىدىن ھەق تەلەب قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر بالىنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بوۋىقىنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن بالىنىڭ دادىسىدىن ھەق تەلەب قىلسا، ئۇنى ئادا قىلىش دادىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر بالىنىڭ ئانىسى ئۇنى ئېمىتىشنى خالىمىسا، دادا بالىنى باشقا بىر ئايالغا ئېمىتكۈزۈپ ھەققىنى تۆلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:﴿ ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن﴾[2].

پەرزدۇر»، دەپ پەتىۋا بەرگەن.

(1) بەقەرە سۈرىسى233-ئايەت

(2) تالاق سۈرىسى6-ئايەت

**ئىددىتى توشمىغان ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھەققى بار**

بىر تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشۇپ پاكلانغىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئايالنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما ئايال ئۆزى تۇرۇشنى خالىماستىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالسا بۇ ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى نەپىقىسى (يەنى چىقىملىرى) ئەرنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئايال ئەگەر ئۆزى ئۈچۈن باشقا ئۆي كىرالاپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ كىراسىنى تۆلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىنىدۇ.

ئەمما ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ياتلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئايال ئايرىم ئۆيدە ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ۋە ئايالنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۇنىڭ ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئېرى تۆلەيدۇ. ئەر ئەگەر ئايالنىڭ تېگىشلىك نەپىقىسىنى بەرمىسە، ئايالنىڭ ھەققىنى يېگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن:﴿ ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)، ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار﴾[1]

(1) تالاق سۈرىسى 6-ئايەت

## ئىددەت ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

1229. سوئال: ئىددەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىددەت ـ ئاجراشقان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قەدەر بولغان مەزگىل دېمەكتۇر. تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم كېلىدۇ. ئىددەت تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) ئادەت كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 پاكلىق، يەنى ئېرى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن 3 قېتىم پاكلىنىشى ئارقىلىق ئىددەتتىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ.

(2) ئادەت كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 ئايدۇر. يەنى ئادەت كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئەرلىرىدىن ئايرىلغىنىدىن باشلاپ تولۇق 3 ئاي بولىدۇ.

(3) ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ، ھامىلدار ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپ، تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ.

(4) ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى 4 ئاي 10 كۈندۇر. ئەگەر بۇ ئايال ھامىلدار بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولىدۇ.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماستىن، ياكى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ھايات قالغان بۇ ئايال ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇش لازىم كەلمەيدۇ.

ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. ئىددەتتىن چىقمىغان ئايالغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.

1230. سوئال: زىنا قىلغان ئايال ئەرگە تېگىشى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى كېرەكمۇ؟

جاۋاب: باشقىسى بىلەن زىنا قىلغان ئايالنىڭ باشقا بىرىگە نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى مەسىلىسىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان. بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا دەپ قارايدىغىنىمىز، ھەنەفىي، شافىئىي ۋە سەۋرى مەزھەبلىرىنىڭ زىنا قىلغان ئايالنىڭ، زىنادىن ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، دېگەن كۆز قارىشىدۇر. بۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى قاتارلىق كاتتا خەلىپىلەرنىڭ رەيىدۇر.

چۈنكى ئىددەت تۇتۇشتىن مەقسەت نەسەبنى ئارىلىشىپ كېتىشتىن قوغداش ۋە ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنى تازىلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئايالنىڭ ئېغىر ئاياق ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى پەرز. ھالبۇكى زىنادىن نەسەب سابىت بولمايدۇ. شۇڭا زىنادىن ئىددەت تۇتۇلمايدۇ[1].

(1) دكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرى،3-توم،624-بەتتىن ئېلىندى.

## ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

1231. سوئال: دىيانەتلىك ئۆسكەن قىزلارنى ناماز ئوقۇمايدىغان، دىيانەتتىن يىراق ئۆسكەن كىشىلەرگە ياتلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنى تونۇپ، دىيانەت بىلە ئەخلاقلانغان ۋە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان قىزلارنى دىيانەتسىز، ناماز ئوقۇمايدىغان ئەرلەرنىڭ بايلىقنى ياكى ئابرۇيىنى ياكى مەنسىپىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇلارغا ياتلىق قىلىش خاتادۇر. چۈنكى ئايال كىشىلەر ئومۇمەن ئېرىنىڭ مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئاۋامنىڭ "ئايال كىشىنىڭ مەزھىبى يوق" دېگەن سۆزىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولسا كېرەك. مۇسۇلمان ئاياللىرىنى غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ئىدى.

ئوغۇللىرىمۇ ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىغان ئۆزى پارقىراق، كۆڭلى قارا، دىيانەتسىز گۈزەللەرگە ئۆيلەندۈرمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلغان ئاتا ـ ئانا بۇ خاتالىقنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر قىز ـ ئوغۇللار شۇنداقلارنى تاللىغان بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى ۋە رەت قىلىشى لازىم. گەرچە باللار ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق ۋە بىلىم سەۋىيىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەجرىبىسىگە ۋە يول كۆرستىشىگە ھەر زامان مۇھتاجدۇر. چۈنكى ياشلار كۆپرەك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش كۆرىدۇ. قىز ـ ئوغۇللار بۇ ماۋزۇدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلىشى كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ھېچ قانداق بىر ئاتا ياكى ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالىمايدۇ.

1232. سوئال: ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا، بىراۋ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىسى ئۆيلەنمەكچى بولسا، بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھى چۈشمەيدۇ ، دەيدىغان چۈشەنچە بار، بۇنىڭ دىنىمىزدا ئاساسى بارمۇ؟

جاۋاب: ئاز ساندىكى ئالىملار بۇنداق نىكاھنى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقا كۆپ سانلىق ئالىملار نىكاھلىنىشنىڭ شەرتلىرى (يەنى قىز ـ يىگىتنىڭ رازىلىقى، گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى قاتارلىق شەرتلىرى) تولۇق بولغان ئىكەن، بۇنداق نىكاھ دۇرۇس ۋە چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا: زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى

مۇشرىككىلا تېگىدۇ [1] دېگەن. بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زىنا قىلغۇچى ئەر بىلەن زىنا قىلغۇچى ئايال بىر ـ بىرى بىلەن بولسۇن ياكى باشقىسى بىلەن بولسۇن نىكاھىنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇش شەرتى بىلەن نىكاھلىنالايدۇ. بەلكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى، بىر ـ بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەنلا ئۆيلىنىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ.

1233. سوئال: ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر ـ ئايالنىڭ بۇ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ قىلغان زىناسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت (يەنى كەچۈرۈم) سانىلامدۇ؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلغان زىناسىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كاپارەت سانالمايدۇ. بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى لازىم. ئۇلار زىنادىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، ھارامدىن ساقلىنىش ساۋاپلىق ئىشتۇر. ئەمما زىنا قىلىشقان ۋاقىتتا ئۇلاردىن تۆرەلگەن بالا ئۇلارغا مەنسۇپ بولىۋېرىدۇ.

1234. سوئال: ئادەت ياكى تۇغۇتنىڭ ئۆزرىسى سەۋەبلىك ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ، ئايرىم يېتىۋېلىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق بولغان ھاللىرىدىمۇ، (كىيىمنى يەشمەستىن) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىش، بىرگە كۆڭۈل ئېچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا يېقىنچىلىقلارنى قىلىش ھەققى بار. مۇنداق قىلىش ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ياخشى. ئەمما ئەر ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى ئىدارە قىلالماستىن، مەنئى قىلىنغان ئىشنى ئىشلەپ قويۇشتىن قورقسا بىرگە ياتمىغىنى ۋە ئايالىغا ئارتۇقچە يېقىنلاشمىغىنى ياخشى. شۇنداقتىمۇ ئايالىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كېتىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئايال ئېرىنىڭ يېنىدا بولىشقا، ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزىگە ۋە مۇھەببىتىگە ھەمىشە مۇھتاج.

1235. سوئال: ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىپ بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشى ئۈچۈن كاپارەت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى بۇ ھالەتتە گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئىشنى زورلۇق بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئېرىلا گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت (ماددىي جازا)

---

(1) نۇر سۈرىسى 3 ـ ئايەت

توغرۇلۇق بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا كاپارەت يوق، پەقەت تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ، دېسە، بەزى ئالىملار تەۋبە بىلەن كاپارەت بىرگە لازىم كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ گۇناھنى ئىشلىگەن كىشى تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە مال دۇنياسىدىن ئۆزى خالىغان مىقداردا سەدىقە بېرىپ كاپارىتىنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

1236. سوئال: ئەر خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىش ئۈچۈن جىنسىي فىلىملەرنى كۆرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: مەيلى قايسى سەۋەب بىلەن بولسۇن جىنسىي فىلىملەرنى كۆرۈش شەكسىز ھارامدۇر. چۈنكى ئەر - ئايال بولمىغان ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بىلەن قەتئىي ھارام بولغان يەردە، فىلىملاردا بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇچۇق بەدەنلىرىگە قاراش قانداقمۇ جائىز بولسۇن؟! بەزىلەر فىلىم دېگەن رەسىم ۋە خىيالدىن ئىبارەت نەرسە بولغاچقا، ئۇنى كۆرسە بولامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن ، ئەمما فىلىم رەسىم بولسىمۇ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز سۈرىتىدۇر. ئۇ خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ئەينەن سۈرەتتۇر. شۇڭا ئۇنى كۆرۈشنىڭ ھاراملىقىدا شەك يوق.

1237. سوئال: ئۆيلىنىشكە پۇتۇشكەن قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك قىزنى ئېلىپ قېچىش توغرا بولامدۇ؟

جاۋاب: قىزلار قائىدە-يوسۇن بويىچە ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىدىن سوراپ ئېلىنىدۇ. قىزلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ قېچىش توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلىش گەرچە نىكاھنىڭ شەرتلىرىگە نوقسان يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە تەلىماتىغا خىلاپ ئىشتۇر. قىزلارنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىش دىنىمىزنىڭ ئەخلاقى.

1238. سوئال: ئۆيلىنىشكە شەرت - شارائىتى يار بەرمىگەنلەر ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، روزا تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى روزا تۇتۇش جىنسىي شەھۋەتنى ئازايتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەي ياشلار جامائەسى! ئۆيلىنىشكە قۇدرىتىڭلار يەتكەنلەر ئۆيلىنىڭلار، ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمىگەنلەر روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ» مۇندىن باشقا چارىلەرمۇ بار، مەسىلەن: نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىق، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىش، جىنسىي ھېكايە، ژۇرناللارنى ئوقۇماسلىق ۋە جىنسىي فىلىملارنى كۆرمەسلىك، ئەڭ مۇھىمى پىكىر - خىيالنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىش، ئاياللار توغرۇلۇق ئويلانماسلىق قاتارلىقلار ئۇلارغا سەۋر

ــ تاقەت ئاتا قىلىدۇ.

1239. سوئال: قىز ـ يىگىتلەر ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئىملداش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئىملداش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان نىكاھتىن ئايرىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىملداش ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئۆتكۈزگەن ئەر ـ خوتۇنچىلىقى ئۇچۇن گۇناھ بولمىسىمۇ، بىلگەندىن كېيىن نىكاھى بۇزۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىملداش ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىل ــ ئىسپاتلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىنمۇ، نىكاھتىن ئايرىلماي داۋام قىلىۋەرسە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى زىنا قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ ئىملداش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋاقتىلىرىدىكى تاپقان باللىرى زىنا باللىرى ھېسابلانمايدۇ.

1240. سوئال: ئەرنىڭ ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشتىن مەنئى قىلىش ھوقۇقى بارمۇ ؟

جاۋاب: ئائىلىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىگەن ئەر تۇرمۇشىنى قامداش ئىمكانىيىتى يېتەرلىك بولۇپ، ماددىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالمايدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشكە چىقارماستىن، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى ئۆزى قامدايدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىش ئەرنىڭ يالغۇز مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى نورمال دەرىجىدە قامداپ بېرەلمىگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئايالىنى سىرتتا، ئۆزىگە مۇناسىپ، شەرەپلىك ئىشتا ئىشلەشتىن توسالمايدۇ.

1241. سوئال: بەزى ئاياللار تىرناقلىرىنى بويىۋالىدۇ، بۇ بوياق ئۇلارنىڭ تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسلى قىلىشىغا توسقۇن بولامدۇ؟

جاۋاب: تىرناقلاردىكى بوياقلار تاھارەت ۋە غۇسلىغا ئەلۋەتتە توسقۇن بولىدۇ. چۈنكى تاھارەت ۋە غۇسلىدا سۇنى يۇيۇلغان ئەزالارنىڭ ھەممىسىگە ئۆتكۈزۈش شەرتتۇر. ھالبۇكى، تىرناقلىرىنى بويىۋالغان ئايال تاھارەت ئالسا ياكى يۇيۇنسا سۇ ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا ئۆتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار تاھارەت ئېلىش ياكى غوسلە قىلىشتىن بۇرۇن تىرناقلىرىدىكى بوياقلىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ بولۇپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىشى ياكى يۇيۇنۇشى كېرەك.

1242. سوئال: تۇغۇلماقچى بولغان بالىنىڭ كەمتۈك تۇغۇلىدىغانلىقى دوختۇرلار تەرىپىدىن بىلىنسە، ئۇنى چۈشۈرىۋېتىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: گەرچە بالىنىڭ كەمتۈك تۇغۇلىدىغانلىقى بايقالغان بولسىمۇ، ئۇنى چۈشۈرىۋېتىش بىر جانغا جىنايەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنى خۇددى بىجىرىم تۇغۇلىدىغان بالىنى كۆتىۋالغاندەك، كۆتىۋېلىش، قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش كېرەك.

1243. سوئال: ئەر - ئاياللار تۇرمۇشتا بەختلىك بولالمىغانلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئاجراشقاندا، ئەرنىڭ ئايالىغا بۇرۇن بەرگەن تويلۇقى ياكى مەھرىدىن بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشى ياكى تەلەپ قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: ئەرنىڭ ئايالىغا بەرگەن نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىشى ياكى ئۇنى تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايالىغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۇنىڭغا نىكاھنىڭ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن ھەقتۇر. ئاجراشقان سەۋەبتىن ئۇنى ئېلىۋېلىش ياكى ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە زورلاپ ئايالىنىڭ خېتىنى بەرمەي ئارقىغا سوزۇشمۇ ھەددىدىن ئاشقان نامەرتلىك ۋە چۈپەيلىكتۇر. ئاياللار ئاجىز ۋە شەپقەتكە ئېھتىياجلىق بىر جىنس. ئۇلارغا شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. ئەگەر ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھېچبىر زورلۇقسىز ھالدا، تويلۇقتىن ياكى مەھرىدىن بىر قىسىم نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، ئۇنى ئالسا بولىدۇ. ئەخلاقلىق كىشىلەر ئۆچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىشمۇ ئۇيغۇن تۇختىمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىراۋغا بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغانلىقنى ئۆكۈرگەن ئۆكۈرۈكىنى قايتا ئاغزىغا ئالغانغا ئوخشىتىپ ئەيىبلىگەن.

1244. سوئال: ئايال بېشىنى يۆگەش نىيىتىدە چېچىنىڭ ئۈستىگە ياسما چاچ كىيىۋالسا، بۇ ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىسلامىي قىياپەتتىكى رومال قاتارىغا كىرەمدۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ بېشىغا چاچ كىيىۋېلىشى ئىسلامىي رومال قاتارىغا كىرمەيدۇ. يەھۇدىي ئاياللىرى شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامىي قىياپەتتىكى رومال ئارتىپ بېشىنى ئۇنىڭ بىلەن يۆگىسە، شۇ ۋاقىتتىلا ئۇ، ئىسلامىي رومال ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بېشى ئوچۇقلا تۇرىدىكەن، ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

## ۋەسىيەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1245. سوئال: ۋەسىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىيەت ـ بىراۋ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەسەررۇپ قىلىشقا تاپشۇرۇشى دېگەنلىك بولۇپ، ۋەسىيەت ئۆلگۈچىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن قەرزىسى بولسا تۆلەش ياكى ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن، بىراۋغا بىر نەرسە بېرىش ياكى ئومۇمغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ.

ئىنسان ھايات بولغان مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق نەرسىلىرىنى تەسەررۇپ قىلىش ھەققىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئۈزۈلگەن ۋە ۋەسىيەت قىلغان نەرسىلىرىدىن باشقا پۈتۈن ئىگىدارچىلىقى ۋارىسلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولىدۇ.

1246. سوئال: ۋەسىيەت قاچان ئورۇندىلىدۇ؟

جاۋاب: ۋەسىيەت مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن ئاۋۋال ئورۇندىلىدۇ.

### ۋەسىيەت قىلغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر

1247. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن بىرى بولۇشى،

(2) ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى،

(3) ۋەسىيەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان بولۇشى،

(4) ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشى،

(5) ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھالال نەرسىلەردىن بولۇشى.

1248. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز، يەنە بىرى، مۇستەھەبتۇر.

1249. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ۋەسىيەت قىلىش پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۈستىدە بىراۋغا تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز ياكى بېرەلمىگەن زاكات بولسا، مۇنداق كىشىنىڭ بۇ ماۋزۇدا ۋەسىيەت قىلىشى ۋە ۋەسىيەتنى ھۆججەت قىلىپ يازدۇرۇپ قالدۇرۇشى پەرزدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلمىغاندا ھەق ـ ھوقۇقلار جايىغا

تەگمىگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قانداقلا بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەسىيەت قىلىدىغان بىرەر ئىشى بولۇپ، ۋەسىيەت ھۆججىتىنى تاماملىماستىن بىر كېچىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكۈزۈشى جائىز ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

1250. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ۋەسىيەت قىلىش مۇستەھەب (ساۋابلىق) بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۈستىدە قەرز ياكى بېرەلمىگەن زاكات قالمىغان كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن بىر قىسمىنى خالىسانە ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش ياكى مىراسخورلىرىنىڭ سىرتىدىكى مەلۇم شەخسلەرگە بېرىش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئەمما ۋارىسلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش تەرىقىسىدە ۋەسىيەت قىلىش ھارامدۇر.

1251. سوئال: ۋەسىيەتنى كىملەرگە قىلىشقا بولمايدۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىدىن بىرەرسىگە ياكى بىر قانچىسىغا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن، تېگىشلىك مىراستىن تاشقىرى ئارتۇق بىر نەرسە بېرىلىشىنى ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس. مۇنداق ۋەسىيەت يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئەگەر باشقا ۋارىسلار بۇ ۋەسىيەتنى يۈرگۈزۈشكە رازى بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ مەزكۇر ۋارىسلارنىڭ ھەدىيەسى ياكى ياردىمى سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ساۋابى ۋە پايدىسى

1252. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ قانداق ساۋابى بار؟

جاۋاب: ۋەسىيەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەت قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن بىرى بولۇپ، مۇكاپاتى قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان، ساۋابى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىپ تۇرىدىغان، كىشىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەلى ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابىلا داۋام قىلىدۇ. ئۇلار: سەدىقە جارىيە (داۋام قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئىش)، پايدىلىق ئىلىم، ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت»[2] دەپ كۆرسەتكەن. يەنى ئادەم ئۆلۈشتىن بۇرۇن يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى ياكى بۇلاردىن بىرەرسىنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ۋەسىيەتلىرىنى قىلغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئۇ سۈننەت

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

يولىدا، تەقۋالىقتا ۋە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ»[1] دەپ كەلگەن.

1253. سوئال: ۋەسىيەت قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: ۋەسىيەتنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنۇلار:

(1) ھەق ـ ھوقۇقلارنى زايە بولۇشتىن قوغداش. چۈنكى ۋەسىيەت قىلغان ئادەم ئۇستىدە باشقىلارغا بېرىشكە تېگىشلىك ياكى ئۇلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەقلەرنى ياكى ئۆزىدە قويۇلغان ئامانەت بولسا ياكى بېرىلمىگەن زاكات بولسا ياكى ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەنىۋى مەنپەئەتلەر بولسا، ئۇلارنى بايان قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەق-ھوقۇقلار ئۆز جايلىرىغا يەتكەن بولىدۇ.

(2) مەسجىد بىنا قىلىش ياكى دوختۇرخانا سېلىش ياكى مەكتەب، مەدرىسە ئېچىشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئادەم تا قىيامەتكىچە بۇ ياخشى ئىشى ئۈچۈن ساۋابتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئومۇم خەلق بۇ ياخشى ئىشلارنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

(3) كەمبەغەللەرنىڭ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى قامداشنى ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئادەم ئۇلارنى دەرتتىن چىقارغان، ئاخىرەتتە ساۋابىنى كۆرگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھاياتىدىن كېيىن ئورۇندىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغان ئادەم بۇ ۋەسىيىتى ئۈچۈن كۆپ ساۋاب قازىنىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر ۋە كىشىلەرنىڭ ياخشى دۇئالىرىغا سازاۋەر بولىدۇ.

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

## مىراس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1254. سوئال: تەرىكە دېگەن نېمە؟
جاۋاب: بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قالدۇرغان مال ـ دۇنيا ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسىسى «مىراس» ياكى «تەرىكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

### تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار

1255. سوئال: تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار قايسىلار؟
جاۋاب: تەرىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار تۆۋەندىكىلەر بولۇپ، مۇنۇ تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ:
(1) مېيىتنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يۇيۇپ. تاراش، كېپەنلەش ۋە دەپنە قىلىشقا قەدەر بولغان پۈتۈن چىقىملار ئۇچۇن مېيىتنىڭ تەرىكىسىدىن ئىسراپ ياكى كەم قىلماستىن قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.
(2) مېيىتنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.
(3) مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش. مېيىتتىن مىراس ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ۋارىسلىرىغا مىراس سىرتىدا پۇل ـ مال بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس، ئەگەر ۋەسىيەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئەمما مېيىت ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ سىرتىدا بىراۋغا پۇل ـ مىلىدىن بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ مېيىتنىڭ تەرىكىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىق شەرتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.
(4) قالغان تەرىكە ۋارىسلار ئوتتۇرىسىدا شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

### مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

1256. سوئال: مىراس ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: ئىككى سەۋەب بىلەن كىشىلەر بىر. بىرىدىن مىراس ئالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى نەسەب، يەنە بىرى نىكاھتۇر.
1257. سوئال: نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار كىملەر؟
جاۋاب: نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار. مېيىتنىڭ بالىلىرى،

نەۋرىلىرى، بىر تۇغقانلىرى، بىر تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى، ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىلىرى، دادا تەرەپ تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى قاتارلىق يېقىن تۇغقانلىرىدۇر.

1258. سوئال: نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: نىكاھ سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغانلار ئەر ـ خوتۇنلار بولۇپ، بىراۋ بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ تېخى ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويماستىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، هايات قالغىنى ئۆلگەن جورىسىدىن مىراس ئالىدۇ.

## مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار

1259. سوئال: مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراس ئېلىشتىن مەنئى قىلىنىدىغانلار ئىككى خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) مىراس قالدۇرغۇچىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، يەنى بىراۋ ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مىراسىغا ئىگە بولالايدىغان كىشىلىرىدىن بىرەرسىنى (تۇغقىنىنى ياكى جورىسىنى) قەستەن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە: «قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرگەن كىشىسىنىڭ مىراسىدىن ھېچ نەرسە ئالالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(2) ھېيت بىلەن ۋارىسىنىڭ بىر دىندا بولماسلىقى يەنى مىراس قالدۇرغۇچى ھېيت مۇسۇلمان، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس ياكى مىراس قالدۇرغۇچى مۇسۇلمان ئەمەس، مىراس ئالغۇچى مۇسۇلمان بولسا، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ھەدىستە: «كاپىر مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كىشىمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

1260. سوئال: مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مىراس ئېلىشنىڭ شەرتلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

(1) مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆلگەن ياكى ئۆلگەنلىكىگە ھۆكۈم

---

(1) ئىبنى ئابدۇلبىر رىۋايىتى

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قىلىنغان بولىشى. مەسىلەن: ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئادەمگە «ئۆلدى» دەپ رەسمىي مەھكىمىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى تىرىك ئادەمنىڭ مىراسى تەقسىم قىلىنمايدۇ.

(2) مىراس قالدۇرغۇچى ئۆلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋارىسنىڭ ھايات بولىشى. چۈنكى مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بوۋىسىنىڭ تەرىكىسىدىن ئاتىسىنىڭ مىراسى سۈپىتىدە مىراس ئالالمىغىنىغا ئوخشاش. ئەمما ئۇلارنىڭ نەۋرە سۈپىتى بىلەن مىراس ئېلىشى باشقا مەسىلە.

## قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرى

1261. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى مىراس ئايەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مىراس مەسىلىسى ئىنسانلار ئۇنى تالىشىپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگىچە يېتىدىغان پۇل-مال مەسىلىسى ئىكەنلىكى ۋە ھەق-ھوقۇق مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مىراس تەقسىماتىنى ئاللاھ تائالا بىۋاستە ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن. مىراس ئايەتلىرى مۇنۇ ئايەتلەردۇر:

(1) ئاللاھ باللىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يەنە) بىر تۇغقانلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا -ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن

ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1].

(2) ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر بىر تۇغقىنى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) بىر تۇغقانلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولىشى كېرەك. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [2].

(3) (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، " ئاللاھ ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكەنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ (يەنى مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)، ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرەكەنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ، ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ

---

(1) نىسا سۈرىسى 11. ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 12. ئايەتلەر

بېرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر” [1].

**بىر ئەرگە ئىككى ئاياللىڭ ھەسسىسىنى بېرىشنىڭ ھېكمىتى**

1262. سوئال: نېمە ئۈچۈن بىر ئەرگە ئىككى ئاياللىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: بەزىلەر ” نېمە ئۈچۈن ئايالغا ئەرنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ؟ بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟” دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان، ھېكمەتلىك ھەم توغرا ئىش قىلىدىغان يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. بۇنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

ئىسلامدىكى مىراس مەسىلىسى ئائىلە نىزامىغا باغلىق بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئايال مۇنۇ تۆت خىل ئاياللىڭ بىرى بولىدۇ: ياكى شۇ ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقىمۇ پۈتۈن چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى بولسا، ئۇنىڭ چىقىملىرى ”نەپىقە” دەپ ئاتىلىپ ئېرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلە ئىچىدە ئانا بولۇپ (يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ئانىسى بولۇپ) ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ياكى جورىسى ياكى بالىسى بولمىغانلىقتىن، شۇ كىشىنىڭ رىئايىتى ئاستىدا تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرى شۇ ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئېرى يوق، ئوغلىمۇ يوق، ئاتىسىمۇ يوق، قېرىندىشى ھەم يوق ئايال كىشىنىڭ چىقىملىرى ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىمۇ بولمىسا، بۇ ئاياللىڭ ھاياتى مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتىكى پۈتۈن چىقىملىرى ئەرلەر تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ باشقىلارغا چىقىم قىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن،

---

(1) نىسا سۈرىسى 176- ئايەت

ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ چىقىم قىلىشلىرى لازىم كەلمەيدۇ. بەلكى ھەممىنى ئەرلەر قامدايدۇ.

ئەمدى ئەرلەرگە كەلسەك، ئوغۇل بالا قولى ئىشقا تەككەندىن باشلاپ ئۆينىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا ئاتىسىغا ياردەملىشىدۇ. ئېغىر ئىشلار ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئۆيلىنىپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ چىقىملىرى يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسى بولمىسا، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى بېقىشى، ئاتا ـ ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ياشىنىپ قالغان، كىرىمى يوق ھالەتتە بولسا، ئۇلارنى ياخشى بېقىشى، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى لازىم كېلىدۇ. دېمەك، ئائىلە ھاياتىدىكى بارلىق چىقىم ـ خىراجەتلەر قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، پەقەتلا ئەر كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ مىراس قانۇنى بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئادالەتلىك تەقسىمات ئەمەسمۇ؟!

## قۇرئان كەرىمدە مىراس ئېلىشى بەلگىلەنگەنلەر

1263. سوئال: يۇقىرىقى مىراس ئايەتلىرىدە مىراس ئېلىشى بېكىتىلگەن شەخسلەر كىملەر؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئارقىلىق مىراس ئېلىشى بېكىتىلگەن شەخسلەر تۆۋەندىكى 6 خىل شەخستۇر:

(1) مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار
(2) مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار
(3) مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغانلار
(4) مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار
(5) مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار
(6) مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار

### مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار

1264. سوئال: مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغانلار بىرى ئەر، تۆتى ئايال بولۇپ، تۆۋەندىكى 5 خىل شەخستۇر:

(1) پەرزەنتى يوق ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، يەنى ئۆلگۈچى ئايالنىڭ بالىسى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ ئېرى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىر قىزىدىن باشقا ئوغۇل ياكى قىز ھېچقانداق پەرزەنتى بولمىسا، مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى شۇ قىز ئالىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ شۇ بىرلا قىز نەۋرىسىدىن باشقا پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى شۇ قىز نەۋرە ئالىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ ئايال بىر تۇغقىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىرلا ئايال بىر تۇغقىنىدىن باشقا ئاتا ـ ئانىسى ياكى بىر تۇغقىنى ياكى پەرزەنتى ۋە ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى بۇ ھەمشىرىسى ئالىدۇ.

(5) ئۆلگۈچىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ئايال بىر تۇغقىنى ، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بۇ بىرلا ھەمشىرىسىدىن باشقا ئاتا ـ ئانىسى ياكى بىر تۇغقانلىرى ياكى پەرزەنتلىرى ياكى نەۋرىلىرى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ شۇ ئايال ھەمسىرىسى مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئالىدۇ.

**مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار**

1265. سوئال: مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغانلار پەقەت ئىككى خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) پەرزەنتى بار ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، يەنى ئۆلگۈچى ئايالنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ياكى مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بىرەر نەۋرىسى بار بولغان شارائىتتا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) پەرزەنتى يوق ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى، يەنى ئۆلگۈچى ئەرنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ياكى مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بىرەر نەۋرىسى يوق بولغان شارائىتتا، ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ.

**مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان كىشى**

1266. سوئال: مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان كىم؟

جاۋاب: مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدىغان پەقەت بىرلا شەخس بولۇپ، ئۇ ئۆلگۈچىدىن پەرزەنت ياكى مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن بىرەر نەۋرە بىلەن قالغان ئايالدۇر. ئۆلگۈچىنىڭ بىردىن كۆپ ئايالى بولسا، مەزكۇر سەككىزدىن بىرىنى ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن ئۈلشىدۇ.

**مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار**

1267. سوئال: مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدىغانلار تۆۋەندىكى 4 خىل شەخستۇر:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ قىزلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىزى بولۇپ، ئوغلى بولمىسا، بۇ قىزلار ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۇلار ئۆز ئارىسدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىدىن بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قىز نەۋرىلىرى بولۇپ، ئوغلى ياكى باشقا باللىرى ياكى ئوغۇل نەۋرىلىرى بولمىسا، بۇ قىز نەۋرىلەر ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۇلار ئۆز ئارىسدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ ھەمشىرىلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ھەمشىرىلىرى بولۇپ، قىز ياكى ئوغۇل بىرەر پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا ياكى ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ئوغۇل بىر تۇغقىنىمۇ

بولمىسا، بۇ ھەمشىرىلەر ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۇلار ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر ھەمشىرىلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئاتا بىر ھەمشىرىلىرى بولۇپ، قىز ياكى ئوغۇل بىرەر پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا، ئاتا بىر ئوغۇل بىر تۇغقىنى ياكى ئاتا ۋە ئانا بىر ھەمشىرىلىرىمۇ بولمىسا، بۇ ئاتا بىر ھەمشىرىلەر ھەممە بىرلىكتە مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۇلار ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

**مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار**

1268. سوئال: مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغانلار تۆۋەندىكى 2 خىل كىشىدۇر:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىدىن بولغان بىرەر نەۋرىسى ياكى بىردىن ئارتۇق قېرىندىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئانا بىر بىر تۇغقانلىرى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىردىن ئارتۇق ئانا تەرەپ بىر تۇغقانلىرى بولۇپ، ئاتىسى ياكى باللىرى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ بۇ ئانا بىر بىر تۇغقانلىرى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۇلار ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن بۆلۈشىدۇ.

1269. سوئال: ئانا قايسى ھالەتتە مىراستىن قالغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەسلى قائىدە بويىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ئىككىسىلا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىدىن بولغان بىرەر نەۋرىسى ياكى بىردىن ئارتۇق قېرىندىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ئانىسى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ)». ئەمما بۇ ماۋزۇدا ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن ئۆلىما ساھابىلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە بېكىتكەن ئىككى مەسىلە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئەمەس، بەلكى مىراستىن قالغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، دادىسى ۋە ئانىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى، ئانىسى قالغان يېرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، دادىسى بۇ ئىككىسىدىن قالغىنىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى مىراسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئانىسى تۆتتىن بىرىدىن قالغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى، دادىسى قالغاننىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ.

## مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار

1270. سوئال: مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغانلار ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى، دادىسىنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئانىسى، ئوغلىنىڭ قىزى، دادا بىر ھەمشىرىسى، ئانا بىر بىر تۇغقىنى قاتارلىق 7 خىل كىشى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتى ياكى نەۋرىسى بولسا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(2) ئۆلگۈچىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن چوڭ دادىسى دادىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى 3 مەسىلىدە ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ:

① ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا بىر ۋە ئانا بىر ياكى ئاتا بىر بىر تۇغقانلىرى دادىسى بار بولغان ھالەتتە مىراس ئالالمايدۇ. لېكىن چوڭ دادىسى بار ھالەتتە ئالالايدۇ. بۇ شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەبلىرىنىڭ قارىشى. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، مەزكۇر بىر تۇغقانلار چوڭ دادىسى بار ھالەتتىمۇ مىراس ئالالمايدۇ.

② ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ۋارىسلىرى بولمىسا، ئانىسى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئېرى يېرىمىنى ئېلىپ بولغان مىراستىن قالغاننىڭ) ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ ئورنىدا چوڭ دادىسى بولسا، ئانىسى پۈتۈن تەرىكەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

③ ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە دادىسىلا بولۇپ، باشقا ۋارىسى بولمىسا، ئانىسى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئېرى يېرىمىنى ئېلىپ بولغان مىراستىن قالغاننىڭ) ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ ئورنىدا چوڭ دادىسى بولسا، ئانىسى پۈتۈن تەرىكەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

(3) ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بالىسى ياكى ئوغلىنىڭ بالىسى ياكى بىردىن كۆپ قېرىنداشى بولسا (مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى بىر دادا ۋە بىر ئانىدىن، مەيلى بىر ئانىدىن ياكى بىر دادىدىن بولغان بولسۇن)، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(4) ئۆلگۈچىنىڭ چوڭ ئانىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى بولمىسا، ئۇنىڭ چوڭ

ئانىسى مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. دەرىجە جەھەتتە ئوخشاش بولغان (ئانىسىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش) بىردىن كۆپ چوڭ ئانىلار بولسا، بۇ چوڭ ئانىلار مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئۆز ئارىسىدا تەڭدىن ئۈلۈشىدۇ.

(5) ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ھاياتتا بولمىغان بىر ئوغلىنىڭ بىر ياكى بىردىن كۆپ قىزى بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆز قىزى مىراسنىڭ تەڭ يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزى ياكى قىزلىرى مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(6) ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ھەمشىرىسى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ئانا بىر ھەمشىرىسى بىلەن دادا بىر بىر ياكى بىردىن كۆپ ھەمشىرىسى بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ دادا بىر ئانا بىر ھەمشىرىسى مىراسىنىڭ تەڭ يېرىمىنى، دادا بىر ھەمشىرىسى (ياكى ھەمشىرىلىرى بىرلىكتە) مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(7) ئۆلگۈچىنىڭ ئانا بىر بىر تۇغقىنى، يەنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ياكى چوڭ دادىسى، بالىسى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئۇنىڭ بىرلا ئانا بىر بىر تۇغقىنى بولسا، شۇ بىر تۇغقىنى مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

# ۋەقىپ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1271. سوئال: ۋەقىپ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەقىپ ــ ئىگىدارچىلىقنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ياخشىلىق يوللىرىدىن مۇئەييەن بىر تەرەپكە ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ئاتىۋېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان «سەدىقە جارىيە» ئەمەللىرىدىن بىرىدۇر.

## ۋەقىپ قىلىشنىڭ شەرتى

1272. سوئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ۋەقىپ قىلىشنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن بولۇشى،

(2) ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ئەقلى ــ ھوشى جايىدا بولۇشى،

(3) ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ۋەقىپنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىشى،

(4) ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ ۋەقىپ قىلىدىغان نەرسىگە ئىگە بولۇشى،

(5) ۋەقىپ قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ مۇئەييەن بولۇشى،

(6) ۋەقىپ سەۋەبلىك ھەق ئىگىسىگە (ياكى ۋارىسلىرىغا) زىيان يەتمەسلىكى،

(7) ھارام نەرسىنى ۋەقىپ قىلماسلىق ياكى ھارام ئىش قىلىدىغان ئورۇنغا ۋەقىپ قىلماسلىق. مەسىلەن: ھاراق ياكى چوشقىغا ئوخشاش ھارام نەرسىلەرنى ۋەقىپ قىلغانغا ياكى قاۋاقخانىغا، تانسىخانىغا ياكى دىنسىزلىقنى، ئەخلاقسىزلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورۇنلارغا بىر نەرسە ۋەقىپ قىلغانغا ئوخشاش.

## ۋەقىپنىڭ تۈرلىرى

1273. سوئال: قانچە تۈرلۈك ۋەقىپ بار؟

جاۋاب: ۋەقىپ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، خەيرىيەت ۋەقپىسى، يەنە بىرى، ئەۋلاد ۋەقپىسىدۇر.

1274. سوئال: خەيرىيەت ۋەقپىسى دېگەن قايسى؟

جاۋاب: خەيرىيەت ۋەقپىسى ــ مۇجاھىدلارنىڭ، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ، يولدا قالغان مۇساپىرلارنىڭ، پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ياكى مەسجىد، مەكتەپ، مەدرىسە، دوختۇرخانا، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، قۇدۇق قېزىشقا ئوخشىغان ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئاتاپ قىلىنغان

ۋەقپېتۇر.

1275. سوئال: ئەۋلاد ۋەقپىسى دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ئەۋلاد ۋەقپىسى ـ ۋەقپ قىلغۇچىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن ۋەقپىسى بولۇپ، بۇ خىلدىكى ۋەقپتىن پايدىلىنىش ۋەقپ قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## ۋەقپ قىلىشنىڭ پايدىسى ۋە پەزىلىتى

1276. سوئال: ۋەقپ قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: ۋەقپىنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) بىراۋنىڭ قىلىپ قويغان ۋەقپىسىدىن كىشىلەر مەنپەئەتلىنىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئېھتىياج ئىگىلىرى، مۇساپىرلا، ئاجىز ـ ئۇرۇقلار، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى كىشىلەر شۇ ۋەقپىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاجەتلىرىنى قامدايدۇ. مەسىلەن: ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشلەردە بارغان بەزى جايلىرىدا بىنالارنى سېتىۋېلىپ ئاللاھ يولىدا ۋەقپ قىلىپ قويغانلىقتىن، ئانا ۋەتەندىن پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق مەملىكەتلەرگە چىققان ھاجىلار، بۇ مەملىكەتلەردە تۇرۇپ قالغان يوقسۇل ئۇيغۇرلار ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى تالىبلار بۇ ۋەقپ بىنالىرىدىن پايدىلانغان ئوخشاش.

(2) ۋەقپىلەر ئومۇمغا مەنپەئەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارغا تۈرتكە بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئىسلام مەملىكەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان مەكتەب، مەدرىسىلەر، دوختۇرخانىلار، كۇتۇپخانىلار، مەسجىدلەر، دارۇل ئەيتاملار، يېقىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك قوراللىرى ۋە كىيىم ـ كېچەك، ھەتتا يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋەقپىلەردىن تەمىن ئېتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ۋەقپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق يوللىرىغا ۋەقپ قىلىۋەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: «پادىشاھ فەيسەل ۋەقپى» ئۇسلامغا خىزمەت قىلغۇچىلارغا ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا مۇكاپات تارقىتىپ كەلمەكتە.

دۇنيادا مال-مۈلكىنى خەيرىيەت ئىشلىرىغا ئاتاپ ۋەقپە قىلىۋەتكەنلەر مۇسۇلمانلارلا ئەمەس. بەلكى غەرب دۇنياسىدا، ئىنسانىيەت تۈيغۇسى بىلەن مال-مۈلكىنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلار ئۈچۈن ۋەقپە قىلىۋەتلەرمۇ كۆپ. نوبېل مۇكاپاتى بۇنىڭ مىسالى.

1277. سوئال: ۋەقىپ قىلىشنىڭ قانداق پەزىلىتى بار؟

جاۋاب: ۋەقىپ قىلىش ــ سەدىقە جارىيە (ساۋابى ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلىپ تۇرىدىغان سەدىقە) نىڭ ئۆزىدۇر. ۋەقىپ قىلغۇچىنىڭ قىلغان ۋەقپىسىدىن كىشىلەر پايدىلانغان مۇددەتچە ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ.

1278. سوئال: ۋەقىپنىڭ شەرتلىرى بولامدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر نەرسىنى ۋەقىپ قىلغۇچى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قانداق كىشىلەر ئۈچۈن يوللۇق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بەزى شەرتلەرنى قەيت قىلىدۇ. بۇ شەرتلەر ۋەقىپنىڭ تەقەززاسىغا ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىشى شەرتى بىلەن كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەكسى ھالدا ئەمەل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، ۋەقىپنى خالىسا ئۆزى ياكى ۋارىسلىرى ساتالايدىغانلىقىنى ياكى يېنىۋالالايدىغانلىقىنى شەرت قىلسا، مۇنداق شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

## رەنە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1279. سوئال: رەنە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رەنە ئەسلىسى «الرهْن» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بۇزۇپ قوللىنىلىشى بولۇپ، رەھنە، گۆرۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رەنە - قەرز ئىگىسىنىڭ قەرز ئالغۇچىدىن قەرزنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەرزنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر.
ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە رەنە ھەققىدە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) رەنە قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى رەنە ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن) [1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قەرز ئىشىنى تۆۋەندىكى ئۈچ يولنىڭ بىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرىغان:

(1) قەرز مۇئامىلىسىنى بۇ مۇئامىلىگە ھازىر بولغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىللە يېزىپ ھۆججەت قىلىپ قالدۇرۇش.

(2) قەرز ھۆججىتىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا كاتىپ ياكى گۇۋاھچى تاپالمىغاندا، خۇسۇسەن سەپەر ئۈستىدە بولغاندا، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشقا كاپالەت قىلىش ئۈچۈن پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسىنى قەرز بەرگۈچىنىڭ يېنىدا رەنە قويۇشى.

(3) قەرز بەرگۈچى قەرز سورىغان ئادەمگە ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن قەرزگە ھۆججەت ياكى گۇۋاھچى تەلەپ قىلماستىن قەرز بەرسە، قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز بەرگەن كىشىنىڭ ئىشەنچىنى سۇيىئىستېمال قىلماستىن، قەرزنى ۋاقتى قەرەلىدە قايتۇرۇشى.

### رەنە مۇئامىلىسىگە يول قويۇشنىڭ سەۋەبى

1280. سوئال: رەنە قويۇش نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 283- ئايەت

جاۋاب: رەنە قويۇش ئالغان قەرزنى ۋاقتىدا قەرەلىدە ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. قەرز تاپشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، رەنە قويۇلغان نەرسە قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

**قەرز رەنىسىنىڭ شەرتى**

1281. سوئال: قەرز رەنىسىنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: قەرز رەنىسىنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ ھازىر بولىشى شەرتتۇر:

(1) رەنە قويغۇچى ۋە ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ھەر ئىككىسىدە بالاغەت يېشىغا يەتكەن بولۇش، ئەقلى ــ ھوشى جايىدا بولۇش ۋە تەسەررۇپتا ئىختىيار ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەت سالاھىيەتنىڭ بولىشى شەرتتۇر.

(2) رەنە قويىدىغان ۋاقىتتا رەنە قويۇلىدىغان نەرسىنىڭ ئېنىق بايان قىلىنىشى. مەسىلەن: "سىزگە مانچىلىك پۇلنى پالانى ۋاقىتقىچە، پالانى نەرسىنى رەنىگە ئېلىش شەرتى بىلەن قەرز بېرىپ تۇردۇم" دېگەنگە ئوخشاش.

(3) رەنىگە قويماقچى بولغان نەرسىنىڭ پۇلغا يارايدىغان ۋە ساتقىلى بولىدىغان نەرسىلەردىن بولىشى.

(4) رەنىگە قويماقچى بولغان نەرسىنىڭ مېۋە ۋە كۆكتاتقا ئوخشاش تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن بولماسلىقى شەرتتۇر.

1282. سوئال: رەنىگە قويۇلغان نەرسىدىن كۆپەيگەن نەرسىلەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: رەنىگە قويۇلغان نەرسىدىن كۆپەيگەن نەرسىلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) رەنىدىن كۆپەيگەن نەرسىلەر تۇخۇم، ھەسەل، سۈت، ئۆينىڭ كىراسى قاتارلىق قويۇلغان رەنىدىن مۇستەقىل نەرسىلەر بولسا، ئۇ رەنە قويغان كىشىنىڭ خالىس ھەققى بولۇپ، رەنە قويغان ئادەم ئۇنى رەنىگە قويغان نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئېلىپ پايدىلىنالايدۇ. ئۇنى قەرز بېرىپ تۇرغۇچى ئىشلىتەلمەيدۇ.

(2) ئەگەر رەنىگە قويۇلغان نەرسىدىن كۆپەيگەن نەرسىلەر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى، ھايۋاننىڭ ئۈستىدىكى يۇڭگە ئوخشاش رەنىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان نەرسىلەردىن بولسا، ئۇ قەرزنى تۆلەپ بولغىچىلىك رەنە بىلەن بىرلىكتە قەرز بەرگۈچىنىڭ يېنىدا قالىدۇ. رەنە قويغۇچى قەرزنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رەنە بىلەن بىرگە قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

**ھارام قىلىنغان رەنە**

1283. سوئال: ھارام قىلىنغان رەنە قايسى؟

جاۋاب: ھارام قىلىنغان رەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) قەرز ئىگىسىنىڭ رەنە ئېلىش بىلەن بىرگە قەرز ئالغۇچىغا بەرگەن قەرزىسىدىن ئېنتايىن ئاز مىقداردا بولسىمۇ ئۆسۈم ئېلىشنى شەرت قىلىشىلىشى بولۇپ، بۇ جازانىخورلۇقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. قەتئىي ھارامدۇر.

(2) قەرز ئىگىسىنىڭ رەنىدىن پايدىلىنىشنى ياكى ئۇنى ئۆستۈرۈپ پايدا ئېلىشنى شەرت قىلىشىلىشى بولۇپ، بۇمۇ جازانىخورلۇقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

(3) قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز بېرىپ تۇرغانلىقى بەدىلىگە قەرز ئالغۇچىدىن قايسىبىر يول بىلەن پايدىلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى قەرز ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتكەن ھالدا، بەدەلسىز بېرىلىدىغان دىنىي ۋە ئىنسانىي ئەمەلدۇر. بەدەلسىز قەرز بېرىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىغانىنىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر.

## ھەجر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1284. سوئال: ھەجر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەجر ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پۇل ـ مېلىدا تەسەررۇپ قىلىش سالاھىيىتى بولمىغان يېتىم بالا، ساراڭ، قەرزگە چۆكۈپ كەتكەن، قىمارۋاز، ئىسراپخور، كېسەلچان قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى پۇل ـ مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەش دېگەنلىك بولۇپ، ھوقۇقلارنىڭ تەسەررۇپ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان تۇغقانلىرى قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق كۆرسەتكەن: ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار. يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر [1].

### سالاھىيەتسىزلەرنى تەسەررۇپتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى

1285. سوئال: يۇقىرىقىلار نېمە ئۈچۈن تەسەررۇپتىن چەكلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ھەق ـ ھوقۇقلارنى زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاشقا ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلىش سالاھىيىتىنى يوقاتقان ئادەمنى ئاسرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئېلىش ياكى سېتىش جەھەتتىكى تەسەررۇپ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان تۇغقانلىرىغا تاپشۇرىدۇ. يېتىم بالا بالاغەتكە يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلالايدىغان،

(1) نىسا سۈرىسى 5-6- ئايەتلەر

تۇرمۇشنى نورمال ھالدا سۈردۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلگىچىلىك ئۇنىڭ ئېلىش ياكى سېتىش ئىشلىرىدىكى تەسەررۇپاتىنى ئۇنىڭ ۋەلىيسى(ئۇنىڭغا كېپىل بولغان تۇغقىنى) قىلىدۇ. ساراڭ ئوڭشالغانغا قەدەر ئۆز مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. قىمارۋازلار، ھاراقنى بېرىلىپ قاۋاقخانىدىن چىقمايدىغانلار، ئاق چېكىدىغانلار، قەرزگە پېتىپ كەتكەنلەر، كىيىملىكتىن بىرەر ئىش بىجىرەلمەيدىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پۇل - مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشتىن مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەسەررۇپ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى (ۋەلىيلىرى) قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈندۇر.

**تەسەررۇپى چەكلەنگەنلەرنىڭ ئىشلىرى**

1286. سوئال: تەسەررۇپى چەكلەنگەنلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرى رەت قىلىنامدۇ؟

جاۋاب: تەسەررۇپى چەكلەنگەنلەرنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان نىكاھ ۋە تالاققا ئوخشاش ئىشلىرى بىكار قىلىنمايدۇ، يەنى قىلغىنى ھېساپ قىلىنىدۇ ۋە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەمما پۇل - مېلىدىن باشقىلارغا قەرزگە بېرىش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، ياخشىلىق ئورۇنلىرىغا ئاتىۋېتىش قاتارلىق تەسەررۇپاتلىرى - ئەگەر ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان شارائىتتا، - بىكار قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن پەقەت ساراڭلار مۇستەسنادۇر. يەنى ساراڭلارنىڭ قىلغان ھېچقانداق بىر تەسەررۇپى يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

# گۇۋاھلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1287. سوئال: گۇۋاھلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: گۇۋاھلىق پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىسى «شاھادەت»تۇر. مەنىسى بىلگەن نەرسىسىگە ئىقرار قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىكىگە ئوخشاش بىۋاستە ئائىلىغىنىغا ياكى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەردىكىگە ئوخشاش كۆرگىنىگە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئوخشاش كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە ئوخشاش.

## گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنىڭ ھۆكمى

1288. سوئال: گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بىرەر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلاش ياكى بىراۋنىڭ نەسەبىنى ئىسپاتلاش ياكى گۇناھسىز بىرىنى تۆھمەتتىن قۇتقۇزۇش ياكى بىراۋدىن زىياننى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىش زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. بۇنداق ۋاقىتتا گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

ئەمما گۇناھسىز بىراۋنى قارىلاش ياكى بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ياكى بىراۋنىڭ نەسەبىنى رەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىش ھارامدۇر.

## يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭ گۇناھى

1289. سوئال: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ـ بىراۋغا تۆھمەت قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى، دېمىگەن سۆزنى دېدى، دەپ يالغاندىن ئۇنى قارىلاش ياكى گۇۋاھلىقتا ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ئەكسىنى سۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە، گۇناھسىزلارنىڭ قارىلىنىشىغا، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان، كەچۈرۈلگۈسىز، ئەڭ قەبىھ جىنايەتتۇر. بۇنداق جىنايەتنى ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان، رەزىل ئادەملەرلا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى قاتتىق ئازاپ بىلەن تەھدىت قىلغان.

**گۇۋاھلىقنىڭ تۈرلىرى**

1290. سوئال: گۇۋاھلىق نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: گۇۋاھلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئېتىقادتىكى گۇۋاھلىق، يەنە بىرى مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىقتۇر.

1291. سوئال: ئېتىقادتىكى گۇۋاھلىق قايسى؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى گۇۋاھلىق ـ قەلبىدە ئىشەنگەن نەرسىلەرگە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇخىل گۇۋاھلىقتا دىل بىلەن تىل ئىككىسى بىردەك ئىشتىراك قىلىدۇ. دىل چىن ئىمان بىلەن، تىل ئىقرار ۋە ئېتىراپ بىلەن ئىشتىراك قىلىدۇ. شۇڭا قانداقلا بىر ئادەم «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھىي مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىدىكەن، ئۇ مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ.

ئەمما تىل ئىقرار قىلغان بولسىمۇ دىل ئىشەنمىسە بۇ ئىمان ئەمەس، بەلكى نىفاق (ئىككى يۈزلىمىچىلىك) بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: "گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن" دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار (ئىمان دەۋاسىدا) چوقۇم يالغانچىلاردۇر [1]. چۈنكى ئۇلار كۆڭلىدە ئىشەنمىگەن نەرسىلىرىنى تىلىدا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىرەك بولمايدۇ.

1292. سوئال: مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىق قايسى؟

جاۋاب: مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن، ئىشلىرىدىن، سۆيەتلىرىدىن بىلگەنلىرىگە ئەينەن ئىقرار قىلىش دېگەنلىكتۇر.

1293. سوئال: مۇئامىلىدىكى گۇۋاھلىقتىن مەقسەت نېمە؟

جاۋاب: ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەر خىل مۇئامىلىلەردە گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىشتىن مەقسەت ھەق ـ ھوقۇقلارنى ياكى نەسەبنى ياكى نىكاھنى ياكى تالاقنى ياكى ئىددەتنى ياكى مىراسنى ياكى تۆھمەتنى ياكى بىرەر خەۋەرنى ياكى بىرەر مەلۇماتنى ياكى بىرەر ئىشنى ياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئىسپاتلاش ياكى رەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

---

(1) مۇنافىقۇن سۈرىسى 1. ئايەت

**گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى**

1294. سوئال: گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشقا گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسۇلمانغا گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى. غەيرى دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانغا گۇۋاھلىق بېرىشى رەت قىلىنىدۇ. (ھەنەفىي مەزھىبىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا گۇۋاھلىق بېرىشنى دۇرۇس سانايدۇ).

(2) گۇۋاھچىنىڭ ئەقلى ــ ھوشى جايىدا بولغان بىرسى بولۇشى. ساراڭ ياكى نىرۋىسى جايىدا ئەمەس بىرىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(3) گۇۋاھچىنىڭ ئەل ئىچىدە راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان بىرى بولۇشى.

(4) گۇۋاھچىنىڭ ئەل ئىچىدە ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بولۇشى.

(5) گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئادەمنى يامان كۆرىدىغان بىرى بولماسلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىيانەت قىلغۇچىنىڭ بىراۋغا گۇۋاھلىق بېرىشنى، بىراۋغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بىرىنىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشنى ۋە خىزمەتچىنىڭ خوجايىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشنى مەنئى قىلغان.

**گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى**

1295. سوئال: گۇۋاھلىقنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) گۇۋاھلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارغا بېرىش. كۆرمەي تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىشلارغا بېرىلگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەقەت نەسەبنى، نىكاھنى، ئۆلۈمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن گۇۋاھچىنىڭ ئىشەنچلىك ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايالدىن ئېنىق ئاڭلىغانلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

(2) گۇۋاھلىق بېرىشتە «شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن لەۋزى بىلەن بېرىلىشى.

(3) گۇۋاھلىق بېرىشتە، گۇۋاھلىقنىڭ تەلەپ قىلىنغان سان بويىچە بېرىلىشى لازىم، مەسىلەن: بىراۋنى زىنا بىلەن قارىلىغان ئادەم 4 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەنگە ئوخشاش.

**گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغانلار**

1296. سوئال: كىملەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ:

(1) ئاتا ـ ئانىلاردىن بىرەرسىنىڭ بالىلىرىغا ياكى بالىلارنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(2) ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(3) ئىككى شېرىكنىڭ ئۆزلىرى شېرىكلەشكەن ئىشتا بىر ـ بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(4) بىراۋنىڭ دۈشمەن تۇتۇپ يۈرگەن بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(5) ئەما كىشىنىڭ ئاڭلىغىنىدىن باشقا، قانداقلا بىر ئىشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(6) يالغانچىلىقى ياكى تۆھمەتخورلىقى ياكى خىيانەتچىلىكى بىلەن بىرەر قېتىم ئېغىزغا چىقىپ قالغان ئادەمنىڭ قايسىبىر كىشى ئۈچۈن، قايسىبىر ئىشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(7) خىزمەتچىنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ، كادىرنىڭ باشلىقىنىڭ پايدىسىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

1297. سوئال: گۇۋاھچىنىڭ يالغانچىلىقى كېيىنچە ئاشكارىلانسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بىراۋ گۇۋاھلىقنى پۈتۈن شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن گۇۋاھلىقنى قوبۇل قىلىشقا توسقۇن بولىدىغان يالغانچىلىق، خىيانەتچىلىك، تۆھمەتخورلۇققا ئوخشىغان ئىللەتلەر كۆرۈلسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇۋاھلىقلىرى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى تەبىئىيتىدىكى بۇ خىل ناچارلىقلار پاش بولغان كىشىنىڭ بۇرۇنقى گۇۋاھلىقلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تەربىيەنىڭ ئادەمنى ئىسلاھ قىلىدىغانلىقى بىر ھەقىقەت بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ مىجەز، خۇلقىنىڭ بىر كېچىدىلا ياخشى ياكى يامان بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت.

**گۇۋاھلىقنىڭ دەرىجىلىرى**

1298. سوئال: گۇۋاھلىقنىڭ دەرىجىلىرى قانچە ؟

جاۋاب: گۇۋاھلىقنىڭ دەرىجىلىرى 4 بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئەرلەر كۆپرەك بىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى گۇۋاھلىقتا ئىككى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: نىكاھ، تالاق، ۋەسىيەت، ئېلىم-سېتىم

ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئەرلەر كۆپرەك بىلىدىغان ئىشلاردۇر. ئى مۆمىنلەر ئاراڭلاردىن بىرىكىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن [(1)].

(2) ئاياللار كۆپرەك بىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى گۇۋاھلىقتا ئاياللارنىڭلا گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ھەتتا بىرلا ئايالنىڭمۇ گۇۋاھلىقى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇغۇت، قىزلىق، ھەيز، ئېغىر ئاياقلىق، بالا ئېمىتىش، نەسەب، ئاياللارنىڭ ئىددىتى ۋە ئەيىبلىرى قاتارلىق ئىشلاردا تەلەب قىلىنىغان گۇۋاھلىق.

**مۇلاھىزە:** بىراۋ ئۆزىنىڭ نىكاھلىق ئايالى تۇغقان بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالسا، بۇ بالىنىڭ شۇ ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە بىرلا ئايال گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، بۇ بىرلا ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىپ، بالا شۇ ئادەمگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

(3) ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىككى ئەرنىڭ ياكى بىر ئەر، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېلىم – سېتىم، قەرز، رەنە، شېرىكەتچىلىك ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتە، دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ [(2)].

(4) ئېرى ئايالنى زىنا بىلەن قارىلاپ ئەرز قىلسا، ئايالنى قارىلاشتا گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ، بەشىنچى قېتىملىقىدا «ئەگەر بۇ دەۋايىمدا يالغان ئېيتقان بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دەپ تەكىتلىسە، ئۇنىڭ يالغۇز گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن [(3)].

شۇنداقلا، ئايال ئېرىنىڭ ئۇنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغانلىقىنى رەت قىلىشتا، ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ،

(1) مائىدە سۈرىسى 107- ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 282. ئايەت
(3) نۇر سۈرىسى 6-7- ئايەتلەر

بەشىنچى قېتىمدا، «ئەگەر ئېرىمىنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن» دەپ تەكىتلىسە، ئايالنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشتا يالغۇز گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ(ئېرىم) ئەگەر راستچىللاردىن بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ [(1)]. بۇ مەسىله فىقھى كىتابلىرىدا «لەنەتلىشىش»دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسىنىڭ قەسىمىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى باشقا دەلىل-ئىسپاتلارغا تايىنىش بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا چارە يوق.

---

(1) نۇر سۈرىسى 8-9- ئايەتلەر

## قەسەم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1299. سوئال: قەسەم نېمە ئۈچۈن قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: قەسەم ـ بىرەر ئىشنى ئىسپاتلاش ياكى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بىراۋدىن ئەھدە ـ مىساق ئالغاندا ياكى گۇۋاھلىق ئادا قىلغاندا ياكى بىرەر ئىشقا ئىنكار قىلغاندا ياكى زۆرۈرىيەت شۇنى تەقەززا قىلغاندا قەسەم قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە بىرەر ئىشنى قىلىشنى ياكى قىلماسلىقنى تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ قەسەم قىلىنىدۇ.

### قەسەم قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1300. سوئال: قەسەم قىلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قەسەم قىلىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) قەسەم قىلغۇچىنىڭ مۇسۇلمان، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىچىك بالىنىڭ، ساراڭنىڭ، باشقا دىندىكى بىرسىنىڭ قەسىمى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

(2) قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسەمنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان بولىشى. زورلانغانلىقتىن، ئېسىدە يوقلىقتىن ياكى خاتالاشقانلىقتىن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

(3) قەسەمنى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئاتاش بىلەن قىلىش. پەيغەمبەرلەرنىڭ ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ياكى ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىنغان قەسەم ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى قەسەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەنلا باغلىنىدۇ.

1301. سوئال: قەسەمنىڭ لەۋزى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: قەسەمنى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ «ۋەللاھى» ياكى«تەللاھى» ياكى «بىللاھى» دېگەن لەۋزىلەردىن بىرەرسىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ياكى ھەركىم ئۆز تىلىدا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،.......». دەپ قەسەم قىلىسىمۇ بولىدۇ.

### قەسەمنىڭ تۈرلىرى

1302. سوئال: قەسەم نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: قەسەم يەمىن لەغۋ (ھېسابلانمايدىغان قەسەم)، يەمىن مۇنئەقىد (رەسمىي قەسەم)، يەمىن غەمۇس(گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم) دەپ 3 كە بۆلۈنىدۇ.

1303. سوئال: ھېسابلانمايدىغان قەسەم (لەغۋ) دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ھېسابلانمايدىغان قەسەم ــ قەسەم ئىچىشنى ئويلىماستىن مەقسەتسىز ھالدا قەسەم قىلىپ سېلىش ياكى باشقا بىر گەپ قىلماقچى بولۇپ دىققەتسىزلىكتىن قەسەم قىلىپ سېلىشقا ئوخشىغان قەسەم بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇناھمۇ يوق ۋە كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئىشنى تەكىتلەش ئۈچۈن قەسەمنى مەقسەت قىلماستىن «ياق، ۋەللاھى» دېيىشكە ئوخشاش.

1304. سوئال: رەسمىي قەسەم (مۇنئەقىد) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رەسمىي قەسەم بىرەر ئىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ياكى بىرەر تۆھمەتنى رەت قىلىش ياكى كېلىچەكتە بىرەر ئىشنى قىلىدىغانلىقىغا ياكى بىرەر ئىشنى قىلمايدىغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن قىلىنىدىغان قەسەم بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش پەرزدۇر. مۇنداق قەسەمنى بۇزغان كىشىگە كاپارەت كېلىدۇ.

1305. سوئال: گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم (غەمۇس) دېگەن نېمە؟

جاۋاب: گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم ـ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ يالغان ئىشقا قىلىنغان قەسەم بولۇپ، مۇنداق قەسەم گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كاپارەت بىلەن يۇيۇلمايدىغان، پەقەت ھەقىقىي راستچىل تەۋبىدىن باشقىسى قۇتقۇزالمايدىغان، قەسەم قىلغۇچىسىنى ئەڭ ئېغىر گۇناھلارغا پاتۇرىدىغان قەسەمدۇر.

## قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى

1306. سوئال: قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قەسەم قىلىشنىڭ ھۆكمى ئېھتىياجغا قاراپ بەش تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار پەرز، ھارام، مۇستەھەب، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىقلاردۇر.

1307. سوئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: گۇناھسىز بىرەر ئىنساننى ھالاكەتتىن ياكى تۆھمەتتىن قۇتقۇزۇش ياكى بىراۋنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى قوغداش ياكى ھەققانىي نىكاھنى ياكى ھەققانىي نەسەبنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ۋاقىتتا قەسەم قىلىش پەرزدۇر. بۇنىڭدىن باش تارتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

1308. سوئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش ھارام بولىدۇ؟

جاۋاب: قەسەم گۇناھسىز بىراۋنى قارىلاش ياكى ئۇنىڭ ھالاك بولىشىغا ياكى بىراۋنىڭ ھەققىنىڭ زايە بولىشىغا ياكى يالغان نەسەبنى ئىسپاتلاشقا ياكى باتىل نىكاھنى يوللۇق قىلىشقا ياكى يوللۇق نىكاھنى ئىنكار قىلىشقا ياكى بىراۋغا زىيان يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇ شارائىتتا قەسەم قىلىش ھارامدۇر. قەسەم قىلغۇچى بىلىپ تۇرۇپ يالغان ئىشقا قەسەم قىلسا، ئۇ گۇناھقا پاتۇرغۇچى ئېغىر قەسەمنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك مۇناپىق بولىدۇ. مۇناپىقنىڭ جازاسى كاپىرنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ. قۇرئان كەرىم يالغان ئىشقا قەسەم قىلىشنى مۇناپىقلىقنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن.

1309. سوئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ؟

جاۋاب: ئارىسى بۇزۇلغان ئىككى دوستنىڭ ياكى ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەق ۋە توغرا ئىشقا قەسەم قىلىش مۇستەھەب (يەنى قىلسا ساۋاب بولىدىغان ئەمەل)دۇر.

1310. سوئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ؟

جاۋاب: قەسەمگە ئېھتىياج تۇيۇلمىغان ئىشلارغا ياكى تاۋارنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن راست ئىشقا قەسەم قىلىش مەكرۇھتۇر. (ئەمما يالغانغا قەسەم قىلىشنىڭ ھاراملىقىدا شەك يوق. مەسىلەن: 10يۈەنگە ئالغان نەرسىنى 15يۈەنگە ئالغانتىم، دەپ يالغانغا قەسەم قىلغانغا ئوخشاش).

1311. سوئال: قانداق ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇباھ بولىدۇ؟

جاۋاب: قەسەمگە ئېھتىياج تۇيۇلغان، ئەمما قەسەم قىلمىسىمۇ زىيان بولمايدىغان ۋاقىتتا قەسەم قىلىش مۇباھ (گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان ئىش)تۇر.

**قەسەمنى بۇزغانىنىڭ جازاسى**

1312. سوئال: قەسەمنى بۇزغانىنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئىنسان بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا ياكى ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشنى تەرك ئېتىشكە قەسەم قىلىپ، ئۇنى بۇزىۋەتسە، ئۇنىڭغا كاپارەت لازىم كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، يېقىرلارغا ياخشىلىق قىلماسلىققا ئوخشاش بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، قەسەمنى بۇزۇپ كاپارەت ئادا قىلىشى پەرزدۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا)

ئاللاھنى تونۇغۇ قىلماڭلار [1].

## قەسەمنىڭ كاپارىتى

1313. سوئال: قەسەمنى بۇزغانىنىڭ كاپارىتى قانچىلىك؟

جاۋاب: قەسەمنى بۇزغانىنىڭ كاپارىتى مۇنۇ ئايەتتە ئېنىق كۆرسىتىلگەن: ئاللاھ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر، قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە-كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ [2].

## كاپارەت بېرىش تەرتىبى

1314. سوئال: كاپارەت بېرىش تەرتىبى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: كاپارەت بېرىش تەرتىبى ئىككى بولۇپ، بىرىنى ئورۇنداشتىن ئاجىز كەلگەن كىشى ئىككىنچىسىنى قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئون نەپەر پېقىرنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇش ياكى ئۇلارغا باھاسى نورمال كىيىملەردىن -كىيىلمىگەن بولۇشى شەرتى بىلەن- بىر قۇردىن كىيىم بېرىش بولۇپ، بۇ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلىش ئىختىياردۇر.

(2) ئون پېقىرغا بىر ۋاخ تائام ياكى بىر قۇردىن كىيىم بېرىشكە قۇدرىتى يەتمىگەن ئادەم ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ روزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇش شەرت قىلىنمايدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 224- ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى 89- ئايەت

## ئالتىنچى بۆلۈم

# هارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار

## ھالال ـ ھارام ھەققدە قسقچە چۈشەنچە

ھالال-ھارام مەسىلىسى ئەڭ قەدىمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە ھاياتنىڭ مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يەر يۈزىدە ئۆزىدىن ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى جارىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېمەك ــ ئىچمەك، نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئامىللىرى، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ چارىلىرى قاتارلىق ياشاشنىڭ پۈتۈن ۋاسىتىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئۇستا ئۆزى ياسىغان نەرسىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇبدان بىلگىنىگە ئوخشاش، ياراتقۇچى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەت قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قانۇن ــ پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ قانۇن ــ پرىنسىپلار «قىل» ۋە «قىلما» ياكى بىزنىڭ تەبىرىمىز بويىچە «ھالال» ۋە «ھارام» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلەشكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنسان ئۇرۇغىنى يەر يۈزىگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە بەخت ــ سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مەزكۇر قانۇن ــ پرىنسىپلارنى بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى ھالال ــ ھارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «ھالال ــ ھارام» نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشىق ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىگە جەننەتتە ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىپ، پەقەت بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىلا ھارام قىلغان. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن بۇ بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ھارام قىلغان؟ دېمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالال ــ ھارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھارام قىلغان. دېمەك، ھالال ــ ھارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان.

### ھالال ھارامدىن كۆپتۇر

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا كۆپ نەرسىلەرنى ھالال قىلغان ۋە ئىنتايىن ئاز نەرسىلەرنىلا ھارام قىلغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھالالنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنى سانىمىغان. ئەمما ھارامنى سانىغان. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ،

ھالالنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ھارام ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساناش مۇمكىن. ئىنسانلار يەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى تېپىتكى ھېسابلاش ماشىنىلىرى ۋە ستاتىستىكا قوراللىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار قۇملارنىڭ ياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سانىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناش ۋە ھېسابلاشقا ئىنسان تاقىتى يەتمەيدۇ.ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر [1].

ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن بەزىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېپادىلەنگەن:

ئېيتقىنكى، "سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ".بۇمېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ [2].

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئون ۋەسىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**ھالال نەرسىلەردىمۇ ھارام تېپىلىدۇ**

ھالال نەرسىلەردىمۇ بەزى ھاراملار تېپىلىدۇ. بۇ زادى نېمە دېگەنلىك؟ بۇ مۇنداق

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 34- ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى 151- 153- ئايەتلەر

دېگەنلىك، بىر نەرسە ئۆز زاتىدا ھالال بولسىمۇ، ئۇنى ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق قاتارلىق چەكلەنگەن يوللار ئارقىلىق تاپقان كىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسە ھارامدۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ياراتقان لەززەتلىك مېۋىلەر ھالالدۇر. ئۇنى چەكلەنگەن يوللار ئارقىلىق تاپقان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئۇ مېۋىلەر ھارام بولغانغا ئوخشاش. شۇنىڭدەك، ئۆزى ھالال بولسىمۇ ھاجەتتىن تاشقىرى سەرپ قىلىش بىلەن ئۇ نەرسە ھارام بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: تۇق قورساققا زورلاپ يېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزگەنگە ئوخشاش. شەكسىزكى، مۇنداق قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى بۇ ئىسراپچىلىقنىڭ ئۆزىدۇر.

## ھالال ـ ھارام ئىنساننىڭ تاقىتىگە يارىشا بەلگىلەنگەن

ھالال قىلىش ياكى ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلەشتە بىلىپ بەلگىلىگەن. خۇددى تېلېۋىزىيە، كىر ئالغۇ، ئۇن ئالغۇ ۋە سىن ئالغۇ قاتارلىق جىھازلارنى ياساپ چىققانلار بۇ جىھازلارنى قانداق يوسۇندا ئىشلىتىش ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش دېگەندەك تەلىماتلىرى يېزىلغان بىرەردىن كىتابچىنى بۇ جىھازلارنى ئالغۇچىلارغا قوشۇپ بەرگىنىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالامۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنىڭ پايدىلىق، نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار قانداق قىلغاندا ھاياتنى بەختەر ئۆتكۈزۈپ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ساماۋىي كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، «ھالال-ھارام» نامى ئاستىدا تەلىماتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ھارام ـ ھالال توغرۇلۇق قانۇن ـ پرىنسىپلارنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ سەۋر ـ تاقەتتىكى قۇدرىتىگە رىئايە قىلىشنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار نەپەس ئالىدىغان ھاۋادا ھالال ـ ھارام بەلگىلىمىگەن. چۈنكى ئىنسان ھاۋاسىز ياشىيالمايدۇ. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ـ ھارامنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىنسان ھارام يېمەستىنمۇ ھاياتنى داۋام قىلدۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلىگەندە، بىزگە ـ بىزنىڭ جىسمىمىزغا، ھاياتىمىزغا، تەن ساقلىقىمىزغا ـ نېمىلەرنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىرىنى ھالال پېتى بويىچە بەلگىلىگەن. ئەمما بىز ئۈچۈن ـ جىسمىمىز، ئەقلىمىز، تەن ساقلىقىمىز ۋە ھاياتىمىز ئۈچۈن ـ زىيانلىق بولغانلىرىنى ھارام قىلىۋەتكەن. بۇ خۇددى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بېنزىننى تۈرلەرگە ئايرىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاپتوموبىل ئۈچۈن مەخسۇس قىلىنغان بېنزىننى ئايروپىلانغا قاچىلىغاندا، ئايروپىلان ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇچقان تەقدىردىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ..... خۇددى شۇنىڭدەك،

سىزگە مەخسۇس قىلىنغان ھالال تائامنى يېمەستىن، ھارام تائامنى يېسىڭىز جىسمىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. دە، زەھەرلىنىپ ئۆلىسىز، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېسەل بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىڭىزدىكى ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەشتىن ئاجىز قالىسىز. ھارام دېگەن ئەنە شۇنداق زىيانلىق نەرسە.

**ھالال بىلەن ھارام ئېنىق**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك نەرسىلەرمۇ بار»[1].

بۇ ھەدىس ھالال ــ ھارام مەسىلىسىدە چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇ ھەدىس قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ھالال ــ ھارامنى ئىپادىلىگەندەك، ئىنسانلار ئەقلىي كۈچى بىلەن بىلەلەيدىغان ھالال ــ ھارامنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار يارىتىلىشتىكى ئەسلى تەبىئىتىدە توغرۇلۇقنى، دۇرۇسلۇقنى ۋە ھەققانىيلىقنى سۆيىدۇ. شۇڭا گۇناھ قىلغان، دۇرۇس ئىش قىلمىغان ئادەم باشقىلاردىن خىجىل بولۇپ، گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە ھەقسىزلىكلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىدىمۇ ئىچكى توقۇنۇشلار بىلەن بىئاراملىقتا ياشايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بىئاراملىقنى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بىر قاراش بىلەنلا ئۇنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: باشقا بىرىنىڭ ئايالى بىلەن ھارام مۇھەببەتنىڭ ھېكايىسىنى ياشاۋاتقان بىرى، ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىدا، خۇدۇكسىرەپ ئالدى ــ كەينىگە مىڭ قېتىم قارىسا، ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن كېتىپ بارغان كىشى ھېچ نەرسىدىن خۇدۇكسىرىمىگەنگە، ئوغرى يانچۇقىدىن پۇل چىقارماقچى بولغاندا، ھەر تەرەپكە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ چىقارسا، ھالالدىن پۇل تاپقان ئادەم ئۆزىنىڭ پۇلىنى راھەتلىك بىلەن چىقارغىنىغا، بىراۋنىڭ ئىمزاسىنى ئوغرىلاپ يولسىزلىق قىلماقچى بولغان ئادەم قورقۇنچتىن قوللىرى تىترىگەن ھالدا قەلەم تەۋرەتسە، ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قىلغان ئادەم راھەتلىك بىلەن ئىمزا قىلغىنىغا ئوخشاش. بۇ مىساللار ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئىنسانلار نەزەرىدىمۇ ئېنىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ.

توغرا ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ۋىجدانى راھەت، ئۆزى خاتىرجەم، يامان ئىش قىلغان ئادەم ئۆزى بىئارام ۋە خۇدۇك ئىچىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەبىئىيكى، بۇ ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر! چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

دۇنياسى ھالال بىلەن ئۆزلىكىدىن ماسلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ھارام بىلەن ماسلىشالمايدۇ، ئىچكى توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ھالال بىلەن ئارام تاپىدۇ، ھارام بىلەن ئىزتىراپ چېكىدۇ. مانا بۇ، ئىنسان تەبىئىتىدە ئورۇن ئالغان تەبىئىي ئىماننىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىنسان ئەگەر يارىتىلىشتىكى ساپ تەبىئىتى بويىچە ياشايدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم بەخت ـ سائادەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگەشكىنىكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان [1] دەيدۇ.

## ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەر

ئەمدى ھەدىستىكى «شۈبھىلىك ئىشلار»غا كەلسەك، ئىسراپچىلىق بىلەن پارىخورلۇق ئېنىق ھاراملاردىن بولۇپ، ئىسراپچىلىق ـ يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش ۋە ھەر قانداق بىر ئىشتا نورمالدىن ئارتۇق قوللىنىپ ئاشۇرۇۋېتىش دېگەنلىكتۇر. پارىخورلۇق ـ مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ كىشىلەرنىڭ قولىدىكىلەرگە كۆز تىكىش دېگەنلىكتۇر. لېكىن بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەردە شۈبھىلىك ئىشلار بار. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىسراپچىلىققا ئېھتىمال بولغان دەرىجىدە ئاشۇرۇپ سەرپ قىلىش شۈبھىلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياراتقان نېمەتلەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىدىغان دەرىجىدە تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىسراپ يولى بىلەن بۇزۇپ چېچىش باشقىلارنى بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بايلىقلار ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىنىدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ئاچارچىلىق دېگەن نەرسە مەۋجۇد بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىكى: بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [2]، قانداقلا نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز [3]، ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [4] دېگەن ئايەتلەر بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت
(2) قەمەر سۈرىسى 49 ـ ئايەت
(3) ھەجر سۈرىسى 21 ـ ئايەت
(4) شۇرا سۈرىسى 27 ـ ئايەت

يەنە بىر مىسال: چوڭ ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بىر كادىر دېھقانلاردىن بىرەرسىنىڭ قانۇنلۇق ئىشىنى بېجىرىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ دېھقان بۇنىڭغا سۆيۈنۈپ، بىرەر سىۋەت مېۋە ياكى بىرەر تال قوغۇنغا چاغلىق بىر نەرسىنى ئۇ كادىرغا سوۋغات قىلسا، بۇ شۈبھىلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھارام بولغان پارىخورلۇققا ئېھتىماللىقى كۆچلۈكتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللا ئىبنى لۇتبىيە ئىسىملىك بىر ساھابىنى سەلىم قەبىلىسىنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرىغان بولۇپ، ئابدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن زاكات ماللىرىنى تاپشۇرۇش ۋاقتىدا، " ماۋۇ زاكاتقا بەرگەنلىرى، ماۋۇ سوۋغات" دەپ چۈشەندۈرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاغا:" سەن ئۆيۈڭدە جىم ئولتۇرغان بولساڭمۇ ساڭا بۇ سوۋغات كېلەمتى ؟" دەپ رەت قىلغان ۋە ئۇنىمۇ زاكات ماللىرى بىلەن بىرگە بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى) غا قوشۇۋەتكەن[1].

مۇسۇلمان ئادەم بۇ خىل شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغاندىلا دىنىنى ساپ تۇتقان بولىدۇ ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە، پاكىز ھايات كەچۈرگەن بولىدۇ.

### ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلەش ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ھارام ئىشلارنى قىلىش ياكى ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان قىلىپ ياراتقاندەك، ئىنسانغا قايسىسىنى قىلىش ۋە قايسىسىنى تەرك ئېتىش ئىختىيارىنىمۇ بەرگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى كۆڭۈل قانائىتى بىلەن ئىختىيارىي ھالدا قىلىشىنى خالىغاندەك، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشلەپ، ئارقىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشىنى خالايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس. ھالاللار ئىچىدە ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ۋە بەندىلىرىدىن شۇنداق قىلىشنى كۈتىدىغانلىرى ۋە ياقتۇرمىسىمۇ پەقەت قوبۇل قىلىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ھالال ئىچىش، ھالال يېيىش ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ ۋە بەندىلىرىدىن شۇنى كۈتىدۇ. ئەمما تالاققا ئوخشىغان ئېھتىياج يۈزىسىدىنلا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى ياقتۇرمىسىمۇ، قوبۇل قىلىدۇ ۋە جازالىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغىنى

---

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تـالاقتۇر»[1] دېگەنلىكىمـۇ بـۇ سـەۋەبتىن بولسـا كېـرەك. چـۈنكى تـالاق ئـائىلىنى پارچىلايدىغان، باللارنى يېتىم قىلىـدىغان، ئەر ـ ئايـال ۋە قـۇدىلار ئارىسـىدا دۈشـمەنلىك ئۇرۇغىنى چاچىدىغان خەتەرلىك ئىش.

هاراملارنـىڭ دەرىجىلىرىمـۇ بىـر خىـل بولمايـدۇ. مەسـىلەن: ئـاللاھ تائالاغـا شـېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئـانىنى قاخشـىتىش، يېتىمنىـڭ مېلىنـى يەۋېلىـش، ئۆسـۈم مۇئامىلىسـى قىلىـش، هـاراق ئىچـىش، ئـۇرۇش مەيدانىـدىن قېچىش، پـاك ئاياللارغـا تـۆهمەت چـاپلاش قاتـارلىقلار هارامنىـڭ ئەڭ يـۇقىرى دەرىجىسـى بولـۇپ، گۇنـاهى كەبىـرە (ئەڭ چـوڭ گۇنـاهلار) دەپ ئاتىلىـدۇ. بـۇ قىلمىشـلارنى سـادىر قىلغانلار قىلمىشـلىرىغا ھەققىـي رەۋىشـتە پۇشـايمان قىلىـپ، گۇنـاھتىن يۈتـۈنلەي قـول ئـۈزۈپ، ئـاللاھ تائالاغـا تەۋبە قىلىـش بىلەنـلا ئـۆزلىرىنى ئـاللاھ تائالانـىڭ غەزىپىـدىن ۋە ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

ئەمما گۇناهى سەغىرە (كىچىك گۇناھلار) دائىرىسىگە كىرىدىغان كەمچىلىك، خاتـالىق ۋە ئىختىيارسـىز قىلىـپ سـالغان گۇنـاهلار ياخشـى ئەمەللەرنـىڭ سايىسـىدا تەۋبىسـىزمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائـالا نـىڭ قۇرئـان كەرىمـدىكى: ئـاز ـ تـولا كەمچىلىكلىرىنـى هېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ گۇناهلاردىن ۋە قەبىھ ئىشـلاردىن يىـراق بولغۇچىلارغـا كەلسـەك، بىلگىنكـى، ھەقـىقەتەن رەببىـڭ ئەپۇسـى ۋە مەغپىرىتـى كەڭ بىـر زاتتـۇر. ئـۇ سـىلەرنى تـۇپراقتىن ياراتقـان ۋاقتىـدىمۇ ۋە سـىلەر تېخـى ئاناڭلارنىـڭ قورسـىدىكى چېغىڭلاردىمۇ سىلەرنى ئەڭ ياخشـى بىلـدىغان زاتتـۇر، شـۇڭا سـىلەر ئـۆزۈڭلارنى ئاقلاشـقا تىرىشـماڭلار. چۈنكى ئۇ ياماننىقلاردىن ساقلىنىپ تەقۋالىـق دائىرىسـىدە ئىـش كۆرگـۈچىلەرنى ئوبـدان بىلگۈچىدۇر [2] دېگەن سۆزى بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، كىچىك گۇناھلارغا داۋام قىلىش ئارقىلىق بـۇ كىچىـك گۇنـاهلار ئۆزلىكىـدىن چـوڭ گۇناهلارغـا ئايلىنىـپ قالـدۇ. شـۇڭا قانـداقلا بىـر گۇناهنى ئاددى ساناشقا ۋە ئۇنىڭغا داۋام قىلىشقا بولمايـدۇ. شـۇنىڭدەك، هـارام ۋە گۇنـاھ ئىشلار قىلغۇچىسىنىڭ نىيىتىگە قاراپ دەرىجىلىنىـدۇ. مەسـىلەن: ئىختىيارسـىز ئىشـلەپ سالغان گۇناھتىن، ئالدىن پىلانلاپ قىلغان گۇناهنىڭ جازاسى ئاللاھ تائالانـىڭ نەزەرىـدە نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغىنىغا ئوخشاش.

**ئەسكەرتىش:**

شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى ئېتىبارى بىلەن هالال بولۇپ، قۇرئـان كەرىمـدە يـاكى

---

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(2) نەجم سۈرىسى 32 ـ ئايەت

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ (ئەڭ ئىشەنچلىك) ھەدىسلىرىدە ھارام ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. ھالالنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھالالنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كىتابىمنىڭ بۇ بۆلۈمىدە پەقەت ھاراملار ئۈستىدە، يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ۋە ئىشلار ھەققىدە توختالدىم.

# هالال ـ هارام ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

## هالال – هارام ئۇقۇمى

1315. سوئال: هالال دېگەن نېمە؟

جاۋاب: هالال ـ مەيلى يېمەك ـ ئىچمەكتە بولسۇن، مەيلى ئىش ـ هەرىكەتتە بولسۇن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنغان، چەكلەنمىگەن نەرسىلەر ۋە ئىشلار دېمەكتۇر.

1316. سوئال: هارام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن قىلىشتىن ياكى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىشلار ۋە نەرسىلەر بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكلەر، ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ـ هەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى هالال

1317. سوئال: يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك هالال قايسى؟

جاۋاب: يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى هالال ـ ئۆزى پاك، تەن ساقلىقىغا زىيىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆزى پاكىز ۋە تەن ساقلىقىغا زىيىنى يوق، دىنىمىزدا چەكلەنمىگەن يېمەكلىك ۋە ئىچمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش.

## يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى هارام

1318. سوئال: يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە مۇناسىۋەتلىك هارام قايسى؟

جاۋاب: يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى هارام ـ پاك ئەمەسلىكى ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىقلىقى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: چوشقا گۆشىگە ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنى ۋە هاراققا ئوخشاش تەن ساقلىققا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش.

## ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ـ هەرىكەتلەردىكى هالال

1319. سوئال: ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ـ هەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك هالال قايسى؟

جاۋاب: ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ـ هەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك هالال ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش

كۆرۈشكە مەركەزلىشىدۇ. مەسىلەن: تـوغرا ئېتىقـاد ۋە تـوغرا پىكىـردە بولـۇش، يوللـۇق ھالدا تىرىكچىلىك قىلغانغا ئوخشاش بولۇپ، ھـالال ۋە تـوغرا ئىشـلارنى قىلغـان ئـادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

## ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش- ھەرىكەتلەردىكى ھارام

1320. سوئال: ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھارام قايسى؟

جاۋاب: ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئىش ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھارام ـ ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئېتىقاد ۋە پىكىـر ئېقىملىـرى، ئىسلام شـەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسـىگە زىـت كېلىــدىغان يولســىزلىقلارغا مەركەزلىشــىدۇ. مەســىلەن: خرىســتىئانلارنىڭ ئىســا ئەلەيھىسســالامنى ئـاللاھ تائالانىـڭ ئـوغلى، ئۇنىـڭ ئىلاھلىقتـا شـېرىكى دەپ ئېتىقـاد قىلغىنىغا، بەزى خۇراپاتچىلارنىڭ ئاتالمىش ئەۋلىيالار، قۇتۇبلار كائىناتتـا ئـاللاھ تائـالا قىلىدىغان ئىشلاردىن بەزىسىنى قىلالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغىنىغا، بەزى ئازغۇنلارنىـڭ قۇرئــان كەرىمنــى ھــازىرقى ئەســىرگە يارىمايــدۇ دەپ ئويلىغىنىغـا ۋە ئۆســۈم بىــلەن مۇئامىلە قىلىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش قاتـارلىق ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلغانغا ئوخشاش. بـۇ ئىشـلارنىڭ ھەممىسـى ئىسلام دىنىـدا قاتتىق چەكلەنگەن ئەڭ چـوڭ ھـاراملاردۇر. ھـارام ئىشـنى قىلىـش ئـۆزىنى ئاللاھنىـڭ ئازابىغا تۇتقانلىق ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

## ھالال بىلەن ھارامنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

1321. سوئال: ھالال بىلەن ھارامنى بىلىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جــاۋاب: ھــالال بىــلەن ھارامنىــڭ پەرقىنــى ئــايرىش، نېمىلەرنىــڭ ھــالال ۋە نېمىلەرنىـڭ ھـارام ئىكەنلىكىنـى بىلىـش ھەر بىـر مۇسـۇلمان ئۈچـۈن پەرز ئەيىنـدۇر. پۈتـۈن ئىشـلاردا ھـالال ـ ھـارام پەرقىنـى ئـايرىش ۋە ھـالال ئىشـلار دائىرىسـىدە ئىـش كۆرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپى بولغىنىدەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ـ ھـارامنى ئىلغــاش تولىمــۇ ئەھمىيەتلىكتــۇر. ئىســلام پەيغەمبىــرى ھەزرىتــى مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھارامنى ھالال ئورنىـدا ئىسـتېمال قىلغـۇچىلارنى دوزاخ بىـلەن تەھدىـد قىلىــپ مۇنــداق دېــگەن: «ھارامــدىن ئوزۇقلىنىــپ ئۆســكەن ھەر بىــر گــۆش(بەدەن) دوزاخقا ئەڭ ھەقلىقتۇر[1]». ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئى مۆمىنلەر! بىز سـىلەرنى

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار [1] دەپ كۆرسەتكەن.

**ھارامدىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى**

1322. سوئال: قانداق قىلغاندا ھارامدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: يېمەك ـ ئىچمەك، پىكىر ـ ئېتىقاد، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە باشقا ھەر قانداق بىر نەرسىدە ھارام دېيىلگەن نەرسىلەر ۋە ئىشلاردىن چەكلىنىش، شۇنداقلا ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بىلىنمىگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ھارامدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالالمۇ، ھارامىمۇ ئېنىق ئايرىلدى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك (يەنى ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بولمىغان)نەرسىلەر بار، كۆپ ئادەملەر بۇنى بىلمەيدۇ. كىمكى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسا، ھارامدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) بەقەرە سۈرىسى 172. ئايەت
(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

## يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى هالال ـ هارام

1323. سوئال: يېمەك ـ ئىچمەكلەردە هالال ـ هارامنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا يېمەك ـ ئىچمەكلەر هالال ۋە هارام دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۆزى پاكىز، تەبىئىتى پاك، تەمى، پۇرىقى نورمال، ئىنسان تەبىئىتىگە ياقىدىغان، ئوزۇقلىنىشقا پايدىلىق، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق قىممىتى بار، تەن ساقلىقىغا زىيىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامدا چەكلەنمىگەن هەر قانداق يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىستېمال قىلىش هالال، ئەكسىچە، ئۆزى پاسكىنا، تەبىئىتى پاك ئەمەس، ئادەمگە بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدىغان، تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى، مەست قىلىدىغانلىقى، ئەقلىنى بۇلغايدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئىسلامدا چەكلەنگەن هەر قانداق يېمەك ـ ئىچمەكنى ئىستېمال قىلىش هارامدۇر.

### هالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى

1324. سوئال: هالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟

جاۋاب: هالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىنتايىن كۆپ پايدىلىرى بار. ئۇلار مۇنداق:

(1) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ۋە پاكىزلىققا ئەهمىيەت بەرگەن ئادەمنىڭ دىلى پاك، كۆڭلى يورۇق، تېنى ساق، ئەقلى ئۆتكۈر، خاتىرىسى كۈچلۈك ۋە هوشيار بولىدۇ.

(2) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ قالمايدۇ.

(3) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولىدۇ ۋە دۇئالىرى ئىجابەت بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەتلەرنىڭ ۋە دۇئالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاهىدا قوبۇل بولماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى هارام يېيىشتۇر.

(4) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ هۆرمىتىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ.

## مال بوٴغوٴزلاشقا موٴناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1325. سوئال: مال بوغۇزلاشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەدەپلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: مال بوغۇزلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

(1) مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئەقىل ــ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، مۇسۇلمان ياكى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ياكى خرىستىئان) بولۇشى شەرت. ئەركىشى بولمىغاندا، ئايال كىشى بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان بولمىغاندا، يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدىكى بىرى بوغۇزلىسىمۇ بولىدۇ. بىراق ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزنىڭ ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكنىڭ بوغۇزلىغان مېلى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بوغۇزلىغان مال مۇسۇلمانغا ھارام بولىدۇ.

(2) بوغۇزلايدىغان مالنى سىيلاپ، سىيپاپ، ئاستىراق يىقىتىپ، پۇتلىرىنى مەھكەم باغلاش، مالنى باغلىغاندا ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى ئارىسىغا، ئارقا سول پۇتىنى كىرىشتۈرۈپ باغلاپ، ئارقا ئوڭ پۇتىنى بوش قويۇش كېرەك. چۈنكى ھايۋان جان تالاشقاندا، ئۇ بوش قالغان پۇتى بىلەن قاتتىق تېپىدۇ. قاتتىق سىلكىنىشتىن تومۇرلىرىدىكى قان پاكىز ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

(3) مالنى قىبلىگە قارىتىپ، ئىتتىك پىچاق بىلەن «بىسمىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ مالنىڭ گېلىدىن بوغۇزلاش قىينىماسلىققا ئەھمىيەت بېرىش.

(4) مالنى ئۇرۇش، سۆرەش، قاتتىق يىقىتىش ۋە گال پىچاق بىلەن بوغۇزلاشتىن ساقلىنىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىمكى قۇشقاچتەك كىچىك قۇشنى بوغۇزلاشتىمۇ رەھىمدىللىكنى كۆزلەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ شەپقىتىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

(5) قېچىپ تۇرمىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش قىيىن بولغاندا، ئۇنىڭ بېرەر ئورگىنىنى قان ئېقتالايدىغان نەرسە بىلەن يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

(6) كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى ئېگىزدىن يىقىلغان ياكى بىر- بىرى بىلەن ئۈسۈشكەن ياكى ئۇرۇلغان سەۋەبلىك جان تالىشىۋاتقان ھايۋاننى تېپىچەكلىگىچىلىك كۈچى بار بولسا، ئۇنى بوغۇزلاپ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.

1326. سوئال: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى نېمە ئۈچۈن يېيىلمەيدۇ؟

جاۋاب: گۆشى يېيىلىدىغان قوي، كالا ۋە ئۆچكىگە ئوخشاش ھايۋانلاردىن قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان چوقۇم بىرەر كېسەللىك ياكى جان ئالغۇچى زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۆلگەن بولىدۇ. مال كېسەللىكتىن ئۆلگەن بولسا، كېسەل مىكروبلىرى ئۇنىڭ تېنىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق گۆشنى يېگەندە گۆشتىكى كېسەل مىكروبلىرى ئادەم بەدىنىگە تارقاپ كېتىدۇ، ھەتتا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. مال كېسەللىكتىن ئەمەس، تاياق زەربىسى بىلەن ياكى ئېگىزدىن يىقىلغانلىق سەۋەبتىن ئۆلگەن بولسا، قېنى ئېقىتىلمىغانلىقتىن ئۇنىڭ بەدىنىگە تارقاپ كەتكەن بولىدۇ. مۇنداق گۆشنى يېگەن ئادەم قاننى يېگەن بولىدۇ. قان پاكىز ئەمەس، قان تەركىبىدىكى ھەر خىل مىكروبلار ۋە باكتېرىيىلەر ئادەم بەدىنىنى زەھەرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاننى يېيىش هارامدۇر.

## بازارلاردىن سېتىۋېلىنغان تەييار يېمەكلىكلەر ھەققىدە

1327. سوئال: بازارلاردىن گۆش سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
جاۋاب: بازارلاردىن گۆش سېتىۋالغاندا، ئۇ قانداق مالنىڭ گۆشى؟ بۇ مالنى قانداق قاسساپ سويغان؟ مۇسۇلمان قاسساپ بوغۇزلىغانمۇ ـ يوق؟ ئالدى بىلەن بۇلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، قوي، كالا، ئۆچكە، ئات، تۆگە، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھالال ماللاردىن مۇسۇلمان قاسساپ سويغانلىرىنىڭ گۆشىنى ئېلىش، قايسى مالنىڭ ئىكەنلىكى ياكى كىمنىڭ سويغانلىقى بىلىنمىگەن گۆشلەرنى ئالماسلىق لازىم.
1328. سوئال: قاچىلانغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
جاۋاب: قاچىلانغان گۆش ۋە ھەر قانداق بىر يېمەكلىكنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ «مۇسۇلمانچە» دېگەن ماركىسى بارمۇ ـ يوق؟ نەدە ئىشلەنگەن؟ مۇسۇلمانلار ئىشلىگەنمۇ ياكى باشقىلارمۇ؟ قوللىنىش ۋاقتى بارمۇ ياكى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ؟ بۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى پاك ۋە ھالال نەرسىلەرنى يېيىش ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرت، تەن ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.
1329. سوئال: قايسى دىندىكىلەرنىڭ تاماقلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ؟
جاۋاب: ئەڭ پاك يېمەكلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىرىدۇر. ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يېيىش كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ تامىقى ياكى قاچىلانغان گۆش قاتارلىق تەييار يېمەكلىكلەرى تېپىلمىغاندا، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ پاك يېمەكلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر [1].
1330. سوئال: قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەييار يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولىدۇ؟
جاۋاب: مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئىشلەنگەن تەييار تاماقلارنى، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭغا ھەر قانداق مۇسۇلمان

(1) مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت

ئادەم ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ناۋادا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن تەييار تاماقلار، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تېپىلمىغاندا، خرىستىئانلارنىڭ ياكى يەھۇدىيلارنىڭ مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن، ئۈستىگە «مۇسۇلمانچە» ياكى «مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە بوغۇزلاندى» دېگەن خەت ئېنىق يېزىلغان ھەر قانداق تەييار تاماق، قاچىلانغان گۆش ۋە باشقا يېمەكلەرنى سېتىۋېلىپ يېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىست دۆلەتلىرىدىن، بۇددىستلارنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن گۆش، توخۇ، تەييار تاماق، قاچىلانغان يېمەكلىك قاتارلىقلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ يېمەكلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالال ئەمەس، بەلكى ھارامدۇر!

## ئاشخانىلارغا كىرگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

1331. سوئال: ئاشخانىلارغا كىرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئۆيدە ئېتىپ يېگەن تاماق ئەڭ لەززەتلىك، ئەڭ پاكىز ۋە ئەڭ پايدىلىقتۇر. ئاشخانىلاردىن تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندە، چوقۇم مۇسۇلمان، دىندار كىشىلەر ئاچقان، پاكىز ئاشخانىلارغا كىرىش كېرەك. چۈنكى تاماق ئىنسانىنىڭ ساقلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە. شۇڭا ئۇنى ئىلغاپ پاكىز، ھالال، شەكسىز بولغانلىرىنى يېيىش كېرەك. سەپەر ئۈستىدە بولغاندا ئاشخانىغا كىرىشكە توغرا كەلسە، چوقۇم «مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» دەپ يېزىلغان، ئىشەنچلىك ئاشخانىلارغا كىرىش كېرەك.

1332. سوئال: مۇسۇلمان ئاشخانىسى تېپىلمىغاندا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: سەپەر ئۈستىدە يول ماڭغاندا ياكى خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەرگە بارغاندا، مۇسۇلمان ئاشخانىسى تېپىلمىسا، خرىستىئان ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ نانلىرىنى، قاچىلانغان تەييار تاماقلىرىنىلا يېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قازانلىرىدا پىشۇرۇلغان تاماقلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار چوشقا گۆشىنى يەيدۇ. چوشقا گۆشىنى قورۇغان قازاندا باشقا ھالال گۆشنى قورۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ. ھالال بىلەن ھارامنى ئىلغايدىغان ئادەملەرنىڭ گېلىدىن مۇنداق تاماق ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە ساپ تەبىئەتنىڭ ئالامىتىدۇر.

## يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن يېيىش هارام بولىدىغانلىرى

1333. سوئال: يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن يېيىش هارام قىلىنىپ چەكلەنگەنلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن يېيىش هارام قىلىنىپ چەكلەنگەنلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىش هارام. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ھەقسىز يول بىلەن يەۋالماڭلار [1]

(2) ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش هارام. يەنى گۆشى يېيىلىدىغان هايۋانلاردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېگىز جايدىن يىقىلىپ ئۆلگەن، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يىرتقۇچلار يىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش هارامدۇر.

(3) قاننىڭ ھەر قاندىقى هارامدۇر.

(4) چوشقا گۆشى، چوشقىنىڭ قېنى، مېيى، تېرىسى ۋە ھەر قانداق بىر ئورگىنى هارامدۇر. ئىتمۇ بۇ ھۆكۈمگە كىرىدۇ.

(5) ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بوغۇزلانغان هايۋاننىڭ گۆشى هارام.

(6) بۇددىستلارنىڭ بۇتلىرىغا، خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋلىرىغا، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا ياكى مازارلارغا ياكى ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش هارامدۇر.

يۇقىرىقى ئالتە ئىشنىڭ هاراملىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلانغان هايۋان، يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش هارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالالدۇر. ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا

---

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت

بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى [1].

1334. سوئال: ئەڭ پاسكىنا ھايۋان قايسى؟

جاۋاب: چوشقا ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ پاسكىنا ۋە ئەڭ نىجىس مەخلۇق بولۇپ، ساغلام تەبىئەتلىك ئادەم ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ. چوشقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى تېزەك ۋە باشقا پاسكىنىلىقلاردۇر. دۇنيادا چوشقىدىن باشقا ئۆزىنىڭ تەرىتىنى يەيدىغان ھايۋان بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۆزىلا چوشقىنىڭ ھەقىقەتەن بەكمۇ پاسكىنا ھايۋان ئىكەنلىكى ۋە چوشقا گۆشىنىڭمۇ خۇددى شۇنداق پاسكىنا نەرسە ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر.

ئىلىم ـ پەن ئىلگىرىلەپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، تىببىي مۇتەخەسسىسلەر چوشقا گۆشىنىڭ ھەممە بەلۋاغلاردا، خۇسۇسەن ئىسسىق بەلۋاغلاردا ئىنسان سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق چوشقا گۆشىدە ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان قۇرۇت ۋە ئەڭ خەتەرلىك مىكروبلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىم بىلسۇن، بەلكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىلىم - پەن كېلەچەكتە بىزگە، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەر، جۈملىدىن چوشقا گۆشى ھەققىدە بىز بىلمەيدىغان يېڭى مەلۇماتلارنى كەشىپ قىلىشى مۇمكىن.

چوشقىدىن قالسا ئەڭ پاسكىنا ھايۋان ئىت بولۇپ، ئىت ۋە چوشقىنىڭ نىجاسەتلىرى بىر قېتىم تۇپراق بىلەن ئالتە قېتىم سۇ بىلەن جەمئىي يەتتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق پاكلىنىدۇ. بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بىلەن سابىت بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ قويغان بولسا، ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار. ئاۋۋالقى قېتىمنى تۇپراق بىلەن يۇيۇڭلار»[2].

چۈنكى تۇپراق تەركىبىدە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە ماددا بار بولغانلىقتىن، قاچىنى تۇپراق بىلەن بىر قېتىم سۈرتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتنىڭ شالۇرسىدىن يۇققان مىكروبلار ئۆلىدۇ. سۇ بىلەن يەنە ئالتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق قاچىدا مىكروبنىڭ ئەسىرى قالمىغان بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدىكى ھېكمەت، تېخى ئەمدىلا تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بايقالغان.

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

**زىياننى توسۇش يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر**

1335. سوئال: زىياننى توسۇش يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) زەھەر ۋە ئادەمنى زەھەرلەيدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى تەن ساقلىقنى ساقلاش زۆرۈر.

(2) كۆكۈل كۆتۈرمەيدىغان ۋە ئادەم سەسكىنىدىغان ھاشارەتلەرنى يېيىش ھارام. چۈنكى بۇنداق ھاشارەتلەر كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولۇشى ئېھتىمال.

(3) توپا، لاي، تاش، كۆمۈر قاتارلىق تەنگە زىيانلىق نەرسىلەرنى يېيىش ھارام.

**پاسكىنىلىقى يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر**

1336. سوئال: پاسكىنىلىقى يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پاسكىنىلىقى يۈزىسىدىن يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) پاسكىنا نەرسە ئارىلىشىپ قالغان ھەر قانداق يېمەكلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مايغا چۈشۈپ قالغان چاشقان توغرىسىدا: «توڭلىتىلغان مايغا چاشقان چۈشسە ئۇنىڭ ئەتراپىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ قالغىنىنى يەڭلار، چاشقان ئېرىتىلگەن مايغا چۈشكەن بولسا، ئۇنى قەتئىي يېمەڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(2) ئىنسانلارنىڭ تەرىتى ۋە ھايۋانلارنىڭ تېزىكىگە ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر. قۇرئان كەرىمدە: ئاللاھ ئۇلارغا پاسكىنا نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ [2] دەپ كەلگەن.

**جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ھارام مىقدارى**

1337. سوئال: ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان ئادەم قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان ئادەمنىڭ زەھەردىن باشقا ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغۇدەك مىقدارنى يېيىشى ياكى ئىچىشى ھالال بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: كىمكى چارىسىزلىكتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلمىغان ھالدا،

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت

(ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسە گۇناھ بولمايدۇ) [1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

**سۈيۈقلۇقلاردىن ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغانلىرى**

1338. سوئال: سۈيۈقلۇقلاردىن ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغانلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سۈيۈقلۇقلاردىن ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ھاراق ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى قەتئىي ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقىلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار [2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ سەۋەبى بىلەن 10 كىشىنىڭ لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھاراققا، ئۇنى ئىچكۈچىگە، ئىچكۈزگۈچىگە، كۆتۈرگۈچىگە، كۆتۈرگۈزگۈچىگە، ئۇنى ئىشلىگۈچىگە، ئىشلەتكۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا ۋە ھاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچىگە لەنەت قىلدى»[3].

(2) ئادەمنى مەست قىلىدىغان ۋە ئەقلىنى كەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىكلەر ۋە سۈيۈقلۇقلار ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە (گەرچە باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ) ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

(3) ئىنساننىڭ، ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتى، گۆشى يېيىلىدىغان ۋە يېيىلمەيدىغان جىمى قۇشلارنىڭ سۈيدۈكى ۋە مايىقى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار پاسكىنا نەرسىلەر بولۇپ. پاسكىنا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر.

ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكلىرىنىڭ ھەممىسى پاسكىنا بولسىمۇ، ئۇلار پاسكىنىلىق جەھەتتىن ھەممىسى بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن: گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى بەدەننىڭ ياكى كىيىمنىڭ قايسىبىر يېرىگە بىر غېرىچقا يەتمىگەن مىقداردا يۇقۇپ قالسا، زۆرۈ كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما ئىنسان ياكى گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى كىيىم ياكى بەدەننىڭ بىر تەڭگە

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى 90ـ ئايەت.

(3) ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايىتى

(4) مۇسلىم رىۋايىتى

مىقدارىدىن كۆپرەك يېرىگە يۇقۇپ قالغانىدا، كىيىم بىلەن بەدەننىڭ يۇقۇپ قالغان يېرىنى يۇيۇپ پاكىزلاپ، ئاندىن ناماز ئوقۇش لازىم كېلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئات، كالا، ئېشەك، قېچىرغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تېزىكى، جىمى قۇشلارنىڭ مايىقى ياكى سۈيدۈكى بەدەننىڭ ياكى كىيىمنىڭ بىر تەڭگە مىقدارىدىن كۆپرەك يېرىگە يۇقۇپ قالسا، ئۇ يەرنى يۇيۇپ پاكىزلىماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. بۇ مىقدارغا يەتمىگىنى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

(4) ئىسپىرت ۋە گازغا ئوخشاش تەن ساقلىقىغا زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر.

(5) تاماكا، كەندىر، ئەپيۇن، كوكائىن، مورفىنلارغا ئوخشاش زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى پۇراش ياكى شوراش ياكى شپرىس بىلەن بەدەنگە ئۇرۇش ھارامدۇر.

## ھاراق دورا بولالمايدۇ

1339. سوئال: ھاراق دورا بولالامدۇ؟

جاۋاب: ھاراقنىڭ ئىنسانىيەتنى بەختسىز قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ھاراقنى ئىچىش، ھاراق سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇش، ھاراق ياساش، ھاراق سودىسى قىلىش، ھاراق سوۋغا قىلىش، ھاراقنى ھەر قانداق بىر يېمەكلىككە ئاز بولسىمۇ ئارىلاشتۇرۇش قەتئىي ھارامدۇر. ھاراقنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىش ياكى دورىغا ئارىلاشتۇرۇش قەتئىي ھارامدۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاراق توغرۇلۇق سۆزلەپ: «مەن ئۇنى دورا ياساش ئۈچۈن تەييارلايمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ دورا ئەمەس، بەلكى كېسەللىكتۇر» دېگەن.[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «كېسەللىكنى ۋە ئۇنىڭ دورىسىنى ئاللاھ چۈشۈردى. ھەر قانداق كېسەللىككە دورا ياراتتى، داۋالىنىڭلار! لېكىن ھارام بىلەن داۋالانماڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ يەردە چەكلەنگىنى ھاراقنى دورا ئورنىدا ئىچكى قىسىمغا قوللىنىش ياكى ئىچىشتۇر. ئەمما ھاراقنى تەننىڭ تاشقى قىسمىغا دورا ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. كىيىم-كېچەك ياكى بەدەندىن ھاراق ياكى ئىسپىرت يۇقۇپ قالغان ياكى تۆكۈلگەن جاينى يۇيۇشقا ھاجەت يوق. چۈنكى ھاراق بىلەن ئىسپىرت مەنىۋى جەھەتتىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

پاسكىنا بولسىمۇ، ھېسسىي جەھەتتىن تازىلىغۇچى مادددۇر[1].

1340. سوئال: قايسى ۋاقىتتا ھاراق بىلەن داۋالىنىشقا بولىدۇ؟

جاۋاب: ھاراق بىلەن داۋالىنىشقا بولمايدۇ. ناۋادا ھاراق بىرەر خەتەرلىك كېسەلنى ساقايتىدىغان دورا ئورنىدا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ھاراققا موھتاج بولماستىن باشقا خىل دورىلار بىلەنمۇ ھاراقنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ھاراق ياكى ھاراق ئارىلاشتۇرۇلغان بىر نەرسە بىرەر خەتەرلىك كېسەل ئۈچۈن دورا بولۇپ، مۇئەييەنلەشسە، ئۇنىڭغا ھاراق ياكى ھاراق ئارىلاشتۇرۇلغان دورىدىن باشقا ھېچقانداق دورا پايدا قىلمايدىغان بولسا ــ مۇنداق بولۇشىغۇ ناتايىن. ئۇنىڭغا ھاراق قوشۇلغان شۇ دورىنى ئىشلىتىشنى مۇسۇلمان، دىندار، ئىشەنچلىك ۋە ئۇستا بىر دوختۇر بۇيرۇغان تەقدىردە، ئىسلام دىنىنىڭ «ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تاللاش كېرەك» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئېھتىياجغا قاراپ ئىنتايىن تار دائىرىدە بولۇش شەرتى بىلەن ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ[2].

ئەمدى بۇيەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن، بىز دۇرا شىركەتلىرىدىن سېتىۋالىدىغان دورىلارنىڭ بەزىسىگە ھاراق ياكى ئىسپىرت قوشۇپ ياسالغان دورىلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلايمىز، بۇ دورىلارنى سورىماستىن ئىشلەتكەن يەردە، ئۆزىمىز زۆرۈر كەلگەندە ھاراق ياكى ھاراق ئارىلىشتۇرۇلغان دورىلار بىلەن داۋالانساق بولامدىكەن؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق، بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بىزنى ھاراق ئىچىشتىن، ھاراق سودىسى قىلىشتىن ۋە ھاراق بىلەن داۋالىنىشتىن توسقان. بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلدۇق.

---

(1) ھاراقنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ”نىجىس“ يەنى ”پاسكىنا“ دەپ سۈپەتلىگەن. مۇشرىكلارنىمۇ ”نىجىس“ دەپ سۈپەتلىگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ ھاراق بىلەن مۇشرىكلارنى ”نىجىس“ دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ھاراق بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتە نىجىس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. ”تەپسىر قۇرتۇبىي“ 188- 189- بەتلەردە ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازى رەبىئە، ئىمام لەيس، ئىمام مۇزنىي ۋە باغداتلىق ئۆلىمالارنىڭ «ھاراقنى ھارام دېگەنلىك ئۇنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نىجىس بولۇشى شەرت ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى قەيت قىلىنغان. ئىمام شەۋكانىي ”سەيلۇل جەرار“ ناملىق ئەسەرنىڭ 35- 37- بەتلىرىدە: «مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك دەلىل يوق» دېگەن. دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق ئەسەرى 559- بەتتە، دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق ئەسەرىنىڭ564- بېتىدە بۇ قاراش كۈچلەندۈرۈلگەن.

(2) دوكتور يۇسۇف ئەل قارداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» ناملىق ئەسىرىدىن

ئىككىنچىدىن، ھاراق باشقا نەرسىگە ئايلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ باشقا ماددىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. پۈتۈنلەي يوقىتىپ باشقا ماددىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: فىقھى كىتابلىرىدا: ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى بىلەن تېزىكى پاسكىنا ۋە ھارام نەرسىلەردۇر. ئەمما سۈيدۈك قۇرۇپ تۇزغا ئايلانسا، تېزەك كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا، بۇ ئىككىسى پاك ماددىلارغا ئايلىنىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ياۋروپا پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشىنىڭ 2005- يىلى 6- ئاينىڭ 1- كۈنى چىقارغان قارارىدا: «ھاراقتىن ياسالغان ئاچچىقسۇنى ئىچىش ھالالدۇر. چۈنكى ھاراق ئاچچىقسۇغا ئايلىنىش بىلەن ئۆزىدىكى ھاراقلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ»[1] دېگەن پەتىۋانى ئېلان قىلغان.

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق ئەسەرى 559- بەت، islamonline.net تور بېكىتى " پەتىۋا بانكىسى".

## ھايۋان ۋە قۇشلاردىن ھالال ۋە ھاراملار

1341. سوئال: ھالال ۋە ھارام پەرقى نەدىن كەلگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۆزى پاك، تەن ساقلىقىغا ياكى باشقا تەرەپلەرگە زىيىنى يوق، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى بار ۋە پاكىز نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشنى بۇيرۇپ، ئۇلارنى ھالال دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدەك ئۆزى پاسكىنا، تەن ساقلىقىغا ياكى باشقا تەرەپلەرگە زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشتىن توسقان ۋە مۇنداق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ھارام دەپ ئاتىغان.

### ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلاردىن يېيىش ھالال ۋە ھارام بولغانلىرى

1342. سوئال: ھايۋانلار نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ھايۋانلار قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ۋە سۇ ھايۋانلىرى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىمۇ ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1343. سوئال: سۇ ھايۋانلىرىدىن ھەر قانداقنى يېيىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى ھالال بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر قانداقنى يېيىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى [1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز ۋە دەريا توغرۇلۇق: «ئۇنىڭ سۈيى پاك، مەھسۇلاتى ھالالدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىس بېلىق ۋە ھەر قانداق سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدە سۇ ھايۋانلىرىدىن بېلىقتىن باشقىسى ھالال دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەممىنى ھالال دەپ قارايدۇ.

1344. سوئال: ئۆي ھايۋانلىرىدىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئومۇمەن، پاكىز ۋە پاك نەرسىلەرنى يەپ ئۆسكەن، يارىتىلىشىدا يىرتقۇچلۇق ۋە يىرگىنىشلىك بولمىغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىش

(1) مائىدە سۈرىسى 96- ئايەت

(2) بۇخارىي، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايىتى

ھالالدۇر. مەسىلەن: قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە، ئات، توشقان، توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مۈلكى بولۇش ياكى باشقىسىنىڭ بولسىمۇ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان بولۇش ۋە مۇسۇلمانچە بوغۇزلانغان بولۇش شەرتى بىلەن يېيىش ھالالدۇر.

1345. سوئال: ئۆي ھايۋانلىرىدىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ؟

جاۋاب: ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئېشەك، قېچىر، چوشقا، ئىت، مۈشۈك، چاشقان، كىرپە ۋە باشقىمۇ گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنى، ھاشاراتلارنى يېيىش ھارامدۇر. شۇنداقلا، كالا ۋە قويغا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلاردىنمۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ياكى بوغۇلۇپ ئۆلگەن ياكى باشقا ھايۋانلار ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئېگىزدىن يېقىلىپ ئۆلگەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ يەپ قويغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

1346. سوئال: ياۋايى ھايۋانلاردىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇكەن، زېبرا، تاغ تېكىسى ياۋا توشقان، كېيىك، زىراپە قاتارلىق يىرتقۇچ بولمىغان ھايۋانلارنى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ ۋە قېنىنى ئېقىتىپ ئۆلتۈرۈش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.

1347. سوئال: ياۋايى ھايۋانلاردىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ؟

جاۋاب: يارتىلىشىدا يىرتقۇچلۇق ياكى يىرگىنىشلىك بولغان، پاكىز نەرسىلەرنى يەپ ئۆسمىگەن ياكى پاكىز نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن بىرگە پاسكىنا نەرسىلەرنىمۇ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر. مەسىلەن: شىر، ياۋا چوشقا، بۆرە، پىل، مايمۇن، ئېيىق، يىلپىز، چىلبۆرە، قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەرگەن چىشى بار يىرتقۇچ ھايۋانلار.

## قۇشلاردىن يېيىش ھالال ۋە ھارام بولغانلىرى

1348. سوئال: قۇشلاردىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: قۇشلاردىن قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ، كەكلىك، بۆدۈنە قاتارلىق يىرتىدىغان تىرناقلىرى بولمىغان قۇشلارنى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ ۋە قېنىنى ئېقىتىپ ئۆلتۈرۈش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.

1349. سوئال: قۇشلاردىن قانداقلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ؟

جاۋاب: قۇشلاردىن بۈركۈت، قۇرغۇي، ھۇۋقۇش، لاچىن، قارچىغا قاتارلىق يىرتىدىغان تىرناقلىرى بولغان يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

شۇنىڭدەك، زەھەرلىك يىلان، چايان، زەھەرلىك ئۆمۈچۈك ۋە بۇلارغا ئوخشاش ھاشاراتلارنى يېيىشمۇ ھارامدۇر.

1350. سوئال: دىنىمىزدا گۆشى يېيىلىدىغان ماللار نېمىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئەڭ شەرەپلىك قىلىپ ياراتقان. مۇنداق بىر شەرەپلىك ئىنساننىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمۇ شەرەپلىك بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن دىنىمىزغا ئاساسەن، يارتىلىشىدا يىرگىنىشلىك، يىرتقۇچلۇق ۋە پاسكىنىلىق بولغان ھايۋانلارنىڭ گۆشى ئىنسانلارغا لايىق ئەمەس. شۇڭا دىنىمىز بۇنداق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىنسانلارغا لايىق كۆرمىگەن ۋە يېيىشنى ھارام قىلغان.

## ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1351. سوئال: ئوۋ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوۋ ــ قورۇقلۇق ياكى دېڭىز ھايۋانلىرىنى قايسىبىر ئۇسۇل بىلەن تۇتۇۋېلىش دېگەنلىكتۇر.

1352. سوئال: قانداق ۋاقىتتا ئوۋ ئوۋلاش چەكلىنىدۇ؟

جاۋاب: ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ۋاقىتتا ئېھرامدىن چىقىپ بولماي تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاش چەكلىنىدۇ. مۇندىن باشقا قايسىبىر ۋاقىتتا ئوۋ ئوۋلاشقا بولىدۇ.

### ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى

1353. سوئال: ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئوۋلىغۇچىنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، مۇسۇلمان ياكى ئەھلى كىتاب بولۇشى.

(2) ئوق ئاتقاندا ياكى ئوۋلىغۇچى ھايۋاننى ئوۋغا قويۇۋەتكەندە، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «بىسمىللا، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش.

(3) ئوۋلايدىغان سايمان ـ ئەگەر ئوۋ ھايۋانلىرى بولمىسا ـ تېرىنى تېشىپ ئۆتىدىغان تىغلىق نەرسە بولۇشى. ئەگەر ئوۋلاشتا ئىشلەتكەن سايمان تاياق ياكى تاشقا ئوخشاش نەرسىلەردىن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوۋلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكتۇر. شۇنداقتىمۇ جېنى چىقىپ بولمىغان ھالدا ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ.

(4) ئوۋ ئوۋلاشتا كۆندۈرۈلگەن ئوۋچى ئىت بىلەن باشقا ئىتلارنىڭ ھەمكارلاشماسلىقى لازىم. چۈنكى ئوۋنى قايسىسىنىڭ تۇتقانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئىسمى قايسىسىغا ئاتالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەگەر ئىتىڭنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئىتنى كۆرگىنىڭدە، ئوۋلانغان ھايۋان ئۆلگەن بولسا، ئۇنى يېمە. چۈنكى سەن قايسىسىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيسەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(5) ئىۋۆچى ئىت ئۇۋلىغان نەرسىسىدىن يېمىگەن بولۇشى شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئۇۋغا قويۇپ بېرىلگەن ئىت تۇتقان نەرسىسىدىن يېگەن بولسا، ئۇنى سەن يېمە. ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتقان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇۋلىغان نەرسىسىدىن يېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇۋلىغان نەرسىسىنى يېسەڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى ئىگىسى ئۈچۈن تۇتقان بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىۋۆ هايۋانلىرىنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئۇۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار [2] دېگەن.

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، بۇخارىي بىلەن مۇسلىممۇ بۇ مەنىدە ھەدىس رىۋايەت قىلغان
(2) مائىدە سۈرىسى 4- ئايەت

# ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىكى ھارام‍لار(چەكلەنگەن ئىشلار)

1. ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ
2. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلار
3. ئىسلامنى ياكى قۇرئاننى ياكى پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ گۇناھى
4. پالچىلارنىڭ ۋە رامچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشنىڭ گۇناھى
5. شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۇمارنىڭ بايانى

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار

1354. سوئال: ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ [1].

چۈنكى ئاللاھ تائالا يېگانە ئىلاھ، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى باشقۇرغۇچى ۋە يالغۇز خوجايىنىدۇر. ئاللاھ ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ھېچكىمنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتنى ئاللاھقا ئوخشىتىش ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىقتۇر. قۇرئان كەرىمدە: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ ھەقسىزلىقتۇر [2] دەپ ئېيتىلغان. مۇنداق بىر ھەقسىزلىق ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەزەپلەنمەسلىكى، نەپرەتلەنمەسلىكى ۋە بۇنداق ھەقسىزلىقنى قىلغان ئادەمنى جازالىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىق شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۆز ــ چۆچەكلەرنى ۋە ئىش ــ ھەرىكەتلەرنى سادىر قالغانلارنى ياقتۇرمىغان ۋە ئۇلاردىن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىنتىقام ئالغان يەردە، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، كاتتىلارنىڭ كاتتىسى بولغان ئاللاھ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئۈستۈن شەنىگە، ئىلاھلىق ماقامىغا، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە لايىق كەلمەيدىغان بۇ چوڭ گۇناھنى كەچۈرمەسلىكتە ئەلۋەتتە ھەقلىقتۇر!

1355. سوئال: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش - ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلاردىن قايسىبىرىنى ئاللاھقا ياكى ئاللاھنىڭ خاس سۈپەتلىرىدىن بىرىگە ئوخشىتىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئېتىقاد، ئەمەل - ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھقا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش

---

(1) نىسا سۈرىسى 116 - ئايەت.

(2) لۇقمان سۈرىسى 13- ئايەت

بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئاللاھنى ئەڭ قاتتىق غەزەپلەندۈرىدىغان يامان ئىشتۇر.

1356. سوئال: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك سانىلىدىغان ئىشلار ئىمانغا زىت كېلىدىغان شېرىك ئەمەللىرى ۋە ئىمانغا زىت كەلمىسىمۇ، سادىر قىلغۇچىسىنى گۇناھقا پاتۇرىدىغان شېرىك ئەمەللىرى، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1357. سوئال: ئىمانغا زىت كېلىدىغان شېرىك ئەمەللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىمانغا زىت كېلىدىغان شېرىك ئەمەللىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

(1) دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھتىن باشقىمۇ بەزى باشقۇرغۇچىلار بار، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى، قۇتۇبلارنى كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالانىڭ تەسەررۇپاتىغا شېرىك قىلىپ، قوشىۋالغانلىقتۇر.

(2) مەخلۇقاتنى ياكى ئۆلۈكلەرنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ خاس سۈپەتلىرىگە ئوخشىتىش. مەسىلەن: ئاتالمىش ئەۋلىيا، قۇتۇپلار، پالچىلار ۋە رامچىلار، سېھىرگەرلەر ئاللاھتىن باشقىلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى (غەيبنى) بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل شېرىك ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى غەيبلەرنى بىلىش ئاللاھقا خاس سۈپەت.

(3) ئۆلۈكلەرنى (مەيلى ئۆلۈك پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن،) كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: مازاردىكى ئاتالمىش ئەۋلىيالار ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

(4) ئۆلۈكلەردىن، دەل-دەرەخلەردىن ۋە مازارلاردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۆلۈكلەردىن كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، پەرزەنت ۋە بەرىكەت تىلەش، شۇنداقلا مەيلى تىرىك بولسۇن، مەيلى ئۆلۈك بولسۇن، ئاللاھتىن باشقا بىراۋنى تەبىئىي سەۋەبلەرنىڭ سىرتىدا كىشىلەرگە ياردەم قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. بۇ خىل شېرىك ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «دۇئا ـ ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(5) ئاللاھتىن باشقا بىرسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، يەنى ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلارنىڭ ۋە مازاردىكى ئۇلۇغلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز،

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

دېگەن ئېتىقاد بىلەن، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مازارلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئاتاپ مال كېسىش. چۈنكى قۇربانلىق - ئىبادەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن» [1].

(6) ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش. چۈنكى قەسەم ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقىلىدىغان بىر زاتنىڭ نامىنى ئاتاش ئارقىلىق، بىرەر ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر مەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسام، نامى ئاتالغان بۇ زات مېنى ئۇرسۇن» دېگەنلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغلۇقنىڭ يېگانە ئىگىسى، قىلمىشلارغا يېتەرلىك جازا بەرگۈچى ۋە ئازابىدىن قورقۇلغۇچى زات - ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغۇچى، ئاللاھقىلا خاس بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە قىلمىشلارغا جازا بېرىشتەك ئالىي سۈپەتلەرگە باشقىلارنى شېرىك قىلغۇچى بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[2].ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم شېرىك ۋە كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، ئۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەسەم ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا قىلىنىدۇ.

(7) قۇرئان كەرىم مەخلۇقاتقا خۇددى ئاللاھقا ئەقىدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىشنى شېرىك ئەمەللىرىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە بويسۇنىدۇ) مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتىدۇ» [3].

يۇقىرىقىلاردىن قايسىبىرىنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ بۇرۇن قىلغان پۈتۈن ئەمەل-ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئىماندىن چىقىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ

---

(1) كەۋسەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(3) بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەت.

ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ [1].

1358. سوئال: ئىمانغا زىت كەلمەيدىغان شېرىك ئەمەللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىمانغا زىت كەلمىسىمۇ، سادىر قىلغۇچىسىنى گۇناھقا پاتۇرىدىغان شېرىك ئەمەللىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئۆلۈكلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە مازارلارنى تاۋاپ قىلىش. چۈنكى تاۋاپ قىلىش پەقەت بەيتۇللاھتىكى «كەبە» گىلا خاستۇر. بەيتۇللاھتىن باشقا جاينى تاۋاپ قىلغان كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

(2) رىيا، يەنى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلماستىن، باشقىلارغا كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن قىلىش. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ئەمەل - ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشقۇچىلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، ئاللاھقا ئەڭ كىچىك شېرىكنىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشۇڭلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ، رىيادۇر»[2].

(3) ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا بويسۇنۇش. چۈنكى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، باشقىلارغا بويسۇنغۇچىلار ئۆزلىرى بويسۇنغان كىشىلىرىنى ئاللاھقا ئوخشاش، بەلكى ئاللاھتىن يۇقىرى كۆرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا بەندىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ»[3] دېگەن.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى سادىر قىلغان ئادەم گۇناھكار بولسىمۇ، ئىماندىن چىقمايدۇ، باشقا ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

1359. سوئال: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغان ئىشلارنى قىلغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغان ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، قايتا ئىمان ئېيتىش ۋە گۇناھلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىشتىن باشقا يول يوق. شۇنداق قىلغانلارنى ئاللاھ خالىسا كەچۈرىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

---

(1) زۇمەر سۈرىسى65-ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## پال سېلىش ۋە غەيبتىن سۆزلەش

1360. سوئال: پال سېلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پال سېلىش ــ كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلار ۋە يوقاپ كەتكەن نەرسىلەر ھەققىدە يالغاندىن خەۋەر بېرىش دېگەنلىكتۇر. پال بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىدىغان كاززاپلار بولۇپ، ئالىقانغا، چىنىگە ئوقۇش، كارت ئېچىش قاتارلىق تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار پالچى، رەمچى ۋە داخان دېگەن تۈرلۈك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىدۇ.

1361. سوئال: غەيب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: غەيب ــ ھېسسىي ئورگانلار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان، مېتافىزىكا ئالەمگە ئائىت ئىشلاردۇر. غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئاسمان ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلمەيدۇ [1].

## ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلىش

1362. سوئال: دىنىي مەسخىرە قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دىنىي مەسخىرە قىلىش ــ ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭدىكى مۇقەددەسلەرگە تىل ئۇزىتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنىنى ھازىرقى ئەسىر بىلەن ماسلىشالمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ياكى ئوچۇق سۆزلەش.

(2) قۇرئان كەرىمنى ئادەتتىكى كىتابلارغا ئوخشىتىش ياكى ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق.

(3) كۇففارلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەيىبلەش ياكى ئۇنى ئادەتتىكى ئىنسان قاتارىدا كۆرۈش.

(4) ئىسلام جازا قانۇنىدىكى ئىبرەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان بەزى جازالارنى مەسخىرە قىلىش ياكى ئەيىبلەش.

1363. سوئال: ئاللاھنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانىنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغانلار شەكسىز كاپىر بولىدۇ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: ‹بىز (راستتىن ئەمەس)،

---

(1) نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت

پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئويىنىشىپ دەپ قويىدۇق› دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) ‹سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟" دېگىن. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايمىز [1]

## شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۇمار تۈرى

1364. سوئال: تۇمار ئېسىش شېرىككە كىرەمدۇ؟

جاۋاب: تۇمار ئېسىشنىڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغانلىرىمۇ ۋە كىرمەيدىغانلىرىمۇ بار. بۇنىڭغا بىنائەن، تۇمار ئېسىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۈرى، يەنە بىرى، كىرمەيدىغان تۈرىدۇر.

1365. سوئال: شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۇمار قايسى؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلارنىڭ، جىنلارنىڭ ۋە باشقا ھەرقانداق مەخلۇقنىڭ (ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ) ئىسىملىرى ياكى مەنىسى چۈشىنىكسىز تىلسىملار يېزىلغان تۇمارلارنى ئېسىش ۋە يېزىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقىغا ئىسلام ئالىملىرى ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزى مۇشۇ تۈردىكى تۇمارنى كۆرسىتىدۇ.

1366. سوئال: شېرىك دائىرىسىگە كىرمەيدىغان تۇمار قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن يېزىلغان تۇمارلارنى بالاغەتكە يەتمىگەن نارەسىدە باللارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىشقا بولىدۇ. ئەمما چوڭلارنىڭ تۇمار ئېسىشىنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى چوڭلار ئايەتلەرنى تۇمار قىلىپ ئاسماستىن ئۆزلىرى ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. ساھابىلارنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، **أعوذُ بكلمات الله التامات من غَضبه وعقَابه وشر عباده ومن همزات الشياطين وأنْ يحضرون** يەنى «ئاللاھقا سىغىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن، مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 65 ـ 66 ـ ئايەتلەر

(2) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس

تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرىغا ئۆگىتىپ ئوقۇتقانلىقى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەنلىرى ئۈچۈن، ئۇنى قەغەزگە يېزىپ ئۇلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ»[1]. تۇمار ئېسىش تەرغىب قىلىنىدىغان بىر ئىش ئەمەس. بۇ ماۋزۇدا تۇماردىن ياخشى چارىلەر باردۇر.

1367. سوئال: بالا- قازالاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىلىرى قايسى؟

جاۋاب: بالا- قازالاردىن ۋە يامان كۆز، يامان تىللارنىڭ، كۆرەلمەسلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ياخشى چارىلىرى بار. ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، ئۆزىنى پاكىز تۇتۇش، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش، ئىبادەتلەرگە ھېرىسمەن بولۇش قاتارلىق ئىشلار بالا-قازادىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى بولالايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ: ‹يارەسۇلەللاھ! مېنى كېچە يىلان چېقىۋالدى› دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر سەن ئاخشام ياتىدىغان ۋاقتىڭدا ئاللاھقا سېغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن› دەپ دۇئا قىلغان بولساڭ ئىدى، ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمىگەن بولاتتى› دېدى»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە، ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىپ: «سىلەر ئاخشاملىرى يېتىشتىن بۇرۇن ‹ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن ۋە مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىششىدىن ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن› دەڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، بالا - قازالاردىن ساقلىنىسىلەر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى ياتاق جايىغا بارغىنىدا، ئىككى ئالىقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاچقىنىچە، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئالقانلىرىغا سۈفلەپ بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ چىقاتتى، سىلاشنى ئاۋۋال بېشى بىلەن يۈزىدىن باشلايتتى ۋە ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن سىلايتتى»[4].

---

(1) تىرمىزى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(4) بۇخارىي رىۋايىتى

**دەم سېلىش**

1368. سوئال: دەم سېلىش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: كېسەللەرگە، ھەتتا ساق كىشىلەرگىمۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئوقۇش بىلەن دەم سېلىشقا بولىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى مۇنۇ ئۈچ شەرت بىلەن دەم سېلىشنى جائىز(دۇرۇس) دەپ قارايدۇ:

(1) دەم سېلىشتا پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىلا ئوقۇلۇشى،

(2) سېلىنغان دەمنىڭ ئەرەب تىلىدا بولۇپ، مەنىسى چۈشىنىشلىك بولۇشى،

(3) دەم ئۆزلۈكىدىن تەسىر قىلماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا تەسىر قىلىدۇ، شىپالىق پەقەت ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت.

## ئائىلە ھاياتىدا چەكلەنگەن ئىشلار

1. قىز ـ ئوغۇللارنى ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاش
2. مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىشى
3. مۇسۇلمان قىزلارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلىش
4. شەرئىي ئۆزرىسى بولماستىن ھامىلە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش
5. قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش
6. ئايلىق ئادىتى مەزگىلىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش
7. ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىش
8. ئەر ــ خوتۇنلۇقنىڭ سىرلىرىنى يېيىش
9. ئايلىق ئادىتى مەزگىلىدىكى (ھەيزدار) ئايالنى تالاق قىلىش
10. بالىنىڭ ئاتىسىغا تېنىشى
11. سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش
12. باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىنى تاشلاپ باشقىسىغا مەنسۇپ بولۇۋېلىشى
13. باللارنى خورلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىش
14. ئۇرۇق-تۇغقانلارنى تاشلىۋېتىش
15. ئاتا ــ ئانىنى قاقشىتىش

# قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق تاللاشتىكى ئەركىنلىكى

1369. سوئال: قىز ـ ئوغۇللارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى قىز ـ ئوغۇللارنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ رايىنى ۋە ئىختىيارىنى نىكاھنىڭ ئاۋۋالقى شەرتلىرىدىن قىلىپ بېكىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار» ساھابىلەر يا رەسۇلەللاھ! قىزلار ئۇياتچان كېلىدۇ، ئۇلار ئۆز رايىنى سۆزلىيەلمىسە قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قارشىلىق بىلدۈرمەستىن سۈكۈت قىلىپ تورۇشى ئۇلارنىڭ ئىختىيار قىلىپ رازى بولغانلىقىدۇر» دەيدۇ[1].

ئەمما قىز بولسۇن ياكى چوكان بولسۇن دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز بىرىگە ياتلىق بولمەن دەپ تۇرۇۋالسا، شۇنىڭدەك ئوغۇلمۇ ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز بىرىنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقسا ۋە بۇ ئىشنى رەت قىلسا بولىدۇ. ئەگەر قىز كىچىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى ياخشى تاللىيالمايدىغان ياشتا بولسا، ئاتا ـ ئانىسى ياكى تۇغقانلىرى ئۇنى ئۆزلىرى خالىغان يەرگە ياتلىق قىلىدۇ.

## مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىش مەسىلىسى

1370. سوئال: مۇسۇلمان ئەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ئۆيلىنىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ دىنغا ئىشەنمەيدىغان كوممۇنىست ياكى بۇددىست ياكى ساماۋى (ئەسلى ئاللاھتىن كەلگەن) بىرەر دىنغا مەنسۇپ بولمىغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇسۇلمانلار) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

دىـدەك ئەلـۋەتتە ئۇنىڭـدىن ئـارتۇقتۇر، مۇشـرىك ئەرلەر ئىمـان ئېيتمىغـۇچە مـۆمىن ئايـاللارنى ئۇلارغـا يـاتلىق قىلمـاڭلار. (هـۆر) مۇشـرىك ئەر سـىلەرنى مەپتـۇن قىلغـان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر [1].

بـۇ ئـايەت، ئاتېئىزمچىلارغـا ئوخشـاش ئاللاهقـا ئىشـەنمەيدىغان، بۇددىسـتلارغا ئوخشاش باتىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشنىڭ قەتئىـي هـاراملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما خرىستىئان ياكى يەهۇدىي دىنىغا ئېتىقـاد قىلىـدىغان ئاياللارغـا ئۆيلىنىشـكە بولىـدۇ. ئـاللاه تائـالا مۇسـۇلمان ئەرلەرنىـڭ ئەهلـى كىتـابتىن بولغـان ئايـاللار بىـلەن ئۆيلىنىشنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەردىن بولغـان ئىپپەتلىـك ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن (يەهـۇدىيلار ۋە خرىسـتىئانلار) دىـن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ مەهرىنى بەرسەڭلار ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشـكارا ـ يوشـۇرۇن پاهىشـىنى كـۆزلىمىگىنىڭلار هالـدا (ئـۇلارنى) ئالسـاڭلار) ئـۇلار سـىلەرگە هالالـدۇر [2]. بـۇ رۇخسـەت قىلىنغـان ئىـش بولسـىمۇ، تەرغىـب قىلىنمايـدۇ. چـۈنكى مۇسۇلمان ئايال يەهۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر.

خرىسـتىئان يـاكى يەهـۇدىي دىنىـدىكى ئايـاللار بىـلەن ئۆيلىنىشـنىڭ شـەرتى، ئۇلارنىڭ ئاللاهقا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان ئاياللاردىن بولۇشىدۇر.

**مۇسۇلمان قىزلارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلىشنىڭ هاراملىقى**

1371. سوئال: مۇسۇلمان قىزلارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جـاۋاب: مۇسـۇلمان قىزلارنىـڭ ۋە ئاياللارنىـڭ مۇسـۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە يـاتلىق بولۇشى قەتئىي جائىز ئەمەس. مەيلى ئۇلارنىـڭ يـاتلىق بولمـاقچى بولغـان كىشـىلىرى خرىسـتىئان بولسـۇن، مەيلـى يەهـۇدىي بولسـۇن، مەيلـى ئاتېئىسـت بولسـۇن، مەيلـى بۇددىست ياكى مۇشرىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۆيلىنىشـكە لايىـق ئەمەس. ئـاللاه تائـالا مۇسـۇلمان ئايـاللار توغرۇلـۇق: ئـۇلار كاپىرلارغـا هـالال ئەمەس. كاپىرلارمۇ ئۇلارغا هالال ئەمەس [3] دېگەن.

ئـۆز مىللەتـتىن بولسـىمۇ، ئاللاهقـا ئىشـەنمەيدىغان ئـاتېئىزم ئەقىدىسـىگە ئىشىنىدىغان بىرىگە مۇسۇلمان قىزنى ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ. مۇنـداق قىلغـۇچىلار

(1) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت
(2) مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت
(3) مۇمتەهىنە سۈرىسى 10 ـ ئايەت

ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ئايەتتىكى ھۆكۈمگە قارشى چىققان بولۇپ، جازاسىنى ئىبغىر تارتىدۇ.

## ھامىلە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى

1372. سوئال: ھامىلە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: تۇغۇش ـ تۇغماسلىق مەسىلىسى ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ قارارىغا باغلىق ئىشتۇر. ئائىلىدىكى مەلۇم سەۋەبلەر ياكى زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئەر ـ ئايال ئىككىسى كېلىشىپ تۇغۇشنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈش نىيىتى بىلەن ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا، ئوكۇل ۋە باشقا ھەر قانداق بىر چارىنى قوللىنىشى دۇرۇستۇر. بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەر كۆپ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ ئەزلە قىلاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىلگەن، ئەمما ئۇنىڭدىن توسمىغان ئىدى»[1].

ئەزلە قىلىش ــ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، بالا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، سپېرمىنى سىرتقا تۆكۈۋېتىش دېگەنلىكتۇر.

## قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش جىنايىتى

1373. سوئال: قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: قورساقتىكى بالىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر قاتىللىق جىنايىتىدىن سانىلىدۇ. ئاخىرەتتىكى جازاسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ جىنايەت ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ ئۇنىڭ جازاسىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن ئانىنىڭ قورسىقىدا بولۇپ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بولسىمۇ بىر بوۋاقنى قەستەن ئۆلتۈرگەن ئادەم قاتىل ھېسابلىنىدۇ. قاتىلنىڭ جازاسى قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، دوزاختۇر!

1374. سوئال: قانداق شارائىتتا بالىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ؟

جاۋاب: تۆرەلمىنى ئۇنىڭ تۆرەلگىنىگە 40 كۈن توشماستىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىستىكى ۋە رازىلىقى بىلەن ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ.[2]

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) كۇۋەيت دۆلىتىنىڭ «پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى»نىڭ 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چىقارغان پەتىۋاسىدىن.

تـۆرەلمىنى ئېلىۋېتىمگەنـدە، ئۇنىـڭ ئىنسـىنىڭ ھايـاتى خەتەرگە ئۇچرايـدىغانلىقى ئىشـەنچلىك دوختـۇر تەرىپـىدىن كەسـكىن ئېنىقلانغانـدا، پەقەت ئىنىنـڭ ھايـاتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش يۈزىسىدىن تۆرەلمىگە 120كـۈن توشـمىغان بولسـا، ئـۇنى ئېلىۋېتىسە بولىدۇ»[1]. بۇ ھالەتتە شەرىئەتنىڭ: «ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنـى تـارتىش كېـرەك» دېيىلگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئانىنىڭ ھايـاتىنى سـاقلاپ قـېلىش ئۈچـۈن بالىسـىنى ئېلىۋېتىش جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈردۇر.

ئەمما تـۆرەلگىنىگە 120كـۈن تولـۇپ ئېشـىپ كەتـكەن تـۆرەلمىنى قايسـىبىر سـەۋەب بىلەن چۈشۈرىۋېتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چـۈنكى مۇنـداق قىلـىش بىـر جاننى قەسـتەن ئۆلتۈرگەنلىـك ھېسـابلىنىدۇ. ھـازىرقى زامـان مەشـھۇر ئۆلىمالىرىـدىن مـۇتلەق كـۆپ سانلىقى شۇنداق قارايدۇ.

1375. سوئال: تۆرەلمىگە قاچان جان كىرىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سـىلەر ئاناڭلارنىـڭ قورسـىقىدا پەيدا بولۇپ، 40 كـۈن ئىچىـدە لەخـتە قانغـا، ئانـدىن گـۆش پارچىسـىغا ئايلىنىسـىلەر، ئانـدىن مەخسـۇس پەرىشـتە ئەۋەتىلىـپ، سـىلەرگە جـاننى پۈلەيـدۇ ۋە سـىلەرنىڭ رىزقىڭلارنـــى، ئەجىلىڭلارنـــى، بەختلىـــك يـــاكى بەختســـىزلىكىڭلارنى يېزىشـــقا بۇيرۇلىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە:« تـۆرەلمىگە 42كـۈن بولغانـدىن كېـيىن، ئـاللاھ بىـر پەرىشـتىنى ئۇنىڭغـا ئەۋەتىـپ، ئـۇنى ئىنسـان شـەكلىگە كىرگۈزىـدۇ، ئۇنىـڭ قـولىقىنى، كـۆزىنى، تېرىسـىنى، گۆشـىنى ۋە سـۆڭەكلىرىنى يارىتىـدۇ. ئانـدىن پەرىشـتە: “ ئـى رەبـبىم! بـۇ تۆرەلمە ئەركەك بولامدۇ ياكى قىزمۇ؟ دەيدۇ. ئاللاھ ئـۆز خاھىشـى بـىلەن ئەمـر قىلىـدۇ، پەرىشتە يازىدۇ»[3].

ئىسلام ئۆلىمالىرى بـۇ ئىككـى ھەدىسـنىڭ روھىغـا ئاساسـەن، «تـۆرەلمە ئىنسـىنىڭ قورسىقىغا ئۇنۇپ 40 ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان كىرىدۇ. بىراق مەزكۇر 40 كـۈن ئۆتـۈپ قـانچە كۈنـدىن كېـيىن جـان كىرىـدىغانلىقىنى ھـېچكىم ئېنىـق كېسـىپ ئېيتالمايـدۇ. شـۇنداقتىمۇ قۇرئـان كەرىمـدىكى: ﴿ ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا

(1) كۇۋەيت ئىسلامىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ نەشرى، «پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى» پەتىۋاسى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى》[1] دېگەن ئايەتتىن، تۆرەلمە ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە ئىنفىتار سۈرىسىدىكى《 ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى》[2] دېگەن ئايەتكە ئاساسلانغاندا، تۆرەلمىگە 8 ھەپتە بولغاندىن كېيىن جان كىرىپ بولىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن[3].

## ھەيز ياكى نىپاسلىق ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە زىيىنى

1376. سوئال: ئايلىق ئادىتى مەزگىلىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

جاۋاب: (ئايلىق ئادەت كۆرىۋاتقان (ھەيزدار) ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ قېنى توختاپ، تولۇق پاكلانمىغۇچىلىك، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قەتئىي ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى (مۇھەممەد) ئۇلار سەندىن ئادەت كۆرگەن ئايال (بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى) توغرۇلۇق سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇ (ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە) زىيانلىقتۇر، ئادەت مەزگىلىدە ئاياللىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار (ئادەتتىن) پاك بولغۇچە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنلىشىڭلار [4].

بۇ ئايەت تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى تۇغۇتلۇق ئايال قېنىدىن پۈتۈنلەي پاكلىنىپ بولمىغىچە، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارامدۇر.

ئايال ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە، ئۇنىڭ بالا ياتقۇسى پۈتۈنلەي ئېچىلىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئايلىق قېنى ئېقىپ تۇرىدۇ. تېببىي تەرەپتىن مەلۇمكى، قان مىكروبلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇناسىپ مۇھىتىدۇر. ئايال ساق ۋاقتىدا ئۇنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن مىكروبلارنى ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل سۇ ماددىسى چىقىپ تۇرغانلىقتىن، ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان كىشى مىكروبنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ

(1) سەجدە سۈرىسى9-ئايەت

(2) ئىنفىتار سۈرىسى7-ئايەت

(3) دوكتور ئابدۇلجەۋۋاد ساۋبي، مەككە مۇكەررەمەدىكى« قۇرئان ۋە سۈننەت مۆجىزىلىرىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارالىق كۆتىتېتى»نىڭ تور بېتىدىن.

(4) بەقەرە سۈرىسى 222 ـ ئايەت

قالالايدۇ. ھالبۇكى، ئايال كىشى ئادەت كۆرگەن ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ مىكروبلىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش جىھازلىرى ئىشلىمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ياتقۇدىن كەلگەن توختاۋسىز قان مىكروبلارنىڭ تېز كۆپىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. قان كېلىۋاتقان ۋاقىتتا مىكروبلىنىشقا قارشى جىنسىي ئورگاندىن كېلىدىغان سۇمۇ قان دولقۇنى ئىچىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. مەلۇمكى، ئەرنىڭ جىنسىي ئورگىنىدا كۆپلىگەن مىكروبلار بولىدۇ. ئۇ ئايالى ساق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىدا، ئايالنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن كېلىدىغان مىكروبقا قارشى سۇيۇق ماددا ئەر تەرەپتىن كىرگەن مىكروبلارنى ھامان ئۆلتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئايال ئادەت كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مىكروبلاردىن مۇداپىئەلىنىش جاھازلىرى پۈتۈنلەي ئىشتىن توختىغاچقا، ئەركىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنى پەقەت مىكروبلار بىلەن قاپلانغان قان دېڭىزىغا شۇڭغۇغان بولىدۇ. نەتىجىدە، مىكروبلىنىش ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىگە بولىدۇ. بۇنىڭ زىيانلىرىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭ زىيىنى ئايالنىڭ ماتكىسى بىلەن بالا ياتقۇسىدا مىكروبلارنىڭ يېتىشكەنلىكى سەۋەبتىن ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئورگىنىدا داۋالاش قىيىن بولغان، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىقنى پەيدا قىلغان، ئەر كىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىدا مىكروبلارنىڭ ئورۇن تۇتۇشى بىلەن ئۇنىڭ سۈيدۈك يوللىرىدا ئۇزۇنغا سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىقنى پەيدا قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئەر بىلەن ئايال ئۈچۈن كۆپلىگەن خەتەرلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ.[1] قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنداق قىلىشنى«زىيانلىق» دەپ تەبىرلىشى بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

## ئايالLارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىشنىڭ ھاراملىقى

1377. سوئال: ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ مەيلى ئالدى تەرىپىدىن، مەيلى كەينى تەرىپىدىن، مەيلى قايسىبىر تەرىپىدىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئورگىنىغا كېلىش مۇتلەق دۇرۇستۇر. ئەمما ھارام بولغىنى ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا كېلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يامان قىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەپ: «ئۇ كىچىك بەچچىۋازلىقتۇر»[2] دەپ سۆككەن.

## ئەر - خوتۇنچىلىق سىرلىرىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكى

1378. سوئال: ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يېيىشنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

---

(1) سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مەشھۇر ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور مۇھەممەد ئەلى بارنىڭ«ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئان كەرىم ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسەرىدىن.

(2) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي رىۋايىتى

جـاۋاب: ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىـڭ سـىرلىرىنى سـىرتقا تـارقىتىش تولىمـۇ زىيـانلىق ئەخلاقسـىزلىق ۋە ئەدەپسـىزلىك بولـۇپ، ئەر ـ ئاياللىقنىـڭ مـۇقەددەس رىشتىسـىگە قىلىنغـان ئەڭ ئېغىـر جىنـايەتتۇر. شـۇڭا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداقلارنى ئاگاھلانـدۇرۇپ: «قىيـامەت كۈنـدە ئاللاھنىـڭ نەزەرىـدە ئەڭ يامـان ئـادەم ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى سىرتقا يايغان كىشىدۇر»[1] دېگەن.

چۈنكى ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە، ئەر بىـلەن ئايـالنى كـىيىمگە ئوخشـىتىپ: ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر [2] دېگەن.

بـۇ ئايەتنىـڭ مەنىسـى شـۇكى، كىيىمـمۇ ئىنسـانىنىڭ تېنىنـى سـوغۇقتىن ۋە ئىسسـىقتىن مـۇداپىئە قىلـىپ، ئۇيـاتلىق جـايلىرىنى ئېچىلـىپ قېلىشـتىن يـۆگەپ سـاقلىغاندەك، سـىلەرمۇ بىـرـ بىرىڭلارنىـڭ سـىرلىرىنى، ئېيىپلىرىنـى ۋە ئىككىڭـلار ئارىسىدىكى ئەر ـخوتۇنچىلىق ئىشلىرىنى كىشىلەرنىڭ بىلىـپ قېلىشـىدىن يوشـۇرۇپ ساقلىشىڭلار كېرەك دېگەنلىكتۇر.

**ھەيزدار ئايالنى تالاق قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى**

1379. سوئال: ئايلىق ئادىتى مەزگىلىدىكى (ھەيزدار) ئايالنى تالاق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئايلىق ئادىتى مەزگىلىدىكى ئايالنى تالاق قىلىشقا بولمايـدۇ. تـالاق (ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاجرىشىشى) ئاللاھقا ئەڭ ياقمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرىـدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىيـاجى سـەۋەبلىك زۆرۈر تېپىلغانـدا تالاققـا رۇخسـەت قىلىنغـان بولسـىمۇ، ھەر قانداق ۋاقىتتا تالاق قىلىش چەكلەنگەن. ئاللاھقا ئىمانى بار مۇسۇلمان ئـادەم ئايـالنى تـالاق قىلمـاقچى بولسـا، ئـۇنى ئـادەت كـۆرگەن مەزگىلـدە ئەمەس، بەلكـى ئادەتنىـڭ قېنىدىن پاك ۋە سـاق ۋاقتىـدا، ئۇنىڭغـا جىنسـىي تەرەپتىن يېقىنلاشماسـتىن قىلىـدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، سـىلەر ئايـاللىرىڭلارنى تـالاق قىلمـاقچى بولسـاڭلار، ئۇلارنىـڭ ئىـددىتىگە (ئـۇدۇللاپ، پـاك ھالىتىـدە) تـالاق قىلىڭلار [3].

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بەقەرە سۈرىسى 178ـ ئايەت

(3) تالاق سۈرىسى 1 ـ ئايەت

## باللار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى

1380. سوئال: باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: باللار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىپ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش ياكى ئۇلارنىڭ بىرىگە ئايرىم مۇئامىلە قىلىش ياكى كۆپرەك بىر نەرسە بېرىش ھەقسىزلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەقسىزلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىيانلىرى كۆپتۇر. دۇنيادا باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا تەسىر يېتىدۇ، ئارىسىدا بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. مۇنداق كىشى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

1381. سوئال: مىراستا باللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: مىراس مەسىلىسىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزى بىۋاستە بەلگىلەپ، كىمنىڭ قانچىلىك ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزى ياقتۇرىدىغان باللىرىغا مىراستىن كۆپرەك بېرىشى ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان باللىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىشى ياكى شۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشى ئاللاھ توسقان ھارام ئىشنى قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە قارشى چىقىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا مۇنداق ھەقسىزلىقنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ. ئىسلام قانۇنىدا، ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئالىدىغان مىراسى ھەققىدە قالدۇرغان ۋەسىيتى بىكاردۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمايدۇ. ئەمما ۋارىسلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن باشقىلار ھەققىدە قىلغان ۋەسىيەتلىرى بولسا، ئۇ يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا مىراس قانۇنى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ئاتا - ئاناڭلار ۋە باللىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1].

(1) نىسا سۈرىسى 11 - ئايەت

# نەسەبنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى

1382. سوئال: نەسەبنى قانداق ساقلاش كېرەك؟

جاۋاب: بىر ئادەمنىڭ نەسەبى ئۇنىڭ كىملىكىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ نەسەبىنى قوغداشقا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭ نەسەبىنى ئۆزگەرتىپ، نامىنى ئۆزىگە قارىتىپ بېقىۋېلىشنى مەنئى قىلغان. ئەمما بىراۋ بىر بالىنى بېقىۋالماقچى بولسا، ئۇنى ئۆز ئاتىسىنىڭ نامى ۋە نەسەبى بىلەن ئاتىشى شەرت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، يېتىم بالىلارنى ياكى يولغا تاشلىۋېتىلگەن ئىگىسى يوق بالىلارنى ياكى يېتىمخانىلاردىكى ئىگىسىز بالىلارنى بېقىۋېلىپ، تەربىيىلەپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان ئادەمنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە تولۇق بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن يېتىمنى باققان كىشى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداقمىز»[1] دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئەنە ئاشۇ مۇكاپاتنىڭ بېشارىتىدۇر.

## ئاتىنىڭ بالىسىغا تېنىشى دۇرۇس

1383. سوئال: ئاتىنىڭ بالىسىغا تېنىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھىدا بولغان ئايالى تۇغقان بالىنى «مېنىڭ بالام ئەمەس» دەپ ئالدىراپ تېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئايالىنى قارىلاشقا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتى بولماستىن، بالىسىدىن تانغان ئادەم گۇناھكار ئادەمدۇر. ئەگەر ئايالىنى «بۇ بالىنى باشقىسىدىن تاپقان» دەپ قارىلىماقچى بولسا، ئايالىنى قارىلاش ئۈچۈن دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرۈشى شەرت. ئەمما پاكىتسىز ھالدا ئايالىنى قارىلاپ يۈرگەن بولسا، بۇ مەسىلە يۇرت-جامائەتنىڭ ئالدىدا، (ئىسلام شەرئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان مەملىكەتلەردە بولسا، مەھكىمە شەرئىيدە)، ئەر-ئايال«لەنەتلىشىش» ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەر- ئايال ئىككىسى ئايرىۋېتىلىدۇ ۋە بالا ئانىسىغا بېرىلىدۇ.

1384. سوئال: «لەنەتلىشىش» دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: «لەنەتلىشىش» ئۇسۇلىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس

سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن، بەشىنچى قېتىمدا: ‹ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن› دېسۇن، ئايالمۇ ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا: ‹ئەگەر ئېرىم راستچىللاردىن بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن› دېسە، جازاغا تارتىلمايدۇ»[1].

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجىزلاشقا، ئەخلاقى بۇزۇلغان، دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئاخىرەتلىك ساۋابنى بېسىپ چۈشىۋاتقان ھازىرقى زاماندا، ئۇلارنىڭ قەسەملىرىگە ئىشىنىپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. ھازىر تېببىي تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، بالىنىڭ دادىسىغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئىشى ئاسانلىشىپ قالدى. مەسىلەن: دادا- بالا ھەر ئىككىسىدىن ئانالىز (DNA) ئېلىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

**سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەسىلىسى**

1385. سوئال: سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ــ ئەرنىڭ سپېرمىسىنى ئېلىپ ئايالنىڭ رەھمىگە (بالياتقۇسىغا) يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئايالنى ئېغىر ئاياق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

بۇ ئىش قايسىبىر سەۋەب تۈپەيلى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە ئاشسا ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى ئۇلار بەرىبىر نىكاھلىق ئەر-خوتۇنلاردۇر. ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئەر سپېرمىسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ئەمەس، بەلكى تىببىي ئۇسۇل بىلەن ئايالنىڭ رەھمىگە ئۆتكەنلىكىدۇر.

ئەمما ئايالنىڭ ئۆز ئېرى بولمىغان بىر ئەرنىڭ سپېرمىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ رەھمىگە يەرلەشتۈرۈشى ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش مەزمۇن ۋە نەتىجە جەھەتتە زىنا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ نىكاھلىق ئېرى بولمىغان يات ئەردىن بالا تاپقانلىقتىن تاشقىرى، نەسلىنى بۇزۇشتۇر. مىسىرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن شەيخ شەلتۇت ئۆز ۋاقتىدا، بۇ ئىشنىڭ زىناغا ئوخشاشلا ھارام ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن[2].

(1) نۇر سۈرىسى 6 - 9 - ئايەتلەر
(2) «شەيخ شەلتۇت پەتىۋالىرى» 300 - بەت

**باللارنىڭ ئاتىسىدىن تېنىشى دۇرۇس ئەمەس**

1386. سوئال: باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىنى تاشلاپ باشقىسىغا مەنسۇپ بولۇۋېلىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىرىگە ئۆزىنى مەنسۇپ قىلىۋېلىشى ئىسلامدا چەكلەنگەن هارام ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز ئاتىسىدىن تېنىشنى ئاللاھ ۋە جىمى خەلقنىڭ لەنىتىگە ھەقلىق بولغان ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بىرى دەپ تونۇغان ۋە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقىسىنى ئاتام دەۋالىدىكەن، جەننەت ئۇنىڭغا هارام بولىدۇ»[1].

**ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ گۇناھى ۋە جازاسى**

1387. سوئال: ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشاتقانلىقتۇر. ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

1388. سوئال: ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا، ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. كىشى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىپ، ئاللاھقا شۇنچە سادىق بولسىمۇ، ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى قاقشاتقان ئىكەن، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسىدىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانىنىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ»[2].

ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانىنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام نەزەرىدە ئەڭ كەچۈرۈلمەس، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ئىھسان قىلىش

---

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) بەيهەقىي رىۋايىتى

نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانالسا، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھى كەبىرىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن قېچىڭلار. ئۇلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، غازاتتىن قېچىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي رىۋايىتى

# ئومۇمىي ھاياتتا چەكلەنگەن ھارام ئىشلار

ئومۇمىي ھاياتتا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ياكى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا، پەرز، ۋاجىپ ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش ۋە ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش كېلىدۇ. يۇقىرىقى گۇناھلارغا ۋە يامانلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ باش رولچىسى مانا مۇشۇ ئىككىسىدۇر. بۇ ئىككىسىگە رىئايە قىلغان ئادەم كۆپلىگەن گۇناھلاردىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

ئومۇمىي ھاياتتا چەكلەنگەن ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

1. كىيىنىش ۋە ياسىنىشتا چەكلەنگەن ئىشلار
2. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشنىڭ گۇناھى
3. ئەر ـ ئايال ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا چەكلەنگەن ئىشلار
4. ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىۋېلىشنىڭ گۇناھى ۋە تۈرلىرى
5. ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە چەكلەنگەن ئىشلار

## كىيىنىش ۋە ياسىنىشتا چەكلەنگەن ئىشلار

1389. سوئال: ئىسلام دىنى گۈزەل كىيىنىشكە قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەندەك، چىرايلىق، يارىشىملىق، ئېسىل ۋە گۈزەل كىيىنىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قىياپىتى، كىيىمى، يۈرۈش- تۇرۇشى خۇددى ئۇنىڭ قەلبىگە ئوخشاش پاكىز، ئېسىل، چىرايلىق بولۇشى لازىم. گۈزەللىك پاكىزلىقتىن كېلىدۇ. شۇڭا پاكىزلىق مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ چېچىپ، ئىسراپ قىلماستىن ۋە قولىدا بار تۇرۇپ بەكمۇ ئاددىي كىيىنمەستىن نورمال دەرىجىدە كىيىنىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ئاددىي كىيىنگەن بىر ئادەمگە: «ئاللاھ ساڭا مال ـ مۈلۈك بەرگەن ئىكەن، ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى ـ كەرەمىنىڭ ئەسەرى سەندە كۆرۈنسۇن»[1] دېگەن

### تۇرمۇشتا قوللىنىش ھارام بولغان نەرسىلەر

1390. سوئال: تۇرمۇشتا قوللىنىش ھارام بولغان نەرسىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: تۇرمۇشتا قوللىنىش ھارام بولغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

(1) ئەرلەر ئۈچۈن يىپەك بىلەن ئالتۇن ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىغا يىپەكنى، سول قولىغا ئالتۇننى ئېلىپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككىسى ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئالتۇن بىلەن يىپەكنى ئەرلەرنىڭ قوللىنىشىنىڭ ھارام قىلىشىنى بۇ ئىككىسىنىڭ ئايال جىنسىنىڭ زىننەتلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىقلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش پرىنسىپى يۈزىسىدىن بولسا كېرەك.

(2) ئەر - ئايال پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلارنى قوللىنىش ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردا يەپ- ئىچكۈچىلەر جەھەننەم ئوتىنى قورسىقىغا كىرگۈزگەن بولىدۇ»[3] دېگەن.

دۇنيادا ئاچارچىلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن دەرتلىنىۋاتقان ئىنسانلار شۇنچە كۆپ

(1) ئىمام نەسائىي رىۋايىتى

(2) ئىبنى ھىببان، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

تۇرسا، بايلارنىڭ ئىسراپچىلىق قىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردا يېمەك يېيىش دەرىجىسىگە يېتىشى ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھارامدۇر.

(3) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ھەيكىلى ياكى سۈرىتى تاقالماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كاپىرلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئۆيىگە كىرىشىدىن توسۇلۇشىنى شۇ ئۆيدە سۈرەت ياكى ھەيكەل بولغانلىقىغا سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئىچىدە سۈرەت ياكى ھەيكەل بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ»[1].

## ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس

1391. سوئال: ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋېلىشى دېگەن قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئەرنىڭ ئايالچە، ئايالنىڭ ئەرچە كىيىنىشى ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋالغانلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ ئەرچە، ئاياللارنىڭ ئايالچە كىيىنىشىنى ياقتۇرغاندەك، ئەرلەرنىڭ ئايالچە، ئاياللارنىڭ ئەرچە كىيىنىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئالتۇن ئۈزۈك تاقاشتىن، يىپەك ۋە ئايالچە بويالغان كىيىملەرنى كىيىشتىن توسقان»[2] دېگەن.

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

## ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشنىڭ گۇناھى

1392. سوئال: ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش دېگەن نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش دېگەن ياسىنىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق قىلىشنى ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ ئەمەلي دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى شەيتان مۇنداق دېگەن: ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن [1].

1393. سوئال: قانداق ئىشلار ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش سانىلىدۇ ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىلەر ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ:

(1) بەدەنگە گۈل ۋە سۈرەت چېكىش، چىشنى ئىنچىكىلىتىش. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈل چەككەن ۋە چەكتۈرگەن، چىش ئىنچىكىلەتتۈرگەنلەرگە لەنەت قىلغان»[2].

(2) قاشنى ئىنچىكىلىتىش. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاش تەرگۈزگەن ئاياللارغا لەنەت قىلغان»[3].

(3) چاچ ئۇلاش. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر چاچنى ئۆزىنىڭ چېچىغا ئۇلىغان ياكى ئۇلاتقان ئايالغا لەنەت قىلغان»[4].

ئەرلەرنىڭمۇ چاچ ئۇلىشى ۋە ئۇلىتىشى، شۇنداقلا چاچ ئۇلايدىغان ساتىراشخانىلاردا ئىشلىشى ئەلۋەتتە ھارامدۇر. چاچ ئۇلاش ياكى ئۇلىتىشتىن توسۇشنىڭ ھېكمىتى ئالدامچىلىقتا ۋە ھىيلە ـ مىكىرگە يول قويماسلىق پرىنسىپىدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى بەزى ئادەملەر ئۆزىدە بولمىغان گۈزەللىكلەرنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆرسىتىپ باشقىلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئالدامچىلىقنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ھارام قىلغان.

(4) چاچ بوياش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشانغان كىشىلەرنى چېچىنى قارا

---

(1) نىسا سۈرىسى 119 ـ ئايەت

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(4) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

بويسۇنۇشتىن توسقان.[1] چۈنكى بۇنداق قىلىش ئالدامچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنى ياش كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپ بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆزى چېچى ئاقىرىش يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن كىشىنىڭ چېچىنى قارا بويىشىغا بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئالدامچىلىقتىن يىراقتۇر[2].

ئەمما ياشانغانلارنىڭ چاچلىرىنى قارا بويىشى كۆپ ھاللاردا ئالدامچىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. مەسىلەن: ياش ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولغان ياشانغان بىرىنىڭ ئۆزىنى ياش كۆرسىتىش ئۈچۈن چېچىنى قارا بوياۋالغىنىغا ئوخشاش.

---

(1) «فەتھۇلبارىي» دا ئىمام ئەبۇداۋۇد توپلىغان ھەدىسلەر قاتارىدا بايان قىلىنغان.

(2) دوكتور يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ«ئىسلامدا ھالال ـ ھارام» ناملىق ئەسەرىگە قاراڭ.

## ئەر ـ ئايال ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا چەكلەنگەن ئىشلار

1394. سوئال: بىر ـ بىرىگە يات ئەر ـ ئايال جىنسلار ئوتتۇرىسىدا چەكلەنگەن ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) يات ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قارىشى. بۇ شەھۋانىي قاراش بولۇپ، زىنانىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كۆزمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زىناسى شەھۋانىي قاراشتۇر»[1] دېگەن.

(2) ئاياللارنىڭ ئەۋرەت ئورگانلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان شەكىلدە ئوچۇق كىيىنىشى ۋە تار، نېپىز، قىسقا كىيىملەرنى كىيىپ سىرتقا چىقىشى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن [2].

(3) نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش. ئەر ياكى ئايال ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جورىسى ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقىنى بولمىغان يات بىرى بىلەن خالىي يەردە يالغۇز قېلىشى ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان ھارام ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم مەھرىمى يېنىدا بولمىغان يات ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە يالغۇز قالمىسۇن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ»[3].

(4) بىراۋنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قاراش. مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن بىراۋنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى مۇتلەق ھارامدۇر. پەقەت ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە ۋە پۈتۈن ئورگانلىرىغا قارىشى دۇرۇستتۇر.

(5) ھاياسىز فىلىملەرنى كۆرۈش، ئەخلاقسىز سۈرەتلەرگە قاراش، تېلېۋىزور كونتروللۇقىنى قولىدىن بېرىش. نامەھرەملەرگە قاراش ھارام بولغان يەردە، بەزى فىلىملەردىكى ئەخلاقسىز قىلىقلارغا قاراپ لەززەتلىنىش، ھاياسىز رەسىملەرگە قاراپ

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

تاماشا قىلىش، تېلېۋىزور قاناللىرىنى كونتروللۇقىدا تۇتۇپ، نورمال فىلىملەردىن باشقىلىرىنى كۆرۈشتىن ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرى چەكلەنمەستىن مۇتلەق قوغۇۋېتىش ئەلۋەتتە چوڭ ھاراملاردىن بىرى ۋە ئىنساننىڭ قەلب كۆزىنى خىرەلەشتۈرىدىغان گۇناھتۇر. ئائىلە باشلىقى بولغان ئاتا بىلەن ئانا باللارنىڭ بۇ خىلدىكى ھارام ئىشلارنى سادىر قىلىپ، گۇناھ ئىشلىشىنى توسۇشى لازىم. شۇنداق قىلمىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بىرلىكتە باللىرىنىڭمۇ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ جازاسىنى چېكىدۇ.

(6) ئاياللار كېسەللىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، ئايال دوختۇرلارغا بېرىش ئىمكانىيىتى بار بولغان شارائىتتا، ئاياللارنىڭ ئەر دوختۇرغا بېرىشى. چۈنكى ئەر بىلەن ئايال ئىككى يات كىشىنىڭ يالغۇز بىر يەردە بولۇشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەر قانداق ئادەم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئايال دوختۇر بولمىغاندا ياكى جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ئەر بولامدۇ، ئايال بولامدۇ قايسىبىر دوختۇرغا بېرىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدىكى «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويىدۇ» دېيىدىغان ئومۇمىي پرىنسىپ بۇ ئىشقا يول قويىدۇ.

(7) ئاياللارنىڭ ئەر ساتىراشقا، ئەرلەرنىڭ ئايال ساتىراشقا بېرىپ چاچ كەستۈرۈشى ياكى ياسىتىشى. يات ئايالنىڭ يات ئەرگە، يات ئەرنىڭ يات ئايالغا تېگىلىپ قارىشى ھارام بولغان يەردە، ئۆزىنىڭ جورىسى بولمىغان بىرىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، چېچىنى ياسىشى ئەلۋەتتە ھارامدۇر. بۇنىڭدا زۆرۈرىيەت ياكى ئۆزۈر بولمايدۇ. چۈنكى ئاياللار ئۈچۈن ئايال ساتىراش، ئەرلەر ئۈچۈن ئەر ساتىراشلار تېپىلماي قالمايدۇ. ھەمدە چاچ ياسىتىش ياكى كەستۈرۈش جىددىي ئەھۋالمۇ ئەمەس، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا قىلغىلى بولىدۇ.

(8) ئاياللارنىڭ مەھرىمى ياكى ئىشەنچلىك ئاياللار گۇرۇپپىسىغا قېتىلماستىن، ئۆزى يالغۇز ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشى.

(9) زىنا قىلىش. دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ زىنانى ھارام قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى ئەسىردە تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. چۈنكى زىنا دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئەڭ زىيانلىق بىر ئاپەت بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ساقايمايدىغان نىجىس كېسەللىكلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ يامان يولدۇر. بۇ ماۋزۇدا ئاللاھ تائالانىڭ: زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر [1] دېگەنلىكى يېتەرلىكتۇر[1].

(1) ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت

## ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىش تۈرلىرى

1395. سوئال: ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئوخشىتىۋېلىش دېگەن نېمە؟
جاۋاب: مەيلى كىيىنىشتە بولسۇن، مەيلى ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولسۇن، مەيلى ھەر قانداق بىر ئىشتا بولسۇن مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دوراش ئۆزىنى ئۇلارغا ئوخشىتىۋالغانلىقتۇر.

### مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئۆگىنىشكە بولىدىغان ئىشلار

1396. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئۆگىنىشكە بولامدۇ؟
جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھېكمەت مۇسۇلماننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر. ئۇنى نەدىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[2] دېگەن.
ئەرەب تىلىدىكى «ھېكمەت» سۆزى «توغرا ئىش، توغرا سۆز ۋە پايدىلىق ئىلىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپنى نەدە بولسا تېپىپ ئۆگىنىشكە بۇيرۇلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھېكمەت مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردە، ھەتتا مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقان ياۋۇز دۈشمەنلەردە بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىپ ئۆگىنىش پەرزدۇر. چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ ھەققىدۇر. مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى، ئىلىم ـ ماھارىتىنى، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان روھىنى ئۆگىنىش زۆرۈردۇر.

### مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراشنىڭ چەكلىنىدىغان تەرەپلىرى

1397. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى قايسى تەرەپتىن دوراش چەكلىنىدۇ؟
جاۋاب: مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىگە، مۇسۇلمانچە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئادەتلىرىنى دوراش چەكلەنگەن ھارام ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمدىن بولۇپ كېتىدۇ».[3] ئۇ

---

(1) زىنا توغرۇلۇق بۇ بۆلۈمدە ئايرىم تەپسىلىي توختىلىمىز.
(2) ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايىتى
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىتىۋالغانلار بىزدىن ئەمەس»[1].
يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى «باشقىلار» ۋە «باشقا بىر قەۋم» سۆزلىرىدىن مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر مەقسەت قىلىنغان. زامانىمىزدا ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىۋېلىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

## قەبرىلەرنى قاتۇرۇش

قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، باشقا دىنلاردىكىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشىتىپ قۇرۇپ چىقىش. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان يامان ئىشتۇر. دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەبرە پەقەت بىر غېرىچ (تەخمىنەن22.5 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە تونۇپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىر غېرىچ مىقداردا كۆتۈرۈلگەن»[2].

## تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش

تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئادىتى خرىستىئان ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئەڭ مۆتىۋەر ئىبادەت ساناپ خاتىرىلەيدۇ.

ھەر كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ كېلىشى خوشاللىق ۋاقتى ئەمەس، بەلكى غەمكىنلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۆمۈردىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەنلىكى خوشاللىق ئەمەس. ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆتكەن بىر يىلدا ئىنسانلىق نامىغا لايىق نېمە قىلدىم؟ قانداق ياخشى ئىشلارنى بېجىردىم؟ ئىنسانىيەتكە نېمە مەنپەئەت يەتكۈزەلىدىم دەپ ھېسابلىشىش ۋاقتى. بۇ قانداقمۇ بايرام بولسۇن؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىشىلەر قەدرىگە يېتەلمەيدىغان ئىككى چوڭ نېمەت بار: بىرى ۋاقىت يەنە بىرى تەن ساقلىقى»[3] دېگەن تۇرسا، تۇغۇلغان كۈن بولسا ئۆمۈردىن بىر يىلنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ئۇنى قانداقمۇ تەبرىكلەش ۋە بايرام قىلىش مۇمكىن؟

ھەدىسى؟! نان يەپ قاچا بىكار قىلىدىغان، كۈن ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ قەدرى بولمىغان بىلەن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئورۇنباسارى دەپ بىلگەن كىشىلەر

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) دار قۇتنى رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

ئۇچۇن بۇ سوئال ئاددى ئەمەستە!

## ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمىنى خاتىرىلەش

ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمى 270- مىلادىيە يىلى 14-فېۋرال كۈنىدە خرىستىئان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا يولۇققان خرىستىئان پوپ داي ۋالىنتاين ( day valentine) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن خرىستىئانلار پەيدا قىلغان، ئەسلىدە رىملىقلارغا ئائىت جاھىلىيەت قالدۇقلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان خرىستىئانلىرى بۇ ئادەتنى بايرام شەكلىدە داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى دەپ ئاتالغان بۇ كۈن ئەر-خوتۇن بولمىغانلارنىڭ ھارام مۇھەببەتنىڭ داستانلىرىنى ياشايدىغان كۈنى بولۇپ قالغان. دېمەك، كىشىلەر زىنا-پاھىشە ئىشلارنى بۇ كۈندە كۆپرەك قىلىدۇ، ھەتتا 14-فېۋرال كۈنىدە بەزى رايونلارنىڭ مېھمانخانىلىرىدىن ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن بوش ياتاق تېپىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. مۇشۇنداق بىر كۈن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بايرام دەپ تونۇشىغا ئەرزىمدۇ؟!

## يىل بېشى بايرىمى (مىلادىيە بايرىمى)نى قۇتلاش

يىل بېشى بايرىمى ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلنى قۇتلاش ئۈچۈن خرىستىئانلار يولغا قويغان بىر دىنىي بايرام بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خرىستىئانلارنىڭ بىر- بىرىگە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىشى، يېشىل دەرەخنى تىكلەش، ئائىلە بويىچە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىش، نوۋېل پاپانىڭ تەقلىدىنى ياساش بىلەن بولىدۇ. بۇ بايرام كرىسماس دەپ ئاتىلىدۇ. (چۈنكى Xmas) سۆزى گرېكچىدىكى خرىستوس(Χριστος) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما خرىستىئانلارنىڭ ياۋروپادىكى پروتېستانت مەزھىبى بىلەن كاتولىك مەزھىبى 25 دېكابىرنى قارارلاشتۇرغان بولسا، شەرقتىكى ئورتودوكس مەزھىبى يانۋارنىڭ 7- كۈنىنى قارارلاشتۇرغان.

220- مىلادىيە يىلىغىچىلىك خرىستىئانلاردا بۇ ئادەت يوق ئىدى. شۇ يىلى خرىستىئان ئالىملىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ئىسا تەۋەللۇدىنىڭ 29- يىلى 25 مارت كۈنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارارلاشتۇرغان، كېيىنكى خرىستىئان ئالىملىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مىلادىيە 33-يىلى 3- ئاپرېل كۈنى دارغا ئېسىلغان دەپ قارارلاشتۇرغان. تارىختا تۇنجى قېتىم 14 ـ ئەسىردە كونستانتىن ئىمپېراتورنىڭ زامانىدا، كونستانتىن 25- دېكابىرنى ئىسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بايرىمى دەپ بېكىتكەن. چۈنكى رىملىقلار خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ھەر يىلى 25- دېكابىر كۈنىدە" قۇياش ئىلاھى" سانلىدىغان «بول ئىنفىكتوس» نىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئادەت خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك دىنىي بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار»[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: مەيلى قايسى دىندا بولمىسۇن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دورىماڭلار، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلماڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنى ئوخشاتماڭلار دېگەنلىك بولۇپ، مۇشرىكلارغىلا خاس ئەمەس. ھەدىستە «مۇشرىك» سۆزىنىڭلا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ئەسلىدە مۇشرىكلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، مۇشرىكلىك مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپرەك مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

مۇسۇلمانلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ يۇقىرىقى ئادەتلەر ۋە بايراملار قوبۇل قىلىنمىغان. گەرچە ھازىرقى زاماندىكى بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ئادەتلەرنى قىلسىمۇ، ئىسلام دىنى بۇلارنى نورمال ئادەتلەر قاتارىدا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە رەت قىلىدۇ.

بۇ ئادەتلەر ۋە بۇ بايراملار بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز ياكى ئادىتىمىزمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىداق ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم. مۇسۇلمانلار باشقا دىنلارنىڭ ئادەتلىرىنى ئەمەس، مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشكە مۇھتاج.

خرىستىئانلارنىڭ كرىسماس بايرىمى ئىبادەت خاراكتېردىكى بىر ئادەت. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشتىكى خوشاللىقىنى بىز بىرگە تەنتەنە قىلساق ئۇلار بىلەن ئىبادەتتە ئىشتىراك قىلغان بولمامدۇق؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ بۇ ئىبادەت خاراكتېرلىق پائالىيىتىنى قوللىغانلىق بولمامدۇ؟

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «اقتضاء الصراط المستقيم»ناملىق ئەسەرىدە يۇقىرىقى بايراملارنى قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارام ئىكەنلىكىنى كەسكىن قارارلاشتۇرغان.

ھازىرقى زامان كاتتا ئۆلىمالىرىدىن دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرىدە، باشقا دىندىكىلەرنىڭ قانداقلا بىر دىنىي

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

بـــايرىمنى قـــۇتلاش يـــاكى ئۇنىڭغـــا ئىشـــتىراك قىلىشـــنىڭ هـــارام ئىكەنلىكىنـــى تەكىتلىگەنـــدىن كېـــيىن، غەرب مەملىكەتلىرىـــدىكى ۋە شـــۇنداقلا مۇســـۇلمان ئەمەس مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىنـدىكى خىزمەتداشـلىرىنىڭ، دوسـتلىرىنىڭ، خوشـنىلىرىنىڭ، مۇئەللىملىرىنـىڭ بـايراملىرىنى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرمەستىن، ئـاغزاكى قـۇتلاپ قويۇشـىنى جائىز سانىغان.

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ هارام ئىشلاردىن ساقلىنىش شـەرتى بىـلەن ئـانىلار بـايرىمى، بـالىلار بـايرىمى، ئىشـچىلار بـايرىمى، ياشـلار بـايرىمى، غـالىبىيەت بـايرىمى دېگەنـدەك بـايراملارنى، ئـۆزلىرى ياشـاۋاتقان دۆلەتنىـڭ دۆلەت بايرىمىغـا ئوخشـىغان رەسمى بايراملىرىنى قۇتلىشىنى ۋە ئۇلارغا ئىشتىراك قىلىشىنى جائىز سانىغان[1].

**مۇسۇلمانلار باشقىلارنى دوراشقا هاجەت ئەمەس**

بىـز مۇسـۇلمانلار ئـۆزىمىزدە بـار گۆھەرلەرنىـڭ قەدرىنـى بىلمەسـتىن، هەمىشـە كەمسىنىپ يۈرگەنلىكىمىز ۋە باشـقىلارنى دوراشـقا مـاهىرلىقىمىزدىن بۇگـۈنكى كـۈنگە قالغـانمىز. ئـۆزۈڭنى قەدىرلىمىسـەڭ سـېنى باشـقىلار قانـداق قەدىرلەيـدۇ؟ سـەنمۇ ئۆزگىچىلىكىڭنى نامايان قىلساڭ باشقىلار ئادەتلىرىنى ساڭا تېڭىش ئەمەس، بەلكى سەندىن ئۆگىنىشكە، سېنىڭ دىنىڭ ئىـگە بولغـان ئېسـىللىكلەردىن بەهـرى ئېلىشـقا تىرىشـىدۇ ئەمەسـمۇ؟ «بىـر ئادەمنىـڭ سـېنىڭ سـەۋەبىڭ بىـلەن هـىدايەت تاپقـانلىقى سېنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن ئەۋزەل»[2].

خرىسـتىئانلار هەر خىـل بـايراملىرى ئـارقىلىق سـۆيگەنلىرىنى يىلـدا بىـر قېـتىم خاتىرىلىســە، مۇســۇلمانلار ســۆيگەنلىرىنى هەر كــۈنى ۋە هەر ۋاقىــت خاتىرىلەيــدۇ. «مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىغىنىڭدا (پېقىرلارغـا)سـەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى تاپىسەن»[3]، «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىگە ياخشـى بولغـانلاردۇر»[4]، «چىرايلىـق سـۆزدە سـەدىقىنىڭ سـاۋابى بـار»[5]، «كىمكـى ئۆزىنىـڭ ئـائىلە ئەزالىرىنـى خوشـال قىلىـدىكەن، ئـاللاھ تائـالا بـۇ خوشـاللىقتىن شـۇنداق بىـر ئىنسـانلارنى يارىتىـدۇكى، ئـۇلار شـۇ كىشـىنىڭ گۇناهىنىـڭ مەغپىـرەت قىلىنىشـىنى

---

(1) دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«فتاوى معاصرة»ناملىق ئەسەرى،3-توم،672-بەت.
(2) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(4) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(5) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قىيامەتكىچە ئاللاھ تائالادىن سورايدۇ»[1] دېگەن ھەدىسلەر مۇسۇلمان ئادەمنى كۈندىلىك ھاياتىدا، ئائىلى ۋە پەرزەنتلىرىدىن باشلاپ ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق كىشىسىگە ئۆزىنىڭ سۆيگىسىنى چىرايلىق سالام، تەبەسسۇم، ياخشى سۆز، گاھ سوۋغات ۋە ئۇلار خوشال بولىدىغان ھەر قابىداق نەرسىلەر بىلەن نامايان قىلىپ تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

خرىستىئانلار بايرام كۈنلىرى مۇناسىۋتى بىلەن سۆيگەنلىرىگە يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىملا سوۋغا تەقدىم قىلسا، مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇلغان. «بىر بىرىڭلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىشىڭلار! ئۆز ئارا مۇھەببىتىڭلار ئاشىدۇ»[2] دېگەن ھەدىس بۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

خرىستىئانلار ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ، خوشاللىقتىن بايرام قىلسا، مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئۇلارغا بۇ ھاياتنى بەرگەن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەپ شۈكرى ـ تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ بىر يىللىق ئۆمرى قىسقىرىغانلىقىنى ۋە ئۆتكەن ئۆمرى ئىچىدە دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ، ياخشى قىلغان ئىشلىرىدىن سۆيىنىدۇ، يامان قىلغان ئىشلىرىدىن غەمكىن بولۇپ، مۇندىن كېيىنكى ئۆمرىدە نوقسانلىرىنى تولۇقلاشقا بەل باغلايدۇ.

## سالامنى ئۆزگەرتىش

مۇسۇلمانلارنىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالاملىشىشىنىڭ ئورنىغا، باشقا مىللەتلەرنى دوراپ «ياخشىمۇسىز؟» دەپ سالاملىشىش توغرا ئەمەس. ئىسلامي سالاملىشىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى ئادەتلىنىپ كەلگەن دىني ۋە مىللي ئېسىل ئەنئەنىمىزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامي سالاملىشىشقا بۇيرۇپ: سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار [3] دەپ ئەمر قىلغان.

ئايەتتىكى تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىش «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم- سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن» دەپ سالام بەرگەن كىشىگە: «ۋە

---

(1) جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(3) نىسا سۈرىسى 86 ـ ئايەت

ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ــ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەن «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ــ سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن» دەپ جاۋاب بېرىشتۇر.

دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئېسىل سالاملىشىش ئادىتىدىن ياخشى سالاملىشىش يوق. چۈنكى بۇنىڭدىكى ئامانلىق تىلەش ۋە ياخشى تىلەكلەردە بولۇشتىن ئىبارەت چىرايلىق سۆزلەر ھېچقانداق بىر دىن ۋە ھېچقانداق بىر مىللەتتە يوق. «سالام» سۆزى بىلەن «ئىسلام» سۆزىنىڭ سۆز يىلتىزى بىر بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تىنچلىق ئېلىپ كېلىشنى غايە قىلغان ئىسلام دىنى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تىنچلىق، ئامانلىق تىلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## نەزىر ــ چىراغلارنى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈش ئادىتى

نەزىر ــ چىراغ پەقەتلا كەمبەغەللەرنىڭ، يېتىملەرنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش موھتاج كىشىلەرنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى بايلارغا ۋە تۇرمۇشى نورمال كىشىلەرگە بېرىلىدىغان تائام زىياپەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، نەزىر ــ چىراغ دېگەن بۇ ئادەت بايلارغا خۇشامەت قىلىش، يۈز ــ ئابرۇي قوغلىشىش، باشقىلار بىلەن بەسلىشىش قاتارلىق كۆپلىگەن پەس غەرەزلەر ۋە يامان نىيەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالماقتا. رېستورانلاردا «نەزىر» دەپ بېرىلگەنلەر ئەمەلىيەتتە نەزىر ئەمەس، بەلكى خۇشامەت ۋە ئىسراپخورلۇقنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بىر خىل بايلار زىياپىتىدۇر. كەمبەغەللەر، يېتىملەر، ئاغرىقچان كىشىلەر ۋە باشقىمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرى شۇ ھەيۋەتلىك رېستورانلارنىڭ يېنىدىن ئەيمىنىپ ئاران ئۆتىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئۇنىڭغا كىرەلىسۇن؟ كىممۇ ئۇلارنى چاقىرىدۇ؟

«ئۆيىمىز تار، مېھمان قوبۇل قىلالمايدۇ» دېگۈچىلەر نەزىر ــ چىراغ ئۈچۈن ئاتىغانلىرىنى كەمبەغەللەرگە ۋە يېتىم ــ يېسىرلەرگە تارقىتىپ بەرسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەر ــ ئاياللارنىڭ ھەممە بىر يەردە ئولتۇرۇشى

ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ــ ئادىتىمىز بويىچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھەممە بىرلىكتە بىر سورۇندا ئولتۇرمايدۇ. بەلكى ئەرلەر ئايرىم بىر زالدا، ئاياللار ئايرىم بىر زالدا ئولتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقىدا ئۆيلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدا «مېھمانخانا» ۋە «مەھرەمخانا» دەيدىغان ئىككى زال بولىدۇ.

مېھمانخانىغا ئەرلەرنى، مەھرەمخانىغا ئاياللارنى باشلايدۇ. مانا بۇ مىللىي ئەنئەنە، ئىسلامىي قائىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىشتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان بىر پەرزنى ئادا قىلىشتىمۇ، ئاياللارغا ئايرىم بىر كۈن ۋە ئايرىم بىر جاينى، ئەرلەرگە ئايرىم بىر كۈن ۋە ئايرىم بىر جاينى بەلگىلەپ، شۇ بويىچە تەلىم بېرەتتى.

## تېلېفون زىلى ئۈچۈن دۇئا ياكى ئايەت ياكى ئەزاننى ئىشلىتىش

دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىنىي كىتاب قۇرئان كەرىم نائىل بولغان ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يېتەلىگەن ئەمەس. ھېچبىر دىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بىلگەن كىتابلىرىنى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلىمەيدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىيالمايدۇ. تەۋرات، ئىنجىل ۋە ھەرقانداق بىر دىنىي كىتاب قۇرئان كەرىمدەك كۆكسىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ ئوقۇلمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە، ئۇلۇغلاشقا سازاۋەر بولغان يېگانە كىتاب. ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ھۆرمەتلىمەسلىك مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئىشىدۇر.

قارشى تەرەپكە تېلېفون ئۇرغاندا ئۇنىڭ ساداسى ئۈچۈن كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان زىللارنى قوللىنىدۇ. بەزىلەر بۇ ئاۋازنىڭ قۇرئان ئايەتلىرى ياكى دۇئا ياكى ئەزان بولۇشىنى تاللىسا، بەزىلەر ئۇنىڭ مۇزىكا ياكى ناخشا بولۇشىنى تاللايدۇ.

ئەمما تېلېفون زىلى ئۈچۈن قارىيلاردىن بىرەر قارىينىڭ قىرائىتىنى ئىشلىتىش قۇرئان كەرىمنى خورلىغانلىق بولۇپ ھارامدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش، چۈشىنىش، تىلاۋەتنى بىلەن ئىبادەت قىلىش، كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىم بوش ۋاقىتىمىزنى تولدۇرۇش ياكى قارشى تەرەپنى تېلېفونغا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغدۇر. قارشى تەرەپ تېلېفونغا جاۋاب بەرگەن ھامان تېلېفوندا ئوقۇلۇۋاتقان ئايەت كەلگەن يېرىدىن ئۈزۈلىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمگە قارشى نېمە دېگەن ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟!

ئەزانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى ئەزان ئىسلامدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا ئىبادەت بولغان نامازنىڭ ۋاقتىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان چاقىرىقتۇر. ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاش لازىم. ئۇنى تېلېفون زىلى سۈپىتىدە قوللىنىشتىن ئىبارەت دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىشقا بولمايدۇ. ئەمدى دۇئاغا كەلسەك، ئىش يەنە شۇنداق. سەئۇدى ئەرەبىستانى «كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»نىڭ ئەزاسى ۋە تونۇلغا ئالىم شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفوزان «يانفونلارغا مۇزىكا ئورنىدا قۇرئان ياكى ئەزان

ياكى دۇئا قويۇش مەسلىسىگە نېمە دەيسىز؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ: «بۇ ئەزاننى، قۇرئاننى ۋە زىكىرنى خورلىغانلىقتۇر. بۇلارنى تېلېفون ئاۋازى سۈپىتىدە قوللىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بەزىلەر"بۇنداق قىلىش مۇزىكىدىن ياخشىغۇ"دەيدۇ. سىز مۇزىكا قويۇشقا مەجبۇرمۇ؟ مۇزىكىنى تاشلاڭ! مۇزىكىسى يوق، قۇرئانمۇ يوق، ئەزانمۇ يوق، دۇئامۇ يوق زىلدىن بىرىنى قويۇۋېلىڭ»[1] دېگەن. يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى تېلېفون زىلى ئۈچۈن قۇرئان، دۇئا ۋە ئەزاننى ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقىنى ئېنىق ئېلان قىلغان پەتىۋالار بارلىققا كەلدى.

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان «دەۋەت» ژۇرنىلى 2008- يىل، 2097- سانىدىن.

# ئىقتىسادىي مەسىلىلەردىكى هارام ئىشلار

1398. سوئال: ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە چەكلەنگەن هارام ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە چەكلەنگەن هارام ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

## هارامدىن پۇل تېپىش

ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، ئالدامچىلىق، تارازىدا كەم بېرىش ۋە ئىسلامدا ئېلىپ ـ سېتىش چەكلەنگەن نەرسىلەرنى سېتىش ئارقىلىق پۇل تېپىش هارام كەسىپ بولۇپ، بۇنداق تاپقان پۇل شەكسىز هارامدۇر. هارامدىن پۇل تېپىپ، هارامدىن ئوزۇقلانغان ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەبىرى بويىچە، ئۇنىڭ هارامدىن ئوزۇقلانغان تېنى دوزاخنىڭ ئوتىغا لايىق بولىدۇ.

## جازانىخورلۇق قىلىش

ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش ياكى قەرز بېرىپ ئۆسۈم ئېلىش هەر ئىككىسى جازانىخورلۇق مۇئامىلىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا سودا ـ سېتىق قىلىشنى هالال قىلىپ، ئۇنىڭغا يول قويغان بولسىمۇ، جازانىخورلۇقنى يەنى ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى كەسكىن چەكلىگەن ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى هارام قىلدى [1].

هەتتا جازانىخورلۇقتىن قول ئۈزمىگەنلەرگە قارشى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار (يەنى جازانىدىن قول ئۈزمىسەڭلار) بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ [2].

مەلۇمكى، ئاللاھ ئۇرۇش ئاچقان كىشىنى هالاك قىلماي قويمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلىدىغان كۈچ يوق!

(1) بەقەرە سۈرىسى 275 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 279 ـ ئايەت

### يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش

يېتىملارنىڭ مېلىنى يەۋېلىش بۇ هاراملارنىڭ ئەڭ قاتتىقى ۋە گۇناھ جەھەتتىن ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالغۇچىلارنى قورقۇنچلۇق ئىبارە بىلەن تەھدىت قىلغان. زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبهىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [1].

ھەر قانداق كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش هارام بولسىمۇ، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش گۇناھ جەھەتتىن تولىمۇ ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

### زاكاتنى بەرمەسلىك

پۇل ـ مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، قولىمىزدىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغىنىدۇر. ئۇنىڭدا پېقىرلارنىڭ، يېتىملەرنىڭ ۋە باشقا موھتاج كىشىلەرنىڭ ئەلۋەتتە مۇئەييەن ھەققى بار. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنىڭ) پۇل ـ ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) باردۇر [2].

زاكاتنى بەرمىگەنلەرنى ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئالتۇن ـ كۆمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۆمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: ‹بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن- كۆمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە بېرىلىشكە تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار) يىغقان ئالتۇن- كۆمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار› دېيىلىدۇ [3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات بەرمىگۈچىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى

---

(1) نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت
(2) مەئارىج سۈرىسى 24 ـ 25- ئايەتلەر
(3) تەۋبە سۈرىسى 34 ـ ئايەت

تەسۋىرلەپ مۇنىداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل - مالنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال - دۇنيالىرى ئىككى كۆزىنىڭ ئۈستىدە قورقۇنچلۇق قارا مېڭى بولغان ھەيۋەتلىك بىر يىلانغا ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: "مەن سېنىڭ دۇنيادا يىغقان مال- دۇنيايىڭ" دەيدۇ»[1].

## ئىسراپچىلىق

بەزى مۇسۇلمانلاردىكى ئىسراپخورلۇق مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىگە يات كېلىدىغان، ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان بىر يامان ئىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ [2] دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان رىزىقنى ئىسراپ قىلماستىن، بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋالماستىن نورمال ھالدا ئىشلىتىدۇ.

## لاتارىيە بېلىتىنى سېتىۋېلىش

لاتارىيە بېلىتىنى سېتىۋېلىش ياكى قانداقلا بىر ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش كۈتۈلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن پۇل خەجلەش ھارامدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش قىمار ئوينىغانغا ئوخشاشتۇر. شۇنىڭدەك، لاتارىيە ۋە قانداقلا بىر ئويۇندىن ئۇتۇۋالغان پۇل مېھنەتسىز كەلگەنلىكى ۋە ھالال كەسىپ ئارقىلىق كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ھارامدۇر[3].

## باشقا پەرزنى قايرىپ قويۇپ تەكرارا ھەج قىلىش

پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغان كىشىنىڭ پەرز بولغان ئىشنى قايرىپ قويۇپ نەپلە (ئىختىيارىي) ھەج ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشى ھارام قاتارىغا كىرمىسىمۇ، توغرا ئەمەسلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، پۇلغا زور ئېھتىياجلىق شارائىتتا قالغان تۇغقانلىرىنى، دوستلىرىنى، قوشنىلىرىنى، يېتىم - يېسىرلارنى، داۋالىنىشقا پۇل تاپالمىغان كېسەللەرنى، پۇلسىزلىقتىن ئوقۇشقا كىرەلمىگەن باللارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى قايرىپ قويۇپ نەپلە ھەج ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەممە بىردەك سۆزلىمەكتە. چۈنكى جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ، يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش شۇ جەمئىيەتتىكى

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئەئراف سۈرىسى 31 - ئايەت
(3) يۈسۈف ئەل قارداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» ناملىق ئەسەرىدىن.

پۇلدارلارنىڭ ئۇستىگە پەرزدۇر. بۇ پەرزنى قايرىپ قويۇپ، نەپلە ئىبادەت ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىش توغرا ئەمەس. ساۋاب ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ساۋابنى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىكى نىيەتلىرىگە قاراپ بېرىدۇ. پۇل خەجلەشتە راستتىنلا ساۋابقا ئېرىششنى نىيەت قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە ساۋابى چوڭ ۋە كۆپ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. چۈنكى پەرزنىڭ ساۋابى نەپلىنىڭ ساۋابىدىن چوڭ ۋە كۆپ ئەلۋەتتە.

ئىسلام ئۆلىمالىرى «پەرز ئادا قىلىنمىغۇچە ئاللاھ تائالا نەپلە ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېيدىغان ئومۇمىي قائىدىگە ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلاشقان[1].

(1) دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» ناملىق ئەسەرى، 3-توم، 267-بەت.

## كىشىلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدە چەكلەنگەن ئىشلار

1399. سوئال: كىشىلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدە چەكلەنگەن ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: كىشىلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدە چەكلەنگەن ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

### مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قىلىش

مۇسۇلمانلار قايسى مىللەتتىن، قايسى دۆلەتتىن ۋە قانداق رەڭلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى شەخسىي مۇناسىۋەتتىن ھالقىغان، تەقۋالىق، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە چېكىگە يەتكەن مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان ئەڭ مۇستەھكەم بىر مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىمىرىلمەس بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇنى تەكىتلەپ: مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر [1] دەپ ئېلان قىلغان.

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشى ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلار بىر گەۋدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى ئالدىماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان كۆرمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن بولماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار. ئۆز ئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خورلىمايدۇ. تەقۋالىق قەلبتە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خور كۆرگەن ئادەمدىنمۇ يامان ئادەم يوق. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشى، پۇل ـ مېلىنى تارتىۋېلىشى ۋە نومۇسىنى تۆكۈشى قەتئىي ھارامدۇر»[2].

### مۇسۇلمانلارنى پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمىچىلىقى سەۋەبلىك چەتكە قېقىش

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش پەرز. چۈنكى بىرلىك، ئىناقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت تېپىشنىڭ ئامىلىدۇر. مۇسۇلمانلار ھازىرقى زاماندا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە باشقا

---

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ھەممە ئەسىرلەردىكىدىن بەكرەك موھتاجىدۇر. مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ پىكىر ياكى مەزھەپ ئايرىمچىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا، باشقىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتا بىدئەت (دىندا بولمىغان ئىشلار) نى سادىر قىلىدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلەيدىغان، ئەمما ئېتىقادى دۇرۇس بىر ئادەم نامازغا ئىمام بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق ياخشى ۋە گۇناھكار ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار[1]» دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، ئىناقلىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلغان.

## مۇسۇلمان بولمىسىمۇ تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرنى چەتكە قېقىش

مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگىمۇ ياخشى، ئادالەتلىك ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان. باشقا دىندىكى كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش ۋە خور كۆرۈشكە بولمايدۇ. بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىدە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەقسىزلىق قىلماستىن، توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قولدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئىنسانىي ياردەم قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: باشقا دىندىكىلەردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ [2].

1400. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن ئادەم ساۋاب تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «جېنى بارلىكى نەرسىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەم ساۋاب تاپىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.[3] بۇ ھەدىس مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى ھايۋان ياكى ئۇچار قۇش بولسۇن، جېنى بارلىكى نەرسىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، ياردەم قىلىش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭ بىرلا شەرتى

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(2) مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ ئايەت
(3) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بار. ئۇ بولسىمۇ مەزكۇر مۇسۇلمان ئەمەس شەخسنىڭ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئۇلارغا ياكى ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان كاپىرلاردىن بولماسلىقىدۇر.

**مۇسۇلمانلار يامان كۆرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر**

1401. سوئال: مۇسۇلمانلار كىملەرنى يامان كۆرۈشى كېرەك؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى، دىنىي سەۋەبتىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى، قۇرئان كەرىمنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتماسلىقى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ بىلىشى لازىم. بۇ پرىنسىپنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلغان: ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر[1].

يۇقىرىقىلارنى يامان كۆرۈش دېگەنلىك ئۇلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئادالەتتە، مۇئامىلىدە، ئىنسانىي ھۆرمەتتە ئۇلارغا ئايرىمچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئادالەت بىلەن دۇرۇسلۇق ھەر ئىشتا ۋە ھەركىم ئۈچۈن تەلەب قىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 9- ئايەت

## هايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكلەنگەن ئىشلار

ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھايۋانلارنى ئاسراش مەسىلىسى جىددىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈش ماۋزۇسىغا ئايلىنىپ، " ھايۋانلانى ئاسراش جەمئىيىتى" ۋە " ھايۋان سۆيەرلەر جەمئىيىتى" دېگەنگە ئوخشاش مۇئەسسەسەلەر مەيدانغا كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەھۋال ھازىرقى تەرەققىيات ۋە تېخنىلوگىيە ئەسىرىنىڭ يېڭىلىقى ياكى ئىجادىيىتى سۈپىتىدە تونۇلماقتا. ئەمما ھەقىقەتتە ئېيتقاندا، ھايۋانلارنى ئاسراش، ئۇلارغا شەپقەت كۆرسىتىش ئىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېڭى ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىلا "ئىنسان ھەقلىرى" ۋە " ھايۋانلارنى ئاسراش ۋە ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرى" نى قۇرئان كەرىمنىڭ سايىسىدا دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھاياتىدا بۇ قانۇن ـ پرىنسىپلارنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەتبىق قىلغان ھەم باشقىلارغا ئۆگەتكەن يېگانە شەخستۇر.

قىسقىسى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق قىينىلىپ كېتىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ھۆل تۇپراقنى يېيىشكە باشلىغان بىر ئىتنى كۆرگەن بىر بۇزۇق ئاياللىنىڭ ئىتقا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن، ئايىغىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن سۇ تولدۇرۇپ چىقىپ بۇ ئىتنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ئاياللىڭ پۈتۈن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ جەننەت ئەھلى بولۇپ كەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئاياللىڭ بىر مۈشۈكنى سۇ ياكى نان بەرمەستىن باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەب بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ئاياللىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كەتكەنلىك قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ھايۋانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىبادەت ۋە دىنىي ھەم ئىنسانىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلىغان[1].

1402. سوئال: ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكلەنگەن ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكلەنگەن ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) ھايۋانلارغا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىركۈنى ئۇستىگە ئارتىلغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورسىقى يەرگە تېگىپ قالغىلى ئاز قالغان بىر تۆگىنى كۆرۈپ قېلىپ: «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھتىن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ماللىرىنى ئۇرغانلارنىڭ ئۈچىسىگە قارىماسلىق، ئاۋۋال ھايۋانلارنى ئۇرۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى يولدا قالدۇرۇشتىن توسقان. ئۇ بىر ئادەمنىڭ بىر قويىنى سۆرەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ:

قورقۇتۇپ قويغانلىقتىن ئۆلۈۋاتقان...

قورقـۇتۇپ، بـۇ تىلسـىز مەخلۇقاتقـا زۇلـۇم قىلمـاڭلار، ھـايۋانلارنى يولـلـۇق رەۋىشـتە قوللۇنۇپ ۋە يوللۇق ھالدا يەڭلار»[1] دېگەن.

(2) ھايۋانلارنى ئاچ ياكى ئۇسسۇز قويۇش.

(3) ھايۋانلارغا كېسەل يەتسە ياكى بىرەر ئورگىنى ئۇنسا ۋاقتىدا داۋالاتماسلىق.

(4) ھايۋانلارنى ئۇرۇپ قىيناش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ھـايۋانلارنى ئـۇرۇش ۋە قىيناشتىن توسقان. ئۇ بىر ئادەمنىڭ بىر قوينى سۆرەپ كېتىپ بارغانلىقنى كۆرۈپ: «ھەي سېنى! ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىق يېتىلەپ ماڭ!» دەپ ئاگاھلانـدۇرغان. يەنە بىـر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن " ئۆلتۈرىلـدىغان مالغىمۇ كۆيۈنەمـدىمەن؟" دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنىڭغا كۆيۈنسەڭ ئاللاھ ساڭا كۆيۈنىدۇ»[2] دېگەن.

(5) ھايۋانلارنى ئوت بىلەن داغلاش.

(6) ھايۋانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئورگانلىرىنى كېسىش.

(7) ھايۋانلارنى ئوق ئېتىش مەشقلىرىدە قارىغا ئېلىش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ھايۋانلارنى ياكى قۇشلارنى ئوق ئېتىش مەشقلىرىدە قارىغا ئېلىشتىن توسـۇپ: «جېنـى بار قانداقلىكى نەرسىنى قارىغا ئالماڭلار»[3] دەپ تەلىمات بەرگەن.

(8) ھايۋانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشـتۇرۇش. مەسـىلەن: ئىـت تالاشـتۇرۇش، خـوراز چوقۇشـتۇرۇش، قوچقـار سوقۇشـتۇرۇش قاتـارلىق ئويـۇنلار ھارامـدۇر. ئـۇنى قىلغۇچىلار ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە قىينىغانلىقى سـەۋەبلىك ئـاللاھ تائالانـىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنـىڭ قىساسـلىرىنى زالىملاردىن ئېلىپ بېرىدۇ.

### ھايۋانلارنى قىيناشنىڭ جازاسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلغان ۋە ئـۇلارنى قىينىغانلارنـىڭ قىيـامەت كۈنىدە چوقۇم جازالىنىدىغانلىقى، ھايۋانلار ئۈچۈن ئـۇلاردىن قىسـاس ئېلىنىدىغانلىقـدا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بىر مۆمىنە ئايالنىڭ بىر مۈشۈكنى يەيدىغان ياكى ئىچىدىغان بىـر نەرسـە بەرمەسـتىن بـاغلاپ قويـۇپ، ئۇنـىڭ ئـاچلىقتىن ئۆلـۈپ كېتىشـىگە سـەۋەب بولغـانلىقى ئۈچـۈن ئـۇ ئايالنـىڭ دوزاخ ئەھلـىدىن بولـۇپ كەتكەنلـىك قىسسىسـىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئايالنىڭ دوزاختا ئېسىپ قويۇلغـان، ئۇنـىڭ سـەۋەبى

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) ھاكىم رىۋايىتى

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

بىلەن ئۆلگەن مۇشۇكنىڭ بۇ ئايالنىڭ يۈزىنى، مەيدىسىنى چىشلەپ قىيىنغان ھالدا، ئازابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.[1]

بىر ھەدىستە: «قىيامەت كۈنىدە مۈڭگۈزلۈك ھايۋاندىن مۈڭگۈزسىز ھايۋاننىڭ قىساسى ئېلىپ بېرىلىدۇ»[2] دەپ كەلگەن. مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، جىنايەت ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ بىرلا يولى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىش بولغان يەردە، تىلسىز ھايۋاندىن قانداقمۇ كەچۈرۈم سورىغىلى بولسۇن؟! شۇڭا، ھايۋانلارغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم ۋە جىنايەتلەرنىڭ جازاسى ئاللاھنىڭ شەپقىتىگە قالغان بىر ئىش. ئاللاھ خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. ئەمما ئىنسانلارغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، جىنايەت ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسى ئالدى بىلەن شۇ ئىنسانلارنىڭ ئەپۇسى ۋە رازىلىقىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەق ئىگىلىرى كەچۈرمىسە، ئاللاھمۇ كەچۈرمەيدۇ.

ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭمۇ بىر-بىرىگە قىلغان ھەقسىزلىقى قىساسسىز قالمىغان يەردە، ئەقىللىق بىر ئىنساننىڭ ھايۋانلارغا قىلغان زۇلۇمىدىن قانداق قىساس ئېلىنمىسۇن؟! ھايۋانلارغا قىلىنغان زۇلۇمنىڭ جازاسى ۋە قىساسى بولغان يەردە، ئىنسانلارغا قىلىنغان زۇلۇملارنىڭ جازاسى قانداقمۇ كىچىككىتۈرۈلسۇن؟!

خۇلاسە قىلغاندا، ھېچقانداق بىر زۇلۇم ياكى بىر جىنايەت ياكى قانداقلا بىر يامانلىق جازاسىز قالمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ مەھكىمىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئادالەتلىك مەھكىمىسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! چۈنكى زۇلۇم ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىگە تامامەن زىت بىر ئىش. دۇنيادا زۇلۇم، ھەقسىزلىك، جىنايەت ۋە يامانلىقلار بولمىسا ئىدى، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆزئارا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، چېكىگە يەتكەن مېھرىبانلىق، ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە، بەختلىك، ھۆزۈرلۇق ھايات كەچۈرگەن بولار ئىدى.

**ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتا چەكلەنگەن ئىشلار**

(9) ھايۋانلارنى بوغۇزلاشتا قاتتىق قوللۇق قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى پۈتۈۋەتتى. مال بوغۇزلىغاندا ياخشى بوغۇزلاڭلار، پىچاقنى ئىتتىك قىلىڭلار ۋە مالنىڭ جېنىنى

(1) ئىمام بۇخارىي، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

قىينىماستىن چىقىرىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن[1].

ھەتتا بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قويننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى بوغۇزلايدىغان پىچاقنى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بولەۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي! پىچاقنى بۇرۇنراق بولىۋالساڭ بولماسمىدى؟ ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟!» دەپ قاتتىق تەلەپپۇزدا كايىغان.[2]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ھاكىم رىۋايىتى

## ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاش مەسلىسى

1403. سوئال: ئىسلام دىنى ھەر قانداق ناخشا ـ مۇزىكىنى ئاڭلاشنى ھارام دەپ قارامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ كەلگەن بىر دىن بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن قانۇن ـ تۈزۈملىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغداشنى، ئۇلارنىڭ دەخلى ـ تەئەررۇزسىز ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەت قىلىشنى غايە ۋە مەقسەت قىلغانلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنى بەختسىزلىكلەر ۋە پالاكەتلەرگە ئىتتىرىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ.

شۇنداقلا ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ، نەپسىنىڭ تەلەبلىرى بىلەن روھنىڭ تەلەبلىرىنىمۇ مۇۋاپىق شەكىلدە قاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىمۇ شەك يوق. ناخشا ـ مۇزىكا كۆڭۈلنى خوش قىلىدىغان، قۇلاققا ياقىدىغان، نەپسنى راھەتلەندۈرىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولغىنىدەك، ھېسسىياتنى ئەخلاقسىزلىقلارغا قوزغاشقا، پىتنە ـ پاساتقا يول ئېچىشقا، كىشىلەرنى غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇشقا، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە تەشەببۇس قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ھەر قاندىقىنى مۇتلەق ھالال ياكى مۇتلەق ھارام دېگىلى بولمايدۇ.

1404. سوئال: ئىسلام ئۆلىمالىرى ناخشا ـ مۇزىكا ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟

جاۋاب: ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاش مەسلىسى قەدىمدىن بىرى ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىختىلاپ ماۋزۇسى بولۇپ كەلمەكتە. ناخشا- مۇزىكىلار ئىچىدە، پۈتۈن ئالىملار بىردەك ھاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقانلىرىمۇ، ھالاللىقىغا ئىتتىپاقلاشقانلىرىمۇ ۋە ھالاللىقى ياكى ھاراملىقى ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقانلىرىمۇ بار. ئەسلىدە ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ئۆزىدە چاتاق يوق. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلى ئېتىبارى بىلەن ھالالدۇر. پەقەت ناخشىنىڭ ھاراملىقىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە، ناخشا مەزمۇنى ۋە ناخشا بىلەن چېتىلىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ، ناخشا بۇ سەۋەبتىن ھالال دائىرىسىدىن چىقىپ ھارام دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ. مەيلى ناخشا بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى سۆزلەر بولسۇن، ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق سۆز ھارامدۇر.

### ئاڭلاش ھارام بولىدىغان ناخشا- مۇزىكىلار

1405. سوئال: ئاڭلاش ھارام بولىدىغان ناخشا- مۇزىكىلار قايسىلار؟

جاۋاب: پۈتـۈن ئۆلىمـالار قەتئىـي ھاراملىقىغـا ئىتتىپاقلاشـقان ناخشـا ـ مـۇزىكىلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەخلاقنـى بۇزىـدىغان، گۇنـاھ ـ مەسـىيەتلەرگە كۈشـكۈرتىدىغان ناخشـا ـ مۇزىكىلار.

(2) مىللەتنـى مـۇھىم غـايىلىرى ۋە چـوڭ مەسـىلىلىرى ئۈسـتىدە غەم يېيىشـتىن غەپلەتتە قويىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار.

(3) كىشىلەرنى تائەت ـ ئىبادەتلەردىن مەشغۇل قىلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار.

(4) كىشـىلەرنى دىنىسـىزلىققا، ئـازغۇن پىكىـرلەرگە تەشـەببۇس قىلىـدىغان قىلىدىغان ناخشا-مۇزىكىلار.

(5) ئـۆيلەنمىگەن ياشـلارنىڭ ھېسسـىياتىدا جىنسـىي ھەۋەسـنى ئويغىتىـدىغان ناخشا-مۇزىكىلار.

بۇ تۆردىكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلاش، يېزىش، سېتىش ۋە كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىـش ھارامـدۇر. ھـارامنى ئىشـلىگەنلەر ئـاللاھ تائالانـىڭ ئالدىـدا قـاتتىق گۇناھكـار بولىدۇ.

### ئاڭلاشقا بولىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار

1406. سوئال: ئاڭلاشقا بولىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار قايسىلار؟

جـاۋاب: پۈتـۈن ئىسـلام ئۆلىمالىرىنىـڭ ئىتتىپـاقى بىـلەن ئاڭلاشـقا بولىـدىغان ۋە ھالاللىق دائىرىسىگە كىرىدىغان ناخشىلار تۆۋەندىكىچە:

(1) كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە غىڭشىپ ئوقۇيدىغان مەزمۇنى ساغلام ناخشىلار.

(2) ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر- بىرىگە ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشىلىرى.

(3) پادىچىلار پادىغا ئوقۇپ بېرىدىغان ناخشىلار.

(4) ئايـاللار تـوي ـ تۆكـۈنلەردە ئۆزئـارا ئوقۇشـىدىغان ئەنئەنـىۋى ناخشـىلار ۋە بۇلارغا ئوخشىغان مەزمۇنى ساغلام ناخشىلاردۇر.

شۇنىڭدەك، ھېيت ـ بايراملاردا، توي ـ تۆكـۈنلەردە، زىيـاپەت، ئـۇزۇن سـەپەردىن قايتىــپ كېلىش ۋە تۇغـۇت مۇناسـىۋەتلىرىدەك خوشاللىق پەيتلىرىـدە ناخشـا ئېيتىش مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن ئەمەللەر) قاتارىدىن سانىلىدۇ[1].

---

(1) دوكتـور يۈسـۈپ ئەل قەرداۋىينىـڭ «ئىسـلامدا ھـالال ـ ھـارام» نـاملىق ئەسـىرىنىڭ ئۇيغـۇرچە تەرجىمىسـى

**ھالاللىقى ياكى ھاراملىقىغا ئېھتىمالى بولغان ناخشا-مۇزىكىلار**

1407. سوئال: ھالاللىقى ياكى ھاراملىقى ھەققىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان ناخشا-مۇزىكىلار قايسىلار؟

جاۋاب: يۇقىرىقى ئىككى خىلدىكىسىدىن باشقا ناخشا ـ مۇزىكىلار ئۈستىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان. بەزىسى ھەر قانداق ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مۇتلەق ھالاللىقىنى سۆزلىگەن بولسا، بەزىسى چالغۇ ئەسۋابلىرىسىز ناخشا ئېيتىشنىلا دۇرۇس دەپ قارىغان ۋە بەزىسى ھەر قانداق ناخشا مۇزىكىنى مۇتلەق ھارام دەپ قارىغان. ھەممەيلەننىڭ ئۆز رەيىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىللىرى بار.

ھەر قانداق ناخشا ـ مۇزىكىنى ئاڭلاش ھارام دەيدىغانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەلىلى قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ئايىتىدۇر: بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1]، ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ [2].

يۇقىرىقى ئىككى ئايەت پۈتۈن ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بىرىنچى ئايەت بىھۇدە گەپلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، نەپسىي تەرەپتىن راھەتلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋالغۇچىلارنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى سۆكىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر. ئەگەر بىراۋ ناخشا ـ مۇزىكا ئەمەس، بەلكى قۇرئان سېتىۋېلىپ، ئۇنى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ كاپىر بولىدۇ.[3] چۈنكى سېتىۋالغۇچىنىڭ نىيىتى ئاللاھقا قارشى چىقىش ئەمەسمۇ؟!

ئىككىنچى ئايەتمۇ ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مۇتلەق ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل

---

389- بەت

(1) لۇقمان سۈرىسى 6- ئايەت

(2) قەسەس سۈرىسى 55- ئايەت

(3) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 1- توم 689- بەت

بولالمايدۇ. چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، بۇ ئايەتتىكى «لغو» سۆزى تىللاش، ھاقارەتلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يامان سۆزنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئايەتنىڭ داۋامىدىكى بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز دېگەن سۆزلەر بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا مۇسۇلمانلار ئاجىز، كۇففارلار كۈچلۈك ئىدى. كۇففارلار مۇسۇلمانلارنى " ئۇلار مۇھەممەدكە ئەگىشىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تەرك ئەتتى" دېگەن باھانە بىلەن ئۇلارنى ئۇچرىغانلا جايدا مەسخىرە قىلاتتى ۋە سەت سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلاتتى.

ئىككىنچى ئايەتتىكى «لغو» سۆزىنىڭ مەنىسىنى ناخشا ـ مۇزىكا دەپ چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئايەتتە، ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈشنى ماختىغان، خالاس. بۇنىڭدىن ئۇنى ئاڭلاشنىڭ ھاراملىقى ئىپادىلەنمەيدۇ. ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى مۇتلەق ھارام دېگۈچىلەرنىڭ دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسلىرىنىڭ ھېچقايسىسى دەلىل بولۇشقا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىمام غەزالىي، ئىبنى ھەزم، ئىبنى نەھۋى قاتارلىقلار سۆزلىگەن[1].

**ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى ھالال دېگەن ئۆلىمالارنىڭ قويغان شەرتلىرى**

1408. سوئال: ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى ھالال دېگۈچىلەرنىڭ قويغان شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاشنى ھالال دېگۈچىلەرنىڭ قويغان شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە[2]:

(1) ناخشا مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب ـئەخلاق پرىنسىپى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمەيدىغان بولىشى. مەسىلەن: ھاراقنى ۋە ھەر قانداق بىر گۇناھ ـ مەسىيەتنى ماختايدىغان، كىشىلەرنى ھاراق ئىچىشكە ۋە ھەر قانداق بىر گۇناھقا تەشەببۇس قىلىدىغان، ھارام مۇھەببەتنى ماختايدىغان، ياشلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ئويغىتىدىغان ناخشىلارنى ئاڭلاش، يېزىش، سېتىش ۋە سېتىۋېلىش، شۇنداقلا باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىش قەتئىي ھارامدۇر.

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 1- توم 691- بەت

(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ـ ھارام» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 393- 394ــ بەتلىرىدىن ئېلىندى

(2) ناخشىنى ئورۇنداشتا ئىسلام ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش. مەسىلەن: ناخشا مەزمۇنى ئىسلام تەلىماتلىرىغا زىت كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ناخشىچى ناخشىنى كىشىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ئۆرلىتىدىغان، ئەخلاقسىزلىق ۋە پىتنە ـ پاساتقا ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدە ئورۇندىسا، بۇنداق ئورۇنداش ئۇسۇلى ھارامدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى مۇباھ ناخشا ھارام دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ.

(3) ناخشا ئاڭلاشتا ئاشۇرۇۋېتىپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىق. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەر قانداق ئىشتا، ھەتتا ئىبادەتتىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشقا قارشى تۇرغان يەردە، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ناخشا ئاڭلاشتا ۋاقتىنى زايە قىلىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئەلۋەتتە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا: «ۋاقىتلا زايە بولىدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە زايە بولغان بىرەر مۇھىم ئىش بولىدۇ» دېيىلگەن.

(4) بەزى ناخشىلارغا ئەقلىي ـ جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزى باھا بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: قانداقلا بىر ناخشا ياكى مۇزىكا ھېسسىياتنى يامان ئىشلارغا قوزغاپ، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىكەن، ئىنسان ئۇنىڭدىن دەرھال يىراقلىشىپ، قەلبىگە ۋە ئەخلاقىغا يامان تەسىر بېرىدىغان شامال ئېغىزىنى تاقىۋېتىشى كېرەك.

(5) ناخشىنىڭ ھارام ئىشلار بىلەن چېتىلماسلىقى كېرەك. مەسىلەن: ناخشا ھاراق ـ شاراب سورۇنلىرىدا ياكى يېرىم يالىڭاچلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئورۇندالسا، بۇنداق ناخشا گەرچە مەزمۇنى ئېسىل ناخشىلاردىن بولسىمۇ، ئۇنى ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە ئوقۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممەتلىرىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇزىكا بىلەن ئايال ناخشىچىلار ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئورۇنلاردا ئولتۇرۇپ، ھاراقنى ھەر خىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ ئىچمەي قالمايدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىۋېتىدۇ، خالىسا مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىس ئاخىرقى زاماننىڭ ئەھۋالىدىن ـ توغرىسى ھازىرقى زاماندىن ـ ئالدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق سۆزلەيدىغانلىقىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ھەدىستىكى «ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ»تىن مەقسەت ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى مايمۇن بىلەن چوشقىغا ئۆزگەرتىۋېتىش ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل، ۋىجدان ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئىنسان قىياپىتىدىكى بىر تەندە، مايمۇننىڭ كۆڭلى، چوشقىنىڭ روھى دۇنياسى

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

شەكىللەنگەنگە ئوخشاش[1].

شېئىر ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ ھۆكۈمىمۇ ناخشا-مۇزىكىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى ياخشى، ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە كىشىلەرنى يامان ئويلارغا سالمايدىغان شېئىرلارنى يېزىش ۋە ئوقۇش ھالال بولغاندەك، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنى بۇزۇق خىياللارغا سالىدىغان، مەزمۇنى بۇزۇق شېئىرلەرنى يېزىش ياكى ئوقۇش ھارامدۇر.

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇل غىنا ۋەلمۇسىقا» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

## تېلېۋىزور كۆرۈش مەسلىسى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

1409. سوئال: تېلېۋىزور كۆرۈش ھارامۇ؟

جاۋاب: ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر ئالىم دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «تېلېۋىزور خۇددى رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرناللارغا ئوخشاش مەلۇم بىر غايە ۋە مەقسەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان قورالدۇر. بۇلارنى مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان دېگىلى بولمىغاندەك، مۇتلەق ھالال ياكى مۇتلەق ھارام دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقنى ئۇنىڭدا بېرىلىدىغان پروگراممىلار ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا قاراپ بەلگىلىگىلى بولىدۇ. تېلېۋىزور قىلىچقا ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ، مۇجاھىدنىڭ قولىدا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ قورالى بولغىنىدەك، قاراقچىنىڭ قولىدا قاتىللىقنىڭ قورالى بولالايدۇ.

تېلېۋىزور ئەخلاق پرىنسىپى ئىچىدە بولۇش شەرتى بىلەن پىكرىي، روھىي، نەپسىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن يۈكسىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى بولالىغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى، مەنىۋىيىتىنى بۇزۇشنىڭ، ۋاقتىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ قورالىمۇ بولالايدۇ. بۇ تېلېۋىزوردىكى پروگراممىلارغا باغلىق ئىش. رادىئو، گېزىت ۋە ژۇرناللارمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلاردا ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار. ئۇلاردا ھالالمۇ بار، ھارامۇ بار. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ئىشلاردا ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئىش قىلىشى ۋە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلارنى قىلىپ، زىيانلىق بولغانلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. رادىئو بىلەن تېلېۋىزوردا ئىلمىي، ئەدەبىي، ئاخبارات ۋە يېڭىلىق مەزمۇنىدىكى ياخشى پروگراممىلار بېرىلگەندە، ئۇنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئەدەب ـ ئەخلاققا ماسلاشمايدىغان پروگراممىلار بېرىلگەندە، ئۇنى يېپىۋېتىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىشتۇر»[1].

### كۆرۈش كەسكىن ھارام بولىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى

1410. سوئال: كۆرۈش كەسكىن ھارام بولىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى قايسىلار؟

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 1- توم 694- بەت

جاۋاب: ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى كۆرۈشنىڭ ھاراملىقىغا بىردەك ئىتتىپاقلاشقان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى ۋە فىلىملىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) جىنسىي فىلىملەر.
(2) رەڭلىك ناخشا كېچىلىكى پروگراممىلىرى.
(3) يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئۇسسۇل ياكى ناخشا پروگراممىلىرى.
(4) ھاراق ــ شاراپ سورۇنلىرىنى ياكى قاۋاقخانىلارنى ياكى قىمارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فىلىملەر ۋە پروگراممىلار.
(5) ھاياسىز ئاشىق ــ مەشۇق فىلىملىرى، خۇسۇسەن چەتئەل فىلىملىرى.
(6) باللاردا سەلبىي تەسىر قوزغايدىغان ھەر قانداق فىلىملەر ۋە پروگراممىلار.
(7) يالغانچىلىقنى، ئادەم ئالداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان فىلىملەر.
(8) ئەدەب ــ ئەخلاققا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق فىلىم ۋە پروگراممىلارنى كۆرۈش ھارامدۇر.
يۇقىرىقى ۋە بۇلارغا ئوخشىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ ۋە فىلىملىرىنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەقىقەتەن زور بولۇپ، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلىشىغا، جەمئىيەتتە ھەرخىل بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى، خۇسۇسەن باللارنىڭ ئەخلاقىغا بىۋاسىتە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقىلارغا ئوخشىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى كۆرۈش دىن ۋە ئەقىلنىڭ تەقەززاسى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر.
تېلېۋىزور كونتروللىقى ئاجىز، بەزى ھاياسىز پروگراممىلار پەرۋاسىزلىق بىلەن بېرىلىدىغان بۇ زاماندا، ھەركىم ئۆز پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۆيلەرنىڭ ئەخلاقىغا ئىگە بولىشى زۆرۈر. تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باللارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى ئۆتمۈشلەردىكى 10 ياشلىق باللار جىنسىي ھەۋەسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ھازىرقى كۈندە، باللار 7 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۇنى بىلىپ بولىدۇ.

## كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان پروگراممىلار

1411. سوئال: كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان پروگراممىلار قايسىلار؟
جاۋاب: كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) دىنىي ۋە ئىلمىي پروگراممىلار.
(2) تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىلىرى.

(3) خەۋەر ۋە تارىخ پروگراممىلىرى.

(4) ئىلمىي مۇسابىقە پروگراممىلىرى.

(5) مۇزمۇنى ساغلام بالىلار پروگراممىلىرى ۋە بۇلارغا ئوخشىغان پايدىلىق پروگراممىلارنى كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**تېلېۋىزورنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش چارىسى**

1412. سوئال: قانداق قىلغاندا تېلېۋىزورنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقىل ـ ئىدراك ۋە پىكرىي قابىلىيىتى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتىگە ۋە پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىسىگە سازاۋەر بولغان يېگانە مەخلۇقاتتۇر. ئىنساننىڭ ئاقىۋەتتە جەننەتنى ياكى دوزىخى بولىشىمۇ شۇ ئەقلىنى قوللىنىپ، ياراتقان پەرۋەردىگارىنى تونۇش ياكى تونۇماسلىقىغا ۋە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، قىلماسلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. ئىنسان ھاياتلىق ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلەلىگىنىگە ئوخشاش، تېلېۋىزور ئىشىدىمۇ ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلەلەيدۇ ۋە تېلېۋىزورنى ئۆزى ھەم ئائىلىسى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان شەكىلدە قوللىنالايدۇ. بۇ پەقەت تېلېۋىزورنى كونتروللىقىدا تۇتۇش بىلەن بولىدۇ. كىشى مۇبادا تېلېۋىزورنى كونترول قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولۇپ كەتسە، تېلېۋىزورنى ئۆيىگە كىرگۈزمىگىنى تۈزۈك. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدا «يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشىلىقنى كەلتۈرۈشتىن ئەلا» دەيدىغان پرىنسىپ بار. ئىنتېرنېتمۇ ھۆكۈمدە تېلېۋىزورغا ئوخشاشتۇر. بىراق يولىدا قوللانغانلار ئۈچۈن ئىنتېرنېتنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى پايدىسى تېلېۋىزورنىڭكىدىن كۆپتۇر.

# كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈش ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

1413. سوئال: كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈش ھاراممۇ؟
جاۋاب: كىنو ـ تىياتىر ۋە ھەرقانداق ۋە سەھنە ئويۇنلىرىمۇ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھالال دائىرىسىگە كىرىدىغان كۆڭۈل ئېھتىياجلىرىدىن بىرىدۇر. كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈشنىڭ ھالال ياكى ھارام بولىشى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇندىلىشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

## ھالاللىق دائىرىسىگە كىرىدىغان كىنو-تىياتىرلار

ئېپ-پەت-نومۇسقا ۋە ئەدەب-ئەخلاققا يامان تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ۋە ئائىلە ئەزالىرى ھەممە بىرگە ئولتۇرۇپ، راھەتلىك بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نورمال كىنو-تىياتىرلار ھالاللىق دائىرىسىگە كىرىدۇ.

دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي «ئىسلامدا ھالال ـ ھارام» ناملىق ئەسىرىدە، تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈشنىڭ مۇتلەق جائىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[1]:

(1) مەزمۇنى ئىسلام ئەقىدىسىگە، شەرىئەتكە ۋە ئەدەب ـ ئەخلاققا خىلاپ كەلمەسلىكى، بۇزۇق ۋە يالىڭاچلىقتىن خالىي بولىشى شەرت. ئەمما گۇناھقا، جىنايەتكە، بۇزۇق پىكىرلەرگە تەشۋىق قىلىدىغانلىرىنى كۆرۈشنىڭ ھاراملىقىدا شەك يوق. مۇنداق كىنو ـ تىياتىرلارنى ئىشلەش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش ياكى ياردەم قىلىش تېخىمۇ ئېغىر ھارامدۇر.

(2) كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈش دىنى ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىقى لازىم. دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ بېشىدا بەش ۋاخ ناماز كېلىدۇ.

(3) كىنو ـ تىياتىرلارغا بارغاندا يات ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر- بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرماسلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ بېشىغا يىڭنە ياكى جۇۋالدۇرۇز سانجىلغىنى نامەھرەم ئايالنى تۇتقىنىدىن ياخشىراقتۇر»[2].

---

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ـ ھارام» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 398- 399- 394ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(2) بەيھەقىي ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى

**كۆرۈش قەتئىي هارام بولىدىغان كىنو-تىياتىرلار**

كۆرۈش قەتئىي هارام بولىدىغان كىنو-تىياتىرلار قىسقىچە تۆۋەندىكىلەر:

(1) كوممۇنىست دۆلەتلىرىدىكى ئوخشاش ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىدىغانكىنو-تىياتىرلار.

(2) بەزى چەتئەل فىلىملىرىگە ئوخشاش هاياسىزلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، جىنسىي ھەۋەسنى ئۆرلىتىدىغان ياكى ھىندىستاننىڭ"سەرگەندار" ناملىق كىنو فىلمگە ئوخشاش باللارغا ئوغرىلىق بىلەن قاتىللىق جىنايىتىنى ئۆگىتىدىغان كىنو-تىياتىرلار.

(3) ئەقىدىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ئەخلاقنى بۇزىدىغان ھەرقانداق كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈشنىڭ هاراملىقىدا ۋە كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

# ھەيكەلتاراشلىق ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقى

1414. سوئال: كۈپپارلارغا سېتىش ئۈچۈن ھەيكەلتاراشلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نىمە مەقسەت بىلەن بولسۇن ھەيكەلتاراشلىق قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر. ھەتتا كۈپپارلارغا سېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ ئىشنى قىلىش ئەڭ چوڭ ھارام‌لارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولغۇچىلار رەسسىمچىلەردۇر»[1]. يەنە بىر ھەدىستە: «...ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاتقانلاردۇر»[2] دەپ ئاگاھلاندۇرغان[3].

ھەدىستىكى«سۈرەت» دىن ھەيكەل مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆپ سانلىق ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە.

## ئۆي ياكى ئىش ئورۇنلىرىدا ھەيكەل بىلەن بېزەش ھارامدۇر

1415. سوئال: ئۆيلەرنى ياكى ئىش ئورۇنلىرىنى بېزەش مەقستى بىلەن ھەيكەل قويۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى ھەيكەل ۋە بۇتلارنى، شۇنداقلا ئادەم ۋە ھايۋان قاتارلىق قانداقلا بىر جانلىقنىڭ جىسىملاشتۇرۇلغان گەۋدىلىك سۈرىتىنى ساقلاشنى قەتئىي ھارام قىلغان. ساقلانغان ھەيكەل ئەگەر پادىشاھ، پەيغەمبەر ياكى ھىندىيلار ئىلاھ قىلىۋالغان كالا ياكى بۇددىستلارنىڭ بۇتلىرى قاتارلىقلاردىن بولسا، ھاراملىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ تۇتماسلىقتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوغداشقا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەۋھىد ئەقىدىسگە دەخلى ــ تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قەتئىي ھارام قىلغان.

بەزى كىشىلەر "بۇ ئىنسانلار بۇتلارغا چوقۇنىدىغان زامانلاردا ھارام قىلىنغان ئىشتۇر. ئەمما ھازىر بۇتقا چوقۇنىدىغان ئىش يوققۇ" دېيىشى مۇمكىن. دەيمىزكى، مۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. ھازىرقى ئەسىردىمۇ بۇتلارغا، كالىغا ۋە ئۆچكىگە

(1) بۇخارىي ۋە باشقىلار رىۋايىتى
(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ــ ھارام» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 132ــ بەتكە قاراڭ.

چوقۇنىدىغانلارمۇ مەۋجۇد. رىئاللىقنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز لازىم. ئىنسانلار ھازىرمۇ بەزى خۇراپاتلارغا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر دۇكانلىرىغا ۋە ماشىنىلىرىغا بىر قىسىم ھەيكەللەرنى بەرىكەت تىلەش ياكى بالايى ـ قازالاردىن ساقلىنىش ئېتىقادى بىلەن ئېسىۋالىدۇ. ھەتتا زىيالىلارمۇ بۇ خىل خۇراپاتلارغا ئىشىنىپ قالىدۇ. ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىكنى كۆڭۈللەردە بولسىمۇ تىرىلدۈرۈشكە ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كەسكىن ھارام قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ھەيكەل ساقلاشنى ھارام قىلغان»[1].

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 1- توم 699- بەت

# جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىش ياكى ساقلاش مەسىلىسى

1416. سوئال: ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىش ھاراممۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى، «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغۇچىلار رەسىمچىلەردۇر»[1]، «رەسىمچىلەرنىڭ ھەممىسى دوزاختا كىرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا "سىزغان رەسىمىڭگە جان كىرگۈزۈپ باق" دېيىلىدۇ، رەسىمچىلەر دوزاختا ئازابلىنىدۇ»[2] ، «سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ. ئەمما كىيىملەردىكى سىزىقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[3] دېگەن ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنى چىقارغان:

(1) يۇقىرىقى ھەدىسلەردە مەنئى قىلىنغان سۈرەتتىن مەقسەت گەۋدىلىك ھەيكەللەر بىلەن ئۇلۇغلاش ئۈچۈن تۇتۇلغان رەسىملەردۇر. ھەيكەلتاراشلىق قىلىش ياكى ئۆيلەرگە ياكى ئىش ئورۇنلىرىغا ھەيكەل قويۇشنىڭ ھاراملىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى خۇددى خرىستىئانلار ھەزرىتى مەريەم بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ساقلايدىغان رەسىملەرگە ئوخشاش قايسىبىر شەخسنى ياكى بىرەر مەخلۇقاتنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ رەسىمنى ئۆيلەردە ياكى ئىش ئورۇنلىرىدا ياكى ماشىنىلاردا ساقلاشنىڭ ئېنىق ھاراملىقىغا پۈتۈن ئۆلىمالار ئىتتىپاقتۇر.

ئەمما كىيىملەرگە، ئېلان تاختىلىرىغا، قەغەزگە، گىلەملەرگە، تاملارغا ۋە پۇللارغا سىزىلغان ياكى چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر ھارام قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇنىڭ شەرتى سىزىلغان رەسىملەرنىڭ كۈپرىلىقنى، گۇناھنى ۋە ھاياسىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان رەسىملەردىن بولماسلىقىدۇر. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋەسىنى قوزغاش رولىنى ئوينايدىغان گەۋدىلىك ئايال رەسىملىرىنى سىزىشنىڭ ھاراملىقىدا ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا قىلچە ئىختىلاپ يوق[4].

(2) يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا نورمال فوتو سۈرەتلەرنى تارتىش ياكى تارتقۇزۇشتا ھېچبىر گۇناھ يوق.

---

(1) بۇخارىي ۋە باشقىلار رىۋايىتى
(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) بۇخارىي رىۋايىتى
(4) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدا ھالال ـ ھارام» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 143ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى

(3) ھەيكەلگە ئوخشاش گەۋدىلىك سۈرەتلەردىن پەقەت بالىلار ئويۇنچۇقلىرىلا مۇستەسنادۇر. چۈنكى بۇلار ئېھتىياج ئۈچۈن تۇتۇلىدۇ ھەمدە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن تۇتۇلمايدۇ.

(4) خاتىرىلەش ۋە مەڭگۈلەشتۈرۈش مەقسىتىدە بەزى بۈيۈك شەخسلەرنىڭ، پادىشاھلارنىڭ، قوماندانلارنىڭ ۋە قانداقلا بىر كىشىنىڭ ھەيكەللىرىنى مەيدانلارغا تىكلەشنىڭ ھاراملىقى ئۆيلەرنى بېزەش نىيىتى بىلەن قويىلىدىغان پۈتۈن ۋە يېرىم گەۋدىلىك ھەيكەللەرنىڭ ھاراملىقىدىن چوڭدۇر.

(5) سىزىش ۋە ئىلكىدە ساقلاش ھارام بولغان رەسىملەر دىنىي جەھەتتىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، دۇنيالىق جەھەتتىن ئۇلۇغلاشتۇرۇلغان رەسىملەردۇر. بۇلاردىن باشقىلارنى ساقلاشتا گۇناھ يوق.

(6) كارىكاتېر رەسىملىرى ھارام دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

(7) رەسىم ۋە سۈرەتلەر جانلىقلارغا ئائىت بولماستىن، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ، دېڭىز، كۆل. ئاي، يۇلتۇز، سۇ ۋە بۇلارغا ئوخشىغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش، سۈرەتلىرىنى تارتىش ياكى ساقلاشتا ھېچ گۇناھ يوقلىقىدا شەك يوق.

(8) يۇقىرىدا ھارام دېيىلگەن ھەيكەللەر بېشىنى كېسىۋېتىش ياكى باشقا قانداقلا بىر يوسۇندا بۇزىۋېتىش ياكى خورلاش بىلەن ھاراملىقتىن چىقىپ ھالاللىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. سىزىش ھارام بولىدىغان رەسىملەرنى كىشىلەر دەسسەيدىغان كىگىز، گىلەم، پالاس قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە سىزىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھاراملىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

(9) گۇناھى ئەڭ چوڭ، ئاللاھنى ئەڭ غەزەبلەندۈرىدىغان سۈرەتلەر باتىل دىنلاردىكى ساختا مەبۇدلارنىڭ سۈرەتلىرى بولۇپ، بۇنداق سۈرەتلەرنى سىزغان ياكى ساقلىغانلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر بىراۋ ساختا مەبۇدلارنى ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەتلەش ياكى ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش مەقسىتى بىلەن سىزغان ياكى ساقلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىماندىن ئايرىلىپ قېلىشىدا شەك يوق. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئېتىقاد مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىسلام ئېتىقادىغا ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز، يېقىندىن ياكى يىراقتىن زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىڭ قەتئىي ھاراملىقىدا قىلچە شەك يوق.

# ئىنسان ئورگانلىرىنى يۆتكەش مەسلىسى

1417. سوئال: ئىنسان بىرەر ئورگىنىنى باشقىسىغا بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن زامانلاردا ئىنسان ئورگانلىرىنى باشقىسىغا يۆتكەش تېخنىكىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماۋزۇدا قۇرئاندىن ياكى ھەدىسلاردىن بىرەر دەلىل يوق. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا، باشقىلارغا قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا، قانداقلا بىر جان ئىگىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، ئۆز ئىجتىھادلىرى بىلەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ كەلدى.

دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىي يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى باشقا بىر ئىنسانغا بېرىشى تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن دۇرۇس بولىدۇ[1]:

(1) ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقىسىغا خالىسانە ياردەم قىلغان ئاساستا بېرىشى دۇرۇس. ئەمما سېتىشقا بولمايدۇ.

(2) ئۆز ئورگىنىنى باشقىسىغا بېرىش سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ ھاياتى ھالاكەتكە ئۇچرىماسلىقى ياكى ئائىلىسىدىكىلەرگە بىۋاستە زىيان يەتمەسلىكى لازىم.

(3) ئىنسان كۆز، قۇلاق، پۇت، قول قاتارلىق تاشقى ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى ياكى يۈرەك، جىگەرگە ئوخشىغان يېگانە ئورگانلىرىنى بېرىشكە بولمايدۇ. پەقەت بۆرەككە ئوخشىغان جۈپ ئورگانلىرىدىن بىرىنى بەرسە بولىدۇ.

## ئىختىيار ئىگىسى بولمىغان بىرى ئورگىنىنى باشقىسىغا بېرەلمەيدۇ

1418. سوئال: ھەر قانداق ئادەم ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى بەرسە بولامدۇ؟

---

(1) بۇ ماۋزۇنىڭ ھەممىسى دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 2- توم 530- 539- بەتلىرىدىن ئېلىندى.

جاۋاب: ئەقلى ـ هوشى جايىدا بولغان، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلەلەيدىغان ۋە بالاغەت يېشىغا يەتكەن كىشىلا ئۆزىنىڭ ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرەلەيدۇ. ئەمما كىچىك باللار ياكى ئەقلى جايىدا بولمىغانلار ئورگانلىرىنى بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئورگانلىرىنى ئېلىش ئۇلارنىڭ جېنىغا قەست قىلغانلىق سانىلىدۇ. باللارنىڭ ئورگانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغان كىشىلىرىمۇ بېرەلمەيدۇ.

## ئورگان يۆتكەشتە دىن پەرقى يوق

1419. سوئال: مۇسۇلمان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس بىرىگە ئورگىنىنى بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە پۇل ـ مالدىن سەدىقە بېرىش دۇرۇس بولغان ئىكەن، ئۇلارغا ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ياردەم ئورنىدا بەرسە بولىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان كۇففارلارغا ۋە ئىسلامدىن يېنىۋالغان مۇرتەدكە بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش دۈشمەننى كۈچلەندۈرگەنلىك بولىدۇ.

1420. سوئال: مۇسۇلمان ئەمەس بىرىنىڭ ئورگىنىنى مۇسۇلمان ئادەمگە يۆتكەشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭدا مەنئى قىلىنىدىغان ھېچ ئىش يوق. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئورگانلىرى مۇسۇلمانلىق ياكى كاپىرلىق بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشى ياكى كاپىر بولىشى ئۇلارنىڭ تېنى بىلەن ئەمەس، بەلكى روهىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. مۇسۇلمان ئەمەس بىرىنىڭ بىرەر ئورگىنىنى مۇسۇلمان كىشىگە يۆتكىگەندە، بۇ ئورگان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئورگىنىدىن بىر پارچىغا ئايلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى "مۇشرىكلار پەقەت نىجىستۇر"[1] دېگەن ئايەت ھېسسىي نىجاسەتنى (پاسكىنىلىقنى) ئەمەس، بەلكى قەلب ۋە ئەقىلغا مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى نىجاسەتنى كۆرسىتىدۇ.

## ئادەم ئورگىنىنى سېتىشقا بولمايدۇ

1421. سوئال: مۇھتاجلىقتىن ئۆز ئورگىنىنى سېتىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان. ئىنسان قانچىلىك

(1) تەۋبە سۈرىسى 28- ئايەت

هۆرمەتلىك بولسا، ئۇنىڭ تېنىنىمۇ شۇنچىلىك هۆرمەتلىكتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان بەدىنى تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا ئوخشاش ئېلىپ، سېتىلىدىغان نەرسە بولالمايدۇ. ئەپسۇسكى پېقىر دۆلەتلەردە بىچارە ئىنسانلارنىڭ ئورگانلىرىنى سېتىۋالىدىغان «مافىيە» ئىسىملىك ئادەم سودىگەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەتنى پالاكەتلەرگە ئۇچرىتىشتا زەھەر «مافىيەلىرى» بىلەن بەسلەشمەكتە. شۇڭا ئادەم ئورگانلىرىنى سېتىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئىنسان ئورگانلىرىنى سېتىش ئىشىنى نورمال ئەھۋال دەپ، ئۇنىڭغا يول قويۇش ئادەم سودىگەرلىرىنى قوللىغانلىق ۋە ئۇلارنى بۇ جىنايەتكە تەشەببۇس قىلغانلىق بولىدۇ.

ناۋادا بىراۋ ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى باشقا بىرىگە خالىسانە ياردەم قىلىش ئاساسىدا ھەقسىز بەرگەن بولسا ۋە ئورگانغا ئىگە بولغان كىشى ئۇنى بەرگۈچىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەق بەرسە، ئۇنى ئالسا ھالال بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئورگانغا مۇھتاج بولغان ئادەم ھەقسىز ئورگانغا ئېرىشەلمىگەندە ئۇنى پۇلغا سېتىپ ئالسا دۇرۇس بولغاندەك، ھاياتى خەتەردە بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇنى پۇلغا سېتىپ ئېلىپ بولسىمۇ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشى زۆرۈردۇر.

### ئورگان يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋابلار

1422. سوئال: بىراۋنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئورگانلىرىنى باشقىسىغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: ئىنسان تىرىك ۋاقتىدا ئورگانلىرىدىن بىرەرسىنى ياكى بىردىن كۆپىنى-يۇقىرىقى شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا- باشقا بىرىگە خالىسانە بەرسە دۇرۇس بولغان يەردە، ئۆلگەندىن كېيىن ئورگانلىرىنى خالىسانە باشقىسىغا بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ئەلۋەتتە دۇرۇس ۋە چوڭ ساۋابلىق ئىشتۇر. بەلكى بۇنىڭدا ئورگىنىنى بەرگۈچىگە زىيان يېتىش ئېھتىمالىمۇ يوق. چۈنكى ئۇ بىر ئۆلۈك. مۇنداق قىلغان كىشى نىيىتىگە قاراپ ئەلۋەتتە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، بىر ئىنساننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىدۇ.

1423. سوئال: ئۆلگەن كىشىنىڭ ئورگانلىرىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى باشقىسىغا بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىگىلىكلىرى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئۆتكەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ياكى قاتىلنى ئەپۇ قىلىش ھەققىنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بەرگەن. كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق... [1]

بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا، ۋارىسلارنىڭ ئۆلگۈچىسىنىڭ ئورگانلىرىنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە سەدىقە ئورنىدا ھەقسىز بېرىش ھوقۇقى بار دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىشتا ئۆلگۈچىگە ھېچقانداق بىر زىيان ــ زەخمەت يەتمەسلىك بىلەن بىرلىكتە، ئورگانغا مۇھتاج بولغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىدۇ. بۇنىڭ ساۋابى ئۆلگۈچىگە بولىدۇ. خۇددى بىراۋنىڭ زىيائەتلىرىدىن ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە قۇشلار يېسە ساۋابى ئۇنىڭغا يەتكەندەك، ئۆلگۈچى بۇ خەيرلىك ئىشنى نىيەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىدۇ. چۈنكى پايدىلىنىلغان ئورگان ئۇنىڭ ئورگىنىدۇر. ئەگەر ئۆلگۈچى ئورگانلىرىنى بىركىمگە بەرمەسلىكنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ۋارىسلارنىڭ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى تەسەررۇپ قىلالمايدۇ.

1424. سوئال: ئەرلەرنىڭ تۇخۇمنى باشقىسىغا يۆتكەشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەرلەرنىڭ تۇخۇمنى ئۇلارنىڭ باشقا ئورگانلىرىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەرنىڭ تۇخۇمى ئىرسىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئائىلىسىگە ۋە ئۇرۇق ــ ئەۋلادىغا يۆتكەيدىغان مۇھىم بىر ئورگاندۇر. بىر ئىنساننىڭ تۇخۇمنى يەنە بىر ئىنسانغا يۆتكىگەندە، تۇخۇمنى ئۆزىگە يۆتكىگەن كىشىنىڭ پەرزەنتلىرى تۇخۇمنى بەرگەن كىشىنىڭ ئاقلىق ياكى قارىلىق، ئىگىزلىك ياكى پاكارلىق، ئەقىللىق ياكى دېۋەڭلىككە ئوخشىغان بارلىق سۈپەتلىرىنى ئالىدۇ. بۇ نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى بولۇپ، ئىسلام دىنى نەسەبنى قوغداشقا بۇيرىغان ۋە ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن توسقان.

(1) ئىسرا سۈرىسى 33- ئايەت

# پارىخورلۇق ۋە ئۇنىڭ گۇناھى ھەققىدە

1425. سوئال: پارىخورلۇق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پارىخورلۇق ــ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىش ياكى قانداقلا بىر دەۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

## پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرى

1426. سوئال: پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرى نېمە؟

جاۋاب: پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق - ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىككە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە نامەردلەرچە خىرىس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل قىلمىشتۇر.

پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا سايە قىلىپ ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى»[1] دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر.

## سوۋغا- سالام بېرىشنىڭ ھەر قاندىقى پارا ئەمەس

1427. سوئال: سوۋغا- سالام بېرىشنىڭ ھەر قاندىقى پارا ھېسابلىنامدۇ؟

---

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى

جاۋاب: ئۇ زاتىدا ياخشى نەرسە، يامان غەرەزنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يامان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلار ئارىسىدا بىر ــ بىرىگە ھەدىيە، سوۋغا ــ سالام بېرىشىش ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆزئارا سۆيگۈ - مۇھەببەتنى، يېقىنلىقنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ: «بىر - بىرىڭلارغا سوۋغا ــ سالام تەقدىم قىلىشساڭلار ئاراڭلاردىكى مۇھەببەت ئاشىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمما سوۋغا ــ سالام باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بىرەر يامان نىيەتنى كۆزلەپ ياكى ھەققى بولمىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پارا بېرىش مەقسىتى بىلەن بېرىلسە، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ سوۋغا ــ سالام ئەمەس، بەلكى پارا بەرگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش قەتئىي ھارام. بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ۋە سايە قىلىپ ۋاستە بولغۇچى ھەممىسى گۇناھقا شېرىك بولىدۇ.

## پارىنى مەقسەت قىلغان سوۋغا ـ سالام ھارامدۇر

پارا مەيلى قانداق بىر ئىسىم بىلەن ئاتالمىسۇن، ئۇ بەرىبىر ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز مائاش بەلگىلەپ بىر خىزمەت تاپشۇرغان ئادەم مائاشىدىن تاشقىرى ئالغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر»[1].

## پارا بېرىشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر

1428. سوئال: ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا نېمە قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەق- ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، باشقىلارغا زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن پارا بېرىپ بولسىمۇ ئۆز ھەققىنى قۇتقۇزسا گۇناھ بولمايدۇ. بۇ مۇنداق بولىدۇ:

(1) رەھىمسىز زالىمنىڭ ياكى قاتىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغاندا، پارا بەرسە بولىدۇ.

(2) ئۆزىنىڭ جېنىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى، مال ــ مۈلكىنى، نومۇسىنى، دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى خەتەرلەردىن قوغداش يولىدا پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، پارا بەرسە بولىدۇ.

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(3) ئۆزى ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرى ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، پارا بېرىش بىلەن قۇتۇلدۇرغىلى بولسا، پارا بېرىپ قۇتۇلدۇرۇش جائىزدۇر.

(4) ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشتىن باشقا چارە قالمىغان شارائىتتا، بىراۋنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق شەرتى بىلەن پارا بېرىشكە بولىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن پارا بېرىش قەتئىي ھارام. مەسىلەن: باشقا بىرىگە تەقسىم قىلىنىغان خىزمەت ئورنىغا ئۆزى ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ياكى ئۆز مېھنىتى بىلەن ئالىي مەكتەپنى قازانغان بىر بالىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بالىسىنى سەپلەش ئۈچۈن پارا بەرگەنگە ئوخشاش.

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ھەققىدە

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆتەلمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە موھتاج بولىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىنتىلىدۇ، ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەخت - سائادەت، مېھرى ـ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بىرلىككە توسقۇن بولىدىغان ناچار ئىللەتلەر بار. بۇ ئىللەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش
2. قارا چاپلاش
3. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش
4. زۇلۇم قىلىش
5. يالغانچىلىق
6. سۆزىدە تۇرماسلىق
7. غەيۋەت قىلىش
8. خىيانەت
9. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش
10. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش
11. كۆرەلمەسلىك
12. گەپ توشۇش
13. كىشىلەرگە لەقەم قويۇش
14. ھاياسىزلىق
15. گۇمانخورلۇق
16. ۋاپاسىزلىق
18. چېقىمچىلىق
19. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش
20. ئىسراپخورلۇق

**ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ جازاسى**

1429. سوئال: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: جان ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھ ئۆزى بەرگەن بۇ جاننى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ئېلىشى يوللۇق ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىراۋ گەرچە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ يولىدا دەپ ئېتىقاد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلىق بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغاننىڭ جازاسى دوزاختۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى ھەددىدىن ئېشىپ ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىپ شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ۋە ئېغىر جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تىغلىق نەرسە بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان شۇ تىغلىق نەرسىنى قورسىقىغا تىقىش بىلەن دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، زەھەر ئىچىش بىلەن دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى ئېگىزدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى تاشلاش بىلەن مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ»[2].

**بىراۋغا قارا چاپلاشنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ جازىسى**

1430. سوئال: بىراۋغا قارا چاپلاشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: گۇناھسىز كىشىلەرنى قارىلاش ئۇلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ قارىلانغۇچىلارغا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز روھىي ئازابنى، چىدىغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. قارام بىر ساختىپەز ئېيتقان بىر قېتىملىق يالغاندىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزەرىدىكى جىنايىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئەر ـ ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى پارچىلىماقچى بولغان تۆھمەتچى بۇ

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

قىلمىشلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە قانچىلىك ئېغىر زىيان سالغان بولسا، ئۇنىڭ جىنايىتى ۋە جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ۋە چوڭ بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (ئۆزلىرى چاپلىغان شۇ) تۆھمەتنى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى باشقىلارغا ئەيىب قويۇش ئۈچۈن يوق ئىشنى بار دەپ ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان بولسا، شۇنىڭ ھەقىقەتىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن چىقارمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. يالغاندىن چاپلىغان تۆھمەتنىڭ ھەقىقەتىنى قانداقمۇ ئېلىپ كەلگىلى بولسۇن!

### يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئاقىۋىتى

1431. سوئال: يالغان گۇۋاھلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش بىراۋغا ئاساسسىز ھالدا، يالغاندىن تۆھمەت قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى، دېمىگەن گەپنى دېدى، دەپ قارىلاشتۇر. يالغان گۇۋاھلىق بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ھەق ــ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە، گۇناھسىزلارنىڭ قارىلىنىشىغا، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان، كەچۈرۈلگۈسىز ئەڭ يامان جىنايەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن قېچىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قېچىڭلار [2]. بۇ ئايەتتە، يالغان بىراۋغا قارا چاپلاش خۇددى بۇتقا چوقۇنغانغا ئوخشاش قەبىھ قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

1432. سوئال: يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى، يۈز ــ ئابرۇيىنى تۆكۈلىدىغان ۋە جېنىغا زامىن بولىدىغان، ھەق - ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىپ يەتكەن مۆمىن ئادەم كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشقا يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان

(1) ئەھزاب سۈرىسى 58 - ئايەت

(2) ھەج سۈرىسى 30 - ئايەت

قىلىپ: ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ[1] دېگەن.

بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ، ساھابىلەردىن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: "ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرسىلە ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى" دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، ئەڭ چوڭ گۇناھلار: مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك قىلىش، ئاتا ــ ئانىنى قاقشىتىش» دەۋېتىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ جىددىيلىك بىلەن «دىققەت قىلىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر»[2] دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ.

**غەيۋەت، ئۇنىڭ خەتىرى ۋە گۇناھى**

1433. سوئال: غەيۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقنى بايان قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[3] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي ــ شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش ــ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق تەرەپلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان، ئالدىدا ئېيتسا رەنجىپ قالىدىغان يامان سۆزلەر غەيۋەت قاتارىغا كىرىدۇ.

1434. سوئال: غەيۋەتخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سۆز ئېغىردىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن غەيۋەت، شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق

(1) فۇرقان سۈرىسى
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز ـ چۆچەك، ئىغۋا، پىتنە ـ پاسات بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى ماھىيەتلىك كېسەل ـــ مەنىۋى راكتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار [1] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

بۇ ئايەتتە غەيۋەت قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بىراۋنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشىتىلغان. ئادەم گۆشىنى يېيىش قانچىلىك يىرگىنىشلىك بولسا، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشمۇ شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىجتىمائىي كېسەللىكتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان پايدىسىز گەپ ـ سۆزدىن، خۇسۇسەن غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلىنىشى، سۆز قىلىشتا سەممىي، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ھەر بىر سۆزنىڭ ئەدەپلىك، ئىلمىي يوسۇندا بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشى، قىلىسمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئارتۇق سۆزلەرنى قىلماسلىقى لازىم.

بىر ھەدىستە: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ» دەپ كەلگەن.

## خىيانەت ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى

1435. سوئال: خىيانەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: خىيانەت ـ ساداقەتسىزلىك، سېتىلىپ كېتىش ياكى سېتىۋېتىش خاراكتېرىدىكى نومۇسسىزلىقتۇر. ئاۋام خەلق خىيانەت قىلىش دېگەننى ئامانەت قويغان نەرسىنى ساقلىماسلىق دېگەن ئاددىي مەنىدىلا چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى چوڭقۇردۇر. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش دېگەنلىك گەپ-سۆز ۋە سىرغا ئوخشاش مەنىۋى ئامانەتلەرگە ۋە پۇل-مالغا ئوخشاش ماددىي ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىيانەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ زىيىنى شەخسلەردىن ھالقىپ، پۈتۈن كوللېكتىپ ۋە دۆلەتكىچە بولىدۇ. خائىنلىق كېسىلى قايسى مىللەتتە داۋام قىلسا شۇ مىللەت، شۇ ئەل خاراب بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە خىيانەتچىلىك قىلىشتىن توسقان ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

---

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 12- ئايەت

1436. سوئال: خىيانەت قىلىشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: خىيانەتچىلىك بىر خىل رەزىل قىلمىش. ئۇنى مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەملەر سادىر قىلىدۇ. خىيانەتچىلىك يامراپ كەتكەن ئەلدە ئادەمىيلىك ۋە ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببەت ئۆلگەن بولىدۇ. خىيانەتچىلىك ماددىي نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىش ۋە مەنىۋى نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەنىۋى نەرسىگە خىيانەت قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر بولىدۇ.

خىيانەت بەكمۇ ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىققا ئوخشاش رەزىللىكلەرنىڭ باش رولچىسى خىيانەتتۇر. قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ئىنسانلار بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىدىكەن، بۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ يوقىلىدۇ. ئىشەنچ يوقالغان يەردە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، ئۇششاق ـ چۈشەك زىددىيەتلەر تۇگىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتى شاقاۋەتكە، دوستلۇقى نەپرەتكە، ئىناقلىقى زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## خىيانەتنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار [(1)].

بۇ ئايەت خىيانەتچىلىكنىڭ مۇنداق ئۈچ قاتلاملىق مەنىسىدىن بېشارەت بەرگەن:

(1) خىيانەتنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى ئاللاھقا خىيانەت قىلىش، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىنىڭ يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىش. بۇ بارلىق خىيانەت تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. چۈنكى قەلبىدە خۇداسى بولمىغان ئادەمنىڭ پەس ۋە چاكىنا ھەۋەسلىرىگە تولغان نەپسىدىن باشقا نېمىسى بولسۇن! مۇنداق ئادەملەردىن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ. جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ساتقۇنلۇق، چېقىمچىلىق قاتارلىق جىنايەتلەر شۇنداق ئادەملەر تەرىپىدىن سادىر بولماقتا.

(2) خىيانەتنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش بولۇپ، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا جىمى پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن ئەسلىنىدىغان، ياخشى ئىشلارنىڭ باشلامچىسى بولغان، ئۈلگىلىك كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان

(1) ئەنفال سۈرىسى 37 - ئايەت

قىلىقلارنى قىلغۇچىلار ئۈلارغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

(3) خىيانەتنىڭ ئۇچىنچى قاتلامدىكى مەنىسى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىشىدۇر. بۇ خىل خىيانەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان رەزىل قىلمىش. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە تاپشۇرغان ئامانىتى بولىدۇ. بۇ ئامانەت مەنىۋى ئامانەتلەردىن بولۇپ بىرەر سىر ياكى بىر ئېغىز سۆز بولۇشىمۇ ياكى ئىقتىسادقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ماددىي نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق بىر ئامانەتكە خىيانەت قىلىش تولىمۇ رەزىل ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىپ: «يالغان ئېيتىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئۈچ ئالامىتىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

زامانىمىزدا خائىن سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ جازىسى

1437. سوئال: زۇلۇم قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زۇلۇم قىلىش ــ ھەقسىزلىق قىلىش، يولسىزلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

1438. سوئال: زۇلۇم قىلىشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ ھەقسىزلىق قىلمايدۇ. ھەقسىزلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلىشنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز ئازابىمىزنى تېتىتىمىز [2] دېگەن.

زۇلۇم يەنى ھەقسىزلىق ھەر تۈرلۈك بولۇپ، باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، يامانلىق قىلىش، ھەققىنى يەۋېلىش ۋە باشقىمۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتلىرىدىندۇر»[3] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى باشقىلارنىڭ يېرىدىن بىر غېرىچ يەرنى ناھەق

---

(1) ئەنفال سۈرىسى 37 ـ ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى 19 ـ ئايەت

(3) مۇسلىم رىۋايىتى

ئېلىنىۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە ھەسسىسى ئېسىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## يالغانچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

1439. سوئال: يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ۋە جازاسى نېمە؟

جاۋاب: يالغان سۆزلەش ئەڭ يامان قىلىق، ناچار ئەخلاق ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان چوڭ گۇناھتۇر. ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان قەسەم قىلىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە قارا چاپلاش، چېقىمچىلىق، ساتقۇنلۇق، گۇمانخورلۇق، تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىش قاتارلىق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە ئېغىر گۇناھلارنىڭ باش رولچىسى يالغانچىلىقتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، يالغانچىلىقنىڭ گۇناھى بۇلاردىن چوڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلىۋەرسە، راستچىل بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر ھەرقانداق بىر يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[2].

كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە قانداق تونۇلغان ۋە ئۇنىڭ دەپتىرىدە قانداق يېزىلغان بولسا، ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ شۇنداق تونۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە شۇنداق يېزىلىدۇ.

1440. سوئال: يالغان ئېيتىشنىڭ يەنە قانداق زىيىنى بار؟

جاۋاب: يالغانچىلىق پۈتۈن رەزىللىكلەرنىڭ مەنبىئىدۇر. يالغانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەر، ھادىسىلەر، زىيانلار، ئاداۋەتلەر ۋە دەپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. يالغانچى ئادەم خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمەس بولىدۇ. يالغانچىلىق سەۋەبىدىن ئىشلار

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ئاللاھ ئىسراپخورنى، يالغانچى ئادەمنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ [1] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تىلنى سۆز قىلىشقا ياراتقان، بىراق قىزىل تىلنىڭ ئۇستىخىنى يوق. نېمە دېسە سۆزلەۋېرىدۇ. ئىنسان تىلىنى كونترول قىلمىغاندا ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

### مۇسۇلمان يالغان سۆزلىمەيدۇ

1441. سوئال: ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم يالغان سۆزلەمدۇ؟

جاۋاب: ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى "مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟" دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. "مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟" دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە "مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟" دەپ سورالغىنىدا، «ياق، مۇمكىن ئەمەس»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

1442. سوئال: قانداق شارائىت ئاستىدا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەتتە يالغان ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرغان:

(1) ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. دۈشمەننى ئازدۇرۇش، خاتا مەلۇمات بېرىش، تاكتىكا قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇرۇش ـ ئالداشتۇر»[3] دېگەن.

(2) بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرى يەنە بىرىنى سۆككەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە «سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلدى» دەپ يالغان ئېيتقانغا ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا تىرىشقان ئادەم يالغانچى ئەمەس»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

(3) ئايالىغا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما ئايالىغا يالغان ئېيتىش شۇ ئايالغا پايدىلىق بولغان ئىشلار دائىرىسى ئىچىدىلا بولىدۇ. مەسىلەن: «سىز دۇنيادىكى ئەڭ

---

(1) نىسا سۈرىسى 28- ئايەت
(2) ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەساكىرلەر رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋاسىيتى
(4) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

چىرايلىق ئايالسىز» دېگەنگە ئوخشاش. ئايالمغا يالغان ئېيتتىم دەپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشقا، ئالداشقا، كۆزىنى بوياشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردىن سانىلىدۇ.

## سۆزدە تۇرماسلىق كېسىلى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى

1443. سوئال: سۆزدە تۇرماسلىق دېگەن قانداق ئىللەت؟

جاۋاب: سۆزدە تۇرماسلىق ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش»([1]) دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئاملىدۇر.

1444. سوئال: سۆزدە تۇرماسلىقنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: ئىنسان كېلىشىم تۈزسە كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بېرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار (قىيامەت كۈنىدە) ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر»[2] دەپ كەلگەن.

1445. سوئال: قانداق قىلغاندا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەم بولغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك بەزى ئىشلار ئىنساننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ئەمەل قىلالىسۇن! ئىنسان بەرگەن

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىسرا سۈرىسى 34- ئايەت

ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغانىدىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، ئىرادىسىگە كېلىشى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئوخشاشمىغان تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. چۈنكى تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن ئۇلۇغۋار قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئادەم چوقۇم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق قاتارلىق غەيرى ئەخلاقىي قىلمىشلىرىنىڭ بەدىلىنى تۆلىمەكتە.

**ئۆچلۈك، ئاداۋەت ساقلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى**

1446. سوئال: ئۆچلۈك، ئاداۋەت ساقلاشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئۆچلۈك ناچار ئەخلاقلاردىن بولۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم كۆڭلىدە بىراۋغا قارشى ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. بىرەر كىشىنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا سۆيۈنىدۇ. بېرەر كىشىگە زىيان يەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە قايغۇرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ۋە بەخت تىلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقى بەخت ـ سائادەتتىن ئورتاق ھۇزۇر ئالغان ۋە ئۆزئارا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئورتاقلاشقان بولار ئىدى.

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان پەس ئەخلاقلار ۋە ناچار قىلىقلار بار بولۇپ، دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ مەنبىئىنى بىلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ سەۋەبى پەقەتلا بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئۆچلۈك ۋە ئاداۋەت ساقلاشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاش قاتتىق ئۆچلۈكتىن كېلىپ چىقىدىغان بىر جىنايەت بولۇپ، ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە ئازار بېرىشتەك پاسسىپ تەسىرى زور بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە ئەڭ قەبىھ جىنايەت سانىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىشىپ كېتىشى ھالال ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: مەدىنىلىكلەردىن

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن" دەيدۇ [1].

**كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش رەزىللىك**

1447. سوئال: كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنىڭ گۇناھى قانداق؟

جاۋاب: كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئەيىب قويۇش شۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىك ۋە پەسلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار [2]. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە رۇخسەتسىز قارىسا، ئۆيي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسىمۇ بولىدۇ»[3]. بۇ ھەدىس كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس بۇرچ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك.

1448. سوئال: كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قانداق ساقلاش كېرەك؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدىكى مەخپىيەتلىكىنى قوغداشنى مۇقەددەس بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرۈشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرمەڭلار، كوچىلاپ يۈرمەڭلار». كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يېپىش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرۇپ ياپسا، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۇنىڭ

(1) ھەشر سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت
(3) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەيىبىنى ياپىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام كىشــىلەرنىڭ مەخپىــي پــاراڭلىرىنى ئــوغرىلىقچە تىڭشاشــتىن قــاتتىق توســۇپ مۇنــداق دېــگەن: «كىمكــى باشــقىلارنىڭ پــارىڭىنى ئــوغرىلىقچە تىڭشايدىكەن، قىيامەت كــۈنى ئۇنىــڭ قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشــۇن تۆكۈلىدۇ»[2].

## كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ گۇناھى

1449. سوئال: مەسخىرە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەسخىرە ــ كىشىلەرنى زاڭلىق قىلىش، ئۇلارنى كۆڭۈل ئېچىش ۋە كــۈلكە پەيــدا قىلىــش ئېمىســىغا ئايلانــدۇرۇۋېلىش دېگەنلىــك بولــۇپ، ئاللاھنىــڭ ۋە ئىنســانلارنىڭ نەزەرىــدە ئەڭ قەبىــھ ئەدەپســىزلىكتۇر. ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! بىــر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىــر ئــادەمنى) مەسخىرە قىلمىســۇن، مەســخىرە قىلىنغــان قەۋم (ئاللاھنىــڭ نەزەرىــدە) مەســخىرە قىلغــۇچى قەۋمــدىن ياخشــىراق بولۇشــى مــۇمكىن، ســىلەرنىڭ ئــاراڭلاردىكى ئايــاللارمۇ ئۆزئــارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىــڭ دەرگاھىــدا) مەســخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن[3].

1450. سوئال: كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى قايسى؟

جاۋاب: كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ئىمانسىزلارنىڭ ئــادىتى بولــۇپ، ئــاللاھ تائــالا كاپىرلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىــپ كۈلەتتى، مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى[4].

كىشــىلەرنى مەســخىرە قىلىــش ئــۆز ئارىــدىكى دوســتلۇقنى دۈشــمەنلىككە، ئىنــاقلىقنى بۆلۈنۈشكە، بىرلىكنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان رەزىل خۇلۇق بولۇپ، نىقابلانغــان مەغرۇرلۇقتــۇر. كىشــىلەرنى مەســخىرە قىلىــدىغانلار ئىســلامىي گــۈزەل ئەخلاقــتىن نېسىۋىسى بولمىغانلاردۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بۇخارى رىۋايىتى

(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت

(4) مۇتەففىفىين سۈرىسى 29 ـ 30ـ ئايەتلەر

### كۆرەلمەسلىك مەنىۋى ئاغرىقتۇر

1451. سوئال: كۆرەلمەسلىك قانداق خۇلۇق؟

جاۋاب: كۆرەلمەسلىك ئۆچ ـ ئاداۋەتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان قەبىھ روھىي ھالەت بولۇپ، قەلبىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. كۆرەلمەسلىك ئۆزى ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، ھوقۇق ـ مەنسەپ، ئىلىم ـ ھېكمەت قاتارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى نېمەتلىرىنىڭ يوقىلىشىنى ئويلاپ قىزىلكۆزلۈك قىلىشتۇر. جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قىسقىغىنا ھاياتلىق سەھنىسىدە بىلىپ ـ بىلمەي بۇ خىل رەزىللىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوست بۇرادەرلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى، ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئازغىنا مال- مۈلكىگە، كىچىككىنە ھوقۇق ـ مەنسىپىگە كۆرەلمەسلىك قىلىدۇ. مۇنداقلار باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن غەمكىن بولىدۇ، ئەلەم تارتىدۇ. ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن زەخمەت چېكىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار! بىر ـ بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار! يۈز ئۆرۈشمەڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىششنى تەرك ئەتمەڭلار، بەلكى ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولغان ھالدا ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆرەلمەسلىكتىن ساقلىنىڭلار، خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەندەك، كۆرەلمەسلىك ياخشى ئەمەللەرنى يەپ تۈگىتىدۇ»[2].

### گەپ توشۇش ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى

1452. سوئال: گەپ توشۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: گەپ توشۇش ــ بىراۋنىڭ باشقا بىر كىشى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان ۋە مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدىغان شەكىلدە شۇ كىشىگە يەتكۈزۈشى دېيىلىدۇ.

1453. سوئال: گەپ توشۇشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: گەپ توشۇشتىن ئىبارەت بۇ رەزىل خۇلۇق سەۋەبىدىن دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، بىرلىك بۇزۇلىدۇ، ئىناق ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر-

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ھەتتا گەپ توشۇش سەۋەبلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا، گەپ توشۇغۇچىلار، پىتنە- ئىغۋا تارقاتقۇچىلار قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئەڭ يامان بەندىلىرى گەپ توشۇغۇچىلار، دوست- بۇرادەرلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىغۇچىلار ۋە گۇناھسىز ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەردۇر»[1].

گەپ توشۇشنىڭ يەنە بىر چوڭ زىيىنى شۇكى، گەپ توشۇغۇچىلار ئاخىرەتتە ئەڭ چوڭ زىيان تارتىدىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرۇپ قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، جەننەتكە كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يامان قىلىقتىن توسۇپ: «گەپ توشۇغۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2] دېگەن.

1454. سوئال: بىراۋ گەپ توشۇپ كەلگەندە نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: گەپ توشۇپ كەلگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلىماستىن ئىشەنمەسلىك لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار [3].

**كىشىلەرگە لەقەم قويۇش ئەدەپسىزلىك**

1455. سوئال: كىشىلەرگە لەقەم قويۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: كىشىلەرگە قانداقلا بىر لەقەمنى قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداش دىنىي ۋە ئىنسانىي زۆرۈرىيەتتۇر.

1456. سوئال: كىشىلەرگە لەقەم قويۇشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: كىشىلەرگە لەقەم قويۇش ياكى ئۇلارنى ئۇلار يامان كۆرىدىغان لەقەملەر بىلەن چاقىرىش، ئاتاش ئەڭ يامان ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، مۇنداق قىلىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بارچە يېقىنلىقلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ قىلىقتىن ئالاھىدە توسۇپ مۇنداق دېگەن: بىر -

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 6 - ئايەت

بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار [1].

**ھاياسىزلىق ـ ئىمانسىزلىقتۇر**

1457. سوئال: ھاياسىزلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھاياسىزلىق ــ گۇناھ، يامان ئىشلارنى ھېچكىمدىن تەپ تارتماستىن ياكى خىجىل بولماستىن قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ھاياسىزلىق ئىمانسىزلىق بىلەن باراۋەر يامانلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھايا بىلەن ئىمان ئىككىسى بىر پۈتۈن نەرسە. ئۇلارنىڭ بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[2] دېگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1458. سوئال: شەرم ــ ھايا ۋە نومۇسلۇق بولۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ ئەخلاقى باردۇر، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ــ ھايادۇر»[3]. شەرم ـ ھايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىماننىڭ پوستى شەرم ــ ھايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك شەرم ــ ھايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانىي خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم ــ ھايا بىلەن نومۇسچانلىق ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر ــ قىممىتىنى بېيىتىپ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكتۇر.

1459. سوئال: ھاياسىزلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟

جاۋاب: ئىمان بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى بۇيۇك ئالاقە بولۇپ، نەپسىنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇسلاش قاتارلىقلار بۇ بۇيۇك ئالاقىنىڭ تەلىپى، بەلكى ئۇنىڭ تۇنجى ئىزناسىدۇر. قەلبنىڭ سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغۇچە بۇ تەلەبنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تەپتارتماسلىق تەدرىجىي ھالدا گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمانمۇ يوقىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەڭ پەس ۋە تۆۋەن ئورۇندا كۆرىدۇ. مانا بۇ، ھاياسىزلىقنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدۇر.

---

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت

(2) ئىمام ھاكىم رىۋايىتى

(3) ئىبنى ماجە، تەبەرانىي، ئىمام مالىك رىۋايىتى

**گۇمانخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرى**

1460. سوئال: گۇمانخورلۇق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: گۇمانخورلۇق ــ كىشىلەردىن شەكلىنىش، ئۇلار ھەققىدە يامان خىياللارنى ئويلاش دېگەنلىك بولۇپ، باشقىلاردىن سەۋەبسىز ئاغرىنىپ، كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە «مۇنداق بولارمىكىن، ئۇنداق قىلارمىكىن، ئېيتەرمىكىن» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن گەپ قىلىشمۇ گۇمانخورلۇقتۇر. بۇ سۆزنى ئىككىنچى بىر كىشى راست قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يالغانچىلىقمۇ گۇمانخورلۇقنىڭ نەتىجىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇمانخورلۇقتىن توسۇپ: «سىلەر گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى گۇمان بىلەن قىلىنغان سۆز سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئى مۆمىنلەر! كۆپ گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر [2].

**ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىللىكى ۋە ۋاپاسىزلىق تۈرلىرى**

1461. سوئال: ۋاپاسىزلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋاپاسىزلىق ــ ئىشەنچنى يەردە قويۇش، كۆتكەن يەردىن چىقماسلىق ۋە تۇز كورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت نامەردلىك بولۇپ، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز ۋە ئەدەپ-ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەملەر قىلىدىغان رەزىل قىلىقتۇر.

1462. سوئال: ۋاپاسىزلىقنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ۋاپاسىزلىقنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يۇقىرىسى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئىنئاملىرىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىشتىن باش تارتىش، بۇيرۇغانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتىن باشلاپ، ئۆزىنى يېتىلگەن ئانا ۋەتىنىنىڭ غېمىنى يېمەسلىك، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرماسلىق، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى تاشلىۋېتىش، مۇندىن باشقا قانداقلا بىر ياخشىلىقنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ شۇ ياخشىلىقنى قايتۇرماسلىق قاتارلىقلارغىچە بېرىپ يېتىدۇ.

شۇنداقلا، بىر ئادەمنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ ۋاپاسىزلىقنىڭ

(1) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 12 - ئايەت

جۇملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ ھازىر ئاللاھ بايلىق بەرگەن بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ، ھازىر تەن ساقلىقتا ئېرىشكەن بولسا، خۇددى ھېچقاچان نامرات بولمىغاندەك، ئاغرىپ يېتىپ باقمىغاندەك مەغرۇرلىنىشى، نامراتلارنىڭ ۋە كېسەلچانلارنىڭ ھالىغا يەتمەستىن ئۇلارنى ئويلاپ ياشىشى تولىمۇ يامان ۋاپاسىزلىقتۇر.

1463. سوئال: ۋاپادارلىق قىلىشتا ئايرىمچىلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگىدىن قەتئىينەزەر ئومۇم بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت دېگەن پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە، ئادەمنىڭ بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇشى توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك توغرا ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر.

## چېقىمچىلىق، ئۇنىڭ خەتەرلىرى ۋە جازاسى

1464. سوئال: چېقىمچىلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: چېقىمچىلىق ــ بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1465. سوئال: چېقىمچىلىقنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ــ چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كىمكى كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى ئاڭلىتىپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ

ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

**ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ زىيىنى ۋە گۇناھى**

1466. سوئال: ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ــ ئۆزىنى ئاللاھدىن چاغلىغانلىقتىن، ئۆزىدە ئاز ــ تولا بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە غادىيىش دېگەنلىكتۇر.

1467. سوئال: ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: چوڭلۇق ئاللاھقىلا خاس بىر سۈپەت. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئىنسانلارغا ياراشمايدىغان بىر قىلىقتۇر. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالەتكە ئىگە كىشىلەر ساغلام، نورمال روھىي ھالەتتىن تولىمۇ چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، بىر خىل روھىي كېسەللىككە، پسىخىكا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغانلاردۇر. بۇ خىل روھىي ھالەت ھامان ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا، شۇنداقلا روھىي پسىخىكا ساغلاملىقىغا زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇلاردا جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق، ياكى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراش، كۆپلىگەن كىشىلەر ئېرىشكەن خۇشاللىق، روھىي ئازادىلىككە ئېرىشەلمەسلىك، سىقىلىش ئىچىدە ياشاش، جىسمانىي جەھەتتىن بالدۇر زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

بىراۋدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالىتىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ خىل ناچار ئىللەتتىن مەنئى قىلىپ، لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ ۋەسىيىتىنى بايان قىلغان:

كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ[2].

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىپلاس روھىي ھالەت ئىنسانىيەتكە روھىي ــ پسىخىكا، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلەرگە تەلىم بېرىپ: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىيىتى) بولغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەردىن بىرى قورقۇپ كېتىپ: ‹‹ئى ئاللاھنىڭ

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

(2) لۇقمان سۈرىسى 18- ئايەت

پەيغەمبىرى! ئادەم كىيىمىنىڭ چىرايلىق، ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ، بۇمۇ كىبىردىن سانىلامدۇ؟" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. كىبىر دېگەن كۆرەڭلەش ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دېگەن.[1] بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، چىرايلىق كىيىنىش، ئېسىل، گۈزەل يۈرۈش ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقتىن سانالمايدۇ. بەلكى تەلەب قىلىنغان ئىشلاردۇر.

## ئىسراپخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى

1468. سوئال: ئىسراپ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسراپ — بىر نەرسىنى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ چېچىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقنى ۋە ئىسراپخورلارنى ھېچقانداق دىن ياكى قانۇن قوللىمايدۇ. چۈنكى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ ـ چاچقان نەرسىلەردىن ھېچكىم پايدىلىنالمايدۇ.

1469. سوئال: ئىسراپ قىلىشنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئىسراپ قىلىش ھارامدۇر. ئەكسىچە، ھەر نەرسىنى نورمال ھالدا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئىشلىتىش پۈتۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدىغان، ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر. قۇرئان كەرىمدە: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ [2] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نازۇ نېمەتلەرنى كەڭتاشا يېيىشكە، ئىچىشكە تەرغىب قىلىدۇ، لېكىن ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر [3].

ئىقتىسادچىللىق كەمبەغەل بولۇپ قالماسلىقنىڭ كاپالىتى بولۇپ، بۇزۇپ ـ چېچىش ۋە ئىسراپ قىلىش كەمبەغەللىكنىڭ باشلانغۇچىدۇر. ئىسراپخورلار چوقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ. تارىخ ۋە تەجرىبىلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا. بىر ھەدىستە: «ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ» دەپ كەلگەن.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەئراف سۈرىسى 31ـ ئايەت

(3) ئىسرا سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر

## زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغان ھالاكەتلىك گۇناھلار

1. تاماكا ۋە ئۇنىڭ زىيىنى
2. ھاراق ۋە ئۇنىڭ زىيىنى
3. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيىنى
4. قىمار ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى
5. زىنا ۋە ئۇنىڭ خەتىرى
6. زىنادىن چوڭ ئىككى زىنا ـ لەۋات ۋە سىھاق
7. ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتىرى
8. سېھىر قىلىش ۋە قىلدۇرۇشنىڭ گۇناھى
9. سېھىردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى
10. كۆزدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى

# تاماكا ۋە ئۈنىڭ زىيىنى ھەققىدە

1470. سوئال: تاماكا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تاماكا ــ چەيزە ئائىلىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان، ياپراقلىرى ئاق كېلىدىغان، ھىدى سېسىق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ نىكوتىن، پوتاس، نېكوتىيانى، كوللىدىي قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن تەركىبلىنىپ، ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان چېكىملىكتۇر.

## تاماكا ۋە تاماكا چېكىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

1471. سوئال: تاماكا چېكىش ئادىتى قاچان ۋە نەدىن پەيدا بولغان؟

جاۋاب: «تاماكا» سۆزىنىڭ ئەسلىسى ھىندى تىلىدىكى «tobaco» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېيىدىغان قاراش بار. يەنە بەزىلەر «tobaco» سۆزى مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى بولۇپ، تاماكىنىڭ شۇ جايدا تېپىلىپ كېيىنچە ئىسپانىيىگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئارالنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان، دەپ قارايدۇ. تاماكىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى مەلۇم ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئېنىقتۇر. كولومبو ئۆزىنىڭ ئىسپانىيىلىك ھەمراھلىرى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن 1492 - يىلى تۇنجى قېتىم بارغىنىدا، ئۇلار تاماكا ماددىسى بىلەن تونۇشقان ۋە شۇندىن بېرى تاماكا ماددىسى بارچە ياۋروپا قىتئەسىگە تارقالغان ئىكەن.

## تاماكا تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىلار

1472. سوئال: تاماكا تەركىبىدىكى ئەڭ زەھەرلىك ماددىلار قايسىلار؟

جاۋاب: تاماكا كۆپلىگەن زەھەرلىك خىمىيىۋى ماددىلار بىلەن ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زەھەرلىك ماددا ئىككى بولۇپ، بىرى نىكوتىن، يەنە بىرى قەتىراندۇر.

1473. سوئال: نىكوتىن دېگەن قانداق ماددا؟

جاۋاب: نىكوتىن ــ زەھەرلىك خىمىيىۋى ماددا بولۇپ، زەھەرلەش كۈچى شۇنچىلىك يۇقىرىكى، تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 60 ملىگرام نىكوتىننى شپىرىس بىلەن تېنى ساق، ئۆزى قاۋۇل بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە سالغان ھامان ئۇ ئادەم ئۆلىدىكەن.

1474. سوئال: قەتىران دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قەتىران ــ تاماكا چەككەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىسسىدىن فىلتىردا پەيدا بولىدىغان، خۇددى يوللارغا بېسىلىدىغان قارا مايغا ئوخشايدىغان ئاققۇچى خاراكتېرلىك ماددا بولۇپ، ھۆل ئوتۇنلارنى كۆيدۈرگەندە ئۇنىڭ كۆيگەن يېرىنىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان قارا سۇغا ئوخشايدىغان ئىسلىق ماددىدۇر.

## تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

1475. سوئال: تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تاماكىغا ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بالىلارنىڭ بەڭگى ئاتا ـ ئانىلىرىنى دورىشى ۋە ئاتىلارنىڭمۇ ئۇلارنى توسماسلىقى.

(2) بەڭگى دوستلار بىلەن ئارىلىشىش، خۇسۇسەن بالىلار يىگىتلىك ياشلىرىدا بەڭگىلەر بىلەن دوست بولۇشى.

(3) بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى كۆرسىتىش دەيدىغان سەپسەتىگە ئىشىنىپ زورىغا تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىۋېلىشى.

(4) بەزىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇ، ئەندىشىلەردىن قايسىبىر يول بىلەن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش مەقسىتى بىلەن تاماكىغا يۈزلىنىشى.

(5) تاماكىنىڭ تەن ساقلىققا قاتتىق زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭ خەتىرىنى ئاددىي ساناش.

(6) ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە سەۋر ـ تاقەتنىڭ كەملىكى.

## تاماكا يامان يولغا مېڭىشنىڭ مۇقەددىمىسى

1476. سوئال: نېمە ئۈچۈن تاماكا يامان يولغا مېڭىشنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: تاماكا چېكىش هاراق ۋە ئاق چېكىملىككە يۈزلىنىشنىڭ ئالدىنقى ئامىلى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق بەڭگى ئاق چەكمەيدۇ، ئەمما ھەر قانداق ئاق چەككۈچى بەڭگىدۇر! بىر تال تاماكىنى چېكىشنىڭ ئۆزىمۇ ھارام. بۇ ھارامغا داۋام قىلىش ھارام ئۈستىگە ــ ھارامنى سادىر قىلغانلىق بولۇپ، گۇناھ كۆلىمى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ ئازدۇرۇش دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئۇنى چەككۈچىنىڭ ئۆپكىسىنى سېسىق تۈتۈنى بىلەن قارايتقاندەك، ئۇنىڭ قەلبىنىمۇ شۇنداق قارايتىدۇ. ئادەمنى گۇناھ ئىشلەشتىن قورقمايدىغان، ھارامدىن ھەزەر قىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**تاماكىنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى**

1477. سوئال: تاماكىنىڭ كىچىك بالىلارغا قانداق يامان تەسىرى بار؟
جاۋاب: تاماكىنىڭ بالىلارغا بولغان يامان تەسىرى كۆپ، ئۇلاردىن:
(1) ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار تاماكا ئارقىلىق گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلارنى ئىشلەيدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ.
(2) تاماكا چېكىدىغانلارغا ئارىلاشقان بالىلار تەدرىجىي تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.
(3) ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرمىغان بالىلار تاماكا چېكىش ۋە باشقىمۇ يامان ئادەتلەرگە تېزلا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.
1478. سوئال: تاماكىنىڭ نارىسىدە بالىلارغا تەن ساقلىقى جەھەتتىن قانداق زىيىنى بار؟
جاۋاب: تاماكىنىڭ نارىسىدە بالىلارغا تەن ساقلىقى جەھەتتىن بېرىدىغان يامان تەسىرى تۆۋەندىكىچە:
(1) ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلارنىڭ ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى كۆچلۈك.
(2) بالىلاردىكى پاڭلىق ھالىتىنىڭ ئۆچتىن بىرى ئاتا ــ ئانىسىدىن بىرەرسىنىڭ تاماكا چېكىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەڭگى ئانا ھەر قېتىم تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قانىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ پەسلىشى قورسىقىدىكى بوۋاقنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.
(3) ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلاردا نەپەس سىقىلىش، بۇرۇن ۋە كاناي ياللۇغى، ئانگىنا قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.
(4) ئاتا ـ ئانىسى ياكى بۇلاردىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىش نىسبىتى ئاز بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسى تاماكا چېكىدىغان بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسى تاماكا چەكمەيدىغان بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار بۇنى ئىسپاتلىغان.

**تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلىرى**

1479. سوئال: تاماكا چېكىشنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيانلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: مەلۇمكى، تەن ساقلىقى ئەڭ چوڭ نېمەت بولۇپ، دۇنيانىڭ لەززىتى ۋە سائادىتى، تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتى شۇ تەن ساقلىقىغا باغلىقتۇر. دۇنيادا ھېچقانداق نېمەت تەن ساقلىقىغا يەتمەيدۇ. تاماكىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تاماكىنىڭ يۈرەك ئېغىشى، ئۆپكە

كېسلى، قىزىل تومۇرىنىڭ قېتىپ قېلىشى، بوغما ئۈچەي ياللۇغى، ئانگىنا، ئاشقازان كېسلى، جىنسىي ئاجىزلىق ۋە باشقىمۇ كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

## تاماكىنىڭ نەپەسلىنىش تۇرۇبىلىرىغا بولغان زىيىنى

تاماكىنى شوراش ئارقىلىق نەپەسلىنىش تۇرۇبىلىرىدا قېپقالغان تۈتۈننىڭ قالدۇقلىرى بەلغەم ۋە قاتتىق ھۆتەل پەيدا قىلغاننىڭ سىرتىدا، تەدرىجىي ھالدا راك كېسلىنى پەيدا قىلىدۇ.

## تاماكىنىڭ ئۆپكىگە بولغان زىيىنى

ئىنساندىكى ئۆپكە تەنگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ زىيانلىق بولغانلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدىغان ناھايىتى مۇھىم ئورگان. ئۆپكە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆپكىگە تاماكىنىڭ تۈتۈنى كىرگەندە، ئۇنىڭدىكى نىكوتىننىڭ زەھىرى ئۆپكىدە سەلبىي ئەھۋاللارنى تۇغدۇرىدۇ. نەپەسنىڭ سىقىلىشى، ئۆپكىنى تۈتۈننىڭ قالدۇقى بولغان قارا لەشنىڭ قاپلاپ كېتىشى ۋە ئاخىرىدا تەدرىجىي ھالدا راك كېسلىنى پەيدا قىلىشى قاتارلىق زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ.

## تاماكىنىڭ ئىقتىسادقا بولغان زىيىنى

تاماكىنىڭ ئىقتىسادقا بولغان زىيىنىنى مۆلچەرلەپ بولۇش قىيىن. تاماكا سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇل ئادەتتە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەمما ھېسابلاپ چىققاندا چوڭ بىر رەقەمنى تەشكىل قىلىدىغان زور مىقداردىكى پۇلدۇر. تاماكا چېكىدىغان بەڭگىلەر بالىلىرىغا خەجلەپ بېرىشتىن پىخسىقلىق قىلغان پۇلنى تاماكا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھېچ ئايىماستىن خەجلەيدۇ. ئۇلار تاماكىغا پۇل تاپالمىغاندا ئوغرىلىق، ساختىپەزلىك قاتارلىق ھارام يوللاردىن بولسىمۇ پۇل تېپىپ، ئۇنى سېتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.

## تاماكىنىڭ ئاشقازانغا بولغان زىيىنى

تاماكىدىكى نىكوتىن دېگەن زەھەر ئېغىزغا يىغىلغان سۇغا ئارىلىشىپ ئاشقازانغا كېتىدۇ، ئاشقازاندا سەلبىي تەسىرلەرنى قوزغاپ ئىشتىھانىڭ ئازىيىشى، ئومۇمىي بەدەننىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

## تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى

1480. سوئال: تاماكا چېكىشنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيىنى قايسى؟

جاۋاب: بارلىق ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقا ھەر ساھە ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن تاماكا چېكىش، تاماكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش قەتئىي ھارامدۇر. تاماكا سودىسى بىلەن تاپقان پۇلمۇ ھارامدۇر.

تاماكا ئۆزى ھارام نەرسە، ئۇ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەردىنمۇ زىيانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار [1]، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار [2]. بۇ ماۋزۇدا كەلگەن مۇندىن باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپتۇر.

## تاماكىنىڭ خاراكتېرغا بولغان زىيىنى

1481. سوئال: تاماكىنىڭ يەنە قانداق زىيىنى بار؟

جاۋاب: تاماكىنىڭ تەن ساقلىقى، دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن كەلتۈرىدىغان ھېسابسىز زىيانلىرىدىن باشقا، ئادەمنى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىشتەك ئەھۋاللارغا ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىمۇ ياخشى بولالمايدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ تاماكا چېكىپ خۇمارىدىن چىقمىغۇچە قولى ئىشقا بارمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق دېگەنلىك.

## تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى

1482. سوئال: نېمە ئۈچۈن تاماكىغا ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش شۇنچە زۆرۈر؟

جاۋاب: تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىش دېگەنلىك قۇتۇلۇش ئەڭ قىيىن بولغان خەتەرلىك بىر يولنى تاللىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن ماددىسىنىڭ تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تېنىدە قوزغاش كۈچىنىڭ زورلۇقى ۋە ئۇنىڭ تەلەبلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ ئازابلانماقتا ۋە زىيانلىق ماددىلار ئىچىدە

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 195ـ ئايەت

تاماكا ئىنسان ساقلىقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ تونۇلماقتا. شۇڭا خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۈستى يېپىق جايلاردا، خۇسۇسەن، ئىش ئورۇنلىرىدا تاماكا چېكىشنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىپ كەلمەكتە.

تاماكىنىڭ زىيانلىرى ۋە ئاۋارىچىلىكلىرى شۇنداق كۆپ بولغان ئىكەن، ئۇنى چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر. «ساقلىنىش داۋالىنىشتىن ئەۋزەل» دېيدىغان ھېكمەت ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان.

**دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تاماكىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى**

1483. سوئال: نېمە ئۈچۈن تاماكا چېكىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: تېببىي مۇتەخەسسىسلەر تاماكا چېكىشنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەيدۇ. چۈنكى تاماكا سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سانى باشقا ھەر قانداق بىر تەبىئىي ئاپەت ياكى ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولماقتا.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەسمىي ستاتىستىكىلىق دوكلاتىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «دۇنيادا يىلىغا تاماكا سەۋەبلىك ئىككى يېرىم مىليون ئادەم ئۆلىدۇ. بۇ سان 1945 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ياپونىيىنىڭ ھىروشىما ۋە ناگاساكى شەھەرلىرىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىغاندا ئۆلگەن ئادەم سانىدىن تەخمىنەن 10 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئاتوم زەربىسى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 250 مىڭ ئادەم ئىدى. دۇنيادا ئەيدىز كېسىلى تارقالغاندىن كېيىن 1981 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچىلىك بولغان 12 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى دۇنيا بويىچە 250 مىڭدىن ئازراق ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دۇنيادا تاماكا سەۋەبىدىن بىر يىل ئىچىدە ئۆلىدىغان ئادەم سانى ياپونىيىگە تاشلانغان ئاتومدا ئۆلگەن، ئەيدىز كېسىلى سەۋەبلىك 12 يىل ئىچىدە ئۆلگەن ئادەم سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولماقتا».

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ 2002 ـ يىلى 31 ـ ماي كۈنىدىكى ستاتىستىكىلىق دوكلاتىدا: «ھازىر ھەر يىلى دۇنيادا تاماكا سەۋەبلىك ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى ۋابا، ئىچ سۈرۈلۈش، يۇقۇملىنىش، زەھەرلىنىش، كولىرا، تىفوس ۋە باشقا ھەر قانداق كېسەل سەۋەبلىك ئۆلىدىغانلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتمەكتە. تاماكا چېكىدىغانلاردىن ھەر 10 كىشىدىن 3 ى تاماكىدىن تەدرىجىي زەھەرلىنىش بىلەن ئۆلىدۇ. قالغانلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى تاماكىغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر بىلەن قىينىلىدۇ. تاماكا

چېكىدىغانلاردىن 90% كىشىنىڭ ئۆپكىسى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىل قان تومۇرىنىڭ قېتىپ قېلىشى ئايرىم بىر مۇشكىلە». دەپ قەيت قىلىنغان.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مەزكۇر ستاتىستىكىسىدا يەنە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «تاماكا دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىنقىسى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا بىر مىليارد بىر يېرىم مىليونغا يېقىن ئادەم تاماكا چېكىدۇ، ئۇلاردىن 800 مىليونى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇ بويىچە كېتىۋەرسە، دۇنيادا تاماكا سەۋەبىدىن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانى 2020 ـ يىلىغا يەتكەندە ھەر يىلىغا 4 مىليونغا يېتىدىغانلىقى، 2030 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيادا يىلىغا تاماكا سەۋەبى بىلەن ئۆلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ 10 مىليونغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە».

## تاماكا چېكىش ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئەڭ پالاكەتلىك ئاپىتى

1484. سوئال: نېمە ئۈچۈن تاماكا چېكىش ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئەڭ پالاكەتلىك ئاپىتى دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تاماكىنىڭ ئىنسان ساقلىقىغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق ۋە كەسكىن ئىسپاتلانغان. بىر يىل ئىچىدە تېنى ساق كىشىلەردىن ئىككى يېرىم مىليون كىشىنىڭ پەقەت تاماكا سەۋەبىدىنلا دۇنيادىن ئايرىلىشى ھەقىقەتەن چوڭ پاجىئە بولۇپ، ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئەڭ زور پالاكەتلىك ئاپىتى بولۇپ سانىلىدۇ.

## تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى

1485. سوئال: قانداق قىلغاندا تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەتتە تاماكىغا خۇمار بولۇپ قېلىش ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىشتىن تېز ۋە ئاسان بولىدۇ. 100 ئادەم ھاراق ئىچسە، ئۇلارنىڭ 10% ياكى 15% ى ھاراققا خۇمار بولسا، 100 ئادەم تاماكا چەكسە، ئۇلارنىڭ 85% ى تاماكىغا خۇمار بەڭگى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى چارە ـ تەدبىرلەر تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

(1) تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن ئىمكان قەدەر ئارىلاشماسلىق. ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چارىسىز ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، تاماكىغا سەلبىي نەزەر بىلەن قاراش، ئۇنى بىر خەتەرلىك ئاپەت دەپ تونۇش ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش.

(2) ئۆگىنىپ قالمايمەن دېگەن ئىشەنچ بىلەن بىر قېتىم، ئىككى قېتىم چېكىپ بېقىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش.

(3) تاماكىغا زورلىغۇچىلارغا قەتئىي بوي ئەگمەسلىك ۋە شۇنداق ئەھۋالغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلىش.

(4) تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلاردىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇش. ئامالسىز قاتنىشىپ قالغاندىمۇ، بەڭگىلەردىن يىراقراق ئولتۇرۇش.

(5) سىزگە تاماكا سۇنغان كىشى ھەر قانچە يېقىن كىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قىلماستىن قەتئىي رەت قىلىش.

## باللارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۇسۇلى

1486. سوئال: قانداق قىلغاندا باللارنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: باللارنىڭ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئاتا - ئانىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇلار باللىرى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەردىن مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر:

(1) ئائىلىدە دىنىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، ھالال - ھارام، ياخشى - يامان ۋە توغرا - خاتالارنىڭ ھەممىنى باللارغا توغرا يوسۇندا بىلدۈرۈشى ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈشى.

(2) تەقۋادارلىق، نەپسىنى يىغىش ۋە ئېسىل ئەخلاقلاردا باللىرىغا ئۈلگە بولۇشى.

(3) باللىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى. ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ۋە سومكىلىرىنى پات — پات تەكشۈرۈپ تۇرۇشى.

(4) باللىرىنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە قوشنىلىرىنى ئېنىق بىلىشى ۋە باللىرىنى ئەخلاقسىز، يامان، بەڭگى باللارغا قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىقى.

(5) باللىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى مۇئەللىملىرىدىن ۋە ياخشى ساۋاقداشلىرىدىن ھەمىشە ئىگىلەپ تۇرۇشى.

(6) تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلارغا باللىرىنى ئېلىپ بارماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يالغۇز بېرىشىنىمۇ توسۇشى (يەنى مەنئى قىلىشى).

(7) ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى باللىرىنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەسلىكى، ئۆيدە تاماكا ساقلىماسلىقى.

(8) باللىرىنىڭ بىرەر قېتىم تاماكا چەككەنلىكىنى ياكى بەڭگى باللارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان باللىرىنى قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن

ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە قايتا قىلماسلىققا ۋەدە ئېلىشى.

(9) بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالماسلىقى، گۈزەل ئەخلاقلىق پەرزەنت بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىنىپ ھەر دائىم دۇئا قىلىشى.

(10) تاماكا، ھاراق، ئاق چېكىملىك ۋە باشقىمۇ زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ خەتىرىدىن بالىلىرىنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى.

## تاماكىنى تاشلاش چارىلىرى ۋە بەزى تەكلىپلەر

1487. سوئال: قانداق قىلغاندا تاماكىنى تاشلىغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: دۇنيادا ھەر قانداق بىر مۇشكۈلنىڭ چىقىش يولى بولىدۇ. تاماكىنى تاشلاش ئىشى شۇنچىلىك قىيىن كۆرۈنسىمۇ، ئۇنى تاشلاش مۇمكىندۇر. تۆۋەندىكىلەر تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن ياردەمچى بولالايدۇ:

(1) ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ دۇئا قىلىش ۋە بۇ نىجىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا چىن ئىبىسلىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن [1] دەپ ئوچۇق جاكارلىدى. يۈرەكتىن قىلىنغان دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوق. ئەمما دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەرمۇ بار. مەسىلەن: يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھالالدىن بولۇشى، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنچ بىلەن قىلىش، دۇئادا راستچىل، سەممىي بولۇش، ئاللاھنىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ، دەپ دۇئادىن زېرىكمەسلىك ۋە باشقىلار.

(2) ئاللاھ تائالا غا تەقۋالىق قىلىش، يەنى ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان ئىشلاردىن قېچىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە ئالغان كىشىنى ھېچ ۋاقىت زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ [2] ۋە كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [3] دەپ كۆرسەتكەن.

(3) تاماكىنى دەر ھال تاشلاش. ئۇنى دەرھال تاشلاش چىن ئىرادە تەلەپ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى186-ئايەت

(2) تەلاق سۈرىسى4-ئايەت

(3) تەلاق سۈرىسى2-ئايەت

قىلىدىغان ئىش. لېكىن ئۇ بەزىلەر ئويلىغانىدەك قىيىن ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنى قىيىن كۆرگەن كىشى رامىزان كۈنلىرىدىكى ھالىنى ئەسكە ئالسا بولىدۇ. رامىزان كۈنلىرىدىمۇ يېيىش، ئىچىش، تاماكا چېكىش قاتارلىق ئىشلاردىن مەجبۇرى ئۆزىنى توسىدۇ. بۇگۈن تاشلايمەن، ئەتە تاشلايمەن دەپ كەينىگە سوزۇش شەيتاننىڭ قارمىقىغا ئېسىلغانلىق بولۇپ، شەيتانىي نەپس ئۇنى تاشلاشقا پۇرسەت بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئەڭ ئۇنۇملۇك چارە، تاماكىنى تاشلاش قارارىغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزۈشتۇر.

1488. سوئال: تاماكىنى تاشلىغاندىن كېيىن قايتا چەكمەسلىك ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: تاماكىغا قايتا ئۆگىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك:

(1) تاماكىنى تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قەتئىي ئېسىگە كەلتۈرمەسلىك، كۆرۈپ قالغان ياكى ئېسىگە چۈشۈپ قالغان ئەھۋاللار ئاستىدا خىيالىنى باشقا ياققا بۇراش كېرەك.

(2) تاماكا چېكىدىغان دوستلاردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ۋە ئاربىلاشماسلىق.

(3) تاماكا چېكىش ئەسناسىدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن شەيئىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى تەرك ئېتىش، تاماكا چەككەندە ئولتۇررۇپ ئادەتلىنىپ كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرماسلىق.

(4) گىمناستىكا ھەرىكەتلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش.

(5) مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش.

(6) تاماكا خۇمارى تۇتقان بىر قانچە مىنۇتلۇق قىيىنچىلىققا سەۋر بىلەن تاقابىل تۇرۇش. خۇمار تۇتقان شۇ بىر قانچە مىنۇتقا چىدىغان ئادەم ئۇنى چوقۇم تاشلاپ كېتەلەيدۇ.

(7) تاماكا خۇمارى تۇتقان ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، خىيالىنى باشقا ياققا بۇراش، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش.

1489. سوئال: تاماكىنى تاشلاشنىڭ باشقا چارىلىرىمۇ بارمۇ؟

جاۋاب: تەلىم - تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

(1) تاماكا ئورنىغا نىكوتىن ماددىسىدىن ياسالغان مەخسۇس رىۋاشكىلارنى چايناش تاماكىغا بولغان ئىشتىھانى پەسەيتىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنى تاماكا چېكىشكە ئادەتلەندۈرۈپ قويغان نەرسە، ئۇنىڭدىكى نىكوتىن ماددىسىدۇر. مىسۋاك قوللىنىشمۇ تاماكىنى تاشلاشقا ياردەمچى بولىدۇ. خۇمار قاتتىق تۇتقان لەھزىلەردە مىسۋاكنى

ئېغىزىدىن چىقارماي تۇرۇش ياخشى ئۇسۇلدۇر.

(2) تاماكىنى تەدرىجىي تاشلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ كۈنىدىلىك چېكىدىغان تاماكا نىسبىتىنى ئازايتىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: كۈنىگە بىر پاچكا چېكىدىغان كىشى ئۈنى بىر ياكى ئىككى تالغا چۈشۈرۈشى، ئىمكان قەدەر ئاز چېكىشكە تىرىشىش ئارقىلىق بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ــ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ــ دەرھال تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

(3) تاماكا چەكمەيدىغان دوستلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش، ئۇلار بىلەن بىرگە سەيلىگە ۋە سەپەرلەرگە چىقىش. شۇ ئارقىلىق تاماكا چەكمەسلىككە ئۆزىنى كۆندۈرۈش مۇمكىن. لېكىن بۇ ئەسنادا ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ھەتتا ئۆزىگە تاماكا ھەققىدە خىيال سۈرۈشكىمۇ پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

(4) تاماكىغا قارشى تۇرىدىغان مەخسۇس تېببىي مەركەزلىرى بولىدۇ. ئۇلار يېڭىنە ۋە بەزى دورىلار ئارقىلىق تاماكىنى تاشلىماقچى بولغانلارنى داۋالايدۇ. بۇ ئورۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىشمۇ ئالاھىدە ياردەمچى بولىدۇ.

(5) تاماكا چېكىدىغان دوستلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىنى تەرك ئېتىپ، تاماكا چەكمەيدىغانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىش.

(6) بېرەر ياكى ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇش بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك. ئادەتتە تاماكىنى تاشلىماقچى بولغانلاردىن 60% كىشى ئىرادىسىدىن يېڭىلىپ يەنە تاماكا چېكىش ئادىتىگە قايتىدۇ. لېكىن تاماكىنى تاشلىماقچى بولغان ئادەم بىر ياكى ئىككى قېتىم يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى بىلىۋېلىپ، بارچە ھىممىتى ۋە كۈچىنى شۇ ئاجىزلىق تەرىپىنى يېڭىش يولىغا سەرپ قىلىدىكەن، ئۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە ئاخىرى چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ. ئىرادىلىك ئادەم ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئاجىزلىق نۇقتىسىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەلۇمكى، ھارماي كۈرەش قىلغانلار ئاخىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

(7) ئۆز ـ ئۆزىگە سۆز بېرىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان قانچىلىك سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئالدىماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ۋىجدانى ئوتتۇرىسىدا سەمىمىيەت بولۇشى كېرەك. تاماكىنى قەتئىي تاشلاش ئۈچۈن ئۆزىگە چىن ۋەدە بەرگەن ئادەم ھەر ۋاقىت خۇمارى تۇتۇپ ۋەدىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىدا ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ۋە ئۆزىنى ئالدىماسلىقى كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ ۋەدىسىنى بۇزۇشتىن يانىدۇ.

(8) يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەنمۇ تاماكىنى تاشلاش جېڭىدە غەلىبە قىلالمىغانلار

ئۈچۈن، يەنە بىر چارىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، تاماكا چەكمەسلىككە قەسەم قىلىش. ئەگەر قەسىمىدە تۇرالماي گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن قورقسا، ۋاقىتلىق قەسەم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر يىللىق، ئۈچ ئايلىق، بىر ئايلىق. بۇ ئۇسۇل بىلەن تاماكا چېكىشنى تاشلىغانلارمۇ كۆپ.

# ھاراق ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ھەققىدە

## ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھاراقتۇر

1490. سوئال: مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراق ھېسابلىنامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا، ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەر قانداقتى ھاراقنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاق ھاراق، قىزىل ھاراق، پىۋا، شامپانىيە، ئىسپىرت ۋە ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھاراق ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەست قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھەر قانداقتى ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەرقانداقتى ھارامدۇر»[1].

1491. سوئال: ھاراقتىن مەست قىلمىغۇچىلىك مىقداردا ئىچىشمۇ ھارامدۇ؟

جاۋاب: ھاراق ياكى ھاراق نامى بىلەن ئاتالمىغان بولسىمۇ تەركىبىدە ئادەمنى مەست قىلىش خۇسۇسىيىتى بولغان ھەر قانداق بىر ئىچىملىكتىن بىر يۇتۇم ئىچىشمۇ قەتئىي ھارامدۇر. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۆپى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارامدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى مەزكۇر نەرسىلەر ئاز ئىستېمال قىلىش بىلەن مەست قىلمىغان بىلەن ئىچكى ئورگانلارغا زىيان يەتكۈزۈپ ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشتا ئېزى بىلەن كۆپىنىڭ پەرقى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز ئىچىش كۆپ ئىچىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

## ھاراق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى

1492. سوئال: نېمە ئۈچۈن ھاراق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: قاتىللىق، ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق، ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىش، باللىرىنى يېتىم قالدۇرۇش، نومۇسىنى قوغدىيالماسلىق، پەسكەشلىك قاتارلىق ھەر قانداق بىر جىنايەت ياكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ھاراقنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر رېئاللىق. چۈنكى ھاراق ئىچكەن ئادەم ھەر قانداق بىر گۇناھنى ياكى جىنايەتنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىلار رىۋايىتى

هاراق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى دېيىلىدۇ. بۇ يىكىردە ھەر قانىداق دىن، ھەر قانىداق پەلسەپە ۋە ھەر قانىداق قانۇن بىردەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ئون كىشىگە لەنەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار: ھاراق سىققۇچى، سىقتۇرغۇچى، ئىچكۈچى، ئىچۈرگۈچى، توشىغۇچى، توشۇتقۇچى، ساتقۇچى، پۇلىنى يېگۈچى، سېتىۋالغۇچى ۋە ساتقۇزغۇچى»[1].

1493. سوئال: ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلغان. ئەقىل ئىنساننى بارلىق مەخلۇقلاردىن ئالاھىدە ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. ئۇنىڭسىز ئىنساننىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىدا ئەقىلنى قوغداش بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى. بىر ئىنساننىڭ ئەقلىنى كەتكۈزگەنلىك ئۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەردۇر. مەست بولۇش ئەقىلنى يوقاتقانلىقتۇر. ئەقلىنى يوقاتقان ئادەم ئىسلام ئىبادەتلىرىنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولالمايدۇ. مۇندىن باشقا، ئەقلى جايىدا بولمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت كېلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى ۋە تۈرلۈك ناشايان ئىشلارنى قىلىش، ھەتتا ھاياتىغا خەتەرلىك ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن ئۆكۈنمەيدۇ. قاتىللىق جىنايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاراقنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. ھاراق ئىنساننى ياخشى ئىشلاردىن ۋە ئاللاھنىڭ زىكرىدىن توسىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ھاراقنى پۈتۈن تۈرلىرى ۋە پۈتۈن ئاتالغۇلىرى بىلەن بىرگە ھارام قىلغان. ئاللاھ تائالا ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟ [2].

### ھاراقنىڭ زىيانلىرى كۆپ

1494. سوئال: ھاراقنىڭ ئاساسلىق زىيانلىرى قايسىلار؟

---

(1) تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(2) مائىدە سۈرىسى 90 ـ 91 ـ ئايەت

جاۋاب: تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ھاراقنىڭ زىيانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مۇنىداق 14 تۈرلۈك زىيىنىنى ئېلان قىلغان:

(1) ھاراق ئىنساننىڭ يۇقىرى نېرۋا سىستېمىسىنى زەھەرلەپ، ھاراق ئىچكۈچىنى ۋاقىتلىق ساراڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالايمىقان سۆزلەپ كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدۇ.

(2) يۈرەكنى قاتتىق قوزغىتىپ، ئارقىدىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

(3) ئىنساننىڭ كېسەللىككە قارشى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئىنساندىكى يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى تۇرىدىغان ئاق قان ئايلىنىشىنى ئىشلىمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

(4) ھاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇچەي ياللۇغى كېسىلى بولۇپ قالسا، قۇتۇلۇش ئىمكانى بولمايدۇ.

(5) ھاراققا ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ئوپېراتسىيىدە قۇتۇلۇش نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. شۇڭلاشقا سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھاراقكەشلەرنىڭ ھاياتىنى سۇغۇرتىغا ئالمايدۇ.

(6) دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلاردا ناھايىتى ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرگەن كېسەللەرنىڭ % 50 دىن كۆپرەكى ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

(7) ھاراق يۈرەك بىلەن جىگەرنى كاردىن چىقىرىدۇ.

(8) قان بېسىمى، شېكەر سىيىش ۋە يۈرەك كېسىلى بار ئادەم ھاراق ئىچىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

(9) ھاراق بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تاماق سىڭدۈرۈشكە ياردەم قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ تاماق سىڭدۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولىدۇ ۋە ئاجىزلىتىدۇ.

(10) ھاراقنىڭ ھېچقانداق ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق. شۇنى بىلىش كۇپايە قىلىدۇكى، بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ بىر قوشۇق گۆرۈچكە چاغلىق ئوزۇقلۇق كۈچى يوق.

(11) ھاراقكەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى نامراتلىققا گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تاپقان پۇلنى ھاراققا خەجلەيدۇ، ھاراق ئۈچۈن ئايالنى ۋە بالىلىرىنى ئاچ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ياخشى غىزالانمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ.

(12) تىببىي ستاتىستىكىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، جىنسىي كېسەللىككە دۇچار

بولغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى هاراقنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان.

(13) هاراقكەشلەردىن كۆچلۈك ئەۋلاد چىقارغان ئادەم يوق، چۈنكى هاراق قورساقتىكى بالىنىڭ ئورگانلىرىنىڭ زەئىپ ۋە ئەيىبلىك ئۆسۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

(14) قاتناش ۋەقەسىنىڭ % 40 ى دىن كۆپرەكى هاراق سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى هاراق خەتەرنى هېس قىلىش ئورگانلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىر سېكۇنت ئىچىدە ماشىنىنى توختىتىش كېرەك بولغان بىر ۋەزىيەتتە هاراق ئىچكەن ئادەم ئىككى سېكۇنتتىن كېيىن توختىتالايدۇ. بۇ چاغدا بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان بولىدۇ.

1495. سوئال: هاراق ئىچىشنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: هاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى 80 قامچا ئۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ ئىسلام قانۇنى يولغا قويۇلۇۋاتقان مەملىكەتلەردە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما هاراقكەشنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى جەننەتتىن مەهرۇم قېلىش ۋە دوزاخقا كىرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئۇلار: هاراقكەش، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى ۋە ئائىلىسىنى كۆنلىمەيدىغان دەييۇس»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇسۇلمانلارنى هاراق ئىچىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاهلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى هاراق ئىچمىسۇن، ئاللاهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى هاراق ئىچىلىدىغان داستىخاندا ئولتۇرمىسۇن»[2].

(1) ئىمام نەسائىي رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى

# زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيىنى ھەققىدە

1496. سوئال: زەھەرلىك چېكىملىك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىك ــ ئادەمنى مەست قىلىدىغان، خۇمار تۇتقۇزىدىغان ئەپيۇن، خېروئىن، مورفىن، نەشە، كوكائىن قاتارلىق زەھەرلىك نەرسىلەر بولۇپ، بۇلاردا كۆپ مىقداردا زەھەرلىك ماددىلار بار. بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپىنچە يوشۇرۇن ھالدا، قارا نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك زىيانلىرى

1497. سوئال: زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك زىيىنى قايسى؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلارنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىپ، ئۆلۈم بىلەن تۈگەشتۈرگەننىڭ سىرتىدا، ئىنسانىيەتكە زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان، خۇسۇسەن مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ياشلارنى زەھەرلەپ نابۇت قىلىدىغان رەھىمسىز ئالۋاستىدۇر. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولۇپ، تەن ساقلىقى، ئىقتىساد، ئائىلە، پسىخىكا تەرەپلىرىدىن كۆپ زىيىنى بار. كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشىمۇ بۇ زەھەرنىڭ بالايىئاپىتىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

1498. سوئال: زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىغا قانداق زىيىنى بار؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ئەرزىمەس خۇمارىنى قاندۇرۇش يولىدا نەپسى خاھىشى ئۇنى نېمىگە بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ، ئەگەر نەپسى شەيتان ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتسە كىرپىكنى قاقماستىن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئەقلىنى قوللىنىشقا كۈچى يەتمەي قالىدۇ. ئۇ تەكەببۇرلۇقى يوقالغان، ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاق، ئىش بېجىرەلمەيدىغان، ھۇرۇن، غەيرەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

1499. سوئال: زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيىنى قايسى؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ تەن ساقلىققا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەقىقەتەن چوڭ. تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زەھەرلىك چېكىملىك

چېكىـدىغانلاردا تاماققا بولغـان تەبىئىـي ئىشـتىھانىڭ يوقىلىشـى بىـلەن كېسـەللىك باشـلىنىپ، تەنىنــڭ ئاجىزلىششــى، چىرايىنــڭ سارغىيىشــى، كېســەللىككە قارشــى كۈچىنىڭ زەئىپلىششى، مىجەزىـدىكى تەڭپۇڭلۇقنىـڭ بۇزۇلۇشـى، جىنسـىي كۈچىنـىڭ ئۆلۈشــى، جىگەرنىــڭ، ئاشــقازاننىڭ كــاردىن چىقىشــى، يۈرەكنىــڭ ئېغىشــى، قــان بېسـىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشـى، ئاخىرىـدا قىزىـل قـان تومۇرىنىـڭ پارتلىشـى ئـارقىلىق تۇيۇقسىز ئۆلۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

1500. سوئال: زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىقتىسادقا بولغان زىيىنى قايسى؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىكنىـڭ ئىقتىسـادقا بولغـان سـەلبىي تەسـىرى ئىنتـايىن چوڭ بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئائىلىـدىن دۆلەت ئىقتىسادىغا قەدەر بىـر تۇتـاش ئىقتىسـادىي كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمـار بولـۇپ قالغـان ئـادەم بـۇ خۇمارىنى قاندۇرۇپ ئارام تېپىش يولىدا نېمىسى بولسا ساتىدۇ. قولىدىكىسى تۈگىسـە، ئوغرىلىـق بولامـدۇ، بۇلاڭچىلىـق بولامـدۇ يـاكى نومۇسـىنى سـېتىش بولامـدۇ، قايسـى يولدىن بولمىسۇن پۇل تېپىپ خۇمارىنى قاندۇرىـدىغان شـۇ زەھەرنـى سـېتىۋالىدۇ. بـۇ يولـدا ئەڭ ۋىجدانسـىز ئىشـلارنى، پەسـكەش قىلىقلارنـى قىلىشـقا، ئاتـا ــ ئانىسـىنى قاقشىتىش، بـالىلىرىنى ۋەيـران قىلىـش، پۇلغـا يارايـدىغان ھەر قانـداق نەرسـىنى نەدە بولمىســۇن ئوغرىلاشــقا رازى بولــىدۇ. ئــاخىرى ئائىلىســىدىن، تۇغقانلىرىــدىن ۋە جەمئىيەتتىكــى كىشــىلەردىن ئايرىلىــپ يــالغۇز ئۆلــۈمنى كۈتىــدۇ. زەھەرلىــك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان ئادەم ئـاخىرى پۇلـدىن، ئۆيـدىن ۋە ئائىلىـدىن، شـۇنداقلا ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچىلىك چوڭ بـاي بولـۇپ كەتسـۇن، ئۇنىـڭ بايلىقى ئۇنىڭ خۇمارىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە يەتمەيدۇ-دە.

**كىشىلەرنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى**

1501. سوئال: كىشىلەر نېمە ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە كۆنۈپ قالىدۇ؟

جــاۋاب: ئىنســانلار تەرىپىــدىن «ئــاق ئالۋاســتى» دەپ ئاتالغــان زەھەرلىــك چېكىملىكلەرنىـڭ نەقەدەر خەتەرلىـك بىـر بالايىئـاپەت ئىكەنلىكىنـى ھەمـمە بىلىـپ يەتمەكتە، ھەركىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىـدۇ. ئومـۇمەن كىشـىلەر ئـۇنى ئـۆز ئىختىيـارى بىــلەن ئىســتېمال قىلمايــدۇ ۋە ئۇنىڭغــا كۆنــۈپ قېلىشــنىمۇ خالىمايــدۇ. پەقەت بەزى كىشــىلەر ئــادەمىي شــەيتانلارنىڭ، ئۆزلىرىنىــڭ ئەرزىــمەس شەخســىي مەنپەئەتــى ۋە ۋاقىتلىـق كىرىمـى بەدىلـگە پۈتـۈن ئىنسـانىيەتنى زەھەرلەشـنى كـۆز ئالـدىغا قويغـان رەزىل ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك تۇزاقلىرىغـا چۈشـۈپ قالغـانلىق سـەۋەبلىك بـۇ زەھەرلەرگە خۇمار بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بىلىـپ تـۇرۇپ ئىسـتېمال قىلىشـقا ئۆتىـدۇ. بـۇ ئـائىلە

تەربىيىسىنىڭ كەملىكى، زەھەرنىڭ خەتىرىنى ئادىدى چاغلاش، يامان، بۇزۇق دوستلارغا ئەگىشىش، مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى، ئەخلاق تەربىيىسىدىن نېسىۋە ئالماسلىق قاتارلىق بىر قانچە سەۋەبلەرگە باغلىنىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى

1502. سوئال: قانداق قىلغاندا زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ بەزى تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمان، ئېتىقادنى ساغلام تۇتۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش، ھەر ئىشتا تەقۋالىقنى ئۆلچەم قىلىش.

(2) تاماكا، ھاراق، پىۋا، شامپانىيە ۋە باشقا ھەر قانداق خۇمار تۇتقۇزىدىغان، كەيىپ بېرىدىغان نەرسىلەرنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىستېمال قىلىشتىن قەتئىي يىراق تۇرۇش.

(3) زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئەڭ شەپقەتسىز ئالۋاستى ياكى يىرتقۇچ ھايۋان دەپ تونۇپ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش ۋە ئۇ نەرسىلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن بېقىش.

(4) دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز كىشىلەر بىلەن دوست بولماسلىق ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.

(5) زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى «بىر قېتىملا قىلىپ باقاي»، «بىر سىناپ باقاي» دېگەنگە ئوخشاش شەيتانىي نەيرەڭلەرگە قەتئىي ئالدانماسلىق.

## قىمار ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى

1503. سوئال: قىمار دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش بىلەن ئوينىلىدىغان ھەر قانداق ئويۇن تۈرى قىمار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش بىلەن ئوينىلىدىغان كارتا ئويۇنى، ئوشۇق ئويۇنى، ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز چوقۇشتۇرۇش ئويۇنلىرى ۋە لاتارىيە بېلەتى سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قىمار ھېسابلىنىدۇ.

### قىماردىن تاپقان پۇل شەكسىز ھارامدۇر

1504. سوئال: قىمار ئويناشنىڭ ھۆكۈمى نېمە ۋە قىماردىن تاپقان پۇل ھالالمۇ؟

جاۋاب: قىمار ئويناش خۇددى ھاراق ئىچكەنگە ئوخشاش ھارامدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى قىمارنىڭ ھاراملىقىنى ھاراق ئىچىشنىڭ، بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ ۋە پال سېلىشنىڭ ھاراملىقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار [1].

قىمار ئارقىلىق تاپقان پۇل قەتئىي ھارامدۇر. ئۇنى خەجلەش خۇددى جازانە قىلىپ تاپقان پۇلنى خەجلىگەنگە ئوخشاش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ بەدەلسىز كەلگەن پۇلدۇر.

### قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى

1505. سوئال: قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىشلەش ئارقىلىق يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ رىزقىنى ھالال ئەمگەك بىلەن ئىشلەپ تېپىشقا بۇيرۇغان. ھالبۇكى، قىمار ئاللاھ بۇيرۇغان قانۇنىيەت بىلەن زىتلىشىدىغان، قارشى تەرەپنى زىيانغا ئۇچرىتىشنىڭ سىرتىدا، جاپا تارتماستىن، ئىشلىمەستىن پۇل تېپىشنى چىقىش يولى

(1) مائىدە سۈرىسى 89 ـ ئايەت

قىلىغان بىر تەييار تاپىلىقتۇر.

(2) قىمار تۇرىگە كىرىدىغان پۇتۇن ئويۇنلار ئىنسانلارنى ئىشلەشكە، ھالال رىزىق ئۈچۈن تەر تۆكۈشكە ئەمەس، تەلەي سىناشقا، تاسادىپىيلىق ۋە قۇرۇق ئارزۇلارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

(3) قىمار ئويناپ بىراۋنىڭ پۇلىنى ئۇتۇۋېلىش ئۇنىڭ پۇلىنى ھەقسىز ئېلىۋالغانغا ئوخشاشلا ھارامدۇر. چۈنكى ئىسلام قانۇنى بويىچە، بىراۋنىڭ پۇل ـ مېلى يەنە بىرسىگە پەقەت سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ياكى ئۆز كۆڭلىدىن سوۋغا قىلىشى بىلەن ياكى سەدىقە قىلىش بىلەنلا ھالال بولىدۇ.

(4) قىمار ئوينىغۇچىلار ئۇتتۇرۇۋەتكەندە، ئاغزى بىلەن رازىلىقىنى ئىپادىلىگەن بىلەن چىن كۆڭلىدە ئۇتۇۋالغان كىشىگە ئۆچمەنلىك بىلەن ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ. زىيان ئاچچىق بولغانلىقتىن زىيان تارتقان ئادەم قايىسى يول بىلەن بولمىسۇن، ئۇتۇۋالغان ئادەمگە يامانلىق قىلىش كويىدا بولىدۇ ۋە ئارىدىكى دوستلۇق بۇزۇلىدۇ.

(5) ئۇتتۇرغۇچى زىياننى قايتۇرۇۋېلىش، ئۇتقۇچى يەنە كۆپرەك ئۇتۇش تىلىكى بىلەن ھەر ئىككىسى قىماردىن باش ئالالمايدۇ. قىمارۋازلار ئاخىرىدا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ موھتاجلىقتا قالىدۇ.

مۇندىن باشقا قىمار ۋاقىتنى ۋە كۈچنى ئىسراپ قىلىدىغان ئويۇن بولغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپ باي بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. قىمارغا باغلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ دىنىنى، نومۇسىنى، ۋىجدانىنى، مىللىتىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى سېتىۋېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۇڭا قىمار پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ھارام قىلىنغان. قىمار ئوينىغان كىشى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

1506. سوئال: لاتارىيە ئويۇنلىرىمۇ قىمار ھېسابلىنامدۇ؟

جاۋاب: ھەر خىل تۈردىكى لاتارىيە ئويۇنلىرى قىمارنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، قانداقلا بىر ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھەر قانداق ئويۇن قىماردۇر. چۈنكى لاتارىيە بېلىتىنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇتۇۋالغان تەقدىردە، ئۇ ئۆزى بېلەتكە تۆلىگىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇلنى ھېچبىر مېھنەتسىز قولغا چۈشۈرگەن بولىدۇ. بۇ بىر ھارام. لاتارىيە بېلىتىنى سېتىۋېلىپ ئۇتالمىغان مىڭلارچە كىشىنىڭ ھەققىنى بەدەلسىز ئالغانلىقى يەنە بىر ھارام. بۇ قاتمۇقات ھارام دېگەنلىك.

## زىنا ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

1507. سوئال: زىنا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زىنا — ئۆزئىنىڭ ھالال نىكاھلىق جورىسى بولمىغان بىرسى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ ھارام قىلغان ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى زىنادىن قەتئىيلىك بىلەن توسۇپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: زىناغا يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «كىشى زىنا قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭدىن ئىمان چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىدا كۆلەڭگىدەك ئوخشاش تۇرىدۇ. ئۇ كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئىمانى ئۇنىڭغا قايتىدۇ»[3].

### زىنانىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

1508. سوئال: زىنانىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟

جاۋاب: زىنا - ئىناق ئائىلىلەرنى پارچىلايدىغان، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان، گۇناھسىز نارىسىدە باللارنى يېتىم قىلىدىغان، ئوت يۈرەك ئەرلەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان بىر خىل رەزىل قىلمىشتۇر.

زىنا شۇنچىلىك قەبىھ ۋە رەزىل ئىش بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جازاسىنى تۆۋەندىكىچە بېكىتكەن:

زىنا قىلغۇچى ئۆيلەنگەن ياكى تۇرمۇشقا چىققان بىرسى بولسا، ئۇنى تاش كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش. ئەگەر ئۆيلەنمىگەن ياكى ياتلىق بولمىغانلاردىن بولسا، ئۇنى خەلقى ئالەم ئالدىدا، يۈز قامچا ئۇرۇش. ئەر - ئايال، باي - گاداي، قېرى - ياش بۇ ھۆكۈمدە ئوخشاشتۇر. بۇلار زىنانىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى

(1) ئىسرا سۈرىسى 32 - ئايەت

(2) بۇخارىي رىۋايىتى

(3) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

جازاسى ئادەمنى دەھشەتكە سالىدىغان، ئەقىلنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان سۆزىدە، زىنا قىلىشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر ساناپ، بۇ گۇناھلارنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى مۇنداق بايان قىلغان: ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالمايدۇ، ئاللاھ هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى ئىشلىمەيدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلارنى قىلىدىكەن، ئۇ ئاخىرەتتە جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ [1].

## زىنانىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس

1509. سوئال: زىنانىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل بولامدۇ؟

جاۋاب: زىنانىڭ دەرىجىلىرى ئېغىرلىق جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىگە دۈشمەنلىك كۆرسىتىۋاتقان باشقا دىندىكى ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، مۇسۇلمان ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. ناتونۇش مۇسۇلماننىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يىراق قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، يېقىن قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يېقىن قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن مۇجاھىد (ئاللاھ يولىدا جەڭگە چىقىپ كەتكەن كىشى) نىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر، ئەلۋەتتە. ئېرى يوق ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنىنىڭ گۇناھى باشقا يات ئاياللاردىن 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىدىن ئېغىردۇر»[2].

بۇنىڭدىن، باشقا دىندىكى ياكى يات ئاياللار بىلەن زىنا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى يېنىكرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىش ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغانلار مۇتلەق زىنانىڭ جازاسى بولۇپ، بۇ مۇتلەقلىك ئادەتتە زىنا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يېنىك بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

(1) فۇرقان سۈرىسى 68- 69- ئايەتلەر

(2) ئەھمەد رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقىلارغا ھاراملىقى، خۇددى بۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئاتىلىرىغا ھارام بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. قانداقلا بىر كىشى مۇجاھىدلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىرەر مۇجاھىدنىڭ ئايالىغا كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە، بۇ مۇجاھىد ئۈچۈن ئۇنىڭ خىيانەت قىلغۇچىسىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساۋابلىرى بولسا، مەزكۇر مۇجاھىد ئۇنىڭ ساۋابلىرىدىن خالىغانچە ئالىدۇ»[1].

يۇقىرىقى، زىنانىڭ ئادەمنى دەھشەتكە سالىدىغان گۇناھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇن زىنا ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەتتىكى كىچىك گۇناھلارنى ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ يۈزىسىدىن تەۋبىسىزمۇ كەچۈرىدۇ، ئەمما چوڭ گۇناھلارنى ھەقىقىي تەۋبە ئارقىلىق كەچۈرىدۇ.

زىنانىڭ ئىناق ئائىلىلەرنى قانداق پارچىلىغانلىقى، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى نەپرەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، قانچىلىغان گۇناھسىز باللارنى يېتىم قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان، تەجرىبىلەرمۇ ئۇنى يەكۈنلىگەن بىر بالايىئاپەت ئىكەنلىكى ئوچۇق بىر رېئاللىقتۇر. شۇڭا زىنا ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاملى دېيىلىدۇ.

مۇندىن باشقا، زىنا مىللەتنىڭ چۆكۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىر ھەدىستە: «قانداقلا بىر مىللەتتە زىنا ياكى جازانىخورلۇق ئورتاقلىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا زىنانى شۇ سەۋەبتىن «يامان يول» دەپ تەرىپلىگەن.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ھاكىم رىۋايىتى

# زىنادىن چوڭ ئىككى زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى

1510. سوئال: زىنادىن چوڭ زىنا قايسى؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان، زىنادىنمۇ چوڭ ئىككى زىنا بولۇپ، بىرى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، پۈتۈنلەي نابۇت قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان «ئەر بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى»، يەنە بىرى، «ئايالنىڭ ئايال بىلەن جىنسىي لەززەت ئېلىشى» دۇر. ئالدىنقىسى «لەۋات ياكى بەچچىۋازلىق» دەپ ئاتىلىدۇ، كېيىنكىسى «سىھاق ـ Lesbianism» دەپ ئاتىلىدۇ.

**لەۋاتنىڭ جازاسى**

1511. سوئال: لەۋاتنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: لەۋات ياكى بەچچىۋازلىق قىلىش ئىنسان تەبىئىتىنى يىرگەندۈرىدىغان، ئەڭ پاسكىنا، ئەڭ يامان قىلىق بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن ئېغىر جىنايەتتۇر. چۈنكى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان جايى ئاياللاردۇر. بۇ قىلىق ھەر قانداق بىر مىللەتنى، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنى نابۇت قىلىپ يوق قىلىۋېتىشكە يېتەرلىكتۇر. ئۆز ۋاقتىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مۇشۇ قىلىقنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى يەرنى ئۇستىگە دۈم كۆمتۈرۈش بىلەن جازالىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «لەۋات قىلغانلارنى تۇتۇۋالساڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ كۆرسەتكەن[1].

ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى جازالىغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ روھىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىگە ئاساسەن، لەۋات قىلغان ئادەم ئىنسانلىقنى، جەمئىيەتنى كىرلەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، ئۇنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش ياكى ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈش ياكى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ دوزاختۇر!

---

(1) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

**سىھاقىنىڭ جازاسى**

1512. سوئال: سىھاقىنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: سىھاق ياكى Lesbianism ئىنسانلىق شەنىگە ياراشمايدىغان، ئەڭ يىرگىنىشلىك، پاسكىنا قىلىقتۇر. ئۇ زىنانىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، گۇناھى زىنانىڭ گۇناھىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنىڭ ئايالغا جىنسىي تەرەپتىن كېلىشى زىنادۇر»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىلىقتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئايالمۇ ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر بىلەن ئەر، ئايال بىلەن ئايال بىر يوتقاندا ياتمىسۇن»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ قىلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ۋە زىنانىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان.

سىھاقنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى زىنانىڭ جازاسىدىن ئېغىرراق بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئەمما ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىستە بىر نەرسە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ شارائىتقا قاراپ قامچا ئۇرۇشقا ئوخشاش جازالارنى قوللىنىشى كېرەك، دەيدىغان كۆز قاراشلار بار.

---

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى
(2) مۇسلىم رىۋايىتى

# ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1513. سوئال: ئالدامچىلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئالدامچىلىق ــ ھىيلە- مىكىرلەر بىلەن كىشىلەرنى قاندۇرۇش، قايىل قىلىش، ئىشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئالدامچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە يات ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر ناچار خۇلقتۇر. ئالدامچىلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلمەكتە. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيان كەلگەن پۈتۈن دىن، پەلسەپە ۋە يەرلىك قانۇنلارمۇ ئالدامچىلىقنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئالدامچىلارنى سۆكىدۇ.

ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدامچىلىقنى سۆكۈپ: «كىمكى ئالدامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ ھەدىس ئالدامچىلارنىڭ گەرچە ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، زاكات بېرىپ ۋە ھاجى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى مۆمىن مۇسۇلمانلار قاتارىدىن كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى «دىن ــ مۇئامىلە» دۇر. دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلارنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئىنسانلارنى دەخلى ــ تەئەررۇزسىز، بەختلىك ياشىتىشتۇر. ئالدامچىلىق بولسا ئىنسانلارنى زىيان ــ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان ئېغىر جىنايەت.

## سودا ــ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى

1514. سوئال: سودا ــ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ھازىرقى زاماندا ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان جاي بازارلار بولۇپ، سودا ــ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياشقا تىرىشىش. مەسىلەن: مېۋە ــ چېۋە ياكى ئوتياش ۋە ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۈستىگە، ناچارلىرىنى ئاستىغا تىزىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداپ ساتقانغا ئوخشاش.

(2) ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

سېتىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداش. مەسىلەن: سۈپەتسىزماللارغا داڭلىق ماركىلارنى ياكى يەرلىك ماللارغا چەت ئەلنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ ساتقانغا ئوخشاش. بۇنداق قىلىش ئىنسانلارنى ئىككى تەرەپتىن زىيانغا ئۇچراتقانلىق بولۇپ، خېرىدارلارنى ئالداپ ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقاننىڭ سىرتىدا، يالغاندىن چاپلىۋالغان ماركىنىڭ ئىگىسى بولغان شىركەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئارقىلىق قاتمۇقات ھارامنى يېگەن بولىدۇ.

(3) تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بېرىش. بۇ سودىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغانلار قاتارىدىن (يەنى كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن) سانىغان. (بۇ ماۋزۇ «سودا ــ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپى» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلىي سۆزلەندى).

(4) خېرىدار ئەمەس بىرىنى خېرىدار ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا تەلەب قىلدۇرۇش ئارقىلىق راستىنلا ئالىدىغان خېرىدارلارنى ئالداپ سېتىۋېلىش. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «غەرەر» دەپ ئاتىغان ۋە قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن مەنئى قىلغان[1].

(5) چارۋا ماللارنى ساتىدىغانلارنىڭ بۇ ماللارنى سېتىشقا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن مەخسۇس دورىلار بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بويىشى. مۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن تاپقان پۇل ھارام بولىدۇ[2].

**ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى**

1515. سوئال: ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز ــ يىگىتنىڭ ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار بىلەن ياكى كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن قارشى تەرەپنى ئالدىشى بولۇپ، بۇ خىل ئالدامچىلىق بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان يامان ئىشتۇر. چۈنكى بىر-

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ «غىرر» مۇئامىلىسىدىن توسقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقى بايان قىلىنغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ قانداقلا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنمۇ ھارام قىلغان» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بىرىنى ئالداپ تۇرمۇش قۇرغانلارنىڭ بۇ تۇرمۇشى داۋام قىلمايدۇ، داۋام قىلغاندىمۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىهاندا كۆچۈرۈشى. بۇ مۇئەللىمنى ئالداشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئالدىغانلىق ۋە ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقتۇر. ئىمتىهاننى كۆچۈرۈپ ياكى قايسىبىر هىيلە بىلەن تاپشۇرۇش ئارقىلىق دىپلوم ئالغانلارنىڭ، دىپلومنى ئوقۇپ، ئىمتىهان بېرىپ ئالماستىن سېتىۋالغانلارنىڭ بۇ دىپلومنى ئىشلىتىپ تاپقان پۇلى شەكسىز هارامدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى ئۇ دىپلومغا ۋە دىپلومدىكى كەسىپنى قىلىشقا لاياقەتلىك ئەمەس. بىرەر كەسىپكە لاياقەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭغا لاياقەت بولغانلارنىڭ ئورنىدا ئىش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى سەۋەبلىك ئىنسانلارنى تۈرلۈك زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئالدامچىلىقنىڭ خەتىرىدىن ئاگاهلاندۇرۇپ: «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن.

(3) دوستلارنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ، ساۋاقداشلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى، خاتالىقلارنى ياكى ئەيىبلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، يوشۇرۇش ياكى كۆرمەسلىككە سېلىش، ھەتتا ماختاشمۇ بىر خىل ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى ۋاقتىلىق ئالداپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام «دىن ـ نەسىھەتتۇر»[2] دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ئەينىكى»[3] بولۇشى لازىملىقىنى جېكىلىگەن. چۈنكى هەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە، ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە، بۇ دىننى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى بار. هەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىدىن مەسئۇلدۇر.

### ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى

1516. سوئال: ئالدامچىلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟

---

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىمام مۇسلىم ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(3) ئىمام بۇخارىي ۋە بەيهەقىي رىۋايەت قىلغان هەدىس.

جاۋاب: ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ ئەڭ خەتەرلىك زىيىنى چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولالماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن مەشھۇر ھەدىسى ئالدامچىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەدىستىكى «بىز» دېگەن سۆز ئىسلام ئۈممىتىگە مەنسۇپ بولغان جىمى مۇسۇلمانلارنى، «بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆز ئالدامچىلارنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدامچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا زىيانلىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالدامچىلىق دوزاخقا كىرىشنىڭ يولىدۇر.

(2) ئالدامچىلىق ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەسلىكىگە، ئەخلاقىنىڭ رەزىللىكىگە، ئىمانىنىڭ يوقلۇقىغا دەلىلدۇر.

(3) ئالدامچىلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، بەرىكىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ھەمىشە مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر.

(4) ئالدامچىلارنىڭ دۇئاسى قەتئىي ئىجابەت بولمايدۇ. ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا شەك بار. چۈنكى ئالدامچىلىقتىن تاپقان پۇل ھارام، ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىدا شەك يوق.

(5) ئۆلىمالار كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇۋېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئالدامچىلىقتىن بولىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئالدامچىلىق بار يەردە، ئىشەنچ بولمايدۇ، ئىشەنچ بولمىغان يەردە، بىرلىك، ئىناقلىق بولمايدۇ، بىرلىك ۋە ئىناقلىق بولمىغان يەردە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمىغان يەردە ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىش، مۇستەملىكە قىلىنىش بولىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

# سېھىر قىلىش ۋە قىلدۇرۇشنىڭ گۇناھى ھەققىدە

1517. سوئال: سېھىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سېھىر ــ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تەسىر قىلىدىغان، جىنلارنى ئىشقا سېلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان يوشۇرۇن ئىش دېگەنلىكتۇر. سېھىر ئەر ــ ئاياللارنى بىر ـ بىرىگە ئۆچ ياكى ئامراق قىلىش، كىشىلەرگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزۈش ۋە قەستلەش رولىنى ئوينايدۇ.

1518. سوئال: سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى راستمۇ؟

جاۋاب: سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنى تۈرلۈك دەرد ـ ئەلەملەرگە ۋە كېسەللىكلەرگە ئۇچرىتىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ سەۋەب بولالايدىغانلىقى راستتۇر.

1519. سوئال: سېھىرگەرلىك قىلىشنىڭ گۇناھى قانداق؟

جاۋاب: سېھىرگەرلەر ۋە كىشىلەرگە سېھىر ئۆگەتكۈچىلەر شەكسىز كاپىرلاردۇر. پۈتۈن تەپسىرشۇناس ئالىملار قۇرئان كەرىمدىكى سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگەنگىنى بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى [1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، سېھىر قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ چوقۇم كاپىر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى ئوچۇقلاپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى داخان، رەمچى ۋە پالچىلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلغان بولىدۇ» دېگەن[2].

(1) بەقەرە سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

## سېھىردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى

1520. سوئال: سېھىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: سېھىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم:

(1) ھەر خىل ئاپەتلەر، ئاغرىق ـ سىلاق ۋە خېيىمخەتەرلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئايەت ۋە دۇئالارنى، خۇسۇسەن، فاتىھە سۈرىسىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر، ھاللار ۋە جايلاردا ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان دۇئالارنى، كۆزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەرنى كۆپ ئوقۇشقا ئادەتلىنىش[1].

(2) ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى پاكىز تۇتۇش ۋە گۇناھ، ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش.

(3) قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇش.

### سېھىردىن شىپا تېپىشنىڭ چارىلىرى

1521. سوئال: سېھىرگە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن شىپا تېپىشنىڭ چارىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سېھىرگە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن شىپا تېپىشنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سېھىر قىلىنغان ئورۇن بىلىنسە، ئۇنى شەرىئەتكە خىلاپ كەلمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن چىقىرىپ تاشلاش. بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىدۇر[2].

(2) فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى («ئامەنەررەسۇلۇ» دىن«كافىرىين»غىچە) نى چىن ئېتىقاد بىلەن ئۈچ قېتىمدىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ بىمارغا سۈفلەپ يۇرۇش[3].

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇلۇغ ئالىم ئىبنى قەييۇم جەۋزى«زادۇلمەئاد» ناملىق ئەسىرىنىڭ4 ـ جىلد 126 ـ بېتىدە بايان قىلغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

(3) بىمارنىڭ ئاغرىغان يېرىگە قولنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇش:

ــ «ئـى ئىنسـانلارنىڭ پەرۋەردىگـارى ئـاللاھ! دەردكە داۋا، رەنجىمـزگە شـىپالىق بەرگىن، ھەقىقەتەن سەن ھەرقانداق ئاغرىقلارغا شـىپالىق بەرگۈچىسـەن. سـېنىڭدىن بۆلەك شىپالىق بەرگۈچى يوق، سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن كېسەللىك قالمايدۇ»[1].

ــ «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ ھەرقانـداق شـەيتاندىن، خەتەرلىـك مەخلۇقلاردىن ۋە ھەرقانداق يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

ــ «ئاللاھنىـڭ ئۇلـۇغ كەلىملىـرىگە سـېغىنىپ، مەخلۇقاتنىـڭ شـەررىدىن پانـاھ تىلەيمەن»[3].

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

(2) بۇخارىي رىۋايىتى

(3) مۇسلىم رىۋايىتى

## كۆزدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى

1522. سوئال: قۇرئان ئايەتلىرى ھەر قانداق دەردكە داۋا بولامدۇ؟
جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قانداق دەردىگە داۋا ۋە كېسەللىرىگە شىپا ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى [1]، بىز مۆمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز [2].

### قۇرئان كەرىم بىلەن ئىسلامىي دۇئالار مۆمىنلەر ئۈچۈن شىپادۇر

1523. سوئال: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە دۇئا بىلەن شىپا تېپىشنىڭ شەرتى نېمە؟
جاۋاب: كۆز، سېھىر، ئاغرىق ـ سىلاق ۋە باشقىمۇ بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىش ھەمىدە ئۇلارغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن شىپا تېپىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئاللاھقا قىلىنغان سەممىي دۇئالار ئەڭ ياخشى قالقان ۋە ئۈنۈملۈك شىپادۇر. لېكىن، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ شىپاسىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ شەرتى شۇكى، قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن داۋا قىلغۇچى ۋە داۋالانغۇچى ھەر ئىككىسىنىڭ چىن مۇسۇلمان بولۇشى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن چوقۇم شىپالىق ئىكەنلىكىگە خۇددى ئاسپىرىننىڭ باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندەك چىن ئىشىنىپ يۈرىكى بىلەن تەستىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەلۇمكى، دوختۇرنىڭ دورىسى مۇسۇلمان ـ كۇففار ھەر قانداق ئادەمگە ئوخشاشلا شىپالىق بولىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ شىپاسى مۆمىنلەرگىلا خاستۇر.
1524. سوئال: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئىسلامىي دۇئالار بىلەن شىپالىق ئىزدەش سەۋەب قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئىسلامىي دۇئالار بىلەن شىپالىق ئىزدەش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئاللاھقا ئېسىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈشى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ماددىي سەۋەبلەرنى ئورۇندىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر ئاغرىقنى ياكى دەردنى ياراتقان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ شىپاسىنىمۇ ياراتقان. ئاللاھ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. شۇڭا مۇسۇلمانلار ھەر ئىشتا سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھقا يۆلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرۇلغان. ئاللاھقا يۆلىنىش بىلەن سەۋەب ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن قەتئىي ئايرىلماسلىقى لازىم.

1525. سوئال: كۆز تېگىش دېگەن راستمۇ؟

جاۋاب: كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى ۋە يامان كۆزلەرنىڭ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا ئىسپاتلىنىپ كەلگەن بىر ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر، ئەگەر قەدەرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم كۆز بولاتتى» دېگەن[1].

## كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى

1526. سوئال: كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ۋە چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.

(2) قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇش.

(3) شەرىئەتتە كۈندىلىك ئوقۇشقا بۇيرۇلغان دۇئالارنى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش.

(4) ئۆزىدىن ياكى پۇل ـ مېلىدىن ياكى ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ بىرەرسىدىن خۇشلانغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالادىن بەرىكەت تىلەپ «ماشائاللاھ» ياكى«مۇبارەك بولسۇن» دېيىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىدە ياكى مال ـ دۇنياسىدا ياكى دىنىي بۇرادەرلىرىنىڭ بىرەرسىدە خۇشاللىنارلىق بىر نەرسىنى كۆرسە، «ماشائاللاھ» دەپ ئۇنى مۇبارەكلىسۇن. چۈنكى

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر»[1].

(5) كۆز تېگىشتىن قورقىلىدىغانلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىش.

## كۆز تەگكەندىن كېيىن شىپا تېپىش چارىلىرى

1527. سوئال: كۆز تەگكەندىن كېيىن ئۇنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك؟

جاۋاب: كۆز تەگكەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇش چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى («ئامەنەررەسۇلۇ» دىن («كافىرىين»غىچە) نى، كۆز ۋە تىلدىن ساقلىنىشتا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى چىن ئېتىقاد بىلەن ئۈچ قېتىمدىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ كۆز تەككەن كىشىگە، خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئاغرىغان يېرىگە سۈفلەپ ئوڭ قول بىلەن سىپاش[2].

كۆز تەككەن كىشى ئەگەر قۇرئان ساۋادى بار كىشى بولسا، يۇقىرىقىلارنى ئۆزى ئوقۇغىنى ياخشى.

(2) يۇقىرىقى ئايەت ۋە دۇئالارنى سۇغا ئوقۇپ كۆز تەككۈچىگە ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقىنىنى ئۇنىڭغا چېچىش[3].

---

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر ساھابىنى شۇنداق داۋالىغانلىقىنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# جىنايەت ۋە جازالارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1528. سوئال: ئىسلام جازا قانۇنى نېمە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن؟

جاۋاب: ئىنسانلار يېگانە ياشىيالمايدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي هايات جەريانىدا، بىر - بىرىنىڭ ھەقلىرىگە، نومۇسلىرىغا، ھەتتا جانلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتەك ئىنسانىي جىنايەتلەر ھەر قانداق جەمئىيەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار بىر - بىرىنىڭ تاجاۋۇزلىرىدىن ئامان ھالدا خاتىرجەم ھايات سۈرۈشلىرى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە قانۇنىي ئىنتىزاملارلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنىڭ جېنىغا، مال - مۈلكىگە، نومۇسىغا، ۋە خاتىرجەملىكىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزگۈچىلەرگە بەزى ئىبرەتلىك جازالارنى قوللىنىش ئارقىلىق باشقىلارنى جىنايەتنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام قانۇنىدا بەزى جازالا بەلگىلەنگەن.

1529. سوئال: ئىسلام جازا قانۇنىدىكى جازالار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام جازا قانۇنىدا بېكىتىلگەن جازالار پەزىلەتلىك ۋە ئادالەتلىك بىر جەمئىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا سەلبى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغان بەزى چوڭ جىنايەتلەر ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا ئادەتتىكى جىنايەتلەرنىڭ جازاسى ھەرقايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ شۇ مەملىكەتلەرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ ھالدا بەلگىلەشلىرىگە تاپشۇرۇلغاندۇر.

## ئىسلامدا جازانى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرتلىرى

1530. سوئال: ئىسلامدا جازانى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بەزى پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن. ئۇلار:

(1) ئىنسان باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازالانمايدۇ. «بىراۋنىڭ گۇناھىنى باشقا بىرى كۆتۈرمەيدۇ»[1].

(2) ھەر قانداق بىر جىنايەت ئۈچۈن مۇناسىپ جازانىڭ بېرىلىشى. «بىر

(1) نەجم سۈرىسى 38 - ئايەت

يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر [1].

(3) جىنايەت ئىشلەنگۈچىنىڭ جىنايەتچىسىنى ئەپۇ قىلىش ھەققى بار. كىمكى ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ [2].

(4) جازا ئىسلام ئىسلام شەرىئىتى ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەتنىڭ ئىسلام مەھكىمىسى تەرىپىدىنلا ئىجرا قىلىنىدۇ. مەھكىمىنىڭ كەيپىيىتى بېكىتىلگەن جازالارنى يېنىكلىتىش ياكى ئېغىرلاشتۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەمما كەيپىيىتى بېكىتىلمىگەن جازالارنى جىنايەت ۋە جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئېغىر ياكى يېنىك قىلىپ بەلگىلىيەلەيدۇ.

## ئىسلام جازا قانۇنىدا كەيپىيىتى بېكىتىلگەن 5 چوڭ جازا

ئىسلام جازا قانۇنىدا جازالاش كەيپىيىتى ئېنىق بېكىتىلگەن جازالار پەقەت 5 بولۇپ، ئۇلار: قاتىللىق، زىنا، قاراقچىلىق، ئوغرىلىق ۋە بىراۋغا تۆھمەت چاپلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

### (1) قاتىللىقنىڭ جازاسى

1531. سوئال: قاتىللىقنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، يەنە بىرى سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سېلىش بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ جازاسى ئايرىمدۇر.

1532. سوئال: قەستە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام جازا قانۇنى بويىچە، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر. ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ [3].

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تەۋەلىرى قاتىلدىن ئىنتىقام ئېلىشنى كەچۈرسە بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدۇر، ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى

(1) شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت
(2) شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى178 ـ ئايەت

تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋازكەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن (دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم [1].

1533. سوئال: سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغاننىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەشتۇر. كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ، بىر مۆمىن قۇلنى ئازات قىلىشى ۋەئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك [2].

1534. سوئال: دىيەتنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟

جاۋاب: بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئۆلتۈرگۈچىنىڭ تۆلەيدىغان دىيەتنىڭ مىقدارى بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن 100 تۆگە ياكى ئۇنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىدۇر.

### (2) قاراقچىلىق، سويغۇنچىلىق ۋە رېكوتېرلىقنىڭ جازاسى

1535. سوئال: بۇلاڭچى، قاراقچى ۋە سويغۇنچى رېكوتېرلارنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: بۇلاڭچى، قاراقچى ۋە سويغۇنچى رېكوتېرلارنىڭ جازاسى ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ، ئۆلتۈرۈش، ياكى ئوڭ قولىرى ۋە سول پۇتلىرىنى كېسىش، ياكى جىنايىتى يېنىكرەك بولسا سۈرگۈن قىلىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىشى، ياكى دارغا ئېسىلىشى، ياكى ئوڭ قولىرى بىلەن سول پۇتلىرى كېسىلىشى، ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك [3].

### (3) ئوغرىلىقنىڭ جازاسىنىڭ تۈرلىرى

1536. سوئال: ئوغرىلىقنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ جازاسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت
(2) نىسا سۈرىسى 92 ـ ئايەت
(3) مائىدە سۈرىسى 33 ـ ئايەت

(1) بىراۋ مۇھتاجلىقتىن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىسىنىڭ تامىقىنى ياكى مېۋىسىنى ئوغرىلاپ شۇ ئورۇندا قارنى تويغىچىلىك يېگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا جازا كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسانىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن مەجبۇرىي ئىشلەنگەن جىنايەت.

(2) ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى 1.0625گرامما (چارەك تىللا) ساپ ئالتۇن ياكى 3 گرامما كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە يەتمىسە، قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسى تۆلىتىلىدۇ.

(3) ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى 1.0625گرامما (چارەك تىللا) ساپ ئالتۇن ياكى 3 گرامما كۈمۈشنىڭ قىممىتىدىن كۆپ بولسا ئوغۇرلىغۇچىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشلىرىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى، (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئۆزىنى) تۈزەتسە ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ھەمىشە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) بەكمۇ مېھرىباندۇر.[1]

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى مەھكىمە ئالدىدا ئوغرىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىپ جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان. كۆپلۈك كۆزقاراشقا كۆرە، ئوغرى ئەگەر ئۆز گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، مەھكىمە ئۇنى ئەپۇ قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىندۇر.

## ئوغرىنى جازالاشنىڭ شەرتلىرى

1537. سوئال: ئوغرىنى جازالاشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئوغرىنى جازالاشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ــ ھوشى جايىدا بولۇشى. كىچىك بالىلار، ئەقلى جايىدا بولمىغانلار جازالانمايدۇ.

(2) ئوغرلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى 1.0625گرامما (چارەك تىللا) ساپ ئالتۇننىڭ ياكى 3 گرامما كۈمۈشنىڭ قىممىتىدىن ئاشىدىغان بولۇشى. ئەگەر بۇ مىقداردىن ئاز بىر نەرسە ئوغرىلىغان كىشىگە بۇ قول كېسىش جازاسى يۈرگۈزۈلمەيدۇ. قامچا ئۇرۇش بىلەن ئەدەبلىنىدۇ.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 39 ـ ئايەت

(3) ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ھەققى بولۇشى. ئەگەر ئىگىسى يوق جايلاردا ئۆسكەن ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنى ئالغان كىشى ئوغرى ھېسابلانمايدۇ.

(4) ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ياتلارنىڭ بولىشى، ئوغۇرلىغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى بالىلىرىغا ياكى جورىسىغا ئائىت بولماسلىقى.

(5) ئوغرىلىقنى يوشۇرۇن قىلغان بولىشى. ئاشكارا تارتىۋېلىش ئوغرىلىق ئەمەس، بەلكى بۇلاڭچىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى باشقا.

(6) ئوغرىلىقنىڭ ھەقىقىيى مۇھتاجلىق ياكى ئاچلىق سەۋەبتىن بولمىغان بولىشى.

(7) ئۆزلىكىدىن ئېتىراپ قىلىشى ياكى راستچىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى شەك ـ شۈبھىسىز، ئوچۇق رەۋىشتە كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئىبارەت. ئازراق شۈبھە ياكى گۇۋاھچىلاردىن بىرەرسىنىڭ كىچىككىنە گۇمانلىق كەيپىيتى بىلەن جازا بىكار قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى 7 شەرتنىڭ بىرەرسى تولۇق بولمىغاندا، ئوغرىلىق قىلغۇچىغا قول كېسىش جازاسى يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

## (4) زىنانىڭ جازاسى

1538. سوئال: زىنانىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: زىنانىڭ جازاسى جازا بېرىلىش شەرتلىرىگە توشقان ئەھۋال ئاستىدا ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) زىنا قىلغۇچى ئۆيلەنگەن بىرى بولسا، ئۇنىڭ جازاسى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش.

(2) زىنا قىلغۇچى تېخى ئۆيلەنمىگەن بىرى بولسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز دەررە (قامچا) ئۇرۇشتۇر. زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار [1].

بۇ ئايەت، زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆيلەنگەن ياكى ئۆيلەنمىگەن بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمىي جازاسىنى بايان قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنگەنگە تاش ـ كېسەك قىلىش، ئۆيلەنمىگەنگە يۈز دەررە ئۇرۇش جازاسىنى بەلگىلىگەن. ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر

(1) نۇر سۈرىسى 2 ـ ئايەت

ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىشتا ئىتتىپاقتۇر.

## زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتلىرى

1539. سوئال: زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتلىرى نېمە؟

جاۋاب: زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشنىڭ شەرتلىرى 3 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن 4 قېتىم ئىقرار قىلىشى. ئەگەر زىنا قىلغۇچى ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىقرارىدىن يېنىۋالسا جازا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

(2) ئادالەتلىك 4 گۇۋاھچىنىڭ ئۇنىڭ زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز ۋە شۈبھىسىز دەرىجىدە ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئېنىق كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى. گۇۋاھچىلاردىن بىرەرسى گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالسا زىنا ئىسپاتلىنالمايدۇ. نەتىجىدە، جازالاش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

(3) تېخى تۇرمۇشقا چىقمىغان بىر قىزنىڭ ئېغىر ئاياق بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا ئۇيۇقچۇق پاكىت بولالايدۇ. ئەگەر ئۇ زورلۇق بىلەن ئاياق ئاستى قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئىسپاتلىيالىسا، جازالىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى 4 قېتىم ئۆز ئاغزىدىن ئېتىراپ قىلسا، جازا يۈرگۈزىلىدۇ.

1540. سوئال: زىنانى ئىسپاتلاش شەرتىنىڭ بۇنداق چىڭ بولۇشىدىن مەقسەت نېمە؟

جاۋاب: زىنانى ئىسپاتلاش شەرتلىرىنىڭ بۇنچىلىك قىيىن ۋە چىڭ بولۇشىدىن مەقسەت گۇناھ سادىر قىلغانلارنى مۇمكىن قەدەر جازالىماستىن، تەربىيە، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت كۆرسىتىش يوللىرى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەشتۇر. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن جازا تۈرلىرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى جىسمانىي جازالاش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە ئىبرەت بېرىش ئارقىلىق يامانلىقنىڭ يوللىرىنى تاقاشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ جازانىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىسلام تارىخىدا قانچە قېتىم يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى بارماق بىلەن ساناپ بەرگىلى بولىدۇ.

## (5) تۆھمەتنىڭ (قاراچاپلاشنىڭ) جازاسى

1541. سوئال: تۆھمەتنىڭ جازاسى نېمە؟

جاۋاب: بۇ ماۋزۇدىكى تۆھمەت ئېيپەتلىك ئايال ياكى ئېيپەتلىك ئەرگە زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك ياراتتى ۋە

ئۇلارغا ھەق دىن ئارقىلىق ئىززەت ـ ئابروي ئاتا قىلدى. كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە نومۇسىنى چۇشۇرۇش ئىسلام نەزەرىدە ئېغىر جىنايەت بولۇپ سانالغانلىقتىن، ئىپپەتلىك كىشىلەرگە تۆھمەت قىلغۇچىلارغا بۇ دۇنيادا بېرىلىدىغان جازا 80 قامچا ئۇرۇش بولۇپ بېكىتىلگەن. ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا) ئادىل 4 گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە (قامچا) ئۇرۇڭلار [1].

بىراۋغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلاپ قارىلاشنىڭ خەتىرى چوڭ، گۇناھى ئېغىر تۇرسىمۇ، ئۇلارغا ئاران 80 دەررە ئۇرۇش جازاسى بەلگىلەنگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئاددى جازا ئەمەس. چۈنكى دەررە جازاسى خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ تۆھمەتخورنىڭ دۇنيادا ئابروينى يوق قىلىپ، خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۇشۇپ كېتىشى ۋە ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان بىر يالغانچى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك جازادۇر. مۇنداقلار بىر قېتىم خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولغاندىن كېيىن، كېتىپ قالغان يۈز-ئابروينى ۋە ھۆرمىتىنى بار مال-دۇنياسىنى خەجلەپمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق جازادۇر!

### كەچۈرۈم قىلىش جازالاشتىن ئەۋزەل

1542. سوئال: جازالاش ئەۋزەلمۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىشمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ كەلگەن بىر دىن بولۇپ، ئىمكان قەدەر كىشىلەرنى جازالىماسلىقنى، يولدىن ئازغانلار ۋە گۇناھكارلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئارقىلىق توغرا يولغا قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام جازا قانۇنلىرى كىشىلەرنى جازالاشتىن كۆپرەك ئىبرەت بېرىشنى ئاساسلىق غايە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئازراق شۈبھە تېپىلسىلا جازالارنى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئەپۇ قىلىڭلار»[2] دېگەن تەۋسىيەنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «مۇسۇلمانلاردىن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە جازالارنى كەچۈرۈم قىلىڭلار. ئۇلار ئۈچۈن جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا قانداقلا بىر چىقىش يولى تېپىلغان ھامان ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. ئىمامنىڭ (ھازىرقى ئىستىلاھ بويىچە سوتچىنىڭ) گۇناھكارنى كەچۈرۈۋېتىپ

---

(1) نۇر سۈرىسى 4 ـ ئايەت

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

خاتالاشقىنى، ئۇنى جازالاپ خاتالاشقىنىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل»[1] دېگەن پرىنسىپنى تەۋسىيە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار ئازراق شۈبھە بىلەن بولسىمۇ جازالارنى يۇرگۈزمەسلىك پرىنسىپىنى تولىمۇ كۆپ قېتىم تەتبىقلىغان.

بىركۈنى، غامىدىيە ئىسىملىك بىر ئايال زىنا قىلىپ قويۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدۇ:

ــ يا رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىمىغانغا سېلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدۇ، ئايال سۆزىنى قايتىلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قارىمايدۇ. ئايال سۆزىنى تۆتىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ:

ــ بويۇڭدا بارمۇ؟

ــ بار.

ــ ئۇنداقتا بوشىنىپ بولۇپ كەلگىن، شۇچاغدا جازا بېرەيلى.

ئايال بوشىنىپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بالاڭغا قارايدىغان ئادەم بارمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ يوق، ــ دەيدۇ، ئايال.

ــ ئۇنداقتا، بالاڭ ئىككى ياشلىق بولغاندا كەلگىن.

ئايال بالىسىنى ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن، ساھابىلاردىن سورايدۇ:

بۇ ئايالنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار بارمىكىن؟

ساھابىلاردىن بىرى ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئايال جازاسىنى ئالىدۇ[2].

يەنە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ زىنا قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ«ئەبۇداۋۇد ھەدىس توپلىمى» دا قەيت قىلىنغان ھەدىس.

ئىلتىماس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىمىغانغا سېلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە سورىمايدۇ. بۇ ئادەم سۆزىنى تەكرارلاشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ. بۇ ئەسنادا نامازغا ئەزان چىقىدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم يەنە سۆزىنى تەكرارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

ـ تاھارىتىڭ بارمۇ؟

ـ بار.

ـ بىز بىلەن ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟

ـ ئوقۇدۇم.

ـ ئۇنداقتا كەتكىن، ئاللاھ سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردى[1].

چۈنكى بۇ ئايال بىلەن ئەر ئۆز گۇناھىنى تونۇغان ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلغان. ئايال ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى قايتا ـ قايتا دەۋا قىلدى، ئايالدا گۇناھقا نىسبەتەن پۇشايمان قىلىش كەيپىياتى كۆچەيدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەغپىرەتمۇ ئاشتى. كېيىنكى قىسسىدىكى ئەرمۇ شۇنداق.

## زىنا بىلەن ئوغرىلىق جازاسىنىڭ ئېغىر بولىشىنىڭ سەۋەبى

1543. سوئال: زىنا بىلەن ئوغرىلىقنىڭ جازاسى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئېغىر بېكىتىلگەن؟

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن جازالار ئەمەلگە ئېشىشىنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ئىبرەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: زىنانى ئىسپاتلاشنىڭ شەرتىگە نەزەر قىلساق، زىنا قىلغۇچىنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەستىن 4 قېتىم ئېتىراپ قىلىشى ياكى تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى شۈبھىسىز رەۋىشتە ئېنىق كۆرگەن بولۇشى ئەمەلگە ئېشىشى ئىنتايىن قىيىن بىر شەرت. ئوغرىلىق قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان قول كېسىش جازاسىمۇ ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر شەرتلىرى تولۇق بولمىسا ياكى ئازراق شۈبھە تېپىلسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ خىزمەتكارلىرى مەزىنىيە ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنى ئوغرىلاپ كېلىپ سويۇپ يەۋېتىدۇ. خىزمەتكارلار ھەزرىتى

(1) ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئۆمەرنىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرۇپ بولۇپ، سۆزىدىن قايتىدۇ ۋە ھاتىبقا دەيدۇ:

سىلەر ئىشلەتكەن ئادەملىرىڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايسىلەر، ئۇلارنى ئاچ قويىسىلەر. بۇ ھالەتتە ھارامنى يېسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كەسمەيمەن. ساڭا شۇنداق ماددىي جازا قويىمەنكى، تۆگىسى ئوغرىلانغان مەزنىيەگە تۆگىسىنىڭ قىممىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى تۆلەيسەن.

تۆگىنىڭ قىممىتى 400 دىرھەم بولۇپ، ھاتىب مەزنىيەگە 800 دىرھەم تۆلەپ بېرىدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىلار جازادىن ئەپۇ قىلىنىدۇ.[1]

مۇندىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زامانىدا، مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىللاردا، خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولنى كېسىش جازاسى يۈرگۈزۈلمىگەن. چۈنكى خەلق ئاچارچىلىقتىن كەلگەن مۇھتاجلىق سەۋەبلىك ھارامنىمۇ يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان بىر شارائىتتا، ئۇلارغا ئوغرىلىق جازاسىنى ئىجرا قىلىش توغرا ئىش ئەمەس ئىدى.[2]

ئىسلام دىنىنىڭ جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەت ھەقىقىي ئىسلام ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئىسلام قانۇنلىرى يۈرگۈزۈلگەن بىر دۆلەت بولۇشى شەرت. ئىسلام قانۇنى يۈرگۈزۈلمىگەن مەملىكەتلەردە، ئىسلامنىڭ جازا قانۇنلىرىمۇ يۈرگۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئىسلام مەھكىمىسىگە بېرىلگەن ھوقۇقتۇر. شۇڭا قانداقلا بىر دۆلەتتە بولمىسۇن، شەخسلەرنىڭ ياكى بىر تۈركۈم ئىسلامىي جامائەتنىڭ ئىسلام جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ياكى بىراۋنى سوتلاش ھوقۇقى بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىسلام ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمەككە بولغان زۆرۈر ئېھتىياجلىرى دۆلەت تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ، ئۇلار ئاچلىق سەۋەبتىن ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولالمىغان بولسا، بۇنداق بىر مەملىكەتتە ئوغرىلىقنىڭ جازاسى يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

(1) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ «ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 93-بەت

(2) ئالدىنقى مەنبەدىن.

# تەۋبە ـ ئىستىغفار ھەققىدە

1544. سوئال: ھارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ياكى چەكلەنگەن ھارام ئىشلارنى قىلغان ئادەم نېمە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھقا سېغىنىپ گۇناھلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىشى ۋە چىن يۈرىكىدىن تەۋبە قىلىشى لازىم.

1545. سوئال: تەۋبە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋبە ــ سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېمەكتۇر.

1546. سوئال: ئىستىغفار دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىستىغفار ــ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراش دېگەنلىك.

1547. سوئال: گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئۈمىدسىزلىك كۇپرىنىڭ جورىسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە: ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ [1] دېيىش ئارقىلىق ئۈمىدسىزلىكنى كۇپرىلىققا ئوخشاتقان. چۈنكى مۆمىنلەر ھەمىشە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن ياشايدۇ. ئەمما ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ.

ھەر قانداق گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان ئىش بەندىنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2].

1548. سوئال: گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە جىنايەتلەر قارىتىلغان تەرەپ ئېتىبارى بىلەن

(1) يۈسۈف سۈرىسى 87 ـ ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى 53. ئايەت.

نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ؟
جاۋاب: گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە جىنايەتلەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر

1549. سوئال: ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر قايسىلار؟
جاۋاب: ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانىنى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ ئاللاھ ئىستىگەن رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا قارشى ھەر قانداق بىر ئىتائەتسىزلىك ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلىگەنلىكتۇر.

## مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار

1550. سوئال: مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش، ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن ھۇزۇر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىشلەنگەن قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

### تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى

1551. سوئال: ئاللاھقا قانداق قىلىنغان تەۋبە قوبۇل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

(1) بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

(2) گۇناھ، يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،

(3) بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

1552. سوئال: ئىنسانلارغا قارشى ئىشلەنگەن يامانلىق ۋە جىنايەتلەرنىڭ تەۋبىسى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

### تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ پايدىسى

1553. سوئال: تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

جاۋاب: تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ پايدىسى گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىدىن باشقا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش، جەننەتكە كىرىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مول رىزىققا ئىگە بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم- قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[2].

---

(1) تەھرىم سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋبىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، مەن ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن كۆپرەك ئىستىغفار ئېيتىمەن ۋە كەمچىلىكلىرىمگە تەۋبە قىلىمەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋبىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا كېچىدە كۈندۈزلىرى گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، كۈندۈزدە كېچىلىرى گۇناھ ئىشلىگەنلەرنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە شۇنداق قىلىدۇ»[2].

(1) بۇخارى رىۋايىتى
(2) مۇسلىم رىۋايىتى

## يەتتىنچى بۆلۈم

# قۇرئان ۋە سۈننەت

## ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر

شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرى بۇ ئىككى ئاساسلىق دەستۇرغا يۆلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىردىنبىر دەستۇر ئىكەنلىكى ۋە ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن بۇ ئىككىسىگە مۇراجىئەت قىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلىپ: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ (نىڭ كىتابى) غا، پەيغەمبەر(نىڭ سۈننىتى) گە مۇراجىئەت قىلىڭلار [1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم، ئۇلارغا چىڭ ئېسىلغان مۇددەتچە ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇلار: ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[2] دەپ تەلىم بەرگەن.

## قۇرئان كەرىم

### قۇرئان كەرىمنىڭ تەرىپى[3]

1554. سوئال: «قۇرئان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «قۇرئان» سۆزى لۇغەتتە ئەرەب تىلىدىكى «قَرأ» (ئوقۇدى) دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لَا تحركْ بِه لسانك لتعْجلَ بِه.إِن علْينا جمْعه وقُرْآنه.فَإِذَا قَرأْناه فَاتبِعْ قُرْآنه يەنى«ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن» دېگەن ئايەتتىكى «قُرآنَ» (قۇرئان) سۆزى (ئوقۇش) ۋە (ئوقۇپ بېرىش) دېگەن مەنىدە كەلگەن.

---

(1) نىسا سۈرىسى59 ـ ئايەت

(2) ئىمام ئىبنى مالىكنىڭ«مۇۋەتتە»ناملىق ھەدىس توپلىمى502ـبەت، 1619ـھەدىس، ھاكىمنىڭ«مۇستەدرەك»ناملىق ھەدىس توپلىمى1ـتوم93ـبەت.

(3) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئەمما «قۇرئان» سۆزىنىڭ ئىستىلاھتىكى مەنىسى ئاللاھ تائالا پەرىشتە جىبرىلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتى بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلغىلى، مەنىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ھىدايەت تاپقىلى بولىدىغان ساماۋى كىتاب «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1555. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) قۇرئان ئەقىدىنىڭ ئاساسى، ئىماننىڭ نېگىزى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرىدۇر.

(2) قۇرئان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەئىدۇر.

(3) قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر پاكىتتۇر.

(4) قۇرئان تېكىستى ۋە مەنىسى بىلەن مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

(5) قۇرئان ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

(6) قۇرئان ئەمەل قىلغۇچىلىرىغا قىيامەت كۈنىدە شاپائەتچىدۇر. بىر ھەدىستە: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار، قىيامەت كۈنىدە ئۇ ئۇنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولىدۇ»[1] دېيىلگەن.

(7) قۇرئان مۆمىنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللىكلىرىگە شىپادۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: قۇرئان مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە شىپادۇر. [2].

(8) قۇرئان ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە ئالماشتۇرۇشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ساقلاش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىتابتۇر. قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز [3].

(9) قۇرئان ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتىگە

(1) سەھىھ مۇسلىم 1-توم،553-بەت، 804-ھەدىس

(2) فۇسسىلەت سۈرىسى44-ئايەت.

(3) ھىجر سۈرىسى9-ئايەت.

كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۇلۇغ دەستۇردۇر[1].

**قۇرئاننىڭ ئىسىملىرى***

1556. سوئال: قۇرئاننىڭ يەنە قانداق ئىسىملىرى بار؟

جاۋاب: قۇرئاننىڭ ئىسىملىرى كۆپ بولۇپ، مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) قۇرئان: بۇ قۇرئاننىڭ مەخسۇس ئىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتىغان. بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ [2].

(2) فۇرقان: بۇ قۇرئاننىڭ ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ، ھالال بىلەن ھارامنىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغۇچى مىزان ئىكەنلىكى ئېتىبارى بىلەن قويۇلغان ئىسىم. پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)غا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى فۇرقاننى (قۇرئاننى) چۈشۈرگەن ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [3].

(3) كىتاب: بۇ قۇرئاننىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە ئايەتلەرنى، سۈرىلەرنى ۋە خەۋەرلەرنى ئۆزىدە توپلىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن قويۇلغان ئىسىم. بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار (ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئۇبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق بولمىغان كىتابنى (قۇرئاننى) چۈشۈرگەن ئاللاھقا خاستۇر [4].

(4) زىكىر: بۇ قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلەنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ يادلاندۇرغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا قويۇلغان ئىسىم. زىكرنى (قۇرئاننى) ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز [5]

(1) فەھدى رۇمىنىڭ «دەراسات فى ئۇلۇمىل قۇرئان»ناملىق ئەسەرى63-72-بەتلەر.

* نۇرىددىن ئەترىنىڭ«ئۇلۇمۇل قۇرئان» ناملىق ئەسەرى12-14-بەتلەر.

(2) ئىسرا سۈرىسى9-ئايەت

(3) فۇرقان سۈرىسى1-ئايەت

(4) كەھف سۈرىسى1-ئايەت.

(5) ھىجر سۈرىسى9-ئايەت.

(5) نۇر: بۇ قۇرئاننىڭ كەسكىن بايانلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتلەرنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا قويۇلغان ئىسىمدۇر. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز چۈشۈرگەن نۇرغا (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار [1].

## قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى

1557. سوئال: قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئېسىل ۋە چىرايلىق سۈپەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كەرىم (قىممەتلىك دېگەن مەنىدە): شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ قىممەتلىك قۇرئاندۇر [2].

(2) مۇبارەك(بەرىكەتلىك دېگەن مەنىدە): بۇ بىز چۈشۈرگەن بەرىكەتلىك قۇرئاندۇر [3].

(3) مەجىد:(شەرەپلىك، ئۇلۇغ دېگەن مەنىدە) قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن [4].

(4) ئەزىز:(غالىب، كۈچلۈك دېگەن مەنىدە) شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر [5].

(5) ھۇدا (يېتەكچى دېگەن مەنىدە): بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر [6].

---

(1) تەغابۇن سۈرىسى8-ئايەت.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى77-ئايەت.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى50-ئايەت
(4) قاف سۈرىسى1-2- ئايەتلەر
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى41-ئايەت
(6) بەقەرە سۈرىسى2-ئايەت

# قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈرۈلۈشى

## قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈش جەريانى[1]

1558. سوئال: قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى نەدە ئىدى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: بەلكى ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [(2)].

1559. سوئال: قۇرئان ئاۋۋال نەگە چۈشكەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە بىرىنچى قېتىم لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسمانغا بىراقلا چۈشۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە چۈشۈردۇق. [(3)]

1560. سوئال: قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاچان چۈشۈشكە باشلىغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيىنىڭ 610-يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا 40 ياشتا ئىدى.

1561. سوئال: قۇرئان كەرىم قانچە يىلدا چۈشۈپ بولغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ۋەزىيەت ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارچە-پارچىدىن چۈشۈپ، جەمى23يىلدا تولۇق چۈشۈپ بولغان. قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە - دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي چۈشۈردۇق. [(4)]

كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(2) بۇرۇج سۈرىسى21-22-ئايەتلەر. لەۋھۇلمەھپۇز- ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بەلگىلەپ يېزىۋەتكەن تۇپلامدۇر.

(3) قەدر سۈرىسى1-ئايەت.

(4) ئىسرا سۈرىسى106-ئايەت.

چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە چۈشۈردۇق، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم چۈشۈردۇق [1].

1562. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ پارچە-پارچە چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ بىر يولى چۈشۈرۈلمەستىن، ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر-ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۇچۇقلىغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى سەۋەب:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە قەلبىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدى. كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم نازىل قىلدۇق [2].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇئامىلىسى قاتتىق، گەپ-سۆزى قوپال، جاھىل بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقتىن، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئاز-ئازدىن چۈشۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ قەۋمىدىن چەككەن ئەزىيەتلىرى ئۈچۈن تەسەللى ئورنىدا بولاتتى ۋە تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، دەۋەت يولىدا مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ھەيدەكچى بولاتتى. بۇ تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك بولغان:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. [3]

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش. ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن [4].

---

(1) فۇرقان سۈرىسى32-ئايەت.

(2) فۇرقان سۈرىسى32-ئايەت

(3) فاتىر سۈرىسى8-ئايەت

(4) ئەھقاف سۈرىسى35-ئايەت

(3) بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى [1].

(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش. ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [2].

**ئىككىنچى سەۋەب:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن چۈشۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۆزىگە پەرىشتە جىبرىلنىڭ ئوقۇپ بەرگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن، ئۇنى تېز يادلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان:
(ساڭا جىبرىل ئارقىلىق قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر [3].

**ئۈچىنچى سەۋەب:**

مۇسۇلمانلارنى ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەشتە تەدرىجىلىك يولىنى تۇتۇش. تەدرىجى تەربىيە تۆۋەندىكى شەكىللەرنى ئالغان:
(1) ئەرەبلەردىكى بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك خۇراپى ئەقىدىنى، جاھىلىيەتنىڭ رەزىل ئەخلاقىنى، قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈش، ھاراق ئىچىش ۋە جازانە قىلىشتەك قەبىھ

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 34-ئايەت.
(2) مۇجادەلە سۈرىسى 21-ئايەت.
(3) قىيامەت سۈرىسى 16-19-ئايەتلەر.

ئادەتلەرنى يوق قىلىشتا تەدرىجىي ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىش.

(2) بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد قىلىشتەك ئىسلام ئەقىدىسىنى ۋە بىر-بىرىنى ئاسراش، يوقسۇللارنى يۆلەش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تەدرىجىي ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىش.

(3) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتىكى تەدرىجىلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندىن ئەڭ ئاۋۋال چۈشكەن ئايەتلەر جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بايانى ئىدى. كىشىلەر ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن ھالال-ھارام ھەققىدىكى ئەھكاملار چۈشكەن. ئەگەر قۇرئاندىن ئەڭ ئاۋۋال "ھاراق ئىچمەڭلار" دەپ چۈشكەن بولسا، كىشىلەر:" بىز ھاراقنى ھەرگىز تاشلىمايمىز" دېگەن، "زىنا قىلماڭلار" دېگەن بولسا: "زىنانى قەتئىي تاشلىمايمىز" دېگەن بولاتتى»[1].

**تۆتىنچى سەۋەب:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن چۈشكەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەرنى تۇرمۇشىدا تەتبىقلاشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ [2].

**بەشىنچى سەۋەب:**

مۇسۇلمانلارنى سەۋرچانلىققا ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆتىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش. سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى [3].

---

(1) سەھىھ مۇسلىم9-توم،46-بەت،4993-ھەدىس.

(2) قەمەر سۈرىسى32-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى214-ئايەت

**ئالتىنچى سەۋەب:**

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىملىرىنى بايان قىلىش. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر [1].

**يەتتىنچى سەۋەب:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر» [2].

**سەككىزىنچى سەۋەب:**

قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش. ئەرەبلەرگە قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇئېل ئېلان قىلغانلىقى ۋە ئەرەبلەرنىڭ بۇ دۇئېل ئالدىدا يېڭىلگەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ سۈكۈت قىلغانلىقى بۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

**قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپى**

1563. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپى قانداق بولغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى يولى بىلەن ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە چۈشۈپ تولۇق 23 يىلدا چۈشۈپ بولغان بولۇپ، ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ چۈشۈش تەرتىپىگە كۆرە ئەمەس، بەلكى جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن تىزىلغان. شۇڭا قۇرئان كەرىمدىن ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال چۈشكەن ئەلەق سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىدە 30-پارىنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

---

(1) مۇجادەلە سۈرىسى1-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى217-ئايەت

**ئايەتنىڭ مەنىسى**

1564. سوئال: ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئايەت لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئالامەت، مۆجىزە، ئىبرەت قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇلانىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئايەتنىڭ ئالامەت مەنىسىدە كېلىشى. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ»[1].

(2) ئايەتنىڭ مۆجىزە مەنىسىدە كېلىشى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق[2].

(3) ئايەتنىڭ ئىبرەت مەنىسىدە كېلىشى. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر ئىبرەت بار[3].

1565. سوئال: ئايەتنىڭ ئىستىلاھتىكى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئايەت سۆزىنىڭ ئىستىلاھتىكى مەنىسى- قۇرئان كەرىم سۈرىلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ئىلاھىي كەلىمىلەرنىڭ بىر پارچىسى، سۈرىلەرنى تەشكىل قىلغان مۇستەقىل جۈملىلەر بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى سۈرىلەر رەقەملىك ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان.

1566. سوئال: ئايەتلەرنىڭ تەرتىپىنى كىم بېكىتكەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ھازىرقى بىز ئوقۇۋاتقان تەرتىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىلدىن ئالغان تەلىمىگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاستە ئۆزى بەلگىلىگەن تەرتىپ ئىكەنلىكىگە قەدىمدىن ھازىرغىچە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ تەرتىپى ئىجتىھاد يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەھيى يولى بىلەن بەلگىلەنگەن تەرتىپتۇر. ساھابىلارنىڭ ئەڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزىدە

(1) بەقەرە سۈرىسى248-ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى211-ئايەت
(3) ئال ئىمران سۈرىسى49-ئايەت.

كۆپ ئايەتلىك سۈرىلەر چۈشەتتى، ئۇنىڭغا قانداقلا بىر سۈرە چۈشكەندە، يېنىدىكى (مەخسۇس ۋەھيى يازىدىغان) كاتىپلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:" بۇ سۈرىنى پالانى مەسىلە بايان قىلىنغان پالانى سۈرىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار" دەپ بۇيرۇيتتى، ئۇنىڭغا قانداقلا بىر ئايەت چۈشكەندە، ئۇلارغا:" بۇ ئايەتلەرنى پالانى سۈرىدىكى پالا مەسىلە بايان قىلىنغان جايغا قويۇڭلار"دەپ بۇيرۇيتتى»[1].

1567. سوئال: سۈرىلەرنىڭ تەرتىپىنى كىم بېكىتكەن؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈرىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تەرتىپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېكىتكەنمۇ ياكى ئۆلىمالار ئىجتىھاد يولى بىلەن بېكىتكەنمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام ئالىملىرى سۈرىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تەرتىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بېكىتىلگەنلىكىنى قارار قىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار سۈرىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تەرتىپلىرىنىڭ بەزىسى ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بېكىتىلگەن دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىدە كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارارى كۈچكە ئىگە[2].

## جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى

1568. سوئال: جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق ئوقۇتقان؟

جاۋاب: جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم قۇرئاننى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. مۇنۇ ھەدىس بۇ ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرىدۇ، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىۋاتىمەن»، دېگەن[3].

(1) ئىمام ئەھمەدنىڭ«مۇسنەد»ناملىق ھەدىس توپلىمى 1-توم،57-بەت، ھاكىمنىڭ«مۇستەدرەك» ناملىق ھەدىس توپلىمى2-توم،330-بەت.
(2) ئابدۇلئەزىم زەرقانىينىڭ«مەناھىل ئەل ئىرفان» ناملىق ئەسەرى1-توم،335-338-بەتلەر.
(3) سەھىھۇلبۇخارى6285-ھەدىس، فەتھۇلبارى11-توم،94-بەت.

**ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

1569. سوئال: ۋەھيى قانچە تۈرلۈك بولغان؟

جاۋاب: ۋەھيى تۆۋەندىكىدەك4 تۈرلۈك بولغان:

(1) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىشى. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيهىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلغان. ئاللاھ مۇساغا بىۋاستە سۆز قىلدى. [1]

(2) ئىلھام ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل مېنىڭ قەلبىمگە " ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ"دەپ ئىلھام سالدى، سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى سوراڭلار»[2].

(3) راست چۈش. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان......»[3].

(4) ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋەھيى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئۆتىۋالىمەن»[4] دېگەن.

---

(1) نىسا سۈرىسى164-ئايەت.

(2) شىھاب قۇزائىينىڭ«مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى115-ھەدىس، 2-توم،185-بەت.

(3) سەھىھۇلبۇخارى3-ھەدىس، فەتھۇلبارى 1-توم،27-بەت.

(4) سەھىھۇلبۇخارى2-ھەدىس، فەتھۇلبارى1-توم،23-بەت.

# قۇرئان كەرىمنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى

## قۇرئان كەرىمنىڭ ساقلىنىشى[1]

1570. سوئال: قۇرئان كەرىم بىزگە قايسى شەكىلدە يېتىپ كەلگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت-شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بورمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالغان ۋە بىزگە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتاب.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى چۈشكەن پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەس ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

1571. سوئال: قۇرئان كەرىم قانداق ساقلىنىپ كەلگەن؟

جاۋاب: شەكسىزكى، قۇرئان كەرىم يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىن چۈشۈپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

1572. سوئال: قۇرئان كەرىم يادقا ئېلىش يولى بىلەن قانداق ساقلانغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە چۈشكەن ئايەتلەرنى چۈشۈۋاتقان پەيتىدە يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپ تۇپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن خاتىرجەم قىلغان: ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى تۇپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن.[1]
مۇندىن باشقا جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمدىن چۈشۈپ بولغان پۈتۈن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر قېتىم باشتىن ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىل قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە تىڭشىغان.

1573. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى يادلاش ۋە ساقلاشقا قانداق ئەھمىيەت بېرەتتى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەقلىنى ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى قۇرئان كەرىمنى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئاتىغان ئىدى. شۇڭا بەش ۋاخ نامازلىرىدا، كېچىلەردىكى تەھەججۇدلىرىدا، سەپەرلىرىدە، ھەتتا ئۇرۇش ئەسناسىدا ئاغزىدىن قۇرئان كەرىم چۈشمەيتتى.

1574. سوئال: ساھابىلار قۇرئان كەرىمنى يادلاشقا قانداق ئەھمىيەت بېرەتتى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن چۈشكەنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمدىن ساۋاق بېرەتتى ۋە قانداق يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلارمۇ قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز-ئازدىن چۈشۈپ تۇرغان ئايەتلەرنى تېزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھايات ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئىشىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە كىرىۋېلىپ بەس-بەستە قۇرئان يادلايتتى، يادلاپ بولغانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى مەسجىدلەردىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى يۇكسىلىپ تۇراتتى.

1575. سوئال: قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋى كىتابلارمۇ يادقا ئېلىنغانمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشلەردە تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنى ھەر قانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت دىن ئادەملىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما

---

(1) قىيامەت سۈرىسى16-19-ئايەتلەر

قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك قارىينىڭ شېھىد بولغانلىقمۇ شۇ ۋاقىتتا قارىيلارنىڭ كۆپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيا تارىخىدا قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىرەر كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش ئۆتمۈشلەردە ياكى ھازىردا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا گۇۋاھ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تاقىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنى يادلاشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى.

بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ (1)

مەلۇمكى، ھېچقاندا بىر ساماۋى كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم قۇرئان كەرىمگە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنى ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپكە چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

1576. سوئال: ساھابىلاردا ئوقۇش ۋە يېزىش قانچىلىك دەرىجىدە ئىدى؟

جاۋاب: ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغان ساھابىلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇپپار ئەرەبلەردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدىن خەت بىلىدىغانلىرىدىن ھەر بىرىنى 10دىن مۇسۇلمان بالىسىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاساسەن ساۋاتلىق قىلىۋەتكەن.

1577. سوئال: قۇرئان كەرىم يېزىپ قالدۇرۇش يولى بىلەن قانداق ساقلانغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنىڭ يەنە بىر يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) قەمەر سۈرىسى 22-ئايەت

ھەر ۋاقىت چۈشۈپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى ئۆز ۋاقتىدىلا«كۈتتابۇلۋەھيى» دەپ ئاتالغان 40 تىن كۆپرەك مەخسۇس ۋەھيى كاتىبلىرىغا بۇيرۇپ يازدۇرۇپ ماڭغانلىقى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر خىل ئۆزگەرتىلىش ۋە يەڭگۈشلىنىشلەرگە ئۇچراش نەتىجىسىدە ئۆز ئەسلىنى يوقاتقانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، قۇرئان كەرىمنىڭ تا قىيامەتكىچە ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى يولىدا بار چارە- تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالدۇرۇپ، شۇ زامانلاردا قەغەزنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەرگە يازدۇرۇپ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلى قۇرئان كەرىمنىڭ مەڭگۈگە چۈشكەن پېتى ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئامىللىرى ئىدى.

1578. سوئال: قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قانداق يېزىلغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرى ۋە قوۋزاقلىرىغا، شۇنداقلا سىلىق تاشلارغا ۋە سۆڭەكلەرگە پارچە- پارچە، ئايرىم-ئايرىمدىن يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۆيىدە ساقلانغان.

# قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىش ۋە كۆپەيتىلىش باسقۇچى

## قۇرئان كەرىمنىڭ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى

1579. سوئال: قۇرئان كەرىم قاچان كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا تولۇق بىر يىل توشماستىن، ھىجرىيىنىڭ 12-يىلى (631-مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا، رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان.

1580. سوئال: قۇرئان كەرىمنى كىتاب ھالىدا توپلاش پىكرىنى كىم ئوتتۇرىغا قويغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى كىتاب ھالىدا توپلاش پىكرىنى ئوت يۈرەك ساھابى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلارنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئان كەرىمنى توپلاش پىكرىگە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن.

1581. سوئال: قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاش ئىشىنى كىملەر ئۈستىگە ئالغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالغان.

1582. سوئال: زەيد ئىبنى سابىت قانداق كىشى ئىدى؟

جاۋاب: زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھوشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېيىن خەلىپىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرەپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلارنىڭ بىرى ئىدى.

1583. سوئال: «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى قۇرئان كەرىمنى توپلاشتا قانداق ئۇسۇلنى قوللانغان؟

جاۋاب: زەيد ئىبنى سابىت رەئىسەتچىلىكىدىكى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى ئەزالىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ، كىتاب شەكلىگە كىرگۈزۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك مېتودنى قوللانغان. بۇ مۇنداق بولغان: «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرى ۋە بەزى يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا تۆز سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان قۇرئان كەرىم ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىر-بىرىلەپ سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىش شەرتى بىلەن، ئايەت ۋە سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، قۇرئان كەرىمنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

1584. سوئال: قۇرئان كەرىمنى توپلاشتا بۇنچىلىك ئېھتىياتچان بولۇشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پېتى بويىچە مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك چوڭ بىر ۋەزىپە ئىدى. قۇرئان كەرىمنى توپلىغان «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان كەچۈرۈلمەس چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتتۈلسە، ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خرىستىئان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

1585. سوئال: «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قانداق كىشىلەر ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلارنىڭ ئەڭ مۆكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن كىشىلەر ئىدى.

1586. سوئال: قۇرئان كەرىمنى توپلاش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كەتكەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن ساق بىر يىل ۋاقىت كەتكەن.

1587. سوئال: قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاشقا تۈرتكە بولغان سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى قۇرئان كەرىمنى يادىسىغا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇز ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلار ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد (ئىسلامدىن يېنىۋالغان) ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا«يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلاردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلار قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

1588. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى قېتىم قەغەز يۈزىگە توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى بىر تومغا توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش پىكرىگە ساھابىلارنىڭ پۈتۈن ئۈلىمالىرى ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن.

(2) تىلاۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئايەتلەرنىلا توپلىغان، تىلاۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەتلىگەن تەرتىپتىن ئورۇن ئالمىغانلىرىنى قۇرئان كەرىم توپلىمىغا كىرگۈزمىگەن.

(3) قۇرئان كەرىمنى قۇرئان كەرىم چۈشكەن 7 خىل ئەرەب شېۋىسى بىلەن توپلاپ چىققان.

(4) ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بىز ھازىر ئوقۇۋاتقان تەرتىپ بويىچە تىزىلغان.

**قۇرئان كەرىمنىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى**

1589. سوئال: قۇرئان كەرىم قاچان نۇسخىلارغا كۆپەيتىلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ھىجرىيىنىڭ 25-يىلى (645-مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلارغا كۆپەيتىلگەن.

1590. سوئال: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلارغا نۇسخىلارغا كۆپەيتىش پىكرىنى كىم ئوتتۇرىغا قويغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلارغا نۇسخىلارغا كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان.

1591. سوئال: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى ھەر بىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەر بىرى قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاندۇرۇپ، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

1592. سوئال: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى كىملەر ئۈستىگە ئالغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلارغا كۆپەيتىش ئىشىنى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان.

1593. سوئال: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇش ئىشى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشقان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن قۇرئان كەرىمنى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا قۇرئان

كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلاندۇرغاندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۇچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان قۇرئان كەرىم زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇلىۋاتقان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەفى ئوسمانى» (ئوسمانىي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1594. سوئال: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش ئىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنىڭ تەرتىپى ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان تەرتىپنىڭ ئۆزى ئىدى.

(2) قۇرئان كەرىم نۇسخىلارغا كۆپەيتىلگەندە ھەرپلەر چېكىت ۋە پەشلەردىن خالى ئىدى.

(3) قۇرئان كەرىم 7شۋدە ئوقۇغىلى بولىدىغان شەكىلدە پۈتۈلگەن.

(4) خەلىپىنىڭ پەرمانى بىلەن ساھابىلار «مۇسھەفى ئوسمانىي» نىلا ھېساب قىلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

1595. سوئال: قۇرئان كەرىم قانچە نۇسخىغا كۆپەيتىلگەن؟

جاۋاب: ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرى 5 ئىدى، دېگەنلەرمۇ ۋە 6 ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەين، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىردىن قۇرئان كەرىمنى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

1596. سوئال: ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قوليازما نۇسخىلىرى ھازىر نەدە؟

جاۋاب: ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەر قايسى ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتىلگەن قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قولىيازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزىيى» دا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇبخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك جىھازنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى

قۇرئان كەرىم ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، جۇڭگو، موسكۋا ۋە ئىتالىيەلەرگە ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشىر قىلىنىپ، تارقىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستاندا قۇرئان كەرىمنى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىدە «قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. چۈنكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى توپلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

### «قۇرئان بېسىش ئاكادېمىيىسى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى

1984- 30- ئۆكتەبىر كۈنى ئاكادېمىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاكادېمىيىنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋي شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، 250 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر مەيدانىغا ئىگە. بۇ ئاكادېمىيىدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمى 900گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا 30 مىليوندىن كۆپرەك قۇرئان كەرىم بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا. مۇندىن باشقا، تەپسىر ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان قۇرئان كەرىم لېنتىلىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

### قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى

ئىسپانىيە،گېرمانىيە، ئىنگلىز، ھىندونېزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، ئۇردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فرانسۇز، كەشمىر، كورىيە، مىلبارى، ھەۋسا، بورما، گرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق 30 دىن كۆپرەك تىلدا قۇرئان كەرىم تەرجىملىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

# ئايەتلەرگە ئوقۇش قائىدىلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ قويۇلىشى

## قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئوقۇش قائىدىلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ قويۇلىشى*

1597. سوئال: ئەرەب ھەرپلىرى بۇرۇن قانداق يېزىلاتتى؟

جاۋاب: ئىلگىرى ئەرەب ھەرپلىرى چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب،ت،ث،ي،ن)، (ج،ح،خ)، (د،ذ)، (ر،ز)، (س، ش)، (ص، ض)،(ع،غ)، (ط، ظ)، (ف،ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى (ب)، قايسىسى (ت) ۋە قايسىسى (ث) ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بەلگىلەشكە ھاجەت يوق ئىدى.

1598. سوئال: ئۇنداقتا ئەرەب ھەرپلىرىنى چېكىتلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈشكە ھاجەت بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە بولغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا چۈشكەن بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەپلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

1599. سوئال: ئەرەب ھەرپلىرىگە چېكىتلەر قاچان قويۇلغان؟

جاۋاب: ئەرەب تىلىنىڭ گراماتىكا قائىدىسىنى ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان كىشى تابىئىن (ساھابىلارنى كۆرگەن ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسۋەد دۇئىلى (606-688م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (601-660م)نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە (ـَ)، كەسرە (ـِ)، داممە (ـُ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەپ، فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ

---

* Islamweb.net

ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن، كەسرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

كېيىن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەلفەراھىيدىي كېلىپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زىر، زەۋەر ۋە پەش بەلگىلىرىنى قويۇپ تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان.

1600. سوئال: ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرىنى كىم ئىجاد قىلغان؟

جاۋاب: ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (718-790م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ يەنە ھەمزە، شەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى، ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشىپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسلۇبى كۈندىن-كۈنگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ بىرىپ ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن.

1601. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى قاچان مەيدانغا كەلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى ھىجرىيە 3- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ شەكلى بىر خىل بولۇپ كەلمەكتە.

# قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى

1602. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەللامە ئابدۇلئەزىم زەرقانىي مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمگە ئىنساپ بىلەن نەزەر تاشلىغان ئادەم خۇددى بىرەر تال ئالماس پارچىسىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كۆپلىگەن ئاجايىپلىق ۋە گۈزەللىكلەرنى كۆرگىنىدەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۆجىزىلىرىنى ئەلۋەتتە بايقايدۇ»[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكى 4 خىل مۆجىزىدۇر:

(1) قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىدىكى ئەدەبىي مۆجىزىسى

(2) قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىسى

(3) قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت بەلگىلەشتىكى مۆجىزىسى

(4) قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى

1603. سوئال: ئىلمىي مۆجىزە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىلمىي مۆجىزە- زامانىۋى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىغان قۇرئان كەرىم خەۋەرلىرىدۇر. قۇرئان كەرىم ئۆز ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلىدىغان ئىلىم-پەن تېخى مەيدانغا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئىلمىي ئۇسۇلدا شەھلەنمىگەن ۋە زاماننىڭ تەرەققىياتىغا تەرك ئېتىلگەن.

1604. سوئال: قۇرئان كەرىم ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ماسلىشامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئىلىم يولى بىلەن كەشىپ قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ئەلۋەتتە ماسلىشىدۇ، بۇ ئىككىسى ھەرگىز زىتلاشمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، كەشىپ قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ سەنئەتلىرىدىن بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر مەنبەدىن كەلگەن. ئېيتقىنكى، قۇرئاننى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ چۈشۈردى [2].

1605. سوئال: قۇرئان كەرىم ئىلمىي نەزەرىيىلەر بىلەن ماسلىشامدۇ؟

---

(1) ئەللامە ئابدۇلئەزىم زەرقانىينىڭ«مەناھىل ئەل ئىرفان» ناملىق ئەسەرى2-توم،332-بەت.

(2) فۇرقان سۈرىسى6-ئايەت

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئىلمىي نەزەرىيە ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ماسلاشمايدۇ. چۈنكى ئىلمىي نەزەرىيىلەر زاماننىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇندىن يۈز يىل ئىلگىرى ئىلمىي نەزەرىيە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كۆپلىگەن نەزەرىيىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەسلىكى ئىسپاتلانغىنىغا ئوخشاش. ئەمما قۇرئان كەرىم قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەننائۇل قەتتان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگە كىشىلەر قۇرئان كەرىم ئىلمىي نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، قانداقلا بىر يېڭى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا چىقسا، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تەۋىل قىلىپ بۇ نەزەرىيىگە مۇۋاپىقلاشتۇرماقچى بولىشىدۇ. ئۇلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلەر دەپ قوبۇل قىلغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي پرىنسىپلار ۋە نەزىرىيىلەر زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكىنى يوقىتىپ قويۇپ سەھنىدىن چۈشۈپ كەلمەكتە»[1].

1606. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت بەلگىلەشتىكى مۆجىزىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتىكى مۆجىزىسى ـ قۇرئان كەرىم ئېلىپ كەلگەن قانۇن-پرىنسىپلارنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ قالماستىن ياكى زامانغا ماسلىشالماي قالماستىن ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقى دېمەكتۇر.

چۈنكى ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسان تەبىقىلىرى ئارىسىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىككى ئالەملىك بەختلىك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئىلاھىي قانۇنلار ھەر قانداق بىر زامان ۋە ھەر بىر ماكانغا يارايدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى چوڭ-كىچىك پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلالايدىغان مۇكەممەل پرىنسىپلار بولۇپ، بۇنداق بىر مۇكەممەل پرىنسىپنى تۈزۈپ چىقىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

## شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان پرىنسىپلار

1607. سوئال: شەرىئەت ئەھكاملىرى قانداق پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان؟

جاۋاب: شەرىئەت ئەھكاملىرى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ئېنىق ۋە مۇكەممەل پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى

(1) مەننائۇل قەتتاننىڭ«قۇرئان ئىلىملىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرى270-بەت.

تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىمان ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى

(2) ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ پرىنسىپلىرى

(3) ئەخلاق پرىنسىپلىرى

(4) مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى

(5) جازا قانۇنلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى

1608. سوئال: قۇرئان كەرىم ئۈلگىلىك جەمئىيەتنى قانداق بەرپا قىلغان؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئالدى بىلەن شەخسلەرنى جەمئىيەتكە يارامىلىق ۋە ساغلام قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىشىغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولغان ئائىلىنى بەختلىك، خاتىرجەم ۋە ساغلام قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا يۇقىرىقى تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىنى قوللانغان. ئاندىن پەزىلەتلىك ۋە ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىنى كۈچەيتىشنىڭ ئامىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئۈلگىلىك جەمئىيەت ئەنە شۇنداق باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا بەرپا بولغان[1].

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئايەت ۋە سۈرىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1609. سوئال: مەككە ۋە مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە622-يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەر «مەككە سۈرىلىرى»، ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە چۈشكەن سۈرىلەر، مەدىنە سەپىرىدە، غازاتلاردا، ھەتتا مەككە ئازات بولغان كۈنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەججىنى قىلغان كۈنلىرى مەككىدە چۈشكەن سۈرىلەرمۇ «مەدىنە سۈرىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

1610. سوئال: مەككە سۈرىلىرى بىلەن مەدىنە سۈرىلىرى قانچە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىدىن مەككە سۈرىلىرى 82، مەدىنە سۈرىلىرى 20، مەككە ۋە مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتلەردىن تەركىب تاپقان سۈرىلەرنىڭ سانى 12 سۈرىدۇر.

### مەككە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1611. سوئال: مەككە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟

جاۋاب: مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئىسلام ئەقىدىسىنى ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ، ئىبادەتلەرنى ئاللاھقىلا قىلىشقا چاقىرىش ۋە بۇتپەرەسلىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى بايان قىلىش.

(2) قىيامەت كۈنى بولىدىغان ئىشلارنى، جەننەت بىلەن دوزاخنى كىشىلەرگە بايان قىلىش.

(3) مۇشرىكلەرنىڭ خۇراپى ئادەتلىرىنى سۆكۈش ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش.

(4) ئايەتلىرىنىڭ قىسقا بولۇشى ۋە قىسقا سۈرىلەر.

(5) ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە قەۋملىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بايان قىلىش.

(6) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش.

(7) مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئەخلاقىنى سىڭدۈرۈش.

### مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1612. سوئال: مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە قائىدە تەرتىپلىرى، مۇئامىلە ئۇسۇللىرى، جازالاش پرىنسىپلىرى، ئۇرۇش قانۇنلىرى، ئائىلە تۈزۈمى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت شەرئىي ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش.

(2) يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش.

(3) مۇناپىقلارنىڭ ئىشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان خەتەرلىرىنى بايان قىلىش.

(4) ئايەتلىرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ۋە ئۇزۇن سۈرىلەر.

## ئايەت ۋە سۈرىلەر ھەققىدە

1613. سوئال: سۈرە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۈرە ــ قۇرئان كەرىمدىكى مەخسۇس ناملىرى بىلەن ئاتالغان بۆلۈملەر دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسى، بەقەرە سۈرىسى دېگەنگە ئوخشاش.

1614. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بەقەرە سۈرىسى (2-سۈرە) بولۇپ، 286 ئايەتتىن تەركىب تاپقان.

1615. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا سۈرە قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا سۈرە كەۋسەر سۈرىسى (108- سۈرە) بولۇپ، 4 ئايەتتىن تەركىب تاپقان.

1616. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەت قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەت بەقەرە سۈرىسى (2- سۈرە)نىڭ 282- ئايىتىدۇر.

1617. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا ئايەت قايسى؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا ئايەت رەھمان سۈرىسى (55- سۈرە)نىڭ 64-ئايىتى.

1618. سوئال: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ۋە ئەڭ ئاخىرى چۈشكەن ئايەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسى (96- سۈرە)نىڭ بېشىدىن مۇنۇ بەش ئايەت: ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن (1) ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى (2) ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر (3) ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى (4) ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى (5) .

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئاخىر چۈشكەن ئايەت بەقەرە سۈرىسى (2- سۈرە) نىڭ 281-ئايىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ .

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى

1619. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى «قۇرئان» دېيىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرى «قۇرئان» دېيىلمەيدۇ. چۈنكى «قۇرئان» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن ئەرەبچە ئەسلى تېكىستقا قويۇلغان نام. شۇڭا نامازدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش بىلەن ناماز ئادا تاپمايدۇ. ئەمما ئوقۇش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىش، ۋەز - نەسىھەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش جەھەتتە تەرجىملەر قۇرئان كەرىمنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

تۆۋەندە «قۇرئان»ناملىق شېئىرىمنى كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم.

دىيانىتىم بۇ قۇرئان،
ئىتائىتىم بۇ قۇرئان،
ئىككى ئالەم مەڭگۈلۈك،
سائادىتىم بۇ قۇرئان.

ئورۇن ئالغان دىلىمدا،
زىكرى دائىم تىلىمدا،
ھەمراھ بولۇپ يېنىمدا،
تىلاۋىتىم بۇ قۇرئان.

دىنىمىزنىڭ دەستۇرى،
جىمى ئەلنىڭ تەقدىرى،
مۆجىزىنىڭ سەرخىلى،
كامالىتىم بۇ قۇرئان.

ئاللاھنىڭ شانلىق سۆزى،
ئىسلامنىڭ نۇرلۇق كۆزى،
ھەقىقەتنىڭ نەق ئۆزى،
ئادالىتىم بۇ قۇرئان.

ئەلگە ئىلىم ئۆگەتكەن،
نادانلىقنى تۈگەتكەن،
ئېتىقادنى تۈزەتكەن،
ساقاپىتىم بۇ قۇرئان.

چوڭ مۆجىزە ياراتقان،
ئىلىم-ھېكمەت تاراتقان،
ئەلنى ئاڭا قاراتقان،
لاياقىتىم بۇ قۇرئان.

باشلاپ بەختلىك ھاياتقا،
ئىمان بىلەن ماماتقا،
ئاخىرەتتە نىجاتقا،
كاپالىتىم بۇ قۇرئان.

لەۋزى ئەجەپمۇ چاققان،
تىلغا ھەسەلدەك ياققان،
زىكرى ھەر جايدا ئاققان،
ھالاۋىتىم بۇ قۇرئان.

مېنىڭ كۆڭۈل بايلىقىم،
چىمەنزارلىق يايلىقىم،
ھەممىدىن چىرايلىقىم،
قانائىتىم بۇ قۇرئان.

كېچە يىغلاپ خۇداغا،

سەۋىر ئەيلەپ جۇداغا،
تەرتىل ياڭراپ ساداغا،
ئىبادىتىم بۇ قۇرئان.

دۈشمەنلەرگە ھۇجۇمدا،
قۇرالىمدۇر قولۇمدا،
نۇرلار چېچىپ يولۇمغا،
ماھارىتىم بۇ قۇرئان.

كۆڭۈلدىكى مەقسەدكە،
ئېرىشىشكە ئامەتكە،
كېلىپ بىرلىك قامەتكە،
سىياسىتىم بۇ قۇرئان.

تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن،
شەرىپىمنى كۆتۈرگەن،
شاقاۋەتنى كەتتۈرگەن،
ئىنايىتىم بۇ قۇرئان.

غۇربەتچىلىك كۆرگەندە،
غەمكىن خىيال سۈرگەندە،
سەرگەندار بوپ يۈرگەندە،
كارامىتىم بۇ قۇرئان.

قەلەم سەھۋەن يازغاندا،
دۈشمەن توزاق قۇرغاندا،
مەن يولۇمدىن ئازغاندا،
ھىدايىتىم بۇ قۇرئان.

بەخت مەندىن قاچقاندا،
يىلان كۆزىن ئاچقاندا،

زەھىرىنى چاچقاندا،
سالامىتىم بۇ قۇرئان.

دەۋرىم بىر كۈن ياتقاندا،
مەن قايغۇغا پاتقاندا،
بېشىم غەمدىن قاتقاندا،
پاراسىتىم بۇ قۇئان.

ئەلىيۇرتىدا كەزگەندە،
غېرىپلىقنى سەزگەندە،
دىلنى ئەلەم ئەزگەندە،
ساداقىتىم بۇ قۇرئان.

ئاغرىق-سىلاق يەتكەندە،
تەندىن ماغدۇر كەتكەندە،
جاننى بوزەك ئەتكەندە،
بارائىتىم بۇ قۇرئان.

ئادالەتتىن سورغانغا،
ھەققە تەشنا بولغانغا،
يول تاپالماي تۇرغانغا،
ئىشارىتىم بۇ قۇرئان.

كۆتەرگۈچى شەنىمنى،
يېيىپ ئەلگە نامىمنى،
ساقلاپ چىن ئىمانىمنى،
ئىناۋىتىم بۇ قۇرئان.

قابىل كېلىپ جاھانغا،
يېتىپ بىر كۈن نىشانغا،
مەن قېنىشتا ئارمانغا،

جاسارىتىم بۇ قۇرئان.

مۈشكۈللەرنى يېڭىشتا،
چوڭ ئۇتۇقلار قىزىشتا،
ئەل رىزاسىن ئېلىشتا،
شۇجائىتىم بۇ قۇرئان.

چىن مۆئمىنلىك مەيداندا،
قايتماي تۇرۇپ ھەرئاندا،
بىر كۈن زەپەر قۇچقاندا،
ئالامىتىم بۇ قۇرئان.

بايان ئەيلەپ ئەرزىمنى،
ئادا قىلىپ پەرزىمنى،
تامالاشتا قەرزىمنى،
ئامانىتىم بۇ قۇرئان.

لەھەد ئىچرە سۈرگەندە،
مۇنكىر،نەكىر كىرگەندە،
ئاڭا جاۋاپ بەرگەندە،
شاھادىتىم بۇ قۇرئان.

مەھشەرگاھقا بارغاندا،
ئېگەم ھېساب ئالغاندا،
مەن چارىسىز قالغاندا،
شاپائىتىم بۇ قۇرئان.

بۇ پېقىرنىڭ چىن سۆزى،
قەلىمىنىڭ بىر ئىزى،
شۇنداق دەپ قالدى ئۆزى،
شاراپىتىم بۇ قۇرئان.

# سۈننەت

## سۈننەتنىڭ تەرىپى[1]

1620. سوئال: سۈننەت سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت سۆزى لۇغەتتە "يول" دېگەنلىك بولۇپ، مەيلى توغرا، مەيلى خاتا ھەر قانداق بىر داۋام قىلىدىغان يولنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «من سن في الإسلام سنة حسنة فله أجرها ، وأجر من عمل ا من بعده من غير أن ينقص من أجورهم شيء ، ومن سن في الإسلام سنة سيئة كان عليه وزرها ووزر من عمل ا من بعده من غير أن ينقص من أوزارهم شيء» يەنى«كىمكى ئىسلامدا ياخشى بىر يولنى تۇتسا، ئۇنىڭ ساۋابى شۇ كىشىگە بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارغىمۇ ساۋابى كېمەيتىلمەستىن بېرىلىدۇ، كىمكى ئىسلامدا يامان بىر يولنى تۇتسا، ئۇنىڭ گۇناھى شۇ كىشىگە بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگىمۇ شۇ گۇناھ كېمەيتىلمەستىن يېزىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزى سۈننەتنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما سۈننەتنىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ تەرىپلىشى بىر خىل بولمىغان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى سۈننەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئىختىساسىغا ئاساسەن تەرىپلىگەن.

ھەدىسشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، سۈننەت- پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە تەقرىرى (يەنى ساھابىلاردىن سادىر بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا كۆرۈپ تەستىقلىغانلىرى ياكى رەت قىلماستىن سۈكۈت قىلغانلىرى) قاتارلىقلاردۇر.

سۈننەتنىڭ ئەڭ ئىخچام مەنىسى: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەرزىگە ئائىت بىلىملەر دېگەنلىكتۇر.

فىقھشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە سۈننەت- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتور رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

گەپ-سۆز ئىش-پائالىيەت ۋە تەقرىر قاتارلىقلاردىن شەرئەت ھۆكۈمگە دەلىل بولالايدىغانلىرىدۇر.

فىقھىشۇناسلار يەنە ئورۇندىغان كىشىگە ساۋاب بولىدىغان، تەرك ئەتكەن كىشىگە گۇناھ بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ سۈننەت دەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بولسىمۇ، پەرز ياكى ۋاجىب قاتارىدىن ئورۇن ئالمىغانلىرى سۈننەتتۇر.

سۈننەتنىڭ تەرىپىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆلىمالارنىڭ سۈننەتكە قاراتقان يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىغان. ھەدىسشۇناسلار سۈننەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆلگە تۇتۇش تەرەپتىن يۈزلەنگەن.

فىقھىشۇناسلار سۈننەتنى ئۆلگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى شەرئەت دەلىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەر بىرى شەرئەت ئەھكاملىرى ئۈچۈن بىرەردىن دەلىل-ئىسپاتتۇر[1].

1621. سوئال: سۈننەت بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقى بارمۇ؟

جاۋاب: سۈننەت بىلەن ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئۆلىمالار بۇ ئىككىسىنى بىر مەنىدە قوللىنىدۇ. گەرچە ھەدىس لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «سۆز» دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھىدا ھەدىسنىڭ مەنىسى سۈننەتنىڭ مەنىسى بىلەن بىردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېغىز ئارقىلىق بىلدۈرگەن تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى، تەقرىرلىرىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە شەرئىي ھۆكۈم قاتارىغا كىرىدىغان پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ھەدىسنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئۈچۈنلا قوللانغان ئاتالغۇ دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدۇ.

1622. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى سۈننەتمۇ؟

جاۋاب: دوكتور ئىسام ئەلبەشىر بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرپ-ئادەت قاتارىدىن قىلغانلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلىش بۇيرۇلغان سۈننەت قاتارىدىن سانالمايدۇ. "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داستىخاندا ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن كىلەنىڭ گۆشىنى يېمىگەندە، ساھابىلار

---

(1) مۇھەممەد ئەجاج خەتىبنىڭ «الوجيز في علوم الحديث» ناملىق ئەسەرى 15-17-بەتلەر، مۇھەممەد ئەدىبنىڭ «لمحات في أصول الحديث» ناملىق ئەسەرى 27-32-بەتلەر.

ئۇنىڭدىن كېلەنى يېيىشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام" ئۇنى يېيىشنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ، مېنىڭ قەۋمىم ئۇنى يەپ ئادەتلەنمىگەن"دېگەن»[1]. چۈنكى ئەرەبلەردە كېلە گۆشىنى يېيىش ئادىتى يوق.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلەنى يېيىشنى هارام قىلمىغان ۋە يېگەنلەرنى توسمىغان. بۇنىڭغا بىنائەن كېلە گۆشىنى يەيدىغان مۇسۇلمان مىللەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلدى، دېيەلمەيمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلە گۆشىنى يېيىشنى خالىمىغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ يېيىشنى توسمىغانلىقى ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش. بۇنداق بولغان ئىكەن، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى دىنىي هۆكۈمنى ئالمايدۇ.

شۇنىڭدەك، بىراۋ تاماقنى قوشۇق بىلەن (ياكى چوكا بىلەن) يېسە، ياكى يەردە ئولتۇرۇپ يېمەستىن، ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ يېسە، ئۇنى (يەردە ئولتۇرۇپ قولى بىلەن يېمىگەنلىكى سەۋەبلىك) سۈننەتكە خىلاپلىق قىلدى دېيەلمەيمىز. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۆرپ-ئادەتكە باغلىق ئىشلار بولۇپ، هەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توسۇلغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك-ئىچمەك ھەققىدە بىزگە ئۆگەتكەن سۈننىتى «ئەي ئوغۇل!"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىيم" دېگىن، ئاندىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن يېگىن»[2] دېگەن تەلىماتىدۇر»[3].

1623. سوئال: سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت (ياكى ھەدىس) ـ ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن قالسا، ئەڭ چوڭ دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ 4 ئاساسلىق مەنبەئىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانىدۇر. ئاللاھ تائالا سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [4].

1624. سوئال: سۈننەتتىن بىهاجەت بولۇشقا بولامدۇ؟

(1) نەسائى رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(3) سۇدانلىق مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى دوكتور ئىسام ئەلبەشىرنىڭ «سابىت ئەھكاملار ۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھكاملار» دېگەن تېمىدىكى لېكسىيىسىدىن.
(4) ھەشىر سۈرىسى 7 ـ ئايەت

جاۋاب: سۈننەتتىن قەتئىي بىھاجەت بولغىلى بولمايدۇ. سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرىدىن بىرى، سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت (قانۇن) ئەھكاملىرىنى ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمەلىيەتتە قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن چۈشەندۇرگەن. مەسىلەن: ناماز توغرۇلۇق: «نامازنى مېنىڭ قانداق ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەندەك ئوقۇڭلار»[1] دېگەن. ھەج توغرۇلۇق: «ھەج قىلىش پائالىيەتلىرىنى مېنىڭدىن ئۆگىنىڭلار»[2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر»[3] دېيىش ئارقىلىق توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا باغلىغان ۋە ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ھىدايەتنىڭ بىردىنبىر مەنبىئى قىلىپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ روشەن ئۇچۇقلاپ: «سىلەرگە مەن ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم، بۇ ئىككىسىگە چىڭ ئېسىلغان مۇددەتتىچىلار بويىچە قەتئىي ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئان كەرىم) بىلەن مېنىڭ سۈننىتىمدۇر!»[4] دېگەن.

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(3) نۇر سۈرىسى 54- ئايەت
(4) مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم م. ناسىرۇددىن ئالبانىي «ھەدىسلەر» ناملىق ئەسەرىدە قەيت قىلغان ھەدىس.

# قۇرئان، ھەدىس ۋە ھەدىس قۇدسىي

1625. سوئال: ھەدىس قۇدسىي دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەدىس قۇدسىي-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن سۆزلىگەنلىرىدۇر. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى: "بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا مەنمۇ ئۇنى شۇنداق ئويلايمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتكەندە مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى كۆڭلىدە ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىنمۇ ياخشى بىر جامائەت-پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدا ياد ئېتىمەن، ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا بىر غۇلاچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىمۇ ئارتۇق يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن"» دېگەن سۆزى ئاللاھ تائالادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىيدۇر.

1626. سوئال: قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس قۇدسىي ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇھىم پەرقلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) قۇرئان كەرىم مەنىسى ۋە لەۋزى بىلەن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن خالىس ۋەھيىدۇر. ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالاغا، لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇبتۇر.

(2) قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنسا، ھەدىس قۇدسىينىڭ لەۋزى بىلەن ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت مەنىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ساۋاپ تاپقىلى بولىدۇ.

(3) قۇرئان كەرىم بىزگە مۇتەۋاتىر(قىلچە شەك يوق)دەرىجىدە يېتىپ كەلگەن، ئەمما ھەدىس قۇدسىيدا مۇتەۋاتىر شەرت ئەمەس.

(4) قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇ.

(5) قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز كىشىنىڭ تۇتۇشى، جۇنۇپ كىشىنىڭ تۇتۇشى ياكى يادىسىغا بولسىمۇ ئوقۇشى جائىز ئەمەس. ئەمما ھەدىس قۇدسىينى تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ بولسىمۇ تۇتۇشقا ۋە ئوقۇشقا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش ساقلانغان كىتابتۇر. ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى تەرەپتىن ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرى بار.

1627. سوئال: ھەدىس بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: ھەدىس بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھەدىس قۇدسىي ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىس، ئەمما ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر.

(2) ھەدىس قۇدسىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا كەلگەن، ئەمما ھەدىسمۇ ۋەھيى يولى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بولۇپ، ۋەھيى ئۇنى تەستىق قىلغانلىرى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىراقىغا بۇيرىغانلىرىمۇ بار.

(3) ھەدىس قۇدسىيدا ئومۇمەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان بولسا، ھەدىسلەردە ئومۇمەن شەرىئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان[1].

(1) شەيخ مۇھەممەد سەبباغنىڭ«الحديث النبوي» ناملىق ئەسەرى 160-169-بەتلەر، شەيخ مەننائۇل قەتتاننىڭ«مباحث في علوم القرآن» ناملىق ئەسەرى 25-28-بەتلەر.

# هەدىسلەرنى ئېنىقلاش پرىنسىپلىرى

## هەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى[1]

1628. سوئال: هەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش پرىنسىپ قايسى؟

جاۋاب: هەدىسشۇناس ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان هەدىسلار ئىچىدىن راست ـ يالغانلىرىنى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشتا ساهابىلارنىڭ زامانىدىن زامانىمىزغا قەدەر ئۈنتۈلماس تۆهپىلەرنى ياراتقان كىشىلەردۇر. دۇنيا تارىخىدا هەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ هەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى هېچقانداق بىر بىر مىللەت، هېچقانداق بىر ئىلىم ساهەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا هېچقانداق بىر دىنىنىڭ بەنبەلىرى قۇرئان كەرىم بىلەن سەهىھ هەدىسلار يېتىپ كەلگەندەك ئەينەن يېتىپ كەلگەن ئەمەس. هەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار تۆهپىلىرىنى تولۇق بايان قىلىش ئۈچۈن تىل ئاجىز، كىتاپ يېتەرسىز كېلىدۇ.

زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش ئالاقە ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرى، ئېنتېرنېتكە ئوخشىغان ئىزدىنىش قۇرالى بولمىغان زامانلاردا هەدىسشۇناس ئالىملار بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتتىن دۆلەتكە ئاتلاپ يۈرۈپ، هەدىس بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ، هەدىس توپلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى قۇربان قىلغانلىقى هەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ خىزمەت ئىدى. هەدىسشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ مەككە-مەدىنە شەهەرلىرىدە 16يىل تۇرۇپ هەدىس توپلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

1629. سوئال: هەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى ۋە پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: هەدىسشۇناس ئالىملار هەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن:

(1) ئىسپاتلاش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساهابىلىرى هەدىسلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئىنتايىن ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇهەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام هازارىتى هەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ رىۋايىتىگە گۇۋاھچى تەلەپ قىلىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى كىشىدۇر. كېيىنكى خەلىپىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبلارنىڭ پرىنسىپىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەتچىدىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى قەسەم قىلدۇراتتى.

ساھابىلاردىن كېيىنمۇ ھەر بىر ئەسىرنىڭ ھەدىسشۇناس ئالىملىرى ھەدىسلەرنى ئىسپاتلاشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ كەلگەن.

(2) ھەدىس ئىزدەپ سەپەر قىلىش

سۈننەت مەن جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇجمەل ئەھكاملىرىنى ئوچۇقلىغۇچى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگىنىشتە ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىلىم بولغانلىقتىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسكە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. ھەدىسشۇناس ئالىملار ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش يولىدا ھاياتىنى، مال-مۈلكىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئاتىغان. ئۇلار ھەدىس توپلاش يولىدا ئۆتمۈشلەرنىڭ قىيىن شارائىتلىرىغا ۋە توسقۇنلۇقلىرىغا باش ئەگمەستىن، يىراق-يىراق جايلارغا، دۆلەتلەرگە، ھەتتا قىتئەلەرگە سەپەر قىلىشتىن ئىككىلەنمىگەن.

①ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىر ھەدىسنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر تۆگە سېتىۋالدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈك- تاقلىرىمنى يۈكلەپ سەپىرىمنى باشلىدىم، تولۇق بىر ئايدا شامغا يېتىپ باردىم ۋە ئۇ ئادەمنى تاپتىم. ئۇ ساھابىلاردىن ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيس ئىكەن. ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا،" سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىساس ھەققىدە ئېيتقان بىرھەدىسنى بىلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، شۇ ھەدىسنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورقۇپ ئالدىراپ بۇ يەرگە كەلدىم" دېدىم. ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيس ماڭا شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى " ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە ھېساب مەيدانىغا يالىڭاچ ۋە ھېچنەرسىسىز ھالدا ھازىر بولىدۇ. ئاندىن ئاسماندىن «مەن پادىشاھمەن، مەن ھېساب ئالغۇچىمەن، ئەھلى جەننەتتى بولغان كىشىلەردىن بىرەرسىنىڭ ئەھلى دوزىخى بولغان كىشىدىن ئالىدىغان قىساسى بولسا ئۇنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئەھلى

دوزىخى بولغانلارنىڭ ئەھلى جەننىتى بولغان بىرىدە قىساسى بولسا، ھەتتا بىرەر تاياق چاغلىق قىساسى بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يا جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ، بۇ ئاۋازنى يىراق - يېقىندىكى ھەممە كىشى خۇددى يېنىدا سۆزلىنىۋاتقاندەك ئاڭلايدۇ" دېدى. بىز "يارەسۇلەللاھ! بىز قىيامەت كۈنىدە يالىڭاچ ۋە ھېچنەرسىسىز ھازىر بولساق، ئاللاھ تائالا قىساس ئۈچۈن نېمىنى ئېلىپ بېرىدۇ؟" دەپ سورىۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام " ساۋاب بىلەن گۇناھنى (يەنى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا باشقىلارغا ھەقسىزلىق قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىدىن ھەقسىزلىق قىلىنغۇچىغا ئېلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساۋابى بولمىسا ياكى يەتمىسە، ھەقسىزلىق قىلىنغۇچىنىڭ گۇناھىنى ھەقسىزلىق قىلغۇچىغا يۈكلەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىدۇ) دېدى»[1].

②ئىمام ئەھمەد يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئۇقبە ئىبنى ئامىرنى ئىزدەپ مىسىرغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەن بىلەن مەن ئىككىمىزلا ئاڭلىغان بىر مەسىلىنى سوراپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دېگەن ئىدى؟"دەيدۇ، ئۇقبە ئىبنى ئامىر" شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسە، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دەيدۇ. ئەبۇ ئەييۇ شۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە قايتىدۇ ۋە بۇ ھەدىسنى قورقماي ھەر كىمگە سۆزلەيدىغان بولىدۇ»[2].

ساھابىلاردىن كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق قىلغان. تابىئىن (ساھابىلارنى كۆرگەن ئەۋلاد)لاردىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: «مەن بىر ھەدىسنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزلەپ سەپەر قىلغانلىقىمنى بىلىمەن» دېگەن[3].

(3) سەنەدكە ئەھمىيەت بېرىش

(4) مەتنگە ئەھمىيەت بېرىش

### سەنەد ۋە مەتىن

1630. سوئال: سەنەد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سەنەد-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنى

---

(1) ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد»ناملىق ھەدىس توپلىمى 3-توم،495-بەت.

(2) ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد»ناملىق ھەدىس توپلىمى 4-توم،159-بەت.

(3) ئىبنى ئابدۇلبىررىنىڭ «جامع بيان العلم وفضله» ناملىق ئەسەرى1-توم،395-بەت.

رىـۋايەت قىلغۇچىلارنىـڭ ئەۋلادتىــن ئەۋلاد يەتكـۈزۈش جەريانىــدىكى زەنجىرسـىمان ھـالىتى دېگەنلىكتـۇر. ھەدىسشۇناسـلار قانـداقلا بىـر ھەدىسـنىڭ راسـت-يالغـانلىقىنى ئـايرىش ئۈچـۈن ئـۇنى رىـۋايەت قىلغۇچىنىـڭ راسـتچىللىقىغا تايانغـانلىقى سـەۋەبلىك ئۇنى «سەنەد» يەنى (تايانچ) دەپ ئاتىغان.[1]

كىشـىلەردە سـاھابىلارنىڭ زامانىــدىكى تەقۋالىــق، دىــن مەسىلىســدە ئېھتىيـات زەئىپلىشـىپ بارغانــدىن كېيىن، ھەدىــس رىـۋايەت قىلغۇچىلارنىـڭ راسـتچىللىقى ۋە تەقۋالىقىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا ھەقىقىي راستچىل رىۋايەتچىلەرگىلا تايىنىش ئىشـى ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىدىغان ماۋزۇسىغا ئايلانغان ئىـدى. ھەتتـا ئۇلـۇغ تىلشـۇناس ئـالىم ئابـدۇللا ئىبنـى مۇبـارەك سـەنەدنىڭ ئەھمىيىتـى ھەققـدە: «سـەنەد دىنــدىن سـانىلىدۇ. چـۈنكى سـەنەد بولمايــدىغان بولسـا ھەركىـم ئۆزىنىــڭ بىلگەنلىرىنى سۆزلىگەن بولاتتى»[2]دېگەن.

قەدىمدىن ھازىرغىچە سەنەد ئىلمىي ھەققىدە يېزىلغـان ئەسـەرلەرنىڭ ئىنتـايىن كـــۆپلىكى ھەدىسشۇناســـلارنىڭ ســـەنەدكە نەقەدەر زور ئەھمـــيەت بېرىـــپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

1631. سوئال: مەتن دېگەن نېمە؟

جـاۋاب: مەتــن- تېكىســت دېــگەن مەنىــدە بولـۇپ، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسســالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى (لەۋزى) دېگەنلىكتۇر.

ھەدىسشۇناسلار ھەدىسلارنىڭ لەۋزىنـى تەتقىـق قىلىشـقا زور ئەھمـيەت بەرگـەن. ئۇلار ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىنى قۇرئـان كەرىـم ئـايەتلىرىگە سېلىشـتۇرۇپ كـۆرۈپ، ئۇنىڭغـا زىـت كەلگەنلىرىنـى رەت قىلىـش پرىنسـىپىنى قوللانغـان. شـۇڭا ھەدىسـنىڭ تېكىســتىنىڭ راسـتلىقىنى ئىسپاتلاشــتا، كـۆپلىگەن قائىــدىلەرنى بەلگىلىــگەن. بـۇ قائىدىلەر توغرۇلۇق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر يېزىلغان.

ساھابىلارنىڭ زامانىدىن باشلاپ مۇسۇلمان ئۆلىمالار ھەدىسلەرنىڭ تېكىسـتلىرىگە ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىـپ كەلگەن.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا، فاتىمە ئىسىملىك بىـر سـاھابە ئايـال ئېرىــدىن ئـۈچ تـالاق بولغانــدىن كېيىن، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئۇنىـڭ ئىددىتى توشۇپ بولمىغان مۇددەت ئىچىدە، ئۇنىڭ ئېرىگە ئايالنى ئۆيىدە تۇرغـۇزۇش، ھـاجەتلىرىنى راۋا قىلىـش قاتـارلىق ھەقلەرنـى بەلگىلىمىگەنلىكـى ھەققــدە ھەدىـس

(1) مۇھەممەد ئەجاج خەتىبنىڭ «الوجيز في علوم الحديث» ناملىق ئەسەرى15-22-بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

رىۋايەت قىلىپ كەلگەندە، خەلىپە ئۆمەر «بىر ئايالنىڭ سۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتمەيمىز، بەلكى بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بەلگىلىگەننى ئۇنتۇپ قالغاندۇ، دېگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بويىچە بويىچە ھۆكۈم قىلغان: ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغۇچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار [1]»[2].

(1) تەلاق سۈرىسى1-ئايەت
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ھەدىسلەرنىڭ تۈرلىرى

### ھەدىسنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈنۈشى[1]

1632. سوئال: ھەدىسنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەھەتتىن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ھەدىس بىزگە يېتىپ كېلىش جەھەتتىن «مۇتەۋاتىر» ۋە «ئاھاد» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1633. سوئال: مۇتەۋاتىر ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: مۇتەۋاتىر- ئادەتتە يالغانغا چىقىرىشقا قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، بىرىنچى سەنەدتىن (ئاۋۋالقى رىۋايەتچىدىن) ئاخىرقىسىغا قەدەر «ئەڭ ئىشەنچلىك» دېگەن سۈپەتنى يوقاتمىغان بىر توپ كىشىلەر تەرىپىدىن بىر خىل لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس دېيىلىدۇ.

1634. سوئال: مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: مۇتەۋاتىرنىڭ 4 شەرتى بولۇپ، ئۇلار:

(1) رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ بولىشى،

(2) رىۋايەتچىلەرنىڭ ئادەتتە يالغان ئېيتىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ئىشەنچلىك بولىشى،

(3) رىۋايەت قىلغۇچىلار سانىنىڭ كۆپلۈكى بارلىق تەبىقىلەردە شۇ كۆپلىكى بىلەن تېپىلىشى،

(4) رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشتىكى ئىلمي ھېسسي ئىلىم بولىشى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ياكى ئۇنىڭ قىلغىنىنى كۆرگەن بولىشى شەرتتۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى يۇقىرىقى شەرتلەرگە توشقان مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۈچۈن دەلىل بولالايدىغانلىقىنى ۋە مۇنداق ھەدىسلەرنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى قارار قىلىدۇ.

1635. سوئال: مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مۇتەۋاتىر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، مۇتەۋاتىر لەفزى (تېكىستىكە

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مۇناسىۋەتلىك مۇتەۋاتىر) ، ئىككىنچىسى مۇتەۋاتىر مەنىۋى (مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇتەۋاتىر)دۇر.

(1) مۇتەۋاتىر لەفزى. ھەر بىر تەبىقىدە ئادەتتە يالغان ئىيتىشى كۆتۈلمەيدىغان دەرىجىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن بىر خىل تېكىست بىلەن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ھەدىس دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: «كىمكى قەستەن مېنىڭ نامىمدىن يالغان ھەدىسنى توقۇيدىكەن، ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن» دېگەن ھەدىس مۇشۇ تېكىستى بىلەن 62 ساھابى تەرىپىدىن بىر خىل رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام نەۋەۋىنىڭ سۆزى.

(2) مۇتەۋاتىر مەنىۋى. ھەر بىر تەبىقىدە ئادەتتە يالغان ئىيتىشى كۆتۈلمەيدىغان دەرىجىدىكى كۆپ سانلىق كىشلەر تەرىپىدىن ھەر خىل تېكىستلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەنىسى ئوخشاش بولغان ھەدىس دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: دۇئادا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 100گە يېقىن ھەدىس كەلگەن. ئۇلارنىڭ تېكىستى ھەر خىل بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ مەنىسى مەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

1636. سوئال: ئاھاد ھەدىس دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ئاھاد. رىۋاتچىلىرىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتە مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلار دېمەكتۇر. ئاھاد تۆرتگە كىرىدىغان ھەدىسلەرمۇ تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىلىدۇ:

(1) غەرىب. بىرلا كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

(2) ئەزىز. ئىككى كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

(3) مەشھۇر ـ ئۈچ ياكى سانى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس. مەسىلەن: «مۇسۇلمان. باشقىلار ئۇنىڭ قولى ياكى تىلى بىلەن زىيان يېتىشتىن ئامان بولغان كىشىدۇر» دېگەن ھەدىسكە ئوخشاش.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ تۈردىكى ھەدىسلەردىن راستلىق شەرتىگە توشقانلىرىغا ئەمەل قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ.

### ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش تەرەپتىن تۈرلىنىشى

1637. سوئال: ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش تەرەپتىن قانچە تۈرگە

بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: ھەدىس قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش تەرەپتىن «مەقبۇل» ۋە «مەردۇد» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1638. سوئال: مەقبۇل ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: مەقبۇل ھەدىس- قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرىگە توشقان ھەدىس بولۇپ، مەقبۇل ھەدىس «سەھىھ»ۋە «ھەسەن» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1639. سوئال: مەردۇد ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: مەردۇد- قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە توشمىغا ھەدىس بولۇپ، مەردۇد ھەدىس«زەئىپ» ۋە مەۋزۇ» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## مەقبۇل ھەدىس ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1640. سوئال: مەقبۇل ھەدىسنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مەقبۇل ھەدىس «سەھىھ»ۋە «ھەسەن» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### «سەھىھ» ھەدىس

1641. سوئال: سەھىھ ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: سەھىھ ــ لۇغەتتە ساغلام دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېسەلنىڭ ئەكسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما سەھىھ ھەدىس- ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھىدا، سەنەدى (رىۋايەت زەنجىرى) ئەڭ ئاۋۋال رىۋايەت قىلغان كىشىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە قەدەر قوبۇل قىلىشنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىگە توشقان ھالدا باغلىنىپ كەلگەننىڭ سىرتىدا، رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى تەقۋالىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتە ئالاھىدە ئۈستۈن كىشىلەردىن بولغان ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىستۇر.

### «سەھىھ» ھەدىسنىڭ شەرتلىرى

1642. سوئال: «سەھىھ»ھەدىسنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قانداقلا بىر ھەدىس «سەھىھ» دەپ قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى 5 شەرتنىڭ بولىشى شەرتتۇر:

(1) سەنەدلەرنىڭ باغلىنىشى يەنى بىرەر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن ھەر بىرىنىڭ شۇ ھەدىسنى ئۆزىدىن ئالدىنقى كىشىدىن بىۋاستە ئاڭلىغان بولىشى،

(2) ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، تەقۋادار، ھەر قانداق بىر ئەخلاقىي ئەيىبلەردىن، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن يىراق بولغان كىشىلەردىن

بولىشى،

(3) ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى، ئاڭلىغان ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسى چۈشىنىدىغان، ئاڭلىغان ۋاقتىدىن ئۇنى يەنە بىرىگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەنگە قەدەر تېكىستلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولىشى،

(4) مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچىدىن ئىشەنچلىكرەك كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە لەۋزىدە ياكى مەنىسىدە ياكى ھەر ئىككىلىسىدە زىت كەلمىگەن بولىشى،

(5) مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن ئىللەتلەردىن خالى بولىشىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە، سەھىھ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. سەھىھ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ سانى مەيلى كۆپ بولسۇن، مەيلى ئاز بولسۇن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

**ھەسەن ھەدىس ۋە مەردۇد ھەدىس**

1643. سوئال: «ھەسەن» ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: ھەسەن ـ لۇغەتتە چىرايلىق، ئېسىل، گۈزەل دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ھەسەن ھەدىس- ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھىدا، خۇددى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش سەنەدى (رىۋايەت زەنجىرى) ئەڭ ئاۋۋال رىۋايەت قىلغان كىشىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە قەدەر قوبۇل قىلىشنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىگە توشقان ھالدا باغلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، رىۋايەتچىلىرىنىڭ بىر ياكى ئىككىسىدە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولمىغان ھەدىستۇر.

1644. سوئال: «سەھىھ» ھەدىس بىلەن «ھەسەن» ھەدىسنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: سەھىھ ھەدىس بىلەن ھەسەن ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئىككىسى پۈتۈن شەرتلىرىدە بىر، پەقەت ئەستە تۇتۇش شەرتىدە سەھىھ ھەدىس ئۈچۈن قويۇلغان تەلەبتىن ھەسەن ھەدىس ئۈچۈن قويۇلغان تەلەپ يېنىكرەك بولغان.

1645. سوئال: مەردۇد ھەدىسنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مەردۇد ھەدىسنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مۇھىملىرى «زەئىپ»، «مەۋزۇ» ھەدىسلەردۇر.

1646. سوئال: زەئىپ ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: زەئىپ ھەدىس- سەھىھ ياكى ھەسەن دەرىجىسىگە يېتىشىنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولمىغان ھەدىس دېگەنلىك بولۇپ، «زەئىپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قايسىبىر سەۋەب بىلەن قوبۇل قىلىشتىن رەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلغان بىر ئاتالغۇدۇر.

1647. سوئال: زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ رەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ رەت قىلىنىشى مۇنۇ ئىككى سەۋەبنىڭ بىرىگە ئاساسلىنىدۇ:

(1) سەنەدنىڭ باغلانمىغانلىقى، يەنى رىۋايەت زەنجىرىنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە باغلىنىپ كەلمەستىن، ئوتتۇرىسىدىن بىرەر كىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى (يەنى ئالدىنقىسىدىن رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولمىغانلىقى ياكى ئۇچرىشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى)،

(2) رىۋايەت قىلغۇچىسىنىڭ تەقۋالىقى ياكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تەرەپتىن ئىشەنچكە ئېرىشەلمىگەنلىكىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى زەئىپ ھەدىسلارغا ئەمەل قىلماسلىقنى قارار قىلغان بولۇپ، بەزىلىرى زەئىپ ھەدىسلەرگە دىنىنىڭ روھىغا زىت كەلمەسلىكى شەرتى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشتا، ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىشتا ئەمەل قىلىشنىڭ جائىزلىقىنى سۆزلىگەن.

**يالغان ھەدىس**

1648. سوئال: مەۋزۇ ھەدىس دېگەن قانداق ھەدىس؟

جاۋاب: مەۋزۇ ھەدىس- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن توقۇلغان يالغان ھەدىستۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن. چۈنكى مۇنداق ھەدىسلارنى توقۇپ چىقىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

1649.سوئال: مەۋزۇ ھەدىسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: مەۋزۇ ھەدىسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىق سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەبكە ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

(1) مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ۋە تاشقى پىتنىلەر سەۋەبلىك چىققان ئىختىلاپلار، بۇ ئىختىلاپلارغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار سىپىسدە پىرقىلارغا بۆلۈنۈشلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقى ۋە ھەر قايسى پىرقىنىڭ ئۆزلىرىنى ھەقىقەت مىزانىغا سېلىپ كۆرمەستىن، قارشى تەرەپنى قارىلاش ۋە ئۆزلىرىنى ھەقلىق

كۆرستىشكە تىرىشقانلىقى.

(2) مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇش ۋە دىندا شەك پەيدا قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىدىن يالغان ھەدىسلەرنى توقۇشى.

(3) بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇش نىيىتى بىلەن -ئۆزلىرىنىڭ قانداق چوڭ خاتالىقلارغا چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلماستىن، نادانلىقتىن- بەزى ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىدىن توقۇپ چىققانلىقى.

1650. سوئال: ئىسلام ئۆلىمالىرى يالغان ھەدىسلەرنى رەت قىلىش ئۈچۈن قانداق يول تۇتقان؟

جاۋاب: ھەر دەۋر ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان ھەدىسلەردىن ئايرىش ئىشىغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھەر بىر ئەسىردە «يالغان ھەدىسلەر» دېگەن تېمىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق ئاۋام خەلقنىڭ نەزەرىدە ھەدىس دەپ قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان يالغان ھەدىسلەرنى پاش قىلغان ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى يالغان ھەدىسلەردىن خەۋەردار قىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ سايىسىدا زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار سەھىھ ھەدىسلار بىلەن يالغان ھەدىسلەرنىڭ پەرقىنى ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتماستىن بىلەلەيدۇ.

1651. سوئال: يالغان ھەدىسلەرنى پاش قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەر قايسىلار؟

جاۋاب: يالغان ھەدىسلەرنى پاش قىلغان ئەسەرلەردىن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىمام ھافىز ئىبنى ئەبۇ فەرەج ئابدۇراھمان ئىبنى جەۋزىينىڭ«الموضوعات» ناملىق ئەسەرى.

(2) ئىمام جالالىددىن سۇيۇتىينىڭ «اللآلي المصنوعة في الأحاديث الموضوعة» ناملىق ئەسەرى.

(3) ھافىز ئىبنى ئەبۇلھەسەن مۇھەممەد كەنانىينىڭ «تنزيه الشريعة المرفوعة عن الأحاديث الشنيعة الموضوعة» ناملىق ئەسەرى.

(4) ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ «المنار المنيف في الصحيح والضعيف» ناملىق ئەسەرى ۋە باشقىلار.

# سۈننەتنىڭ توپلىنىش باسقۇچلىرى

## سۈننەتنىڭ دەسلەپكى توپلىنىشى[1]

1652. سوئال: سۈننەت قاچاندىن بىرى توپلانغان؟

جاۋاب: سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىلا يېزىلىشقا ۋە توپلىنىشقا باشلىغان. ئاۋام خەلقنىڭ ئېغىزىدا " ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە توپلانمىغان، پەقەت كېيىنكى يۈز يىلنىڭ بېشىدا، ئەمەۋىيلەر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ زامانىدا توپلانغان" دېيىدىغان مەشھۇر سۆز بار. بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى سۈننەت ياكى (ھەدىس)لەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا توپلىنىشقا باشلىغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا بەزى ساھابىلارنىڭ كىچىك ھەجىملىك ھەدىس توپلاملىرى مەيدانغا كەلگەن.

## سۈننەتنى يېزىشقا بۇيرۇغان ھەدىسلەر ۋە توسقان ھەدىسلەر

1653. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىشتىن توسقانلىقى راستمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋۋالدا سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇشتىن توسقانلىقى راست. شۇنداقلا كېيىنچە ئۇنى يېزىپ قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقى، ھەتتا بۇيرىغانلىقىمۇ راست.

بۇ ماۋزۇنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى 3 ماۋزۇ ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى يېزىشتىن توسقانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى يېزىشقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر.

(3) يۇقىرىقى قارىمۇقارشى ھەدىسلەرنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىش مەسىلىسى.

1654. سوئال: سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇش مەنئى قىلىنغان ھەدىسلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇش مەنئى قىلىنغان ھەدىسلەر تۆۋەندىكىلەر:

---

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(1) ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى يازماڭلار، قۇرئاندىن باشقىسىنى يازغانلار يازغانلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىسۇن، مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى سۆزلىسەڭلار بولىدۇ، كىمكى مېنىڭ نامىمدىن يالغان ھەدىسنى توقۇيدىكەن، ئورنىنى دوزاختىن ئايرىسۇن»[1] دېگەن.

(2) ئەبۇداۋۇد ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ھەنتەبدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭدا، مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن زەيد ئىبنى سابىت مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كىرىۋىدى، مۇئاۋىيە ئۇنىڭدىن ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. زەيد ئىبنى سابىت مۇئاۋىيەگە:" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ھەدىسلەرنى يازماسلىققا بۇيرىغان دېدى"»[2].

1655. سوئال: سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرىغان ھەدىسلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرىغان ھەدىسلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئەبۇداۋۇد «سۈنەن» ناملىق ئەسەرىدە ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى يېزىپ قالدۇراتتىم، قۇرەيش جامائەسى مېنى ھەدىسلەرنى يېزىشتىن توسۇپ، "سەن ئاڭلىغان نەرسەڭنىڭ ھەممىسىنى يازامسەن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىنسان، ئۇ خوشاللىق ۋە غەزەپلىك ھاللىرىدىمۇ سۆزلەيدۇ ئەمەسمۇ؟" دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەدىسلەرنى يېزىشنى توختاتتىم. بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ق،لىنىڭ بارمىقى بىلەن ئېغىزىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:"يېزىۋەرگىن! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، بۇ ئېغىزدىن ھەققەتتىن باشقىسى چىقمايدۇ" دېدى»[3].

(2) ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەككە فەتھى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر مەزگىل تۇردى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلاپ:" ئاللاھ مەككىنى فىل ئېگىلىرىنىڭ

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھ» ناملىق توپلىمى4-توم، 2298-بەت، 3004-ھەدىس.

(2) ئەبۇداۋۇدنىڭ«سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى4-توم،61-بەت، 3647-ھەدىس.

(3) ئەبۇداۋۇدنىڭ«سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى4-توم،60-بەت، 3646-ھەدىس.

زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى، ئۇنىڭغا پەيغەمبىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئىگە قىلدى، مەككىدە ئۇرۇش قىلىش مەندىن بۇرۇنقىلارغا ۋە كېيىنكىلەرگىمۇ جائىز ئەمەس، پەقەت ماڭا كۈندۈزدىن بىر سائەتلا رۇخسەت قىلىندى. مەككىگە كىرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئوۋلىرىنى ئوۋلىمىسۇن، دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى ئۇشتىمىسۇن، ئۇچرىغان نەرسىنى ئالمىسۇن، بىرەر كىشىسى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم قاتىلدىن قىساس ئېلىش ياكى فىدىيە (مادديى تۆلەم) ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشتا ئەركىندۇر"دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاbbas ئورنىدىن تۇرۇپ:" يارەسۇلەللاھ! ئەزخەر (خۇشپۇراقلىق بىر خىل يۇپۇرماق)نى ئالساق بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇنى بىز ئۆيلىرىمىزگە ۋە قەبرىلىرىمىزگە ئىشلىتىمىز"دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "پەقەت ئەزخەرنى ئالساڭلار بولىدۇ"دېدى. شۇ ۋاقىتتا يەمەنلىك ئەبۇشاھ دېگەن ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، "يارەسۇلەللاھ! بۇ تەلىماتلىرىڭىزنى ماڭا يېزىپ بەرگەن بېرىشىڭلارنى سورايمەن" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاتىبلىرىغا "ئەبۇشاھقا يېزىپ بېرىڭلار"دەپ بۇيرىغان»[1].

1656. سوئال: سۈننەتنى يېزىشتىن توسقان ھەدىسلەر بىلەن يېزىشقا بۇيرىغان ھەدىسلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىشتىن توسقان ھەدىسلار بىلەن يېزىشقا بۇيرىغان ھەدىسلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەنگەن ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاشتۇرۇپ ئورتاق مەنىگە ئېرىشكەن. ھافىز ئىبنى ھەجەر«فەتھۇلبارى» ناملىق ئەسەرىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەندىن قۇرئان كەرىمدىن باشقىسىنى يازماڭلار» دېگەنلىكى قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسلەرنى بىرگە توپلاشتىن مەنئى قىلغانلىقى بولۇپ، ئىككىسىنى ئايرىم-ئايرىم يېزىپ قالدۇرۇشتىن توسقانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشتىن توسقانلىقى ھەدىسنى يادلىماستىن يېزىشقىلا كۈيە قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشتىن توسقانلىقى قۇرئان كەرىم نازىل بولىۋاتقان ۋاقىتلارغىلا خاستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن

---

(1) «سەھىھۇلبۇخارى» 2434-ھەدىس، «فەتھۇلبارى»نىڭ 5-توم،109-بېتى.

ئەنسىرەيتتى.

(4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشتىن توسقان ھەدىسى ئۇنى يېزىشقا رۇخسەت قىلغان ھەدىستىن بۇرۇنقى ھەدىستۇر. ئەلۋەتتە كېيىنكى ھەدىس بۇرۇنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ[1].

**دەسلەپتە سۈننەتنى يېزىشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبى**

1657. سوئال: ئاۋۋالدا سۈننەتنى يېزىش نېمە ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىسلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، قۇرئان كەرىمگە كۆڭۈل بۆلمەي قېلىشى ۋە بەزىلىرىنىڭ ھەدىسلەرنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ھەدىسلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ۋە ئۇنى يېزىشتىن توسقان ۋە قۇرئان كەرىم بىلەنلا مەشغۇل بولۇشقا بۇيرىغان.

كېيىنچە كىشىلەرنىڭ دىنىي سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ھەتتا ئاۋام خەلقمۇ قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقىنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىيالايدىغان ۋەزىيەتكە كەلگەن، قۇرئان كەرىمنى قويۇپ ھەدىسكىلا بېرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىدىن ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ھەدىسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش خەۋپىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرىغان.

1658. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازدۇرغان ھەدىسلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازدۇرۇپ قالدۇرغان ھەدىسلەر ئۇنىڭ ھەر قايسى شەھەرلەرگە تەيىنلىگەن ۋالىيلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) زاكات ۋە دىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە يازدۇرغان مەكتۇبى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ۋاپاتىدىن ئازراق ۋاقىت ئىلگىرى يازدۇرغان. ئۇنى ئىمام بۇخارى ھەدىس توپلىمىنىڭ «زاكات» بۆلۈمىدە بايان قىلغان.

(2) ئەمر ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازدۇرغان مەكتۇبى بولۇپ، ئۇنى ئىمام بەيھەقى «دلائىل ئەننۇبۇۋۋە» يەنى (پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى» ناملىق ئەسەرىدە بايان قىلغان.

(3) ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئەۋەتكەن مەكتۇبلىرى بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

---

(1) فەتھۇلبارى1-توم277-بەت

(4) كۈپپىارلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملىرىدە يازغانلىرى بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

**ساھابىلار زامانىدا يېزىلغان ھەدىس توپلاملىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەتنى يېزىپ قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ۋە بەزى ساھابىلارغا يېزىشنى بۇيرىغاندىن كېيىن، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى يېزىپ خاتىرىلەش ۋە بىلىمگەنلەر بىلگەنلەردىن سوراپ توپلاش ئىشلىرىغا زور قىزىقارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. شۇنداق قىلىپ كۆپلىگەن ساھابىلارنىڭ كىچىك ھەجىملىك بولسىمۇ ھەدىس تولاملىرى مەيدانغا كەلگەن.

بولۇپمۇ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرى بىلەن نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىپ ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى سەتىرلەردە (كىتاب ئىچىدە) ھەم قەلبلەردە (قارىيلارنىڭ دىللىرىدا) مەھكەم ساقلانغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ۋە ھەدىس بىلىدىغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ توپلاش ئىشلىرى ساھابىلار ئارىسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن.

1659. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھەدىس توپلاملىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس توپلىمى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل«مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمىغا ئۇلاردىن كۆپ قىسمىنى كىرگۈزگەن.

(2) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ھەجىملىك ھەدىس توپلىمى بولۇپ، ئىمام بۇخارى «الجامع الصحيح» ناملىق دۇنياچە مەشھۇر ھەدىس توپلىمىنىڭ «ئىلىمنى يېزىپ قالدۇرۇش» دېگەن بۆلۈمدە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ھەدىس توپلىمىدىن «دىيەت ۋە ئەسىرلەر توغرىسىدىكى ئەھكاملار» قىسمىنى بايان قىلغان.

(3) سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس توپلىمى بولۇپ، ئىمام تىرمىزى«سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمىدا، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان.

(4) سەمرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باللىرىغا يېزىپ قالدۇرغان

ھەدىس توپلىمى بولۇپ، ئىمام بۇخارى «الجامع الصحيح» ناملىق دۇنياچە مەشھۇر ھەدىس توپلىمىنىڭ «ئىلمنى يېزىپ قالدۇرۇش» دېگەن بۆلۈمىدە، ئۇنىڭ بەزى ھەدىسلىرىنى بايان قىلغان.

(5) ئەبۇ رافى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس توپلىمى بولۇپ، نامازغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردىن تەركىب تاپقان.

(6) جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس توپلىمى.

(7) مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيەگە يېزىپ بەرگەن ھەدىسلەر.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئوچۇقلاندىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا يېزىلىپ، توپلىنىشقا باشلىغان.

يۇقىرىقىلار ھىجرىيە 1. ئەسىردىلا توپلىنىپ بولغان ھەدىس توپلاملىرىدۇر.

## سۈننەتنىڭ ھىجرىيە 2.ئەسىردە رەسمى توپلىنىشى

1660. سوئال: ھىجرىيە2. ئەسىردە ھەدىسلەر قايسى تەرىقىدە توپلانغان؟

جاۋاب: ئەمەۋىيلەرنىڭ7. خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز(717.720م)نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە، ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى توپلاش ھەرىكىتى جانلىنىپ كەتكەن. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، كاتتا ئۆلىمالارنى ۋەزىپىلەندۈرگەن. ھەتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ جايدىكى ئۆلىمالارنى ھەدىسلەرنى توپلاشقا ئەمر قىلغان. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنە ئۆلىمالىرىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىپ توپلاڭلار، مەن ھەدىس بىلىدىغانلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن بۇ ئىلىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزدىن قورقىۋاتىمەن»[(1)].

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلىنىپ، چوڭ ھەجىملىك رەسمىي ھەدىس توپلاملىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان.

1661. سوئال: ھەدىسلارنى تۇنجى قېتىم كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن ئالىم كىم؟

جاۋاب: ھەدىسلارنى تۇنجى قېتىم كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن ئالىم ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ھەدىسشۇناس مۇھەممەد ئىبنى شىھاب ئەل زۇھرىي (م670. 741) دېگەن كىشىدۇر. بۇ كىشى «تابىئىين» (ساھابىلارنى كۆرگەن ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) قاتارىدىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىم ساھابىلاردىن ئەنەس

---

(1) دارمى ھەدىس توپلىمى 1.توم، 126.بەت

ئىبنىي مالىكتا ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئۆلىمالىرىدا ئوقۇغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 2200 ھەدىسىنى يادلىغان ۋە يېزىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

## ھىجرىيە 3- ئەسىردىكى ھەدىس توپلاش دولقۇنى

1662. سوئال: ھىجرىيە 3- ئەسىردىكى ھەدىس توپلاش دولقۇنى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ھىجرىيە 3- ئەسىر (مىلادىيە8-ئەسىر) ھەدىسلەرنى توپلاپ دىۋان قىلىش ئىشلىرى ئەڭ زور ئەۋج ئالغان ئەسىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاش ھەرىكىتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە توپلانغان ھەدىسلەر، ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە تابىئىن (ساھابىلارنى كۆرگەن ئىككىنچى ئەۋلاد) ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلىپ كەلگەن بولسا، بۇ ئەسىرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ھەدىسلەرنى توپلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئايرىم، ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئايرىم ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرىنى ئايرىم قىلىپ يېزىشتىن ئىبارەت بولغان.

1663. سوئال: ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىردىكى ھەدىس توپلاش ئۇسۇللىرى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىردىكى ھەدىس توپلاش ئۇسۇللىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلغا ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

### بىرىنچى ئۇسۇل:

بۇ ئۇسۇل ھەدىسلەرنى رىۋايەت زەنجىرلىرى بىلەن بىرگە توپلاش يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ھەر بىر ساھابىنىڭ تەرجىمھالىنى ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس بىلەن بىرگە يېزىپ مېڭىش، ھەسلەرنى سەھىھ ياكى زەئىپ دەپ ئايرىماستىن، رىۋايەت قىلىنغان پېتى خاتىرىلەش، ھەدىسلەرنى بۆلۈملەرگە ۋە ماۋزۇلارغا ئايرىماستىن يېزىپ توپلاشتىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: ناماز ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى ھەج ياكى زاكات ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بىلەن بىرگە، روزا ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى سودا-سېتىق ئەھكاملىرى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بىلەن بىرگە توپلىغانغا ئوخشاش. بۇ خىل ئۇسۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ساقلاپ بېرىش رولىغا ئىگە بولسىمۇ، ئىزدىگەن ھەدىسلەرنى تېپىش قىيىن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توپلانغان ھەدىسلەر سەھىھ ياكى زەئىپ دەپ ئايرىلمىغانلىقتىن، ئۆلىمالاردىن باشقىلارنىڭ بۇ ھەدىسلەردىن پايدىلىنىشى قىيىن

ئىدى.

1664. سوئال: يۇقىرىقى ئۇسۇلدا توپلانغان ھەدىس توپلاملىرى قايسىلار؟

جاۋاب: بۇ ئۇسۇلدا توپلانغان ھەدىس توپلاملىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەبۇداۋۇد تىيالىسىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى (ھ204ـ819م).

(2) ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ«مسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى (ھ235ـ849م).

(3) ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ«مۇسنەد ناملىق ھەدىس روپلىمى (ھ241ـ855م).

**ئىككىنچى ئۇسۇل:**

بۇ ئۇسۇل ھەدىسلەرنى فىقھىي بۆلۈملەرگە ئايرىپ، ھەر بىر ماۋزۇدا كەلگەن ھەدىسلەرنى شۇ ماۋزۇغا كىرگۈزۈش، ئاندىن ئۇلارنى مۇناسىپ بۆلۈملەرگە بۆلۈشتىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: ناماز ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى «ناماز كىتابى» دېگەن بۆلۈمگە توپلاپ، ئۇنىڭدىن يەنە «بەش ۋاخ ناماز بابى»، «ئىككى ھېيت نامىزى بابى»، «تەراۋىھ نامىزى بابى» دەپ ماۋزۇلارغا ئايرىغانغا ئوخشاش.

1665. سوئال: بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەدىس توپلىغان ھەدىسشۇناسلار كىملەر؟

جاۋاب: بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەدىس توپلىغان ھەدىسشۇناسلاردىن ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىمغا ئوخشاش ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت «سەھىھ» ھەدىسلەرنىلا توپلىغانلىرىمۇ ۋە ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائىي، ئىبنى ماجىلەرگە ئوخشاش ھەدىسلەرنى «سەھىھ» ۋە «زەئىپ» دەپ تۈرلەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلىغانلىرىمۇ بار[1].

(1) خەتىب ئەل بەغدادىينىڭ «تەقيىد ئەل ئىلم» ناملىق ئەسەرى 29ـ36ـبەتلەر، دوكتۇر نۇرىددىن ئەترنىڭ«مەنھەجۇننەقد فى ئۇلۇمىل ھەدىس» ناملىق ئەسەرى 39ـ63ـبەتلەر.

## سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى ئورنى

1666. سوئال: سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا قانداق ئورنى بار؟

جاۋاب: سۈننەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر. بۇنىڭدا قەدىمدىن ھازىرغىچە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس دەلىللىرى بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋە دىن ھەم دۇنيالىق ئىشلاردا ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى دەستۇر قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى تەكىتلىگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.

كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار [1].

ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈزلىكىنى تەكىتلىگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭ يولۇمغا ۋە توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرى بولغان خەلىپىلىرىمنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن چىڭ تۇتۇڭلار، مېنىڭ يولۇمغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى دىن نامى بىلەن پەيدا قىلىۋېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار. چۈنكى دىندا پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق يېڭىلىق بىدئەتتۇر. بىدئەتنىڭ ھەر قاندىقى ئازغۇنلۇقتۇر»[3].

---

(1) ھەشر سۈرىسى7-ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى65-ئايەت

(3) ئەبۇداۋۇدنىڭ«سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى 5-توم،13-بەت، 4607-ھەدىس.

## سۈننەتكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى

1667. سوئال: قۇرئان كەرىمنىلا تۇتۇپ سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك توغرىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئىككىسى ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر دەستۇرلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملارنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتكە ئېھتىياج زور. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىلا تۇتۇپ، سۈننەتنى تەرك ئېتىش توغرا ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىلا تۇتۇپ، سۈننەتنى تەرك ئېتىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىپ سىلەردىن بىرىڭلار ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مەن بۇيرىغان ياكى توسقان ئىشلاردىن بىرەرسى توغرۇلۇق "بىلمەيمىز، بىز ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن تاپقانلىرىمىزغا ئەگەشتۇق "دېمىسۇن»[1].

سۈننەتمۇ مەنە جەھەتتە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى ئىنتايىن مۇستەھكەم، چەمبەرچاس باغلىنىشتۇر. چۈنكى سۈننەت قۇرئان كەرىمنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن كەلگەن يېگانە مەنبەدۇر. سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىكى مۇتلەق ھۆكۈملەرنى قەيتلىك قىلىدىغان، ئومۇملىرىنى خاس قىلىدىغان، مۇجمەللىرىنى ئوچۇقلايدىغان ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىردىنبىر مەنبەدۇر. سۈننەت يەنە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنمىغان كۆپلىگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوچۇقلىشى

(1) سۈننەتنىڭ مۇجمەل ئايەتلەرنى ئوچۇقلىشى

قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن مەنىسى مۇجمەل ئايەتلەر كەلگەن بولۇپ، سۈننەت ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئوچۇقلىغان. بۇ قۇرئان كەرىمدە ناماز. روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەھكاملارنىڭ مۇجمەل ھالدا كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنى سۈننەتنىڭ ئوچۇقلىغانلىقىغا ئوخشاش.

مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە: شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى. [٢] دېگەن بولسىمۇ، ناماز ۋاقىتلىرى، ئوقۇلۇش ئۇسۇلى، رەكئەتلىرى ۋە

(1) ئەبۇداۋۇدنىڭ«سۈنەن»ناملىق ھەدىس توپلىمى5-توم،12-بەت، 4605-ھەدىس.

(2) نىسا سۈرىسى103-ئايەت

نامازلارنىڭ سانى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنمىغان. بۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەتلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۆگەتكەن. مۇندىن باشقا كۆپلىگەن قۇرئان كەرىم ئەھكاملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى بىلەنلا ئوچۇقلۇققا ئېرىشكەن.

(2) سۈننەتنىڭ مۇتلەق ھوكۇملەرنى خاسلىققا ئېگە قىلىشى

قۇرئان كەرىمدە: ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار [1] دەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوغرىنىڭ قولى نەدىن كېسىلىدۇ ۋە ئىككى قولىنىڭ ھەممىسىمۇ ياكى بىرسىمۇ دېگەنلەرنى سۈننەت بەلگىلەپ، ئوغرىنىڭ بىر قولىنى بەتىگىدىن كېسىشنى قارار قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئوغرىنى مەھكىمىگە ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا شاپائەتچى بولۇپ، قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تىرىشىڭلار، مەھكىمىگە بارغاندا ھاكىم (قازى) ئۇنى كەچۈرىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىۋەتمەيدۇ، ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىسا ئۇنى بەتىگىدىن كېسىڭلار»[2].

(3) سۈننەتنىڭ ئومۇمىيلىقتىن خاس ھۆكۈملەرنى چىقىرىشى

قۇرئان كەرىمدە: ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ. [3]دېيىش ئارقىلىق مىراس ئېلىش ھەققىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپنى بايان قىلغان بولسىمۇ، بالىلاردىن كىملەرنىڭ مىراستىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان. سۈننەت ئاتا-ئانىسىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى مىراستىن مەھرۇم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «قاتىل مىراس ئالالمايدۇ»[4] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، قويۇپ كەتكەنلىرىمىز سەدىقىدۇر»[5] دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلەردىن قالغان نەرسىلەرنىڭ مىراس قىلىپ تارقىتىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

(4) سۈننەتنىڭ مۇجمەل ئايەتلەرنى ئوچۇقلىشى

---

(1) مائىدە سۈرىسى38-ئايەت

(2) دارا قۇتنىينىڭ«سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى3-توم،205-ھەدىس. زەئىپ دېيىلگەن ھەدىس.

(3) نىسا سۈرىسى11-ئايەت

(4) تىرمىزىنىڭ «سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى2-توم،215-بەت، 1713-ھەدىس، سەھىھ دېيىلگەن ھەدىس.

(5) «سەھىھۇلبۇخارى» 4036-ھەدىس، «فەتھۇلبارى»نىڭ7-توم،426-بەت.

قۇرئان كەرىمنىڭ: ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. [1]دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ساھابىلارغا بۇ ئايەت ئېغىر كېلىپ، «قايسىمىز زۇلۇم قىلمايمىز؟» دېيىشكەن ۋە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتىكى «زۇلۇم» سۆزىدىن لۇقمان سۈرىسىدىكى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇم (ھەقسىزلىقدۇر) [2]، دېگەن ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان شېرىك مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان.

(5) سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن ھۆكۈملەرنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن كۆپلىگەن مۇستەقىل ھۆكۈملەر كەلگەن.

## سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن شەرئىيەت ئەھكاملىرى[3]

1668. سوئال: سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئاھكاملارنىڭ ئۆرنەكلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن بولسىمۇ، سۈننەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن شەرئىيەت ھۆكۈملىرىنىڭ بەزى مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئايالنى ئۇنىڭ تاغا-ئاچىلىرى بىلەن بىر نىكاھتا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى.

(2) ئېشەك گۆشىنىڭ ۋە ھەر قانداق مەرگەن چىشلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن يىرتقۇچ تىرنىقى بار قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھاراملىقى.

(3) رامىزان كۈندۈزىدە بىلىپ تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان كىشىگە كاپارەت كېلىدىغانلىقى.

(4) بەدەنگە نەقىش ئويۇشنىڭ ھاراملىقى ۋە مۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى.

مۇندىن باشقا كۆپلىگەن شەرئىيەت ئەھكاملىرى سۈننەت يولى بىلەن بەلگىلەنگەن[4].

---

(1) ئەنئام سۈرىسى82-ئايەت

(2) لۇقمان سۈرىسى13-ئايەت

(3) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر رىزا مۇھەممەد سەفىيۇددىن ئەل سەنۇسىينىڭ«محاضرات في الثقافة الإسلامية» (ئىسلام ھازارىتى ھەققىدە لېكسىيە)ناملىق ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

(4) دوكتۇر مۇستافا سىبائىنىڭ«السنة ومكانتها في التشريع الإسلامي» ناملىق ئەسەرى 376-393-بەتلەر.

# سۈننەت مۆجىزىلىرى

## سۈننەت مۆجىزىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسلۇبى

1669. سوئال: سۈننەتنىڭ مۆجىزىسى دېگەن قايسى؟

جاۋاب: سۈننەتنىڭ مۆجىزىلىرى سۈننەتنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش، تەربىيە ئۇسۇلى، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىدىكى گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ھەدىس تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشى، ھەدىسلەردىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر قاتارلىق بىر قانچە تەرەپتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، سۈننەتتىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر ۋە ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىلىرى قاتارلىق ماۋزۇلاردا تەپسىلى توختىلىمىز.

1670. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: ھېچكىم شەك قىلمايدىغان ھەقىقەتكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئاللاھقا تۇتاشقان قەلبلەرنى گۈللەندۈرۈش، تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرەكلەرنى يۇمشىتىش، ئاڭلىغۇچىلارغا ھۇزۇر-ھالاۋەت بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزدىن چىققان ھەر بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ھۇزۇرى قەلب بولغان ھالدا (كۆڭۈل بېرىپ) ئاڭلىغىنىڭىزدا ياكى ئوقۇغىنىڭىزدا، گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندەك ياكى روھىي ئالەملەرگە كىرىپ كەتكەندەك بولىسىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنىۋىيات ئالەمنىڭ يېگانە رەھبىرى بولغاندەك، ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرىگە ئىگە زات ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا «جەۋامىئۇل كەلىم» (لەۋزى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر بايان)نى بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ماڭا جەۋامىئۇل كەلىم بېرىلدى»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى تەكەللۇپتىن خالىي، مەنىسى ئېنىق، لەۋزى قىسقا، سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، تەسۋىرلەش، تەبىرلەش ۋە ئىخچاملاشتا ئەدەبىيات ۋە

(1) «سەھىھۇلبۇخارى»7013-ھەدىس، «فەتھۇلبارى»12-توم،496-بەت.

ئىستىلىستىكا ئېگىلىرىنى ھەيران قالدۇرارلىق شەكىلدە ئۈستۈن ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ئەدەبىياتتىن زەۋقى بار ھەر قانداق كىشى قايىل بولۇپ كەلمەكتە. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب، يۇنان ۋە پارس مىللىتىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىرلىرى بىلەن ئەدىبلىرىنى قايىل قىلىپ، باش ئەگدۈرگەن ھەقىقەت بۇ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەندە، ھەممە كىشى ئاڭلاپ چۈشىنىدىغان شەكىلدە، ھەر بىر جۈملە ئۈتتۈرىسىدا توختاپ-توختاپ، ئېنىق ۋە ئوچۇق سۆزلەيتتى. بەزى مۇھىم سۆزلەرنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ تەكىتلەيتتى. ئۆزى سۆزلەۋاتقان سۆزلەردىن قاتتىق تەسىرلىنەتتى، بۇ تەسىرات ئۇنىڭ مۇبارەك چىرايىدا مەلۇم بولاتتى. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نوتۇق سۆزلىگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى يۇقىرى كۆتىرىلەتتى، خۇددى ئەسكەرلەرنى يېتىپ كەلگەن دۈشمەندىن ئاگاھلاندۇرىۋاتقان قوماندانىدەك جىددىي سۆزلەيتتى»[1].

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى ھەرىكەتلىرى بىلەن ۋە ئىشارەتلىرىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشتا، غەپلەتتە قالغانلارنى ۋە دىققەتسىزلەرنى ئويغىتىشتا ناھايىتى زور تەسىرى بار ئىدى. تەقۋالىقنى چۈشەندۈرۈشتە «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دەپ كۆكسىگە ئىشارەت قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ يېتىمنى باققان كىشى بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتە ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئىشارەت بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكى بۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

شۇڭا ھەدىسىنىڭ مەنىسى ئىنسان قەلبىنىڭ ئىچكىرى قىسمى تەسىر قىلىدۇ، ھەتتا بىرەر ھەدىس بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇنى باشقا بىر ئىنسان قىلىشقا يېتەرلىك. مۇنۇ ھەدىسنى ئوقۇغىنىڭىزدا، بۇ ئېيتقانلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلايسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە سورالغىنىدا: «ياخشىلىق- ياخشى خۇلقتۇر، يامانلىق- كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمايدىغان نەرسىدۇر»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەقىقەتەن كاتتا مەنە ۋە ئىنتايىن تۇغرا دىئاگنوز بولۇپ، ئىنسان ھاياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ تەلىماتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى

---

(1) سەھىھ مۇسلىم 2-توم، 592-بەت، 868-ھەدىس.

(2) سەھىھ مۇسلىم 4-توم، 1980-بەت، 2553-ھەدىس.

شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر زامان ۋە ماكاندىكى پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىغا قارىتىلغان ۋە پەزىلەتلىك بىر ھاياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئومۇمىي پرىنسىپتۇر. چۈنكى ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى!

1671. سوئال: سۈننەتنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى دېگەن قايسىلار؟

جاۋاب: سۈننەتنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرىدىن مەقسەت- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ۋە تەجرىبە ئىلمى راستلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەردۇر.

1672. سوئال: زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىمىز بولۇش شەرەپىگە نائىل بولغانلار ئۇنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپلىگە مۆجىزىلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بولسا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ھەر بىر ئەسىردە شۇ ئەسىر ئىنسانلىرىنىڭ ئەقلىگە مۇناسىپ شەكىلدە كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كەلدى.

ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ھېچقانداق نەرسىگە ئىلمىنىڭ دالالەتلىرىگە ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە باش ئەگكەندەك باش ئەگمەيدۇ. ئۇلارنى ئىلمىي ھەقىقەتلا قايىل قىلالايدۇ. ئىلمىي مۆجىزىلەر ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ھەر قانداق ئادەمگە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئوچۇق ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تەقدىم قىلىشقا قادىردۇر.

# ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەر

## ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنىڭ بەزى مىساللىرى

1673. سوئال: ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ھەدىسلەردىكى ئىلمىي مۆجىزىلەرنىڭ بەزى مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سىيادان مېيىنىڭ شىپالىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىيادانىدا ئۆلۈمدىن باشقا ھەر قانداق كېسەل ئۈچۈن شىپا باردۇر»[1].

ئىلمىي تەجرىبىلەر سىيادانىڭ ئىنسان ئورگانلىرىنىڭ مىكروبلىنىشتىن ۋە كېسەللىكتىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان تەبىئىي دورا ئىكەنلىكىنى، راك، ئەيدىز قاتارلىق خەتەرلىك ئاغرىقلارنى داۋالاشتا ئەھمىيىتى زور ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا سىيادانىنىڭ نەپەسلىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، قان ئايلانمىسىنى رەتكە سېلىش ۋە ئۆپكە كېسەللىكنى ساقايتىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خاسىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سىيادان مېيىنى بىر گرامدىن ئىككى گرامغىچە كۈنىگە بىر قېتىمدىن سامساق ياكى پىياز بىلەن بىرگە ئىچىشنىڭ بەدەننىڭ مىكروبلىنىشتىن ۋە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش كۈچىنى تەبىئىي ھالدا ئاشۇرۇشتا پايدىسى زور ئىكەن.

(2) تازىلىق ئۈچۈن ئوڭ قولنى ئىشلىتىشنىڭ سىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تەرەت قىلغىنىڭلاردا ئەۋرىتىڭلارنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تۇتماڭلار، ئىستىنجا قىلغاندا ئوڭ قولۇڭلارنى ئىشلەتمەڭلار، ئىچىۋاتقاندا قاچىغا تىنماڭلار»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئوڭ قولنى يېمەك-ئىچمەكلىكلەرنى تۇتۇش، باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈش قاتارلىق ئىشلارغا، سول قولنى تەرەت قىلغاندا تازىلىنىش، بۇرۇننى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەن. مانابۇ ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بەلگىلەنگەن تىببىي تەلىمات بولۇپ، ھازىرقى زامان

---

(1) «سەھىھۇلبۇخارى» 5688-ھەدىس، «فەتھۇلبارى» 10-توم،176-بەت.

(2) «سەھىھۇلبۇخارى»154 -ھەدىس، «فەتھۇلبارى» 1-توم،337-بەت.

تىببىي تىلىدا«مېدىتسىنالىق ساقلىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى يېمەك-ئىچمەك ئۈچۈن ئۇڭ قولنى، تازىلىق ئۈچۈن سول قولنى ئىشلىتىش مىكروبلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلەرگە، نەپەس ئېلىش ئورگانلىرىغا يېتىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(3) چۈشكۈرگەندە ئېغىز-بۇرۇننى يېپىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر چۈشكۈرگەندە ئىككى ئالقىنىڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى يېپىۋېلىڭلار ۋە ئاۋازىڭلارنى پەسەيتىڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىماتى ھازىرقى زاماندا تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەۋسىيەلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. چۈنكى چۈشكۈرگەن ئادەم كۆپىنچە زۇكامدىن چۈشكۈرىدۇ، چۈشكۈرگەندە ئېغىز- بۇرۇننى ياپمىغاندا، بۇرۇندىن چىققان مىكروب باشقىلارغا تارقايدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن زامانىمىزدىكى دوختۇرلار زۇكام بولغان ئادەمنى چۈشكۈرگىنىدە، ئېغىز- بۇرنىنى ياغلىق ياكى قانداقلا بىر نەرسە بىلەن يېپىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

كۆپ چۈشكۈرۈشنىڭ پەقەت زۇكام سەۋەبىدىن بولىدىغانلىقىنى ھازىرقى زاماندا ئىلىم-پەن سايىسىدا ھەممە ئادەم ياخشى بىلىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇندىن 14ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان، مىكروبلارنى بىلىش ئۈچۈن مىكروسكوپ دېگەنلەر ئىجاد قىلىنمىغان بىر زامانلاردا ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ، يېنىدا بىر قېتىمدىن كۆپ چۈشكۈرگەن بىر ئادەمگە قاراپ: «بۇ ئادەم زۇكام بوپ قاپتۇ»[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر چۈشكۈرگەندە، ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى) دەڭلار»[3].

1674. سوئال: چۈشكۈرگەندە ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇشنىڭ سىرى نېمە؟

جاۋاب: چۈشكۈرۈك ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلەر قاتارىدىن بىر نېمەتتۇر. چۈنكى ئۇ قاتتىق سىلكىنىش ئارقىلىق مېڭىدىن بۇزۇق ھاۋانى بۇرۇن ئارقىلىق چىقىرىۋېتىپ ئورگانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم زۇكام بولغاندا ياكى دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقنى پۇرىغاندا، بۇرۇننىڭ شىلىمشىق پەردىلىرى غىدىقلىنىپ چۈشكۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىماغنى

(1) ئەبۇداۋۇد نىڭ «سۈنەن» ناملىق ھەدىس توپلىمى 5029-ھەدىس، سەھىھ دەپ باھالانغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئالبانىينىڭ «سەھىھۇل جامى» ناملىق ئەسەرىدە سەھىھ دەپ باھالانغان ھەدىس، نومىرى 4130.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

غىدىقلايدىغان پۇراقلار ياكى كېسەل مىكروبلىرى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئـادەم تېنىـدىكى بىر خىل ئۆزىنى قوغداش ئىنكاسى. زۇكامدىن بولمىغـان چۈشـكۈرۈك سـالامەتلىكنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق پايدىلىق بىر نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئـادا قىلغـان ھالـدا، ئـۇنى مەدھـيىلەپ «ئەلھەمـدۇ لىلـلاھ» دېـيىش ئىنسـانى گـۈزەل خىسلەتتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنـى چۈشـكۈرگەندە «ئەلھەمـدۇ لىلـلاھ» دېيىشكە بۇيرىغان.

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام يەنە «بىـراۋ چۈشـكۈرۈپ ئەلھەمـدۇلىللاھ دېسـە، ئـۇنى ئاڭلىغـان ئـادەم يەرھەمـۇكەللاھ (ئـاللاھ سـىزگە رەھـمەت قىلسـۇن)دېسـۇن»[1] دەپ بۇيرىغان.

دېـــمەك، چۈشكۈرۈشـــنىڭ مىكـــروب ســـەۋەبىدىن كېلىـــدىغانلىقىنى، كـــۆپ چۈشكۈرۈشنىڭ زۇكامدىن بولىدىغانلىقىنى، چۈشكۈرگەندە ئىغىز-بۇرۇننى يېپىشـنىڭ باشــقىلارنى قوغــداش يۈزىســدىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنــى، چۈشكۈرۈشــنىڭ ئىنســان ســالامەتلىكى ئۈچــۈن پايــدىلىق بولغــان چــوڭ نــېمەت ئىكەنلىكىنــى مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، ئىلىم-پەن ۋە ھەر قانداق پەن- تېخنىكا قۇراللىرىدىن يىراقتا- سەھرا ھاياتىـدا ئۆمـۈر سۈرگەن بىر ساۋاتسىز زاتنىڭ بىلىشى مۇمكىنمۇ؟

بـۇ ئىلمىـي ھەقىقەتلەرنـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئېغىزىغـا كىـم سـالغان؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سالغان!

شـۇڭا ھەدىسـنى مەنبەسـى ئـاللاھ تائـالادىن، لەۋزى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامدىن كەلگەن ۋەھيى دەيمىز.

(4) زىنا ئەڭ ساقايماس كېسەللەرنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتـدە زىنـا قىلمايدۇ، ئوغرى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھـاراق ئىچكـۈچى مۆمىنلىـك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[2].

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام يەنە مۇنـداق دېـگەن: «قانـداقلا بىـر قەۋمـدە پاھىشـە بولىـدىكەن، ئۇلارغـا ئـۇلاردىن بۇرۇنقىلىرىغـا يەتمـىگەن ئـاغرىقلار يېتىـدۇ»[3] دەپ

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى
(2) سەھىھ مۇسلىم 1-توم، 337-بەت،57-ھەدىس.
(3) تەبەرانىي رىۋايىتى

ئاگاھلاندۇرغان.

ئىسلام دىنىنىڭ زىنا قەتئىي شەكىلدە ھارام قىلىشىدىكى سىرلارنىڭ بىرى، زىنانىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقى جەھەتلەردىن ئىنتايىن زىيانلىق بىر قىلىق بولغانلىقىدىن ئىدى. ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، زىناغا يېقىنلىششتىن تۆرلۈك خەتەرلىك كېسەللىكلەر مەيدانغا كېلىدۇ. زىنا - پاھىشە ئىشلارنى قىلغانلار ھەرخىل ئاغرىقلارغا دۇچار بولىدۇ. شىپاسى يوق ئەڭ ۋەھشىي ئاغرىق «ئېيدىز» كېسىلى بولسا پەقەت زىنا - پاھىشىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

زىنا - شەرەپلىك ئائىلىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان، ئابرويلۇق كىشىلەرنى يەرگە ئۇرىدىغان، شىجائەتلىك كىشىلەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان بىر رەزىل ئىشتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ زىنانى قەتئىي ھارام قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ھازىر تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن ئەسىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنمەكتە. زىنانى چەكلەشنىڭ جەمئىيەتنى ئاغرىق-سىلاقلاردىن ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن ساقلاش ئىكەنلىكىنى ھەركىم ياخشى چۈشىنىپ يەتمەكتە.

(5) ئانا سۈتىدىكى كىچىك جىسىملار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىنداشلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى ھارام بولغاندەك، بىر ئانىنى ئەمگەن ئېمىلدەشلەرنىڭمۇ بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى ھارامدۇر»[1].

ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمى ئىسپاتلىدىكى، ئانىنىڭ سۈتىدە كىچىك جىسىملەرنىڭ بارلىقىنى، بۇۋاق ئانىسىنى ئۈچ قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە ئېمىشى بىلەنلا ئانا سۈتىدىكى بۇ كىچىك جىسىملار بۇۋاققا يۆتكىلىدىكەن. ئانا سۈتىدىكى بۇ كىچىك جىسىملەر بەدەننى مىكروب ۋە ئاغرىقلاردىن ساقلاش رولىنى ئۆتەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىكى ئىرسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ قوبۇل قىلىدىكەن. بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن ئېمىلدەشلەر بىر-بىرىگە ئۆيلەنگەندە، سۈتتىن ئالغان بۇ كىچىك جىسىملەر ئۇلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىشى ئېھتىمال ئىكەن. شۇڭا ئىسلام دىنى ئېمىلدەشلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۆيلىنىشىنى ھارام قىلغان. ۋە ئېمىلدەشلىك سابىت بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز بەش قېتىم قانغۇچە ئەمگەن بولۇشنى شەرت قىلغان.

(1) سەھىھ مۇسلىم2-توم،1068-بەت، 1444-ھەدىس.

# سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى

## سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى*

1675. سوئال: سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىسى ھەققىدە سۆز ئېچىش قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت بەلگىلەشتىكى مۆجىزىلىرىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مۆجىزىلىرىنى بىردىنبىر شەرھلەيدىغان مەنبە سۈننەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە كېلىپ سۈننەت ئۇنى شەرھلىگەن ئۇلۇغ پرىنسىپلار ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ۋە ھەققانىيلىقىنى كەسكىن ئىسپاتلىماقتا. ئىسلام دىنى دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنى تەڭپۇڭلۇق بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان، ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتىگە كاپالەت قىلغان ئۇلۇغۋار دىندۇر.

1676. سوئال: سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىلىرىنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى مۆجىزىلىرىنىڭ بەزى مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھاياتنى قوغداش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ دوزاختا ئۆزىنى تاشلىغان ھالدا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ، كىمكى ئۆزىنى زەھەر ئىچىپ ئۆلتۈرىۋالىدىكەن، ئۇ دوزاختا زەھەر ئىچۋاتقان ھالدا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ، كىمكى ئۆزىنى تىغلىق نەرسە بىلەن كېسىپ ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ دوزاختا ئۆزىنى پىچاقتا تىلىۋاتقان ھالدا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ»[1].

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا ھاياتى قىيىن سىناقلار، بەختسىزلىكلەر ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان بىر ھاياتتۇر. ئىنسان بۇ ھاياتتا نۇرغۇنلىغان خاپىلىقلارغا ۋە بالالارغا ئۇچرايدۇ. لېكىن سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى

---

* مۇھەممەد لۇقمان ئەئزەمىنىڭ «ھەدىسلەرنىڭ تەربىيىۋى خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ئەسەرىدىن پايدىلىنىلدى.

(1) سەھىھ مۇسلىم 10-توم، 303-بەت، 5778-ھەدىس.

ھەمىشە خەيرلىك بولىدۇ. دۇنيادا ياخشىلىقنىڭ يوللىرى تىكەنلەر بىلەن قورشالغان بولىسمۇ، بۇ يولدا ئىزچىل داۋام قىلالىغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتتىن باشقا بولمايدۇ.

بۇ دۇنيانى مەڭگۈلۈك دەپ گۇمان قىلغانلار ياكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ ئاخىرەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ئالەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەنلەر بېشىغا كەلگەن خاپىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر سەۋەبلىك بەختسىزلىكلەرگە تولغان بۇ دۇنيا بىلەن بۇرۇنراق ۋىدالىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خاھىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ياكى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىن بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇ ئىدى.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقنى سەۋرچانلىق بىلەن توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە مۇكەممەل يوللىرىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى تەقدىم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ھەدىسلىرىدە ئىنسان ھاياتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان كۆپلىگەن مۇكەممەل تەلىماتلارنى ئۇچۇز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشتىن توسۇش ۋە مۇنداق قىلغۇچىلارنى مەڭگۈلۈك دوزاخ ئوتى بىلەن تەھدىت قىلىشمۇ بۇ تەلىماتلاردىن بىرىدۇر.

ئىسلام دىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى كەسكىن ھارام قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنى قوغداش يولىدا بارچە قانۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن. چۈنكى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر قانۇن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى جىنايەت دەپ سانىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا چارە-تەدبىر ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن. ئەمما ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ نۇرلۇق شەرىئەتى سايىسىدا، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە بۇ چارە-تەدبىرنى ئاللىبۇرۇن تەقدىم قىلغان. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى غەرب دۆلەتلىرىگە ياكى كوممۇنىست دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خاھىشىنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭغا باشقا دىندىكىلەرمۇ ئىقرار.

(2) مۇسۇلمانلاردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر ئۆز ئارا دوستلۇقتا، مېھرىبانلىقتا ۋە ھېسداشلىقتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ بەدەننىڭ بىرەر ئورگىنى ئاغرىسا باشقا ئورگانلارمۇ ئىسسىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولغىنىغا

ئوخشاشتۇر»[1].

بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم سۈرىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۆزئارا ھۆرمەت-ئېھتىرام، سۆيگۈ-مۇھەببەت، سەممىي قېرىنداشلىق، مېھىر-شەپقەت، ياردەمسۆيەرلىك ئۇستىگە قۇرۇلغان ئۈلگىلىك جەمئىيەت بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدايدىغان، كوللېكتىپنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان مۇستەھكەم پرىنسىپلارغا ئىگىدۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە شەخسىيەتچىلىككە، مەنمەنچىلىككە، ماددىنى ئۈلۈغلاشقا ئورۇن يوق. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھەر قانداق ئېغىز قىيىنچىلىقلىرى ۋە زور سىناقلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى يالغۇز، چارىسىز ھېس قىلمايدۇ، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قىيىنچىلىقلارنى بىرگە ھەل قىلىدىغانلىقىغا، بىر-بىرىگە مەدەتكار بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىس ئارقىلىق ئەڭ كۆپ ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسىنى قىلىدىغان بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىمۇ يېتەلمىگەن ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپىنى ئۈلارنىڭ قامۇسلىرىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئېلان قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن ئىدى.

ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانلىرىدىن مۇھەممەد فاتىھ بىر كۈنى يۇقراچە كىيىنىپ، بازارلارنى ئارىلىغان ۋە بىر ماگىزىنغا كىرىپ، ئۇيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ ماگىزىندىن سېتىۋالماقچى بولغىنىدا، ماگىزىن ئىگىسىنىڭ "بۇ بىرقىسمىنى مەندىن ئالسىڭىزمۇ، قالغانلىرىنى ماۋۇ يېنىمدىكى ماگىزىندىن ئالغايسىز، چۈنكى ئۇ ماگىزىننىڭ ئىگىسى بۈگۈن ئانچە كۆپ سودا قىلالمىدى"دەپ سورىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشنى رەت قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، " ئىستانبۇلغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ، بۇنداق بىر ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئەھلى ئىستانبۇلنى چوقۇم بويسۇندۇرالايدۇ" دېگەن ئىكەن. راست دېگەندەك ئىستانبۇل ئۈلارنىڭ كۈچى بىلەن فەتھى قىلىنغان.

ھازىرقى ئەڭ دېموكراتىك دېيىلگەن دۆلەتلەر ھەق- ھوقۇقلارنى ئىككى خىل تارازىدا تارتىپ ئۆزلىرىگە تولۇق ئېلىپ، باشقىلارغا باشقىچە تارتىپ بېرىۋاتقان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق-ھوقۇق تارازىسى ھەممىشە ۋە ھەركىمگە بىر خىلدۇر. بۇنىڭدا

---

(1) سەھىھ مۇسلىم4-توم،1999-بەت،2586-ھەدىس.

دىن، ئىرق، مىللەت، رەڭ پەرقى يوق.

(3) گۈزەل ئەخلاقلارغا تەرغىپ قىلىش ۋە ناچار قىلىقلاردىن توسۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا-ئانىلارنى قاقشىتىشنى، ئۇلارغا تېگىشلىك بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلماسلىقىڭلارنى، سىلەر ھەققىڭ بولمىغاننى سوراشنى، باللىرىڭلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈشنى قەتئىي ھارام قىلدى. ئاڭلىغانلىكى، سۆزلەرنى قىلىشنى، ئېھتىياج بولمىسىمۇ نەرسە سوراشنى، پۇل-مېلىڭلارنى ئىسراپ يولى بىلەن زايە قىلىشنى يامان كۆردى»[1].

بۇ ھەدىس مۇسۇلماننىڭ ئەخلاق-پەزىلەت پەزىلەتتىن بولغان ئەندىزىسىنى سىزىپ بەرگەن بولۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ قانداق بولىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ نىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادا ياخشىلىق قىلىشقا، ئالدىدا قولنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، كامالىي ئېھتىرام بىلەن خىزمەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەر چوقۇم ئاتا-ئانىلاردۇر. ئۇلارنى رازى قىلىپ زىيان تارتقان ئادەم بولمىغاندەك، ئۇلارنى قاقشىتىپ راۋاج تاپقان ئادەم يوق دۇنيادا. بۇ ھېچكىم رەت قىلالمايدىغان ھەقىقەت!

ئاتا-ئانا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، دۇنيادا بەدەلسىز ياخشىلىق قىلىدىغان، كۆڭلىنى رەنجىتكەن تۇرسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەيدىغان، كېرەك بولسا باللىرى ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلىدىغان، تارتقان جاپالىرىدىن راھەت ھېس قىلىدىغان ئاتا-ئانىدىن باشقا كىم بار دۇنيادا؟

ئىسلام دىنى ئەخلاقنى قانۇن-پرىنسىپلار ئارقىسىدا ئىشقا ئاشىدىغان ئەمەس، بەلكى يۈرەكتىن چىقىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە يېتەرلىك. چۈنكى مۇسۇلمانلاردىكى "ئاللاھ تائالا مېنىڭ جىمى قىلمىشلىرىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا كۆڭلۈمگە كەلتۈرگەن خىياللىرىمنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ" دېگەن ئېتىقاد ھەل قىلغۇچ رولنى ئوينايدۇ

(4) ئىشلەپچىقىرىشقا ئۈندەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىراۋنىڭ قولىغا ئاغامچا ئېلىپ، ئۈچىسىدا ئوتۇن توشىغىنى ئۇنىڭ بىرىدىن نەرسە سورىغىنىدىن ئەۋزەل»[2].

ئىسلام دىنى ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىبادەتتىن سانايدىغان،

(1) «سەھىھۇلبۇخارى» 5975-ھەدىس، «فەتھۇلبارى»10-توم،496-بەت.
(2) «سەھىھۇلبۇخارى» 1470-ھەدىس، «فەتھۇلبارى»3-توم،427-بەت.

تەييارتاپلىقنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرىدىغان ئىلغار دىن. ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغان ئىشلەش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق چارىلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنساننى ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن رىزىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇسى بىلەن ئېچىشنى، پىشانىسىنىڭ تەرى بىلەن ئىشلەپ، كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاندىن يېيىشنى يەقەززا قىلغان. شۇڭا ئىنسان ئىشلەشكە بۇيرۇلغان.

يۇقىرىقى ھەدىس ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىشلەش ئىنساننىڭ پېقىرلىققا قارشى كۈرەش قىلىش قورالىدۇر. خەلقىمىزدىكى«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ھېكمەت بار.

ئىشلەمچان مىللەت تەييارغا ھەييار بولماستىن، پىشانىسىنىڭ تەرى بىلەن ئىشلەپ تاپقانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھۆرمەتلىك، ئۆزى بولسا بەختلىك بولىدۇ. چۈنكى پېقىرلىق خورلۇق، بايلىق ئىززەت.

## قۇرئانچىلارغا رەددىيە

1677. سوئال: قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي دەستۇرى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسگە تايىنىپ سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىبلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى خۇددى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا يۈلىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شۇئارلارنى تۇۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر«باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»لەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز ــ ھەق سۆز. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! سۈننەتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىر ھەدىسنى ئوقۇغىنىدا، "سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال ۋە ئۇنىڭدا ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ" دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغانلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[1].

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتتىن بىھاجەت بولىمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى "قۇرئانچىلارمىز" دەپ ئاتىۋالغۇچىلەر ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. «پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[2] بەلكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرىغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ [3].

ئىبنى ھەزم[4] «ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق ئەسرىدە: «كىمكى بىزگە قۇرئان كەرىم يېتىدۇ، قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز دەيدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىسلام

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

(2) نىسا سۈرىسى 80- ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى 65- ئايەت

(4) ئىبنى ھەزم ـ (384ھ 994م) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاپ يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، جىمقىلىقچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 ـيىلى شەبان ئايىنىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادىيە 1064 ـيىلى 15 ـ ئىيۇل) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجىرىي[1] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم 412- بېتىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كۇپپارلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[2].

## ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

1678. سوئال: ئۇلارنىڭ "ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ" دېگەن دەۋاسىغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ " ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى سەۋەبلىك، ھەدىسقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ" دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسنى، ھەتتا بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەدىس ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

---

(1) ئاجىرىي ــ ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ئابدۇللا ئاجىرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360- يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

(2) «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 2- توم 403- بەت

## سەككىزىنچى بۆلۈم

# ئىسلامىي ئىلىملەر

# ئىسلامىي ئىلىملەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەمرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى كەلگەن ۋەھىي «ئوقۇ» دىن ئىبارەتتۇر. دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئەمرى ئالدى بىلەن زۆرۈر بولغان دىنىي بىلىملەرنى، ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان پۈتۈن بىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جاھالەت يەنى بىلىمسىزلىكتۇر. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىش زۆرۈر بولغان دىنىي ئىلىملەرنى ، ئاندىن ھەرتۈرلۈك پايدىلىق ئىلىملەرنى ئوقۇشى ۋە ئۆگىنىشى پەرزدۇر.

بىز ئىلىم ــ پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئىلىم ــ پەن ئەسىرى دەپ تونۇلغان بۇ ئەسىردە بىلىملىك كىشىلەر ۋە بىلىملىك ئىنسانلاردىن قۇرۇلغان جەمئىيەتلەرنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇش پۇرسىتى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ئالدى بىلەن دىنىمىزدا ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىز بىلەن ئەخلاقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تىرىششىمىز ۋە زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقىمىز لازىم. ھەر تۈرلۈك پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ، ئۆگەنگەن بۇ ئىلىملەرنى تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئىبادەت سانىلىدىغانلىقىنى ئونۇتماسلىقىمىز لازىم.

## ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدىكى مەسىلىلەر

1679. سوئال: ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بىرىنچى چاقىرىقى ۋە قۇرئان كەرىمدىن دەسلەپ چۈشكەن ئايەت «ئوقۇ» ئەمرى بىلەن باشلانغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر ـ ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
1680. سوئال: ئىسلام دىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانغا پەرز بولغان ئىلىم قايسى؟
جاۋاب: ئىسلام دىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىم ئاۋۋال ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئىمان ۋە ئەخلاققا خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە ئىسلامىي ئىلىملەر، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ئىلىملىرى ۋە ھازىرقى ئەسىردە شاخلىنىپ چىققان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىمۇ كىرىدۇ.

### ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھنى تونۇشتۇر

ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھ تائالانى تونۇش ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان كەسكىنلەشكەن بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇماستىن ئۆزلىرىنى تونۇيالمايدۇ، كائىناتنى تېخىمۇ تونۇيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقلۇقىنى بىلگىن دېگەن ئەمرى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.[2]
ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىدا تۇنجى ۋەھيىنىڭ ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) مۇھەممەدسۈرىسى19-ئايەت

نەرسىلەرنى بىلىدۇردى [1] دېگەن ئەمىر بىلەن باشلانغانلىقمۇ، بىلىشنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى بىلىش، ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھ تائالانى نونۇش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

## ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى

1681. سوئال: ئىسلامىي ئىلىملەر دېگەن قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي ئىلىملەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەۋھىد ئىلمى (ئىمان ئاساسلىرى ۋە ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

(2) قۇرئان ۋە سۈننەت ئىلمى

(3) فىقھى ئىلمى (ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى بايان قىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

(4) ئەخلاق ئىلمى.

(5) مۇئامىلە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر.

(6) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر.

(7) تەپسىر ئىلمى.

(8) قىرائەت ۋە تەجۋىد ئىلمى.

(9) ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك جىمى ئىلىملەر.

1682. سوئال: ئىسلامىي ئىلىملەردىن باشقا ئىلىملەرنى ئوقۇشمۇ ئوخشاشلا پەرزمۇ؟

جاۋاب: بىر مۇسۇلماننىڭ كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى تولۇق ئورۇندىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى پەرز ئەيندۇر [2]. ئەمما مەيلى ئىسلامىي ئىلىملەردىن بولسۇن، مەيلى پەننىي ئىلىملەردىن بولسۇن، قايسىبىر پەننى شۇ پەندە مۇتەخەسسىس بولۇش ۋە ئۇنى ئىمان بىلەن ئەخلاققا خىزمەت قىلدۇرۇش نىيىتى بىلەن ئوقۇش پەرز كىفايەدۇر [3].

---

(1) ئەلەق سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر

(2) پەرز ئەيىن - ھەركىم ئۆزى بىۋاستە ئورۇندىمىسا ئادا تاپمايدىغان پەرزدۇر.

(3) پەرز كىفايە- بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئورۇندىشى بىلەن ئورۇندىمىغانلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرزدۇر.

# ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ھەققىدە

## تەۋھىد ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1683. سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر.

1684. سوئال: تەۋھىد ئىلمى دېگەن قانداق ئىلىم؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمى- ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىنى ئىسپاتلاش يولىدا ئەقلى ۋە نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلىمدۇر. تەۋھىد ئىلمى«ئىلمى كالام» ۋە «ئىلمى ئەقائىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1685. سوئال: تەۋھىد ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ياخشى ـ يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت 6 ئىماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1686. سوئال: تەۋھىد ئىلمىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى قانداق؟

جاۋاب: ھەر قانداق ئىلىمنىڭ شان ـ شەرىپى شۇ ئىلىم تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە شان ـ شەرىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەۋھىد ئىلمىنىڭ يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىدىندۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى، توغرا يول تېپىشقا يېتەكچى بولغان پەيغەمبىرىنى تونۇشتىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى مەقسەت، غايىنى بىلىشتىن مۇھىم نەرسە بولمايدۇ. شۇڭا تەۋھىد ئىلمى ئىسلامىي ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق ۋە ئەڭ مۇھىم ئىلىمدۇر.

## تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى

1687. سوئال: تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد 3 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) تەۋھىد رۇبۇبىيە.

(2) تەۋھىد ئۇبۇدىيە (ئۇلۇھىيە).

(3) تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات.

1688. سوئال: تەۋھىد رۇبۇبىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد رۇبۇبىيە ـ ھەممىنى ياراتقۇچى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە ئۇ، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ) [1].

1689. سوئال: تەۋھىد ئۇلۇھىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۇلۇھىيە ـ ئەمەل، ئىبادەتلەرنى بىر ئاللاھقىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان سۆزىدە، ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھمەن. مەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. يالغۇز ماڭا ئىبادەت قىلغىن [2].

1690. سوئال: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات ـ ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋەئېسىل سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق، شۇنداقلا ئاللاھنى ھېچ بىر شەيئىگە ئوخشاتماسلىق دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر [3].

1691. سوئال: تەۋھىدنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىدنىڭ پايدىسى ـ بۇ دۇنيادا توغرا يول تېپىش، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەتكە كىرىش بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا شېرىك ئەقىدىسىنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [4].

1692. سوئال: تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئىمان ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇل تېمىدۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت

(2) تاھا سۈرىسى 14 ـ ئايەت

(3) شۇرا سۈرىسى 11 ـ ئايەت

(4) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت

تەۋھىدكە چاقىرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋىتىمۇ پەقەت كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە»مەنىدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، دەپ ۋەھيى قىلدۇق[1].

تەۋھىدسىز ئېيتىلغان ئىمان ۋە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ! تەۋھىدنىڭ ئەكسى شېرىكتۇر.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت

# بىدئەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1693. سوئال: بىدئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بىدئەت ـ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن، يېڭىلىقلارنى ئىجاد، ئىختىرا ۋە پەيدا قىلىش دېمەكتۇر.

يېڭىلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، زامانىمىزدىكى پەن ــ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا ئوخشاش، دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلىش ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلاردىندۇر.

ئىككىنچىسى، دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىش بولۇپ، ئۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، دىن ئۆز ۋاقتىدىلا تاكامۇللىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھېچقانداق يېڭىلىق ياكى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر كامالەتتۇر. چۈنكى كامالغا يەتكەن نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بىدئەت پەيدا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ: «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزغا، ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ!»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

**دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر**

1694. سوئال: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىسى، سۆز ۋە ئېتىقادتىكى بىدئەتلەر بولۇپ، ئىسلامدىكى ئازغۇن مەزھەبلەردىن: باھائىيە، جەھمىيە، رافىزە، خاۋارىج قاتارلىق ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ، شۇنداقلا بەزى شىئەلەرنىڭ ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىكى بىدئەتلەردۇر.

ئىككىنچى تۈردىكىسى، ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەمەل ــ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر بولۇپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يوسۇندا ئادا قىلماسلىق ياكى يېڭى ئىبادەت سىستېمىلىرىنى بەلگىلىۋېلىشقا ئوخشىغان بىدئەتلەردۇر. بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

بولۇپ، بۇ خىلدىكى بىدئەتلەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەسلى بۇيرۇلغان مەلۇم بىر ئىبادەتكە، شەرىئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، يېڭى ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلىۋېلىش.

(2) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە بىر نەرسىلەرنى زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش.

(3) ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان شەكىل ۋە قائىدە ـ سىستېمىسى بويىچە ئادا قىلماستىن، يېڭىچە شەكىل ۋە قائىدە ـ تەرتىبلەرنى بەلگىلىۋېلىش.

(4) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە شەرىئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، ۋاقىت، كەيپىيات بەلگىلىۋېلىش.

يۇقىرىقى بىدئەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن ھارامدۇر. بىدئەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ.

**بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى**

1695. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىيلىك بىلەن مەنئى قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىمىگەن قائىدە ـ پرىنسىپلارنى كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا بەلگىلىۋېلىشنى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن بولسىمۇ دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ ئاتاپ بۇ دىنغا كىرگۈزۈۋېلىشنى قەتئىيلىك بىلەن، كەسكىن مەنئى قىلىشتا ناھايىتى ھېكمەتلىك ۋە توغرا ئىش قىلغان. ھەتتا ناھايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا «بىدئەتنىڭ ھەرقاندىقى زالالەتتۇر» دەپ ئېلان قىلغان. دىنلار تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋىرى بولغان ھەرقانداق ئادەم، ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلغانلىقىدىكى ھېكمەتلەرنى ئوچۇق ۋە ئاشكارا كۆرەلەيدۇ.

تارىختىن بېرى پۈتۈن دىنلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئاخىرى بېرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ كەلگەن نەرسە ـ بىدئەت بولۇپ، بۇ مۇنداق:

(1) بىدئەت ـ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىندارلارنى ئۆز غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇش ۋە دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان قورالى بولۇپ كەلدى. دىن دۈشمەنلىرى دىندارلار سېپىگە كىرىۋېلىپ، دىندارلاردىن بەزى نادانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئەمما غايىسى ئۇلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىرىشتىن ئىبارەت ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قايىل قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىنى، بەخت ـ سائادىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىنى بولسا خاراب قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئۆز شەرىئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشلىرىغا قەتئىي پۇرسەت

بەرمەستىن، ھەدەپ تۈرلۈك خۇراپاتلارنى ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا ئىلىپ كىرىشكە باشلىدى. بارلىق خۇراپات ۋە پاساتچىلىقلارنىڭ ئىشكىنى شۇ بىدئەت ئىچىۋەتتى. كېيىنچە ئۇلار بىدئەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، مەزكۇر دىنلار تۈپ ئاساسىدىن بۇزۇلدى.

(2) بىدئەت يولى بىلەن، ساماۋىي دىنلارغا شېرىك، بۇتپەرەستلىق ئەقىدىلىرى ھەدەپ كىرىپ كەلدى، نەتىجىدە دىندارلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق دىنلىرىدىن ئېزىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش يوللىرىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۈگەشتى. ئەسلى ساماۋىي دىن بولغان خرىستىئان دىنىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، خرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېيتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئېلان قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ئەمما ئىنسان ئوغلىنىڭ (يەنى مېنىڭ) بېشىنى قويىدىغان يېرى يوق»[1] دېگەن. مەتتا ئىنجىلىدە يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: «ئىسا "مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان كىشى ئىنسان ئوغلىدۇر" دېدى»[2].

(3) بىدئەت يولى بىلەن دىندا چېكىدىن ئېشىش، دىندارلارغا ئۇلار تاقەت قىلالىغۇسىز، ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇش، تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دىندىن زېرىكتۈرۈش قاتارلىق سەلبىي نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى.

(4) بىدئەت يولى بىلەن كىشىلەر دىنلاردا خالىغانچە شەرىئەت ۋە ئىبادەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتى. دىن ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ ھالال قىلغان دۇنيا زىننەتلىرى ۋە خوشبۇيلارنى دىندارلارغا ھارام قىلدى. ئۇلار "دىن" نامى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا سەلبىي نەزەردە قارىدى. ئىمان دەۋاسى بىلەن كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىنى بوغدى. ئاللاھقا يېتىمىز دېگەن گۇمان بىلەن بەندىلەرنى ئازابلىدى. نەتىجىدە، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنى خاراب قىلدى. بۇ ئورۇندا خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش دەۋاسى بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خىلاپ ھالدا، ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان «تەركىدۇنيالىق» تەرغىباتىنى ئەۋجىگە چىقىرىشى ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپا خەلقىنى

(1) مەتتا ئىنجىلى 18 ـ بۆلۈم 20 ـ تېكىستت
(2) مەتتا ئىنجىلى18ـ بۆلۈم 64 ـ تېكىست

دىندىن زىرىكتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا ياۋروپادا SECULARISM «دىننى سىياسەتتىن ئايرىش» ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

(5) بىدئەت يولى بىلەن دىنلاردا تەرەققىياتقا، ئىلىم - پەنگە ۋە ھەر قانداق كەشپىياتلارغا قارشى يېڭى نىزاملار دىن نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلدى. ھەتتا ياۋروپا خەلقى خىرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ بېسىمدارلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالغا كەلدى. چۈنكى دىن ئادەملىرى ئىلىم - پەن خادىملىرىنى، كەشپىياتچىلارنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرۈپلا تۇردى. زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئالىم گالىلى گالىليونى خىرىستىئان چىركاۋىدىن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

## بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى

1696. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىپ كەلگەنلىكى نەتىجىسىدە، دىنى ئەقىدىمىز، ئىبادەتلىرىمىز ۋە پۈتۈن ئىشلىرىمىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ قانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇلۇشلارغا ئۇچرىماستىن، كەم - زىيادە قىلىنماستىن داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرى مەسىلىلىرىدە - ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىبادەت، ھالال - ھارام، مۇئامىلە ۋە قانۇن - پرىنسىپ مەسىلىلىرىدە- ئىسلام مەزھەبلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق. ئىختىلاپ پەقەت شاخچە مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن. مانا بۇ، ئىسلام دىنىغىلا خاس بىر ئىمتىيازدۇر. يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق بىر دىن ئىسلام دىنى ئېرىشكەن بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلىگەن ئەمەس. باشقا ھەرقانداق بىردىندا ئىبادەتلەر ھەتتا ئېتىقادلار يىللار بىلەن ئۆزگىرىپ، ئەسىرلەر بىلەن بۇزۇلۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىندا، بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلمىغان. ئەمما ئىسلام دىنى ئىشنىڭ بېشىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇ دىنغا قائىدە - نىزام ۋە ھەرخىل دىنىي يېڭىلىقلارنى، دىندا بۇيرۇلمىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى كىرگۈزۈشكە قەتئىي يول بەرمەي كەلدى.

ئىسلام دىنىدا خىرىستىئان دىنىدا بولغىنىغا ئوخشاش«دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي بېسىمدارلار مەۋجۇد ئەمەس. ئىسلام نەزەرىدە ئۆلىمالار خەلقنىڭ يولباشچىلىرى، مۇئەللىملىرى ۋە ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتۈپ خالىس خىزمەت قىلىدىغان كىشىلىرىدۇر.

ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ نامىدىن كەچۈرۈم قىلىش، ئاللاھ ھالال قىلغان نېمەتلەردىن دىندارلىرنى مەنئىي قىلىش ھوقۇقى يوقتۇر. ئىسلام دىنىدا ئىبادەتلەر بىۋاسىتە ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا قوبۇل قىلىدۇ. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىسا كەچۈرىدۇ. بۇ ماۋزۇدا خرىستىئان دىنىنىڭ ھازىرقى شەرىئىتىگە قارايدىغان بولساق: ئۇنىڭ خرىستىئان دىن ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىنجىلدىكى نۇرغۇن ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، ھەمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ "مەن دىنىنى كېمەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم" دەپ ئېيتقان مۇقەددەس دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

توغرا، بەزى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلاردىن قىسمەن كىشىلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا بۇيرۇلمىغان بىر قىسىم بىدئەتلەرنى ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھەر دەۋردە ئىسلام دىنىنى تولۇق بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن قوغداپ تۇرىدىغان ھەقىقەتپەرۋەرلەر كەم بولمىغاچقا، بۇنداق بىدئەتلەر ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلىنىپ كەلدى. چۈنكى بۇ دىننى تا قىيامەتكىچە ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش ۋە كەم - زىيادە قىلىشلاردىن ساپ قىلىپ، ساقلىغان ھالدا ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇش ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ ۋەدىسىنى مۇنداق دەپ ئېيتقان. «بۇ ئۇممەتكە ئاللاھ تائالا ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا ئۆلىمالارنىڭ دىنىنى يېڭىلايدىغان (يەنى بىدئەتلەردىن تازىلايدىغان) بىرىنى چوقۇم ئەۋەتىپ تۇرىدۇ»[1]. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز [2] دەپ ۋەدە قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان قۇرئان قوغدالغان ئىكەن، ئۆلىمالارنىڭ دىنى، ئېتىقادى، ئىبادەتلىرى ۋە پۈتۈن ئىشلىرى قوغدىلىدۇ دېمەكتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن سۈننەتلىرىمنى قويۇپ كەتتىم، سىلەر بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار، مەندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر»[3].

مۇسۇلمانلار مۇشۇ پرىنسىپقا چىن ئەمەل قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر

(1) ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(2) ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت
(3) بۇخارىي رىۋايىتى

ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن ساھابىلار، خەلىپىلەر، تابىئىنلار (ساھابىلاردىن كېيىنكى ئەۋلاد) ۋە مەزھەب ئالىملىرى بىدئەتنى مەنئى قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆردى، ئاددى بىر بىدئەتنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا رەت قىلىپ كەلدى. چۈنكى ھەرقانداق چوڭ ئىشلار كىچىكتىن باشلىنىدۇ.

ئىمام مالىك بىدئەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇرۇنقىلاردا (يەنى ساھابىلار ۋە تابىئىنلار دەۋرلىرىدە) بولمىغان بىرەر ئىشنى مۇشۇ ئۇممەتنىڭ دىنىغا كىرگۈزمەكچى بولغان كىشى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنغا خىيانەت قىلغان (يەنى دىننى تولۇق يەتكۈزمىگە) دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم»[1] دېگەن ئىدى. دىن ئۆز ۋاقتىدا كامالىغا يەتكەن. شۇ ۋاقىتتا دىندىن سانالمىغان نەرسە ھازىرمۇ دىندىن سانالمايدۇ».

(1) مائىدە سۈرىسى 5- ئايەت

# كۇپرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1697. سوئال: كۇپرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: كۇپرى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى پەردىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ئاللاھ تائالاغا ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىگە ياكى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى ئەسلى ۋە ساپ فىترىتىنى پەردىلىگەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان ھەقىقەتلەرگە ئىنكار قىلغان ئادەم «كاپىر» يەنى ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتالغان.

## كۇپرىنىڭ تۈرلىرى

1698. سوئال: كۇپرى نەچچىگە بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: كۇپرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇپرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ.

## ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1699. سوئال: ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۇپرى ئىنكار

كۇپرى ئىنكار — قۇرئان كەرىمگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋە ياكى ئۇلار ئارقىلىق سابىت بولغان بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەر ۋە ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا

جاي يوقمىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بار) [1].

(2) كۇپرى تەكەببۇر

كۇپرى تەكەببۇر - ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭلۇق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. بۇ خىلدىكى كۇپرى ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش كۇپرىدۇر. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى [2].

دېمەك، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۇچۈن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

(3) كۇپرى شەك

كۇپرى شەك — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىماننىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: (كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى [3]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەم شەكسىز كاپىردۇر.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىق سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

(4) كۇپرى ئېتىراز

كۇپرى ئېتىراز — ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى بۇنى ئىپادىلەيدۇ:

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت

(3) كەھف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر

سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟ دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقمەن. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى [1]، كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر [2].

بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن ۋە ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز «كاپىرلار» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

(5) كۇپرى نىفاق

كۇپرى نىفاق — تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ [3].

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئىچىدىكى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

1700. سوئال: ئېتىقادتىكى كۇپرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

## ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى

1701. سوئال: ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۇپرى نېمەت

كۇپرى نېمەت — ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇپرانى نېمەت (تۇزكورلۇق) قىلساڭلار، مېنىڭ

(1) ئەئراف سۈرىسى 12- ئايەت
(2) ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت

ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى [1].

(2) كۇپرى مەئسىيەت

كـۇپرى مەئسـىيەت — ئىسـلام شـەرىئىتىدە كۇپرىلىـق بىـلەن سـۈپەتلەنگەن هەرقانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلار دېمەكتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

① مۇسۇلماننى نـاھەق ئۆلتـۈرۈش. بۇنىـڭ دەلىلـى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـۇ سـۆزى: مۇسـۇلماننى هاقـارەتلەش ئېغىـر گۇنـاھتۇر، ئـۇنى نـاھەق ئۆلتـۈرۈش كۇپرىلىقتۇر [2].

②هـاراق ئىچىـش، ئوغرىلىـق قىلىـش ۋە زىنـا قىلىـش. بۇنىـڭ دەلىلـى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: زىنـا قىلغـۇچى مۆمىنلىـك هالىتىـدە زىنـا قىلمايـدۇ، ئوغرى مۆمىنلىك هالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە هاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك هالىتىـدە هاراق ئىچمەيدۇ [3].

③نامـاز، روزا، زاكـات قاتـارلىق پەرز ئەمەللەرنـى تەرك ئېـتىش. بۇنىـڭ دەلىلـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ باشـتا بايـان قىلىنغـان مۇنـۇ سـۆزى: كـاپىرلار بىـلەن بىزنىـڭ ئـارىمىزدىكى پەرق نامـازدۇر. نامـازنى تەرك قىلغـان كىشـى كـاپىر بولغـان بولىدۇ [4]. بۇ هەدىستىكى كـاپىرلىق ئىمانـدىن چىقىرىـدىغان دەرىجـىدىكى كـاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

(3) كۇپرى هۆكۈم

كۇپرى هۆكۈم ـ ئىسلام شـەرىئەت قانۇنىنىـڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىـگە ئىقـرار قىلىـپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كـۆرۈش دېمەكتـۇر. بۇنىـڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: كىملەركى، ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بـويىچە هۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر [5].

ئەممـا ئـاللاھ تائالانىـڭ شـەرىئىتىنى «بـۇ ئەسـرگە ئۇيغـۇن كەلمەيـدۇ» دېـگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قـانۇنلارنى ئۇنىڭـدىن ئەۋزەل بىلگەنلىـك سـەۋەب بىـلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقـادتىكى كۇپرىلىقنىـڭ هـۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۇپرىلىق ئېتىقادىي كۇپرىنىڭ جۈملىسـىدىن بولـۇپ ئىمانغـا

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى
(3) مۇسلىم رىۋايىتى
(4) ئەھمەت رىۋايىتى
(5) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت

زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ[1].
1702. سوئال: ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ياكى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە، كاپىر بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەلدىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل فەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

## نىفاق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1703. سوئال: نىفاق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىفاق سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىچىدە بىر نەرسىنى يوشۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، نىفاق ئېتىقادتىكى نىفاق ۋە ئەمەلدىكى نىفاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### ئېتىقادتىكى نىفاق

1704. سوئال: ئېتىقادتىكى نىفاق دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى نىفاق ـ تىلىدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا كۇپرىلىقنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر. مانا بۇ، تىلىمىزدىكى «مۇناپىق» سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى ئۇلار يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. شۇڭىمۇ مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۇچرايدىغان جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭكىدىن ئەلۋەتتە ئېغىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن:

مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى مەدەتكار تاپالمايسەن [1].

مۇناپىقلار ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق جايدا تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى ـ بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا مۆمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ بايانى 3 ئايەت بىلەن، كاپىرلارنىڭ بايانى2 ئايەت بىلەن تاماملانغان بولسا، مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى چوڭ ۋە ئۇلارنى تونۇۋېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بايانى 13 ئايەت بىلەن تاماملامغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمەتلىرى چوڭدۇر.

مۇناپىقلار قايسىبىر مىللەت ۋە قايسىبىر جايدا بولمىسۇن، ئۇلار ھامان ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىشە نەپرىتىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى145- ئايەت

بۇ مۇناپىقلارنى قوللانغان بېسمىدارلارمۇ ئۇلارنى سۆيمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى ئاز بولمىغان. مەسىلەن: مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سارىيىدىكى بىر قىسىم مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتچىلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەبتىن بولغان. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن ئاباق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە بولغان زىيانكەشلىكى داۋام قىلماقتا.

## ئەمەلدىكى نىفاق

1705. سوئال: ئەمەلدىكى نىفاق دېگەن قايسى؟

جاۋاب: ئەمەلدىكى نىفاق ـ ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىنى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مۇناپىقلىقى مۇسۇلمانلىقنى بېسىپ كەتمىگەنلا بولسا، مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، جېدەللەشكەندە ئېغىزنى بۇزۇش قاتارلىق تۆت ئىللەت كىمدە بولسا، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇناپىق بولىدۇ، بۇ تۆت ئىللەتتىن بىرەرسىنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەم ئۇنى تاشلىمىغىچە، مۇناپىقلىق ئالامىتىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولىدۇ»[1].

1706. سوئال: ئېتىقادتىكى نىفاق بىلەن ئەمەلدىكى نىفاقنىڭ قانداق پەرقلىرى بار؟

جاۋاب: ئېتىقادتىكى نىفاق بىلەن ئەمەلدىكى نىفاقنىڭ پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئېتىقادتىكى نىفاق ئېتىقادتا تىل بىلەن دىلنىڭ بىردەك بولماسلىقىدۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاق ئىنسانلارغا قارىتا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىشتۇر.

(2) ئېتىقادتىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلار گەرچە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىسىمۇ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلاردىن سانالسىمۇ،

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە مۇناپىقلاردىن سانىلىدۇ.

(3) ئېتىقادتىكى نىفاق مۇسۇلمان ئادەمدىن سادىر بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىرنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاق بەزى مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولىدۇ.

(4) ئېتىقادتىكى نىفاقنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئىمان ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئەخلاقىنى تۈزىتىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بولىدۇ[1].

**خائىنلار ئۆز مىللىتىنىڭ گۆرىنى قازغۇچىلار**

1707. سوئال: خائىن ئاتالغۇ قانداق ئۇقۇمنى بېرىدۇ؟

جاۋاب: قەدىمدىن ھازىرغىچە خائىن سۆزى مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەن مەلئۇنلارغا قارىتىلىپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. زامانىمىزدا خائىن سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زېمىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقلا خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىشنىلا بىلىدىغان، بىر لوقما ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلىرىنى سېتىۋېتىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان، قېرىنداشلىرىنىڭ ھېسابىغا ھايات كەچۈرۈشنى تاللىۋالغان مەلئۇنلاردۇر.

خائىنلار ئۆز مىللىتىنى غاجايدىغان چاشقانلار بولۇپ، ئۇلار خەلقىنىڭ قېنىنى يوشۇرۇنغۇچى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى ياتلارغا سۇنغۇچى ئەبلەخلەردۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىكى خائىنلار تەبىقىسى زور كۆپچىلىك يازغۇچىلارنى، شائىرلارنى، قارا قورساق، جان باقار مولللارنى، ھوقۇق بىلەن مەنسەپ ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن كېچىدىغان ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى، مەنسەپ تەمەسىدە ئۆز مىللىتىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان غالچىلارنى ۋە ئىشچى، خىزمەتچى، دېھقانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل فەۋزاننىڭ«تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرىدىن ئېلىندى.

# هىدايەت ۋە زالالەت

## هىدايەتنىڭ مەنىسى

1708. سوئال: ئىسلامدا ھىدايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىمان، ئىسلام، ياخشى ئەمەللەرنى ئىشلەش، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياشاش دېمەكتۇر. ھىدايەتنى بەرگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ [1]. ئىنساننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھىدايەتنى ئىزدىشى، ئەقلى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ۋە قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا ئېگە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## هىدايەتنىڭ تۈرلىرى

1709. سوئال: ھىدايەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستېمالى بويىچە، ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان تۈز يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، سىزنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىز بارماقچى بولغان جاي ئەگەر يىراق بولسا ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سىزنى شۇ جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاش [2].

1710. سوئال: ھەر ئىككى تۈرلۈك ھىدايەت ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلەمدۇ؟

جاۋاب: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەت

(2) ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىينىڭ سۆزى

تاپقۇچىلارنى ئۇبدان بىلىدۇ [1].

ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە دىنغا دەۋەت قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ بۇمەنىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىسەن [2].

1711. سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

1712. سوئال: ئاللاھ قانداق ئادەملەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ ؟

جاۋاب: ئاللاھ توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇكىشىگە توغرا يول تېپىشنىڭ ۋاسىتىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى: ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئۇبدان بىلىدۇ [3].

1713. سوئال: ئاللاھ قانداق ئادەملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ ھىدايەتنى خالىماي ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن، ھەقىقەتنىڭ سادىسىغا قۇلاق سالماي، ئۆز نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە باش ئېگىشنى تاللىغان، ئەقلىنى نەپسىگە بويسۇندۇرغان ئادەمگە ئازغۇنلۇقنى نەسىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئۇلار ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. [4] دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. دۇنيادا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن زور ئۇتۇق يوقتۇر. چۈنكى ئىنسان ھاياتلىقتا پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھىدايەتكە مۇھتاجدۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلمەستىن، ئارزۇ قىلىنماستىن ۋە سورالماستىن بېرىلمەيدۇ. ھىدايەتنىڭ ئەڭ كامىل مەنىسى ئىمان ۋە ئىسلام بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مېۋىسى ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىقتۇر.

1714. سوئال: ھىدايەتنىڭ مەنبئى نېمە؟

---

(1) قەسەس سۈرىسى 56- ئايەت
(2) شۇرا سۈرىسى 52 - ئايەت
(3) قەسەس سۈرىسى 56- ئايەت
(4) سەف سۈرىسى 5 - ئايەت

جاۋاب: ھىدايەتنىڭ مەنبىئى يالغۇز ئاللاھتۇر. ھىدايەتنىڭ ئۈلگىلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا كەلگەن ۋەھىيلەردۇر. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن بۇ ھىدايەت مەنبىئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان كەرىمگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يول ئىزدەش ئوپئوچۇق زالالەتتۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەڭ ساغلام ھىدايەت رەھبىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىدايەتنىڭ ئۈلگىسىدۇر. مۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرئان كەرىمنىڭ يولىدا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا يۈرگەن كىشى تولۇق ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ھىدايەتنى تاپقان بولىدۇ.

### زالالەتنىڭ مەنىسى

1715. سوئال: زالالەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زالالەت سۆزى لۇغەتتە ئازغۇنلۇق، توغرا يولدىن ئېزىش دېگەنلىك بولۇپ، ھىدايەتنىڭ ئەكسىدۇر. زالالەت سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە كەلگەن:

(1) كۇپرى مەنىسىدىكى زالالەت. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ [1].

(2) شېرىك مەنىسىدىكى زالالەت. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ [2].

(3) خاتالىق مەنىسىدە كەلگەن زالالەت. قۇرئان كەرىم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ ئىشنى قىلغىنىمدا ئازغۇنلاردىن ئىدىم [3]. يەنى خاتالاشقانلاردىن ئىدىم.

---

(1) نىسا سۈرىسى 136- ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 116- ئايەت

(3) شۇئەرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت

## مۇرتەدلىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

1716. سوئال: مۇرتەد دېگەن كىم؟
جاۋاب: مۇرتەد سۆزى لۇغەتتە يېنىۋالغۇچى دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ، كاپىرلىققا قايتقۇچى دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. مۇرتەد بولغۇچىلارنىڭ قىلغان پۈتۈن ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كىتىدۇ ۋە بارىدىغان جايى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابقا مەھكۇم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن يېنىپ كېتىپ، كاپىر بولغان پېتى ئۆلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [1].

### مۇرتەد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار

1717. سوئال: مۇرتەد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار قايسىلار؟
جاۋاب: كىشىنى مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:
(1) گەپ ـ سۆز. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىۋالغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلەش، ئاللاھنى ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ياكى قۇرئان كەرىمنى سۆكۈش، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش، ئىسلام قانۇنلىرىنى ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ، دەپ ئوچۇق سۆزلەش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كەمستىكەنگە ئوخشاش.
(2) ئىش ــ ھەرىكەت. مەسىلەن: سېھىرگەرلىك قىلىش، بۇتلارغا ۋە ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتقا چوقۇنغانغا ئوخشاش.
(3) ئېتىقاد. مەسىلەن: ئاللاھنى شېرىكى ياكى بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاتالمىش ئەۋلىيالار، قۇتۇبلار، ماشايىخلار كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەيدىغان خۇراپاتلارغا ئىشىنىشكە ئوخشاش.
(4) شەك. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە شەك قىلغانغا ئوخشاش.
1718. سوئال: مۇرتەد بولغانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ؟

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت

جاۋاب: مۇرتەد بولغانلارغا تۆۋەندىكىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ:

(1) مۇسۇلمان قىزلار ھېچبىر ھالەتتە مۇرتەدلەرگە ياتلىق قىلىنمايدۇ. ئەرنىڭ مۇرتەدلىكىنى بىلمەستىن ياتلىق بولغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دەرھال ئايرىۋېتىش لازىم كېلىدۇ. مۇرتەد بولغان ئايالنىمۇ مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئېلىشى ھالال بولمايدۇ.

(2) ئەر-ئاياللاردىن قايسىبىرى مۇرتەد بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلغان بولىدۇ. بالىلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن بالىلىرى مۇرتەد بولمىغىنىنىڭ يېنىدا قالىدۇ.

(3) مۇرتەد بولغانلار مۇسۇلمانلار جامائىتى تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرىلىدۇ. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ ئىغۋاسىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈندۇر.

(4) مۇرتەد بولغانلار ئۆلگەندە، يۇيۇپ تارىماستىن، نامىزى ئوقۇلماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىن باشقا قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلىنىدۇ»[1].

(1) دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ھازىقى زامان پەتىۋالىرى»ناملىق ئەسەرى،1-توم، 450-بەت.

# تەقۋالىق ۋە پاسىقلىق

## تەقۋالىقنىڭ مەنىسى

1719. سوئال: تەقۋالىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەقۋا سۆزى لۇغەتتە كۈچلۈك بىر ھىمايىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن قوغدىنىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما تەقۋانىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا قويۇپ، ھەر تۈرلۈك گۇناھ- يامان ئىشلاردىن چېكىنىپ، ياخشى ئەمەللەر دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ۋە ئازاپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشلاردىن قوغدىنىش دېمەكتۇر. بۇنداق قىلغۇچىلار «تەقۋا» ياكى «تەقۋادار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى قوللايدۇ، ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر [1].

## تەقۋالىقنىڭ ئەھمىيىتى

1720. سوئال: مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا تەقۋالىقنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىماننى ئاخىرغىچە ساغلام ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمايە ئاستىغا كىرىشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ھىمايە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار [2] دېگەن ئايىتى بۇ تەقۋالىقنى ئىپادىلىمەكتە. تەقۋادارلىق ئۆزى غايە ۋە مەقسەت بولماستىن، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك، ھەقىقىي ھۇزۇر- ھالاۋەت ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاسىتىدۇر.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى194-ئايەت

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 102- ئايەت

1721. سوئال: تەقۋالىققا توسقۇن بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
جاۋاب: تەقۋالىققا توسقۇن بولىدىغان بەزى ئامىللار بولۇپ، ئۇلار غەپلەتتىن ئىبارەت ئىنساننى ھوشىيارلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، دىققەتسىزلىككە ئاپىرىدىغان بىغەملىك ۋە دۇنيادا مەڭگۇ ياشايدىغاندەك ئالدىغۇچى ھېسلاردۇر. ئۇلار ئىنساننىڭ تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

## پاسىقلىقنىڭ مەنىسى

1722. سوئال: پاسىقلىق دېگەن نېمە؟
جاۋاب: پاسىقلىق تەقۋالىقنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى «فىسق» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن چىقىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقنى بىلدۈرىدۇ. «فىسق» ياكى تىلىمىزدىكى «پاسىق» سۆزى كاپىرلار ئۈچۈن قوللىنىلغاندەك، مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكار كىشىلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ.

## زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنيالىق

1723. سوئال: زاھىدلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: زاھىدلىق - ئەرەب تىلىدىكى «الزهد» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى تەرك ئېتىش دېگەنلىك بولۇپ، بىر نەرسىگە بولغان قىزىقىشنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر نەرسىنى كۆزلەپ تەرك ئېتىشنى ئىپادىلەيدۇ. زاھىدلىق قىزىقىش ۋە ھېرىسلىقنىڭ ئەكسىدۇر.

### زاھىدلىقنىڭ مەنىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى زاھىدلىقنى چۈشەندۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

سۇفيان سەۋرى «زاھىدلىق ــ بارلىق ئۈمىدنى ئاخىرەتكىلا باغلاشتۇر»[1] دەپ تونۇتقان.

ئىبنى مۇبارەك «زاھىدلىق ــ ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلىش بىلەن بىرگە پېقىرلىقنى دوست تۇتۇش»[2] دەپ تونۇتقان.

ئەبۇ سۇلايمان دارانىي «زاھىد-ئاللاھتىن مەشغۇل قىلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[3] دەپ تونۇتقان.

جۇنەيد «زاھىد ــ دۇنيانى كىچىك ساناپ، ئۇنىڭ ئەسىرىنى قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ئادەمدۇر»[4] دەپ تونۇتقان.

يۇقىرىقىلاردىن خۇلاسە چىقارغاندا، زاھىدلىقنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسى: ئاخىرەتلىك ئىشلارنى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

---

(1) ئابدۇللا ئىبنى سۇفيان ئەل سەۋرى (97-161ھ) ئىراقنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى، ئېسىل-پەزىلەتلىرى، مول بىلىمي ۋە ئىجتىھاد ئىشلىرىدىكى پاراستى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئالىم.

(2) ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك(118-181ھ) ئۆز زامانىسىدا ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان ئالىم، مۇجاھىد، شائىر بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان، ئىلىم-ھېكمەت، تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە ياراتقان.

(3) ئەبۇ سۇلايمان دارانىي (140-215ھ)دىمەشقتا ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالاردىن سانىلىدۇ.

(4) ئىراقنىڭ ئۈچىنچى ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تەسەۋۋۇف ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، ھىجرىيە297-ھىجرىيە (مىلادىيە910-)يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق

1724. سوئال: ھەقىقىي زاھىدلىق قايسى؟

جاۋاب: ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ۋە ھاراملارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش، مال ـ دۇنياغا يۈرەكتىن باغلانماسلىق، شۇنداقلا دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ باقاسىز (پانىي) ئىكەنلىكىنى بىر لەھزىمۇ نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغان ھالدا ياشاشتۇر. زاھىدلىق دېگەن دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ياكى ئاللاھ ھالال قىلغان نېمەتلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىش ياكى مەسئۇلىيەتلەردىن قېچىپ تەنھا ياشاشنى تاللىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى روھ، ئەقىل، نەپس، تەن قاتارلىقلارنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بەرگەن ھالدا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنى قولدىن بەرمەسلىكتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاخىرەتنى ئۇنتۇغان ھالدا دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە چوقۇنۇشتىن توسقان بولسىمۇ، ئۇلارنى دۇنيالىقتىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋېلىشقا تەشەببۇس قىلمايدۇ. بەلكى دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىزگە قۇرئان كەرىم ئارقىلىق «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[2] دېگەن دۇئانى ئۆگىتىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنى قولدىن بەرمەسلىكىمىزنى ئۆگەتكەن.

زاھىدلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ئەمەس، بەلكى ھاراملاردىن يۈز ئۆرۈش، زىيانلىق ئىشلارنى ۋە نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشتۇر. قۇرئان كەرىم بىزگە داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ زاھىد ۋە ئەڭ تەقۋادار كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقتىن، پادىشاھلىقتىن ۋە باشقىمۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى قىسسە قىلماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا ساھابىلىرىدىن

(1) قەسەس سۈرىسى 77- ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 201- ئايەت

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە ئوسمان ئىبنى ئاففان قاتارلىقلار بايلىقنىڭ كۆپلىكى بىلەن تونۇلغاندەك زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان كىشىلەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلارنىڭ ئىبادەتكىلا بېرىلىش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇش تەلەپلىرىنى رەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان. خۇددى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ھەر كۈنى مەلۇم ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش پەرز بولغاندەك، دۇنيالىق ئۈچۈن ھەركۈنى ۋە ھەر ۋاقىت ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا جۈمە كۈنىدىمۇ جۈمە ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىدا خرىستىئان دىنىدا بولغىنىدەك تەركىدۇنيالىق ياكى يەھۇدىي دىنىدا بولغىنىدەك تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن كۈن يوق. شۇنداقلا ئاللاھ ياراتقان دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن قائىدىگە ئۇيغۇن شەكىلدە يوللۇق پايدىلىنىشتىن بىھاجەت بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى دىنلارغا كىشىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈۋېلىنغان تەركىدۇنيالىقنى تەنقىدلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئېيتقىنكى، "ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان كىيىملەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟" ئېيتقىنكى، "ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر" [1].

مۇھىم بولغىنى، دۇنياغا سىز ئېگە بولۇشىڭىز، دۇنيانىڭ سىزگە ئېگە بولماسلىقى كېرەك. دۇنيا يۈرىكىڭىزدە ئەمەس، قولىڭىزدا بولىشى كېرەك.

## زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ پەرقى

1725. سوئال: زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: ئەرەب تىلىدىكى «الزهد» سۆزىنى تەركىدۇنيالىق دەپ تەرجىمە قىلغانلار خاتالاشقانلاردۇر. چۈنكى زاھىدلىق بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەنىدەك، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ۋە ھارامارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش ۋە مال ـ دۇنياغا يۈرەكتىن باغلانماسلىق دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق خرىستىئان دىنىدىكى راھىبلىق تۈزۈمىگە ۋە ھىندىي دىنىغا ئوخشاش دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشتۇر. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى بۇنداق تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلمايدۇ.

(1) ئەئراف سۈرىسى 32- ئايەت

زاهىدلىق ئىسلام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى بولسا، تەركىدۇنيالىق ھەق دىنىنىڭ روھىدىن ئازغانلارنىڭ قىلىقىدۇر.

## زاهىدلىقنىڭ پەزىلەتلىرى

1726. سوئال: زاهىدلىقنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، زاهىدلىقنى ماختاپ، مال ـ دۇنيا ھېرىسلىقنى سۆككەن. بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر [1]، (مۇشرىكلار) دۇنيا تىرىكچىلىكىگە خۇش بولۇپ كەتتى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر [2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «ھېممىتىڭنى دۇنياغا بېرىلىشتىن ئۈزۈۋېلىپ تۇرساڭ، ئاللاھ سېنى سۆيىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىكىدىن بىھاجەت بولغىن، كىشىلەرنى سېنى سۆيىدۇ»[3] دېگەن. پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي زاهىدلىقتا ئۈلگە زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن [4].

(1) غافىر سۈرىسى 39- ئايەت

(2) رەئد سۈرىسى 26- ئايەت

(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(4) ئەنئام سۈرىسى 90- ئايەت

## دۇئا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1727. سوئال: دۇئا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دۇئا سۆزى لۇغەتتە چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرئەت ئىستېمالىدا- ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش دېگەنلىكتۇر.

1728. سوئال: دۇئانىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «دۇئا ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. دۇئا ئەڭ خالىس ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ يالۋۇرغان ئادەم باشقا ھەر قانداق بىر ئىبادەتتە ھاسىل قىلالمىغان ئىخلاس، سەمىمىيەت ۋە تۆۋەنچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىق، دۇئادىن بىھاجەت بولۇش ئۇنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ [2].

### دۇئا ئىجابەت بولىشىنىڭ شەرتلىرى

1729. سوئال: دۇئا ئىجابەت بولىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دۇئانى ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىخلاس بىلەن قىلىش. ھەر قانداق بىر ئەمەل ــ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن ئىخلاس شەرت قىلىنغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشى ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىخلاس شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى دۇئا ــ ئىبادەتتۇر. ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەمىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن چىن ساداقەت دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭغا شۇنداق سۆيگۈ ۋە ساداقەت بىلەن يۈزلىنىش تەلەب قىلىنىدۇ.

(2) دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك- ئىچمىكى ۋە كىيىم- كېچەكى ھالالدىن بولۇشى.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) غافىر سۈرىسى60-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن: «ئەي ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبى پاك، يېمەك- ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولۇپ پاك بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ " ئى پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم! " دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[2].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە ئۇ شۇ ھالىتى بىلەن دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغان تۇرسىمۇ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

(3) دۇئانى ئاللاھتىن ئۈمىتۋارلىق بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر "دۇئا قىلسام دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى"، دەپ ئۈمىتسىزلىنىپلا قالمىساڭلار دۇئايىڭلار چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ»[3].

(4) دۇئانى يۈرەكتىن قىلىش يەنى تىل دۇئا بىلەن دىل باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىلنى دىل دىككەلەرنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە كامالىي ئىخلاسىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولىشىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[4].

(5) ئۇرۇق- تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلەش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۇئاسىدا گۇناھ ئىشلەش ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش بولمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ ياخشىلىقنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا ئۇنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىپ تىلىگىنىنى بېرىدۇ ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشىلىق

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) تىرمىزى رىۋايىتى
(3) بۇخارىي رىۋايىتى
(4) تىرمىزى رىۋايىتى

قاتارىدا ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئوخشىشىدا يامانلىقنى ئۇنىڭدىن قايتۇرىۋېتىدۇ. ساھابىلار: "ئۇنداقتا بىز دۇئانى كۆپ قىلايلى" دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام" ئاللاھنىڭ بېرىدىغىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر" دېگەن»[1].

## دۇئا سەۋەبتىن بىھاجەت قىلالمايدۇ

1730. سوئال: دۇئا سەۋەبتىن بىھاجەت قىلالامدۇ؟

جاۋاب: تىلەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا بىلەن سەۋەب ئىككىسى ھەل قىلغۇچ رولنى ئوينايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. شۇڭىمۇ ئىنسان ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە، قولىدىن كەلگەنچە سەۋەبلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھتىن جەننەتنى سورىغان ئادەم دۇئا بىلەن بىرلىكتە، ئۆزىنى جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيەتلىك قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى، دوزاختىن پاناھ تىلىگەن ئادەم دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشى، رىزقىنىڭ كەڭ بولىشى ۋە پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇشنى تىلىگەن ئادەم رىزىق دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇسى بىلەن ئېچىشى، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشنىڭ چارە ۋە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى، كېسەلدىن شىپالىق تېپىشنى تىلىگەن ئادەم ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دوختۇرغا بېرىشى لازىم. دۇئا مەقسەتكە يېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇڭايلاشتۇرۇش ۋە يوللىرىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلغان. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ [2].

سەۋەبكىلا چوقۇنۇپ كېتىپ ئاللاھنى ئۇنتۇش توغرا بولمىغاندەك، دۇئاغىلا يۆلىنىپ سەۋەبتىن بىھاجەت بولۇشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقانلىق، كېيىنكىسى، «ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلىكتۇر.

دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ باغلىنىشى ناھايىتى زىچ باغلىنىشتۇر. ئەگەر تىلەكلەرنىڭ ھاسىل بولىشى ئۈچۈن دۇئالا كۇپايە قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلىقنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋەب قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇسمۇ قىلمىغان بولاتتى.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) نەجم سۈرىسى 39- ئايەت

ئەگەر تىلەكلەر سەۋەب بىلەنلا ھاسىل بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە ئەھمىيەتلىك ۋە خاسىيەتلىك دۇئالارنى ئۇممىتىگە ئۆگەتمىگەن ۋە ئۆزىمۇ قىلمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ ئارىسىنى قەتئىي ئايرىغان ئەمەس. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەر تۈرلۈك خاسىيەتلىك دۇئالار بىلەن تولغاندەك، ئىشلەش، چارە ـ تەدبىر قوللىنىش ۋە ھەر ئىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئالدىنقىلاردىن ئىدى. ئۇ مەسچىتتە ئىمام، غازاتلاردا قوماندان، مەكتەپتە ئۇستاز، دىندا رەھبەر ۋە ئائىلىسىدە ئىشلەمچان ئاتا ئىدى. شۇڭا ئۇ غەلىبە قىلدى، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى ۋە ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولۇپ دىللاردا پارلاپ كەلدى.

### دۇئا تەقدىرنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ

1731. سوئال: دۇئا تەقدىردە بەلگىلەنگەننى بىكار قىلىۋېتەلەمدۇ؟

جاۋاب: تەقدىر دېگەن ئالدىنئالا بەلگىلىنىپ بولغان بىر ئىش. دۇئا ئۇنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. بىراق دۇئا تەقدىردە بەلگىلەنگەنلەرنى ياخشىلىق تەرەپكە بۇرىيالايدۇ. شەرتلىرى تولۇق بولغان ۋە سەممىي قىلىنغان دۇئا ئەلۋەتتە تەقدىرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەقدىردىن قاچقىلى بولمايدۇ. بىراق دۇئا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1]. بۇ يەنىلا سەۋەب بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى تەقدىر سەۋەبتىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسى ئەزەلدىنلا شۇنداق بىرگە بېكىتىلگەن. دۇئا قىلىشمۇ ۋە سەۋەب قىلىشمۇ تەقدىردىن ئورۇن ئالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «قازا ۋە قەدەرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «يۈز بەرگەن ئىش كەلسە، ھەزەر قىلغاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ، دۇئا يۈز بەرگەن ۋە ياكى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارغا پايدىلىق بولىدۇ، بالايى ـ ئاپەت كەلسە دۇئا ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدۇ ـ دە، بۇ ئىككىسى تا قىيامەتكىچە ئېلىشىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، قەدەر ئوقى ياچاقتىن چىقىپ بولغان

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(3) ھاكىم ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى

ۋە ئۇ ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن، شەرتلىرى تولۇق بولغان سەممىي دۇئا ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشىگە توسقۇن بولالىغاندەك، يۈرەكتىن ئەمەس ئاغزاكى قىلىنغان ياكى شەرتلىرى تولۇق بولمىغان دۇئالار ئۇنى توسالمايدۇ. دۇئانىڭ قەدەر ئوقىنى نىشانغا تېگىشتىن توسۇپ قالالىغانلىقى تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكى ياكى ئارقىغا قايتۇرىۋەتكەنلىكى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى قەدەر ئوقى ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ نىشانغا يېتەلمىگەنلىكىدۇر. ئىمام غازالى مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى بالايى-ئاپەتنى دۇئا ئارقىلىق قايتۇرۇپ، رەھمەت كەلتۈرۈشمۇ بەلگىلەنگەن شۇ قازا ۋە قەدەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

## دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە مۇھتاج ئەمەس

1732. سوئال: دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە مۇھتاجمۇ؟

جاۋاب: دۇئا ھېچكىمنىڭ ۋەسىلىسىگە (ۋاستىسىگە) مۇھتاج ئەمەس. تىلەكلەر پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن [2].

مازار - ماشايىخلاردىن، ئاتالمىش ئەۋلىيالار ۋە ئۇلۇغلاردىن شۇنداقلا قانداقلا بىر ئۆلۈكتىن بىرەر ھاجىتىنى سوراش ۋە مەدەت تىلەش ياكى ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىش جائىز ئەمەس. ئەمما ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆلگەنلەرگە قىلغان دۇئاسى چوقۇم يېتىدۇ.

دۇئادا ۋاستە قوللىنىشقا بولىدۇ، بىراق ۋاستە كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنى، ئاللاھنىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسىنى ۋە ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ھاجەتلىرىنى ئاللاھتىن سورىسا بولىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋەسىلە قىلىش

---

(1) ئىمام غازالىينىڭ «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين»ناملىق ئەسىرىدىن

(2) بەقەرە سۈرىسى 186- ئايەت

ئۇسۇلىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋاسىتە قىلىپ دۇئا قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاسىتە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى [1].

ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە نۇقسانلاردىن پاكلىقىنى ۋاسىتە قىلىپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (بېلىقنىڭ قارنىدا) پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوقتۇر. سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق. ئۇنى بېلىق يۇتقان چاغدىكى غەمدىن خالاس قىلدۇق. [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋاسىتە قىلىپ دۇئا قىلاتتى. ئۇ قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: **ياحي ياقيوم برحمتك أتثغيث** يەنى«ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا سېغىنىپ سەندىن ياردەم سورايمەن»[3].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھايات بولغان ئاتا ـ ئانا، ئۆلىما، ۋە باشقىمۇ كىشىلەرنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى ئۆتىنىش دۇرۇستۇر. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىۋىدىم، ماڭا رۇخسەت بەردى ۋە “ ئى قېرىندىشىم! دۇئايىڭدا بىزنىمۇ

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 193ـ 195ـ ئايەتلەر
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 87ـ 88ـ ئايەتلەر
(3) تىرمىزى رىۋايىتى

ئونۇتمىغايسەن "دېدى»[1]. شۇنداقلا كىشى ئۆزىنىڭ گۇناھتىن يانغانلىقنى ۋاستە قىلىشمۇ دۇرۇستۇر. چۈنكى گۇناھتىن يېنىش ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ياخشى ئەمەل دۇئادا ئەڭ ياخشى ۋاستە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېكايە قىلىپ بەرگەن«ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى»نىڭ قىسسىسىدە، ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھتىن قورققانلىقتىن، شەرت - شارائىتى ھازىرلىنىپ بولغان زىنانى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋاستە قىلغان ئىدى.

## دۇئانىڭ ئەدەبلىرى

1733. سوئال: دۇئانىڭ ئەدەبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دىنىمىزدا ھەر قانداق بىر ئىبادەتنىڭ مەخسۇس ئەدەبلىرى بولغاندەك، دۇئانىڭمۇ ئەدەبلىرى باردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) دۇئانى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن باشلاش. ئاندىن ھاجەتلىرىنى سوراش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇمىغانلىقنى كۆرۈپ: «بۇ ئالدىراپ كەتتى» دېگەن، ئاندىن ساھابىلارغا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان دۇئالىرىڭلارنى قىلىڭلار»[2].

(2) دۇئانى ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى [3].

(3) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىنى، كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئۇنى شۇلار بىلەن چاقىرىڭلار [4]. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى
(2) سۈنەن كىتابلىرىدا سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 89-90-ئايەتلەر
(4) ئەئراف سۈرىسى 180- ئايەت

ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ: **اللهم إني أسألك بأني أشهد أنك أنت الله لاإلـه إلا أنـت الأحد الصمد الذي لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد** يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى - كەرەمىڭنى تىلەيمەن. سەن ھەقىقەتەن، ھەممە ساڭا مۇھتاج بولغان، پەرزەنتكە ۋە ئانىغا مۇھتاج بولمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە- يېگانە ئىلاھسەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: "ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىسا بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى"»[1].

(4) ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن«ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى»نىڭ قىسسىسىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، قىسسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارە قالمىغاندا، ئۇلاردىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاسىتە قىلغان ھالدا ئاللاھقا كامالىي ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ[2].

(5) دۇئانى قىبلىگە قاراپ، قولنى كۆتىرىپ قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئانى قىبلىگە قاراپ قولنى كۆتۈرۈپ قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇر تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغاندا قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان» دەپ قەيت قىلىنغان.

(6) دۇئادا ئاۋازىنى قاتتىق كۆتۈرمەسلىك، بەلكى ئاشكارىلىق بىلەن مەخپىيلىك ئوتتۇرىسىدا كۆتىرىش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار [3] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئەئراف سۈرىسى 55- ئايەت

(7) دۇئادا قاپىداش سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى دۇئا دېگەن چىن قەلب قاتلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىلىپ چىققىدىغان سەممىي ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە ئېسىللىكى بىلەن قەتئىي ھېسابلاشمايدۇ. تىل پەقەت قەلبتىكىنى تەرجىمە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. دۇئانى قاپىلاشتۇرغاندا، كۆڭۈل سۆزلەرنىڭ تىزىلمىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقتىن، دۇئادىكى سەممىيەت ۋە چىن ئىخلاس يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ:

پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار. ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ دېگەن سۆزىدىكى ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەر دېگەن جۈملىنى «دۇئانى قاپىلاشتۇرغانلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

(8) دۇئا قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئاندىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دۇئا تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن بولغان بولىدۇ، ھەزرىتى ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە دۇئا قىلىپ قالسا ئالدى بىلەن ئۆزىگە دۇئا قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ كىشىگە دۇئا قىلاتتى»[1].

(9) دۇئا قىلغاندا ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش، يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى تىلىمەسلىك لازىم. بەزى كىشىلەر ئاچچىغىم كەلدى دەپ ئۆزى ياكى باشقىلارنى قارغاپ بەد دۇئا قىلىپ سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارنىڭ، بالىلىرىڭلارنىڭ، ۋە مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن سورىسىلا بېرىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ سىلەرگە ئىجابەت بولۇپ قالمىسۇن [2].

(10) دۇئا قىلغاندا قاشاڭلىق بىلەن ئارقا ئارقىدىن قايتا ـ قايتا تىلەش، دۇئانىڭ ئاخىرىدا «ئامىين» دەپ ئاياغلاشتۇرۇش.

(11) دۇئادا سورىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ ئېيتىش. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغىنىدا ئاللاھ تائالادىن سورىغانلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن قايتىلاپ سورايتتى»[3] دەپ كەلگەن.

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(3) بۇخارىي رىۋايىتى

(12) دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش.

### دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار

1734. سوئال: دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋە ئەۋزەل ۋاقىتلار قايسىلار؟

جاۋاب: ھەر قانداق ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئالار ئاللاھ تائالاغا چوقۇم يېتىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. دۇئا قىلىش مەنئى قىلىنغان بىرەرمۇ ۋاقىت يوقتۇر. بىراق دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار دېيىلگەن بەزى ئەۋزەل ۋاقىتلار بولۇپ، ئەڭ ياخشى ۋاقىت نامازدا سەجدىگە بارغان ۋاقىتتۇر. ئاللاھ تائالا سەجدىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە تىلەكلەرنى ئاللاھتىن سوراپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھقا سەجدە قىلغىن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ھالىتى ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[2]. پەرز نامازلارنىڭ سەجدىسىدە، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالارنى ئەرەب تىلى بويىچە قىلىش لازىم. ئەمما پەرزدىن باشقا ۋاجىب، سۈننەت ۋە نەپلى نامازلارنىڭ سەجدىلىرىدە ھەر كىم ئۆز تىلىدا بىلگەن دۇئالىرىنى ئوقۇسا ۋە ھاجەتلىرىنى سورىسا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، قاتتىق خوشاللىق ياكى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ياكى ئاللاھ تائالادىن ئىنتايىن زور مەمنۇن بولغان ياكى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەيمىنىپ چۆچۈگەنلىكتىن ھاياجانلانغان لەھزىلەر، ئەرەفات كۈنى، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى، قەدىر كېچىسى، جۈمە كۈنى، ئەزان بىلەن تەكبىر(ئىقامەت) ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلار، بېشىغا كۈن چۈشكەن ۋاقىت، قۇرئاننى خەتمە قىلغاندىن كېيىن. بەش ۋاقىت نامازدىن كېيىنكى ۋاقىتلار.

### دۇئادىن بىھاجەت بولۇشقا بولمايدۇ

1735. سوئال: دۇئادىن بىھاجەت بولۇشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمان ئادەم دۇئادىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى دۇئا. ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن.

---

(1) ئەلەق سۈرىسى 19- ئايەت

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ [1] دېگەن سۆزىنى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىغانلار بولۇپ، ئۇلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ئىبادەت سۆزىدىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتقانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداقلارنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدۇ.

(1) غافىر سۈرىسى 60- ئايەت

# ۋەسلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر

1736. سوئال: ۋەسلە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەسلە ـ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىپ ئارىغا سېلىش دېگەنلىكتۇر.

ۋەسلە (يەنى ۋاستە) 3 تۈرلۈك بولۇپ، بىرى يول قويۇلغان ۋەسىلىلەر، ئىككىنچىسى، مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلىلەر، ئۈچىنچىسى، شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلىدۇر.

## يۇيرۇلغان ۋەسلە

1737. سوئال: يۇيرۇلغان ۋەسلە قايسى؟

جاۋاب: يۇيرۇلغان ۋەسلە ـ قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلاردا يۇيرۇلغان ۋە ساھابىلار قوللانغان ۋەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسلە قىلىشى. قۇرئان كەرىم ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋەسلە قىلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن [1].

يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئەگىشىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى [2].

(2) ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسلە قىلىش

ئاللاھ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋەسلە قىلىپ، ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا) پەرۋەردىگارىم! سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 193 ـ ئايەت

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 195 ـ ئايەت

(بەرھەق) يوقتۇر. سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى [1].

كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق [2].

(3) ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئاللاھ بىزگە ۋەسىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار [3].

(4) ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن، سېنىڭدىن ياردەم سورايمەن»[4].

(5) ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشى. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش ۋە باشقا ياخشى قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋەسىلە قىلىش دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ۋەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە، ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يېپىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارىسى قالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، كامالى ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان[5].

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ ئايەت
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 88 ـ ئايەت
(3) ئەئراف سۈرىسى180 ـ ئايەت
(4) تىرمىزى رىۋايىتى
(5) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(6) ئـاللاھتىن قورقـۇپ، گۇنـاھ ـ مەسـىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىنـى ۋەسـىلە قىلىش. يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ. يۇقىرىـدا قىسسىسـى بايان قىلىنغان ئۆڭكۈردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بـىرى زىنـا قىلـىش ئۈچـۈن ھـازىر بولـۇپ بولغان ۋاقتىـدا، ئـاللاھنى ئېسـىگە ئېلىـپ، ئۇنـىڭ غەزىپىـدىن قورققانلىقتىن زىنـانى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلغانىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولغـان ۋە ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەن.

(7) تىرىك بولغان ئاتا ـ ئانا ۋە تىرىك ئالىم ـ ئۆلىمـا، تەقـۋا كىشـىلەرنىڭ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ بېرىشـىنى سـوراش. مۇسـۇلمانلار پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام نـى دۇئالىرىـدا ۋەسـىلە قىلاتتـى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ۋاپـات بولغانـدىن كېيىن، ساھابىلار بىـر كۈنى ئۇنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلغـان: «ئى ئاللاھ! بىـز پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنى ۋەسـىلە قىلىـپ تۇرۇپ سەندىن سۇ تىلەپ دۇئا قىلغىنىمىزدا، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدىڭ، ئەمـدى پەيغەمبىرىمىزنىـڭ تاغىسـىنى ۋەسـىلە قىلـدۇق، بىـزگە يـامغۇر ياغـدۇرۇپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن[1].

## مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلە

1738. سوئال: مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلە قايسى؟

جاۋاب: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە ـ ئىسلام دىنىنىـڭ روھىغـا ئۇيغـۇن كەلمەيـدىغان، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مەنئـى قىلغـان ۋەسـىلە بولـۇپ، ئـۇ شـېرىك ۋە خۇراپـاتتۇر. مەسىلەن: دۇئانى ئۆلۈكلەردىن بىرەرسـىگە قىلىـپ، ئۇنىڭـدىن"يا پىـرىم!" يـاكى "يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!" ياكى "يا تـۆت ئىمـاملىرىم!" يـاكى "يـا ئىمـام جەپىـرى تەيـران!" ئـاللاھتىن ماڭـا پەرزەنـت تىـلەپ بەرگىـن، بـايلىق تىـلەپ بەرگىـن، شـىپالىق تىـلەپ بەرگىن، دەپ سورىغانغا ئوخشاش.

## شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە

1739. سوئال: شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە دېگەن قايسى؟

جـاۋاب: يـول قويۇلغانلىقىغـا شـەرىئەتتىن دەلىلـى بولمىغـان ۋەسـىلە ــ قۇرئـان كەرىمــدە يــاكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالامنىڭ ھەدىســلىرىدە يــاكى ئۆلگىلىــك سـاھابىلارنىڭ دۇئالىرىـدا ئـۆزرىكى كەلمـىگەن ۋەسـىلە تـۈرى بولـۇپ، «ئـى ئـاللاھ!

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

پالاننىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن»، دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل ۋەسىلىنى بەزى ئالىملار جائىز دەپ قارىسا، بەزى ئالىملار ئىسلامنىڭ «يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار مەنئىي قىلىنىدۇ» دەيدىغا ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنداق دۇئا شېرىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى دۇئا ئاللاھقا قىلىنغان، پەقەت ۋەسىلە بۇيرۇلمىغان يول بىلەن قىلىنغان، بەس.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى» دىكى ئۆلىمالار " ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن....." دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دۇئادا " ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ياكى بەرىكىتى يا ئۇلۇغلىقى يۈزىسىدىن مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن" دەپ ۋەسىلە قىلىش شېرىك سانالمايدۇ، ئەمما شېرىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن مۇنداق ۋەسىلىنى قىلماسلىق كېرەك»[1].

www. islamQA.com (1)

# ئەخلاق ئىلمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1740. سوئال: ئەخلاق ئىلمى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەخلاق ئىلمى «ئەخلاق ئۆلچىمى» ۋە «ئەخلاق نەزەرىيىسى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئەخلاق ماۋزۇسى پەيغەمبەرلەر، پەيلاسوپلار ۋە ھەر خىل دىن ئىگىلىرى تەرىپىدىن تارتىشىلىپ كەلگەن قەدىمى ماۋزۇدۇر. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەخلاق ئۆلچىمى قۇرئان كەرىم، ئۇنىڭ جانلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان بالىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك بارچە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان زاتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيلاسوپلار ئارمان قىلغان ۋە ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زاماننىڭ ئىنسانلىرىمۇ يېتىشەلمىگەن ئەڭ ئالىي ئەخلاققا ئىگە زات ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ماختاپ: سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن [1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات شېرىكى (ئايالى) ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[2] دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەن تەرىپلىگەن.

قۇرئان كەرىمنى دەستۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆزىگە ھەقىقىي رەھبەر قىلغان ھەر قانداق ئادەم گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشەلەيدۇ.

### ئەخلاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىشلار

1741. سوئال: ئەخلاق نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىنساننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئاللاھ، پەيغەمبەر، قۇرئان ۋە دىنىنىڭ پۈتۈن ئەمرلىرىگە قارىتا مۇئامىلىسىدە، ئۆزى، ئائىلىسى، قوشنىلىرى ۋە بارلىق ئىنسانلارغا قارىتا ۋەزىپىسى ۋە مۇئامىلىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك گۈزەل ئەخلاق دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا تەلەپ قىلىنىدۇ.

---

(1) نۇن سۈرىسى 4- ئايەت

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## مۇئامىلە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1742. سوئال: مۇئامىلە دېگەن قانداق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ؟

جاۋاب: مۇئامىلە- ئىنسانلارنىڭ ئۆزى، ئائىلىسى، قوشنىلىرى، جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن قانداق ئۆتۈشى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى قايسى شەكىلدە ئېلىپ بېرىشى، ئېلىش - بېرىش ئىشلىرىدا قانداق بولۇشى ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىشلار مۇئامىلە دېيىلىدۇ.

1743. سوئال: مۇئامىلە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي فىقھى كىتابلاردا مۇئامىلە توغرۇلۇق مەخسۇس بۆلۈملەر تۈرغۈزۈلۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا ۋە باشقا دىندىكىلەرگە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسان بالىلىرىغا ئادالەت ۋە شەپقەتنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىش ئۆلچىمى ۋە پرىنسىپلىرى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن.

### مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مەنبەئى ۋە ئۆلچىمى

1744. سوئال: مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مەنبەئى ۋە ئۆلچىمى قايسى؟

جاۋاب: مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مەنبەئى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت بولۇپ، مۇئامىلىنىڭ ئۆلچىمى بۇ ئىككىسىدە ئېنىق ۋە تەپسىلى يورۇتۇپ بېرىلگەندىن تاشقىرى ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر

1745. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنىڭ مەنبەئى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنىڭ مەنبەئى ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىسلامىي تارىخ ۋە تەرجىمھال كىتابلىرىدۇر. زامانىمىزغا قەدەر بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. قەدىمقى ئەسەرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: ئىبنى ھىشامنىڭ «سىرە نەبەۋىيە» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى كەسىرنىڭ ئەينى ئىسىمدىكى ئەسىرى، ئىمام تىرمىزىنىڭ «شەمائىل» ناملىق ئەسىرى، شەيخ نەبھانىينىڭ «ئەنۋارۇل مۇھەممەدىيە» ناملىق ئەسىرى، ئىمام بەيھەقىي، ئەسپاھانى ۋە ماۋەردىيلەرنىڭ «دەلائىل ئەننۇبۇۋۋە» ناملىق ئۈچ ئەسىرى ۋە باشقىلاردۇر.

ھازىرقى مەشھۇر ئەسەرلەر: ئۇستاز ئەققادنىڭ «ئەبقەرىيەتۇ مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرى، شەيخ مۇھەممەد غازالىينىڭ «فىقھۇسسىرە»، دوكتور ئىماد خىلىلنىڭ «دەراسات فىسسىرە»، مەھمۇد شىتنىڭ «ئەررەسۇل ئەلقائىد»، سەفىيۇررەھمانىنىڭ «رەھىقۇل مەختۇم» ناملىق ئەسەرلىرىدۇر.

### تارىخ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالىنىڭ پەرقى

1746. سوئال: تارىخ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالىنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: تارىخ ئەسەرلەر ئوقۇش ۋە ئىبرەت ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ياخشى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆزگە ئۆلگە قىلىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالى تارىختىن بىر پارچە بولسىمۇ، ئۇ تارىخقا ئوخشىمايدىغان خاسلىققا ئىگە. شۇڭا ئۇنى ئوقۇپ، ئىبرەت ئېلىپلا ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا مىزان قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلگىلىك ساھابىلارنىڭ تەرجىمھاللىرىمۇ شۇنداق.

### مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى

1747. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت

بىرىشنىڭ سەۋەبى نىمە؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بىرىشنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى تارىخنىڭ ئەكسىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ، ئۇنى ئۈلگە قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇنى ئۈلگە قىلىشنىڭ يولى ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە پۈتۈن ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىشتۇر. سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر [1].

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىشنىڭ يولى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسىدۇر.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىشنىڭ يولىدۇر.

(1) ئەھزاب سۈرىسى 21. ئايەت

# شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە

1748. سوئال: شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە ئىسلام كۆزقارىشى قايسى؟

جاۋاب: شېئىر سۆزنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھەر قانداق سۆزنىڭ ياخشىسى ۋە يامىنى بولغىنىدەك، شېئىرنىڭمۇ ياخشىسى ۋە يامىنى بولىدۇ. شېئىر ئۆز زاتىدا ھالال ياكى ھارام دېيىلمەيدۇ، بەلكى مەزمۇنىغا قاراپ ھالاللىق ياكى ھاراملىق ھۆكۈمىنى ئالىدۇ. مەسىلەن: بىراۋدا بار پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئەينەن ماختاپ يېزىلغان شېئىرلار ھالاللىق دائىرىسىگە كىرگىنىگە، ئەكسىچە بىراۋدا يوق ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە پەزىلەتلەرنى بار دەپ ماختاپ يېزىلغان ياكى بىراۋنى يالغاندىن قارىلاپ، ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكۈپ يېزىلغان شېئىرلاردا يالغانچىلىق بىلەن ھەقسىزلىك مەۋجۇد بولغانلىقى سەۋەبلىك، مۇنداق شېئىرلار ھاراملىق دائىرىسىگە كىرگىنىگە ئوخشاش.

شائىرلىقمۇ خۇددى يازغۇچىلىققا ئوخشىغان بىر تالانت. ئۇنى ئۆز يولىدا قوللىنىش ياخشى بولغىنىدەك، يولسىزلىق بىلەن قوللىنىش ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شائىرلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن؟ ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلەرنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾[1] چۈنكى شائىرلاردا مەدھىيە ۋە سۆكۈشتە ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش خاھىشى كۆپ كۆرىلىدۇ. مەدھىيەنى چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىپ بىراۋدا بولمىغان خىسلەتلەر ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى زورىغا مەدھىيىلەش يالغان ئېيتقانلىق بولىدۇ. سۆكۈشتىمۇ بىراۋنى ياكى بىرەر نەرسىنى ناھەق سۆكۈش ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغانلىق، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ سۆكۈش ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ. يالغانچىلىق، ھەقسىزلىك ۋە تۆھمەت قاتارلىقلار ئىسلام دىنىدا قەتئىي چەكلەنگەن ھارام ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ[2].

شېئىر ۋە شائىرلىقنى ئۆز يولىدا قوللىنىش ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان ئىلىملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ

(1) شۇئەرا سۈرىسى224-227-ئايەتلەر

(2) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئابدۇرراھمان جىبرىننىڭ بۇ ھەقتىكى پەتىۋاسىدىن

يېنىدا شېئىرلارنى ئېيتاتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسان ئىبنى سابىت قاتارلىق شائىر ساھابىلارنى شېئىر يېزىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبمۇ تالانتلىق شائىرلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان شېئىر توپلاملىرى ساقلىنىپ ۋە نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.
تۆۋەندە تاللانغان بەزى شېئىرلار بېرىلدۇ:

## ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەققىدە[1]

سلْ الواحةَ الخَضْراَء والْمَاَء جارِياً
وهذه الصحارِي والجْبِاَلَ الرواسيا
سلْ الروْضةَ مزْداناً والزهْر والنداء
وسلْ كُل شيْئ تسْمع الحَمْد سارِياً
فَلَوْ جن هذَا اللْيلُ وامْتد سرْمداً
فَمنْ إِلَه غيْرُ ربي يرْجِع الصبْح ثَانِياً.

تەرجىمىسى:

سورغىن دەشتە چۆللەردىن، سورغىن ئېگىز تاغلاردىن،
سورغىن ئاققان سۇلاردىن، سورغىن يېشىل باغلاردىن،
سورغىن گۈزەل بوستاندىن، سورغىن چېچەك، شەبنەمدىن،
ئاڭلايدىغان مەدھىنى سۆرغىن بارچە ئالەمدىن،
گەر ئۇزارسا بۇ كېچە، زۇلمەت بېسىپ ھەممىنى،
بارمۇ ئۆزگە رەببىمدىن قايتۇرغۇچى سۈبھىنى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە

وأَحْسن مْنك لمْ تر قَطْ عْين     وأَجْملُ مْنك لمْ تلدْ النسآءُ

(1) مىسىرلىق ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق ئابدۇلھەمىد كىشك 1933-يىلى 10-مارت كۈنى مىسىرنىڭ بۇھەيرە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن كاتتا ئالىم ۋە مەشھۇر ناتىق بولۇپ، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ تەڭداشسىز ئىسلامىي ناتىق. ئابدۇلھەمىد كىشك كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولىغا ھاياتىنى ئاتىۋەتكەن ئەزىمەتلەردىن بولۇپ، مىسىرنىڭ سابىق ھاكىمۇتلەقلىرىدىن ئابدۇنناسىر ۋە ساداتلارنىڭ زامانلىرىدا، چىرىكلىككە قارشى سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى سەۋەبلىك ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان ۋە قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتىن قايتمىغان. ئۇ دەۋەت يولىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، 1996-يىلى6-دېكابىر كۈنى قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ 2000 پارچىدىن كۆپرەك نۇتقى لېنتىغا ئېلىنغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاڭلىنىپ تۇرماقتا.

خلقْت مبرءًا مِنْ كُل عَيْبٍ كأنك قَدْ خلقْت كما تشاءُ

تەرجىمىسى:

سەندىن ئېسىلنى كۆرگەن ئەمەس كۆز،
ئاياللار تۇغمىدى سەندىن گۈزەلنى،
ھېچبىر ئەيىبسىز، ساپساق تۆرەلدىڭ.
گويا خەلق ئەتتىڭ شۇنداق ئۆزەڭنى

**ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «دوستلار ۋە زامان» ناملىق شېئىرىدىن**(1)

تغيـرت المـودة و الاخـاء وقل الصدق و انقطع الرجاء
وأسلمني الزمان الى صديق كثير الغدر ليس لـه رعـاء
ورب أخ وفيت لـه بحـق ولكن لا يـدوم لـه وفـاء
أخلاء إذا استغنيـت عنهـم وأعـداء إذا نـزل البـلاء
يديمون المودة مـا رأونـي ويبقى الود ما بقي اللقـاء
وإن أغنيت عن أحد قلانـي وعاقبني بما فيـه اكتفـاء
سيغنيني الذي أغنـاه عنـي فلا فقـر يـدوم و لا ثـراء
وكـل مـودة لله تصـفـوا ولا يصفوا مع الفسق الإخاء
وكـل جراحـة فلهـا دواء وسوء الخلق ليس لـه دواء
و ليس بدائـم أبـدا نعيـم كذاك البؤس ليس له بقـاء
إذا انكرت عهدا مـن حميـم ففي نفسي التكرم و الحيـاء
إذا ما رأس أهل البيت ولى بدا لهم من النـاس الجفـاء

تەرجىمىسى:

دوستلۇق، ۋاپا ئۆزگىرىپ، راستچىللىق ئازىيىپ كەتتى.
زامان كەلدى، تەقدىرىمۋاپاسىز قولىغا ئۆتتى.

ۋاپا قىلسام كىمگىكى، ئۇنىڭدىن كەلگىنى جاپا،
ياردەم قىلسام دوستلىرىم، دۈشمەندۇر كەلگەندە بالا.

---

(1) تۆتىنچى خەلىپە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىندا كاتتا ئالىم بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئۇستازى، شېئىرىيەتتە تالانتلىق زات بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىر توپلاملىرى ھەر قايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ پارچە ئۇنىڭ"ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب شېئىرلىرىدىن"ناملىق شېئىر توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئىزھار قىلار دوستلۇقنى، قاچانكى كۆرگەندە مېنى،
ئەسكە ئالماس، خوشلىشىپ يېنىدىن كەتكەندە مېنى.

بىرى يىللاپ كۆرمىسە، سوراپمۇ قويمايدۇ مېنى،
يوقلۇقۇمدا قانغۇچە، سۆكىدۇ، تىللايدۇ مېنى.

ئۇنى قىلغان بىھاجەت مېنىمۇ قىلغۇسى شۇنداق،
داۋام قىلماس پېقىرلىق، بايلىقمۇ تۇرمايدۇ مۇنداق.

ئاللاھ ئۈچۈن دوستلۇق پاك-پاكىز، سۈزۈكتۇر ھەرئان،
چوقۇم زىيان تارتىدۇ دوستلۇققا ئاسيلىق قىلغان.

قانداقلا بىر يارا بولمىسۇن، تېپىلار ئۇنىڭغا شىپا
يامان خۇلققا چىقمايدۇ، ئەزەلدىن بىرەرمۇ داۋا.

ئەمەس نېمەت مەڭگۈلۈك، جاپامۇ ئەلۋەتتە شۇنداق،
تۈزكورلۇقنى دوستۇمغا، بۇ كۆڭلۈم كۆتىرەر قانداق.

ئىش باشقۇرسا ئەھلى بەيت، ئىنسانلار يۈز ئۆرۈر ھامان،
ئۇنى ئاز دەپ ئارقىدىن ملك جاپا كەلتۈرۈر ھامان.

## «بۇردە»ناملىق مەشھۇر قەسىدىدىن پارچە[1]

محمد أشْرف ٱلأعْرابِ والْعجم  مۇھەممەد ئەرەب- ئەجەمنىڭ ئېسىلى،
محمد خْير منْ يمْشي علٰى قَدمٍ  مۇھەممەد ئىنسان نەسلىنىڭ سەرخىلى،

محمد باسطُ الْمعْروف جامعه مۇھەممەد پۈتۈن ياخشىلىق ئۆلگىسى،
محمد صاحب ٱلِإحْسان وٱلكرمِ  مۇھەممەد ئاتا- ئېھسانىنىڭ ئىگىسى،

محمد تَاج رسلُ اللهِ قَاطبةً  مۇھەممەد بارچە رەسۇللار تاجىسى،
محمد صادق ٱلأقْوال وٱلكلامِ  مۇھەممەد راستچىل-راستچىللار خوجىسى،

محمد ثَابِت ٱلميثَاقِ حافظُه  مۇھەممەد ئەھدۇ-مىساقىنىڭ ئەمىنى
محمد طَيب ٱلأخْلاَقِ والشيمِ  مۇھەممەد ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ ئەمىرى،

محمد خبِيت بِالنورِ طيْنته  مۇھەممەد نۇردىن يارالغان پاكىرى،
محمد لَمْ يزلْ نوراً من القدمِ  مۇھەممەد نۇردۇر، ئەلمىساقتىن بىرى،

محمد حَاكم بِالْعدْلِ ذُو شرف  مۇھەممەد ئەدلى- ئادالەت تىمسالى،
محمد معْدنُ ٱلإِنعامِ والْحكمِ  مۇھەممەد ئالىي مەدەنىنىڭ مىسالى،

محمد خْير خلْقِ اللهِ منْ مضرِ  مۇھەممەد ھەممە ياخشىلار ئەۋۋىلى،
محمد خيْر رسلُ اللهِ كُلهمِ  مۇھەممەد جىمى رەسۇلنىڭ ئەۋزىلى.

---

(1) بۇ قەسىدىنىڭ ئاپتورى ئىمام شەرەفۇددىن مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ھەمماد ئەل سەنھاجى بۇسەيرىي 1213-يىلى7-مارت كۈنى (608-ھىجرىيە يىلى 1-شەۋۋال) مىسىرنىڭ بەنى سۇۋەيف رايونىغا قاراشلىق دالاس دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. كىچىك يېشىدىن شېئىر يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، ئىمام بۇسەيرىينىڭ مىڭلارچە شېئىر ۋە نۇرغۇنلىغان شېئىر توپلاملىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىرقى خزامان شائىرلىرى ئۆچۈن ئىلھىسم بولۇپ كەلمەكتە. ئىمام بۇسەيرى 1295-مىلادىيە (695-ھىجرىيە) 87يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدىن دۇنياچە شوھرەت قازانغانلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ «بۇردە» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان «الكواكب الدرية في مدح خير البرية» ناملىق شېئىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ يازغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى مۇھەممەد سەييىد كىيلانى دېگەن شائىر تەرىپىدىن رەتلىنىپ 1955-يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان.

محمد دينه حق ندين به — مۇھەممەد دىنى ھەق بولغاچ ئىشەندۇق،
محمد مجملاً حقاً على علم — مۇھەممەد نامى ئۇلۇغلۇقتا تەئەللۇق،

محمد ذكْره روح لأنفُسنا — مۇھەممەد يادى بىز ئۈچۈن ھاياتلىق،
محمد شكْره فرْض على الأمم — مۇھەممەد دۇرۇد، دۇئالارغا لايىق.

محمد زينةُ الدْنيا وبهْجتها — مۇھەممەد پۈتۈن دۇنيانىڭ زىننىتى،
محمد كاشف الْغمات والظلم — مۇھەممەد بىلەن قالماس تۈن زۇلمەتى

محمد سيد طابتْ مناقبه — مۇھەممەد ئېسىل، ئېسىلدۇر خىسلىتى،
محمد صاغه الرحْمن بالنعم — مۇھەممەد نېمەت- ئاللاھنىڭ نېمىتى.

محمد صفْوةُ الْباري وخيرته — مۇھەممەد يالغۇز ئاللاھنىڭ تاللىشى،
محمد طاهر منْ سائر التهم — مۇھەممەد پاكتۇر، مۇكەممەل ھەر ئىشى.

محمد ضاحك للضْيف مكْرمه — مۇھەممەد خۇشنۇت كۈتەتتى مېھماننى،
محمد جاره والله لمْ يضم — مۇھەممەد بۆلۈپ، بېرەتتى بىر ناننى.

محمد طابت الدْنيا ببعْثته — مۇھەممەد كېلىپ، دۇنيانى ياشاتتى،
محمد جاء بالآيات والْحكم — مۇھەممەد ھېكمەت، مۆجىزە ياراتتى.

محمد يوْم بعثَ الناس شافعنا — مۇھەممەد قىلار بىز ئۈچۈن شاپائەت،
محمد نُوره الْهادي من الظلم — مۇھەممەد نۇرى، يوللاردا ئالامەت.

محمد قائم لله ذُو همم — مۇھەممەد ئۆتتى، ئاللاھقا بولۇپ قۇل،
محمد خاتم للرسل كُلهم — مۇھەممەد ئىدى، ئاخىرقى رەسۇل.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، ئۇنى تەشنالىق بىلەن بىر قانچە كۈندىن بېرى كۈتىۋاتقان مەدىنە ئەھلى ئۇنى تۆۋەندىكى

ناخشىلىرى بىلەن قارشى ئالغان:

**طلع البدر علينا من ثنيات الوداع**
**وجب الشكر علينا ما دعا لله داع**
**أيها المبعوث فينا جئت بالأمر المطاع**
**جئت شرفت المدينة مرحباً يا خير داع**

تەرجىمىسى:

ئاي تۇغۇلدى، بۈگۈن بىزگە،
سەنىياتۇ ئەل ۋەدا[1]دىن ،
شۈكۈر لازىم ھەممىمىزگە،
ئاللاھ دېگەن شۇ سادادىن.

ئەي سۆيۈملۈك ئۇلۇغ ئەلچى!
ئۇلۇغ دىنني ئېپ كەلدىڭىز.
نۇرغا چۆمدى بۇ مەدىنە،
يۇرتىمىزغا خۇش كەلدىڭىز.

**پەيغەمبەر مەدھىيىسى***

رەسۇلۇللا ئىـــدى نىجاتــــكار،
ئۇنىڭ بىلەن ياشنىدى دىـــللار.
يېڭى دۇنيا شۇ كـــۈن يارىلىپ ،
تارىخ بولدى زۇلمەتلىك يـــللار.

رەسۇلۇللا ئىـــدى بىــر چىــراق،
نۇرى بىلەن قەلبلــەر يۇرۇغـــان.
ساغلام ئەقىل، ئويغاق ۋىـــجدانلار،
ئۇنىڭ بىلەن ھەقـــنى تونۇغــان.

سۆيەر ئىدى بىـــردەك ھەممىنى ،

(1) سەنىياتۇ ئەل ۋەدا ـ مەدىنە شەھىرىنىڭ سىمالىدىكى بىر جاينىڭ نامى

* پېقىرنىڭ شېئىرلىرىدىن. 2006ـيىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا يېزىلغان.

هارارەتلىك باغرىغـــا بېســـپ.
زىيان تارتتى ئەمما بەزىلەر،
بولمىغاچقا ھىدايـــەت نەسىپ.

كۈتكەن ئىدى تەلمـۈرۈپ ئۈنــى،
تەشنالىقـــتا چاڭقىغان دىـــللار،
تەسكىـــــن تاپتى كېلىشى بىلەن
بىشارەتتىـــن سۆزلىگەن تىـــللار.

ئەي قەدىردان! بەكمۇ بىزارمىـــز،
شەنىڭىزگە يەتكەن تۆھمەتتىـــن.
يىراقلاقلىشىپ پاتتۇق خورلۇقـــــقا،
سىز ئۆگەتكەن ئۇلۇغ ھېكمەتتىـــن.

نىجاتىكارغا بولغاچ ئېھتىيـــــاج،
ئىنسانىيەت سىزنى سېغىنـــدى.
شاقاۋەتـــكە تولغان ئالـــــەمدە،
بۇ ھاياتتىن ھەر كىم سىقىــلدى.

گۇناھكارمىـــز كەچۈر ئىلاھىـــم!
شاپائەتتىن مەھـــرۇم ئەيلىمـــــە.
قوبۇل ئەتكىن، چىندۇر سۆيگىمىز،
مۇكاپاتتىن مەھـــرۇم ئەيلىمــــە.

ئىلاھىم!سەن نەسىب ئـــەت بىـــزگە،
ئۇنىڭ بىلـــەن بىـــرگە قوپۇشـــنى.
ئورزۇقسىزمىز، رۇزى مەھشـــــەردە،
قولىمىزدىن مەھـــكەم تۇتۇشــنى.

بۇ ھاياتتا بولمىــدۇق نائىــــــــل،
ھەمراھ بـــولۇپ، ئاڭــا قېنىشــقا.

دەرگاھىـــڭدىن بىـــــزنى قوغلىـــما،
نەسىب ئەتكىن بىـــــرگە قېلىشـــقا.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى

1749. سوئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى قايسىلار؟
جاۋاب: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى 4 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
(1) قۇرئان كەرىم.
(2) سۈننەت.
(3) ئىجما.
(4) قىياس.

1750. سوئال: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى دەرىجە جەھەتتىن قانداق پەرقلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرى (يەنى تايىنىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرى) دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرئان كەرىم تۇرىدۇ، قۇرئان كەرىمدىن كېيىن سۈننەت ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاساسلىق دەلىل ـ ھۆججەت بولۇپ كېلىدۇ، سۈننەتتىن كېيىن ئىجما، ئاندىن قىياس كېلىدۇ.

1751. سوئال: يۇقىرىقى تۆت مەنبەگە ئەمەل قىلىش تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسلاردا ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ ئىجما ياكى قىياس قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاۋۋال قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنمىگەن، ھۆكۈممۇ بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە، سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. سۈننەتتىمۇ بولمىسا، ئاندىن قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئىجتىھاد قىلىنىدۇ. ئىجما بىلەن قىياس ئەنە شۇ ئىجتىھادتىن باشلىنىدۇ.

### ئىجما

1752. سوئال: ئىجما دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىجما ـ ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان زامانداش، مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېيىلىدۇ[1]. ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى ۋە

(1) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 109-.

ھۆججەتتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزى ئىجمانىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئاساسلىرى ۋە دەلىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ: كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر (نىڭ ئەمرى)گە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي! [1].

**ئىجمانىڭ تۈرلىرى**

1753. سوئال: ئىجما نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىجما ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، زاماندىكى ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز رەيىنى ئاشكارا سۆزلىشى ۋە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما، بۇ خىل ئىجما «ئىجما سەرىھە» (ئاشكارا ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئۆلىمالار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن، سۈكۈت قىلسا، بۇ خىل ئىجما «ئىجما سۇكۇتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ[2].

1754. سوئال: ئىجمانى كىملەر قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىجمانى ئىسلام ئۇممىتىدىن بولغان مۇجتەھىدلار قىلىدۇ.

**مۇجتەھىد ۋە ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرى**

1755. سوئال: مۇجتەھىد دېگەن قانداق كىشى؟

جاۋاب: مۇجتەھىد ـ دىنىي مەسىلىلەردە ئالىم بولۇپ، بارچە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى چىقىرالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن كىشى دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مەشھۇر مۇجتەھىدلار ئىمام ئەزەم، ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەدلەردۇر.

1756. سوئال: ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ سەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

بەت.

(1) نىسا سۈرىسى 115ـ ئايەت.

(2) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 109ـ بەت.

(1) ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىگە دالالەت قىلىدىغان ئىنچىكە ئۇسۇللىرىنى پۇختا بىلىش.

(2) قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى، قۇرئاننىڭ ئەمەلدىن قالغۇچى ۋە قالدۇرغۇچى ئايەتلىرىنى، مۇجمەل، تەپسىلى، مۇتلەق، چەكلىك، ئومۇمىي، خۇسۇسىي مەنىلىرىنى تولۇق بىلىدىغان بولۇش.

(3) ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلارنى بەلگىلەشتىكى غايىسىنى، كىشىلەر دۇچ كەلگەن شارائىتلارنى، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىپ بولغان ئىشلارنى، ھۆكۈملەرنىڭ "نېمە ئۈچۈن" لىرىنى ياخشى بىلىش[1].

يۇقىرىقى 3 شەرتكە توشقان كىشى «مۇجتەھىد» (ئىجتىھاد قىلغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەرتلەرگە توشۇپ، ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولغان ھەر قانداق بىر مۇجتەھىدنىڭ قانداقلا بىر ماۋزۇدا بولمىسۇن، قانداقلا زامان ۋە ماكاندا بولمىسۇن ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقى باردۇر. ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش مەزھەب پېشۋالىرى ئۈچۈنلا خاس بولغان بىر ئىش ئەمەس، بەلكى ئىجتىھاد قىلىشنىڭ شەرتلىرىگە توشقان ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئالىمنىڭ قايسى ماۋزۇدا بولمىسۇن ئىجتىھاد قىلىشى ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە يول ئوچۇقتۇر. چۈنكى دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى بۇرۇنقى زامانلاردا بولمىغان، مۇسۇلمانلار جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان يېڭى - يېڭى ھادىسىلەر، مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھاد بىلەن يېڭى چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغانلىقىدۇر.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىمۇ ئىجتىھادنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاساس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەمەننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتىش ئالدىدا، ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

-ھەققىدە ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغان بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىڭدە نېمە قىلىسەن؟

-ئاللاھنىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىش كۆرىمەن ـ دەيدۇ مۇئاز.

-ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە بىرەر ھۆكۈم بولمىسا نېمە قىلىسەن؟

---

(1) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 94-95-بەتلەر.

-پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن.
-پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ بولمىسا نىمە قىلىسەن؟
-بۇ ۋاقىتتا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا، ئۆز رايىم بويىچە ئىجتىھاد قىلىمەن- دەيدۇ مۇئاز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ: "ئاللاھقا شۈكۈر ئىبتىمەنكى، ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلدى" دەيدۇ»[1].

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئاندا ياكى سىزنىڭ ھەدىسلىرىڭىزدا ھۆكمى كەلمىگەن يېڭى - يېڭى ھادىسلەر ۋە مەسىلىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، بۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "مۆمىنلەردىن بولغان ئالىملارنى توپلاپ بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق قارار چىقىرىڭلار، ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ بىرەر كىشىنىڭلا رايى بىلەن ئىش كۆرمەڭلار" دەپ جاۋاب بەردى »[2].

يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستىن كۆرىمىزكى، ئىجتىھاد ـــ كىشىلىك ئىجتىھاد ۋە كوللېكتىپ ئىجتىھادتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## كىشىلىك ئىجتىھاد بىلەن كوللېكتىپ ئىجتىھاد

1757. سوئال: كىشىلىك ئىجتىھاد بىلەن كوللېكتىپ ئىجتىھادنىڭ پەرقى نىمە؟

جاۋاب: كىشىلىك ئىجتىھاد يۇقىرىقى ھەدىستا مۇئازنىڭ دېگىنىدەك، كوللېكتىپ ئىجتىھاد ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكىنىدەك بولىدۇ. كىشىلىك مەسىلىلەر، ئومۇمەن كىشىلىك ئىجتىھاد بىلەن، ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر مۇتلەق كوللېكتىپ ئىجتىھادى بىلەن جاۋابلاندۇرىلىدۇ[3].

1758. سوئال: ئىجمانى ئەڭ ئاۋۋال جارى قىلدۇرغانلار كىملەر؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىجمانى ئەڭ ئاۋۋال جارى قىلدۇرغانلار ئاۋۋالقى ئىككى خەلىپە ــ ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى

---

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، دارمىي رىۋايىتى
(2) ئىمام مالىك، تەبەرانىي رىۋايىتى
(3) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 429-بەت.

خەتتابلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولغان مەزگىلدە پۈتۈن مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىناتتى، ئىجما قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا بايانى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە جاۋابقا ئېھتىياجلىق بولغان. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرەر مەسىلىدە ھۆكۈم تەلەب قىلىپ كەلگەندە، ئۇ ئاۋۋال قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلاتتى، مەزكۇر مەسىلىنىڭ بايانى قۇرئاندا بولسا، شۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئەگەر قۇرئاندا بولمىسا ھەدىسلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى، ھەدىسلاردا بولسا شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، ئەگەر ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن ئىجما قىلىش ئارقىلىق ئورتاق ھۆكۈم چىقىراتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خۇددى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئىجما قىلاتتى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى قازىلىرىغىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۇفە شەھىرىگە قازى قىلىپ تەيىنلىگىنىدە، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ: «بىرەر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم قىلىشتا ئاۋۋال ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇراجىئەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنىڭدا شۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى بولمىسا، ھېچكىمدىن سورىماستىن ھەدىسلارغا مۇراجىئەت قىلغىن، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا، ئۆز رايىڭ بىلەن ئىجتىھاد قىلغىن، ئاندىن ئۆلىمالارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈم چىقارغىن».

يۇقىرىقىلار ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى يۆنىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال قۇرئان، ئاندىن ھەدىس، ئاندىن ئىجمانى ئاساس قىلغان ھالدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلگەن، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە كىشىلىك ئىجتىھادقا كۆپىيە قىلاتتى. مۇسۇلمانلار جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەردە پەقەت كوللېكتىپ ھالدا ئىجتىھاد قىلىپ، پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى. ساھابىلار ۋە كېيىنكى پارلاق دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە نىجاتلىقى ئۈچۈن كەلگەن ئادالەتلىك قانۇن ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا ــ ھۆكۈمدە، پەتىۋادا، تەبلىغدە، تەشۋىقاتتا ئالدى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇ شۇكۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە

تاماملاشنى خالايدۇ [1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈپ: «دىننى كىشىلەرگە ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇنى ھەرگىزمۇ تەسلەشتۈرۈپ قويماڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## قىياس ۋە قىياس قىلىش ئۇسۇلى

1759. سوئال: قىياس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قىياس - قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش(ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: نەشە، ئەپيۇن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ھاراملىقىنى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن ھارام قىلىنغان ھاراققا قىياس قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەنگە ئوخشاش. قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبىئىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. دېگەن [3].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

1760. سوئال: قىياس قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قانداق؟

جاۋاب: قىياس قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىستىكى ئوخشىشىنىڭ ماھىيىتىنى، ئالغان ھۆكمىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ھۆكۈم تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ يېڭى مەسىلىنى قۇرئان ياكى ھەدىستىكى مەزكۇر مەسىلىگە قىياس قىلىش(ئوخشىتىش) ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش، ئەگەر ھۆكۈم تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ يېڭى مەسىلىنىڭ ئوخشىشى قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا بولمىسا، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قانۇنشۇناسلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رايى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: ھاراق

(1) مائىدە 6 - ئايەت

(2) ئۇستاز ئەلى ھەسەبۇللانىڭ«ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسەرى 92- بەت.

(3) ئەنبىيا سۈرىسى 104 - ئايەت

ئىچىش قۇرئاننىڭ كەسكىن ھۆكمى بىلەن ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار [1].

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن، ھاراقنىڭ ھاراملىقى قۇرئاندا ھارام قىلىنغان ئەسلىي ھۆكۈمدۇر. ئۇنىڭ سەۋەبى ئەقىلغا، تەن ساقلىققا، ئەخلاققا ۋە ئىقتىسادقا زىيانلىق بولغانلىقىدىن ئىبدى. ئاق چېكىملىك، نەشە، تاماكا قاتارلىقلارنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلاردا ھارام ياكى ھالاللىقى ھەققىدە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان چۈشكەن زامانلاردا يوق ئىبدى. ئەمما بۇلاردا ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر بار. مەسىلەن: ئاق چېكىملىكنىڭ، نەشىنىڭ ۋە تاماكىنىڭ ئەقىلغا، تەن ساقلىققا ۋە ئىقتىسادقا زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بىر رېئاللىق. نەتىجىدە، بۇلاردىمۇ ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ئىجتىھاد يولى بىلەن بۇلارنى قۇرئاندا ھارام قىلىنغان ھاراققا ئوخشىتىپ قىياس قىلىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھاراملىقىنى قارار قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ نىشانلانماقچى بولغان ئايالىغا ئۇ ئۆزى ۋازكەچمىگىچە نىشانلىنىۋېلىشى، ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋازكەچمىگىچە سودا قىلىشى قەتئىي توغرا ئەمەستۇر»[2].

بۇ ھەدىسقا ئاساسەن، بىراۋنىڭ سودىسىنى بۇزۇش توغرا ئەمەس. سەۋەبى بىراۋنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر. مانابۇ، ھەدىس ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەسلى ھۆكۈم. بۇنىڭغا قىياس قىلغان ھالدا، بىراۋنىڭ ئىجارىسىنى بۇزۇشمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، ھەر ئىككى ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدىكى سەۋەب بىراۋنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 90 ـ ئايەت

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

# فىقھى ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1761. سوئال: فىقھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: فىقھ ـ لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شەرئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ـ شەرئەت دەلىللىرى ئارقىلىق شەرئەتنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

## فىقھى ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە رەتلىنىشى

1762. سوئال: فىقھى ئىلمى قاچان مەيدانغا كەلگەن؟

جاۋاب: فىقھى ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا تەدرىجى ھالدا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. كېيىنچە ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە فىھى ئىلمى رەسمىي تۈردە قانات يايغان.

1763. سوئال: فىقھى ئىلمى قاچان رەتلىنىپ توپلىنىشقا باشلىغان؟

جاۋاب: فىقھى ئىلمى ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە رەسمىي تۈردە رەتلىنىپ توپلىنىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر فىقھى مەزھەبلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىققان دەۋرى ئىدى.

## فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب

1764. سوئال: فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب كىشىلەرنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجىدۇر.

1765. سوئال: فىقھى ئىلمىنىڭ ماۋزۇسى نېمە؟

جاۋاب: فىقھى ئىلمىنىڭ ماۋزۇسى ياكى مەيدانى شەرئەت تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. مەيلى نامازغا ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن، مەيلى ئوغرىلىققا ئوخشاش تەرك ئېتىش تەلەب قىلىنغان ئىش بولسۇن، مەيلى يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش ئىختىيارى ئىش بولسۇن، ئىسلام فىقھى بۇ ئىشلارنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى سىستېمىلىك ھالدا، ئوچۇق ۋە تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

# مەزھەب ھەققىدىكى مەسىلىلەر

1766. سوئال: مەزھەب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەزھەپ ــ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بارىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېگەنلىك بولۇپ، مۇجتەھىدلارنىڭ دىنىي ماۋزۇلاردىكى پەرقلىق چۈشەنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان جامائەتلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ.

تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزھەب ــ ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلانغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە بولمىغان ماۋزۇلاردا مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مۇشكىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا تايىنىپ ھەل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان پىكىر ۋە تەتبىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.

### مەزھەبنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

1767. سوئال: مەزھەب قاچان پەيدا بولغان؟

جاۋاب: مەزھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ زامانىدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

1768. سوئال: نېمە ئۈچۈن مەزھەبلەر كۆپ بولغان؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەجازىي (باشقا بىر) مەنە ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى«قۇرۇئ»سۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرىشىنى ئىپادىلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە، «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب(ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نى ئىپادىلىگىنىگە، «نەھيى» سۆزىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمدىكى: دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق [1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

(2) ھەدىسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق:

① بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەر بىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

② ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

③ ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم مەيدانغا چىققان ۋاقىتتىكى ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتلەرنى ئېغىر قويمىغان.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەبلەر

1769. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدا قانچە تۈرلۈك مەزھەب بار؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى تۈرلۈك مەزھەب بولۇپ، بىرى، ئېتىقادىي (يەنى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك) مەزھەبلەر، يەنە بىرى ئەمەلىي (يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە

(1) بەقەرە سۈرىسى 256- ئايەت

مۇناسىۋەتلىك) مەزھەبلەردۇر.

1770. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئېتىقادىي مەزھەبلەر: ئەھلى سۈننە، شىئە، مۆتەزىلە، خاۋارىج، رافىزە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە، جىبرىيە، قەدەرىيە ۋە باشقىلار قاتارلىق مەزھەبلەردۇر.

## بىزنىڭ ئېتىقادىي مەزھىبىمىز

1771. سوئال: بىزنىڭ ئېتىقادىي مەزھىبىمىز قايسى ۋە مەزھەب ئىمامىمىز كىم؟

جاۋاب: بىزنىڭ ئېتىقادىي مەزھىبىمىز ئەھلى سۈننە مەزھىبىدۇر. ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد ماتىرىيدىي دېگەن كىشى ئەھلى سۈننە مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى سانىلىدۇ.

1772. سوئال: دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟

جاۋاب: 2000- يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1.188.000.000 (بىر مىليارد 188 مىليون) غا يەتكەن. بۇلاردىن بىر مىلياردتىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. 2025- يىلىغا بارغاندا ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1.500.000.000 (بىر يېرىم مىليارد) تىن ئاشىدىغانلىقى كۆتۈلمەكتە. «دۇنيا خرىستىئانلىرى ئېنسىكلوپېدىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى دېۋىد بارېت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۇنيادا ھەر كۈنى تەخمىنەن 340 مىڭ بوۋاق ھاياتقا كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇلاردىن 68 مىڭى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە، ئۇلاردىن يەنە 60 مىڭى ئەھلى سۈننە ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ».

1773. سوئال: ئەھلى سۈننە مەزھىبىنىڭ دۇنيادىكى نوپۇزى قانچىلىك؟

جاۋاب: دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. تۈركىستان، جۇڭگو، روسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە ھىندونوزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85% ى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15% نى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ.

1774. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەردىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئەھلى سۈننە مەزھىبى، ئىككىنچىسى، شىئە مەزھىبىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقا مەزھەبلەرنىڭ تولىسى دۇنيا يۈزىدىن غائىب بولۇپ تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، بارلىرىنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن پىرسەنتكە چۈشمەيدۇ.

1775. سوئال: ھازىر دۇنيادا قانچىلىك شىئە بار؟

جاۋاب: يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلار ھازىر دۇنيادا 120 بىلەن 150 مىليون ئوتتۇرىسىدا بارلىقىنى ، بۇ ساننىڭ ئۈممۈمىي مۇسۇلمانلار سانىنىڭ تەخمىنەن 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

شىئەلەر ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان دۆلەت ئىران بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە شىئەلەر كۆپ ساندا تېپىلىدۇ.

## ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر

1776. سوئال: ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرقلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

| قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| قۇرئان كەرىم كەم- زىيادە قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان، ئاللاھتىن چۈشكەن پېتى داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە چۈشىنىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامىدۇر | شىئەلەرنىڭ بەزىسى قۇرئان كەرىمنىڭ كەم ـ زىيادىدىن خالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە پىكىرلىرىگە توغرا كەلمىگەن ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىپ، مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ. |

| ھەدىس توغرۇلۇق | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| ھەدىس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەئى، قۇرئاننى تەپسىرلەپ چۈشەندۈرگۈچى بىردىنبىر مەنبە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقى ئېنىقلانغان ھەدىسنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا تونۇلغان ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن پرىنسىپى ئاساس | شىئەلەر ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئائىلىسى) دىن چىققان ۋە ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن توپلانغان، سىياسىي توقۇنۇشلاردا ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەدىسلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ھەدىسنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە تەتقىق |

| | |
|---|---|
| قىلىنىدۇ. | قىلىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. |

| ساھابىلار توغرۇلۇق | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىپىدە | شىئە مەزھىپىدە |
| ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئۈلگىلىك ۋە ئادالەتلىك كىشىلەردۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي توقۇنۇش ۋە دىنىي ئىختىلاپلار پەقەت ياخشى نىيەتلىك ئىجتىھاد يولى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن قايسىبىرىنى ئەيىبلەشكە ياكى ئۆچمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. | شىئەلەر ساھابىلاردىن ئىنتايىن ئاز كىشىدىن باشقا ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كاپىر بولۇپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنى بەزى شىئە پىرقىلىرى پەيغەمبەر دېسە، بەزىلىرى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەلىدىن بۇرۇن خەلىپە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىر، زالىم دەيدۇ. |

| تەۋھىد ئەقىدىسى توغرۇلۇق | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىپىدە | شىئە مەزھىپىدە |
| ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى ياكى ئوخشىشى يوق. ئاللاھ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى يوق. ئاللاھنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلاردا كەلگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن، باشقىلارغا ئوخشاتماستىن كەلگەن پېتى چۈشىنىش كېرەك. غەيىبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى | شىئەلەرمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىراق بۇ ئېتىقادىنى ئاللاھقا شېرىك قوشۇش بىلەن بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش، قەبرىلەرگە مال بوغۇزلاش ۋە چوقۇنۇش قاتارلىق خۇراپاتلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. ئۆزلىرى ئۇلۇغلايدىغان ئەھلى بەيت ئىماملىرىنى غەيبلەرنى بىلىدۇ، كەمچىلىكلەردىن مەسۇم دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەۋلىيالار |

| | |
|---|---|
| بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسي دىن، ئاندىن ئەقىلدۇر. | كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى ئەقىل دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. |

ئاللاھنى كۆرۈش توغرۇلۇق

| ئەھلى سۈننى مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
|---|---|
| «ئۇلار پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئاللاھنى پەقەت ئاخىرەتتىلا كۆرۈش مۇمكىن. | شىئەلەر ئاللاھنى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە كۆرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. |

غەيب توغرۇلۇق

| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
|---|---|
| غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ مەلۇم دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن.«ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۇ ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ»[1] | شىئەلەر غەيبلەرنى بىلىش پەقەت شىئە ئىماملىرىنىڭ ھەققى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبتىن خەۋەر بېرىشى دۇرۇس ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا بەزىلىرى ئۆلىمالىرىنى ئىلاھ دەپ تونۇيدۇ. |

شەرىئەت ۋە ھەقىقەت توغرۇلۇق

| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
|---|---|
| شەرىئەتنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بۇيرۇغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگەن. ھېچ نەرسىنى يوشۇرغان ئەمەس. ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، | شىئەلەر شەرىئەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئەھكاملار بولۇپ، ئاۋام خەلق ئۈچۈنلا كېرەك بولىدۇ. ئەمما ھەقىقەت ياكى خاس ئىلمىنى ئەھلى بەيت ئۆلىمالىرىدىن باشقا |

| | |
|---|---|
| ھەر قانداق يامانلىقتىن توسقان بەندىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا قىلىش ئۇچۇن بىراۋنىڭ ۋاستىسى كېرەك ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىنسانلار كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن مەسۇم ئەمەس. | ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇلار ھەقىقەت ئىلىملىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەمچىلىكلەردىن مەسۇم كىشىلەر، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت شۇ كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا بولىدۇ. |

## ئىچ يۈزىنى يوشۇرۇش توغرۇلۇق

| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
|---|---|
| مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىراۋغا ئۆزىنىڭ ئىچ يۈزىنى يوشۇرۇپ، باشقىچە كۆرسىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىنسانلارنى ئالدىغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنى ئالدىغانلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن. قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن كىشىلەرنى ئالداشقا، زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇش ئەسناسىدا، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا شۇنداق قىلسا بولىدۇ. | شىئەلەرنىڭ پۈتۈن تائىپىلىرى ۋە پىرقىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىچ يۈزىنى يوشۇرۇش پەرزدۇر. ئۇلار بۇنى «تەقىيە» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق قىلىش شىئە مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق روھى بولۇپ، شىئە بولمىغانلارغا «تەقىيە» يولى بىلەن بارلىق ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىقلارنى يوللۇق سانايدۇ. ئۇلارنىڭ "تەقىيە"سى بولمىغان ئادەمنىڭ دىنىمۇ يوق» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار. |

## خەلىپە ياكى ئىماملىق توغرۇلۇق

| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
|---|---|
| ئىسلام دۆلىتىنى مۇسۇلمانلار ئامىسى ئىچىدىن سايلىنىپ چىققان خەلىپە باشقۇرىدۇ. خەلىپە | شىئەلەردە خەلىپىلىك مىراس يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خەلىپىلىك زەنجىرى ھەزرىتى |

| | |
|---|---|
| بولۇپ سايلىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم، تەقۋالىق، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. | ئەلىنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان پەرزەنتلىرىدىن باشلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ خەلىپە بولۇش ھەققى يوق. |

| فىقھى مەسىلىلەردە | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، ساھابى ۋە تابىئىين (ساھابىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئەۋلاد) ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قىلغانلىرىدىن ئۈلگە ئېلىنىدۇ. ھېچكىمنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى يېڭىدىن بەلگىلەش ھەققى يوق. | شىئەلەر فىقھى مەسىلىلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا شىئە ئىماملىرىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىش، بەلگىلەش ھوقۇقى بار. ئەزان، ناماز، روزا، زاكات، ھەج، مىراس مەسىلىلىرىدىكى ئوخشاشماسلىق بۇنىڭ مىسالى |

## ئەهلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر

1777. سوئال: ئەهلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەهلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەبلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) ھەنەفىي مەزھىبى
(2) مالىكىي مەزھىبى
(3) شافىئىي مەزھىبى
(4) ھەنبەلىي مەزھىبى

**ھەنەفىي مەزھىبى**

1778. سوئال: ھەنەفىي مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب ۋە قۇرغۇچىسى كىم؟

جاۋاب: ھەنەفىي مەزھىبى ـ ئەهلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم (ئەڭ چوڭ ئىمام)نىڭ تولۇق ئىسمى ـ سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 80-يىلى (699م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىك زامانىدا ياشىغان. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە ۋاپادارلىقى بىلەن تونۇلغان كاتتا ئالىم ئىدى.

ئىمام ئەزەم ئۇستازى ھەممادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەسجىدىكى تالىبلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىمام ئەزەم تالىبلارغا ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ھەتتا ئىمام ئەبۇ يۇسۇپكە ئوخشىغان بەزى كەمبەغەل تالىبلارنىڭ مەئىشەت يولىدىكى پۇتلىشىش چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى. ئىمام ئەزەم تالىبلارنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت ئىشىنىمۇ ئاقسىتمىغان بولۇپ، كۇفە شەھرى مەركىزىدە خام ۋە يىپەك ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ شېرىكى ماڭدۇرۇپ پايدىسىدىن ئۇنىمۇ نېسىۋىدار قىلاتتىكەن. ئىمام ئەزەمنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئەل فىقھۇل ئەكبەر»، «ئەل مەخارىج فى ئەلفىقھ» دېگەن كىتابلىرىدۇر.

ئىمام ئەزەم ھىجرىيىنىڭ 150-يىلى (767- يىلى 14- ئىيۇن كۈنى) 70 يېشىدا باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، باغداد شەھرىنىڭ ئەئزەمىيە رايونى، دىجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خىرزان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى

1779. سوئال: ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىبىسى ۋە ئورنى نېمە؟

جاۋاب: ئىمام ئەزەم ئىسلام فىقھشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ پېشۋاسىدۇر.

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىمام ئەزەمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەزەمدىن ئالىمراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق»[1].

ئىمام شافىئىي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىي مەرتىبىسىنى بايان قىلىپ: «فىقھى ئىلمىدا ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز»[2] دېگەن ئىكەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى»[3].

ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالىغا يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم»[4].

## ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار

1780. سوئال: ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار كىملەر؟

جاۋاب: ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن 40 تىن كۆپرەك ئالىم يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ كىشىدۇر:

(1) ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ، تولۇق ئىسمى - ئىبراھىم ئوغلى ياقۇب ئەل ئەنسارى

---

(1) باغدادنىڭ تارىخى 13 - توم 345 -بەت

(2) باغدادنىڭ تارىخى 3 - توم 323 - بەت

(3) تەھزىب ئەل تەھزىب 5 - بەت 604 - بەت

(2) تەھزىب ئەل تەھزىب 5 - بەت 604 - بەت

(4) تەرتىب ئەل مەدارىك 3 - توم 300 - بەت

ھىجرىيىنىڭ 113-يىلى (731م) كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن دىنىي ئىلىملەرگە قاتتىق قىزىقىش بىلەن يۈزلىنىپ، ئىمام ئەزەمنىڭ قولىدا 17 يىل مۇتتەزىم ئوقۇغان. ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن خەلىپە مەھدىنىڭ زامانىدا باغداتتا تارىختا بىرىنچى قېتىم قازىلىق مەنسىپى ۋە قازى ئاتالغۇسى بارلىققا كېلىپ، ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم قازىلىق ۋەزىپىسىنى قىلغان كىشى بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىندۇ. كېيىنچە دۇنياغا مەشھۇر خەلىپە ھارۇن ئەل رەشىدنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ مەنسىپى تېخىمۇ ئۈستۈرۈلۈپ قازى قۇزات (قازىلارنىڭ قازىسى) بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئىمام ئەبۇ يۈسۈپنىڭ قازىلىق دەۋرى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ئىمام ئەزەمنىڭ بىرىنچى شاگىرتى بولۇپ، كاتتا ئۆلىما ئىدى، نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان، تۇنجى بولۇپ ئۇسۇلى فىقھى (قانۇنشۇناسلىق پرىنسىپى)نى ئىجاد قىلغان كىشىدۇر. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 182-يىلى (799م 21- ئاپرېل كۈنى)، 69 يېشىدا باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن، جىنازا نامىزىنى خەلىپە ھارۇن ئەل رەشىد ئوقۇغان.

(2) ئىمام مۇھەممەد، تولۇق ئىسمى ھەسەن ئوغلى مۇھەممەد ئەل شەيبانىي بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 132-يىلى (749م) ئىراقتا دۇنياغا كەلگەن. ئىمام مۇھەممەد ئىلىمدە كامال تاپقانلاردىن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ يۈسۈفتىن قېلىشمايدۇ. ئۇ شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىمام ئەزەمنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىمام ئەبۇ يۈسۈپتە ئوقۇغان. ھىجرىيىنىڭ187-يىلى (803م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

(3) ئىمام زۇفەر ئەلھۇزەيل ھىجرىيىنىڭ108-يىلى (727م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەنەفىي مەزھىبىدىكى كاتتا مۇجتەھىدلاردىن بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقارغان كىشىدۇر. ئىمام زۇفەر ھىجرىيىنىڭ 157- يىلى (774م) تەخمىنەن 47 ياشلار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەنەفىي مەزھىبىدە 17 مەسىلىدە ئىمام زۇفەرنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ كەلمەكتە[1].

### مالىكىي مەزھىبى

1781. سوئال: مالىكىي مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب ۋە قۇرغۇچىسى كىم؟

---

(1) «ئىسلام فىقھىغا كىرىش» ناملىق ئەسەردىن

جاۋاب: مالىكىي مەزھىبى- ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىكتۇر.

ئىمام مالىك ھىجرىيىنىڭ93-يىلى (715م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل مۇۋەتتە» دۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيىنىڭ 179-يىلى (795م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مالىكىي مەزھىبى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە مەيدانغا كېلىپ ھىجاز (مەككە، مەدىنە ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار)، مىسىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) قاتارلىق رايونلارغىچە يېرىپ يەتكەن. ھازىرقى زاماندا مالىكى مەزھىبىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق رايونلىرى ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىبىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئىراق، ھىجاز، پەلەستىن ۋە سۇرىيەلەردىمۇ ئاز ساندا تېپىلىدۇ.

## شافىئىي مەزھىبى

1782. سوئال: شافىئىي مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب ۋە قۇرغۇچىسى كىم؟

جاۋاب: شافىئىي مەزھىبى- ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر.

ئىمام شافىئىي ھىجرىيىنىڭ 150-يىلى (767م) ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ غەززە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە ئىككى يېشىدا ئاتىسى بىلەن مەككىگە كېلىپ ئىمام مالىكتا فىقھى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھ ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ھاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يەنە ئىراققا بېرىپ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا فىقھى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان ۋە ھىجرىيىنىڭ202-يىلى (819م) مىسىردا ۋاپات بولغان.

ئىمام شافىئىينىڭ «كونا» ۋە «يېڭى» ئىككى مەزھىبى بولۇپ، ئىراقتىكى ۋاقتىدا كونا مەزھىبى، مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەزھىبى ئوتتۇرىغا چىققان.

شافىئىي مەزھىبى ھازىر مىسىر، پەلەستىن، كۇردلار ياشايدىغان رايونلار، ئىران، ھىندونېزىيە، پاكىستان ۋە لىۋان قاتارلىق جايلاردا ئورۇن ئالماقتا.

## ھەنبەلىي مەزھىبى

1783. سوئال: ھەنبەلىي مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب ۋە قۇرغۇچىسى كىم؟

جاۋاب: ھەنبەلىي مەزھىبى ـ ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر 4 مەزھەبنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيىنىڭ 163- يىلى (780م) تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىمام شافىئىي باغدادتا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدا فىقھى ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن مۇتەزىلە مەزھىبىنىڭ "قۇرئان مەخلۇقتۇر" دەيدىغان پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلىمالارنى بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، ئىمام ئەھمەد بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك 28 ئاي تۈرمىدە ياتقان ھەمدە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 271- يىلى (855م) ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەنبەلىي ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نەجد رايونىدا پۈتۈنلەي ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھىجازدىمۇ كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. پەلەستىن، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە شافىئىي مەزھىبىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مەزھەب ھەنبەلى مەزھىبى ھېسابلىنىدۇ.

## شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر

1784. سوئال: شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەبلەر زەيدىيە ۋە جەئفەرىيەدىن ئىبارەت ئىككى مەزھەبتۇر.

1785. سوئال: زەيدىيە مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب؟

جاۋاب: زەيدىيە مەزھىبى- تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى زەينىل ئابىدىن دېگەن كىشىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ فىقھى قاراشلىرى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەڭ

يېقىن. ئېتىقادى قاراشلىرى مۇتەزىلە مەزھىبىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەتتا مۇتەزىلە مەزھىبى ئىمام زەيدنى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىي جەھەتتىكى ئىمامى ھېسابلايدۇ. بۇ مەزھەب مىلادىيە 8- ئەسىردە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ھازىر يەمەن جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە دەۋر سۈرمەكتە.

1786. سوئال: جەئفەرىيە مەزھىبى دېگەن قانداق مەزھەب؟

جاۋاب: جەئفەرىيە مەزھىبى ـ ئەھلى بەيتنىڭ 6ـ چوڭ ئىمامى ۋە كاتتا ئۆلىمائىمام جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، بۇ مەزھەب ھازىر ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان، بەھرەين، لىۋان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دەۋر سۈرمەكتە. بۇ مەزھەب ئون ئىككى ئىمام مەزھىبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، ئۇلارنىڭ ئون ئىككىنچى ئىمامى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەسكەرى دۇنيادىن غايىب بولغان، ئۇ ئاخىر زاماندا قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۇنيانى ئادالەتكە تولدۇرىدىغان «مەھدى» ھېسابلىنىدۇ.

## ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھى مەزھەبلىرى

1787. سوئال: ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھى مەزھەبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە مەزھىبى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھى مەزھەبلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمام لەيس ئىبنى سەئىد (93ـ174ھ/712ـ791م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب مىسىردا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبى ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋام قىلغان.

(2) ئىمام داۋۇد زاھىرىي (199ـ269ھ/815ـ 883م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب باغدادتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ 4- ئاساسى بولغان قىياسنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كېيىنچە يوقىلىپ تۈگەشكەن.

(3) ئىمام ئابدۇراھمان ئەۋزائىي (88ـ157ھ/707ـ 774م) نىڭ مەزھىبى. بۇ مەزھەب سۈرىيەدە مەيدانغا چىققان بولۇپ سۈرىيە، لىۋان، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان. كېيىنچە، سۈرىيەدە ئىمام شافىئىينىڭ، ئىسپانىيەدە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبى ئومۇملىششى نەتىجىسىدە، بۇ مەزھەبكە ئەگەشىدىغانلار تەدرىجى تۈگەپ كەتكەن.

**بىزنىڭ فىقھى مەسىلىلىرىدىكى مەزھىبىمىز**

1788. سوئال: بىزنىڭ ئەمەلىي مەزھىبىمىز قايسى ۋە مەزھەب ئىمامىمىز كىم؟

جاۋاب: بىزنىڭ ئەمەلىي(فىقھى مەسىلىلىرىدىكى) مەزھىبىمىز ھەنەفىي مەزھىبى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزھەب ئىمامىمىز ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە دېگەن كىشىدۇر.

1789. سوئال: دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ؟

جاۋاب: تۈركىستان، جۇڭگو، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، تۈركىيە، مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئېئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئېئوردانىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. ئومۇمەن ئوسمانىي خەلىپىلىكى (ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى ئورۇن ئالغان. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ[1].

(1) «المدخل في الفقه» ناملىق ئەسەردىن

## مەزھەبكە ئەگىشىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1790. سوئال: مەزھەبكە ئەگىشىش زۆرۈرمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىي ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشقا تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى تەقلىدچىلىكنى ناھايىتى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىپ، توغرا يولغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ ئوقۇ [1] ئەمرى بىلەن باشلانغانلىقى، يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىنى بىلگىن [2] دېگەن چاقىرىقى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئاندىن پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلەتمەستىن، توغرا ـ خاتانى ئايرىماستىن، ھەدەپ قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتەك بىكىنمە روھىي ھالىتىنى سۆكۈپ ئۇلارغا ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار:“ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە” دەيدۇ [3] دېگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، ئەقلىنى قوللىنىپ ئىش كۆرۈشكە چاقىرىشتەك ئەۋزەللىكى ۋە ھەققانىيلىقىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر. ئەمما قۇرئان كەرىم كۇپپارلارنى تەقلىد قىلىشنى سۆككەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل بىلەلمىگەن مەسىلىلەردە، ئۆلىمالارنى تەقلىد قىلىشنى چەكلىگەن ئەمەس.

### ئىسلام مەزھەبلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسى

ئەمدى، ئىسلام مەزھەبلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئەھلى سۈننە ـ

---

(1) قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ۋەھيى ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن مۇنۇ 5 ئايەتتۇر: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى».

(2) مۇھەممەد سۈرىسى 19- ئايەت

(3) مائىدە سۈرىسى 104- ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئېتىقادى ئەڭ ساغلام مەزھەبتۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ مەزھەبكە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئېتىقادى توغرا ۋە ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى پايدا بەرمەيدۇ.

ئەمما ئەمەلىي يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەزھەبلەرگە ئەگىشىش مەسىلىسى مۇنداق:

(1) ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزلىرى ئوقۇپ، چۈشىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت مەسىلىلىرىدە، مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى ئاۋام خەلقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان. ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار [(1)].

(2) شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۆچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىبىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئىختىياردۇر. يەنى خالىسا بىرە مەزھەبكە ئەگىشىدۇ، خالىسا ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرىدۇ.

(3) ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرىئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردىلا باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشى جائىز ئەمەس.

1791. سوئال: رۇخسەت ئىزدەپ باشقا مەزھەبكە ئۆتۈش توغرىمۇ؟

جاۋاب: ئاۋامنىڭ بىرەر مەسىلىدە رۇخسەت ياكى ئوڭايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھەبىدىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا

(1) نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت

كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مەزھەب چۈشەنچىسى**

1792. سوئال: مەزھەبنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ھەقلىقى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىبە جەھەتتىمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتۇر. بۇلارنىڭ قايسىسىغا ئەگىشىش جائىزدۇر. ئەمما مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى مەزھەبنىڭ رەيى شۇ مەزھەبنىڭ دىن روھىدىن چۈشەنگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرى بەس. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، مەزھەبنىڭ رەيى توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىمالى بولغان كۆز قاراشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس.

# دۇنيادىكى دىنلار ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

1793. سوئال: ھازىر دۇنيادا قانچە دىن بار ۋە مەشھۇرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ھازىر دۇنيادا جەمى 4200 دىن كۆپرەك دىننىڭ بارلىقى سۆزلىنىدۇ.[1] بۇ دىنلار ئىچىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇرلىرى تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىلەر:

(1) خرىستىئان دىنى دۇنيادا ئەڭ كۆپ تارقالغان دىن بولۇپ، پۈتۈن مەزھەبلىرىنى قوشقاندا 2 ملياردقا يېتىدۇ.

(2) ئىسلام دىنى دۇنيادا خرىستىئان دىنىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ دىن ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار سانى 1 مليارد 200 مىڭغا يېتىدۇ.

(3) ھىندىي دىنى دۇنيادا ئۈچىنچى قاتاردا كېلىدىغان چوڭ دىن بولۇپ، دۇنيادا ھىندىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى 900 مىليونغا يېتىدۇ. بۇلاردىن %96 ى ھىندىستاندا.

(4) بۇددا دىنى دۇنيادا تۆتىنچى قاتاردا كېلىدىغان چوڭ دىن بولۇپ، دۇنيادا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 360 مىليوندىن ئاشىدۇ.

(5) كۆپ ئىلاھلىق دىن، خۇسۇسەن ئافرىقىدىكى كۆپ ئىلاھلىق دىنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 95 مىليونغا يېتىدۇ.

(6) ھىندىستاندىكى سىخ دىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 23 مىليونغا يېتىدۇ.

(7) يەھۇدىي دىنى بولۇپ، ئومۇمىي سانى 19 مىليوندىن ئاشمايدۇ[2].

## ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەر

1794. سوئال: ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان بار دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ھىندونېزىيە كېلىدۇ. ھىندونېزىيەدە 200 مىليون مۇسۇلمان ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، پاكىستاندا 134 مىليون، ھىندىستاندا 121 مىليون، بېنگالدا 114 مىليون، جۇڭگودا 100

(1) www.adherents.com

(2) CAIR (Council on American-Islamic relations) 1999)

مىليــون، تۈركىيــەدە 66 مىليــون، ئىرانــدا 62 مىليــون، مىســردا 59 مىليــون، نىگىرىيــدە53 مىليـون، ئالجىرىيــدە 30مىليـون، ماراكەشـتە 29 مىليـون مۇسـۇلمان ياشايدۇ.

## ئەڭ كۆپ خرىستىئان ياشايدىغان دۆلەتلەر

1795. سوئال: ئەڭ كۆپ خرىستىئان ياشايدىغان دۆلەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئەڭ كۆپ خرىستىئان بار دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى قاتارىدا ئامېرىكا قوشما شـتاتلىرى كېلىـدۇ. ئامېرىكـدا 224 مىليـون خرىسـتىئان ياشـايدۇ. برازىلىيــدە 139 مىليــون، مېكســىكىدا 86 مىليــون، رۇســىيدە 80 مىليــون، جۇڭگــودا 70 مىليــون (جۇڭگـودىكى خرىسـتىئانلار ئومـۇمىي نوپـۇس سـانىنىڭ %5 نـى تەشـكىل قىلىـدۇ)، گېرمانىيىدە 67 مىليون، فىلىپپىندا 63 مىليـون، ئەنگلىيىـدە 51 مىليـون، ئىتالىيىـدە 48 مىليون، نىگىرىيىدە 45 مىليون، فرانسىيىدە 44 مىليون خرىستىئان ياشايدۇ.

1796. سوئال: يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ يەرلەشكەن دۆلەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: يەھـۇدىيلار ئەڭ كـۆپ يەرلەشـكەن دۆلەتلەرنىـڭ بېشـىدا ئامېرىكـا قوشـما شتاتلىرى كېلىدۇ. ئامېرىكىدا 5 مىليون 600 مىڭ يەھۇدىي ياشايدۇ. بـۇ سـان پۈتـۈن دۇنيـا يەھۇدىيلىرىنىـڭ ئـۈچتىن ئىككىسـىنى تەشـكىل قىلىـدۇ. ئۇنىڭـدىن قالسـا، ئىسرائىلىيىدە 4 مىليون 300 مىـڭ، رۇسـىيىدە 1 مىليـون 400 مىـڭ، فرانسـىيىدە 640 مىڭ، كانادادا 350 مىڭ، ئەنگلىيىدە 320 مىـڭ، ئارگېنتىنـادا 250 مىـڭ، برازىلىيــدە 150 مىڭ، ئاۋۇستىرالىيىدە 92 مىڭ، جەنۇبىي ئافرىقىدا 70 مىڭ يەھۇدىي ياشايدۇ.

## دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنىي پىرقىلەر

1797. سوئال: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنىي پىرقىلەر قايسىلار؟

جاۋاب: دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنىـي پىـرقە خرىسـتىئانلارنىڭ كاتولىـك مەزھىبـى، مۇســۇلمانلارنىڭ ئەھلــى ســۈننە مەزھىبــى، ھىنــدىلارنىڭ ۋەيشــناۋى مەزھىبــى، بۇددىستلارنىڭ ماھايانا مەزھىبىدۇر. دېۋىـد بارىـت تەرىپىـدىن ھازىرلانغـان" دۇنيـا خرىستىئانلىرى ئېنسىكلوپېدىيىسـى" نـاملىق ئەسـەرگە ئاساسـلانغاندا، 2000- يىلـى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىغا كـۆرە، خرىسـتىئانلارنىڭ ئەڭ چـوڭ پىرقىسـى بولغان كاتولىك مەزھـىبىگە ئېتىقـاد قىلىـدىغانلارنىڭ ئومـۇمىي سـانى بىـر مىليـارد 57 مىليون، مۇسۇلمانلاردىن ئەھلى سۈننە مەزھـىبىگە ئېتىقـاد قىلىـدىغانلارنىڭ ئومـۇمىي سـانى بىـر مىليـارد ئىككـى مىليـون، ھىنـدىلارنىڭ ئەڭ چـوڭ پىرقىسـى ۋەيشـناۋى مەزھـىبىگە ئېتىقـاد قىلىـدىغانلارنىڭ سـانى 500.000، بۇددىسـتلارنىڭ ئەڭ چـوڭ

پىرقىسى بولغان ماھايانا مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 250.000 كىشىدۇر.

## دۇنيادا ئادەم سانى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان دىن

1798. سوئال: دۇنيادا ئادەم سانى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان دىن قايسى؟

جاۋاب: شەكسىزكى، ھازىرقى دۇنيادا سان جەھەتتە ئەڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقانلار مۇسۇلمانلاردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى دۇنيادا يىلدىن يىلغا ئېشىپ بارماقتا ۋە باشقىلارنى ئەندىشىگە سالماقتا.

ۋاتىكاننىڭ " لورز فاتورى روماتو" دېگەن مەشھۇر گېزىتىنىڭ 2008- يىلى 30- مارت يەكشەنبە كۈندىكى سانىدا , M.V.F (مۇنسېنيور ۋىتورى فورمېنتى) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ھازىرلانغان"2008- يىللىق ستاتىستىكا" ناملىق كىتابتىن نەقىل قىلىپ ئېلان قىلىنغان " تارىختا تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلار سانى بىزدىن ئېشىپ كەتتى" دېگەن ماقالىغا ئاساسلانغاندا، 2006- يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 19.2% نى، كاتولىك مەزھىبىدىكىلەر سانى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 17.4% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار سانىنىڭ مۆلچەرلىگەندىن نەچچە ھەسسە تېز كۆپىيىپ بارغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

11- سىنتەبىر ۋەقەسىنىڭ مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە كۆپرەك ئىزدىنىش ھەم تونۇش شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلىگەن تەتقىقاتچىلار ۋە تەھلىلچىلەر مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، غەرب ئەللىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەكتە[1].

## كېلەچەك ئىسلامغا مەنسۇپ

گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان -Zentralinstitut-Islam ArchivDeutschland e.V ناملىق ماقالىغا ئاساسلانغاندا:

1900- يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى خرىستىئانلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ 12.4% نى، خرىستىئانلار 26.9% نى

(1) Britannica Yearbook, 1997

تەشكىل قىلاتتى. 2025- يىلغا بارغاندا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ خرىستىئانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە[1].

1980 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ 16.5% نى، خرىستىئانلار 30% نى تەشكىل قىلاتتى.

2000- يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىدا، مۇسۇلمانلار يەرشارىدىكى ئىنسانلار سانىنىڭ 19.2% نى، خرىستىئانلار 29.9% نى تەشكىل قىلاتتى. بۇلاردىن مەلۇمكى، خرىستىئانلار سانى يىلدىن يىلغا ئازىيىپ بارغان بولسا، مۇسۇلمانلار سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى يىلىغا 2.9% دىن بولۇپ، ئۆتكەن يىللارغا قارىغاندا ئۆسۈش نىسبىتى 7% ئېشىپ بارغان.

يەرشارىدىكى ئومۇمى ئىنسان سانى 6 مىليارد، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يېرىم مىلياردقا يېقىنلاشماقتا. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار يەرشارى نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاھالىلار تەتقىقاتى ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى 2025 ـ يىلغا بارغاندا، مۇسۇلمانلار سانىنىڭ دۇنيا نوپۇسىنىڭ 30% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، خرىستىئانلار نىسبىتىنىڭ 25% كە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادا نوپۇز ۋە سان جەھەتتە بىرىنچىلىكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ سۆزلىمەكتە[2].

مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم يېتىپ بارىدۇ»[3] دېگەن سۆزىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىغان بىر مۆجىزىدۇر. بۇ مۆجىزە يېقىن كېلەچەكتە ھەممىگە نامايان بولغۇسى.

(1) Muslim Population Statistics, www.muslim_canada.org
(2) Sato Tsugitaka, Muslim Societies, Routledge,UK, 2004
(3) ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى

# ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن بەزىسى

ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

## (1) «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»(رابطة العالم الإسلامي) ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

«ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە 1962- يىلى 18- ماي كۈنى قۇرۇلغان خەلقئارالىق ئىسلام ئىتتىپاقىدۇر.

ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان. «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كومىتېتلىرىغا، خەلقئارا تەلىم ـ تەربىيە تەشكىلاتى (يۇنىسكو)غا، خەلقئارا باللار تەشكىلاتى (يۇنىسىف)قا، «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»غا، «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»غا ئەزا بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ يىغىنلىرىغا كۆزەتچى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلىدۇ.

### «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ كۆلىمى ۋە خىزمەت دائىرىسى

«ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»نىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 40 تىن ئارتۇق شۆبىسى بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خۇسۇسەن، مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، مەكتەبلەرنى ئېچىش ۋە نامرات رايونلارغا ياردەم قىلىش، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقىنىڭ ھەيئەت ۋە كومىتېت ئەزالىرى دۇنيادىكى ئوخشاشمىغان مۇسۇلمان مىللەتلەردىن تاللانغان ئۆلىما، مۇتەپەككۇر ۋە يازغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان.

## (2) «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»(منظمة المؤتمر الإسلامي)

«خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى» ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەت دەرىجىلىك خەلقئارالىق سىياسىي تەشكىلاتى بولۇپ «ئىسلام ئەللىرى يىغىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەشكىلات ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ كۈچلۈك ۋە تەسىرى ئەڭ زور تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تەشكىلات ئەسلىدە ھەج مەۋسىمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ھەج پائالىيىتى تاماملانغاندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشلىقلىرى كېلىپ يىغىن ئۆتكۈزەتتى. 1954-

يىلى مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئورتاق تەشەببۇسى بىلەن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە" ئىسلام يىغىنى ئاپپاراتى" قۇرۇلۇپ، دۇنياۋى دائىرىدىكى ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن. 1969- يىلى 9- ئايدا 26 ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكى ماراكەش پايتەختى رابات شەھىرىدە تۇنجى قېتىم يىغىن ئېچىپ، «ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان. 1970- يىلى 3- ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ئەللىرى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ تۇنجى يىغىنىدا «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۇنىڭ باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش قارار قىلىنغان ۋە تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلغان. 1970- يىلى 5- ئايدا «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە رەسمى قۇرۇلغان.

### «ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى

خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتاي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئەزا دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئىلىم ــ پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش؛ ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش، ھەر خىل تۈردىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي قانۇنى ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرىنى قوللاش؛ دۇنيا تىچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

### «ئىسلام قۇرۇلتىيى» تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتى

بۇ تەشكىلات خەلقئارادىكى ئىسلام ئەللىرى تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1975- يىلىدىن باشلاپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆزەتچى ئورنىغا ئىگە بولۇپ يىغىنغا قاتنىشىپ كەلمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 36- نۆۋەتلىك يىغىنىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتاي تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقى توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سانى دەسلەپكى 26 دىن يۈكسىلىپ 57 دۆلەتكە يەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردىن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئەزەر بەيجان قاتارلىق ئالتە دۆلەتمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ئىدى.

### (3)«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»(جامعة الدول العربية) ۋە ئەرەب ئەللىرى

«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» ئەرەب دۇنياسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە مەلۇم تەسىرگە ئىگە تەشكىلات بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىرىدۇر. «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىششنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ.

«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» 1945 ـ يىلى 3- ئاينىڭ 22- كۈنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىسىر، سۈرىيە، ئىراق، لىۋان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئىئوردانىيىدىن ئىبارەت يەتتە ئەرەب دۆلىتىنىڭ ۋەكىللىرى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي نىزامنامىسى»نى ماقۇللاپ، «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ قۇرۇلغانلىقنى رەسمىي ئېلان قىلغان ئىدى. ئۆتكەن 60 نەچچە يىلدىن بىرى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ بېرىپ ھازىر 22گە يەتكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ باش شتابى قاھىرە شەھىرىدە.

### «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ دائىرىسى

«ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى»نىڭ دائىرىسى پەقەت ئەرەب ئەللىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەرەب ئەللىرى دېگىنىمىز ئادەتتە ئەرەب مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىللەنگەن دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت ئورتاق بىر تىلنى قوللىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

### ھازىرقى ئەرەب دۆلەتلىرى

ھازىر ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ سانى 22 گە يەتكەن بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىن 12 دۆلەت ئاسىياغا، 10 دۆلەت ئافرىقىغا جايلاشقان. ئاسىيادىكى ئەرەب دۆلەتلىرى: سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئومان، كۇۋەيت، بەھرەين، قاتار، ئىراق، سۈرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان ۋە پەلەستىن قاتارلىقلاردۇر. ئافرىقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى: مىسىر، ئالجىرىيە، ماراكەش، سۇدان، تۇنىس، لىۋىيە، سومالى، ماۋرىتانىيە، جىبۇتى، غەربىي سەھرا قاتارلىقلاردۇر.

## تەپسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1799. سوئال: تەپسىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەپسىر ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

1800. سوئال: تەپسىر ئىلمى دېگەن قانداق ئىلىم؟

جاۋاب: تەپسىر ئىلمى ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى ئىلمىي بىر ئۇسلۇبتا ئوچۇقلاشنى مەقسەت قىلغان بىر ئىلىم تۈرىدۇر.

1801. سوئال: مۇپەسسىر دېگەن كىم؟

جاۋاب: مۇپەسسىر ـ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئايەتلەرنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن ۋە مەنىلىرىنى ئوچۇقلىغان ئالىمنى كۆرسىتىدۇ.

### قۇرئان كەرىمنى ئەڭ دەسلەپ تەپسىر قىلغانلار

1802. سوئال: قۇرئان كەرىمنى ئەڭ دەسلەپ تەپسىر قىلغانلار كىملەر؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىزاھلاش ۋە تەپسىر قىلىشقا باشلىغان. ساھابىلار ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغانلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق 4 خەلىپە، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەييە ئىبنى كەئب، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي ۋە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير قاتارلىق ئالىم ساھابىلاردۇر. ئۇلاردىن كېيىن ئىككىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار (تابىئىينلار) تەپسىر قىلغان. ئەمما ئۇلار قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە سوئاللىرىغا يېتەرلىك ھالدا تەپسىر قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان تەپسىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كىتاب شەكلىدە قالدۇرۇلمىغان.

### قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش يولى تاقىيامەتكىچە ئوچۇق

1803. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئۆزىلا قىلمىغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە،

ئەخلاق، ئىبادەت، ئائىلە، ھالال-ھارام، مۇئامىلە قاتارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ۋە كىشىلەر سورىمىغانلىرىنىڭ تەپسىرلىرىنى قىلمىغان، بەلكى ئۇلارنى كېلەچەك نەسىللەرنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرغان. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار مەلۇم بىر زامان ۋە مەخسۇس ماكانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولسا، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن چۈشكەن مەڭگۈلۈك دەستۇر ۋە مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە زاماننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھەر بىر ئەسىرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئاز- ئازدىن نامايان بولۇپ تۇرۇشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيىتى ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، دىنىنىڭ ئاساسلىق جەۋھەرىي مەسىلىلىرىگە دەخلى يەتكەن بولاتتى. ئەگەر قۇرئان كەرىمنى كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەقلىيىتى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش يولى تامامەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئىلىم ـ پەن ئەسىردە مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان قۇرئان كەرىم سىرلىرىنى تەپسىر قىلىپ ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن باشقا تەپسىرگە ھاجەت قالمىغان ۋە تەپسىر قىلىنغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولاتتى.

شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىغا تامامەن مۇۋاپىق كەلگەندەك، زامان ئىلگىرىلىگەن ۋە تۈرلۈك ئىلىم ـ پەنلەر مەيدانغا چىقىپ، تەرەققىي قىلغان ھەر بىر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭمۇ ئەقلىلىرىغا تامامەن مۇۋاپىقلىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم ئاللاھ يەريۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى [1] دېگەن ئايەت ئارقىلىق زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلغانىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم چۈشكەن شۇ زامانلاردىكى ئىنسانلار زېمىننىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان ۋە سوزۇلغانلىقىنىلا بىلەتتى. مەلۇمكى، يەر يۈزى شار شەكىللىك بولغاندىلا ئۇنىڭ ھەر تەرىپى كەڭ ۋە سوزۇلغان بولۇپ

(1) رەئد سۈرىسى 3- ئايەت

كۆرۈنىدۇ. ئەگەر زېمىن شار شەكىللىك بولماستىن تۆت چاسا ياكى ئۈچ بۇرجەكلى ياكى ئالتە ياكى سەككىز بۇرجەكلىك بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى كەڭ ۋە سوزۇلغان بولۇپ كۆرۈنمىگەن بولاتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى بولسىمۇ تاپقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلارغا ئوچۇقراق قىلىپ: «يەر يۈزىنى شار شەكىللىك ياراتتى» دېگەن بولسا، كىشىلەر بۇنى ھەزىم قىلالمايتتى ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىلىم ــ پەن بولمىغانلىقتىن دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىگىمۇ شەك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كەيپىياتى يۈز بەرگەن بولاتتى. شۇڭا بۇ ھەقىقەتنىڭ كەشپىياتىنى زامانلارنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان ئىلىم - پەن ئەسرىگە تەرك ئەتكەن بولىشى مۇمكىن.

قۇرئان كەرىم ئەنە ئەشۇنداق پايانسىز كەتكەن ئوكيان. ئۇنى تولۇق تونۇشتۇرۇش ئالاھىدە يۇقىرى بىلىم ۋە ئۇستۇن سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ئىش. قۇرئان كەرىم جەۋھەرلىرىدىن تولۇق نېسىۋە ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ئىلىم ، يېتىشكەن قابىلىيەت ۋە يۇقىرى پاراسەت كېرەك. بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ھەر تەرەپلىمە ئىلىم ــپەن ۋە دىنىي ئىلىملەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن نادىر ئۆلىمالارلا چىقالايدۇ. بۈگۈن قۇرئان كەرىم جەۋھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپتىم، دېگەن ئالىمدىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر ئالىم ئالدىنقىسى تاپالمىغانلارنى تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ تاپالمىغانلىرىنى تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئىلىم ــ پەن ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇنىڭ مۆجىزىسى ۋە سىر ــ ئەسرارلىرى ھەمدە جەۋھەرلىرى كۆزلەرنى چاقناتقان ھالدا، تېخىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. زامانىمىزدا كەشىپ قىلىنغان ئىلمىي مۆجىزىلەر بۇنىڭ مىسالى.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مەشھۇر تەپسىرلەر

1804. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلەر ۋە ئەسەرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن 14 ئەسىردىن بۇگۈنگىچە دۇنيادا مىڭلارچە مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن كۆپلىگەن تەپسىرلەر يېزىلغان. ئەمما پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۆتىۋەر دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى «تەپسىر تەبەرىي» بىلەن«تەپسىر ئىبنى كەسىر» دۇر.

(1) «تەپسىر تەبەرىي»، تولۇق نامى «جامىئۇل بايان فى تەپسىرىل قۇرئان» بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ223-يىلى (838م) تەبەرىستاندا دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيە309-

يىلى (922م) باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر مۇپەسسىر ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى تەبەرى دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان.

(2) «تەپسىر ئىبنى كەسىر»، تولۇق نامى «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 700- يىلى (1301م) دىمەشقتا دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 774-يىلى (1372م) ۋاپات بولغان مەشھۇر مۇپەسسىر ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان.

بۇ ئىككى تەپسىردىن كېيىن تۆۋەندىكى تەپسىرلەر مەشھۇر:

(3) «تەپسىر سەمەرقەندىي»، تولۇق نامى«بەھرۇل ئۇلۇم» بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ373-يىلى (983م) ۋاپات بولغان مۇپەسسىر نەسر ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندىي دېگەن كىشىنىڭ تەپسىرىدۇر.

(4) «تەپسىر بەغەۋىي»، ھىجرىيىنىڭ 510-يىلى (1116م) ئالەمدىن ئۆتكەن ھۈسەين ئىبنى مەسئۇد پەررا ئەل بەغەۋىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان.

(5) «ئەددۇررەرۇل مەنسۇر»، ھىجرىيىنىڭ 849-يىلى (1445م) مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 911-يىلى (1505م) ئالەمدىن ئۆتكەن جالالىددىن سۇيۇتى دېگەن ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان.

## **يېقىنقى زامانلاردا يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر تەپسىرلەر**

1805. سوئال: يېقىنقى زامانلاردا يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر تەپسىرلەر قايسىلار؟

جاۋاب: يېقىنقى زاماندا يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) «تەپسىر ئەل مەنار»، تولۇق نامى«تەپسىر قۇرئان ھەكىم» بولۇپ، بۈيۈك ئىسلام ئىسلاھاتچىسى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە تونۇلغان ئالىم مۇھەممەد رەشىد رىزا دېگەن كىشى تەرىپىدىن مىسىردا يېزىلغان.

(2) «فى زىلالىل قۇرئان» مىسىرلىق بۈيۈك ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇب(1906- 1966م) تەرىپىدىن يېزىلغان.

(3) «ئەل جەۋاھىير في تەپسىرىل قۇرئان» مىسىرلىق ئالىم تەنتاۋىي جەۋھەرىي (1870- 1940م) تەرىپىدىن يېزىلغان.

(4) «تەفھىمۇل قۇرئان» پاكىستانلىق مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن مىلادىيە 1942- يىلدىن 1972- يىلغا قەدەر 30 يىلدا، ئوردۇ تىلىدا يېزىلغان.

(5) «ئەتتەفسىرۇل ۋادىھ» مىسىرلىق دوكتۇر مۇھەممەد مەھمۇد ھىجازىي تەرىپىدىن1951-يىلى يېزىلغان.

**قەدىمقى تەپسىرلەر بىلەن ھازىرقى تەپسىرلەرنىڭ پەرقى**

1806. سوئال: قەدىمقى تەپسىرلەر بىلەن ھازىرقى زاماندا يېزىلغان تەپسىرلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟

جاۋاب: 20 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تەپسىر ئىلمى يېڭى ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەدىمقى مۇپەسسىرلەر قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا، ئەرەب تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق قائىدىلىرىگە، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنىسىگە ۋە فىقھى ھۆكۈملەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسا، يېقىنقى زامان مۇپەسسىرلىرى قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، زاماننىڭ تەقەززاسىغا لايىق ھالدا، يېڭى مەسىلىلەرنى جاۋابلاندۇرۇش ئىشلىرىغا زور ئەھمىيەت بەرگەن.

**ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر مۇپەسسىرلەر**

1807. سوئال: ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر مۇپەسسىرلەر كىملەر؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مۇپەسسىرلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۇيغۇرلار ئىچىدە قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى ئەڭ دەسلەپ يازغان كىشى ئاتاغلىق تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف قەشقىريي دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ زات قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داھىسى، شۇنداقلا تونۇلغان مۇدەررىس ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئىچىدە 200 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يازغاننىڭ سىرتىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى يازغان.

(2) مىلادىيە 1735- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە يەركەندە ھۆكۈمدار بولغان خوجا ياقۇب دېگەن كىشى دۆلەت خىراجىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يازدۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان.

(3) قاغىلىقتا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما ھۈسەينخان تەجەللى 1910- يىلى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يېزىپ چىققان.

(4) سابىت داموللا ھاجىم مىلادىيە شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە، 1937- يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈچ-سەرپ قىلىپ، «روشەن بايان- تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دېگەن ئۇيغۇرچە تەپسىرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ 30- پارىسى 1948- يىلى غولجىدا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەپسىرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى سابىت

داموللامنىڭ غولجىدىكى ئوغلى ئابدۇللا 1961- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان ئىكەن.

(5) 1955- يىلى مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىم غولجىدا «قۇرئان كەرىم تەپسىرى»نى ئۇيغۇرچە يېزىپ چىققان. زىرىپ قارىھاجىمنىڭ 1926- يىلى قەشقەردە يېزىپ چىققان قۇرئان كەرىمنىڭ «ئەمە پارىسىنىڭ تەپسىرى»ناملىق ئەسىرى 1987- يىلى قاتاردا فاكسىمىل قىلىپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن 2003- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىنغان.

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر

1808. سوئال: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زاماندا تونۇلغان مەشھۇر ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ قولىدا بارلىققا كەلگەن «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» 1987-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان. بۇ تەرجىمە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى ۋە مۇكەممەل تەرجىمە ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ تەرجىمە قۇرئان كەرىمنىڭ قىسقىچە تەپسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا ئۇنى ھەم تەرجىمە ھەم قىسقىچە تەپسىر دېيىشكە بولىدۇ.

(2) «تەپسىرى ئىبنى كەسىر» 2005-يىلى ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. بۇ تەپسىر ئىشەنچلىكلىكى ۋە قەدىمىيلىكى بىلەن مەشھۇر.

(3) «تەفسىرۇل ۋادىھ» 2002-يىلىدىن بېرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتماقتا. ھازىر بۇ تەپسىرنىڭ ئالدىنقى 10پارىسى تەرجىمە قىلىنىپ بولغان، قالغان پارىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى داۋام قىلماقتا. بۇ تەپسىرنىڭ 1-پارىسىدىن4-پارىسىغىچە بولغان 4 پارىسىنىڭ تەرجىمىسى«قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن تەپسىرى» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر پارىدىن قىلىپ، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە نەشردىن چىققان. بۇ تەپسىر زامانىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى روشەن ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

## تەجۋىد ئىلمىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1809. سوئال: تەجۋىد دېگەن نېمە؟
جاۋاب: تەجۋىد سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى " ياخشى قىلىش، پىششىقلاش، چىرايلىق قىلىش" دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئىستېمالدىكى مەنىسى ـ قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر ھەرپنى مۇكەممەل تەلەپپۇز قىلىش ۋە ھەرپلەرنى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىدىن ئېنىق چىقىرىپ، توغرا ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

### تەجۋىد ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى

1810. سوئال: تەجۋىد ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟
جاۋاب: تەجۋىد ئىلمى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىم. تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى بار. بۇ ئۇسۇل ـ قائىدىلەر قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن كومپاسلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇماقچى بولغان ھەر قانداق كىشى ئالدى بىلەن بۇ ئىلىمدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى توغرا شەكىلدە ئوقۇيالمايدۇ. تەجۋىد ئىلمى بەزى ھەرپلەرنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا سوزۇپ ئوقۇش، قايسى ئەھۋال ئاستىدا ئىنچىكە ۋە قايسى ئەھۋال ئاستىدا توم، يوغان ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىش، قەيەردە توختاش ۋە قانداق توختاش توغرىسىدىكى قائىدە ـ پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگەنمەي، پەقەت ئەرەب تىلىنىلا ئۆگەنگەن كىشىنى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.
1811. سوئال: تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىش ئاۋام خەلق ئۈچۈن پەرز كىفايە، دىنىي ئۆلىمالار ۋە قارىيلار ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر.

### تەجۋىد قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ ھۆكمى

1812. سوئال: تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
جاۋاب: تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش قۇرئان كەرىمنى ئوقۇماقچى بولغان ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:

قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن [1] دەپ بۇيرىغان.

1813. سوئال: تىلاۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، مەنىسىنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا، مەنىسىنى بىلمەيدىغانلار ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاۋازلىق ياكى ئاۋازسىز چىرايلىق ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

(1) مۇززەممىل سۈرىسى 4- ئايەت

## قىرائەت ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1814. سوئال: قىرائەت دېگەن نېمە؟
جاۋاب: قىرائەت ـ قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش دېگەنلىكتۇر.

### قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىش ئۇسۇللىرى

1815. سوئال: قۇرئان كەرىمنى قانچە خىل قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى بار؟
جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىنىڭ 7 خىل شېۋىسىدە ئوقۇلىدىغان قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان كەرىم ماڭا يەتتە ھەرپتە ئوقۇلىدىغان قىلىپ چۈشۈرۈلدى، سىلەرگە ئوڭاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار»[1] دېگەن ھەدىسىدىكى "يەتتە ھەرپ" تىن ئەرەب تىلىنىڭ 7 چوڭ شېۋىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئالىملار سۆزلىمەكتە. مۇندىن باشقا يەنە ئىسلام ئۆلىمالىرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۈچ خىل قىرائەت قىلىش شەكلىنىمۇ قوبۇل كۆرگەن. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنى 10 خىل قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى باردۇر.
ئەمما ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىرلىككە كەلگەن قىرائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆگەتكەن قىرائەتنىڭ ئۆزىدۇر.
بۇ قىرائەت شەكىللىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەخسۇس ئىمامى ۋە بىر ياكى ئىككىدىن مەشھۇر شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇستازىدىن ئۆگەنگەن قىرائەت قىلىش ئۇسۇلىنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار " رىۋايەت قىلغۇچىلار"دەپ ئاتىلىدۇ.

### قىرائەت ئىلمى

1816. سوئال: قىرائەت ئىلمى دېگەن قانداق ئىلىم؟
جاۋاب: قىرائەت ئىلمى ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شېۋىلىرىدە ساھابىلىرىغا ئۆگەتكەن قۇرئان ئوقۇش شەكىللىرىنى تەتقىق

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قىلىدىغان ۋە بۇ شەكىللەرنىڭ ھەر بىرىدە قۇرئان كەرىمنى توغرا رەۋىشتە ئوقۇشنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىلىمدۇر.

1817. سوئال: بىز ئوقۇۋاتقان قىرائەت شەكلى قايسى؟

جاۋاب: بىز دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن قىرائەت شەكلى بولغان ئىمام ئاسىمنىڭ قىرائىتىنى ھەفس دېگەن كىشىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە ئوقۇماقتىمىز(1).

(1) ماراكەش ۋە شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ۋەرش قىرائىتى تارقالغان.

## قۇرئان ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1818. سوئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى ئەر ـ ئايال ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھەمىشە ئوقۇپ تۇرۇشى ساۋابى كاتتا بولغان ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ ھەرپلىرىنى تونۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيالمايدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئانا تىلىدىكى "قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى"نى چۈشىنىپ ئوقۇشى يېتەرلىكتۇر.

### قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، پەزىلىتى ۋە ساۋابى

1819. سوئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم — ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك سۆزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق مۆجىزىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش بىلەن ئىككى ئالەملىك سائادەتلەرگە، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر ئۇلۇغ كىتاب. ھەر بىر مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللىرىنى بىلىدۇ ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ.

1820. سوئال: قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ۋە مەنىسىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك كاتتا ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ»[1].

ئۇ يەنە: «ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. "ئەلىف، لام، مىم" نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى "ئەلىف" بىر ھەرپ، "لام" بىر ھەرپ، "مىم" بىر

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

ھەرپتۇر» دەپ كۆرسەتكەن[1].

قىسقىسى، قۇرئان ئوقۇش تەكبىر، تەھلىل، تەسبىھ ۋە دۇئادىنمۇ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر.

1821. سوئال: ئۇيغۇرلار قۇرئان كەرىمنى قانداق ھۆرمەتلەيدۇ؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار قۇرئان كەرىمنى ناھايىتى بەك ئۇلۇغلايدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتمايدۇ. تاھارەتسىز ئوقۇمايدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرئاننى ئوقۇغانلىرىدا ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۆكسىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز تۇتۇپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. قۇرئاننى ساقلىغاندىمۇ ئۇنى يەردە ياكى خالىغان جايلاردا قويمايدۇ، بەلكى ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى جايلىرىدا قويۇپ ساقلايدۇ.

ئۇيغۇرلار قۇرئان ئوقۇلغان جايدا ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇنى ئىخلاس بىلەن تىڭشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە بارلىق تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلغانلىرىدا، بىر ـ بىرىنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەزىيە بىلدۈرگەنلىرىدە ئالدى بىلەن قۇرئان ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن دۇئا قىلىدۇ. مۇندىن باشقا قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ نىكاھلىرىنى ئوقۇشنىمۇ قۇرئان ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ. ھەتتا كۈندىلىك نامازلىرىنى قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىر قانچە سۈرە ئوقۇماستىن ئادا قىلالمايدۇ. پۈتۈن دۇئالىرىنى قۇرئان ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھېيت كۈنلىرىدە ھېيتلاپ كىرگەن ھەر بىر ئۆيدىن قۇرئان ئوقۇماستىن چىقمايدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

1822. سوئال: قۇرئان كەرىمنى مەنىسىنى بىلمەستىن ئوقۇسىمۇ ساۋاب بولامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قۇرئاننى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، ھەممە تىللاردا مەدھىيىلەنگەن ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈردۇق [2].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن مەقسەت ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە شۇ چۈشەنچىنى بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت

ئۆلۈغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ـ بىلمىسىمۇن، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغان ئادەم چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

1823. سوئال: قۇرئاننى تىڭشىغان كىشىگىمۇ ساۋاب بولامدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاشمۇ كىشىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە (سۆز قىلماستىن) جىم تۇرۇڭلار [1].

1824. سوئال: بالىلارغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىشنىڭ ساۋابى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىشنى پەرزقىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇلار بۇ قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاجنى كىيگۈزىدۇ»[2].

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

1825. سوئال: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش. قۇرئاننى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ [3].

(2) قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن **أعوذُ بِاللهِ من الشّيطانِ الرّجِيْم** دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش. سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن [4].

(3) قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئوچۇق ئوقۇش. قۇرئاننى

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 204 ـ ئايەت

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(3) ۋاقىئە سۈرىسى 77 ـ 79 ـ ئايەتلەر

(4) نەھل سۈرىسى 98 ـ ئايەت

تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن [1]

(4) قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇنى ئىخلاس قىلىپ ئوقۇش.

(5) قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى قىيتىرقىنىپ، چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشقا تەشەببەس قىلىپ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(6) قۇرئان ئوقۇشنى مەئىشەتنىڭ كەسىپىگە ئايلاندۇرىۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابنى كۆزلەپ ئوقۇش.

## قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى

1826. سوئال: قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىشنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن پېتى ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى ساماۋىي كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى يازما ھالەتتە ساقلاش ۋە قارىيلارنىڭ دىللىرىدا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن قوغداپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن قارىيلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك كىشىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يېقىن كىشىلىرى بار، قارىيلار ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئالاھىدە بەندىلىرىدۇر»[3].

1827. سوئال: قۇرئان كەرىمنى قانداق رەۋىشتە ئوقۇش كېرەك؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، تەپەككۇر بىلەن ئاز ئوقۇش ئالدىراپ كۆپ ئوقۇغاندىن ئەلىۋەتتە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتاب.

---

(1) مۇززەممىل سۈرىسى4-ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

# ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

## ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭ غايىسى

1828. سوئال: ھەدىس ئىلمى دېگەن قانداق ئىلىم؟

جاۋاب: ھەدىس ئىلمى - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن مۇۋاپىق كۆرۈپ تەستىقلىغانلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەرنى ۋە بۇ رىۋايەتلەرنى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ راستچىللىقى، ئىشەنچلىكلىكى، تەقۋالىقى ۋە باشقا سۈپەتلىرىنى مەلۇم بىر ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىدىغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىلىمدۇر.

1829. سوئال: ھەدىس ئىلمىنىڭ غايىسى نېمە؟

جاۋاب: ھەدىس ئىلمىنىڭ غايىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى چۈشىنىش ھەم تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەرزىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئۆگىنىپ مۇسۇلمانلارغا شۇ بويىچە بىلدۈرۈشنى غايە ۋە مەقسەت قىلىدۇ.

1830. سوئال: ھەدىس ئىلمى قاچان بارلىققا كەلگەن؟

جاۋاب: ھەدىس ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنلا ساھابىلارنىڭ زامانىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ راستچىللىقى، تەقۋالىقى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە پۈتۈن ئەھۋالىنى ئېنىق تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە ھەدىسنى قاچان، نەدە ئاڭلىغانلىقى ۋە ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان لەۋزى قانداق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋە تەپسىلى بىلىش ئۈچۈن مەلۇم مېتود ۋە پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ھەدىس ئىلمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بېكىتىلگەن.

1831. سوئال: ھەدىس ئىلمى ھەققىدە تۇنجى بولۇپ كىتاب يازغان ئادەم كىم ؟

جاۋاب: ھەدىس ئىلمى توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم كىتاب يازغان كىشى مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم مۇھەممەد ئىبنى شىھاب ئەل زۇھرىي دېگەن كىشى بولۇپ، 717- 720- مىلادىيە يىللىرى ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەزكۇر كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىمام ئەلى ئىبنى ئەل مەدىينى (م777- 848) دېگەن كىشىدۇر. ئىمام بۇخارىي كىتابىدا بۇ كىشىدىن

ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلمى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى يازغان. ھەدىس ئىلمى ھەققىدە كىتاب يازغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى شافىئىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي(م767ـ 819) دۇر.

1832. سوئال: مۇسۇلمانلار ئىسلام مەنبەئەلىرىنى قوغداشقا قانداق ئەھمىيەت بەرگەن؟

جاۋاب: تارىخىي مەلۇماتلارنى، دىنىي تەلىماتلارنى، دەستۇرلارنى ۋە پەيغەمبەر سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىنچىكىلەش ۋە ئۆز ئەينى بىكتىشتە، ئىنسانىيەت تارىخىدا، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچكىم يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلاردىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇ ھەممىشە مۇسۇلمانلارنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرىپ تۇراتتى. بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىك قوشۇنلىرىنىڭ ساۋاتلىقلىرىدىن ھەر بىرىنىڭ مۇسۇلمان بالىلىرىدىن 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويۇش بەدىلىگە قويۇپ بېرىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ساۋاتسىز قالماسلىقى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە چارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ ساھابىلار ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمگە ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگىمۇ زور ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرئان كەرىمنى جىمى ئىسلام ئۈممىتىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى سالامەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن «قۇرئان ئىلمى»، «قىرائەت ئىلمى»، «تەجۋىد ئىلمى» قاتارلىق ئىلىملەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ھەر بىرى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە ـ پرىنسىپلارنى بېكىتكەنگە ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى بولغان سۈننەتنى ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆز پېتى، سالامەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن «ھەدىس ئىلمى»، «ھەدىسلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى»، «ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنى تەكشۈرۈش ئىلمى»، «ھەدىسلارنى تۈرلەرگە ئايرىش ئىلمى» قاتارلىق ئىلىملەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە- پرىنسىپ ۋە مېتودلارنى بېكىتكەن. بۇلارنىڭ سىرتىدا، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىنى مۇسۇلمانلارغا ئەينەن يەتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن «تەپسىر ئىلمى»، «فىقھى ئىلمى» قاتارلىق ئىلىملەرنى مەيدانغا چىقىرىش بىلەن بىرگە بۇلارنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ياردەمچى ئىلىملەر ھېسابلانغان ئەرەب تىلىنىڭ «فونېتىكا»، «گراماتىكا» ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

## ھەدىس توپلاملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

1833. سوئال: ئەڭ مەشھۇر ھەدىس توپلاملىرى قايسىلار؟

جاۋاب: زامانىمىزغىچە نۇرغۇنلىغان ھەدىس توپلاملىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پۈتۈن ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى 6 چوڭ ھەدىس توپلىمىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «سەھىھۇلبۇخارىي»
2. «سەھىھۇ مۇسلىم»
3. «سۇنەن تىرمىزى»
4. «سۇنەن ئىبنى ماجە»
5. «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»
6. «سۇنەن نەسائىي».

### سەھىھۇلبۇخارىي

1834. سوئال: «سەھىھۇلبۇخارىي» نى كىم توپلىغان؟

جاۋاب: «سەھىھۇلبۇخارىي» قۇرئان كەرىمدىن قالسا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب بولۇپ، ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارىي دېگەن كىشى توپلاپ چىققان. بۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ194-يىلى (809م) ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 256-يىلى (869م) سەمەرقەند ۋىلايىتىگە قاراشلىق خەرتەڭ دېگەن يېزىدا دۇنيادىن ئۆتكەن. مۇھەممەد ئىسمائىل بۇخارى ھاياتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن خۇراسان، مەككە، مەدىنە، مىسىر، شام ۋە باشقا ئىسلام شەھەرلىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ ھەدىس توپلاشقا بېرىلىپ 600 مىڭدىن كۆپرەك ھەدىسنى يادلىغان. بۇ ھەدىسلەر ئىچىدىن تاللاپ «ئەل جامىئۇسسەھىھ»(سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى) ناملىق ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. كېيىنچە بۇ ئەسەر«سەھىھۇل بۇخارى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەھلى سۈننى مەزھىبىگە مەنسۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەسەرنىڭ راستلىقىغا ۋە ھەدىسلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىقرار قىلىدۇ.

### سەھىھۇ مۇسلىم

1835. سوئال: «سەھىھۇ مۇسلىم» نى كىم توپلىغان؟

جاۋاب: «سەھىھۇ مۇسلىم» ناملىق بۇ ھەدىس توپلىمى مۇسلىم ئىبنى ھەججاج ئەبۇل ھەسەن ئەل قۇشەيرىي دېگەن زاتنىڭ قولىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئىمام مۇسلىم ھىجرىيىنىڭ 205-يىلى (821م) يىلى ھازىرقى ئىراننىڭ نىساپور شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ261- يىلى (875م) نىساپۇردا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىمام مۇسلىم ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ئىراق، ھىجاز (مەككە، مەدىنە)، شام قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان. ئۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن كۆپ ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە كۆپ ھەدىسلەرنى يادلىۋالغان. شۇلارنىڭ ئىچىدىن «سەھىھۇ مۇسلىم» دېگەن ھەدىس توپلىمنى ياراتقان. ئۇ «سەھىھۇلبۇخارىي» دىن قالسا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۆتىۋەر ھەدىس كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

## سۈنەن تىرمىزى

1836. سوئال: «سۈنەن تىرمىزى» نى كىم توپلىغان؟

جاۋاب: «سۈنەن تىرمىزى» مۇھەممەد ئىبنى ئىسا ئەل تىرمىزىنىڭ ھەدىس توپلىمىدۇر. ئۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ 209-يىلى (824م) ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تىرمىز شەھرىگە قاراشلىق بوغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئىمام تىرمىزى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا خۇراسان، ئىراق، ھىجاز قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان ۋە كۆپ ھەدىسلەرنى توپلىغان. ماۋارائۇننەھرى شەھەرلىرىدە ئىمام بۇخارىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەڭ زور ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ئالىم بولۇپ، توپلىغان ھەدىسلىرىنى مىسىر، ھىجاز، ئىراق ۋە خۇراسان ئۆلىمالىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئېلان قىلغان. ئۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ279-يىلى (892م) تىرمىز شەھىرىنىڭ بوغ يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تىرمىزىنىڭ ھەدىس توپلىمى دۇنيادىكى مەشھۇر ئالتە ھەدىس توپلىمى ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## سۈنەن ئىبنى ماجە

1837. سوئال: «سۈنەن ئىبنى ماجە» نى كىم توپلىغان؟

جاۋاب: «سۈنەن ئىبنى ماجە» مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەل قەزۋىنىي دېگەن كىشى توپلىغان ھەدىس كىتابى بولۇپ، بۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ 209-يىلى (824م) كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان رايوندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھىجاز(مەككە ۋە مەدىنە) شام (سۇرىيە ۋە ئىئوردانىيە)، مىسىر، ئىراق قاتارلىق ئەرەب مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى يادلىغان. ئۆزى ئىزدەپ

يـۈرۈپ توپلىغـان نۇرغـۇن ھەدىسـلەردىن تـالالاپ «سـۇنەن ئىبنـى مـاجە» نـاملىق بـۇ ھەدىـس تـوپلىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئـۇ كىشـى ھىجرىيىنـىڭ273-يىلـى (886م) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ توپلىمى مەشھۇر ئالتە ھەدىس توپلىمى ئىچىدە تـۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## سۇنەن ئەبۇ داۋۇد

1838. سوئال: «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»نى كىم توپلىغان؟

جاۋاب: «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد» سۇلايمان ئىبنـى ئەشـئەس ئەل سىجىستانىي دېـگەن كىشـىنىڭ تـوپلىمى بولـۇپ، ئـۇ كىشـى ھىجرىيىنـىڭ 202-يىلـى (817 م) ھـازىرقى ئىراننىڭ سىستان (ئەسلىسى «سىجىستان») دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدە ئوقۇغـان. ھەدىـس ئـۆگىنىش ئۈچۈن شام، ئىراق، خۇراسان ۋە باشقا ئەرەب شەھەرلىرىگە بارغان. ھىجرىيىنـىڭ275-يىلـى (888م) ئىراقنـىڭ بەسـرە شـەھىرىدە ئالەمـدىن ئـۆتكەن. ئۇنـىڭ بـۇ ھەدىـس توپلىمى مەشھۇر ئالتە ھەدىس توپلىمى ئىچىدىن بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## سۇنەن نەسائىي

1839. سوئال: «سۇنەن نەسائىي»نى كىم توپلىغان؟

جـاۋاب: «سـۇنەن نەسـائىي» نـاملىق بـۇ تـوپلام ئەھـمەد ئىبنـى شـۇئەيب نەسـائى دېگەن كىشىنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ 215-يىلى (830م) ھـازىرقى خۇراسـاننىڭ نەسـائ دېـگەن يېرىـدە دۇنياغـا كەلـگەن. ئىمـام نەسـائىي ھەدىسـلەرنى تـوپلاش ئىشـىغا پەۋقۇلئـاددە كۆڭـۈل بـۆلگەن ۋە ھەدىسـلارنى راسـت ۋە يالغانــدىن ئايرىشتا ناھـايىتى چىـڭ شـەرتلەرنى قويـۇپ، ئىنتـايىن ئېھتىياتچانلىق بىـلەن ئىـش كـۆرگەن ئـالىم. ئـۇ مەكـكە مـۇكەررەمە شـەھىرىدە تـۇرۇپ، ئىشـەنچلىك ھەدىسـلەرنى توپلىغــان. ھىجرىيىنــىڭ 303-يىلــى (915م) پەلەســتىننىڭ رەمــلە دېــگەن يېرىــدە ئالەمـدىن ئـۆتكەن، ئۇنـىڭ بـۇ تـوپلىمى مەشـھۇر ئـالتە ھەدىـس تـوپلىمى ئىچىـدىن ئالتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

توققۇزىنچى بۆلۈم

# قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى، قۇرئان كەرىم بىرەر پەن ـ تېخنىكا كىتابى ئەمەس، ياكى ئۇ كائىناتنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتابمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، قانۇن ـ تۈزۈم كىتابىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا پەن ـ تېخنىكىدىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ يوللىرىغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى ھىدايەت مەنبىئى قىلىپ چۈشۈرگەن. ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.﴾[1] قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تۇرغۇزۇش، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن توسۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

### قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابىدۇر

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئەسىرنىڭ تەبىئىتىگە ۋە ھەر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئىلمىي مۆجىزىلەر بىلەن ئىسپاتلاشمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايەتلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى چۈشكەن ۋە ئەسىرلەردىن بىرى كىشىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيىسىگە لايىق ئىلمىي مۆجىزىلىرى بىلەن قايىل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا پەقەت زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەنلا كەشىپ قىلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بار.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 9 ـ ئايەت

شۇڭا زامان تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى يۇكسەلگەنسېرى ۋە ئىلىم-پەن ئىلگىرلىگەنسېرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈشلەردە بىلىنمىگەن ئىلمىي مۆجىزىلىرى تېخىمۇ كۆپ كەشپ قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تا قىيامەتكىچە بۇ ئىلمىي مۆجىزىلەر كەشپ قىلىنىشقا داۋام قىلىدۇ.

ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى نېمە ئۈچۈن شەرھلىپ بەرمىگەن؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر كەشپ قىلىنغان ۋە كېيىنچە كەشپ قىلىنىدىغان پۈتۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى شەرھلەپ بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ئىبادەتلىرىدە، مۇئامىلە ئىشلىرىدا، ھالال-ھارام مەسىلىسىدە بىلىشى كېرەك بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغىنى بۇ ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى كائىنات ئەسرارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەردىن ئۆزى بىلگەنلىرىنى ۋە ئېھتىياج تۇيغانلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. چۈنكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ھازىرقى بويىچە شەرھلەپ بەرگەندە، ئۇ چاغلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايتتى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئاساسلىق مەسىلە بولغان دىنىي مەسىلىلەرگە سەلبىي تەسىرى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر كېچىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئىشەنمىگەن شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قوبۇل قىلالمىغان يەردە، ھازىرقى ئىلمىي كەشپىياتلاردىن سۆز ئېچىشقا ھەرگىزمۇ ئورۇن يوق ئىدى. ھەتتا مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارغا كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، ئانتېنا قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىلىرىدىن سۆز ئاچقان ئادەم ھەرقانچە ئىشەنچلىك، ئالىم كىشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئىنسانلار ھامان ئۇنى يالغانغا چىقىرىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

# قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى

1840. سوئال: قۇرئان كەرىم قانداق مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟
جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئەدەبىي، ئىلمىي، كېلىچەكتىن خەۋەر بېرىش، ھەر زامانغا مۇناسىپ شەرىئەت بەلگىلەش قاتارلىق كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسى

1841. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسى قايسى؟
جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى بەدىئىيلىكى، ھەر بىر سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشتەك يۇقىرى جازىبىيتى، قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### (1) قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىكى

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ۋە ھەربىر ئايەتتە، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بارچە بەدىئىيلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلگىلىرى تېپىلىدۇ. ئەرەبلەر قۇرئان كەرىم چۈشۈشتىن بۇرۇن قەتئىي سۆزدە يېڭىلمايتتى. ھەتتا يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ ئاتاغلىق ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى شۇ ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ ئاتاغلىق شائىر ۋە ئەدىبلىرىنى تىزلا قايىل قىلغان. ئەرەبلەر ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، پاساھەت (ھەر قانداق بىر مۇددىئانى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق ئىپادىلەش)، بالاغەت (ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن ئىخچام ۋە ئاسان ئىبارىلەر بىلەن نەق يەتكۈزۈش) جەھەتلەردە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە خەلق بولۇپ تۇرۇپ قۇرئان كەرىمگە تەڭ كېلەلمىگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەن.

### قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغان

قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچلۇق دۇئېل ئېلان قىلغان:
دەسلەپتە ئۇلارنى بەدىئىيلىك ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۈستۈنلۈكتە قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىردى. ئى مۇھەممەد!

ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر - بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ [1] ئۇلار راستىنلا كەلتۈرەلمىدى.

ئاندىن ئۇلارنى قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان 10سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىردى. ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (بەدىئىيلىك جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار [2].

ئاخىرىدا ئۇلارنى بىرلا سۈرە ئىجاد قىلىپ بېقىشقا چاقىردى. بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز چۈشۈرگەن قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار [3].

ئەرەبلەر يۇقىرىقى دۇئېللارنىڭ ھېچبىرىگە جاۋاب بېرەلمىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ئالدىدا ئاجىز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئىسپاتلاندى.

شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئەشەددى كۇپپارلارمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئىسلام دىنىغا جېنى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يۇمشاپ ئۆزىگە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئەبۇ جەھل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ۋەلىد ئەبۇ جەھلگە مۇنداق دەيدۇ: «سەنمۇ بىلىسەن، مەن ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ تالانتلىق شائىرىمەن، ئەرەبلەردە مېنى بېسىپ چۈشىدىغان شائىر توق. قەسەم بىلەن ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) تىن ئاڭلىغانلىرىم شېئىر ئەمەس ياكى قەسىدە ئەمەس، ئۇ شۇنداق بىر سۆزلەركى، قەلبكە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدۇ، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئېسىل، بۇ سۆزلەرنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان سۆزلەر يوق، ئۇ ھەممىشە

(1) ئىسرا سۈرىسى 88- ئايەت
(2) ھۇد سۈرىسى13-ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى23-ئايەت

ئۇستۇنلۇككە ئىگە، ھەر قانداق بەدىئىي بايانلارنى يوققا چىقىرالايدۇ».

مانا بۇ، ئىسلام دىنىنى يوقىتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر كاپىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى بىرىنچى سۈرە فاتىھە سۈرىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى سۈرە ناس سۈرىسىگە قەدەر ھەممىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پۈتۈن ئايەتلىرىدە ئىستىلىستىكا ۋە باياننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرىنى تاپىمىز. بۇ ئايەتلەر سۆزلىرىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن بىزنى قايىل قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ ھالاۋىتى قەلبىمىزگە بېرىپ بولىدۇ.

تۆۋەندە، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستىلىستىكا جەھەتتە ئەڭ ئۇستۇن بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە بىرلا مىسال كەلتۈرىمەن. ئەرەبلەر قاتىلدىن قىساس ئېلىشنىڭ قاتىللىق جىنايەتلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ بەدىئىي سۆز بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولۇپ، «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئەڭ بەدىئىي سۆز دەپ قارىغانلىقتىن، كەبىگە ئېسىپ قويۇپ پەخىرلەنگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھەمىشە ئەڭ بەدىئىي شېئىرلارنى ۋە ھېكمەتلىك، بەدىئىي جۈملىلەرنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى. قۇرئان كەرىمدىن ﴿ قىساستا ھايات بار﴾[1]

دېگەن ئايەت چۈشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەبىگە ئېسىپ پەخىرلەنگەن بۇ بەدىئىي سۆزى ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالدى ۋە پۈتۈن ئۇستۇنلىكىنى يوقىتىپ قۇرئان كەرىمگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

ئىستىلىستىكا مۇتەخەسسىسلىرى قۇرئان كەرىمدىكى قىساستا ھايات بار دېگەن ئايەت بىلەن «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆز ئوتتۇرىسىدا بەدىئىيلىك جەھەتتە ئالاھىدە چوڭ پەرق بارلىقىنى ۋە ئايەتنىڭ بۇ سۆزدىن 20 دىن كۆپرەك تەرەپتىن ئۇستۇن بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھەرپ سانى «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەرپ سانىدىن ئاز. ئايەت12 ھەرپتىن، بۇ سۆز 14 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. مەلۇمكى، قانچىلىك ئاز سۆز ۋە ئاز ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنە ئەڭ بەدىئىي مەنىدۇر.

(2) ئايەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق. چۈنكى ئۇ قاتىلدىن قىساس ئېلىشنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى179-ئايەت

زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. چۈنكى، ھەر قانداق ئۆلتۈرۈش قىساس ئۈچۈن بولمايدۇ. ئادەملەر بىر-بىرىنى ناھەقمۇ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

(3) ئايەتتە تەكرارلانغان بىرمۇ سۆز يوق. چۈنكى سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى جۈملىنىڭ بەدىئىيلىكىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆزدە، «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆز تەكرارلانغان.

(4) ئايەتتىكى «قىساس» سۆزى ئادالەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى باشقىسىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ نابۇت بولۇشقا مەھكۇمدۇر. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى بېرىشتىن يىراق.

### (2) قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇرلۇقى

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن بولۇپ، سۆزلەر ئارىسىدىكى رەت-تەرتىپ ۋە ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر. مەن بۇ ئورۇندا بىرلا مىسال كەلتۈرۈشنى خالايمەن:

قۇرئان كەرىمدە، مەيلى قايسى ئايەتتە بولمىسۇن " ئاڭلاش" سۆزى "كۆرۈش" سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. "ئاڭلاش" سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر قۇرئان كەرىمدە 227 قېتىم ئۇچرىسا، " كۆرۈش" سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر 148 قېتىم ئۇچرايدۇ؛ " كۆز"، " قۇلاق" بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە " قۇلاق" سۆزى ھەمىشە " كۆز" سۆزىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۇستىدە چوقۇم سوئال - سوراق قىلىنىدۇ [1]، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر بەك ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر [2]، ئۇلار (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ [3].

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن باشقا "قۇلاق" بىلەن "كۆز" تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئايەتلەردە "قۇلاق" سۆزى بىلەن ئىنساننىڭ ئاڭلاش سېزىمى رەت جەھەتتە " كۆز" سۆزى بىلەن كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

قېنى بىز نەزەرىمىزنى ئىلىم - پەن ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات

(1) ئىسرا سۈرىسى 36- ئايەت

(2) سەجدە سۈرىسى 9- ئايەت

(3) ھۇد سۈرىسى 20- ئايەت

نەتىجىلىرىگە ۋە ئىلمىي پاكىتلارغا سېلىپ باقايلى:

تۆرەلمەشۇناس ئىلىمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئىنساننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئەزالىرى بىرلا ۋاقىتتا يارىتىلىدۇ. تۆرەلمە تۆرىلىپ ئۈچ ھەپتە بولغاندا، ئۇنىڭ قۇلاق ئاساسىي تاختىسى يېتىلىدۇ، بۇ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ يېتىلىشىنىڭ باشلىنىشى، تۆرەلمىگە تۆت ھەپتە بولغاندا كۆزنىڭ ئاساسىي تاختىسى يېتىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىچكى قۇلاق تەرەققىي قىلغان ھالغا كېلىدۇ، تۆت ھەپتە بولغاندا قۇلاق قۇلۇلىسى يېتىلىشكە باشلاپ، سەككىز ھەپتە بولغاندا مۇكەممەل ئاڭلاش ئويمىنى شەكىللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىچكى قۇلاق بەش ئايدا تولۇق يېتىلىدۇ ھەم ئاڭلاش سەزگۈ نېرۋىلىرى غىدىقلىنىشنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئەمما كۆز، كۆز ئالمىسى بىلەن كۆرۈش پەردىسى (نۇرلۇق پەردە) يەتتە ئايدا يېتىلىدۇ ھەم ئېچىلىدۇ. بىراق كۆز بالىياتقۇ ئىچىدە ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما قۇلاق ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، بوۋاق ئانىسىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ۋە ئۈچەي ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا:

(1) تۆرەلمىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ سىستېمىسى كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسىدىن بۇرۇن يېتىلىدۇ، ئاڭلاش سەزگۈسى تۆرەلمە بەش ئايلىق بولغاندا چوڭ ئادەمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ سىستېمىسى شەكلىگە كىرىدۇ. كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسى بالىلار 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن مۇكەممەللىشىپ پىشىپ يېتىلىدۇ.

(2) تۆرەلمە بالىياتقۇدىكى چېغىدا ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، ئەمما نۇر، سىزىقلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىن پەرقلەندۇرەلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە "ئاڭلاش" سۆزىنىڭ "كۆرۈش" سۆزىنىڭ ئالدىدا بايان قىلىنغانلىقىنىڭ يەنە باشقا سەۋەبلىرى مۇنداق:

(1) بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ (ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ)، ئاندىن كېيىن ئاڭلاش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ ئىشتىن توختايدۇ. ئىنسان ھوشسىزلانغاندا، ئوكسىگېن يېتىشمىگەندە، سەكەراتقا چۈشكەندە، مېڭىگە قان يېتىشمىگەن ئەھۋاللاردىمۇ ئاۋۋال كۆرۈش سېزىمى يوقىلىپ، ئاندىن ئاڭلاش سېزىمى يوقىلىدۇ.

(2) ئايروپىلاندا ئۇچقاندا تىز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىپ مۇجمەل كۆرۈش قۇۋۋىتى شەكىللىنىدۇ. ئەمما ئاڭلاش ئىقتىدارى ھەرگىز يوقالمايدۇ، ئىنتايىن تۆۋەن بولسىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ.

(3) ئادەم ئۇخشاش بولمىغان يۆنىلىش ۋە ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ بېشى مۇقىم بىر ئورۇندا تۇرغاندا،

ئۇنىــڭ تەكشــىلىكتىكى كــۆرۈش بولــۇشى °180، تىكلىكتىكــى كــۆرۈش بولــۇشى °145بولىدۇ. نۇر تۇز سىزىق بويىچە تارقالغاچقا، توسالغۇلاردىن، ئەگرى جايلاردىن ھەم سىزىق بولمىغان جىسىملاردىن ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما ئاۋاز ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىيالايدۇ. ئېگىز ــ پەس جايلاردىمۇ، قېلىن، ئېگىز تاملاردىمۇ تارقىيالايدۇ.

(4) ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار ئۇنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمما باشقا سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ھەم تەسىرى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ. شۇنداقلا كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇرلاردىن كۆپ بولسىمۇ، مېڭىدە قېلىشتا ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلارغا يەتمەيدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋېتىدىغان، جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان مۆڭلۈق، تەسىرلىك قىرائىتى راستىنلا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قەلبىنى ئېرىتىدۇ ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمدە ” قۇلاق“ ۋە ” ئاڭلاش“ سۆزلىرىنىڭ ” كۆز“ ۋە كۆرۈش“ سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قويۇلۇشى چوڭقۇر ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلىم ــ پەن تەرەققىي قىلمىغان مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا، بىرەر ئىنساننىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ.

### (3) قۇرئان كەرىم تېكىستلىرىدىكى سىلىقلىق

قۇرئاننىڭ تېكىستلىرى، لەۋزى ئىنتايىن سىلىق، چاققان، مەنىگە دالالەت قىلىش ئۇسلۇبلىرى ئالاھىدە يۇقىرى، ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن بەكمۇ ئەپلىك ھەم ئۇيغۇندۇر. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ بۇنى ئەلۋەتتە ھېس قىلالايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئايەت بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقىنى ئاڭلاپلا بىلەلەيدۇ. مۇندىن باشقا ئاڭلىۋاتقان ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى تېزلا بايقىۋالالايدۇ. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە رىتىم جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىگە قاراپ بولغان. مەسىلەن: ئەھلى جەننەتتىن بولىدىغان ياخشى كىشىلەر ھەققىدىكى بايانلاردا ئايەتلەر ئىنتايىن يۇمشاق، سىلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە سۆزلەردىن تەركىب بولغان. إن الله يدْخلُ الذين آمنوا وعملُوا الصالحات جنات تجْري مـن

تحْتها الْأنهار يحلوْنَ فيها منْ أساوِر من ذَهبٍ ولُؤْلُؤًا ولباسهمْ فيها حرِير [1]، إن الْمتقين في جنـات وعيون. ادْخلُوها بِسلاَمٍ آمِنِين. ونزعْنا ما في صدورِهم منْ غل إخْوانًا علَى سررٍ متقَـابِلين [2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ئەمما ئەھلى دوزىخى بولىدىغان يامان ئادەملەر ھەققىدە كەلگەن بايانلاردا ئايەتلەر ئادەمگە قورقۇنچ ھېس قىلدۇرىدىغان، تەلەپپۇزى قاتتىق چىقىدىغان ھەرپلەر ۋە سۆزلەردىن تەركىب بولغان. وترى الْمجْرِمين يوْمئـذ مقَـرنِين فـي الْأصْفَاد. سرابِيلُهم من قَطران وتغْشى وجوههمْ النار [3]، جهـنم يصْـلاها مـذْمومًا مـدْحورًا [4] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش.

## (4) قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيىتى

قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيىتىمۇ ئالاھىدە چوڭ بىر مۆجىزە. سىز بىرەر بەدىئىي ئەسەرنى دەسلەپ ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى سىزنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئەمما ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىڭىزدا سىزدىكى ھاياجان يوقىلىدۇ ـ دە، سىزگە بىرەر يېڭىلىق ھېس قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇشتىن زېرىكىش ھېس قىلىسىز. ھالبۇكى قۇرئاندا بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر يوق. ئەكسىچە، سىز قۇرئاننى قانچىلىك كۆپ قايتىلاپ ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ جازىبىيىتى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى سىزنى زوقلاندۇرىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم نامازدا كۈنىگە فاتىھە سۈرىسىنى ئاز دېگەندە 32 قېتىم ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇلار ئەينى سۈرىنى بۇنچىلىك كۆپ ئوقۇشتىن قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ سۈرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرگە ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيىتى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان

---

(1) ھەج سۈرىسىنىڭ 100 ـ ئايىتى. تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇمى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ».

(2) ھىجىر سۈرىسىنىڭ 45 ـ ۋە 46 ـ ئايەتلىرى. ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى: «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (جەننەتلەردە) باغ ـ بوستانلاردىن (سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ) تۇرىدىغان بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا "جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار" دېيىلىدۇ».

(3) ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ 49 ـ ۋە 50 ـ ئايەتلىرى. تەرجىمىسى: «ئۇ كۈندە (قىيامەت كۈنىدە) گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارا مايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ».

(4) ئىسرا سۈرىسىنىڭ 18 ـ ئايىتى. تەرجىمىسى: «ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، ئۇ دوزاختا خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ».

كۆپلىگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرەر ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىش سەۋەبى بىلەن دىللىرى بىردىنلا ئېرىپ مۇسۇلمان بولىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئىسلامنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن قورقۇپ مەخپى ھالدا مۇسۇلمان بولغان سىڭلىسىنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق دىلى بىردىنلا ئېرىپ، ئۆچمەنلىك تولغان كۆڭلى بىردىنلا تۇمشاپ شۇ ئاندا ئۇسۇلمان بولغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەب كاتتىباشلىرىنىڭ خەلقنى قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن قاتتىق توسقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ جازىبىيىتى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار قۇرئاننىڭ تارتىش كۈچى ئالدىدا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى[1].

ئەمما ھازىرقى زاماندا، خۇددى زىرائەتچىلىككە يارىمايدىغان قاتتىق زېمىن سۇنى قوبۇل قىلمىغاندەك، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەتتا ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭمۇ دىلى قارىيىپ، كۆڭلى قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكتىن قۇرئان كەرىم ئۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلار قۇرئان كەرىمنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاڭلاشتىن خېلىبەك يىراقتا.

شەكسىزكى، قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ يوللىرىغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى ھىدايەت مەنبىئى قىلىپ چۈشۈرگەن. ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.﴾[2] قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى تۇرغۇزۇش، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن توسۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ھەر

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 26- ئايەت
(2) ئىسرا سۈرىسى9-ئايەت

بىر ئەسىرنىڭ تەبىئىتىگە ۋە ھەر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئىلمىي مۆجىزىلەر بىلەن ئىسپاتلاشمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايەتلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى مۇندىن 14ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى چۈشكەن ۋە ئەسىرلەردىن بىرى كىشىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيىسىگە لايىق ئىلمىي مۆجىزىلىرى بىلەن قايىل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا پەقەت زامانىۋى ئىلىم پەن بىلەنلا كەشىپ قىلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بار. شۇڭا زامان تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى يۈكسەلگەنسېرى ۋە ئىلىم-پەن ئىلگىرلىگەنسېرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈشلەردە بىلىنمىگەن ئىلمىي مۆجىزىلىرى تېخىمۇ كۆپ كەشىپ قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تا قىيامەتكىچە بۇ ئىلمىي مۆجىزىلەر كەشىپ قىلىنىشقا داۋام قىلىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى

1842. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن مۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپ تۆۋەندە بەزىسى بايان قىلىنىدۇ:

## بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى

(1) شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىڭ يۈزىلىشى بۇلۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شاماللارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار شامالنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ - توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتىرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شامالار كۆتىرىپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىققان چاڭ - توزان، تۇپراق دانچىلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمان قاتارلىقلارنى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پارلىرى ئوراپ ئاستا - ئاستا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە ئېغىر بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

قۇرئان كەرىم بۇلۇتنىڭ شامالار ئارقىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ شامالانى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا

خالىغىنىچە تارقىتىدۇ [1].

قۇرئان يەنە، شاماللارنىڭ سۇپارلىرىنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېغىر بۇلۇت ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شامالLARنى ئەۋەتتۇق. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر [2].

(2) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تەتقىقاتچىلار زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەننىڭ سايىسىدا ئاسمان جىسىملىرىدىكى قالدۇق تۇتۇن ماددىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن يېڭى پلانېتلارنىڭ تەركىب بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن قەيت قىلغان. ئاللاھ ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى [3].

(3) ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئاينىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش يانىدىغان نۇرلۇق ماددا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىدىكى ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قارشى تەرەپتىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتكەن (قايتۇرغان) يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم بۇھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلغان: كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى (يەنى نۇرىنى) كۆتىرىۋەتتۇق [4].

قۇرئان كەرىم يەنە قۇياشنى يانغۇچى چىراق، ئاينى يورۇقلۇق بەرگۈچى دەپ تەرىپلىگەن: ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراق(قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر [5].

بۇ ئايەتلەردە، ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى "ئىككى چىراغ" دەپ تونۇشتۇرماستىن، قۇياشنى "چىراغ"، ئاينى "نۇرلۇق" دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ

(1) رۇم سۈرىسى 47 - ئايەت
(2) ھىجر سۈرىسى 22 - ئايەت
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 11 - ئايەت
(4) ئىسرا سۈرىسى 12 - ئايەت
(5) فۇرقان سۈرىسى 61- ئايەت

دەلىلىدۇر. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم ـ زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زەۋقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

(4) ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم ـ پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگېننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېنىق بايان قىلغان: ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ [1].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپىسى سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

(5) ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ خۇددى جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا جاماداتلارنىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر [2].

(6) سىزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئاغرىقنى ھېس قىلىش پەقەت تېرىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بەدەنگە ئوكۇل سېلىنغاندىمۇ ئوكۇل تېرىدىن گۆشكە ئۆتۈپ بولغىچە ئاغرىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما ئوكۇل گۆشكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق ھېس قىلىنمايدۇ. كۆپۈكمۇ شۇنداق. قۇرئان بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆز

(1) ئەنئام سۈرىسى 125ـ ئايەت

(2) ياسىن سۈرىسى 36 ـ ئايەت

ۋاقتىدىلا ئېلان قىلغان: شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازاپنى تېتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز [1]. چۈنكى تېرە كۆيۈپ بولسا، ئازاب ھېس قىلىنمايدۇ، شۇڭا تېرە يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا ئازاب داۋان قىلالايدۇ.

(7) دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى دولقۇنلىرىدىن باشقا ئىچكى دولقۇنلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا سۇ ئۈستى دولقونلىرىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقنى توسۇۋېلىپ، سۇ تېگىدە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھازىرقى پەن - تېخنىكا بۇنى ئىسپاتلىدى. ئەمما قۇرئان ئەڭ ئاۋۋال بۇنى ئىسپاتلىغان ئىدى: دېڭىزنى قاتمۇ قات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ [2].

(8) جۇغراپىيە ئالىملىرى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پەلەستىننىڭ ئېرۇسالىم رايونىنى دۇنيا بويىچە يەر يۈزى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ تۆۋەن رايون دەپ ھېسابلاپ چىقتى. بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان: رىملىقلار ئەڭ يېقىن بىر جايدا (زېمىننىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرىدە) يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ [3].

رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ھازىرقى پەلەستىن رايونىدا ئۇرۇشقان بولۇپ، ئېرۇسالىم رايونىغا توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن مەپەسسىرلەرمۇ شۇنداق قاراشتا.

(9) تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئارخېئولوگلار تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى يەر ئۈستىدىكى قىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېقىلغان خۇددى قوزۇققا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى يەر تەررەشنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ [4]، يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق [1].

(1) نىسا سۈرىسى 56- ئايەت
(2) نۇر سۈرىسى 40 - ئايەت
(3) رۇم سۈرىسى 2-4- ئايەتلەر
(4) نەبە سۈرىسى 7- ئايەت
(1) ئەنبىيا سۈرىسى 31- ئايەت

(10) يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنىداق دەيدۇ: كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ [1].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتر) دۇر. ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجمىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلار مۇ ھالاك بولغان بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى ھازىرقىدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقدارىدىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋ زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقدارىدىن يىراق بولغان بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

(11) زەررىدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ئاسمان- زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ

(1) سۈرە ياسىن 39- 40- ئايەتلەر

بىلىشــدىن چەتــنەپ قالمايــدۇ. ئۇلارنىــڭ ھەممىســى ئــاللاھ تائالانىــڭ كىتابىــدا خاتىرلەنگەن [(1)]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە ـ ئـاتوملا ئەمەس، بەلكـى ئاتومـدىنمۇ كىچىـك نەرسـىلەرنىڭ بارلىقـدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيـالىزمچىلار 19ـ ئەسـىرگە كەلگۈچىلـىك ئەڭ كىچىـك نەرسە ئـاتوم دېـگەن سـۆزنىدە چىـڭ تـۇرۇپ كەلـگەن. ھـازىرقى زامـان ئىلمـي تەتقىقـاتچىلىرى ئاتومـدىن كىچىـك نەرسـىلەرنىڭ بـارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پـارچىلىرى پروتـون، نېتـرون ۋە ئېلېكترونـدىن ئىبارەت.

(12) ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئــاللاھ تائــالا يەنە مۇنــداق دەيــدۇ: يەر يــۈزىنى يېيىــپ كەڭ قىلــدۇق. ئۇنىڭغـا تــاغلارنى ئورنــاتتۇق. يەر يۈزىــدە ھەر خىــل تەكشــى ئۆلچەملىــك ئۆسـۈملۈكلەرنى يـاراتتۇق [(2)]. دۇنيـادىكى بـارلىق مەۋجۇداتلارنىـڭ ھايـاتى ئۈچـۈن ھەر نەرسـە مەلـۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېننىڭ مىقـدارى %21 بولمـاي % 50 بولغان بولسـا، دۇنيـادىكى مەۋجـۇداتلار ئەڭ كىچىـك بىـر شـامال بىـلەن ھـالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسـىگېندىن نەپەس ئـېلىش ئـارقىلىق ھايـات كەچۈرىــدۇ. ئــۇلار ئوكســىگېندىن نەپەس ئېلىــپ، كــاربون4 ئوكســىدىنى ســىرتقا چىقىرىدۇ. زىـرائەتلەر، ئۆسـۈملۈكلەر ۋە دەل- دەرەخـلەر كـاربون 4ئوكسـىدىنى نەپەس ئــېلىش ئــارقىلىق ئۆزلىرىــدىكى ســاپ ئوكســىگېننى ســىرتقا چىقىرىــدۇ. ئەگەر بــۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جـانلىقلار ۋە جانسـىز ئۆسـۈملۈكلەر ياشـىمىغان بـولاتتى. بـۇ ئـايەتتىكى ئۆلچەملىـك دېـگەن سـۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ بـاراۋەرلىكى» دېگەنلىكتـۇر. ھـازىرقى زامـان خىمىيە ئـالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسـىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

(13) بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: بىز ئۇلارنىڭ (يەنـى ئىنسـانلارنىڭ) بارمـاقلىرىنىمۇ ئوخشــاش قىلىشــقا قــادىرمىز [(3)] دېــگەن. بىــر ئىنســاندىكى ئورگــان يەنە بىــر ئىنساندىكىسگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قـول قولغـا، بـۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى ھەرگىزمـۇ بىـر- بىـرىگە ئوخشـاش

(1) سۈرە يۇنۇس 16ـ ئايەت

(2) ھىجىر سۈرىسى 19ـ ئايەت

(3) قىيامەت سۈرىسى 4 ـ ئايەت

چىقمايدۇ. بەلكى ھېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884- يىلى كەشىپ قىلىنىپ، شۇندىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم - پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

## ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر

(1) تۇپان ۋەقەسى

قۇرئان كەرىمدە ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا نۇھ (Noah) ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۈچۈن ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاللاھ ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ بۇيرىغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدا ئارخېئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ ھادىسىنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

1960 - يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئىككى ئارخېئولوگ تەرىپىدىن مېكسىكا قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ جايدىكى جانلىق مىكروئورگانىزم ماددىلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ميامى ئۇنىۋېرسىتېتىدىنCesare ۋە Rodhe ئىسىملىك ئىككى ئارخېئولوگ، ئىسلاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Kannet James ۋەكامبرج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Nicolas لاردىن

تەشـكىللەنگەن تەتقىقـاتچىلار گۇرۇپپىسـى تەرىپىـدىن تەتقىـق قىلىنغـان مىكسـىكا قولتۇقـىـدىكى بىـر تۇزلۇقتـا دراماتىـك بىـر چـوڭ ئـۆزگىرىش بايقالغـان. بـۇ بولسـىمۇ، مۇنـدىن 11600 ـ 12000 يىـل بـۇرۇن مىكسـىكا قولتۇقىنىـڭ تـاتلىق سـۇ ھۇجۇمىغـا ئۇچرىغانلىقى ئىدى. ساماۋىي كىتـابلاردا بـۇ ۋەقەلىـك «تۇپـان سـۇيى» دەپ ئاتىلىـپ كەلگەن.(1)

(2) ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى

ئـاد، سـەمۇد قەۋملىرىنىـڭ شـەھەرلىرىنىڭ بـارلىقى قۇرئـان كەرىمـدە سـۆزلەنگەن بولسـىمۇ، يېقىـنغىچە بۇلارنىـڭ بـار ئىكەنلىكىنـى ياۋروپـالىقلار رەت قىلىـپ كەلـگەن ئىدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان. سەمۇد قەۋمى چوڭ ئـاد قەۋمىنىـڭ بىـر بۆلـۈكى بولـۇپ، بۇلار مەككىدىن سىناغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەمۇد قەۋمى قۇرئاننىڭ «ئەئـراف»، «ھـۇد»، «ھىجـر» ۋە «قەمەر» سـۈرىلىرىدە تىلغـا ئېلىنغـان. «پـاتلايمۇس تـارىخى» نـاملىق قەدىمكـى زامانلارغـا ئائىـت تـارىخىي ئەسـەر تېپىلغانـدىن كېيىن، قېزىشـلار بۇنىڭغا ئاساسەن باشلانغان ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ قەۋملەرنىڭ شەھەرلىرى تېپىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد ئۇنىۋېرسـىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىـڭ مـۇدىرى، ئاسـارە ئەتىـقە ئـالىمى دوكتـۇر ئابـدۇراھمان ئەنسـارىي تەرىپىـدىن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى «مەدائىنى سالىھ» دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلغـان قېزىشتا، سەمۇد قەۋمىنىـڭ شـەھەرلىرى بايقالغـان. بـۇ شـەھەر مىلادىيىـدىن بـۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغـا ئائىـت بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن قـۇم دۆۋىسـى ئاسـتىدا قالغـان، تاشـتىن ياسالغان كاتتا سارايلار ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سەمۇدىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان(2).

(3) ئىرەم شەھىرى

ئىرەم شەھىرىدە ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرى ياشـىغان بولـۇپ، قۇرئـان كەرىمدە ھۇد قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ، كۇپرى ـ زالالەت ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىـڭ ئىـرەم شـەھىرىدە ئـۆتكەنلىكى ۋە ئاخىرىــدا ئۇلارنىــڭ «سەرسـەر» دەپ ئاتالغــان كۈچلـۈك بىـر بـوران بىــلەن بىـر كېچىدىلا ھالاك قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد قەۋمىنى، يۈكسەك

(1) تۈركچە «دىنلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن.
(2) لوندوندا نەشىر قىلىنىدىغان ئەرەبچە «الشرق الۆوسط» (ئوتتۇرا شـەرق) گېزىتـى 2001 ـ يىـل 2 ـ ئـاي 25 ـ سانىدىن.

بىنالىرى بىلەن ئوخششى يارىتىلىپ باقمىغان ئىرەم شەھىرىنى، ۋادىقۇرادا [1] تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇد قەۋمىنى ئاللاھ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [2].

1982 ـ يىلى كالىفورنىيىلىك بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نامىنى بىر ئىنگلىز جاسۇسىدىن ئاڭلىغان قەدىمي شەھەر يوللىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇلار نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنچە ئۇلار مەخسۇس رادارلارنى ئىشقا سېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئوممان چۆللىرىگە تارقىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قەدىمي شەھەر يوللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار، ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن «پاتلامىيۇس» دېگەن تارىخچى بايان قىلغان ئىرەم (تارىخچى ئىرېم دەپ ئاتىغان) شەھىرىنى 12 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىپ چىقىدۇ. 4800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەھەرنىڭ تېپىلغانلىقى «چۆللەرنىڭ ئاتلىسى» (Atlantic of the Sand) سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ «Times» ۋە «Newsweek» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان[3].

يۇقىرىقى شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ قەۋملىرى قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ بىلىنمەيتتى. بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

(4) پىرئەۋننىڭ جەسىدى

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتىدا " ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتىم. مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېدى.(ئۇنىڭغا ئېيتىلدىكى،) "(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغانىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىدىڭنى

(1) ۋادى قۇرا ـ ئەلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى خەيبەر رايونى بىلەن ئەلتىما رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. قەدىمدە سەمۇد قەۋمى ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ جاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەن.

(2) فەجر سۈرىسى 6ـ 9ـ ئايەتلەر

(3) «سىزنىتى ژۇرنىلى» 98ـ يىللىق 5ـ ساندىن ئېلىندى ـ تۈركچە

قۇتقۇزىمىز(يەنى جەسىدىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز") [1].

ئەسىرلەر ئۆتكەنىدىن كېيىن، ئىنگلىزلەر تەرىپىدىن قىزىل دېڭىز بويىدىكى «جەبەلەين» دېگەن جايدىن پىرئەۋننىڭ جەسىدى تېپىلىپ، ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغانىنىڭ سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەپلىنەرلىككى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىرىسلا چۈرۈگەن، ئەمما ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەد مۇمىيا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇمىيا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ھالبۇكى، پىرئەۋننىڭ جەسىدىنىڭ ئورگانلىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.

## ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر

(1) ئېمبىرىئولوگىيە (تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان فرانسىيە تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور (Maurese) زامانىۋى تىببىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئانا قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ، قۇرئان كەرىمدە ئەسىرلەر بۇرۇن بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ كۆپ تىراژلىق گېزىت، ژۇرناللىرىدا (the Quran and Modern science) «قۇرئان ۋە زامانىۋىي مېدىتسىنا» ماۋزۇ ئاستىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان.

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى ئۈچ قات پەردە) ئىچىدە يارىتىدۇ [2]. بۇ ئايەتتىكى ئۈچ قات پەردە - بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى. بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قات پەردىدۇر. يېقىنقى زامان مېدىتسىنا ۋە تەبىئەت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئۈچ قات پەردىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ناملارنى بەرگەن. ئۇلار "مىنبارى"، "خوربۇن"، "لەفائىفى" دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) فرانسۇز سۇ تەتقىقاتى ئالىمى Jac Cousteau ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىرـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان«جەبەلتارىق» بوغۇزىدا (كۆزگە

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 89 - 91 - ئايەتلەر

(2) زۇمەر سۈرىسى 6- ئايەت

كۆرۈنمەيدىغان)بىر سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىككى پەرقلىق ئىسسىقلىقتا ۋە تۇزلۇق ئورانىغا ئىگە بولغان بۇ دېڭىز سۇيىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن، بىرى تاتلىق، يەنە بىرى ئاچچىق ھالىتى بويىچە، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئېقىۋاتقانلىقىنى كەشىپ قىلغان. ئەدەن قولتۇقىنى قىزىل دېڭىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەندەب بوغۇزىدىمۇ سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى كەشىپ قىلىنغان. بۇ قېتىمقىسىنى گېرمانىيىلىكلەر كەشىپ قىلغان. دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىدە سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسىلەن: بېنگال، بېرما ۋە ھىندىستاندىمۇ بۇ تۈردىكى سۇ توسمىلىرى بولغان دېڭىز، دەريالارنىڭ بارلىقى كېيىنكى يىللاردا كەشىپ قىلىنغان.

يۇقىرىقى كەشىپياتنى Cousteau دوستى پروفېسسور M.Bukail غا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ كەشىپاتنىڭ يېڭى كەشىپياتلاردىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا قۇرئان كەرىمدىن بۇلارنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: ئۇ، ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزىدۇ. ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ [1].

## تۆتىنچى: ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر

(1) يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قۇياش بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللهنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ [2].

بۇ ئىبارىلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئىبارىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇنلىرىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ ئايلىنىدىغان پەلەكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

---

(1) رەھمان سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر

(2) سۈرە ياسىن 38ـ، 39ـ، 40ـ ئايەتلەر

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىنىڭ شۇ ئەسىرلەردە تونۇلمىغان يېڭى مەرىپەتلەر بىلەن كەلگەنلىكى بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ.

دوكتۇر موررىس بوكاي بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم زېمىننىڭ مەركىزىي نوقتا ئىكەنلىكى، قۇياشنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلەك ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىنى بايان قىلماستىن بەلكى قوياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن پەلەكلىرى ئىچىدە سەير قىلىدىغانلىقىنى يېڭى دەۋرى ئىلمىگە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلماقتا»[1].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ بەلگىلەنگەن پەلەك ئىچىدە ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە تونۇلمىغان يېڭى بىر چۈشەنچىنى تەقدىم قىلدى. قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن قۇياشنىڭ ئايلىنىشى، يېڭى ئىلىم ئىسپاتلىغاندەك قۇياشنىڭ سېكونتىغا 250 كىلو مېتىر تېزلىك بىلەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدۇر».

دوكتۇر موررىس بوكاي «زېمىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ دەپ قارىغان پەلەك ئالىملىرى سۆزلىگەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ قوياش ۋە ئايلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن سۆزلەپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان» دېگەن سۆزگە مۇنداق رەددىيە بەرگەن: «پەلەك ئالىملىرى بۇ يەردە توغرا دېيەلىگەن بولسىمۇ، قوياش ئالەمنىڭ مەركىزىي نوقتىسى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ھەرىكەتلەنمەيدۇ دېگەن قارىشىدا خاتالاشقان. دېمەك پەلەك ئالىملىرى خاتا ۋە توغرا نەزەرىيىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. خاتا ۋە توغرا نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان پەلەك ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىنى، مەڭگۈ خاتا سۆزلىمەيدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلىرىگە قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن؟». بۇ ئىنساپلىق بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ھەققانىي گوۋاھلىقىدۇر.

---

(1) مۇررىس بۇكاي فرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر بولۇپ، كىچىكىدىن خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىپ ئۆسكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەل ئىبنى ئابدۇل ئەزىز(1906ـ 1975)نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ مەخسۇس دوختورى بولغان. مۇررىس بۇكاي بۇ جەرياندا يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى، پىرئەۋن قىسسىلىرىنى ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ چىقىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى ئىلىم ـ پەن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

يۇنان پەلسەپىلىرى، رىم قانۇنلىرى، ھىندىستان ھېكمەتلىرى، ئەرىستوتىل ۋە ئەپلاتونىنىڭ نەزەرىيىلىرىدىن يىراق، ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قالغان جاھالەت ئىچىدىكى بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا، قاقاسلىق سەھرا ھاياتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر زاتنىڭ كائىنات نىزاملىرى ھەققىدە 20- ئەسىرنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن ھالدا بەدىئىي ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىگەنلىكى ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭغا نەزەر سالغان ئىنسان، ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات ئەسىردىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى مەرىپەتلەرنى قوشۇمچە قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلگىركى پەلسەپىلەردىن كېلىپ چىققان خاتا قاراشلارغا تۈزىتىش بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن: «قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجادىيىتى ياكى ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ تەلىماتى» دېيىش ئەقىلغا سىغامدۇ؟.

ئەگەر قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجادىيىتى بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرى بويىچە سۆزلىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىنىڭ ئەكسىچە سۆزلەتتى، ئۇ ئەسىردىكى خاتالىقلارنى پاش قىلاتتى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەر بىزنى ‟قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ تەلىماتى ۋە ئىجادىيەتلىرى بولماستىن، بەلكى ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر” دېيىشىمىزگە مەجبۇر قىلدى».

(2) زېمىنىنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى

قۇرئان كەرىم كىچە، كۈندۈز ھەققىدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغىدەك ناھايىتى ئوچۇق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كەلگەن. لېكىن قۇرئان كەرىم زېمىنىنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان كۆپلىگەن ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرگە بولغان ئىشارەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چۈشكەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى، كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (قۇياش بىلەن ئاينىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەت كىچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق

خەۋەرداردۇر [1].

ئـاللاھ كـېچە بـىلەن (يەنـى كېچىنىـڭ قـاراڭغۇلۇقى بـىلەن) كۈنـدۈزنى ياپـىدۇ، كـېچە بـىلەن كۈنـدۈز بـىر- بىرىنـى قوغلىشـىدۇ (يەنـى داۋاملىـق ئـورۇن ئالمىشـىپ تۇرىدۇ) [2].

ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. ئاللاھ كېچىنـى كۈنـدۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئـاينى (بەنـدىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىـڭ ھەر بىـرى مۇئەييەن ۋاقىـتقىچە (يەنـى قىيـامەتكىچە ئـۆز ئوقـىدا) سـەير قىلىـدۇ، بىلىڭلاركـى، ئـۇ (يەنـى ئـاللاھ ئـۆز ئىشـىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [3].

بـۇ ئـايەتلەر ئىنسـانلارغا كۈنـدۈزدىن كـېيىن كېچىنىـڭ، كېچـىدىن كـېيىن كۈندۈزنىڭ كېلىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە ياشىغان ھەر بىر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنـى بىلەتتـى، شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـۇلار بـۇ ئـايەتلەردىن ئـانچە ھەيرانلىـق ھـېس قىلمىغـان. ئەممـا ھـازىرقى ئىنسـانلار بـۇ ئـايەتلەر زېمىنىنــڭ ئايلىنىــدىغانلىقى ۋە ئۇنىــڭ شـار شـەكىللىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئىنسـانلار بايقىيالمىغـان ئىشـارەتلەرنىڭ بـارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت يېقىنقى ئەسىردىلا بايقىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ: كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ دېـگەن سـۆزى كېچە بىلەن كۈنـدۈزنىڭ بىردەممۇ توختىماسـتىن يـاكى بىـر - بىـرىگە ساقلىماسـتىن داۋاملىـق بىـر - بىرىنـىڭ كەينىـدىن قوغلىشـىپ ماڭىـدىغانلىقىغا ئىشـارەت قىلماقتـا. لېكىن ئۇلار قەيەرگىچە ۋە قانداق قوغلىشىپ ماڭىدۇ؟

كـېچە بـىلەن كۈنـدۈز تۇگەنجىسـى يـوق، چەكسـىز، ئـوزۇن يولـدا بىـر - بىرىنـى قوغلىشىپ ماڭامدۇ؟ شۇنداق پەرەز قىلىنغان ۋاقىتتا زېمىنـدا پەقەت بىـر كـېچە ۋە بىـر كۈندۈزنىڭلا ئوتتۇشىگە تـوغرا كېلىـدۇ. ۋاھـالەنكى بىـز كـېچە بـىلەن كۈنـدۈزنىڭ بىـر خىل نىزامدا بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، قۇياشـنىڭ شـەرق تەرەپتىن چىقىپ، غەرب تەرەپتە غايىپ بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ تېخنىكىلىك سۈرەت ھەققىدە ئويلۇنۇپ، ئۇنىڭدىن كـېيىن ئـاللاھ تائالانـىڭ: ئـاللاھ كېچىنـى كۈنـدۈزگە كىرگۈزىـدۇ ۋە كۈنـدۈزنى كـېچىگە

(1) سۈرە لۇقمان 29- ئايەت
(2) سۈرە ئەئراف 54- ئايەت
(3) سۈرە زۇمەر 5- ئايەت

كىرگۈزىدۇ  دېگەن سۆزىدىكى يەنە بىر سىرەتكە يۈتكەلگىنىمىزدە، بۇ ئايەتنىڭ زېمىننىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، كۈندۈزنى يوشۇرۇپ، كېچىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە كۈندۈز كېچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىلىدۇ. كېچىنى ئۆچۈرۈپ، كۈندۈزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلىدۇ.

بۇ ئىككى كىرگۈزۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، ئەنە شۇ جىسىم كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر - بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ، بىرىنى يەنە بىرىدىن يوشۇرىدۇ. بىرىنىڭ يەنە بىرىنى يېپىشى ئادەتتىكى تۈز شەكىللىك جىسىم بىلەن ھاسىل بولمايدۇ، بۇ پەقەت شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى يېڭى دەۋر ئىلىم - مەرىپەتلىرى ئىشىنىپ، باش ئەگكەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن بولدى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر بۇرۇن قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇلارنى شۇ ۋاقىتتىلا ئېنىلان قىلىپ، ھازىرقى ئەسىردىكىگە ئوخشاش ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرمىگەن؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە ھەرقانداق زامانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقىل قابىلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېگانە كىتاب. قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئۆتمۈشلەردىكىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم سەۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشقان ۋە ئۇلار بىلەن قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يۈز بەرمىگەندەك، ھازىر ئىسپاتلانغان ئىلمىي كەشپىياتلار بىلەنمۇ تامامەن ماسلىشىدۇ، تا قىيامەتكىچە شۇنداق ماسلىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقىل ـ قابىلىيىتى ئىدراك قىلالمىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر كېيىنكى زامانلاردا چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

### بەشىنچى: تىببىي دەلىللەر

(1) ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكى

ئالالاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:  ھەسەل ھەرىسىنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپالىق

بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار [1] دەيدۇ.

تارىختىن بىرى ئىنسانلار ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، كۈنىمىزدىكى زامانىۋىلاشقان مېدىتسىنا ئىلمىي سايىسىدا ئۇنى قەتئىي شەك قويۇل قىلمايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغان. ھەسەلنىڭ شىپالىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. قىسقىسى، دوختۇرلار ئۇنى كۆپلىگەن ھەرخىل كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىنى تەۋسىيە قىلماقتا. ھەسەلدە مېكروبلارغا قارشى ماددىمۇ بولغاچقا ئۇنى كۆيۈكلەرگە، يارىلارغا سۈۋاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلىمەكتە. مۇندىن باشقا بۇۋاقلارنىڭ ئەت ئېلىشى ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا ھەسەل يېگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلماقتا. تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بىر جۈپ ئىككىزەكنىڭ بىرىگە كۈندە مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە نەتىجىسىدە، ئىككى ئايلىق مۇددەت ئىچىدە كۈنلۈكى مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلغان بۇۋاقنىڭ ئېغىرلىقى، ھەسەل ئىستېمال قىلمىغان بۇۋاقنىڭ ئېغىرلىقىدىن 2 كىلو ئارتۇق كەلگەن.

(2) بۇۋاققا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز ئىككى يىل ئېمىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى دەسلەپ قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن. تېخى 5 ـ 10 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى ياساپ چىققان سۈنئىي سۈتنى ماختاپ، «ئەمدى ئانا سۈتىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ دەۋا قىلغان ياۋروپالىقلار، ئەمدىلىكتە، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، بۇۋاقلارغا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە 1ـ 2 يىل بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

(3) تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە بولسا، ياۋروپادا تېخى 1800 ـ يىللىرىغا كەلگىچە تەرەتخانا، مۇنچا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. 1500 ـ يىلى شەرقنى كەزگەن بەزى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۆينىڭ مەخسۇس تەرەتخانىسى، مەخسۇس مۇنچىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، شەرق توغرۇلۇق ئىجابىي ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن.

ئەمما مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەربىيىسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم

(1) نەھل سۈرىسى 69 ـ ئايەت

مۇنچىغا كىرىشىنىڭ، ساقال - بۇرۇتلارنى ۋە قول - پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشىنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن 5 قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى 5 قېتىم يۇيۇشىنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشىنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشىنىڭ، ئامموۋى پائالىيەتلەرگە، جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

(4) ھاراقنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان سۆزلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ ئېزى ۋە كۆپى بەرىبىر ئوخشاشلا ھارام ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھازىرقى پەن تېخنىكىنىڭ سايىسىدا، ھاراقنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانماقتا. ھاراقنىڭ ھۈجەيرىلەردە، خۇسۇسەن مېڭە ھۈجەيرىلىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنغان ھاراقنىڭمۇ، تەسىرى ھامان بىلىنمىگەن بىلەن ئاستا - ئاستا ئادەم جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىمۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ھاراقنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قانداقلا بىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقسىزلىق بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ھاراقنىڭ بارلىقى بايقالماقتا.

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى زامانلارنىڭ شارائىتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئىلمىي كەشپىياتلارنى ئاچىدىغان ئىلىم - پەنگە ياكى ھازىرقىدەك زامانىۋىي ئاپپاراتلارغا ئىگە بولمىغان، ساۋاتسىز بىرسىنىڭ بىلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

## ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر

(1) باللار ھوقۇقى

مىلادىيە 6- ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىز بولۇشى جىددىي بىر ئەيىب ئېدى. يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئەللەردە

ئەھۋال شۇنداق ئىدى. پەقەت يېڭى دىن (ئىسلام دىنى)نىڭ كېلىشى بۇ ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن:

بالىلار ھۆردۇر، قىز ـ ئوغۇللار ھۆرمەتتە ئوخشاش تۇغۇلىدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

بالىلار مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال ـ مۈلۈكلەر ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قوللىنىلمايدۇ.

بالىلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك.

بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى.

بالىلارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك بالىلارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ.

بالىلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ.

بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ.

دۇنيادا "بالىلار ھوقۇقى باياننامىسى"نىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ بالىلار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(2) ئاياللار ھوقۇقى

مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق - ھوقۇقتا، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى. بۇنى ئىسلام دىنى ئېلان قىلدى.

تېخى مىلادىيەنىڭ 1700 - يىللىرى فرانسىيەدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش - تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.6ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەبلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى قالدۇرغان مال - مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا تۆۋەندىكى ھەق- ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

ئاياللار ھۆرمەتتە ۋە ھەق-ھوقۇقلاردا ئەرلەرگە ئوخشاشتۇر.

- ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار.

ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يېتەرلىك بولسا ئايالىغا خىزمەتچى تۇتۇپ بەرگىنى ياخشى.

- ئاياللارنىڭ ئېرى ۋە ئاتا-ئانىسىدىن مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ھوقۇقى بار.

ئاياللار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى بار.

ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان ھالەتتە يېتەرلىك ئۆزرۈر بىلەن ئاجرىشىش ھوقۇقى بار.

ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ.

ئاياللار تۇغۇشنى خالىسا، ئۇلارنى تۇغۇشتىن مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاياللارنى پۇل تېپىشقا زورلاشقا بولمايدۇ.

ئاياللار ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا زورلانمايدۇ.

يۇقىرىقى ھەق-ھوقۇقلار مىلادىيە 6 ـ ئەسىرىدە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ياۋرۇپادا ۋە ئىسلام دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە، تېخى 18ـ ئەسىرگە قەدەر بىردەك ئېتىراپ قىلىنماي كەلگەنىدى.

1940ـ يىللاردىن باشلاپ، دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئوكسفورد ۋە كامبرىج ئۇنىۋېرستېتلىرى قىزلارنىڭمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش ھوقۇقىنى ئەتىراپ قىلىپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرستېتلارغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ % 25 بىلەن % 40 نى قىزلاردىن ئېلىش قارارىنى چىقارغان بولسا، ئىسلام دىنى 6ـ ئەسىردىلا قىز ـ ئوغۇللارنىڭ تەلىم ئېلىشتا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر» دەپ بەلگىلىگەن.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ھەرقايسى ئەسىرلەرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئادالەتلىك ۋە ئېسىل قانۇنلارنى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك، ئاللاھنىڭ ئىلاھىي مەكتىپىدىن باشقا مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممى (ساۋاتسىز)پەيغەمبەرنىڭ لايىھىلەپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس! بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى ئاللاھىدە تەلىم كۆرگەن ۋە بۇ ساھەدە پەۋقۇلئاددە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئىنسانلارنىڭمۇ بۇنداق ئېسىل قانۇنلارنى لايىھىلەپ چىقالىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا قۇرئان كەرىم بەلگىلىگەن بۇ قانۇنلار نەدىن كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن كەلدى!

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنى زامانىمىزغا قىياس قىلىپ چۈشىنىدىغان بولساق، تارىخ پەلسەپىسىگە كۆرە چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىمىز. شۇڭا ھەر قانداق ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ بىلىم سەۋىيە جەھەتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ چۈشىنىش ئىلىم ئەھلىنىڭ مېتودىدۇر. خۇسۇسەن، تارىخنى يەكۈنلەشتە چوڭ ئاساستۇر. زامانىمىزدا ئاددى سانالغان ئىشلار، ئۆتمۈشتىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىلىملەر ئېدى. ئاددىيسى، زامانىمىزدىكى تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر، ئانتېننا، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كۆرە مۇمكىن ئەمەس ئىشلاردىن ئېدى. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى.

زامانىمىزدىكى 6ـ 7 ياشلىق بالىلار مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇلۇغ ئالىم فارابىي ياشىغان زامانلاردا، مىكروب بىلەن باكتېرىيىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئىشىمۇ ئاللاھىدە چوڭ بىلىم سانىلاتتى.

**قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى**

1843. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلىرى بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتدىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىئانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: رىملىقلار يېقىن بىر جايدا (پەلەستىندە) يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ [1] دېگەن ۋە ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن.

(2) مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپ قېتىم سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ [2] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەت چۈشكەن ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: «ئەي خالايىق! بىزدىن يىراق تۇرۇڭلار، بىزنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە سۇيىقەستلەردىن ئامان قالغان.

(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى مەككىنى مۇشرىكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ:

---

(1) رۇم سۈرىسى 1-4- ئايەتلەر

(2) مائىدە سۈرىسى 67- ئايەت

ئى مۇھەممەد! سەن ساھابىلىرىڭ ئاللاھ خالىسا دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار)قىرقىغان ھالدا قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسلەر [1] دېگەن ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام قوشۇنى مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلغان.

(4) ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ: قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز [2] دېگەندى. قۇرئاننىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، قۇرئان ھازىرغىچە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن باشقا غەيبتىن بەرگەن ۋە ئەمەلىيەتتە مەيدانغا چىققان خەۋەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى**

1844. سوئال: نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغان؟

جاۋاب: مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پىرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە

---

(1) فەتھ سۈرىسى 27- ئايەت

(2) ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت

ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى «ئۇكاز» بازىرىدا پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى ، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىقلىملارنى يورۇتقان، ئىستىلىستىكا ۋە بايان جەھەتتىكى بەدىئىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب» (تىلى راۋان) باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم» (تىلسىز) دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلىدۇ

قۇرئان كەرىم جىمى ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش چىقىدىغانلىقى ۋە رىملىقلارنىڭ يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەندە،

مۇسۇلمانلار«ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشتى، ئەرەب، ئەجەم بۇددىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياندىشلىرى بولسا، «بۇ يالغان گەپ، كۆرىمىز قېنى. قايسىمىزنىڭ كۆتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشتى ۋە ئىككى پىرقە بۇ كېلەچەكتىكى ئۇرۇشنى ئىنتىزار بىلەن كۈتتى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يەڭدى. ئەگەر ئەھۋال قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى "يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى يالغان چىقتى" دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ــ شارائىت ھازارلانغان بولاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان كەرىم يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى دىن ئەجەلگە يولۇققان بولاتتى. ئەمما خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس. 7 يىلدىن كېيىن بولىدىغان سوقۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشلار ئىستراگىيىسى ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ھەربىي قوماندانلارنىڭ ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان پىلانلىغۇچىلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۇسۇپ ئۆتىدىغان خارىقى ئادەت ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغىنىدا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ساختا ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۇيىقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ

قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى ئۇتتىن قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى "ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى"دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت دۆۋىسى ئۇنىڭغا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار گۇمان قىلغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار "ئىلاھلىرىمىز"دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان ــ زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ "ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر"دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرىۋىدى، دېڭىز سۇيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى ئىدى. پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇتۇلۇشتىن تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى"بىز ئەمدى تۇگەشتۇق" دېگەنىدە، «ئۇ ئۇنداق بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ» دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

## قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئالاھىدىلىكى

1845. سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن،

خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كونىرىمايدىغان، مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم، ھەر ۋاقىتتا «مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام (سۆزلەش)سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى ھەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ پېئىلى، ئەمما كالام ئۇنىڭ دائىمىي سۈپىتىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز [1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك

---

(1) ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت

جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

## قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن يانونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشىر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەللىلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر!

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە

1846. سوئال: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەر ئۈچۈنلا مۆجىزىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا دۇئېل ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە

ئەمەس، بەلكـى ئـۇ پۈتـۈن ئـالەم ئۈچـۈن مۆجىزىـدۇر. ئـۇ زامـان ۋە ماكانلارنىـڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

**(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈش زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى**

ھەزرىتــى مــۇھەممەد ئەلەيھىســالام ھــېچ ئوقۇمىغــان ۋە ئوقــۇش، يېزىشــنى ئــۆگەنمىگەن، پەقەتـلا ئاللاھنىـڭ ۋەھيىسـى بىـلەن تەربىـيىلەنگەن بىـر زات ئېـدى. ئۇنىڭغـا چۈشـۈرۈلگەن بـۇ قۇرئانـدا، ئۇنىڭـدىن بـۇرۇن ئۆتكەنلەرنىـڭ - ئىلگىرىكـى پەيغەمبەرلەر بىـلەن ئۈممەتلىرىنىـڭ قەۋملىرىنىـڭ ئىـش - ئىزلىـرى، ھەتتـا تـارىخ يېزىـدىن ھــېچ ئىــزى قالمىغــان مىللەتلەرنىڭمــۇ كەچۈرمىشـلىرى، ئېتىقـادلىرى ۋە ئـاقىۋەتلەر تەپســىلىي بايــان قىلىنغــان. يۇقىرىقىلارنىــڭ قىسســىلىرىنىڭ بەزىســىنى بىــر ئۆمــۈر ئىــزدەنگەن تارىخشۇناسـلاردىن مىڭـدىن بىـرى بىلەتتـى يـاكى بىلمەيتتـى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىســالام بــۇ قىسســىلەرنى قۇرئاننىــڭ ھېكـايە قىلىشـى بـويىچە بايــان قىلىــپ بەرگەنــدىن كېــيىن، مەزكــۇر قىسســىلەر ئەھلــى كىتــاب (يەھــۇدىي، خرىســتىئان) ئەللامىلىرىنىــڭ قولىــدىكى ســاماۋىي كىتابلارنىــڭ ۋە شــۇ زامــانلاردىكى مەشــھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينـى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتـاب ئـالىملىرى ۋە باشقا ئىلىـم ئەھلىلـرى كۆپ بولغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىـپ بىـر قـانچە ئورۇنـدا بايــان قىلغــان ســەن ئۇلارنىــڭ يېنىــدا يــوق ئىــدىڭ دېــگەن ئــايەتلىرى قۇرئــان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىـڭ توسـاقلىرىنى بۆسـۈپ ئۆتۈشـتەك ئۇلـۇغ مۆجىزىسـىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. (ئى مۇھەممەد!) بـۇ-سـاڭا ۋەھيـى قىلىـۋاتقىنىمىز -غەيـب خەۋەرلىرىدىنــدۇر. مەريەمنــى ئۇلارنــڭ قايسىســى تەربىيىســگە ئــېلىش (مەسىلىســدە چەك تاشلاش يۈزىسدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىـدا يــوق ئىــدىڭ، (مەريەمنىــڭ كىمنىــڭ تەربىيىســدە بولۇشــىنى) ئــۆز ئــارا جاڭجــال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ [1]، (ئـى مـۇھەممەد!) بىـز غەربىـي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىـدىڭ، (بـۇنى) ئـۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ [1].

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 44- ئايەت

(1) قەسەس سۈرىسى 44- ئايەت

**(2) قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى**

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز ـ ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلى ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن.

ئۇلار ئۆز ئىچىدە: "ئاللاھ نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!" دەيدۇ [1]. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندە، قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا " ئەي مۇھەممەد! بىز ئۇنداق ئويلىغان ئەمەس، سەن يالغانچىسەن"دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام، جىم دېيەلمىگەن ئىدى.

بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. بەزى ئەخمەق كىشىلەر:"ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟ "دەيدۇ [2].

بۇ ئايەت، قىبلە ئىرۇسالىمدىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن خېلى بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۈتىدىغان مەۋقەئەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن.

ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ.. [3] بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزرۈلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مۇناپىقلار راستىنلا يالغاندىن قەسەملەرنى ئىچىپ يالغان ئۆزرۈلىرىنى بايان قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن

---

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 8- ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 142- ئايەت
(3) تەۋبە سۈرىسى 94- ئايەت

ھەدىسلەر بار.

مەلۇمكى يۇقىرىقى ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە كېلەچەكتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

### (3) قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

مۇشرىكلار توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ [1] بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە: «قايسى توپكەن ئۇ بىزدىن مەغلۇب بولىدىغان؟ بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى (626م) بىرلەشكەن ئەرەب توپى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 ـ ھىجرىيە (630م) يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇب قىلمىغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز [2]. كېيىن بەدىر غازىتى بولغان كۈنىدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستىن كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ياكى كېيىنكى ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىچىرەك بولغان بولسا، ئىش قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى ئىدى؟

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جېنى بىلەن دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ.

---

(1) قەمەر سۈرىسى 45- ئايەت

(2) نۇن سۈرىسى 16- ئايەت

ئۇنىڭ ئوتتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ [1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋاتىسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قارىلاپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىشىنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: مېنى مۇھەممەد "مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ" دېدى، گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ئىمان ئېيتتىم. چۈنكى ئىمان ئېيتقان ئادەمنىڭ دوزاخقا كىرمەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەن كىشى مۇھەممەد ئىدى. نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم، دەپ يالغاندىن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆرۈپ تاشلاشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەنكى، قۇرئان كەرىم چۈشكەن زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئاشقان بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

دېمەك قۇرئان كەرىم پايانسىز بىر ئوكيان. قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق قانچىلىك يازساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ ۋە كۇپايە قىلمايدۇ.

---

(1) مەسەد سۈرىسى

ئونىنچى بۆلۈم

# ئىسلامدىكى مۇقەددەس جايلار

## مەككە مۇكەررەمە شەھىرى ۋە مەسجىدى ھەرەم

### مەككە مۇكەررەمە شەھىرى

1847. سوئال: مەككە مۇكەررەمە شەھىرى قانداق شەھەر؟

جاۋاب: مەككە مۇكەررەمە ــ ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ دۇنياغا پارلىغان مۇقەددەس جاي. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان مەنىۋى مەركىزىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ نامازلىرىدا، دۇئالىرىدا ۋە باشقىمۇ دىنى پائالىيەتلىرىدە يۈزلىنىدىغان قىبلىسى، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىدە تاۋاپ قىلىدىغان ئورنى بولغان كەبە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك شەھەر.

1848. سوئال: مەككە مۇكەررەمە شەھىرى قاچان بارلىققا كەلگەن؟

جاۋاب: مەككە ئىلگىرى جانلىق ياشمايدىغان قاقاس ۋادى بولۇپ، مىلادىيىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار بۇرۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن، بۇ جايدىن زەمزەم بۇلىقى چىقىشى بىلەن يىراقتىكى قەبىلىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىشى نەتىجىسىدە مەككە مۇكەررەمە شەھىرى بارلىققا كەلگەن.

1849. سوئال: مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە كىملەر ئولتۇراقلاشقان؟

جاۋاب: مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ئومۇمەن ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە بۇ شەھەر شام (سۈرىيە)، يەمەن ۋە شەرقىي شىمالىي ئافرىقا، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرى ئارىسىدا قاتنايدىغان كارۋانلارنىڭ سودا ــ سېتىق قىلىش مەركىزىگە ۋە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭگە ئايلانغان. كېيىنچە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ئەمالىقىلەر، ئاندىن جۇرھۇملار ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان.

1850. سوئال: مەككە مۇكەررەمە شەھىرى قاچاندىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ8-يىلى (629م) مەككىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس مەركىزىگە ئايلانغان. شۇنىڭدىن بىرى بۇ شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

**مەسجىدى ھەرەم**

1851. سوئال: مەسجىدى ھەرەم قانداق مەسجىد؟

جاۋاب: مەسجىدى ھەرەم — يەر يۈزىدىكى جىمى مەسجىدلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەسجىدى ھەرەمنى تەرىپلەپ: ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر [1] دېگەن.

مەسجىدى ھەرەم مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان

1852. سوئال: مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھازىرقى كۆلىمى قانچىلىك؟

جاۋاب: مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 190 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بۇرۇن 300 مىڭدىن كۆپرەك كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايتتى. داۋاملىق كېڭەيتىلىپ كەلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقىپ، بىرلا ۋاقىتتا 600 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان، ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارمۇ قىستالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. 1988- يىلى مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1994- يىلىنىڭ بېشىدا بۇ قۇرۇلۇش تاماملانغان. ھازىر مەسجىدى ھەرەمدە بىرلا ۋاقىتتا 900 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئاستىغا پۈتۈنلەي ئىسسىقنى ئۆتكۈزمەيدىغان مەرمەر تاش يېپىلغان. مەسجىدى ھەرەمنىڭ يەتتە جايىدا ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 92 مېتىر كېلىدىغان يەتتە چوڭ مۇنارىسى بار.

**مەسجىدى ھەرەمنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى**

1853. سوئال: مەسجىدى ھەرەم قاچان بىنا قىلىنغان؟

جاۋاب: مەسجىدى ھەرەمنىڭ تارىخى كەبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كەبە بىنا بولغاندىن بېرى مەسجىدى ھەرەم مەۋجۇدتۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر قانچە ئەسىرلەر جەريانىدا كەبە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبلىك يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلىدىن باشقا پۈتۈن تاملىرى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغان ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭمۇ ئىزى قالمىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق كەبىنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەن ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 96- ئايەت

ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتا قوپۇرۇپ چىققاندا مەسجىدى ھەرەممۇ ئەسلىگە كەلگەن.

## ئىسلامدىن كېيىنكى مەسجىدى ھەرەم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا، مەسجىدى ھەرەم كېڭەيتىلمىگەن.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ھەرەمنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۇنىڭغا دەرۋازىلارنى بېكىتكەن. مەقامۇ ئىبراھىم ئەسلىدە كەبىنىڭ تېمىغا چاپلاشتۇرۇلغان ھالدا بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ھاجىلارنىڭ تاۋاپ قىلىش جەريانىدىكى قىينىچىلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەقامۇ ئىبراھىمنى كەبە تېمىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۆمەر تارىختا مەقامۇ ئىبراھىمنى كەبىنىڭ تېمىدىن يىراقلاشتۇرغان ۋە مەسجىدى ھەرەمگە دەرۋازىلارنى بېكىتكەن تۇنجى كىشى بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، خەلىپىنىڭ پەرمانى بىلەن مەسجىدى ھەرەم تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، ئۇنىڭغا راۋاقلار بىنا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان مەسجىدى ھەرەمگە تۇنجى بولۇپ راۋاقلارنى بىنا قىلغان شەخس بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنغان.

1854. سوئال: ھەرەمنىڭ چېگرا دائىرىسى نەدىن نەگىچە؟

جاۋاب: ھەرەم توغرۇلۇق كەلگەن شەرئەت دەلىللىرى تۆت خىل مەنىدە كەلگەن. مەسجىدى ھەرەم سۆزىدىن گاھ مەككىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مەسجىد ھەرەمنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەسجىدى ھەرەم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەككە شەھىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەككە شەھىرى بىلەن ھەرەمنىڭ ھەممىسى مەقسەت قىلىنىدۇ. ھەرەم بىلەن ئۇنىڭ چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ھەرەم ھېسابلىنىدۇ. ھەرەمنىڭ چېگرىسىنى تۇنجى بولۇپ سىزغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، پەرىشتە جىبرىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن سىزىپ چىققان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن تەمىم ئىبنى ئەسەد ئەل خۇزائىي دېگەن كىشىنى ئەۋەتىپ ھەرەمنىڭ چېگرىسىنى قايتىدىن يېڭىلاتقان. ھەرەمنىڭ ھازىرقى چېگرىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىلاتقان چېگرىنىڭ ئۆزىدۇر.

1855. سوئال: ھەرەمنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟

جــاۋاب: ئــاللاھ تائــالا ھەرەم ئۇچــۇن مەخســۇس ئەھكــاملار ۋە پرىنســىپلارنى بېكىــتكەن. مەســىلەن: ھەرەمنىــڭ چېگرىســى ئىچىــدىكى جــايلاردا ئــۇرۇش قىلىــش، ھــايۋانلارنى، قۇشــلارنى ئــوۋلاش، ھەرەمنىــڭ دەرەخلىرىنــى كېســىش، ئــۆزى ئــۈنگەن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈزۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەرەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەرىپى شـۇكى، ھەرەمدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىـدۇ. ھەتتـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «مېنىــڭ بــۇ مەســجىدىمدە بىــر ۋاخ نامــاز ئوقۇغانلىــڭ ســاۋابى باشــقا مەسجىدلەردە مىڭ ۋاخ ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. مەسجىدى ھەرەمدە بىـر ۋاخ نامـاز ئوقۇشنىڭ ساۋابى باشقا مەسجىدلەردە يـۈز مىـڭ ۋاخ نامـاز ئوقۇغانـدىن ئەۋزەلـدۇر»[1] دېگەن.

1856. سوئال: ۋەدە قىلىنغان ساۋاب ھەرەمنىڭ چېگرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

جــاۋاب: ئۆلىمــالار بىــر ۋاخ نامازغــا يــۈز مىــڭ ۋاخ نامازنىــڭ ســاۋابى بېــرىلىش خۇسۇسىيىتى ھەرەمنىڭ ھەممىسىنى (مەكـكە شـەھىرىنى) ئـۆز ئىچـگە ئالامـدۇ يـاكى مەسـجىدى ھەرەمگىـلا خاسـمۇ؟ دېـگەن مەسـىلە ئۈسـتىدە ئىختىلاپلاشـقان. دەلىـل ـ ئىسـپات جەھەتـتىن ئەڭ كۈچلـۈك قـاراش ھەرەم چېگرىسـى ئىچىـدىكى جايلارنىـڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن قاراشـتۇر. شـۇنداقتىمۇ مەسـجىدى ھەرەمنىـڭ ئىچىدە ئوقۇلغان نامازنىـڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىـدە ھـېچ ئىختىلاپ يـوق. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئابـدۇللا ئىبنـى بـاز مۇنـداق دېـگەن: «ھەرەم چېگرىســـىنىڭ ئىچىـــدىكى جايلارنىـــڭ ھەممىســـى مەســـجىدى ھەرەمـــدىن ســانىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىــدىغان ئــايەت ۋە ھەدىســلارنىڭ روھىغــا ئاساســەن، مەســجىدى ھەرەمــدە ئوقۇلغــان نامازغــا ۋەدە قىلىنغــان ھەسســىلەپ ســاۋاب ھەرەم چېگرىسىدىكى جايلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇلغان نامـازلارنىمۇ ئـۆز ئىچـگە ئالىـدۇ. دۇنيـادا مەككىــدىكى مەسـجىدى ھەرەم بىـلەن مەدىنىــدىكى پەيغەمـبەر مەسـجىدىدىن باشـقا ھەرەم يــوق. پەلەســتىندىكى مەســجىدى ئەقســا ئۇلــۇغ ۋە بەرىكەتلىــك مەســجىد ھېسابلانسىمۇ، ئۇ ھەرەم دېيىلمەيدۇ».

## كەبە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى

1857. سوئال: كەبىنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدە قانداق ئورنى بار؟

جــاۋاب: كەبە ـ مۇســۇلمانلارنىڭ قىبلىســى، ئەقىــدىنىڭ مۇنــارى ۋە ئىبادەتنىــڭ رەمزىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنغـان كەبىنـى ئىنسـانلار

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇچۇن يۇكسىلىش ۋەسىلىسى قىلدى [1] دېيىلگەن.
كەبە — كۇب شەكىللىك ئۆي دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۇل رەڭ تاشتىن قۇرۇلغان ئەڭ قەدىمىي ئىبادەت ئۆيىدۇر. كەبە بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى)، بەيتۇل ئەتىق (قەدىمىي ئۆي) ۋە بەيتۇل ھەرەم (قان تۆكۈش چەكلەنگەن ئۆي)دەپ ئاتىلىدۇ.

1858. سوئال: كەبە قاچان بىنا قىلىنغان؟

جاۋاب: كەبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدا بالىلىرى بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن. بىر ھەدىستە، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىگە بېرىپ ھەج قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. مەلۇمكى، نۇھ ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالاملار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئىدى. چوڭ بىر سەلنىڭ كېلىشى سەۋەبلىك كەبە يىقىلىپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكەن. پەقەت تاملىرىنىڭ ئۇلى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىگە ئاساسەن كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتىدىن قوپۇرغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى تۇنجى بىنا قىلغان كىشى ئەمەس، بەلكى كەبىنىڭ ئۇلىنى قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن قايتا قوپۇرۇپ چىققان كىشىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلىنى قوپۇرغان كەبىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز گەز(توت مېتىر ئەتراپىدا)، كەڭلىكى 22 گەز (11مېتىر ئەتراپىدا) ۋە ئۇزۇنلىقى 32 گەز(15مېتىر ئەتراپىدا) ئىدى. كەبىنىڭ ئۈستى ئوچۇق، ئىككى جايدىن كىرىش ئېغىزى بولۇپ، ئىشىك بېكىتىلمىگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا باشلايدىغان ئورۇن سۈپىتىدە ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن.

## كەبىنىڭ رېمونت قىلىنىش باسقۇچلىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەمالىقەلەر، كېيىنچە جۇرھۇملار، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 5- بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلاب قاتارلىقلار كەبىنى بىر قانچە قېتىم رېمونت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن 5 يىل ئىلگىرى مەككىنى سەل بېسىش سەۋەبلىك كەبىنىڭ بىر بۆلۈكى يىقىلىپ كەتكەندە، ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر كەبىنى قايتا رېمونت قىلىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، كەبىنى يىقىتىشتىن قورقىدۇ. كەبىنى يىقىتسا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى

(1) مائىدە سۈرىسى 97- ئايەت

كېلىشىدىن قورقۇپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ۋەھب ئىبنى ئەمر دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ«ئاللاھ بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىزنى بىلىدۇ، بىز پەقەت ياخشى ئىشنى نىيەت قىلدۇق» دەيدۇ ۋە كەبىنىڭ بىر تەرىپىنى چېقىپ تاشلايدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا بىر بالايى ــ ئاپەت يېتىشىنى كۈزىتىپ تارقىلىپ كېتىدۇ. ئەتىسى قارىسا كەبىنى يىقىتقان ۋەھب ئىبنى ئەمرگە ھېچ نەرسە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممە بىرلىكتە كەبىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەبىنى قايتا بىنا قىلىش سەپەرۋەرلىكى باشلىنىپ ھەر بىر قەبىلە كەبىنىڭ بىر تەرىپىنى بىنا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەبىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ.

**ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش قىسسىسى**

كەبىنىڭ نۆۋەتتىكى رېمونتى پۈتۈپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز ئورنىغا قويۇش ۋاقتىدا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگى ــ جېدەل يۈز بېرىدۇ، ھەر قەبىلە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا ئۆزى قويۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپنى تالىشىپ ھەتتا ئۇرۇش چىقىشقا ئاز قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئەل مەخزۇمىي دېگەن كىشى بۇ تالاش تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىشىكىدىن كىم دەسلەپ كىرسە شۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بويىچە ئىش قىلىشقا رازى بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بارچە قەبىلە ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ھەرەمگە كىم ئاۋۋال قەدەم باسىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. شۇ ئارىدا دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان ھەممىسى بىر ئاۋازدا «بۇ راستچىل كىشى، بۇ مۇھەممەد، بىز ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا رازىمىز» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بىر كىيىم ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بىر كىيىم كەلتۈرگەندىن كېيىن، كىيىمنى يېيىپ سېلىپ ئوتتۇرىسىغا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى قويىدۇ ۋە ھەممە قەبىلىنى چاقىرىپ: «كېلىڭلار ھەر قەبىلىدىن بىر كىشى بۇ كىيىمنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتسۇن» دەيدۇ. ئۇلار ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆتۈرۈپ كەبىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئورنىغا ئېلىپ كېلىشكەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئېلىپ ئورنىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەبىنىڭ نۆۋەتتىكى بىناسى ئاخىرلىشىدۇ، جېدەل ــ ماجىرالارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**ھۇجرە قىسسىسى**

قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى پەقەت ھالال تاپقان پۇل ــ مال بىلەنلا رېمونت قىلىشنى

نىيەت قىلغان بولۇپ، ھالال پۇل يېتىشمىگەنلىكتىن كەبىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى «ھۇجرە» دەپ ئاتىلىدىغان جاينى كەبىدىن چىقىرىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ كەبىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپىغا يېرىم دۈگىلەك تام سېلىپ قويغان. بۇ تام ھازىر «ھەتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەبىنىڭ ئېگىزلىكىنى 18 گەز(توققۇز مېتىر ئەتراپىدا) كۆتۈرىدۇ. كەڭلىكىدىن ئۈچ مېتىر قىسقارتىدۇ. ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپىدۇ ۋە ئىككى ئىشىكىنىڭ بىرىنى يېپىۋېتىپ بىر ئىشىكنىلا قالدۇرۇپ قويىدۇ.

## كەبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونت قىلىنىشى

كەبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، زامانىمىزغا قەدەر كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنىپ كەلگەن. 1979- يىلى ئەڭ ئاخىرقى رېمونتى ئەمەلگە ئاشقان. كەبىنىڭ ئىچى ھەر يىلى قەمەرىيە ئايلىرىدىن شەئبان (8- ئاي)دا بىر قېتىم، زۇلھەججە (12- ئاي)دا يەنە بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قېتىم يۇيۇلىدۇ. يۇيۇشتا زەمزەم سۈيى، گۈل سۈيى ۋە خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەر ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قىممەتلىك خۇشپۇراقلىق ماددىلار چېچىلىدۇ. كەبىنىڭ ئىچىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلگەن سۈپۈرگە، چېلەك ۋە لۆڭگە قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا تەۋەررۈك قىلىپ ساقلىشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنىدۇ.

## كەبىنىڭ ئىشىكى

كەبىنىڭ ئىشىكى — كەبىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ۋە يەر يۈزىدىن 2½ (ئىككى يېرىم مېتىر) ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن ئىشىكتۇر. ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئاتلە سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر 68 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىشىك ھىجرىيە 1399 - يىلى 22 – زۇلقەئدە (مىلادىيە 1979 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر)كۈنى 280 كىلوگرام ساپ ئالتۇندىن ياسىلىپ ھازىرقى ئورنىغا قويۇلغان. كەبىنىڭ ئىشىكى ھۆسنىخەتلەر بىلەن ئويۇلغان ئايەتلەر بىلەن نەقىشلەنگەن.

## كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر خەتتات

كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىدە پارقىراپ تۇرغان ھۆسنىخەتلەرنىڭ ئىچىدە« **واضع الخط عبد الرحيم أمين**»(بۇ خەتلەرنى يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئەمىن) دېگەن بىر جۈملە سۆز كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ. بۇ دەل بىر ئۇيغۇر خەتتاتنىڭ ئىسمى ئىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تونۇلغان مەشھۇر خەتتات ۋە نەققاش ئابدۇرېھىم ئەمىن 1925- يىلى ئانا ۋەتىنىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە «دارۇلئەيتام» دا ئوقۇغان. 1938 -يىلى مەككىگە كېلىپ يەرلىشىپ، بىر ئۇستىنىڭ يېنىدا تىكىشچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1962-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇنجى قېتىم«كەبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى»قۇرۇلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەمىن بۇ فابرىكىغا ئىشقا كىرگەن ۋە كەبىنىڭ ھەر يىلى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان يوپۇقىغا ئالتۇن يىپ بىلەن نەقىشلەپ يېزىلىدىغان ئايەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن يازغان.

كېيىنچە، بۇ كىشى مەزكۇر فابرىكىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن. 1979-يىلى كەبىنىڭ ھازىرقى ئالتۇن ئىشىكىنى تەييارلاشتا، ئۇنىڭدىكى خۆسنىخەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئويۇپ چىققان ۋە ئۆز نامىنى كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىگە يېزىلىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپكە نائىل بولغان.

ئابدۇرېھىم ھاجىم 1980- يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ قاغىلىقتىن ئىكەنلىكىنى ۋە بەزى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن.

ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىمنىڭ بالىسى بولمىغانلىقتىن، بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىككى بالىنى بېقىۋالغان ئىكەن. ھازىر ئابدۇرېھىم ھاجىملارنىڭ مەككىدىكى چوڭ ئۆيىدە بۇ ئىككى بالا ئولتۇرماقتا.

خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم 1993- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

### مۇلتەزەم

مۇلتەزەم — كەبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدىكى جاي. كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مۇلتەزەم دۇئا ئىجابەت بولىدىغان جايدۇر. بۇ جايدا ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان، مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم ئالبانىي «بەك ئاجىز» دەپ باھالىغان.

### هۆجرە

ھـۆجرە — كەبىنىـڭ شـىمال تەرىپىـدىكى يېـرىم دۈگىـلەك تـام بىـلەن كەبىنىـڭ ئارىلىقىدىكى بوش جاي بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بـۇ جـاينى ئـوغلى ئىسـمائىل ئەلەيھىسسـالام بىـلەن ئۇنىـڭ ئانىسـى ھـاجەر ئىككىسـىگە يېتىـپ قوپـۇش ئۈچـۈن سـېلىپ بەرگەن ئـۆي ئىـدى، شـۇڭا ئـۇ «ھـۆجرە ئىسـمائىل» (ئىسـمائىلنىڭ ئـۆيى)دەپ ئاتالغـان، دېيىلـىدۇ. ئەممـا توغرىسـى بـۇ جـاي ئىسـمائىل ئەلەيھىسسـالامدىن بىـر قـانچە ئەسـىر كېـيىن، قـۇرەيش قەبىلىسـى كەبىنـى رېمونـت قىلغىنىـــدا، ھـــالال مەبـــلەغ يېتىشـــمىگەنلىكتىن كەبىنىـــڭ شـــىمال تەرىپىـــدىن چىقىرىـۋەتكەن جـاي بولـۇپ، كەبىـدىن ھېسـابلىنىدۇ. بەزى ئۆلىمـالار ھۆجرەنىـڭ ھەممىسـى كەبىـدىن ئەمەس، پەقەت كەبىـدىن چىقىرىـۋېتىلگەن ئـۈچ مېتىـر جـايلا كەبىدىن سانىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھۆجرەنىڭ ئىچىدىن تاۋاپ قىلغان كىشىنىڭ قىلغان تاۋىپى ئادا تاپمايـدۇ. چـۈنكى ئـۇ كەبىنىـڭ ئىچىـدىن تـاۋاپ قىلغـان بولىـدۇ. ھۆجرەنىڭ ئىچىدە پەرز ناماز ئوقۇسا ئادا تاپمايدۇ.

### ھەتىم

ھەتىــم — كەبىنىــڭ شــىمال تەرىپىــدىكى ھۆجرەنىــڭ ئەتراپىغــا قوپـۇرۇلغـان يېـرىم دۈگىلەك تام بولۇپ، تاۋاپ قىلغۇچىلار تاۋاپنى بۇ تامنىڭ سىرتىدىن قىلىدۇ. بۇ تام ئاق مەرمەردىن ياسالغان. ئېگىزلىكى بىر مېتىر 30 سانتىمېتىر، تام يۈزىدىكى كەڭلىكى بىـر مېتىر بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ.

### كەبىنىڭ يوپۇقى

بەزى تارىخىي مەنبەلەر كەبىگە تۇنجى بولۇپ يوپـۇق ياپقـان كىشـىنىڭ ئىسـمائىل ئەلەيھىسسـالام ئىكەنلىكىنـى سۆزلىسـە، بەزى مەنـبەلەر پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەدنان دېگەن كىشـىنىڭ ئەڭ دەسـلەپ كەبـىگە يوپـۇق ياپقـانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر كەبىگە مىلادىيە350- يىلى تۇببە ئەبـۇ كەرەب دېگەن كىشىنىڭ تۇنجى بولـۇپ يوپـۇق ياپقـانلىقىنى سـۆزلەيدۇ. شـۇ تـارىختىن بىـرى كەبىگە يوپۇق يېپىش ئىشى داۋام قىلىپ كەلگەن.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ 5 ـ بوۋىســى قۇســەي ئىبنــى كىلابنىــڭ زامانىغــا كەلگەنـدە، كەبـىگە ھەر يىلـى بىـر قېـتىم يوپـۇق يېـپىش مۇراسـىمى يولغـا قويۇلغـان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن كەبىگە يەمەندە توقۇلغان يوپۇق يېپىلغان. كېيىن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـۇ بـۇ ئىشـنى

داۋاملاشتۇرغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كەبىگە ياپىدىغان يوپۇقنى مىسىردا توقۇتۇپ كېلىشكە باشلىغان. مىسىر شۇ زاماندىن تاكى 1962-يىلىغىچە ھەر يىلى كەبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپىگە نائىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1962-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا «كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كەبىنىڭ يوپۇقى يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ. كەبىنىڭ ئالماشتۇرۇلغان كونا يوپۇقى پارچە-پارچە قىلىنىپ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك كاتتا شەخسلەرگە ھەدىيە قىلىنىدۇ. ھەر يىلى ھىجرىيە زۇلھىججە (12-ئاي)نىڭ 1-كۈنى كەبىگە يوپۇق يېپىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. مۇراسىمغا مەككە مۇكەررەمە رايونىنىڭ ئەمىرى مۇتلەق ئىشتىراك قىلىدۇ.

## كەبىنىڭ يوپۇقىنىڭ خىراجىتى

كەبىنىڭ يوپۇقى ئەزەلدىن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئەمەس بەلكى كەبە ئۈچۈن ئاتالغان مەخسۇس ۋەقپىتىن خىراجەت قىلىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھ ئىسمائىل قەلاۋۇن مىسىردىن ئۈچ يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش ئىشىغا ۋەقپ قىلغان. كېيىنچە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەلىم يەنە مىسىردىن يەتتە يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىمۇ كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش ئىشىغا ۋەقپ قىلغان ئىكەن. كېيىن مۇھەممەد ئەلى پاشا مىسىردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، مىسىر ھۆكۈمىتى تەركىبىدە كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش مۇئەسسەسەسى قۇرغان. شۇندىن بېرى كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش ۋە ئەۋەتىش ئىشلىرى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

## كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش فابرىكىسى

1962-يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە «كەبىنىڭ يوپۇقنى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇنجى قېتىم توقۇپ چىقىلغان يوپۇق كۆتۈلگەندىنمۇ ئالاھىدە ئېسىل ۋە كۆركەم بولۇپ چىققان. فابرىكىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 240 كىشى بولۇپ، كەبىنىڭ يوپۇقىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ مائاشى ۋە كېرەكلىك خام ئەشيا چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا يىلىغا 17 مىليون رىيال (4.5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) سەرپ قىلىنىدۇ.

**كەبىنىڭ يوپۇقىنىڭ رەڭگى ۋەشەكلى**

كەبىگە يوپۇق يېپىش پائالىيىتى باشلانغان ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىختىن بېرى ھەر يىلى كەبىگە يېپىلىپ كەلگەن يوپۇقلار يوپۇقلارنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ خاھىشى بويىچە ھەرخىل شەكىلدە ۋە ھەرخىل رەڭدە ۋە ھەرخىل ماتېرىيالدا توقۇلۇپ كەلگەن. پەقەت ئابباسىيلار خەلىپىسى ناسىرنىڭ زامانىغا كەلگەندە كەبىگە يېپىلىدىغان يوپۇقنىڭ قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇشى قانۇنلاشتۇرىلىدۇ. شۇندىن بېرى تا ھازىرغىچە كەبىنىڭ يوپۇقى قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇپ كەلمەكتە.

**كەبىنىڭ ھازىرقى يوپۇقى**

مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان كەبە چېلىقىدۇ. كەبىگە قارا رەڭلىك يىپەك يوپۇق يېپىلغان. يوپۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا 47 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 14 مېتىر كەڭلىكتە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن 120 كىلوگرام كۈمۈش يىپ بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن.

**مەقامۇ ئىبراھىم**

1859. سوئال: مەقامۇ ئىبراھىم دېگەن قانداق جاي؟

جاۋاب: مەقامۇ ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغان ۋاقىتىدا دەسسەپ تۇرغان ئاق، قارا ۋە سېرىق ئۈچ خىل رەڭگە مايىل بولغان تۆت چاسىلىق يۇمشاق سۇ تېشى بولۇپ، ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن يېرىم مېتىر كېلىدۇ. ئورنى كەبىنىڭ شەرق شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.

1860. سوئال: مەقامۇ ئىبراھىمدا قانداق مۆجىزە بار؟

جاۋاب: مەقامۇ ئىبراھىم دېيىلگەن بۇ تاشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىمىنىڭ ئىزى چۈشۈرۈلگەن مۆجىزە باردۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىككى پۇتى دەسسەپ تۇرغان تاشنى يۇمشىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تاشنىڭ ئىچىگە پېتىپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى ھەتتا بارماقلىرى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق ھالدا تاشقا چۈشۈپ قالغان ۋە ھازىرغىچە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ماقامۇ ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار [1] دەپ ئەمر

(1) بەقەرە سۈرىسى 125- ئايەت

قىلىش ئارقىلىق ھەرەمگە كەلگۈچىلەرنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىغان. شۇڭا كەبىنى تاۋاپ قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇشى مۇستەھەب (تەكىتسىز سۈننەت)تۇر.

## مەقامۇ ئىبراھىمدىكى گۈمبەزنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى

ئىلگىرى مەقامۇ ئىبراھىم مىستىن ياسالغان تۆت چاسىلىق چوڭ بىر رىشاتكىنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئۈستىدە تۆت تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان چوڭ گۈمبەز بار ئىدى. بۇ ئورۇن كەبىنىڭ يېنىدىن كۆپ يەرنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ھاجىلار سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىدا تارچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەقامۇ ئىبراھىمنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىپ كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئازادىلاشتۇرۇش پىكرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ پىكىر دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ئۆلىمالار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىدۇ. بەزىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. بەزىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ.

مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى»(رابطة العالم الإسلامي) ھىجرىيە 1384 يىلى 25 ـ زۇلھەججە (مىلادىيە 1965 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل) كۈنى مەقامۇ ئىبراھىمنى يۆتكىمەستىن ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىكى رىشاتكا، گۈمبەز ۋە باشقا ئارتۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، مەقامۇ ئىبراھىمنى نەپىس ئەينەكتىن ياسالغان چاققان شىشىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇش ھەققىدە مەخسۇس قارار چىقىرىدۇ. ھىجرىيە 1387 ـ يىلى رەجەب (1967 ـ يىلى ئۆكتەبىر) ئېيىدا بۇ قارار ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھىجرىيە 1418 ـ يىلى (مىلادىيە 1997 ـ يىلى) غا كەلگەندە، مەقامۇ ئىبراھىم ھازىرقى شەكلىدە ئالتۇن يالىتىلغان مىس رىشاتكىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، ئەتراپىغا خرۇستال ۋە ئىسسىققا ھەم چېقىلىشقا قارشى كۈچلۈك نەپىس ئەينەك بىلەن قورشىۋېتىلىدۇ.

## زەمزەم سۈيى

1861. سوئال: زەمزەم سۈيى دېگەن قانداق سۇ؟

جاۋاب: زەمزەم سۈيى — ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتى ئاستىدىن چىقىرىپ بەرگەن مۇبارەك سۇدۇر.

1862. سوئال: زەمزەم سۈيى قاچان چىقىشقا باشلىغان؟

جاۋاب: مىلادىيىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتتىكى سۇسىز، گۈل ــ گىياھسىز، قاقاسلىق چۆل مەككىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ھاجەر سۇ ئىزدەپ سافا بىلەن مەرۋە ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرگەن بولسىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالغان ۋاقىتدا ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن بۇلاق چىقىدۇ. ئانىسى ھاجەر سۇنى كۆرۈپ قاتتىق خوشال بولىدۇ ۋە سۇنى بىكار ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ «زەمزەم» (توختا)دەيدۇ. شۇندىن بىرى بۇ سۇ «زەمزەم سۈيى» دەپ تونۇلىدۇ.

## زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى ۋە ئورنى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب چۈشىدە بىر كىشىنىڭ ئۇنى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئۇجاينى ئېچىشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتتەلىب زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنىنى كولاشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا زەمزەم سۈيىنى چىقىرىدۇ. شۇندىن بىرى زەمزەم سۈيى چىقىشقا داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

1863. سوئال: زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنى نەدە؟

جاۋاب: زەمزەم قۇدۇقى مەسجىدى ھەرەمنىڭ سەيناسىدىكى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ جەنۇپ تەرىپى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان. كەبىدىن 21 مېتىر ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن 18 مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چوڭقۇرلىقى 43 مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئۈچ دانە بۇلاق بار. بۇلارنىڭ بىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا، يەنە بىرى سافا تېغىنىڭ يېنىدا، ئۈچىنچىسى مەرۋەنىڭ يېنىدىدۇر.

بۇرۇن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئىككى كۆلچىكى بار بولۇپ، بىرى زەمزەم قۇدۇقى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. كىشىلەر بۇ جايدىن زەمزەم ئىچەتتى. يەنە بىرى سافا تەرەپكە ئېقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالاتتى. كېيىنچە، كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا قىستىلاڭغۇ بولۇپ قالغانلىق سەۋەبتىن، زەمزەم كۆلچەكلىرى تاقىۋېتىلىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى مەيداننىڭ ئاستىغا كىشىلەر پەلەمپەي بىلەن كىرىپ ئىچىدىغان قىلىپ كىرانلار(جۈمەكلەر) بېكىتىلگەن. 2003 ـ مىلادىيە يىلىغا كەلگەندە ھەرەمنىڭ سەيناسىنى ئازادىلەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشىدىغان ئېغىز تاقىۋېتىلىپ، زەمزەم سۈيى سەينانىڭ يان تەرىپىدىن تۇرۇبىلار ئارقىلىق چىقىرىپ قويۇلغان.

1864. سوئال: زەمزەم سۈيىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟

جاۋاب: ئادەتتىكى سۇلارنى ئۇنىڭغا ساقلىغۇچى ماددىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن

ئۇزۇن مۇددەتلىك ساقلىغاندا ئۇنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەمما زەمزەم سۈيى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىرخىل تەمى بىلەن داۋام قىلىدۇ. زەمزەم سۈيىنىڭ تەمى دۇنياۋى بىر تەم بولۇپ، بىرەر قېتىم زەمزەم سۈيى ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ تەمىنى بىلىۋالىدۇ- دە، قايتا ئىچكىنى ھامان ئۇنى پەرق ئېتەلەيدۇ. زەمزەم سۈيىنى دۆلەتلەر ئارا يۆتكەش ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش بىلەنمۇ ئۇنىڭ تەمى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ دىگەنلىرىمىز نەزەرىيە ياكى قەدىمقى كىتابلارنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنىدۇر. زەمزەم سۈيى ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىن بىرى بۇ قاقاسلىق چۆل رايونغا كەلگۈچىلەرنى ئۇسسۇزلۇقتا قاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ كەلمەكتە. زەمزەم سۈيىنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرغىچە زەمزەم سۈيى زىيان قىلغان بىرەر جانلىق كۆرۈلمىگەن.

### زەمزەم سۈيىنىڭ مۆجىزىسى

21- ئەسىرنىڭ بىئولوگىيە ئالىملىرى زەمزەم سۈيىنىڭ تا قىيامەتكىچە سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۆجىزىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا ھېچقانداق بىر سۇنىڭ پاكىزلىقتا، تەبىئىيلىكتە ۋە سۈزۈكلۈكتە زەمزەم سۈيى ئېرىشكەن خۇسۇسىيەتلەرگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. قىسقىسى، زەمزەم سۈيى مىڭلارچە يىللاردىن بىرى مىقدارى ئازىيىپ كەتمەستىن ياكى ئېتىلىپ چىقىپ پالاكەت تۇغدۇرماستىن بىر خىل چىقىپ كەلمەكتە.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەلنىڭ زامانىدا 1971- يىلى تىببىي مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى ياۋروپا نەشرىيات مەركەزلىرىدىن بىرىگە«زەمزەم سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى كەبىنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ئورۇنغا جايلاشقان ھەمدە مەككە شەھىرىنىڭ يەر ئاستى كېرەكسىز سۇ يوللىرىدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە توپلىشىدۇ ۋە زەمزەم سۈيىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە دوكلات يوللايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ فەيسەل سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زىرائەت ۋە سۇ ئىنشائات مىنىستىرلىكىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، زەمزەم سۈيىدىن ياۋروپا تەجرىبىخانىسىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇيدۇ. مۇتەخەسسىسلەر مەككىگە يېتىپ كېلىپ زەمزەم قۇدۇقىنىڭ تېگىدىكى بۇلاقلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار زەمزەم قۇدۇقىنىڭ مەنبەئىنى تاپالمايدۇ. ئاخىرىدا، قۇدۇق سۈيىنى موتورنىڭ ياردىمى بىلەن سىرتقا شوراپ چىقارغاندىن كېيىن، قۇدۇق سۈيىنىڭ يان تەرەپلىرىدىن ئەمەس، بەلكى قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى قۇملار ئاستىدىكى

بۇلاقلاردىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنداقلا زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئەتراپى پەقەتلا قۇرۇق، قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇلار زەمزەم سۈيىدىن نەمۇنە ئېلىپ ياۋروپا تەجرىبىخانىسىغا ئەۋەتىدۇ.

## تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزە

مۇتەخەسسىسلەر زەمزەم سۈيىنى ياۋروپا تەجرىبىخانىسىدا تەكشۈرگەندىن كېيىن، زەمزەم سۈيىنىڭ باشقا ئادەتتىكى سۇلار بىلەن بولغان پەرقى ئېنىقلاندى. ياۋروپا تەجرىبىخانىسى «زەمزەم سۈيى ئىچىشكە تامامەن بولىدىغان سۇ ئىكەن. زەمزەم سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ، دەيدىغان دەۋا ئىلمىي ئاساسى بولمىغان قۇرۇق سەپسەتىدۇر» دېگەن نەتىجىنى ئېلان قىلدى. زەمزەم سۈيىدە كالسىيوم بىلەن مىگنىسيوم ماددىلىرى ئادەتتىكى سۇلارنىڭكىدىن ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ چىققان. ھاۋانىڭ ئۆتەك ئىسسىق كۈنلىرىدە كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ زەمزەم سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن باشقىچە روھلىنىپ ۋە جانلىنىپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە زەمزەم سۈيىدە مىكروبلارغا قارشى ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە فلورىدا ماددىسى بار ئىكەن. شۇڭا ھەر يىلى مەككىگە كېلىپ توپلىشىدىغان تەخمىنەن 3 مىليون ھاجىنىڭ ھەر خىل يوقۇملىنىشلاردىن ساقلىنىپ قېلىشى ۋە بەزى كېسەللەرنىڭ بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن شىپا تېپىپ قېلىشىنىڭ سىرى زەمزەم سۈيىدە ئىكەن.

## زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى

1865. سوئال: زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: ھەج قىلغۇچى، ئۆمرە قىلغۇچى ۋە شۇنداقلا ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئىچىشى مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئىچكەنلىكى توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسلەر كۆپ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەم سۈيىنى تەرىپلەپ: «ئۇ مۇبارەك سۇدۇر، ئۇ ئاچلىققا تائام، كېسەلگە شىپادۇر»[1] دېگەن. يەنە ئۇ: «زەمزەم سۈيىنى نېمە مەقسەت بىلەن ئىچسە شۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ»[2] دېگەن. يەنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئىچسە، ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ، ئاچلىقتىن

(1) مۇسلىم ۋە بەززاز رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

تويۇنـۇش مەقسـتى بىـلەن ئىچسـە، ئـاچلىقى پەسـىيىدۇ، ئاللاھنىـڭ ئىزنـى بىـلەن كېسەلدىن شىپا تېپىش مەقستى بىلەن ئىچسە، كېسەلدىن شىپا تاپىدۇ، دېگەنلىك.

19- يۈز يىلنىڭ مەشهۇر ئۆلىماسى ئىبنى قەيـيىم جەۋزىـيە مۇنـداق دېـگەن: «مەن ۋە باشقىلار زەمزەم سۈيىنىڭ كېسەللەرگە قانداق شىپا بولىدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلىـپ كۆردۇق. مەن زەمزەم سۈيى ئىچىش بىلەن كـۆپلىگەن كېسـەللىكلەردىن شـىپا تـاپتىم. ئەتراپىمدا بەزى كىشلەرنىڭ يېرىم ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كـۆپ ۋاقىـت ھـېچ نەرسـە يېمەستىن پەقەت زەمزەم سۈيى ئىچىش بىلەنلا ھېچقانـداق ئـاچلىق ھـېس قىلماسـتىن هايـــات كەچـــۈرگەنلىكىنى ۋە شـــۇنداق تۇرۇپمـــۇ باشـــقىلارغا ئوخشاشـــلا تـــاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم»[1].

(1) ئىبنى قەييىمنىڭ «پەيغەمبەرلىك تىبابىتى»ناملىق ئەسىرى 244- بەت

# قىبلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

1866. سوئال: قىبلە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: قىبلە ـ مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا، دۇئا قىلغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ. ئۇ بولسىمۇ كەبىدۇر. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان خەلق نامىز، دۇئا ۋە قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ بېجىرىلىدىغان بارلىق ئىبادەتلىرىنى شۇ قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئادا قىلىدۇ. مۇندىن باشقا مۇسۇلمان ئۆلۈكلەرنى يەرلەشتىمۇ ئۆلارنىڭ يۈزلىرى قىبلىگە قارىتىپ قويىلىدۇ.

كەبىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ يۈزىنى ۋە كۆكسىنى كەبىگە قارىتىپ تۇرىشى، كەبىنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغان ۋە يىراقلاردىكى كىشىلەرنىڭ كەبىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ تۇرىشى نامازنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ناماز ئوقۇغاندا، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار [(1)].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ـ مەككىدىكى ئادىتى بويىچە 17 ئاي پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا قاراپ ناماز ئوقۇغان ئىدى. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئۇ بىزگە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ قىبلىمىزگە (ئىرۇسالىمغا) قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ» دەپ ئەيىبلەشكە باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى پەرىشان بولاتتى ۋە كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ ئۇپۇققا قاراپ، قىبلە ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن بىرەر ۋەھيى كۈتەتتى.

1867.سوئال: كەبە قاچان قىبلە بولغان؟

جاۋاب: ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 623م) نىڭ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدىكى كېيىنچە «مەسجىدى قىبلەتەين» (ئىككى قىبلىلىق مەسجىد) دەپ تونۇلغان بەنى سەلىمە مەسجىدىدە پېشىن نامىزدىن ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغان ۋاقىتتا، پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ:

(1) بەقەرە سۈرىسى 144ـ ئايەت

بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز.(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن [1] دېگەن ۋەھيىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامازدا تۇرغان پېتى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە بۇراپ قويىدۇ. شۇندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ناماز ۋە دۇئالىرىدا مەسجىدى ھەرەمدىكى قىبلىگە (كەبىگە) قارايدىغان بولىدۇ.

**نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى**

نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ سىرلىرىدىن:

(1) ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى يۈز بىلەن بەدەن مۇئەييەن بىر تەرەپكە يۈزلەنمەستىن، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ بارچە ئورگانلىرى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى، جۈملىدىن كۆز ھەر تەرەپكە قارىشى بىلەن قەلبمۇ شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، نامازنىڭ دۇرۇس يوسۇندا ئادا قىلىنىشىغا ئەلۋەتتە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا قىبلىگە يۈزلىنىش پەرز قىلىنغان بولىشى مۇمكىن.

(2) نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن ئىنسانىنىڭ قەلبى ئارام تاپىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نامازدا شۇ كەبە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ ئىبادەتتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

(3) قىبلىگە قاراش ئارقىلىق قەلبنى، ئەقلنى ۋە پۈتۈن ئەزالارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە قارىتىش بىلەن ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىخلاسنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(4) قىبلىگە يۈزلىنىش مۇسۇلمانلارنى گەرچە ئۇلار مۇساپە جەھەتتىن بىر - بىرىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 144- ئايەت

### ھەجەرۇلئەسۋەد

1868. سوئال: ھەجەرۇل ئەسۋەد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەجەرۇل ئەسۋەد — كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى بۇرجەككە ئورنىتىلغان، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1.5 (بىر يېرىم) مېتىر كېلىدىغان، كۈمۈش رامكا ئىچىگە ئېلىنغان تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى قىزىلغا مايىل، دىئامېترى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان قارا تاشتۇر.

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان ۋاقتىدا، كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ تاۋاپنى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن بىر نىشانە ئورنىدا، ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن. شۇندىن بىرى بۇ تاش كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.

1869. سوئال: ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشى مۇستەھەب (يەنى تەكىتسىز) سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىدا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيەتتى. يەنە بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزۇنغىچە يىغلاپ كەتتى»[1] دەپ كەلگەن. بۇ ئادەم كۆپ بولمىغان ۋە قىستىلاڭغۇ بولمىغان ۋاقىتلاردا شۇنداق.

ئەمما ھەج ۋە رامىزان ئايلىرىغا ئوخشاش ھەرەمدە ئادەم كۆپ، قىستىلاڭغۇ بولغان ۋاقىتلاردا ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا بارماستىن، يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىش يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغان ۋاقتىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەي ئۆمەر! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن، سەن بۇ جىسمىڭ بىلەن ئاجىزلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىسەن. ھەجەرۇل ئەسۋەدتە قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلما. ئۇنىڭ يېنىدا بوشلۇق تاپالىساڭ سۆيگىن، بولمىسا تەكبىر ئېيتىپ كېتىۋەرگىن»[2] دېگەن.

### ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىق ئەمەس

1870. سوئال: ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىق ئەمەسمۇ؟

جاۋاب: كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بۇ تاشنى سۆيۈشى پەقەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى كەبىگە ياكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە

(1) ھاكىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس

(2) ئىمام شافىئىي رىۋايىتى

چوقۇنۇشنى بۇيرىغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان. كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ: قەدىمى ئۆي كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن ۋە بۇ كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن قىلىنىغاندەك، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى جارى قىلدۇرغانلىق يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ. بۇ ئورۇندا ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزى يېتەرلىك. ئۇ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەلۋەتتە بىلىمەنكى، سەن كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاشسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام ئىدى، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم»[1].

### ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن 5 يىل ئىلگىرى مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى قايتا رېمونت قىلغان ۋاقىتىدا، قەبىلىلەر ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى ئورنىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ھازىرقى ئورنىغا قويغان.

317ـ ھىجرىيە (930م) يىلى قەرامىتە كۆپپارلىرى ھەرەمگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەل ئەھسا شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپ، 339ـ ھىجرىيە يىلى كەبىدىكى ئۆز ئورنىغا ئەكىلىپ قويغان ئىدى.

### ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كۈمۈش بىلەن قاپلىنىشى

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى تۇنجى بولۇپ كۈمۈش بىلەن قاپلاتقان كىشى مىلادىيەنىڭ 680 ـ يىللىرىدىكى مەككە ھۆكۈمدارى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەر ۋە بايلار ئۇنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قاپلايدىغان بولغان. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىدىن ئىلگىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1331ـ ھىجرىيە (1903م) يىلى ھەجەرۇل ئەسۋەدنى خالىس كۈمۈش بىلەنلا قاپلاتقان كىشى سۇلتان مۇھەممەد رىشاد خان ئىدى. 1366ـ ھىجرىيە (1946م) يىلى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ھەجەرۇل ئەسۋەدنى

(1) فتاوى وأحكام الحج والعمرة من موقع يوسف القرضاوي

رېمونت قىلىدۇرغان. ئاندىن 1375ـ ھىجرىيە (1955م) يىلى پادىشاھ سۇئۇد ئۇنى يېڭى كۆلەمدە قايتا قاپلاپ چىققان.

## رۇكنى يەمانى

رۇكنى يەمانى — كەبىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە قاراپ تۇرىدىغان بۇلۇڭى بولۇپ، يەمەن دۆلىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە بولغانلىقتىن ئەرەبلەر جەنۇپ تەرەپكە قاراپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسىنى يەمەن (ياكى يەمان) دەپ ئاتايتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ بۇلۇڭ رۇكنى يەمانى (جەنۇپ تەرەپتىكى بۇلۇڭ) دەپ ئاتالغان. ھەجەرۇل ئەسۋەد جايلاشقان بۇلۇڭ بىلەن رۇكنى يەمانى بۇلۇڭى ئىككىسىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى قۇپۇرغاندا بىرگە قوپۇرغان بولۇپ، قالغان شىمال ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى بۇلۇڭ كېيىن تۇرغۇزۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىدا رۇكنى يەمانىنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن سىلايتتى. شۇندىن بىرى ئۇنى سىلاش سۈننەت بولۇپ داۋام قىلغان. رۇكنى يەمانىنى سۆيۈش يوق، پەقەت قول بىلەن سىلىنىدۇ. قول بىلەن تۇتۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا قول ئىشارىتى قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان.

# مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ھەققىدە مەلۇمات

## مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى

1871. سوئال: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى قانداق جاي؟

جاۋاب: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى- مۇقەددەس ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى جايلاشقان، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ بېرىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق ئون يىل ياشىغان ۋە مۇبارەك قەبرە شەرىپى ئورۇن ئالغان جاي.

1872. سوئال: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى نېمە ئىدى؟

جاۋاب: مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ نامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى «يەسرىب» دەپ ئاتىلاتتى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، «يەسرىب» مەشھۇر تۇپان ۋەقەسىدىن كېيىن مەدىنىدە دەسلەپ يەرلەشكەن بىر ئەر كىشىنىڭ نامى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن. شەھەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىن «مەدىنە مۇنەۋۋەرە» ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان نۇرلۇق شەھەر) دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر ئىسلام قۇدرەت تاپقان ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى جاكارلانغان شەھەر. تۇنجى ئىسلام دۆلىتىمۇ بۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن.

## مەسجىدى نەبەۋى

1873. سوئال: مەسجىدى نەبەۋى قانداق مەسجىد؟

جاۋاب: مەسجىدى نەبەۋى ـ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان تۇنجى مەسجىد، ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يىراقلاردىن سەپەر قىلىشقا بولىدىغان ئۈچ چوڭ مەسجىدنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ مەسجىدكىلا ئىبادەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، مەسجىدى ھەرەم، يەنە بىرى، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم، ئۈچىنچىسى مەسجىدى ئەقسادۇر»[1]. مەدىنە مۇنەررە شەھىرىدىكى بۇ مەسجىد تارىختىن بىرى«مەسجىدى نەبەۋى ـ پەيغەمبەر مەسجىدى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

(1) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

1874. سوئال: مەسجىدى نەبەۋى قاچان بىنا قىلىنغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى مەسجىد سېلىش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان كۈنى ئۇنىڭ تۆگىسى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ تىز چۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇننى ئېگىسىدىن سېتىپ ئېلىپ مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار ۋە مەدىنىلىك ئەنسارلار ھەممە بىر قول بولۇپ بۇ ئورۇنغا مەسجىد سېلىشقا كىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقىلار قاتارىدا مەسجىدنى سېلىش ئىشلىرىدا قاتتىق ئىشلەيدۇ. مەسجىد ئازلا ۋاقىت ئىچىدە پۈتتۈپ چىقىدۇ. مەسجىدنىڭ قىبلىسى پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا قارايتتى. مەسجىدنىڭ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان. تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن، تېگى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. تاملىرى خام قىشلار بىلەن تۇرغۇزۇلغان. شۇ ۋاقىتتىكى مەسجىدى نەبەۋىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 35 مېتىر بولۇپ چىققان. ئۈچ تەرەپتىن دەرۋازىسى بار ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ ھەمىشە كېڭەيتىلىپ كەلدى، ئاۋۋالقى 4 خەلىپە، ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار، ئوسمانىيلار ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى نەبەۋىدىكى مۇنبىرىنىڭ ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس ئورنى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كىمكى مۇشۇ مۇنبەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يالغان ئىشقا قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئورنىنى دوزاختا كۆرسە بولىدۇ»[1] دېگەن.

## رەۋزە شەرىپ

مەسجىدى نەبەۋىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىسىدا «رەۋزە شەرىپ» دېگەن جاي بار. بۇ جاينىڭ ئۇلۇغلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئوتتۇرىسىدا جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچە باردۇر»[2]. بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «باغچە» دىن «رەۋزە

(1) ئىمام مالىك ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

شەرىپ» مەقسەت قىلىنغان.

**سۇففە**

قىبلە كەبىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ ئاخىرىدىكى شىمال تەرىپىنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇندىن بېرى بۇ جاي ساھابىلاردىن ئۆي ـ ماكانى يوق، ئائىلىسىمۇ يوق، بەلكى ھېچنەرسىسى يوق پېقىرلارنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورنى بولۇپ قالغان. بۇ جايدا تۇرغۇچىلار«ئەھلى سۇففە» دەپ ئاتىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قول ئىلكىدە بار ساھابىلار ئەھلى سۇففەنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى. بۇ جاي ھازىرمۇ ھەمىشە قىستىلاڭغۇ بولىدۇ، ھەركىم بۇ جايدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ، تالىشىدۇ، كېچە-كۈندۈز ھېچ ۋاقىت بۇ ئورۇن بىكار قالمايدۇ.

**ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋى**

1875. سوئال: ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋىنىڭ كۆلىمى قانچىلىك؟

جاۋاب: ئەڭ ئاخىرقى كېڭەيتىش پادىشاھ فەھىدنىڭ زامانىدا باشلانغان بولۇپ، مىلادىيە 1985- يىلىدىن 1993 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 165مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئۆگزىسىنىمۇ ناماز ئوقۇيدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن بۇ جايدا 90 مىڭ ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدىغان بولغان.

بۇرۇن مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ھەر بىرى 72 مېتىر ئېگىزلىكتە 4 مۇنارىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 104 مېتىردىن كېلىدىغان6 مۇنارە قوشۇلۇپ، ھازىر جەمئى 10 مۇنارە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

شۇ كۈنگە كەلگىچىلىك مەسجىدى نەبەۋىنىڭ 16 دەرۋازىسى بار ئىدى. پادىشاھ فەھىدنىڭ نۆۋەتتىكى كېڭەيتىشىدە 65 دەرۋازا يېڭىدىن بېكىتىلىپ، جەمئى 81 دەرۋازا بولدى. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىغا گاراجلار ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 8 تەرەپتىن كىرىش ئېغىزى بار. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىچىدىن ئۆگزىسىگە چىقىش ئۈچۈن 16 جايدىن پەلەمپەي ياسالغان.

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ ساھەگە ئاپتوماتىك ئېچىلىدىغان، كۈنلۈكلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە 36 سى ياسالغان بولۇپ، بۇ تارىختا تۇنجى ئىش ئىدى. ھازىر يەنە بىر قانچىسى ياسىلىپ قوشۇلدى.

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ شىمال، جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىگە ياسالغان مەيدانىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 135 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مەسجىدى نەبەۋىگە 4000 دىن كۆپرەك چىراغ بېكىتىلگەن.

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياسالغان تاھارەتخانىلىرىمۇ ئىنتايىن مۇكەممەل ھەم زامانىۋى ياسالغان بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ تاھارەتخانىلىرىنى نەچچە ھەسسە ئېشىپ ھەم قۇلايلىق ياسالغان.

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياسالغان ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىغا ئېلىكترونلۇق لىفتلەر بىلەن چۈشۈپ چىقىلىدۇ. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئەتراپىدا 560 دانە سۇ ئىچىش تۇرۇبىسى بار.

1876. سوئال: مەسجىدى نەبەۋى ئىسلام تارىخىدىكى قانچىنچى مەسجىد ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: مەسجىدى نەبەۋى ئىسلام تارىخىدا تۇنجى سېلىنغان مەسجىدلەردىن ئىككىنچى مەسجىد بولۇپ سانىلىدۇ. بىرىنچى مەسجىد مەدىنىدىكى «قۇبا مەسجىدى» ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىنلا سالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا «قۇبا مەسجىدى» نى تەرىپلەپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا لايىقتۇر. ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ ھەقىقەتەن پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [1].

«قۇبا مەسجىدى» مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، مەسجىدى نەبەۋىدىن يىراقلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

### ھۇجرە شەرىپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى

1877. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى نەدە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەسجىدى نەبەۋىدىكى ھۇجرە شەرىپ دېگەن جايدا بولۇپ، ھۇجرە شەرىپ ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىنىدا بۇ ئۆيگە دەپنە قىلىنغان. چۈنكى جان ئۈزگەن يېرىگە دەپنە قىلىش پەيغەمبەرلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر [2]. كېيىن13- ھىجرىيە (634م)

(1) تەۋبە سۈرىسى 108- ئايەت

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئاللاھ ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنى دەپنە قىلىنىشنى ياقتۇرغان

يىلىغا كەلگەن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئۇمۇ مۇشۇ ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 24-يىلى (644م) ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئىلگىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغىنىغا ئاساسەن، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. خەلىپە ئۆمەر دەپنە قىلىنغان بۇ جاينى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى ئۇچۇن ساقلىغان بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ئۇنى سورىغانلىقتىن ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەن ئىكەن.

1878. سوئال: بۇ ئۈچ قەبىر قانداق تىزىلغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەسجىدنىڭ مۇنبىرى تەرىپىدىن بىرىنچى قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرىنىڭ، ئاندىن ئۆمەرنىڭ قەبرىلىرى كېلىدۇ.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسگە قىلىنغان سۇيىقەستلەر**

1879. سوئال: ھۇجرە شەرىپىنىڭ بېشىدىن قانداق تارىخىي باسقۇچلار ئۆتكەن؟

جاۋاب: ھۇجرە شەرىپىنىڭ تاملىرى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا بىر قېتىم ياسالغان بولۇپ، ئابباسىيلار خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. مىلادىيە 710 يىلى ۋاپادار خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (شام رايونىغا ۋالىي بولغان ۋاقتىدا) ھۇجرە شەرىپىنىڭ تاملىرىنى قارا تاشتىن قوپۇرۇپ چىققان ۋە ئەتراپىغا 6,5 مېتىر ئېگىزلىكتە تام چۆرۈپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1476- يىلى قايتاباي، كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلمەجىدخان مەسجىدى نەبەۋىنى رېمونت قىلىش ئەسناسىدا ھۇجرە شەرىپنىمۇ رېمونت قىلدۇرغان.

1162- يىلى بەزى رادىكال خرىستىئان پادىشاھلار ماراكەشلىك خرىستىئانلانى ئىشقا سېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى ئوغۇرلاشنى پىلانلىغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى شام رايونىنىڭ سۇلتانى نۇرىددىن زەنكى ([1]) دېگەن كىشى

جايىدا قەبرى روھ قىلىدۇ» دېگەن. (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى).

(1) نۇرىددىن زەنكى تۈرك ئەسلىلىك ئىمادۇددىن زەنكىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئىمادۇددىن زەنكى ئاۋۋال ھازىرقى ئىراقنىڭ مۇسىل شەھىرىنى كېيىنچە باشقا جايلارنى بىرلەشتۈرۈپ 522- ھىجرىيە (1128م) يىلى ھازىرقى سۇرىيىنىڭ ھەلەب شەھىرىنى قولغا ئالغان، 538- ھىجرىيە (1144م) يىلى بىرىنچى سەلىب ئۇرۇشىدا غەربلىك خرىستىئانلار شەرقتە زورلۇق بىلەن قۇرغان تۇنجى دۆلەت رەھا شەھىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالغان، 541- ھىجرىيە (1147م) يىلى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن شېھىد

چۈشــىدە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنى كۆرىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئۇنىــڭ چۈشىدە، رەڭگى سېرىق كەلـگەن ئىككـى ئـادەمنى كۆرسـىتىپ: «بـۇ ئىككـى ئـادەمنى مەندىن يىراقلاشتۇرغىن» دەيدۇ. نۇرىددىن زەنكى بۇ چۈشنى كۆرگەنـدىن كېيىن 20 كىشـىنىڭ ھەمراھلىقىـدا نۇرغـۇن مىقداردا پـۇل ـ مـال بىـلەن يولغـا چىقىـپ مەدىـنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە 16 كۈندە يېتىپ كېلىدۇ. چۈشىدە كۆرسىتىلگەن مەزكۇر ئىككـى سېرىق ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن شـەھەر ئەھلـىگە ھەر كـۈنى پـۇل تارقىتىـدۇ. پۈتـۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولىدۇ. لـېكىن چۈشـىدە كۆرسـىتىلگەن ئىككـى ئـادەم كەلمەيـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن كىشـىلەردىن«سـىلەرنىڭ ئـاراڭلاردىن مېنىــڭ يېنىمغــا كەلمىگەنلەرمــۇ بــارمۇ؟» دەپ ســورىغاندا، كىشــىلەر: «ماراكەشـلىك ئىككـى نەپەر بـاي ئـادەم بـار، ئـۇلار ھەجـگە كەلـگەن ئىـكەن، ھـۇجرە شەرىپنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بەك تەقۋادار ئادەملەر ئىكەن، كىشىلەرگە سەدىقە بېرىش ۋە ھەمىشە ناماز ئوقۇش بىلەن بولىدۇ» دېيىشىدۇ. ئاندىن سۇلتان ئۇلار بىلەن ھېلىقى ئۆيگە بارىدۇ. ئـۆينى تەكشۈرسـە ھېچقانـداق شـۈبھىلىك نەرسە كۆرەلمىگەن سۇلتان ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىنى ئىـنچىكىلەپ ئـاختۇرۇپ چىقىـش نەتىجىسىدە، ئۆيدىن ھۇجرە شەرىپكە كېتىپ بارغان كىچىككىنە بىر تونەلنى كۆرىـدۇ. مەزكۇر ئىككى ئادەم قـىيىن ـ قىسـتاققا ئېلىنغانـدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىـڭ راسـتىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنـى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن سۇلتان نۇرىددىن زەنكى ھـۇجرە شـەرىپنىڭ تـۆت ئەتراپىنىـڭ ھەممىسىنى ناھايىتى چوڭقۇر كولاپ چىقىپ، يەر ئاسـتى چوڭقۇرلۇقىـدىن باشلاپ يەر يۈزىگىچە پۈتۈنلەي قوغۇشۇن بىلەن تام سېلىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. ھۇجرە شـەرىپنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قوغۇشۇن تام ھېلىھەم شۇ پېتىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە[1].

---

قىلىنغان مۇسۇلمان قوماندان ئىدى. نۇرىـددىن زەنكـى ھىجرىيە 511- يىلـى شـەۋۋال ئېيىنىـڭ 17- كـۈنى (1118- يىلى 11- فېۋرال) دۇنياغا كەلگەن، نۇرىـددىن ئاتىسـىنىڭ ۋاپاتىـدىن كېيىن ئاكىسى سـەيفۇددىن بىلەن ئاتىسىنىڭ دۆلىتىنى بۆلۈشكەن. شۇنداق قىلىپ نۇرىددىن ھەلەبنـى. سـەيفۇددىن مۇسـىلنى ئالغـان. 542- ھىجرىيە (1147م) يىلى غەربلىك خرىستىئانلار ئىككىنچى قېتىملىـق سـەلىب ئۇرۇشـىنى قوزغـاپ زور قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلـگەن بولسـىمۇ، نۇرىـددىننىڭ مۇسـۇلمان قوشـۇنلىرى ئـۇلارنى ئارقىغـا قايتۇرغـان. كېيىـنچە شـام بىـلەن مىسـىرنى ئـۆز دۆلـىتىگە قوشـۇپ، دىمەشـىقنى پايتەخـت قىلغـان. 589ھ 11- شـەۋۋال (1174م 15- مـاي كـۈنى) 59 يېشـىدا دەمەشـىقتا ئالەمـدىن ئـۆتكەن، بولـۇپ، قەبرىسـى ھـازىر دەمەشـىق شەھىرىدە گۈمبەز ئىچىدە ساقلانماقتا. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىـڭ نۇرىـددىن زەنكـى ھەققىـدە ئېيتقـان مەدھىـيە سۆزلىرى باردۇر. چۈنكى نۇرىددىن زەنكى ئادالەتپەرۋەر، ئېسىل ـ پەزىلەتلىك، تەقۋادار كىشى ئىكەن.

(1) «ۋەفائۇل ۋەفا» ناملىق تارىخي مەنبەنىڭ 2- توم 648- بېتىدىن ئېلىندى.

## مەسجىدى ئەقسا ھەققىدە مەلۇمات

1880. سوئال: مەسجىدى ئەقسا دېگەن قانداق مەسجىد؟

جاۋاب: مەسجىدى ئەقسا ــ يىراقتىكى مەسجىد[1] دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى، ئىككى قىبلىنىڭ بىرىنچىسىدۇر. (كەبە قىبلە بولۇشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى مەسجىدى ئەقسا ئىدى.) مەسجىدى ئەقسا قۇرئان كەرىمدە «مەسجىدى ئەقسا» دەپ ئاتاشتىن بۇرۇن بەيتۇلمەقدىس (مۇقەددەس ئۆي)دەپ ئاتىلاتتى. مەسجىدى ئەقسانىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئەتراپى رىشاتكىلانغان ھازىرقى قۇدۇس شەھىرىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئاپئاق بىر تۇلپار كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا مىندىم، تۇلپار مېنى بەيتۇلمەقدىسكە ئېلىپ باردى. تۇلپارنى پەيغەمبەرلەر ئاتلىرىنى باغلايدىغان مەخسۇس جايغا باغلىدىم. ئاندىن بەيتۇلمەقدىسكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ چىقتىم. شۇ ۋاقىتتا جىبرىل ماڭا بىر قاچىدا ھاراق يەنە بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلدى. مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىل ماڭا ”سەن توغرىسىنى قىلدىڭ“ دېدى. ئاندىن بىزنى بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى...»[2].

1881. سوئال: مەسجىدى ئەقسا نەدە ؟

جاۋاب: مەسجىدى ئەقسا پەلەستىندىكى قۇدۇس شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 622- يىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد

---

(1) يەنە بىر قاراشقا كۆرە، مەسجىدى ئەقسا - مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇلمىغان مەسجىد دېگەن مەنىدە بولۇپ، تىلشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، «المسجد الأقصى» (مەسجىدى ئەقسا) سۆزىدىكى «الأقصى»نى يىراق دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلغانلار خاتالاشقانلاردۇر. چۈنكى بۇ ئورۇندىكى «الأقصى»سۆزى باشقىلاردىن ئايىغان ۋە مەخسۇس قىلغان مەنىدە بولۇپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشىدىن ساقلاپ مۇسۇلمانلارغا خاس قىلغان مەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، خرىستىئانلار سەلىب ئۇرۇشىدا مەسجىدى ئەقسانى ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ مەسجىدتە ئىبادەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئاتخانا ۋە ئامبار ئورنىدا قوللانغان. يەھۇدىيلار 1948- يىلى مەسجىدى ئەقسانى پەلەستىن دۆلىتى بىلەن قوشۇپ مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرغىچە مەسجىدى ئەقسانى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىبادەت ئورنى قىلالمىغان ۋە ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىدىغان مەسجىد سۈپىتى بويىچە داۋام قىلماقتا.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر كېچىنىڭ ئىچىدە مەككىدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتكەن.

### يەر يۈزىدىكى ئىككىنچى مەسجىد

1882. سوئال: يەر يۈزىدە ئەڭ ئاۋۋال بىنا قىلىنغان مەسجىد قايسى؟

جاۋاب: يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنغان مەسجىد مەسجىدى ھەرەم بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمدىن كېيىنلا مەسجىدى ئەقسا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ زەر غەفارىي مۇنداق دېگەن:" مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەر يۈزىدە تۇنجى سېلىنغان مەسجىد قايسى؟" دەپ سورىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەر يۈزىدە تۇنجى سېلىنغان مەسجىد مەسجىدى ھەرەمدۇر» دېدى. ئاندىن مەن يەنە " ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟" دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەسجىدى ئەقسا» دېدى. ئاندىن يەنە مەن " بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانچە يىل ئۆتكەن؟" دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىرىق يىل» دەپ جاۋاب بەردى"[1]

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000- يىللىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتا تۇرغۇزۇپ، مەسجىدى ھەرەمنى بىنا قىلغان بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتىن ئازراق كېيىنلا مەسجىدى ئەقسانى بىنا قىلغان.

### مەسجىدى ئەقسانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى

1883. سوئال: مۇسۇلمانلار قۇدۇسنى قاچان ئازات قىلغان؟

جاۋاب: ھىجرىيىنىڭ 14-يىلى (636م) ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە، مەسجىدى ئەقسا غەربلىك خرىستىئانلارنىڭ قولىدىن تىنچلىق يولى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. خرىستىئانلار شۇ ۋاقىتتا مەسجىدى ئەقسانىڭ ئاچقۇچىنى ئىنجىللاردا بىشارەت بېرىلگەن ئادالەتلىك خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ، قۇدۇس شەھىرىدىن چېكىنگەن. مۇسۇلمانلار شۇنىڭدىن كېيىن، مەسجىدى ئەقسانىڭ ئىچىگە «قىبلە جامىسى» دەپ تونۇلغان مەسجىدنى بىنا قىلغان. بۇ جامى مەسجىدى ئەقسانىڭ جەنۇب تەر ىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قىبلە تەرىپىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ «قىبلە جامىسى» دەپ

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى

ئاتالغان. ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە بۇ مەسجىد قايتىدىن سېلىنىدۇ. بۇ ئىش 685- يىلىدىن 715- يىلىغىچە تولۇق 30 يىل داۋام قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا «قۇببە ئەسسەخرە» (تاش گۈمبەز) مۇ ياسىلىدۇ. مەسجىدى ئەقسانىڭ شەكلى ھازىرغىچە شۇ بويىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

1884. سوئال: خرىستىئانلارنىڭ مەسجىدى ئەقساغا قىلغان تۇنجى ھۇجۇمى قاچان بولغان؟

جاۋاب: بىر مىليوندىن كۆپرەك مۇتتەزىم ئەسكەر بىلەن قوراللانغان سەلىب ئارمىيىسى (غەرپ خرىستىئان كۈچلىرى) 1099- يىلى 7- ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇدۇس (ئىرۇسالىم) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، 70مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلماننى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق شەھەرنى ئىستىلا قىلغان. ئۇ چاغدا، مۇسۇلمانلاردىن ياشىنىپ قالغان، ئاجىز-ئورۇق كىشىلەر، ئاياللار ۋە باللار ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مەسجىدى ئەقسانىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بولۇپ، شەھەرگە بېسىپ كىرگەب خرىستىئان ئارمىيىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرىلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ چىققان، قۇدۇس شەھىرى بىلەن مەسجىدى ئەقسا قانغا بويالغان، ھەتتا يوللاردا سۇ كەبى ئاققان قان بىلەن تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ئاتلىرىمۇ قىزىل بويۇلۇپ كەتكەن. خرىستىئانلارنىڭ قۇدۇس شەھىرىدىكى ھاكىمىيىتى90 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىشغالىيەت داۋامىدا مۇسۇلمانلارنى ئېزىپ، مەسجىدى ئەقسانى بۇزۇپ نۇرغۇنلىغان ۋەھشى جىنايەتلەرنى ئىشلىگەن[1].

1885. سوئال: مەسجىدى ئەقسا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا قاچان قايتىپ كەلگەن؟

جاۋاب: 1187- يىلى 7- ئاينىڭ 27- كۈنى نامى مەشھۇر مۇسۇلمان قوماندان سالاھىددىن ئەييۇبىي تەرىپىدىن خرىستىئانلارنىڭ قولىدىن ئازات بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن. ئەپسۇسكى، مەسجىدى ئەقسا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا يەنە تۇرالمىدى. 1229 ـ يىلى 3- ئايدا مەسجىدى ئەقسا قايتىدىن خرىستىئانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، 1244- يىلى سالاھىددىن ئەييۇبىينىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى پادىشاھ كامىل تەرىپىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغان. قۇدۇس شەھىرى مەسجىدى ئەقسا بىلەن بىرلىكتە شۇ زامانلاردىن باشلاپ تاكى 1948- يىلى يەھۇدىيلار پەلەستىننى ئىستىلا قىلغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن.

1886. سوئال: ئوسمانىيلار مەسجىدى ئەقسانى قانداق ھىمايە قىلغان؟

---

(1) دوكتور ھەسەن ھەبەشىنىڭ«بىرىنچى سەلىب ئۇرۇشى» ناملىق ئەسىرى 170-بەت.

جاۋاب: ئوسمانىيلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى سېرتقى كۈچلەرنىڭ خىرىس قىلىشلىرىدىن قاتتىق قوغداپ كەلگەن. ھەتتا ئوسمانىيلار دەۋرىدە يەھۇدىيلار قۇدۇس شەھىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي كەلگەن. يەھۇدىيلار پەلەستىندىكى يەرلىك ئەرەبلەرنى ئالداپ ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ۋارانلىرىنى ۋە يەر ـ زېمىنلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى نورمال باھادىن نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق تەدرىجى ھالدا پەلەستىننى ئىشغال قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندا، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى 1892- يىلى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، پەلەستىنلىكلەرنىڭ يەھۇدىيلارغا ئۆي- زېمىن سېتىشىنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن. ئوسمانىيلار يىقىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇددى چوپانسىز قالغان پادىغا ئوخشاش چېچىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، قۇدۇس شەھىرى، جۈملىدىن مەسجىدى ئەقسا قوغداپ قېلىنمىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن يەھۇدىيلار پەلەستىن زېمىنىگە ئاز- ئازدىن يەرلىشىش ۋە يەرلىكلەرنىڭ ئۆي-ماكان ۋە زېمىنلىرىنى سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق سان جەھەتتە مەلۇم بىر مىقدارغا يەتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ بىۋاستە ياردىمى ئاستىدا، پەلەستىننى ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت ئەسىرلەردىن بىرى پىلانلاپ كەلگەن رەزىل مەقسىتىگە يەتكەن.

1887. سوئال: مەسجىدى ئەقسانىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدە قانداق ئورنى بار؟

جاۋاب: مەسجىدى ئەقسانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، ئىسلام دەۋىتى باشلانغان تارىختىن بىرى باغلانغان بىر ئەقىدىدۇر. چۈنكى مەسجىدى ئەقسا جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قىبلىسىدۇر.

## مەسجىدى ئەقساغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت

1888. سوئال: مەسجىدى ئەقساغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت قايسى؟

جاۋاب: مەسجىدى ئەقساغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت 1969- يىلى 8- ئاينىڭ 22- كۈنى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ رادىكاللىرىدىن ئەسلى ئاۋستىرالىيىلىك مايكل دېنىس روھەن ئىسىملىك بىرسى مەسجىدى ئەقساغا ئوت قويۇۋەتكەن. مەسجىدى ئەقسانىڭ شەرقىي قىسمى پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۇل بولغان.

# ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالاھىدە ئۈچ مەسجىد

## ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان مەسجىد-ئاتۇش جامەسى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىنغا ساداقەت باغلاشتا ئەڭ ئالدىنقى خەلقتۇر. دۇنيادا ئەرەب مىللىتىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەرنىڭ ئىچىدە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىقلار بار تۇرۇپ، ئۇيغۇرلاردا مۇسۇلمان بولغان تارىخىدىن باشلاپ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوقلىقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداشتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا نەقەدەر مۇنەۋۋەر بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارىختا تۇنجى قېتىم مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە مەسجىد سالغان بولسا، ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مەسجىد سالغان خەلقتۇر.

ئۇيغۇر دىيارىدا تۇنجى مەسجىدنىڭ سېلىنىشى بۇ جايغا ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپ كىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئاساسەن بىر مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. قەشقەر جامەسى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسجىد ھېسابلانسىمۇ، ئەڭ بالدۇر سېلىنغان تۇنجى مەسجىد ھېسابلانمايدۇ. سامانىيلا سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىي سودىگەر قىياپىتىدە قاراخانىيلار دۆلىتىگە كىرىپ پاناھلىنىدۇ. قاراخانىيلار خانى ئوغۇلچاق بۇ شاھزادىنىڭ ئاتۇشتا ئازادە ھايات كەچۈرۈشىگە كېپىللىق قىلىدۇ. ئاتۇشقا يەرلەشكەن ئەبۇ ناسىر سامانىي كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلاپ، شۇ ئارىدا ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سوتۇق بۇغرا خاننى مۇسۇلمان قىلىشتا غەلىبە قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاتۇشتا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەسجىد سېلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلۇپ تۇنجى مەسجىدنى سالىدۇ.

## كالا تېرىسى پىلانى

ئاتۇشتا مەسجىد سېلىشنى پىلانلىغان ئەبۇ ناسىر سامانىي ئوغۇلچاقتىن بىر كالا تېرىسى چوڭلۇقىدىكى يەرنى سورايدۇ. ئوغۇلچاقمۇ ھامان ماقۇل كېلىدۇ ۋە خالىغان يېرىدىن بىر كالا تېرىسى چوڭلۇقىدىكى يەرنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ئەبۇ ناسىر سامانىي بىر كالىنى سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىنچىكە تىلىپ، بىر- بىرىگە ئۇلاپ ئۇزۇن بىر تانا ياسايدۇ ۋە بۇ تانا بىلەن ئاتۇشتىكى ياخشى بىر جاينى تام

سالغاندەك ئوراپ كۆرۈپ، شۇ جايغا تۈنجى مەسجىدنى سالدۇ. ئوغۇلچاق بۇ ئىشتا ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ھەيران بولۇپ قايىل بولىدۇ. شاھزادە ئەبۇ ناسىر سامانىي «كالا تېرىسى پىلانى»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ سالغان بۇ مەسجىد ئۇيغۇر دىيارىدا سېلىنغان تۈنجى مەسجىد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسجىد 14ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر «ئاتۇش جامەسى» دەپ ئاتىلىپ نامى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقالغان ئىكەن.

## ئەڭ مەشھۇر مەسجىد ـ قەشقەر ھېيتكار جامەسى

قەشقەر ھېيتكار جامەسى مىلادىيە 1442ـ يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، كىچىكلىكتىن زورىيىش، ئاددىي ھالەتتىن ئالاھىدە تۈسكە كىرىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بۇ جامە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان مەسجىدلەرنىڭ بىرى، ئىلىم مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ماكانى بولغان قەشقەرنىڭ جانلىق شاھىدى ھېسابلىنىدۇ.

جامەنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا)140مېتىر، كەڭلىكى (شەرقتىن غەربكە)120مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى16800كىۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەممە جايلىرىنى قوشقاندا، ئۇنىڭدا 30مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. جامە قۇرۇلما جەھەتتىن گۈمبەز، مەدرەسە، مەسجىد قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، چوڭ مەسجىدلەردە بولۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

قەشقەر ھېيتكار جامەسىنى 1786ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرلىك زۇلپىيە بۆۋى خانىم، 1809ـ يىلى قەشقەر ھاكىم بېگى تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ،1820ـ يىلى قەشقەرلىك ئەبرشىنكانىدىر خوجا،1839ـ يىلى قەشقەر ھاكىم بېگى ئىناچخان زۇھۇرىددىن، 1872ـ يىلى ياقۇب بەدەۋلەت، 1904ـ يىلى ئاتاقلىق تۇردى باي ھاجى بىلەن كېرەم بايۋەچچە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى، 1934ـ يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار رېمونت قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، داۋاملىق رېمونت قىلىنىش ۋە كېڭەيتىلىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن بۇ جامەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونتى199ـ2000ـ يىللار ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشقان.

## ئەڭ چوڭ مەسجىد ـ كېرىيە جامەسى

كېرىيە ھېيتكار جامەسى 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ۋە ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەڭ چوڭ جامە بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدا ئەڭ چوڭ جامە دەپ ھېسابلانغان قەشقەر

ھېيتكار جامەسىدىنمۇ چوڭدۇر. چۈنكى قەشقەر جامەسىنىڭ خانىقا، مەدرىسە، باغچە ۋە سەيناسىنى قوشمىغاندا، ناماز ئوقۇيدىغا مەسجىدىنىڭ كۆلىمى كېرىيە جامەسىنىڭكىدىن ئەلۋەتتە كىچىك. كېرىيە جامەسى مەسجىدىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 13مىڭ 449 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە جۈمە نامىزىغا 4مىڭدىن 6 مىڭغىچە، ھېيت نامازلىرىدا 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە مۇسۇلمان كېلىپ ئازادە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ جامە بۈگۈنگە قەدەر يەتتە قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنغان.

كېرىيە ھېيتكار جامەسى 1200- يىلى كىچىك بىر مەسجىد شەكلىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھەممىشە كېڭەيتىلىش جەريانىدا جامە تۈسىنى ئالغان. 1665- يىلى كېرىيىدىكى مۆتىۋەر دىنىي زاتلاردىن موللا تىيىپ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق ئاخۇنۇم، ئەيساق ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەر كېرىيە ھېيتكار جامەسىنى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىش توغرىسىدا يەكەندىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخانغا بىر پارچە تەكلىپ سۇنىدۇ. بۇ تەكلىپ خان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، يەكەندىن مەخسۇس ئۇستىلار ئەۋەتىلىدۇ ھەم جامە ئەتراپىدىكى ئاھالىلار كۆچۈرۈلۈپ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىغا تايىنىپ جامەنى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ چىققان. يەكەندىن 10 تۈپ چىنار دەرىخىنى يۆتكەپ كېلىپ جامەنىڭ سەيناسىغا سالغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ جامەنى بىر مەزگىل «چىنارباغ» جامەسى دەپمۇ ئاتاشقان. ئاشۇ چىنار دەرەخلىرىدىن بىر قانچە تۈپى تېخى يېقىنقى يىللارغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ، كېيىنچە جامەنى كېڭەيتىشتە قۇرۇلۇشقا تاقىشىپ قالغانلىقتىن كېسىۋېتىلگەن ئىكەن. 1947- يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمايىلخان كېرىيە تەۋەسىدىكى مۆتىۋەر دىنىي زاتلار ۋە ھەر قايسى يېزا بەگلىرىنى يىغىپ كېرىيە جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساش ھەققىدە كېڭەش قىلىپ ھەممىنىڭ مۇۋاپىقەتچىلىكىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېرىيە جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1947- يىلى 10- ئايدا باشلىنىپ 1949- يىلى پۈتۈپ چىققان. كېيىن 1985- يىلدىن 1988- يىلغىچە يەنە رېمونت قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرقى 7- قېتىملىق چوڭ رېمونت 1997- يىلى باشلىنىپ 1998- يىلى پۈتكەن.

# ئىسلام دۇنياسىدىكى بەزى مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى

**بەيتۇل ھېكمەت**

بەيتۇل ھېكمەت- مىلادىيەنىڭ 750-يىلى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپالارغا قەدەر كېڭەيگەن ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىنىڭ دەسلەپكى 100 يىلغا يېقىن دەۋرىدە (75-يىلىدىن842-يىلىغىچە)، خۇسۇسەن خەلىپە ھارۇن رەشىد(786-يىلىدىن 809-يىلىغىچە خەلىپىلىك قىلغان) ۋە خەلىپە مەئمۇن (813-يىلىدىن 833-يىلىغىچە خەلىپىلىك قىلغان) ھاكىمىيەت يۈگۈزگەن مەزگىلدە دۆلەتتە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىي مائارىپ جەھەتتە دۇنياۋى خاراكتېرلىك گۈللىنىش مەيدانغا كەلگەن. يۇنان، پارس، ھىندىستان، رىم قاتارلىق ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ قەدىمىي پەن، مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە مىراسلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتكەن.

مۇشۇنداق بىر پەيتتە باغدادتا «بەيتۇل ھېكمەت» (ئىلىم –ھېكمەت ئورنى) تەسىس قىلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي يازما مەدەنىيىتىنى قېزىش، ساقلاپ قېلىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى ياراتقان. تەرجىمە ئىدارىسى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورگانلاردىن تەركىب تاپقان «بەيتۇل ھېكمەت» ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى بولغان ئىدى. خەلىپە ئەبۇ جەئپەر ئەل مەنسۇر(754-يىلىدىن 775-يىلىغىچە خەلىپىلىك قىلغان) ۋە خەلىپە ھارۇن رەشىدلەرنىڭ دەۋرىدە باغدادتا ئوردا تەرجىمە-تەتقىقات ئورگىنى ۋە خەلىپە كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلىنغان ئىدى. خەلىپە مەئمۇن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەرجىمە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھەرىكىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن 830-يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، 200مىڭ سەر دىنار سەرپ قىلىپ، ئەسلىدىكى تەرجىمە ۋە تەتقىقات ئورگىنى ۋە ئوردا كۇتۇپخانىسى ئاساسىدا دۇنياغا تونۇلغان «بەيتۇل ھېكمەت» ئالىي بىلىمگاھىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ بىلىمگاھ ئىسلام دۇنياسىدا دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى ۋە ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

## قەرەۋيىن ئۇنىۋېرستېتى

ماراكەشنىڭ فاس شەھىرىدىكى قەرەۋيىن ئۇنىۋېرستېتى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئەڭ قەدىمى بىلىم يۇرتى بولۇپ، 245- ھىجرىيە (مىلادىيەنىڭ859-يىلى) فاتىمە ئىسمىلىك بىر ئايال تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقى بولۇپ كەلمەكتە. ماراكەشنىڭ دۇنياغا تونۇلغان بىلىم ئادەملىرى، شۇنداقلا ھەر قايسى دىنلارغا مەنسۇپ بولغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ كۆپلىرى بۇ ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇپ چىققان ئىكەن. ئەرەبچە سانلارنى ياۋروپاغا كىرگۈزگەن يەھۇدىي پەيلاسوپى ۋە مەشھۇر دوختۇر مۇسا ئىبنى مەيمۇنمۇ بۇ ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇپ چىققان ئىكەن[1].

بۇ ئۇنىۋېرستېت شەرىئەت، ئەرەب تىلى، ئەقىدە قاتارلىق فاكۇلتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇنىۋېرستېتتىن بېرىلىدىغان ئۇنۋانلار باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانلىرىدۇر.

## ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي بىلىمگاھى -ئەزھەر بىلىم يۇرتى

مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمى ئىسلام ئالىي دارىلفۇنۇنى بولۇپ، مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇ " ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى"دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان، نۇرغۇن مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئەزھەرگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلىشنى ناھايىتى شەرەپ بىلگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ قەدىمىي بىلىمگاھقا چەكسىز يۇقىرى تىلەكلەر بىلەن يۈزلەنمەكتە . جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىن كېلىپ بۇ بىلىمگاھىدا ئىلىم شەربىتى ئىچكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

ئەزھەر مەسچىتى مىلادىيە 969-يىلى بىنا قىلىنىشقا باشلىنىپ، 972-يىلى6-ئاينىڭ22-كۈنى شۇ ۋاقىتتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن فاتىمىلەر تەرىپىدىن رەسمىي تاماملانغان. ئەزھەر مەسچىتى دەسلەپتە ھەم ئەمەل-ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەم دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر تەھسىل قىلىنىدىغان ئىسلام ئالىي دارىلفۇنۇنى، ھەم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۆلىمالار يىغىلىدىغان ۋە باشقا ئەللەرگە ئۆلىمالار ۋە دەۋەتچىلەر ئەۋەتىلىدىغان ئالىي ئىلىم مەركىزى ئىدى. كېيىنچە ئەزھەر

(1) ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بىردەك قوللىنىلىۋاتقان (1،2،3،4،5) دېگەن سانلار ئەسلىدە ئەرەبچە سانلار بولۇپ، ھازىر كۆپىنچە ئەرەب دۆلەتلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان سانلار ھىندىي سانلىرىدۇر.

ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلىنىپ، دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر ئۆتىلىدىغان ئىسلام بىلىم مەركىزىگە ئايلانغان. مىلادىيە 1005-يىلى ئەزھەردە دارۇلھىكمەت قۇرۇلۇپ يالغۇز بىر تۈرلۈك مەزھەبنىڭ تەلىملىرىنى ئۆگىتىش ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلگەن، فىقھى مەزھەبلىرىدىن مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ كىتابلىرىمۇ ئايرىم ئوقۇتۇلىدىغان ھالغا كەلگەن. يەنە شۇ يىلىسى پەلسەپە، تىبابەتچىلىك ۋە ھېسابقا ئوخشاش پەننىي ۋە ئەقلىي بىلىملەرمۇ ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغان.

19-ئەسىرنىڭ بېشىدا، مىسىردا ئىلمىي ئىسلاھات باشلىنىپ، ھازىرقى زامان ئىلىملىرى ئەزھەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ. مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم مۇھەممەد ئابدۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1895-يىلى "ئەزھەر يېتەكچىلىك ھەيئىتى" قۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئەزھەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، خەتتاتلىق قاتارلىق يېڭى دەرسلىكلەر كىرگۈزۈلىدۇ .شۇنىڭدىن كېيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىناكارلىق، سانائەت، مېدىتسىنا، دورىگەرلىك يېزا ئىگىلىك، سودا، چەتئەل تىللىرى ۋە ئاخبارات فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلوملىرى باكلاۋر، ماگىستىر ۋە دوكتور دەرىجىلىرىگە ئايرىلىدۇ.

ھازىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى 100 مەشھۇر ئالىي مەكتەبنىڭ ئىچىدە 45-ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىي مەكتەبلەرنىڭ تەرەققىياتىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەبلىرىدە يولغا قويۇلىۋاتقان ئاسسىستېنت (ياردەمچى ئوقۇتقۇچى)لىق تۈزۈمى13-ئەسىردىلا ئەزھەردە كەڭ قوللىنىلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئۇنىڭدا 26ئالىي تەتقىقات ئورگىنى بار. ھازىر مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 43ئوغۇل تالىپلار ئىنىستىتوتى، 18قىزلار ئىنىستىتوتى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر جەمئىي 61ئىنىستىتوت تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىنىستىتوتلار مىسىرنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا جايلاشقان. ئەزھەر نىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدرەسە ۋەئىنىستىتوتلىرىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ سانى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. "مىسىر دۆلىتى 2005-يىللىق يىلنامىسى"دىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەزھەر قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2004-2005-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەزھەردە تەلىم ئالغان تالىپلار سانى 205-مىليون 9900دىن ئاشقان. 2004-2005-يىلى ئوقۇۋاتقان تالىپلار سانى 101مىڭ200گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 75 دۆلەتتىن كەلگەن چەتئەللىك تالىپلارنىڭ سانى 12مىڭدىن ئاشقان. ئەزھەر سىستېمىسىدىكى مەكتەب ۋە مەدرەسەلەرنىڭ سانى 7100گە يەتكەن.

### نىزامىيە مەدرەسەسى

نىزامىيە مەدرەسەسى 1063-يىلى باغداد شەھىرىنىڭ يېنىدىكى تىگرىس دەرياسى بويىغا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىي بىلىمگاھى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، غەربلىك نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ مەدرەسەدە ئوقۇپ ئالىم بولۇپ چىققان.

نىزامىيە مەدرەسەسى تۈرك سالجۇقلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالىپ ئارىسلاننىڭ پەرمانى بىلەن باش ۋەزىر نىزامۇل مۇلك دېگەن كىشىنىڭ مەسئۇللىقىدا تەسىس قىلىنغان. شۇڭا بۇ مەدرەسە ئۇنىڭ نامى بىلەن«نىزامىيە مەدرەسەسى» دەپ ئاتالغان. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئىراقتىكى بەسرە، مۇسۇل شەھەرلىرىدىن ھالقىپ، نىشاپۇر، بەلەخ، ھىرات، ئىسپاھان قاتارلىق جايلاردا بۇ مەدرەسەنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلغان.

«نىزامىيە مەدرەسەسى» دە، دىنىي دەرسلەردىن: قۇرئان ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، ئىلمى كالام، فىقھى ئىلمى، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىملەر ئوقۇتۇلغان بولۇپ، ئەبۇل ھەسەن ئەشئەرىينىڭ ئەقىدە ئىلمى بىلەن ئىمام شافىئىينىڭ فىقھى ئىلمى سالماقلىقنى ئىگىلەيتتى. مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن: ئەرەب تىلى، ئەرەب گراماتىكىسى، ئىستىلىستىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە ۋە تىبابەت قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. فاتىمىيلەر مىسىردا ئەزھەر بىلىمگاھىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭدا شىئە ئەقىدىسىنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن نىزامىيە مەدرەسەسىدە ئەھلى سۈننىي ئەقىدىسى ئوقۇتۇلاتتى. 14-ئەسىردە مەشھۇر سۇيياھ ئىبنى بەتتۇتە باغداتنى زىيارەت قىلغاندا، نىزامىيە مەدرەسەسى مەۋجۇت ئىكەن. غەرب دۇنياسىدا مەكتەب دېگەن نەرسە بارلىققا كەلمىگەن شۇ زامانلاردا، نىزامىيە مەدرەسەسى سالجۇقلار ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىغا زور تۈركۈم دىنىي ئۆلىما، قازى، ئالىم، تېۋىپ ۋە مەمۇر ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش جەھەتتە چوڭ رول ئوينىغان ئىكەن.

### مەدرەسە مۇستەنسىرىيە

مەدرەسە مۇستەنسىرىيە ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەبۇ جەپەر ئەل مەنسۇر مۇستەنسىر بىللاھ (ئاللاھتىن ياردەم سورىغۇچى) نىڭ بىۋاستە پەرمانى بىلەن باغداتتىكى دىجلە دەرياسىنىڭ يېنىغا بىنا قىلىنغان ئەڭ قەدىمى بىلىمگاھتۇر. مەزكۇر مەدرەسە 1227-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ 1233-يىلى 4-ئايدا رەسمىي دەرس باشلىغان. مەدرەسەنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا 700مىڭ دىنار سەرپ قىلىنغان.

مەدرەسە مۇستەنسىرىيەدە قۇرئان ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، فىقھى، تىبابەت ئىلمى ۋە ئىلمى ھېساب قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىشكە زور ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ

مەدرەسـەنىڭ ئالاھىـدىكى شـۇكى، ئۇنىڭـدا مەشـھۇر تـۆت مەزھەبنىـڭ كىتـابلىرى دەرسلىك قىلىنغان. 1063-يىلى قۇرۇلغان نىزامىيە مەدرەسەسىمۇ 300 يىللىق ئىلغار ترجربىلىرى بىلەن 1335-يىلى مەدرەسە مۇستەنسىيىيەگە قوشۇۋېتىلگەن، شـۇنداق قىلىـپ بـۇ مەدرەسـە كۈنـدىن-كـۈنگە روناق تېپىـپ ئىسـلام دۇنياسـىدا ئەڭ داڭلىـق مەدرەسە بولۇپ قالغان.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باغدادقا تاجاۋۇز قىلىشى (1258-يىلى) سەۋەبى بىلەن بىـر يىلـدەك ئوقۇتۇشـنى توختىتىـپ قويغـان. كېيىن تېمۇرلەڭنىـڭ باغـدادقا ئىككـى قېـتىم تاجـاۋۇز قىلىشـى (1392-يىلـى بـىلەن 1400-يىلـى) بـىلەن مۇستەنسـىرىيە مەدرەسەسى باشقا مەدرەسـەلەر بىـلەن بىـرلىكتە تاقىلىـپ قالغـان. بـۇ سـەۋەبتىن بىـر مۇنچىلىغـان ئۆلىمـالار، مۇدەررىسـلەر مىسىـر. شـام قاتـارلىق ئىسلام ئەللىـرىگە كېتىـپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدرەسەدىكى ئوقۇ ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت توختاپ قېلىـپ، 1589- مىلادىـيە يىلىغـا كەلگەنـدە قايتىـدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مىلادىيە1638-يىلغا كەلگەندە رەسمىي تاقىلىپ قالغان.

### مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى دارۇلھەدىس بىلىمگاھى

مەكـكە مـۇكەررەمە شـەھىرىدىكى دارۇلھەدىـس بىلىمگـاھى 1933-يىلـى سـەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرۇلغـان بولـۇپ، بـۇ بىلىمگـاھ ھەر قايسـى ئىسـلامىي بىلىمـلەردە ئـالىملارنى يېتىشـتۈرۈپ دۇنيانىـڭ ھەرقايىسـى جايلىرىغـا ئەۋەتىشـنى مەقسـەت ۋە غـايە قىلغـان. ھـازىر دارۇلھەدىـس بىلىمگاھىـدا 40تىـن كـۆپرەك مەملىكەتنىـڭ بـالىلىرى ئوقۇيـدۇ، ئومـۇمىي ئوقۇغـۇچى سـانى 2008-يىلـى 3000غـا يەتـكەن. ھەقسـىز بىلـىم بېرىـدىغان بـۇ بىلىمگاھتـا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ قوپىشى، دەرسلىك كىتابلىرى بۇ بىلىمگاھ تەرىپىـدىن تەمىـن ئېتىلىــدۇ. ئۆيلــۈك-ئوچــاقلىق ئوقۇغۇچىلارغــا ھەر ئايــدا 130دوللــار، بويتــاق ئوقۇغۇچىلارغا 70دوللار مىقدارىدا ئوقۇش پۇلى بېرىلىدۇ.

### دارۇلھەدىس بىلىمگاھىنىڭ دىرسلىكلىرى

دارۇلھەدىــس بىلىمگاھىنىــڭ دەرسـلىكلىرى ئاساسـەن ئىسـلامىي بىلىمـلەرگە مەركەزلەشـكەن بولـۇپ، پەننـى بىلىملەرمـۇ بـار. مەسـىلەن: قۇرئـان كەرىمنـى تولـۇپ يادلاش، تەپسىر ۋە قۇرئـاننى تـوغرا قىـرائەت قىلىـش بىلىملـىرى، ھەدىـس ۋە ھەدىـس ئىلىملىرى، ئەقىدە ئىلىملىرى، شـەرىئەت ۋە قانۇنشۇناسـلىق بىلىملـىرى، ئەرەب تىلـى بىلىملىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىسلام تـارىخى، دۇنيـادىكى

دىنلار ۋە مەزھەپلەر ھەققىدە بىلىملەر، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن تاشقىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەننىي دەرسلىكلەر ئوقۇتىلىدۇ.

## دارۇلھەدىس بىلىمگاھىنىڭ سىنىپلىرى

دارۇلھەدىس بىلىمگاھى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىنستىتوت ۋە فاكۇلتېتلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ 6يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3يىللىق، ئىنستىتوت 3يىللىق، فاكۇلتېت 4يىللىق بولۇپ، دارۇلھەدىسنىڭ دىپلومى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەرقايسى خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ دىپلوملىرى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئوخشاش دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.دارۇلھەدىس بىلىمگاھىدا ھازىر 10غا يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ.

## ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى 1967-يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 1926-يىلى مەككىدە قۇرۇلغان «ئىلمىي ئىنستىتوت»، 1936-«دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىنستىتوتى» ۋە 1958-يىلى تائىف شەھىرىدە قۇرۇلغان«دارۇ تەۋھىد» قاتارلىق بىلىمگاھلارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرستېتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ فاكۇلتېتلىرى

ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى شەرىئەت، ئىسلام تەتقىقاتى، ئەرەب تىلى، دەۋەت، تىبابەت، قاتارلىق فاكۇلتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سىرتىدا، ئېژىنېرلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، بىناكارلىق، دورىگەرلىك قاتارلىق جەمى 22 فاكۇلتېتنى ئۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2300مۇئەللىم ئىشلەيدۇ. ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدە فاكۇلتېتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇنىۋېرستېت ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتى ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم ۋەتىنىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ھەقسىز بىلەت بېرىش، ئۇقۇغۇچىلارغا ئايدا 240دوللار ياردەم پۇلى بېرىش، دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز بېرىش، ئۇقۇغۇچىلارنى يېتىپ قوپىدىغان جايلىرىنى تەمىن ئېتىش قاتارلىق تەرەپلەردە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باشقا ئۇنىۋېرستېتلىرىگە ئوخشايدۇ.

ھازىر ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرستېتىدە 10دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىلىم تەھسىل قىلماقتا.

## مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سەنۇسى ئۇنىۋېرستېتى

بۇ ئۇنىۋېرستېت 1841-يىلى لىبىيە جۇمھۇرىيىتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، لىبىيىدە تەسىس قىلىنغان ئىككىنچى ئۇنىۋېرستېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئۇنىۋېرستېت ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن تاشقىرى ئىنسانىي ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىتىدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە نامى ئۆمەر مۇختار ئۇنىۋېرستېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. لىبىيە ۋە چەتئەللەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بۇ ئۇنىۋېرستېتتا بىلىم تەھسىل قىلىدۇ.

## مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى«ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى» 1961-يىلى 9-ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ ئۇنىۋېرستېتنىڭ تەركىبىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەبلەرمۇ بار.

## ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ سىنىپلىرى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3يىللىق، ئىنىستىتوت 3يىللىق، فاكۇلتېت 4يىللىق بولۇپ، ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دىپلومى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى خەلقئارالىق ئۇنىۋېرستېتلىرىنىڭ دىپلوملىرى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئوخشاش دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرستېتلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ساندىن ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، ھازىر بۇ ئۇنىۋېرستېتتا 50دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىدە شەرىئەت، دەۋەت، قۇرئان ئىلمى، ھەدىس، ئەرەب تىلى قاتارلىق فاكۇلتېتلار بار. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە«ئەرەب ئەمەس مىللەتلەرگە ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىش ئىنىستىتوتى»بولۇپ، 1966-يىلى قۇرۇلغان.

## ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەمىنلىشى

بۇ ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىپ قوپىشى، دەرسلىك كىتابلىرى ئۇنىۋېرستېت تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. فاكۇلتېتتا ئوقۇۋاتقانلارغا ھەر ئايدا 226 دوللار، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقانلارغا100دوللار، تولۇقسىزدىكىلەرگە80دوللار ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئەمما ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقانلارغا240دوللار بېرىلىدۇ.

فاكۇلتېتتا ۋە ماگېستىرلىق، دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقانلارغا يىلدا بىر قېتىم 226دوللار كىتاپ پۇلى بېرىلىدۇ. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ئۆي تەمىن ئېتىلىدۇ. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم 300دوللار ئەتراپىدا مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ھەر يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ۋەتىنىگە بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەقسىز ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىدۇ.

## مالايشىيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى

مالايشىيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى مالايشىيا پايتەختى كولالامپۇر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى گومباك شەھىرىدە بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1983-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، مالدىۋ قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىسلامىي بىلىملەردىن باشقا، ئىجتىمائىي، تىببىي ۋە تېخنىكا بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىدۇ.

مالايشىيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ھەر جەھەتتىن ئىلغارلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئىسلام دۆلەتلىرىدىن تاشقىرى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاۋۇستىرالىيىلەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. ئانا ۋەتىنىمىزدىن كېلىپ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمۇ يۈزلەرچە بار.

## ئىسلام ئاباد خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتى

ئىسلام ئاباد خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنى پاكىستان پايتەختى ئىسلام ئاباد شەھىرىدە بولۇپ، 1980-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، مالايشىيا، مالدىۋ قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەسىس قىلىنغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىسلامىي ئىلىملەردىن باشقا ھەر ساھە ئىلىم پەنلىرىمۇ ئوقۇتىلىدۇ، 60 تىن كۆپرەك مەملىكەتتىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ئانا ۋەتەندىن چىقىپ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ كەلمەكتە.

## ئىمان ئۇنىۋېرسىتېتى

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئابدۇلمەجىد زەندانىي تەرىپىدىن 1993-يىلى يەمەن پايتەختى سانئا شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت2004-يىلىدى بىرى ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئەل قائىدە تەشكىلاتىغا ياردەم قىلىدۇ، دېگەن تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ كەلمەكتە.

## ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سۇئۇد ئۇنىۋېرستېتى

بۇ ئۇنىۋېرستېت 1974-يىلى سەئۇدى ئەرەبستانى پايتەختى رىياد شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دۇنيادىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرستېتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبستانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شۆبىلىرى بار. ئامېرىكا، ياپونىيە، ھىندونىزىيە ۋە جىبۇتى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىنىستىتوتلىرى بار. بۇ ئۇنىۋېرستېت دىنىي ئىلىملەردىن باشقا ئىنسانىيەتكە كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ئىلىم-پەن تۈرلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئەڭ كۆپ فاكۇلتىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرستېت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس. ھازىرمۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئامېرىكا ئوچۇق ئىلىم ئۆگىتىش ئۇنىۋېرستېتى

ئامېرىكا ئوچۇق ئىلىم ئۆگىتىش ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئورنى ئامېرىكا پايتەختى نيۇيورك شەھىرىدە بولۇپ، 1995-يىلى تەسىس قىلىنىپ، 1996-يىلى رەسمى دەرس باشلىغان. بۇ ئۇنىۋېرستېت ئىسلامى ئىلىملەر ۋە ئىسلام تەربىيىسى ئۆگىتىش مەقستى بىلەن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئىختىساسلىق كىشلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان.

## ئۇيغۇر دىيارىدىكى بەزى مەشھۇر ئىلىم يۇرتلىرى

### خانلىق مەدرەسە

قەشقەر «خانلىق مەدرەسە» 1639 ــ يىلىدىن 1652 ــ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى سۇلتانى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن 1641 ــ يىلى بىنا قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان مەدرەسەدۇر.

ئەينى ۋاقىتلاردا خانلىق مەدرەسەلەر ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى ھەمدە خانلىقلار ئوردا قۇرغان مەركىزىي شەھەرلەردە بولۇشى شەرت قىلىناتتى. بولۇپمۇ خوتەن، ياركەنت، قەشقەرگە ئوخشاش چوڭ مەركىزىي شەھەرلەردە بۇنداق بىلىم يۇرتلىرىنى بىنا قىلدۇرۇش شەرت قىلىنغاچ ھەم كۆپىنچە خانلىقلار ۋە خانلىقلاردا ئىشلەيدىغان مەشھۇر ئەربابلار، مۇشاۋىرلار، ئالىملارنىڭ تەشەببۇس ــ ئىشتىراكلىرى بىلەن قۇرۇلىدىغان بولغاچ، مەدرەسەلەرنىڭ نامىمۇ شۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم ــ شەرىپى ياكى مۇشۇ مەركىزىي شەھەر نامى بىلەن ئاتىلاتتى. قەشقەردىكى «خانلىق مەدرەسە»مۇ خانلىق ئوردا تۇرۇشلۇق شەھەردە قۇرۇلغاچقا، مەدرەسەنىڭ مالىيىسى، مەبلىغى ۋە تۈرلۈك خىراجەتلىرى چەكلىك ھالدا پادىشاھلىق خەزىنىدىن چىقىم قىلىنىپ، كەم قىسمى ۋەخپە، ئەۋقاپنىڭ تەمىنات بېرىشى بىلەن تولۇقلىناتتى. شۇڭلاشقا، بۇ مەدرەسەنىڭ ئىقتىسادى مەدرەسە كۈللىيكتىپى بەلگىلىگەن «مۇتەۋەللى»لەر ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى.

«خانلىق مەدرەسە» پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلى بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار كېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەشمىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند، قوقان، پەرغانە، نەمەنگان قاتارلىق جايلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇغان.

«خانلىق مەدرەسە»نىڭ ئەسلى جايى قەشقەرنىڭ قازىسى ۋە مۇشۇ «خانلىق مەدرەسە» گە مۇدەررىس بولغان موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇننىڭ بوۋىسى ئەۋلادى ۋەخپە قىلغان ئورۇن بولۇپ، سۇلتان ئابدۇللاخان ئۆزى تۇرۇشلۇق ئوردىنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئورۇنغا خانلىق مەدرەسەنى سالغان. 1679 ــ يىلى سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلىشىپ، قەشقەر «ئاپئاق خوجا» باشچىلىقىدىكى جۇڭغار فېئودال خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى بىلىم يۇرتلىرى «جەدىتلەرنىڭ

ئوردىسى، بىدئەتچىلەرنىڭ ماكانى» دەپ قارىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرى تۇرمىگە تاشلانغان. خوتەن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزى شەھەرلەردىكى خانلىق مەدرەسەلەرنىڭ تۇرلۇك خىراجەتلىرى توختىتىلىپ، مەدرەسەدە ئوقۇيدىغان تالىپلار تارقىتىۋېتىلگەن.

قەشقەر«خانلىق مەدرەسە»نىڭ دەسلەپكى ياسالغان قۇرۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جەمئىي تۆت قېتىم رېمونت قىلىنغان. بىرىنچى قېتىم مىلادى 1805 ــ 1806 ــ يىللىرى (ھىجرىيە 1220 ــ يىلى) قەشقەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئابدۇۋارىس بەگ؛ ئىككىنچى قېتىم مىلادى 1844 ــ يىلى (ھىجرىيە 1260) قەشقەرلىق مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم؛ ئۇچىنچى قېتىم مىلادى 1905 ــ 1906 ــ يىلى (ھىجرىيە 1323 ــ يىلى) قەشقەرلىق چوڭ باي مۇسابايوپ؛ تۆتىنچى قېتىم مىلادى 1936 ــ 1937 ــ يىللىرى (ھىجرىيە 1355 ــ يىلى) مەھمۇد مۇھەممىدى قاتارلىق كىشىلەر رېمونت قىلدۇرغان.

**قەشقەر «ساچىيە» مەدرەسەسى**

10ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاقتىدا قەشقەردە مەشھۇر (مەدرەسەئى ساچىيە»(ساچ ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، سېچىش، يېيىش، ئىلىم ــ پەننى كېڭەيتىش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە) قۇرۇلغان بولۇپ، داڭلىق ئەدىب جامالىددىن قەشقەرى قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن ئېچىلغان. 1057ــ يىلى ئاتۇشتا بۇ مەكتەپنىڭ شۆبە دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغان.

«ساچىيە» مەدرەسەسى شۇ دەۋردىكى ئومۇملاشقان ئىلمىي ۋە تىببىي مەكتەپ بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا قۇرۇلغان ھەم ھازىر دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى (1200 ــ يىلى فرانسىيىدە قۇرۇلغان) ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى (1200 ــ يىلى ئەنگلىيىدە قۇرۇلغان) قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىنمۇ ئۇچ ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى نۇرغۇنلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشى ئۇچۇن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلغان.

بۇ مەكتەپتە شۇ ۋاقىتلاردا ھۆسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى، سەيىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۇزۇكى، ئىمامىدىن قەشقەرى، ھۆسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقەرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان نوپۇزلۇق ئەربابلار ھېساب، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئىسلام ئەقىدىسى، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ئىلمىي مەنتىق، تارىخ، ئىلمىي روھ، ئۇرۇش تاكتىكىسى قاتارلىق

ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەردىن دەرس بەرگەن. بۇ مەكتەپتە يەنە كۇتۇپخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىتابلار تېما قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەۋزەل شارائىت هازىرلاپ بېرىلگەن. «سۇراھ» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جامال قارشى ئۆز كىتابىدا جەۋھەرنىڭ «سۇھاھ» ناملىق تۆت توملۇق كىتابىنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئېلىپ پايدىلانغانلىقىنى يازغان.

ساچىيە مەدرەسەسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاراخانىيلار زىيالىيلىرىنىڭ ۋە ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش قىينچىلىقىغا خاتىمە بەرگەن. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار يول ئازابى ۋە مۇساپىرچىلىق دەردىدىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى مۇشۇ مەكتەپتە قاندۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار، تارىخشۇناسلار، شائىرلار، سىياسىي ئەربابلار ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئىستېداتلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. بۇ ئىلىم يۇرتىنىڭ جاھانغا تونۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن نۇرغۇن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. قەشقەر ئۆزىنىڭ بۇ ئىلىم ئوچىقى بىلەن پۈتكۈل شەرق دۇنياسىغا تونۇلۇپ «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

### قەشقەر ساقىيە مەدرەسەسى

قەشقەر ساقىيە مەدرەسەسى (ئىلىمگە تەشنا بولغۇچىلارنى سۇغارغۇچى بىلىمگاھ دېگەن مەنىدە بولۇپ) مىلادىيە1630-يىلى خەير-ساخاۋەتچى ئايال بەھرىگۈل بانۇنىڭ شەخسىي مەبلەغ سېلىشى بىلەن بىنا قىلىنغان. 1911-يىلىغا كەلگەندە، كاتتا باي باھاۋۇددىن باينىڭ باشچىلىقىدا مەدرەسەنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازا تېمى، مەسجىدى يېڭىلانغاندىن تاشقىرى، پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھۇجرىلار ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان.

ساقىيە مەدرەسەسى ئەڭ ئاتاقلىق مەدرەسە «خانلىق مەدرەسە» دىن قالسىلا بىر قەدەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەدرەسە بولۇپ، ئورنى «خانلىق مەدرەسە»نىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرەسەدە خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، ئىلتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا ساقىيە مەدرەسىگە تەۋە37يۈرۈش قۇرۇلۇش بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 56 ئېغىز ھۇجرا، 9 ئېغىز دەرسخانا، بىر مەسجىد بولغانىنىڭ سىرتىدا، 500مو تېرىلغۇ يېرى، 6 ئورۇندا ساراي، 16 ئېغىز دۇكان، 10 ئېگىز ئۆي، چوڭ بىر باغ قاتارلىق ۋەقپە مۈلكى بار ئىدى.

بۇ مەدرەسە ئاللىبۇرۇن بۇزۇپ تاسلانغان بولۇپ، 1991-يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەب تەسىس قىلىنغان.

**لۈكچۈن مەدرەسەسى**

تۇرپان دىيارىدا ئىسلام دىنى 14-ئەسىردە تولۇق يىلتىز تارتىپ بولغان. تۇرپان رايونىدىكى لۈكچۈن دېگەن جايدا تۇنجى ئىسلام بىلىم يۇرتى 1568-يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا«لۈكچۈن جاھانىنامە مەدرەسەسى» دەپ نام بەرگەن. بۇ مەدرەسەنى لۈكچۈن خانلىق ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئەللامە ئەلى ئاخۇنۇم دېگەن كىشى قول سېلىپ بىنا قىلدۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرەسەدە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن تالىب ئىلىملەر ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىكەن. بۇ مەدرەسە ئاللىبۇرۇن بۇزۇپ تاشلانغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئىزى قالمىغان.

**دامكۇ پۈناق مەدرەسەسى**

پۈناق مەدرەسەسى 1938-يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ رايونىدىكى پۈناق دېگەن جايدا قاسىم ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن كاتتا ئۆلىما مەرھۇم ئابدۇراھمان قارىئاخۇنۇمنىڭ قان-تەر ئاققۇزۇپ تىنىمسىز ئىشلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلغارلىقى، ئوقۇتىلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى موللىقى ۋە چوڭقۇرلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئابدۇراھمان قارىئاخۇنۇم ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىغا كۆچ ئېتىپ كېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدە يەرلىشىپ قالغان. 1935-يىلىدىن باشلاپ دامكۇ پۈناق مەدرەسىگە ئۇل سېلىپ ئاخىرى ئۇنى پۈتتۈرۈپ چىققان ۋە شۇ مەدرەسەدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرەسەدە كۈنلۈك ئوقۇيدىغان ئوغۇل-قىزلارنىڭ سانى 400دىن ئاشاتتى. قارىيلىق ۋە ئالىملىق ئۈچۈن يېتىپ ئوقۇيدىغان تالىبلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولغان.

پۈناق مەدرەسەسى قىزلار قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتۇلغان تۇنجى مەدرەسە ھېسابلىنىدۇ. مۇندىن باشقا بۇ مەدرەسەنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ئالاھىدە يۇقىرى، تۈزۈمى چىڭ، شارائىتى تولۇقلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. بۇ مەدرەسە 1958-يىلىغىچە داۋام قىلالىغان.

پۈناق مەدرەسەسىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3000دىن كۆپرەك تالىپ ئوقۇش

پۈتتۈرۈپ چىققان. بۇ مەدرەسەدە ئوقۇپ چىققانلار ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ئالاھىدە ھۆرمەت قازانغان زاتلاردىن بولغان. مەسىلەن: گۇلاخمالىق ئاتاقلىق تېۋىپ ۋە تېڭىقچى غازى قارىھاجىم، كېرىيىلىك ئۆلىما جاپپار قارىھاجىم، ئالاھىدە تونۇلغان مەشھۇر تېۋىپ مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان قارىھاجىم (پېقىرنىڭ ئۇستازى)، رۇزى قارىھاجىم، شائىر مۇھەممەد قاسىم زۇھۇرى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۇناق مەدرەسەسىنىڭ تالىبلىرى ئىدى.

## كېرىيە دۆڭ مەدرەسە

دۆڭ مەدرەسە ياقۇب بەدەۋلەت زامانىدا، ئۆزبېكىستانلىق مىرمۇھەممەد ھاجىمنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن كېرىيىنىڭ بازار ئىچى ھېيتگاھ مەھەللىسىدە قۇرۇلغان بولۇپ، كۆلىمىنىڭ چوڭلىقى، قۇرۇلۇشىنىڭ ھەشەمەتلىكى، ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى، ئوقۇتۇش تۈرىنىڭ كۆپ ھەم يېڭىلىقى بىلەن كېرىيىنىڭ مەدرەسە مائارىپىدا يۇقىرى پەللە يارىتىپلا قالماستىن، پەننى مائارىپقىمۇ يۇختا ئاساس سالغان. دۆڭ مەدرەسەدە ئۆز ۋاقتىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، دائىملىق تالىب 100دىن كەم بولمىغان. دۆڭ مەدرەسەدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 8000دىن كۆپرەك تالىب ئوقۇپ چىققان. بىر ئۆمۈر ئاۋامنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ، ئەرزان، ئاددى رېتسىپلار بىلەن كېسەل داۋالىغان ۋە ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەم يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىپ، ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ئالىم ئەھمەد ھاجىم، «تۈركى تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تۈزۈشكە قاتناشقان مەشھۇر تەتقىقاتچى، تىلشۇناس ئالىم ئوسمان ھاجىم قۇدۇق قاتارلىقلاردىن باشقا كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئالىملار، ئىمام -خەتىبلەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق پىشقەدەم كادىرلار، ئىشچى خىزمەتچىلەر ھەممىسى دۆڭ مەدرەسەدە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققانلاردۇر.

دۆڭ مەدرەسە 1958-يىلى تاقىۋېتىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. 1980-يىلى دۆڭ مەدرەسە مەسجىدىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، جامائەت ساقلىنىپ قالغان كونا تاملىقتا بادرا، شاخ-سۇمبا يېيىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىغان. 1986-يىلى 300كۋادرات مېتىر يەرگە پىششىق خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ مەسجىد قايتىدىن بىنا قىلىنغان. ھازىر بۇ مەسجىد ئۆتمۈشلەردە ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقى بولغان دۆڭ مەدرەسەنىڭ مەسجىدى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## هىجرىيە يىلنامىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

1889. سوئال: ھىجرىيە يىلنامىسى دېگەن قانداق يىلنامە؟
جاۋاب: ھىجرىيە يىلنامىسى ئەرەبلەرنىڭ يىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە يىلنامىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، ھىجرەت (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچ قىلغان) يىلىنى باش يىل قىلغان ئىسلام يىلنامىسىدۇر. ھىجرىيە يىلنامىسى ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

1890. سوئال: ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ قانداق يىلنامىلىرى بار ئىدى؟
جاۋاب: ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەرەبلەرنىڭ ئىككى خىل يىلنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان، ۋاقىتنى قۇياشنىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان شەمسىيە يىلنامىسى، يەنە بىرى، دىنىي پائالىيەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشتا قوللىنىدىغان، ۋاقىتنى ئاينىڭ ھەرىكىتى بويىچە ھېسابلايدىغان قەمەرىيە يىلنامىسى بار ئىدى.

1891. سوئال: ئىسلام يىلنامىسىنى قوللىنىش پىكرى قاچان مەيدانغا چىققان؟
جاۋاب: ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام نۇرى پارلاشقا باشلاپ، ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەن ھەمدە ئىسلام دۆلىتى چەت دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دۇنيادا ئەڭ زور نوپۇزغا ئىگە بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس رامىزان، ھەج ۋە باشقىمۇ ئىبادەتلەرنىڭ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلايدىغان، ۋەقەلىكلەرنى خاتىرىلەيدىغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان مەخسۇس ئىسلامىي يىلنامىسى بولۇشى لازىملىقى ھېس قىلىنغان ۋە بۇ پىكىر رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### هىجرىيە يىلنامىسىنىڭ تاللىنىشى

1892. سوئال: ھىجرىيە يىلنامىسى قانداق تاللانغان؟
جاۋاب: ئىسلام يىلنامىسىدا قايسى ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىش مەسىلىسىدە تۈرلۈك لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 571- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا،

بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان 610- يىلنى يىل بېشى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 622- يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

1893. سوئال: نېمە ئۈچۈن ھىجرەت يىلى ئىسلام يىلنامىسى بولۇشقا تاللانغان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىق ۋەقەسى ئىسلام دىنى تارىخىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان يىلنى ئىسلام يىلنامىسىنىڭ باش يىلى قىلىش ۋە بۇ يىلنامىنىڭ نامىنى "ھىجرىيە" دەپ ئاتاش پۈتۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن بەلگىلەنگەن.

1894. سوئال: ھىجرىيە يىلنامىسى قاچاندىن بىرى قوللىنىلىشقا ئۆتكەن؟

جاۋاب: ھىجرىيە يىلنامىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا قوللىنىلغان ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئەرەب قەبىلىلەر ئارىسىدا دەۋەت قىلىنىپ 30 يىلدەك ۋاقىتقىچە يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يىلنامىسى قوللىنىلىپ كېلىنگەن ئىدى. 639- يىلدىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلار دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىدا ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن.

## ھىجرىيە يىلنامىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىشى

1895. سوئال: ھىجرىيە يىلنامىسى ئۇيغۇر ئېلىگە قاچان كىرگەن؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ئېلىدە ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىشقا ئۆتۈش تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلىرىغا بېرىپ يېتىدۇ. 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىسلاملاشتۇرۇپ ۋە كېيىنچە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھىجرىيە يىلنامىسى پۈتۈن سىستېمىسى بويىچە ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى يىلنامىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ھەم دىنغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلار، شۇنداقلا تۇرمۇش ساھەلىرىدىمۇ بۇ ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلىدىغان بولغان. ئۇيغۇرلاردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار ــ تارىخچىلار، تىلشۇناسلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تېۋىپلار، نەغمە ــ سەنئەتچىلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە

ۋاقتنى ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە بايان قىلىدىغان بولغان. پەقەت يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا، مىلادىيە يىلنامىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىپ، ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، دىنىي ساھەلەردە، بولۇپمۇ رامىزان ۋە ھېيت ـ ئايەملەرنىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشتا، يەنىلا ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلماقتا.

ھازىر ئىسلام ئەللىرى، بولۇپمۇ ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ساھەلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلەردە، ھەتتا ئادەتتىكى تۇرمۇشتىمۇ ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللانماقتا.

ھىجرىيە يىلىنى مىلادىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) مىلادىيىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان ھىجرىيە يىلىنى 33 كە بۆلۈمىز.

(2) مىلادىيىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان ھىجرىيە يىلىغا 622نى قوشىمىز.

(3) 622 نى قوشقاندا چىققان ساندىن 33 كە بۆلگەندە چىققان سانني ئېلىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە يىلى چىقىدۇ.

مەسىلەن: ھىجرىيە 1429 ÷ 33= 43

2051 =622 +1429

2008 =43 ـ2051

مىلادىيە يىلىنى ھىجرىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) مىلادىيە يىلىدىن 622 نى ئالىمىز.

(2) ئالغاندا چىققان سانني 33 كە بۆلۈمىز.

(3) يۇقىرىقى ئىككىسىنىڭ نەتىجىسىنى بىر ـ بىرىگە قوشىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ھىجرىيە يىلى چىقىدۇ.

مەسىلەن: مىلادىيە 2008 ـ 622ـ = 1386

42 = 33÷1386

1428 =42 + 1386

بۆلۈنگەندە چىققان نەتىجە 42 يېرىمدىن كۆپرەك بولسا، ئۇنى 43 دەپ سانايمىز، ئەگەر 41 يېرىمدىن ئازراق بولسا، ئۇنى 41 سانايمىز.

قەمەرىيە ئايلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| مۇھەررەم | 1ـئاي |
| سەفەر | 2ـئاي |
| رەبىئەل ئەۋۋەل | 3ـئاي |
| رەبىئۇل ئاخىر | 4ـئاي |
| جامادىيەل ئەۋۋەل | 5ـئاي |

| | |
|---|---|
| جامادىيەل ئاخىر | 6-ئاي |
| رەجەب | 7-ئاي |
| شەبان | 8-ئاي |
| رامىزان | 9-ئاي |
| شەۋۋال | 10-ئاي |
| زۇلقەدە | 11-ئاي |
| زۇلھەججە | 12-ئاي |

ئون بىرىنچى بۆلۈم

# ئاتېئىزىم ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقى

## ئاتېئىزم ۋە ئۇنىڭ سەپسەتىسى

1896. سوئال: ئاتېئىزم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاتېئىزم ـ ئىنگلىز تىلىدا Atheism، ئەرەب تىلىدا «الإلحـاد» دەپ ئاتىلىدىغان، "يوق" لۇق پىكرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان، پۈتۈن دىنلارنى، شۇنداقلا ئاخىرەت ئالەمنى ئىنكار قىلىدىغان پەلسەپىۋى ئېقىمدۇر. ئاتېئىزمچىلار دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ يوقلىقىنى دەۋا قىلغۇچىلاردۇر.

### ئاتېئىزم پەلسەپىسى قەدىمدە بولمىغان بىر ئېقىم

1897. سوئال: ئاتېئىزم پەلسەپىسى قاچان ۋە نەدە مەيدانغا چىققان؟

جاۋاب: ئاتېئىزم ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ھازىرقى مەنىسى بىلەن قەدىمدە مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. «ئاتېئىزم» سۆزى پەقەت ھەق دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەگەشمىگەنلەر ياكى كۆپ ئىلاھلىق باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىنكار قىلىدىغان ئاز ساندىكى شەخسلەر ئۈچۈنلا قوللىنىلغان ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ جاسىيە سۈرىسىدىكى: قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار:" ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز)، پەقەت زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن يوق بولىمىز"دەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەنلا سۆزلەيدۇ [1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئاللاھنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەسلىكى ۋە پەقەت گۇمان، خىيال ۋە خاتا تەسەۋۋۇرغىلا تايىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. دەرۋەقە، ئاتېئىزمچىلارنىڭ ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەن بۇ پۇچەك پەلسەپىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. ياۋروپانىڭ فىزىكا، بىيولوگىيە ۋە باشقا تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك تەرەققىي قىلمىغان، قاراڭغۇلۇق ئەسىرلىرىدە خېلى بازار تېپىپ قالغان بۇ سەپسەتە ئېقىمى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلىغان ئىلىم ـ پەن ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمىدى ۋە ھامان سەھنىدىن چۈشكەن ئىدى. زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە

---

(1) جاسىيە سۈرىسى24ـ ئايەت

تەرەققىي قىلغان ياۋروپا ئەللىرى ئىلىم ــ پەننىڭ ئاللاھقا باشلايدىغان يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا قايتىدىن ئىمانغا كېلىپ ئۆزلىرىنى ئۇگۇشۇۋالغان ۋە ئاتېئىزمچىلارنىڭ بۇ پۇچەك پەلسەپىسىنى ئاللىبۇرۇن چۆرۈپ تاشلىغان مۇشۇ ئەسىردە، ئاتېئىزىم پەلسەپىسى ۋە ئېقىمى ئىلىم ــ پەندىن نېسىۋە ئالالمىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ بەزىسىدە خەلقنى ھەقىقەتلەردىن قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۈچۈنلا قوللىنىلماقتا.

تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمدە «**الإلحــاد**»سۆزىنىڭ ھازىرقى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى قەدىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىدىغان جەمئىيەت ياكى ئاتېئىزم پەلسەپە ئېقىمى يوق ئىدى. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە كەلگەن «**الإلحاد**» سۆزى ھازىرقى مەنىدىكى ئاللاھنى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن ئەمەس.[1] چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى كۇففار ئەرەبلەر ۋە كۆپ ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى ۋە ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى ۋاسىتىلار ياكى كىچىك ئىلاھلار دەپ ئاتايتتى. ئاللاھ تائالا بۇنى بىلدۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ! [2] دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىكى مۇددىئاسىنى ئوچۇقلاپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى

(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئەئراف سۈرىسى 180- ئايىتى: وذَروا الذين يلْحدونَ في أسْمآئه سيجْزوْنَ ما كَانوا يعْملُون دە، نەھل سۈرىسىنىڭ 103- ئايىتى ولَقَدْ نعْلَم أنهمْ يقُولُونَ إنما يعلمه بشر لسانُ الذي يلْحدونَ إلَيه أعْجمي وهذَا لسانٌ عربِي مـبِين دە، فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 40 ئايىتى إن الذين يلْحدونَ في آياتنا لَـا يخْفَـوْنَ علَينـا دە كەلگەن يلْحـدونَ سۆزى «الإلحاد» سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، بۇ سۆز ھازىرقى مەنىدىكى ئاللاھنى ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلمىگەن. شۇڭا بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىمۇ ئاللاھقا ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولمايدۇ. ئالدىنقى ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمىلىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ». ئىككىنچى ئايەتنىڭ مەنىسى: «كاپىرلارنىڭ" ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ" دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر». ئۈچىنچى ئايەتنىڭ مەنىسى: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ،».

(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 61- ئايەت

قىلىشۋالغانلار:"بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر" دەيدۇ [1]

ھازىرقى مەنىدىكى ئاتېئىزم ئىبقمى ياۋروپادا خرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن، 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەيدانغا چىققان بولۇپ، 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رەسمى راۋاج تاپقان ئىدى. بۇ ۋاقىتلار كارل ماركى، فرىدرىك ۋە چارلز دارۋىنلار ياشىغان ۋاقىتلار ئىدى. ئاتېئىزم پىكرى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ كېيىنچە گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ شوپىنھاۋىر (1788-1860) تەرىپىدىن رەسمىي پەلسەپە تۈسىنى ئالغان، ۋە «دىن - ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان نەرسە. ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن مەجھۇل بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى شەرھىلەش ئۈچۈن دىننى ئىجاد قىلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى رەتكە سېلىش ئىدى» دېگەن نەزەرىيە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. كارل ماركس «دىن ــ ئەپيۇن» دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاتېئىزم پەلسەپىسىگە چاقىرىدىغانلار ھەر خىل سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق خەلقنى دىندىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىشقا تىرىشقان[2].

### ئاتېئىزم نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار

1898. سوئال: ئاتېئىزم پەلسەپىسىنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار كىملەر؟

جاۋاب: ئاتېئىزم پەلسەپىسىنىڭ ھەر ساھەدىكى نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار تۆۋەندىكىلەر:

1. كارل ماركس (1818- 1883) ئىقتىساد ۋە تارىخنى ماتېرىيالىستىك يول بىلەن تەتقىق قىلىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماركس «كاپىتال» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ئۇ 1848 ــ ئەڭ يېقىن دوستى ئىنگىلس بىلەن بىرلىكتە فرانسىيەدە كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئېلان قىلغان.

2. فەرۋىد رېك ئىنگىلس (1820-1895) پەلسەپىۋىي مۇشكىلاتلار ھەققىدىكى ئاتېئىزم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3. چارلىز روبېرت دارۋىن (1809- 1882) تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 3- ئايەت

(2) «دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرى بىرلىكى» نەدۋە تەرىپىدىن ھازىرلانغان «ئەل ئىلھاد» ناملىق ماقالە، «ئەل فەلەق» تور بېكىتى، «ۋىكىپېدىيە ئانسىكلوپېدىيىسى» دىن

4. ئېمىل دۇركايىم (1858-1917) جەمئىيەت ئىلمى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇركايىم ئاللاھقا ئىشەنمەتتى، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئاتېئىزمچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

**دارۋىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى**

1899. سوئال: دارۋىنىزم نەزەرىيىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دارۋىنىزم ئەنگىلىيە بىيولوگىيە ئالىمى چارلىز دارۋىننىڭ 1859-يىلى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن نەزەرىيىدۇر.

بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسچىسى دارۋىن 1809-يىلى 12- فېۋرال كۈنى ئەنگىلىيىنىڭ شىرۇسلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى دوختۇر، بوۋىسى تەبىئەتشۇناس ئىدى. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېئولوگىيە (ئىلاھىيات) فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن دارۋىن شۇ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۆزىنى ناتۇرال (تەبىئەت) ئىلمى ئاسپىرانتى قاتارىدا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ "بېگىر" ناملىق تەكشۈرۈش پاراخوتى بىلەن يەرشارىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ساياھىتى ئېلىپ بېرىشقا نامزات كۆرسىتىشكە ماقول كەلتۈرىدۇ. پاراخوت يەرشارىنى ئايلىنىپ دېڭىزدا بەش يىل ئۈزىدۇ. دارۋىن بۇ جەرياندا، ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلەر، ھەرخىل جانلىقلار، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئېپتىدائىي شەكىلدە ياشايدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەرنى كۆرىدۇ ۋە كۆزىتىدۇ. كۆرگەنلىرىنى ئۆز قارىشى بىلەن بىرگە خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ كېيىن «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نى ئىلمىي تۈستە ئوتتۇرىغا قويۇشتا زور رول ئوينايدۇ. دارۋىن ئەنگلىيىگە قايتقاندىن كېيىن، بىئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىگە ئائىت بىر قانچە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ زور شۆھرەت قازىنىدۇ. 1859-يىلى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىنى،1871-يىلى«ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جىنسنىڭ تاللىنىشى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئىككى كىتاب ئارقىلىق دارۋىن ئۆزىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ۋە «ئادەم مايمۇنسىمان ئادەمدىن كېلىپ چىققان» دېيدىغان قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ[1].

1900. سوئال: دارۋىنىزم ئۆز قاراشلىرىنى قانداق دەلىللەيدۇ؟

جاۋاب: دارۋىنىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك دەلىللەشكە تىرىشىدۇ:

---

(1) Islamawazi.net

(1) بارلىق جانلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبىئى بىر قانچە مىليون يىللار ئىلگىرىكى ئامىيوبا ناملىق بىر دانە تاق ھۈجەيرە بولۇپ، بۇ ھۈجەيرە مۇنداق پەيدا بولغان: يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماق، ئىسسىقلىق قاتارلىق تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىدە، كاربون، ئازوت، ھىدروگېن، ئوكسىگېن قاتارلىق ئېلېمېنتلار ئۆزئارا بىرىكىپ ئامىنو كىسلاتاسىنى تەشكىل قىلغان. يەنىلا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، بىر توپ ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ زەنجىرسىمان بىرىكىشى ئارقىلىق ئاقسىل مولېكۇلى ۋۇجۇدقا كەلگەن. يەنىلا شۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، بىر توپ ئاقسىل مولېكۇللىرى بىرىكىپ ئامىيوبا ناملىق بۇ تاق ھۈجەيرە پەيدا بولغان. بۇ ھۈجەيرە بۆلۈنۈشكە باشلاپ، دەسلەپ قوش ھۈجەيرىلىك جانلىقلارغا، ئاندىن كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلارغا تەرەققىي قىلغان. بۇ ھۈجەيرىنىڭ بىر قىسمى تەرەققىي قىلىپ، ھاشارەتلەر، ھايۋانلار، قۇشلار، ئۆمىلىگۈچىلەر ۋە سۈت ئەمگۈچىلەرنى تەشكىل قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمى تەرەققىي قىلىپ تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى تەشكىل قىلغان. ھايۋانلار بىرى-بىرىدىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ھايۋاناتلار تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسابلىنىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بارلىققا كەلگەن. ئادەممۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مايمۇندىن تەرەققىي قىلغان.

بىراق، ئىنسان بىلەن مايمۇن ئوتتۇرىسىدا ئەقىل، تەپەككۇر قىلىش، سۆزلەش ۋە ھەر تۈرلۈك قابىلىيەت جەھەتتە زور پەرق بولغانلىقتىن، مايمۇننىڭ ئادەمگە تەرەققىي قىلىش ئارىلىقىدا چوقۇم يەنە بىر باسقۇچ بولىشى كېرەك. ئەمما بۇ باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلىدىغان جانلىقلارنىڭ تا ھازىرغىچە تىرىكى ياكى ئۆلۈكى (تاش قاتمىسى) تېپىلغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باسقۇچ"يوقالغان باسقۇچ"دەپ ئاتالماقتا.

(2) بارچە جانلىقلار ئىرسىي جەھەتتە بىر-بىرىگە زەنجىرسىمان چېتىلغان بولۇپ، سوزۇلما خاراكتېرلىك، ئۇزۇن يىللىق تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىدا، بىر-بىرىدىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ھەر بىر تۈر يەنە بىر تۈردىن كېلىپ چىققان.

دارۋىنىزم بۇ نوقتىنى ھازىرغىچە ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلاپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

(3) جانلىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات يۆنىلىشى تۆۋەن دەرىجىلىك تۈردىن يۇقىرى دەرىجىلىك تۈرگە، ئاجىز تۈردىن كۈچلۈك تۈرگە، ئاددى تۈردىن مۇرەككەپ تۈرگە تەرەققىي قىلىشىدا ئىسپاتلىنىدۇ.

ئەمما كائىناتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر كائىنات ۋۇجۇدقا كەلگەندىن باشلاپ تا

ھازىرغىچە ئۆز ئەجىلىگە قاراپ سىلجىۋاتقان تۇرسا، تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى دەۋا قىلغان تۈۋەنلىكتىن يۇقىرىلىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىش قايسى ئۇسۇلدا يۈز بەرگەن؟ قايسى قانۇنىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان؟ كائىناتتا بىرلا ۋاقىتتا بىر-بىرىگە تۈپتىن قارشى ئىككى قانۇنىيەتنىڭ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ بىرى كائىنات كونسايىن ئىلغارلىق، تاكامۇللۇققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ دېسە، يەنە بىرى كائىنات كونسايىن ئۆز ئەجىلىگە قاراپ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە دەيدۇ. كائىناتتا مۇنداق ئانتاگونىزملىق قانۇنىيەتلەرنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرىگە كۆرە، كائىناتتىكى ھەر قانداق بىر ئىش-ھەرىكەت، ھەر قانداق بىر ئۆزگىرىش كونترول قىلىنماستىن قويۇپ بېرىلگەندە، زاماننىڭ ئۆتۈشى ئۇنى ـ ھەتتا نەچچە يۈز مىليون يىللار ئۆتسىمۇ- كونسايىن ئىلغارلىققا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى كونسېرى چىرىتىش ۋە يىمىرىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئاددىسى، سېمونت، تۆمۈر، خىش، قۇم قاتارلىق ماددىلارنىڭ ئېنژېنېرسىز ۋە ئىشچىلارسىز ھالدا زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىكىدىن كۆركەم بىر بىناغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دارۋىنىزم مۇخلىسلىرىنىڭ «شەيئىلەرنىڭ ئىنتىزامسىزلىقتىن ئىنتىزاملىققا، تۈۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، شۇنداق تاسادىپى بولۇپ قالغان» دەپ دەۋا قىلىشى تېخىمۇ كۈلكىلىك سەپسەتىدۇر. ماتېماتىكىنىڭ «ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى»مۇ بۇ تاسادىپىيلىق قارىشىنى يىمىرىپ تاشلاشقا يېتەرلىك. ئالايلۇق، مۇرەككەپلىكى نورمال بولغان، تەركىبىدە پەقەت تۆت يۈز ئامىنو كىسلاتاسى بولغان بىر دانە ئاقسىل مولېكۇلىنىڭ تاسادىپىيلىق ئارقىلىق بىرىكىپ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئۆمرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ۋاقىت كېرەك. شۇنداقلا، كائىناتتىكى بارلىق كاربون، ئازوت، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، گۈڭگۈرت قاتارلىق ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ئېلېمېنتلار بىلەن ئالەمنى تولدۇرۇپ، بۇلارنى ئىزچىل تۈردە ئارىلاشتۇرساقمۇ، يۇقىرىقى ئېلېمېنتلار بىلەن تولغان بۇ ئالەمنىڭ ھەجمى بىردانە ئاقسىل مولېكۇلىنىڭ تاسادىپىيلىق بىلەن بىرىكىپ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن يەتمەيدۇ.

### تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە فىزىكا ئىلمى

نۆۋەتتىكى فىزىكا قانۇنىيەتلىرىگە كۆرە، تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى خاتا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەرشارىدا، ھەتتا كائىناتنىڭ ھېچقايسى بىر بۆلىكىدە يۈز

بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھادىسىدۇر. چۈنكى فىزىكا قانۇنىيەتلىرى بۇ كائىناتتىكى بارچە ئىش-ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەرنىڭ يۈنىلىشى ـ دارۋىنىزمچىلار ئېيتقاندەك-تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دەرىجىلىككە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن تېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىككە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. دېمەك، بارچە كائىنات ئىسسىقلىق ئەجىلىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۆلارنىڭ دېگەنلىرى فىزىكا قانۇنىيەتلىرىگە، خۇسۇسەن تېرمودىنامىكا قانۇنلىرىغا تۈپتىن زىت كېلىدۇ. تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرى تەجرىبىلەر بىلەن توغرىلىقى ئىسپاتلانغان ۋە ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنگەن قانۇنىيەتتۇر.

### تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرى

1901. سوئال: تېرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەرمودىنامىكا قانۇنىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى قانۇنىيەت «ئالەم ئېنېرگىيىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئۆزگەرمەي ساقلىنىدۇ» يەنى ئېنېرگىيە يوقالمايدۇ. يوقتىن پەيدا بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر خىل شەكىلدىن باشقا خىل شەكىلگىلا ئايلىنىدۇ ياكى بىر جىسىمدىن يەنە بىر جىسىمغا يۆتكىلىدۇ. ئەمما ئايلىنىش ۋە يۆتكىلىش جەريانىدا ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىككىنچى قانۇنىيەت «ئالەمنىڭ ئېنتروپىيىسى ئىنتايىن چوڭلۇققا قاراپ يۈزلىنىدۇ» يەنى ئالەمدىكى بارلىق ھەرىكەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەردە ئېنېرگىيىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان شەكىلدىن پايدىلىنىشقا بولمايدىغان شەكىلگە ئايلىنىشى مۇقەررەر.

ئالايلۇق، قۇياشتىن چىققان ئېنېرگىيىنىڭ پەقەتلا بىر قىسمىدىن پايدىلىنىمىز، قالغانلىرى پايدىلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان شەكىلگە ئايلىنىپ كائىناتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

مانا بۇ ئىككى قانۇنىيەت ئارقىلىق فىزىكا ئالىملىرى تۆۋەندىكى يەكۈنگە ئېرىشكەن:

ھامان بىر كۈنى پۈتۈن ئالەم تېرمال تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە يېتىپ، بارلىق ئۆزگىرىشلەر توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەمنىڭ ئەجىلى توشىدۇ. چۈنكى ئىسسىقلىق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق جىسىمدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق جىسىمغا يۆتكىلىدۇ. بۇ خىل يۆتكىلىش كائىناتتىكى بارلىق جىسىملارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەڭپۇڭلاشقىچە

ئىزچىل تۈردە داۋام قىلىدۇ. تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە يەتكەندىن كېيىن بارلىق ئېنېرگىيىنىڭ يۆتكىلىشى توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كائىناتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر توختاپ فىزىكا ئالىملىرى«ئىسسىقلىق ئەجىلى» دەپ ئاتىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

1902. سوئال: تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى نېمە ئۈچۈن تەۋرەنمەس ئىلمىي ھەقىقەت سۈپىتىدە تارقالغان؟

جاۋاب: ئومۇمىيۈزلۈك ياۋروپا خەلقى ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىئان دىنى دىن ئادەملىرى (پوپلار) تەرىپىدىن بورمىلىنىپ، مۇقەددەس كىتابلاردىكى (تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى) ئىلاھىي تېكىستلەرگە ئارىستوتىل قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىيىلىرى ئىلاھىي تېكىست سۈپىتىدە كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا پوپلار ئوتتۇرىغا قويغان شەخسىي قاراشلارمۇ ئىلاھىي تېكىست تۈسىنى ئالغان ئىدى.

ياۋروپادا گۈللىنىش دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى كائىنات ۋە جانلىقلارنىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلىماتلارنىڭ ئىلىم-پەن ئالىملىرى كەشىپ قىلغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن زىت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم-پەن ئالىملىرى بىلەن چېركاۋلار ئوتتۇرىسىدا تارىختىكى مەشھۇر توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ توقۇنۇش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرى چېركاۋ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ھەتتا بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بىراق، ئاخىرقى غەلىبە ئىلىم-پەن ئالىملىرىغا مەنسۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپادا «دىن ئىلىم-پەنگە قارشى» دەيدىغان ئۇقۇم ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەندى. شۇنداقلا، ئىلىم-پەن ئالىملىرىمۇ چېركاۋلار بىلەن بولغان توقۇنۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا زەربە بېرىدىغان ھەر قانداق بىر قاراشنى -ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىنلا- قوبۇل قىلىپ، ئۇنى چېركاۋلارغا زەربە بېرىشتە ئۆزلىرى ئۈچۈن قورال قىلىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللەندى.

ئىلىم-پەن ئالىملىرى (يەنى پاۋروپا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى) چېركاۋلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، فرانسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى بىلەن سانائەت ئىنقىلابىمۇ غەلىبىگە ئېرىشكەن، كىشىلەر ئارىسىدا«دىن- ئىلىم-پەن بىلەن زىتلىشىدۇ» دېگەن قاراش كۆككە كۆتۈرۈلگەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، دارۋىن تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چېركاۋنىڭ«ئىنسان ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن تۆرەلگەن» دېگەن تەلىماتىغا قاتتىق زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەزەرىيە ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ خرىستىئان چېركاۋلىرىغا زەربە بېرىشتە زور كۈچكە ئىگە قورالىغا

ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن ئىلىم-پەن ئالىملىرى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى خۇددى تەۋرەنمەس ئىلمىي ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر تەنقىدنى -گەرچە ئىلمىي تەنقىد بولسىمۇ- دىنىي غەرەز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دەپ قاراپ قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. مانا شۇنىڭدىن بىرى بۇ نەزەرىيە ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا بەزىلىرى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە، ئەينى ۋاقىتلاردا، قېزىۋېلىنغان ئىسكىلىتلارغا ئوخشىغان بەزى پاكىتلارنى ساختىلاشتۇرۇشتىنمۇ ئەيمەنمىگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقى بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى «سىېر ئارتېر» ئېيتقاندەك، بۇ نەزەرىيىنى رەت قىلىش دېگەنلىك ئىلىم-پەن ئالىملىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان خىرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇش دېگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم-پەن ئالىملىرى بۇزۇلغان خىرىستىئان دىنىنىڭ ھاكىمۇتلەق چېركاۋلىرىغا باش ئېگىشتىن كۆرە داۋىن نەزەرىيىسىنى -گەرچە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ- قوبۇل قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن ئىدى.

بىراق ئىلىم-پەن ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان چېركاۋلار ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مانا ئەمدى، چېركاۋلار بىلەن بولغان توقۇنۇشتا ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلغان داۋىن نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ نوقۇل نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى، خۇسۇسەن فىزىكا ۋە بىئولوگىيە ئىلىملىرىدا زور ئىلگىرىلەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي ئاساسقا تايانمىغان قۇرۇق سەپسەتە ئىكەنلىكىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئاشكارىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا.

«ئىلمىي مۆجىزە ژۇرنىلى»نىڭ 5-سانىدا، تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە،

1999-يىلى 11-ئاۋغۇست كۈنى، ئامېرىكىنىڭ كانساس ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى دەرسلىك پروگراممىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش قارارىنى ئېلان قىلغان. ئارقىدىنلا (Tennesee) ۋە (Louisiana) ۋىلايەتلىرىدىكى مائارىپ ئىدارىلىرىمۇ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى

دەرسلىكلەردىن چىقىرىپ تاشلىغاننىڭ سىرتىدا، بۇ نەزەرىيىگە تەشەببۇس قىلىدىغان ھەر قانداق ئوقۇتقۇچىنى ئىشتىن چىقىرىشى قارارىنى ئېلان قىلغان. شۇنداقلا، (Washingtonj) ۋە (Ohaio) ۋىلايەتلىرىدىكى مائارىپ ئىدارىلىرىمۇ(people & Pandas) ناملىق كىتابنى دەرسلىك پروگراممىسىغا كىرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ كىتاب ھەر بىر بېتىدە تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن ۋە دارۋىنىزم ئىدىيىسىنى تۈپىدىن يىمىرىپ تاشلايدىغان كىتاب ئىدى.

ستۇگولد1999-يىلى 23-ئاۋغۇست كۈنى"تايم" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «مايمۇندىن تەرەققىي قىلىش» ناملىق ماقالىسىدا، تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ھازىرغىچە قوللاپ كېلىشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ: «بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان تەۋرەنمەس بىر ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىدە ئىدى» دېگەن.

**ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىدىغان تەدرىجى تەرەققىيات**

1903. سوئال: ئىسلام دىنى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىقلاردا تەدرىجى تەرەققىي قىلىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئاسمان جىسىملىرى، يەر قاتلاملىرى، تاغلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا ئورگانىزىملارنىڭ يارىتىلىش جەريانىدا تەدرىجى تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاسمان جىسمىنىڭ دەسلەپتە قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

كاپىرلار كۆرمەمدۇكى، ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەسلىدە بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتۇق [1]

يەنە بىر ئايەتتە ئاسماندىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە قۇياش سىستېمىسىنىڭ نېمىدىن شەكىللەنگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئاللاھ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ۋاھالەنكى، ئۇ ئىس-تۈتەك ھالىتىدە ئىدى [2]

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئىلمىي خەۋەرلىرىنى ئەمدىلا ئىلىم-پەن ئالىملىرى ئىزدىنىش ئارقىلىق تېپىپ چىققان.

قۇرئان كەرىم يەنە يەرشارىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە قانداق باسقۇچلارنى بېسىپ

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 30-ئايەت

(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 11-ئايەت

ئـــۆتكەنلىكى توغرىســـدا مۇنـــداق دەيـــدۇ: زېمىنىـــڭ (يەر شـــارىنىڭ) قانـــداق يېيىلغانلىقىغا قاراپ باقامدۇ؟ [1] يەنى يەرشارى دەسلەپتە ئۇستۇنكى قىسمى بولغـان يەر پوستىسىــز ئــدى، ئانــدىن ئــۇنى يېــيىش ئــارقىلىق ئۇنىڭغــا يەر پوستىســى شەكىللەندۇرۇلگەن.

يەنە بىــر ئــايەتتە: بىــز يەرشــارىنىڭ يايــدۇق، ئۇنىڭــدا تــاغلارنى تاشــلىدۇق ۋە ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردۇق [2] دەيدۇ.

يەنە بىــر ئــايەتتە: ئــاللاھ زېمىنىــى يايــدى ۋە ئۇنىڭــدا تــاغلارنى، دەريــالارنى ياراتتى [3] دەيـدۇ. يـۇقىرىقى ئـايەتلەر ئۇسـتىدە ياخشـى مـۇلاھىزە قىلىـدىغان بولساق، ئەسلىدە ھازىرقىدەك يېيىتىلغـان يەرشـارىنىڭ يـوقلىقىنى، ئۇنىڭـدا تـاغ، دەريالارنىـڭ يــوقلىقىنى، شــۇنداقلا ئۆســۈملۈكلەرنىڭ بولمىغــانلىقىنى، بۇلارنىــڭ ھەممىســى - نــۆۋەتتىكى ئىلىــم-پەن ئىســپاتلىغاندەك ــ يەر شــارىنىڭ يېيىتىلىشــىغا ئەگىشــىپ، ۋۇلقانلار بىلەن يەر شارى چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىش ئـارقىلىق تەدرىجى ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئــادەملەردىكى ئۆزگىرىشــلەر توغرۇلــۇق ھەدىســتە مۇنــداق كەلــگەن: «ئــادەم ئەلەيھىســسالامنىڭ بــوي ئىگىزلىكــى ئــاتمىش گەز ئــدى»[4]. يەنە بىــر ھەدىســتە: «جەننەتكە كىرىدىغان ھەر قانداق كىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە كىرىـدۇ، ئۇنىــڭ بــويى ئــاتمىش گەز ئــدى، ئانــدىن كىشــلەر تــا بۈگۈنگىچىلــك كىچىكــلەپ كەلگەن.»[5]

دېمەك ئادەملەرنىڭ جىسمى ئەسلىدە بـوي جەھەتـتە ناھـايىتى ئىگىـز، توغرىلىـق جەھەتتىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغـان. تەدرىجى كىچىكلىشىـش ئـارقىلىق نۆۋەتتىكىـدەك كىچىك جىسىملىق ئادەمگە ئايلانغـان. بـۇ ساسىكىس ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقـاتچىلىرى تېپىــپ چىققــان بىــر ئادەمنىــڭ ئىزىنىــڭ تاشــقا ئايلانغــان قالــدۇقىغا ئاساسـلىنىپ چىقارغان يەكۈندۇر.

دارۋىنىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسلام ئالىملىرىـدىن بىـر قانچىسـى دارۋىنىدىن بۇرۇنلا بۇ تەدرىجى تەرەققىيات توغرۇلۇق سۆز ئاچقـان. مەسـلەن: ئەھـمەد

(1) غاشىيە سۈرىسى 20- ئايەت
(2) قاف سۈرىسى7-ئايەت
(3) رەئد سۈرىسى3- ئايە
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئىبنى سەھل ئەلبەلخى [1] «باشلىنىش ۋە تارىخ»ناملىق ئەسىرىدە، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد مىسكەۋەيھ [2] «ئەخلاقنى تۈزىتىش ۋە ئىرقنى پاكلاش»ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى خەلدۇن [3] "مۇقەددىمە"ناملىق ئەسىرىدە جانلىقلاردا تەدرىجى تەرەققىي قىلىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى توغرۇلۇق سۆز ئاچقان. شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئىسلام ئالىملىرىدىن ئەققاد، فەرىد، ۋۇجدى، باشەمىل، سەييىد قۇتۇب ۋە مۇھەممەد قۇتۇب قاتارلىقلارمۇ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەسلىدە ئەقلىغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، بىراق بۇ نەزەرىيە يامان غەرەزلىك يەھۇدىيلار تەرىپىدىن دىنغا، خۇسۇسەن خىرىستىئان دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئىلمىي يۆنىلىشىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى ماھىيىتى بۇرمىلانغان، دېگەن قاراشنى تەكىتلىگەن.

1904. سوئال: ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلىدىغان تەدرىجى تەرەققىيات قايسى؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىپ قوللايدىغان تەدرىجى تەرەققىيات ھەر بىر جانلىقنىڭ ئۆز تۈرى ئىچىدىكى تەرەققىياتىدۇر. ھەتتا ئىسلام دىنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئورگانىزىملاردا ئەسىرلەر بويى ئۆزگىرىش بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، دارۋىنىزمچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەلىلى بولغان "گېنلاردا توساتتىن ئۆزگىرىش" يۈز بېرىشى نەتىجىسىدە بىر تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ نەچچە خىللىرى ۋۇجۇدقا كېلىشىنىمۇ

(1) ئەھمەد ئىبنى سەھل ئەلبەلخي ھىجرىيىنىڭ 235-يىلى (849م) ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلەخ رايونى ئەتراپىدىكى شامىستان دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن ، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، جۇغراپىيە ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدە داڭ چىقارغان ئالىم ھەم ئىسلام مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ئاتمىش پارچىدىن كۆپ كىتاب يازغانلىقى سۆلىنىدۇ. ئەڭ مەشگۇر ئەسىرى «دۇنيادىكى جايلار ۋە رايونلارنىڭ رەسىملىرى» دېگەن كىتابتۇر. بۇ كىتابتا دۇنيانىڭ جۇغراپىيىسىنى سىزىپ چىققان ۋە دۇنيانى يىگىرمە پارچىغا ئايرىپ، ھەر بىرىنى سۈرەتلىك ھالداتەپسىلى چۈشەندۈرگەن. ھىجرىيىنىڭ 322-يىلى (934م) بەلەختە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد مىسكەۋەيھ ھىجرىيىنىڭ 325-يىلى (937م) ئىراننىڭ رەي دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن، ئاتاغلىق شائىر، پەيلاسوپ ۋە مۇئەررىخ ئالىم. ئۇ «ئەخلاقنى تۈزىتىش ۋە ئىرقىي پاكلاش» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، پەلسەپە ئەخلاقى، مۇئامىلە ئەخلاقى ۋە ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش ماۋزۇلىرىدا، مۇسۇلمانلاردىن تۇنجى قېتىم ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۈچىنچى مۇئەللىم دەپ ئاتالغان مەشھۇر ئالىم. ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد مىسكەۋەيھ ھىجرىيىنىڭ 421-يىلى (1030م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

(3) ئىبنى خەلدۇن ھىجرىيىنىڭ732-يىلى (1332م) تۇنىستا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر مۇئەررىخ ۋە ئىلمۇل ئىجتىمانى تەسىس قىلغان، تارىخ، پەلسەپە ماتېماتىكا، لوگىكا قاتارلىق ئىلىملەردە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، نامى دۇنياغا تونۇلغان يېتۈك ئالىم. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى "مۇقەددىمە" ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسىرىدە جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلىگەن. ئىبنى خەلدۇن ھىجرىيىنىڭ808-يىلى (1406م) قاھىرە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

قوبۇل قىلىدۇ. بىراق، ئىسلام دىنى "بارچە جانلىقلارنىڭ تاق ھۆجەيرىلىك ئامىبا نامىلىق بىر خىل ھايۋاندىن ھەر خىل تۈرلەرگە تەرەققىي قىلغان، ئىنسان ئاۋۋال مايمۇنغا، مايمۇندىن نۆۋەتتىكى كۆركەم ئىنسانغا تەرەققىي قىلغان" دېيدىغان ئەپسانىۋى ھېكايىلەرگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ ۋە ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى دارۋىن دەۋرىدە بىلىنمىگەن ئىرسىي ئامىللارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، دارۋىنىزمچىلار ئوتتۇرىغا قويغان "تۈرلەر بىر-بىرىدىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن" دېيدىغان ئەپسانىنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەر بىر تۈرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىرسىي ئامىللىرى بولۇپ، بىر قانچە مىليون يىللار ئۆتسىمۇ بۇ ئىرسىي ئامىللار ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، باشقا بىر تۈرگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يېڭى ئىلىم-پەن ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: مۈشۈكنىڭ ئىرسىي ئامىللىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىتقا تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. چۈنكى مۈشۈكنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۈشۈكلۈك دائىرىسىدە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزاقىقا كېتەلمەيدۇ. مۈشۈكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ تۈرىنىڭ خىلمۇ-خىل بولىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىنكى، ئەمما ئۇنىڭ ئىتقا ياكى باشقا بىر ھايۋانغا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئاددىي ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىرسىيەت ئىلمىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق ئادەم ياخشى چۈشىنىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنى قوللايدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان تەدرىجى تەرەققىيات ھەر تۈرنىڭ ئۆز تۈرى دائىرىسى ئىچىدە بولىدىغان، ئىنساننىڭ ئېگىز بويلۇق، زور غوللۇق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك ئىنساندىن ھازىرقىدەك كىچىك تەنلىك، قىسقا ئۆمۈرلۈك ئىنسانغا ئايلىنىشىدەك، ھەر تۈرنى ئۆز دائىرىسى ئىچىدە نەچچە خىل شەكىللەرگە كۆپەيتىدىغان تەدرىجى تەرەققىياتتۇر.

### ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر

1905. سوئال: ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ دىن نامىدىن خەلقنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئەزگەنلىكى، ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى خۇراپات ۋە سەپسەتىلەرنى دىن نامىدىن قانۇنلاشتۇرۇپ يەرلىك خەلققە زورلاپ تاڭغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قانداقلا بىر ئىلىم ـ پەن ۋە ئىلمىي كەشپىياتلارنى دىن نامىدىن رەت قىلىپ، دىننى ئىلىمگە قارشى قىلىپ

كۆرسـەتكەنلىكى كېلىـدۇ. ئاتېئىزمنىـڭ مەيـدانغا چىقىشـى ۋە تارقىلىشـىدا يەھۇدىيلارنىڭ قولى بارلىقى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت. چۈنكى يەھـۇدىيلار ياۋروپـا خەلقىنىـڭ مۇسـتەبىت خرىسـتىئان چېركاۋلىرىغـا بولغـان ئۆچمەنلىكى ۋە ئۇلارغا قارشى ئىنقىلابلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ياۋروپا قىتئەسىدە ئاتېئىزم پىكرىنى تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان.

1906. سوئال: غەربلىكلەر ئاتېئىزمنىڭ تارقىلىش سەۋەبىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟

جـاۋاب: غەربلىكلەرنىـڭ ئـاتېئىزم ئېقىمىنىـڭ تارقىلىشـىغا ئالاقـىدار ئوتتۇرىغـا قويغان سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) خرىستىئان چېركاۋلىرى ئوتتۇرىغا قويغان دىنىي دەۋالار بىلەن يېڭى كەشىپ قىلىنغـان تەجـرىبە ئىلمىنىـڭ ئوتتۇرىسـىدا ئېغىـر زىـددىيەتلەرنىڭ مەۋجـۇدلىقى. غەربلىكـلەر خرىسـتىئان چېركاۋلىرىنىـڭ دىنىـي دەۋالىرىنىـڭ كۆرسـەتمىلىرىدىن كۆپلىرىنىـڭ تەجـرىبە ئىلىملىـرى ئىسـپاتلاپ چىققـان نەزەرىـيىلەرگە قارشـى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى ھەم ھېس قىلىشماقتا.

(2) ھېسسىي ياكى ئەقلىي پاكىت ئاساسىغا تايانغان تەجرىبە ئىلمىنىڭ پرىنسىپى بىـلەن خرىسـتىئان دىنىنىـڭ پرىنسىپى ئوتتۇرىسـىدىكى زىتلىقلار. چـۈنكى ئىلمـىي پرىنسـىپ لوگىكىلىـق ئۇيغۇنلىشىشـنى شـەرت قىلىـدۇ، دىنىـي پرىنسـىپ دىنىـي ھەقىقەتلەرنى-گەرچە ئېنىـق ئەقىـل لوگىكىسىغا زىـت بولسـىمۇ- قوبـۇل قىلىـۋېرىش ئاساسىدا ئەقلىي زىتلىقلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

(3) غەربىنىــڭ كــۆپلىگەن دىنىــي ئــالىملىرى ۋە دىنىــي زىيــالىيلىرى غەيبىـي(مېتافىزىكـا) مەسـىلىلەردە ئۆزلىرىنىـڭ پاكىتسـىز قاراشـلىرىنى ھەقىـقەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. مەسـىلەن، نيۇتۇننىـڭ دوزاخ توپـوگرافىيە توغرىسـىدىكى قاراشلىرىغا ئوخشاش.

(4) بەزى دىنـدار تەبىئـي پەن ئـالىملىرى مۇتەئەسسـىپلىك قىلىـپ، ئىلمـىي ھەقىقەتلەرنى دىنىي دەۋالارغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ بـوينىنى تولغاشــقا ئورۇنغــان. مەســىلەن، مىتــران (جېيمــز ئەشــر) ئىنجىلنىــڭ بەزى تېكىستلىرىنى تەھلىل قىلىپ، يەرشارى مىلادىيىدىن بۇرۇن 4004 - يىلى يارىتىلغـان دەپ نەتىجە چىقارغـان. بـۇ نەتـىجە مىلادىـيە 1650- يىلـى رەسـمىي نەشـر قىلىنغـان، ئـۇزۇن ئـۆتمەي مـۇقەددەس كىتـاب (ئىنجىـل)نىـڭ «تەكـۋىن» بۆلۈمىنىـڭ ئاسـتىغا بېـرىلگەن ئىزاھاتنىغـا قوشـۇپ قويۇلغـان بولـۇپ، ۋىكتورىيـان(Victorian،-1837 1901)دەۋرىگە قەدەر ئىنجىلدا ئىزاھات سۈپىتىدە تۇرغان.

(5) ئىلىــم-پەن بىــلەن دىــن ئوتتۇرىســىدىكى زىــددىيەت دىنىنىــڭ تارمــاق

مەسىلىلىرىگە يىغىنچاقلىنىپ قالماستىن، بەلكى پرىنسىپال ئاساسلىق مەسىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. دىنشۇناس ئالىملار نەزەرىدىمۇ خرىستىئان دىنى تايىنىۋاتقان كىتاب(ئىنجىل)نىڭ مەسىھ (ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام)نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىلمىي پاكىت يوقلىقى ھەممىگە ئايان. ھەممىيلەن بىلىدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئىنجىلنى باشقىلار يازغان، ئۇلارنىڭ بەزىسى تونۇشلۇق ئادەملەر، يەنە بەزىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس ئادەملەردۇر، ئۇلار ئۇ كىتابنى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن خېلى ئۇزۇن زاماندىن كېيىن يازغان. بۇ كىتابنى يازغانلارنىڭ سۆزلىرىدە زىددىيەتلەر كۆپ.

(6) مۇقەددەس كىتابتىكى زىتلىقلار ئىلاھنىڭ زاتىغا ئالاقىدار قاراشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئىلاھ ياراتقۇچى دەپ سۈپەتلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بالا مەنسۇپ قىلىنغان ۋە "ئىسا ئاللاھنىڭ بالىسى" دەپ قارالغان. ئىلاھ بىر دېيىلىپ تۇرۇپ، ئۇ "ئاللاھ، ئىسا ۋە مۇقەددەس روھ" ئۈچىدىن تەركىب تاپقان دەپ قارالغان[1].

## ئاتېئىزمچىلارنى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن سەۋەبلەر

1907. سوئال: ئاتېئىزمچىلار بۇ غەلىبىگە قانداق ۋاسىتىلەر بىلەن ئېرىشتى؟

جاۋاب: ئاتېئىزمچىلار بۇ غەلىبىگە تۆۋەندىكى ۋاسىتىلەر بىلەن ئېرىشتى:

(1) ئاتېئىزمچىلار ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئاتېئىزم قاراشلىرى بىلەن ئىزاھلاش، ئاندىن بۇ نەزەرىيىلەرنى ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى ئىزاھلاپ بېرىشكە قادىر دەپ تەسۋىرلەش ۋە دىننى پۈراق بار ياكى دىننى قوللايدىغان ھەر قانداق پۇراققا ئىگە نەزەرىيىنى چەتكە قېقىشتا غەلىبە قىلىشتى.

(2) ئاتېئىزم نەزەرىيىلىرىنى نەشىر قىلىش، ئۇنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئاتېئىزم نەزەرىيىلىرى ئىلمىي ھەقىقەتلەر دېگەن ئېتىقادتا تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن- دەرسلىك قىلىشتا ئۇتۇق قازىنىشتى. گەرچە ئۇ نەزەرىيىلەر تولۇق تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن نەزەرىيە ياكى خىيال بولسىمۇ، ئاتېئىزم مەكتەپلىرىدە چىن ھەقىقەت دەپ سىڭدۈرۈلىدۇ، گويا خاتالىقنى قوبۇل قىلمايدىغان نەزەرىيە سۈپىتىدە دەرسلىك قىلىنىدۇ.

(3) ئاتېئىزمچىلارنىڭ بۇ نەزەرىيىلىرىگە جېنى بىلەن مۇتەئەسسىپلىك قىلىشى، ئۇلارنى بۇ نەزەرىيىلەرنى يالغانغا چىقىرىدىغان ياكى ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمىدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويىدى.

---

(1) islamawazi.net

مەسىلەن، ئاتېئىزمچىلار دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ، دارۋىننىڭ نەزەرىيىسىگە ئىشەنگۈچىلەر ھازىر بىئولوگىيە ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر بولۇپ، بۇلار دارۋىن نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلغان ياكى ئۇ نەزەرىيىگە رەددىيە بەرگەن ياكى ئۇ نەزەرىيىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلارنى كۆرسە ئىچى سىقىلىپ، ئۇلارنى نادان ياكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر دەپ تۆھمەت قىلىدۇ.

(4) ئاتېئىزمچىلار ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ كىشىلەرگە دىنىنىڭ سۈرىتىنى سەت كۆرسىتىش، ئۇنى ھەمىشە ئىلىم ـ پەنگە قارشى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆپ كىشىلەرنى قانداقلا بىر دىندىن يىراقلاشتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى[1].

## ئىسلام دۇنياسىدا ئاتېئىزىم پەلسەپىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

1908. سوئال: ئاتېئىزىم ۋە كوممۇنىزم ئېقىمى ئەرەبلەردە قانداق تەسىر قوزغىغان؟

جاۋاب: كارل ماركس بىلەن ئېنگلىس ئىبلان قىلغان كوممۇنىزم خىتابنامىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەخلاق ۋە دىن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ خىياللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى يوشۇرۇنغان». ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدە كوممۇنىزم پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاز بولمىغان. بەزى دۆلەتلەردە، ماركسىزم ئېدىيىسىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قوبۇل قىلىش، ھەتتا تەشۋىق قىلىش ئەۋجىگە چىققان.

مەسىلەن: مىسىردا جامال ئابدۇنناسىرنىڭ[2] ئەرەب مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىزم چاقىرىقى تازا راۋاج تاپقان يىللىرىدا، ئەزەلدىن ئىسلام دىنىنىڭ شەرەپى بىلەن مىللەت قاتارىغا كۆتۈرۈلگەن ئەرەب مۇسۇلمانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ توغرا ئەقىدىسىدىن شەكلىنىش ۋە ئىسلامدىن قىسمەن بۇرۇلۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

مىسىردىكى ناسىرىزمچىلارنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر يازغۇچى

(1) islamawazi.net

(2) جامال ئابدۇنناسىر(1918-يىلى15-يانۋار-1970-يىلى28-سىنتەبىر) مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىككىنچى رەئىسى،1952-يىلى23-ئىيۇلدىكى پادىشاھ پارۇقنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئىنقىلابىنىڭ قوماندىنى،1958-1961-يىللىرى ئارىسىدا مىسىر ۋە سۈرىيەنى بىرلەشتۈرۈپ«بىرلەشكەن ئەرەب جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان. كۆپلىگەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىتىن ئازات بولىشى يولىدا كۈچ سەرپ قىلغان، پەلەستىننى ئازات قىلىش يولىدا ئىسرائىلىيىگە قارشى ئۇرۇش باشلاتقان.ئابدۇنناسىر ئەرەب دۇنياسىنىڭ 20-ئەسىر سىياسەت سەھنىسىدىكى مەشھۇر ئەرباب.

ئەھمەد ھەسەن زىيات 1963-يىلى «ئەزھەر ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا، ئۆزىنىڭ مۇرتەد (ئىماندىن يېنىۋالغان)لىكى ۋە چېكىگە يەتكەن مۇناپىقلىق پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ مۇنداق دەپ يازغان: «مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ئەمەلگە ئاشۇرغان بىرلىك ئومۇمىي پرىنسىپ ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئەمما ئەقىدە ھەر قانچە داۋام قىلسىمۇ، ئاخىرى ئاجىزلىشىدۇ ياكى يوقىلىپ تۈگەيدۇ. سالاھىددىن[1] ئەمەلگە ئاشۇرغان بىرلىك قىسمەن بىرلىك بولۇپ، ھاكىمىيەتنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئىدى. ھاكىمىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بىرلىكمۇ داۋام قىلمايدۇ. چۈنكى ھاكىمىيەت مەڭگۈ داۋام قىلمايدۇ. ئەمما ئابدۇنناسىر چاقىرغان بىرلىك مەڭگۈگە داۋام قىلىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەئىشەتتە سوتسىيالىزم، پىكىردە ئەركىنلىك، ھۆكۈمەتتە دېموكراتىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان بىرلىك بولۇپ، بۇ ئۈچ ئامىل مەڭگۈلۈك بىرلىكنىڭ كاپالىتىدۇر»[2].

ئەمەلىيەتتە ناسىرىزم چاقىرىقى ۋە مىسىردا ۋاقىتلىق دەۋر سۈرگەن سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى مەزكۇر يازغۇچى دەۋا قىلغاندەك مەڭگۈگە داۋام قىلالىدىمۇ؟

ھەرگىزمۇ داۋام قىلالمىدى. ھەتتا چارەك ئەسىرمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. ئابدۇنناسىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتى ۋە ناسىرىزم دەۋاسى بىراقلا ئۆلدى. ئابدۇنناسىر ھاكىمىيىتى بايلارنى يوق قىلىپ، كەمبەغەللەرنى تېخىمۇ كەمبەغەل ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي بىرلىكىنى بۇزۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلالمىدى. ئۆز زامانىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىگە زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى تارقىتىدىغان بايلار بىر نانغا زار بولغان ھالغا كېلىپ قالدى. كېيىن مەرھۇم ئەنۋەر سادات ([3] مىسىردا يېڭى دەۋر

---

(1) سالاھىددىن ئەييۇبىي (1138-1193م) مىسىر ۋە شام (ھازىرقى پەلەستىن، سۈرىيە، ئېئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر)دا «ئەييۇبىيە دۆلىتىنى قۇرغان ئۇلۇغ ئىسلام قوماندىنى. 1187-يىلى2-ئۆكتەبىر كۈنى پەلەستىنگە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ قۇدۇس شەھىرىنى ياۋروپالىق خرىستىئانلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلغان ۋە مەسجىدى ئەقسانى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزگەن.

(2) مىسىرلىق يازغۇچى ئەھمەد ھەسەن زىياتنىڭ ئەزھەر «ژۇرنىلى»1963- يىلى 5-ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنغان«تەۋھىد ئۇممىتى بىرلەشمەكتە» ناملىق ماقالىسىدىن.

(3) مۇھەممەد ئەنۋەر سادات (1918-يىلى25-دېكابىر-1981-يىلى6-ئۆكتەبىر) مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچىنچى رەئىسى، 1970-يىلى ئابدۇنناسىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا مىسىرنىڭ رەئىسلىكىغا سايلانغان. ئابدۇنناسىر زامانىدا بۇزۇلغان ۋەزىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قولدىن بەرگەنلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا كۆچ سەرپ قىلىپ، مىسىردا سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە خاتىمە بەرگەن، 1972-يىلى 17000 نەپەر رۇسىيىلىك مۇتەخەسسىسنى بىر ھەپتە ئىچىدە مىسىردىن قوغلاپ چىقارغان ۋە رۇسىيىدىن ۋاز كېچىپ ئامېرىكا بىلەن

باشلىنىپ ۋەزىيەتنى تۈزەتكەن ۋە مىسىر خەلقى ناسىرىيە ھاكىمىيىتى دەۋرىدە قولدىن بەرگەنلەرنى بىر-بىرلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىش داۋامىدا ئاران بۈگۈنكى ھالغا كېلىۋالدى.

1909. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدا ئاتېئىزىم پەلسەپىسى قاچان باش كۆتۈرگەن؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسىدا ئاتېئىزىم ئېقىمى غەرب مۇستەملىكىسى سەۋەبلىك خېلى بۇرۇنلا تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئۆرۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئاتېئىزم ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسى باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان.

1910. سوئال: ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا باش كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاتېئىزم ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا باش كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۆپلىگەن مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىگە ئۇچرىغانلىقى.

(2) مۇسۇلمانلاردا دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى.

(3) ئىسلام دۇنياسىدا جاھالەتنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى.

(4) مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتە قالاقلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى.

---

دوستلۇق قۇرغان. 1973-يىلى 6-ئۆكتەبىر كۈنى ئەنۋەر سادات رەھبەرلىكىدىكى مىسىر قوشۇنى ئىسرائىلىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىلىيە سۇۋەيس قانىلىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەڭ مۇستەھكەم بارلىق ئىستىھكامنى مۆجىزىلىك ھالدا بۆسۈپ ئۆتۈپ ئىسرائىلىيە پايتەختىگە قاراپ ئىلگىرىلەشتە مىسلىسىز غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ خەرىتىدىن يوقىلىشى ئۈچۈن بىر-ئىككى سائەتلا قالغان بولسىمۇ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قاھىرە شەھىرىنىڭ ئاسمىنىنى ھەربىي ئايروپىلانلىرى بىلەن توشقۇزۇشى ۋە مىسىر قوشۇنلىرى ئىسرائىلىيىدىن چېكىنمىسە، قاھىرەنى بومباردىمان قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىتلەر ياغدۇرۇشى سەۋەبلىك، تۇرماستىن ئىلگىرىلىۋاتقان مىسىر قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. 1976-يىلى مىسىردا «مىللىي دېموتىرات پارتىيىسى»نى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا كۆپلىگەن پارتىيىلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. مەسىلىنى سۈلھى بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان سادات 1977-يىلى 19-نويابىر كۈنى قۇدۇس شەھىرىدە رەسمىي زىيارەتتە بولغان . 1978-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئارىچىلىقى بىلەن مىسىر- ئىسرائىلىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى تۈزگەن. بۇ كېلىشىم مىسىر خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان، ھەتتا ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى بۇ سەۋەبتىن مىسىر بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. مىسىر تۈرمىلىرى ئىسلام ئۆلىمالىرى، چېركاۋ مەسئۇللىرى، مۇتەپەككۇرلار ۋە يازغۇچىلار بىلەن تولغان. مەھبۇسلارنىڭ سانى 1536كىشىگە يەتكەن. شۇ سەۋەبلىك 1981-يىلى 6-ئۆكتەبىر كۈنى ئەنۋەر سادات مىسىردىكى«ئىسلامىي جىھاد تەشكىلاتى»نىڭ مەنسۇبى بولغان خالىد ئەل ئىسلامبولى دېگەن كىشى تەرىپىدىن قاھىرە شەھىرىنىڭ مانېۋىر مەيدانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(5) ھاۋايى ھەۋەسلەرگە بېرىلىش مەيلىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى.

(6) مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىشى.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاتېئىزم پەلسەپىسى ۋە ئاتېئىزمچىلارنىڭ خۇداسىزلىق دەۋاسى ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، بەلكى گۇمان بىلەن خىيالغا تايانغان بولۇپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن سەھنىنى ئىلىم ـ پەنگە بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئېقىمدۇر.

شۇڭا ئاتېئىزم ئېقىمى ۋە پەلسەپىسى دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن چېكىنىپ، پەن ـ مەدەنىيەتتە ۋە پەن-تېخنىكىدا دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قالغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ بەزى ئاز ساندىكى رايونلىرىدا، خەلقنى مەنىۋىياتلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

ئاتېئىزمچىلارغا ئىلىم ـ پەننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە ھەممىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرغان ئىلمىي دەلىللىرى رەددىيە بېرىپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي ۋە ئەقلىي دەلىللەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي دەلىللەر

1911. سوئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى دەلىل ـ ئىسپاتقا موھتاجمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن كۆرسىتىش ھاجەتسىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەر ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. كائىناتتىكى ھەر بىر ئالامەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات تەلەب قىلىش، خۇددى ئوپئوچۇق كۈندۈزدە، ئاسماندا قۇياشنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات تەلەب قىلغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپمۇ، خۇددى ئەما كىشىلەر كۈندۈزدىكى قۇياشنىڭ كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان پارقىراق نۇرىنى كۆرەلمىگىنىدەك، بەزى ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ھەممىشە نامايان بولۇپ تۇرغان، ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەرنى كۆرەلمەيۋاتماقتا. ئىنسانلار ئارىسىدا كۈپىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن بەزىسىنى كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى دەلىل-ئىسپاتقا مۇھتاج ئەمەس

1912. سوئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە دەلىللەر ئۇنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆزىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنى ھەر زامان نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

بۇ مەنىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [1].

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ ئايەت

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن:

وفي كل شيءٍ له آية تدل على أنه واحد

ھەر نەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار ئالامەت،

بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

## ھەممىنى ئاللاھ ياراتقان

1913. سوئال: كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەر قانداق پەيدا بولغان؟

جاۋاب: كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب تاپماقچى بولغان ھەر قانداق كىشى، تۆۋەندىكى تۆت جاۋابتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ:

(1) كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان، يەنى ماددىنىڭ زەررىلىرى (پارچىلىرى) ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغان دېيىش. بۇنداق جاۋاب ئەقىلغا ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، چۈنكى ، تاش، سۇ، ھاۋا، تۇپراق ۋە ئۇلاردىن باشقا ماددىلاردا ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقى ھەممىگە مەلۇم. تارىختىن بېرى، ھېچبىر زامان ئۇلارنىڭ ئەقىل، ئىدراك ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە، شۇنداقلا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھېچقانداق ئەقىل، ئىدراك ياكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان ماددىلارنىڭ كائىناتنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كائىنات ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان دېگەن جاۋاب ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىدۇ.

(2) كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى تەبىئەت ياراتقان دېيىش. ئەگەر بىز، بۇ جاۋابنى بەرگۈچىلەردىن تەبىئەت دېگەن نېمە دەپ سورايدىغان بولساق، ئۇلاردىن بەزىلەر: «تەبىئەت ـ كائىناتنىڭ مەنزىرىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كائىنات يوق ئىكەن تەبىئەتمۇ يوق ئىدى. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ مەنزىرىسى شۇ نەرسە مەۋجۇد بولغاندىلا ئاندىن مەۋجۇد بولالايدۇ. ئۇ نەرسە بولمىسا مەنزىرىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا تەبىئەت بۇرۇن ئۆزى يوق تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى يارىتالىدى؟ ئەگەر بىز تەبىئەتنى كائىناتتىن بۇرۇن بار ئىدى، دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، تەبىئەت ئەقىل ـ ئىدراك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بىر نەرسە تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى،

جۈملىدىن ئەقىللىق ئىنسانلارنى يارىتالىسۇن؟!

ئۇلاردىن بەزىلىرى تەبىئەتنى «كائىناتنىڭ ئۆزى» دەپ، تەرىپلىسە، بەزىلەر ئۇنى «يوشۇرۇن كۈچ» دەپ تەرىپلىمەكتە. بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بولماي نېمە؟ ئۇلار بۇنى «تەبىئەت» دەپ چۈشەنسە، بىز ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى، دەپ چۈشىنىمىز. دېمەك، كائىناتنى تەبىئەت ياراتقان دېيىشنىڭ بۇ جاۋابمۇ، ئالدىنقىسىدىن قىلىشمايدىغان بىمەنە جاۋابتۇر.

(3) كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر تاسادىپىي يارىتىلىپ قالغان، يەنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر، ئەسلىدە ئاتوم زەررىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇلمەي ھەرىكەتتە كېلىش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە كائىنات ۋۇجۇتقا كەلگەن دېيىش.

ئۇنداقتا، قۇياشنىڭ ماددىلىرى ئىسسىق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇياش دۇنياغا ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بېرىدۇ. يەرشارى ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ ماددىلىرىدا ئىسسىقلىق ماددىسى يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تاسادىپىي بولغان ئىشلارنىڭ پىلانسىز ۋە نىزامسىز ھالدا، ئۇزلۇكسىز مەيدانغا كېلىدىغانلىقمۇ ئېنىق بىر مەسىلە. قانداقلارچە، ئىسسىقلىق ماددىلىرى تاسادىپىي ھالدا ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ قۇياشقا ئايلىنىپ قالدى؟ يەرشارىدىن باشقا پلانېتلاردا سۇنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇ جايلاردا جانلىقلارنىڭ ياشىمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولغان يەردە، سۇ قانداق بولۇپ باشقا پلانېتلاردا بولۇپ قالماستىن، تاسادىپىي جانلىقلار ياشايدىغان يەرشارىدىلا بولۇپ قالغان؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار بىر خىل ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل بىر قانۇن سىستېمىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. تاسادىپىي بولغان ئىشلار - بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك - نىزامسىز ۋە پىلانسىز بولىدۇ. بۇ ھالدا، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىكى نىزام ۋە قانۇن سىستېملار نەدىن كەلدى؟ تاسادىپىيلىق ئۆزىدە بولمىغان نىزام ۋە قانۇن سىستېملارنى كائىناتقا قانداقمۇ بېرەلەيدۇ؟ دېمەك، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان دېگەن جاۋاب، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەن سەپسەتىدۇر.

(4) كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ياراتقان دېيىش.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ھېچبىرى ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەنلىكى ۋە ئەقىل، مەنتىقىغا قەتئىي ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك رەت قىلىنىدىغانلىقىدىن مەلۇم بولدىكى، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق - جانسىز بارلىق شەيئىلەر ئىلىم - ھېكمەتلىك ۋە چەكسىز قۇدرەتلىك، كامىل بىر زات تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىنچىكە

نىـزام ۋە پۇختـا پىلانـلار بىـلەن يارىتىلغـانلىقى شـەك قوبـۇل قىلمايـدىغان بىردىنبىـر ھەقىقەتتۇر. ئۇ زات بولسىمۇ، ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ كائىنات ۋە ئۇنىڭـدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئـۇ مۇنـداق دەيدۇ: ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئاللاھتىن بـۆلەك ھـېچ مەبـۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر [(1)].

## ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچى يوق

تـارىختىن بۇيـان، ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچكىم «كائىنـاتنى مەن يـاراتتىم» دەپ دەۋا قىلغىنى يوق. چۈنكى ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچى يوق ــ دە!!

ئالاھتىن باشقا بىرى كائىنات ياكى ئۇنىڭدىكى شـەيئىلەردىن بىرەرسـىنى يـوقتىن بار قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا پۈركەتكەن بـولاتتى. مەسـىلەن: تـوكنى ئىجاد قىلغـان تومـاس ئېدىسـونمۇ ئۆزىنىـڭ توكنى ئىجاد قىلغـانلىقىنى ئـېلان قىلمـاي قالمىغـان. ئەگەر ئـاللاھتىن باشـقا بىرسـى قۇياشنى ياكى ئاينى يـاكى بىـرەر جـانلىقنى ياراتقـان بولسـا ئىـدى، ئـۇ، ئـۆزىنى ئـېلان قىلمـاي قالمـايتتى. چـۈنكى ھەرقانـداق ئىجادكـار ئۆزىنىـڭ ئىجـادىيىتىنى ۋە ئـۆزىنى دۇنياغـا تونۇشتۇرۇشـنى خالايـدۇ. دېـمەك: مەۋجـۇداتلارنى يارىتىشـتا ئـاللاھتىن باشـقا بىـرەر ياراتقۇچىنىـڭ بولمىغـانلىقى شـۇنى ئىسـپاتلايدۇكى، ھەممىنىـڭ ياراتقۇچىسـى يالغۇز ئاللاھتۇر! ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچىنىـڭ يـوقلىقى مۇنـازىرە تەلەپ قىلمايـدىغان كەسكىنلەشكەن بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر!

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يـوق. ئـۇلارنى بىـز پەقەت ھەق يـاراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ [(2)].

«كائىنات ۋە ئۇنىڭـدىكى جـانلىق ـ جانسـىز پۈتـۈن شـەيئىلەرنى ئـاللاھ ياراتقـان» دېگەن جاۋابنى بەرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغـان ۋە ئەقلىنىڭ ساداسىغا ماسلاشقان مۆمىن زاتـلاردۇر. ئـۇلار ھەممىنـى ئـاللاھ ياراتقانلىقىغـا ئىقـرار قىلىـدۇ ۋە ئـاللاھتىن باشـقا ھېچقانـداق بىـر ياراتقۇچىنىـڭ يـوقلىقىنى ياخشـى بىلىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سەمىمىي ئېتىقـاد ۋە پـاك ھېس بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە بايـان قىلغـان مۇنـۇ دىنىنىـڭ

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت

(2) دۇخان سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر

ئىنكاسىدۇر. باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ [1]. بۇ ئايەت، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان ھەق دىن بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھقا ئىشىنىش ئېڭى تۇغۇلغان ۋاقتتىن بىرى باردۇر. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت - پاراغەتلىك چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارىسى تۈگىگەن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار پۈتۈن كامالى ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتىرىۋەتكەن) چاغدا، ئاللاھقا زىيان -زەخمەتنى كوتىرىۋېتىش توغرىلىق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ [2].

فىرانسىيىلىك پەيلاسوپ، شەك مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى دېكارت DESCARTES مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن ئۆز زاتىمدىكى بىرەر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلغىنىمدا، بارلىق يېتەرسىزلىكلەردىن پاك بولغان كامالەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن ۋە مەندىكى بۇ ھېسسىياتنى بارچە ئالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاشۇ كامىل زاتنىڭ قەلبىمگە سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىۋاتىمەن، ئۇ زات بولسا - ئاللاھتۇر!».

ئامېرىكا مائارىپ بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئا.ك. مورىسون A.K.MORISON «ئىنسان ئۆزى يالغۇز تۇرالمايدۇ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن شەيئىلەر ۋە ھەر شەيئىدىكى مۇكەممەل نىزام - سىستېمىلەر ئوچۇق گۇۋاھتۇر. بۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئالغان سائادىتىمۇ ئاللاھنىڭ

(1) رۇم سۈرىسى 30 - ئايەت
(2) زۇمەر سۈرىسى 8 - ئايەت

بىكىتكەن بىر نىزامدۇر».

فىرانسىيىلىك مەشھۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى دۇركىيىم DURKHEIM مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىنى ئويلىماستىن ياشىيالمايدۇ. توغرا، ئىنسانلار ئاللاھنى ئەقلى بىلەن تونۇيالماستىن، باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ بىلىپ چوقۇنغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ دەپ بىلىدۇ».

فىرانسىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ برېكسون BREKSON مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دۇنيادا ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپىسى بولمىغان ئىنسانلار جامائەسى تېپىلىشى مۇمكىن، بىراق بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلمايدۇ».

ئەرنىس رىنان E.R «دىنلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا ئەقىل، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتلەرنى قوللىنىش ئەركىنلىكىمىزمۇ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىنسانلار قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئىنسان تەپەككۇرىنى زېمىن ھاياتىدىكى كىچىككىنە بىر دائىرىگە قىسقارتىپ قويماقچى بولغان ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولغان ھالدا، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ».

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ھەرخىل ئىلىم ـ پەنلەر ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھەقىقەتكە يەتكەن باشقا دىندىكى ئالىملارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىدىندۇر.

**ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان**

ئۆتمۈشلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر دىننىڭ ئاساسلىق دەۋىتى ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى يەككە ـ يېگانە بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى ئاساسلىق نوقتا قىلغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى، دىندارلارنىڭ ھەق يولدىن ئېزىشى، كىشىلەرنىڭ ھەق دىننىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، ئوتنى، دەرەخلەرنى، بۇتلارنى ۋە باشقا ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ئاللاھقا ۋاستە قىلىۋالغانلىقىنى، كېيىنچە، ئۇلارغا رەسمىي تۈردە چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىم بىزگە، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى

قىلىۋالغــانلار "بىزنىــڭ ئۇلارغــا چوقۇنۇشــىمىز پەقەت ئۇلارنىــڭ بىزنــى ئاللاھقــا يېقىنلاشتۇرۇشــى ئۈچۈنــدۇر" دەيــدۇ [1]. ئــۇلار ئاللاھنىــڭ ھەممىنــى يــاراتقۇچى پەرۋەردىگــار ئىكەنلىكىــگە ئىقــرار قىلاتتــى. ئــاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى دەپ سورىساڭ، ئۇلار: "ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى" دەيدۇ [2].

تارىخشۇناسلار يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ دىيانەتسىز ياشىمىغانلىقىنى يەكۈنلىدى. ئاللاھنى قويۇپ ھەر خىل مەبۇدلارغا چوقۇنغانلارمۇ ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلەرنى ياراتقۇچى خالىق دەپ ئاتىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ياراتقۇچى تەڭرىگە ۋاستە بولغۇچى ئىلاھلىرىمىز ياكى شاپائەتچىلىمىز دەپ ئاتايتتى. يېقىنقى زامانلارغىچە، ئاپرىقىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە ئۆتكۈزۈلەردە، كەپىلەردە ياشاپ كەلگەن، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان ئىنتايىن ۋەھشىي قەۋم «ھوتېنتوت» قەبىلىلىرىمۇ، پۈتۈن ئىلاھلارنىڭ بېشىدا، يالغۇز بىر ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاتىلارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتايتتى.

ئىنسان تۇغرا يولدىن ئېزىپ، قانچىلىك چوڭ خۇراپاتلارغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئەقلى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئۇ ئەقلنى مۇشۇ سەۋەبلەر قانۇنىغا ئەگەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا كۈلپەتلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى كارغا كەلمىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى ئاللاھقا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ.

خۇلاسە: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەلىپىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ، ئەقلىنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە كامالىتىدۇر.

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەت
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 9 ـ ئايەت

## ياۋروپالىق پەيلاسوپلارنىڭ ئاتېئىزمچىلارغا بەرگەن رەددىيەلىرى

1914. سوئال: ياۋروپالىق پەيلاسوپلار ئاتېئىزمچىلارغا قانداق رەددىيەلەرنى بەرگەن؟

جاۋاب: ياۋروپالىق پەيلاسوپلاردىن كۆپ كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئاتېئىزم پەلسەپىسگە ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

دىكارت DESCARTES ئۆزىنىڭ شەك مەزھىبىنى پەيدا قىلىپ چىققىنىدىن باشلاپ، ھەر نەرسىگە شەك قىلىدۇ. بۇ شەك ئاخىرى ئۆزىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ھېچ شەك قىلالمايدۇ ۋە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:»ئەگەر مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق شەك قىلىدىغان بولسام، ئۆزۈم يوق تۇرۇپ قانداقمۇ شەك قىلالايمەن؟ مەن ئويلاشقا ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىمدە ھېچ شەك قالمىغان بولدى. ئۇنداقتا، مېنى كىم ياراتتى؟ مېنى بو ماددىي كائىنات ياراتتىمۇ؟ ئەگەر مېنى بۇ ئەقىل ئىدراكقا ئىگە بولمىغان بۇ كائىنات ياراتقان بولسا، مەندىكى ئەقىلنى كىم بەردى؟ كائىنات ئۆزىدە بولمىغان ئەقىلنى ماڭا بېرەلەمدۇ؟! بىر نەرسىگە ئىگە بولمىغان كىشى ئۇ نەرسىنى باشقىسغا قانداق بېرەلىسۇن؟!»

ئامېرىكا مائارىپ بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئا.ك. مورىسون A.K.MORISON «ئىنسان ئۆزى يالغۇز تۇرالمايدۇ» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن شەيئىلەر ۋە ھەر شەيئىدىكى مۇكەممەل نىزام ـ سىستېمىلەر ئوچۇق گۇۋاھتۇر. بۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئالغان سائادىتىمۇ ئاللاھنىڭ بېكىتكەن بىر نىزامىدۇر».

فىرانسىيىلىك مەشھۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى دۇركېيىم DURKHEIM مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىنى ئويلىماستىن ياشاپ ئۆلمەيدۇ. توغرا، ئىنسانلار ئاللاھنى ئەقلى بىلەن تونۇيالماستىن، باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ بىلىپ چوقۇنغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ دەپ بىلىدۇ».

ئەرنىس رىنان E.R «دىنلار تارىخى» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا ئەقىل، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتلەرنى قولىنىش ئەركىنلىكىمىزمۇ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق دىنىي ئېتىقادنىڭ

ئىنسانلار قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئىنسان تەپەككۇرىنى زېمىن ھاياتىدىكى كىچىككىنە بىر دائىرىگە قىسقارتىپ قويماقچى بولغان ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولغان ھالدا، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ».

ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ھېرچېىل HERSCHELL مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىلىم - پەننىڭ مەيدانى كېڭەيگەنسېرى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك دەلىللەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ».

توغرا، ئىلىم - پەن مەيدانىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ئىنسان ئەقلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئەقىل ئىلىمنىڭ قورالىدۇر! ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىلىم - ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان)دىلى كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ [1].

فرانسىس بىكون F.B. مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئازراق پەلسەپە ئوقۇش كىشىنى دىنسىزلىققا مايىل قىلىدۇ. ئەمما پەلسەپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئەقلىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ».

بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دارۋىن ۋە ماركسلار ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، پەقەت تەخمىن خىياللارغىلا ئاساسلانغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدكە يۈز توتقان چۈپەي نەزەرىيىلەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىماقتا. قىسقىسى، زامانىمىزدىكى ئالىملار ئىلىم - پەن نامىدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە قارىغاندا زامانىمىزدا ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلدى ۋە ئۇنىڭ مەيدانى كېڭەيدى، خۇسۇسەن بىئولوگىيە ۋە فىزىكا پەنلىرىدىكى ئىلگىرلەشلەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە كائىناتنىڭ ئىتايىن مۇكەممەل نىزام ۋە مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقەت ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ نەزەرىدە تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە.

---

(1) رەئد سۈرىسى 19- ئايەت

# ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەر

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك ھەر كىمگە ئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىش، تەپەككۇر قىلىش، كۆرۈش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى كىشىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىشتىن مەھرۇم قالماقتا.

بارنىڭ ئىسپاتى يوقنىڭ ئىسپاتىدىن ھەمىشە ئاسان. بىر ئالىمنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى شۇ ئالىمنى كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، يوق نەرسىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان كىشى پۈتكۈل يەر يۈزىنى، ھەتتا كائىناتنى ئايلىنىپ چىقىپ ئاخىرى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە يوق ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. بۇ ئىمكانسىزلىقنىڭ ئۈستىگە، بىر قېتىن ئىش دېمەكتۇر. شۇڭلاشقا يوق نەرسە ھېچقاچان ئىسپاتلىنالمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىككى كىشى مىڭلارچە ئىنكار قىلغۇچىلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنى ئىسپاتلىغۇچى ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن كۈچلۈكتۇر. ئىسپاتلىغانلىق بىلگەنلىك، دەلىلسىز ئىنكار قىلغانلىق بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە چاقىرىپ: ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ، سىلەر ئەقىل ئىشلىتىپ بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمەمسىلەر؟ دېگەنگە ئوخشىغان ئايەتلەرنى قايتا ـ قايتا بايان قىلغان. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ كۆرەيلى.

(1) يارىتىلىش دەلىلى

ئالەم ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزگەرگەن ھەر قانداق نەرسە ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى كېيىن پەيدا بولغان بولىدۇ. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، ماددا ئەزەلدىن بار بولغان بىر نەرسە ئەمەس. ماددىنىڭ تېرمودىنامىكىلىق قانۇنىغا كۆرە ئۇنىڭ ھەمىشە يوقۇلۇشقا يۈز تۇتۇشى، كائىناتنىڭ تۇرماستىن كېڭىيىپ بېرىشى، قۇياشنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆز ماددىلىرىنى تۈگىتىشكە قاراپ يول ئېلىشىغا ئوخشىغان ۋەقەلەر مەۋجۇداتنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇد بولماستىن، بەلكى كېيىن پەيدا بولۇش ئارقىلىق بىر باشلىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەزەلدىن مەۋجۇد بولماي، كېيىن پەيدا بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى باردۇر. سەۋەبسىز نەتىجە، سەنئەتكارسىز سەنئەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولمىغاندەك،

ئەزەلدىن مەۋجۇد بولمىغان ۋە بىر ئاۋۋالقى سەۋەبكە مۇھتاج بولغان مۇشۇ ماددا ئالەمنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ ئاللاھ تائالادۇر.

(2) ئىنتىزام دەلىلى

ھەر قانداق نەرسە ئۆز پارچىلىرى بىلەن بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە پۈتۈنلۈك ئىچىدە بولغىنىدەك، بارلىق كائىناتمۇ ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەۋجۇدىيەت پارچىلىرى بىلەن بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە داۋام قىلماقتا. بۇ دېمەك، كائىناتتا ۋە ھەر قانداق مەۋجۇداتتا بىر مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ئىنچىكە قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن ئۆلمەس بىر دەلىلدۇر. كائىناتتىكى نىزام ۋە ئىنتىزاملىق قانۇنىيەت ئۆزىنى تۈزگۈچى ۋە پىلانلىغۇچى بىر زاتتىن ئوچۇق دالالەت بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر. بۇ نىزام ۋە ئىنتىزام قانۇنىيەتلەرنى ئەگەر ئاللاھ تائالا تۈزمىگەن بولسا، ئەقلىسىز، كور تەبىئەت ياكى كائىنات قانداقمۇ ئۇلارنى تۈزەلىسۇن؟!

(3) سەنئەت دەلىلى

ئاتومدىن ئىنسانغىچە، ھۈجەيرىلەردىن گالاكسىيىگىچە بولغان پۈتكۈل كائىناتتا نازۇك ۋە ئاجايىپ بىر سەنئەت باردۇر. ئۇلار ھەممىشە كۆز ئالدىمىزدا ئۆزلىرىنى نامايان قىلماقتا. بۇ سەنئەتلەر ھەممىسى چوڭ، قىممەتلىك، كۆپ، ھەر خىل ۋە ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان ئاجايىپ بىر سەنئەتلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى شەكىل ۋە مۇكەممەللىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىجاد قىلغان بىر ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىز ئىجادكارنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر!

(4) ھېكمەت دەلىلى

ھەر قانداق بىر مەۋجۇداتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بېرەر مەقسەت، غايە، بېرەر مەنپەئەت ۋە بېرەر نەتىجە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە مەنىسىزلىك ياكى پايدىسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق مەقسەت، غايىلەرنى ۋە نەتىجىلەرنى كۆزدە تۇتۇش ۋە پىلانلاش ئۈچۈن شەيئىلەر ئالەمىدە ياكى ھايۋانات دۇنياسىدا ۋە ياكى ھادىسىلەر ئالەمىدە تۇيغۇ ۋە ئەقىل ئىدراك مەۋجۇد ئەمەستۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كائىناتتىكى بۇ ئادىلانە ھېكمەتلىك ئىشلارنى ۋە مەقسەت، غايىلەرنى پىلانلىغۇچى كىم؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ - ئاللاھ تائالادۇر! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاللاھ تائالاغىلا مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىقلا ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر يول تۇتالايمىز.

(5) شەپقەت دەلىلى

بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئېھتىياجى تۈگىمەيدىغان ئېھتىياجدۇر. بارلىق ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى كۈتۈلمىگەن رەۋىشتە

كىمنىڭ نېمىگە قانچىلىك ئېھتىياجى بولسا، شۇ مىقداردا بېرىلمەكتە. ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياردەم قولىنىڭ يېتىشى ۋە بۇ ياردەملەرنىڭ ئېھتىياجلارنى ئۆلچەپ قويغاندەك ھەل قىلىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بارلىق ئېھتىياجلاردا ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن بىر شەپقەتلىك قولنىڭ جاۋاپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. كائىناتتا داۋام قىلىۋاتقان ۋە مەڭگۈگە شۇنداق داۋام قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ شەپقەت ۋە ئادالەتلىك رىزىقلانىدۇرۇش سىستېمىسى بۇلارنىڭ بارلىق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان قۇدرەتلىك، كامالەتلىك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

(6) ياردەملىشىش دەلىلى

بىر- بىرىگە ئەڭ يېقىن مەخلۇقاتلاردىن تارتىپ ئەڭ يىرىقىغىچە ھەممىسى بىر- بىرىگە ياردەملىشىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر مۇناسىۋەت بولمىغان ئىككى ئايرىم جىنس بۇ ياردەملىشىشتە بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش ھالدا بىر- بىرىنى پۈتۈنلەپ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر- بىرىدىن مەنپەئەتلىنىش، بىر- بىرىگە ياردەملىشىش يولىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەقىل ۋە ھېس- تۇيغۇغا ئىگە بولمىغان بۇمەخلۇقاتلارنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق پائالىيەتلىرى پەردە ئارقىسىدىكى بىر زاتنىڭ ھېكمەتلىك پائالىيەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلماقتا. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر!

(7) ئوخشىماسلىق دەلىلى

دۇنيادىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ نىشانىسى ۋە پەرقى ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە كىچىك تۈرلىرىگىچە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مىلياردلارچە ئىنساننىڭ ھېچبىرىگە قەتئىي ئوخشىمىغاندەك، ئۇز زامانىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ۋە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭمۇ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ بىر- بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر بىر ئىنساننى مۇنداق ئۆزىگە خاس قىلىپ يارىتىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

(8) جان ۋە ۋىجدان دەلىلى

ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، بارلىقىدىن ھېچ شۇبھە قىلمايدىغان جېنىمىز ۋە ۋىجدانىمىزنىڭ تېنىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈشى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. جېنىمىزنى كۆرمەستىن ۋە ماھىيىتىنى بىلمەستىن، ئۇنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىنىمىز ۋە بارلىقىغا ھېچ شۇبھە قىلالمىغىنىمىزدەك، ئاللاھ تائالانى كۆرمىسەكمۇ ئۇنىڭ قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالمىساقمۇ، ئۇنىڭ

بارلىقىغا ئەقىل ئىگىسى بولساق ھېچ شەك كەلتۈرەلمەيمىز. بىزدە ۋىجدان، كۆڭۈل بار دەيمىز. ئەمما ئۇنى كۆرەلمەيمىز. كۆرەلمىگىنىمىز ئۈچۈن ۋىجدان، كۆڭۈل دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇد ئەمەس دېيىش توغرىمۇ؟ ئاللاھ تائالامۇ بىزلەرنىڭ كۆرۈشىمىز ۋە ئىدراك قىلىشىمىزدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى بىزنىڭ كۆزىمىز دۇنيادىكى ئاشكارا ماددىلاردىن بەزى شەيئىلەرنى كۆرەلىسىمۇ، كۆپ قىسمىنى كۆرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا ماددىي كۆزلەر ماددا بولمىغان شەيئىلەرنى كۆرەلمەيدۇ.

(9) خاراكتېر ۋە تارىخ دەلىلى

ھەر قانداق ئىنساندا ياخشىغا ۋە گۈزەلگە قارىتا سۆيگۈ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامانغا ۋە كۆرۈمسىزگە قارىتا نەپرەتلىنىش ھېسسىياتىنىڭ بارلىقى رىياللىقتۇر. بۇ ھېسسىياتلار ئەدەپ ـ ئەخلاق، يۈرۈش- تۇرۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەبىئىي مايىللىقنى ۋە ئەخلاقسىزلىققا، يامان ئىشلارغا نەپرەتلىنىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلغانلىق ئېتىبارى بىلەن شۇنداق بىر ھەقىقەتتىن دالالەت بېرىدۇكى، ئىنسانغا ياخشىلىقنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئەمر قىلغان ۋە ئۇنى يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلغان زات كىم بولسا، بىزگە بۇ ھېسسىياتلارنى بەرگەن زاتمۇ شۇدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا! دىنلار تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەت ھېچبىر دەۋردە دىنسىز ياشىمىغان. خاتا ھەتتا خۇراپات بولسىمۇ، ئۇلار ھەر دەۋردە بىر دىنغا ئىشەنگەن ۋە بىر مەنىۋىي سىستېمىغا ئەگەشكەن. ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش بولسا ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن كەلگەن بىر خىسلەتتۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە بۇ خىسلەتنى ئورۇنلاشتۇرغان زات، بىزنى ئۇزىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان زاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالادۇر!

(10) ھېس- تۇيغۇ دەلىلى

ئىنسانلار مىڭلارچە ھېس- تۇيغۇلار ئىلكىدە ياشايدۇ. ھەر بىر تۇيغۇ ماددا ئالىمىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئالەمدىن ھەر خىل ماھىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنساندا يەنە بىر ھېس- تۇيغۇ باركى، ئۇ ئوپئوچۇق ئاللاھ تائالانى تونۇتىدۇ. بۇ ھېس- تۇيغۇ ھەممە كىشىدە ئورتاق بولغان مەڭگۈ ياشاش ياكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىدۇر. ئىنسان بۇ ھېس- تۇيغۇلار سەۋەبىدىن ھەمىشە ئەبەدىيەت ئۈچۈن تەلپۈنىدۇ، بۇ ھېسلار بىلەن ئۆزىنى خوشال قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈكسىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھېسلاردىن باشقا ھېسلار ئىنساننىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. ئۇلارنى بىزگە بەرگەن زات بىزنى ياراتقان زاتتۇر. ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىمۇ ئەنە شۇ زات بېرىدۇ. ئىنساندىكى مەڭگۈلۈككە ۋە كۆپ ياشاشقا بولغان ئارزۇ- ئارمانلار مەڭگۈلۈك ھايات ئىگىسى بولغان بىر كامالەتلىك زاتنىڭ

بارلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى بۇ ھايات پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتىدۇر!

(11) ئېتتىپاق دەلىلى

ئون يالغانچى ئېتتىپاقلىشىۋېلىپ، بىزگە كېلىپ: «ئۆيىۋىڭگە ئوت كەتتى» دەپ خەۋەر بەرسە، بۇ ئادەملەرنىڭ ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ راست سۆزلىمىگەنلىكىنى ۋە يالغانچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە، «بەلكى راست بولۇشى ئېھتىمال» دەپ ئىشىنىمىز. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تا ھازىرغىچە كەلگەن مىڭلارچە پەيغەمبەر، مىليادلارچە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر ئېتتىپاقلىقتۇر. ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان جايلاردا ياشىغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئېتتىپاقى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالا باردۇر ۋە بىردۇر دېگەن ھەقىقەتكە مەركەزلىشىدۇ. ئون يالغانچىنىڭ بىر يالغان ئۈستىدىكى ئېتتىپاقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن يەردە، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلىمىگەنلىكى ۋە راستچىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان مىڭلارچە پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ئىسىل پەزىلەتلىك ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن مىلياردلارچە مۆمىنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتتىپاقىغا ئىشەنمىگەن ئىنساننى قانداق ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟! ئۇنى قانداقمۇ ئەقىللىق دېيىشكە بولسۇن؟!

(12) قۇرئان كەرىم دەلىلى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالا سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بارلىق دەلىللەر، ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. قۇرئاندىكى مىڭلارچە دەلىللەر بۇ ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلام مەنبەلىرىدە ئەڭ ئىنچىكە تۈرلىرىگىچە تەپسىلىي شەرھ قىلىنغان. بۇ دەلىللەرنىڭ ھەممىسى «ئاللاھ تائالا باردۇر» دەپ جاكارلىماقتا. قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىگە ۋە ئۇنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا پۈتكۈل دۇنيا قايىل بولماقتا. ھېچ شۈبھىسىزكى، دۇنيا تارىخىدا ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەستىن ساقلىنىپ قالغان بىرلا كىتاب قۇرئاندۇر. بۇ كىتاب 14 ئەسىردىن بېرى بارلىق سۈرىلىرى، ئايەتلىرى ۋە ھەرپلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە.

(13) پەيغەمبەرلەر دەلىلى

جىمى پەيغەمبەرلەرنى ۋە خۇسۇسەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلىۋاتقان بارلىق دەلىللەرمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. پەيغەمبەرلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ئورتاق غايىسى«تەۋھىد» (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش)نى ئېلان

قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن بارلىق دەلىللەر ۋە مۆجىزىلەر شۇ قۇۋۋەتنى ۋە شۇ ئۇچۇقلۇقنى بىلەن ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قۇۋۋەتلىك ۋە روشەنلىك بىلەن «ئاللاھ تائالا باردۇر!» دېمەكتە[1].

## ئاللاھنى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ

1915. سوئال: ئۇنداقتا ئاللاھنى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيمىز؟

جاۋاب: ئىنسان كۆزى ماددىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دۇنيادىكى فىزىكا (ماددا) ئالەمنىڭ ئاز قىسمىنىلا كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئۇ، مېتافىزىكا (ماددا سىرتى ئالەمى)نى كۆرۈشكە ھەرگىزمۇ قادىر ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھنى قانداق كۆرگىلى بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ زاتى ماددا بولۇشتىن ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غەيبمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى بىلەن ھەر ئان كۆز ئالدىمىزدا تەجەللى قىلىپ تۇرماقتا. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرىدۇ [2].

Paratoner (چاقماق چاقفاندا كىشىلەرگە زىيان يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى) نىڭ ئىجادكارى Benjamin Franklin ئوقۇغۇچىلىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەكتەپتە دەرس سۆزلىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

مۇئەللىم، ــ دېگىنىچە سۆزگە باشلايدۇ ۋە مۇنداق بىر سوئالنى قويىدۇ، ــ سىز ھەمىشە ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى ھەققىدە سۆزلەيسىز، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

بۇۋاقىتتا Franklin ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپنىڭ باغچىسىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى قۇياشقا تىكىلىپ قاراشقا بۇيرۇيدۇ. ۋاقىت چۈش ۋاقتى بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرى كۆزلەرنى خىرەلەشتۈرىۋاتاتتى. كۆزلىرى خىرەلەشكەن ۋە ياشلانغانلىقتىن قۇياشقا قارىيالمايۋاتقان، بارا ــ بارا كۆزلىرى تورلىشىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرگەن Franklin مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

باللىرىم! بۇ قۇياش ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر. سىلەر بۇ كۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ ياراتقان سەنئىتىنى كۆرەلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيسىلەر؟

---

(1) مۇھەممەد فەتھۇللا گۈلەننىڭ «inancin golgesinde» ناملىق ئەسەرىدىن - تۈركچە

(2) ئەنئام سۈرىسى 103 - ئايەت.

ياراتقۇچى يارىتىلغانلارغا ئوخشىمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنى كۆرگىلى بولسۇن؟![1]

ئىنسان كۆرمىگەننىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ كۆرمىگەننىگە ئىشىنىدىغان يىگانە مەۋجۇداتتۇر. ئىمان ــ كۆرۈنگەنگە ئەمەس، بەلكى كۆرۈنمىگەنگە ئىشىنىشكە قويۇلغان ئۇنۋاندۇر. شۇنداق بولغاندىلا ئىماننىڭ قىممىتى مەيدانغا چىققان بولىدۇ. قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «سىز بۇنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟» دەپ سوراشنىڭ بىمەنىلىكى ئېنىقتۇر.

## كۆرۈش ئىشىنىش ئۈچۈن شەرت ئەمەس

1916. سوئال: كۆرۈش ئىشىنىش ئۈچۈن شەرتمۇ؟

جاۋاب: كۆرۈش ئەلۋەتتە كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمما كۆرۈش بىلەن ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوق. ئارىپلاردىن بىرى: «ئەگەر مەن ئاللاھنى كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ، ئۇنىڭ بارلىقىغا بولغان ھازىرقى بۇ ئىمانىمدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ»[2] دېگەن ئىكەن. ئەقىل كۆرمىگەننىگە ئىنكار قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ھەممە نەرسە ئەقىل بىلەنلا بىلىنمەيدۇ. مەسىلەن: تاماقنىڭ تەمىنى ئەقىل بىلەن تېتىغىلى بولمىغانىدەك، گۈلنىڭ خۇشپۇرىقىنى ئەقىل بىلەن پۇرىغىلى بولمايدۇ. بەلكى تاماقنىڭ تەمى تىل بىلەن تېتىلىدۇ، خۇشپۇراقلار بۇرۇن ئارقىلىق پۇرىلىدۇ. شۇ مۇزىكىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراك دېيىلگەن ھامان بۇ ۋەزىپە قۇلاققا چۈشكەن بولىدۇ. چۈنكى تىڭشاش بىلەن ئاڭلاشنىڭ قۇرالى قۇلاقتۇر.

كۆرۈشنى ئىشىنىشنىڭ شەرتى، دەپ سانايدىغان بولساق، ئالدى بىلەن تارىخنى ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تارىخ دېگەن ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ، كىتابلاردىن ئوقۇش ياكى ئاڭلاشلار ئارقىلىق ئىشىنىلىدىغان نەرسە. ئەگەر بىز «كۆرگىنىمگىلا ئىشىنىمەن، كۆرمىگىنىمگە ئىشەنمەيمەن» دېمەكچى بولساق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئاپراسياپ، ئوغۇزخان، سۇتۇق بوغراخان، مەھمۇد قەشقىرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە باشقىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى بىز كۆرمىدۇق.

قېنى مىكروسكوپ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بارلىق سايمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاندىلا يوق بولدى ياكى ئۇلارنىڭ كۆرۈش سىستېمىسى بۇزۇلدى، باشقىسىنى ياساشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى، دەپ پەرەز قىلايلى، بۇۋاقتىتا، ئاتوم،

(1) «دىنلار تارىخى» ژۇرنىلىدىن ـ تۈركچە

(2) ئارىپ ــ ئاللاھنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرنى كۆرەلمىگىنىمىز ئۈچۈن يوق دېيەلەمدۇق؟ بۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلالامدۇق؟!

ئۆتمۈشلەردە مىكروسكوپ بولمىغاچقا مىكروب، باكتېرىيىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇلار شۇ دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈش سىرتىدا ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مىكروب ۋە باكتېرىيىلەر يوقمىدى؟ ئۆتمۈشتىكىلەر بۇلارنى كۆرۈش بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنىڭ سىرتىدا ئىدى دېيەلىسىمۇ، بۇلارنى ھەقىقىي مەنىدە يوق ئىدى دېيەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇلار كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، مىكروب ۋە باكتېرىيىلەر ئىنسانلار يارىتىلىشتىن بۇرۇن بار ئىدى.

## ئىلىم-پەن ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقى

1917. سوئال: ئىلىم-پەننىڭ ئاللاھنى ئىسپاتلاشتىكى رولى نېمە؟

جاۋاب: ئىلىم-پەن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولىڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (تەبىئىيكى) باشقا ئىلاھ يوقتۇر [1] دەيدۇ.

ئىلىم - پەن بىزگە بىر دەرەخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇپراقتىكى ئوزۇقلىرىنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئوزۇقلارنى يوپۇرماقلىرىغىچە قانداق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مېۋىلەرنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەم، رەڭ، شەكىلنىڭ قانداق يوسۇندا پەيدا بولىدىغانلىقىنى شەرھلىمەكتە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇكەممەل قانۇنىيەت ۋە نىزام - سىستېما ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلماقتا.

ئىلىم ــ پەن يەنە بىزگە بىر جانلىقنىڭ ئىچ قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئاچماقتا. بىئولوگىيە ئالىملىرى «ھەر بىر جانلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ مۇكەممەل بىرەردىن فابرىكا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دەيدۇ. ئادەمنى چاقىدىغان زەھەرلىك ھەرە شېرىن ۋە شىپالىق ھەسەل بېرىدۇ. يىپەك قۇرۇتى رەخت توقۇيدۇ. قولسىز ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ. تىلسىز قوي سۈت بېرىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە ئىلىم ــ پەن بىزگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاددى بىر سامان بىلەن سۇدىن تەركىپ تاپقان ھەلەپتىن سۈت ئىشلەپ چىقىرىش ئەقىل ــ ئىدراكسىز قوينىڭ ياكى كالىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى قوي - كالا، ھەرە، ئۆمۈچۈك، يىپەك قۇرۇتى ۋە باشقا جانلىقلار رەسسامنىڭ پۈرشىسىغا، ئاپتورنىڭ قەلىمىگە، ياغاچچىنىڭ رەندىسى بىلەن ھەرىسىگە ۋە دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ئوخشاش بىرەردىن سايمانلاردۇر. ئەمما يارىتىش ئىشىنىڭ ئىگىسى شۈبھىسىزكى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىجادكارى بولغان ئاللاھتۇر!

ئاسترونومىيە ئىلىمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئەھۋالى بىلىندى. بىز ياشاۋاتقان بۇ يەرشارى بىلەن قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئۇچىۋاتقان بىر سەييارە يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قاناتسىز، موتورسىز،

---

(1) نەمل سۈرىسى 60 - ئايەت

پىلوتسىز ۋە ئاۋازسىز ئۇچىۋاتقان بۇ يەرشارى سەييارىسىنىڭ ئۇستىدىكى يولۇچىلار راھەت ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ساياھەت قىلىۋاتماقتا. يەرشارى بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشقا داۋام قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا تېزلىكتە ئۇچۇشنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئەمما ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇچىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. كېچىلەر، كۈندۈزلەر ۋە مەۋسۇملار بۇ ئىككى ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەرشارى قۇياشقا — ھازىرقى مۇساپىسىدىن — ئازراق يېقىنلاشسا كۆيۈپ ھالاك بولىمىز، ئۇزاقلاشسىمۇ مۇزلاپ ھالاك بولىمىز. قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئۇزىۋاتقان يەر شارىلا ئەمەس، بەلكى باشقا سەييارىلەرمۇ باردۇر. بۇ سەييارىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سەييارە ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئوقىدا سەير قىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقتىتىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ. بۇ سىستېما قانچىلىغان مىليون يىللاردىن بېرى ھېچبىر بۇزۇلماستىن، بىرخىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

بۇنداق ئىنچىكە نىزامنى ۋە قانۇنىيەتنى كىم بېكىتتى؟ دۇنيانى جانلىقلار ياشاشقا بولىدىغان ھالغا كىم كەلتۈردى؟ پىلوتلىرى ئىچىدە بار تۇرۇپ ئايروپىلانلارنىڭ بەزىدە بىر - بىرىگە، بەزىدە بولسا تاغلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە بەزى چوڭ شەھەرلەردە ئاپتوموبىللارنىڭ كۈندە دېگۈدەك بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇش قازالىرى، بەزىدە قاتناشنىڭ زىچلىقىدىن يوللار تاقىلىپ قېلىپ قاتناش ۋاستىلىرى قوزغالالماي سائەتلەرچە ساقلاپ كېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن قارار گاھىغا بېرىشتىن كېچىكىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار نەچچە مىڭ قېتىم يۈز بەرگەن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرغان بىر رېئاللىق بولغان يەردە، سەييارە يۇلتۇزلىرىدىن ئىبارەت بۇنداق چوڭ جىسىملارنى بىر — بىرىگە سوقۇشتۇرماستىن، ياكى بىرەرسىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن كېچىكتۈرمەستىن تەكشى ئايلاندۇرىۋاتقان زادى قايسى ئىلىم - پەن؟

بۇزۇلمىغان ۋىجدان ۋە ساپ ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق ئادەم شۇنداق جاكارلايدۇكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى «ئاللاھ»تۇر!

### تەبىئەت

1918. سوئال: تەبىئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەبىئەت — كائىناتتىكىلەرنىڭ توپلىمى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كائىناتنىڭ ئىككىنچى ئىسمىدۇر. ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدىغانلار تەبىئەتكە سېغىنماقتا. بۇلارنىڭ پەلسەپىسى خۇددى پادىشاھقا ئىسيانكارلىق قىلىپ جاللاتتىن

مەدەت تىلىگەن ئىسيانكارنىڭ پەلسەپىسىگە ئوخشاش بىر مەنتىقسىز پەلسەپىدۇر. تەبىئەتمۇ ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلار قاتارىدىكى بىر ئەسەر ياكى سەنئەتتۇر. سەنئەتكارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەنئەتنى سەنئەتكار دەۋېلىش ئىنزاھنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچقانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قۇياش، سۇ، ئوت، يۇلتۇز ۋە باشقا تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنغۇچىلارمۇ مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىش قىسمىسىنى مەزكۇر مەبۇدلىرىغا مەنسۇپ قىلىشتا تەبىئەتكە چوقۇنغۇچىلار بىلەن ئەينى ئەقىدىگە ئورتاق بولماقتا. ناتۇرالىزم (تەبىئەتپەرەسلىك) بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانىۋىلاشقان يېڭى نامىدۇر. ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوقتۇر. ئاتالغۇلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق.

قانداقلا بىر مەملىكەتتە قانۇنلا بولىدىكەن، ئۇنى چىقارغان بىرەر رەئىس ياكى پادىشاھ بولغان بولىدۇ. دۇنيادا ھېچبىر قانۇن ئۆزلىكىدىن تۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چىقىرىلغان قانۇننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ، شۇ رەئىسنىڭ ياكى پادىشاھنىڭ نوپۇزى كېرەك بولىدۇ. چۈنكى ھېچبىر قانۇن باشقۇرغۇچىسىز ئۆزلىكىدىن يۈرمەيدۇ. كائىناتمۇ كاتتا بىر مەملىكەتتۇر. ئۇنى ياراتقان زات ــ ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بېكىتكەن زاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنى يۈرگۈزۈش ئىشىمۇ ئاشۇ زاتقا ئائىتتۇر.

ھەر قانداق بىر سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ياراتقان سەنئىتىدىن ئەلۋەتتە مۇكەممەلدۇر. بۇ ماۋزۇدا، ئۇستەل بىلەن ياغاچچىنىڭ، كىتاب بىلەن ئاپتورنىڭ ۋە بىنا بىلەن بىناكارنىڭ مىساللىرىنى ئەسكە ئېلىش بىزگە يېتەرلىكتۇر. جانلىقلارنىڭ جانسىزلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈنلىكى بىر رېئاللىقتۇر. جانلىقلاردىن ئاجىز بولغان جانسىز ماددىلار ئۆزلىرىنى يارىتالمىغاننىڭ ئۈستىگە جانلىقلارنى قانداق يارىتالىسۇن؟!

تۇپراقتا كۆمۈلگەن ئۇرۇقچە تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە ئۇغۇتتىن ئىبارەت تۆت ماددا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ــ ئىدراكتىن مەھرۇم، بىلمەيدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان، ئۇرۇقنى تونۇمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرىنىمۇ تونۇمايدىغان جانسىز ۋە ئاجىز ماددىلاردۇر. ئۇرۇقمۇ ئەقىل ــ ئىدراكسىزلىق ۋە باشقا سۈپەتلەردە بۇلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما بۇ ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ، يېتىشىپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، ئەقىلنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەل بىر سەنئەتتۇر. ئۆسۈملۈكلەر ــ زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە ئوتياشلار يۇقىرىقى 4 خىل ماددىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان شەكىل،

ھەجىم، تەم، رەڭ ۋە پۇراقلىرى بىلەن يارىتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان، نۇقسانسىز يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر«شەيئىيلەرنى تەبىئەت ياراتقان» دېگەن دەۋا راست بولىدىغان بولسا، ئەقىل ئىدراكسىز ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتسىز تەبىئەت بۇلارنى قانداق مەيدانغا چىقىرالىدى؟

1919. سوئال: تەبىئەت ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟

جاۋاب: تەبىئەت ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇتلەق كۈچ ئەمەس، بەلكى ئۇ تەسىر ئاستىدا قالغان بىر سەنئەت ياكى ئەسەردۇر. تەبىئەت ــ ئۆزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىرتقى مۇتلەق ئىرادىگە بويىۇن ئېگىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى يارىتىلىشلار ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سەنئەت بىرەر بىناغا، بىرەر رەسىمگە ۋە بىرەر كىتابقا ئوخشايدۇ. «بۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆزلىرىدىكى شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان» دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەبگالىقىنى ۋە نادانلىقىنى ئېلان قىلغۇچىلاردۇر. بىرەر بىنا قۇرۇپ چىقىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىلانىنى سىزىش ئۈچۈن ئىنژېنېرغا ۋە ئۇنى شۇ پىلان بويىچە پۈتتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىناكارغا ئېھتىياجلىق بولغان يەردە، كائىناتتىكى ھەر بىر سەنئەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدا بىرەر ياراتقۇچىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟!

## يارىتىلىش دەلىلى

پەيلاسوپ كانت[1] (Kant) مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئانىسىدىن كور تۇغۇلغان ئادەم يورۇقلۇقنى بىلمىگەنگە ئوخشاش، قاراڭغۇلۇقنىمۇ بىلمەيدۇ. بىلىمسىز ئادەم ئۆزى نادان بولغانلىقى ئۈچۈن جاھالەتنى بىلمەيدۇ. يوقسۇلنىڭ بايلىقى بولمىغاچقا، ئىسراپچىلىقنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ئىنسانلاردا ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈگە بار بولغان بىر زات ھەققىدىكى چۈشەنچە باردۇر. ئەگەر ئۇ زات بولمىغان بولسا ئىدى، بۇنداق چۈشەنچىمۇ بىزدە بولمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىز ۋە ئويلىغىنىمىز باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەل ئاللاھتۇر»

كائىناتنىڭ بىر باشلانغۇچى بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى مەسىلىسى ئىنسانلار ئۈچۈن قەدىمقى تارىخلاردىن بىرى تەپەككۇر ماۋزۇسى بولۇپ كەلمەكتە. مىلادىدىن بۇرۇنقى300ــ يىللىرىدا ياشىغان سوقرات (Sokrates) ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە

---

(1) ئىمانوۋېل كانت (1724ـ1804) گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، مائارىپ، دىن، تارىخ قاتارلىق ماۋزۇلاردا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرا قويغان كۆپلىگەن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازغان.

بىرلىكىنى سۆزلىگەندە، ياشلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدۇ دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، تارىخ بويىچە، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن بىلىم ئىگىلىرى، ئىشەنمىگەنلەردىن ھەسسىلەپ كۆپتۇر. مەسىلەن: Farabi، Aristo، Leibniz، Kant، Descart، ۋە بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن پەيلاسوپلار، بىلىم ئىگىلىرى ئاۋۋالقى سەۋەبكە (يەنى ئاللاھقا) ئىشىنەتتى ۋە بۇ ھەقىقەتنى ھەرخىل مېتودلار بىلەن ئۇچۇقلايتتى.

1920. سوئال: ماددا ئەزەلدىن بار بولغانمۇ ياكى كېيىن يارىتىلغانمۇ؟

جاۋاب: ماددىنىڭ ئەزەلدىن بار بولماستىن، بەلكى كېيىن يارىتىلغانلىقىنى قارار قىلىدىغان پىكىر ساماۋىي دىنلار بىلەن كەلگەن چۈشەنچىدۇر. ماتېرىيالىستىك پىكىردىكى چۈشەنچىلەرنىڭ خۇلاسىسى ماددىنىڭ ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلار بۇ چۈشەنچىسى بويىچە تەپەككۇر قىلىپ ”ئۇنداقتا ئاللاھقا ھاجەت يوق“ دەۋاسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. چۈنكى، ماددىنىڭ بىر باشلانغۇچى بار دېگەنلىك ئۇنى مەيدانغا چىقارغان بىر پەيدا قىلغۇچى بار، دېگەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

شەرق ۋە غەربنىڭ ئىبنى سىنا، فارابى ۋە باشقا كۆپلىگەن پەيلاسوپلىرى «يوقتىن بار بولۇش» دېگەن تېمىدا بۇ ماۋزۇنى يېتەرلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان. ئۇنى مۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ: كائىناتتىكى ھەر قانداق نەرسە تۇرماستىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ پەيدا بولۇش ياكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ، يېتىشىدۇ، ئۆمۈر سۈرىدۇ، ئاخىرى ئۆلىدۇ ياكى باشقا ماددىغا ئۆزگىرىپ توگىشىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان تۇغۇلۇپ ئاخىرى ئۆلىدۇ. دەل ــ دەرەخلەر ئاخىرى كۆيۈپ كۈل بولىدۇ ياكى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا يەم بولۇپ توگىشىدۇ. جاماداتلارمۇ ئاخىرى باشقا ماددىلارغا ئايلىنىش بىلەن توگىشىدۇ. بۇ خۇددى، يۇلتۇزلارنىڭ 5 ـ 10 مىليارد يىل ئۆمۈر سۈرۈپ ئاندىن باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۆمۈرگە ئىگە بولغان ۋە ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغان جانلىق ـ جانسىز ھەر قانداق بىر مەۋجۇدات ئۆزىنىڭ بىر باشلانغۇچ باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى نامايان قىلماقتا.

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر نەرسە پەيدا بولۇش ياكى تۇغۇلۇش ئارقىلىق يېڭىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىزكى، دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك داۋام قىلغۇچى ئەمەس. بىز كۆرۈۋاتقان ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىرەر باشلانغۇچ نوقتىسى باردۇر. بۇ دېگەنلىك، دۇنيادىكى ھەر نەرسىنى ياراتقان ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەن بىرى بار دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ـ ئاللاھتۇر!

**ئاجايىپ قانۇنىيەت**

1921. سوئال: يارىتىلىشتىكى مۇكەممەللىك تەبىئىي قانۇنىيەتمۇ؟

جاۋاب: كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان. بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قويمايمىز. ئويلايمىزكى، ھەر نەرسىنىڭ بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلىشى ھېچقانچىلىك ئاجايىپلىق ئەمەس، بەلكى بۇ شۇنداق تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا، ئەھۋال بىز كۈتكەندەك بولماي قالسا، بىز ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋال دەپ سانىغانلىقتىن ئەجەبلىنىپ كېتىمىز. مەسىلەن: ئىككى باشلىق بىر بوۋاق دۇنياغا كەلسە، تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە باشقىمۇ ۋاستىلىرى بارچە دىققىتىنى بۇ مەسىلىگە بېغىشلايدۇ. تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھادىسە ھەققىدە پىكىر- مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ، ئادەملەر بۇ كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاققا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدا قانچىلىغان كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىشلەملەرنىڭ، باسقۇچلارنىڭ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بۇنداق ساغلام ۋە بېجىرىم تۇغۇلغانلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇ دەل مىليونلىغان يىللار مابەينىدە بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەتنىڭ قانداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدۇر.

بىر بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى ئۇنىڭ بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى، بوۋاقنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ھەركۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلۇم جايلارغا يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۈرلۈك ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيدۇ». چۈنكى، ــ بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىسپاتلىغاندەك ــ بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە ھۈجەيرىلەردۇر. ھەر بىر ھۈجەيرىدە بولغان ماددىلار بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنىڭ شەكلى، كۆزىمىزنىڭ ۋە چېچىمىزنىڭ رەڭگى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىمىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشىمىز قاتارلىق ئايرىمچىلىقلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكى ئەڭ ئاددى بۇزۇقلۇق بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا ئىشلەم خاتالىقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بوۋاقلارنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بېجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىشلەملەر قايتا تۈزىتىلىپ،

ھەر ئىش ئۆز يولىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، پاكلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمايدىغان بولسا، بىز كەمتۈكسىز، ساق ـ ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ شۇنداق قانۇنىيىتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بوۋاقلار كەمتۈك تۇغۇلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىشى ئارقىلىق ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بەرمەكتە ۋە سېنىڭمۇ شۇنداق كەمتۈك تۇغۇلۇشىڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما كەمتۈك بولماي، ساغلام تۇغۇلدۇڭ. ئۇنۇتمىغىنكى ئۈستۈڭدىكى نېمەتلىرىم كۆپتۇر، دېمەكتە.

### تاسادىپىيلىق

1922. سوئال: تاسادىپىيلىققا ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: مەلۇمكى، تاسادىپىيلىق دېگەن نە نىزام، نە سىستېما بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ۋە ئۇشتۇمتۇت مەيدانغا چىقىدىغان نادىر ھادىسە دېمەكتۇر.

ئىنساننى مىسال قىلايلى: بىر ئىنساندا 208 پارچە ئۇستىخاننىڭ بولىدىغانلىقىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر سۆزلىمەكتە. ئەگەر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسى تاسادىپىيلىق بىلەن بولىدىغان بولسا، بىر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسى يەنە بىر ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇرۇلمىسىغا ئوخشىمىغان بولماسمىدى؟ تاسادىپىيلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇشتۇمتۇت ھادىسە ھەمىشە ۋە ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن بولۇۋېرەمدۇ؟

دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەر بىر بوۋاق ئۆزىنىڭ ئاۋازى، بارماقلىرىنىڭ ئىزلىرى، سىماسى، سۆزلەش ئۇسۇلى... ۋاھاكازا بىر قانچە جەھەتتىن يەنە بىرسىدىن پەرقلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىرخىل پىلاندا يارىتىلىشى تاسادىپىيلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پروفېسسور جاك كۇيس يارىتىلىشتا تاسادىپىيلىقنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە: «ئەگەر يەر يۈزىدە ھاياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئېھتىمال ھېسابلارغا باغلايدىغان بولساق، بىزنىڭ مەۋجۇد بولىشىمىزنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز» دېگەن.

ئامېرىكىلىق پروفېسسور مىخائىل ھارت ئېھتىماللىق ھېسابى بىلەن بېرەر جانلىقنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە تاسادىپىيلىق يولى بىلەن ئەقىل ئىگىسى

بولغان ئىنساننىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىقى ئىككى ئالىم شۇنداق بىر ئوچۇقلاش بىلەن سۆزىنى تاماملىغان: ‘‘ئىلىم ـ ۋەقەلىكلەرنىڭ «نېمە ئۈچۈن»لىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى «قانداق» ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش دېمەكتۇر. بىز بىلىم ئادەملىرىمىز. ئەڭ كىچىك مەۋجۇداتتىن ئەڭ چوڭىغىچە ـ ئاتومدىن يۇلتۇزلارغىچە سوزۇلغان پۈتۈن كائىنات ئەڭ مۇكەممەل بىر نىزام، خارىقى ئادەت بىر سىستېما بىلەن تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كائىناتنىڭ ئەقلىنى مەس قىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلىرى كۈنسېرى ئاشماقتا.

«قولىڭىزدىكى تەڭگە پۇلنى بىر مىليون قېتىم ھاۋاغا ئاتسىڭىز ۋە بۇ پۇل ھەر قېتىمدا ئەينى يۈزى بىلەن چۈشسە، شۇ ۋاقىتتا تاسادىپىيلىقتا ئىمكانىيەت بار دېمەكتۇر» دېگەن بىر تەبىئىي پەن ئالىمى ئىلىمنىڭ تاسادىپىيلىقنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.

## ۋىجدان ۋە دىن

1923. سوئال: ۋىجدان دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرالامدۇ؟

جاۋاب: بەزى پەيلاسوپلار ۋىجداننىڭ دىنىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، زامانىمىزدا بۇ نەزەرىيىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. چۈنكى ئىنسانلاردا يارىتىلىشتىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن، «ۋىجدان» دەپ ئاتالغان بىر كۈچنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈچ بىلەن ياخشى - ياماننى، توغرا- خاتانى ئايرىۋالالايدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما بۇ كۈچنىڭ تەلىم - تەربىيىلەر بىلەن كۈچلەنگىنىدەك، ناچار ئادەتلەر، يامان دوستلار ۋە سەلبىي جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئاجىزلىشىدىغانلىقى، ھەتتا يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت. ۋىجداننىڭ ھەركىمدە ئوخشاش سەۋىيىدە بولمايدىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

ئەگەر ۋىجداننىڭ بولغانلىقىلا كۇپايە قىلىدىغان بولسا، بىراۋغا قىلىپ قويغان كىچىككىنە بىر شەپقەتسىزلىكى ياكى ئاددىغىنە بىر خاتالىقى تۈپەيلى بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن ئازراق مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، ئۆز يارانلىرىنى سېتىۋېتىدىغان سېتىۋاتىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ دۇنيادا شۇنداق ۋەھشىي ئىنسانلار كۆرىلىدۇكى، ئۇلاردا يەرلەشكەن ناچارلىق ۋە خەسىسلىك تۈپەيلى ئۇلاردا «ۋىجدان» دېگەن نەرسە يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلانغان.

«ياخشى بىر ۋىجدانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دىنىي تەربىيىدە ۋە ئەخلاقتا يۈكسەلگەن، ديانەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشاش كېرەك. ۋىجدان ئۆزى يالغۇزلا ئىنسانغا نە يارىتىلىشىنىڭ مەقسەتلىرىنى، نە توغرا ـ خاتانى، نە ياخشى ـ يامانىنى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. ۋىجدانىنىڭ يولىدىن ئازماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىگە يول كۆرسىتىدىغان بىرەر رەھبەرگە مۇھتاجدۇر. بۇ رەھبەر بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دىنىدۇر» دېگەن Jane Jecuse نىڭ بۇ سۆزلىرى نېمە دېگەن توغرا ئېيتىلغان.

دېمەككى، توغرا يوسۇندا ھەقىقىي دىنىي تەربىيە ئالغان ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن چوقۇم مەنئى قىلالايدۇ ۋە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسمەن دىندارلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلار ئۇلاردا توغرا دىنىي تەربىيىنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئېتەلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

## يەرشارىلىشىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

1924. سوئال: يەرشارىلىشىش دېگەن نېمە؟
جاۋاب: يەرشارىلىشىش ئاتالغۇسىنى كىشىلەر ھەرخىل تەبىرلەر بىلەن شەرھلىمەكتە. بەزىلەر ئۇنى " مىللەتلەر، دۆلەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسقۇنلارنى ۋە مۇساپىلەرنى ئېلىپ تاشلاش" دەپ شەرھلىسە، بەزىلەر " دۇنيانى كىچىك بىر شەھەرگە ئايلاندۇرۇش" دەپ شەرھلەيدۇ. شۇڭا فرانسىيىلىكلەر يەرشارىلىشىش ئاتالغۇسىنى (Mondialisition) دەپ ئاتىسا، ئامېرىكىلىقلار (Globalization) دەپ ئاتايدۇ.
1925. سوئال: يەرشارىلىشىش ئېقىمى نەدە مەيدانغا كەلگەن؟
جاۋاب: يەرشارىلىشىش ئېقىمى تۇنجى قېتىم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا بىر نەرسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى ھەممىگە ئومۇملاشتۇرۇش دېگەن مەنىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، قايسىبىر شەھەر ۋە قايسىبىر دۆلەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.
1926. سوئال: يەرشارىلىشىشنىڭ قانداق خەتەرلىرى بار؟
جاۋاب: يەرشارىلىشىشنى بەزى ئۆلىمالار مۇستەملىكىنىڭ يېڭى ئاتالغۇسى دەپ شەرھلىگەن. چۈنكى زامانىمىزدىكى يەرشارىلىشىش ئېقىمى كۈچلۈكلەرنىڭ پايدىسىغا ۋە ئاجىزلارنىڭ ھالاكىتىگە، بايلارنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىشىغا، نامراتلارنىڭ تېخىمۇ نامرات بولۇپ كېتىشىگە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى چېلىشىشقا كىرگەن بەستلىك ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىغان ئۇرۇق، ئاجىز ئادەمنى يىقىتىشى تۇرغان يەردە، كاپىتالىست بىلەن ئاددى بىر سودىگەر قانداقمۇ رىقابەت مەيدانىغا چۈشەلىسۇن؟!
يەرشارىلىشىش نامى بىلەن تىجارەت، ئىقتىساد، ئىمپورت، ئېكسپورت ياكى مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىش چوڭ ۋە كىچىك دۆلەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك خەلقنىڭ يەۋاتقان نېنىنى ئەجنەبىيلەرگە تارتىپ ئېلىپ بەرگەنلىك، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يوق قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىغا ئوخشىغان پەن تېخنىكا، تەشۋىقات، ئېلان، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە بايلىق تەرەپلەردىن ئۈستۈن دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ھەر تەرەپتىن ئاجىز ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى قوللىرىدىكىنى تارتقۇزۇپ قويۇشتىن باشقا نېمە قىلالايدۇ؟!

**يەرشارىلىشش بىلەن ئالەمشۇمۇللۇقنىڭ پەرقى**

1927. سوئال: يەرشارىلىشش بىلەن ئالەمشۇمۇللۇقنىڭ پەرقى نېمە؟

جاۋاب: يەرشارىلىشش بىلەن ئالەمشۇمۇللۇق ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. چۈنكى ئالەمشۇمۇللۇق باراۋەرلىكنى تەقەززا قىلسا، يەرشارىلىشش مۇئەييەن بىر دۆلەتتىكى مەلۇم بىر مەدەنىيەتنى ياكى قانداقلا بىر تۈزۈمنى باشقا دۆلەتلەرگە تېڭىش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل بىر دىن. ئۇنىڭدىكى ئالەمشۇمۇللۇق پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمەتتە، ھەق ـ ھوقۇقلاردا باراۋەرلىكنى، ئۆزگىچىلىكلىرىنى تونۇش ۋە قوغداشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: بىز ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىدۇق [1] دېيىش ئارقىلىق ئىنسان ئۇرۇغىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىزاھلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار (ئادەم ئەلەيھىسسالام) بىر. ئەرەبنىڭ ئەجەمگە (ئەرەب ئەمەس مىللەتلەرگە)، ئەجەمنىڭ ئەرەبكە، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىككە ھېچقانداق ئۈستۈنلىكى يوق، پەقەت تەقۋادار بولغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ»[2]. بۇ ھەدىس ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ پرىنسىپىنى ئىزاھلىغان:

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر [3].

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك باراۋەرلىكنى ئېلان قىلغان، مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى «نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق» قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلەر ۋە ئۆزگىچىلىكلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، كىملىكىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يوق قىلىۋېتىشىگە يول قويماسلىقنى قارارلاشتۇرغانلىقىدۇر.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 70- ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 13- ئايەت

ئىسلام دىنى ھەر بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك، ھايۋانلار ئالەمىدىكى ھايۋان تۈرىنىڭمۇ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىتلارمۇ باشقا ئۈممەتلەرگە ئوخشاش بىر ئۈممەت (خەلق) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلغان بولاتتىم»[1] دېگەن سۆزى ئىتلارنىڭمۇ ياشاش ھەققىنى تونۇغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭمۇ مەۋجۇدلۇقى قوغدىلىدىغان مەخلۇقات ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلغانلىقى ئىدى. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن. مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر [2]دېگەن ئايەتنى ئىزاھلايدۇ.

ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغداش زۆرۈر بولغان يەردە، يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلىپ يارىتىلغان ھۆرمەتلىك ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى قوغداش زۆرۈر ئەمەسمۇ؟!

يەرشارىلىشىش مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنى، ئۆزگىچىلىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشتۇرۇشنى غايە ۋە مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە، خۇسۇسەن ئىسلام ئەللىرىگە تېڭىشقا تىرىشىۋاتقىنىغا ئوخشاش. بۇنداق قىلىش باراۋەرلىكتىن سانالمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان قېرىنداشلارچە مۇئامىلىمۇ ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەققانىيەتچىلەر ئارمان قىلىدىغان ئوخشاشلىقنىڭ ئوخشاشقا قىلىدىغان مۇئامىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى خوجايىننىڭ خىزمەتچىسىگە، كۈچلۈكنىڭ ئاجىزغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدۇر، بەس.

بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى باشقا بىر دۆلەتكە ياكى بىر مىللەتكە ئومۇملاشتۇرۇلغاندا، باشقىلارنىڭكىنى ئۆزلىرىگە ئومۇملاشتۇرغان مىللەتنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى تەدرىجى ھالدا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش نەتىجىسىدە، ئاخىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ تۈگەيدىغانلىقى تەبىئىيدۇر. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنى يوق قىلغانلىقتۇر.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى

(2) ئەنئام سۈرىسى 37- ئايەت

**يەرشارىلىشىش ئېقىمىغا ئىسلام ۋە خىرىستىئان ئالىملىرىنىڭ قارشىلىقى**

1928. سوئال: يەرشارىلىشىش ئېقىمىغا ئىسلام ئۆلىمالىرى نېمە دەيدۇ؟

جاۋاب: مىسىردىكى ئەزھەر ئىلىم يۇرتى، مەككىدىكى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار، ۋاتىكان، خىرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ دىن ئادەملىرى يەرشارىلىشىشتىن ئىبارەت بۇ سەلبىي ئېقىمغا قارشى تۇرۇشتا بىرلەشكەن. چۈنكى ئۇلار بۇ ئېقىمنىڭ ئىمان، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى قۇل قىلىشىغا، چوڭ بېلىقلارنىڭ كىچىك بېلىقلارنى يەپ تۈگىتىشكە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان خەتەرلىك ئېقىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان[1].

(1) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «يەرشارىلىشىشنىڭ مەنىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئىسلام ئونلايىن. نەت

## سىكۇلارىزىم ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

1929. سوئال: سىكۇلارىزىم ئېقىمى قاچان ۋە نەدە پەيدا بولغان؟

جاۋاب: ئىنگلىز تىلىدا Secularism، ئەرەب تىلىدا «**العلمانية**» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان دىنىي سىياسەتتىن ئايرىش ئېقىمى 16ـ ئەسىردىن كېيىن ياۋروپا جەمئىيىتىدە تەدرىجىي ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئېقىمدۇر. سىكۇلارىزىم بىلەن ئاتېئىزىم ئىككىسى قوشكېزەك بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر زاماندا مەيدانغا چىققان ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ چىقىش سەۋەبى ھەم مۇددىئاسى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

1930. سوئال: سىكۇلارىزىم ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر قايسىلار؟

جاۋاب: سىكۇلارىزىم ئېقىمىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان بىردىنبىر سەۋەب ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ دىن نامى بىلەن خەلقنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئېزىشى ۋە ئۇلارغا ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم سېلىشى سەۋەبلىك خەلقنى دىندىن نەپرەتلەندۈرۈۋەتكەنلىكى ئىدى.

### ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا جەمئىيىتى

1931. سوئال: ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيىتى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيىتى دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ياۋروپادا يېگانە ھاكىمىيەت ماقامى بولۇۋالغان خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ياۋروپانىڭ خرىستىئان چېركاۋلىرى ئەينى زامانلاردا جاھالەت بىلەن خۇراپاتنىڭ بىردىنبىر مەنبىئى ئىدى.

### بىرىنچى: دىنىي ئېتىقاد

(1) ئۇچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسى

خرىستىئانلارنىڭ ئاللاھ، ئىسا ۋە مۇقەددەس روھ ئۇچى بىر ئىلاھنى تەشكىل قىلىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىسى ئەقىلغا سىغمايدىغان بىر خۇراپاتتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇچ ئىلاھنىڭ بىرى ئىكەنلىكىمۇ ھەقتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ بىر- بىرىگە قارىمۇقارشى سۆز. چۈنكى ئىلاھتا ئۇچلۇك بولغان يەردە ئۇنى بىر دېيىشكە يول قالمايدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىسى دەپ تونۇشتۇرغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ئىنجىل تېكىستلىرىمۇ كۆپ. «ئىسا ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دېدى" سېنىڭ ھەقىقىي يالغۇز بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى ۋە

مېنىڭ سەن ئەۋەتكەن ئەلچى ئىكەنلىكىمنى تونۇغانلار ئۈچۈن يارىتىلغان بۇ ھايات مەڭگۈلۈكتۇر''»[1]. مىلادىيە 325- يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ ئەمرى بىلەن چاقىرىلغان «نىقىيە» قۇرۇلتىيىدا، خرىستىئان دۇنياسىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارارى بىلەن يۇقىرىقى ۋە بۇنىڭدىن باشقا خۇراپىي ئەقىدىلەر قانۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

(1) خرىستىئانلارنىڭ '' كرېست'' ئېتىقادى

خرىستىئانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە يېيىش چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ قويۇپ، خاتالىق سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەۋلادلىرىنى جازالايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەتلىك بولسىمۇ، ئادالەت بىلەن شەپقەتنى بىرگە ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇ بەندىلىرىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام سادىر قىلغان بۇ خاتالىقنىڭ گۇناھىدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلى بولغان ئىسانى قۇربان قىلىشنى تاللىغان. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئوغلى ئىسانى ئادەم شەكلىدە دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئۇنى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشاتقاندىن كېيىن، ئىنسانىيەتنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيۇش يولىدا ئۇنى '' كرېست'' قا مىخلىتىپ ئۆلتۈرگۈزگەن.

(2) ئاللاھ نامىدىن گۇناھلارنى كەچۈرۈۋېتىش ئېتىقادى

خرىستىئان چېركاۋلىرىدىكى دىن ئادەملىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ۋەكىللىرى دەپ ھېسابلىغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ماددىي بەدەل ئارقىلىق ئاللاھ نامىدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا خرىستىئانلار قانچىلىك چوڭ گۇناھلارنى ۋە ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلسىمۇ، پۇل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا گۇناھتىن پاكلانغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىدۇ. 1896- يىلى رومادا چاقىرىلغان چوڭ قۇرۇلتايدا خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ نامىدىن كەچۈرەلەيدىغانلىق ھەققى رەسمىي تۈردە كۈچكە ئىگە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ خرىستىئان دىن ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق ھەققى بارلىقىنى دەۋا قىلاتتى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى خرىستىئان چېركاۋلىرى كىشىلەرگە «غۇفران (كەچۈرۈم) بېلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس بېلەتلەرنى مەجبۇرى ساتاتتى. ئۇلارنىڭ گۇمانىچە، بۇ بېلەتلەردىن قانچىلىك كۆپ ئالغان كىشىنىڭ شۇنچىلىك كۆپ گۇناھى كەچۈرۈلەتتى.

(3) ئىبادەت سىستېمىسى

---

(1) ئىنجىل يۇھەننا 17- بۆلۈم 3- تېكىست

خرىستىئانلارنىڭ ئاخشاملىرى نان بىلەن هاراق ئىستېمال قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى سانىلىدۇ. خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ گۇمانىچە، يېيىلگەن نان ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گۆشى، ئىچىلگەن هاراق ئۇنىڭ قېنىدۇر.

(4) خرىستىئان دىن ئادەملىرىنى خاتالىقلاردىن پاك دەيدىغان ئېتىقاد

رومادا 1896- يىلى چاقىرىلغان چوڭ قۇرۇلتايدا، خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ خاتالىقلاردىن مەسۇم ۋە گۇناھسىز كىشىلەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا قانداقلا بىر ئىشتا، ئۇنىڭ"نېمە ئۇچۇن"لىكىنى سورىماستىن ئىتائەت قىلىشنىڭ دىنىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى رەسمىي تۇردە قارارلاشتۇرۇلغان. شۇڭا ئۇلارغا قارشى چىقىش جىنايەت ۋە دىندىن چىققانلىق ھېسابلىنىدۇ.

(5) خرىستىئانلاردىكى تەركىيدۇنيالىق

خرىستىئان راھىبلىرى ۋە راھىبەلىرى ئومۇمىي ھايات ساھەسىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ھالدا، چىركاۋدا خىزمەت قىلىشقا بەلگىلىنىدۇ، ئۇلاردا تۇرمۇش قۇرۇش بولمايدۇ. بۇ خىل ئادەت ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەردىن ۋە ئائىلە ھاياتىدىن ھۇزۇرلىنىش ئىستەكلىرىنى پەقەتلا بوغۇپ تاشلىماقچى بولغانلىقى سەۋەبلىك، چىركاۋلاردا زىنا ــ پاھىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغان. چۈنكى ھەقىقىي دىن ئىنسانلارنىڭ نەپسىي ئىستەكلىرىنى پەقەتلا بوغۇۋېلىش ئەمەس، بەلكى يوللۇق ھالدا قوللىنىشقا چاقىرىدۇ.

## ئىككىنچى: ئىقتىسادىي تۈزۈم

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا خەلقى بۇرژۇئازىيە تۈزۈمى سايىسىدا ياشايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى خرىستىئان چىركاۋلىرى خەلقنى ئېزىشتە يەرلىك بۇرژۇئازىيە كۈچلىرى بىلەن بىر ئىدى. بەلكى بۇرژۇئازىيە كۈچلىرىنى باشقۇراتتى. چۈنكى ھاكىمىيەت چىركاۋلارنىڭ قولىدا ئىدى. خەلقنىڭ پۈتۈن بارلىقى ۋە يەر ــ ماكانلىرى، ھەتتا تېرىلغۇ يەرلىرىمۇ چىركاۋنىڭ ئىگىلىكىدە بولۇپ، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە سانائەتچىلەر پەقەت چىركاۋنىڭ ھېسابىغا ئىشلەيتتى، چىركاۋ بەرگەننى يەيتتى، بەرمىگەننى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق ئىدى. ئىشچىلارغا بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ئىش ھەققى بولمايتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە ئىنسانلار خوجايىنلار ۋە قوللاردىن ئىبارەت ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنەتتى. خوجايىنلار دىن ئادەملىرى بىلەن بىر ئۇچۇم بۇرژۇئازىيە كۈچلىرىنى، قۇللار ئومۇم خەلقنى تەشكىل قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى پېقىرلىق ۋە مۇھتاجلىق ئىچىدە ئۆمۈر سۈرەتتى.

**ئۈچىنچى: سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم**

(1) ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپادا ھاكىمىيەت مۇتلەق خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، سىياسەتلەرنى شۇلار ئۆزلىرى بەلگىلەيتتى. چېركاۋلار دىن نامى بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرەلگۈسىز ئېغىر سېلىقلارنى ۋە باجلارنى بەلگىلەيتتى. بۇرژۇئازىيە كۈچلىرى دىن ئادەملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلقنى سۈمۈرەتتى.

(2) خرىستىئان چېركاۋلىرى قانداقلا بىر ئىلىم ــ پەنگە ۋە تەرەققىياتقا جېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى چېدىغۇسىز ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلاتتى. چېركاۋنىڭ مۇستەبىدلىكىگە قارشى چىققان ياكى ئىلىم ــ پەنگە يول ئالغان ياكى بىرەر ئىلمىي تەرەققىيات ئارقىسىدىن يۈرگەن كىشىلەرنى ھايات قالدۇرماسلىق خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ ئالدىنقى پرىنسىپى ئىدى. زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئالىم گالىلى گالىلىيونىڭ شۇ سەۋەبلىك كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى. چېركاۋلار خەلقنى ھەدەپ جاھالەت بىلەن قالاقلىققا ئىتتىرگەن بولۇپ، قارشى چىققانلارنى جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئەڭ ئېغىر جازالارغا تارتاتتى. 1487- يىلى ئىسپانىيىدە قۇرۇلغان«تەپتىش مەھكىمىلىرى» مۇ چېركاۋلارغا قارشى چىققۇچىلار بىلەن ياۋروپا بۇددىستلىرىنى جازالاش ئۈچۈن قۇرۇلغان. شۇۋاقىتتا "تەپتىش مەھكىمىلىرى"نىڭ 300 مىڭ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۇلاردىن 32 مىڭىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

**چېركاۋلارنىڭ زۇلۇملىرىنىڭ نەتىجىسى**

1932. سوئال: بۇ زۇلۇملارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟

جاۋاب: بۇ زۇلۇملار تۆۋەندىكىلەرگە سەۋەب بولدى:

(1) دىن نامى بىلەن ياۋروپا خەلقىگە قىلغان ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇملىرى سەۋەبلىك ياۋروپا خەلقى ئەسىرلەرچە قاراڭغۇلۇق، جاھالەت، قاششاقلىق ۋە نادانلىقتا ئۆمۈر سۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ۋە ياۋروپا خەلقىنىڭ ھايات سۈرىشى ئۈچۈن ساناپ بولالىغۇسىز شەرتلەر ۋە چەكلىمىلەرنى بەلگىلىگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ ھايات ساھەسىدىكى پۈتۈن تەقدىرىنى قولىغا ئېلىۋالغان خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى بۇ ئۈچىغا چىققان زۇلۇملىرى، ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرى ۋە ھەقسىزلىكلىرى خەلقنى ياشاشتىن زېرىكتۈرگەندەك، ئۇلارنى دىندىن قاتتىق نەپرەتلەندۈرىۋەتكەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردا دىننىڭ كونتروللىقىدىن

قۇتۇلۇش ۋە دىننى بېسىملاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسى تۇغۇلغان. بۇنىڭغا چاقىرغۇچىلار مارتىن لۇسېر، دېكارت، ۋولتېر ۋە باشقا پىكىر ئىگىلىرى ئىدى. 1789- يىلى تۇنجى بولۇپ فرانسىيىدە پارتىلىغان قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلىپ، خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدى. بۇ ئىجابىي نەتىجە.

(2) دىن نامىدىن تۇرلۇك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆپ تارتىپ دىندىن زېرىكىپ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ كەتكەن ياۋروپا خەلقىنىڭ كۆڭلىدە، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان چىركاۋلارنىلا ئەمەس، بەلكى دىننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتەك يېڭى پىكىر ئېقىمى بىلەن دىنسىزلىق روھى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلاردا ئېتىقاد جەھەتتە ئاتېئىزم پىكرى Ateisim، قانۇن ـ تۈزۈمدە Secularism ئېقىمى مەيدانغا چىقىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ سەلبىي نەتىجە.

**Secularism ئاتالغۇسىنىڭ كېڭەيگەن مەنىسى**

Secularism دېگەن ئاتالغۇ دەسلەپتە چىركاۋلارنىڭ ئىگىلىكىدە بولغان يەر ـ جاي ۋە تېرىلغۇ زېمىنلەرنى ۋە دىنىي ھاكىمىيەتنى دىنىي بولمىغان ھاكىمىيەتنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا شۇ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئىدى. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇنىڭ قوللىنىلۇش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، جون ھولىيۇك J.H دېگەن كىشى Secularism ئاتالغۇسىنى:" ئىنسانىنىڭ ئەھۋالىنى ئىمان مەسىلىسىگە باغلىماستىن، ماددىي يوللار ئارقىلىق ئىسلاھ قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش" دەپ چۈشەندۈرگەن.[1] ئەمما بۇ تەرىپ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇلار Secularism ئاتالغۇسىنى " دىننى دۆلەتتىن ئايرىش" يەنى چىركاۋلارنى مەركەز قىلغان دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى دۆلەت سىياسىتىدىن ئايرىش(Sparation of chuch and state) دېگەن مەنىدە تەرىپلىگەن بولۇپ، بۇ تەرىپ شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدا بىردەك كەڭ تارقالغان ئومۇمىي تەرىپتۇر. بۇ تەرىپ بىلەن Secularism سىياسىي ساھەگىلا خاس بولىدۇ. بەزى ھالەتلەردە ئىقتىسادىي ساھەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[2]

---

(1) ئىلمانىيە تەھتەل مجھەر 12- بەت

(2) بەندەر ئىبنى سالىھنىڭ«ئەل ئىلمانىيە»، «ئەل ئىلمانىيە تەھتەل مجھەر» ناملىق ئەسەرلىرىسىن.

## Secularism ئېقىمىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

1933. سوئال: Secularism ئېقىمى كېيىنچە قانداق تەرەققىي قىلدى؟

جاۋاب: Secularism دىن ئىبارەت پىكىر ئېقىمى كېيىنچە، دىندىن يىراق تۇرۇش، دىننى كىشىلەرنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ھاياتى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، پەقەت مەسجىد ياكى چىركاۋلارغىلا خاس بولغان مەنىۋى ئالاقە قاتارىدا كۆرۈش دەۋرىگە ئۆتتى. شۇ سەۋەبتىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئومۇمەن دىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھاياتىدا ياشىتىش روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىمۇ، دۇئالىرىمۇ، دىنىي پائالىيەتلىرىمۇ چىركاۋلاردىلا بولىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئەجدادلىرى خرىستىئان بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەنلا ئۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا خرىستىئان دىنىغا مەنسۇپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار دۇنيادىكى خرىستىئانلار سانىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى خرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ كىشىلەرنى خرىستىئان دىنىدىن نەپرەتلەندۇرۇشى سەۋەبلىك ياۋروپالىقلاردا دىنسىزلىق روھى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئورۇن ئالغانكى، چىركاۋلارغا بېرىپ تۇرىدىغان شۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى خرىستىئانلارمۇ بۇ ئىشنى بىر خىل ئەنئەنە ئورنىدا كۆرىدۇ.

## مۇسۇلمانلار Secularism تۈزۈمىگە مۇھتاج ئەمەس

1934. سوئال: مۇسۇلمانلار Secularism ئىسلاھاتىغا مۇھتاجمۇ؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ياكى ئىسلام دۇنياسى دىننى سىياسەتتىن ئايرىشنى تەقەززا قىلىدىغان Secularism تۈزۈمىگە ئەسلا مۇھتاج ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتى بىلەن ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھاكىمىيەت تۈزۈمى ھەقىقىي دېموكراتىيىنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ـ مەيلى ئۇلار مۇسۇلمان بولسۇن ياكى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلسۇن ـ ھەممىسىنىڭ بەختلىك ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ئۆمۈر سۈرۈشىگە كاپالەت قىلغان، تەرەققىياتقا، ئىلىم ـ پەنگە قاتتىق تەشەببۇس قىلىدىغان، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بىر دىندۇر. ياۋروپا خەلقى مۇستەبىت چىركاۋلارنىڭ بېسىمدارلىقىدىن قۇتۇلغاندىلا ھاياتلىقنىڭ تەمىنى تېتىيالىغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلاشقان، سىياسەتنى باشقىلارغا بېرىپ قويۇپ ئۆزلىرى تەركىيدۇنيالىقنى تاللىۋالغاندىن كېيىنلا خار ـ زەبۇنلۇق، ئاجىزلىق، ئېزىلىش، مۇستەملىكە قىلىنىش، كۈچلۈكلەرگە بېقىنىش، ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولۇش، باشقىلار سىزىپ بەرگەن ئەندىزە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇش قاتارلىق

بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولدى. خرىستىئانلارنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ۋە خورلۇقلارنىڭ ھەممىسى بۇ دىنىنى ھاياتلىق ساھەلىرىدە تولۇق جارىي قىلدۇرالمىغانلىقتىن، ئەجدادلىرىنىڭ ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئالتۇن دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاش تەتبىق قىلالمىغانلىقتىن بولغان.

1935. سوئال: مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن Secularism تۈزۈمگە مۇھتاج ئەمەس؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئانلار مۇھتاج بولغان Secularism تۈزۈمگە مۇھتاج ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىسلام دىنىدا خرىستىئان دىنىدا بولغىنىدەك " دىن ئادەملىرى" دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي بېسىمدار سىنىپى يوق. ئۆلىمالار ئەلنىڭ مۆئەللىملىرى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولغانلار ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى دەپ تونۇيدۇ. ئىسلام تارىخىدىكى ئۇلۇغلىنىك خەلىپىلەردىن باشلاپ ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئەمەۋىيلەر خەلىپىسى مۇئاۋىيەنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ئەبۇ مۇسلىم خۇلانىي خەلىپىگە " ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى خىزمەتكار!" دەپ سالام بەرگەندە، خەلىپىنىڭ ئۇنىڭدىن خوشلانغانلىقىمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىدىمۇ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى دەپ تونۇيدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر[1].

(2) ئىسلام دىنىدا مۇقەللىد (ئاتا ـ ئانام مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ مۇسۇلمانلىققا مەنسۇپمەن) دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس. بۇنىڭدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئىمان تەقلىد بىلەن بولمايدۇ. بەلكى ھەركىم ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى تونۇپ، ئۆز ئەركىنلىكى ۋە مۇتلەق ئىختىيارى بىلەن قانائەتلىك ھالدا مۇسۇلمان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭىمۇ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر كۆپ. ئەمما خرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرىدە ئىش ئەكسىچە بولۇپ، " گەپ سورىما! شۇنداق ئېتىقاد قىل!" پرىنسىپى ھۆكۈم سۈرىدۇ.

(3) ئىسلام دىنى ئەقىلنى قەدىرلەيدىغان، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى پەرز سانايدىغان، ئىلىم ـ پەنگە تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئەمما خرىستىئان چېركاۋلىرى خۇراپاتنى

(1) شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە توپلىغان قىسسىلەردىن.

تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەقىلغا قىممەت بەرمەيدىغان، ئىلىم ــ پەنگە جېنى بىلەن قارشى تۇرىدىغان جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق مەنبەئىدۇر.

(4) ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىق ياكى مۇشكىلىدىن چىقىشنىڭ يولىنى ھازىرلاپ بولغان بىر دىن. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى يۇقىرىسى دۆلەت، تۆۋىنى ئائىلە ھاياتىغىچىلىك پۈتۈن ھاياتلىق مەيدانلىرى ئۈچۈن مۇئەييەن پرىنسىپلارنى ۋە قائىدە ــ تەرتىبلەرنى بەلگىلىگەن. ئەمما يەھۇدىي ئەسلىلىك خرىستىئان ئالىمى پاۋلۇسنىڭ خرىستىئان دىنىغا چوڭ ئۆزگىرىش كىرگۈزگىنىدىن كېيىن، بۇ دىن مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي تەرەپىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان كەمتۈك بىر دىنغا ئايلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق قانۇن ــ تۈزۈم، تەرتىپ ــ ئىنتىزام بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇستەبىت چىركاۋلار ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئادالەتتىن ھېچ ئەسىرى بولمىغان قانۇن ــ تۈزۈملەرنى بەلگىلىۋېلىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى دوزاخقا ئايلاندۇرغان. مۇنداق بىر ئەھۋالدا، خرىستىئانلار دىنىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق يوللىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن زامانىۋىي قانۇن ــ تۈزۈملەرنى تۈزۈشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى. Secularism ئەنە شۇنداقلار ئۈچۈن زۆرۈر. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنىشتۇر.

(5) ئىسلام دىنىدا پىكىر ۋە مۇنازىرە قىلىش ئەركىنلىكى، يېڭى چىققان مەسىلىلەر، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلاردا ھۆكۈمى بايان قىلىنمىغان ئىشلار ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلىش پۈرسىتى بار. شۇڭا مۇجتەھىدلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان پۈتۈن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ كەلمەكتە. ئەمما خرىستىئان دىنىدا شەرىئەت بولمىغانلىقتىن، چىركاۋلار ئۆتمۈشلەردىكى قاراڭغۇلۇق دەۋرلىرىدە قارار قىلىپ بېكىتىۋەتكەن بەزى دىنىي قائىدىلەردىن كىشىلەر ھازىرمۇ قۇتۇلالمىغان. خرىستىئان دىنىدا تالاق بولمىغانلىقى ۋە ھاياتلىقنىڭ تەقەززاسى بەزىدە تالاقنى لازىم قىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ مەسىلىگە خرىستىئان دىنىدىن يول تاپالمىغان خرىستىئان ئالىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى تالاققا رۇخسەت قىلىش قانۇنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى.

(6) ئىسلام دىنىدا گۇناھلارنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ھېچكىم كەچۈرەلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرمۇ شۇنداق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «قىزىم مال ــ مۈلكۈمدىن نېمە سورىسىڭىز سوراڭ، ئەمما مەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىزگە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن» دېگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى.

1936. سوئال: دىنىي سىياسەتتىن ئايرىش پىكرى ئىسلام دۇنياسىغا قاچان كىرگەن؟

جاۋاب: دىنىنى سىياسەتتىن ئايرىش پىكرى ئۆزۈن ۋاقىتلاردىن بىرى ئىسلام دۇنياسىغا يۇرۇش قىلىش يولىدا كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا پىتىنالماي كەلگەن ئىدى. پەقەت يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى 1924- يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىېقىم ئىسلام دۇنياسىغا رەسمى كىرىشكە باشلىغان ئىدى[1].

## Secularism ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشىنىڭ سەۋەبى

1937. سوئال: Secularism ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: Secularism ئېقىمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يامراپ كىرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىر قانچە تەرەپتىن ئىزدىنىشكە بولىدۇ.

(1) مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ، تۈرلۈك خۇراپاتلارغا چۆمۈپ كەتكەنلىكى ۋە كىشىلەردە ئۆز ئېتىقادىنى ۋە دىنىي تەلىماتلارنى قوغداش ئېڭىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى تاشقى كۈچلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا پىكرى جەھەتتىن ھۇجۇم باشلىشىغا شەرت شارائىت ـ يارىتىپ بەرگەن.

(2) كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۇففارلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۆچرىغانلىقى تاشقى كۈچلەرنىڭ پىكىر ئۇرۇشى قوزغىشىغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەق دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىگە ھەر تەرەپتىن قول قىلىش يولىدا زىيانلىق ۋە خەتەرلىك پىكىر ئېقىملىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قانات يايدۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. مۇستەملىكىچىلەر ئۆز پىكىرلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللانغانلىقى سىرتىدا، ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان " غەربچە مەكتەپلەر" نى قۇرۇپ چىققان ۋە ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان بەزى ئازغۇن مەزھەبلەرنى ھەر جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈپ مۇسۇلمانلارنى ئەقىدە ۋە پىكىر تەرەپتىن بۇزۇش رولىنى ئوينىغان.

(3) مۇستەملىكىچىلەر كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىدە " تەرەققىيپەرۋەرلىك"، " مەدەنىيەت" دېگەنلەرگە ئوخشاش قارىماققا چىرايلىق ئىسىملار بىلەن كۆپلىگەن مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەشتە غەلىبە قىلغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتا "پىكىر ھۇجۇمى " ئىدى.

(4) دىنىي ۋە مىللىي غۇرۇرنى يوقىتىپ، ماددىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان

(1) بەندەر ئىبنى مۇھەممەد رىباھنىڭ«ئىلمانىيە» ناملىق ئەسىرى 18- بەت

ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە قىلىۋالغان بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ياۋروپانىڭ ھەر قانداق نەرسىسىنى ئىلغىماستىن قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىشى. ئەسلىدە، ئىلىم ــ پەن نەدە بولسا، ئۇنى ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز تۇرسا، ئۇلار ياۋروپانىڭ ئىلىم ــپەن تەرەققىياتىغا قىزىقىش روھىنى ئۆگىنىشكە قىزىقماستىن، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك پىكىر ئىقىملىرىنى قوبۇل قىلغانلاردۇر.

(5) ياۋروپا ئەللىرىگە ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مۇسۇلمان ياشلىرىدىن ئۆز دىنىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلەر ياۋروپانىڭ ماددىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، ئۆتمۈشلەردىكى خرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىلىم ــ پەننىڭ دۈشمىنى بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن دىننى سىياسەتتىن ئايرىش ئىقىمىنىڭ چىققانلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەزەلدىن تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئوقۇش، ئۆگىنىشنى پەرز قىلغان، ھەتتا ياۋروپالىقلار ئۆتمۈشلەردە خەت يېزىش ئۈچۈن تېرىلەرنى ۋە دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىنى ئىشلەتكەن چاغلاردا، مۇسۇلمانلارنى كىتاب، ماتېرىياللىرىنى ئۆزلىرى باغدادتا ئىشلەپچىقارغان قەغەزلەرگە يېزىش تەرەققىياتىغا ئىگە قىلغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ياكى بىلمىگەن ھالدا، " بىزمۇ دىننى سىياسەتتىن ئايرىساق تەرەققىي قىلىدىغان ئوخشايمىز" دەپ جۆيلىگەنلىكتىن، ياۋروپانىڭ بۇ ئىقىمىنى تەشۋىق قىلغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ خىمىرىدا تەرەققىيات روھى بار بولۇپ، ئۇنى غەپلەت، جاھالەت ۋە كەمسىنىشلەر قاپلىۋالغان. ئۇلار ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلالىسا، ئۇلارغا يېتىدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ يېزىقچىلىق، تەرجىمە، تازىلىق، دوختۇرلۇق، ھەتتا بەزى قانۇن- تۈزۈملەرنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ھەتتا بۇنى ئۆزلىرى سۆزلىمەكتە.

1938. سوئال: ئىسلام دۇنياسىدا Secularism پىكرىنى تارقاتقان مەشھۇر شەخسلەر كىملەر؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسىدا ياۋروپانىڭ Secularism پىكرىنى تەشۋىق قىلغانلارنىڭ مەشھۇرلىرى: مىسىردا ئەھمەد لۇتفىي سەييىد، ئىسمائىل مەزھەر، قاسىم ئەمىن، تاھا ھۈسەيىن، ئابدۇلئەزىز فەھمىي، جامال ئابدۇنناسىر، ئەھمەد ھەسەن زىيات، فەرەج فودە، ئىراقتا مىشىل ئەفلەق، ھىندونېزىيە سۇھارتو، تۈركىيىدە مۇستافا كامال ئاتاتۈرك قاتارلىقلاردۇر.

1939. سوئال: ئىسلام دۇنياسى Secularism ئىقىمىنى قوبۇل قىلىپ قانداق پايدا ئالالىدى؟

جاۋاب: ئىسلام دۇنياسى باشتا مىسىر ۋە ئىراق بولۇش سۈپىتى بىلەن Secularism

ئىقىمىنى خۇددى ئۇلارنى پۈتۈن دەرتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان، مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىدىغان بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ تۈزۈم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سىناپ كۆردى. ئەمما ئۇلار Secularism دىن كۆتكەنلىرىدىن بىرەرسىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. بەلكى قاتمۇقات كىرىزىسلارغا يولۇقتى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى كىرىسقا تولغان ئەھۋالى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولماقتا.

ئون ئىككىنچى بۆلۈم

# شەك-شۈبھىلەرگە رەددىيە

# ھەق دىن ئىلىمگە قارشى ئەمەس

1940. سوئال: دىن ئىلىم ـ پەنگە قارشىمۇ؟

جاۋاب: شۇ ئېنىقكى، ھەق دىن ئىلىم پەنگە قارشى ئەمەس. شۇنداقلا ھەق دىنىنىڭ تەلىماتلىرى توغرا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ھېچ ۋاقىت بىر- زىتلاشمايدۇ، بەلكى بىر-بىرى بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ.

(1) ياۋروپادا دىن بىلەن ئىلىم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت پەقەت دىن نامىدىن سۆزلەيدىغان چېركاۋلار بىلەن بولغان ئەخلاقىي ۋە سىياسىي زىددىيەتتۇر. شۇڭا غەربلىك ئاتېئىزمچى تارىخچىلاردىن بىرسى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بارلىقىنى-چېركاۋغا تايانماي- مۇداپىئە قىلغاندا، بۇ ئىمان چۈشىنىشلىك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى چېركاۋ داۋالاشنىڭ بىر قىسمى بولماستىن، ئاللاھنى تونۇشتا كېسەللىك ۋە قىيىنچىلىقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى، چېركاۋلار ئاتېئىستلىقنى ئۈندىگەن زېمىن بولۇپ قالدى»[1].

(2) ئاتېئىزملىق سەۋەبلىرىنىڭ چوڭراقى مەشھۇر پەيلاسوپلار ئۇلىنى سالغان ۋە ئۆزلىرى مۇداپىئە قىلغان بەزى ئىدىيە ئاساسلىرىدۇر. بۇ پەيلاسوپلاردىن كۆپلىرى ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئاساسلىرى ئاتېئىزمنىڭ ئاساسلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ ئىدىيە ئاساسلىرى بىلەن قانائەتلەندى ۋە ئاتېئىزملىقنى شۇ ئاساسلارغا قۇرۇشتى. كېيىنكىلەر، ئىدىيە ئاساسلىرىنى يىلتىزلاشتۇرغان پەيلاسوپلارنىڭ ئىمانىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يىلتىزلاشتۇرغان ئەقلىي قائىدىلەرگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەخسىي مەسىلە دەپ قاراشتى.

(3) تەبىئەت ۋە تەبىئىي پەنلەر نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان پەيلاسوپ دېكارت (Descartes) مۇشۇ خىل قاراشتىكى پەيلاسوپلارنىڭ بىرسى. ئۇ تەبىئەت توغرىسىدا: «ئاللاھ تەبىئەتنى ياراتقاندىن كېيىن، تەبىئەت ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان مۇستەقىل قانۇنىيەتلىرى بىلەن تولۇق مۇستەقىل بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ياراتقۇچى تەبىئەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولدى ياكى ئۇنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىپ قويىدىغان بولمىدى» دەپ قارايدۇ.

---

At The Origins of Modern Atheism) Buclkey ,s.j, Michael , p.38 (1)

پەيلاسوپ دېكارتنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ياراتقۇچى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە نەق ئېھتىياجلىرىدىن يىراق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان، ھايات ئۇنىڭغا تايانمايمۇ داۋاملىشىشى مۇمكىن بولىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالغان، يارىتىلىشنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىنى بايان قىلغاندا ياراتقۇچى توغرۇلۇق سۆزلەشتىن باشقا ياراتقۇچىنى زىكىر قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى... پەيلاسوپ دىكارتنىڭ نەزەرىدىكى بۇ سەلبىي ئىلاھ كۆپلىگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە تەبىئەت نىزامى تايىنىدىغان پرىنسىپلارنىڭ قوشۇمچە ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

(4) زامانىمىزدا، كائىناتنىڭ ئارقا رادىئاتسىيىسىدە قورۇقلار(Wrinkles) نىڭ بارلىقى كائىنات ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى 300000 يىلغا قايتىدىغانلىقىنى ۋە مۇشۇ نەرسە زور پارتلاش نەزەرىيىسى بويىچە كائىنات جىسىملىرى شەكىللەنگەن ئۇرۇغ(يادرو) ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلغان فىزىكا ئالىمى جورج سىموت (George Smoot) ئاشۇ كەشپىياتىنى 1992-يىلى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئېلان قىلىپ:"ئەگەر سەن دىندار بولساڭ، خۇددى ئاللاھنى كۆرگەندەك بولىسەن"دېگەن.

(5) غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن ئۇكۇش سەۋەبىنى ئاقلاشتا كىتابلىرىدا كۆپ تەكرارلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى غەرب تارىخىدا دىنىي ئىختىلاپ سەۋەبلىك ئۇرۇش ۋە تراگېدىيەنىڭ كۆپ يۈز بەرگەنلىكىدۇر.

(6) ئاتېئىزمچىلار دىنىي ئىلىم-پەنگە قارشى مەيدانغا قويۇپ ئالدامچىلىق ئۇسۇلغا تايانىدى، ئاندىن ئىلىم-پەننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، ئىلىم-پەن ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئىجادىيەتلەر ۋە ئۇتۇقلار، ئىلىم-پەننىڭ كائىناتقا ئالاقىدار مەرىپەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى ۋە شۇ ئارقىلىق كائىنات خاراكتېرىگە ياكى كائىناتتىكى تەسىر كۆرسەتكۈچى سەۋەبلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئالاقىدار كۆپلىگەن خۇراپاتلارنى يوقاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئاندىن ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلەر ئۈچۈن ھەقىقەتلەرنى بىلىشتە دىنغا تايانماي تەبىئىي پەنلەرگە تايىنىش كېرەك دېيىشتى[1].

غەربلىك ئالىم ھۇشېل مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە-يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلىقىنىڭ مۇنبىرىدۇر».

ھېربېرت سپېنسىر «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىلىم

(1) islamawazi.net

خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۇزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۇزەكىلىكتىن يۇكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن يىراقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئىپسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش) ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبدات يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنساننى ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دېيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!».

ھېربېرت يۇقىرىقى سۆزلىرىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

### بەزى ئاتالمىش ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ساختىلىقى

ئاتېئىزمچىلار دەۋر سۈرگەن زامانلاردا ئۆزگەرمەس ئىلمىي ھەقىقەتلەر دەپ تەشۋىق قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ئاتالمىش ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا ئىلىم-

پەننىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر دەۋرگە ئۆتىشى بىلەن چىخۇددى ئاتېئىزمچىلارنىڭ ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىشنى ئاساسلىق ماۋزۇ قىلغان نەزەرىيىلىرى سەھنىدىن چۈشكەندەكلا بىر-بىلەپ سەھنىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. تۆۋەندە بۇ ماۋزۇدا بىر قانچە مىسال بېرىلدۇ:

(1) ئۆتمۈشتىكى «ماددا پانىيلىققا يۈز تۇتمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەرخىل ئېنېرگىيىلەر ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دېيىدىغان ئاتالمىش ئىلمىي ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدىكى: ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە پانىيلىققا يۈز تۇتقۇچىدۇر. [1] دېگەن دىنىي ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ.

بۇ ئىككى نەزەرىيىنىڭ قايسىسى توغرا؟

بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەت تەرەققىي قىلغان ئىلىم - پەن سايىسىدا مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: «ماددا ھەر زامان پانىيلىققا يۈز تۇتقۇچىدۇر. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ۋە ماھىيىتىنى يوقىتىپ باشقا ئېنېرگىيىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ پانىيلىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر».

(2) دارۋىننىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ھەققىدە: «ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن» دېيىدىغان ئاللىبۇرۇن سەھنىدىن چۈشكەن خىيالىي نەزەرىيىسى يارىتىلىشنىڭ باشلىنىش قىسسىسىنى بايان قىلغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىكى: شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق [2] دېگەن دىنىي ھەقىقەتكە زىت كېلىدۇ.

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى «قارا لاي»نى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن سېسىق پۇرايدىغان قارا لاۋا، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. ھازىرقى زاماندا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەت مۇنداق دېيدۇ: «ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى پاتقاقلىق قارا لاۋىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ لاۋا پاتقاقىدىن METHANE گېزى، H2S گېزى ۋە AMMONIA گېزى قاتارلىق سېسىق پۇرايدىغان گازلار چىقاتتى.

(3) ئاۋۋالقى ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام)نىڭ تۇرپاقتىن يارىتىلغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن خەۋىرى بولۇپ زامانىمىزدا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ. مۇندىن باشقا، ئىنسان ۋۇجۇدىدا بولغان 18 تۈرلۈك

(1) قەسەس سۈرىسى 88 - ئايەت

(2) ھىجر سۈرىسى 26 - ئايەت

ئېلېمېنتنىڭ تۇپراق جىسمىدا بار بولغان 18 تۈرلۈك ئېلېمېنتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىمۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم- پەن ــ ئىسپاتلىغان ئىلمىي يەكۈندۇر.

(4) 17 ـ ئەسىرگە كەلگىچە تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى بۇۋاقنىڭ تۆرىلىشىدە ئانىنىڭ ھېچقانداق رولى يوقتۇر، ئۇنىڭ پەقەت بالا تۆرەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە قورسىقىدا ساقلاشتىن باشقا رولى بولمايدۇ، بالا پەقەت ئەرنىڭ سپېرمىسىدىنلا تۆرىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇقىرىقىسىغا تامامەن زىت كېلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بالىنىڭ تۆرىلىشىدە ئەرنىڭ سپېرمىسىنىڭ ھېچقانداق رولى يوق، ئۇ پەقەت ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىدىكى سپېرمىنى پائالىيەتكە كۆتىرىشتىن باشقا خىزمەت قىلمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنغان. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بالا ئەر بىلەن ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ سپېرمىسىدىن تۆرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ رولى ئوخشاشتۇر، دەيدىغان ئىلمىي ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە مېدىتسىنا ئىلمى ساھەسىدىكى بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىدۇ.

ئەمما قۇرئان كەرىم بۇھەقىقەتنى مۇندىن14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا ئېلان قىلغان: شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما سپېرم (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ سپېرمى) دىن ياراتتۇق [(1)].

دېمەك، دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن، توغرا ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىر ـ بىرىگە تامامەن ماسلىشىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئارا زىتلىششى مۇمكىن ئەمەس.

### دۇنيادىكى ئۇرۇشلارغا دىن سەۋەب بولغان ئەمەس

1941. سوئال: دۇنيادىكى ئۇرۇشلارغا دىن سەۋەب بولغانمۇ؟

جاۋاب: غەرب ئەللىرىدە دىن نامى بىلەن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ھەقىقەت، لېكىن مۇشۇ سەۋەب دىننى ئۇنىڭ قايسى دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇتلەق رەت قىلىشقا سەۋەب بولالامدۇ؟

ئەلۋەتتە بۇ ئابزاسلارغا نەزەر يۈرگۈزگەندە مەلئۇن ئاپپاق غوجىنىڭ ئىسلام دىنىي نامىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى ئەزگەنلىكى، ئازدۇرغانلىقى ۋە دىن نامى بىلەن دۆتلەشتۈرگەنلىكى كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشى ئىسلام دىنىي سەۋەبلىكمۇ ياكى ئىسلام دىنىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن يامان

---

(1) ئىنسان سۈرىسى 2 ـ ئايەت

غەرەزلىك ئىستىمال قىلغان ئازغۇن غوجىلارنىڭ سەۋەبىمۇ؟ ئىسلام دىنىي سەۋەبچى دەپ قارايدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار ۋە سەئۇدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك مەدەنىيىتىگە نېمە دەيسىز؟

رەسۇلۇللاھ خاۋارىجلار توغرىسىدا:"ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار خۇددى ئوق پاچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە كاپىرلار بىلەن كارى بولمايدۇ، ئەگەر مەن شۇ تۈردىكى ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسام، ئۇلارنى ئاد قەۋمىگە ئوخشاش ھالاك قىلغان بولاتتىم"دېگەن[1].

ماقۇل، دىنىي ئەقىدە ئاشۇ ئۇرۇشلارغا ئېلىپ باردىمۇ دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى، غەرب ئەللىرىدە "دىنىي سىياسەتتىن ئايرىش" تۈزۈمى دىنىنىڭ ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇرۇش توختىدىمۇ؟ ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق، ۋەيرانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق دىن سەۋەبىدىن يۈز بەرگەنمۇ؟ كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم دۆلەتلىرى ئاجىز دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئۇرۇشلار دىنىي ئۇرۇشلارمىدى؟ ئىراق، سومالى، چېچەنىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراقلاردا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشلارمۇ دىنىي ئېتىقاد سەۋەبلىك يۈز بەرگەنمۇ؟

ئەگەر ھەركىم دىنغا باھا بېرىشتە ئىنساپلىق بولىدىغان بولسا، ھەر بىر ئىشنى ئۆز ئورنىدا قويىدۇ، بىر دىنىنىڭ سەۋەبىنى باشقا بىر دىنغا ئارتمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا دىنغا بەرگەن باھا ئىلىم ۋە ئەقىل تونىغا ئۇرۇنىۋالغان ھاۋايى- ھەۋەس خاراكتېرىدىكى باھا بولۇپ قالىدۇ.

## دىنغا تايانماستىن ھەممە نەرسىنى بىلگىلى بولمايدۇ

1942. سوئال: دىنغا تايانماستىن ھەممە نەرسىنى بىلگىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: ھېسسىي ئەزالار كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىشنىڭ يولى ئەمەس، ھېسسىي ئەزالار بىلەن بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ھېسسىي ئەزالار بىلەن بىلىش، ئەقىل ئارقىلىق بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئەقىل ئارقىلىق بىلىش ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇد ئەمەس.

شۇنى بىلىش كېرەككى، تەبىئىي پەن بىلەن ھەق دىن ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇد ئەمەس. ھەقىقىي دىن ئىلىم-پەن مېتودىنى مەرىپەتكە يېتىشنىڭ يولى دەپ

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بارلىق مەرىپەتلەرنى بىلىشنىڭ يولى ئەمەس دەپ قارايدۇ. چۈنكى بەزى مەرىپەتلەر نەقىل (رىۋايەت) ئارقىلىق ھېس قىلىنىدۇ، يەنە بەزى مەرىپەتلەر ئەقىل بىلەن يەكۈن چىقىرىش يولى ئارقىلىق بىلىنىدۇ، يەنە بەزى مەرىپەتلەر پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى ئارقىلىقلا ھېس قىلىنىدۇ ۋە بىلىنىدۇ. ئەقىللىق كىشى مەرىپەت تۈرىگە قارىتا بۇ مەرىپەت يوللىرىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلار بەزى مەرىپەت يوللىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بەزىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر- تەبىئىي يەن يېتەلمەيدىغان شۇ مەرىپەتلەرگە قاتتىق ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن قايسىبىر دىنغا-گەرچە ئۇ دىن باتىل دىن ياكى ئۇنىڭدا بەزى قاراشلار خاتا بولسىمۇ- ئېسىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن كائىنات كۆرۈنۈشلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرگەن زور ئىلمىي كەشپىياتلار-خاتا چۈشەندۈرۈش سەۋەبىدىن- كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ، تەجرىبە ئىلمىي ئىنساننى دىندىن بىھاجەت قىلىدىكەن، بەلكى دىن مەغلۇپ بولغان جايلاردا تەجرىبە ئىلمىي غەلىبە قىلىدىكەن دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى بۇ تۈردىكى مەغرۇرلۇق دەرىجىسىنى خېلى پەسەيتتى.

ئاتېئىزمچىلار بىلەن سكۇلارىزمچىلار كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلمىي ھەقىقەتلەر دىنىي دەۋالارنى يوققا چىقىرىپ تاشلايدۇ ۋە ئاتېئىزم نەزەرىيىلىرىنى قوللايدۇ دەپ خىيال قىلدۇرۇشتا غەلىبە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئاتېئىزم كۆز قارىشى يالغۇز ئىلمىي قاراشتۇر دەپ خىيال قىلدۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاتېئىزمدىن ئىبارەت بۇ پۇچەك ئېقىم ئىلىم-پەن ئۇقۇمىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە

1943. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغۇز ئەرەبلەرگىلا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنمۇ؟
جاۋاب: بۇ مۇنداق:

(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئەرەبلەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي پەيغەمبەرلىك ئىدى. چۈنكى ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن دىن. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ئىنسانلارغا تۇنجى قېتىم ئۇچۇق ــ ئاشكارا جاكارلىغاندا مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە خاس قىلىپ ئەۋەتىلگەن، ئەمما مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي قىلىپ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[1].

(2) قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە ۋە ئايەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. خۇددى قۇياشتەك روشەن بولغان بۇ ئالەمىي پاكىت قۇرئان كەرىمنىڭ مەككىدە چۈشكەن ئاۋۋالقى ئايەت ۋە سۈرىلىرىدىلا ئېنىق نامايان بولماقتا. ئى مۇھەممەد! بىز سېنى پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق [2].

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىشان ــ مەقسەتلىرىدە ئەسلا ئۆزگىرىش بولۇپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۇ زات ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتا تەدرىجىي يۈكسىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ۋە مەنتىقلىق ئۇسۇل ئىدى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى بىر يوللا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ۋە ئەقىلغىمۇ سىغمايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى ئىنسانلار قەلبىگە ئالدى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈشنى مەركەزلىك تۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەقلىنى ئەقىدە بىلەن مۇستەھكەملىگەن، ئاندىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاشقا ئاساس سالغان ھەمدە ئىنسانلار ئادەتلەنگەن ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارە ــ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھاراق بىلەن ئۆسۈم مۇئامىلىسىنىڭ تەدرىجىلىك

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 107- ئايەت

ئۇسۇلى بىلەن ئاخىرى قەتئىي ھارام قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى. ئىسلام دىنىنىڭ مەككىدىكى دەۋەت باسقۇچى ئىسلام ئەقىدىسىنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش باسقۇچى بولۇپ، مەدىنىدىكى باسقۇچى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تەدرىجى تۇرغۇزۇش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئايالى بولغانلىقى

1944. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەچچە ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ ھېكمىتى ۋە سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن 25 ياش ۋاقتىدا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ھەزرىتى خەدىجە ئۇ ۋاقىتتا 40 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن 28 يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ تاكى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر يالغۇز ئۇنىڭ بىلەنلا ئۆي- ئوچاقلىق بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتىگىچە ھەزرىتى خەدىجەنى ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تەرجىمىھاللىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ زات ھەرگىزمۇ شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىدىغان زات ئەمەس ئىدى. ياش ۋاقتىدا بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىپ ئۆتكەن بىر ئادەم ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان ۋاقتىدا قانداقسىگە تۇساتتىنلا جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئاستىدا قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ ياش ۋاقتىدا باشقا ياشلارغا ئوخشاش بۇ خىل لەززەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە پۈتۈنلەي ئىگە ئىدى. لېكىن بىر ئايال بىلەنلا ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە قىز ئالغان ئايالى پەقەت ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇل ئاياللار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشى بىرىنچىدىن ئىنسانىي پەزىلەت، ئىككىنچىدىن شەرئىي مەقسەت بولۇپ، ھېچبىرىنى شەھۋەت ئۈچۈن ئالغان ئەمەس. غازاتلاردا شېھىد بولغانلارنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا ئۈلگە بولغاندەك، ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە بۇ يېڭى دىننى ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن يۈكسەلدۈرۈش نىيىتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەردىن ئۆيلىنىشتىمۇ

ئۆلگە ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئوڭايلىق بىلەن باشقا قەبىلىلەر بىلەن قۇدا - باجا بولمايدۇ، بولغاندا ئۇلارنى ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك جان تىكىپ قوغدايدۇ.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 50 يېشىدا، بىر ساھابىدىن تۇل قالغان ھەزرىتى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشتە ئۇنىڭ ھۆسىن - جامالىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى مەرھۇم ساھابىنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى خىزمەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە بۇ ئايالنىڭ بېشىنى سىلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

(4) ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ھەفسەلەرگە ئۆيلىنىشى ئەڭ ساداقەتمەن ساھابىلىرى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە بولغان كۈچلۈك دوستلۇق ئالاقىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

(5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشىدىكى سەۋەب ئۇھۇد غازىتىدا ئېرى شېھىد بولغان بۇ ئايالغا تەسەللى قىلىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ نىكاھ ئۈچۈن ئۆزۈر سورايدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئىنسانىي ئالىيجاناپ پەزىلەت بىلەن ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ.

(6) ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى ھەزرىتى رەملە ئەينى ۋاقىتتا ھەبەشىستانغا ئېرى بىلەن ھىجرەت قىلغان بولۇپ، ئېرى خرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇنى مۇساپىرچىلىقتا تاشلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئەلچى يوللاپ، ھەزرىتى رەملەنى يات يۇرتتىكى غۇربەتچىلىكتىن ۋە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان ھالدا نىكاھىغا ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان دادىسىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشنى كۆزلىگەن.

(7) ھەزرىتى جۇۋەيرىيە غازاتتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئايال ئەسىرلەردىن بولۇپ، دادىسى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلايدۇ.

(8) ھەزرىتى سەفىيە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىبېشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەسىرگە ئېلىنغان ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ئالدىدا، ئۇنىڭ يا ئۆز ئەھلىگە قايتىش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا بولۇش ئىختىيارىنى بەرگەندە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاللايدىغانلىقىنى

بىلدۈرۈپ، نىكاھقا رازى بولغان ئىدى.

(9) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى زەينەبنى نىكاھىغا ئېلىشى بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ئاھكامىنى ئىجرا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بولغان ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى زەينەب زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ خوتۇنى ئىدى. زەيد ئىبنى ھارىسەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېقىۋالغان ئىدى. ھەزرىتى زەينەب كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن. ئەرەبلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئېلىش چەكلىنەتتى. ئەمما ئىسلام دىنى نەسەبنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئەسلى نەسەبنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ لازىملىقىنى نامايان قىلىش ۋە ئەرەبلەردىكى بۇ ئاساسسىز چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى زەينەبنى نىكاھىغا ئالغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان ئىش. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرى قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى (زەينەبنى) زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق [1].

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىگەنلىكتۇر**

1945. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزگەنلەرنى ئۇلارنىڭ دىنى قوللامدۇ؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزگەنلەرنى ئۇلارنىڭ دىنى ھەرگىز قوللىمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ مەنبەئى ۋە غايىسى بىردۇر. پەيغەمبەرلەر ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر. ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىشەنگەن ئادەم ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى سۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىدۇ. ئۇلاردىن بىرەرسىگە ھاقارەت قىلىشنى ئىمانسىزلىق دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تۈرلۈك كەشپىياتلارنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى ۋە زامان تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشىش، ئىلىم-پەنگە ئۇندەش، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە تەشەببۇس قىلىشقا ئوخشىغا ئېسىل تەرەپلىرى دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلىشقا باشلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ

(1) ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەت

ياۋروپا ئەللىرىدە، خۇسۇسەن ئىلىم، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ناھايىتى تېز تارقىلىشقا باشلىشى بىلەن دۇنيادا سان جەھەتتە ئەڭ چوڭ دىن سانىلىپ كەلگەن خىرىستىئان دىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقى غەرب دۇنياسىدىكى بەزى رادىكال دىنچىلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن دىنىي ئەسەبىيەت تۈرتكىسى بىلەنلا ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كەلسە-كەلمەس ئەيىبلەش، ھەتتا ھەجۋى رەسىمىنى سىزىشقىمۇ پېتىپ يەتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى بىر يېرىم مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلىگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ھۇجۇم قىلغان پىكىرىي تېرروْرلۇقتۇر. بۇ ئەخلاقسىزلىقنى ئىنسانىيەت ئەپۇ قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ غايىسى بىر، ئەقىدىسى بىر، تۇتقان يولى بىر، ۋەزىپىسىمۇ بىردۇر. ساماۋىي دىنلارنىڭ شەرىئەت تەكلىپلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ ئۇنىڭغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت دەۋىتى بىر خىلدۇر.

جورج بىرناردشو مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ئىسانى ئېتىراپ قىلاتتى، ئۇنى خۇددى بىز خىرىستىئانلار ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتى. ئەگەر مۇھەممەد چېركاۋ بايرىقى ئاستىدىكى كۆپلىگەن خىرىستىئانلار قارىلىغاندەك يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان بىرى بولسا ئىدى، ئۇ ئىسانى ئېتىراپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى. مۇھەممەدنىڭ ئىسانى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنىڭ ھەقلىقى ۋە ئەخلاقىي كامالىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەدكە ھاقارەت قىلىش ۋاستىلىك ھالدا ئۇ چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلارنى ھاقارەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلار ئىسا دەۋەت قىلغانلارنىڭ ئۆزىدۇر»[1].

(1) جورج بىرناردشاۋ George Bernard Shaw ماقالىلىرى توپلىمى 667-بەت.

جورج بىرناردشو ئېرلاندىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى 1856-يىلى ئېرلاندىيە پايتەختى دۇبلىن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، پىكىر ئېقىمى ئاتېئىزمچىلاردىن بولۇپ، دىنلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى دادىل سۆزلەيدىغان بىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەشھۇر تىياتىر ئەسەرلىرى يازغۇچىسى بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان. 1925-يىلى ئەدەبىيات ساھەسىدە «نوبېل مۇكاپاتىغا»، 1938-يىلى تىياتىر ساھەسىدە «ئوسكار مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.ھاياتىدا 50تىن كۆپرەك تىياتىر ئەسەرى يازغان. 1950-يىلى نويابىر ئېيىدا ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلمىگەنلەر تۆۋەندىكىلەرنى دىققەت بىلەن تەھلىل قىلسۇن:

(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنى ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇشنىڭ خۇراپاتىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادە قىلىشتەك ئىنسانىي ھۆرمەتكە چىقاردى.

(2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى خۇراپاتلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بولسا، دىنلارنىڭ زورلۇق- زومبۇللۇقلىرىدىن ئازات قىلدى.

(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ئىنسانلارغا بىر ـ بىرىنى كەچۈرۈشنى، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەتتى. كىشىلىك ھوقۇقنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلدى ۋە مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭمۇ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەتبىق قىلدى. ھازىرمۇ بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان يەھۇدىي، خرىستىئانلار ۋە باشقا دىنلار مەنسۇپلىرى تەڭلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە خاتىرجەم ياشاپ كەلمەكتە. بۇ ئىسپانىيىدە مۇندىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، تارىخ بۇنىڭغا شاھىدتۇر.

(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن شەپقەت ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇچار قۇشلاردىن تارتىپ ھايۋانلارغىچە رەھمەت ۋە شەپقەتنىڭ ئەلچىسى ئېدى. ئىسلام نەزەرىدە ھايۋانلارنى ئازابلاشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

(5) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جىمى پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە سۆيۈشنىڭ ئەڭ ئۈلگىلىك نەمۇنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى قىلىپ بېكىتتى.

(6) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتا ئەڭ ئۆلمەس نەمۇنىلەرنى ياراتتى. ئىنسانلار ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، مىللىتى، رەڭگى، تىلى ۋە دىنى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن سانىدى. بۇ ماۋزۇدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەخمىنەن 633-

مىلادىيە يىلى ۋاپاتتىن 3ئاي ئىلگىرى ئوقۇغان ۋىدا خۇتبىسى يېتەرلىكتۇر. ئۇ زامانلاردا كىشىلەر قانۇن ـ تۈزۈم دېگەنلەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئىنسانلار تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن قانۇنلار 1215ـ مىلادىيە يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. 1627ـ مىلادىيە يىلىغا كەلگەندە كىشىلەر«ھەق ـ ھوقۇق» دېگەننى تونۇغان بولسا، 1789ـ يىلى «ئىنسان ھەقلىرى ۋە گراژدانلىق ھەققى» دېگەن باياننامە يېزىلغان. 1948ـ يىلىغا كەلگەندە ئىنسان ھەقلىرى قانۇنى خەلقئارادا رەسمىي ئېلان قىلىنغان.

(7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ شەننى كۆتۈردى. راستچىللىق، ۋاپادارلىق، نومۇسچانلىق ۋە باشقىمۇ ئېسىل ئەخلاقلارنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى، ئىنساننىڭ تاكامۇللىقى قىلىپ بېكىتىش ئارقىلىق ئەدەپ ـ ئەخلاققا، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا، تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە باشقىمۇ يامان ئەخلاقلاردىن، ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولۇشقا چاقىردى.

(8) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىشكە، كائىناتنى كەشىپ قىلىشقا، يېڭىلىقلارنى ئىچىشقا تەشەببۇس قىلدى. ياۋروپادا گالىلى گالىلو زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغىنى سەۋەبلىك چېركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشدى، خارەزىم، ئىبنى ھەيسەم، فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەر بىرى مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم ـ پەنلەرگە تۆھپە قوشۇپ، ئۇلار ساياھەت قىلىپ بىلىم ئىگىلىگەن. تۈنجى بولۇپ ئۇل سالغان ۋە دۇنياغا ئېلان قىلغان كىشىلەر بولۇپ تونۇلغان ئىدى.

(9) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىدىغان، ئىنسانىي ھەۋەسلىرىنى ـباشقا دىنلارغا ئوخشاش ـ بوغۇپ قويماستىن، مەلۇم پرىنسىپلار ئاستىدا قاندۇرىدىغان، روھ بىلەن نەپسى ئىككىسىنىڭ ئىستەكلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى مۇناسىپ ھالدا ھەل قىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار ۋە ھەر قانداق ئەسىرنىڭ شارائىتىغا، يۈكسەك تەرەققىياتىغا تولۇق ماسلىشىدىغان بىر دىننى ئېلىپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ دىن ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى بىلىم ئادەملىرىنىڭ ئىزدىنىش ماۋزۇسى ۋە بىردەك ھەۋىسى بولۇپ كەلمەكتە.

(10) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنياغا ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ ئۈچمەس ئۈلگىلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ «ئىنسانلار خۇددى تارغاقنىڭ چىشلىرىغا

ئوخشاش باپباراۋەردۇر» دېگەن ئۆلمەس شوئارنى ياڭرىتىپ چىقىش بىلەن ھەق ـ ھوقۇقتا، ھۆرمەتتە، دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەشتە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى، ئىنسانلىقتا ھەممە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلدى. ئىنسانلار ھەقىقىي ئىنسانىي قېرىنداشلىقنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ سايىسىدا تېتىدى. رىملىق سۇھەيب، ئىرانلىق سەلمان، ھەبەشىستانلىق بىلال قاتارلىق زاتلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ساھابە (قولداش)بولۇپ سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەرەب ۋە باشقا پۈتۈن مىللەتلەرگە ئۈلگە بولغان ھالدا تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ نامى تىللاردا سۆزلەنمەكتە، روھلىرى دىللاردا يادلانماقتا.

## ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىغان

1946. سوئال: ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالغانمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام قىلىچ بىلەن تارقالغان ئەمەس. بۇ مۇنداق:

(1) قۇرئان كەرىمدە شەخسلەرنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرگەن ئەڭ ئاساسلىق بىر پرىنسىپ بار، ئۇ بولسىمۇ: دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق [1] دېگەن پرىنسىپتۇر. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئىسلام دىنىدا، شەخسنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ياكى رەت قىلىشى پۈتۈنلەي شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىرادىسىگە باغلىق دەپ تەكىتلەنگەن. بۇ پرىنسىپ مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن [2].

قۇرئان كەرىم يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاش ئەمەسلىكىنى ئوچۇق جاكارلىغان.

سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ [3].

سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئىمانغا زورلىغۇچى) ئەمەسسەن [4].

ئەگەر ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۈزەتچى قىلىپ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 256- ئايەت

(2) كەھف سۈرىسى 29- ئايەت

(3) يۇنۇس سۈرىسى 99- ئايەت

(4) غاشىيە سۈرىسى 22- ئايەت

ئەۋەتكىنىمىز يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر [1].

(2) ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا باشقىلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئىسلام ئېتىقادىنى تارقىتىشتا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان يوللارنى ۋە ئۇسۇللارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن [2].

قۇرئان كەرىمدە بۇ خىلدىكى ئايەتلەر 120 دىن ئارتۇق يەردە بايان قىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشتا، ئۇلارنى چوقۇم سالماق ۋە چىرايلىق رەۋىشتە قايىل قىلىشقا تىرىششى، ئاندىن ئۇلارغا قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئەركىنلىكىنى بېرىشى تەكىتلەنگەن.

(3) مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى، يەھۇدىيلارنى ۋە خرىستىئانلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئەسلا زورلىغان ئەمەس. ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن دەۋەت قىلغان ۋە ھەقىقەتنى يەتكۈزگەن، بەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغاندا، «مەدىنە ۋەسىقىسى» دەپ ئاتالغان 52 ماددىلىق شەرتنامىنى ھازىرلاپ، مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان. ھەتتا مەزكۇر ۋەسىقىدە «يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر ئۇممەت» يەنى بىر دۆلەتنىڭ ئوخشاش ھوقۇقلۇق گراژدانلىرى دەپ قەيت قىلىنغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېرۇسالىمنى ئازات قىلغاندا، ئۇ جايدىكى خەلققە ئۇلارنىڭ ھاياتى، چېركاۋلىرى ۋە كرېستلىرى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەھلى سەلىب دەپ ئاتالغان ياۋروپالىق خرىستىئانلار ئېرۇسالىمنى ئىستېلا قىلغىنىدا، پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، مەسجىدى ئەقسانى ئاتخانىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

(4) گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس سىگرىد ھونكا خانىم «ئاللاھ ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس» ناملىق ئەسەرىدە، " ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقىتىلغان" دەيدىغان پاكىتسىز تەلىماتقا رەددىيە بېرىپ «مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. "ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقىتىلغان" دەيدىغان خاتا قاراش ئەمەلىيەتكە تامامەن زىت كېلىدۇ. بۇ يەردە

---

(1) شۇرا سۈرىسى 48- ئايەت

(2) نەھل سۈرىسى 135- ئايەت

ئىسلام دىنىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان زەربە ئادىل بولمىغان» دەپ يازغان.

مۇسۇلمانلار ھېچقانداق بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگىنى يوق. ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئافرىقىغا ئەزەلدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرمىگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت. مۇسۇلمان سودىگەرلەر شۇجايلارغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلەنگەن خەلق ئۆزلىكىدىن مۇسۇلمان بولغان. بۇ خۇددى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئاتۇشتا سۇتۇق بۇغراخاننى ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى بىلەن تەسىرلەندۈرگىنى ۋە ئۇنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلغىنىغا ئوخشاش ۋەقە.

مۇسۇلمانلار قىلىچ بىلەن نەيزىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، مال ــ مۈلكلىرىنى تالان ــ تاراج قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان بېسىمدارلارغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ــ ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا ئىشلەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىشى بىلەن قوشنا دۆلەتلەر ۋە يىراق قىتئەلەردىن ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى مەدىنىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قەۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا دەۋەتچى بولۇپ ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بېسىمدارلار ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق قىيىن ــ قىستاقلارغا ئالىدۇ، بۇ يېڭى دىنى تەرك ئېتىشكە زورلايدۇ. مەككە شەھىرىدە بىلال، ئەممار قاتارلىق ساھابىلارنىڭ بۇ يېڭى دىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك قەۋمى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن قىستاقلارغا ئېلىنىشى، «تۇنجى ئىسلام شېھىدلىرى» دەپ تارىخقا قەيت قىلىنغان ياسىر ۋە سۇمەييەلەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان دىنىدىن قايتماسلىق يولىدا شەپقەتسىزلەر تەرىپىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇلدا شېھىد قىلىنىشى ۋە باشقا زۇلۇملار ۋە ھەقسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى زالىملارنىڭ بۇ زۇلۇملىرىنى توختىتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئاتاغلىق تارىخچى گوستاۋ لوبۇن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنلار كۈچ بىلەن تارقالغان ئەمەس. خرىستىئانلار ئىسپانىيەدىكى ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىۋىدى، ئۇلار ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچمەسلىك بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلۈش، پالىنىش، سولىنىش ۋە قىيىن ــ قىستاقلارغا ئېلىنىشلارغا رازى بولدى. ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىدى. بەلكى پەقەت بىرلا دەۋەت يولى بىلەن تارقالدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارمۇ كېيىنچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشتى» .

دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق ــ ھوقۇق، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكى دېيىلگەن بىرەر خەلقئارالىق قانۇن بولمىغان دەۋرلەردە، مۇسۇلمانلار ئادالەتنى ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا جانلىرىنى، پۇل ــ ماللىرىنى ۋە ھەر قانداق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پىدا قىلغان ئىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۇلارنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن جىھات قىلغان ئەمەس، پەقەت ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك تۇرلۇك ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغانلارنى ئازات قىلىش، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ئۆز دىنلىرىغا داۋام قىلىپ ئىسلام ھىمايىسى ئاستىدا قوغدىلىشنى تەلەپ قىلغانلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش يولىدا جىھاد قىلغان.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدىكى جىھادقا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر ھەققانى كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەس.

1947. سوئال: ئىسلام دىنىدا"مۇقەددەس ئۇرۇش" دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇش بارمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا "مۇقەددەس ئۇرۇش" دېيىدىغان نەرسە يوق. ئۇنىڭدا "ھەققانىي ئۇرۇش"لا بار. ئۆز ۋاقتىدا غەرب دۇنياسىنىڭ بەزى رادىكاللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشىنى قەستەن بورمىلار"مۇقەددەس ئۇرۇش" دەپ جار سالغان. ھالبۇكى، ھازىرغىچە بولغان ئىسلام تارىخىدا ياكى ئىسلام ئىستىلاھىدا ياكى ئىسلام قامۇسلىرىدا "مۇقەددەس ئۇرۇش" دېيىدىغان تەبىر تېپىلمايدۇ. ئەكسىچە "مۇقەددەس ئۇرۇش" ۋە شۇنداق تەبىر غەرب دۇنياسىدىكى ساختىلاشقان خرىستىئان دىنى ۋە چېركاۋلارغا خاس بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار دىن نامىدىن سەلىپ ئۇرۇشلىرىغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قوزغىغان ۋە بۇ ئۇرۇشلىرىنى "مۇقەددەس ئۇرۇش" دەپ ئاتاپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى بۇ ئاتالغۇ ئاستىدا ئاقلاشقا ۋە دىنىنىڭ تەلىماتى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار"مۇقەددەس ئۇرۇش" دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئىسلام دىنى مۇقەددەس ئۇرۇش"دېگەن ئاتالغۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇش دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ھەققانىي ئۇرۇش ئىسلام دىنىدىكى ھەققانىي جىھادنى، ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇش ھەرخىل ئەسەبىي ئۇرۇشلارنى، تاجاۋۇزچىلىقنى كورستىدۇ. ئىسلام دىنى ھەققانىي ئۇرۇشنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئەمما ھەققانىي بولمىغان ئەسەبىي ئۇرۇشلارنى، ھەرخىل تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

# تېررورىزم ۋە ئىسلام

1948. سوئال: ئىسلام دىنى تېررورلۇققا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى سەۋەبى نېمە بولمىسۇن، قانداقلا بىر شەكىلدىكى تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ [1]. مانا بۇ، ئىسلام نەزەرىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ئايەتتۇر.

1949. سوئال: تېررورىزم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىنگلىز تىلىدىكى «Terror»سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «قورقماق، تەشۋىشلەنمەك ۋە سەراسىمگە چۈشمەك» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا «ism» دېگەن قوشۇمچىسىنى قوشقاندا «Terrorism»سۆزى «سەراسىمگە چۈشۈرۈش»، «ۋەھىمىگە سېلىش»، «زوراۋانلىق قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ لۇغەتلىرىدە ياكى ئەرەب ۋە ئىسلام قامۇسلىرىدا، «الترهيب» (قورقۇتۇش) دېگەن سۆز بولسىمۇ، «الإرهاب» (تېررورىزم)دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ . پەقەت ئىنگلىز تىلىدىكى«Terrorism» سۆزىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا «الإرهاب» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «تېررورىزم»ئېقىمى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىرتتىن كىرگەن بىر ھالاكەتتۇر.

11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيان «تېررورىزم»سۆزىدەك دۇنيا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ تالاش تارتىش ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆز يوق. بۇ سۆز شۇنچىلىك كەڭ ئىشلىتىلگەن تۇرۇپ ھازىرغىچە «تېررورىزم»سۆزىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەر، خەلقلەر ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئىتتىپاققا كېلىنگەن، ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىر تەرىپى يوق.

1950. سوئال: تېررورىزم بىلەن جىھادنىڭ پەرقى نەدە؟

جاۋاب: تېررورىزم بىلەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ بارغان جىھاد ئىككىسى ئىككى

(1) مائىدە سۈرىسى 32-ئايەت

ئايرىم نەرسىگە قويۇلغان ئىسىملەر بولۇپ، تېررورىست مۇجاھىد دېيىلمەيدۇ. ھەقىقىي مۇجاھىدمۇ تېررورىست دېيىلمەيدۇ.

يامان نىيەتلىك ئادەملەر تەرىپىدىن تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى بولماقتا. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئايرىم نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋېتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان. قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسى «تېررورىست» دېيىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت يولىغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۆتمۈشلەردىكى ئادالەتلىك پادىشاھلارنى ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ قولىرىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى «تېررورىستلار» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ئەقىل، شەرىئەت ۋە رېئاللىق بۇنداق دېيىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

مىسىرنىڭ سابىق مۇپتىسى، ئەزھەر ئىلىم يۇرتىنىڭ ئالىي ماقامىدىكى شەيخۇلئەزھەر دوكتۇر مۇھەممەد سەئىد تانتاۋىي جىھاد بىلەن تېررورىزم ئوتتۇرىسىدا يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار، دەپ سۆزگە باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: «ئىسلام دىنىدىكى جىھاد ـ ئىككى چوڭ پرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ: بىرىنچىسى، جاننى، مال ـ مۈلۈكنى، ۋەتەننى، ئىنسانىي ھۆرمەتنى قوغداش، ئىككىنچىسى، ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت. ئەمما تېررورىزم- بىگۇناھ كىشىلەرگە چېقىلىش، خۇسۇسەن ئاياللارغا، بالىلارغا ۋە ياشانغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتۇر».

تېررورىزم - يولسىزلىق بىلەن قىلىنىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۇنى شەخسلەر قىلغىنىدەك، دۆلەتلەرمۇ قىلىدۇ. تېررورلۇق ـ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش، ئىنسان ھاياتىنى تەھدىد ئاستىغا ئېلىش ۋە كىشىلەرنى قورقىتىش، ناھەق قان تۆكۈش قاتارلىق ۋەھشىي قىلىقلار بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەۋقەئەسىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان. ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار [1]قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ئىنسان ھاياتىغا تەھدىت قىلىدىغان تېررورىستلارغا بېرىلىدىغان جازانىمۇ ئېنىق

---

(1) مائىدە سۈرىسى 2-ئايەت

بەلگىلىگەن. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1].

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق [2] دېگەن شانلىق پرىنسىپىنى 14 ئەسىردىن بېرى ئېلان قىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىھاد ـ كىشىلەرنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلىش دېگەنلىكنى ئىپادىلىمەيدۇ. جىھاد ئەڭ دەسلەپتە مەككىدىكى زۇلۇم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغان مۇھاجىرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا بۇيرۇلغان ئېدى. ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر [٣].

مانا بۇ، جىھادنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق تەرىپىدۇر.

نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇھۇد»، «بەدىر» ۋە باشقىمۇ جايلاردا يۈز بەرگەن؟

چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئۇرۇشنى ھېچبىر ۋاقىت بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ئەمەس. پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى مەككىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ، 10مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن مەدىنىگە بىرلەشمە ھۇجۇم باشلىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يوللۇق ھالدا جىھاد قىلىپ دۈشمەنگە رەددىيە بەرگەن.

نېمە ئۈچۈن 629ـ يىلى ئىسلام قوشۇنى مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بىر ئادەمنىڭمۇ قېنى ئېقىتىلماستىن تىنچلىق بىلەن مەككە فەتھى قىلىندى؟

چۈنكى ئىسلام دىنى تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ.

(1) مائىدە سۈرىسى 33ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 256ـ ئايەت
(3) ھەج سۈرىسى 39ـ ئايەت

نىمە ئۈچۈن 627- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، مەككە كۈچلىرى ھۇدەيبىيە دېگەن جايدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە ۋە قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى تاڭغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەرگە كۈچى يېتىدىغان دەرىجىدە زور قوشۇننىڭ قوماندىنى تۇرۇپ بۇ ناھەق شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا ۋە مەككىگە كىرەلمەستىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان؟ پەقەت قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

بۇ ۋەقەلىكلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشنى، قان تۆكۈشنى خالىمايدىغانلىقى ۋە تىنچلىقپەرۋەر ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر پاكىتىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ نۇرلۇق تەلىماتلىرى ئارقىسىدا ھەر زامان دىنىغا ۋاپا قىلىپ كەلدى، باشقىلارغا بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچمىدى. بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە يۈز بەرگەن پاجىئەلىك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىسلامغا ئىخلاس قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغا، چوتا پىكىرلىك، ئىسلامنى توغرا چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى كىشىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پىلانلىق سۇيىقەستلىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىپ يەتمەكتە. بۇنىڭ دەلىللىرىمۇ كۆپ.

**خۇلاسە كالام:**

(1) تىنچلىق پەيغەمبەر دەۋىتىنىڭ ئاساسىدۇر. پەقەت پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرگەنلىكى سەۋەب بىلەن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. مۇسا، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملارمۇ جىھاد قىلغان. قولىغا قىلىچ ئېلىش ياخشىلار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان ئىش بولسا ئىدى، بۇ پەيغەمبەرلەر قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلمىغان بولاتتى. بەلكى بۇزغۇنچىلارنىڭ، تېررورىستلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىشىغا، كىشىلەرنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايتتى. ھاياتىدا ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە قولىغا قورال ئېلىپ ئىنسانىيەت دۈشمىنى دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ.

(2) پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان

ھەقىقىي تېررورىستلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقلارغا رەددىيە بېرىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققانىي جىھادلار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر جامائەسى! قەسەم بىلەن بەرگەن ئەھدىلىرىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسسىلەر؟ [1].

(3) پەيغەمبەرلەر ئېلىپ بارغان جىھادلار ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تېررورىستلارنىڭ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ غەيرىي ئەخلاقىي قىلمىشلىرىدىن تامامەن پەرقلىقتۇر. ئالدىنقىسى، قورال كۆتۈرمىگەنلەرگە، ئاغرىقچانلارغا، ئاياللارغا، بالىلارغا، ياشانغانلارغا، ئىبادەتخانا راھىبلىرىغا قەتئىي چېقىلماسلىق، مۇھىتنى بۇلغىماسلىق، ئۆي ـ ماكانلارغا بۇزماسلىق، زىرائەتلەرگە، دەل ـ دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى خورلىماسلىقتىن ئىبارەت پولاتتەك قاتتىق پرىنسىپلار ۋە كەسكىن شەرتلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنكىسى، ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈش، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى يىقىتىش، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (يەنى پەيغەمبەرلىك) بىلەن كەلگەندە، ئۇلار (زالىملار): «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، ئاياللىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) قالدۇرۇڭلار» دېدى [2].

(4) ئىسلام دىنىدىكى جىھاد مۇھاجىرلار(مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغانلار)نى ھىمايە قىلىش ۋە ئەنسار(مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار)نى قوغداش مەقستى بىلەن باشلانغان بولۇپ، قانداق دىن ۋە قانداق ئىرققا مەنسۇپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇش مەقستى باشلانغان.

(5) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان بىر زات ئىدى. ئۇنىڭ مەككە فەتھى بولغان كۈنى بۇرۇن ئۆنى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن ئازابلىغان ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان مەككىلىكلەرنى«كېتىڭلار، سىلەر ئازاتسىلەر» دەپ كەچۈرۈۋەتكەنلىكى بۇ ماۋزۇدا يېتەرلىك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى

(1) تەۋبە سۈرىسى13-ئايەت
(2) غافىر سۈرىسى25-ئايەت

ئىنسانىي ئەخلاقتا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق غەربلىك تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ بەرگەن باھالىرىمۇ بىزنى بۇ ماۋزۇدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

(6) باشقىلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ياشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرىدۇر. تارىختىن بۇيان ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

يۇقىرىلاردىن شۇنداق ئوچۇقلىنىدۇكى، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان بەزى جامائەتلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ئادەملەرنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش، ئۆلتۈرۈش، بىنالارنى، ئاپتوموبىللارنى پارتلىتىش قاتارلىق ۋەھشىلىكلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى جىھاد بىلەن يېقىندىن ياكى يىراقتىن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق!

1951. سوئال: تېررورىزم ئەڭ دەسلەپ قاچان ۋە نەدە مەيدانغا چىققان؟

جاۋاب: غەرب مەدەنىيەت تارىخنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساقمۇ بىز «تېررورىزم» دەپ ئاتىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مىلادىيەنىڭ 14- يىلىدىن 37 يىلىغىچە روماغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان«Tiberiu» بىلەن 37- يىلىدىن 41- يىلغىچە ھۆكۈمران بولغان«Caligula» قاتارلىقلار ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، قارشى چىققۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. كېيىنچە ئىسپانىيىدە «تەپتىش مەھكىمىلىرى» تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك زوراۋانلىق ھەرىكىتى غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تېررورلۇق ۋەقەسىنىڭ ئۇنتۇلماس قارا دېغى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى تۇنجى قېتىم 1974- يىلى مىسىردا ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ھارپىسىدا، مىسىر ھاكىمىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قاتتىق قول سىياسىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا غەربنىڭ سىكۇلارىزم قانۇنلىرىنى تېڭىشقا ئۇرۇنىشى سەۋەبلىك باشلانغان. كېيىنچە باشقا ئىسلامىي جامائەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ ئىشلىتىشكە باشلىغان.

**سەلىب ئۇرۇشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىللىكىگە گۇۋاھتۇر**

1952. سوئال: سەلىب(قىزىل كرېست) ئۇرۇشلىرى قانداق ئۇرۇشلار ئىدى؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى غەرب دۇنياسىغا تارقىلىشقا باشلاپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىشتا نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، غەرب دۇنياسىنىڭ

زوراۋان ھاكىمىيەتلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن خرىستىئان دىن ئادەملىرى ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك كۈچ دەپ قارىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەسىنى ئېلان قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئۇلار غەربنىڭ ئەفرەنجى پادىشاھلىرىنى كۈشكۈرتۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاتتى. ئۇلار ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇددى يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغاندەك دۈشمەن بولۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش ئىدى.

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى تۇتقانلا يەردە ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغانلىرىنى ئۇرۇپ ــ سوقۇپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن پەلەستىندىكى ئېرۇسالىمنى بىر يېرىم ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن 70 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. يەھۇدىيلارنى توپلاپ چېركاۋ بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. مەشھۇر تارىخچى گۇستاۋ لوبۇن ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلمىدى. بەلكى ئۇلار ئېرۇسالىمدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە خرىستىئانلاردىن ئاسىيلىق قىلغانلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا قارار ئېلىپ سەككىز كۈن تۇرماستىن قىرغىنچىلىق قىلىپ 60 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرۈشتە ئايال، كىچىك بالا، ياشانغانلار، دەپ ئايرىپ ئولتۇرمىدى»[1]

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ بۇ قىلغانلىرى قارشىسىدا مۇسۇلمانلار ئادالەت، شەپقەت ۋە ئىنسانپىي ئاساس قىلغان ھالدا ئىش كۆردى. ئەھلى سەلىب مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىلگىنىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن ئەييۇبىي خرىستىئانلارغا تارىختا ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان كاتتا خىزمەتلەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدى. ئېرۇسالىمدا ئەسىرگە چۈشكەن ئەھلى سەلىب پادىشاھلىرىنى، قوماندانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كەچۈرىۋەتتى. غەربكە كېتىشنى خالىغانلارنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويدى. كېسەل ۋە يارىدارلىرىنى داۋالاتتى. ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى.

گۇستاۋ لوبۇن سەلىب ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن خرىستىئانلارغا ئۇلارنىڭ مۇندىن

(1) گۇستاۋ لوبوننىڭ«ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرى327-بەت. گۇستاۋ لوبون فرانسىيىلىك مەشھۇر تارىخچى، 1884- يىلى پارىژدا دۇنياغا كەلگە، شەرق مەدەنىيىتىگە زور ئەھمىيەت بېرىپ ئىزدەنگەنلەرنىڭ بىرى. «ئەرەب مەدەنىيىتى»، «مىسىر مەدەنىيىتى»، «ئەندەلۇستىكى ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتى»، «دىن ۋە ھايات» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

بـۇرۇن مۇسـۇلمانلارغا قارشـى قىلغانلىرىنـىڭ ئوخشىشـىنى قىلىشـىنى خالىمىـدى. ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى مەنئى قىلىـپ، ئـۇلاردىن ئـاز مىقداردا جـىزيە (يىللىق تۆلەم) ئېلىش بەدىلىگە، ئۇلارغـا ئىسـلام دۆلىتىـدە مۇسـۇلمانلار بىـلەن بـىرگە تولۇق ھوقۇقلۇق گىرەۋدان بولۇپ ياشاش پۇرسىتىنى بەردى»[1]

## مۇسۇلمانلار مۇستەملىكچى بولمىغان

1953. سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت تىكلەش ھەرىكىتى مۇستەملىكچىلىكمۇ؟

جاۋاب: بۇ مۇنداق:

(1) ئىسـلام دىنىنـىڭ ھـاكىمىيەت تىكـلەش ھەرىكىتـى ھەرگىزمـۇ بىـر خىـل مۇسـتەملىكچىلىك يـاكى كېڭەيمىچىلىـك ھەرىكىتـى ئەمەس. چـۈنكى مۇسـتەملىكچىلىك مۇسـتەملىكە قىلىنغـان دۆلەتنىـڭ بـايلىقى، يېـزا ــ ئېكىلىـك ۋە سـانائەت بـايلىقىنى تـالان ــ تـاراج قىلىـش ئۈسـتىگە قۇرۇلغـان بولـۇپ، ئـۇ ھەرگىـز مۇسـتەملىكە قىلىنغـان دۆلەتنىـڭ ئىقتىسـاد، مەدەنىـيەت ۋە مەدەنىيلىكىنـى تەرەققىـي قىلدۇرۇشـنى مەقسـەت قىلمايـدۇ. تـارىخ ئىسـپاتلىدىكى، ئىسـلام ھاكىمىيىتىـدىكىلەر ئەزەلـدىن ئادالەتسـىز بولغـان ئەمەس. ئۇلارنـىڭ ھـاكىمىيىتى ھەمىشـە باراۋەرلىـك ۋە كەڭ قورساقلىقنى ئاساس قىلغان. مۇسـۇلمانلار ھـاكىمىيەت يۈرگـۈزگەن مەزگىللـەردە قەد كۆتۈرگەن ياۋروپا قىتئەسىدىكى ئەندەلۇس تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىـدە ئاجايىپ روناق تاپقان بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇسـۇلمانلار ئېلىـپ كەلـگەن مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ــ پەنلەر ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشـقا دۆلەتلەردىـن كەلگەنلەرنـى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش رولىنـى ئوينىغان. ھـازىرمۇ ئـۇ جـايلاردا ئىسلام بىناكـارلىق مىراسلىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكىس ئەتتۈرىـدىغان يادىكارلىقلارنىـڭ ساقلىنىپ تۇرغانلىقى بۇنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر.

(2) مۇسـۇلمانلار ھـاكىمىيەت ئورناتقـان رايـونلاردىكى مۇسـۇلمان ئەمەس پۇقرالارنىڭ جـىزيە تاپشۇرۇشـى تەلەپ قىلىنغـان. بـۇ ئىسلام دۆلەتلىرىنـىڭ ئـۇلارنى قوغدىشى، دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىشى ئۈچـۈن ئېلىنىـدىغان بـاج ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ.

(3) مۇسـۇلمانلارنىڭ ھـاكىمىيەت تىكـلەش ھەرىكىتىنـى ئىقتىسـادىي مەنـپەئەت يۈزىسـىدىن بولغـان دېـيىش، يېقىنقـى زامانـدا غەربنىـڭ ئىسـلام مەملىكەتلىـرىگە يۈرگـۈزگەن مۇسـتەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىـدىن ئىبـارەت تـارىخىي پـاكىتنى

(1) گۇستاۋ لوبوننىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرى329-بەت

يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى تولۇق تېپىمۇ ئۇتتۇشمايدىغان ئىككى ئالەم. مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد ھەيرەگە يېقىن بىر شەھەر بازىرىدىكى پۇقرالار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندا، «ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىيالىساق، سىلەر بىزگە جىزىيە تاپشۇرساڭلار بولىدۇ. ئۇنداق قىلالمىساق بىزگە جىزىيە بەرمەيسىلەر» دەپ يازغان. بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىدىمۇ يۈز بەرگەن. پادىشاھ ھېرەقلە زور قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرىۋاتقان شامغا (ھازىرقى سۈرىيىگە) ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، خالىد ئىبنى ۋەلىد شامنىڭ ھەمىس شەھىرىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان پۇقرالارغا مەكتۇپ يېزىپ: «ھېرەقلە شامغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىش ئىشى بىلەن مەشغۇلمىز، شۇڭا بىز سىلەرنى قوغداپ قېلىشقا ۋەدە بېرەلمەيمىز. بۇ تۆلەپەيلى سىلەرنىڭ پۇل ــ پېچەكلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا قايتۇردۇق. ئەگەر ئاللاھ بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ قالسا، ئوتتۇرىمىزدىكى كېلىشىم داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېگەن. مەكتۇپنى كۆرگەن ھەمىس ئەھلى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قايىل بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئەھلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇش قارىرىغا كېلىپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان.

### ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبلىرى

1954. سوئال: ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشالمايدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

(1) ھازىرقى ئىسلام ئەللىرى ئۆزئارا جېدەللىشىش ۋە پارچىلىنىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتىدۇ. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەمما بۇ پەقەتلا بىر خىل تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق مىللەت باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەڭگۈ مۇشۇ ھالەتتە قېپقالىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزئارا جېدەللىشىش ۋە مالىمانچىلىق قىلىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئاخىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىن ئىبارەت مۇقىمسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بىر كۈنى چوقۇم ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ ئەسلىگە قايتىشىدا ئۈمىد بار.

(2) ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەلىملىرىدە ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى قاتتىق تەرغىب قىلىپ، بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتكە قارشى تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ:

ھەممىگىلار ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار [1] دېگەن ئايىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىدىن كېيىن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى ئۆزئارا قېرىنداشلارغا ئايلاندۇرغان. ئۇلار دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەمكارلىق ۋە سەممىي قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلگىسىنى ياشاپ كۆرسەتكەن ئىدى.

(3) ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان نۇرغۇنلىغان تاشقى ئامىللار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە تاجاۋۇز قىلىشى ئىدى. ئۇلار مۇستەملىكىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. مۇستەملىكىچىلەر «پارچىلاش ئارقىلىق باشقۇرۇش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىسلام ئەللىرىنى ئايىغى تۈگىمەس نىزالارغا ۋە جېدەللەرگە سېلىپ قويۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بېشىدا چېگرا مەسىلىسى كېلىدۇ.

(4) مۇسۇلمانلار مۇستەملىكىچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مۇشكىلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ۋە باشقىلارنىمۇ ئويلاش دېگەن پرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما ئىسلام ئەللىرىنىڭ خۇددى ياۋروپالىقلار ئىچكى نىزالىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قەد كۆتەرگەندەك چوقۇم بىر كۈنى قەد كۆتىرىدىغانلىقىدا شەك يوق.

(5) ئىسلام ئەللىرى مۇستەملىكىچىلەردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېسىمىدىن ۋە سىياسىتىدىن قۇتۇلۇپ بولالىغىنى يوق. شۇڭا ئۇلار كۈچلۈكلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ۋە ئۇلارنىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمان باشلىقلىرى تەختىنى ھەممىدىن بەك سۆيىدىغان، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئىماندىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ بەك يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالغان.

### ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىدۇ

1955. سوئال: ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىشنى ۋەدە قىلغان تۇرۇپ، ھازىر نېمە ئۈچۈن ياردەم قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە بەرگەن ۋەدىسى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 103- ئايەت

ھەقتۇر. ھەتتا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى [1]، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر [2] دېگەن. ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن مۆمىنلەرگە ياردەم قىلغان. لېكىن بۇ ئايەتلەردە ۋە باشقىمۇ ئايەتلەردە كەلگەن «مۆمىن» سۆزى ھەقىقىي مەنىدىكى مۆمىنلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. ھەقىقىي مەنىدە مۆمىن بولالىساق ئاللاھنىڭ ياردىمى بىزنى قورشايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى مۆمىن دەپ ئاتىۋالغان بىلەن بىزنىڭ بۇ مۆمىنلىكىمىز ئاللاھ تائالا تەلەب قىلغان مۆمىنلىككە ياتامدۇ ياكى ياتمامدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى مۇسۇلمانلار قانداق ئىدى؟ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن، ئىسلام ئەخلاقىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ قالغان بىر ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىدىن مەسجىدلەردە بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشتىن باشقىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدا مۇسۇلمانغا خاس ئۆزگىچىلىكلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۈرۈنقى مۇسۇلمانلار ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا كامالىغا يېتىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك شەخسىي مال ـ مۈلكىنى بىر- بىرى بىلەن بۆلۈشۈشكەن، ھەتتا ئەنسارلاردىن كۆپ خوتۇنلىرى بارلىرى ئۆي - ئوچاقسىز مۇھاجىرلارغا «ئاياللىرىمدىن كۆڭلۈڭگە ياقىنىنى تاللىغىن، سۆزىنى بېرىپ، ئىددىتى چىققاندىن كېيىن ساڭا ئۆيلەندۈرۈپ قوياي» دېگەن سەمىمىي تەكلىپنى قويۇش دەرىجىسىگە، ئۇرۇشلاردا بىر- بىرىنى ئاسرىغانلىقتىن، «سەن ھايات قالغىن، سېنىڭ ئورنۇڭغا مەن ئۆلەي» دېگەن مەقسەت بىلەن بايراقنى ۋە ئالدىنقى سەپنى تالىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ناچار روھىي ھالەت ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىگىچە بېرىپ سىڭىپ كەتكەن. بۇلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاددىيسى، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ماشىنا ھەيدەشتە يول تالىشىشتىن باشلاپ مەسجىدلەردە ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىدىن ئاتلاپ، پۇت ـ قوللىرىغا دەسسەپ ئازار بېرىشكىچىلىك پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا.

تۇغرا، ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ساۋابىنىڭ كۆپ بولىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى ئىش. ئەمما ساۋاب ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ساۋابنى كىشىلەرنىڭ

(1) رۇم سۈرىسى 47- ئايەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 139- ئايەت

ياخشى نىيەتكە، ياخشى ئەمەللىرىگە ۋە ئەھۋالىغا قاراپ بېرىدۇ. باشقىلارغا ئازار بېرىپ، ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈۋېلىشنىڭ ۋە باشقىلارنى قىستاپ، ھەتتا قوپچىقىغا چىقىپ ئولتۇرىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ نىيىتىڭ ئارتۇقراق ساۋاب قازىنىش بولغان ئىكەن، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئازار بەرمەستىن، ئىمكانىيەت يار بەرگەن يەردە تۇرۇپ نامازنى ئوقۇساڭمۇ ئاللاھ ساڭا سەن نىيەت قىلغان ساۋابنى ئەلۋەتتە بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە جامائەتنىڭ مۈرىسىدىن ئاتلاپ ئالدىنقى سەپكە ئۆتمەكچى بولغان بىر كىشىنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق ئىبارە بىلەن ئۇنىڭغا: «ئولتۇر! جامائەتكە ئازار بەردىڭ[1] دېگەن.

ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە، بىر-بىرىنى ئالداش، ھەركىم ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىقتىن ئىبارەت ئىسلامغا يات ناچار ئەخلاقلار خۇددى راك كېسىلى بەدەنگە تاراپ ئۇنى كاردىن چىقارغانغا ئوخشاش ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن قاتلاملىرىغىچە بېرىپ ئورۇن ئالغان. بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشلەردە كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولغان گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ نېسىۋە ئالالىغان ياكى ھېچ بولمىغاندا يالغانچىلىق بىلەن ئالدامچىلىقنى ياۋروپالىقلارچىلىك يامان كۆرەلىگەن بولساق ئەھۋالىمىز باشقىچە بولار ئىدى.

بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن «ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلمىدى» دېيەلەيمىز؟ ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ[2] دەپ بېكىتىۋەتكەن تەبىئىي قانۇنىيەت بار. بۇنى ئاددى تىلدا «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيمىز. مۇسۇلمانلار بۇ قانۇنىيەت دائىرىسىدە ۋە ئىسلام كۆرسەتمىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلغان زامانلاردا ئاللاھ تائالا ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز باشقىچە بولۇپ قالغاندا، «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرگەنلەر بىزدىن ئېشىپ كەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەق، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش يوق. ئۆزگىرىش بىزدە بولۇۋاتىدۇ.

ھازىرقى ئىسلام مەملىكەتلىرىنى ۋە ئۆزىمىزنى ياۋروپا مەملىكەتلىرىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا مەسىلىنىڭ تۈگىنى نەدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىمىز.

ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىش روھى بولسا، بىزدە ئۆزىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىمىزدىن شۈبھىلىنىش پاسسىپلىقى بار.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) نەجم سۈرىسى

ئۇلاردا ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكىش روھى بولسا، بىزدە باشقىلار پىچىپ بەرگەننى تىكىش روھى بار.

ئۇلاردا دېموكراتىيە بولسا، بىزدە دىكتاتۇرلۇق بار.

ئۇلاردا ئەركىن سايلام بولسا، بىزدە ساختا سايلام ياكى تەخت مىراسخورلىقى بار.

ئۇلاردا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش بولسا، بىزدە كۆچلۈكلەرگە بېقىنىش بار.

ئۇلاردا تىرىشچانلىق بولسا، بىزدە هورۇنلۇق بار.

ئۇلاردا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق روهى بولسا، بىزدە بۈگۈنكى ئىشنى كېلىدىغان يەنە بىر يىلغىچە كېچىكتۈرۈش پاسسىپلىقى بار.

ئۇلاردا ئىنتىزامچانلىق بولسا، بىزدە بىپەرۋالىق بار.

ئۇلاردا ئىنسانىيەتچىلىك بولسا، بىزدە تارمىللەتچىلىك بار.

ئۇلاردا ئىجاد ۋە كەشىپ قىلىش روهى بولسا، بىزدە تەييارغا هەييار بولۇش پاسسىپلىقى بار.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلارغا قارىسىڭىز بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى ـ گويا ياۋرۇپالىقلار هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ۋە ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلغان، مۇسۇلمانلارنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دەۋرىدە كۆرىسىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىزدە ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇق جازىسى بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ ناملا قالغان، ئۇنىڭ روهىنى باشقىلار ياشاتماقتا.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىدىن

1956. سوئال: بەزى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا ئىسلام دىنى سەۋەبمۇ؟

جاۋاب: بەزى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىسلامدىن كۆرۈش هەرگىزمۇ ئادىللىق ئەمەس. بۇ مۇنداق:

(1) تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام دىنى روناق تېپىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشقان. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قوشقان تۆهپىسى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭغا تارىخ پاكىت بولالايدۇ. دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئىسلام مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن مەدەنىيلىكنى ۋە كۆپلىگەن ئىلىم ـ پەن تۈرلىرىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(2) قۇرئان كەرىم ئىلمنى ناهايىتى زور قەدىرلەيدۇ. مۇهەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تۇنجى ۋەهيىنىڭ ئوقۇ دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن كەلگەنلىكىمۇ ئىسلام

دىنىنىڭ ئىلمىنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك. مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىمدە ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە ۋە كائىناتقا ئەقىل كۆزى بىلەن نەزەر سېلىشقا چاقىرغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

(3) بۈگۈنكى كۈندە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ئىسلام دىنىغا تېڭىش ئەقىلغا سىغمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەر خىل شەكىلدىكى چېكىنىشكە جېنى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدراك قىلالمىغاندا، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان ئالەمنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بىلەن ماس ھالدا ئالغا ئىلگىرلىيەلمەي قالىدۇ. دېمەك، كەمچىلىك ئىسلامدا ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزىمىزدە.

(4) ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىلىم ـ پەنگە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتكەن. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قېپقېلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدەنگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەلەپكە لايىق مۇسۇلمان بولالمىغانلىقىنى بايقىۋالىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنى تولۇق تەتبىقلانغان ۋە مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشنى ۋە ئىلىم بىلەن قوراللىنىشنى ئىبادەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ چۈشەنگەن دەۋرلەردە ئۇلار باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن؟ نېمە ئۈچۈن ھازىرقى ئۇچۇر ۋە پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدە ئۇلار ئارقىدا قالىدۇ؟ بۇ زاماندا مۇسۇلمانچىلىق بەك كۈچلىنىپ كەتكەنلىكتىن مۇسۇلمانلار زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالدىمۇ ياكى مۇسۇلمانلىق سۇسلاشقان سەۋەبتىنمۇ؟ بۇ سوئالغا ھەركىم ئۆزى جاۋاب تاپسۇن!

# ئىسلام دىنى ۋە ئايال

## ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم ئېلىشىنى پەرز قىلغان

1957. سوئال: ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىلىم ئېلىشىغا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى پەرزلىرىدىن بىرى. ھەتتا مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئوقۇپ، ئۆگەنمەستىن قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا: بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر [1] دېيىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا كىرىشنىڭ شەرتى بولغان شاھادەت كەلىمىسى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىنلا ئېيتىپ قويۇش بىلەن قوبۇل بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[2] دەپ كەسكىن ئېيتقان.

ئىسلام دىنىدا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش پەرزى ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بۇيرۇلغان پەرز بولغىنىدەك، ئەر ـ ئايال ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. ئىسلام تارىخى بىزگە ئىسلامىي ئىلىملەر، ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيەتتە داڭق چىقارغان نۇرغۇنلىغان ئاياللارنى تونۇشتۇردۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئايەت ۋە ھەدىسلاردىن شەرئەت ئەھكاملىرىنى چىقىرالايدىغان ۋە ھەر خىل دىنىي مەسىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ئالىمە ئىدى. كۆپلىگەن ساھابىلار ئۇنىڭدىن ھەدىسلارنى رىۋايەت قىلغان ۋە كۆپىگەن شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگەنگەن. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇستا خەتتات ئىدى.

## ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىشلىشىگە قارشى ئەمەس

1958. سوئال: ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىشلىشىگە قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: بۇ مۇنداق:

(1) ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىشلىشىنى ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسمايدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ مۇناسىپ ئىش ياكى خىزمەت تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە جىھادلارغا قاتنىشىپ

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 19- ئايەت
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

يارىدارلارنى داۋالاش، تېڭىش ۋە ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى كېرەكلىك ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەشكە ئوخشىغان خىزمەتلەرنى قىلاتتى.

(2) ئاياللارنىڭ ھەق ــ ھوقۇقلىرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئەرلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققى قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ناھايىتى ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بەزى ئىسلام ئەللىرىدە ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىن شەكلىنىش، ئۇلارنى جەمئىيەت ئىشلىرىدىن يەكلەش، ھەتتا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشىغىمۇ توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان تەقلىدىي ئادەتلەر ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئەرەبلەرنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىسلام روھىغا يات كېلىدىغان بۇ خىلدىكى تەقلىدىي ئادەتلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگە بولالمايدۇ. چۈنكى ئىسلام پرىنسىپلىرى باشقا نەرسە، بۇ ئادەتلەر باشقا نەرسە بولۇپ، ئىككىسى ئىككى دۇنيادۇر. بۇنى ئايرىۋېلىش لازىم. مۇسۇلمانىنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىم، ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر!

**ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىغا قارشى ئەمەس**

1959. سوئال: ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەل تۇتۇشىغا قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەنسەپ تۇتۇشىنى توسمايدۇ. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى، ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ، ئۆزىگە مۇناسىپ مەنسەپلەرنى تۇتسا بولىدۇ. فىقھشۇناس ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايال كىشىنى ئۆزلىرىگە ئەمەلدار قىلغان خەلق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاياللارنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى جائىز ئەمەس دەپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا قاراپ ئېيتىلغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشاھ قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق دېگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەنسەپ تۇتۇشىنىڭ جائىزلىقىنى سۆزلەيدۇ. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ سەبە مەملىكىتىنىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىسنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشلارنى ئەپچىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان بۇيۇك ماھارىتى ۋە تەجرىبىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، دۇنيادا ئەرلەرگە تېگىشكىلى بولمايدىغان ئاياللارنىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

بارلىقنى، ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشلارنى ئاياللارنىڭ بېجىرەلەيدىغانلىقنى بايقىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى ئاياللىرى بىلەن كېڭەشكەنلىكمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنىڭ ئىقتىدارىنى، تەجرىبىسىنى ۋە قابىلىيىتىنى ئاددى سانىمايدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر[1].

(1) مىسىر دىن ـ ۋەقفە ئىشلىرى مىنىستىرى، ئىسلام دىنىي ئىشلىرى ئالىي كېڭەشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ «ئىسلام دىنىغا بولغان خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە» ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ پايدىلىنىلدى.

## ئون ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام خەلىپىلىكلىرى

## ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1960. سوئال: ئىسلام دۆلىتى دېگەن قانداق دۆلەت ؟

جاۋاب: ئىسلام دۆلىتى دېيىلگەن ھامان كىشىلەرنىڭ خىيالىغا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا قىتئەسىدە، جاھالەت بىلەن خۇراپاتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئى بولغان خىرىستىئان چېركاۋلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋە ئاخىرى ئومۇميۈزلۈك خەلق ئىنقىلابى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان دىن دۆلەتلىرى كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. چۈنكى دىن دۆلىتى تار دائىرىدە، ئىسلام دۆلىتى كەڭ دائىرىدە بولىدۇ. «ئىسلام» سۆزىنىڭ مەنىسمۇ «دىن» سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە كەڭدۇر. شۇڭا ئىسلام فىقھشۇناسلىرىنىڭ نەزەرىدە «دىن» ئىسلام شەرىئىتىدە قوغداش پەرز بولغان 5 چوڭ زۆرۈرىيەتنىڭ بىرى سانىلىدۇ. ئۇلار: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ۋە مال - مۈلۈك قاتارلىقلاردۇر. مۇندىن باشقا " ئىسلام تەربىيىسى" دېگەن سۆز پۈتۈن تەربىيە ساھەلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ،" دىن تەربىيىسى" ئىسلام تەربىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەربىيە تۈرلىرىدىن بىرىدۇر[1].

### ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتىنىڭ پەرقى

1961. سوئال: ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتىنىڭ نېمە پەرقى بار؟

جاۋاب: ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. مەسىلەن:

(1) ئىسلام دۆلىتى ئەركىن سايلام، ئىختىيارىي بەيئەت ۋە ئورتاق كېڭەش ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان دۆلەت. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ: ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن [2] دېگەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنى سۈپەتلەپ: ئۇلار ئىشلارنى ئۆزئارا كېڭەشىش ئارقىلىق بېجىرىدۇ [3] دېگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمما دىن دۆلىتى "دىن ئادەملىرى" نىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدىغان دۆلەتتۇر. بۇ خۇددى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا قىتئەسىدە خىرىستىئان

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇددەۋلە فىل ئىسلام» ناملىق ئەسىرىنىڭ 58- بېتىدىن.

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 159- ئايەت

(3) شۇرا سۈرىسى 38- ئايەت

چىركاۋلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ھۆكۈم سۈرگەن دىن دۆلەتلىرىگە ئوخشاش.

(2) ئىسلام دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقى (خەلىپە ياكى رەئىس) خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىككە سايلانغانلىق قىسسىسى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. چۈنكى خەلىپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەيىنلەپ قويغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇسۇلمانلار كېڭىشىش ئارقىلىق سايلاپ چىققان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىق خەلىپىلەرمۇ شۇ تەرىقىدە سايلانغان. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئالدىنقىسى تەيىنلەپ قويغان ئەمەس. ئەمما دىن دۆلىتىدە سايلاش بولمايدۇ، دۆلەت باشلىقى دىنىي ماقامنىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن تەيىنلىنىدۇ ياكى دىنىي ماقامنىڭ ئۆزى بولىدۇ.

(3) ئىسلام دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقى ئىسلام شەرىئىتى تەرىپىدىن قويۇلغان شەرتلەر ۋە چەكلىمىلەر دائىرىسىدە ئىش كۆرىدۇ. باشلىق خاتالاشسا خەلقنىڭ قارشى چىقىش ۋە ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «باشلىققا بويسۇنۇش پەقەت شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما دىن دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقى مۇتلەق ئەركىن بولۇپ، پۈتۈن ئىشلاردا ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ھوقۇقى بولمايدۇ. قارشى چىققۇچىلار ھامان «كاپىر» لىققا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېغىر جازالارغا يولۇقىدۇ.

(4) ئىسلام دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقىغا بويسۇنۇش ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلار دائىرىسىدە بولىدۇ. باشلىق مۇسۇلمانلىققا توغرا كەلمەيدىغان بىرەر قانۇن چىقارسا، ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەرزدۇر. چۈنكى بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز بولغان " ئەمر- مەرۇپ، ۋەز ــ نەسىھەت" قاتارىغا كىرىدىغان ئىش. بىرىنچى خەلىپىنىڭ «مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇددەتچە ماڭا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ماڭا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلسام ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر يامان قىلسام ماڭا قارشى چىقىڭلار» دېگەن سۆزى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇۋاتقىنىدا، بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىققان ۋە ئۇنى تەنقىدلىگەندە، «ئۆمەر خاتالاشتى، بۇ

(1) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئايال توغرا قىلدى»[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما دىن دۆلىتىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە قار شى چىقىش دىنغا قارشى چىققانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ياۋروپادا خەلقنى جاق تويغۇزغان ۋە ئۇلارنى "دىن" دېگەن ئاتالغۇدىنمۇ قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويغان سەۋەبنىڭ بىرى بۇ ئىدى.

(5) ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى ئۆزىنى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا ۋاپادار خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە سايلانغان ۋاقتىدا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا قىلغان تۇنجى نۇتقىدا: «ئەي خالايىق! مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى مېنىڭ ئىختىيارىمسىز ھالدا ئۈستۈمگە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، ئەڭ ياخشىسى سىلەر بۇ ئامانەتنى مەندىن ئېلىڭلار، ئۆزۈڭلار خالىغان بىرىنى سايلىۋېلىڭلار»[2] دېگەن. لېكىن پۈتۈن خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىكىگە ھەممە بىردەك رازى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىر ئاۋازدا سۆزلىگەن. ئاندىن ئۇ سۆزىگە داۋام قىلىپ: «ئەي خالايىق! ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغان كىشىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇددەتچە ماڭا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام ماڭا بويسۇنۇش يوق» دېگەن. ئەمما دىن دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقى خەلقنىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى دىن ۋە قانۇن ھېسابلىنىدۇ.

## مەدىنە ئىسلام دۆلىتىدە گىرۋەدانىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى كاپالەت قىلىنغان

1962. سوئال: مەدىنە ئىسلام دۆلىتىدە گىرۋەدانىلارنىڭ ھوقۇقى قايسى دەرىجىدە ئىدى؟

(1) ئىمام ھاكىم رىۋايىتى

(2) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ 7- خەلىپىسى، ئىسلام تارىخىدا ساھابىلاردىن خۇلافائۇرراشىدۇن دەپ ئاتالغان ئۆلگىلىك 4 خەلىپىنىڭ بەشىنچىسى، ھىجرىيە 61- يىلى (680،) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزى لەيلانىڭ ئوغلىدۇر. مۇنداقتا ئۆمەر ئىبنى ئابىندۇلئەزىزى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ چەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 717- يىلىدىن 720- يىلىغا قەدەر (ئىككى يېرىم يىل)خەلىپىلىك قىلغان. ئادالەتپەرۋەرلىكى، كەمتەرلىكى، تەقۋادارلىقى، باشقا خەلىپىلەردەك مال ـ دۇنيا توپلاشقا تىرىشماسلىقى بىلەن شوھرەت قازانغان بولۇپ، زامانىسىدىكى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئۆلگىلىك خەلىپىلەر سانالغانلىقتىن، خۇلافائۇرراشىدۇن ـ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق ئۆلگىلىك خەلىپىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز 101- ھىجرىيتە (720م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ ھەلەب شەھىرىگە يېقىن دىر سەمئان دېگەن يېرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قول ئاستىدىكى ۋالىيلاردىن بىرىنىڭ زەھەر بېرىشى بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

جاۋاب: مەدىنە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە مۇشرىكلەردىن تەركىب تاپقان گراژدانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى، ئۆزئارا بىر- بىرىگە يول قويۇپ تىنچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش ئەھۋالى ھازىرقى ئەڭ ئىلغار دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، ھەتتا بەزى تەرەپلەردە دېموكراتىيىدىنمۇ ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغىنىدا، ئېلان قىلغان 52 ماددىلىق «مەدىنە ۋەسىقىسى» ئىنسانىيەت تارىخىدا، بىر دۆلەتتە ياشايدىغان ھەر قايسى دىندىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداش ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان تۇنجى دەستۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەتتا "دېموكراتىيە" ۋە "ئىنسان ھەقلىرى" دېگەنلەر مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى يېقىنقى ئەسىرلەردىمۇ مەۋجۇد بولۇپ باقمىغان تەڭداشسىز دەستۇر سانىلىدۇ.

### مەدىنە ۋەسىقىسى ۋە ئۇنىڭ جارىي قىلدۇرۇلۇشى

1963. سوئال: «مەدىنە ۋەسىقىسى» دېگەن نېمە؟

جاۋاب: «مەدىنە ۋەسىقىسى» مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مەدىنە دۆلىتى تەركىبىدىكى گراژدانلىق ھوقۇقى، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بارلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ۋەتەننى تاشقى كۈچلەرنىڭ قانداقلا بىر ھۇجۇمىدىن بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىش مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېلىشىم ياكى شەرتنامە خاراكتېرلىك باياننامە ئىدى.

«مەدىنە ۋەسىقىسى» يەنە" ئىنسان ھەقلىرى" باياننامىسىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ، ئېلان قىلغان سانىلىدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ كۆپ دىنلىق دۆلەتتە، گراژدانلارنىڭ دىنىي جەھەتتە توقۇنۇشسىز ھالدا تىنچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىشىنىڭ ئۇلگىلىرى تۆۋەندىكى ماددىلاردا ئورۇن ئالغان:

-مەدىنە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى ھەر بىر گراژدان ھەق ـ ھوقۇقلاردا، دىنىي ئېتىقاد ۋە ھەركىم ئۆز دىنىغا كۆرە ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكىدە، مەجبۇرىيەتلەردە، سوت ئالدىدا ۋە جازادا ئوخشاشتۇر.

- مەدىنە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى مۇھاجىرلار(مەككىدىن كەلگەنلەر) بىلەن ئەنسارلار (مەدىنىلىكلەر) ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلاردۇر.

- يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر ئۇممەتتۇر. بىر-بىرىگە زۇلۇم ياكى

ئادالەتسىزلىك قىلىشقا، بىر-بىرىگە قارشى سىرتقى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشكە بولمايدۇ.

- خرىستىئانلار مەيلى زېمىنىنىڭ شەرقىدە، مەيلى غەربىدە، مەيلى يېقىندا ياكى يىراقتا بولسۇن، مەيلى ئەرەب ياكى ئەجەم بولسۇن، ئىسلام دۆلىتى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتگاھلىرىنى قوغدايدۇ.

- مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە تەۋە خرىستىئانلار ئەگەر چىركاۋ سېلىشقا ياكى رېمونت قىلىشقا ھاجەتلىك بولسا، دۆلەتنىڭ ئۇلارغا بۇ ئىشتا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ھەقسىزلىكلەرگە ۋە دۈشمەنلىككە قارشى تۇرۇش پۈتۈن گىراژدانلارنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىدۇر.

- ھاكىم بىلەن مەھكۇم (رەئىس بىلەن پۇقرا) قانۇن ئالدىدا باپباراۋەردۇر[1].

## ئىسلام دۆلىتى باشقا دىنلارغىمۇ يول قويغان

1964. سوئال: ئىسلام دۆلىتى باشقا دىنلارنى ئېتىراپ قىلغانمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دۆلىتى ئۆزۈن ئەسىرلىك ئىنسانىيەت تارىخىدا باشقا دىنلارنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، ھەر بىر دىنىنىڭ ئەھلىگە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بەرگەن تۇنجى دۆلەتتۇر. شۇڭا 14 ئەسىرلىك ئىسلام تارىخى جەريانىدا، ئىسلام دىنى بىرەر دىنغا ياكى شۇ دىنىنىڭ ئەھلىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقىنى يوق. بۇنىڭغا باشقا دىنلارغا مەنسۇپ ئالىملارمۇ گۇۋاھتۇر. مۇسۇلمانلار پەقەت ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىنى توسىۋالغان ۋە خەلقنى ھەق دىنىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان، ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بارغان ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە ئىسلام دۆلىتىگە تەھدىت سالغان مۇستەبىد ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى خەلقنى باشلىقلىرىغا چوقۇنۇشنىڭ خارلىقىدىن ئازاد قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلدىغان، ئىنسانلاردىن قورقمايدىغان ئەزىزلىققا ئېلىپ چىققان يېرى بار. چۈنكى ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل بىر دىن. ئۇنىڭ دەۋىتى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى بارلىق ئىنسان ئەۋلادىغا يەتكۈزۈش ۋە زېپىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ ھەر قايسى پادىشاھلارغا ئىسلام ئەلچىلىرىنى تۇرماستىن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چىرايلىقچە سۆھبەت،

(1) مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى دوكتور مۇھەممەد مۇختار مەھدىنىڭ «مەدىنە ۋەسىقىسى ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى» دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىگەن لېكسىيىسىدىن. «مىسىردا چىقىدىغان «ئەتتىبيان» ژۇرنىلى 2009- يىلى يانۋار سانى».

ئېسىل ئۆلگە ۋە ئەدەپلىك سۆزلەر بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

ئەمما باشقا دىنلارنىڭ ئىگىلىرى، ھەتتا ساماۋىي دىنلارنىڭ كاتتىلىرىمۇ باشقىلارنىڭ دىنىنى ياكى ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىش دېگەننى تېخى يېقىنغىچە بىلمەيتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بۇختەنەسسەر قوشۇنلىرىنىڭ پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىنى ۋە ئىشقا يارايدىغان ئادەملىرىنى قىرىپ تۈگىتىپ، ئىبادەتگاھلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، قالغان يۇقرالىرىنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، مىلادىيە 3- ئەسىرگىچىلىك (ئىمپېراتور كونىستانتىنىن خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر) رىملىقلارنىڭ خرىستىئانلارنى بۇددىستىلىققا زورلىغانلىقى ۋە مۇتلەق كۆپ سانلىقنى قىرىپ تاشلىغانلىقى، 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسپانىيىدە خرىستىئان چىركاۋلىرى قۇرغان «تەپتىش مەھكىمىلىرى»نىڭ ياۋروپا بۇددىستلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە يېقىنقى ئەسىرلەردە باشقا دىندىكىلەر قوزغىغان دىنىي ئۇرۇشلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئىسلام دىنى ياكى ئىسلام تارىخى دىنىي ئۇرۇش دېگەننى تونۇمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ئىلاھلىرىنى سۆكمەڭلار [1] دېگەن ئەمرى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، ھېچقانداق بىر دىننى ياكى ئۇنىڭ ئەھلىنى خورلىغان ياكى سۆككەن ئەمەس. ئەمما باتىل دىنلارنىڭ باتىللىقىنى ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىش باشقا مەسىلە. مۇسۇلمانلار قەدىمدىن بىرى مۇشۇنداق ئېسىل پرىنسىپلار دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بارغان تۇرۇقلۇق، ياۋروپانىڭ بەزى دۆلەتلىرىدىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا ۋە شەنىگە تىل ئۇزارتىپ، ھەجۋى رەسىملارنى سىزىشى ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقانلىق ئەمەسمۇ؟! مۇسۇلمانلار قايسىبىر دىننىڭ ئىلاھلىرىنى ياكى مۇقەددەس بىلىدىغان شەخسلىرىنى سۆككەن؟

دىنلارنى ۋە دىنىي مۇقەددەسلەرنى قانۇنلۇق ھالدا قوغداش پىكرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تېخى ئەمدىلا تارتىشىلىۋاتقان بولسا، ئىسلام دىنى مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىلا «دىنلارنى ۋە ئۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كەمسىتمەسلىك، ھەر بىر دىن ئەھلىگە ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خالىغان دىنغا ئەركىن ئېتىقاد قىلىش» ھۆررىيىتىنى يۇقىرىقى «مەدىنە ۋەسىقىسى»نىڭ ماددىلىرى ئىچىدە ئېلان قىلىپ، ئۇنى رەسمىي ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىدى.

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 108- ئايەت

ئىسلام دۆلىتى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ساماۋىي دىنغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ دىنلىرىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، مەجۇسىيلەرنىڭ دىنىنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئەھلى كىتابقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى بەلگىلىگەن.

**ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى**

1965. سوئال: ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۆزى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇجەسسەم بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئالاقىلار، دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ تاشقى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇمائىلىسى، جىنائىي ئىشلار قانۇنى قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدە ــ تەرتىپلەرنى ۋە نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دۆلىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، دىن ئادەملىرى باشقۇرىدىغان دىن دۆلىتى ياكى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئىمپېراتورلۇق دۆلىتى ياكى "دىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇن" دەيدىغان سكۇلارىزم دۆلىتى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈم سۈرىدىغان، باشلىقلىرى خەلق تەرىپىدىن ئەركىن سايلىنىدىغان خەلق دۆلىتىدۇر[1].

1966. سوئال: ئىسلام دۆلىتىنىڭ دېموكراتىيىدىن ئارتۇقچىلىقى نېمە؟

جاۋاب: مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان ۋە ئەمەلدە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ھازىرقى دېموكراتىيەلەردىنمۇ ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدى. مىسىرلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر دوكتور شاۋىي مىسىرنىڭ «ئەل ۋەفد» گېزىتىنىڭ 1986- يىلى 11- سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي ئىسلام ھازىرقى دېموكراتىيە دەستۇرلىرىدىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

(1) شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپىدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دېموكراتىيە قانۇنلىرىنى لايىھىلىگۈچى ئورگانلارمۇ- مەيلى ئۇلار پارلامېنت بولسۇن، مەيلى دۆلەت رەئىسى بولسۇن، مەيلى باشقا قايسىبىر تەرەپ بولسۇن ــ قانۇن

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇددەۋلە فىل ئىسلام» ناملىق ئەسىرىنىڭ 30- بېتىدىن.

چىقىرىشتا قەيتسىز ۋە شەرتسىز ئورگانلار بولۇپ، ئۆزلىرى قانۇن چىقارغۇچىلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇندىن خالىغان ماددىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، خالىغانلىرىنى كىرگۈزەلەيدۇ. ئەمما ئىسلامدا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئورگانلىرىنى، ھەتتا قانۇن چىقارغۇچى ئورگانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ھېچكىم شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. (چۈنكى ئاللاھنىڭ تۈزگەن قانۇنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەمما يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بەلگىلەنمىگەن مەسىلىلەردە، قانۇنشۇناسلار ئىجتىھاد يولى بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئا).

(2) ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە يۈرگۈزۈش ئورگانلىرىغا دۆلەتنىڭ كونتروللىقىدىن مۇستەقىل ھالدا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بېرىش پرىنسىپى ھازىرقى ئەڭ ئىلغار دېموكراتىيە قانۇنلىرىدىمۇ تېپىلمايدۇ. شۇڭا قەدىمقى ۋە ھازىرقى بارلىق قانۇن كىتابلىرىدىكى«قانۇن دۆلەتنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدىغان سۆز ئىسلامدا قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس.

ھازىرقى دېموكراتىيە قانۇنلىرىنىڭ پىكىر، ئېتىقاد ۋە تەشۋىقات ئەركىنلىكىدىن باشلاپ كۆپلىگەن ئىشلاردا ئىنسانلارنىڭ ھۆررىيىتىگە كاپالەت قىلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ»[1].

## دېموكراتىيە بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى

1967. سوئال: دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دېموكراتىيىنى ئاكادېمىيىلىك ئاتالغۇلارغا ھاجەت بولماستىن، ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلىگەندە، خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاپ چىقىشى، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت بولىۋالماسلىقى، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان قانۇن ـ پرىنسىپلارنى ئۇلارغا تاڭماسلىقى، پۇقرالارنىڭ باشلىقلىرىدىن ھېساب ئېلىش، خاتالاشسا ئۇلارغا قارشى چىقىش ھوقۇقى بولىشى دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيىدۇر.

1968. سوئال: ھەقىقىي دېموكراتىيە بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

جاۋاب: دېموكراتىيىنى يۇقىرىقى تەرىپى بويىچە چۈشەنگەن كىشىلەرگە ئايانكى،

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇددەۋلە فىل ئىسلام» ناملىق ئەسىرىنىڭ38-39- بەتلىرىدىن.

ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادىيىتىدۇر! تارىختىن بۇيانقى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش، ھاياتلىقنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىسلام دىنى 14 ئەسىر ئىلگىرى تۈنجى قېتىم قارار قىلغان ھەق ــ ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن: ئىسلام دىنىدا دۆلەت باشلىقىنى پەيغەمبەر تەيىنلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنى جامائەت ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولىشىنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئىمام...»[1]. نامازدىكى ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن ھاياتلىق ۋە بارلىق سىياسەت ئىشلىرىدا ئەھۋال قانداق بولىشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ يامان باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرمايدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر»[2].

مىسىرلىق ئاتاغلىق يازغۇچى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئۇستاز ئابباس ئاققاد ھازىرقى دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ جەۋھىرى ئىسلام دىنىدىن كەلگەنلىكىنى دەلىللەپ «ئىسلام دېموكراتىيىسى» ناملىق بىر كىتاب يازغان. كېيىنچە، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ مىسىرلىق ئىسلامىي يازغۇچى ئۇستاز خالىد مۇھەممەد خالىد ھازىرقى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئىسلامنىڭ ئۆزى دەپ تەسۋىرلىگەن. دېمەك، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلامنىڭ روھىغا مۇۋاپىقلىشىدۇ[3].

ھازىرقى زاماندا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈلگىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

1969. سوئال: ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھازىرقى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە دېموكراتىيە بولمايدۇ؟

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(3) دوكتور يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇددەۋلە فىل ئىسلام» ناملىق ئەسىرى 145- 146- بەتلەر

جاۋاب: مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بۇ يەردە. ئەگەر ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەسىس قىلغان ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەندىزىسى ياكى ئەمەلىيىتى بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار بۈگۈنكىدەك خورلۇقتا، ئېزىلىشكە ۋە كۆچلۈكلەرگە بېقىندى بولۇپ ھايات كەچۈرۈشكە مۇپتىلا بولمىغان بولاتتى.

## مۇسۇلمانلاردا سىياسىي ئىستىبدات دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

1970. سوئال: مۇسۇلمانلاردا سىياسىي ئىستىبدات دەۋرى قاچان باشلانغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋالقى تۆت خەلىپىسىنىڭ زامانىدىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان ئەڭ مۇھىم نەرسىسى ۋە ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەش ۋە ئەركىن سايلام پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئىدى.

ئۆلگىلىك خەلىپىلەر[1] دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بىر قانچە كىشىنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك، كېڭەش ۋە سايلام بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئۆلگىلىك" ئىسلام خەلىپىلىكى" ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمگە ئايلىنىپ قالغان[2]. ئەينى ۋاقىتتىكى ساھابىلار بۇ ئىشقا قارشى چىققان ۋە قەتئىي رازى بولمىغان. ھەتتا بەزى ساھابىلار بۇ تۈزۈمنى قەدىمقى ئىرانلىقلارنىڭ ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان تەخت مىراسخورلىقى تۈزۈمگە ئوخشىتىپ «كىسرالىق تۈزۈمى» دەپ ئاتىغان[3].

(1) ئۆلگىلىك خەلىپىلەر ـ خۇلەفائۇرراشىدۇن ـ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىق ئاۋۋالقى 4 چوڭ خەلىپىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە، ساھابىلارغا تىل ئۇزىتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن ئومۇمەن ئۆلگىلىك كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن سادىر بولغان نالايىق ئىشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزىبىر زىددىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ "ئىجتىھادىتىكى خاتالىق"ى دەپ تونۇيمىز. بۇنىڭغا پۈتۈن ئەھلى سۈننى ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

(3) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فىقھۇددەۋلە فىل ئىسلام» ناملىق ئەسىرى 144- بەت

## تۆنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۆرنەكلىرى

1971. سوئال: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەردە ھاكىمىيەت تۈزۈمى قانداق ئىدى؟

جاۋاب: ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەردە بىرلا ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشاش ئادىتى بولماستىن، ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قەبىلە باشلىقلىرى بار ئىدى. ئەرەبلەر ئۆز ئارىسىدىكى جېدەل ــ ماجىرالار ۋە ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىغا مۇراجىئەت قىلاتتى. ھەر قەبىلە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئارتۇق سانايتتى، شېئىرلىرى ئارقىلىق رەقىب قەبىلىلەرنى سۆكەتتى. بۇ سەۋەبتىن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە دېگۈدەك توقۇنۇشلار ۋە چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئەرەبلەر ئومۇمەن، ئىجتىمائىي جەھەتتىن تارقاق، سىياسىي جەھەتتىن مۇقىمسىز ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامراتلىقتا ھايات كەچۈرەتتى.

باشقا ھەر قانداق بىر مىللەت ئەرەبلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك سانىلاتتى. ئۇ مىللەتلەردە پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاللىبۇرۇن يولغا قويۇلۇپ بولغانلىقتىن، بىر قەدەر بىرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرەتتى. ئەمما ئۇلاردا باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى سايلاپ چىقىش ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان پادىشاھلىق تۈزۈمى سايىسىدا ھايات كەچۈرەتتى.

### ئەرەبلەرنى مىللەت قاتارىغا كۆتۈرگەن نەرسە ئىسلام دىنىدۇر

1972. سوئال: ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كەلگەن ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئەرەبلەر، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان پۈتۈن مىللەتلەر ھەر تۈرلۈك قالاقلىقلاردىن، خۇراپاتلاردىن، ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقلىرىدىن، ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىقلاردىن ۋە سىياسىي تەھدىتلەردىن پۈتۈنلەي ئازات بولۇپ، ئېتىقاد جەھەتتە بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتەك ئىززەت ــ ھۆرمەتكە، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە مۇقىملىق، بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشتى.

### ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى

1973. سوئال: ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى كىم ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن

ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇتلەق ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ بۇيرىغانلارنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۇ جايدا تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ تۇنجى ھاكىمى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغان. ھەتتا غەربلىك ئالىملارمۇ بۇنىڭغا ئىقرار. توماس ئارنولد (Sir.T.Arnold) مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىرلا ۋاقىتتا دىنىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ رەئىسى ئىدى».

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆيگۈ بىلەن ئىتائەت قىلىنغان زات ئىدى**

1974. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قانداق رەئىس ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇزى دۆلەت رەئىسى، دىنىنىڭ بىردىنبىر رەھبىرى بولسىمۇ، ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر تۇتاتتى، ئەتراپىدىكىلەرگە قېرىنداشىنىڭ قېرىندىشىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى قىلاتتى، ھەركىمگە ئىنتايىن مۇلايىم ئىدى، بىرەر كىشىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى، قاتتىق سۆز قىلمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى [1] دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق مۇئامىلە كۆرۈشنى خالىمايتتى، كىشىلەر ئارمان قىلىدىغان ئالىي ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىلىشنىمۇ ياقتۇرمايتتى. بەلكى ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارغا: «مېنى خرىستىئانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى ئۇلۇغلىغىنىدەك ئۇلۇغلىماڭلار. مەن پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن. مېنى "ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى" دەڭلار»[2] دەپ تەلىم بېرەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلگىسىنى ياشاپ كۆرسەتكەن زات ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى ماختاپ:
سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن [3] دېگەن.

شۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ئۇنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق سۆيەتتى. ئادەتتە مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا ياكى

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 159-ئايەت
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(3) قەلەم سۈرىسى 4-ئايەت

قانداقلا بىر باشلىقلىرىغا ئۇلاردىن قورقۇپ ياكى خالىمىسىمۇ مەجبۇرىي ھالدا ئىتائەت قىلسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ۋايىغا يەتكەن ئىخلاس ھەم ساداقەت بىلەن ئىختىيارىي ئىتائەت قىلاتتى.

## ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر سۆيگۈسىدىن ئۆرنەكلەر

1975. سوئال: ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر سۆيگۈسى قايسى دەرىجىدە ئىدى؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ساھابىلىرى ئۇنى ئاتا-ئانىسىدىن، بالىلىرىدىن ۋە دۇنيادا قىممەتلىك سانالغان ھەر قانداق نەرسىسىدىن ئارتۇق سۆيەتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «پەيغەمبەر مۆمىنلەر ئۈچۈن جانلىرىدىنمۇ چارىدۇر»[1] دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈ-ئىخلاسىغا گۇۋاھ بولغان. چۈنكى ساھابىلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھەممىدىن بەك تونۇغان ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن ئۈلگىلىك كىشىلەر ئىدى. «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەن بولغانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن»[2].

تۆۋەندە بۇ ماۋزۇدا بەزى ئۈلگىلەر بېرىلىدۇ:

### ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقى

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرەت ئەسناسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم، مەن قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدىم، بىر قەدەھ سۈتنى ئەكىلىپ، ئاۋۋال ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇندۇم، ئۇنىڭ ئۇنىماسلىقىغا قارىماي، سۈتنى ئاۋۋال ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈتنى ئىچىپ راھەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇم بىردىنلا بېسىلىپ قالدى».

### ئەبۇ بەكرىنىڭ غەمكىنلىكى

مەككە فەتھى بولغان كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافە مۇسۇلمان بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەممە

(1) ئەھزاب سۈرىسى 6-ئايەت.

(2) مۇجادەلە سۈرىسى 22-ئايەت.

شۈنچىلىك زور خوشال بولىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ئالەمچە خوشاللىقتا تولىشى كۈتۈلگەن بۇ كۈندە، ئۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ مېنىڭ ئاتام بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، چۈنكى بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكرەك سۆيۈندۈرەتتى».

## بىلالنىڭ ھەسرىتى

ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى مۇئەززىن، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا ئەڭ قاتتىق قايغۇرغان ساھابىلارنىڭ بىرى ئىدى. بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇئەززىنلىكنى تاشلايدۇ ۋە شېھىدلىق شەربىتىنى ئىچىش ئارزۇسى بىلەن شامغا بېرىپ جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رۇخسەت سوراشقا بارىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا: «ئەي بىلال سەن مەدىنىدە قېلىپ بىزگە مۇئەززىنلىك قىلغىن» دېگەندە، بىلال ئەبۇ بەكرىگە: «ئەگەر سىز مېنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئازاد قىلىۋەتكەن بولسىڭىز، ئىش سىز دېگەندەك بولسۇن. ئەگەر مېنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلغان بولسىڭىز، مېنى يولۇمدىن توسماڭ» دەيدۇ. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا: «بەلكى مەن سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ئازاد قىلغانتىم» دەيدۇ، بىلال شامغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يىللاردىن كېيىن چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەي بىلال! بۇ نېمىدىگەن ۋاپاسىزلىق، بىزنى زىيارەت قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟!» دەيدۇ. ھەزرىتى بىلال شۇنىڭ بىلەن دەرھال مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر

(1) بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسلىدە ئېفىيوپىيىلىك قارا تەنلىك كىشى بولۇپ، مەككىدىكى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف دېگەن ئادەمنىڭ قۇلى ئىدى. بىلال مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇمەييە ئۇنى ئىسلامدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن تۆرلۈك چارىلىرىنى قوللانغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىق ۋاقتىدا، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن تاشقا باستۇرۇپ ئازابلىغان. لېكىن بىلالنىڭ جاۋابى: «ئەھەد، ئەھەد» يەنى (ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر) دېيىشتىن ئىبارەت بولغان ۋە ئىماندىن قەتئىي يانمىغان. بۇ ۋەقەلىكنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى خوجايىنىدىن قىممەت پۇلغا سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەن. بىلالنىڭ ئاۋازىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىن قىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھلى جەننەتتى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن شامغا بېرىپ شۇ جايدا ۋاپات بولغان قەبرىسى ھازىرقى ئېئوردانىيە پايتەختى ئوماندا.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۆزۈنىچە يىغلاپ كېتىدۇ. مەدىنە ئەھلى بىلالنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ ئەزان ئوقۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بىلال مۇنارىغا چىقىپ ئەزاننى باشلاپ «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەن يەرگە كەلگەندە بۇلۇقلاپ يىغلاپ كېتىپ، ئەزاننى قايتا- قايتا ئوڭشاپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بىلالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەدىنە ئەھلى ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممىسى سىرتقا چىقىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. ساھابىلار بۇ كۈننى مەدىنە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ يىغىپەزلىك كۈنى دەپ ئاتىغان ئىدى.

## سەۋباننىڭ سېغىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىزمەتچىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر كۈن كەچكىچە يوقاپ كېتىپ، قايتىپ كەلگىنىدە، سەۋبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ «يا رەسۇلەللاھ! سىلىنى قاتتىق سېغىنىپ كەتتىم» دەپ ئىچ-ئىچىدىن يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شۇنىڭغىمۇ يىغلاپ كېتەمدىغان» دېگەندە، سەۋبان: «يا رەسۇلەللاھ! ئۇنىڭغىلا ئەمەس، مەن سىلىنىڭ جەننەتتىكى ئالىي ئورۇنلىرىنى ۋە مەندەك بىر ئادەتتىكى بىر كىشىنىڭ ئورنىنى ئويلاپ، سىلى بىلەن جەننەتتە بىر جايدا بولالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن قايغۇردۇم» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا: ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغانلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدىگەن ياخشى ھەمراھلار! [1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق سەۋباننى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

## سەۋادنىڭ ئارمىنى

ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزغاندا، ئۇلارغا سەپتى رۇسلاش ئەمرىنى بېرىدۇ، ئەسكەرلەر ھەممىسى سەپنى تۈزەپ تۇپتۈز تۇرىشىدۇ، پەقەت سەۋاد سەپنى تۈزلىمەستىن تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ يەنە ئەسكەرلەرنى سەپنى تۈزەشكە بۇيرۇيدۇ، سەۋاد يەنىلا سەپتە تۈز تۇرمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ «سەۋاد سەپنى تۈزلە!» دەيدۇ، سەۋاد «خوش، بولىدۇ» دەپ قويۇپ يەنە سەپنى تۈزلىمەيدۇ،

(1) نىسا سۈرىسى 69-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى مىسۋاكنى ئۇنىڭ قورسىقىغا تەككۈزۈپ قويۇپ «سەۋاد! سەپنى تۈزلە» دەيدۇ. سەۋاد بۇ ۋاقىتتا«يا رەسۇلەللاھ! قورسىقىمنى بەك ئاغرىتىۋەتتىڭىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنداقتا مەندىن ئىنتىقامىڭنى ئالغىن» دەپ قورسىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە شۇ ھامان سەۋاد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قورسىقىنى سۆيۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن «مېنىڭ ئارزۇيۇم بۇ ئىدى. چۈنكى بىز ھازىر غازاتقا تەييارلىنىۋاتىمىز، بۇ گۈن مەن شېھىد بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن، شۇڭا ئاخىرقى قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك تېنىنى تۇتۇۋالاي دېگەنتىم» دەيدۇ.

**مۇئازنىڭ دەردى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە يولغا سالغىنىدا، ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چىقىپ، مۇئازغا: «يا مۇئاز! بۇ يىلدىن كېيىن مېنى كۆرەلمەسلىكىڭ مۇمكىن، بەلكى سەن مېنىڭ بۇ مەسجىدىم بىلەن قەبرەمدىن ئۆتۈپ قالىسەن» دېگەندە، مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك تۇيۇلغانلىقتىن، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ ۋە ماڭماستىن تۇرىۋالىدۇ. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسەللى قىلىشى بىلەن يولغا داۋام قىلىدۇ.

**ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن**

ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈنى مۇسۇلمانلار زور قولدىن بېرىشكە ئۇچرايدۇ ۋە مەدىنە شەھىرىگە "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىد بولدى" دېگەن يالغان خەۋەر تارقىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەدىنە ئەھلى قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قالىدۇ. شۇ ئەسنادا مەدىنىلىك ئاياللاردىن بىرى، ئۇرۇش بولغان جايغا بېرىپ، ئاتىسى، ئاكىسى، ئوغلى ۋە ئېرى قاتارلىق تۇغقانلىرىنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇلارغا قاراپ قويماستىن، باشقا بىرىنى ئىزدەپ ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالغانلاردىن بىرى، ئايالدىن "كىمنى ئىزدەيسىز؟" دېگەندە، ئايال" مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەيمەن، ئۇ قېنى؟" دەيدۇ، ئۇلار ئايالغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ "ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، سىز ئامانلا بولسىڭىز باشقا مۇسىبەتلەر ھېچ نەرسە ئەمەس، ئاتا-ئانام سىزگە پىدا بولسۇن يارەسۇلەللاھ!" دەيدۇ.

### رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جېنىم قۇربان

زەيد ئىبنى دەسنە ئىسىملىك بىر ساھابىنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئىسىملىك بىر مۇشرىك ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرەيش كاتتىلىرىغا ئەۋەتىدۇ، قۇرەيشنىڭ كاتتىسى ئەبۇ سۇفيان ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن “ ئەي زەيد! ئېيتقىنە، مۇھەممەد سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلسا، سەن ئۆز ئۆيۈڭدە خاتىرجەم ئولتۇرساڭ بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟”دەپ سورايدۇ. زەيد قەتئىيلىك بىلەن“ياق! رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىغا ئاددى بىر تىككەن كىرىپ كېتىشىگىمۇ چىداپ تۇرالمايمەن” دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىدۇ ۋە ئەبۇ سۇفيان دەيدۇ: «مەن ئىنسانلاردىن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نىڭ ساھابىلىرى مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى جېنىنى پىدا قىلىش دەرىجىسىدە سۆيگىنىدەك قاتتىق سۆيگەنلىكىنى كۆرمىدىم»

### سېغىنىپ تۇرالمىدىم

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:“ يا رەسۇلەللاھ! سىز مېنىڭ ئۈچۈن جېنىمدىنمۇ چارە سۆيۈملۈكسىز، سىز مېنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىمدىنمۇ چارە سۆيۈملۈكسىز، ئۆيۈمدە ئولتۇرغىنىمدا، سىزنى سېغىنىپ تۇرالمىدىم، شۇڭا سىزگە كەلدىم دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ: ئالللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغانلار ئاخىرەتتە ئالللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدىگەن ياخشى ھەمراھلار! [1] .

### غەربلىكلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقانلىرى

(1) گۇستاۋ لوبون مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئەڭ يۇقىرى ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە، ئالىيجاناب، ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان، كىشىلەرگە بەكمۇ مېھرىبان، كۆڭلى يۇمشاق، راستچىل، ئىشەنچلىك بىر كىشى ئىدى»[2]

«ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرىگە قاراپ ئۇلارغا باھا بېرىشكە توغرا كەلسە، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) تارىخ تونۇغان مەشھۇرلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى 69-ئايەت

(2) گۇستاۋ لوبوننىڭ «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئەسەرى 67-بەت.

غەربلىك ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مۇتەئەسسىبلىكىگە قارىماي مۇھەممەدنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماقتا. شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن تارىخچىلار دىنىي تەئەسسۇبلىقنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى كۆرەلمەيۋاتماقتا»[1].

(2) ئانى بىسەنتو مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە پەزىلىتىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىن تەشۋىقاتى ۋە تۇرمۇش جەريانىنى چۈشەنگەن كىشى مۇھەممەد ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەن، دەپ تونۇشى مۇمكىن. گەرچە مەن سىزگە ئېيتقان كۆپ ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تارىخىنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئالىيجاناب ئەرەب يولباشچىسىغا نىسبەتەن مېنىڭدە قايتىدىن ئەقىدە باغلاش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن»[2]

(3) رەمادېنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر نىشانى ئۇلۇغ، قوللانغان ۋاستىسى كىچىك، لېكىن نەتىجىسى قالتىس بولۇش ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۈچ ئۆلچەم دېيىلسە، ئۇنداقتا ھازىرقى دۇنيادا كىممۇ مۇھەممەدتەك ئۇلۇغ كىشى بىلەن تەڭلىشەلىسۇن؟ ئەڭ ئاتاغلىق دەپ سانالغان شەخسلەرمۇ پەقەت قورال - جابدۇق، قانۇن ۋە ئىمپېرىيە يارىتالىدى. ئۇلارنىڭ ياراتقىنى پەقەتلا كۈچلۈك ماددىي ھوقۇق بولۇپ، بۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۈگەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەسەرمۇ قالمىدى. لېكىن بۇ كىشى (مۇھەممەد) ئارمىيە، قانۇن، ئىمپېرىيە، مىللەت ۋە پادىشاھلىقنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى پۈتۈن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزگەرتەلىدى. بۇلارلا ئەمەس، ئۇ يەنە ئېتىقاد ۋە قەلبلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ غەلىبە ئالدىدا ئىنتايىن سەۋرچان بولدى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىنى بىرەر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىرلا ئېتىقادقا بېغىشلىدى. ئۇ بىركۈنمۇ توختىماستىن داۋاملىق ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئېلىپ بارغان سىرلىق سۆھبەتلىرى، ۋاپاتى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ھەرگىزمۇ خەلقنى ئالداپ نام - ئابروي قازانغۇچى بولماستىن، ئەكسىچە بىر قەتئىي ئىرادىلىك ئېتىقادچى

(1) گۇستاۋ لوبۇننىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرى 115-بەت.
(2) ئانى بىسەنتونىڭ «مۇھەممەدنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى» ناملىق ئەسىرى 4 - بەت.

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[1].

(4) مايكىل هارت «تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور 100 ئەرباب» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن مۇھەممەدنى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور ئەرباblar تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا قويۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭغا بەزى كىتابخانلار ھەيران قېلىشى ۋە بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەقىقەتەن دىن ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە تەڭلا ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان بىردىنبىر ئۇلۇغ ئەربابتۇر»[2].

(5) توماس كارلايل مۇنداق دېگە: «سىلەر يالغانچى بىر ئادەمنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك بىر كاتتا دىننى بەرپا قىلغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنداق ئادەم تۇپراقتىن ئۆيمۇ ياسىيالمايدۇ. مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ھېچقانداق بىر ئۇستازدىن دەرس ئالغان بىر ئادەم ئەمەس، ئەرەبلەردە خەت يېزىش ئىشى شۇ ۋاقىتلاردا يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر ئىش سانىلاتتى. مۇھەممەد خەت يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى سەھرا ھاياتى ئىدى. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىنمۇ خەۋىرى يوق ۋە ھېچقايسى تەرەپتىن ئالاقىسى يوق ئىدى. مەلۇمكى، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا كۆپ تەپەككۇر قىلىدىغان بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى راستچىللىقى سەۋەبلىك، ئۇنى ھەمراھلىرى «ئىشەنچلىك» دەپ ئاتىشاتتى.

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نى يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋا قىلغان دەپ قارىلىغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان دەلىللەردىن بىرى شۇكى، ئۇ ياشلىقىنىڭ قارام چاغلىرىنى ئايالى خەدىجە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) بىلەن تىنىچ ھالدا ئۆتكۈزدى، شۆھرەت ياكى مەنسەپ ياكى بايلىق ھاسىل قىلىش يولىدا بىرەر يېڭىلىق ئېلىپ كېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ياشلىقى كېتىپ قېرىلىققا قەدەم قويغىنىدا، ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش غەيرىتى ئۇنىڭدىن ۋۇلقاندەك بىردىنلا ئېتىلىپ چىقتى.

بۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ قەلبى سۆيگۈ-مۇھەببەت، مېھىر- شەپقەت ۋە ئىنسانىيەت يېتىدىغان ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ئەھۋالى مال-دۇنيا ياكى مەنسەپ ياكى شۆھرەت تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ ھالىغا قەتئىي ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس، ئۆزىنىڭ شەنىنى چۈشۈرىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىغان، ئىرادىلىك، قورقماس بىر يېگانە

(1) رەمادېنىنىڭ«تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرى 276 -277 - بەتلەر.
(2) مايكىل هارتنىڭ«تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور 100 ئەرباب» ناملىق ئەسىرى 33 - بەت.

شەخس ئىدى»[1].

(6) ھېربېرت جورج ۋېلز مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ئادالەت ۋە كەڭچىلىك دۆلىتىنى بەرپا قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ شەخستۇر. ئەخلاقى ياخشى بولمىغان بىرىنىڭ ئۇنىڭغا جان پىدا قىلالايدىغان دوستلارغا ئېرىشەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى ئەڭ ياخشى تونۇغانلارنىڭ ئۇنىڭ دىنىغا ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئۇنى جېنىدىنمۇ بەك سۆيۈشىنىڭ سىرى ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە ئېسىل پەزىلىتىدىن ئىدى. ئۇ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئادالەت، كەڭ قورساقلىق، باراۋەرلىكنىڭ ئاساسلىرىنى قۇرغان ئۇلۇغ شەخستۇر»[2].

(7) لايتنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىدىن بىلگەن مەلۇماتىمغا ئاساسەن، شۇنى كەسكىن ئېيتىمەنكى، مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ھېچقانداق بىر دىندىن ئىقتىباس ئالغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئاللاھتىن ۋەھيى كەلگەن ۋە شۇ ۋەھيىنى يەتكۈزگەن. مەن مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)كە بولغان چەكسىز ھورمىتىم بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، بىراۋدا ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن قورقماسلىق روھى، نىشانىنىڭ ئېنىقلىقى، ئىشلىرىدىكى راستچىللىق، قەلبىدە سابىت ئىمان، ئۆتكۈر پىكىر، يامانلىق ۋە ئازغۇنلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توغرا ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش قاتارلىق خىسلەتلەر تېپىلىدىكەن، ئۇ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىدىن سانىلىدۇ. مۇھەممەد ئىگە بولغان بۇ ئالىي خىسلەتلەر ئۇنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. خرىستىئانلار ئىساغا توغرا رەۋىشتە ئىمان ئېيتىدىغان بىر زامانلار كەلگەندە، ئۇلار مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام)نى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغان بولىدۇ»[3] .

---

(1) توماس كارلايلىنىڭ «باتۇرلار» ناملىق ئەسەرى 1940- بەت، توماس كارلايل (1795-1881) مەشھۇر ئېنگلىز يازغۇچىسى.

(2) ھېربېرت جوج ۋېلز (1866-1946) ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋە تالانتلىق ئەدىب، «مەخپىي ئادەم»، زامان چاكىرى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان، 1920-يىلى «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق مەشھۇر ئەسەرىنى يازغان.

(3) لايتنېرنىڭ «ئىسلام دىنى» ناملىق ئەسەرى 4-5 بەتلىرى، لايتنېر ئەنگلىيىلىك تەتقىقاتچى بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى، پەلسەپە ۋە خرىستىئانلارنىڭ لاھۇت ئەقىدىسى قاتارلىق ماۋزۇلاردا دوكتورلۇق ئالغان ئىسلام دۇنياسىنى كېزىپ چىققان، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ كاتىپلىرى بىلەن سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەن.

## تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى

1976. سوئال: تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى قايسى دەرىجىدە ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تەسىس قىلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلگىلىرىنى ياراتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشلىرىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى. چۈنكى تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرىدا ۋە ھاكىمىيەت ماقامىدا، ئىرق، دىن، رەڭ ۋە دۆلەت ئايرىمچىلىقىدىن ھالقىغان ۋە«ئىنسانلار خۇددى تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش پاپ باراۋەردۇر، ئەرەبنىڭ ئەجەم (ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر)گە، ئەجەمنىڭ ئەرەبكە، ئاق تەنلىكنىڭ قاراتەنلىككە، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىككە ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر. ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش بىلەنلا (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا)بىر- بىرىدىن ئارتۇق بولالايدۇ»[1] دېگەن ئىسلامىي پرىنسىپنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئېسىل ئۆلگىلىرى نامايان بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادكەردىسى زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەگە ئوخشىغان بىر قارا تەنلىك ساھابىنىڭ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، ئېفىيوپىيىلىك قارا تەنلىك بىلال ئىبنى رەباھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى، شۇنداقلا ئىسلام تارىخىدا تۇنجى مۇئەززىن بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى ۋە ئۆزىگە ئالاھىدە ھەق تونۇلۇشىنى كۈتمەيتتى. بەلكى ھەمىشە مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىندى... [2] دېگەن ئايەتنى تەكرارلايتتى، پەيغەمبەرلىك ۋە ئىنسانلارغا ئەڭ ئالىي ماقامدىكى رەھبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا مەنسىپىدىن ئۆزى، ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە قانداقلا بىر يېقىن كىشىسىنىڭ پايدىسىغا قوللىنىشتىن تامامەن يىراق ئىدى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە پەرقلىق ھۆرمەت كۆرسىتىشىنىمۇ خالىمايتتى. «ماڭا

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) كەھف سۈرىسى 110- ئايەت

باشقا مىللەتلەر بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا بىز ئادالەت ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە ھۇجۇم قىلغاندەك ئۇرۇشقاندەك ئورنىدىن تۇرماقلار»[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! پۇل ـ مېلىمدىن خالىغىنىڭىزنى سورىسىڭىز سىزگە ياردەم قىلالايمەن. ئەمما ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىزگە ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن»[2]. «مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم»[3] دېگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا: «ئەي قۇرەيش جامائەسى! ئۆزۈڭلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار، مەن سىلەرگە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن» دېگەنلىكى، تاغىسى ئاباسقا: «ئەي تاغا! سېنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن»[4] دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىكى كېسەللىك ۋاقتىدا تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغلى فەزل بىلەن كىيوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ياردىمى بىلەن مەسجىدكە چىقىپ مۇنبەردە ئولتۇرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي خالايىق! مەن كىمنى بىرەر قامچا ئۇرۇپ سالغان بولسام، مەندىن ئىنتىقامىنى ئېلىۋالسۇن، مانا مەن مۈرەمنى تۇتۇپ بەردىم. مەندە كىمنىڭ ھەققى قالغان بولسا، مەندىن ھازىرلا ئۇنى سورىسۇن، مانا بۇ مېنىڭ مال ـ دۇنيالىرىم. ماڭا ئۆچى بولغانلار مەندىن قورقمىسۇن، ئۇلارنى قورقۇتۇش مېنىڭ شەنىمگە ياراشمايدۇ. بىلىڭلاركى، مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مەندىن ھەققىنى تەلەب قىلغان ياكى ماڭا رازىلىق بەرگەنلەردۇر. مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا كۆڭلۈم راھەت ھالدا بېرىشنى خالايمەن»[5].

قىسقىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلىشىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى.

### ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى

1977. سوئال: ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكتىكى ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

---

(1) «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» 2- توم 61- بەت
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(4) بەيھەقىي رىۋايىتى
(5) ئىمام تەبەرانىي رىۋايىتى

جــــاۋاب: خۇلەفائۇرراشـــــدۇن دەپ ئاتالغـــــان ئۇلگىلىـــــك خەلىپىلەرنىـــــڭ ئـــادالەتپەرۋەرلىكتىكى ئەهـــۋالى خـــۇددى پەيغەمـــبەر ئەلەيهىسســـالامنىڭ ئـــادالىتىگە ئوخشاش ئىدى. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنهـۇ خەلىـپىلىككە بەيـئەت قىلىنغانـدا، مـۇنبەرگە چىقىـپ، پۈتـۈن مۇسـۇلمانلارنىڭ ئالدىـدا مۇنـداق بىـر مەشهۇر سۆزنى قالدۇرغان: «ئەي خالايىق! مەن سىلەرگە باشلىق بولـۇپ سايلاندىم. بۇ مېنىڭ سىلەردىن ئەۋزەللىكىمنى كۆرسەتمەيدۇ. مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالىسام ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر خاتالاشسام، مېنى بۇ مەنسەپتىن ئېلىۋېتىڭلار»[1].

ئىككىنچــى خەلىــپە ئــۆمەر ئىبنــى خەتتــاب رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ خەلىــپىلىككە ســـايلانغىنىدا مۇنـــداق دېـــگەن: «ئەي خـــالايىق! مېنىـــڭ قانـــداقلا بىـــر ئىشـــتا خاتالاشـقىنىمنى بايقىغـان هامـان ماڭـا تۈزۈتـۈش بېـرىڭلار. چـۈنكى مەنمۇ تـوغرا ـ خاتـادىن خـالىي بولالمايـدىغان ئىنسـانمەن...»[2]. بـۇ ئىككـى خەلىپىـدىن كېـيىن كەلـگەن ئوسـمان ئىبنـى ئاففـان ۋە ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تـالىبلارمۇ شـۇ بـويىچە ئىـش كۆرگەن. شۇڭا ئۇلار "توغرا يولدا يۈرگۈچى خەلىپىلەر" دېگەن مەڭگۈلـۈك شـەرەپلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

تۆتىنچى خەلىپە هەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبـۇ تالىبنىـڭ بىـر تۆمـۈر كىيىمـى يوقـاپ كەتكەن بولـۇپ، بىـر خرىسـتىئاننىڭ يېنىـدىن تېپىلغانـدا، خەلىـپە ئۇنىڭغـا «بـۇ ماڭـا ئائىـــت» دەيـــدۇ، هېلىقـــى خرىســـتىئان ئـــادەم «بـــۇ مېنىـــڭ، قايىـــل بولمىســـىڭىز، مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بار، شۇنىڭ يېنىغا بارايلى» دەيدۇ. شۇنداق قىلىـپ ئىككىسـى شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۆلىتىنىـڭ قازىسـى شـۇرەيهىنىڭ هۇزۇرىغـا بارىـدۇ ۋە خەلىپىمـۇ قازىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرىدۇ، بۇنى كـۆرگەن قـازى خەلىـپىگە هـۆرمەت قىلغـانلىقتىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن خەلىپە سۆزگە باشلاپ: «ئەي قازى بىزنىـڭ دەۋايىمىزنى سورىغان بولسىڭىز» دەيدۇ. قازى: «خـوش، ئـى مۆمىنلەرنىـڭ ئەمىـرى![3] قانداق دەۋايىڭىز بار ئىدى؟» دەپ سورايدۇ. خەلىپە: «بۇ تۆمـۈر كـىيىم مېنىـڭ ئىـدى، خېلى ۋاقىتتىن بېـرى مەنـدىن يوقـاپ كەتـكەن ئىـدى» دەيـدۇ. هېلىقـى خرىسـتىئان ئادەم: «بۇ مېنىڭ» دەيـدۇ. بـۇ ۋاقىتتـا قـازى: «ئەي مۆمىنلەرنىـڭ ئەمىـرى! بـۇ تۆمـۈر كـيىمنىـ سـىزگە ئائىـت ئىكەنلىكـىگە ئىسـپاتىڭىز بـارمۇ؟» دەيـدۇ. خەلىـپە: «راسـت

---

(1) ئىبنى ئەسىرنىڭ «كامىل فى ئەتتارىخ» ناملىق ئەسىرى 2- توم 160- بەت

(2) ئىبنى ئىسهاق رىۋايەت قىلغان، ئىبنى كەسىر سەهىه دەپ باهالىغان قىسسە.

(3) ئەرەبچىسى «ئەمىرۇل مۇئمىنىن» دېگەن بۇ ئۇنۋان ئىسلام خەلىپىلىرىگە ئىككىنچى خەلىپە ئـۆمەر ئىبنـى خەتتابنىـڭ زامانىـــدىن باشـلار قوللىنىلىشـقا باشـلىغان. بىرىنچـى خەلىـپە «پەيغەمبەرنىـڭ خەلىپىسـى» ئەرەبچىسى (خەلىفەتۇ رەسۇلىللاھ) دەپ ئاتىلاتتى.

ئېيتتىڭىز، مېنىڭ ئىسپاتىم يوق» دەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھېلىقى خرىستىئان ئادەم: «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆزىنىڭ تەيىنلىگەن قازىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئاندىن قازى ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلدى، مەن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ چوقۇم پەيغەمبەرلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ كىيىم سىزنىڭ ئىدى، بىر زامانلاردا سىزنىڭ ئېتىڭىزنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى مەن ئېلىۋالغان ئىدىم. مەن بۈگۈن مۇسۇلمان بولدۇم» دەيدۇ ۋە «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە: «سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ، مۇبارەك بولسۇن، بۇ كىيىم سېنىڭ بولۇپ كەتسۇن» دەپ كىيىمنى ئۇنىڭغا بىرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى يۆلەپ ئېتىغا مىندۇرۇپ قويىدۇ.

## كېڭەش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

1978. سوئال: ئىسلام دىنىدا كېڭەش ئورنى نېمە؟

جاۋاب: كېڭەش ۋە ئىشلارنى كېڭەش يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىدا باشقا دىنلاردا بولغىنىدەك «دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي بېسىمدارلىق تۈزۈمى يوق. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش، پىكىر بېرىش، كۆز قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكىگە ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىدىغان يېگانە دىندۇر. ئىسلامنىڭ ھەر بىر دەۋرىدە ئەھلى ئىلىم، پىكىر ۋە ئەقىل ئىگىلىرىدىن تەشكىللەنگەن كېڭەش ئەزالىرى بولىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، مۇشكىلاتلارنى ۋە ھەر خىل يېڭى مەسىلىلەرنى ئورتاق كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ[1].

### تۇنجى ئىسلام دۆلىتىدىكى كېڭەش

1979. سوئال: تۇنجى ئىسلام دۆلىتىدە كېڭەش قانداق ئىدى؟

جاۋاب: تۇنجى ئىسلام دۆلىتىدىكى كېڭەش دىن ئىشلىرىدا مۇتلەق شەكىلدە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىگە يۆلىنىش، ھەققىدە ۋەھيى كەلمىگەن دۇنيالىق ئىشلاردا پىكىر ۋە ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن كېڭىشىپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ: ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [2] دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا «ئەسھاب شۇرا» دەپ ئاتالغان ۋەزىرلىك ماقامىدىكى تاللانغان كېڭەش ئەزالىرى بار ئىدى. ئۇلار بىلەن ھەققىدە ۋەھيى كەلمىگەن دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەش قىلاتتى. مەسىلەن: بەدىر ئۇرۇشىغا چىققان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر جايدا ئورۇن تۇتۇشنى قارار قىلغاندا، ھۇبباب ئىبنى مۇنزىر ئىسىملىك بىر ساھابە پەيغەمبەر

(1) سەييىد ئەھمەد ئەجۇزنىڭ «مەناھىج شەرئىەتۇل ئىسلامىيە» ناملىق ئەسىرى 129- بەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 159- ئايەت

ئەلەيھىسسالامدىن " يا رەسۇلەللاھ! بۇ جايغا ئورۇنلىشىش ئالالھنىڭ ۋەھىيسىمۇ ياكى سىزنىڭ رەيىڭىزمۇ؟" دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام " بەلكى بۇ مېنىڭ رەيىم" دېگەندە، ھۇبباب ئىبنى مۇنزىر " يا رەسۇلەللاھ! بۇ جاي ياخشى ئەمەس، بىزنى سۇغا يېقىنراق بىر جايغا ئېلىپ بارغان بولسىڭىزكەن" دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇببابنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆردۇ[1]. بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئەسىرلەردىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىدىن 10 بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەن[2]. مۇندىن باشقا، خەندەك ئۇرۇشىدا، سەلمان فارسىي ئىسىملىك ساھابىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى بولغان دۈشمەن كۈچلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش پىكرىنى قوبۇل قىلغانلىقىمۇ ئىسلام دۆلىتىدە ھۆكۈم سۈرىدىغان كېڭىشىشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرى

1980. سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرى كىملەر ئىدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوسمان ئىبنى ئاففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا، زۇبەير ئىبنى ئەۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق ساھابىلار كېلىدۇ.

## كېڭەش قىلىشنىڭ ماۋزۇسى

1981. سوئال: كېڭەش قايسى مەسىلىلەر ئۈستىدە بولىدۇ؟

جاۋاب: كېڭەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ھەققىدە ۋەھيى كەلمىگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەر قانداق ئىشلاردا بولاتتى. ئەمما دىنىي مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ۋەھيىگىلا تايىناتتى. كېڭەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تا قىيامەتكىچە، ھەققىدە قۇرئان

---

(1) سىرەتۇ ئىبنى ھىشام 2- توم 366- بەت

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

كەرىــم ئــايەتلىرى يــاكى پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالامنىڭ ھەدىســلىرى كەلمــگەن، مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ئىشلار ئۈستىدە بولىدۇ.

# ئىسلام خەلىپىلىكلىرى

1982. سوئال: خەلىپە دېگەن قانداق كىشى؟

جاۋاب: خەلىپە ــ لۇغەتتە ئورۇنباسار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام ئىستېمالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئوسمان، ئەلى ۋە كېيىن كەلگەن ئىسلام خەلىپىلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

1983. سوئال: ئىسلام خەلىپىلىكى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام خەلىپىلىكى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلغان ئىسلام شەرىئىتىنى قانۇن قىلغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 632- يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە باشلىنىپ، 1924- يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئاخىرلاشقان.

1984. سوئال: ئىسلام خەلىپىلىكى قانداق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن؟

جاۋاب: ئىسلام خەلىپىلىكى تۆۋەندىكى دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن:

(1) خۇلەفائۇرراشىدۇرن دەۋرى.

(2) ئەمەۋىيلەر دەۋرى.

(3) ئاباسىيلار دەۋرى.

(4) ئوسمانىيلار دەۋرى.

## خۇلوفائۇرراشىدۇن دەۋرى

1985. سوئال: خۇلوفائۇرراشىدۇن دەۋرى قايسى دەۋر؟

جاۋاب: خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرى ساھابىلارنىڭ دەۋرى بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا بۇ دەۋر ئەڭ كامالىغا يەتكەنلىكتىن،" ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى"دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق 4 كىشى ئارقا ــ ئارقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان.

1986. سوئال: ئەبۇ بەكرى سىددىق دېگەن كىم؟

جاۋاب: بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 573- يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ قۇھافە. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پەيغەمبەر بولغاندا، ئەرلەردىن تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان زاتتۇر. ئۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بېرىلگەن 10 كىشىنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئاتىسى، ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ تۇنجىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى، خۇسۇسەن «ئىسرا ــ مىراج مۆجىزىسى»نى بىرىنچى بولۇپ تەستىقلىغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «سىددىق» (راستچىل گۇۋاھچى)دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا ئېرىشكەن زاتتۇر.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلارنىڭ بايلىرىدىن بولۇپ پۈتۈن مال ــ مۈلكىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىش بىلەن تونۇلغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پۈتۈن ساھابىلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن خەلىپىلىككە سايلانغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھىجرىيىنىڭ 11-يىلىدىن13-يىلىغىچە (632- 634م) يەنى ۋاپات بولغىنىغا قەدەر ئىككى يىل خەلىپە بولغان. ھازىر ئۇنىڭ قەبرىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالماقتا.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 142 ھەدىس رىۋايەت قىلغان[1].

1987. سوئال: ئۆمەر فارۇق دېگەن كىم؟

جاۋاب: ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادىيەنىڭ 584 ــ يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىنىڭ 6- يىلى مۇسۇلمان بولغان. ئۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بېرىلگەن 10 كىشىنىڭ بىرى، ئادالەتپەرۋەرلىكى، ھەققەتنى ھەر جايدا دادىل ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئاجىز ۋاقىتلىرىدا ئىسلام دەۋىتىنى قورقماستىن جاكارلىغانلىقى سەۋەبلىك «فارۇق» (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تارىختا تۇنجى بولۇپ «ئەمىرۇل مۇئمىنىن»(مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى) دەپ ئاتالغان، ساھابىلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان زاتتۇر. ئۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىككە سايلانغان

(1) «الموسوعة الإسلامية الميسرة» (ئوڭايلاشتۇرۇلغان ئىسلام ئانسىكلوپېدىيىسى) 1- توم 169- بەت.

ۋە ھىجرىيىنىڭ 13-يىلىدىن 23-يىلى (634- 644م) نويابىر ئېيىدا، قەدىمقى ئىرانلىقلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەبۇ لۇلۇ ئىسىملىك بىرسى تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغىنىغا قەدەر جەمى 10 يىل خەلىپە بولغان. قەبرىسى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسىنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قەبرىسى بىلەن بىر جايدا ئورۇن ئالماقتا.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئىسلام دەۋىتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە كۆپلىگەن ئەرەب ئەمەس مەملىكەتلەر ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن(1).

1988. سوئال: ئوسمان ئىبنى ئاففان دېگەن كىم؟

جاۋاب: ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادىيەنىڭ 567- يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن 10 كىشىنىڭ بىرى، ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلارنىڭ بىرى، ساھابىلارنىڭ بايلىرىدىن بولۇپ، مال ـ مۈلكىنى ئىسلام يولىدا ئايىمىغان زاتتۇر. ئۇ دەسلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۆيلەنگەن، رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتتىق بىئارام بولغانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككىنچى قىزى ئۇممۇ كەلسۇمنى ئۆيلەپ قويغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ھەزرىتى ئوسمان «زىننۇرەين»(ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى) دەپ ئاتالغان. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە بولۇپ سايلانغان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 23- يىلىدىن35- يىلى (643- 655م) ئىسيانچىلار تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغىنىغا قەدەر جەمى 12 يىل خەلىپە بولغان. ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى «بەقىي» قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن ئالماقتا.

1989. سوئال: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب دېگەن كىم؟

جاۋاب: تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادىيەنىڭ 599- يىلى 17- مارت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ئائىلىسىدە مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ۋە باللاردىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ئىمام

(1) جەزەرىينىڭ «أسد الغابة» (ئورمانلىقلارنىڭ پادىشاھى) ناملىق ئەسەرى 4- توم 145- بەت.

ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىنلەرنىڭ ئاتىسى ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىنىي مەسىلىلەردە ۋە ئەدەبىياتتا ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىدىن سانىلاتتى، «ئەسھاب شۇرا» (مەسلىھەت كېڭىشى)نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 586 ھەدىس رىۋايەت قىلغان[1].

ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئوسماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىككە سايلىنىپ، ھىجرىيىنىڭ 35- يىلىدىن40- يىلىغا (655-661م) قەدەر جەمى 5 يىل، 3 ئاي خەلىپە بولغان. 661- يىلى 28- فېۋرال (رامىزاننىڭ 21- كۈنى) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە شېھىد قىلىنىپ، نەجەف دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرى يۇقىرىقى 4 خەلىپە بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئىسلامنىڭ خەلىپىنى ئومۇم خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق خەلق تەرىپىدىن سايلاپ چىقىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلىپىلىكنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمگە ئايلاندۇرىۋالغان.

## خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

1990. سوئال: خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرىدە ئىسلام دۆلىتى قانچىلىك كېڭەيگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ بولغان ئىدى. خۇلەفائۇرراشىدۇن دەۋرىدە ئىسلام دۆلىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ شام (ھازىرقى سۈرىيە، ئىئوردانىيە)، ئىران، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە كېڭەيگەن، مۇسۇلمانلار يەنە سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئاجىز تۇرۇپ، ئىماننىڭ كۈچى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېراتورلۇقى بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلارنى يېڭىپ، ئۇ جايلارغىمۇ ئىسلام نۇرىنى يەتكۈزگەن.

## ئەمەۋىيلەر دەۋرى

1991. سوئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرى قايسى دەۋر؟

جاۋاب: ئەمەۋىيلەر دەۋرى ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ

(1) ئىمام سۇيۇتىينىڭ«خەلىپىلەر تارىخى» ناملىق ئەسەرى 147- بەت.

سۇفيان ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئەمەۋىيلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەلىپىلىك بولۇپ، ئەمەۋىيلەر خەلىپىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان (مىلادىيە 661ـ 680ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان)، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد(744ـ 750ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان) ئىدى. بۇ خەلىپىلىك ئاۋۋال دىمەشىقنى، ئاندىن ئىسپانىيەنى پايتەختى قىلغان ۋە 661ـ يىلىدىن 750ـ يىلىغا قەدەر 89 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن بىر خەلىپىلىكتۇر.

## ئەمەۋىيلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

1992. سوئال: ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئىسلام دۆلىتى قانداق تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بىر دەۋر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شەرقتىن جۇڭگوغىچە، غەربتىن ئىسپانىيەگىچە كېڭەيگەن. پايتەخت دىمەشىق شەھىرى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ئەمەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىرى سانائەت، پەن ـ تېخنىكا، تىبابەت، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىگە، شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك ئىلىم پەن ۋە ئىسلام تەشۋىقاتىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار پەن، مەدەنىيەتتە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتتە دۇنيا خەلقىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. تۇنجى ئىسلامىي پۇل (تىللا) ئەمەۋىيلەر زامانىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەمەۋىيلەر مۇندىن باشقا يەنە بىناكارلىققا زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چوڭ تارىخىي مەدرەسە ۋە جامەلەرنى بىنا قىلغان.

ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكى ئىسلام تارىخىدا ئەڭ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە كەڭ تارقىلىشى يولىدا مىسلىسىز خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بىر خەلىپىلىكتۇر.

## ئابباسىيلار دەۋرى

1993. سوئال: ئابباسىيلار دەۋرى قايسى دەۋر؟

جاۋاب: ئابباسىيلار خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىسلام خەلىپىلىكى بولۇپ، 750ـ يىلىدىن 1258ـ يىلىغا قەدەر 508 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن. بۇ خەلىپىلىكنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس ئىبنى سەففاھ (750ـ774 يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان)، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى باغداتتا ئەبۇ ئەھمەد ئابدۇللا (1243ـ 1258ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان)، قاھىرەدە ئەلمۇتەۋەككىل بىللاھ

(1507- 1516- يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان) ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ، ئاۋۋال باغدات، ئاندىن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرى بولغان. بۇ خەلىپىكىنىڭ قائىدىسى بويىچە، خەلىپە «ئەمىرۇلمۇئمىنىن» دەپ ئاتىلاتتى.

## ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

1994. سوئال: ئابباسىيلار دەۋرىدە ئىسلام دۆلىتى قانداق تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: ئابباسىيلار دەۋرى ھەر خىل تىمىدىكى ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يېزىش، باشقا تىللاردىن تىببىي، ئەدەبىي، پەلسەپىۋىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا پايدىلىق ئىلىملەرنى تەرجىمە قىلىش ئەڭ ئەۋجىگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك تونۇلغان مەشھۇر 4 فىقھى مەزھىبنىڭ قۇرغۇچىلىرى، مەشھۇر مۇپەسسىرلەر ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ تولىسى بۇ ئەسىردە ئۆتكەن. ئۇز ۋاقتىدا باغدات شەھىرى ئىسلام خەلىپىكىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ۋە ئۆلىماالارنىڭ مەركىزى بولغان ئىدى.

ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان قەغەزگە بېسىپ چىقىرىشنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى. مۇندىن باشقا شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار دۇنيادا تۇنجى بولۇپ،«بەيتۇل ھېكمەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنى، رەسەتخانىلارنى، كۇتۇپخانىلارنى، تەرجىمە مەركەزلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئاباسىيلار دەۋرى ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

## ئوسمانىيلار دەۋرى

1995. سوئال: ئوسمانىيلار دەۋرى قانداق دەۋر ئىدى؟

جاۋاب: ئوسمانىيلار دەۋرى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئوغۇز تۈركلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە 1299- يىلىدىن 1924- يىلىغا قەدەر 625 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن. ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئوسمان ئەرتۇغرۇل (1280- 1300- يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان) ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ئىككىنچى ئابدۇلمەجىدخان (1922- 1924-يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان) ئىدى.

1996. سوئال: ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىلىرى نېمە دەپ ئاتىلاتتى؟

جاۋاب: ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىلىرى «سۇلتان» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار

ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 625 يىل داۋامىدا 40 سۇلتان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.

1997. سوئال: ئوسمانىيلار خەلىپىكىنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پايتەختى نەدە بولغان؟

جاۋاب: ئوسمانىيلار خەلىپىكىنىڭ تۇنجى پايتەختى سۆگۈت (1299ـ 1326)، ئاندىن بۇرسا (1326ـ1365)، ئاندىن ئەدىرنە (1365ـ1453) ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىستانبۇل (1453ـ 1922) بولغان.

## ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى

1998. سوئال: ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى قانچىلىك كېڭەيگەن؟

جاۋاب: ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى ئەڭ ئالدىنقى غايە قىلغان بولۇپ، ھەر قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشىپ ماڭغان. بولۇپمۇ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 9ـ سۇلتانى مۇھەممەد فاتىھ (1451ـ1481ـ يىللار ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان)نىڭ دەۋرىدە ئىستانبۇل (ئەسلى نامى قۇستېنتىنىيە) ئازات بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زېمىنى ئۈچ قىتئەگە تارقالغان بولۇپ، ئاسىيادىن قارا دېڭىزغىچە، بالقان يېرىم ئارىلىدىن گۇرۇزىيە، رۇمانىيە، بۇلغارىيە، كوسوۋا قاتارلىق جايلارغىچە كېڭىيىپ بارغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن ئەرەب ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغىچە بولغان جايلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچكە ئايلانغان. ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى 1924ـ يىلىغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن.

1999. سوئال: يۇقىرىقى خەلىپىلىكلەر راستىنلا ئىسلام خەلىپىلىكى سانىلامدۇ؟

جاۋاب: ھەقىقىي مەنىدىكى ئىسلام خەلىپىلىكى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق 4 چوڭ خەلىپە بىلەن ئاخىرلاشقان. خەلىپىلىك مۇئاۋىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام خەلىپىلىكى ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمگە ئۆزگىرىپ قالغان. چۈنكى شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خەلىپىلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بولغان. ئەمما ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە ئوسمانىيلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ چوڭ خەلىپىلىك دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى قوغداش، ئىسلام دەۋىتىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىنى سىرتقى ئەجنەبىي كۈچلەردىن ھىمايە قىلىش ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلامىي خەلىپىلىكنىڭ تۈسىنى ئالغان.

2000. سوئال: ئوسمانىيلارنىڭ رولى قانچىلىك دەرىجىدە بولغان؟

جاۋاب: ئوسمانىيلار غەربىلىك مۇستەملىكىچىلەر مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرىگە

دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ئوسمانىيلارنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىنى يامان قىلىپ كۆرسىتىۋەتكەن. ھەتتا ئۇلار مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ تارىخ دەرسلىك كىتابلىرىنى ئۆزلىرى تۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئەرەبلەرگە تۈركلەرنى، تۈركلەرگە ئەرەبلەرنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىشتە قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

نېمىلا بولمىسۇن، خۇسۇسەن ئوسمانىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. ئەڭ ئوبرازلىقى ئىسلام دىنىنى ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان، ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. پەلەستىن دۆلىتىنى ئىسرائىلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن، مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىنى پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋە بەزى ئىسلام ئەللىرىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قوغداپ قالغان ئىدى. ئوسمانىيلارنىڭ يىقىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار خۇددى پادىچىسى بولمىغان قويلاردەك چېچىلاڭغۇ بولۇپ قېلىپ قىممەتلى نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. پەلەستىنمۇ قولدىن كېتىپ قالدى. بارچە ئىسلام ئەللىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ قورچاق دۆلەتلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

## ئەرەبچە ئەسەرلەردىن

| | كتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|---|
| ١ | العقائد الإسلامية | الشيخ سيد سابق |
| ٢ | كتاب التوحيد | الشيخ محمد بن صالح الفوزان |
| ٣ | كتاب الإيمان | الشيخ عبد ا يد الزنداني |
| ٤ | مناهج الشريعة الإسلامية | الشيخ أحمد محي الدين العجوز |
| ٥ | العبادة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوى |
| ٦ | التسهيل الضروري لمسائل القدوري | الشيخ محمد عاشق إلهي البرني |
| ٧ | مجموع الصلوات في الإسلام | الأستاذ محمند شوكت العليان |
| ٨ | التقليد وأحكامه | الأستاذ سعد بن ناصرالششري |
| ٩ | صفة صلاة النبي | الشيخ ناصر الدين الباني |
| ١٠ | فقه السنة | الشيخ سيد سابق |
| ١١ | أصول التشريع الإسلامي | الدكتور علي حسب الله |
| ١٢ | فقه السيرة | الشيخ محمد الغزالي |
| ١٣ | الرحيق المختوم | الشيخ صفي الرحمن المباركفوري |
| ١٤ | فريضة الزكاة في الإسلام | الشيخ محمد علي الصابوني |
| ١٥ | أحكام الصيام في الإسلام | الشيخ محمد علي الصابوني |
| ١٦ | منهاج المسلم | الشيخ أبوبكر الجزائري |
| ١٧ | خلق المسلم | الشيخ أبوبكر الجزائري |
| ١٨ | فتاوى معاصرة (الجلد١-٢-٣). | الدكتور يوسف القرضاوي |
| ١٩ | من فقه الدولة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوي |
| ٢٠ | محاضرات في الثقافة الإسلامية | الدكتور رضا صفي الدين السنوسي |
| ٢١ | أخلاق المؤمن | الداعية إسلامية عمرو خالد |
| ٢٢ | خلق المسلم | الشيخ محمد الغزالي |
| ٢٣ | الفقه الإسلامي وأدلته | الدكتور وهبة الزخيلي |
| ٢٤ | فقه الحلال والحرام | العلامة محمد متولي الشعراوي |
| ٢٥ | من أدب الإسلام | الشيخ عبدالفتاح أبوغدة |

### تۈركچە ئەسەرلەردىن

| | كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|---|
| 1 | Islam fikhi Ansiklopedisi | Wehbe Zuheyli |
| 2 | Benim dinim | Medeniyet dergegi |
| 3 | Temel dini bilgiler | Muhammed Ince |
| 4 | Tam namaz hocasi | Omer nasuhi Bilmen |
| 5 | Ibadetin getirdikleri | Safwet Senih |
| 6 | Inancin golgesinde | M.Fethulla Gulen |

### ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردىن

| | كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|---|
| ١ | ئىسلام ئەقىدىلىرى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٢ | ئاللاھنىڭ بارلىقىنى<br>ئىسپاتلايدىغان ماددىي دەلىللەر | م. مۇتەۋەللىي شەئراۋىي:<br>ئابدۇلئەھەد ھافىز تەرجىمىسى |
| ٣ | ناماز ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٤ | زاكات پەرزى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٥ | روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٦ | ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٧ | ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ٨ | ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام | دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي:<br>دوكتور ئابدۇلئەزىز تەرجىمىسى |
| ٩ | ئىلاھىي قورغان | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ١٠ | غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز | مۇھەممەد يۈسۈپ |
| ١١ | دىنىمىزنىڭساپلىقىنى ساقلايلى | مۇھەممەد يۈسۈپ |